شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كىرىش سۆز — I

## لۇ جىنجياڭ

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، تۈزگۈچىلەرنىڭ كۆپ يىللىق جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق ئاخىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر مول مېۋىسى، شۇنداقلا ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغان بىر چوڭ ئىش.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، گۈزەل قەشقەر بوستانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى تۈگۈنلۈك رايون، ئۇ قەدىمكى زاماندىلا «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنى بولغان، جۇغراپىيىلىك ئورنى تولىمۇ ئەۋزەل. تەۋەسىدە يەر ئاستى بايلىقلىرى مول، ئىختىساسلىق كىشىلەر ۋە ئېسىل نەرسىلەر يىغىلغان، ئاسار ئەتىقە كۆپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت قويۇق، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر مېۋە - چېۋە ماكانى، ناخشا - ئۇسسۇل يۇرتى ۋە سەيلىگاھ.

يىپەك يولىدىكى بىر مەرۋايىت بولغان قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۇ تارىخ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلمەكتە. قەدىمقى زاماندا سۇلى دۆلىتى مۇشۇ زېمىندا بولغان، خەن سۇلالىسى شۈەندى زامانىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە 115 يىل ئۆتتى. 100 يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى بۇ بوستانلىقنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ئېچىپ گۈللەندۈرۈپ كەلمەكتە.

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، شۇڭا ئۇ پۇختا، ئىلمىي بولغان يەرلىك قامۇستۇر. ئۇنىڭدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تەبىئىي شارائىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە تەرەققىيات جەريانى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى

ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرخىل ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. كىتابتا تارىخنىڭ شانۇ شەۋكىتى ۋە روشەن دەۋر پۈرىقى نامايان بولغان، ئۇ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىللىق، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسلىق ئۇنىۋېرسال دەرسلىكىدۇر.

تارىخ — ئەينەك، تارىخنى بۈگۈنكى ئىشلار ئۈچۈن ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشلى بولىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەيدۇ: يېڭىلىق يارىتىش — بىر مىللەتنىڭ جېنى، بىر دۆلەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشىدىكى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پۈتىراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، قەشقەر كوناشەھەرنى بىلگەندىلا، چۈشەنگەندىلا، تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقالايمىز، گۈللەندۈرەلەيمىز، ئەۋلادلارغا يول ئېچىش روھى بىلەن قەشقەر كوناشەھەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز. بۇ — بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي مەسئۇلىيىتىمىز ۋە بۇرچىمىز، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشتىكى مەقسىتىمۇ مۇشۇ.

بۇ كىتابنى يېزىش داۋامىدا، باشتىن - ئاخىر ئالاقىدار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمىگە ۋە ناھىيە تەۋەسىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە مەدەتىگە ئېرىشتۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئۇلارغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ۋە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى، لېكىن تەزكىرە تۈزۈش تۈنجى قېتىم بولغانلىقى، ماتېرىيال تولۇقسىز، تەجرىبە كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، كەمچىلىك، خاتالىقلاردىن ۋە بىخەستەلىك قىلىپ چۈشۈرۈپ قويۇشتەك ئەھۋاللاردىن خالىي بولالماي قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن، شۇڭا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، ئالىملارنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىد - تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

1998 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

---

ئىزاھات: بۇ كىرىش سۆزنىڭ ئاپتورى 1996 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان.

# كىرىش سۆز — II

## پەرھات سەئىدى

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىپ دۇنياغا كېلىشى — ناھىيە خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش، دەۋرنىڭ يېڭى داستانى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مېۋىسى. ئۇ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە خەزىنىسىنى ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماي، بەلكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشتە مەلۇم قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر.

تەزكىرە بىلەن تارىخ — ھەم ئالاقىدار بولغان، ھەم پەرقلىنىدىغان ئۇقۇم. تەزكىرە كۆپرەك ئوبيېكتىپ بايان قىلىدۇ، «باھا بەرمەي بايان قىلىش» دېگەندەك، باھا بېرىپ ئولتۇرماي پاكىت سۆزلىنىدۇ؛ تارىخ بولسا، ئاساسەن تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ تىزىپ، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ. «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە، قەدىمقىلىرى بىلەن ھازىرقىلىرىنى گىرەلەشتۈرۈش، ھازىرقىلىرىنى تەپسىلىيرەك، قەدىمقىلىرىنى يۈزەرەك خاتىرىلەش دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەتكە دائىر ھەر قايسى تەرەپلەردىكى كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى يىغىپ، شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى ئېلىپ، يالغىنىنى تاشلاپ ھەقىقىيسىنى ساقلاپ، قىسىم، باب، پاراگراف، تارماق قۇرۇلمىسىنى قوللىنىپ، تەزكىرە، جەدۋەل، خەرىتە، تەرجىمىھال، خاتىرە شەكلىدە، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار زور ۋەقەلەر ۋە مەيدانغا چىققان تارىخىي شەخسلەر راستچىل - ئوبيېكتىپ ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى، شۇنداقلا تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئەتراپلىق بايان قىلىپ بېرىلگەن، ئۇ قەشقەر كوناشەھەر دېگەن مۇشۇ يەرگە ئالاقىدار قامۇس بولۇپ چىققان.

تارىخ — ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ خاتىرىسى. زامان گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈلىدۇ، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى. تارىخنى ئەينەك قىلغاندا، گۈللىنىش بىلەن خارابلىشىشنى بىلگىلى، پايدا - زىياننى ئۇققىلى، كەلگۈسىنى كۆزەتكىلى بولىدۇ. قەشقەر كوناشەھەر قەدىمقى زاماندا سۇلى دۆلىتىگە قارايتتى. قەدىمقى يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم قورغان بولۇپ، بوستانلىقتىكى مەرۋايىت، مېۋە - چېۋە ماكانى دېگەن نامى بار ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى شۈەندى زامانىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى

(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) دىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغىچە، قەشقەر كوناشەھەر تارىختىن بۇيان جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە جاپالىق ئەمگىكى بىلەن بۇ بوستانلىقنى گۈللەندۈردى. مۇشۇ تونۇشنى ئاساس قىلغاندا، مېنىڭچە، قەشقەر كوناشەھەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، تىلىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى قېزىپ چىقىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بىر يەر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ 1978 - يىلى ئېچىلغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىش، ئېلىشىش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت قەشقەر كوناشەھەر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلاردا ئۈچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېز ئۆستى. ناھىيە بويىچە ئىقتىساد گۈللىنىپ، جەمئىيەت تىنچ، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر كوناشەھەرنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش — غايەت زور ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش. تەزكىرە كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ھەر قايسى تارماقلار، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ بىزگە ھەرخىل ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، بارلىق تەزكىرە يازغۇچى خادىملارنىڭ جاپاغا چىداپ ئەجىر قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كىتاب يېزىپ چىققانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكىگە ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ بەرگەن ياردىمى ۋە كۆرسەتكەن يېتەكچىلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ قەشقەر كوناشەھەرنى چۈشىنىش، قەشقەر كوناشەھەرنى بىلىش، قەشقەر كوناشەھەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە دوستى بولۇپ قېلىشىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يەرلىك دەرسلىك بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تارىخنى ئەينەك قىلايلى، تەزكىرىدىن نەپ ئالايلى، قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولغاي!

1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

**ئىزاھات:** بۇ كىرىش سۆزنىڭ ئاپتورى 1996 - يىل 8 - ئايدىن 1997 - يىل 3 - ئايغىچە ناھىيىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى، 1997 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ ھاكىمى بولغان.

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆلچەم قىلىنىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلىرىدىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەقىقىي رەۋىشتە بايان قىلىندى.

2. «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، كەسىپلەر تەزكىرىسى ۋە قوشۇمچىدىن تەركىب تاپتى. بايان، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، جەدۋەل، خەرىتە، قوشۇمچە قاتارلىق ژانىر ئاساسلىق شەكىل قىلىندى. ئومۇمىي باياندا ناھىيە ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، پۈتۈن كىتابقا سىڭدۈرۈلدى؛ چوڭ ئىشلاردا قەدىمكى بىلەن ھازىرقى تۇتاشتۇرۇلۇپ، تارىختىكى چوڭ ئىشلار، مۇھىم ئىشلار بايان قىلىندى؛ كەسىپ تەزكىرىلىرىدە توغرىسىغا تۈرگە ئايرىپ، تارىخىي ئەمەلىيەت بايان قىلىندى؛ قوشۇمچىغا بىر قىسىم ھۆججەتلەر، خاتىرىلەر كىرگۈزۈلدى. ئاخىرقى چەكتىن 1998 - يىلغىچە بولغان ماتېرىيال كەمچىلىكىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، قوشۇمچىغا ناھىيىنىڭ 1991 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى كىرگۈزۈلدى. ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، قوشۇمچە تەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىدى، باب، پاراگرافلارغىمۇ ئايرىلمىدى.

3. بۇ تەزكىرىدىكى قىسىملارنىڭ رەت تەرتىپى ئالدى بىلەن تەبىئەت، ئاندىن كېيىن جەمئىيەت، ئالدى بىلەن ماددا، ئاندىن كېيىن روھ، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي بازىس، ئاندىن كېيىن ئۈستقۇرۇلما دېگەندەك تەرتىپلەر بويىچە تىزىلدى. قەدىمكى ئىشلار يۈزەرەك، ھازىرقى ئىشلار تەپسىلىيرەك بايان قىلىنىپ، قەدىمكىسى بىلەن ھازىرقىسى ماسلاشتۇرۇلدى. باشلىنىش ۋاقتىسىغا چەك قويۇلمىدى، ئاخىرقى چەك ئايرىملىرىدىن باشقا، ئومۇمەن 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختىدى.

4. بۇ تەزكىرىدە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللاردا ئارخىپ، تارىخىي كىتابلار ۋە ھەر قايسى ئالاقىدار ئورۇنلار تەمىن ئەتكەن ماتېرىياللار ئاساس، تەكشۈرۈلگەن، توپلانغان ئاغزاكى ماتېرىياللار، بۇيرۇپ يازدۇرۇلغان مەخسۇس ماقالىلار قوشۇمچە قىلىندى. تۈرلۈك سانلىق ھۆججەتلەردە، ئومۇمەن ستاتىستىكا ئىدارىسىدە بار بولسىلا ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭكى ئاساس قىلىندى، ستاتىستىكا ئىدارىسىدە يوقلىرىغا كەلگەندە ھەر قايسى ئالاقىدار ئورۇنلار تەمىن ئەتكەن سانلىق ھۆججەتلەر ئىشلىتىلدى ھەمدە دەلىللەپ چىقىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يىللارنىڭ ھەرخىل ئىقتىسادىي سانلىرى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى،

مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى1990- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھاغا سۇندۇرۇپ سېلىشتۇرۇلغاندىن سىرت، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يىللىق باھا بويىچە ھېسابلاندى.

5. بايان قىلىشتا يېزىق ئاساس، دىئاگرامما، جەدۋەل ۋە سۈرەت قوشۇمچە قىلىندى. ئومۇمىي باياندا بايانغىمۇ، مۇھاكىمىگىمۇ يول قويۇلدى؛ چوڭ ئىشلاردا يىلنامە تۈزۈش قۇرۇلمىسى بىلەن ئىشنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە خاتىرىلەش قۇرۇلمىسى بىرلەشتۈرۈلدى؛ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە بايان قىلىپ يېزىش قۇرۇلمىسى قوللىنىلدى. پەقەت پاكىتلارلا يېزىلىپ، باھا بېرىلمىدى، نۇقتىئىنەزەر ماتېرىياللارغا سىڭدۈرۈۋېتىلدى.

6. بۇ تەزكىرىدە يىلنامىلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقىلىرى ئۆزىنىڭ يىلنامى بويىچە ئېلىنىپ تىرناق ئىچىگە مىلادىيە يىلنامى ئەسكەرتىپ قويۇلدى؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكىلىرى مىلادىيە يىلنامى بويىچە ئېلىندى.

7. ئادەم ئىسمى بىلەن يەر نامىلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ يېزىلىشىدا، ئومۇمەن ئارخىپ ۋە تارىخ كىتابلىرىدا ئېنىق يېزىلغانلىرى بولسا، باشتىن - ئاياغ بىردەك يېزىلىشىغا دىققەت قىلىندى، تارىختىكى نامى بىلەن ھازىرقى نامىنىڭ يېزىلىشى بىردەك بولمىغانلىرىنى يېزىشتا تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتىش بېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا، كەنتلەرنىڭ يەر نامى ۋە تەبىئەت، جۇغراپىيىۋى ئەمەلىي گەۋدە قاتارلىقلارنىڭ نامى بىردەك يەر نامى ئومۇمىيۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىنكى ئۆلچەملىك يەر نامى بويىچە ئېلىندى، زۆرۈر تېپىلغاندا بولسا، ئەسلى يەر نامى تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتىپ قويۇلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاز سانلىق مىللەت، ئادەم ئىسىملىرىنىڭ يېزىلىشى ئادەت قىلىنغان يېزىلىشى بويىچە كىتابتا باشتىن - ئاخىر بىردەك يېزىلدى.

8. شەخسلەرنى يېزىشتا، ئۆز يۇرتى ئاساس قىلىنىپ، پەقەت ئىش - ئىزلىرىلا يېزىلدى، باھا بېرىپ بايان قىلىنمىدى، شەخسلەر تۈرگە ئايرىلماي، پەقەت ۋاپات بولغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچىلا تىزىلدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن باشلاپ تاكى 1990 - يىلغىچە قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار قۇربانلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ بايان قىلىندى؛ 1949 - يىلى ئازاد بولغاندىن تارتىپ 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مۇكاپاتلاش يىغىنلىرىغا قاتناشقان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر (ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار)، ئىلغار كوللېكتىپلار جەدۋەللەشتۈرۈپ يېزىلدى؛ مۇشۇ ناھىيىدە ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىك رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئالغانلار جەدۋەللەشتۈرۈپ قىسقىچە بايان قىلىندى ھەمدە سىرتتا ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ياكى ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىككە تەڭ) ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇشۇ يەرلىك كادىرلار تىزىملىكى تۇرغۇزۇلدى.

9. «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۆلچەم بىرلىكلىرىدە خەلقئارالىق ئۆلچەم بىرلىكى ئاساس قىلىندى، ھېسابلاشقا تەس بولغان ئايرىم ئۆلچەم بىرلىكلىرى ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئۆلچەم بىرلىكلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

10. «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە «مەتبۇئاتتا سان - سىپىفىرلارنىڭ قوللىنىلىشى توغرىسىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە»، «ئاددىيلاشتۇرۇپ يېزىلىدىغان خەنزۇچە خەتلەر ئومۇمىي جەدۋىلى» قاتارلىق دۆلەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مەتبۇئات توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە، شۇنداقلا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە يېزىقچىلىقى ئومۇمىي قائىدىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»غا ئەمەل قىلىندى ۋە ئىملا ئامال بار قېلىپلاشتۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز I ........ 1
كىرىش سۆز II ........ 3
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ........ 5
ئومۇمىي بايان ........ 3
چوڭ ئىشلار ........ 19

## تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

I باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ........ 77
§1 . ئورنى ۋە كۆلىمى ........ 77
§2 . تەرەققىيات جەريانى ........ 77
§3 . زېمىن دائىرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 81
II باب مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 84
§1 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ناھىيە زېمىنىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى 84
§2 . مىنگو دەۋرىدە مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 86
§3 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى 87
III باب يېزا - بازارلار ........ 89
§1 . ناھىيە بازىرى ........ 89
§2 . يېزىلار ........ 93
قوشۇمچە ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق سىرتقى ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش 113

## تەبىئىي جۇغراپىيە

I باب گېئولوگىيە ........ 129

§ 1 . يەر قاتلىمى ........................ 129
§ 2 . يەر تۈزۈلۈشى ........................ 130
I باب يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى ........................ 131
§ 1 . تاغلىق يەرلەر ........................ 131
§ 2 . تۈزلەڭلىك ........................ 136
II باب كىلىماتى ........................ 139
§ 1 . كىلىمات خاراكتېرى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى ........................ 139
§ 2 . كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ۋە رادىئاتسىيە مىقدارى ........................ 141
§ 3 . ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ........................ 143
§ 4 . ھۆل - يېغىن ........................ 149
§ 5 . سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ........................ 151
§ 6 . بوران ........................ 152
§ 7 . ئۈششۈك مەزگىلى ........................ 153
§ 8 . ئىقلىمى ........................ 155
IV باب گىدرولوگىيە ........................ 161
§ 1 . يەر ئۈستى سۈيى ........................ 161
§ 2 . يەر ئاستى سۈيى ........................ 164
V باب تۇپراق، يەر ........................ 165
§ 1 . تۇپراق تىپى ۋە تارقىلىشى ........................ 165
§ 2 . يەرلەرنىڭ دەرىجىسى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ........................ 169
VI باب ياۋايى ھايۋانلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر، قىزىلما بايلىقلار 170
§ 1 . ياۋايى ھايۋانلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ........................ 170
§ 2 . دورىلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ........................ 173
§ 3 . قىزىلما بايلىق ........................ 174
VII باب تەبىئىي ئاپەت ........................ 175
§ 1 . يەر تەۋرەش ........................ 175
قوشۇمچە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يۇرت - ماكا-
نىنى قايتىدىن قۇرۇش ........................ 177
§ 2 . سۇ ئاپىتى ........................ 178
§ 3 . بوران ئاپىتى ........................ 179
§ 4 . ئۈششۈك ئاپىتى ........................ 180
§ 5 . مۆلدۈر ........................ 180

§ 6 . قورغاقچىلىق ئاپىتى ........ 181

## ئىقتىساد

I باب دېھقانچىلىق ........ 185
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 186
§ 2 . ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 188
§ 3 . تېرىلغۇ يەر، يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ........ 197
§ 4 . زىرائەت سورتلىرى ۋە تېرىقچىلىق تۈزۈمى ........ 202
§ 5 . ئۇسۇملۇك ئاسراش ........ 206
قوشۇمچە ناھىيە تەۋەسىدىكى پارازىت ئۇسۇملۇكلەر ........ 209
§ 6 . زىرائەت ئۆستۈرۈش ........ 209
§ 7 . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى، دېھقانچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ........ 213
II باب ئورمانچىلىق ........ 220
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 221
§ 2 . ئورمان بايلىقى ........ 223
§ 3 . ئورمان بەرپا قىلىش ........ 229
§ 4 . ئورمان باشقۇرۇش ........ 232
قوشۇمچە ئورمانچىلىقتىكى ئىلغار تىپلار ........ 234
III باب چارۋىچىلىق ........ 237
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 237
§ 2 . ئوتلاق ۋە ئوت - چۆپ ........ 240
§ 3 . چارۋا نەسلى ۋە نەسىل ياخشىلاش ........ 248
§ 4 . چارۋىچىلىق ........ 251
§ 5 . دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمى ........ 261
IV باب قوشۇمچە كەسىپ ........ 262
§ 1 . پىلىچىلىك ........ 263
§ 2 . بېلىقچىلىق ........ 267
§ 3 . ھەسەل ھەرىسى بېقىش ۋە دورا ماتېرىياللىرى يىغىش ........ 268
§ 4 . كان ئېچىش، قۇم تاسقاش ........ 270
§ 5 . باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر ........ 272
V باب باغۋەنچىلىك ........ 273

§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ...................... 274
§ 2 . مېۋە ـ چېۋە ...................... 275
§ 3 . قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە كۆكتات ...................... 282
§ 4 . گۈل ـ گىياھ ...................... 284
VI باب سۇچىلىق ...................... 285
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ...................... 286
§ 2 . سۇ قۇرۇلۇشى ...................... 288
§ 3 . سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ...................... 296
§ 4 . سۇغىرىش رايونلىرى ۋە سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ...................... 299
§ 5 . كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ...................... 305
VII باب دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ...................... 307
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ...................... 309
§ 2 . دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ...................... 310
§ 3 . دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى قوشۇنى ...................... 314
§ 4 . ماشىنا ـ سايمانغا مەبلەغ سېلىش ...................... 314
VIII باب سانائەت ...................... 315
§ 1 . يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرى ...................... 316
§ 2 . قول سانائەت ...................... 329
§ 3 . يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ...................... 335
IX باب قاتناش ـ ترانسپورت ...................... 343
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ...................... 344
§ 2 . يول ...................... 345
§ 3 . كۆۋرۈك ...................... 360
§ 4 . يول ئاسراش ...................... 361
§ 5 . ترانسپورت ...................... 362
X باب پوچتا ـ تېلېگراف ...................... 366
§ 1 . ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى ...................... 366
§ 2 . پوچتا ...................... 367
§ 3 . تېلېگراف ئىدارىسى ...................... 369
XI باب سودا ...................... 375
§ 1 . دۆلەت ئىلكىدىكى سودا ...................... 376
§ 2 . تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپ سودىسى ...................... 383
قوشۇمچە باشقا كوللېكتىپ سودا ئورۇنلىرى ...................... 390
§ 3 . خۇسۇسىي ۋە يەككە سودا ...................... 391

§ 4 . تاشقى سودا ........ 393

XII باب ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش ........ 396

§ 1 . ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 396

§ 2 . سېتىۋېلىش ........ 397

§ 3 . سېتىش ........ 400

قوشۇمچە 1957 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمىسى ھەم چارۋىلارنىڭ يەم خەشىكى جەھەتتىكى تەمىنلەش ئۆلچىمى ........ 403

§ 4 . ئامباردا ساقلاش ........ 404

§ 5 . پىششىقلاش ........ 405

§ 6 . ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........ 406

XIII باب مالىيە، باج ........ 406

§ 1 . مالىيە ........ 408

§ 2 . باج ........ 419

XIV باب پۇل مۇئامىلە ........ 426

§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 427

§ 2 . پۇل ........ 428

§ 3 . كرېدىت ........ 431

§ 4 . پۇل ئامانىتى ........ 434

§ 5 . زايوم ........ 435

§ 6 . سۇغۇرتا ........ 436

XV باب شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش ........ 438

§ 1 . ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆي - جاي قۇرۇلۇشى ........ 439

§ 2 . كوچا - يول قۇرۇلۇشى ........ 448

§ 3 . ئاممىۋى مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ........ 449

§ 4 . تۈمەن دەرياسىدىكى بۇلغىنىش ۋە ئۇنى تۈزەش ........ 451

XVI باب ئىگىلىك باشقۇرۇش ........ 453

§ 1 . پىلان باشقۇرۇش ........ 453

§ 2 . ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ........ 457

§ 3 . باھا باشقۇرۇش ........ 460

§ 4 . ئۆلچەم ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش ........ 481

§ 5 . ستاتىستىكا ........ 485

§ 6 . ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ........ 488
§ 7 . سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........ 489

# سىياسەت

I باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى ........ 499
§ 1 . تەشكىلىي ئاپپارات ........ 500
§ 2 . پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى ........ 504
§ 3 . پارتىيە قۇرۇلتايلىرى ........ 506
§ 4 . ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........ 510
§ 5 . پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ........ 513
§ 6 . بىرلىك سەپ خىزمىتى ........ 515
§ 7 . چوڭ ـ چوڭ سىياسىي ئىشلار ........ 517
II باب قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ........ 524
§ 1 . ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ........ 525
§ 2 . خەلق قۇرۇلتىيى ........ 527
§ 3 . دائىمىي كومىتېت ........ 535
§ 4 . ۋەكىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ........ 538
§ 5 . ۋەكىللەرنىڭ ئالاقە باغلاش تۈزۈمى ۋە تەكلىپ ـ لايىھىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ........ 540
III باب قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ........ 541
§ 1 . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى) ........ 541
§ 2 . ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ........ 546
§ 3 . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ........ 548
§ 4 . ئەرزىيەت ۋە مۇھاجىرلار خىزمىتى ........ 550
IV باب جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى ........ 552
§ 1 . سىياسىي كېڭەشنىڭ ناھىيىلىك كومىتېتلىرى ........ 553
§ 2 . سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش

ئەھۋالى ...... 559
V باب ئاممىۋى تەشكىلاتلار ...... 560
§ 1 . ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ...... 560
§ 2 . دېھقانلار جەمئىيىتى ...... 561
§ 3 . ئاياللار بىرلەشمىسى ...... 562
§ 4 . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى ...... 564
§ 5 . سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ...... 567
§ 6 . ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ...... 567
§ 7 . ناھىيىلىك جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى ...... 568
VI باب خەلق ئىشلىرى ...... 568
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ...... 568
§ 2 . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ...... 568
§ 3 . ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى ...... 569
§ 4 . ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ...... 573
§ 5 . ئىگىسىز بالىلارنى تىزىملاش ...... 577
VII باب ئەمگەك، كادىرلار خىزمىتى ...... 578
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ...... 578
§ 2 . كادىرلار ئەھۋالى ...... 579
§ 3 . مائاش، پاراۋانلىق ...... 582
§ 4 . ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ...... 590
§ 5 . خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقىش، پېنسىيىگە چىقىش ...... 591
§ 6 . زىيالىي ياشلار خىزمىتى ...... 593
VIII باب سىياسىي قانۇن ...... 594
§ 1 . جامائەت خەۋپسىزلىكى ...... 594
قوشۇمچە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ناھىيىلىك ساقچى ئاپپاراتى ...... 599
§ 2 . تەپتىشلىك ...... 600
§ 3 . سوتلاش ...... 602
§ 4 . ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ...... 605
IX باب چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىدىكى ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ...... 608

§ 1 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ........ 608

§ 2 . مىنگو دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ........ 611

X باب جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتلىرى ........ 613

§ 1 . قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پىرقە ........ 613

§ 2 . ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ........ 614


## ھەربىي ئىشلار


I باب قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچ 617

§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچ ........ 617

§ 2 . خەلق قوراللىق كۈچلىرى ........ 617

II باب قوشۇن تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ........ 624

§ 1 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە مىنگو دەۋرىدە تۇرغۇزۇلغان قوشۇن ........ 624

§ 2 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇرغۇزۇلغان قوشۇن ........ 625

III باب ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى ........ 625

§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى ........ 625

§ 2 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى ........ 626

IV باب ئۇرۇش تەييارلىقى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ........ 628

§ 1 . تەشكىلىي ئاپپارات ........ 628

§ 2 . خەلق ئۇرۇش تەييارلىقى، ھاۋا مۇداپىئەسى تەربىيىسى ........ 629

V باب چوڭ - چوڭ ھەربىي ۋەقەلەر ........ 629

§ 1 . بەن چاۋنىڭ سۇلى يېغىلىقىنى تىنچىتىشى ........ 629

§ 2 . ياركەنت خانلىقىنى قۇرۇش جېڭى ........ 630

§ 3 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەزھەپ كۈرىشى ........ 631

§ 4 . چوڭ - كىچىك خوجىلار يېغىلىقى ........ 632

§ 5 . جاھانگىر خوجا توپىلىڭى ........ 633

§ 6 . يۈسۈپ خوجا توپىلىڭى ........ 634

§ 7 . يەتتە خوجا يېغىلىقى ........ 635

§ 8 . ۋەلىخان خوجا يېغىلىقى ........ 635

9 § . ياقۇپبەگنىڭ بۈزرۈكخاننى جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە كۈشكۈرتىشى ...... 636
10 § . ما فۇشىڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش ...... 637
11 § . مىنگونىڭ 22 - يىلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىلىقى ...... 638
12 § . مامۇت بىلەن ما خۇسەن قىسمىنىڭ خائىنلىق قىلىشى ...... 639

# مەدەنىيەت

I باب مائارىپ ...... 643
1 § . مائارىپ ئاپپاراتى ...... 646
2 § . مەكتەپ مائارىپى ...... 646
3 § . ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ...... 656
4 § . تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىختىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ...... 658
5 § . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ...... 659
6 § . مائارىپ خىراجىتى ...... 663
II باب پەن - تېخنىكا ...... 664
1 § . پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى ...... 665
2 § . پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ...... 666
3 § . پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ...... 668
4 § . پەن تېخنىكا قوشۇنى ...... 675
قوشۇمچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈلگىلىرى ...... 677
III باب مەدەنىيەت - سەنئەت ...... 678
1 § . مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى ...... 679
2 § . ئاممىۋى مەدەنىيەت ...... 681
قوشۇمچە خەلق سەنئەتچىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ...... 687
3 § . كىتاب تارقىتىش ۋە كىتاب ئوقۇش ...... 689
4 § . كىنو - فىلىم تارقىتىش ۋە كىنو قويۇش ...... 690
5 § . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر ...... 692
قوشۇمچە مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى ...... 697
IV باب ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزىيە ...... 700

§ 1 . گېزىت .......... 700
§ 2 . خەۋەرچىلىك .......... 701
§ 3 . رادىئو ـ تېلېۋىزىيە .......... 702
V باب ئارخىپچىلىق .......... 705
§ 1 . ئارخىپ ئاپپاراتى .......... 705
§ 2 . ئارخىپچىلىق كەسپى .......... 706
§ 3 . ئارخىپچىلار قوشۇنى .......... 708
§ 4 . ئارخىپ خىراجىتى .......... 709
VI باب سەھىيە .......... 709
§ 1 . داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى .......... 710
§ 2 . داۋالاش كەسپى .......... 713
§ 3 . داۋالاش تۈزۈمى .......... 717
§ 4 . تازىلىق، ساقلىق ساقلاش .......... 719
§ 5 . سەھىيە قوشۇنى .......... 724
§ 6 . سەھىيە خىراجىتى .......... 726
VII باب تەنتەربىيە .......... 726
§ 1 . تەنتەربىيە ئاپپاراتلىرى ۋە مۇئەسسەسىلىرى .......... 727
§ 2 . ئاممىۋى تەنتەربىيە .......... 728
§ 3 . ئىشتىن سىرتقى چېنىقىش .......... 732
§ 4 . تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى .......... 735
§ 5 . رىيېرلىق، خىراجەت .......... 738


# ئىجتىمائىيەت


I باب نوپۇس .......... 741
§ 1 . نوپۇس سانى ۋە جايلىشىشى .......... 741
§ 2 . نوپۇس قۇرۇلمىسى .......... 745
§ 3 . نىكاھ، ئائىلە .......... 752
§ 4 . پىلانلىق تۇغۇت .......... 753
II باب مىللەت .......... 756

§ 1 . مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ...... 757
§ 2 . مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ...... 763
§ 3 . تىل ...... 767
قوشۇمچە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ...... 768
قوشۇمچە ئىما ـ ئىشارە سۆزلەر ...... 775
III باب خەلق تۇرمۇشى ...... 776
§ 1 . كىيىم ...... 776
§ 2 . سېتىۋېلىش كۈچى ۋە خەلق پۇل ئامانىتى ...... 777
§ 3 . كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي، قاتناش ۋاسىتىلىرى 778
§ 4 . سالتاڭ ـ ساياق، يېتىم ـ يېسىرلەرنى بېقىش ئەھۋالى ...... 781
IV باب دىن ...... 782
§ 1 . ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى...... 782
§ 2 . ئىسلام دىنى ...... 784
V باب سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ...... 792
§ 1 . قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتى ...... 793
§ 2 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى...... 794
§ 3 . «بەش تۈزلۈش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتى ...... 795
§ 4 . مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى ...... 797
§ 5 . كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، توي مۇراسىمىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش 799

## شەخسلەر

I باب شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ...... 803
مەھمۇت قەشقەرى ...... 803
تاشۋاي ...... 804
سەلەي چاققان ...... 805
ئەنجانباي ...... 805
مەمەت ئىمەت ...... 806
يۈسۈپقارى ھاجى ...... 806

ئەمەت بايغوجا ........ 807
قۇربان ھوشۇر ........ 807
سۇلاۋچۇەن ........ 808
تۇردى تۇرەخمەت ........ 809
قاسىم رىھىم ........ 810
ماموت قازى ........ 810
مۇھەممەت ھاجى ........ 811
ئوبۇلقاسىم ماموت ........ 811
چيۇ جىيۇ ........ 812
لو رۇڭخۇا ........ 813
قوشۇمچە ۋاڭ گېنخۇ ........ 814
I باب شەخسلەر جەدۋىلى ........ 815

## قوشۇمچە

بىرىنچى، ھۆججەت، ماتېرىياللار ........ 847
ئىككىنچى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1991 — 1998 - يىللىغىچە ئاساسىي ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ........ 871
ئۈچىنچى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 — 1999 - يىللىغىچە پارتىيە - ھۆكۈمەت 4 چوڭ بەنزىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 889
تۆتىنچى، خاتىرىلەر ........ 892
يېزىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ........ 897
«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش - بېكىتىش ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى ........ 901
ئۇيغۇرچە نەشرگە ئاخىرقى سۆز ........ 904
«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى ........ 905

# ئومۇمىي بايان

# ئومۇمىي بايان

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى قەدىمىي قەشقەر بوستانلىقىغا جايلاشقان. شەرق تەرەپتە پەيزاۋات ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرەپتە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرەپتە ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرەپتە ئاتۇش شەھىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا ۋىلايەتنىڭ مەركىزى — قەشقەر شەھىرى جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 4146 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى (توققۇزاق) قەشقەر شەھىرىگە 15 كىلومېتىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1482 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## 1

ناھىيە تەۋەسىنى ئۈچ تەرەپتىن تاغ قورشاپ تۇرىدۇ، 2 دەريا كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربىدە ھەزرىتى موللام تېغى، غەربىي جەنۇبىدا ئادەمتاش تېغى، شىمالىدا قاراتاغ، ئاقتاغ، لەنگەرتاغ، قۇمالتاغ بار. بۇ تاغلار تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي تارمىقىنىڭ كەلپىن تاغ سىستېمىسىغا ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئالاي، ساربكۆل تېغىنىڭ نېپىز كەسمىسىنىڭ ئوتتۇراھال تاغلىق رايونىغا ياتىدۇ، بۇ تاغلار ناھىيە تەۋەسىنى غەرب، جەنۇب، شىمال تەرەپلەردىن ھالقىسمان قورشاپ تۇرىدۇ، خۇددى بوستانلىقنى قوغداپ تۇرغان ئايسىمان پەردىدەك، ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ ھەيۋەت بىلەن تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شەرق تەرىپى قىزىل دەرياسى ۋە گەز دەرياسىنىڭ تىندۇرما قاتتى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ تىندۇرمىسىدىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىك، بوستانلىق دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، يەرلىرى مۇنبەت، بايلىقى مول، ئەزەلدىن «مېۋە - چېۋە يۇرتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. ناھىيىنىڭ يېرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. تاغلىق رايوننىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى قاراتاغ دېڭىز يۈزىدىن 3244 مېتىر، تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن تىندۇرمىسىدىن ھاسىل بولغان قىسمى بولسا دېڭىز يۈزىدىن 1600 — 1800 مېتىر ئېگىز، دېھقانچىلىق رايوننىڭ ئاز بىر قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 1600 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز بولغاننىڭ سىرتىدا، قالغانلىرى ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن 1220 — 1550 مېتىر ئېگىز، شەرق بىلەن غەربىي يۆنىلىشى 1/700 — 1/30، جەنۇب بىلەن شىمالى 1/50 — 1/600. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. پەسىللەر ئېنىق ئايرىلىدۇ، نۇر ئىسسىقلىق بايلىقى مول، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭراق، قۇرغاق، يامغۇرى ئاز، كۈن نۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈشى 2870.6 سائەت، ئەمەلىي يورۇتۇش نىسبىتى 63%؛ قۇياشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى 148 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر؛ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا: تۈزلەڭلىكنىڭ 12℃، تاغلىق رايوننىڭ 10℃؛ يىللىق ئوتتۇرىچە مۆل - يېغىن مىقدارى 72.2 مىللىمېتىر، سۇنىڭ پارلىنىش مىقدارى 2537.8 مىللىمېتىر، قىرووسىز مەزگىلى 212 كۈن، مۇز توڭلاش مەزگىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە؛ يىللىق ئوتتۇرىچە شامال

سۈرئىتى 2 — 3.5 مېتىر/سېكۇنت. ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى مۆلدۈر، بوران، ئۈششۈك، قۇرغاق ئىسسىق شامال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ناھىيە تەۋەسى سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، سۇ ئاساسەن قىزىل، گەز دەريالىرىدىن، ئاندىن قالسا چاقماق، تۈمەن دەريالىرىدىن كېلىدۇ. نورمال يىللىرى ناھىيە بويىچە سۇ ئېلىش مىقدارى (%50 كاپالەتلىك ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاندى) 859 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭغا 233 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيى قوشۇلغاندا جەمئىي 1 مىليارد 92 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 4013 كۇب مېتىر سۇ توغرا كېلىدۇ. 1990 ـ يىلى 896 مىليون 610 مىڭ كۇب مېتىر دەريا سۈيى ۋە بۇلاق سۈيى باشلاپ كېلىپ يەر سۇغىرىلدى. يەرنى ئۆلچەملىك موغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 1983 ـ يىلى 6 مىليون 219 مىڭ موغا يەتتى. 1985 ـ يىلى يېزىلاردىكى يەر (ساپ تېرىلغۇ يەر) 889 مىڭ 700 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %14.3نى، ئاھالە نۇقتىلىرىنىڭ ئىشلىتىدىغان يېرى %1.37نى، باغلار ئىگىلىگەن يەر %0.5نى، ئورمان ئىگىلىگەن يەر %4.4نى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە دەريالار ئىگىلىگەن يەر %1.6نى، يوللار ئىگىلىگەن يەر %1.4نى، بوزيەر كۆلىمى %14.3نى، چۆل ـ جەزىرە كۆلىمى %5.1نى، تاغلىق يەر كۆلىمى %54.88نى ئىگىلىدى (بوزيەر، چۆل ـ جەزىرە، تاغلىق يەر كۆلىمى ئىچىدە 295 مىڭ 617مو تۇزلۇق ئوتلاق، 317 مىڭ 450 مو كۆنگەي قۇرغاق ئوتلاق، 240 مىڭ 348 مو چۆل ئوتلاق بار)، سىرتقى ئورۇنلار ئىگىلەپ كەتكەن يەر %0.4نى ئىگىلىدى. 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تۇپراق تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە تەۋەسىدىكى تۇپراق 9 تۇپراق تۈرى، 23 كەنجى تۈر، 29 تۇپراق ئائىلىسى، 28 تۇپراق خىلى، 45 ئۆزگەرگەن خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تىنما تۇپراقنىڭ كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %78نى، زەي تۇپراق %20نى، شاللىق تۇپراق %2نى ئىگىلەيدۇ. تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ ئورگانىك ماددا مىقدارى ئوتتۇرىچە %0.8، تولۇق ئازوت ئوتتۇرىچە %0.056، تېز ئازوت ئوتتۇرىچە 33PPm، تېز فوسفور ئوتتۇرىچە 2PPm، تېز كالىي ئوتتۇرىچە 352PPm.

زىرائەتلەردىن بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، ئاققوناق، كېۋەز، ياغلىق دان، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر، بېدە، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىقلار بار. دەرەخلەردىن تېرەك، قارىياغاچ، سۆگەت، توخۇمەك، چىلان قاتارلىق 25 ئائىلە، 82 تۈر بار، بۇنىڭ ئىچىدە جىغان تۈرىدىكىلەر كۆپ بولۇپ، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى شىنجاڭ بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر، ئالۇچا، پىستە قاتارلىق 7 ئائىلە، 13 تۈر بار، باغ كۆلىمى، مەھسۇلاتى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن 31 ئائىلە، 18 خىلى بار، دورا ئۆسۈملۈكلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرى ۋە قۇشلىرىدىن كالا، ئات، قوي، چوشقا، قېچىر، ئېشەك، تۆگە، توشقان، ئىت، توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلار بار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، بۆرە، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك، جەرەن، سۇغۇر ۋە ھەرخىل چاشقان، ھەرخىل بېلىق قاتارلىقلار بار.

## 2

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇ بوستانلىقتا ياشىغان ۋە ئاۋۇغان. قېزىلما مەدەنىيەت يادىكارلىقلاردىن دەلىللىنىشىچە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 6000 — 7000 يىللار ئىلگىرىلا سىپتا تاش قوراللىرىنى ياساپ ۋە ئىشلىتىپ، ئوۋ ئوۋلىغان ۋە ئاددىي دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1955 ـ يىل 11 ـ ئايدىن ئاۋۋال، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر شەھەر ئىچىدە ئىدى، بۇ

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم شەھەر، قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» دېگەن نامى بار ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ھەربىي قوشۇنلار تالىشىدىغان يەر بولۇپ كەلگەن. بەن چاۋ مۇشۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ تۇرۇپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن؛ تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە تۇتتۇق مەھكىمىسى قۇرۇپ، مەشھۇر «غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆت قورغان»نىڭ بىرى قىلغان؛ قاراخانىيلار سۇلالىسى بۇ يەردە شەرقىي پايتەخت قۇرغان؛ ياقۇپبەگ بۇزرۇكخاننى قوللاپ بۇ يەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شىنجاڭنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىۋالغان. ئۇزاق تارىخ جەريانىدا، ھوقۇق مۇجەسسەملەشكەن مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا تۇرغان ئەھۋالمۇ، فېئودال يەرلىك كۈچلەر بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرغان ئەھۋالمۇ بولغان، يەنە مىللەتلەر كۆچكەن ۋە قەبىلىلەر، ھاكىمىيەت قوشۇلۇپ كەتكەن ھەم تاشقى كۈچلەر تاجاۋۇز قىلغان ئەھۋالمۇ بولغان. لېكىن غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىنى رەسمىي يوسۇندا خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزگەندىن بۇيان، گەرچە بىر نەچچە قېتىم ئايرىلىش-قوشۇلۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىن - ئاخىر ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن.

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە، ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى سۇلى دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. خەن سۇلالىسى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن سۇلى دۆلىتى خەن سۇلالىسى بىلەن باردى - كەلدى مۇناسىۋىتى ئورناتقان. خەن سۇلالىسى شۈەندى زامانىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) خەن سۇلالىسى ئۇرلى شەھىرىدە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، مۇشۇ تەۋەيىمىزنى رەسمىي يوسۇندا خەرىتىگە كىرگۈزدى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى، ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەل بەلگىلىرىنى تاقاپ، تامغىسىنى ئىشلىتىشكە كىرىشتى. ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە، ھۇنلار يېڭى سۇلالىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتقا قايتا بېسىپ كىردى. شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنۋۇ دەسلەپكى يىللىرى ساكارائول بېگى كاڭ قوشۇن باشلاپ چىقىپ ھۇنلارنى قوغلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تەۋەلىك ساكارائولنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى) كۇسەن ھۇنلارغا تايىنىپ سۇلىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدى، شۇنىڭ بىلەن سۇلى ھۇنلار باشقۇرىدىغان رايون بولۇپ قالدى. يۇڭپىڭ 17 - يىلى (74 - يىلى) بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كېلىپ، كۇسەن تىكلىگەن سۇلى پادىشاھى دۇتىنى بىكار قىلىپ، مۇشۇ تەۋەلىكنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ھۇنلارغا زەربە بېرىپ، ئاخىر غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈردى. خەن سۇلالىسى خانى شۇندى زامانىسىنىڭ ياڭ جيا 1 - يىلى (132 - يىلى) سۇلى پادىشاھى چېن پەن دۈنخۇاڭ ۋالىسىنىڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن تارتىپ بېرىپ ئۇدۇننى ئېلىپ، ئۆزۈنتاتىنى گۇمران قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ كامبىگى دېگەن ئاتاقنى ئېرىشتى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، ساۋۋېي ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتقا دورغاب بېگى قويۇپ، يۇمشاق ۋاسىتە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. غەربىي جىن دەۋرىدە (266 — 316 - يىللار) سۇلى دۆلىتى بىلەن ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ زىچ بولدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن بۇيان سۇلى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالدىنقى لياڭ، كېيىنكى لياڭ ۋە غەربىي لياڭ سۇلالىلىرىغا قارىدى. بۆلۈنۈپ ئايرىم ھاكىمىيەت بولغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولغان. ھاكىمىيەتلەر كۆپ ئالماشقان بولسىمۇ، سۇلى دۆلىتى بىلەن ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلدى. تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋاقتىدا دۆلەت بولغاندىن تارتىپ مىلادىيە 512 - يىلىغىچە، سۇلى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 15 قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا بېقىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە بۇ تەۋەدىكى خەلق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تۆمۈردە سوقۇلغان نۇرغۇن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزگەن بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكى بىلەن توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ تەۋە تۈرك خانلىقىغا قارىدى. تاڭ سۇلالىسى

خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 22 ـ يىلى (648 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى سۇلى قورغىنىنى قۇردى، بۇ تەۋە بىۋاستە مۇشۇ قورغانغا قارىدى. تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ تيەنباۋ 12 ـ يىلى (753 ـ يىلى) سۇلى پادشاھى قوشۇمچە ياۋجىيەن ئايمىقىنىڭ ئەمىرلەشكىرى پېي گولياڭ چاڭئەنگە سالامغا باردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى ئۇنىڭغا سۆسۈن تون، ئالتۇن بەلباغ تەقدىم قىلدى ھەمدە ھۇجۇمچى ئۆكەرلەر كاھىبېگى دېگەن مەنسەپنى بەردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا يېغىلىق كۆپ بولۇپ، خەلق ناھايىتى ئېغىر بالايى ـ ئاپەتلەر ئىچىدە قالدى. تاڭ سۇلالىسى خانى جاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ جىڭفۇ 2 ـ يىلى (893 ـ يىلى) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ كىچىك قاغانى ئوغۇلچاق مۇشۇ تەۋەگە كۆچۈپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر خانلىقنىڭ شەرقتىكى مۇھىم شەھىرى بولۇپ قالدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ناھىيە تەۋەسى يەنىلا قاراخانىيلار سۇلالىسىغا قارىدى. سۇڭ سۇلالىسى خانى رېن زۇڭ زامانىسىنىڭ چىڭلى 1 ـ يىلى (1041 ـ يىلى) قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرقىي قاراخانىيلار ۋە غەربىي قاراخانىيلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى پايتەخت قىلدى، بۇ ناھىيە تەۋەسى خانلىقنىڭ يېقىن رايونلىرىدىن بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىقلار تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ شاۋشىڭ 4 ـ يىلى (1134 ـ يىلى) قاراقىتانلار شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بېسىۋالغاندا، بۇ تەۋە قاراقىتانلارغا قارىدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى نىڭزۇڭ زامانىسىنىڭ جىيادىڭ 11 ـ يىلى (1218 ـ يىلى) موڭغۇللار قاراقىتانلار ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان كۈچلۈكنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە تەۋەسى موڭغۇل خانلىقىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بولۇپ قالدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى لىزۇڭ زامانىسىنىڭ باۋچىڭ 1 ـ يىلى (1225 ـ يىلى) موڭغۇللار بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارەتلىرىنى تەسىس قىلدى، ناھىيە تەۋەسى ئۇلارغا قارىدى. يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىسىنىڭ جىيۈەن 26 ـ يىلى (1289 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى خوتەن ئايغاقچى مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگۈچى كۈچلەر — قايدۇ، دۇۋالار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسى چاغاتايخانغا قاراشلىق دۇۋاغا سۇيۇرغال يەر قىلىپ بېرىلدى. يۈەن سۇلالىسى شۇندى زامانىسىنىڭ جىجېڭ 8 ـ يىلى (1348 ـ يىلى) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر قاتارلىق جايلار ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ناھىيە تەۋەسى يەنىلا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قارىدى. مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىسىنىڭ چېڭخۇا 16 ـ يىلى (1480 ـ يىلى)غا كەلگەندە، قەشقەر، خوتەن، ياركەنت قاتارلىق يەرلەرنى تىزگىنلەپ تۇرغان موڭغۇل دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئابابەكرىنىڭ كۈچى پەيدىن ـ پەي كۈچىيىپ ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىدى. «تارىخى رەشىدى»دە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى «قەشقەر سۇلتانلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ، ناھىيە تەۋەسى ئۇنىڭغا تەۋە مەركىزىي رايون بولدى. مىڭ سۇلالىسى ۋۇزۇڭ زامانىسىنىڭ جېڭدې 9 ـ يىلى (1514 ـ يىلى) سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى گۇمران قىلىپ، ياركەنت خانلىقىنى قۇردى، قەشقەر ئەتراپى خانلىقنىڭ مۇھىم يەرلىرى بولۇپ، ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. يەركەنت خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ھاكىمىيەتنى دىنىي كۈچلەر تىزگىنلىۋېلىپ، مەزھەپ كۈرىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى خانى شىڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 19 ـ يىلى (1680 ـ يىلى)غا كەلگەندە، ئاق تاغلىقلاردىن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىشى بىلەن، جۇڭغارلاردىن غالدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياركەنت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يوقاتتى، ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى ئەتراپلىرى ئۇنىڭ بېقىندىسى ھىدايىتۇللانىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى. ئۇ ئۆزىنى «ئاپاق خوجا» دەپ ئاتىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، جۇڭغارلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئولپان تاپشۇرمىدى، دېگەننى باھانە قىلىپ،

قوشۇن ئەۋەتىپ ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئەسىر قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر قاتارلىق يەرلەرنى ئىدارە قىلىشقا باشقا ئادەم ئەۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى لەشكەر تارتىپ جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇرھانىدىن خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇپ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئاتامان قىلدى. چيەنلۇڭ 22 ـ يىلى (1757 ـ يىلى) بۇرھانىدىن خوجا ئۆز ئىنىسى خوجا جاھاننىڭ قۇترىتىشى بىلەن چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، «باتۇر خانلىقى»نى قۇرۇپ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) غا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار پېغىلىغىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس قەشقەر ۋەيگەسار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىر يانداش ئامبال قويدى. چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 4 ـ يىلى (1865 ـ يىلى) قوقانلىق ئوفىتسېر ياقۇپبەگ قوقان ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، خوجا ئەۋلادى بۇزرۇكخاننى قوشۇن تارتىپ بېرىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىشقا كۈشكۈرتتى. تۇڭجى 6 ـ يىلى (1867 ـ يىلى) قەشقەردە ئەكسىيەتچىل «يەتتىشەھەر خانلىقى»نى قۇرۇپ، ئۆزىنى «بەدۆلەت غازى» دەپ ئاتىدى. چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 1 ـ يىلى (1875 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭ قاتارلىقلارنى لەشكەر تارتىپ بېرىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى، گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) غا كەلگەندە، قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى. گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى، يانداش ئامبىلى قىسقارتىلىپ، قەشقەر مۇپەتتىشى تەسىس قىلىندى. قەشقەر يېڭىشەھەر (خىتاي شەھىرى) دە سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى تەسىس قىلىندى، قەشقەر كوناشەھەر (مۇسۇلمانلار شەھىرى) دە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىغا قارايدىغان بولدى. گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى ۋىلايەت قىلىندى، ئۇنىڭغا يەنىلا قەشقەر كوناشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەر قارايدىغان بولدى.

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى كونا تۈزۈم ساقلاپ قېلىندى. مىنگونىڭ2ـ يىلى (1913 ـ يىلى) سۇلى ۋىلايىتى ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارىدى. مىنگونىڭ 18ـ يىلى (1929 ـ يىلى) قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە قارايدىغان بولدى، مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 3 ـ مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى، 1955 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىگە بىۋاستە قارىدى، 1956 ـ يىلى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىگە، 1969 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا، 1979 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە قارايدىغان بولدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان چاغدا 9 كەنت، 5 قەبىلە بار ئىدى. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىن 70 كىلومېتىر نېرىدا پەيزاۋات بار ئىدى. جەنۇبتىن 25 كىلومېتىر نېرىدا قەشقەر يېڭىشەھەرگە تۇتىشاتتى، غەربتىن 425 كىلومېتىر نېرىدا قىزىلئارت داۋان ئارقىلىق روسىيىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشاتتى، شىمالدىن 257 كىلومېتىر نېرىدا تۇلغار داۋان دېگەن يەر ئارقىلىق روسىيىنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشاتتى؛ شەرقىي جەنۇبتىن 34 كىلومېتىر نېرىدا ئاۋات مەھەللىسى ئارقىلىق قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تۇتىشاتتى، غەربىي جەنۇبتىن 325 كىلومېتىر نېرىدا قىياقباش ئارقىلىق تاشقورغان بىلەن تۇتىشاتتى، شەرقىي شىمالدىن 275 كىلومېتىر نېرىدا بوتومويناق ئارقىلىق ئۇچتۇرپان بىلەن تۇتىشاتتى، غەربىي شىمالدىن 455 كىلومېتىر نېرىدا داستار داۋان ئارقىلىق روسىيە بىلەن تۇتىشاتتى. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 495 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 282 كىلومېتىر كېلەتتى. مىنگونىڭ 19 —33ـ

يىلغىچە (1930 — 1944 - يىلغىچە) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆلۈغچات، ئاتۇش ئايرىپ چىقىلىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بولدى، كېيىن ئۇلار ناھىيە قىلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسى زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى ناھىيە بازىرى ئەتراپى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1954 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا، يەنە ناھىيە تەۋەسىدىكى توپلۇقبېرىق، يۇدۇغباش، ئويتاغ يېزىلىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە تەۋەسىدە توققۇزاق بازىرى، ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلە، سەمەن، خانئېرىقى، لەڭگەر، مۇش، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش قاتارلىق 17 يېزا، بىر بازار، جەمئىي 229 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 2575 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى بار بولدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە 66 مىڭ 501 ئائىلە، 337 مىڭ 278 كىشى بولۇپ، ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرىچە 81.7 ئادەم توغرا كەلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار %99.07نى، خەنزۇلار %0.69نى، قىرغىز، موڭغۇل، قازاق، ئۆزبېك، تاجىك، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، مانجۇ، سالا، تۇجيا بولۇپ ھەممىسى %0.23نى ئىگىلىدى. ناھىيە ئاھالىسى ئىچىدە، يېزا ئاھالىسى 318 مىڭ 716 بولۇپ، %94.5نى؛ شەھەر - بازار ئاھالىسى 18 مىڭ 557 كىشى بولۇپ، %5.5 نى ئىگىلەيدۇ. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى 988 ئائىلە، 4000 نەچچە كىشى.

## 3

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى — ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق دان تېرىقچىلىقى ھەم باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىكىنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى قالاق، سۇ ئىنشائاتلىرى ئاددىي، ھەرخىل زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېنلۇڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مول - ھوسۇللۇق يىللىرى بىر كىلوگرام ئۇرۇق تېرىلسا 7 — 8 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنغانىكەن، قەھەتچىلىك يىللىرى بىر كىلوگرام ئۇرۇق تېرىلسا، 3 — 4 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنغانىكەن. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە مو بېشىدىن 60.85 كىلوگرام بۇغداي، 99.45 كىلوگرام شال، 10.3 كىلوگرام پاختا (ساپ)، 25.5 كىلوگرام ياغلىق دان ئېلىنغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاتتى. 1952 - يىل 3 - ئايدا، ئەمدىلا يەرگە ئىگە بولۇپ، فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولغان پاختەكلە يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى رەئىس ماۋزېدۇڭغا داستان شەكلىدە بىر پارچە سالام خەت يوللىدى، شۇ يىلى 8 - ئايدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ جاۋاب خەت ئەۋەتىپ بارلىق دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماددىي تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى. بۇ ناھىيە خەلقىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، يېزىلارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۆرەش ئىرادىسىگە تېخىمۇ ئىلھام بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە خەلقى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش» تىن ئىبارەت چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئېرىق- ئۆستەڭ، ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى) قۇرۇلۇشىنى، تۇپراقنى

ياخشىلاش، سۇپەتلىك ئۇرۇقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىلغار دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، كېسەللىك ۋە ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە سېتىۋېلىش، ئوغۇت يىغىش، تۈرلۈك ئوغۇتلارنى سېتىۋېلىش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ 1980 - يىلدىن باشلاپ مەھسۇلاتقا باغلاپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تەقسىماتتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈگىتىلىپ، كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر ۋە بىرلەشمە گەۋدىلەر راۋاجلاندۇرۇلۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلدى، يېزا ئىقتىسادىدا ئۆزىنى قامداش ۋەيېرىم قامداش تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن تاۋار تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ يۈزلىنىش ھاسىل قىلىندى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 183 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 2.21 ھەسسە ئاشتى. بوزيەر ئېچىپ ئېتىز بىنا قىلىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، جەمئىي كېڭەيتىلگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 245 مىڭ 700 مو (تەبىئىي مو، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولۇپ، تېرىلغۇ يەر 1949 - يىلدىكىدىن %53.84 كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 32 مىڭ 931.7 كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 91گە يەتتى. دېھقانچىلىق ئۇلاغلىرى (ئېشەكمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) كۆپىيىپ 76 مىڭ 200گە يەتتى. ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 676 مىڭ 600 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن ھەيدەشكە ۋە ئۇرۇق سېلىشقا باب سالا ئېتىز 1830 پارچە (324 مىڭ مو). 2073 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 996 ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئېرىق چېپىلدى. 467 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 246 يېزا تاشيولى ياسالدى؛ 66 مىڭ 275 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 4321 ئېتىز-ئېرىق ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى. 1750 ئورۇندا ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىسى قۇرۇلدى. سايباغ يېزىسىدا %72.17 دېھقان ئائىلىسى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. ئوپال يېزىسىدا 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتىن كېيىن ئاپەتكە ئۇچرىغان %74 دېھقان ئائىلىسى شۇ يىلى قايتا سېلىنغان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلغان يەر (ئېگىزگە تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 623 مىڭ 900 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %72.2نى تەشكىل قىلدى؛ مو بېشى ھوسۇلى 150.1 كىلوگرام، ئومۇمىي ھوسۇلى 93 مىڭ 658.5 توننا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 54 مىڭ 176 توننا بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 8543 توننىدىن 5.34 ھەسسە ئاشتى، مو بېشى ھوسۇلى 1.32 ھەسسە ئاشتى؛ شال 8473 توننا بولۇپ، 1949 - يىلدىكىدىن 1.64 ھەسسە ئاشتى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 105 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %12.17نى ئىگىلىدى. مو بېشى ھوسۇلى (ساپ پاختا) 42 كىلوگرام، ئومۇمىي ھوسۇلى 4402 توننا بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 103 توننىدىن 41.73 ھەسسە ئاشتى؛ ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 26 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %3.02نى ئىگىلىدى، مو بېشى ھوسۇلى 129.5 كىلوگرام، ئومۇمىي ھوسۇلى 3388 توننا بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 722 توننىدىن 3.69 ھەسسە ئاشتى؛ باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ يەر كۆلىمى، مو بېشى مەھسۇلاتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 230 مىليون 653 مىڭ 400 يۈەن بولدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 881 مىڭ موغا كېڭەيدى. 1949 - يىلدىكى 439 مىڭ 800 مودىن بىر ھەسسە ئاشتى. ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىڭ 630 كىلوۋاتقا، يۈك ئاپتوموبىلى 74كە، چوڭ چارۋا 116 مىڭ 841 گە يەتكەنىدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) 607 مىڭ 400 مو بولۇپ، 1949 - يىلدىكىدىن %0.3 ئاشتى؛ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 116 مىڭ 57 توننا بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 28 مىڭ 674

تونىدىن 304% ئاشتى. ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 191.07 كىلوگرام بولدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 148 مىڭ 500 مو، ئومۇمىي ھوسۇلى (ساپ پاختا) 8097 تونىنا، بىرلىك ھوسۇلى 54.5 كىلوگرام بولۇپ، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 1949 ـ يىلدىكىدىن 77.61% ئاشتى؛ ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 600 مو، ئومۇمىي ھوسۇلى 4236 تونىنا بولۇپ، كىشى بېشىغا 12.8 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1985 ـ يىلى مېۋىلىك دەرەختىن چىققان مەھسۇلات 18 مىڭ 4 تونىنا بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكى 5368.5 تونىدىن 2.35 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا 86.5 كىلوگرامدىن مېۋە توغرا كەلدى. داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن پىستە، ئانار، ئەنجۈر، ئۆرۈك، شىرشىم خورماقاق، ئۆرۈك مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، زاراڭزا قاتارلىقلار بار. ئورمان كۆلىمى 464 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.47%، ئۆسۈۋاتقان دەرەخ 373 مىڭ كۇب مېتىر، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئورمانلىق يەر 1.6 مو بولدى. قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋا 395 مىڭ 781 تۇياق بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.37 تۇياقتىن توغرا كېلىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 1.11 ھەسسە ئاشتى. قوشۇمچە كەسىپتىن پىلە بېقىش، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، توخۇ بېقىش، بورا توقۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يېزا قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 704 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 15.15% ىنى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 485 مىڭ 400 تۇياق بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.4 تۇياقتىن توغرا كەلدى، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 285 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە)؛ ئورمان بىنا قىلىنغان يەر 19 مىڭ 35 مو بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 6.7% بولدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بۇرۇن زامانىۋى سانائەت يوق ئىدى، پەقەت قول ھۈنەرۋەنچىلىكلا بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1957 ـ يىلدىن باشلاپ، ياغ زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، چىگىت ئايرىش زاۋۇتى؛ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىق سانائەت كارخانىسىدىن 58 ى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 95% ئاشتى؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليون 393 مىڭ 600 يۈەن بولدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 183 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 1.16 ھەسسە ئاشتى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىپ بېرىش نىسبىتى 11.86% بولدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى يەنە ناھىيىلىك پاختا يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى، تۇز زاۋۇتى، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، گەج ـ تالا تاختىسى زاۋۇتى (كېيىن ناھىيىلىك خىش زاۋۇتىغا قوشۇلۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى بولدى)، جىغان زاۋۇتى (كېيىن ناھىيىلىك يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىغا قوشۇلۇپ جىغان 1 ـ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى بولدى) كۆپەيدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 308 مىليون 150 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يەتتى؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 40 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەگرى ـ توقاي جەريانني باشتىن كەچۈردى. 1949 — 1955 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.89% تىن ئۆرلەپ باردى؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26.7% تىن ئېشىپ باردى؛ ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.8% تىن ئېشىپ باردى، قولدا قالغان چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.8% تىن ئېشىپ باردى. 1956 — 1962 ـ يىلغىچە، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «يۇقىرى كۆرسەتكۈچ» قاتارلىق سولچىللىق خاتالىقلىرىنىڭ تەسىرىدە، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا قاتارلىق 4 تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى يىلىغا 1.4% تىن ئېشىپ بارغاندىن

باشقا، ئاشلىق ھوسۇلى %10، ياغلىق دان ھوسۇلى %60، چارۋا مەھسۇلاتى %17 كېمىيىپ كەتتى. 1962 — 1966 ـ يىللىرى 3 يىل تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىگىلىك تېز ئەسلىگە كېلىپ ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىپ بېرىش نىسبىتى ئاشلىقنىڭ %2.12، پاختىنىڭ %6.11، ياغلىق داننىڭ %3.18، چارۋىنىڭ %8.6 بولدى. 1966 — 1976 ـ يىللىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق بالايىئاپەت جەريانىدا كىشىلەر كۆڭلىنىڭ ئارامى بولماي، ئاشلىق %10 ئازىيىپ كەتتى، چارۋا %3 ئازىيىپ كەتتى. 1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق يەنە ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. 1978 ـ يىلى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، سىستېمىلىق تۈردە قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلىپ، «سولچىللىق» خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى، ناھىيىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىلىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، «ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش، تاشقىي سىرتقا ئېچىۋېتىش» فاڭجېنى يولغا قويۇلدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئاساسى كۈچەيتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈلۈپ سانائەت راۋاجلاندۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ئىقتىساد ئىزچىل، مۇقىم ۋە ماس قەدەمدە راۋاجلاندى، بولۇپمۇ 1980 — 1985 ـ يىللىرى يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. بۇ مەزگىلدە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى %9.52 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %86.8؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 2.77 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %4.30؛ ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 1.59 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %99.20؛ چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى %97.62 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %49.10؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى %95 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %28.14؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى %6.26 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %8.4 بولدى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى 104 مىڭ 900 ئەمگەك كۈچىدىن 2236 كىشى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەپ، يېزىلاردىكى 63 مىڭ 213 ئائىلىدىن 929 ئائىلە كەسپىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزىلاردا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئۆششاق دېھقان ئىگىلىكى بازار ئىگىلىكىگە قاراپ يېڭى قەدەم تاشلاپ، گۈللەنگەن، باي سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن ئىستىقبال ئېچىپ بەردى. 1986 — 1990 ـ يىللىرى ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 4.68 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %5.137؛ پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 77 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %81.6؛ ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 4.08 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %6.91 بولدى.

ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسىمۇ قەدەممۇ قەدەم ئاشتى. 1985 ـ يىلى دۆلەتنى 1221 توننا تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىن ئېتىپ، 1978 ـ يىلدىكى 5.645 توننىدىن %16.89 ئاشۇردى، 458 توننا سۇ يېغى بىلەن تەمىن ئېتىپ، 1978 ـ يىلدىكى 90 توننىدىن 4.09 ھەسسە ئاشۇردى؛ 3475 توننا تاۋار پاختا بىلەن تەمىن ئېتىپ، 1978 ـ يىلدىكى 680 توننىدىن 4.11 ھەسسە ئاشۇردى؛ 3 مىليون 772 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇپ، 1978 ـ يىلدىكى 2 مىليون 240 مىڭ يۈەندىن %39.68 ئاشۇردى. 1990 ـ يىلى دېھقانچىلىقتىن مول ـ ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، دېھقانلار شاد ـ خوراملىق بىلەن غەللە ـ پاراق تاپشۇردى ۋە ئاشلىق سېتىپ بەردى، پۈتۈن ناھىيە دۆلەتكە 4.6876 توننا تاۋار ئاشلىق بېرىپ، 1985 ـ يىلدىكى 1221 توننىدىن %463 ئاشۇردى، يىللىق ئېشىپ بېرىش نىسبىتى %5.137 بولدى؛ 08.84 توننا تاۋار پاختا بېرىپ، 1985 ـ يىلدىكى 5.47 توننىدىن

%77 ئاشۇردى، يىللىق ئېشىپ بېرىش نىسبىتى 16.81% بولدى؛ 458 توننا سۈ يېغى بېرىپ، 1985 ـ يىلدىكى 90 تونىنىدىن 409% ئاشۇردى، يىللىق ئېشىپ بېرىش نىسبىتى 91.6% بولدى.

## 4

خەلق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال، كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى، بولۇپمۇ شورلىشىپ كېتىش ئېغىر بولغان زەي جايلاردا خەتەرلىك ئۆيلەر تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى يېڭى ئۆيلەرگە ئولتۇراقلاشتى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا كىشىلەر دائىم «يازدا سۈپسۈزۈك سۇ، قىشتا ئاپئاق شور» دەيدىغان پاختەكلە يېزىسىدا، 1983 ـ يىلى 90% تىن كۆپرەك دېھقان ئۆيىنىڭ ئالدىدا تەشتەكلەردە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، ئۆي ئارقىسىدا مېۋىلىك باغ خوپ ئوخشىغان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. 1985 ـ يىلى بازارلاردا ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1417.56 يۈەن بولۇپ، 1980 ـ يىلدىكى 860.03 يۈەندىن 64.8% ئاشتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 172.3 يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكى 46.25 يۈەندىن 2.73 ھەسسە ئاشتى. ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى 20 مىليون 685 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 6.4 ھەسسە ئاشتى. مىللىي دارامەت 84 مىليون 974 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 296.4 يۈەندىن توغرا كەلدى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 152 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 526.66 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1990 ـ يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تاۋارلار كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. بازارلار ئاۋاتلاشتى. ئىگىلىك گۈللەندى، خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 33 مىليون 307 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 1.75 ھەسسە، 1958 ـ يىلدىكىدىن 2.52 ھەسسە ئاشتى. ۋېلىسىپىت، قول سائىتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ۋە تاۋار ـ دۇردۇن، گىلەم، يۇڭ رەخت قاتارلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتتى.

مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1949 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 68 باشلانغۇچ مەكتەپ، 611 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى، 16مىڭ 176 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25كە، باشلانغۇچ مەكتەپ 172گە يەتتى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن بىرى، پارتىيە مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلدى، جەمئىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 3078 گە، ئوقۇغۇچى 46 مىڭ 769 غا يەتتى، ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99%كە يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، تەييارلىق سىنىپ 76گە، باللار باغچىسى 559غا يەتتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ناھىيە بويىچە پەن ـ تېخنىكا خادىمى 2591گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار 308، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار 2283؛ ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىدىن يۇقىرى ئۇنۋان ئالغانلار 11. ناھىيە دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتى 15كە، ئەزاسى 1731 گە يەتتى. پەن تەتقىقات تۈرلىرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ھەر قايسى

ساھەلەرگىچە ئومۇملاشتى. 1966 — 1985 - يىلغىچە 68 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 49 تۈر ناھىيە دەرىجىلىك، 8 تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىك، 9 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، 2 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى ئاپپاراتى 19غا، تېببىي پەن - تېخنىكا خادىمى 328گە، كېسەل كارىۋىتى 687گە، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى 197گە، ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 254كە يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا - يېزىدا دوختۇرخانا، كەنت - كەنتتە ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، دوختۇركەم، دورا يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، يەرلىك كېسەللىك ۋە چېچەك قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بارغانسېرى ئازايدى ياكى يوقالدى. خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1981- يىلدىن باشلاپ، شەھەر - بازارلاردىكى خەنزۇلارغا ئىككىنچى تۇغۇش چەك قويۇلۇپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.6كە تۆۋەنلىدى. 1982 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە 1 - بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئاپتونوم رايوندا 1983 - يىلى ئېچىلغان پىلانلىق تۇغۇتتا «قوش ئىلغار»لارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتى.

1990- يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 193 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 192) كە، ئوقۇغۇچىسى 43 مىڭ 300 (مىللىي ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 81) گە، ئوقۇتقۇچىسى 1813 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 1793) كە؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 23) كە، ئوقۇغۇچىسى 9250 (مىللىي ئوقۇغۇچى 9062) كە، ئوقۇتقۇچىسى 846 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 819) گە يەتتى، بىردىن پارتىيە مەكتىپى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى بار بولدى، كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى 20گە، ئوقۇغۇچىسى 215كە يەتتى. دېھقانلارنىڭ ساۋات چىقىرىش كۇرسىدىن 270ى ئېچىلدى، 9788 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ، 6689 ئادەم ساۋات چىقاردى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 576 (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكى 11)، ھەرخىل ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت 21، ئەزاسى 2101. ناھىيە بويىچە داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى 20، زاۋۇت - كان ئورۇنلىرىدىكى داۋالاش بۆلۈمى 6، داۋالاش خادىمى 395. يېزا ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 236، كېسەل كارىۋىتى 685. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 29 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 21 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە)، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 57 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9003 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 20 مىليون 328 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 3.2257 يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 2254 ئائىلە 9156 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 1985 — 1990 - يىلغىچە 25 مىڭ 902 ئائىلە، 106 مىڭ 979 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، سىنقويغۇ، موتسىكلىت، كىچىك تراكتور، دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى، مىنىبۇس كىرا ماشىنىلىرىمۇ بەزى ئالدىن بېيىغان دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىدە بار بولدى. 1985 —1990- يىلغىچە ناھىيە بازىرىدا مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىنوخانا، سىن قويۇش ئورنى، سەنئەت ئۆمىكى، رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئىشچىلار كۇلۇبى قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئورۇنلىرى ۋە بالىلار قىرائەتخانىسى ئېچىلدى، 12 يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزى، 5 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى، يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە رادىئو ئۈزىلى، كىنوخانا، سىن قويۇش ئورنى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، تەنتەربىيە پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىدا بىر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، 2 چىراغلىق توپ مەيدانى بار بولدى. 1990- يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار مەدەنىيەت يۇرتى قىلىپ باھالاندى. ئوپال يېزىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەدەنىي يېزا - بازار ئىلغار كوللېكتىپى قىلىپ باھالاندى.

5

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئادەملىرى ئىستېداتلىق، يەرلىرى مۇنبەت، ئەزەلدىن ئىختىساسلىقلار كۆپ چىققان جاي. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق راھىپ خۇيلان (737 — 820 ـ يىللىقچە) ياش ۋاقتىدا چاڭئەن شەھىرىگە ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ دىن تارقاتقان. ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىدىن باشقا خەنزۇچە تارىخنامىلەرنى ۋە سانسكرىتچە بۇددا نوملىرىنى پىششىق بىلەتتى، ئۇ 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ خەنزۇچە 100 جىلدلىق «نوملار شەرھى»نى تۈزۈپ چىققان. بۇ ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ياپونىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تارقالغان، كېيىنكىلەر بۇ كىتابنى «ئىخلاس بىلەن تۈزۈلگەن بىباھا كىتاب» دەپ ماختىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى 10 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ياي لاقلىرىدا يۈرۈپ، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى، تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، 1072 — 1077 ـ يىللىقچە باغداتتا ئەرەبچە يېزىق بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭغا جەمئىي 7500 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى قامۇس دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن شائىر لۇتفى (1366 — 1465 ـ يىللار) شېئىر ئەدەبىياتىنىڭ «قەشقەر دەۋرى»نى ئېچىپ بېرىپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «سەنئەت ئۇستازى» دەپ مەدھىيىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خەلق سەنئەتكارى سەلەي چاققان (1816 — 1905) كىچىككىدىنلا ساز ـ قوشاق ھەۋەسكارى، قىزىقچى ئىدى، ئۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى دادىل مەسخىرە قىلىپ ۋە ئېچىپ تاشلاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەمنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئامىمىنىڭ تولىمۇ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى تاشۋاي ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، «مۇناجات»، «ئاشناجان» قاتارلىق كىلاسسىك مۇزىكىلارنى پىششىق ئۆگىنىپ، خەلق مۇزىكىلىرىدىن «ئەجەم»، «دوستلىرىم ئامان»نى رەتلەپ چىققان ۋە كەڭ تارقاتقان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «كاۋابى سەھرا»، «گۈندىپاي I»، «گۈندىپاي II» ۋە «تاشۋاي» قاتارلىق ئاتاقلىق مۇزىكىلارنى ئىجات قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 يىل مابەينىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىق كىشىلەر مەيدانغا كەلدى. 1985 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيىمىزدە تۇغۇلۇپ قەشقەر ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشلەۋاتقان ناھىيە ـ تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار 215 كە يەتتىدىكەن. ئوپال يېزىسىدىنلا يېتىشىپ چىققان زىيالى 600 گە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ـ شى دەرىجىلىك كادىر 7، ناھىيە ـ تۈەن دەرىجىلىك كادىر 41، ھەرخىل ئۇنىۋاندىكى ئوقۇتقۇچى 222.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەدىمكى سۇلى دۆلىتىنىڭ مەركىزى ئورۇنلاشقان جاي، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، داڭلىق قەدىمىي ئاسار ئەتىقىلەر بىر قەدەر كۆپ، بۇ يەردە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلاردىن: مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى، خان ئۆيى (خان ئوردىسى) قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار؛ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئورۇندىن: مۇرا بۇددا مۇنارى خارابىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېڭى تاش قورال دەۋرى يېڭى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ تاش قوراللار خارابىسى، مىلادى 1 ـ، 2 ـ ئەسىردىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى، قەدىمىي بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى خارابىسى، ئۈچ بۇرخان، لەنگەر تۇراسى، مۆش مىڭيول قەدىمىي جەڭگاھ

خارابىسى، مىڭيۈل ئابىدىسى قاتارلىق نۇرغۇن قەدىمىي ئىزنالار بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە سەلتەنەتلىك غەربىي يۇرت مەنزىرىلىرىمۇ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ياخشى شەرت-شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن.

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى ئەمگەكچان، ئاددىي - ساددا، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر خەلق جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتتى، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنىمۇ گۈللەنگەن، باي، گۈزەل، يېڭى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

# چوڭ ئىشلار

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# چوڭ ئىشلار

## (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلدىن مىلادىيە 1949 - يىلىغىچە)

## غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرى

### خەن سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ چيەنيۈەن 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى)

ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە: «كىرورەن، ئۇيسۇن، ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 بەگلىكنى تىنچلاندۇردۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ بولدى» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى سۇلى بەگلىكى دائىرىسىدە بولۇپ، ھۇنلارغا قارايدىغان بولدى.

### خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلىدىن يۈەنشو 3 - يىلىغىچە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 126 - يىلىغىچە)

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ، سۇلى دۆلىتىدىن ئۆتكەندە، پادىشاھ تۇرۇشلۇق سۇلى دۆلىتىدە بازار - رەستىلەرنى كۆرگەن.

### خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى)

خەن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى لى گۇاڭلى پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەلىبە قىلدى. كېيىنكى يىلى بۈگۇر، لوپنۇر ئەتراپىدا بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى، ئۇ يەرلەرگە يالۋاچ چېرىكچى قويۇپ، غەربىي يۇرتنى قوغدىدى ھەمدە مۇشۇ تەۋەدە بېقىندۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزدى.

### خەن سۇلالىسى خانى شۈەندى زامانىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى)

خەن سۇلالىسى چېدىردا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، شۇندىن ئېتىبارەن ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى رەسمىي خەن سۇلالىسى خەرىتىسىگە كىردى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنۋۇ 5 - يىلى (مىلادىيە 29 - يىلى)

ساكارائۇل بېگى كالڭ قوشنا بەگلىكلەرنى باشلاپ، ھۇنلارغا تاقابىل تۇردى. خېشى سانغۇنى دۇرۇڭ كونا ئادەت بويىچە كالڭغا «تۆھپىكار، پەزىلەتلىك بەگ» دەپ نام بەردى ھەم ئۇنى غەربىي يۇرت باش كاھبېگى قىلدى. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى ساكارائۇلغا قارىدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ يۇڭپىڭ 4 — 5 - يىللىرى (61 — 62 - يىللىرى)

ئۇدۇن بېگى گۇاڭدې ساكارائۇل بېگى شيەننى يەڭدى ھەم ئۇنىڭ بەگلىكىنى يوتۇۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھۇنلار ئۇدۇننى قورشاۋغا ئالدى، گۇاڭدې تەسلىم بولدى، ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى ھۇنلارنىڭ دائىرىسىگە ئۆتتى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى)

كۇسەن بېگى جيەن ھۇنلارنى پاناھ قىلىپ ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، سۇلې پادىشاھى چېڭنى ئۆلتۈردى، كۇسەننىڭ سول قول بېگى دۇتىنى قايتىلەتىن سۇلې پادىشاھى قىلدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17 - يىلى (74 - يىلى)

بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندە، سۇلېغا كېلىپ دۇتىنى ئەسلىدىن ئېلىپ تاشلاپ، سۇلېنىڭ ئىلگىرىكى بېگىنىڭ جيەنى يۇلبىنى سۇلې پادىشاھلىقىنىڭ خانى قىلدى ھەم ئۇنىڭ ئىسمىنى جوڭ (ساداقەتمەن) غا ئۆزگەرتتى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىسىنىڭ جيەنچۇ 1 - يىلى (76 - يىلى)

بەن چاۋ پەرمان بويىچە ئوردىغا قايتماقچى بولدى، سۇلې پادىشاھى ۋە ئاھالىسى ئۇنى ئامالىنىڭ بارىچە قالدۇرۇپ قالماقچى بولۇشتى. بەن چاۋ ئۇدۇنغا كەلگەندە سۇلې پادىشاھى بەن چاۋغا ئادەم ئەۋەتىپ، سۇلېنىڭ 2 شەھىرى كۇسەنگە ئەل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھەم سەپەرباي بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بەن چاۋ دەرھال سۇلېغا قايتىپ كېلىپ، قارشى قوپقانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، سەپەربايىنى يوقىتىپ، سۇلېنى قايتىدىن تىنچلاندۇردى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىسىنىڭ جيەنچۇ 3 - يىلى (78 - يىلى)

كەبىسە 4 - ئايدا غەربىي يۇرتنىڭ مۇۋەققەت ئەمىرلەشكىرى بەن چاۋ سۇلې، كانجۇت، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەرنىڭ 10 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ، قۇم بەگلىكىنىڭ تاشقورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئالدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىسىنىڭ جيەنچۇ 5 - يىلى (80 - يىلى)

سۇلې كاھبېگى فەن چېن خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈدى، مۇۋەققەت ئەمىرلەشكەر شۇگەن لەشكەر باشلاپ كېلىپ، بەن چاۋغا ياردەملىشىپ، فەن چېننى قوغلاپ زەربە بېرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىسىنىڭ يۈەنخې 1 - يىلى (84 - يىلى)

12 - ئايدا لەشكەر دورغابى بەن چاۋ ئۇدۇن، سۇلى پادىشاھلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ساكارائۇلغا ھۇجۇم قىلدى. ساكارائۇل بېگى لى سۇلى پادىشاھى جۇڭنى خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە قۇتراتتى، جۇڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غەرب تەرەپتە ئۇجى شەھىرىنى قوغدىدى. بەن چاۋ سۇلى پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى چېڭدانى بەگلىككە كۆتۈردى ھەمدە ئۆزىگە قارشى تۇرمايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭغا ھۇجۇم قىلىشقا قوزغىدى، ئەلچى ئارقىلىق كانجۇت بېگى جۇڭنى تۇتۇپ كانجۇتقا ئېلىپ كەلدى دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇجى شەھىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئەل بولدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىسىنىڭ يۈەنخې 3 - يىلى (86 - يىلى)

9 - ئايدا سۇلىنىڭ ئەسلىدىكى پادىشاھى جۇڭ كانجۇتتىن ئەسكەر ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بەن چاۋغا ئەلچى ئەۋەتىپ يالغاندىن تەسلىم بولدى. بەن چاۋمۇ يالغاندىن تەسلىمنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، جۇڭنى قەتلى قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يول ئېچىلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى خېدى زامانىسىنىڭ يۇڭيۈەن 2 - يىلى (91 - يىلى)

12 - ئايدا خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا قايتىدىن قورۇقچىبەگ قويۇپ، بەن چاۋنى قورۇقچىبەگ قىلدى، ئۇ كۇسەندىكى داۋاتقۇم شەھىرىدە تۇردى. شۇگەن دورغابىلىقىغا تەيىنلىنىپ، سۇلىدا بوزيەر ئاچتى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شاڭدى زامانىسىنىڭ يەنپىڭ 1 - يىلى (106 - يىلى)

9- ئايدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى رېن شاڭ تەدبىرسىزلىك قىلغاچقا، نۇرغۇن ئەللەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنى سۇلىدا قورشاۋغا ئېلىۋالدى. كېيىن قورشاۋ بىكار قىلىنىدى، خان ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈردى. كېيىنكى يىلى 6 - ئايدا خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شىمالدىكى ھۇنلار غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنى قايتىدىن ئىگىلىۋالدى، سۇلىمۇ ھۇنلارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى ئەندى زامانىسىنىڭ يۈەنچۇ 6 - يىلى (119 - يىلى)

سۇلى پادىشاھى ئەنگو ئۆلدى، ئۇنىڭ تاغىسى چېنپەن پادىشاھلىققا ۋارىسلىق قىلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى ئەندى زامانىسىنىڭ يەنگۇاڭ 2 - يىلى (123 - يىلى)

خەن سۇلالىسى بەن يۇڭنى غەربىي يۇرت دورغابىلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلدى، سۇلى قاتارلىق ئەللەر كەينى - كەينىدىن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۈندى زامانىسىنىڭ يۇڭجيەن 2 - يىلى (127 - يىلى)

3 - ئايدا سۇلى پادىشاھى چېنپەن خەن سۇلالىسىگە يەرلىك مەھسۇلات تاپشۇردى، ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ باش كاھىبىگىلىكىگە، ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى چېنشۇن دۆلەتنى قوغدىغۇچى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەندى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۈندى زامانىسىنىڭ يۇڭجيەن 5 - يىلى (130 - يىلى)

سۇلې پادىشاھى چېنپەن خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا مۇلازىملىق قىلىدىغان بارىمتاي تۇرغۇزدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۈندى زامانىسىنىڭ ياڭجيا 1 - يىلى (132 - يىلى)

دۇنخۇاڭ ۋالىيسى شۈيۈ سۇلې پادىشاھى چېنپەننى قوشۇن چىقارغۇزۇپ، ئۇدۇننى تارمار قىلدى ۋە ئۇزۇنتاتنى قايتۇرۇۋالدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۈندى زامانىسىنىڭ ياڭجيا 2 - يىلى (133 - يىلى)

سۇلې پادىشاھى خەن سۇلالىسىگە شىر، كالا تارتۇق قىلدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى لىڭدى زامانىسىنىڭ جيەننىڭ 1 - يىلى (168 - يىلى)

سۇلې پادىشاھى چېنپەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقاندا، تاغىسى خېدې ئۇنى ئېتىۋېتىپ، پادىشاھ بولۇۋالدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى لىڭدى زامانىسىنىڭ جيەننىڭ 3 - يىلى (170 - يىلى)

غەربىي يۇرت دورغابى جاڭ يەن ئەسكەر چىقىرىپ سۇلېغا جازا يۈرۈشى قىلدى، خېدې چېكىنىپ جېنجۇڭ قەلئەسىنى مۇھاپىزەت قىلدى، جاڭ يەن ئۇدا 40 نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلىپمۇ ئۇ قەلئەنى ئالالمىدى. كېيىن سۇلېغا پادىشاھ بولغانلار بىرى بىرىنى قىرىپلا تۇردى، قورۇقچىبەگمۇ بۇنى توسۇۋالالمىدى.

## ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى

### ۋېي سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3 - يىلى (222 - يىلى)

2 - ئايدا پىشامشان، كۈسەن، ئۇدۇنلار خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول ئېچىلدى. ۋېي سۇلالىسى جاڭ گۇڭنى چېرىكچىبەگ قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ سۇلې قاتارلىق غەربىي يۇرت ئەللىرىگە يۇمشاق ۋاسىتە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتى قوللاندى.

### غەربىي جىن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تەيشى 1 - يىلى (265 - يىلى)

ۋېي سۇلالىسى يوقىلىپ، جىن سۇلالىسى قۇرۇلدى، جىن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ئوخشاشلا چېرىكچىبەگ قويدى، سۇلې شۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، شۇندىن كېيىن غەربىي جىن سۇلالىسى سۇلې پادىشاھىسىغا «شىغاۋۇل باش كاھبەگ، ئۇزىنى جىن سۇلالىسىگە بېغىشلىغان بەگ، جىن سۇلالىسى بىلەن كۆڭلى يېقىن بەگ» دېگەندەك ناملارنى بەردى.

**شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى چېڭدى زامانىسىنىڭ شيەنكاڭ 2 ـ يىلى (336 ـ يىلى)**

ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ بېگى جاڭ جۈن ياڭ شۈەن سانغۇنىنى پىشامشان، كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى لياڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ ئولپان تاپشۇردى. سۇلىمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىسىنىڭ تەييۈەن 9 ـ يىلى (384 ـ يىلى)**

ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لۈ گۇاڭ كۇسەنگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تۇتۇقلۇققا تەيىنلەندى. قاشتوۋۇقنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلار، ئەنشى سانغۇنى، غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى ۋە سۇلى قاتارلىق ئەللەر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. تاكى كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى قۇرۇلغىچە سۇلى قاتارلىق ئەللەر ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە تۇردى.

**سۇڭ سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ يۈەنجيا 12 ـ يىلى (435 ـ يىلى)**

5 ـ ئايدا سۇلى، كۇسەن، ئۇيسۇن قاتارلىق 9 بەگلىك شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئولپان تاپشۇرىدىغان ئەلچىلەر ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

**سۇڭ سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ يۈەنجيا 14 ـ يىلى (437 ـ يىلى)**

3 ـ ئايدا سۇلى قاتارلىق بەگلىكلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**سۇڭ سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ يۈەنجيا 16 ـ يىلى (439 ـ يىلى)**

سۇلى، پىشامشان، كۇسەنلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**سۇڭ سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ يۈەنجيا 26 ـ يىلى (449 ـ يىلى)**

11 ـ ئايدا سۇلى، كۇسەن، فەرغانە، يۈەنكو قاتارلىق ئەللەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**سۇڭ سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ يۈەنجيا 30 ـ يىلى (453 ـ يىلى)**

3 ـ ئايدا سۇلى پادىشاھلىقى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**سۇڭ سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىسىنىڭ شياۋجيەن 2 ـ يىلى (455 ـ يىلى)**

10 ـ ئايدا پېرسىيە بىلەن سۇلى بىرلىكتە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**سۇڭ سۇلالىسى خانى چيەن فېيدى زامانىسىنىڭ يۈڭگۇاڭ 1 ـ يىلى (465 ـ يىلى)**

سۇلى پادىشاھى ئەلچىلەر ئارقىلىق ۋېنچېڭ خانغا رىۋايەتلەردىكى ساكيامۇنى كەيگەن بىر كاسايانى سوۋغا

قىلدى، ئۇ كاسايا 2 گەزدىن ئاشاتتى.

**چى سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ يۇڭمىڭ 10- يىلى (492 - يىلى)**

قاڭقىللار ئالدىنقى قۇس ۋە كىنگىت رايونىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە جەنۇبتا پىشامشاننى تىزگىنلەپ، جورجانلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كۆچىنى يوقاتتى، سۇلى قاتارلىق ئەللەر ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىردى.

**چى سۇلالىسى خانى خېدى زامانىسىنىڭ جۇڭشىڭ 2 - يىلى (502 - يىلى)**

سۇلى، كەشمىر، فەرغانە قاتارلىق ئەللەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**لياڭ سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تيەنجيەن 3 - يىلى (504 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە**

ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ يانداش خاقانى چۇڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى تىزگىنلىدى، سۇلى، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەر ئېفتالىتلارغا بويسۇندى.

**لياڭ سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تيەنجيەن 6 - يىلى (507 - يىلى)**

9 - ئايدا سۇلى، جەنۇبىي ئەنتەك قاتارلىق ئەللەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**لياڭ سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تيەنجيەن 11 - يىلى (512 - يىلى)**

ئەتىيازنىڭ 1 - ئېيىدا سۇلى دۆلىتى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. شۇ يىلى 5 - ئايدا سۇلى دۆلىتى يەنە بىر قېتىم ئولپان تاپشۇردى.

**لياڭ سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تيەنجيەن 16 - يىلى (517 - يىلى)**

4 - ئايدا سۇلى، كورىيە، پېرسىيە، ئېفتالىتلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. كېيىنكى يىلى سۇلى يەنە 2 قېتىم ئولپان تاپشۇردى.

**لياڭ سۇلالىسى خانى يۈەندى زامانىسىنىڭ چېڭشېڭ 1 - يىلى (552 - يىلى)**

تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خانلىق غەربكە كېڭىيىپ، كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى تىزگىنلىدى، سۇلى، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا بېقىندى.

## سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى ۋە بەش دەۋر

**سۇي سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ كەيخۇاڭ 3 - يىلى (583 - يىلى)**

تۈركلەرنىڭ غەربتىكى قاغانلىرىدىن تاردۇش بىلەن ئىشبارا تەخت تالاشتى، شۇنىڭ بىلەن خانلىق پارچىلىنىشقا يۈزلەندى، كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى، سۇلى قاتارلىق غەربىي يۇرت ئەللىرى ئۇنىڭغا

بېقىندى.

**سۈي سۇلالىسى خانى ياڭدى يائدى زامانىسىنىڭ دايې 5 ـ يىلى (609 ـ يىلى)**

ياڭدى خان تۇيغۇنلارغا يۈرۈش قىلىپ خېشىغا كەلدى، سۇلى پادىشاھى ئەۋەتكەن ئەلچى خان بىلەن كۆرۈشتى.

**سۈي سۇلالىسى خانى ياڭدى زامانىسىنىڭ دايې 11 ـ يىلى (615 ـ يىلى)**

ئەتىيازنىڭ 1 ـ ئېيىدا تۈرك، توخرى، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى)**

تاڭ سۇلالىسى تۇيغۇنلارنى تىنچىتتى، سۇلى پادىشاھى پېيئاموجى تاڭ گوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، داڭدار ئاتلارنى تەقدىم قىلدى، شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ تاڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

**تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 18 ـ يىلى (644 ـ يىلى)**

راھىب شۈەنزاڭ ئەنەتكەك (ھىندىستان) تىن نوم ئېلىپ شەرققە قايتىشىدا سۇلىدىن ئۆتكەن، ئۇ سۇلىدا بۇتخانىلارنىڭ قاتار ـ قاتار سېلىنىپ كەتكەنلىكىنى، بۇددا دىنىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرگەن.

**تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 20 ـ يىلى (646 ـ يىلى)**

غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىلىگبەگ يابغۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، تەيزۇڭ خان تويلۇق ھېسابىدا كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، چۇكۇيان، كۆكتارتىن ئىبارەت 5 بەگلىكنى تۈركلەرگە بەردى.

**تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 22 ـ يىلى (648 ـ يىلى)**

تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە يۆتكىدى ۋە سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن، كىنگىتتىن ئىبارەت 4 قورغانى تەسىس قىلدى.

**تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ يۇڭخۇي 2 ـ يىلى (651 ـ يىلى)**

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىكۆلدىكى تۇتۇقى ئاشىنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەچكە، 4 قورغان قولدىن كەتتى، سۇلى ئاشىنا قۇلىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى.

**تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى)**

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلى ھەربىي باش بۇغى سۇدىڭفاڭ، ئاشىنا قۇلى توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، سۇلى قورغىنىنى قايتۇرۇۋالدى.

**تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنخېڭ 1 ـ يىلى (670 ـ يىلى)**

تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى كۇسەن قاتارلىق 4 قورغاننى قولدىن بېرىپ قويدى، سۇلى تەۋەسى تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنخېڭ 4 - يىلى (673 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ھۆدەيچى شياۋسىيېنى قوشۇن بىلەن كۆنەشنى جازالاشقا ئەۋەتتى. كۆنەش بىلەن سۇلى بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە ئۆلپان تاپشۇردى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ شاڭيۈەن 2 - يىلى (675 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىدە سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭغا 15 ئايماق قارىدى. ئۇ چاغدا تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچى يەنىلا كۈچلۈك بولۇپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ھەرىكىتىنى قوللاپ تۇرغاچقا، تاڭ سۇلالىسى كۈسەن قاتارلىق 4 قورغاننىئۆزۈل-كېسەل قايتۇرۇۋالالمىغانىدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ تياۋلۇ 1 - يىلى (679 - يىلى)

9 - ئايدا مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى پېي شىڭجيەن قوشۇن باشلاپ ئىراق يول بېسىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئاشىنا تۇرچى ۋە لى جېفۇغا ھۇجۇم قىلىپ، سۇلى، ئۇدۇن، كۈسەن، سۇيابتىن ئىبارەت 4 قورغاننى قايتۇرۇۋالدى.

### ۋۇزېتيەن زامانىسىنىڭ چۇيگۇڭ 2 - يىلى (686 - يىلى)

ۋۇزېتيەن تۈرك ئاسىي كۈچلىرىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي كۈسەن قاتارلىق 4 قورغاندىن ۋاز كەچتى. ئۇزاق ئۆتمەي تۈبۈت قوشۇنلىرى ئۇ يەرگە كىردى، سۇلى قاتارلىق جايلار تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

### ۋۇزېتيەن زامانىسىنىڭ چاڭشۇ 1 - يىلى (692 - يىلى)

10 - ئايدا ۋۇۋېي ھەربىي باش بۇغى ۋاڭ شياۋجيې تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، سۇلى، كۈسەن، ئۇدۇن، سۇيابتىن ئىبارەت 4 قورغاننى قايتۇرۇۋالدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ كەييۈەن 16 - يىلى (728 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى پېيئەندىگىنى سۇلى پادىشاھى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى، ئىراق سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارىدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ تيەنباۋ 12 - يىلى (753 - يىلى)

ئەتىيازنىڭ 1 - ئېيىدا سۇلى پادىشاھى، قوشۇمچە ياۋجيەن ئايمىقىنىڭ ئەمىرلەشكىرى پېيگولياڭ چاڭئەنگە بېرىپ، خانغا سالام بەردى، شۈەنزۇڭ خان ئۇنىڭغا ھۇجۇمچى نۆكەرلەر كاھىبگىلىك ئۇنۋانى بەردى ھەم ئۇنىڭغا سۆسۈن تون بىلەن ئالتۇن بېلىق سوۋغا قىلدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا سۇلى دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى تەبرىكلىدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنيۈەن 6 - يىلى (790 - يىلى)

تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار بىرلىشىپ بېشبالىقنى بېسىۋالدى. مۇشۇ ئىشنىڭ ئالدى - كەينىدە سۇلى قولدىن كەتكەن بولۇپ، تۈبۈتلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنيۈەن 7 - يىلى (791 - يىلى)

كۈزدە ئۇيغۇرلار تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار يەنە كۈسەندە تۈبۈتلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، غەربكە كېڭەيدى. ئۇيغۇر قاغانى ئالپ بىلگە دەۋرىدە (808 - يىلدىن 821 - يىلغىچە) سۇلى، كۈسەن، كىنگىت، قوچۇ، بېشبالىق قاتارلىق جايلار تامامەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىسىنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى (840- يىلى)

ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى نىزا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ ۋە ۋابا تارقىلىپ، خانلىق ئاجىزلاشتى. قىرغىزلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خانلىقىغا باستۇرۇپ كەلدى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پىتراپ، 3 كە بۆلۈنۈپ غەربكە ۋە جەنۇبقا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىگە ماكانلاشتى. قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندا، ناھىيە تەۋەسى شۇ خانلىققا قارىدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى جاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ جىڭفۇ 2 - يىلى (893 - يىلى)

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ 2 - ئوغلى، كىچىك خاقان ئوغۇلچاق سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پايتەختنى تالاستىن قەشقەرگە يۆتكىدى.

### كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنىڭ خانى مودى زامانىسىنىڭ جېنمىڭ 1 - يىلى (915 - يىلى)

ئوغۇلچاقخاننىڭ جىيەنى ساتۇق ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ماۋرا ئۇننەھىردىكى ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئوغۇلچاقنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەرنى ئىگىلىدى ۋە ئۆزىنى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دەپ ئاتىدى.

## سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىسىنىڭ چىڭلى 1 - يىلى (1041 - يىلى)

قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي خانلىق، غەربىي خانلىق دەپ ئىككىگە پارچىلاندى، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قەشقەرنى پايتەخت قىلدى؛ ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى ئوردا كەنتكە يېقىن جايلار ئىدى.

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىسىنىڭ شىنىڭ 2 -، 3 - يىللىرى (1069 -، 1070 - يىللىرى)

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىپ بولدى.

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ شاۋشىڭ 4 - يىلى (1134 - يىلى)

قاراقىتان خانى ياللۇغ تاشىن قوشۇن باشلاپ بالاساغۇنغا كىردى، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئۇنىڭغا

بىقىندى، بىراق يەنىلا قەشقەر، فەرغانە، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالدى، ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى قاراقىتانلار زېمىنىغا قوشۇلدى.

## جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى نىڭزۇڭ زامانىسىنىڭ جيادىڭ 11 - يىلى (1218 - يىلى)

چىڭگىزخان سانغۇنى جەبە نويانىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئىشلىشقا ئەۋەتتى. جەبە نويان قاراقىتان ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكنى قوغلاپ ماڭغاندا ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتكەن.

## جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى نىڭزۇڭ زامانىسىنىڭ جيادىڭ 15 - يىلى (1222 - يىلى)

چىڭگىزخان قەشقەرنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشقا مەخمۇت يالۋاچ بىلەن دارۇغاچىنى ئەۋەتتى.

## جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى لىزۇڭ زامانىسىنىڭ باۋچىڭ 1 - يىلى (1225 - يىلى)

موڭغۇللار بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق دىۋان ۋەزىرلىكى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئىدارە قىلدى. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى لىزۇڭ زامانىسىنىڭ جياشى 2 - يىلى (1238 - يىلى)

مەخمۇت يالۋاچنىڭ ئوغلى مەخسۇت دادىسىنىڭ ئەمەلىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى باشقۇردى.

## يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىسىنىڭ جىيۈەن 6 - يىلى (1269 - يىلى)

چاغاتاي خانلىقىدىن باراق، ئۇگداي خانلىقىدىن قايدۇ، قىپچاق خانلىقىدىن بىرگەچى تالاستا قۇرۇلتاي ئاچتى، قۇرۇلتايدا قايدۇ يۈەن سۇلالىسىگە قارشى بىرلەشمە قوشۇننىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قايدۇ يۈەن سۇلالىسى باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋەزىرلىكىنى پاراكەندە قىلدى. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىمۇ شۇ چاغدا تالان - تاراج قىلىندى.

## يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىسىنىڭ جىيۈەن 11 - يىلى (1274 - يىلى)

4 - ئايدا پەرمان بويىچە خوتەن، ياركەنت، قەشقەرلەر ئەل قىلىندى.

## يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىسىنىڭ جىيۈەن 25 - يىلى (1288 - يىلى)

خوتەن، قەشقەردىكى 1050 ئائىلىلىك ھۈنەرۋەن دېھقانچىلىق قىلىشقا بۇيرۇلدى.

## يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىسىنىڭ جىيۈەن 26 - يىلى (1289 - يىلى)

يۈەن سۇلالىسى خوتەن ئايغاقچى مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمرلەشكەر مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، شۇنىڭ بىلەن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلار كېيىنى - كەينىدىن

ئاسىيلار قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن، ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى چاغاتاي خانلىقىغا قارىدى.

## يۈەن سۇلالىسى خانى توغاي تۆمۈر زامانىسىنىڭ جىجېڭ 8 ـ يىلى (1348 ـ يىلى)

دوغلات قەبىلىسىدىن ئەمىر بولاجى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن توغلۇق تۆمۈرنى خانلىققا كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلدى. قەشقەر بۇ خانلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## يۈەن سۇلالىسى خانى توغاي تۆمۈر زامانىسىنىڭ جىجېڭ 13 ـ يىلى (1353 ـ يىلى)

توغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا كىردى ھەم خانلىق تەۋەسىدە ئىسلام ئاچتى. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇۋاتقان دوغلات موڭغۇللىرى كېيىنى ـ كەينىدىن ئىسلام دىنىغا كىردى.

## يۈەن سۇلالىسى خانى توغاي تۆمۈر زامانىسىنىڭ جىجېڭ 25 ـ يىلى (1365 ـ يىلى)

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن ئىلياس خوجا ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. دوغلات قەبىلىسىدىن ئەمىر قەمەرىدىن خانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىر كېچىدىلا توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 18 ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەقەت ئەڭ كىچىك ئوغلى ھەيدەر خوجىلا ئەمىر خۇدايداتنىڭ قەشقەرگە يوشۇرۇپ قويۇشى بىلەن ئامان قالدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىسىنىڭ خۇڭۋۇ 20 ـ يىلى (1388 ـ يىلى)

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن خىزىر خوجا مىڭبېشى قەمەرىدىننى مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئات ۋە بوركۇت ئىنئام قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىۋالغان قەمەرىدىن ماۋرا ئۇننەھرىدىكى تۆمۈرلەڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، «غايىب بولغان» ئىدى. دوغلات قەبىلىسىدىن ئەمىر خۇدايدات قەشقەردە خىزىر خوجىنى خانلىققا كۆتۈردى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىسىنىڭ خۇڭۋۇ 22 ـ يىلى (1389 ـ يىلى)

خۇدايداتنىڭ ئوغلى سەيىد ئەھمەدخان دادىسىغا ۋاكالىتەن قەشقەر شەھىرىنى ئىدارە قىلدى، ئۇ يۇقىرى قاتلام دىنىي كۈچلەر بىلەن چىقىشالمىغاچقا، تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى چېڭزۇ زامانىسىنىڭ يۇڭلې 11 ـ يىلى (1413 ـ يىلى)

قەشقەر ئەلچىسى قۇچۇ باش بۇغى باھارشىنتاي بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئىنئام قىلدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ شۈەندې 7 ـ يىلى (1432 ـ يىلى)

سەئىد ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى ئەمىر سەيىد ئالى قەشقەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى ئۇنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى يىڭزوڭ زامانىسىنىڭ تيەنشۇن 2 - يىلى (1458 - يىلى)

ئەمىر سەئىد ئالى قازا تاپتى، ئۇنىڭ ئوغلى سانىز مىرزا پايتەختنى ياركەنتكە يۆتكەپ، قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن ئانىسىغا بەردى. كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا باشقىچە غەرەزدە بولغاچقا قەشقەر شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى يىڭزوڭ زامانىسىنىڭ تيەنشۇن 6 - يىلى (1462 - يىلى)

قەشقەر ئەلچىلىرى مىڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇردى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزوڭ زامانىسىنىڭ چېڭخۇا 2 - يىلى (1466 - يىلى)

سانىز مىرزا قازا تاپتى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەر شەھىرىگە كىردى. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى ئۇنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزوڭ زامانىسىنىڭ چېڭخۇا 16 - يىلى (1480 - يىلى)

ئابابەكرى تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى قوغلىۋېتىپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى. «تارىخىي رەشىدى»دە بۇ ھاكىمىيەت قەشقەر خانلىقى دېيىلگەن. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى مۇشۇ خانلىققا قارىدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى ۋۇزوڭ زامانىسىنىڭ جېڭدې 9 - يىلى (1514 - يىلى)

ئەتىيازدا ئابابەكرىخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، ئاھالىسىنى ياركەنتكە كۆچۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈمەن دەرياسى بويىغا قورغان سالدۇرۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزدى.

يازدا سۇلتان سەئىدخان قەشقەردىكى قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئازراق غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، قورغاننى ئۇزاققىچە ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى يۆتكەپ، ئۇدۇل يېڭىسار شەھىرىنى ئالدى.

يازنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېڭىسار شەھىرىنى ئالغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ تارقالغاندىن كېيىن، قەشقەر قورغىنىنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەر قېچىپ كەتتى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سۇلتان سەئىدخان ياركەنتتە تەختكە چىقىپ، ياركەنت خانلىقىنى قۇردى. ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى مۇشۇ خانلىققا قارىدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شىزوڭ زامانىسىنىڭ جياجىڭ 35 - يىلى (1556 - يىلى)

ئامانىساخان بىلەن قىدىرخان رەتلىگەن «12 مۇقام» دۇنياغا كەلدى، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ مۇقاملار ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىگە تارقالدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزوڭ زامانىسىنىڭ ۋەنلى دەسلەپكى يىللىرى (16 - ئەسىرنىڭ 70 -، 80 - يىللىرى)

ماۋرا ئۇننەھرىدىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىن خوجا ئىسھاق ۋەلى ياركەنت خانلىقىغا تەرىقەت تارقاتقىلى كېلىپ، قەشقەرگىچە باردى. كېيىن ئىسھاق ۋەلى ماۋرا ئۇننەھرىگە قايتىپ كەتتى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىسىنىڭ ۋەنلى 22 ـ، 23 ـ يىللىرى (1594 ـ، 1595 ـ يىللىرى)**

100 مىڭ كىشىلىك ئۆزبېك قوشۇنى ياركەنت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. مۇھەممەدخان ئۇلارنى قەشقەردە توسۇپ زەربە بەردى. ئۆزبېك قوشۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھۇجۇمنى ياركەنت شەھىرىگە قاراتتى. مۇھەممەدخان ياردەمگە كېلىپ، ئۆزبېكلەرنى چېكىندۈردى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىسىنىڭ ۋەنلى 24 ـ يىلى (1596 ـ يىلى)**

مۇھەممەدخان خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغلى مەھمۇت يەھيا خوجا (خوجا شادى)نى ياركەنت شەھىرىگە چىللاپ كېلىپ، ئۇنى مەنىۋى يېتەكچى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى قەشقەر، ياركەنتلەردە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىسىنىڭ ۋەنلى 42 ـ، 43 ـ يىللىرى (1614 ـ، 1615 ـ يىللىرى)**

ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ باش ئۇتۇقى تۆمۈر سۇلتان قازا تاپتى. ئەھمەدخانغا قارشى بەزى ئەمىرلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرىپىدىن سۇلتاننى خانلىققا كۆتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىنى ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ياركەنتتىن ئەۋەتىلگەن زور قوشۇن قەشقەرنى قورشاپ، ئاسىيلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇردى. ئەھمەدخان 2 ـ ئوغلى ئابدۇلتىپنى قەشقەرگە باش ئۇتۇق قىلدى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىسىنىڭ ۋەنلى 46 ـ، 47 ـ يىللىرى (1618 ـ، 1619 ـ يىللىرى)**

ئەھمەدخان بارچۇقتا شىكار ئۈستىدە قەستكە ئۇچرىدى. قەشقەر ھاكىمبېگى مۇھەممەد يۇسۇپ بارىن قاتارلىقلار ئابدۇلتىپنى خانلىققا كۆتۈردى. ئاسىيلارنىڭ توپىلىڭمۇ بېسىقتۇرۇلدى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى سىزۇڭ زامانىسىنىڭ چۇڭجېڭ 11 ـ يىلى (1638 ـ يىلى) دىن كېيىن**

ئاق تاغلىقلاردىن مەھمۇت يۇسۇپ خوجا قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى، ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ باش ئۇتۇقى يولبارسخاننىڭ قوللىشى بىلەن، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ تەسىرى تېزدىن زورايدى.

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 6 ـ يىلى (1667 ـ يىلى)**

يولبارسخان ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجا ھىدايىتۇللا (مەھمۇت يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوغلى، يەنى ئاپاق خوجا)نىڭ قوللىشى بىلەن، ياركەنتتە چوڭ خانلىققا ئولتۇردى. ئۇ قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلاردا قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ مۇخلىسلىرىغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 9 - يىلى (1670 - يىلى)**

ئىسمايىلخان ئويرات قوشۇنلىرى بىلەن قاراتاغلىق خوجىلار مۇخلىسلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ياركەنتنى ئىگىلەپ تەختكە چىقتى. ئۇ قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلاردا ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ مۇخلىسلىرىنى قانلىق باستۇردى.

ئاق تاغلىق خوجا ھىدايىتۇللا قەشقەردىن قېچىپ، تىبەتكە بېرىۋالدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇلڭ زامانىسىنىڭ كاڭشى 19 - يىلى (1680- يىلى)**

ھىدايىتۇللا خوجا تىبەتتىكى دالايلاما V ئارقىلىق جۇڭغارلاردىكى غالداندىن ياردەم سورىدى. غالدان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر، ياركەنتلەرنى بېسىۋالدى ۋە ئىسمائىلخاننى تۇتۇۋېلىپ ئىلىغا ئاپىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياركەنت خانلىقى يوقالدى. قەشقەر تەۋەسى ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئۇ ئۆزىنى «ئاپاق خوجا» دەپ ئاتىدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 29 - يىلى (1690 - يىلى)**

قاراتاغلىقلاردىن خوجا شۇئەيىپ ئامىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ھىدايىتۇللا خوجا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 34 - يىلى (1695- يىلى)**

ھىدايىتۇللا خوجا ئۆلدى، ئۇنىڭ خوتۇنى مۇھتەرەم (خانىم پاشا) قەشقەر ھۆكۈمرانى بولدى. ئۇ ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ باش تۇتۇقى يەھيا خوجىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قاتىل ئارقىلىق يەھيا خوجا بىلەن ئۇنىڭ 2 بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 36 - يىلى (1697 - يىلى)**

يەھيا خوجىنىڭ 3 - ئوغلى ئەھمەدخوجا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 54 - يىلى (1715 - يىلى)**

جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇن يىل ئولپان تاپشۇرمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، قوشۇن تارتىپ بېرىپ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئەھمەدخان خوجىنى ئائىلىسى بىلەن ئەسىر ئېلىپ، ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەنت قىلدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 59 - يىلى (1720- يىلى)**

جۇڭغارلار قاراتاغلىقلار باشلىقى دانىيال خوجىنى قەشقەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى)**

6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئاق تاغلىق خوجا بۇرھانىددىن (ئەھمەدخان خوجىنىڭ ئوغلى)نى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىپ، شۇ ئارقىلىق ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇرھانىددىن خوجا قەشقەر شەھىرى

بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارنى تىزگىنلىدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى)

بۇرھانىددىننىڭ ئىنىسى خوجا جاھان ئامۇرسانا توپىلىڭىغا ياردەم بەرگەچكە، يېقىنلىرىنى باشلاپ ياركەنتكە قېچىپ كەتتى ھەم بۇرھانىددىننى قوترىتىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، «باتۇر خانلىقى»نى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. قەشقەردە بۆلۈنمە بولۇۋالغان بۇرھانىددىن ياركەنتنى ئىگىلىۋالغان خوجا جاھان بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشى چىقتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي بىلەن چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى يانداش سانغۇن فۇدېنى باشقا - باشقا يول بىلەن، چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. كېيىن 6 - ئايدا بۇرھانىددىن خوجا قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ غەربكە قاچتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر شەھىرى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارنى قايتۇرۇۋالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 2 چاقىرىم جايدىكى بۇرھانىددىننىڭ باغلىق مەھەللىسىگە قورغان سالدۇرۇشنى ۋە خەندەك كولىتىشنى باشلىدى. چيەنلۇڭ 36 - يىلى (1771 - يىلى) بۇ قورغان پۈتتى، بۇ لەيىنىڭ قورغىنى دەپ ئاتالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 28 - يىلى (1763 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى قەشقەردە مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلدى، شۇ چاغدا ئۇ قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى دېيىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، ياركەنت، يېڭىسار، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەرلەردىكى ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامباللارنى شۇنداقلا ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر بىلەن يېڭىساردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغانغا مەخسۇس ياردەمچى ئامبال قويدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى)

مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال ئۇچتۇرپانغا يۆتكىلىپ، ئۇچتۇرپان مەسلىھەتچى ئامبىلى دېيىلدى. قەشقەرگە ئامبال قويۇلدى، ئۇ ئۇچتۇرپان مەسلىھەتچى ئامبىلىغا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭىسارغا ئاغلاقچى ئامبال قويۇلدى، ئۇ قەشقەر ئامبىلىغا قارىدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 51 - يىلى (1786 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنىگىچە ئۇچتۇرپان، قەشقەرلەردە يەر تەۋرىدى، بىراق ئۆي، سېپىللار ئۆرۈلۈش ئەھۋالى بولمىدى.

12 - ئايدا قەشقەر ئورنى مۇھىم، ئىش كۆپ جاي بولغاچقا، مەسلىھەتچى ئامبال ئۇچتۇرپاندىن يەنە قەشقەرگە يۆتكەلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىسىنىڭ جياچىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى)

7 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەر، يېڭىسار شەھەرلىرىنى ئاشلىق تويلاپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىسىنىڭ جياچىڭ 16 - يىلى (1811 - يىلى)

قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار مەھەللىلىرىدە يەر بېجى بىكار قىلىندى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىسىنىڭ جياچىڭ 20 - يىلى (1815 - يىلى)

قەشقەر تاشمىلىقتىكى قاراتاغلىق خوجا زىياۋۇدۇن مەھەللىسىدىكى كىشىلەر بىلەن مەھەللە ئەتراپىدىكى بۇيرۇتلارنى يىغىپ، ئاتخانىغا ئوت قويدى، ئاتخانىنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن ئۇنى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىسىنىڭ جياچىڭ 25 - يىلى (1820 - يىلى)

چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا قوقەند خانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن، 300 نەچچە بانditنى ئەگەشتۈرۈپ، چېگرىدىن كىرىپ توپىلاڭ كۆتۈردى ھەمدە قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قەشقەر ئاغلاقچى ئامبىلى سىبۇجىبىگا بانditلارنى قورشىۋېلىپ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. جاھانگىر خوجا چېگرا سىرتىغا قېچىپ كەتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى)

7 - ئايدا جاھانگىر خوجا قوقەند خانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن، تاغ يولى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ، قەشقەر، ياركەنت شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. 8 - ئايدا قەشقەر كوناشەھىرى (مۇسۇلمانلار شەھىرى) بىلەن يېڭى شەھىرى (خىتاي شەھىرى) قولدىن كەتتى، مەسلىھەتچى ئامبال چىڭ شياڭ ۋەتەنگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى)

3 - ئايدا ئىلى جاڭجۈنى چاڭ لىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار شەھىرى بىلەن خىتاي شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى، جاھانگىر خوجا قېچىپ كەتتى.

كەبىسە 5 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى قەشقەر قاتارلىق 8 شەھەردىكى كونا - يېڭى يەر بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى)

1 - ئايدا جاھانگىر خوجا خۇپپىيانە ھالدا ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىگە قايتا كىردى، يەرلىك ئۇيغۇرلار قاتتىق قارشىلاشقاچقا، جاھانگىر خوجا تۇرالماي، كەلگەن يولى بىلەن قاچتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىزدىن قوغلاپ بېرىپ، قارتىغاي تېغىدا ئۇنى تۇتۇۋالدى، كېيىن ئۇنى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ كالللىسىنى ئالدى.

شۇ يىلى قەشقەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئەسكەرلەردىن 4300 ى ھەر قايسى ئۆتكەللەرنى ساقلاشقا ئەۋەتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 2000 قاۋۇل ئەسكەر تاللىنىپ، 10غا بۆلۈنۈپ مەشىق قىلدۇرۇلدى.

شۇ يىلى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى يامۇل مەھكىمىسىگە بىر خەزىنىخانا سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا يېڭى شەھەر سېلىنىپ، خۇيۈۋ شەھىرى دېيىلدى، بۇ شەھەرگە ئەمەلدارلار مەھكىمىسى بىلەن ئەسكەرلەر يۆتكىلىپ كەلدى.

شۇ يىلى قەشقەر يەرلىك ھۆكۈمىتى قەشقەردە ئولتۇراقلاشقىنىغا 10 يىلدىن ئاشمىغان قوقەندلىكلەرنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى ھەم ئۇلاردىن 835 كىلوگرام رەۋەن، 1710 كىلوگرام چاينى مۇسادىرە قىلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 9 ـ يىلى (1829ـ يىلى)

چىڭ سۇلالىسى قەشقەر چېگرىسىدا 8 قاراۋۇلخانىنى كۆپەيتتى، ھەربىر قاراۋۇلخانىدا كۆپ بولغاندا 60 ئەسكەر، ئاز بولغاندا 15 ياكى 10 ئەسكەر تۇردى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 10 ـ يىلى (1830 ـ يىلى)

يازدا قوقەندلىك مەدەلىخان ئەۋەتكەن جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى يۇسۇپ خوجا قوشۇن باشلاپ كېلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، كوناشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنى قورشىۋالدى. شەھەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن ئامبا بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، شەھەرنى مەھكەم قوغدىدى.

12 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلدى، قوقەند قوشۇنى ئالاقزادە بولۇپ قاچتى، قەشقەرشەھىرى قورشاۋدىن قۇتۇلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 11 ـ يىلى (1831 ـ يىلى)

10ـ ئايدا مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەردىن ياركەنتكە يۆتكەلدى، قەشقەرگە ئاغلاقچى ئامبال قويۇلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 18 ـ يىلى (1838 ـ يىلى)

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەر كونا شەھىرىنى كېڭەيتىپ، كونا شەھەر بىلەن لەڭگەرنىڭ قورغىنىنى تۇتاشتۇردى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 25 ـ يىلى (1845 ـ يىلى)

لىن زېشۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە قەشقەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ بوزيەر ئېچىش، ئېرىقچىلىق ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىسىنىڭ داۋگۇاڭ 27 ـ يىلى (1847 ـ يىلى)

8 ـ ئايدا قوقەند خانلىقى خوجىلار ئەۋلادلىرىدىن كاتتا تۆرە بىلەن ۋەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى 7 خوجا توپىلىڭىنى قوزغىدى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەچچە مىڭ كىشىلىك توپىلاڭچىلار قوشۇنى قەشقەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، يېڭىشەھەرگە كىرىۋالدى. 2 ـ ئايدا كوناشەھەردە تۇرۇۋاتقان قوقەندلىك سودىگەرلەر كېچىدە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، دۈشمەننى كىرگۈزۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن، كوناشەھەر قولدىن كەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كوناشەھەرنى قايتۇرۇۋالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنفېڭ 5 ـ يىلى (1855 ـ يىلى)

خوجىلار ئەۋلادلىرىدىن تەۋەككۇل خوجا 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئېلىپ، ۋەلىخان تۆرە ئەۋەتكەن مۇسەيىن خوجىخان بىلەن خۇپىيانە قەشقەرگە كىرىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاۋاتقاندا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالدى. كېيىن تەۋەككۇل خوجا بىلەن ۋەلىخان تۆرە يەنە ئادەم باشلاپ كېلىپ، خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن زەربە يەپ قېچىپ كەتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنفېڭ 6 ـ يىلى (1856 ـ يىلى)

گېرمانىيىلىك ئاكا ـ ئۇكا شىلاگىنتۋېيت قۇرۇمتاغدىن قەشقەرگىچە بولغان جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنفېڭ 7 ـ يىلى (1857 ـ يىلى)

6 ـ ئايدا تەۋەككۇل خوجا بىلەن ۋەلىخان تۆرە قەشقەردىكى دىنىي ئاقساقال مىرئەھمەدنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا چوڭ توپىلاڭ كۆتۈردى. 5 ـ كۈنى شەھەردىكى قوقەندلىك سودىگەرلەر ئۇلارغا ماسلاشتى، شۇنىڭ بىلەن، قەشقەر كونا شەھەر قولدىن كەتتى. 9 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كونا شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنفېڭ 8 ـ يىلى (1858 ـ يىلى)

7 ـ ئايدا ۋەلىخان تۆرە تالان ـ تاراج قىلغان قەشقەردىكى ئېرىنچى ئەسكەرلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تاپشۇرۇپ بولالمىغان كونا ـ يېڭى بېجى ۋە ئاشلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 1 ـ يىلى (1862 ـ يىلى)

6 ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى ۋەلىخان تۆرە نەچچە مىڭ ئادەم يىغىپ، مىڭيول قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئىرىسىدا ئات بۇلىدى، قۇتلۇق ھاكىمبەگ قوشۇن تارتىپ زەربە بەردى. 20 ـ كۈنى ۋەلىخان تۆرە يەنە 100 نەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، سەمەن كەنتىنى مالىمان قىلىۋاتقاندا، قەشقەردىكى ھەربىي مۇداپىئە باش بۇغى فۇجۇلىڭئا بىلەن ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغان قۇتلۇق ھاكىمبەگدىن زەربە يېدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى)

7ـ ئايدا قەشقەردىكى ئاق تاغلىق خوجا توختى مەھمۇت قەشقەر كوناشەھەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى.

تاشمىلىق ھاكىمبېگى، قىرغىزلاردىن چىقىقان سىدىقبەگ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، توختى مەھمۇت خوجىنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، فېئودال جىن شياڭيىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 4 ـ يىلى (1865ـ يىلى)

قوقەندلىك ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگ ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن، بۇزرۇڭ خوجىنى قەشقەرگە

كىرگۈزدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ سىدىقبەگنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتتى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 6 - يىلى (1867 - يىلى)

ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 7 شەھەرنى بېسىۋېلىپ، قەشقەردە 7 شەھەر خانلىقى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۆزىنى «بەدۆلەت غازى» دەپ ئاتىدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 8 - يىلى (1869 - يىلى)

ياقۇپبەگ بۇزرۇك خوجىنى ھەجگە ئەۋەتىش نامى بىلەن قوغلىۋەتتى، يەنە خوجىلار ئەۋلادلىرىدىن مۇھەممەتئىمىن خوجا (كاتتا تۆرەم دېيىلىدۇ) نى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

كېيىنكى يىلى زور كەلكۈن كەلدى، قىزىل دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 1060 كۇب مېتىرغا يەتتى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 9 - يىلى (1870 - يىلى)

ئەنگلىيىنىڭ فىيىسىس ئەلچىلەر ئۆمىكى تۇنجى قېتىم قەشقەرگە كەلدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 11 - يىلى (1872 - يىلى)

روسىيىنىڭ كولبارس ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ياقۇپبەگ روسىيە بىلەن قەشقەردە قانۇنسىز «سودا كېلىشىمى» ئىمزالىدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 12 - يىلى (1873 - يىلى)

يازدا ئەنگلىيىنىڭ فىيىسىس ئەلچىلەر ئۆمىكى 2 - قېتىم قەشقەرگە كېلىپ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. كېيىنكى يىلى ياقۇپبەگ فىيىسىس بىلەن «سودا كېلىشىمى» ئىمزالىدى. ئەنگلىيە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا سودا، دىپلوماتىيە قاتارلىق ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئېرىشتى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 13 - يىلى (1874 - يىلى)

قەشقەر ئەتراپىدىكى قىرغىزلار قوزغىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 3 - يىلى (1877 - يىلى)

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى. بەي يەنخۇ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ يېقىنلىرى ۋە قالدۇق قىسىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چېگرىدىن قېچىپ كەتتى. 19 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مېڭيولدا غەلىبىنى تەبرىكلەپ، خاتىرە تاش ئورناتتى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 4 - يىلى (1878 - يىلى)

قەشقەر كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە سەرگەردانلارنى يىغىش، جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇش، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى)

روسىيە قەشقەر كونا شەھرىدە كونسۇلخانا قۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى)

مەسلىھەتچى ئامبال ۋە ياردەمچى ئامباللار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى تەسىس قىلىندى، ئۇ قەشقەر ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسىگە قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى مەھەللە ـ كەنتلەر بىلەن بۇيراتلار تەۋەسى ئايرىپ چىقىلىپ، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ قەشقەر بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىغا قارىدى. ناھىيە يامۇلى قەشقەر كونا شەھرىدە بولدى، تۇنجى ئامبال شۇ دېگېيۇ 9 ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى ئىشقا چىقتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10ـ يىلى (1884 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا يارىكۆل ئاغلاقچى ئامبىلى ساقدۇلىنجاب روسىيە فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ باشلىقى مىگنىسكى بىلەن «جۇڭگو ـ روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش كېلىشىمى» ئىمزالاپ، قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەدەلئارتتىن ئۆزبېلگىچە بولغان جايلارنى جۇڭگو ـ روسىيە چېگرىسى قىلىپ بېكىتتى. روسىيە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى بېسىۋالغاندىن سىرت، يەنە تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تارماق تاغ تىزمىلىرىنى ئاساسىي تاغ تىزمىسى دەپ تۇرۇۋېلىپ، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ھەمدە كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگوغا تەۋە قوشقۇدۇق پامىر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 11 ـ يىلى (1885 ـ يىلى)

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۆتەڭ قۇرۇلدى، ناھىيە تەۋەسىدە 3 ئۆتەڭ قۇرۇلۇپ، ئۆتەڭ يولى مۇساپىسى 115 كىلومېتىرغا يەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي ئىشلار باش بۆغلۇقى (تىتەيلىك) قەشقەرگە يۆتكىلىپ، قەشقەر ھەربىي ئىشلار باش بۆغلۇقى دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەشقەر ھەربىي مۇداپىئە باش بۆغلۇقى ئاقسۇغا يۆتكەلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 13 ـ يىلى (1887 ـ يىلى)

روسىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى تەكشۈرۈش نامى بىلەن كەلگەن گىرىم گىرژىمايلو باشچىلىقىدىكى چارلاش ـ تەكشۈرۈش ئەترىتى ناھىيە تەۋەسىدە پائالىيەت قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 14 ـ يىلى (1888 ـ يىلى)

تەن چۇەنكې قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 15 ـ يىلى (1889 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى شىنىڭ قورغىنىنىڭ باش بۆگى تەن شاڭلىيەن قەشقەرنىڭ ھەربىي ئىشلار

باش بوغى بولدى، پەخرىي ھەربىي ئىشلار باش بوغى دۇڭ فۇشياڭ ئاقسۇنىڭ ھەربىي مۇداپىئە باش بوغلۇقىغا قويۇلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى)

4 - ئايدا ئاقسۇنىڭ ھەربىي مۇداپىئە باش بوغى دۇڭ فۇشياڭ قەشقەرنىڭ ھەربىي ئىشلار باش بوغى بولدى.

شۇ يىلى ليۇجاۋسۇڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى)

1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پەرمانبەردارى ۋېي گۇاڭتاۋ يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ خانىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردە تاشقى سودا ئىدارىسى تەسىس قىلدى ھەمدە چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىغا كېرەكلىك خىراجەتنى ئازايتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

11 - ئايدا لى خۇڭجاڭ يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ خانىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىدىن قەشقەرگىچە سىملىق تېلېگرامما لىنىيىسى تارتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ گۇاڭشۇ 19 - يىلى (1893 - يىلى)

قەشقەردە كان ئىشلىرى پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى (بۇ ئىدارە 1895 - يىلى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە پۇل قۇيۇش ئىدارىسى دەپ ئايرىلدى) ھەم داچەن پۇل قۇيۇشنى باشلىدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ گۇاڭشۇ 21 - يىلى (1895 - يىلى)

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەر تەۋرىدى، بىراق ئانچە ئېغىر زىيان بولمىدى.

شۇ يىلى شى بىنچىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ گۇاڭشۇ 22 - يىلى (1896 - يىلى)

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 ئەتراپىدا يەر تەۋرىدى، ناھىيە تەۋەسىدىكى بازار - يېزىلاردا 73 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلدى، 7 كىشى ئۆلدى، 5 كىشى يارىلاندى. بۇلاردىن باشقا ناھىيىگە قاراشلىق بۇلۇڭتۇن تاغلىق رايونىدا 182 ئېغىز ئۆي، 3 كىچىك خانىقا ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 16 تۆگە ۋە ئات، كالىنى، 35 قوي، ئۆچكىنى تام بېسىۋالدى، ئەمما ئادەم يارىلانمىدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ گۇاڭشۇ 24 - يىلى (1898- يىلى)

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەھەردە يەر تەۋرىدى، بازار ۋە بازار ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە ھېچقانداق ھادىسە بولمىدى، پەقەت ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاستىن ئاتۇش، كاتتايلاق، قاتارلىق 7 كىچىك مەھەللىدە 117 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ 425 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 47 كىشى ئۆلدى، 85 كىشى يارىلاندى، 15 كالا، ئېشەكتى، 118 ئۆچكىنى تام بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

9 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەردە يەر تەۋرەپ، كەلكۈن ۋە مۆلدۈر ئاپىتى بولدى، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ياردەمگە ئېرىشتى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يانداش سانغۇنى يالخەيجۇن لەيىنىڭ قورغىنىنىڭ ئەسلى ئورنىغا كوناشەھەر بىلەن تۇتاشتۇرۇپ يېڭىدىن يېرىم ئايسىمان بىر قورغان سالدۇردى،

بۇ قورغان ئەمەلدارلار مەھكىمىسى ۋە ھەربىي قوشۇن تۇرۇشلۇق جاي قىلىندى.
شۇ يىلى جۇيى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى)

6 ـ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلاردىن يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.
11 ـ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاستۇ قاتارلىق كەنتلەر تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 3392 مو يەر كەلكۈندە ۋەيران بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 26 ـ يىلى (1900 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا تيەنجىن ھەربىي مۇداپىئە باش بۇغى لو رۇڭگۇاڭ قەشقەرنىڭ ھەربىي ئىشلار باش بۇغلۇقىغا يۆتكەپ كېلىندى.
6 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر بىلەن بايىنىڭ يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.
10 ـ ئايدا ئىلى ھەربىي مۇداپىئە باش بۇغى جياۋ داجۇ قەشقەرنىڭ ھەربىي ئىشلار باش بۇغلۇقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى)

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قاتتىق يەر تەۋرىدى، ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يەر يېرىلىپ بۇلدۇقلاپ سۇ چىقتى. دەريا ـ ئۆستەڭلەرنىڭ قېشى گۈمۈرۈلۈپ كەتتى، دەريا ـ ئۆستەڭ ۋە كۆللەردىكى سۇ چايقىلىپ چىقىپ كەتتى. بەزى دەرەخلەر سۇندى ياكى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ كەتتى. نۇرغۇن ئادەم يارىلاندى ھەم ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەر يەنە پات ـ پات تەۋرەپ تۇردى.
شۇ يىلى سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايىمىقى مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى)

ئەتىيازنىڭ 1 ـ ئېيىدا بارىكۆل ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاپەتكە ئۇچرىغاچقا، ئۇ يەرلەرنىڭ ئاشلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.
شۇ يىلى نوپۇس تەكشۈرۈلدى، شائىيولۇق تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ليۇ تۇجى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى)

ناھىيە بازىرىدىن تورغات تاغ ئېغىزىغا بارىدىغان يول ياسالدى.
فىرانسىيىلىك پېللىئوت ناھىيىدىكى توققۇز ھۇجرا، ئۇچبۇرخان قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش باھانىسى بىلەن، بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، جۈملىدىن، تام رەسىملىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى)

چيەن بىڭخۇەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى)

قەشقەردە شۆبە تېلېگراممىا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە قەشقەردە باش كونسۇلخانا قۇردى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى)

قەشقەردە شۆبە پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا شۆتاڭ (مەكتەپ) ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا «مىڭ خەتلىك دەستۇر»، «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»، «فامىلىلەر»، «تۆت خەتلىك قاپىيىداش سۆزلەر»دىن ئىبارەت ئەسەرلەر بىسىپ تارقىتىلدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى)

روسىيە ناھىيە تەۋەسىدە قانۇنسىز ھالدا «روسىيە مۇھاجىرلىرى»نى كۆپەيتتى.

شۇ يىلى قەشقەر تاشقى سودا ئىدارىسى تاشقى سودا - ئالاقە شۆبە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

### مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقى بيەن يۇڭفۇ، ۋېي دېشى قاتارلىقلار كېچىدە قەشقەر دوتەيى يۈەن خۇڭيۇ، مەسلىھەتچى سانغۇن تاڭ ديەنچېن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ بىڭدو ۋە ئەسلى ئىلىپ تاشلانغان جاڭ شۈئېلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

5 - ئايدا جۇ جىدي قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

### مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياڭ زەڭشۈ ئىلىدىن قەشقەر ھەربىي ئىشلار باش بۆغى بولۇپ كەلدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇ جىدي ئامباللىقتىن ئېلىپ تاشلاندى. چاڭ يۈچىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لى شى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

شۇ يىلى سۇلى ئايمىقى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارايدىغان بولدى.

### مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شياۋ چيەنجاڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى، ئۇ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ ئىشقا چۈشتى.

### مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى)

7 - ئايدا ما شاۋۋۇ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى)

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى باجنى يۇقىرىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، دۆلەت بېجى ۋە يەرلىك باج دەپ ئايرىپ يىغدى. دۆلەت بېجىدا ئاشلىق ۋە ئوت ـ سامان بېجىدىن باشقا يەنە ھۆكۈمەت ئىجارىسى، ئاشلىقنىڭ خوراش بېجى، باغ ـ ۋاران بېجى، ئالتۇن بېجى، قومۇش بېجى، تۆگمەن ـ جۇۋاز بېجى، سوقما بېجى، ئۈزۈم بېجى، پاختا بېجى، بەدەل بېجى، كۆمۈر بېجى، پىلە بېجى، ئۆي ئىجارىسى بېجى، تۇزبېجى، بىر تۇتاش باج، يەر خېتى بېجى، ھاراق ـ شاراب بېجى قاتارلىقلار بار ئىدى.

## مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى)

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لۇ دېڭكۈي قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا ماجۇن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىدىكى ئويتاغ قاتارلىق جايلاردا يەر تەۋرەپ، 1000 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلدى، تاغ گۈمۈرۈلۈپ، 2 ئادەم ۋە 200 قوي ئۆلدى.

## مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى)

ـ لۇ دېڭكۈي قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

## مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى)

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىن شۇرېن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپ، 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ناھىيىگە قاراشلىق ئۇلۇغچاتتا شۆبە ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، ياردەمچى ئامبال قويۇلدى. ئۇنىڭغا ئۇلۇغچات، سىمخانا، ئوقسالۇردىن ئىبارەت 3 كەنت قارىدى.

شۇ يىلى ئاق ئورۇس ھەربىي ئەمەلدارى نازاروف قوشۇن باشلاپ كېلىپ تويۇن قاراۋۇلخانىسىدىن كىرىشكە ئۇرۇنغاندا، قاراۋۇلخانىدىكى ئەسكەرلەر ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى.

## مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى)

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياڭ زېڭچۈن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە مۇۋەققەت ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تۇگۇڭچېۇ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋېيچېڭياۋ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى)

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چېن رۇلىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى)

قەشقەر ھەربىي ئىشلار باش بۆلۈمى ما فۇشىڭ خۇپىيانە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي ۋالىي ياڭ زېڭشىن قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ما فۇشىڭنىڭ ئوغلى ما جىۋۇ دادىسىنىڭ گورىنغا چىقىپ، قەشقەر كوناشەھەردە تۇردى، ئۇ قورال كۆتۈرۈپ قارشىلىق قىلغاچقا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

## مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى)

سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بازىرىدا يەنى قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جاڭ جۈنشۇ، دېڭ جۈكۈيلارنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلىدى.

## مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دېڭ زەنشيەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى)

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاۋ مىگيۇ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 17- يىلى (1928 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىدىكى مۇش ئەتراپىدا 4.75 — 5 بال يەر تەۋرەپ، مەلۇم دەرىجىدە زىيان بولدى.

## مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى)

شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىملار تەرتىپكە سېلىندى، قەشقەردە ئۈچ يىلىڭ باشچىلىقىدىكى 1 - شى خەنزۇ شەھىرىدە، دوتەي ماشاۋزۇ قوماندانلىقىدىكى پىيادە - ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - يېڭى مۇسۇلمانلار شەھىرىدە تۇردى.

شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، بۇ مەھكىمە مۇسۇلمانلار شەھىرىدە تۇردى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا مۇشۇ مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## مىنگونىڭ 19- يىلى (1930 - يىلى)

10- ئاينىڭ 27 - كۈنى مەمۇرىي پالاتا ئۆلۈغچات مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، بۇنىڭ تەۋەلىكى ئۆلۈغچاتنىڭ شۆبە ناھىيە ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش بولدى.

## مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى)

2 - ئايدا ئۆلكە دۇبەنى جىن شۇرېن تېلېگراممىا ئارقىلىق قەشقەر مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى ما شاۋۋۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، ما شاۋۋۇ قىرغىزلاردىن مىڭدەك ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى چىن دېشىنىڭ باشچىلىقىدا تاغ ئېغىزلىرىنى ساقلاپ، قەشقەر شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا

ئەۋەتتى.

5 ـ ئايدا تۆمۈرئېلى قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئوسماننى قوزغىتىپ، چىن دېڭىننى ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى بېسىۋالدى.

8 ـ ئايدا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۆمۈر ئېلىنى ئېتىۋەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سابىت داموللا ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە تورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم ئۆزىنى «زۇڭلى» دەپ ئاتىدى.

## مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى)

خوجانىياز ھاجى قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەرگە كىردى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى خوجانىياز ھاجىغا ئەگىشىپلا كەلدى. ئىككى تەرەپ ئاتۇشتا كەسكىن جەڭ قىلدى، خوجانىياز ھاجى مەغلۇپ بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى تاغ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بەربات بولدى.

خوجانىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇنىڭ قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە 6 ـ شىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مەخمۇت مۇھىتى شىجاڭ، قوشۇمچە قەشقەر گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى. ئۇ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە تۇردى.

## مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى)

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

7 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى. ھىسامىدىن تۇنجى مۇدىر بولدى.

## مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى)

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ غەربىدە يەر تەۋرىدى. ئويتاغ تەۋەسىدە تاغدىكى تاشلار دومىلاپ چۈشتى.

## مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى)

مەخمۇت سىجاڭ ئۆز قىلىش باھانىسى بىلەن، يېقىنلىرىدىن 36 كىشىنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئىسيان كۆتۈردى. خوتەننى بېسىپ ياتقان ماجۇڭيىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن ماخۇسەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى بېسىۋالدى.

يازدا ماخۇسەن شېڭ شىسەي قىسىملىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ماخۇسەنىڭ ناھىيە بازىرىدا تۇرۇۋاتقان قالدۇق قىسىملىرى تەرەپ ـ تەرەپكە پىتراپ كەتتى.

9 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە يېڭى تەيىنلەنگەن ھاكىم ئابدۇكېرىم ئىشقا چۈشتى.

## مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا ئۇلۇغچات مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ناھىيە قىلىندى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە

قاراشلىق قىزىلئۆي، بوستانتېرەك قاتارلىق 8 كەنت ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە بۆلۈپ بېرىلدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەيىنلەنگەن يېڭى ھاكىم نىققارى ئىشقا چۈشتى.

10- ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئىشچىلار كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۈستۈن ئاتۇش قاتارلىق كەنتلەر ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىلدى.

## مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)

5 - ئايدا ناھىيىلىك ئاشلىق توپلاپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوممۇنىسى قۇرۇلدى. بۇ كوممۇنا مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 2 - ئايغىچە 1565.12 دادەن ئاشلىق توپلىدى.

## مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)

1 - ئايدا ناھىيىلىك قورال - ياراغ ئېنىقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى. شەخسىلەر ساقلاۋاتقان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار بىردەك ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلدى، ج خ ئىدارىسى بەلگىلىمە بويىچە ھەق بەردى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىم ئەلى داۋۇت ئىشقا چۈشتى.

6 - ئاينىڭ 2 — 5 - كۈنلىرىگىچە ئۇدا 3 كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن ئاپىتى بولدى، كەلكۈن شەھەر سېپىلىنىڭ يارباغ، گۈزە كۆۋرۈكلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى، شەھەر ئىچىدە نۇرغۇن ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈزۈلمەي قاتتىق يامغۇر ياغدى، دەريا سۈيى تېشىپ، نۇرغۇن ئۆي، ئېتىز ۋە سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، نۇرغۇن قوي - كالا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، ئېغىر زىيان بولدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ناھىيىلىك يەر خېتى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ھاكىم ئەلى داۋۇت ۋەزىپىسىدىن بوشاندى، شى جىڭاڭ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا قەشقەر تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس شەھەر رايونىدا تېلېفون كەسپىنى بېجىردى.

## مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)

3 - ئايدا ناھىيە بازىرىدىكى يول، ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە سۇڭگۈچلەر ئوڭشالدى ۋە ياسالدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تۈرمە باشقۇرغۇچى تۆۋىن (ئۇيغۇر) تۈرمىدە ئۆزگەرتىش مەكتىپى ئېچىپ، جىنايەتچىلەرنى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقاچقا، ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنى تەبرىكلىدى ھەم تەقدىرلىدى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت رايون، كەنت باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، 4 يول ئاسراش ئەترىتى، بىر يول تۈزەش ئەترىتى قۇردى، بۇلار يوللارنى ئاسراشقا مەسئۇل بولدى.

## مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)

1 - ئايدا مىراس بېجى يولغا قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى قۇرۇلدى، ھاكىم قوشۇمچە تۈەنجاڭ بولدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شى جىڭاڭ ۋەزىپىدىن بوشىتىلدى، چيۇ گوجىن ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سودا - سانائەت ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، كوچا باشلىقلىرى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، سېپىلنىڭ گۇمۇرۇلگەن يەرلىرى ۋە سېپىل ئۈستىنى تۈزەشتۈرۈش قارار قىلىندى.

9 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

11 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقان - چارۋىچىلار كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئىسمائىلئاخۇن دىرېكتور بولدى، كوپېراتىپقا پاي قوشقانلارنىڭ ھەممىسى كوپېراتىپنىڭ ئەزاسى بولدى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىن ئۆلۈغچاتقىچە تاشيول ياسالدى.

## مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى پەرمان چۈشۈرۈپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئۆزلۈكىدىن جىق ئىئانە توپلاپ يول ياساتقان ۋە كۆۋرۈك سالدۇرغان ياسىنئاخۇن باي بىلەن كۆۋرۈك سېلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان كوچا باشلىقى روزىئاخۇننى تەبرىكلىدى ۋە تەقدىرلىدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھاۋا ئارمىيە بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئايروپىلان ئىئانە قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 80 مىڭ يۈەن كۈمۈش تەڭگە ئىئانە يىغىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى 1 - دەرىجىلىك ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى، مالىيە، قۇرۇلۇش، مائارىپ بۆلۈملىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى قەشقەر مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى مەمۇرىي مۇپەتتىشلىك - ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

شۇ يىلى پۇل پاخاللىشىپ، باھا ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى، ۋىلايەتلىك تەكشى باھا كومىتېتى ناھىيە تەۋەسىدە بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىق 9 خىل ئاشلىققا باھا بېكىتىپ بەردى.

## مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەن يۈنچېاڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھاكىم خەن يۈنچېاڭ ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى. سۇڭ دېجى مۇۋەققەت ھاكىم بولدى.

8 - ئايدا قەشقەر ئاممىۋى ئاقارتىش سارىيى قۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ناھىيىلىك سۇچىلىق كومىتېتى قۇرۇلدى، مۇۋەققەت ھاكىم سۇڭ دېجى قوشۇمچە كومىتېت مۇدىرى بولدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يەر تەۋرىدى، ئويتاغ تەۋەسىدىكى تاغلاردىن تاش گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى، تەۋرەش دەرىجىسى 6 بال بولدى؛ ناھىيە بازىرىدا ئۆيلەردىكى نەرسە - كېرەكلەر خېلى قاتتىق سىلكىندى، تەۋرەش دەرىجىسى 5 بال بولدى. شۇندىن كېيىنكى 2 — 3 ئاي ئىچىدە كۆپ قېتىم قالدۇق يەر تەۋرەش بولدى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا جۇڭگو گومىنداڭنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى، شېن لىجۇڭ تۈنجى شۇجىجاڭ بولدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈلدى. ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ناھىيە بولدى.

## مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945- يىلى)

3 - ئاينىڭ 6- كۈنى مۇۋەققەت ھاكىم سۇڭ دىجى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، شېن لىجۇڭ ھاكىم بولدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ناھىيىلىك پىداكارلار ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ئاتۇش دەرياسىغا قىيان كېلىپ، بەشكېرەم يېزىسىنىڭ 595 مو يېرىدىكى بۇغداي، زىغىرىنى، 48 مىڭ 425 تۈپ مېۋىلىك دەرىخىنى، 18 ئېغىز ئۆيىنى ئېقىتىپ كەتتى ۋە ئۆرۈۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيىلىك ئىشچىلار ئويۇشمىسى قۇرۇلدى، ئويۇشمىغا نۇربېك مەسئۇل بولدى، ئويۇشما ئورنى چوڭ بازاردا بولدى.

7 - ئايدا قىزىل دەرياسىغا قىيان كېلىپ، 734 مو تېرىلغۇ يەرنى، 18 ئېغىز ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى قىزىل كۆۋرۈك مەيدانىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر يەرلىك تىنچلاندۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، ھاكىم شېن لىجۇڭ كومىتېتقا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلدى، ئۇ 31 ئەزادىن تەشكىللەندى، ئىبراھىم ھاجى كېڭەش باشلىقى بولدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ھاكىم شېن لىجۇڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، رېن يىسەن ھاكىم بولدى.

شۇ يىلى تاشقورغان قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلار ناھىيە تەۋەسىدىكى ئويتاغقا كىردى، 8 — 12 - ئايغىچە ئۇلار گومىنداڭ قوشۇنىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى.

## مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)

3 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە يېزا - بازار خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، يېزا، بازار باشلىقلىرى باشقىدىن سايلاندى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە بازىرىدىكى كوچا - كويلارنىڭ ئىسمى يېڭىلاندى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى «دۇبەن دەۋرىدە مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان خەلق مۈلكىنى ئېنىقلاشتا دائىر 7 خىل چارە»نى تارقاتتى ھەم ناھىيىلەرگە مۇناسىپ ئاپپارات قۇرۇپ، مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاپ، ئىگىسىگە قايتۇرۇشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىمۇ بۇ خىزمەت ئىشلىنىشكە باشلىدى.

## مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى)

1 - ئايدا ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىخچاملاندى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خادىملار (ئاشلىق ئامبىرىدىكى خادىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 82 دىن 45كە قىسقارتىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىملار جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قەشقەرگە كەلدى. ئۇلار 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قايتىشىدا يەنە قەشقەرگە كەلدى.

11 - ئايدا ھاكىم رېن يىسەن ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى، تۇرسۇن ئېلى ھاكىم بولدى.

12 - ئايدا ناھىيە بويىچە بازار، يېزىلار تەڭشەلدى، يېزىلاردىكى 8 يېزا ئۆز پېتى قالدى، ناھىيە بازىرىدىكى 13 بازار 4 كە تەڭشەلدى.

### مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ قىيان كېلىپ، نۇرغۇن ئېتىز - ئېرىقلارنى بېسىۋالدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەر مۇپەتتىشلىك - ۋالىي مەھكىمىسى تۇرسۇن ئېلىنى ھاكىملىقتىن قالدۇرۇپ، گومىنداڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى ئابدۇقادىر ھېمامىدىننى مۇۋەققەت ھاكىملىققا بەلگىلىدى.

9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. شۇ چاغدا ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە تەرتىپكە سېلىنغان 42 - شىنىڭ شىجاڭى جاۋ يىگۇاڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ بۇيرۇق بويىچە قەشقەر قاتارلىق جايلارنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىش - ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىنى كۈتتى.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

### 1949 - يىلى

10- ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى قىزغىن تەبرىكلەندى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مۇۋەققەت ھاكىم ئابدۇقادىر ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلىپ، ياقۇپ ھاجى ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھەر مىللەت ئاممىسى شەھەردىن چىقىپ، يولنىڭ ئىككى يېقىدا تۇرۇپ، قەشقەرگە كىرگەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈن 4 - شىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىنى كۈتۈۋالدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۈن 4 - شىسى ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى يىغىن ئاچتى، يىغىندا شىجاڭ، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار ياڭ شيۇشەن پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش سىياسىتىنى جاكارلىدى.

### 1950 - يىلى

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەردە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، جۇ باۋجيې، شۇ شىڭ، ليۇ شاۋجىلار ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا «ئىككىگە قارشى تۇرۇش» (ئىشپىيونلۇققا، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش) كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى، ئەكسىيەتچىل پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە خوراپىي تەشكىلاتلارنىڭ تايانچلىرىنى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

3 - ئايدا ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە 16 كومپارتىيە ئەزاسى ئەۋەتىپ، ناھىيە بازىرىدا تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى قۇردى.

شۇ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، كومىتېت قارمىقىدا تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، جۇ باۋجيې ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تۇنجى شۇجىسى بولدى.

شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ھاكىم ياقۇپ ھاجى قوشۇمچە

مەھكىمە باشلىقى، ھەربىي ۋەكىل لى رېنفۇ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك، رايونلۇق، يېزىلىق دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇش قارار قىلىندى. بۇ جەمئىيەتلەر يەر تەڭشەش، دېھقانلارغا تېرىلغۇ ئۆلىغى، دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇرۇق ۋە سۇ كەمچىللىكىنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

شۇ ئايدا مەملىكەت بويىچە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»نى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

6 - ئايدا يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ناھىيە، رايون دەرىجىلىك مىللىي كادىرلاردىن تۇنجى تۈركۈمدە 17 كىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى.

7 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

11 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارقاتقان «دېھقانچىلىق بېجى ۋاقىتلىق قائىدىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى»نى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق سىلىق سىياسىتىنى يولغا قويدى.

شۇ ئايدا خەلق «غالىبىيەت» ناتۇرا زايومى تارقىتىلدى، ناھىيە بويىچە 9810 پارچە زايوم سېتىۋېلىندى.

شۇ ئايدا سەمەن رايونىنىڭ 9 - يېزىسىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش باشلاندى.

## 1951 - يىلى

2 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى.

3 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

4 - ئايدا قەشقەر جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ كونا شەھەر ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىئانە توپلاش ۋە قوللاش - ئىمزا قويۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 1 مىليون 374 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاندى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدا شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتى باشلاندى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، كەمبەغەل، يالانما دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىجارىنى 25% كېمەيتىش قارار قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيىلىك 3 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

9- ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترىتى

قۇرۇلۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىدى، بۇ ھەرىكەت 1952 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاياغلاشتى.

## 1952 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە مەمۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادچىل بولۇش ۋە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى پاختەكلە يېزىسىدا يەر ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا قاتناشتى.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پاختەكلە يېزىسىدىكى دېھقانلار يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا داستان شەكلىدە يېزىلغان بىر پارچە سالام خەت يوللىدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جاۋاب خەت ئەۋەتىپ، بارلىق دېھقانلارنى فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقاتقاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك مول ھوسۇل ئېلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ماددىي تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك 4 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە 7 بال بوران چىقتى. 15 ـ كۈنى كەچتە ئۈششۈك چۈشۈپ، تېمپېراتۇرا 2℃ ـ 4 — قا چۈشتى، بەزى ئېرىقتىكى سۇ ۋە يېڭىلا سۇغىرىلغان ئېتىزلاردىكى سۇ نېپىز مۇز تۇتتى. بەشكېرەم، سەمەن، قوغان قاتارلىق 8 رايون ۋە يېزىدىكى قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، كېۋەز، دەل ـ دەرەخ شۇنداقلا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۈششۈپ، خېلى ئېغىر زىيان بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە 3 كۈن قارايامغۇر يېغىپ، 8268 ئېغىز ئۆينى ئۆرۈۋەتتى، 3122 مو ئېتىزنى نابۇت قىلدى، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كەتتى، خاماندىكى بۇغدايلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك بىخلىنىپ كەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلاندى. ناھىيىدە يەر ئىسلاھاتى 4 قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىپ، 1953 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاياغلاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك 5 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، يەر ئىسلاھاتى پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەرنى شەھەر قىلىشنى قارار قىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا قاراشلىق 4 رايوننى ۋە بازار ئەتراپىدىكى 13 يېزىسىدىكى 21 مىڭ 497 ئائىلە، 83 مىڭ 257 نوپۇسنى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بەردى.

12 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى.

## 1953 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ھەمكارلىشىش ـ كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قارار قىلىندى.

شۇ ئايدا غەربىي شىمال سودا شىركىتىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارماق شىركىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا مەمۇرىي رايونلار تەڭشىلىپ، ئەسلىدىكى 8 رايون 12 گە تەڭشەلدى، لەنگەر، يېڭئۆستەڭ،

زېمىن، سايبافدىن ئىبارەت 4 رايون كۆپەيتىلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىنىڭ 7 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ھاكىم ياقۇپ ھاجىنىڭ «ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يېزا - ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشتىن دوكلات»ى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئومۇمىي سايلام خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 - ئايدا ناھىيە بويىچە تۇركۇم بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلدى ۋە ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىنىڭ 8 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش سىياسىتى يەتكۈزۈلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى.

## 1954 - يىلى

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى سەمەن رايونىنىڭ 5 -، 6 - يېزىلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە 4 باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇردى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قەشقەردە (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۇلۇبىدا) ئېچىلدى.

8 - ئايدا قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونىغا بىۋاسىتە قارىدى.

شۇ يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى، ناھىيىگە قاراشلىق ئوپال رايونىنىڭ يۇتباش يېزىسى، تاشمىلىق رايونىنىڭ ئويتاغ يېزىسى ۋە سايباغ رايونىنىڭ تۇپراقلىق يېزىسى ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. شۇ يىلى سايباغ رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 1955 - يىلى

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆلۈغچات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا يەر تەۋرىدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىمۇ كۈرۈنەرلىك تەۋرىنىش سېزىمى بولدى، ناھىيە بازىرىدا خېلى كۆپ خەتەرلىك ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئوپال ئەتراپىدا كونا ئۆيلەر ۋە قورۇ تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سۇ چايقىلىپ تېشىپ كەتتى.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورگانلار قەشقەر شەھىرىدىن يېڭى قۇرۇلغان ناھىيە بازىرى — توققۇزاققا كۆچتى.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ 6 -، 7 - رايونلىرى (3 يېزا، 16 كەنتتىن باشقىسى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئەسكەر ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

## 1956 - يىلى

2 - ئايدا ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، %90.06 دېھقان ئائىلىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا كىردى.

شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى ئۆزگەرتىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى.

3 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ناھىيە بازىرى — توققۇزاقتا ئېچىلدى.

6 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ۋالىي مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا قەشقەر ۋىلايىتىگە قارىدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

8 - ئايدا ناھىيىدىكى ھەممە يېزىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى.

11 - ئايدا ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ پونكىت 1959 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى، ناھىيە تەۋەسىگە تۇنجى بولۇپ «تۆمۈر بۇقا» ماركىلىق 3 تراكتور (ئىككىسى T54 تىپلىق، بىرى TS35 تىپلىق) ھەيدەپ كىرىلدى.

## 1957 - يىلى

1 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

3 - ئايدا ناھىيىنىڭ ئاۋات، زەمىن قاتارلىق رايونلىرىدىكى ئاز ساندىكى دېھقانلار ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش سىياسىتىدىن نارازى بولۇپ، كوپېراتىپىدىن چېكىنىپ يەككە ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش باشلاندى. بۇ كۈرەش 1958 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاياغلاشتى، كۈرەش داۋامىدا 11 كىشى ئوڭچى قىلىپ بېكىتىلدى. 1978 - يىلى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئوڭچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلى قۇرۇلدى.

12 - ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە يېرلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە ئىستىلى تۈزىتىلدى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە تۇنجى سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدىغان يالاڭ بۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ سۇ ئامبىرى 1959 - يىلى پۈتتى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كىنوخانا پۈتتى.

## 1958 - يىلى

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيە ئورگانلىرىدىن چۈشۈرۈلگەن 32 كادىر ئوپال، تاشمىلىق قاتارلىق رايون

ۋە يېزىلارغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتى ۋە ئەمگەك بىلەن چېنىقتى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى توقسۇزاق بازىرى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيىلىك ئىنچاملاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا قاراشلىق ئورۇنلارنى بىرلەشتۈردى ۋە تەڭشىدى.

4 - ئايدا ناھىيىلىك باغ زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى ۋە چىگىت ئېزىش زاۋۇتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە 2 - قېتىملىق ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 26 — 30 - كۈنلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

5 - ئايدا ناھىيە بويىچە بازار، يېزىلاردىكى كادىر، ئىشچى، دېھقان، ئوقۇغۇچى ۋە تىجارەتچىلەر مەركەزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «تۆت زىيانداش»نى، يەنى چىۋىن، پاشا، قۇشقاچ، چاشقاننى يوقاتتى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى — «قىزىل بايراق گېزىتى» چىقىرىلدى. بۇ گېزىت 1961 - يىل 3 - ئايدا توختىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيە بويىچە كادىرلار ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش باشلاندى. بۇ كۈرەش 1959 - يىل 2 - ئايدا ئاساسەن ئاياغلاشتى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى خەلق گوڭشېسى قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلغاندىن كېيىن، بىر يېزىنى بىر گوڭشې قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ناھىيە بويىچە 11 خەلق گوڭشېسى قۇرۇپ، خەلق گوڭشېسىنى ئومۇملاشتۇردى.

شۇ ئايدا ناھىيىگە قاراشلىق سەمەن، قوغان خەلق گوڭشېلىرى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1964 - يىلى يەنە ناھىيىگە بېرىلدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن يىل ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك پارتكوم ئورگان كادىرلىرى ۋە ئاممىنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ تاغقا چىقىپ رودا قېزىشقا سەپەرۋەر قىلدى، كەڭ - كۆلەمدە پولات - تۆمۈر تاۋلاش ئارقىلىق 2015 توننا يىرىك چويۇن تاۋلاپ چىقىلدى.

شۇ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇدې سەمەن خەلق گوڭشېسى (ھازىرقى سەمەن يېزىسى)نى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى، يەسلى قۇرۇلدى.

## 1959 - يىلى

1 - ئايدا ناھىيە بويىچە خەلق گوڭشېلىرىدا ئىش ھەققى تۈزۈمى بىلەن تەمىنات تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەن تەقسىمات تۈزۈمى سىناق قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتكومى قۇرۇلدى.

4 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ قۇرۇلدى، ۋاڭ خۇڭيى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تۇنجى شۇجىسى بولدى، سۇ لاۋچۈەن، ۋېن خېڭلى، بارات يۈسۈپ، ئابدۇلئەھەت ئابدۇرېھىملار شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى بولدى.

5 - ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە ئۇدا 4 — 5 كۈن سىم - سىم يامغۇر يېغىپ، تېمپېراتۇرا $2^{\circ}C$ قا چۈشتى. شۇ ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنلىرى قىرو ئۇششۇكى پەيدا بولدى، كېۋەز 30% ئەتراپىدا زىيانغا ئۇچرىدى، كۆممىقوناق، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات خېلى ئۇبدان تۇردى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10

يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ناھىيە بازىرىدا 10 يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.

10 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا «ئوڭچىل ئاغمىچىلىق»قا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

شۇ ئايدا تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن دېھقانچىلىق دورىسى چېچىلىپ، ئۆسۈملۈكلەرگە پىت چۈشۈشنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە پىت يوقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا يەر تەۋرىدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋرىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ناھىيە بازىرى ۋە ئوپال يېزىسىدىكى ئۆيلەردە يەر تىترەش تەسىرى سەزگۈر بولدى. ناھىيە بازىرى ۋە ئوپال تەۋەلىرىدىكى ئۆيلەردە ئۆي جاھازلىرى ئۆرۈلۈپ كەتتى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قورۇ تېمى قىيسىيىپ قالدى، ئادەملەر ئۆرە تۇرالمىدى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تۇپراق تەكشۈرۈلدى.

شۇ يىلى توققۇزاق گۆشكىسى ئوغۇساققا يۆتكىلىپ، ئوغۇساق گۆشكىسى دەپ ئاتالدى؛ بۇلاقسۇ گۆشكىسىنىڭ تېرىم باشقۇرۇش رايونى تاشمىلىق گۆشكىسىغا ئايرىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى مەملىكەتلىك ياغچىلىق خىزمىتى يىغىنىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، يىنىك سانائەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

شۇ يىلى غەربىي ئۆستەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى، خانئۆي باغۋەنچىلىك مەيدانى، توققۇزاق قوشۇمچە يېمەكلىك بازىسى، زەمىن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

## 1960 - يىلى

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيە بويىچە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئارىسىدا «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) مەركەز قىلىنغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باشلانغان خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاياغلاشتى، ناھىيە بويىچە 17 خەلق ئەسكىرى يېڭى، 219 خەلق ئەسكىرى لېيەنى تەشكىللەندى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيە بويىچە پاختا رەخت، لۆڭگە، پايپاق، كۆڭلەك، ئاسما مايكا، پالاز قاتارلىق توقۇلما مەھسۇلاتلارنى بېلەتلىك، كىنىشكىلىق تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ يېزىغا چۈشۈرۈلدى، 19 - كۈنىگىچە ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 372 كىشى يېزىغا چۈشۈرۈلدى.

10 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، بەشكىرەم گۇڭشې 15 - چوڭ ئەترىتىنىڭ «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئىشنى، مەھسۇلاتنى، مالىيىنى ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش)، «تۆتنى مۇقىملاشتۇرۇش» (تېرىلغۇ ئۆلچىمىنى، دېھقانچىلىق سايمىنىنى، يەرنى، ئەمگەك كۈچىنى مۇقىملاشتۇرۇش) تەجرىبىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى ئېچىلىپ، 235 ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ھەم مۇكاپاتلاندى، ئۇلارغا 23 بايراق، 2140 يۈەنلىك بۇيۇم

بېرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ناھىيە، گۇڭشې، باشقۇرۇش رايونى ۋە چولاق ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت 5 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلىپ، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش»، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتى باشلاندى.

شۇ يىلى خانئۆي قەدىمى شەھىرى خارابىسىدىن قىزىل ساپال تۇپىسىدىن ياسالغان 2 چاق تېپىلدى.

شۇ يىلى توققۇزاق قوشۇمچە يېمەكلىك بازىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سايباغ گۇڭشېسى قۇرۇلدى؛ زەمىن ئورمانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، زەمىن خەلق گۇڭشېسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 1961 ـ يىلى

3 ـ ئايدا ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قۇمكاپا دېگەن يېرىدە يەر تەۋرەپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىگىمۇ خېلى تەسىر قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، يېزىلاردىكى خەلق گۇڭشېلىرى ئاچقان جامائەت ئاشخانىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى توققۇزاق بازىرىدا توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان بىر كىچىك ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئېيىغا 75 تونىنا ئۇن تارتىلدى.

شۇ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې ناھىيىلىك شىنجى تىياتىرى ئۆمىكى، خېبېي ئۆلكىسى ۋۇچياۋ ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكى قېرىنداش ئۆلكىلەردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئاشلىق ياردەم بەرگەنلىكىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

يىل ئاخىرىدا ئىلگىرىكى خەلق گۇڭشېلىرى رايونغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى (باشقۇرۇش رايونى) نى ئاساس قىلغان ھالدا 38 گۇڭشې قۇرۇلدى.

## 1962 ـ يىلى

4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى سايباغ قاتارلىق رايون، گۇڭشې، ئەترەتلەرگە بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى تەكشۈردى.

5 ـ ئايدا يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىنغان 3 دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۇلاقسۇ گۇڭشېسىنىڭ قاراكېزىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىسى كېڭەيتىلدى.

8 ـ ئايدا ناھىيىلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتى، ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

12 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىدا ئاساسىي نورما ئاشلىقى بېرىش بىلەن ئەمگەك نومۇرىغا قاراپ ئاشلىق بېرىش بىرلەشتۈرۈلگەن نورمىلىق ئاشلىق تەقسىماتى چارىسى سىناق قىلىندى. ناھىيە كۆچەتزارلىقى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى ئاققاش دېھقانچىلىق مەيدانى، خانئۆي باغۋەنچىلىك مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆلارنىڭ گۇڭشې، ئەترەت تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 1963 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە بازار، يېزا، كەنتلەر ۋە مەكتەپلەر رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «يولداش

لىپ قىپدىن ئۆگىنىڭلار» دېگەن چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، لىپ فېڭدىن ئۆگىنىش، ياخشى ئىش قىلىش دولقۇنى قوزغىدى.

5 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادچىل بولۇش ۋە «بەشكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە ۋە ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا، تارقاقچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 11 — 15 ـ كۈنلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ ئۈلۈغچات دېگەن يېرىدە يەر تەۋرىدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىمۇ تەۋرەش ئالامىتى بولدى، ئۆيدىكى ۋە تالادىكى خېلى كۆپ كىشىلەر يەرنىڭ بوش تەۋرىگەنلىكىنى سەزدى. ئېلېكتر چىراغلار بوش پۇلاڭشىدى.

9 ـ ئايدا سايباغ رايونىنىڭ مەنگەن چوڭ ئەترىتىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە سىناق قىلىندى.

شۇ يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ۋە يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئاشلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 227 ئىشچى، 14 كادىر قىسقارتىلدى، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 41 سىنىپ قوشۇۋېتىلدى، تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان 2371 كىشى، بازار ئاھالىسىدىن 358 كىشى ئازايتىلدى.

## 1964 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېڭىئۆستەڭنىڭ 5 گوڭشېسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى.

2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار (خىزمەتچىلەر) قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، «سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش، ئېشىپ كېتىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش»، «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش»، «مەملىكەت خەلقى ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىش»نىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

4 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەر پىلانلاش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، يەر پىلانلاش ئەترىتى تەشكىللەندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «بىكتۈەن يۈنىلىشى بويىچە مېڭىش، گوڭشې ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، قەدەممۇ قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش» فاڭجېنى بويىچە يەر پىلانلاش باشلاندى.

5 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلغان 2 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى.

8 ـ ئايدا ناھىيىنىڭ بۇلاقسۇ، سايباغ رايونلىرىدىكى چارۋىلاردا ئاقسىل كېسىلى پەيدا بولدى، بۇ كېسەل 1965 ـ يىل 3 ـ ئايغا كەلگەندە تۈگەشكە باشلىدى.

شۇ ئايدا بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق رايونلاردا ئىككىلەمچى خولېرا كېسىلى تارقالدى.

12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون، ۋالىي مەھكىمە، ناھىيىدىن 7246 كادىر، ئوقۇغۇچى ۋە يېزا ئاكتىپى ئاجرىتىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 9 رايونى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان، مەكتەپلەردە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشې بىرلەشتۈرۈلگەن خەلق گوڭشېسى تۈزۈلمىسى ئەسلىگە

كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە رايون ۋە قارمىقىدىكى گۆڭشې تۈزۈلمىسى بىكار قىلىندى.

شۇ يىلى ناھىيىنىڭ 3 يىللىق تەرتىپكە سېلىشنى باشتىن كەچۈرگەن يېزا ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىپ ئىشلەپچىقىرىش يۇقىرى ئۆرلىدى، ئاشلىق 1962 - يىلدىكىدىن %52.69 ئاشتى.

شۇ يىلى ئوپال تەۋەسىگە قىيان كەلدى، قىيان سېكۇنتىغا 126 كۇب مېتىر ئاقتى.

## 1965 - يىلى

2 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم رەھبىرىي كادىرلار، تېخنىك خادىملار ۋە گۆڭشې ئەزالىرى بىرلەشتۈرۈلگەن رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇللۇق ئۈلگە ئېتىز بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى.

4 - ئايدا لەڭگەر گۆڭشېسىدىن مۇش كەنتى ئايرىپ چىقىلىپ، مۇش خەلق گۆڭشېسى قۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى خۇلاسىلەندى ھەم سوتسىيالىستىك يېڭىچە ناھىيە قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىندى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كاندىدات شۇجىسى چى گو قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1- يىغىنى ئېچىلدى.

10- ئاينىڭ باشلىرىدا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خې لۇڭ باشچىلىقىدىكى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى ناھىيىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ھال سورىدى ھەمدە ھەربىر خەلق گۆڭشېسىغا بىردىن يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو تەقدىم قىلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىغا سۇ مۇنارى ياسالدى ۋە قەشقەر 3 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى ئۇلاندى، شۇندىن ئېتىبارەن بازار ئاھالىسى تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان، ئېلېكتر چىراغ يورۇتىدىغان بولدى.

## 1966 - يىلى

1 - ئاينىڭ باشلىرىدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

2 - ئايدا خانئۆي دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، خانئۆيدىكى بوزيەرلەر ئېچىلدى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە مۆلدۈر ئارىلاش قارا يامغۇر ياغدى، ناھىيە بويىچە بىر گۆڭشې، 98 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ 71 مىڭ 482 مو يەردىكى زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى.

5 - ئاينىڭ 10- كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە 9 بال بوران چىقىپ، 71 مىڭ 482 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بويىچە ئاتالمىش مەنجىياسۇن (دېڭ تو، ۋۇخەن، لياۋمۇشا) نى كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىش ئاممىۋى ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئاكتىپلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدا قارار» (يەنى 16 ماددا) چىقاردى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى باشلاندى.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرى ناھىيىلىك پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈستىدە تۈنجى چولڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ، ئاتالمىش «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنى»نى تەنقىد قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قارايامغۇر يېغىپ ئاپەت پەيدا بولدى، قىزىل دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن سېكۇنتىغا 1400 كۇب مېتىر ئېقىپ، دەريا بويىدىكى 2554 مو تېرىلغۇ يەرنى، 44 ئېغىز ئۆينى ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چاقماق دەرياسىغىمۇ سېكۇنتىغا 450 كۇب مېتىرلىق كەلكۈن كەلدى.

9 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدا «قىزىل قوغدىغۇچىلار» قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.

10 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» سىرتقا ئالاقە باغلاشقا باردى، ناھىيە بويىچە 365 قىزىل قوغدىغۇچى بېيجىڭغا بېرىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى.

قىشتا ناھىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار ۋە ئورگان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتى ۋە ھەرخىل «جەڭگىۋار ئەترەت»لەر قۇرۇلدى، ئۇلار تىغ ئۇچىنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا قاراتتى.

## 1967 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدىكى ھەر قايسى ئورگانلاردا «ئىسيانچى»لار ئومۇمىيۈزلۈك «ھوقۇق تارتىۋالدى».

شۇ ئايدا ئاممىۋى تەشكىلاتلار كادىرلارنى تارتىپ چىقىپ كۆرەش قىلدى، كۆرەش داۋامىدا ئاتالمىش «مەسىلىسى بار» رەھبەرلەر «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىپ قويۇلدى.

2 ـ ئايدا ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈپ، 2 تەرەپكە ئايرىلدى.

3 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئورگانلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە بۇيرۇققا بىنائەن ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلدى.

شۇ ئايدا ئىككى تەرەپ ئامما ئەلەم كۆرىشىنى باشلىدى.

قىشتا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قىسمەن گوڭشې، چولڭ ئەترەت رەھبەرلىرىنى داجەيگە ئېكسكۇرسىيىگە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

## 1968 ـ يىلى

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بازلىق كىنوخانىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يىغىنى ئېچىپ، ئاتالمىش «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، خائىن، گومىنداڭ داشقىلى» ھېسابلانغان 10 نەچچە كىشىنى تارتىپ چىقتى ۋە ئۇلارنى بويىنىغا تاختا ئېسىپ كوچىدا سازايى قىلدى، تەنقىد قىلدى ھەم كۆرەش قىلدى. كېيىن، تارتىپ چىقىپ كۆرەش قىلىش داۋامىدا قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇش ۋە ئادەم ئۆلۈشكە ئوخشاش يامان ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

## 1969 ـ يىلى

ئەتىيازدا ج خ، تەپتىش، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى شۇنداقلا ناھىيە بويىچە ئاتالمىش «مەسىلىسى بار» رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كەينى ـ كەينىدىن دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈرۈلۈپ، نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلدۇرۇلدى.

4 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدا ئېيىغا 125 توننا ئۇن تارتالايدىغان بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، بازار ئاھالىسىنىڭ سىرتتا ئۇن تارتقۇزۇپ كېلىشىگە خاتىمە بېرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئارمىيە، ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتتىن ئىبارەت 3 تەرەپ ۋەكىلىدىن تەشكىللەنگەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

## 1970 ـ يىلى

2 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك «7 ـ ماي» ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنى «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى قوغان گۇڭشېسىغا يىغىلىپ، «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئىشلەندى.

6 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشچىلار ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى ۋە كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقانلار ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ناھىيە بازىرى، گۇڭشې، چولڭ ئەترەتلەردىكى مەكتەپلەرگە ئەۋەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ج خ، تەپتىش، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (نەق ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە ۋە ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە بازىرىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 10 جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئاكتىپلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلىرى قۇرۇلتىيى ئاچتى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قىسمەن خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. 1971 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن، يادرو گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدى.

## 1971 ـ يىلى

1 ـ ئايدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى خۇلاسىلەندى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن بۇرۇن، ناھىيە بويىچە 225 پارتىيە ياچېيكىسى، 5876 پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن 164 ياچېيكا قۇرۇلدى، 4095 پارتىيە ئەزاسىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 46 پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىرىلدى ياكى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلدى، 166 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيە، گۇڭشې، چولڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلىپ، لىن بياۋ، چېن بودا پارتىيىگە قارشى گۇرۇھىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايىتى چوڭقۇر تەنقىد قىلىندى.

شۇ يىلى سىياسىينى، تەشكىلنى، ھەربىينى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلى تەرتىپكە سېلىندى.

## 1972 - يىلى

7 - ئايدا ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئوپال گۈڭشېسىدىكى ئاقتالا، ئۆگكۈرلۈك، قىزىۋقتالا، دۆۋلىك دېگەن 4 يەردىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت تاش قورال ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى تاپتى، ئۇ يەرلەردىن سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللار ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت چوڭراق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، يەنى تاش پىچاق، تاش ئورغاق، پالتا، تۈگمەن تېشى، تاش چاق، تاش شار ۋە ساپال كومزەك، ساپال چۆچەك، داس، ئىدىش، كىچىك ھالقا قاتارلىقلارنى قېزىۋالدى.

11 - ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرا رايونىدا يەر تەۋرىدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك تەۋرەش ئالامىتى بولدى.

## 1973 - يىلى

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئورمانچىلىق پونكىتى بىلەن چارۋا مال دوختۇرلۇقى پونكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى قۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەمەن گۈڭشېسىدىن پاختەكلە قاتارلىق 6 چوڭ ئەترەت، ئوغۇساق گۈڭشېسىدىن سۇغۇلۇق چوڭ ئەترىتى ئايرىپ چىقىلىپ، پاختەكلە خەلق گۈڭشېسى قۇرۇلدى.

## •1974 - يىلى

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش» ھەرىكىتى چوڭقۇر، كەڭ قانات يايدۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىپ، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى خۇلاسىلىدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

12 - ئايدا ۋە كېيىنكى 1 - ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە ئۇدا 2 ئاي قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا $24^{\circ}C$ - قا چۈشتى. سۇ قېلىن مۇز تۇتتى، يەر قېلىن توڭلىدى، دەرەخلەر توڭلاپ يېرىلىپ كەتتى. شاپتۇل دەرىخىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈششۈپ كەتتى. ئادەم ۋە چارۋىلاردىنمۇ توڭلاپ ئۆلگەنلىرى بولدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدىكى سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئامىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى بىكار قىلىندى، ناھىيىلىك پارتكومدا تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ئىشخانا قاتارلىق ئاپپاراتلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 1975 - يىلى

2 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېزىلارغا

ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىگە ياردەملەشتى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسى ئۆگىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم نۇقتىدا ئاساسىي قاتلام لۇشيەن تەربىيىسى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيە، گۇڭشې، چوڭ ئەترەتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، يازلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇردى ھەم خۇلاسە قىلدى شۇنداقلا يۇقىرى، مۇقىم ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى مەركەز قىلغان كۆزگى بۇغداي تېرىلغۇ خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى.

10 - ئاينىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 20 يىلدىن بۇيان ھەر قايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.

شۇ يىلى يېزىلاردا ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى پارچە - پۇرات يەرگە تىكىلگەن دەل - دەرەخلەر كوللېكتىپنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئاساسىي قاتلام پارتكومى ۋە ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 1976 - يىلى

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇئېنلەي زۇڭلى ۋاپات بولدى، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق قايغۇغا چۆمدى ۋە ئۆزلۈكىدىن ماتەم تۇتتى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرى ۋە خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيە بويىچە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، 28 ئىلغار ئورۇننى، 75 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيە بويىچە «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە قاتتىق قار ياغدى، بەزى جايلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىرغا يەتتى، تاشيوللارنى قار توسۇۋالغاچقا، بىر ئايدىن كۆپرەك قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇدې ۋېيېيۈەنجاڭ ۋاپات بولدى. ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلۈكىدىن ماتەم تۇتتى.

شۇ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە قارا يامغۇر ياغدى، بىر نەچچە ئۆستەڭدىن يار ئېلىپ كەتتى ۋە كەلكۈن ئاپىتى بولدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولدى، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە ماتەم يىغىنى ئاچتى.

10 - ئايدا ناھىيىدىكى 270 مىڭ ھەر مىللەت خەلقى داقا - دۇمباق ياڭرىتىپ، ۋاڭ خوڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەندىن ئىبارەت «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ تارمار

قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك «7 ـ ماي» داشۆسى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپ 1978 ـ يىل 6 ـ ئايدا توختىتىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ، سىناق تەرىقىسىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك توك چىقىرىلدى.

## 1977 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك تېببىي دورا ـ دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى قۇرۇلدى.

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، 65 ئىلغار ئورۇننى، 61 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. سەمەن گۇڭشې 9 ـ چوڭ ئەترەت، بۇلاقسۇ گۇڭشې ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى، پاختەكلە گۇڭشې 7 ـ چوڭ ئەترەت 4 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، مۇش گۇڭشې 6 ـ چوڭ ئەترەت 4 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، ئوپال گۇڭشې 7 ـ چوڭ ئەترەت 2 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ «داجەيچە ئىلغار ئورۇن» بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

2 ـ ئايدا قاتتىق قار يېغىپ، مۇش قاتارلىق تاغلىق رايونلاردا 100 دىن ئارتۇق كىچىك چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

3 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» قا مۇناسىۋەتلىك ئادەم، ئىشلار پاش قىلىندى ۋە تەنقىد قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش خىزمىتى ئىشلەندى.

7 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدىن ناھىيە بازىرىغا، ناھىيە بازىرىدىن سايباغ گۇڭشېسىغا بارىدىغان تاشيولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە، گۇڭشې، چوڭ ئەترەتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، 3 يىل جاپالىق ئىشلەپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، «بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىر قىش قاتتىق ئىشلەپ، 70 مىڭ مو يۇقىرى ئۆلچەملىك سالا ئېتىز بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» نىشانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى قىشلىق كىنوخانا پۈتتى، ئۇنىڭدا 930 كىشىلىك ئورۇن بار.

## 1978 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، 13 داجەيچە ئورۇننى، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش بويىچە 11 ئىلغار ئورۇننى، 319 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك قۇدۇق قېزىش رەھبەرلىك ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە قۇدۇق قېزىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى.

2 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە قاتتىق قار يېغىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى ئومۇمەن 40 سانتىمېتىرغا يەتتى، ئايرىم جايلاردا بىر مېتىردىن ئېشىپ كېتىپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ، 25 ـ كۈنلىرى ناھىيە تەۋەسىدە 10 بال بوران چىقىپ، ئۆي ۋە ئېغىل ـ قوتانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆرۈۋەتتى. كۆممىقوناق، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ بىرىمىدىن كۆپرەكىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، كۆزگى بۇغدايىنى ياتقۇزۇۋەتتى، نۇرغۇن دەرەخنى ئۆرۈۋەتتى.

شۇ ئايدا 1 ـ باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ باشلىقى بىر ئۆتاش رەھبەرلىك قىلدى، بۇ ئورۇن ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا شەكىللەنگەن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى، ئىلگىرىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردىن قېلىپ قالغان دېلولارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم مەركىزنىڭ 37 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن، «شياڭشىيالىڭ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئامۇۋاپىق سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى»نى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيە بويىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىغىنى ئېچىلىپ، گوڭشې، ئەترەتلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن 371 مىڭ يۈەن ھەققى، كادىرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى 10 مىڭ 590 يۈەن قەرزى نەقلەشتۈرۈلدى، 93 مىڭ 200 يۈەن يەر ھەققى تاپشۇرۇلدى، 403 مو يەر قايتۇرۇلدى، شۇ ئارقىلىق دېھقانلارغا ئارتىلغان نامۇۋاپىق سېلىق ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل قىلىندى.

9 ـ ئايدا ناھىيىلىك باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئورمانچىلىق بويىچە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ناھىيىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش پىلانىنى بېكىتتى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى («8 ـ مارت» دېھقانچىلىق مەيدانى) ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قىلىندى.

## 1979 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ناھىيىدىكى پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى ھەمدە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەركىبى گوڭشې ئەزاسى قىلىپ بېكىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ۋە قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى ئېچىپ، ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى ھەمدە پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بۇراش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى.

3 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 246 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىلەن مەشغۇلات گۇرۇپپىسى توختام تۈزۈپ، ئىشنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىشتەك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 9 — 12 ـ كۈنلىرى ناھىيە تەۋەسىدە 8 — 12 بال بوران چىقىپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر، چارۋىلار ۋە زىرائەتلەر ئاپەتكە ئۇچرىدى، بوران توختىغاندىن كېيىن ئۇدا 4 كۈن چاڭ ـ توزان ياغدى.

شۇ ئايدا ناھىيە مەركىزىنىڭ «تەكشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشىدى.

5 - ئايدا قارا يامغۇر يېغىپ ئاپەت پەيدا قىلدى، ئوپال گۇڭشېسى تەۋەسىدىكى بىر نەچچە تاغ جىلغىسىغا سېكۇنتىغا 563 كۇب مېتىرلىق كەلكۈن كەلدى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزىلاردىكى گۇڭشې ئەزالىرىغا قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق باغ، ئۆيلۈك يەر بۆلۈپ بېرىلدى ھەمدە كالا باقىدىغان ئائىلىلەرگە ئوت - بوغۇزلۇق يەر بېرىلدى.

11 - ئايدا زەمىن گۇڭشې 8 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 8 -، 9 -، 11 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ناھىيە باشقۇرىدىغان كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى ھەمدە بۇ مەيدان ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆچەت تىكىدىغان بازا قىلىپ بېكىتىلدى.

## 1980 - يىلى

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتلىك گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ناھىيە بويىچە گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى كىرىمىنىڭ 2 يىلدا 2.66 ھەسسە ئاشقانلىقى توغرىسىدىكى تەجرىبىنى يەكۈنلىدى.

3 - ئايدا ناھىيە بويىچە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئەمگەك كۈچىنى، يەرنى، ئىشنى، ھوسۇلنى، ئوغۇتنى بېكىتىش، ھوسۇلنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش)، گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا باشلىدى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 - قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

6 - ئايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى بىلەن مەسئۇلىيەت ئېتىزى بىرلەشتۈرۈلگەن «ئىككى ئېتىز تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئايرىم ساندىكى بۇزۇقلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، ناھىيە بازىرىدىكى «قىزىل بايراق» ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا (تۆت كوچىدا) ئاپتوموبىل توسۇپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ۋە خەنزۇ كادىرلارنى ئۇرۇش، نەرسە - كېرەكلەرنى چېقىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ناھىيىلىك سىياسىي - قانۇن تارمىقى بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارىمىقىدا چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. كىنو فىلىم تارقىتىش پونكىتى كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 1981 - يىلى

2 - ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

2 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە

2 - قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلاندى. تەكشۈرۈش 1982 - يىل 3 - ئايدا ئاياغلاشتى.

4 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۆرىشى قانات يايدۇرۇلدى.

8 - ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى پاختەكلە گۈڭشېسىدا كالىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن سۇنئىي نەسىللەندۈرۈش سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

شۇ يىلى يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن سۇغا مو بويىچە ھەق ئېلىش كۇب بويىچە ھەق ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى پارچە يەر ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن كۆكچى چوڭ چارۋا فېرمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىندى.

## 1982 - يىلى

10 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «قوش ئىلغارلار» قۇرۇلتىيى ئېچىپ، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار نەمۇنىچى شەخسلەرنى تەقدىرلىدى، 1981 - يىللىق ئاشلىق، ياغلىق دان، كېۋەز، چارۋا ھوسۇلىنىڭ ئاشقانلىقى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى.

2 - ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش باشلاندى. بۇ ئىش 1983 - يىلى ئەتىيازدا ئاياغلاشتى.

5 - ئاينىڭ 9 — 11 - كۈنلىرى ناھىيە تەۋەسىدە ئۇدا 3 كۈن 8 بالدىن يۇقىرى بوران چىقىپ، زىرائەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك زىيانغا ئۇچراتتى.

5 - ئايدا ناھىيىلىك زىيالىي ياشلارنى تاغ - يېزىلارغا ئەۋەتىش ئىشخانىسى بىكار قىلىنىپ، ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا ناھىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش قاتارىدا ناھىيىنىڭ نوپۇسىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە 65 مىڭ 506 ئائىلە، 273 مىڭ 883 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلاندى.

شۇ ئايدا كوللېكتىپ بېقىۋاتقان چوڭ چارۋىلار بىردەك باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، گۆشنى ئەزالىرىغا سېتىپ بېرىلدى.

8 - ئايدا ناھىيىلىك كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تۇز زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، يول ئاسراش ئەترىتى قاتارلىق كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى، نەتىجىدە ئۇلار زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ ئايدا تاشمىلىق گۈڭشېسىنىڭ 14 - چوڭ ئەترىتى تەۋەسىدە قارا يامغۇر يېغىپ ئاپەتكە ئايلاندى، سېكۇنتىغا 92 كۇب مېتىر سۈرئەت بىلەن كەلكۈن كەلدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە يەر نامىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر نامىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلاندى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان (ئۇنىڭ 5 چوڭ ئەترىتى يەنىلا

قەشقەر شەھىرىگە تەۋە) ، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭدىن ئىبارەت 4 گۇڭشېس ۋە خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ يەنىلا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشىنى قارار قىلدى.

11 - ئايدا پاختەكلە گۇڭشېسىدىكى ياش گۇڭشې ئەزاسى داۋۇت ھەسەن 3.4 مو يەرگە شال تېرىپ، بىرلىك ھوسۇلىنى 763.5 كىلوگرامغا يەتكۈزدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىش ئىلغارى بولۇپ سايلىنىپ، شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن دۆلەت يېزا ئىگىلىك كومىتېتى بىرلىشىپ ئاچقان تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

12 - ئايدا ناھىيە بويىچە يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا «ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش» ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلدى.

## 1983 - يىلى

3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئەرزىيەت بۆلۈمى قۇرۇلدى.

6 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۆپىراقنى ياخشىلاش ئۈچۈن، دېھقانچىلىققا ياردەم بېرىش پۇلىدىن 16 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، نامرات گۇڭشې - ئەترەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە يېدىنى كېڭەيتىپ تېرىشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جاۋ زىياڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال، پاختەكلە گۇڭشېلىرىگە كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قوغان گۇڭشېسىدا ئوتۇن تېجىلىدىغان ئوچاق سېلىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، 10 سەر ئوتۇن بىلەن 10 مىنۇتتا 10 جىڭ سۇ قايناتقىلى بولىدىغان ئوچاقنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئىلغار تەجرىبىنى يەكۈنلىدى ۋە كېڭەيتتى.

9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا سىياسىي - قانۇن ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا 1984 - يىلى سىياسىي قانۇن كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ئوقۇتۇش بىناسى — ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ بىنا كېيىنكى يىلى پۈتتى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يېزا خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، زەمىن، سايباغ، ئوغۇساقتىن ئىبارەت 3 گۇڭشېنى رايونغا ئۆزگەرتتى.

## 1984 - يىلى

3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ «ۋەتەننى كۆكەرتەيلى» دېگەن يولبۇرۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆچەت تىكىشكە باب كېلىدىغان 60 مىڭ مو بوز يەرنى دېھقانلارنىڭ ئورمان بەرپا قىلىشىغا بۆلۈپ بەردى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە بوران چىقتى، بوران ئەڭ كۈچلۈك چىققاندا 11 بالغا يەتتى.

4 - ئايدا ئوپال گۇڭشېسىنىڭ 6 - چوڭ ئەترىتىدىكى 2 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر ئورمان بەلۋېغىدىكى دەرەخلەر ئارىلاپ كېسىلىپ، 420 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلدى، باھا بۆلۈمى باھا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

7 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مىللەتلەر ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1- يىغىنى ئېچىلدى.

8- ئايدا ناھىيىلىك يېزىلاردىكى ھوسۇلنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەترىتى، ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى فاڭ يى ناھىيىنىڭ پاختىكلە گۈڭشېسىغا كېلىپ، شال ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن، ناھىيىدىكى 11 خەلق گۈڭشېسى بىلەن 3 رايون تەشكىلىپ 17 يېزا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىگە بىر بازار، 17 يېزا قارايدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ناھىيە تەۋەسىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قۇرۇلۇشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

9 ـ ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۇ جېڭساۋ باشچىلىقىدىكى سىياسىي كېڭەش ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى پاختىكلە گۈڭشېسىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە مەھمۇت قەشقىرى مەقبەرىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش كومىتېتى قۇردى، كومىتېت قارىمىقىدا تەھرىر ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، بۇ ئىشخانا ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەھبەرلىك ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشكە تەشكىلاتچىلىق قىلىدىغان بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ياڭ جەنشى، ھاكىم مامۇت ئىسمائىل ۋىلايەتلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭ، شەندۈڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، جياڭسۇ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى يىغىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا دائىر كەلگۈسى تەسەۋۋۇر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

## 1985 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئېلان چاپلاپ، شىركەت دىرېكتورلىرىنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا دائىر تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى خىش زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلاردا كەسپىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى ھەم ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، مەكتەپ، زاۋۇت ـ كانلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى باشلىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئاياغلاشتى.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناھىيىلىك سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، سانائەت كارخانىلىرى تەكشۈرۈلدى.

7 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئوتۇن تېجەيدىغان ئوچاق ئىشلەتكەن دېھقان ئائىلىسى %96كە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتۇن تېجەيدىغان ئوچاقنى ئومۇملاشتۇرغان تۇنجى ناھىيە بولۇپ قالدى.

8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 20 دە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى

بىلەن ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 7.4 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 39.4°، شەرقىي مېرىدىئان 75.2° بولدى. 60 ئادەم ئۆلدى (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن ئۆلگىنى 45)، 100 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى. يەر تەۋرەپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ ئېيشەن يەرنىڭ قالدۇق تەۋرەش خەۋپىگە قارىماي، دەرھال ئاپەت رايونىغا بېرىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە قەشقەر ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى جيايۇ بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى گوگاڭ ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى تەشكىللىدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇ چىلى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى تيەن جىيۈن ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۇي نەيفۇ مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپەت رايونىغا كېلىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، مەركەزگە ۋاكالىتەن ئاپەت رايونىدىكى ئاممىدىن ھال سورىدى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر ناھىيىگە كېلىپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىدىن ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا تۆھپە قوشقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئوپال، مۇش قاتارلىق يېزىلاردا 6.9 بال قالدۇق يەر تەۋرىدى. تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 39.4°، شەرقىي مېرىدىئان 75.4° بولدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە تەقدىرنامە بەردى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ناھىيىنىڭ ئوپال، مۇش قاتارلىق جايلىرىدا يەنە 6 بال قالدۇق يەر تەۋرىدى، تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 39.4°، شەرقىي مېرىدىئان 75.4° بولدى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەركەزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ جۇ ۋېنيۈەن، ۋاڭ گوچۈەن رەھبەرلىكىدىكى 13 كىشىلىك بىر تارمىقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى ھەم ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى يوقلىدى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق شەنشى تىياتىرى ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ، ھال سوراش ئويۇنى قويدى، بۇ ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەشھۇر ئۇيغۇر چاغچىلە ئارتىسى ئالتۇنخان (يەنە بىر ئىسمى ما گۇيفاڭ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدىن)، سەھنىدە نومۇر ئورۇنداپ، يۇرتداشلىرىدىن ھال سورىدى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك باھا تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى پېشقەدەم كادىرلارنى يىغىپ، 7 - بەش يىللىق پىلاننى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى.

12 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىدا ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان پىۋا زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ياغاچ ماتېرىيال زاۋۇتى، يەم - خەشەك زاۋۇتى، تاغار زاۋۇتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

## 1986 - يىلى

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 - قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا 4 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى بىلەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە 1986 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتىنى ئوڭشاش، ستولبىلارنى سېمونت ستولبىغا يەڭگۈشلەش، ناترىيلىق چىراغ ئورنىتىشنى قارار قىلدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى يىغىنىنى ئاچتى ھەمدە پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشقا دائىر 12 ماددىلىق بەلگىلىمىنى تۈزۈپ چىقتى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ ئېيشەن، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى بولۇپ 8 كىشى خۇنەن، گۇاڭجۇ، سىچۈەن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق 5 رەھبەرلىك بەنزىسى يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە گەج - تالالىق تاختا زاۋۇتى، ئەينەك موزايىكا زاۋۇتى، جىغان ئىچىملىكى زاۋۇتى، سۇلياۋ بېزەك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، پوچاڭزا زاۋۇتى ۋە 10 مىڭ توننىلىق تۇز زاۋۇتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئەترىتى ناھىيىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 5 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «قوش ئىلغارلار»نى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 31 ئىلغار كوللېكتىپ، 115 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەركىزىي پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش كومىتېتىدىن فېڭ ۋېنلىن ناھىيىگە كېلىپ، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى ناھىيىگە كېلىپ، ناھىيىنىڭ «ئىككى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش» (باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش) خىزمىتىدە لاياقەتلىك بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە يىغىن ئېچىپ لاياقەتنامە بەردى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى گوۋۇيۈەن بېكىتكەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى 141 نامرات ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان نامرات ناھىيە بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بازىسى قىلىندى.

## 1987 - يىلى

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، 1986 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە 1987 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ناھىيىنىڭ نامراتلىق سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ مۇلاھىزە قىلدى ۋە بېيىتىش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قارايامغۇر يېغىپ، مۆلدۈر چۈشتى، ئوپال، مۇش، زەمىن ۋە تاشمىلىق قاتارلىق جايلار ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئوپال يېزىسىدا 40 مىنۇت مۆلدۈر چۈشتى، مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 150 مىڭ مو بۇغداي، 40 نەچچە مىڭ مو كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە قارا يامغۇر يېغىپ، تاغدىكى قار ئېرىپ كەلكۈن كەلدى، قىزىل دەرياسىنىڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 630 كۇب مېتىرغا، چاقماق دەرياسىنىڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 230 كۇب مېتىرغا يەتتى، تېخى بەشكېرەم سۇ ئامبىرىدىن يار كەتتى، ناھىيە بويىچە 2 ئادەم ئۆلدى، 76 چارۋا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، 1423 ئېغىز ئۆي، 12 مىڭ مو زىرائەت ۋەيران بولدى، 800 نەچچە مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېقىپ كەتتى، 5 مىليون 386 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى 9 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى ئېچىلىپ، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانى» تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇلدى، كومىتېت قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

10 - ئايدا ناھىيىدىكى كەسپىي ئورۇنلاردا كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى.

11 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ياز - كۈز ئارىلىقىدا ناھىيە تەۋەسىدە غەيرىي ئا، ب تىپلىق جىگەر ياللۇغى تارقىلىپ، 12 مىڭ ئادەم (قېتىم) يۇقۇملاندى، بىمارلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 0.63% بولدى، كۈز چىققاندا كېسەللىك تىزگىنلەندى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىلىك جىغان ئىچىملىكى زاۋۇتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇتتا جىغان يېغى، جىغان شەربىتى، جىغان ھارىقى ۋە جىغان مۇراببا سى ئىشلەندى.

## 1988 - يىلى

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇنى ياخشىلاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك باھالىدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى يەتكۈزۈشنى ھەم ئۇنى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قانۇن ساۋاتلىرى كۇرسى ئېچىلدى، كۇرستا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ ئەيشەن سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىپ، كۇرسانتلاردىن قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 10 مىنۇت مۆلدۈر چۈشتى، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى 10 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولدى. ناھىيە بويىچە 5 يېزا، 3 مەيداننىڭ 82 مىڭ مو يەردىكى زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 مىڭ مو كېۋەزلىككە باشقا زىرائەت تېرىلدى. 74.4 توننىچە مېۋە - چېۋە زىيان بولدى، 148 چارۋا ئۆلدى، 20 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى تيېيىڭ ئوغۇساق، پاختەكلە يېزىلىرىنىڭ يېزا مائارىپ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە يۇقۇملۇق ئۈچەي كېسىلى تارقىلىپ، 353 كىشى يۇقۇملاندى، بۇلارنىڭ 99.37%ى ساقايدى.

8 - ئاينىڭ 6 -، 7 - كۈنلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى ئوپال، پاختەكلە يېزىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مۇئاۋىن سەھىيە مىنىستىرى خې جيېشېڭ قاتارلىق 4 كىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا تارقالغان يۇقۇملۇق ئۈچەي كېسىلىنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى ۋە يېزىنىڭ سۇنى ياخشىلاپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلدارى زېنابىس ۋىرا خانىم قاتارلىق 4 كىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدىكى ئاياللارنىڭ ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن بولۇپ، 23 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىقتىسادشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى جاۋ سېن، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا ناھىيىگە كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش پىلانى» تۈزۈپ بەردى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇ ناھىيىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ناھىيىلىك «ئۈچىنچى توپلاش» (خەلق چۆچەكلىرى، خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ماقال - تەمسىللىرى) رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى تولۇقلاندى، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ماقال - تەمسىللىرى رەتلىنىپ نەشر قىلىندى.

شۇ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە غەيرىي ئا، ب تىپلىق جىگەر ياللۇغى تارقالدى، 8 - ئايدىن بۇيان 12 مىڭ 600 ئادەم يۇقۇملاندى، ئۇلارنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 99.63% بولدى.

يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش، قوغان، ئاۋات قاتارلىق يېزىلار ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت

رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تارماقلارنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى ئارقىسىدا، سۈنئى ياخشىلاش - كېمەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سۇ ئىچىش شارائىتىنى ياخشىلىدى.
شۇ يىلى ئاپتونوم رايون قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى پاختىچىلىق بازىسى قىلىپ بېكىتتى.

## 1989 - يىلى

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 - قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا 5 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى، ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى شۇنداقلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى ھەمدە «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.
3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى ئېچىلىپ، ھاكىم ئابدۇكېرىم مەلەي بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بىر مۇئاۋىن مۇدىر تولۇقلاپ سايلاندى.
شۇ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئونئۇبىرسال پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.
5 - ئاينىڭ 7 -، 11 - كۈنلىرى مۆش، لەڭگەر، ئوپال قاتارلىق يېزىلار ئۇدا 2 قېتىم مۆلدۈر ۋە كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 65 مىڭ مو يەردىكى بۇغداي، كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات ئاپەتكە ئۇچرىدى، مۆلچەر بويىچە 2 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان بولدى.
7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 5000 ئورچۇقلۇق قىلىپ لايىھىلەنگەن يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.
8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار رەھبىرىي كادىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ 6 -، 7 - تومۇرلۇق ھۆججىتىنى يەتكۈزدى ھەم ئۇلاردىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى 6 ماددىلىق بەلگىلىمە»سىنى جاكارلىدى.
9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى 5000 توننىلىق تۇز زاۋۇتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.
9- ئاينىڭ 11 - كۈنى ناھىيىلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى قۇرۇلدى.
9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.
10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم جىددىي يىغىن ئاچتى، يىغىندا شۇجى ياۋ يىجيەن ۋىلايەتتە ئېچىلغان جىددىي يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەركەزدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ئۆگىنىلدى.
11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.
11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قەشقەر كىچىك 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.
11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سايلام كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئۇ ناھىيە بويىچە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار بىلەن يېزىلاردىكى رەھبىرىي كادىرلاردىن 156 نى تەشكىللەپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ھەم يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ھەم ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

## 1990 - يىلى

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم «ناھىيە بويىچە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەتىياز ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا ۋە ئاممىغا مەركەزلىك ھالدا، چوڭقۇر ھەم سىستېمىلىق سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، 1989 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ھەمدە 1990 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ «لېي فېڭدىن، لېي ئىڭدىن ئۆگىنىش ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تەستىقلاپ تارقاتتى شۇنداقلا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلىدىن بۇ پائالىيەتكە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشنى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى لېي فېڭدىن، لېي ئىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئاينىڭ 27 - كۈنى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ياۋ يىجيەن سۆز قىلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى «ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 30 نەچچە يىل يولغا قويۇلغان ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى ئۆمىكى قەشقەر شۆبە ئۆمىكىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيىگە كېلىپ، ناھىيە يېزىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 21 -، 22 - كۈنلىرى ئۇدا قاتتىق قار ياغدى، ناھىيىنىڭ تاغقا يېقىن تاشمىلىق، ئوپال، مۇش يېزىلىرىدا قارنىڭ قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىرلارغا يەتتى. 649 چارۋا، 776 توخۇ ئۆلدى؛ 692 ئېغىز ئۆي، 7501 مېتىر قورۇتام، 1488 ئېغىز ئېغىل - قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى؛ 17 مىڭ 685 مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى، 509 مو يەردىكى قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات ئاپەتكە ئۇچرىدى؛ 227 مىڭ 775 كىلوگرام ئاشلىق، 1500 كىلوگرام ياغلىق دان، 4800 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 282 مىڭ 640 كىلوگرام ئوت-سامان زىيان بولدى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ يېزىسىدىكى قىسمەن ئامما ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەر ئېغىر ئۇرۇش - جېدەل بولۇپ، ئادەم يارىلىنىش ۋەقەسى يۈز بەردى، ئىككى تەرەپتىن 10 نەچچە ئادەم ئېغىر يارىلاندى. 2 ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ج خ، تەپتىش، سوت تارماقلىرىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن بۇ ۋەقە تىنچىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ بولدى، توپىلاڭغا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتناشتى. ناھىيىدە مالىمانچىلىقنى توسۇش-ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇش باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ياۋ يىجيەن باش

قوماندان، ھاكىم ئابدۇكېرىم سەلەي، مۇئاۋىن شۇجى روزى ئابدۇللا، مۇئاۋىن ھاكىم ليۇ يۈپاۋلار مۇئاۋىن قوماندان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇلاقسۇ يېزىسىدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىدىن 2 سى قۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك رەڭلىك مېتال تاۋلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كەچتە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى قىزىلنۇر ئۆستىڭىدىن يار كېتىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسىدىكى 3 كەنت سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىدى. 288 مو يەردىكى كېۋەز، 260 مو يەردىكى كۆممىقوناق، 88 مو يەردىكى ياغلىق دان، 15 مو يەردىكى بېدە، 25 مو يەردىكى قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە سۇ ئاستىدا قالدى. سۇ 4300 مېتىر تاشيولنى، 6300 مېتىر ئېرىقنى، 36نور-سۇڭگۈچنى بۇزۇۋەتتى، 3500 كىلوگرام بۇغدايىنى، 130 تاغار سامانني ئېقىتىپ كەتتى، 3 ئۇششاق چارۋىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى، 5 ئېغىز ئۆيىنى، 2 ئېغىل ـ قوتاننى، 3050 تۈپ دەرەخنى، 70 ئۆي جاھازىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 25 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزا خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىننىڭ قەشقەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بەرگەن يوليورۇقىنى ۋە ناھىيىمىزگە يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسىنى شۇنداقلا ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 15 ـ قېتىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ۋىلايەتلىك يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تۈرپان ۋىلايىتىنىڭ توقسۇن ناھىيىسى بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك «غەربىي يۇرت» نەپىس بۇيۇملار زاۋۇتى قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۈچۈر مەركىزى قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يېزا تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كارخانىلارنى 2 ـ نۆۋەت ھۆددىگە بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا كارخانىلارنى 2 ـ نۆۋەت ھۆددىگە بېرىشكە رەھبەرلىك قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دىن باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دىن باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مۇھاجىرلار ئىشلىرى بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەرمۇ ۋەكىل قاتناشتۇردى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى تەشكىللەندى.

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

# تەشكىلي تۈزۈلۈشى

## I باب

## تەشكىلي تۈزۈلۈشى

### 1 § . ئورنى ۋە كۆلىمى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە زېمىنى شەرقىي مېرىدىئان '20°75 — '38°76، شىمالىي پاراللېل '58°38 — '42°39 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتە يېزاۋات، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي چېتىدىكى تاغلىق يەرلەر، چۆللەر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا قاراتاغ، قومالتاغلار ئارقىلىق ئايرىلىپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرى بىلەن ئۆزئارا قارىشىپ تۇرىدۇ. ناھىيە زېمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەشقەر شەھىرى جايلاشقان. ناھىيە بازىرى شەرقىي شىمالدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىگە 980 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 15 كىلومېتىر كېلىدۇ.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمال، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرى تاغقا يانداشىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمى قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ ئېقىندى تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا تەۋە. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 113 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 91 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 37. 4146 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايون ناھىيە كۆلىمىنىڭ %54 نى، تۈزلەڭلىك %46 نى ئىگىلەيدۇ.

### 2 § . تەرەققىيات جەريانى

هازىرقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سۇلى دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ، مۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانىدى. جيەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن سۇلى دۆلىتى بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى چېدىرىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناھىيە زېمىنى خەن سۇلالىسىنىڭ

تېررىتورىيىسىگە رەسمىي قوشۇلدى، يەرلىك ئەمەلدارلار خەن سۇلالىسىنىڭ تامغا بېغىنى تاقايدىغان بولدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۇ 5 - يىلى (29 - يىلى) ساكارائول پادىشاھى كاڭ بەگلىكلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ ھۇنلارنى ئىشغال قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باش كاھبېگى بولدى، شۇنىڭ بىلەن سۇلى دۆلىتى ساكارائولغا تەۋە بولدى. يۇڭپىڭ 4 - يىلى (61 - يىلى) ساكارائول بەگلىكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى گۇاڭدى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە زېمىنى ئۇزۇن ئۆتمەي ھۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىردى. يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى) ھۇنلار يار - يۆلەك بولغان كۇسەن پادىشاھى جيەن لەشكەر باشلاپ سۇلى دۆلىتىنىڭ پادىشاھى چېڭنى ئۆلتۈرۈپ، كۇسەننىڭ سول قول سويۇرغاللىق بېگى دوتىنى باشقىدىن پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى، نەتىجىدە ناھىيە زېمىنى كۇسەنگە تەۋە بولدى. كېيىنكى يىلى بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە سۇلى دۆلىتىگە بېرىپ، دوتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇرۇنقى پادىشاھنىڭ جيەننى باشقىدىن پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن سۇلى دۆلىتىنى مۇھىم جاي قىلىپ ھۇنلار بىلەن تىركەشتى. يۇڭيۈەن 3 - يىلى (91 - يىلى) 12 - ئايغا كەلگەندە، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى قايتىدىن تەسىس قىلدى، ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى غەربىي يۇرت دورغابى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. يۇڭچۇ 1- يىلى (107 - يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى يەنە ئەمەلدىن قالدۇردى، سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەر ھۇنلارغا تەۋە بولدى. يەنگۇاڭ 2 - يىلى (123 - يىلى) غا كەلگەندە خەن سۇلالىسى بەنيۇڭنى غەربىي يۇرت دورغابى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي سۇلى دۆلىتىمۇ خەن سۇلالىسىغا ئەل بولدى. يۇڭجيەن2- يىلى (127 - يىلى) سۇلى پادىشاھى چېن پەن خەن سۇلالىسىغا يەرلىك ماللارنى تارتۇق قىلىپ باش كاھبەگ بولدى.

ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3 - يىلى (222 - يىلى) ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرت ساقلاۋچى چېرىكچىبېگى تەسىس قىلدى. سۇلى دۆلىتى ۋېي سۇلالىسىغا تەۋە بولدى. بۇ مەزگىلدە سۇلى دۆلىتىگە جىن جوڭ، ساكارائول، قەشقەر، يولئېرىق، يېڭىسار، سارىقۇل قاتارلىق دۆلەتلەر قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كۈچەيگەنىدى. غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەيشى 1 - يىلى (265 - يىلى) جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە ۋېي سۇلالىسىدىن كېيىنمۇ يەنىلا ساقلاۋچى چېرىكچىبەگ قويۇلدى، سۇلى دۆلىتى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي جىن سۇلالىسى سۇلى دۆلىتىنىڭ پادىشاھىغا «جىن دۆۋان ياساۋۇل بېگى، باش كاھبەگ، جىن سۇلالىسىغا ئىتائەتمەن ئۇلۇغ بەگ، جىن سۇلالىسىغا سادىقەتمەن سۇلى پادىشاھى» دېگەن مەرتىۋىلەرنى بەردى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنكاڭ 2 - يىلى (336 - يىلى) ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جاڭ جۈن ياڭ شۈەننى كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر پۈتۈنلەي ئۇنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى، ناھىيە تەۋەسى ئۇنىڭ قارمىقىدا بولدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 9 - يىلى (384 - يىلى) ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لۈ گۇاڭ كۇسەنگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلىپ يۈمىننىڭ ۋالىيسى ۋە غەربتىكى جايلارنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى قىلىپ تەيىنلەندى، سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى قۇرۇلغانغا قەدەر سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭ قارمىقىدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسى يەنە غەربىي لياڭ، شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنجيا 12 - يىلى (435 - يىلى) سۇلى بىلەن كۇسەن قاتارلىق دۆلەتلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئولپان بېگى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دامىڭ 4 - يىلى (460 - يىلى) جۇرجانلار قوچۇغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇرچى ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى جەنۇبتىكى جايلارغىچە كېڭەيدى. سۇلى دۆلىتى جۇرجانلارغا بېقىندى بولدى. چى سۇلالىسىنىڭ يۇڭمىڭ 10 - يىلى (492 - يىلى) قاڭقىللار ئالدى قاڭقىل ۋە كىنگىتنى ئىشغال قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى جەنۇبتىكى جايلارغا كېڭەيدى، ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى

جۇرجانلارنىڭ تەسىرىنى تازىلىدى، سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسىگە كىردى. لياڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنجيەن 3 ـ يىلى (504 ـ يىلى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ ئورۇنباسار پادىشاھى چۇنچىنى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى تىزگىنلىدى، سۇلى دۆلىتى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. لياڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ شېڭ 1 ـ يىلى (552 ـ يىلى) تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى ئۇزاق ئۆتمەيلا جەنۇبقا قاراپ كېڭەيدى، سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭغا تەۋە بولدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى (583 ـ يىلى) غەربىي تۈرك خاقانى تاردۇش بىلەن چولڭ خاقان ئىشبارا ۋارىسلىق ئورنىنى تالىشىپ قالدى. نەتىجىدە خانلىق پارچىلىنىش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى، سۇلى قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ئۇنىڭ سويۇرغاللىق يېرى بولدى. داييې 5 ـ يىلى (609 ـ يىلى) سۇلى دۆلىتى سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭدى خاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. داييې 11 ـ يىلى (615 ـ يىلى) سۇلى دۆلىتى سۈي سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئەلچى ئەۋەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى تۇيغۇنلارنى تىنچىتتى، سۇلى دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئاموجى ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ماللارنى تارتۇق قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. جېنگۇەن 22 ـ يىلى (648 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى كۇسەن ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ چىگىل، چۇمۇل قاتارلىق قەبىلىلىرىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ غەلىبە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەنگە يۆتكەلدى، ناھىيە زېمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلدى. تاڭ سۇلالىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە سۇلى قورغىنىنى تەسىس قىلىپ، كۇسەن، ئۇدۇن، كىنگىتلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۆت قورغان دەپ ئاتىدى. يۇڭخۇي 2 ـ يىلى (651 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەگرىكۆل تۇتۇقى ئاشىنا قۇلى توپىلاڭ كۆتۈردى، سۇلى قاتارلىق تۆت قورغان قولدىن كەتتى، ناھىيە تەۋەسى ئاشىنا قۇلىنىڭ تەۋەسىگە ئۆتتى. شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا قۇلى توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، سۇلى قورغىنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنخېڭ 1 ـ يىلى (670 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى ئىشغال قىلدى. تاڭ سۇلالىسى تۆت قورغاننى تارتقۇزۇپ قويدى، ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلار تۈبۈتلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى. شيەنخېڭ 4 ـ يىلى (673 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ھۆددىچى شياۋسىيىنى لەشكەر باشلاپ كۇنەشكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى، كۇنەش ۋە سۇلى دۆلىتى بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى. شاڭيۈەن 2 ـ يىلى (675 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ناھىيە تەۋەسىدە سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، ئۇ 15 ۋاسسال ئايمىقىغا باشچىلىق قىلدى. دياۋلۇ 1 ـ يىلى (679 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن، سۇيابدىن ئىبارەت تۆت قورغان ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ۋۇ زېتيەن زامانىسىنىڭ چۇيگوڭ 2 ـ يىلى (686 ـ يىلى) ۋۇ زېتيەن شىمالىي چۆللۈك ۋەزىيىتىنىڭ قىستىشى بىلەن، ئەنشىدىكى تۆت قورغاندىن ۋاز كەچتى. ئۇزاق ئۆتمەي تۈبۈت خانلىقى سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلدى. ۋۇزېتيەن زامانىسىنىڭ چاڭشۇ 1 ـ يىلى (692 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ۋۇۋېي قوشۇنىنىڭ باش بۇغى ۋاڭ شياۋجيې تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، سۇلى قاتارلىق تۆت قورغاننى ئەسلىگە كەلتۈردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 16 ـ يىلى (728 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى پېي ئەندىگىنى سۇلى دۆلىتىنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلەپ، شۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. تيەنباۋ 12 ـ يىلى (753 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا سۇلى دۆلىتىنىڭ سەردارى شى ياۋ ئايماق قۇردى، ئەمىر لەشكەر پېي گولياڭ چاڭئەنگە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۇجۇمچى نۆۋكەرلەر كاھىپكى مەنسىپىگە ئېرىشتى، ئۇنىڭغا سۆسۈن تون، ئالتۇن بېلىق ھەدىيە قىلىندى. جېنيۈەن 6 ـ يىلى (790 ـ يىلى) تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ بېشبالىقنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، سۇلى دۆلىتى قولدىن كەتكەن بولۇپ، تۈبۈتلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى. جېنيۈەن 7 ـ يىلى (791 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە لەشكەرلىرىنى يېڭىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى جەنۇبتىن غەربكە قاراپ كېڭەيدى. ئالپ بىلگەقاغان دەۋرى (808 — 821 ـ يىلغىچە) دە، سۇلى، كۇسەن، كىنگىت، قوچۇ، بېشبالىق قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن جايلار ئۇيغۇرلارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى. كەيچېڭ 5 ـ يىلى (840 ـ يىلى) ئۇيغۇرلار زور تۈركۈمدە غەربكە كۆچۈشكە باشلىدى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ناھىيە تەۋەسىگە كەلدى ھەمدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە زېمىنى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. جىڭفۇ 2 ـ يىلى (893 ـ يىلى) قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ 2 ـ ئوغلى ئوغۇلچاقخان سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوردىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەتتى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ناھىيە تەۋەسى يەنىلا قاراخانىيلار سۇلالىسىغا قاراشلىق مۇھىم جاي ئىدى. چىڭلى 1 ـ يىلى (1041 ـ يىلى) قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى پايتەخت قىلدى، ناھىيە تەۋەسى ئۇنىڭغا يېقىن رايونلاردىن بولۇپ قالدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جاۋشىڭ 4 ـ يىلى (1134 ـ يىلى) غەربىي لياۋ سۇلالىسى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قوشۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە زېمىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسىغا تەۋە بولدى. جىيادىڭ 11 ـ يىلى (1218 ـ يىلى) موڭغۇل خانى زامانىسىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى يوقىتىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان كۈچلۈك تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىۋالدى، ناھىيە زېمىنى موڭغۇل خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. جىيادىڭ 15 ـ يىلى (1222 ـ يىلى) چىڭگىزخان مەخمۇد يالىۋاچ بىلەن دارۇغاچىنى بىرلىكتە قەشقەر قاتارلىق جايلارنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. باۋچىڭ 1 ـ يىلى (1225 ـ يىلى) موڭغۇل خانى بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلدى، ناھىيە زېمىنى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 26 ـ يىلى (1289 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى ئۇدۇن ئايغاقچى مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمىرلەشكەر يامۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، يۈەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن قايدۇ، دۇۋالار تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونىدىكى قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە زېمىنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى دۇۋانىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بولدى. خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قەشقەر جايلاشقان «ماڭلاي سۈيەر» موڭغۇللارنىڭ دۇغلات قەبىلىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بولۇپ قالدى. جىجېڭ 8 ـ يىلى (1348 ـ يىلى) دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بۇرۇج چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادى تۇغلۇق تېمۇرنى خانلىققا كۆتۈردى، نەتىجىدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلدى، ناھىيە زېمىنى ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولدى، لېكىن بۇ جايلارغا يەنىلا دۇغلات قەبىلىسى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 16 ـ يىلى (1480 ـ يىلى) قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى تىزگىنلەپ تۇرغان دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئابابەكرىنىڭ تەسىر كۈچى پەيدىنپەي كۈچىيىپ، تەدرىجىي ھالدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى. «تارىخى رەشىدى» دە بۇ ھاكىمىيەت قەشقەر خانلىقى دەپ ئاتالدى، ناھىيە زېمىنى ئۇنىڭغا قاراشلىق مەركىزىي رايونغا ئايلاندى. جېڭدې 9 ـ يىلى (1514 ـ يىلى) سۇلتان سەئىدى ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ ياركەنت خانلىقىنى تىكلىدى، ناھىيە زېمىنى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 19 ـ يىلى (1680 ـ يىلى) جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان لەشكەر ئەۋەتىپ ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ياركەنت خانلىقىنى يوقاتتى، ناھىيە زېمىنى جۇڭغارلارنىڭ بېقىندىسى بولدى. چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ناھىيە زېمىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلدى. چيەنلۇڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەردە مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى باش ۋەزىر مەسلىھەتچى ئامبىلى تەسىس قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جايلارنى بىرتۇتاش باشقۇردى، ئايرىم ياردەمچى ئامبال قويۇپ، قەشقەر، يېڭىسارلارنىڭ ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،


ياركەنت خانلىقىنىڭ بەگلىك تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ھاكىمبەگ، ئىشىكئاغا بېگى قاتارلىق 50 نەچچە ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى ئەۋەتىپ، شۇ جاينىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇردى. چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى باش ۋەزىر مەسلىھەتچى ئامبىلى ئۇچتۇرپانغا كۆچۈرۈلدى، قەشقەرگە ئامبال قويۇلدى، ئۇ شۇ جاينىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. چيەنلۇڭ 51 - يىلى (1786 - يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال تۇرۇشلۇق جاي ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە كۆچۈرۈلدى. داۋگۇاڭ 11 - يىلى (1831 - يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەردىن يەنە ياركەنتكە كۆچۈرۈلدى، قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى لەشكىرىي ئامبال قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) دىن باشلاپ، قەشقەر شەھىرى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قوقەن خانلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قوزغىغان مالىمانچىلىقى ئىچىدە قېلىپ، بىرنەچچە قېتىم قولدىن كەتتى، ناھىيە ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم ۋەيران بولدى. تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز بەردى، قەشقەر يەنە جىن شياڭيىن، سىدىق قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىندى. ياندۇرقى يىلى قوقەنلىك ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگ خوجىلار ئەۋلادى بۇزرۇك خانغا ئەگىشىپ كېلىپ، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەرنى بېسىۋالدى. تۇڭجى 6 - يىلى (1867 - يىلى) غا كەلگەندە ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە شەھەرنى ئىگىلىۋېلىپ، قەشقەردە «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇردى. گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى، كېيىنكى يىلى، قېپقالغان ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئىدارىسى قۇرۇلدى. گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال، ياردەمچى ئامباللار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى قۇرۇلدى، ئۇ قەشقەر ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلانئۇس دەرياسى (قىزىل دەرياسى) نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كەنتلەر ۋە بۇيرۇتلار تەۋەسى قەشقەر كوناشەجەر ناھىيىسى قىلىندى، ناھىيە يامۇلى قەشقەر كونا شەھىرىدە بولدى. ئۇ سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. گۇاڭشۈ 28 - يىلى (1902- يىلى) سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) سۇلى مەھكىمىسى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارىدى. مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇر مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ قەشقەر كونا شەھىرىگە ئورۇنلاشتى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئۇنىڭغا قارىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 1 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ئۇ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە قارىدى. 1954 - يىل 8 - ئايدا قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بىۋاستە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونىغا قارايدىغان بولدى. 1956 - يىل 6 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ھازىرغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

## § 3 . زېمىن دائىرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) ئۇلانئۇس دەرياسى (قىزىل دەرياسى) نىڭ يۇقىرى



ئېقىمىدىكى كەنتلەر بىلەن بۇيرۇتلار ئايرىپ چىقىلىپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندا، بۇ ناھىيە قارىمىقىدىكى قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ يەر ـ زېمىنى كەڭ ئىدى. ناھىيە بازىرى (ئەسلىدىكى ناھىيە بازىرى — ھازىرقى قەشقەر شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) دىن شەرققە 70 كىلومېتىر ماڭغاندا بەشكېرەم ئارقىلىق يەيزاۋاتقا بارغىلى، ناھىيە بازىرىدىن جەنۇبقا 25 كىلومېتىر ماڭغاندا توقۇزاق ئارقىلىق قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە بارغىلى، ناھىيە بازىرىدىن غەربكە 5 . 42 كىلومېتىر ماڭغاندا قىزىلئارت داۋىنى ئارقىلىق روسىيىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىگە بارغىلى، ناھىيە بازىرىدىن شەرقىي شىمالغا 257 كىلومېتىر ماڭغاندا تۇلغار داۋىنى ئارقىلىق روسىيىنىڭ يەتتە سۇ ۋىلايىتىگە بارغىلى؛ ناھىيە بازىرىدىن شەرقىي جەنۇبقا 34 كىلومېتىر ماڭغاندا ئاۋات ئارقىلىق قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە بارغىلى، ناھىيە بازىرىدىن غەربكە 325 كىلومېتىر ماڭغاندا قىياقباش ئارقىلىق سارىقۇلغا بارغىلى، ناھىيە بازىرىدىن شەرقىي شىمالغا 275 كىلومېتىر ماڭغاندا بوتومويناق ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا بارغىلى، ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمالغا 455 كىلومېتىر ماڭغاندا داستار داۋىنى ئارقىلىق روسىيىگە بارغىلى بولاتتى. ئەينى چاغدا ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 495 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 282 كىلومېتىر كېلەتتى.

مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى) ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇلۇغچاتقا ياردەمچى ئامبال قويۇلدى. ئۇلۇغچات، سىمخانا ۋە ئوقسالۇر كەنتلىرى ئۇنىڭغا قارىدى. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) ئۇلۇغچات مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى رايونلار يەنىلا ناھىيە ئايرىلغان چاغدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 5 ـ ئايغا كەلگەندە، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى ناھىيىگە ئۆستۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قاراشلىق رايونلاردىن ئەسلىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى رايونلاردىن باشقا يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىزىلئۆي، بوستانتېرەك، توپا، قاراگۇللۇق، مىڭيول قاتارلىق جايلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ناھىيە قارىمىقىدىكى ئۈستۈن ئاتۇش قاتارلىق كەنتلەر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيىگە قاراشلىق ئەسلىدىكى شىمالىي، غەربىي، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئۈستۈن ئاتۇش قاتارلىق جايلار ئايرىلىپ چىقتى، نەتىجىدە ناھىيە زېمىنىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي دائىرىسى شەكىللەندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، ناھىيە بازىرىدىكى 4 رايون، 57 مەھەللە ۋە شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى 13 يېزا قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1954 ـ يىلى يەنە ناھىيىگە قاراشلىق ئوپال، تاشمىلىق، مايياغ رايونلىرىدىكى يۇدۇغباش، ئويتاغ، توپراقلىق يېزىلىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1958 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق سەمەن، قوغان گۇڭشېلىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1964 ـ يىلىغا كەلگەندە يۇقىرىدىكى 2 گۇڭشې (ئەينى چاغدا باشقۇرۇش رايونى دەپ ئاتىلاتتى) ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق گۇڭشې، ئەترەتلەر يەنىلا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1976 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىگە قاراشلىق قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرى ۋە ناھىيىلىك خانتۇي ئورمانچىلىق مەيدانى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا، ئەسلىدىكى قەشقەر شەھىرى خاڭدى باغۋەنچىلىك مەيدانى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە يۇقىرىقى 4 گۇڭشې بىلەن خانتۇي ئورمانچىلىق مەيدانى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى، بۇلاردىن قوغان گۇڭشېسىنىڭ 5 چوڭ ئەترىتى يەنىلا قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە بىر بازار، 17 يېزا، 219 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 1572 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى بار بولدى.

# II باب

# مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

## 1 § . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ناھىيە زېمىنىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، ناھىيىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 9 مۇسۇلمان كەنتى (ئۇيغۇرلار كەنتى)، تاغلىق رايونلاردا 5 بۇيرۇت قەبىلىسى (يەنى قىرغىز قەبىلىسى) بار ئىدى.

### 1. مۇسۇلمانلار كەنتى

1) سەمەن كەنتى ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ غەربىي دەرۋازىسى بىلەن جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا 10 كەنت يەنى ھازىرقى سەمەن، لەڭگەر يېزىلىرى ۋە پاختەكلە يېزىسىنىڭ بىر قىسمى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ شامالباغ يېزىسى تەۋە ئىدى.

2) قوغان كەنتى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ۋە شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا 23 كەنت يەنى ھازىرقى قوغان يېزىسىنىڭ بىر قىسمى، خانئېرىق يېزىسى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ، دۆلەتباغ يېزىلىرى تەۋە ئىدى.

3) بەشكېرەم كەنتى ناھىيە بازىرىنىڭ 20 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا 32 كەنت يەنى ھازىرقى بەشكېرەم، قوغان يېزىلىرى، ئاۋات يېزىسىنىڭ بىر قىسمى تەۋە ئىدى.

4) ئاۋات كەنتى ناھىيە بازىرىنىڭ 32 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا 13 كەنت يەنى ھازىرقى يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش يېزىلىرى ۋە ئاۋات يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى تەۋە ئىدى.

5) توققۇزاق كەنتى ناھىيە بازىرىنىڭ 25 كىلومېتىر جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا 39 كەنت يەنى ھازىرقى توققۇزاق بازىرى، ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ يېزىلىرى ۋە ئورمانچىلىق، ئۈزۈمچىلىق، بېلىقچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ بىر قىسمى تەۋە ئىدى.

6) ئوپال كەنتى ناھىيە بازىرىنىڭ 75 كىلومېتىر غەربىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا 9 كەنت يەنى ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ بىر قىسمى تەۋە ئىدى.

7) ئۈستۈن ئاتۇش كەنتى ناھىيە بازىرىنىڭ 34 كىلومېتىر شىمالىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا 7 كەنت يەنى ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ بىر قىسمى تەۋە ئىدى.

8) تاشمىلىق كەنتى ناھىيە بازىرىنىڭ 75 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا 21 كەنت يەنى ھازىرقى تاشمىلىق يېزىسى بىلەن ئاقتو ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ يېزىسى تەۋە ئىدى.

9) مۇش سۇلۇق كەنتى   ناھىيە بازىرىنىڭ 42.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا 2 كەنت يەنى ھازىرقى مۇش يېزىسى ۋە لەڭگەر يېزىسىنىڭ بىر قىسمى تەۋە ئىدى.

## 2. بۇيرۇت قەبىلىسى

1) قۇشچىلار   قوتچى دېمۇ ئاتىلىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ 140 كىلومېتىر شەرقىدىكى ئىتيۇر چازىسىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان. شىمالىي چېگرىسى بوتومويناق داۋىنىدا ئاخىرلىشىدۇ، روسىيىنىڭ يەتتە سۇ ۋىلايىتىدىكى ساربا بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى تۇرسايغىچە بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ كاتتايلاق دېگەن يېرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى پىچان تېغىغىچە بولۇپ، ئۇچتۇرپان مەھكىمىسىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي چېگرىسى چوڭباغارلار تۇرىدىغان سۇغۇن تېغىدا ئاخىرلىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 107.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا 5 يۇرت يەنى بوتومويناق، جايدۆبە، ئۇغۇدال، قىزبۇلۇڭكى، پانالانلار تەۋە ئىدى.

2) چوڭباغىشلار   كونا ناھىيە بازىرىنىڭ 63 كىلومېتىر شىمالىدىكى تۆشۈكتاش چازىسىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي چېگرىسى بوز ئايغىردىن باشلىنىپ قورسارت داۋىنىدا ئاخىرلىشىدۇ، روسىيىنىڭ يەتتە سۇ ۋىلايىتىدىكى ئاقساي ۋە ئالاداۋان دېگەن يېرى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي چېگرىسى بارچان، يالاڭۋالەسلىكى، قاراڭغۇلۇق ئىچكى چازىسىدا ئاخىرلىشىدۇ، شەرقىي چېگرىسى سۇغۇنتاغدىكى قارابەل داۋىنىدا ئاخىرلىشىدۇ، غەربىي چېگرىسى يوۋاش قەبىلىسىنىڭ گۈلتىگىن ۋە ئەسكىچەك چازىسىدا ئاخىرلىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 320 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 128.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا 17 يۇرت يەنى چوڭ بوغراخان، خىقاتاش، تەڭگىتاغ، توغارىبىنجۇ، كۆكيار، قاناتقان، چوڭتېرەك، پەسقورغان، چاقماق، قىزىلىنىڭ كۆلگەن، بارغون، تويۇندۆبە، سۆگەك، ياقاچات، غانجۇغان، كانسۇ، ئۇغۇسۇلۇقلار تەۋە ئىدى.

3) يوۋاشلار   كونا ناھىيە بازىرىنىڭ 270 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى ئەسكىچەك چازىسىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان. شىمالىي چېگرىسى تۈز دەرياسىدىكى ساۋيارد قاتارلىق داۋانلاردا ئاخىرلىشىپ روسىيىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى مارگان خارات تېغىغىچە بولۇپ قىپچاق قەبىلىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرق تەرىپى يەلگۈلتىگىنگىچە بولۇپ، چوڭباغىش قەبىلىسى بىلەن قوشنا ئىدى، غەربىي چېگرىسى ئېركەشتام دەرياسى ئارقىلىق روسىيىنىڭ ئوش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 125 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 117.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا 7 يۇرت يەنى ئەسكىچەك، ئۇلۇغچات، يىكەن، ئېركەشتام، ساقار، قاراتېرەك، ئۇچتاشلار تەۋە ئىدى.

4) قىپچاقلار   كونا ناھىيە بازىرىنىڭ 130.5 كىلومېتىر غەربىگە، ئوپۇلات چازىسىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى ماگانغىچە بولۇپ، يوۋاش قەبىلىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى ئۇلۇغئارت تېغىغىچە بولۇپ، نايمان قەبىلىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى يۇدۇغباش تەۋەسىدىكى چازىغىچە يېتىپ بارىدۇ، غەرب تەرىپى قىزىل داۋىنىغىچە بولۇپ، روسىيىنىڭ ئالاي دېگەن يېرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 272.5 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 119 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا 7 يۇرت يەنى بوستانتېرەك، ئايئاچا، ئاچېبىل، توققۇز بۇلاق، ئۇلۇغئارت، سوغۇلۇق، سەيلىئارت دېگەن جايلار تەۋە ئىدى.

5) نايمانلار   كونا ناھىيە بازىرىنىڭ 95 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى ئىلگۆچۈ چازىسىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى ئۇلۇغئارت تېغىغىچە بولۇپ، قىپچاق قەبىلىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب

تەرىپى يامانيار دەرياسىغىچە بولۇپ، سارىقول مەھكىمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى ئوپىتاغ ئاغزىغىچە يېتىپ بارىدۇ، غەرب تەرىپى قىياقباشقىچە بولۇپ، روسىيىنىڭ گۈنكۈر دېگەن يېرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 215 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا 3 يۇرت يەنى ئوپىتاغ، چاقارمىن، كوكتېرەك مەھەللىسى تەۋە ئىدى.

## §2 . مىنگو دەۋرىدە مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

مىنگونىڭ 19 - ۋە 27 - يىللىرى (1930 - ۋە 1938 - يىللىرى) ئۇلۇغچات، ئاتۇش ئايرىلىپ چىقىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلدى. ئەسلىدە ناھىيىگە تەۋە بولغان تاغلىق رايوندىكى بۇيرۇت قەبىلىسى، دېھقانچىلىق رايوندىكى ئۈستۈن ئاتۇش كەنتلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، ئۇلۇغچات، ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) غا كەلگەندە، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 8 يېزا، 13 بازارغا ئايرىلدى، 212 باۋ، 3145 جيا تەسىس قىلىندى.

### 1. يېزىلار

1) سەمەن يېزىسى   ئۇنىڭغا 15 باۋ، 292 جيا تەۋە ئىدى. باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھازىرقى پاختەكلە يېزىسىنىڭ بىر قىسمى، سەمەن، لەڭگەر، مۇش يېزىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ شامالباغ يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

2) قوغان يېزىسى   ئۇنىڭغا 12 باۋ، 300 جيا تەۋە ئىدى. باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھازىرقى خانئىدى يېزىسى، قوغان يېزىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ، دۆلەتباغ يېزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

3) بەشكېرەم يېزىسى   ئۇنىڭغا 14 باۋ، 288 جيا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھازىرقى بەشكېرەم يېزىسى، قوغان يېزىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئاۋات يېزىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

4) ئاۋات يېزىسى   ئۇنىڭغا 11 باۋ، 231 جيا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھازىرقى يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش يېزىلىرى ۋە ئاۋات يېزىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

5) توققۇزاق يېزىسى   ئۇنىڭغا 14 باۋ، 347 جيا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھازىرقى پاختەكلە يېزىسىنىڭ بىر قىسمى، ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ يېزىلىرى، توققۇزاق بازىرى ۋە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرى ھەمدە چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

6) بورختاي (بۇلاقسۇ) يېزىسى   ئۇنىڭغا 11 باۋ، 211 جيا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھازىرقى بۇلاقسۇ، تېرىم يېزىلىرى، ناھىيىلىك يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قاراكېچەك يېزىسى (تۆپىراقلىق)نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

7) ئوپال يېزىسى   ئۇنىڭغا 10 باۋ، 163 جيا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھازىرقى ئوپال يېزىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ يۇرتباش يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

8) تاشمىلىق يېزىسى   ئۇنىڭغا 11 باۋ، 184 جيا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى

ھازىرقى تاشلىق يېزىسى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

## 2. بازارلار

بازارلار ناھىيە بازىرى — قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 13 بازار بار ئىدى، ئۇلار مۇنۇلار:

1) مەدەنىيەت بازىرى — بۇنىڭغا 10 باۋ، 95 جيا تەۋە ئىدى.
2) تەنتەربىيە بازىرى — بۇنىڭغا 11 باۋ، 112 جيا تەۋە ئىدى.
3) شىنشىن بازىرى — بۇنىڭغا 8 باۋ، 86 جيا تەۋە ئىدى.
4) گېڭگوڭ بازىرى — بۇنىڭغا 10 باۋ، 102 جيا تەۋە ئىدى.
5) جەنۇبىي چوڭ بازار — بۇنىڭغا 10 باۋ، 93 جيا تەۋە ئىدى.
6) شىمالىي چوڭ بازار — بۇنىڭغا 10 باۋ، 99 جيا تەۋە ئىدى.
7) ئاۋات بازار — بۇنىڭغا 9 باۋ، 88 جيا تەۋە ئىدى.
8) ئىناقلىق بازىرى — بۇنىڭغا 8 باۋ، 80 جيا تەۋە ئىدى.
9) شەرقىي بازار — بۇنىڭغا 8 باۋ، 79 جيا تەۋە ئىدى.
10) ئەنچىلىك بازىرى — بۇنىڭغا 8 باۋ، 76 جيا تەۋە ئىدى.
11) دىڭشىن بازىرى — بۇنىڭغا 8 باۋ، 86 جيا تەۋە ئىدى.
12) مائارىپ بازىرى — بۇنىڭغا 8 باۋ، 76 جيا تەۋە ئىدى.
13) يۇڭشىڭ بازىرى — بۇنىڭغا 6 باۋ، 57 جيا تەۋە ئىدى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ناھىيە بويىچە يېزا - بازارلار تەڭشەلدى، 8 يېزا ساقلاپ قېلىندى، ناھىيە بازىرىدىكى 13 بازار گېڭگۇڭ بازىرى، تەنتەربىيە بازىرى، مەدەنىيەت بازىرى، شىنشىن بازىرىغا ئىخچاملاندى.

## 3 §. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

1950 - يىلى ئەتىيازدا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە رايونلۇق، يېزىلىق خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى، ناھىيە 12 رايون، 101 يېزا، 57 مەھەللىگە ئايرىلدى. 1952 - يىلى قەشقەر شەھىرى ناھىيە تەۋەسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، ناھىيە بازىرىدىكى 4 رايون، 57 مەھەللە ۋە شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى 13 يېزا قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1953 - يىلى ناھىيە 12 رايون، 107 يېزا قىلىپ تەڭشەلدى. 1954 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوپال رايونىنىڭ يۇدۇقباش يېزىسى، تاشلىق رايونىدىكى ئويتاغ يېزىسى ۋە ساياغ رايونىدىكى تۇپراقلىق يېزىسى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى ساياغ رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1955 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ 6 - ۋە 7 - رايونلىرى (3 يېزا، 16 كەنت بۇنىڭ سىرتىدا) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ۋەخپە بەر

ئاجرىتىلىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1956 - يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاز ساندىكى كىچىك يېزىلار بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، ناھىيە 11 رايون، 96 يېزا قىلىپ تەڭشەلدى.

1958 - يىل 4 - ئايدا توققۇزاق بازىرى قۇرۇلدى. 9 - ئايدا بىر يېزىنى بىر گۇڭشې قىلىش پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن 11 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە گۇڭشېلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، سەمەن، قوغان گۇڭشېلىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئاققاش دېھقانچىلىق مەيدانى («سۇنئىي ھەمراھ» دېھقانچىلىق مەيدانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى. بورختاي رايونى بولاقسۇ خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، پارچەيەر كەنتىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارچەيەر ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە قارمىقىدا 9 خەلق گۇڭشېسى، 64 چوڭ ئەترەت (كېيىن باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن)، 200 ئوتتۇرا ئەترەت (كېيىن چوڭ ئەترەتكە ئۆزگەرتىلگەن)، 1150 تارماق ئەترەت (كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن)، بىر بازار، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى بار بولدى.

1959 - يىلى غەربىي ئۆستەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى، خانئۆي باغۋەنچىلىك مەيدانى، توققۇزاق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى، زەمىن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. توققۇزاق گۇڭشېسى ئوغۇساققا كۆچۈرۈلۈپ ئوغۇساق گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. بولاقسۇ خەلق گۇڭشېسىنىڭ تېرىم باشقۇرۇش رايونى تاشمىلىق گۇڭشېسىغا ئايرىپ بېرىلدى.

1960 - يىل 1 - ئايدا توققۇزاق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سايباغ گۇڭشېسى قۇرۇلدى، زەمىن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، زەمىن گۇڭشېسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا ئەسلىدىكى خەلق گۇڭشېسى رايونىغا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى (باشقۇرۇش رايونى) ئاساسىدا 38 گۇڭشې قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ئاققاش دېھقانچىلىق مەيدانى، خانئۆي باغۋەنچىلىك مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ گۇڭشې، ئەترەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ناھىيىلىك كۆچەتخانا ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 11 رايون، 3 مەيدان، بىر بازار، 37 گۇڭشې بار بولدى.

1963 - يىلى غەربىي ئۆستەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى 1958 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلگەن سەمەن، قوغان رايونلىرىنى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق گۇڭشې، ئەترەتلەرنى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1965 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن رايون دەرىجىلىك گۇڭشېلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، رايون ۋە رايونغا قاراشلىق گۇڭشېلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ كۆكچى ئەترىتى ئايرىپ چىقىلىپ، چوڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى؛ خانئۆي تەۋەسىدىكى بوز يەرلەر ئايرىپ چىقىلىپ ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

1966 - يىلى ناھىيە بازىرى ئەتراپىنىڭ شەرقىدىكى تاشلاندۇق يەرلەر ئاجرىتىلىپ كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى، ئەسلىدە «8 - مارت» دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتىلاتتى. 1973 - يىلى سايباغ گۇڭشېسىنىڭ 16 - چوڭ ئەترىتىگە قاراشلىق رايون تەۋەسىدىن قىسمەن سۇ كۆلىمى ئاجرىتىلىپ بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. شۇ يىلى سەمەن، ئوغۇساق گۇڭشېلىرىدىكى شاللىق رايوندىن 7 چوڭ ئەترەت ئايرىپ چىقىلىپ پاختەكلە گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1976 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرى ۋە خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا، ئەسلىدىكى قەشقەر شەھەرلىك خاڭدى باغۋەنچىلىك مەيدانى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا

ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1978 - يىلى كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى («8 - مارت» دېھقانچىلىق مەيدانى) ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1980 - يىلى زەمىن گۇڭشېسىنىڭ 8 - چوڭ ئەترىتى بىلەن 11 - چوڭ ئەترىتىنىڭ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئايرىپ چىقىلىپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە ناھىيىلىك 1 - باغۋەنچىلىك مەيدانى (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە) قۇرۇلدى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، پارچەيەر ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن كۆكچى چوڭ چارۋا فېرمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىندى. 1982 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرى ۋە خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانىنى قايتىدىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1983 - يىلى گۇڭشېلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنغاندا، زەمىن، سايباغ، ئوغۇساق گۇڭشېلىرى رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1984 - يىل 8 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ناھىيىدىكى 11 خەلق گۇڭشېسى، 3 رايون تەشكىلىپ 17 يېزا قىلىپ قۇرۇلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 17 يېزا، بىر بازار، يەنى توققۇزاق بازىرى، ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلە، خانئۆي، لەڭگەر، مۇش، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش يېزىلىرى بار بولدى. بۇ يېزىلارغا 219 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى (يېزا باشقۇرغان زاۋۇتلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1572 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارىدى.


# III باب

# يېزا - بازارلار

## 1 §. ناھىيە بازىرى

### 1. تەرەققىيات جەريانى

چىلان سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئورگىنى قەشقەر كونا شەھىرىدە ئىدى. «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: قەشقەر كوناشەھەر «مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي (ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرى) نىڭ 24 چاقىرىم غەربىي شىمالىدا، گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەرلەر ئاجرىتىلىپ ناھىيە قۇرۇلدى، ئەسلىدە بۇ يەردە شەھەر بار ئىدى. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) بۇ يەردە قايتىدىن قۇرۇلۇش قىلىندى، داۋگۇاڭ 18 - يىلى (1838 - يىلى) زىياۋۇدۇن ھاكىم بەگ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىنى يەنە كېڭەيتكەن. گۇاڭشۇ 24 - يىلى (1898 - يىلى) يانداش مەھكىمە قەلئەنىڭ سىرتىدا قالغاچقا، ئورۇنباسار سانغون ياڭ دېجۇن غەربتىن ئېشىك ئاچقۇزۇپ شەھەرنى ئاي شەكلىدە قورشاۋغا ئالدى، ئۇنىڭ دائىرىسى 7 .12 پۇڭ ئىدى، 4 دەرۋازىسى



بار ئىدى. 38 مىڭ 31 تۈتۈن، 173 مىڭ 818 نوپۇسى بار ئىدى». مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكلەر تەزكىرىسى» دىكى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنىڭ 5 - ماددىسىدا «قەشقەر كوناشەھەر بازار رايونىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 1000 مو كېلىدۇ»، «شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا گېڭگۇلىڭ راباتى بولۇپ، ئېگىزلىكى 8 — 9 جاڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە 2 قەۋەت راۋاق بولۇپ، ئۈستىگە چىقىپ قارىسا پۈتكۈل شەھەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغان»، «بۇ شەھەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، ئاھالىسى زىچ، سودا - سانائەت مەركەزلەشكەن». يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرى يەنىلا قەشقەر كونا شەھىرىدە ئىدى. 4 رايون، 57 مەھەللىگە ئايرىلغانىدى. 1952 - يىلى قەشقەر شەھىرى قۇرۇلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى 4 رايون ۋە بازار ئەتراپى رايونىدىكى 13 يېزا قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. لېكىن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، شۇنىڭدەك ناھىيە دەرىجىلىك بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار يەنىلا ۋاقىتىنچە قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇۋەردى. 1955 - يىلى ناھىيە ئورگىنى قەشقەر شەھىرىدىن يېڭى ناھىيە بازىرى — توققۇزاققا كۆچتى.

توققۇزاقنىڭ ئەسلى نامى «توققۇزئاق» بولۇپ، توققۇز پارچە ئاق يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە 7 پارچە بوزيەر بار بولۇپ، يەر يۈزى ئاق بولغاچقا، ئاق نامى بىلەن ئاتالغانىكەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر داڭلىق ئەسەر «تارىخى رەشىدى» دە بۇ يەر نامى خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە توققۇزاق قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق مۇسۇلمانلار كەنتىگە تەۋە ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە 6 - دەرىجىلىك مىراب بەگ قويۇپ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) غا كەلگەندە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، توققۇزاق يەنىلا ناھىيىگە قاراشلىق 9 مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا 39 كەنت قارىدى. مىنگو دەۋرىدە بۇ يەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، يېزىلىق مەھكىمە، ساقچى ئىدارىسى، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بار ئىدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئۇنىڭغا 11 باۋ، 231 جيا قارىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. 1958 - يىلى توققۇزاق بازىرى تەسىس قىلىندى.

## 2. ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى

توققۇزاق بازىرى ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، 1958 - يىلى پىلانلانغان كۆلىمى 2.58 كۋادرات كىلومېتىر، قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 1.4 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 7 كۋادرات كىلومېتىرغا، قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 3 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. بازار رايونىدا 9 غول يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 9.08 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇلاردىن ئۆتكەن 1977 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، بۇ يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.86 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1988 - يىلى ئۆزگەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئاساسىدا، «ئىتتىپاق» يولى، «مەدەنىيەت» يولى، «زەمىن» يولى، «شوغۇز» يولى، «تۆۋەنكى شوغۇز» يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، بۇ يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.958 كىلومېتىر كېلىدۇ، «ئىتتىپاق» يولى، «مەدەنىيەت» يولىدا ۋېلسىپىت ۋە پىيادىلەر يولى ياسالدى. 1990 - يىلى بازار مەركىزىدىكى غول يولنىڭ كەڭلىكى 42 مېتىرغا، ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىرغا يەتكۈزۈلدى، يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا 9.5 مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىندى، 5.5 مېتىر كەڭلىكتە پىيادىلەر يولى ياسالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يان تەرىپىنى مەڭگەن ئۆستىڭى ۋە شوغۇز ئۆستىڭى كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جايدا ناھىيە، بازارغا قاراشلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت

ئورۇنلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 99 ى بار.

ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق يول — «خەلق» يولى (شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە) ئۈرۈمچى — قونجىراپ تاشيولىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتكەن بۆلىكى بولۇپ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى بۆلىكى 2443.38 مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى مۇشۇ يولنى مەركەز قىلغان ھالدا جايلاشقان. «خەلق» يولىنىڭ غەربىي شىمالىغا بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ كىيىم - كېچەك زاۋۇتى، يەرلىك مەھسۇلات مىلىچ ماللار شىركىتى، دۆلەت بېجى ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى، تەمىنات. سودا كوپېراتىپى، ناھىيىلىك پارتكوم، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى، پارتىيە مەكتىپى، مائارىپ ئىدارىسى، ج خ قاتناش ساقچى چولڭ ئەترىتى، تېببىي دورا شىركىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئون - ياغ زاۋۇتى، پاختا - چىگە شىركىتى جايلاشقان. «خەلق» يولىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى، قاتناش نازارەتچىلىك پونكىتى، قاتناش ئىدارىسى، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى، تۈرلۈك ماللار شىركىتى، شېكەر - تاماكا - ھاراق شىركىتىنىڭ ماگىزىنى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ج خ ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى، خەلق بانكىسى، سۇچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا شىركىتى بار.

«غالىبىيەت» يولى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 984.55 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يول ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، «خەلق» يولى، «ئىتتىپاق» يولى بىلەن كېسىشىدۇ. يولنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، سۇغۇرتا شىركىتى، بازارلىق ھۆكۈمەت، سودا - سانائەت بانكىسى، مالىيە ئىدارىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سەنئەت ئۆمىكى، 2 - باللار باغچىسى، 1 - باللار باغچىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتى بار؛ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئورمانچىلىق ئىدارىسى، مەدەنىيەت سارىيى، كۆتۈپخانا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئەمگەك - سۇغۇرتا - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ياغاچچىلىق كارخانىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، يېمەكلىك شىركىتىنىڭ قويچىلىق فېرمىسى بار.

«ئىتتىپاق» يولى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 1482.77 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ، «خەلق» يولىنىڭ غەربىي جەنۇبىي يان تەرىپىگە جايلاشقان. يولىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە جىگان يېمەكلىك زاۋۇتى، يېمەكلىك شىركىتى، قەشقەر يول ئاسراش باش ئۆچاستكىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۆچاستكىسى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى، يەم - خەشەك زاۋۇتى بار؛ يولنىڭ سول تەرىپىدە يۇقۇملۇق كېسەللەردىن مۇداپىئەلىنىش پونكىتى، سودا ئىدارىسى، نېفىت شىركىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى، كىنوخانا، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى بار.

«مەدەنىيەت» يولى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 780.46 مېتىر كېلىدۇ. يولنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسى، تۆرۈۋا سۈيى شىركىتى بار؛ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ بار.

شوغوز يولى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان، «خەلق» يولىنىڭ غەربىي شىمالىي يان تەرىپىگە جايلاشقان. يولنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە مال دوختۇرلۇق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ ئامبىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بار؛ يولنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدە ناھىيىلىك كۆچەتخانا، ئۆلچەم - ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى،

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارمىقى بار.

زەمىن يولى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 914.22 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يول ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالى بىلەن «خەلق» يولى، «ئىتتىپاق» يولى كېسىشكەن جايغا جايلاشقان. يولنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى ۋە كېسەلخانا بىناسى، رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار، شەرقىي شىمال تەرىپىدە مېتال بۇيۇملار شىركىتى، تۆمۈر ئەسۋابلار كوپېراتىپى، نېفىت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

تۆۋەنكى شوغوز يولى، ئۇزۇنلۇقى 648.23 مېتىر كېلىدۇ.

1990 - يىلى ناھىيە بازىرىدا ئۇن زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتى (1989 - يىلى ناھىيىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ جىغان يېمەكلىك زاۋۇتى دەپ ئاتالدى)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، تۆمۈر ئەسۋاب زاۋۇتى، ياغاچ سايمانلار زاۋۇتى، قويىمچىلىق زاۋۇتى، پامىر مېۋە - چېۋە زاۋۇتى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ياغ زاۋۇتى قاتارلىق 30 نەچچە كىچىك كارخانا بار، يەنە دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا تور - نۇقتىسىدىن 176 سى بار. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي يان تەرىپىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى بار، ھەر بازار كۈنى (ھەر يەكشەنبە كۈنى) دە بازار سودىسىنىڭ كۈنلۈك پۈتۈشۈش سوممىسى1980- يىلدىكى 14 مىڭ 100 يۈەندىن 1985 - يىلى 88 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.24 ھەسسە ئاشتى. ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، 1986 — 1990 - يىلغىچە بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما يىلمۇيىل ئېشىپ، ناھىيىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ناھىيە بازىرىدا تۇرۇبا سۈيى شىركىتى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى بار. ئاپتوبۇسلار قەشقەر شەھىرى ۋە ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا - بازارلارغا بىۋاسىتە قاتنايدۇ.

80 - يىللاردىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى. 80 - يىللاردىن كېيىن ئوقۇتۇش، ئىشخانا، تۇرالغۇ ئۆي، ئامبار، ئىشخانا، ئاممىۋى ئورۇنلار، ئوچۇن 30 نەچچە بىنا سېلىندى.

ناھىيە بازىرىدا 3 ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، بىر كەسپىي تەربىيىلەش مەكتىپى، 2 يەسلى، بىر كىنوخانا، 2 چىراغلىق ۋاسكېتبول مەيدانى، مەدەنىيەت يۇرتى، قىرائەتخانا، «شىنخۇا» كىتابخانىسى ۋە ھەرخىل توپ پائالىيەت سورۇنلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەردىن مۇداپىئەلىنىش پونكىتى، ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قاتارلىق سەھىيە - تېبىبىي داۋالاش ئاپپاراتى بار.

## § 2 . يېزىلار

### 1. ئوپال يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي يېنىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقى سايباغ يېزىسىغا يانداشىپ تۇرىدۇ، گەز دەرياسى ئارقىلىق تېرىم يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەربى ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن قوشنا، شىمالى قومالتاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ زەمىن يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 28 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 54 كىلومېتىر، كۆلىمى 1117.86 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 56 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يېرى بار، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇگمەنبېشى كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 31 كىلومېتىر (تاشيول مۇساپىسى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) كېلىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ شىمالى تاغقا يېقىن، غەربىي جەنۇبى سايلىق، شەرقى گەز دەرياسى سۇ ئېقىنىدىن ھاسىل بولغان ئېقىندى تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە، غەربىي جەنۇبى ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس، ئېگىز - پەسلىك پەرقى چوڭراق. مۇرەككەپ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىلارنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك شەكلى كۆپ خىل گېئومورفولوگىيىلىك بىرلىكى مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغان. ھەزرىتى موللام تېغى ئۆزۈلمە قاتلىمى يېزا زېمىنىنى جەنۇبتىن شىمالغا ئۆزۈنىسىغا كېسىپ ئۆتكەچكە، يەر ئاستى سۇ يوللىرى توسۇلۇپ قېلىپ كۆپلىگەن تاشما بۇلاقلار ھاسىل بولغان. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى نىسبەتەن تەكشى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1370 — 1500 مېتىرغىچە ئېگىز، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10℃، قىروسىز مەزگىلى 196 كۈن. گەز دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان قىسمەن يەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسىم يېرى يەر ئاستى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، يەرلىرىنىڭ ھوسۇلى بىرقەدەر مۇقىم. تۇپراق تىپى جەھەتتە، تاغلىق رايونلاردىكى 1 مىليون 290 مىڭ 905 مو ئوچۇق جىنسلىق تۇپراقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە 88 مىڭ 735 مو تىنما تۇپراق، 4085 مو زەي تۇپراق، 37 مىڭ 700 مو چىملىق تۇپراق، 3455 مو سازلىق تۇپراق، 118 مىڭ 685 مو شورلۇق تۇپراق، 18 مىڭ 200 مو قۇم - بوران تۇپراق، 125 مىڭ 122 مو قوڭۇر قۇم تۇپراق تارقالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەر قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە 6 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگدىن بىرنى، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگىدىن بىرنى قويۇپ، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ جاي يەنىلا ناھىيىگە قاراشلىق 9 كەنتنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭغا 9 كەنت قارايتتى. مىنگو دەۋرىدە بۇ يەر رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بۇ يېزىغا 10 باۋ، 163 جيا قارىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ئوپال رايونى قۇرۇلدى، 1958 - يىلى ئوپال خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، 1984 - يىلى ئوپال يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزا بويىچە 15 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 137 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 5381 ئائىلە، 23 مىڭ 718 نوپۇس بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار نوپۇسى 3.53% نى، يېزا نوپۇسى 96.47% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇر 23 مىڭ 604، قىرغىز 73، خەنزۇ 35، ئۆزبېك 6.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8406.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 161.7 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 458 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 35.78 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 273.3 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 124.2 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 39 مىڭ 300 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.39% كە، قولدا قالغان چارۋا 27 مىڭ 800 تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 18، ئىشچى - خىزمەتچىسى 255 بولۇپ، كىرىمى 216 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك كىرىمى 6 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 144.89 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 20 سودا - تور نۇقتىسى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 646 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 14 يۈك ئاپتوموبىلى، 45 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 4150 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ، 4153 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 10 مىڭ 799 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 220.8 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 875 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 67 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 259 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 235 كىلوگرامغا يەتتى. قولدا 37 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. يېزا بويىچە بىر يۈك ئاپتوموبىلى، 143 رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار بولدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 435.58 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 2 ئوتتۇرا مەكتەپ، 16 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق

پونكىتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىكى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزا شىپاخانىسى، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسەلەر بار.

ئوپال يېزىسىدا قەدىمكى يادىكارلىقلار خېلى كۆپ، ئوپۇلات كەنتىدە ئاقتالا يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى خارابىلىكى، بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى بار.

## 2. تاشمىلىق يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقىي جەنۇبى ئادامتاشتاغ، قىزىلاقتاغ جىلغىسى ئارقىلىق ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربى گەز دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ ئوپال يېزىسى بىلەن ئۆزئارا قارىشىپ تۇرىدۇ، شىمالى تېرىم يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 17 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى 333.14 كۋادرات كىلومېتىر، 42 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت غىلدىرلاڭ كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 5 .33 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا گەز دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان، جەنۇبىي قىسمى تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل - يېغىننىڭ يىمىرىشىگە ئۇچرايدۇ، يېرىنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقى زور، يەر شەكلى ئۆۋەندىلاردىن تەركىب تاپقان. يېرىنىڭ غەربى ئېگىز، شەرقى پەس، يانتۇلۇقى ئەڭ زور بولغاندا 28/500 كە، ئادەتتە 15/1000 كە يېتىدۇ. تېرىلغۇ يېرى دېڭىز يۈزىدىن 1470 — 1600 مېتىرغىچە ئېگىز. تۇپرىقىنىڭ كۆپىنچىسى تىنما تۇپراق، ئۇنىڭ ئەترابى قوڭۇر چۆل تۇپراق ۋە قۇم - بوران تۇپراقتىن تەركىب تاپقان. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.5℃ — 11℃، قىروسىز مەزگىلى 190 كۈن. سېكۇنتىغا 15 .0 كۇب مېتىر ئاقىدىغان سۇ مەنبەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى گەز دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 32 مىليون 296 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 550 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى. يېزا تەۋەسىدە قېزىلما بايلىقلاردىن تاشتۇز، گىپىس، ھاك تېشى بار.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەر قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق مۇسۇلمانلار كەنتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە 5 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگدىن بىرنى، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگىدىن بىرنى قويۇپ بۇ يەرنىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ جاي يەڭىلا ناھىيىگە قاراشلىق 9 مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى بولغان. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا 21 كەنت قارىغان. مىنگو دەۋرىدە بۇ يەردە رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرغان. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بۇ يېزىغا 10 باۋ، 163 جيا قارىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى، 1958 - يىلى تاشمىلىق خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، 1984 - يىلى تاشمىلىق يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزا بويىچە 14 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 98 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 4132 ئائىلە، 18 مىڭ 628 نوپۇس بار بولدى، بازار نوپۇسى 4.02% نى، يېزا نوپۇسى 95.98% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 18 مىڭ 487، قىرغىز 96، خەنزۇ 34، تاجىك 11.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 5 .5253 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 2 .147 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 5 .168 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 4 .23 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 85 .216 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 3 .82 كىلوگرامغا يەتتى. ئورمان كۆلىمى 19 مىڭ 400 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3.88% كە، قولدا قالغان چارۋا 28 مىڭ 400 تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 19 غا،

ئىشچى - خىزمەتچىسى 130 غا، كىرىمى 180 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك كىرىمى 4 مىليون 395 مىڭ 500 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 170 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 28 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 6 يۈك ئاپتوموبىلى، 37 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 1168 ئېشەك، ئات هارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 12 باشلانغۇچ مەكتەپ، 2737 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 5881 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 161.1 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 563 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 46.9 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 282 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 20.1 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 30 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە يۈك ئاپتوموبىلى 4 كە يەتتى. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 377.39 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 13 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۆن - ياغ زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزېلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسىلەر بار.

## 3. تېرىم يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ئاقتۇ ناھىيىسىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى ئوپال يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى تاشمىلىق يېزىسىغا قوشنا، شىمال تەرىپى بۇلاقسۇ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 11 كىلومېتىر، كۆلىمى 109.25 كۋادرات كىلومېتىر. 12 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يېرى بار، يېزىلىق هۆكۈمەت بايى مەھەللىسى كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 24.75 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا گەز دەرياسىدىن هاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، تېرىلغۇ يېرى دېڭىز يۈزىدىن 1400 — 1470 مېتىر ئېگىز، ئەتراپى شېغىللىق چۆللەر بىلەن ئورالغان. يېرى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ. تۇپرىقى ئاساسەن تىنما تۇپراق ۋە قوڭۇر چۆل تۇپراقتىن تەركىپ تاپقان، ئورگانىك ماددا مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10℃ — 11℃، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 193 كۈن. يېرى گەز دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 10 مىليون 432 مىڭ 800 كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، هەرمو يەرگە 500 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

بۇ يېزا 50 - يىللاردا بورختاي رايونى (هازىرقى بۇلاقسۇ يېزىسى) غا قارايتتى، 1959 - يىلى تاشمىلىق خەلق گۇڭشېسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى تېرىم يېزىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى بۇ يېزىغا 4 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 21 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارىدى، يېزا بويىچە 749 ئائىلە، 3273 نوپۇس بار، يېزا نوپۇسى 97.74% نى، بازار نوپۇسى 2.26% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 3258، قىرغىز 15.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 1001.5 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 137.3 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 38 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 31.1 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 57 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 40.7 كىلوگرامغا يەتتى. ئورمان كۆلىمى 7700 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.7% كە، قولدا قالغان چارۋا 4800 تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 4 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 12 گە، كىرىمى 5000 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 728 مىڭ 900 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 117.25 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر يۈك ئاپتوموبىلى، 5 رېزىنكە چاقلىق تراكتور،

151 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 باشلانغۇچ مەكتەپ، 572 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 1497.7 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 213.9 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 144 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 41.1 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 89 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 98 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 7000 تۇياققا؛ دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 434.63 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، ئەمىنات، سودا كوپىراتىپى، ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆزنۈپخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسىلەر بار.

## 4. بۇلاقسۇ يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا، گەز دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ئاقتۇ ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى تېرىم يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەرب تەرىپى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قارا كېچەك يېزىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى گەز دەرياسى ئارقىلىق سايباغ يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، كۆلىمى 200.41 كۋادرات كىلومېتىر. 70 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت دەسۇ كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 14.75 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا گەز دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىغا ۋە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەككە جايلاشقان. يېرى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ. بۇ يېزىدا غەربتىن شەرققە قاراپ قوڭۇر چۆل تۇپراق، تىنما تۇپراق، زەي تۇپراق، چىملىق تۇپراق، سازلىق تۇپراق ۋە شورلۇق تۇپراق تارقالغان. تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.89% كە يېتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، قىروسىز مەزگىلى 206 كۈن. سۇ مەنبەسى جەھەتتە، كەنتتىكى ئازراق بۇلاق سۈيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېرىلغۇ يەرلەر ئاساسەن گەز دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 67 مىليون 93 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 550 — 1100 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

مىنگو دەۋرىدە بۇيەر بورختاي دېيىلگەن، يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ جايدا ئىدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بۇ يېزىغا 11 باۋ، 211 جيا قارىغان، ھازىرقى بۇلاقسۇ، تېرىم يېزىلىرى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قارا كېچەك يېزىسى قاتارلىق جايلار ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى بورختاي رايونى قۇرۇلدى. 1958 - يىل 9 - ئايدا بۇلاقسۇ خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى، 1984 - يىلى بۇلاقسۇ يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى بۇ يېزىغا 16 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 140 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 5954 ئائىلە، 25 مىڭ 408 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى 97.28% نى، بازار نوپۇسى 2.72% نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 25 مىڭ 155، قىرغىز 246، خەنزۇ 4، ئۆزبېك بىر.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8801 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 135.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 376.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 37.65 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 376 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 83.56 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 38 مىڭ 400 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 12.9% كە، قولدا قالغان چارۋا 33 مىڭ 900 تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 25 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 330 غا، كىرىمى 525 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 6 مىليون 247 مىڭ 100 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 138.97 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 20 سى بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 116 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. يېزا

بويىچە 15 يۈك ئاپتوموبىلى، 66 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 4325 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 15 باشلانغۇچ مەكتەپ، 3965 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 10 مىڭ 112 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 180.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 875 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 49.7 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 434 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 217 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 40 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە ئوتتۇرا، كىچىك تراكتوردىن 134 ى بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 368.40 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 16 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، باغ زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۈزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات، مۇئەسسەسىلەر بار.

## 5. سايباغ يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي بازار ئەتراپىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە يانداشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى ئوپال يېزىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇب تەرىپى گەز دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ بۇلاقسۇ يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ، شىمال تەرىپى زەمىن، ئوغۇساق يېزىلىرى بىلەن قوشنا. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 12.5 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى 210.47 كۋادرات كىلومېتىر، 67 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت لەڭگەر كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 4 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسى بىلەن گەز دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمى ۋە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەك بەلۋاغقا جايلاشقان. يېرى غەربتىن شەرققە پەسىيىپ بارىدۇ، ئوتتۇرىچە يانتۇلۇقى 6.2/1000 كېلىدۇ، دېھقانچىلىق رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1300 — 1400 مېتىرغىچە ئېگىز. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃، قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن. تۇپراق تىپى تاغلىق رايوندىكى 85 مىڭ 196 مو ئوچۇق جىنسلىق تۇپراقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە تىنما تۇپراق كۆلىمى 107 مىڭ 35 موغا، زەي تۇپراق كۆلىمى 28 مىڭ 84 موغا، سازلىق تۇپراق كۆلىمى 9954 موغا، چىملىق تۇپراق كۆلىمى 41 مىڭ 340 موغا، شورلۇق تۇپراق كۆلىمى 15 مىڭ 667 موغا، قۇم - بوران تۇپراق كۆلىمى 6690 موغا، قوڭۇر چۆل تۇپراق كۆلىمى 13 مىڭ 746 موغا يېتىدۇ. سۇ مەنبەسى جەھەتتە، گۆلچىمەن قاتارلىق كەنتلەر گەز دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن يەر سۇغارغاندىن باشقا، قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 74 مىليون 469 مىڭ 900 كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 500 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ يەر توققۇزاق كەنتىگە تەۋە ئىدى. مىنگو دەۋرىدە توققۇزاق يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ جاي توققۇزاق رايونىغا تەۋە بولدى. 1959 - يىلى توققۇزاق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى قۇرۇلدى. كېيىنكى يىلى بۇ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سايباغ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى سايباغ رايونى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى، 1984 - يىلى سايباغ يېزىسى دەپ ئاتالدى. 1985 - يىلى يېزىغا 17 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 139 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 5399 ئائىلە، 21 مىڭ 789 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى 97.16% نى، بازار نوپۇسى 2.84% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 21 مىڭ 718، خەنزۇ 7، تاجىك بىر.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 7322.5 تونناغا، بىرلىك ھوسۇلى 159.6 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 463.5 تونناغا، بىرلىك ھوسۇلى 63.38 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 248.5 تونناغا، بىرلىك ھوسۇلى 95.58 كىلوگرامغا يەتتى. 68 مىڭ 700 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 21.77%؛ قولدا قالغان چارۋا 32 مىڭ 300 تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 10 نى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 116 گە، كىرىمى 214 مىڭ 900 يۈەنگە؛ يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 5 مىليون 452 مىڭ 900 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 155.28 يۈەنگە يەتتى. سودا - تور - نۇقتىسىدىن 23 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 774 مىڭ يۈەن بولدى. يېزا بويىچە 6 يۈك ئاپتوموبىلى، 50 چولڭ، كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 2447 ئېشەك، ئات هارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 15 باشلانغۇچ مەكتەپ، 2782 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 9380.8 تونناغا، بىرلىك ھوسۇلى 151.3 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 836 تونناغا، بىرلىك ھوسۇلى 47.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 410 تونناغا، بىرلىك ھوسۇلى 41 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 38 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 16 يۈك ئاپتوموبىلى، 142 ئوتتۇرا، كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 367.23 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 16 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۈتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسەلەر بار.

## 6. زەمىن يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ئوغۇساق يېزىسىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى قۇمالتاغ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى ئارقىلىق ئايرىلىپ ئوپال يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى سايباغ يېزىسى بىلەن قوشنا، شىمال تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ مۇش، لەڭگەر، پاختەكلە يېزىلىرى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 41 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 9 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر كۆلىمى 221.07 كۋادرات كىلومېتىر، 55 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق هۆكۈمەت كوچا مەھەللىسى كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. يېرىنىڭ غەربىي ئېگىز، شەرقى پەس، غەربىي تار، شەرقى كەڭ، ئۇزۇنچاق شەكىلدە. دېھقانچىلىق رايونى دېڭىز يۈزىدىن 1330 — 1500 مېتىرغىچە ئېگىز، ئوتتۇرىچە يانتۇلۇقى 7/1000 كېلىدۇ. تۇپراق تىپى جەھەتتە، تاغلىق رايونلاردىكى 167 مىڭ 233 مو ئوچۇق جىنىسلىق تۇپراقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېزا بويىچە 112 مىڭ 632 مو تىنما تۇپراق، 51 مىڭ 747 مو قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃، قىروسىز مەزگىلى 210 كۈن. يېرى پۈتۈنلەي قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 55 مىليون 737 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 600 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

بۇ يېزا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە توققۇزاق كەنتىگە تەۋە ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1953 - يىلى زەمىن رايونى توققۇزاقتىن ئايرىلىپ چىقتى. 1958 - يىلى زەمىن خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى، 1959 - يىلى زەمىن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالدى، 1960 - يىلى 11 - ئايدا گوڭشې ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە رايون بولۇپ قۇرۇلدى، 1984 -

يىلى يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزىغا 15 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 95 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 3898 ئائىلە، 15 مىڭ 458 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى %96.6 نى، بازار نوپۇسى %3.4 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 15 مىڭ 442، خەنزۇ 7، قىرغىز ۋە تاجىك 9.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 6201.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 181.7 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 325.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 47.88 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 269.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 117.17 كىلوگرامغا يەتتى. 29 مىڭ 200 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %8.8 كە؛ قولدا قالغان چارۋا 19 مىڭ تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 12 سى بار بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 107 گە، كىرىمى 275 مىڭ 600 يۈەنگە؛ يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 5 مىليون 245 مىڭ 500 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 200.8 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - ئورۇنلىرىدىن 21 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 773 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 4 يۈك ئاپتوموبىلى، 44 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 3034 ئېشەك، ئات ھارۋىسى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 10 باشلانغۇچ مەكتەپ، 2501 ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 7120.8 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 183.5 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 620 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 56.4 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 316 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 137.3 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 28 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 4 يۈك ئاپتوموبىلى، 86 ئوتتۇرا - كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 418.84 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 13 باشلانغۇچ مەكتەپ يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزېلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسەلەر بار.

## 7. ئوغۇساق يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە يانداپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى زەمىن يېزىسىغا تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى ساياغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ پاختەكلە يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 6.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 63.71 كۋادرات كىلومېتىر، 26 مىڭ 100 مو تېرىلغۇ يېرى بار، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇستەڭبويى كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 8 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىغا ۋە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەك بەلۋاغقا جايلاشقان، يېرى غەربتىن شەرققە پەسىيىپ بارىدۇ. تۇپراق تىپى جەھەتتە، 38 مىڭ 997 مو تىنما تۇپراق، 16 مىڭ 10 مو زەي تۇپراق، 914 مو سازلىق تۇپراق، 23 مىڭ 308 مو چىملىق تۇپراق، 13 مىڭ 206 مو شورلۇق تۇپراق، 2941 مو قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. تېرىلغۇ يەر تۇپرىقى تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %0.47 نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن. يېرى ئاساسەن قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 43 مىليون 113 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 500 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

ئوغۇساق يېزىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە توققۇزاق كەنتىگە قارىغان، يېڭى جۇڭگو

قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى توقۇززاق رايونىغا قارىغان. 1959 - يىلى توقۇززاق گۇڭشېسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ گۇڭشې قىلىندى. 1973 - يىلى 4 چوڭ ئەترەت ئايرىپ چىقىلىپ يېڭى قۇرۇلغان پاختەكلە گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. 1983 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە رايون قىلىپ قۇرۇلدى، 1984 - يىلى ئوغۇساق يېزىسى دەپ ئاتالدى. 1985 - يىلى يېزىغا 8 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 60 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 2714 ئائىلە، 11 مىڭ 362 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى 95.43% نى، بازار نوپۇسى 4.57% نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 11 مىڭ 359، خەنزۇ 3.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 4094 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 170.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 292.5 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 44.3 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 96.5 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 96.5 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 23 مىڭ 500 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 24.64% كە، قولدا قالغان چارۋا 13 مىڭ 800 تۇياققا؛ يېزا - بازار كارخانىسى 12 گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 191 گە، كىرىمى 313 مىڭ 600 يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك كىرىمى 3 مىليون 207 مىڭ 500 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 183.73 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن18ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 5 يۈك ئاپتوموبىلى، 39 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 1310 ئېشەك، ئات هارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 8 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1687 ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 5529 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 207.1 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 487 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 56.6 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 21.40 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 71.3 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 19 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 16 يۈك ئاپتوموبىلى، 77 ئوتتۇرا - كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار بولدى. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 403.34 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 8 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسەلەر بار.

## 8. پاختەكلە يېزىسى

بۇ يېزا ناهىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى قەشقەر يېڭىشەھەر ناهىيىسىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى قىزىل دەرياسىنىڭ ئاساسلىق ئېقىنىنى پاسىل قىلىپ زەمىن، لەڭگەر يېزىلىرى بىلەن قوشنا، جەنۇب تەرىپى تەلۋىچۇك دەرياسى ئارقىلىق ئوغۇساق يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق سەمەن يېزىسى، قەشقەر شەھىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، كۆلىمى 39.95 كۋادرات كىلومېتىر، 22 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق هۆكۈمەت ئۈستەڭبويى كەنتىدە بولۇپ، ناهىيە بازىرىغا 14.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسى بىلەن تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان. يېرى غەربتىن شەرققە پەسىيىپ بارىدۇ، يەر تۈزۈلۈشى پەسرەك، تۈز، يانتۇلۇقى 1/350 — 1/700 كېلىدۇ. تۇپراق تىپى جەھەتتە 4139 مو تىنما تۇپراق، 23 مىڭ 683 مو زەي تۇپراق، 16 مىڭ 186 مو شاللىق تۇپراق، 347 مو سازلىق تۇپراق، 483 مو چىملىق تۇپراق، 1298 مو يېڭى تىنما تۇپراق، 13 مىڭ 794 مو قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن. يېزا تەۋەسىدىكى

بۇلاق سۇلىرى ئۆزۈن ئېقىن ھاسىل قىلغان، بۇ يېزا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە شۇندافلا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئاساسلىق شالچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. مىنگو دەۋرىدە بۇ يېزىنىڭ كۆپ ساندىكى كەنتلىرى سەمەن يېزىسىغا تەۋە ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى سەمەن رايونىغا قارىدى، 1958ـ يىلى سەمەن گۇڭشېسىغا قارىدى. كېيىن نەچچە قېتىم تەڭشەپ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش ئارقىلىق، 1973 ـ يىل 10 ـ ئايدا سەمەن ۋە ئوغۇساق گۇڭشېلىرىدىن 7 چوڭ ئەترەت ئايرىپ چىقىلىپ پاختەكلە گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى پاختەكلە يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى بۇ يېزىغا 7 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 42 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 2457 ئائىلە، 10 مىڭ 567 نوپۇس قارىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى %95.81 نى، بازار نوپۇسى %4.19 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇر 10 مىڭ 535، ئۆزبېك 26، خەنزۇ 6.

پاختەكلە يېزىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يەر ئىسلاھاتىنى ئەڭ بالدۇر ئېلىپ بارغان يېزا. 1952 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا يېزىدىكى دېھقانلار رەئىس ماۋ زېدۇڭغا داستان شەكلىدە بىر پارچە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «سىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مول ھوسۇل ئېلىش شوئارى ئاستىدا يەنىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆزەڭلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلىشىڭلارنى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا، ئۆزەڭلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشۇڭلارنى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب خەت يازدى.

1985 ـ يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 5598.5 تونىنغا، بىرلىك ھوسۇلى 310.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 127 تونىنغا، بىرلىك ھوسۇلى 42.3 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئېتىز ئەتراپىغا يافلىق دان تېرىلىپ 17 توننا ھوسۇل ئېلىندى. ئورمان كۆلىمى 6600 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %10.9 كە؛ قولدا قالغان چارۋا 9400 تۇياققا؛ يېزا ـ بازار كارخانىسى 35 كە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 290 گە، كىرىمى 102 مىڭ 400 يۈەنگە؛ يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 3 مىليون 359 مىڭ 400 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 212.57 يۈەنگە يەتتى. سودا تور ـ نۇقتىسىدىن 13 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 489 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 6 يۈك ئاپتوموبىلى، 49 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 3267 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 7 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1876 ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

1990 ـ يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8798 تونىنغا، بىرلىك ھوسۇلى 336.72 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 21 تونىنغا، بىرلىك ھوسۇلى 52.5 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 15 تونىنغا، قولدا قالغان چارۋا 13 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 11 يۈك ئاپتوموبىلى، 115 ئوتتۇرا ـ كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار بولدى. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 479.84 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 10 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## 9. سەمەن يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى قەشقەر شەھىرىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى لەڭگەر يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ پاختەكلە يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شىمال تەرىپى تۈمەن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق ئېقىنى ئارقىلىق خانقى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 7 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5 كىلومېتىر، كۆلىمى 31.02 كۋادرات كىلومېتىر، 20 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت دۆڭچۆچى

كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 18 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، تۇپرىقى ئاساسەن تىنما تۇپراق، ئۇنىڭدىن قالسا زەي تۇپراق ۋە شاللىق تۇپراق بار. تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3.06% كە يېتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، قىرو‌سىز مەزگىلى 221 كۈن. يېرى ئاساسەن قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 17 مىليون 184 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 550 — 1100 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يېزا قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە بۇ جاينىڭ يەرلىرىنىڭ مۇنبەت ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ناھىيە قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە 6 - دەرىجىلىك مىرابېگىدىن بىرنى، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگىدىن بىرنى قويۇپ، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۈ 9 - يىلى ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يېزا ناھىيىگە قاراشلىق 9 چوڭ مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى بولغان. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا 10 كەنت قارىغان. مىنگو دەۋرىدە رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ جايدا تۇرغان. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بۇ يېزىغا 15 باۋ، 292 جيا قارايدىغان بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى سەمەن رايونى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى سەمەن خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1964 - يىلى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى گۇڭشېنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سەمەن يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ يېزا 1953 — 1973 - يىلغىچە لەڭگەر، پاختەكلە ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ شامالباغ قاتارلىق رايون (گۇڭشې) لىرىدىن ئايرىلىپ چىققان. 1985 - يىلى يېزىغا 7 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 56 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 2547 ئائىلە، 11 مىڭ 970 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى 94.4% نى، بازار نوپۇسى 5.66% نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 11 مىڭ 946، خەنزۇ 24.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 3600.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 181.4 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 87 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 72.5 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 92.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 231.2 كىلوگرامغا يەتتى، ئورمان كۆلىمى 3800 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 8.17% كە يەتتى. قولدا 14 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 9 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 204 كە، كىرىمى 697 مىڭ 400 يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك كىرىمى 5 مىليون 104 مىڭ 400 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 286.18 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 21 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 15 يۈك ئاپتوموبىلى ۋە يۈك تراكتورى، 43 قول تراكتورى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 5 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1841 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 4188 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 388.8 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 67 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 83.8 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 8 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 126.6 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 19 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە ئوتتۇرا - كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتوردىن 132 سى بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 451.80 يۈەنگە يەتتى، يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 5 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇرۇق زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىكى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆزنەكخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسىلەر بار.

## 10. خاڭدى يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى قەشقەر شەھىرى بىلەن قوغان يېزىسىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى لەڭگەر يېزىسىغا تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى تۈمەن دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ سەمەن يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شىمال تەرىپى ئاقتاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 7 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى 64 كۋادرات كىلومېتىر، 14 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت نور بېشى كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 22 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا ئاقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، يېرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. تۇپراق تىپى جەھەتتە، ئاساسەن تىنما تۇپراق، قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6℃، قىروسىز مەزگىلى 220 كۈن. يېرى قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 11 مىليون 180 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 500 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ يېزا قوغان كەنتىگە تەۋە بولغان، مىنگو دەۋرىدە قوغان رايونى، قوغان يېزىسىغا تەۋە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى قوغان رايونىغا تەۋە بولدى، 1955 - يىلى سەمەن رايونىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1958 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1964- يىلى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى گۈڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، سەمەن گۇڭشېسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ خاڭدى يېزىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى يېزىغا 8 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 37 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1505 ئائىلە، 7363 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى 95.83% نى، بازار نوپۇسى 4.17% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 7356، خەنزۇ 5، ئۆزبېك 2. يېزا تەۋەسىدە قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن ئۈچ بۇرخان ئۆڭكۈرى بار.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 1935.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 162.1 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 71 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 59.17 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 21.15 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 52.9 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 7500 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.73% كە يەتتى. قولدا 9500 تۇياق چارۋا قالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2 گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 40 قا، كىرىمى 2 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە؛ يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 1 مىليون 893 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 181.33 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 4 يۈك ئاپتوموبىلى، 24 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 1405 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 5 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1226 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 2408 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 207.6 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 71 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 59.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 36 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 63 كىلوگرامغا يەتتى؛ قولدا 12 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى؛ يېزا بويىچە 5 يۈك ئاپتوموبىلى، 40 ئوتتۇرا، كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 419.86 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 6 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسەلەر بار.

## 11. لەڭگەر يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى سەمەن، خاڭدى يېزىلىرى بىلەن ياندىشىپ

تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى مۇش يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ زەمىن، پاختەكلە يېزىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى ئاقتاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ ئاتۇش شەھىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 16 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتىر، كۆلىمى 259.57 كۋادرات كىلومېتىر، 33 مىڭ 600 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت لەڭگەر كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 34 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قومالتاغ بىلەن ئاقتاغنىڭ كۆڭگەي تەرىپىدىكى قىيپاش تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. يېرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، ئوتتۇرىچە يانتۇلۇقى 6.4/1000 كېلىدۇ، دېھقانچىلىق رايونى دېڭىز يۈزىدىن 1320 — 1410 مېتىر ئېگىز بولۇپ، سىزىقسىمان ئېروزىيىلىك ھالەتتە يېتىلگەن، يەر شەكلى كېسىلىپ ئۇۋاقلىنىپ كەتكەن، تاغقا يېقىن دېھقانچىلىق رايونىنىڭ تۇپا قاتلىمى بىرقەدەر نېپىز. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.3℃، قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن. تاغلىق رايوندىكى ئوچۇق جىنسلىق تۇپراقتىن باشقا، 89 مىڭ 507 مو تىنما تۇپراق، 2662 مو شاللىق تۇپراق، 320 مو سازلىق تۇپراق، 75 مىڭ 979 مو قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا 0.43% — 3.22% كە يېتىدۇ. يېرى قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 30 مىليون 878 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 600 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

بۇ يېزا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگو دەۋرىدە سەمەن كەنتىگە تەۋە ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى يەنە سەمەن رايونىغا تەۋە بولدى. 1953 - يىلى سەمەن رايونىدىن ئايرىپ چىقىلىپ لەڭگەر رايونى قىلىپ قۇرۇلدى. 1958 - يىلى لەڭگەر خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى، 1984 - يىلى لەڭگەر يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزىغا 9 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 80 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 2820 ئائىلە، 11 مىڭ 874 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى 95.17% نى، بازار نوپۇسى 4.83% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇر 11 مىڭ 861، خەنزۇ 12، ئۆزبېك بىر.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 4903 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 185.7 كىلوگىرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 262.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 42.34 كىلوگىرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 202.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 155.8 كىلوگىرامغا يەتتى. ئورمان كۆلىمى 20 مىڭ 600 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.29% كە يەتتى؛ قولدا 20 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى؛ يېزا - بازار كارخانىسى 6 گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 34 كە، كىرىمى 99 مىڭ 400 يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك كىرىمى 3 مىليون 633 مىڭ 400 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 203.66 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 12 سى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 624 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 7 يۈك ئاپتوموبىلى، 50 چوڭ - كىچىك تراكتور، 2850 ئېشەك، ئات ھارۋىسى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 8 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1932 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 696 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 205.6 كىلوگىرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 465 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 61.2 كىلوگىرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 255 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 62.5 كىلوگىرامغا يەتتى؛ قولدا 24 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى؛ يېزا بويىچە 8 يۈك ئاپتوموبىلى، 100 ئوتتۇرا-كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 495.67 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 9 باشلانغۇچ مەكتەپ يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، قوشۇمچە يېمەكلىك زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزېلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسەلەر بار.

## 12. مۇش يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى لەڭگەر يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ زەمىن يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ، غەرب ۋە شىمال تەرىپى قاراتاغ، بوزتاغ، ئاقتاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ ئۇلۇغچات ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرى بىلەن قوشنا. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 29 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى 693.07 كۋادرات كىلومېتىر، 38 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت گۈمبەز ئالدى كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 54.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ زېمىنى قىزىل دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان، يېرى غەربتىن شەرققە پەسىيىپ بارىدۇ، شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى 7.14/1000 كېلىدۇ. دېھقانچىلىق رايونى دېڭىز يۈزىدىن 1401 — 1510 مېتىر ئېگىز، مىڭيول كەنتى دېڭىز يۈزىدىن 1700 — 1750 مېتىر ئېگىز، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن 3244 مېتىر ئېگىز) مۇشۇ كەنتنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تاغلىق رايوندىكى ئوچۇق چىمەنلىق تۇپراقتىن باشقا 74 مىڭ 515 مو تىنما تۇپراق، 75 مو شورلۇق تۇپراق، 62 مىڭ 410 مو قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10°C، قىروسىز مەزگىلى 194 كۈن. يېرى قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 39 مىليون 447 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 600 — 1100 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى. تاغلىق رايونلاردا ئالتۇن، نېفىت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار.

مۇش يېزىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە مۇش كەنتىگە قارايتتى، مىنگونىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە سەمەن يېزىسىغا ئايرىپ بېرىلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەمەن رايونىغا قارايدىغان بولدى. 1953 - يىلى لەڭگەر رايونىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1965 - يىلى لەڭگەر يېزىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، مۇش گۇڭشېسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1984 - يىلى مۇش يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزىغا 9 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 63 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1866 ئائىلە، 8945 نوپۇس قارايدى؛ يېزا نوپۇسى 95.74% نى، بازار نوپۇسى 4.26% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇر 8809، قىرغىز 127، ئۆزبېك 9.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 3546.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 152.7 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 102 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 26.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 144.4 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 51.57 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 24 مىڭ موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.3% كە يەتتى؛ قولدا 22 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 15 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 73 كە، كىرىمى 82 مىڭ 500 يۈەنگە؛ يېزا ئىگىلىك كىرىمى 2 مىليون 374 مىڭ 500 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 155.71 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 13 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 577 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 3 يۈك ئاپتوموبىلى، 13 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 1568 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 8 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1608 ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 4634 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 182.4 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 279 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 68.05 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 250 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 83.3 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 25 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 64 ئوتتۇرا، كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 408.35 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 8 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت

پونكىتى، رادىئو ئۈزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسەلەر بار.

## 13. قوغان يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى بەشكېرەم، ئاۋات يېزىلىرى بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى قەشقەر شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شىمال تەرىپى ئاتۇش شەھىرىنىڭ زېمىنىغا تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 6 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، كۆلىمى 82.94 كۋادرات كىلومېتىر، 40 مىڭ 600 مو تېرىلغۇ يېرى بار، يېزىلىق ھۆكۈمەت ھەزرەت كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 20 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا كەلكۈندىن ھاسىل بولغان تىنما قاناتنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقان، يېرى دېڭىز يۈزىدىن 1270 — 1470 مېتىر ئېگىز، يېرى شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، تاغ كەلكۈنىدىن ھاسىل بولغان يالاڭما جىلغىلار كۆپ، يەر شەكلى كېسىشىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. 65 مىڭ 377 مو تىنما تۇپراق، 12 مىڭ 292 مو زەي تۇپراق، 597 مو شاللىق تۇپراق، 4530 مو چىملىق تۇپراق، 39 مىڭ 493 مو قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى $11.8^{\circ}C$، قىروسىز مەزگىلى 225 كۈن. يېرى قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 45 مىليون 456 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 550 — 1000 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

بۇ كەنت چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق چوڭ مۇسۇلمانلار كەنتى ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە بۇ جاينىڭ يەرلىرى مۇنبەت ئىدى دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە 6 - دەرىجىلىك مىرابېگىدىن بىرنى، 6 - دەرىجىلىك مىڭبېگىدىن بىرنى قويۇپ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ جاي يەنىلا ناھىيىگە قاراشلىق 9 مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا 23 كەنت قارايتتى. مىنگو دەۋرىدە قوغان رايونى قوغان يېزىسى قىلىندى. 1958 - يىلى قوغان خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1964 - يىلى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1976 - يىل 1 - ئايدا يەنە قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1982 - يىلى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، لېكىن بۇرۇنقى 3 - چوڭ ئەترەت ۋە 17 -، 18 -، 19 -، 20 - چوڭ ئەترەتلەر يەنىلا قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1984 - يىلى قوغان يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزىغا 15 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 126 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 6029 ئائىلە، 25 مىڭ 673 نوپۇس قارايدى؛ يېزا نوپۇسى %97.28 نى، بازار نوپۇسى %2.72 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر 25 مىڭ 666، خەنزۇ 7.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 7225.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 155.6 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 375 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 51.48 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 149 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 496 كىلوگرامغا يەتتى. ئورمان كۆلىمى 10 مىڭ 500 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %8.47 كە، قولدا قالغان چارۋا 25 مىڭ 600 تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 19 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 109 غا، كىرىمى 529 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 6 مىليون 577 مىڭ 700 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 159.37 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 21 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 5 يۈك ئاپتوموبىلى، 59 رېزىنكە چاقلىق چوڭ - كىچىك تراكتور، 466 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ،

13 باشلانغۇچ مەكتەپ، 3762 ئوقۇغۇچى بار.

1990 ـ يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8334 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 178.8 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 620 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 40.77 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 344 توننىغا، بىرلىك هوسۇلى 63 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 28 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 12 يۈك ئاپتوموبىلى، 94 ئوتتۇرا ـ كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 430.38 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 2 ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۈزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا قاتارلىق ئاپپارات ـ مۇئەسسەسىلەر بار.

## 14. بەشكېرەم يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ئاقئاش يېزىسىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى قوغان يېزىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى ئاۋات يېزىسى بىلەن، شىمال تەرىپى ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، كۆلىمى 201.51 كۋادرات كىلومېتىر، 42 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت توقاي كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 33 كىلومېتىر كېلىدۇ.

يېزىنىڭ يېرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.4℃، قىروسىز مەزگىلى 230 كۈن. تۇپراق جەھەتتە تاغلىق رايونلاردىكى ئۈچۈق جىنسلىق تۇپراقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 65 مىڭ 55 مو تىنما تۇپراق، 8008 مو زەي تۇپراق، 13 مىڭ 254 مو چىملىق تۇپراق، 36 مىڭ 347 مو شورلۇق تۇپراق، 55 مىڭ 670 مو قۇمقۇر چۆل تۇپراق بار. تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا 0.6% — 2% كە يېتىدۇ. يېرى ئاساسەن قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن، ئۇنىڭدىن قالسا چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 ـ يىلى ئەمەلىيەتتە 63 مىليون 291 مىڭ 600 كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەرمو يەرگە 500 — 900 كۇب مېتىر سۇ توغرا كەلدى.

بۇ يەرنىڭ ئەزەلدىن «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دېگەن نامى بار. مېۋىلىرىنىڭ تۈرى، سۈپىتى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان پىستىمۇ بار.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەر قەشقەر شەھىرىگە تەۋە مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە 5 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگدىن بىرنى، 6 ـ دەرىجىلىك قازىبەگدىن بىرنى، 6 ـ دەرىجىلىك مىرابەگدىن بىرنى، 6 ـ دەرىجىلىك مىڭبېگىدىن بىرنى قويۇپ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ يېزا يەنىلا ناھىيىگە قاراشلىق 9 مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى بولغان، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا 32 كەنت قارايتتى. مىنگو دەۋرىدە بەشكېرەم رايونى قۇرۇلغان، كېيىن بەشكېرەم يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) بۇ يېزىغا 14 باۋ، 288 جيا قارىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1952 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى قۇرۇلدى، 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گۇڭشېسى قۇرۇلدى، 1976 ـ يىل 1 ـ ئايدا بۇ گۇڭشې قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى، 1982 ـ يىلى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى بەشكېرەم يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى يېزىغا 26 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 185 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 6516 ئائىلە، 29 مىڭ 530 نوپۇس قارايدۇ؛ يېزا نوپۇسى 96.9% نى، بازار نوپۇسى 3.1% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇر 29 مىڭ 371، خەنزۇ 130، قىرغىز، خۇيزۇ ۋە ئۆزبېك 29. يېزا تەۋەسىدە مۇرا بۇددا مۇنارى خانئۇي قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى قاتارلىق مەشھۇر

قەدىمىي يادىكارلىقلار بار.

1985 ـ يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 7283.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 139.8 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 221 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 55.53 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 247.9 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 225.4 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 23 مىڭ 700 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %7.85 كە، قولدا قالغان چارۋا 41 مىڭ 800 تۇياققا؛ يېزا ـ بازار كارخانىسى 23 كە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 92 گە، كىرىمى 154 مىڭ 600 يۈەنگە؛ يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 5 مىليون 481 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 123.23 يۈەنگە يەتتى. سودا تور ـ نۇقتىسىدىن 19 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 839 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 6 يۈك ئاپتوموبىلى، 36 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 81 قول تراكتورى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 20 باشلانغۇچ مەكتەپ، 5074 ئوقۇغۇچى بار.

1990 ـ يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8151 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 177.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 161 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 39.3 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 239 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 217 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 45 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 36 يۈك ئاپتوموبىلى، 56 ئوتتۇرا ـ كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 438.59 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 2 ئوتتۇرا مەكتەپ، 19 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۈن زاۋۇتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى قاتارلىق ئاپپارات ـ مۇئەسسەسەلەر بار.

## 15. ئاۋات يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبىي تەرىپى قوغان يېزىسى بىلەن، شىمال تەرىپى بەشكېرەم يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 8.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 67.84 كۋادرات كىلومېتىر، 46 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يېرى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت ناۋايكوچا كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 34 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسىدىن ھاسىل بولغان ئېقىندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، يېرى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1250 مېتىر ئېگىز. تۇپراق تىپى جەھەتتە، 80 مىڭ 238 مو تىنما تۇپراق، 7383 مو زەي تۇپراق، 10 مىڭ 330 مو چىملىق تۇپراق، 17 مىڭ 920 مو شورلۇق تۇپراق، 2496 مو قۇم ـ بوران تۇپراق، 3016 مو قوڭۇر چۆل تۇپراق بار. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.2℃، قىروسىز مەزگىلى 223 كۈن. يېرى قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1985 ـ يىلى ئەمەلىيەتتە 48 مىليون 980 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 500 — 900 كۇب مېتىر سۇ توغرا كەلدى.

بۇ يېزا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق مۇسۇلمانلار كەنتى ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە 6 ـ دەرىجىلىك مىراپبېگىدىن بىرنى، 7 ـ دەرىجىلىك مىڭبېگىدىن بىرنى قويۇپ، بۇ يەرنىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۇ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ناھىيىگە قاراشلىق 9 چوڭ مۇسۇلمانلار كەنتىنىڭ بىرى بولغان، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا 13 كەنت قارايتتى. مىنگو دەۋرىدە ئاۋات رايونى قۇرۇلغان، كېيىن ئاۋات يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) بۇ يېزىغا 11 باۋ، 231 جيا قارىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى قۇرۇلدى،

1958 - يىلى ئاۋات خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى. 1976 - يىل 1 - ئايدا بۇ گوڭشې قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1982 - يىلى قايتىدىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 - يىلى ئاۋات يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى بۇ يېزىغا 23 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 126 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 4877 ئائىلە، 21 مىڭ 862 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى 96.76% نى، بازار نوپۇسى 3.24% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇر 21 مىڭ 845، خەنزۇ 9، خۇيزۇ 8.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 7503.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 155 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 382.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 41.13 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 280.5 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 350.6 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 37 مىڭ موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 29.18% كە، قولدا قالغان چارۋا 30 مىڭ 800 تۇياققا؛ يېزا - بازار كارخانىسى 4 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 8 گە، كىرىمى 21 مىڭ يۈەنگە؛ يېزا ئىگىلىك كىرىمى 5 مىليون 688 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 186.87 يۈەنگە يەتتى؛ سودا تور - نۇقتىسىدىن 17 سى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 65 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ يېزا بويىچە 3 يۈك ئاپتوموبىلى، 68 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 3118 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 12 باشلانغۇچ مەكتەپ، 3109 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8521 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 117.9 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 620 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 53 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 344 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 49.1 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 35 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 21 يۈك ئاپتوموبىلى، 86 ئوتتۇرا - كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 396.91 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت سورۇنى قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەلەر بار.

## 16. يېڭىئۆستەڭ يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاققاش يېزىسى بىلەن، غەربىي شىمالىي تەرىپى ئاۋات يېزىسى بىلەن، غەرب تەرىپى قوغان يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرەپ قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15 كىلومېتىر، كۆلىمى 148.8 كۋادرات كىلومېتىر، 61 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى بار، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاچاتام كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 46.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسىدىن ھاسىل بولغان ئېقىندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، يېرى دېڭىز يۈزىدىن 1230 — 1250 مېتىر ئېگىز، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.1℃، قىروسىز مەزگىلى 227 كۈن. تۇپراق تىپى جەھەتتە تىنما تۇپراق، زەي تۇپراق، شورلۇق تۇپراق ۋە قۇم - بوران تۇپراق قاتارلىقلار بار. يەر ئاستى سۇ ئورنى ئادەتتە 3 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قايتا شورلىشىش خەۋپى ناھايىتى ئېغىر، يېرى تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ھەر لىتىر سۇ تەركىبىدىكى خلورىدلار 0.04 مىللىگرامغا، پارلىنىشچان فېنول 0.048 مىللىگرامغا يېتىپ، ئۆلچەمدىن 363 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن، بۇ ھال مۇشۇ يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. 1985 - يىلى ئەمەلىيەتتە 67 مىليون 798 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو

پەرگە 550 — 1000 كۇب مېتىر سۇ توغرا كەلدى.

چىلىك سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە بۇ يەر ئاۋات كەنتىگە قارىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ئاۋات رايونىغا تەۋە بولدى. 1953 - يىلى ئاۋات رايونىدىن ئايرىپ چىقىلىپ يېڭىئۆستەڭ رايونى بولۇپ قۇرۇلدى. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى. 1976 - يىل 1 - ئايدا بۇ گوڭشې قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1982 - يىلى قايتىدىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 - يىلى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزىغا 17 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 136 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 5834 ئائىلە، 25 مىڭ 191 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى %1. 97 نى، بازار نوپۇسى %88. 2 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇر 25 مىڭ 149، خەنزۇ 39، ئۆزبېك 3.

1985 - يىلى يېزا بويىچە تېرىلغان ئاشلىق 8043 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 139.6 كىلوگرامغا؛ تېرىلغان پاختا 504 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 46. 48 كىلوگرامغا؛ تېرىلغان ياغلىق دان 541.76 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 2. 36 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 33 مىڭ موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %78. 14 كە، قولدا قالغان چارۋا 41 مىڭ 700 تۇياققا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 21 ى بار بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 257 گە، كىرىمى 415 مىڭ 700 يۈەنگە؛ يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 7 مىليون 240 مىڭ 700 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 93. 215 يۈەنگە يەتتى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 25 ى بار بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 467 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 6 يۈك ئاپتوموبىلى، 60 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 6137 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ، 3907 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە تېرىلغان ئاشلىق 11 مىڭ 501 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 7. 190 كىلوگرامغا؛ تېرىلغان پاختا 1198 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 1. 65 كىلوگرامغا؛ تېرىلغان ياغلىق دان 701 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 6. 87 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 53 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە 2 يۈك ئاپتوموبىلى، 148 ئوتتۇرا، كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 11. 494 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 2 ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ؛ يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئوت زاۋۇتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزبېلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆتۈپخانا، تېلېۋىزورخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت سورۇنى قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسىلەر بار.

## 17. ئاققاش يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇرما يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شىمال تەرىپى ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 16 كىلومېتىر، كۆلىمى 78. 242 كۋادرات كىلومېتىر، 22 مىڭ 100 مو تېرىلغۇ يېرى بار، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 63.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزا قىزىل دەرياسىدىن ھاسىل بولغان ئېقىندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، يېرى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1220 - 1250 مېتىر ئېگىز، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى 3 مېتىر ئەتراپىدا، يىللىق ئوتتۇرىچە

تېمپېراتۇرىسى 12.3℃، قىروسىز مەزگىلى 231 كۈن. شورلۇق تۇپراق، زەي تۇپراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يېرى تۆۋەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، سۇ مىقدارى بىرقەدەر تۇراقلىق، لېكىن سۈيى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان، زەھەرلىك ماددىلار دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، يېزىنىڭ بارلىق يېزا ئىگىلىكىگە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ كەلدى. 1985 - يىلى 36 مىليون 54 مىڭ كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، ھەر مو يەرگە 500 — 900 كۇب مېتىرغىچە سۇ توغرا كەلدى.

ئاقتاش يېزىسىنىڭ %90 يېرى بوز يەر بولۇپ، سىڭىشچانلىقى ناھايىتى ناچار يېپىشقاق توپا قاتلىمى ئومۇميۈزلۈك تارقالغان، يەنە قىزىل دەرياسى سۈيىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغاچقا، يەر ئاستى سۇ سىرغىمى راۋان ئەمەس، ئىنتايىن قۇرۇق ئىسسىق كىلىمات شارائىتىدا تۇپراقنىڭ سىرتقى قەۋىتىدە خلورىدلىق تۇز پوستى ھاسىل بولىدۇ. يەرلىك ئاما بۇ تۇزنى كەڭ كۆلەمدە ئىستېمال قىلىدۇ. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ھەر يىلى ئەتىيازدا شور ئۆرلەپ كاللەك - كاللەك تۇز ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر قەۋىتى قارا، بىر قەۋىتى ئاق كېلىدۇ، ئۇنىڭغا لاي - لاتقىلار ئارىلاشقان بولۇپ، بەئەينى بوز توپىغا ئوخشايدۇ، تەمى تۇزلۇق سۇغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئۇنى سۇغا چىلاپ ئېرىتىپ داشقىلىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئەتراپتىكى يۇقرالار ئۇنى تۇز ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بىر جىڭى بىر يارماقتا تەڭ» دەپ خاتىرىلەنگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەرلىك ئاما ئىزچىل تۈردە بۇ تۇزنى يىغىپ توشۇپ سېتىپ كېلىۋاتىدۇ ياكى ئۆزلىرى تۇز ئورنىدا ئىستېمال قىلىۋاتىدۇ. بەزى ئورۇنلار ئۇنى پىششىقلاپ قايتا ئىشلەپچىقاردى، ئۇنىڭ سېتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولماقتا. بوز يەرلەردە قومۇش، يانتاق، ئاق تىكەن، زاغزاق قاتارلىق ئوتتۇراھال شورلۇقتا ئۆسىدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار.

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە بۇ يەر ئاۋات كەنتىگە قارايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ئاۋات رايونىغا قارىدى. 1953 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1958 - يىلى ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن رايون دەرىجىلىك گۇڭشې ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ يەر يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېسىغا قارايدىغان بولدى. 1984 - يىلى گۇڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېسىدىن ئايرىلىپ چىققان جايلار ئاقتاش يېزىسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1985 - يىلى يېزىغا 6 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 41 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1600 ئائىلە، 6854 نوپۇس قارىدى؛ يېزا نوپۇسى %98.19 نى، بازار نوپۇسى %1.81 نى ئىگىلەيدۇ، ھەممىسى ئۇيغۇرلار.

1985 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 2328 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 122.9 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 136.5 توننىغا؛ بىرلىك ھوسۇلى 42.66 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 136.85 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 171 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئورمان كۆلىمى 5600 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.5 كە، قولدا قالغان چارۋا 15 مىڭ 600 تۇياققا؛ يېزا ئىگىلىك كىرىمى 1 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 153 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 2 يۈك ئاپتوموبىلى، 7 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 1320 ئېشەك، ئات ھارۋىسى؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1140 ئوقۇغۇچى بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 3037 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 154.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان پاختا 399 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 53.2 كىلوگرامغا؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 163 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 116.4 كىلوگرامغا؛ قولدا قالغان چارۋا 19 مىڭ تۇياققا يەتتى؛ يېزا بويىچە بىر يۈك ئاپتوموبىلى، 35 ئوتتۇرا، كىچىك رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 412.25 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 2 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنە پوچتىخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئاشلىق پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىلى، كىنوخانا (ئەترەت)، يېزىلىق شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، كۆنتۆپخانا، تېلېۋىزورخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت سورۇنى

قاتارلىق ئاپپارات - مۇئەسسەسىلەر بار.

## قوشۇمچە

# ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق سىرتقى ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

### 1. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىك مەيدانى

بۇ مەيدان لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ 3.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، كۆلىمى 450 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 420 مو. بۇ مەيدان 1958 - يىلى قۇرۇلغان، 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 گە يەتتى. بۇ مەيدان قوشۇمچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

### 2. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىك مەيدانى

بۇ مەيدان لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ 3 كىلومېتىر جەنۇبىي ۋە شىمالىغا جايلاشقان، كۆلىمى 750 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 550 مو. بۇ مەيدان 1958 - يىلى قۇرۇلغان. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 21 گە يەتتى، ئۇ قوشۇمچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

### 3. قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان سايباغ يېزىسىنىڭ قازاقلا كەنتىگە جايلاشقان، كۆلىمى 1000 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 700 مو. بۇ مەيدان 1960 - يىلى قۇرۇلغان. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 18 گە يەتتى، بۇ مەيدان تېرىقچىلىقنى ئاساس، باقمىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

### 4. قەشقەر ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى

بۇ فېرما مۇش يېزىسىغا جايلاشقان، بەشكېرەم يېزىسىنىڭ خانئۆي كەنتىدە شۆبىسى بار. كۆلىمى 34 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 4798 مو. 1990 - يىلى بېقىلىۋاتقان چارۋا 2255 تۇياققا يەتتى. بۇ فېرما نەسىللىك كالا كۆپەيتىش، نەسىللىك ئالا ئىنەك بېقىشنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

### 5. قەشقەر ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى خانئۆي شۆبىسى

بۇ فېرما بەشكېرەم يېزىسىنىڭ خانئۆي كەنتىگە جايلاشقان، باش فېرمىغا 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى 2256 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 1749 مو. بۇ فېرما 1966 - يىلى قۇرۇلغان، 1973 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەر شەھەرلىك كۆش كالىسى فېرمىسىغا تەۋە ئىدى. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 337 گە يەتتى،

فېرمىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ فېرما چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

## 6. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆلاغ ترانسپورت شىركىتىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان لەڭگەر يېزىسى تەۋەسىدىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. كۆلىمى 450 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 280 مو. بۇ مەيدان 1962 - يىلى قۇرۇلغان، 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 245 كە يەتتى. بۇ مەيدان دېھقانچىلىقنى ئاساس، قوشۇمچە كەسىپنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

## 7. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان بەشكېرەم يېزىسىنىڭ خانئۆي كەنتىگە جايلاشقان، كۆلىمى 42 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 700 مو، ئورمان يېرى 800 مو. بۇ مەيدان 1966 - يىلى قۇرۇلغان، 1983 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانى ئىدى، 1983 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1987 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 8. ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى قەشقەر 1 - قۇرۇلۇش ئەترىتى دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان مۇش يېزىسىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1000 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 500 مو. بۇ مەيدان 1952 - يىلى قۇرۇلغان. 1990 - يىلى نوپۇسى 194 كە، جۈملىدىن كادىرلار 17 گە يەتتى، مەيداندا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ مەيدان دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

## 9. قەشقەر يەر تەۋرەش ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا خانىقى يېزىسىغا جايلاشقان، كۆلىمى 27 مو. بۇ ئىستانسا 1970 - يىلى قۇرۇلغان. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 15 كە يەتتى، ئۇ يەر تەۋرەشنى ئالدىن كۆزىتىش - ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

## 10. قەشقەر گەز دەريا باشقۇرۇش - سۇ تەقسىملەش پونكىتى

بۇ پونكىت تاشمىلىق يېزىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، كۆلىمى 200 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 40 مو، ئورمان يېرى 150 مو. بۇ پونكىت 1953 - يىلى قۇرۇلغان. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 17 گە يەتتى. ئۇ قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاقتۇ ناھىيىلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ 41 -، 42 - تۇەن - مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلارغا سۇ تەقسىملەشكە مەسئۇل.

## 11. قەشقەر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش - تەربىيىلەش ئورنى

بۇ ئورۇن سەمەن يېزىسىغا جايلاشقان، كۆلىمى 150 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 40 مو، مېۋىلىك باغ 70 مو. بۇ ئورۇن 1957 - يىلى قۇرۇلغان.

## 12. قەشقەر دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى

بۇ ئورۇن ئوغۇساق يېزىسىنىڭ قاشقۇلا كەنتىگە جايلاشقان، كۆلىمى 390 مو. بۇ ئورۇن 1959 - يىلى قۇرۇلغان، 1965 - يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەن. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 99 غا يەتتى، بۇ ئورۇن پەن تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدۇ، زىرائەت سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## 13. قەشقەر 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا مۇش يېزىسىنىڭ قاراتوغلۇق كەنتىگە جايلاشقان، 1977 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلغان. 1990 - يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ 825 كۋادرات مېتىرغا، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 19 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 197. قەشقەرنى مەركەز قىلغان قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە ئاتۇش قاتارلىق شەھەر - ناھىيىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل.

## 14. قەشقەر 3 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئالتىيۈز كەنتىگە جايلاشقان، 1958 - يىلى قۇرۇلغان. 1990 - يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىڭ 299 كۋادرات مېتىرغا، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 6000 كىلوۋاتقا يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 210. قەشقەر، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەرنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە 1985 - يىلدىكى يېزا (بازار)، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە تەبىئىي كەنتلەر

جەدۋەل: 3 — 1 - جەدۋەل

| يېزا - بازار | كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى | تەبىئىي كەنت |
|---|---|---|
| ئوغۇزاق بازىرى | خەلق يولى، غالىبىيەت يولى، مەدەنىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، زەمىن يولى، مەڭگەن يولى، شوغۇز يولى، ئىشلەمچى يولى | |
| | ئاياغ شوغۇز كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى | لەڭگەر، تۆۋەنكى موبلا، گەدەن مەھەللىسى |
| توقۇل يېزىسى | قاراباش كەنتى | قەدىمجاي، ئۆر، ئاياغ موبلا، شېيخ مەھەللىسى، يىلانلىقئېرىق، يارېشى، جىگدىلىك |
| | بەشباغ كەنتى | قاشياغاچ، بەشباغ، ئاياغ مەھەللە |
| | ياغۇ كەنتى | ئويمەھەللە، يۇقارقى موبلا، ئاق موبلا، تۇگمەنبېشى، قاراياغاچ، سايبېشى، تاشكۆۋرۈك، قەدىمجاي |
| | باش ياغۇ كەنتى | كونا قورغان، توقاي، ئالامافتاتام، جىگدە ئېرىق، تاشئېغىز، تېتىر، تار، بىنام |
| | موللام بېغى كەنتى | موللام بېغى، قاپا ئۆستەڭبويى، ئويچولپان، ئۈجمىلىك كوچا، ھەزرەت پاششا، تېكە، كونا قورغان |

| | | |
|---|---|---|
| ئوپال يېزىسى | كۆكچى كەنتى | قايتۇرماس، كۆكچى، يۇقارقى هويلا، ئۆستەڭبويى، ئوي مەھەللە، گۈمبەز مەھەللىسى، ئاق هويلا، ئارال، ياغاچچى مەھەللىسى، تۆگمەنبېشى، بازار مەھەللىسى، چارشەنبە مەھەللىسى |
| | قۇمباغ | باقلانچى، قۇمباغ، كۆككەز، تاغرى، ئىنچىكە ئاغزى، سوسەي ئاغزى، قاتار تېرەك |
| | دوغىلات كەنتى | تۆگمەنبېشى، زوردۇن چولاق مەھەللىسى، پىكمەمەھەللە، توغراقلىق، لەڭگەر، ئاق هويلا، لاي، قارىما، ھەمدىل موللا مەھەللىسى |
| | شوتا كەنتى | شوتا، بۇلاق ئاغزى، قاراڭغۇ يار، پەلۋانچولاق مەھەللىسى، دۆڭئۆستەڭ، تېرەك، باشلەڭگەر، دۆڭھويلاتام |
| | مۇلجىگە كەنتى | مەكتەپ ئالدى، كۆلچى مەھەللىسى، ئاق، ئىسلام موللام مەھەللىسى، مەسخىرە مەھەللىسى، ئاياغ دوغىلات |
| | قاشئۆستەڭ كەنتى | يۈسۈپ ھاجى مەھەللىسى، قاراگۇم، ئوپمەھەللە، قادىر خاتىپنىڭ مەھەللىسى، ئاغۇ مەھەللىسى، تۆۋەنكى مەھەللىسى |
| | ئاچا كەنتى | ئاچا، ئۆتەڭ مەھەللىسى، جىگدىلىك مەھەللىسى، تاشمىلىق مەھەللىسى، ساي |
| | نوقات | نوقات، يۇلغۇن مازار، قورغان، ئوپمەھەللە، دۆڭ كەنتى، ئاياغ نوقات |
| | ئايدىڭكۆل كەنتى | ئايدىڭكۆل، قاراجىم، ئوپمەھەللە، چاقادى مەھەللىسى |
| | ئاقئۆستەڭ كەنتى | گۈمبەز مەھەللىسى، ئوپمەھەللە، سوپى مەھەللىسى، پىتىر مەھەللىسى، سوكۆلداڭ، سەمەن مەھەللىسى |
| | ئوپۇلات دېھقانچىلىق مەيدانى | |
| | ئوپال يېزىلىق ئورۇقچىلىق مەيدانى | |
| تاشمىلىق يېزىسى | يۇقارقى ھاسا ئېرىق كەنتى | قوجانىكام مەھەللىسى، كاررەك مەھەللىسى، مامۇت باخشى مەھەللىسى، چىقىنداق، شىراق، دۈمباق مەھەللىسى |
| | ساغان كەنتى | ساغان، قادىر ھوشۇر مەھەللىسى، تۆۋەنكى هويلا، تۆلەندىباغ مەھەللىسى، توختىغان قۇر مەھەللىسى |
| | قاشبېشى كەنتى | قاشبېشى، تاشقورغان مەھەللىسى، ساغان، تاقتۇۋى، سۇقا بېشى، قىزىلتاغ تۆمشۇق، قاشلا دۆۋە، قىزىلجىم، ئوپتاغ مەھەللىسى، يۇقارقى هويلا، ئاراجاڭگال |
| | ئەسكە كەنتى | ئۆستەڭبويى، قىشلاق، دۆڭئۆستەڭ، تۆمشۇق مەھەللىسى، هويلا مەھەللىسى |
| | قاشتۇۋى كەنتى | قاشتۇۋى، سۇۋەنچى مەھەللىسى، ئۆستەڭبويى، دۆڭ مەھەللىسى، قازانچى مەھەللىسى |
| | تاشئېرىق كەنتى | چوڭباغ، تاشئېرىق، خالىكوچا، ئەسكە |
| | غىلدىرلاڭ كەنتى | ئارال، غىلدىرلاڭ، دۆڭمەھەللە |
| | رازگا كەنتى | ئوپمەھەللە، دۆڭمەھەللە، چەكە مەھەللىسى |
| | يۇقارقى تېتىر كەنتى | تۆگمەنبېشى، ئۆجمىلىك مەھەللىسى، كۆنچى مەھەللىسى، چەكە، ياقا ئېرىق |
| | قەشقەر يايلىغان كەنتى | بەگلىكيەر، ئاچا، ياربېشى، سايقىش، قورغان |
| | ئاياغ تېتىركەنتى | ياربېشى، تۆمۈرچى مەھەللىسى، بازار بېشى، كوچا مەھەللىسى |
| | ئاياغ سېرىقئاتا كەنتى | هويلا ئالدى، بازار، گۈلباغ، كوچا قورغان |
| | يۇقارقى سېرىقئاتا كەنتى | چىكە مەھەللىسى، سۇقابېشى، قۇمهويلا، ساي |
| | ئاياغ ھاسا ئېرىق كەنتى | ئاياغ ھاسا ئېرىق، سۇپى قاساپ مەھەللىسى، ئىمىن ئوسمان مەھەللىسى، جىغانلىق مەھەللىسى، خوجىكام مەھەللىسى |

| | | |
|---|---|---|
| تېرەم يېزىسى | يۇلغۇن بۇغرا كەنتى | پاراچىئۆستەڭبويى، قىشلاق، ئالماسئاكام مەھەللىسى، قۇچقاچ ئۆگىسى |
| | تۆۋەنكى تېرەم كەنتى | بايھويلا، قىشلاق، ھويلا ئالدى، ھەرەقورۇق، چوڭقورۇق يەر، كېرەم باقشاكام مەھەللىسى |
| | يۇقارقى تېرەم كەنتى | باي مەھەللىسى، توختى خوجىلاق مەھەللىسى، ئويمەھەللە، خالتا كوچا، جىغانلىق، موللاق سەلەي مەھەللىسى |
| | تۆتكۆل كەنتى | يۈسۈپ چوڭلىلاڭ مەھەللىسى، توختىھاجى مەھەللىسى، تۇردى ھاجى مەھەللىسى |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | بىرىنچى يېڭىچكە كەنتى | تاغارچى مەھەللىسى، تۆۋەنكى قىشلاق، قۇمدۆۋە، قورغان، تۆۋەنكى ھويلا، ھويلا ئالدى، چوڭھويلا، يۇقارقى قىشلاق، دەرۋىش، باغئېرىق |
| | ئىككىنچى يېڭىچكە كەنتى | ئاراھويلا، سۇقاپىشى، سۆۋادان، مازار مەھەللىسى، يۇقارقى ھويلا، لەڭگەر، سافرىچى، يۇقارقى چەتۈك، تۆۋەنكى چەتۈك |
| | تۆرچار باغ كەنتى | باشتۆر، چارباغ، تۆر، ئاياغ تۆر، ئۈچتېرەك، قازاق مەھەللىسى |
| | قىز كەنت | قىزكەنت، قىشلاق، يېڭىھويلا، يۇقارقى مەھەللە، قۇمئېرىق، ئاقھويلا، كۆۋرۈكبېشى |
| | كونا ھويلا كەنتى | كونا ھويلا، قىرغىز مەھەللىسى، تۆۋەنكى ھويلا بېرى، ئاق ھويلا، كونا بازار، ئابدۇراخمان موللام مەھەللىسى |
| | تۆرەباغ كەنتى | ئارامەھەللە، ئاياغ قىشلاق، يۇقارقى مەھەللە، داخان مەھەللىسى، دۆڭمەھەللە، بېقىشلىق ھويلا، ھاۋازىكام مەھەللىسى |
| | دەسۇكەنتى | دۆڭمەھەللە، دەسۇ، تاشكېچىك، قىشلاق، جاڭگال، يېڭىھويلا، ئاياغ تاشكېچىك |
| | يېڭىئېرىق كەنتى | كونا يۇپۇرغا ئۆستەڭبويى، توگمەنبېشى، ئاقداماقۇم، دۆڭمەھەللە، ئاياغ مەھەللە |
| | ئۆستەڭبويى كەنتى | تاغلىق مەھەللە، ئۆستەڭبويى، ئاقمەھەللە، سۇپى مەھەللە، جىگدىلىك، تۆۋەنكى لەڭگەر، توگمەنبېشى، ئاچا، مازارئالدى |
| | يۇقارقى لەڭگەر كەنتى | لاۋادان، يۇقارقى لەڭگەر، سۆكەتئېرىق، شور |
| | چارەك كەنتى | ئۈجمىلىك، يۇقارقى چارەك، ئاياغ چارەك |
| | يارقاش كەنتى | سۇپى مەھەللىسى، بېچانچى مەھەللىسى، خالتا مەھەللىسى، ئاتلا مەھەللىسى، باخشى مەھەللىسى، سايجاڭگال |
| | ھورۇنباستى كەنتى | ھورۇنباستى، ئۆكەش، لايلاق |
| | قاراباغ كەنتى | كارۋان مەھەللىسى، قىرغىز مەھەللىسى، ئاياغ مەھەللە، دۆۋە مەھەللىسى، توگمەنبېشى، يارىېشى، يۇلغۇن مازار، قىشلاق، دۆڭمەھەللە، ئاتۇش مەھەللىسى، توغرارۇنچا |
| | ئارال كەنتى | يۇقارقى مەھەللە، ئارال مەھەللە، روزىتاغىلاڭ مەھەللىسى |
| | توغراقبېشى كەنتى | توغراقبېشى، يوقانوۋگوز مەھەللىسى، بازار مەھەللىسى، جاڭگال مەھەللىسى، تېرەك ئالدى |
| | بۇلاقسۇ يېزىسى «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى | |
| | بۇلاقسۇ يېزىسى دېھقانچىلىق مەيدانى | |
| | بۇلاقسۇ يېزىسى «قىزىلباي-راق» چارۋىچىلىق فېرمىسى | |

| | | |
|---|---|---|
| ساياغ يېزىسى | پىلال كەنتى | كۆلبېشى، ھويلا ئالدى، دۆڭمەھەللە، يۇقارقى ھويلا، قىشلاق يەر، يېڭى ھويلا، ئاياغ مەھەللە |
| | يۇقارقى مەڭگەن كەنتى | ئۆربېشى، دۆڭئۆستەڭ، قىشلاق، كۆلچەك مەھەللىسى |
| | شوغوز كەنتى | ئاغارچى مەھەللىسى، شوغوز، قورغان مەھەللىسى، يۇقارقى ھويلا، پاشىشى، قۇرۇلمەھەللىسى، دۆڭمەھەللە |
| | كاپا كەنتى | ئىلياس ھاجى مەھەللىسى، ئابدۇراخمانھاجى مەھەللىسى، چۆيۈن مەھەللىسى، ساي مەھەللىسى، كۆلچى مەھەللىسى، قوشاق مەھەللىسى، توگمەنبېشى، يۇقىرى مەھەللە، ئوتتۇرا مەھەللە |
| | توگەساق كەنتى | ئابدۇخالىق مەھەللىسى، يېڭىئېرىق مەھەللىسى، كۆچۈر مەھەللىسى، قىشلاق، دۆڭمەھەللە، ھويلا مەسچىت، يۇقارقى مەھەللە |
| | كۆلچى كەنتى | ئارىش، دۆڭراۋات، قورغان، يۇقارقى ھويلا، سايقورغان، ئوتتۇرا مەھەللە، دۆڭمەھەللە، قىشلاق، ئۆستەڭبويى، ئاقھويلا |
| | كۆپىڭى كەنتى | لايلاتما، چەيقوم، ئاقسۇن ھويلا، لەڭگەر، قىزىلجىم، يۇقارقى مەھەللە، كوچابېشى، تۆۋەنكى ھويلا |
| | شوركەنتى | تۆۋەنكى مەھەللە، تۆمەن، دەريا بويى، ئۆجمىلىك، يۇقارقى مەھەللە، ئاياغ جاڭگال، ئوتتۇرا مەھەللە، ئاراشور، ئاياغشور |
| | قازاقلا كەنتى | جىگگوزە، قوتانئالدى، كۆلبېشى |
| | تۆۋەنكى ھويلا كەنتى | تۆۋەنكى ھويلا، سۇقا بېشى، چوڭقۇر ھويلا، يۇقارقى مەھەللە |
| | چارەك كەنتى | سېدە تۈۋى، توگمەنبېشى، يۇقارقى چارەك، تۆرە، ئاياغ چارەك، كۆكبۇلاق |
| | كۆكچى كەنتى | ئوتتۇرا مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە، ۋاپئېرىق بويى، قاراسۇ بويى، ئاياغ مەھەللە |
| | ئاقتىچى كەنتى | يۇقارقى ھويلا، پاشا مەھەللىسى، لەڭگەر، ئاياغ مەھەللە، بورا مەھەللىسى، قىشلاق، تۆمەن مەھەللىسى، بۆرىچى مەھەللىسى |
| | ئىشلەمچى كەنتى | يۈسۈپ ئۆچۈلۈك مەھەللىسى، لەڭگەر، چويۈنچى، ئاياغمەھەللە، كۆنچى مەھەللىسى، قىشلاق، بەخت قۇربان مەھەللىسى، يۇقارقى مەھەللە، مۆمىنچۇلۇك مەھەللىسى |
| | گۈلچىمەن كەنتى | گۈلچىمەن |
| | مەڭگەن كەنتى | ئەگىن، ئاقباغ، ئارامەڭگەن، ئارىش، بادالڭ مەھەللىسى، چىقىل، ئۆدىخانىپ مەھەللىسى، قاساپ مەھەللىسى، تازقورغان، توگمەنبېشى |
| | ساياغ يېزىلىق يىلىقچىلىق مەيدانى | |
| | ساياغ يېزىلىق ئورمانچىلىق مەيدان | |
| | ساياغ يېزىلىق 1 - ئورمان چىلىق مەيدانى | |
| | ساياغ يېزىلىق 2 - ئورمان چىلىق مەيدانى | |
| | ساياغ يېزىلىق باغۋەنچىلىك مەيدانى | |

| | | |
|---|---|---|
| زەمىن يېزىسى | مۇسۇما كەنتى | ئاچا پەشتاق، ئاڭقازى، پوستەك مەھەللىسى، ئېۋىرا چوڭمەھەللىسى |
| | مۇسۇما ئاچا پىلال كەنتى | شىگىلىقلار، دۆڭمەھەللە، سېدىلىك هويلا، يولبويى، تورغاي مەھەللىسى |
| | مۇسۇما قۇتچا كەنتى | قوشچىلا، ئۆستەڭبويى، ئاياغ مەھەللە، هويلا ئالدى، ياماشلا، ئېرىقبېشى |
| | ئىنساق كەنتى | قورغان مەھەللىسى، تۆۋەنكى مەھەللە، ئۆستەڭبويى، ئارامەھەللە، باي مەھەللىسى، يۇقىرى ئىنساق، دۆڭمەھەللە |
| | سېيتلار كەنتى | يارېشى، چوڭقۇر هويلا، ئارامەھەللە، كۆلبېشى، يېڭىچەك، يۇقارقى هويلا، دۆلەڭ، باغ |
| | ياماشلار كەنتى | يىما، ئۆستەڭبويى، گوزلا، هويلا ئالدى |
| | ئۇلۇغخانبويى كەنتى | ئۇلۇغخانبويى، ئايدىلەك، خانىقا مەھەللىسى، ئايدىلەك ئورمانچىلىق مەيدانى |
| | زەمىن كەنتى | داخان مەھەللىسى، لەڭگەر، هويلا ئالدى، يار قىشلاق، توگمەنبېشى، خانىقا مەھەللىسى، ئوتتۇرا مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە |
| | چىغمان كەنتى | ئارامەھەللە، تۆۋەنكى مەھەللە، قىشلاق، گۈمبەز ئالدى، دۆڭمەھەللە، ئاچاپىلال، پوستەك ئۆستەڭبويى، چىغمان ئاچاپىلال |
| | كۆلچەكئېرىق كەنتى | ئوتتۇرا مەھەللە، غەلۋىچى، يۇقارقى غەلۋىچى مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە، دۆڭمەھەللە، قورۇل، سۆگەت مەھەللىسى |
| | يېڭىلىق كەنتى | ئويكوچا، يېڭىلىق، بايتوقاي، ئېرىقبېشى، دۆڭئېرىق، ساي مەھەللىسى، قومئېرىق |
| | ئاياغ قىزىللىق كەنتى | باققال مەھەللىسى، كۆۋرۈكبېشى، ئىسمايىل كەكە مەھەللىسى، ئاياغ مەھەللە |
| | ناس كەنتى | كۆلبېشى، قىشلاق، قادىرھاجى مەھەللىسى، يافاچچى مەھەللىسى |
| | يۇقارقى قىزىللىق كەنتى | باغ هويلا، لەڭگەر، يۇقارقى مەھەللە، لەڭگەر مەھەللىسى |
| | قۇچچا كەنتى | ئوتتۇرا مەھەللە، ئېلاجىم مەھەللىسى، ژاپباغ، توگمەنبېشى، ئۆستەڭبويى، يۇقاش مەھەللە، كۆليار |
| ئوغۇساق يېزىسى | خوجىلار كەنتى | خەلىفەم مەھەللىسى، يۇقارقى مەھەللە، مەددا مەھەللىسى، توگمەنبېشى، قوغۇنچى مەھەللىسى، قىشلاق، تۆۋەنكى هويلا، ئېرىقبويى، ئاخۇنئاققاش مەھەللىسى، چاچباغ |
| | پارچە يەر كەنتى | ئۆستەڭبويى، قىيامەت هويلا، ئوتتۇرا مەھەللە |
| | قاقۇللا كەنتى | بەڭگە مەھەللىسى، جەپەر چولاق مەھەللىسى، قادىر چولاق مەھەللىسى |
| | ئىيلاكۇ كەنتى | ئۆستەڭبويى، قوقتالىق هويلا، چوڭقۇرچاق، جاڭگال، پوكانچى مەھەللىسى، تۆۋەنكى هويلا، كۆلبېشى، سۇقا بېشى |
| | ئويباغ كەنتى | ئويباغ، ئويچاق، دۆڭمەھەللە، سۇقا بېشى |
| | يۇقىرى ئوغۇساق كەنتى | قوغۇنچى مەھەللىسى، مىسكەر مەھەللىسى، ماياقلا، ئوردائېرىق، گۈمبەز ئالدى |
| | تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتى | قىرغىز ئېرىق، ئېرىقبويى، قوغۇنئېرىق، راۋاپچى مەھەللىسى، ئاغىچام پاششا، يۇلغۇنلۇق مازار، ئۈجمىلىك، يار بويى |
| | تۆۋەنكى مۇسۇما كەنتى | هېيتكا مەھەللىسى، پاقىلا، دۆڭمەھەللە، ئارامەھەللە، يولىنىلەك ئايىغى، بېدىلەك مەھەللىسى، ئېرىقبويى |

| | | |
|---|---|---|
| پاختەكلە يېزىسى | تويۇق پاختەكلە كەنتى | دۆڭمەھەللە، ئەمەتھاجى مەھەللىسى، تۆگمەنبېشى، نوربېشى، جۇۋازچى مەھەللىسى |
| | پاختەكلە كەنتى | مەھەممەتنىياز ھاجى مەھەللىسى، ئىسمايىل كۆسا مەھەللىسى، ئويكوچا، ماموتھاجى سايىنىڭ مەھەللىسى |
| | يۇقارقى پاختەكلە كەنتى | پاۋان مەھەللىسى، قوۋانچوقنىڭ مەھەللىسى، ئارامەھەللە، سۇپى مەھەللىسى، قىيش مەھەللىسى |
| | سوغۇلۇق كەنتى | قاقچا، ئۈجمىلىك |
| | شورباغ كەنتى | شورباغ، يۇقىرىسى، بېلىقىل، نوربېشى |
| | يۇقارقى قاقۇللا كەنتى | ئۆيۈلۈق مەھەللىسى، بەشتاش، قىپچاق مەھەللىسى، نور بېشى مەھەللىسى، كوچا مەھەللىسى |
| | تۆۋەنكى قاقۇللا كەنتى | كەنتئىچى، ئۆستەڭبويى، دۆڭمەھەللە، سوقا بېشى، شور مەھەللىسى، يۇلغۇنلۇق |
| سەمەن يېزىسى | ئاتاقۇ كەنتى | كىچىك ئۆستەڭبويى، يايەت، ئاتاقۇ، ئاقھويلا، كالتىبازار، چاچباغ، ئەمەت ئىمام مەھەللىسى، قاساپ مەھەللىسى، قورغان، ناسىربەگگە مەھەللىسى، ھوشۇر سەتەڭساي، شېكەرباغ |
| | دۆڭئېرىق كەنتى | بادالڭ كوچا، باقى ھاجىم مەھەللىسى، دۆڭ مەھەللە، قومتاي مەھەللىسى، بېگئايماق مەھەللىسى، ئالمىخاننىڭ سېپى |
| | تۇغ كەنتى | ئۆستەڭبويى، كاتالڭ مەھەللىسى، چارباغ، ساراي مەھەللىسى، ئويكوچا، ئۆزۈنكوچا، توختى شىغىل مەھەللىسى، ئاقتام كۆلبېشى، تۇمابېشى، ھاجىپاراگنىڭ سېپى |
| | خىلۋاپ كەنتى | خىلۋاپ، توزغاق مەھەللىسى، مۇسا چولڭ مەھەللىسى |
| | تىكەنبېشى كەنتى | ئىسا چوڭنىڭ مەھەللىسى، تىكەنبېشى مەھەللىسى، تېرەكتۈۋى، بەگ مەھەللىسى، ئۆستەڭبويى مەھەللىسى، ئويكوچا، ياقاچى مەھەللىسى، يار بېشى |
| | كۆكئېرىق كەنتى | كۆكئېرىق، قاراكىچە، مەسچىت |
| | كۆكمەسچىت غوجام كەنتى | خىلۋاپ، ھۆكەمەھەللىسى، دۆڭھويلا، قات مەھەللىسى، ئاقيار بېشى، خوجا مەھەللىسى |
| خاڭدى يېزىسى | ئەمەت زىۋا مەھەللىسى | ئەمەت زىۋا مەھەللىسى، سابىت مەزىن مەھەللىسى، خوشاچولڭ مەھەللىسى، ئەمەت چاكما مەھەللىسى |
| | مورتۇم كەنتى | مورتۇم، ئاياغ مەھەللە، ئېقىنبويى |
| | سۆگە تاغ كەنتى | نوربېشى، تۆردى چوڭنىڭ مەھەللىسى، قىرغىز مەھەللىسى، سامەھەللىسى، ماموتجولڭ مەھەللىسى |
| | ئېرىقبويى كەنتى | ھاجىقارى مەھەللىسى، شېۋە بېشى، چاقماق مەھەللىسى، ئېرىقبويى، قىشالىق |
| | قۇيېدىنمازار كەنتى | قۇيېدىنمازار، مازار، قومكوچا، ياربېشى |
| | تاشئېغىز كەنتى | تاشئېغىز، ئاقھويلا |
| | خاڭدى باغۇەنچىلىك مەيدانى | |
| | خاڭدى ئورمانچىلىق مەيدانى | |
| لەڭگەر يېزىسى | ئاقھويلا كەنتى | ئاقھويلا، ئالايقى تۆگمەنبېشى، چىغلىق، قىزىل قورۇق، سوق، ئارامەھەللە، بۆلۈمە |
| | سۇلۇغ كەنتى | قۇمچا، ئوي مەھەللە، سايئېرىق، لاۋادان، دۆڭ مەھەللە، كۆكۆلە، ئويكوچا، يۇلغۇنلۇق مازار |

| | | |
|---|---|---|
| لەڭگەر يېزىسى | بۇۋى ئانام كەنتى | يىلقام مەھەللىسى، ئاخۇن مەھەللىسى، قىشلاق مەھەللىسى، مامۇتھاجى مەھەللىسى، كونا ئۆستەڭ، يوقارقى هويلا، لاۋادان مەھەللىسى، گۈمبەز ئالدى، مازۇق مەھەللىسى، قاتاڭ مەھەللىسى، قوزغۇن مەھەللىسى |
| | ساي كەنتى | ئۈجمىلىك، كونا تۈگمەن، ئاقتېرەك، ئىسمايىل بارات مەھەللىسى، ئالتىيۈز |
| | سەلپچولڭ مەھەللىسى | سەلپچولڭ مەھەللىسى، پاياندى ئىمام مەھەللىسى، سەيدىن هاجى مەھەللىسى، هاجىئاخۇن هاجى مەھەللىسى، تۈگمەنبېشى، دوتەيلەڭگرى |
| | قاراگۈلبېيى كەنتى | كامىل ئاكامبېيى، قارا گۈلبېيى، قىپچاق مەھەللىسى، چولڭ ئاقاشچىراق مەھەللىسى، ھەسەن باغشىم مەھەللىسى، مامۇت خاتىپ مەھەللىسى، ئابدۇراخمانقارى مەھەللىسى، ئىمىن قاساپ مەھەللىسى، توختىقاش ئاقچى مەھەللىسى |
| | ئۈجمىلىك كەنتى | ئۇرايىمھاجى مەھەللىسى، ئۈجمىلىك، ئاقخوجا مەھەللىسى، مەتخان خەلپىتىم مەھەللىسى، قۇربان لولاڭ مەھەللىسى، ئۆبۇلخەيرى ئىمام مەھەللىسى، مامۇتئابال مەھەللىسى، سىيىت قورۇق مەھەللىسى، موللاق تۆرەك مەھەللىسى، باۋۇدۇنىڭ سېيى |
| | كەندىر كەنتى | سوقابېشى، ئۈجمىلىك، ئۆستەڭبويى، لەڭگەر، قۇمباغ، قوڭىر مەھەللىسى، كۆزۈرۈكبېشى، يوقاشتى هويلا |
| مۇش يېزىسى | شەرەكبېيى كەنتى | شەرەكبېيى، لەڭگەر، قاپقا، توختىكام چوڭكەش مەھەللىسى |
| | كۆل مەھەللىسى كەنتى | قەدىمجاي، توغراساي، كۆنچى مەھەللىسى، يوقارقى هويلا، يوقارقى قارايامغاچ، قۇمئېرىق |
| | بوستان كەنتى | گۈمبەز ئالدى، جىگدە ئېرىق، ئاياغساي، ئاياغ مەھەللە، كوچايار، جىگچى ساي |
| | ئەتراپ كەنتى | ئەتراپ، تۆمشۇقيار، ئېرىقبېشى، بەگ مەھەللىسى، گەمىلە، ئاياغ قارايامغاچ |
| | نىياز ئاۋراڭ ساي كەنتى | نىياز ئاۋراڭ مەھەللىسى، زاكۇ مەھەللىسى، مەشرەپ تۆمۈرچى مەھەللىسى، ئوتتۇراساي، غايارساي |
| | ئەسلى مۇش كەنتى | ئەسلى مۇش، ياربېشى، دۆۋەقۇم، ساي، تۈگمەنبېشى، ئارالچى |
| | ئۆستەڭبويى كەنتى | ساقتۇختى مەھەللىسى، قىلىچ هاجى مەھەللىسى، تۇرسۇن قارى مەھەللىسى، ئىسمايىل تۆرە مەھەللىسى، مامۇتجاقى مەھەللىسى، روزى قىچى مەھەللىسى، قەلەمباي مەھەللىسى، يوقارقى مەھەللە، ئۆستەڭبويى |
| | سگيول كەنتى | سگيول، ئاياغ مەھەللە، باشتوغراق |
| | يېڭىئۆستەڭ بويى كەنتى | يېڭىئۆستەڭ بويى، توغراقلىق، قارا ئېچىق ساي، شازىمئاكامنىڭ سېيى، قاراقاسىمئاخۇن مەھەللىسى |
| قوغان يېزىسى | ھەزرەت كەنتى | مالكوچا، ئاياغچىلا، ئاياغ، تېرەكتۈۋى، بۆلۈككوچا، تۈگمەنبېشى، تۆمۈرچى، ئارقا كوچا، ئاياغ مەھەللە، قوشگۈمبەز، چارباغ، يايلىغان، ۋاپ |
| | ۋاپ كەنتى | ۋاپ، تۆمۈرچىلەر، ئويكوچا، يېڭىمەھەللە |
| | تۆۋەنكى سىزاق كەنتى | سامانچى، كوچا ئالدى، تۈغبېشى، ئېرىقبويى، هويلا ئالدى، ئاياغ مەھەللە |
| | توقاي كەنتى | دۆڭتوقاي، داموللا توقاي، قوتازتوقاي، ئوتتۇرا مەھەللە، يانتاق مەھەللىسى، مەسچىت ئالدى |
| | تۆۋەنكى هويلا كەنتى | ئېرىقبېشى، تۆۋەنكى هويلا، دۆڭ مەھەللە، چوڭهويلا، يېڭى هويلا، ئارقا مەھەللە |
| | لەڭگەر كەنتى | بوتىكامنىڭ قىشلىقى، لەڭگەر، تالىپكامنىڭ قىشلىقى |

| | | |
|---|---|---|
| توقان يېزىسى | تىل سىزاق كەنتى | كۆلبېشى، ئۆستەڭبويى، ئارقا مەھەللە، تۆگمەنبېشى، دۆڭئېرىق، ئويكوچا |
| | باش سىزاق كەنتى | ئاچچىق هويلا، ئۆستەڭبويى، بەشئېرىق، چوڭەباش، ئاياغ مەھەللە |
| | قاراساقال كەنتى | كىچىكئېرىق، قاراساقال، شالا |
| | شامپاشا كەنتى | تۆۋەنكى هويلا، يۇقىرى مەھەللە، ئاياغ مەھەللە |
| | تۆۋەنكى قازئېرىق كەنتى | ئاياغ مەھەللە، كۆلبېشى، لەڭگەر، جىلغا مەھەللىسى |
| | چومبۇس كەنتى | كوچا ئاغىزى، يۇقارقى مەھەللە، سوفاكۆل، ئارقا مەھەللە، شەھەر يول، خالتا كوچا، ھەرەمباغ |
| | يۇقارقى قازئېرىق كەنتى | يۇقارقى مەھەللە، تېرەكئالدى، ئوتتۇرا مەھەللە، ئاياغ مەھەللە، ئاقهويلا، ياۋىلىق |
| | بوچا كەنتى | ئېتىرباغ، يۇقىرىقى بوچا، چوڭكۆلبېشى، پارچە بوچا |
| | قاساپ مەھەللىسى | قاساپ مەھەللىسى، توقاي، لەڭگەر، يوسلاقلا |
| پەشكىرەم يېزىسى | يۇقارقى سايئېرىق كەنتى | ئارقا مەھەللە، ساي، رەجەپشەھەر مەھەللىسى، ئويكوچا، يار، دۆڭمەھەللە |
| | ئاياغ سايئېرىق كەنت | قوملاق، ساي مەھەللىسى، قىزىلئۆستەڭبويى، ئوجمىقاتار، بۆلمە، تۆۋەنكى يەر، لايلاق |
| | چولاق ئىشتىلا كەنتى | بەشتاغ، ساي مەھەللىسى، سايئېغىزى، ئارامەھەللە، قازئېرىق، قايناقكۆل، سودىگەر مەھەللىسى، تۆۋەنكى مەھەللە |
| | پارچە يېتىلا كەنتى | يەقدىللە، يۇقىرىسى، ئارقا مەھەللە، تۆۋەنكى ئۆي |
| | باش چوگۇر كەنتى | يۇقارقى مەھەللە، هويلا ئالدى، كۆلبېشى، تۆۋەنكى ئاشى |
| | يۇقارقى سايباغ كەنتى | ئوتتۇرا مەھەللە، لايلىق، يۇقارقى مەھەللە، موقلاغ، كۆزرۇكبېشى، ئۆستەڭبويى |
| | ئاياغ سايباغ كەنتى | تېرەك ئالدى، قورغان كۆلبېشى، بوستانكۆل، تۆۋەنكى مەھەللە، ئوي مەھەللە |
| | لەڭگەر كەنتى | ئاياغ مەھەللە، ئوتتۇرا مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە، ئارقا مەھەللە، دۆڭشور |
| | يۇقارقى قومباغ كەنتى | قوشكۆل، ياربېشى، داڭمەھەللە، توختىموللام كوچىسى، سېكەئابدۇللا مەھەللىسى، ئارقا مەھەللە، موللاھاجىم مەھەللىسى، خانىقا مەھەللىسى، خالتا كوچا |
| | ئاياغ قومباغ | ئويكوچا، جانان كوچا، چوڭكوچا، ئاقهويلا، تۆۋەنكى مەھەللە، قوچقاچتام |
| | بېغىشئېرىق كەنتى | ئېمىن چولاق مەھەللىسى، توقاي، ساقچولاق مەھەللىسى، تاياجى مەھەللىسى، ئۆستەڭبويى |
| | بايلا كەنتى | بايلا مەھەللىسى، لايلىقان، پاختەكلە مەھەللىسى، ئۆستەڭبويى، ئاياغ مەھەللە |
| | پېڭئاۋات كەنتى | لەڭگەر ئېرىق، سىدىقهاجىم مەھەللىسى، ئويكوچا، مەھەممەترەھىم هاجى مەھەللىسى، توغراقئالدى، پالتاهاجىم مەھەللىسى، مەھەممەتئېلى ئاقئاشنىڭ جىلغىسى، توپاقيار |
| | بوستان كەنتى | ئۆچتاسما، ياسىن ماڭسۇر جىگدىلىكى، پالتىهاجى مەھەللىسى، قادىر چوڭنىڭ دۆڭى، توختى چوڭنىڭ يولغۇنلۇقى |
| | تاغ ئاغزى كەنتى | تاغ ئاغزى |
| | كەپتەرخانا كەنتى | بايلا، سايئېرىق، چوگۇر، سايباغ، قومباغ |

| يېزا | كەنت | جاي ناملىرى |
|---|---|---|
| بەشكېرەم يېزىسى | خانئۆي كەنتى | ساۋۇتھاجى مەھەللىسى، قاپاق لەڭگەر، ئارامەھەللە، ھەسەنغازى لەڭگەر، پالتاخۇننىڭ مەھەللىسى، مازار ئالدى |
| | قاراقۇم كەنتى | قاراقۇم، مىراب مەھەللىسى |
| | بەشتوغراق كەنتى | خانىقا مەلىسى، مەدۇڭلى، كەتمەنچى، ئوتتۇرا مەھەللە، ئارقا مەھەللە، ئويكوچا، بەگ مەھەللىسى، ئاراقوتان، بەكرىھاجى مەھەللىسى، مازار باغ، قۇم مەھەللىسى |
| | ئاياغ سېدە كەنتى | ئۆستەڭبويى، يەقەللە، يارېشى، غورا مەھەللىسى، دوغا مەھەللىسى، تۆۋەنكى مەھەللە، سوكسوك |
| | باش سېدە كەنتى | ئويكوچا، ئارقا مەھەللە، گۈگۈنچى مەھەللىسى، كوچا بېشى، باغ ئېرىق، تاغلىق مەھەللىسى، سوكسوك |
| | بويلا كەنتى | تۆۋەنكى مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە، سېينا، ئازنا مەسچىت ئالدى، ئالچىغا، ئاياغ مەھەللە |
| | يېچا كەنتى | يېچا، تۆۋەنكى مەھەللە |
| | كۆكالڭ كەنتى | تۈگمەنبېشى، ساي، يۇقىرىسى، ئۆستەڭبويى، يارقورغان، لەڭگەر، خانىقا مەھەللىسى |
| | ئاياغ چۇگۇر كەنتى | تاغلىقۇل، دۆڭ مەھەللە، ئارامەھەللە، قاشبويى |
| ئاۋات يېزىسى | قۇمبېشىق كەنتى | ئارا مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە، ئاياغ مەھەللە |
| | يالاڭ كەنتى | تۆۋەنكى مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە، ئۈچھويلا، ئارامەھەللە، كاج مەھەللىسى، ئويكوچا |
| | يېڭىچكە كەنتى | ئارا مەھەللە، يۇقارقى مەھەللە، پەشتاق مەھەللىسى، قۇملۇق مەھەللىسى، يارېشى، ئاياغ مەھەللە |
| | يارېشى كەنتى | يارېشى، ئېگىز ئېرىق، توغبېشى، ھېكىمئاخۇن بايىنىڭ مەھەللىسى، چامغۇر مەھەللىسى، مەمەتخان خەلپىتىم مەھەللىسى، ئويكوچا، پىلدىلاڭ مەھەللىسى، بەشتازى |
| | تۈگمەنبېشى كەنتى | تۈگمەنبېشى، كالۋا مەھەللىسى، قاساپ مەھەللىسى، ئاشكۆلبېشى |
| | ياقاتام كەنتى | قارا مەھەللىسى، ساتار مەھەللىسى، قوچقار مەھەللىسى، جىگدە مەھەللىسى، كەپتەرخانا |
| | توقام مەھەللىسى | توقام مەھەللىسى، مازار ئالدى، چاغانكۆلبېشى، ھاجىئاخۇنھاجىم، سۆرەم مەھەللىسى، قوشقۇرۇ، كەپتەرخانا |
| | ھاسا كەنتى | ھاسا، مازار ئالدى، تاغلىق مەھەللە، ئۆلۈغيول، قۇمكوچا، غاز مەھەللىسى |
| | بوغاش كەنتى | گودۇڭ مەھەللىسى، بوغاش، ياقاتام، توختاجىننىڭ كوچىسى، تۆۋەنكى ھويلا، بەگ مەھەللىسى |
| | باغھويلا كەنتى | باغھويلا، شامكى، سۆڭگۈلاچ |
| | كۆكچى كەنتى | كۆكچى، پىلال، ئۆستەڭبويى، شاھشاغا، قۇزئېرىق |
| | تۆپانلا كەنتى | تۆپانلا مەھەللىسى، قارا مەھەللىسى، ياغاچچى مەھەللىسى، قاساپ مەھەللىسى، قارلىغاچ مەھەللىسى |
| | ئامانلا كەنتى | چارشەنبازار، يۇقىرى مەھەللە، ئۆستەڭبويى، ھويلا، چاقا، چوڭقۇر مەھەللە |
| | قارلىق كەنتى | توغبېشى، ئاياغ مەھەللە، يۇقىرى كاچقا، يېڭىباغ، مەسچىت ئالدى، مازار ئالدى، ئويكوچا، قىبلە مەھەللىسى |
| | چىتلىق كەنتى | كوچا مەھەللىسى، يۇقىرىسى، سودىگەر مەھەللىسى |

| | | |
|---|---|---|
| ئاۋات يېزىسى | چاكىسا كەنتى | چاكىسا، يۇقىرى مەھەللە |
| | قاتار قىشلاق كەنتى | قاتار قىشلاق، تەنۇر مەھەللە، چولاق كۆلبېشى |
| | چاكا كەنتى | ئاۋاي كوچا، جىننە گوزە |
| | چىغلىق كەنتى | چىغلىق كوچا، تۆلكە مەھەللىسى، تاناپ مەھەللىسى، ئالىلىق |
| | مەتقاسىم مەھەللىسى | مەتقاسىم مەھەللىسى، پاختا يۇلغۇن |
| | ئاقئۆستەڭ كەنتى | ئاقئۆستەڭ |
| | يېڭىگان ئورمانچىلىق مەيدانى | |
| | ئوتلاق ئورمانچىلىق مەيدانى | |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | سەيغىلەڭ ئېرىق كەنتى | ئېلاچى مەھەللىسى، ئۆيكوچا، غاز مەھەللىسى |
| | توقايئېرىق كەنتى | توقايئېرىق، كالتەڭ مەھەللىسى، داخان مەھەللىسى، يافچى مەھەللىسى، مەھەممەتبەگ مەھەللىسى، خەلپىتىم مەھەللىسى، چۇتكوز مەھەللىسى، مەزىن مەھەللىسى، توقائېرىق مەھەللىسى، ئارا مەھەللە |
| | دۆڭئېرىق كەنتى | دۆڭئېرىق مەھەللىسى، ئۆتۈلاچىنلىك مەھەللىسى، داققال مەھەللىسى، تۆگمەنبېشى، ئەزىنبويى مەھەللىسى، توقۇناق مەھەللىسى، ساچقان مەھەللىسى |
| | گەزىنبويى كەنتى | ئۆچتىگەن مەھەللىسى، تۆما تۆگمەنبېشى، چاقماق مەھەللىسى، قوچقار مەھەللىسى، گۈمبەز ئېرىق |
| | توقاي كەنتى | قۇملۇق توقاي، بۇلۇمە، دۆڭمەھەللە، يامبانوقاي، قارقى توقاي، ئىمىنباي مەھەللىسى، باخشى مەھەللىسى، گۈمبەز |
| | ھەرەمباغ كەنتى | يۇقارقى ئېرىق، ئاچاتام، باشمەھەللە، ئاياغ مەھەللە، ئارائېرىق، خەزىنىبويى |
| | غۇنچە ئېرىق كەنتى | ئاخۇنۇمنىڭ مەھەللىسى، سويى ئېرىق |
| | يىڭنە قاش كەنتى . | ئاچا مەھەللىسى، ئارا مەھەللە، جاڭگال مەھەللىسى، دەريابويى مەھەللىسى، توقاي، قوغان مەھەللىسى، قىشلاق |
| | چىچىغلىق كەنتى | زاراتلىق مەھەللىسى، سەلەيچوكىنىڭ مەھەللىسى، قوناچىمنىڭ مەھەللىسى، پاخال مەھەللىسى، خەسچاۋا مەھەللىسى، دۆڭمەھەللە |
| | سۆگۈلاچ كەنتى | ۋاپئېرىق، ئالتۇندۇۋۇ، ئاتۇش مەھەللىسى |
| | قاشبويى كەنتى | ئاقمەھەللە، قۇمكوچا، قوم مەھەللىسى، قاشبويى، دۆۋىلىك، ئاياغ مەھەللە |
| | دۆڭكۆل كەنتى | كىچىكھاجى مەھەللىسى، سۇئېرىق، ئاياغ مەھەللە، سەمەن مەھەللىسى، باغىويلا، قازىنىڭ لەڭگىرى، كەنجى مەھەللىسى |
| | جىگدىلىك كەنتى | ھاجىخەتۋاخۇنۇمنىڭ مەھەللىسى، بەگ مەھەللىسى، بايخانقارى مەھەللىسى، ئەمەتخەتۋاخۇنىڭ مەھەللىسى، ساۋۇر ھاجىمنىڭ مەھەللىسى، روزىھاجى مەھەللىسى |
| | ئاۋاتئېرىق كەنتى | گەندالڭ مەھەللىسى، ئۆزبېك مەھەللىسى، سوقا مەھەللىسى، گۇگۇت مەھەللىسى، چىلان مەھەللىسى، شىۋاق مەھەللىسى، بۇلۇمە، بۆرەك مەھەللىسى، ئاقاقى مەھەللىسى، يېڭىمەھەللە |
| | ئارا مەھەللە كەنتى | كونا مەسچىت مەھەللىسى، ئارامەھەللە، ئابدۇسەمەتجان ئېرىق، ئاتامۇللام مەھەللىسى، ئاتۇش مەھەللىسى، باي مەھەللىسى |

| | | |
|---|---|---|
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | يېڭىئېرىق كەنتى | يېڭىئېرىق، گۈي مەھەللە، باۋۇدۇنھاجىم مەھەللىسى، ئاق مەھەللە |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | لوسمانتوزئېرىق | لوسمانتوزئېرىق، جاڭلاڭ مەھەللىسى، ئارالچى، دۆڭ مەھەللە، ئۆستەڭبويى |
| ئاقتاش يېزىسى | ئۆرايىمھاجىمىناڭ مەھەللىسى | قوم مەھەللىسى، ئۆرايىمھاجىمىناڭ مەھەللىسى، چوڭ ئاختاق مەھەللىسى، لەڭگەر مەھەللىسى |
| ئاقتاش يېزىسى | ئاقتاش كەنتى | بازار بېشى، ئابدۇۋاسىلئېرىقى، سېيىتكام ئېرىقى، چوڭبۇلۇڭ، مەي مەھەللىسى، ئاۋات مەھەللىسى، ئاختاقئېرىق، بارىنئېرىق |
| ئاقتاش يېزىسى | ئاقئېرىق كەنتى | شورۇق مەھەللىسى، قوزىچاق مەھەللىسى، بەشئورۇق مەھەللىسى، بايپاڭ، ئاقئېرىق مەھەللىسى |
| ئاقتاش يېزىسى | كۆل كەنتى | كۆل، باخشى مەھەللىسى، دۆڭتام |
| ئاقتاش يېزىسى | دۆڭ كەنتى | ئارامەھەللە، دۆڭ مەھەللە، روزى ئىمام مەھەللىسى، دۆڭئېرىق، بايمەتىناڭ مەھەللىسى، ئاقتاش يېزىلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى «خەلق» يولى، «غالىبىيەت» يولى، «مەدەنىيەت» يولى، «ئىتتىپاق» يولى، «زەمىن» يولى، مەنگەن يولى، شوغۇز يولى، ئىشلەمچى يولى — توققۇزاق بازىرىدىكى بازار مەھەللە نامىنى كۆرسىتىدۇ.

# تەبسئي جۆغراپیە

# تەبىئىي جۇغراپىيە

## I باب

## گېئولوگىيە

### § 1 . يەر قاتلىمى

جەنۇبىي جىنەدىن دەۋرى بىلەن ئوخشاش مەزگىلدە، تارىم پلاتفورمىسى جىنەدىن سىستېمىسىدىكى مۇزلۇق ۋە دېڭىز ياقىسى — تېيىز دېڭىز فاتسىيىسىنىڭ ئۆزۈندى جىنس ۋە كاربوناتلىق چۆكۈندىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە، پلاتفورما ئۈستىدە تۇنجى يۈرۈش چۆكۈندە يېپىنچا قاتلام ھاسىل بولغان.

كېمبرىي دەۋرىدىن پېرم دەۋرىگىچە بۇ رايوندا 2 قېتىم بىر قەدەر زور كۆلەمدە دېڭىز سۈيىنىڭ بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى يۈز بەرگەن، دېڭىز سۈيىنىڭ بېسىپ كىرىشى ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتكەن ۋاقتى كېيىنكى ئوردوۋىك ئېپوخاسى، ئوتتۇرا ۋە دەسلەپكى جىنس ئېپوخاسىدىن ئىبارەت بولۇپ، دېڭىز فاتسىيىلىك ۋە قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ئۆزۈندى جىنس چۆكۈندىلىرى شەكىللەنگەن.

پېرم دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، گېرسىن ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى پلاتفورما ئايلانمىسىدىكى تەڭرىتاغ بىلەن قۇرۇم تاغلىرىنىڭ گېئوسىنكلىناللىرىنى پۇرۇلمىلىنىشىپ قايتىلىنىش ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پلاتفورما گىرۋەكلىرى بىلەن ئوتتۇرا قىسىملىرى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، پلاتفورمىنىڭ ئەتراپى بىلەن بۇ رايون چۆكۈشكە باشلاپ غايەت زور قېلىنلىقتىكى چۆكۈندىلەر ھاسىل بولغان.

ئوتتۇرا ھايات ئىراتىم بىلەن يېڭى ھايات ئىراتىمىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئولتۇرۇشما رايونلار قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ئۆزۈندى جىنىسلارنى ئاساس قىلغان چۆكۈندىلەردىن يېتىلگەن بولۇپ، ئاخىرقى بور دەۋرى ۋە دەسلەپكى 3 - دەۋرگىلا تەۋە بولغانلىرىدىن دېڭىز ياقىسى، لاگونال فاتسىيىلىك بىر قاتلام گىل تاش ۋە كاربوناتلار ئارىسىغا قىستۇرۇلغان گىپىس ھەم تاشتۇز چۆكۈندىلىرى بار.

4 - دەۋردىكى ئېقىندىلار ناھىيە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى قاپلىۋالغان، ئېقىندىلار شېغىللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى قۇمساڭغۇ يېپىشقاق توپىلار قاپلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرى ئۈستۈنكى يېڭىلىنىش سېرىيىسى — تولۇق يېڭىلىنىش سېرىيىسىگە توغرا كېلىدۇ. گەز دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى ئېقىتىپ كەلگەن ئېقىندىلار قەشقەر ئويۇلمىسى ئىچىگە دۆۋىلىنىش ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ھازىرقى مۇرەككەپ دېلتا تۈزلەڭلىكى پەيدا بولغان. تۈزلەڭلىكتىكى دەريا قىنىنىڭ كەسمە چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىردىن 1.5

مېتىرغىچە كېلىدۇ، پەلەمپەي يەرلەرنىڭ يېتىلىشى ئېنىق.
ناھىيە تەۋەسىدە ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ يەر قاتلاملىرى ئاساسەن ئېچىلىپ قالمىغان، پەقەتلا ئاخىرقى بور دەۋرى ۋە 3 - سىستېمىغا تەۋە بولغان يەر قاتلاملىرى ئاز ساندا ئېچىلىپ قالغان. ناھىيە تەۋەسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەر 3 - سىستېمىغا تەۋە قىزىل ئۆزۈندى جىنسلاردىن تەركىب تاپقان، ئوپال بىلەن تاشمىلىقنىڭ يەرلىرىدە ئاخىرقى بور سىستېمىسى بىلەن 3 - سىستېمىغا تەۋە يەر قاتلاملىرى ئېچىلىپ قالغان.

## 2 § . يەر تۈزۈلۈشى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ئويۇلمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قىزىل، گەز دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان لاتقا، ئېقىندى تۈزلەڭلىك، شۇنىڭدەك تارىم پلاتفورمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئولتۇرۇشمىسىغا تەۋە 2 - دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ.
بۇ رايون پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىغا ئوخشاش جىنىڭ ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىراق قەدىمىي ئېراتېم ۋە ئەڭ قەدىمقى ئېراتېم يەر قاتلىمىنىڭ قىتىشى بىلەن پۈرۈلمىلىشىپ، ئۆزگىرىپ ۋە قېتىشىپ تارىم پلاتفورمىسىنىڭ ئۇلىنى شەكىللەندۈرگەن.
ناھىيە زېمىنىنىڭ غەرب، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىنى تاغ قورشاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە غەرب ۋە شىمالدىكى تاغلىق يەرلەر غەربىي جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسىدىكى تاغلىق يەرلەرگە كىرىدۇ. گېئودېزىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتتە، ئۇ، تەڭرىتاغ قەدىمقى ھايات ئېراسىنىڭ گېئوسىنكلىنال پۈرۈلمە بەلۋېغىغا تەۋە، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېگىز تاغلار، ئوتتۇراھال تاغلار، پەس تاغلار رەت بويىچە قاتار تىزىلغان. ناھىيىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىنى كېسىپ ئۆتكەن تاغ گەۋدىلىرى ئوتتۇراھال، پەس تاغلارغا تەۋە، پەس تاغلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، بىرقاتاردىن 3 قاتارغىچە ناھايىتى قېلىن ئوتتۇرا ھايات ئېراسى، يېڭى ھايات ئېراسىغا تەۋە قورۇقلۇق چۆكۈندە قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان تاغ تىزمىسى ھېسابلىنىدۇ، تاغ چوققىسى بەلۋاغلىرى ناھايىتى تار بولۇپ، ئۆز ئارا تۇتاشمايدۇ. ئاقتاغ ۋەكىللىكىدىكى يېڭىدىن يېتىلگەن پۈرۈلمىلىك پەس تاغ بەلۋاغلىرى بىر قىسىم ئوتتۇرا ھايات ئېراسى بىلەن يېڭى ھايات ئېراسىدىن تەركىب تاپقان قېلىن قەۋەتلىك پۈرۈلمە بەلۋاغ ھېسابلىنىدۇ. پەس تاغ بەلۋاغلىرى قۇمالتاغ (لەڭگەر تاغنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە بىر قىسىم دۇم پۈرمىلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇ، غەربتە مىڭيولدىن باشلىنىپ، شەرقتە ئاتۇشقىچە يېتىپ بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 20 — 30 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ شەرقتىن غەربكە قاراپ لېنتىسىمان تارقالغان. غەربتىن شەرققىچە بولغان جايلاردا قۇمبەل دۇم پۈرمىسى، قەشقەر دۇم پۈرمىسى، ئاتۇش دۇم پۈرمىسى بار، ئۇ، 3 - سىستېمىغا تەۋە قىزىل تۇپا قاتلىمى ۋە ئاستىنقى يېڭىلىنىش سىرىيىسىدىكى شېغىللاردىن تەركىب تاپقان، كېڭىشىشى بىر قەدەر تېيىز.
1) قۇمبەل دۇم پۈرمىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىنىڭ غەربىدە بولۇپ، تاغ گەۋدىسى قىسقا، شىمالىي ئېتىكىنى دەريا ئۈزۈپ تاشلىغان، ئېقىتىپ كەتكەن ھەمدە يالاپ كەتكەن. ئۇ، 4 - دەۋر ئۈستۈنكى يېڭىلىنىش سىرىيىسى بىلەن يېڭىلىنىش سىرىيىسىگە تەۋە شېغىللىق قاتلام، كالتسىيلىق يىرىم كوللوئىدلار ئارىسىغا قىستۇرۇلغان نېپىز قەۋەتلىك قۇمتاش، گىل تاشلاردىن تەركىب تاپقان.
2) قەشقەر دۇم پۈرمىسى بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس. تاغ گەۋدىسى ئاخىرقى 3 - دەۋردىكى ئاچ سېرىق شېغىل ۋە دەسلەپكى

پېچىلىنىش ئېپوخاسىغا تەۋە قارا شېغىللاردىن تەركىب تاپقان. 3 ـ دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، يېڭى يەر پوستى تۈزۈلمە ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قەشقەر دۆڭ پۈرمىسى ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان، بۇرۇنقى يەلپۈگۈچسىمان لاتقا دۆۋىلەنمىسى قەشقەر دۆڭ پۈرمىسىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان، لېكىن تۈزلەڭلىك ئىزچىل تۈردە نىسبىي چۆكۈش ھالىتىدە تۇرماقتا. تاغلىقلاردىكى مۇز ھەرىكىتى ۋە سۇ ئېقىنلىرىنىڭ كېسىپ ئۆتۈش تەسىرى تۈپەيلىدىن، كۆپ مىقداردىكى تاغ جىنسلىرىدىن يېمىرىلگەن ماددىلار (3 ـ دەۋردىكى تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك ئېقىندى لاتقىلار، شېغىللار) قىستۇرۇلغان، شۇڭلاشقا دۆڭ پۈرمە غايەت زور قېلىنلىقتىكى 4 ـ دەۋردىكى بىر قەدەر بوشراق يايما قەۋەت بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەريا ئېقىنلىرى، تاغ كەلكۈنلىرىنىڭ پائالىيىتى كۈچىيىپ، 4 ـ دەۋردىكى بوش يەر قاتلاملىرىنى ئۈزلۈكسىز تۆۋەن يالاپ كېتىش، ئېقىتىپ كېتىش، ئۈزۈۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىزىقسىمان يالانلار يېتىلىپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان جىرالار پەيدا بولۇپ، يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى ۋە ئېقىندى تۈزلەڭلىكنىڭ يالانما يەر تۈزۈلۈشى ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن.

3) ئاتۇش دۆڭ پۈرمىسى — بۇ، قەشقەر دۆڭ پۈرمىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، غەربى ئېگىز، شەرقى پەس. شىمالى تىك، جەنۇبى يوتىسى تەكشىرەك، يانتۇ بۇلۇڭى 50° — 60° كېلىدۇ. شىمالىي يوتىسى يېرىلمىلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. تاغ گەۋدىسى 3 ـ سىستېمىغا تەۋە جىنس قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ قەشقەر دۆڭ پۈرمىسىدىن سەل بالدۇرراق كۆتۈرۈلۈپ چىققان.

ناھىيە زېمىنىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق يەرلەر پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاغ سىستېمىسىنىڭ پەس تاغ بەلۋېغىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تاغ گەۋدىسى ئامۇتاشتاغ، ئويتاغ، قىزلاق تاغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغ شارائىتى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك، تىك، تار جىلغىلار ئومۇميۈزلۈك تارقالغان، كۆپىنچىسى سۇيۈلما تۈزۈلمىلىك يەر تۈزۈلۈشى تىپىغا كىرىدۇ.

# باب II

# يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى

## §1 . تاغلىق يەرلەر

قەشقەركوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئېتىكىگە، غەربىي جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ناھىيە زېمىنىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرىدۇ، يېرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى قاراتاغ چوققىسى ئەڭ ئېگىز چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3244 مېتىر ئېگىز؛ قومالتاغ ئەڭ پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1281 مېتىر ئېگىز؛ ناھىيە بازىرى دېڭىز يۈزىدىن 1328.2 مېتىر؛ دېھقانچىلىق رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1230 — 1550 مېتىر ئېگىز. شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى 1/30 — 1/700 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇلۇقى 1/50 — 1/600 مېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونلار ناھىيە كۆلىمىنىڭ %54.88نى، چۆللۈك %5.7نى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى تاغلىقلار تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي تارماق تىزمىسىنىڭ كەلپىن تاغ تىزمىسى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئالەي چوققىسى، سارىقۇل چوققىسىدىكى ئوتتۇراھال تاغ، پەس تاغ بەلۋېغىغا تەۋە بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1281 — 3244 مېتىر ئېگىز. تاغ جىنسلىرى ئاساسەن، كىسلاتالىق، نېيترال كرىستاللىق گرانىت تاش، توغرا شپات جىنس، دىئورىت، مېتافورخىلىق جىنس ۋە كۋارتس، گنېيس، ھاك تاش قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، يەنە تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندە جىنسلارمۇ بار. ئۇزاق گېئولوگىيىلىك دەۋرلەر مابەينىدە، ئۈزلۈكسىز پارچىلىنىش، كۆچۈش، كۆتۈرۈلۈش، چۆكۈش ئارقىلىق شېغىل تاش، قۇم تاش ۋە تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندىلەردىن ھاسىل بولغان گەج، ھاك، تۇز قاتارلىق جىنس رۇدىلىرى ئېچىلىپ قالغان، بۇنىڭ ئىچىدە سىلۇر سىستېمىسىدىكى مېتافورخىلىق جىنسلار ئىچىدىكى زور كرىستال تۈزۈلمىسىدىن شەكىللەنگەن ئالتۇن كان ياتىقى ئېچىلىپ قالغان.

تاغ جىلغىلىرىنىڭ كېسىلىشى بىر قەدەر تېيىز بولۇپ، ئادەتتە 400 مېتىردىن ئاشمايدۇ. لېكىن تاغلىق رايونلاردا قارايامغۇر كۆپ ياغقانلىقى، پات - پات كەلكۈن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، لاتقا دۆۋىلەنمىسى، لاتقا ئېتەكلىرى شەكىللەنگەن، بىرىككەن ماددا جەھەتتە يىرىك ئىسكىلىتلىق قۇملار ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ ناھىيە ئىچكى قۇرۇقلۇق مەركىزىگە جايلاشقاچقا، ھۆل - يېغىن ناھايىتى ئاز، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇراھال تاغ بەلۋاغلىرىدىكى پەسىللىك يېغىندى قارلارنى ۋە ئاز ساندىكى مۇزلۇقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاغلىق يەرلەر ناھايىتى قۇرغاق، چۆللۈكنىڭ لاندشافتلىق يۇقىرى چېكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئارتۇق ئۆرلەپ كەتكەن. تاغ جىلغىلىرىدا قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدىغان ئۇششاق چاتقاللار ئاساس قىلىنغان چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى، شالاڭ ھەم گەۋدىسىز كالونىيىلەر ئۆسكەن بولۇپ، يەر يۈزىنى قاپلاش نىسبىتى تۆۋەن. ناھىيە تەۋەسىدىكى چۆل ئوتلاقلار ئاساسەن مۇشۇ يەرگە تارقالغان، ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن 1800 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز.

## 1. تاغلار

1) قارا تاغ بۇ تاغ مۇش يېزىسى مىڭيول كەنتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تەڭرىتاغ سىستېمىسىغا كىرىدۇ. جەنۇبىي مىڭيول دەريا ۋادىسى بىلەن، غەربىي قاراڭغۇلۇق بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنى پاسىل قىلىپ، ئاتۇش شەھىرى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 8.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 204 كۋادرات كىلومېتىر. شەرقى تىك، غەربىي تەكشىرەك، دېڭىز يۈزىدىن 1871 — 3244 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسى، چاكاندا ۋە لويلا ئائىلىسى، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ياۋا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ھەمدە جەرەن، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بۇ تاغ قەدىمكى زاماندا تارىم ئويمانلىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارغا بارىدىغان ئاساسلىق يول ئۆتىدىغان جاي ئىدى، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى.

2) بوزتاغ بۇ تاغ مۇش يېزىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، تەڭرىتاغ سىستېمىسىغا تەۋە. شەرقتە دەمسايغىچە، غەربتە قاراڭغۇلۇقىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇب تەرىپى تۇز سايغىچە، شىمال تەرىپى مىڭيولغىچە يېتىپ بارىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 9 كىلومېتىر، كۆلىمى 135 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تاغ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1610 — 2001 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ياۋا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە جەرەن، تۈلكە، ياۋا توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. تاغ باغرىدا قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات ناھىيىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرى قاتارلىق

جايلارغا سۇ باشلىنىدىغان تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇش بار.

3) تېرەكلىك تېغى بۇ تاغ مۇش يېزىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، تەڭرىتاغ سىستېمىسىغا تەۋە. ئۇ غەربىي تاغدىكى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنى پاسىل قىلىپ ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالىي قىسمى قاراڭغۇلۇق بىلەن، جەنۇبى قىزىل دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 9 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 7 كىلومېتىر، كۆلىمى 63 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1775 — 2365 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا پىيىزەك ئائىلىسى، لويلا ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە جەرەن، بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن بار. بۇ تاغنىڭ ئېغىزىغا قەشقەر 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان.

4) ئاق تاغ بۇ تاغ مۇش، لەڭگەر يېزىلىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تەڭرىتاغ سىستېمىسىغا تەۋە. شەرقى ئۇراساي بىلەن، غەربى مىڭيول بىلەن، جەنۇبى ئاۋات ئۆستىڭى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنى پاسىل قىلىپ ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 6 كىلومېتىر، كۆلىمى 198 كۋادرات كىلومېتىر. غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1414 — 2435 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا يۆگىمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە جەرەن، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بۇ يەر قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ.

5) قۇمالتاغ بۇ تاغ لەڭگەر تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ، بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تەڭرىتاغ سىستېمىسىغا تەۋە. شەرقتە قۇمساقچە، غەربتە خاڭدى يېزىسىغىچە، جەنۇبتا بەشكېرەم يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ، شىمالى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنى پاسىل قىلىپ ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 4.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 99 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1254 — 1722 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا لويلا ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە تۈلكە، ياۋا توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، قېزىلما بايلىقلاردىن تاشتۇز بار. بۇ يەردە مورا بۇددا مۇنارى، تۇر، ئۈچ بۇرخان ئۆڭكۈرى قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلار بار.

6) ھەزرىتى موللام تېغى بۇ تاغ ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، پامىر تاغ سىستېمىسىغا تەۋە. شەرقتە موللامباغقا، غەربتە ئوپۇلاتقىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبى سېسىق ئېقىن بىلەن، شىمالى باشياغۇ بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 2.7 كىلومېتىر، كۆلىمى 21.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ 2 قانىتى شەرق بىلەن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1579 — 1753 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا لويلا ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە ياۋا توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار، يەنە گەج، ھاك تاش قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. بۇ يەردە ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىلىكى بار.

7) بوز تاغ بۇ تاغ ئوپال يېزىسىدىكى ئوپۇلات كەنتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، پامىر تاغ سىستېمىسىغا تەۋە. جەنۇبى ئوپۇلات كەنتىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ. غەربى ناھىيە چېگرىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، شەرقىي شىمالى قۇمالتاغ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 9 كىلومېتىر، كۆلىمى 99 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1622 — 2314 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا جىغان، يۇلغۇن ۋە باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە جەرەن، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ھەمدە تاشتۇز قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. چىڭ

سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە ئىچكى چازا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم ئىدى، ھازىر بۇ يەردە قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى بار.

8) ئادىمتاش تاغ بۇ تاغ تاشمىلىقنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، پامىر تاغ سىستېمىسىغا تەۋە. شەرقتە قايىرما تاشيولىغا يېتىپ بارىدۇ، غەربى گەز دەرياسى ۋادىسىغا يانداشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبى ئاقتىگەن تېغىغا تۇتىشىدۇ، شىمالى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسىغا يېتىپ بارىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 20 كىلومېتىر، كۆلىمى 280 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1601 — 2830 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، پۇرچاق ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسى، يۆگمەچگۈل ئائىلىسى، كىرىس گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە جەرەن، بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، يەنە تاشتۇز قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. بۇ يەر ئۈرۈمچى - قونجىراپ تاشيولى جايلاشقان مۇھىم جاي، ئوت - چۆپى مول بولۇپ، خېلى ياخشى تەبىئىي ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ.

9) قىزىلاقتاغ بۇ تاغ تاشمىلىق يېزىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، پامىر تاغ سىستېمىسىغا تەۋە. غەربى قايىرما تاشيولىغىچە، شىمالى دۆڭسايغىچە يېتىپ بارىدۇ، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنى پاسىل قىلىپ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 7 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى 35 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1606 — 2401 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، ياۋايى ھايۋانلار ئادىمتاش تېغىدىكىسى بىلەن ئوخشاش.

10) ئويتاغ بۇ تاغ تاشمىلىق يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، پامىر تاغ سىستېمىسىغا تەۋە. شەرقى ئۈرۈمچى — قونجىراپ تاشيولىغىچە يېتىپ بارىدۇ، غەربى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنى پاسىل قىلىپ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبى ئويتاغ دەريا ۋادىسىغا، شىمالى چالمىلىق سايغا يېتىپ بارىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 9 كىلومېتىر، كۆلىمى 108 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1767 — 2565 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ھاك تاش، كۋارتس قاتارلىقلار بار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە ياۋايى ھايۋانلار ئادىمتاش تېغىدىكىسى بىلەن ئوخشاش. بۇ يەر ئۈرۈمچى — قونجىراپ تاشيولىدىكى مۇھىم جاي ھېسابلىنىدۇ، بۇ يەردە تەبىئىي ئوتلاق بار.

11) قۇمالتاغ (قۇمتاغ) بۇ تاغ ئوپال يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، پامىر تاغ سىستېمىسىغا تەۋە. شەرق تەرىپى توققۇزاق سېيى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى بوزتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى گۈمبەز سېيىغىچە، شىمالى قىزىل دەرياسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 6 كىلومېتىر، كۆلىمى162 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، دېڭىز يۈزىدىن 1561 — 2036 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغدا شالاڭ ئۆسكەن مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، لويلا ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بۇ يەر قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ، قەدىمكى يىپەك يولى مۇشۇ جايدىن ئۆتۈپ غەربكە باراتتى.

## 2. جىلغا - ئېقىنلار

1) سېسىق ئېقىن بۇ ئېقىن ئوپال يېزىسىنىڭ 2.5 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، سېسىق تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىپ بازار جىلغىسىغا قۇيۇلىدۇ، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى

85 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 30 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر، بۇلاق سۈيى بار.

2) يېڭىچكە ئېقىن    بۇ ئېقىن ئوپال يېزىسىنىڭ 3.5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، ئوغرىيار دېگەن يەردىن باشلىنىپ بازار جىلغىسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، كەڭلىكى 60 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىر، بۇلاق سۈيى بار.

3) لاي ئېقىن جىلغىسى    بۇ جىلغا ئوپال يېزىسىنىڭ 5.25 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شوتا جاڭگالدىن باشلىنىپ، قىزىل دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر.

4) بازار جىلغا    بۇ جىلغا ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ 0.8 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 7 مېتىر، پەسىللىك كەلكۈن سۈيى، ئېقىن سۈيى بار، ئادەتتىكى چاغلاردا قۇرۇپ قالىدۇ.

5) قىزىل جىلغا    بۇ جىلغا ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ 9 كىلومېتىر شىمالغا جايلاشقان، ئوپۇلاتتىن باشلىنىپ بازار جىلغىسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 8 مېتىر، يازدا كەلكۈن كېلىدۇ، قىشتا بۇلاق سۈيى بار.

6) مايتوغراق جىلغىسى    بۇ جىلغا ئوپال يېزىسىنىڭ 17 كىلومېتىر غەربىي شىمالغا جايلاشقان، ئوييۇلاقتىن باشلىنىپ ئوپۇلات كەنتىدىن ئۆتۈپ قىزىل جىلغىغا قۇيۇلىدۇ. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 4 كىلومېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر، يازدا كەلكۈن كېلىدۇ، ئازراق بۇلاق سۈيى بار.

7) گو جىلغا    بۇ جىلغا ئوپال يېزىسىنىڭ 16.25 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان، ئوييۇلاقتىن باشلىنىپ ئوپۇلاتتىن ئۆتۈپ قىزىل جىلغىغا قۇيۇلىدۇ. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر، ئازراق بۇلاق سۈيى ۋە پەسىللىك كەلكۈن سۈيى بار.

8) لاي جىلغا    بۇ جىلغا ئوپال يېزىسىنىڭ 13.25 كىلومېتىر غەربىي شىمالغا جايلاشقان، ئوييۇلاقتىن باشلىنىپ، ئوپۇلاتقا بېرىپ قىزىل جىلغىغا قويۇلىدۇ. غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 4 كىلومېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر، ئازراق بۇلاق سۈيى ۋە پەسىللىك كەلكۈن سۈيى بار.

9) قارا تاغ ئېقىن    بۇ ئېقىن ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان، قارا تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن ئۆلۈغچات ناھىيىسىدىكى تۆشۈكتاغقا يېتىپ بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر. كەڭلىكى 30 مېتىر، يازدا كەلكۈن كېلىدۇ. جىلغىدا قارىغاي، جىگدە قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار.

10) بۆرە ئېقىن    بۇ ئېقىن مۇش يېزىسىنىڭ 2 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. غەربتە قوغان گۈمبەزدىن باشلىنىپ شەرقتە كۆل مەھەللىسىگىچە يېتىپ بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن.

11) چۆمبۈس - سىزاق جىلغىسى    بۇ جىلغا قوغان يېزىسىنىڭ 2 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان. شىمالدا ئايرودرومدىن باشلىنىپ سىزاقچە سوزۇلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.6 كىلومېتىر، بۇ جىلغا ئىلگىرى كەلكۈن جىلغىسى بولۇپ، كېيىن بۇ يەردە دامبا ياسىلىپ پەيدىنپەي ئېتىز - ئېرىق بەرپا قىلىندى.

12) ۋاپ جىلغىسى    بۇ جىلغا قوغان يېزىسىنىڭ 2 كىلومېتىر شىمالغا جايلاشقان. غەربىي

شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر، كەڭلىكى بىر كىلومېتىر، بۇ جىلغا ئىلگىرى كەلكۈن جىلغىسى ئىدى، كېيىن كۆپ قىسمى ئۆزگەرتىلىپ مۇنبەت ئېتىزلار بەرپا قىلىندى.

13) شامپاشا - كىچىك ئېرىق جىلغىسى   بۇ جىلغا توقان يېزىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئايرودرومدىن تورغاي كەنتىگىچە يېتىپ بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.8 كىلومېتىر، ئادەتتىكى چاغلاردا قۇرۇپ تۇرىدۇ، ھازىر كۆپ قىسمى ئۆزگەرتىلىپ ئېتىز قىلىندى.

14) جىگىيار ئېقىنى   بۇ ئېقىن بەشكېرەم يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، تۇتۇرگىدىن تىم دېگەن يەرگىچە يېتىپ بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، كەڭلىكى 400 مېتىر. ئىلگىرى كەلكۈن جىلغىسى ئىدى، ئادەتتە قۇرۇق تۇراتتى، ھازىر سۇ ئامبىرى ياسالدى.

## § 2 . تۈزلەڭلىك

### 1 . تىپى

ناھىيە تەۋەسىدىكى تۈزلەڭلىك تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى قىزىل دەرياسى ۋادىسىدىكى لاتقا، ئېقىندى تۈزلەڭلىككە تەۋە، تۈزلەڭلىكنىڭ جايلاشقان ئورنىغا ئاساسەن، ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) كۆنگەي يەلپۈگۈچسىمان لاتقا تۈزلەڭلىك   بۇخىل تۈزلەڭلىك پەس تاغ بەلۋېغىنىڭ كۆنگەي ئېتىكىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1600 — 1800 مېتىر ئېگىز. كىلىماتى ئىنتايىن ئىسسىق قۇرغاق، سۇ كەمچىل. بۇ تۈزلەڭلىك تاغ جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يىرىك ئىسكىلىتلىق شېغىللار ئاساس قىلىنىدۇ، كەلكۈندە يالىنىپ كېتىش، كېسىلىپ كېتىش، ئېقىتىپ كېتىش ئارقىلىق سىزىقسىمان يالانمىلارغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن، سۇنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان جىلغىلار كۆپرەك، يەر شەكلى ئۆزۈلۈپ كەتكەن، ئوتتۇرىسىدا تىك يار بار. سۇنىڭ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشى ناھايىتى ئېغىر، قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ ئۆسكەن بولۇپ، يەر يۈزىنى قاپلاش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن. بۇ تۈزلەڭلىك چۆل ئوتلاقلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

2) قىزىل، گەز دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى تۈزلەڭلىك

(1) يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك   بۇ تۈزلەڭلىك دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1450 — 1600 مېتىر ئېگىز. لاتقىلىق ئېتەك بەلۋاغلىرىنىڭ سوزۇلغان قىسمى بولغان قىسمەن جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسمى نېپىز سىرىق تۇپراقسىمان مەيدە تۇپراق چۆكۈندىلەردىن تەركىب تاپقان. چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن، سۇ مەنبەسى بار جايلار ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئېتىز بەرپا قىلىندى، لېكىن ئۇنۇملۇك تۇپراق قەۋىتى نېپىز بولغاچقا، ھوسۇلى يۇقىرى ئەمەس، يانتۇلۇقى ئادەتتە 1/50 — 1/100. سۇ ئېروزىيىسى بىر قەدەر كۈچلۈك، يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلمە چوڭقۇرلۇقى 30 — 50 مېتىر كېلىدۇ.

(2) يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك   بۇ تۈزلەڭلىك دېڭىز يۈزىدىن 1310 — 1450 مېتىر ئېگىز. يانتۇلۇقى تەكشىرەك، شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/200، يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلمە چوڭقۇرلۇقى 5 — 30 مېتىر كېلىدۇ، بۇ تۈزلەڭلىك ناھىيە بويىچە ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**(3) يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك** بۇ تۈزلەڭلىك دېڭىز يۈزىدىن 1300 — 1310 مېتىر ئېگىز. شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 1/350، يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلمە چوڭقۇرلۇقى 2 — 5 مېتىر كېلىدۇ.

**(4) يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەك بەلۋېغى** بۇ بەلۋاغ دېڭىز يۈزىدىن 1280 — 1300 مېتىر ئېگىز، يەر ئاستى سۈيى تېشىپ چىقىدىغان بەلۋاغ ھېسابلىنىدۇ، تۇپراقتىكى سۇ تەركىبى تويۇنغان ھالەتتە تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى 1/400 — 1/600، سىرغىملىرىنىڭ ئايرىپ تاللاش رولى تۈپەيلىدىن تۇپراق سۈپىتى ئېغىرراق، ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئېتىز بەرپا قىلىنغان جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسمى چىملىق تۇپراق، شور تۇپراق ھەم ئاز ساندىكى سازلىق يەرلەردىن تەركىب تاپقان، بۇ تۈزلەڭلىك ناھىيە بويىچە ئوتلاق، يېقىلغۇ ئورمانلىرى تارقالغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىن يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەك بەلۋېغى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ 2 تارماققا ئايرىلغان يېرىگىچە بولغان جايلارغا پاختەكلەدىكى دەريا ئارىسىدىكى ئويمانلىق تارقالغان بولۇپ، يانتۇلۇقى ئادەتتە 1/350 — 1/700 كېلىدۇ. تۇپراق سۈپىتى ئېغىرراق، يەر ئاستى سۈيى مول، بۇ جاي ناھىيە بويىچە ئاساسلىق شال تېرىلىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

ئوپال يېزىسى جايلاشقان يەردىكى ئۆزۈلمە قاتلام بار توقاي، بوستانتېرەك دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىغا تەۋە بولۇپ، ئەسوللام ئۆزۈلمە قاتلىمى (جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ) غىچە يېتىپ بارىدۇ، تىك پەسىيىشى تەخمىنەن ئويمانلىق يەر قىياپىتى بىرلىكمىدىن ئىبارەت. تاغ سىستېمىسى بىلەن دەريا سىستېمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە پەيدا بولغان، كۆنگەي قىيالىق يەرلەر يىرىك ئىسكىلىتلىق شېغىللاردىن تەركىب تاپقان، ئاستى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ يەرگە چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى تارقالغان. ئۆزۈلمە قاتلامنىڭ غەربىي قىسمى يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكلىرىدىن يەر ئاستى سۈيى تېشىپ چىقىدىغان بەلۋاغ بولۇپ، يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/150 — 1/400 كېلىدۇ. ئۆزۈلمە قاتلامنىڭ شەرقىي قىسمى تەخمىنەن ئويمانلىق بولۇپ، يېقىنقى زامان يېزا ئىگىلىك رايونى ھېسابلىنىدۇ، سۇ مەنبەسى يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەك بەلۋاغلىرىدىن تېشىپ چىققان يەر ئاستى سۈيى ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. قىسمەن بۆلەكلىرى گەز دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. يەر ئاستى سۈيى ئۆزۈلمە قاتلامنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە بۇلاق سۈيى ھاسىل بولغانلىقتىن، نۇرغۇن جايلاردا كىچىك كۆلەملىك سازلىقلار پەيدا بولغان، نەمخۇش يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن، بەزى جايلارنىڭ تورف دۆۋىلەنمىسىنىڭ قېلىنلىقى 2 مېتىردىن ئاشىدۇ.

### 3) قىزىل دەرياسى ئېقىندى تۈزلەڭلىكى

بۇ تۈزلەڭلىك ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 1200 — 1500 مېتىر ئېگىز، شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى 1/400 — 1/700، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇلۇقى 1/100 — 1/600 كېلىدۇ. ئېقىندى تۈزلەڭلىك تەۋەسىدە 3 دەريا بار، بىرى قىزىل دەرياسى؛ يەنە بىرى بۇرۇنقى قىزىل دەرياسىنىڭ دەريا قىنى ئاساسىدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېشىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان تۆمەن دەرياسى؛ يەنە بىرى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈننىڭ ئېقىتىشىدىن ھاسىل بولغان كەلكۈن ئاققۇزۇش ئۆستىڭى — چاقماق دەرياسى (ئادەتتە قۇرۇق تۇرىدۇ) دىن ئىبارەت.

قومالتاغقا يېقىن تاغ ئېتىكىدە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان لاتقا قىيالىق بار، تۈزلەڭلىكنىڭ يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/500. ئاقتاشنىڭ شىمالىدىكى تەخمىنەن 150 مىڭ مو يەردە شامال كۆچىنىڭ تەسىرىدە يارداڭلىق يەر شەكلى بىر قەدەر ياخشى يېتىلگەن، يېمىرىلگەن قورغان، خاداتاش ۋە دۆڭلەر ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قۇملىشىش ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھىلال ئايسىمان كۆچمە قۇم دۆۋىلىرى تارقالغان، بەزىدە شامال قۇمنى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئۇچۇرتۇپ كېلىپ، ئېتىز - ئېرىقلارغا زىيان سالىدۇ.

## 2. چۆللەر

ناھىيە تەۋەسىدىكى چۆللەر يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى - لاتقىلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئاساسلىقى، 13 ئورۇندا چۆل بار.

1) گۇمبەز چۆل — بۇ چۆل ئوپال يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 108 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شېغىللىق چۆللەردە شالاڭ چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بار.

2) ئاراچۆل بۇ چۆل ئوپال يېزىسىنىڭ 18 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 39 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يانتاق، تىكەن قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار.

3) دۆڭ چۆل بۇ چۆل تاشمىلىق يېزىسىنىڭ 3 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4.5 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 247.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەرەن، ياۋا توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە يانتاق قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار بولۇپ، چارۋا بېقىشقا بولىدۇ.

4) خادا تاش چۆلى بۇ چۆل تاشمىلىق يېزىسىنىڭ 8 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 33 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار بولۇپ، چارۋا بېقىشقا بولىدۇ.

5) ئالا چۆل بۇ چۆل تاشمىلىق يېزىسىدىكى تاز تاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 6 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 72 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

6) تۈز چۆل بۇ چۆل مۇش يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 264 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، چارۋا بېقىشقا بولىدۇ.

7) ھۇشۇر باداڭ چۆلى بۇ چۆل لەڭگەر يېزىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.8 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 0.8 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

8) ئۇزۇن چوڭ چۆل بۇ چۆل قوغان يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى — قونجىراپ تاشيولىنىڭ شەرقىي يان تەرىپىگە جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 4 كىلومېتىر؛ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 6.5 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 26 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

9) ئۇزۇن كىچىك چۆل بۇ چۆل خاڭدى يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 6.5 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 16.25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

10) مورا چۆل بۇ چۆل بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 88 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قومۇش، يۇلغۇن،

ياتناق قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، چارۋا بېقىشقا بولىدۇ.

11) شوتا چۆل  بۇ چۆل ئوپال يېزىسىنىڭ 4 — 5 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان، غەربتىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىر، شەرقتىن شىمالغا كەڭلىكى 4.5 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 24.75 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قومۇش كۆپ بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 2500 توننا قومۇش ئېلىنىدۇ.

12) ساچقان چۆل  بۇ چۆل ئوپال يېزىسىنىڭ 9 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 9 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، كۆلىمى 27 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

13) ئاقتالا چۆل  بۇ چۆل ئوپال يېزىسىنىڭ 13 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 10 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ياتناق ۋە قومۇش قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك بولۇپ، چارۋا بېقىشقا بولىدۇ.

# III باب

# كىلىماتى

## 1 §. كىلىمات خاراكتېرى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

### 1. ئاساسلىق كىلىمات ئالاھىدىلىكى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى تاغلار قورشاپ تۇرىدۇ، ئورنى يېپىق شەكىلدىكى قومۇلۇقنىڭ غەربىي گىرۋىكىدە بولۇپ، سۇ پارلىرى ئۆتۈشمەيدۇ. جەنۇبتىن كىرگەن سوغۇق ھاۋا تەستە ئۆتىدۇ، مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىمات ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ئۇزۇن، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، ھۆل - يېغىن ئاز، كىلىماتى قۇرغاق.

ھاۋا كىلىماتىنىڭ يىللىق ۋە كۈنلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ماكان جەھەتتە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: شەرقى بىلەن غەربىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى كىچىك، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇنراق، تەبىئىي ھۆل - يېغىن ئاز. شەرقىي قىسمىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ كىلىماتى ئىسسىق ھەم سالقىن، بىر قەدەر نەمخۇش، بىر يىل ئىچىدە ئەتىيازدا شامال كۆپ چىقىدۇ، شامال كۈچىمۇ كۈچلۈك، كۈز، قىش پەسلىدە شامال ئازراق چىقىدۇ، شامال كۈچىمۇ كۈچلۈك ئەمەس. 4 - ئايدا دائىم ئەتىيازلىق ئۆششۈك پەيدا بولىدۇ، يامغۇرلۇق ھاۋارايى ئارىلىشىپ كېلىدۇ، ھەر يىلى دېگۈدەك مۆلدۈر ئاپىتى كۆرۈلىدۇ.

### 2. تۆت پەسىلنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەتىياز  بۇ پەسىلدە ھاۋارايى كۆپ ئۆزگىرىدۇ، ھاۋا تېز ئىسسىيدۇ، ئەمما تۇراقلىق ئەمەس،

مۆل - يېغىن نىسپىي كۆپ بولىدۇ. قار - مۇزلار ئېرىپ تۈگەيدۇ، توڭ يانىدۇ، دەريا سۈيى بارا - بارا كۆپىيىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سوتكىلىق پەرقى چوڭ بولۇپ، دائىم ئەتىيازلىق سوغۇق پەيدا بولىدۇ. ئەتىياز قۇرغاقچىلىقى، قۇم - بوران، چاڭ - توزان قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر دائىم يۈز بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**ياز** بۇ پەسىلدە قۇرغاق پىژغىرىم ئىسسىق بولىدۇ، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، ئىسسىقلىق مىقدارى مول بولىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ، پىژغىرىم ئىسسىق ۋاقتى قىسقا بولۇپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى تازا ئەۋجىگە چىقىدۇ، كۈزگى بۇغدايىنىڭ پىشىشىغا ۋە يازلىق ئېگىز تېرىلغۇسىغا پايدىلىق بولىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرا داۋاملىشىپ، ئېگىز تاغلاردىكى مۇز - قارلار ئېرىپ، دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ، ئاسانلا كەلكۈن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەس تاغلىق رايونلاردىكى جايلاردا بەزىدە بىر قەدەر كۈچلۈك گۈلدۈرمامىلىق ئۆتكۈنچى يامغۇر ۋە مۆلدۈر يېغىپ يېزا ئىگىلىكىگە مۇئەييەن تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**كۈز** بۇ پەسىلدە ھاۋا ھەم ئىسسىق، ھەم سالقىن بولىدۇ، بۇ كۈزلۈك يىغىم ۋە كۈزلۈك تېرىلغۇ ئىشلىرىغا پايدىلىق. لېكىن ياز بىلەن كۈز ئارىلىقىدا تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەپ، يىغىندى تېمپېراتۇرا ئازىيىپ بارىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ سوتكىلىق پەرقى چوڭ، يىللار ئارا كۈن نۇرى تولۇق چۈشمەيدۇ، مەسىلەن: باش قىرو بالدۇر چۈشۈپ، كۈزلۈك زىرائەتلەرنىڭ تولۇق پىشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كېۋەز غوزىسى يېرىلىپ كېتىدۇ، كېۋەزنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلىدۇ، بۇغدايىنىڭ تۈپلىنىشى ئازىيىپ كېتىدۇ. ئايرىم يىللاردا سۇ مۇددەتتىن بۇرۇن مۇز تۇتىدۇ.

**قىش** بۇ پەسىلدە ھاۋا ئوچۇق، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولىدۇ، قار ئاز ياغىدۇ، شامال بوش چىقىدۇ. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى ئېغىرلىشىدۇ، ئىنۋېرسىيە قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى ئاشىدۇ، بۇ خىل ھالەت ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ، نەملىك دەرىجىسى زور بولىدۇ. قەھرىتان سوغۇق ھاۋا كىلىماتى ئاز، بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق تاشلىشىغا، كۈزگى بۇغداي ۋە چارۋىلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە پايدىلىق. ئايرىم يىللاردا ئادەتتە قىسقا مۇددەتلىك قەھرىتان سوغۇق بولىدۇ، سوتكىلىق ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -30℃ تىن كىچىك ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە مۇز تۇتۇش ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە بولىدۇ. تۇپراقتىكى توڭ قاتلىمى ئەڭ قېلىن بولغاندا 64 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى تۆت پەسىلگە ئايرىلىش ۋاقتى**

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 1 جەدۋەل

| پەسىل / رايون ۋە ئۆلچىگەن پونكىت | | ئەتىياز | | | ياز | | | كۈز | | | قىش | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | بېشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | ئاخىرلاشقان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى | بېشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | ئاخىرلاشقان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى | بېشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | ئاخىرلاشقان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى | بېشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | ئاخىرلاشقان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى |
| تۈزلەڭلىك | ناھىيە بازىرى | 22/2 | 9/5 | 77 | 10/5 | 14/9 | 128 | 15/9 | 23/11 | 70 | 24/11 | 21/2 | 90 |

| يەر تاقلىق رايون | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قاراقۇلۇق | 13/2 | 23/6 | 103 | 24/6 | 5/9 | 74 | 6/9 | 8/11 | 64 | 9/11 | 12/3 | 124 |
| | قىلقى | 14/3 | 16/6 | 95 | 17/6 | 27/6 | 72 | 28/8 | 15/11 | 84 | 19/11 | 13/3 | 115 |

ناھىيىنى يەر شەكلىنىڭ مۇرەككەپلىكى، كىلىمات پەرقىنىڭ بىر قەدەر چوڭلۇقىغا قاراپ، 3 كىلىمات رايونىغا ئايرىش مۇمكىن:

1) غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى پەس كۆنگەي كىلىمات رايونى بۇ خىل رايون مۇش، ئۇپال، تىرىم، تاشمىلىق قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1800 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز، كۆپ قىسمى شېغىللىق چۆللۈك ساي، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ ئۆسكەن، يەر ئاستى سۈ ئورنى تۆۋەن. تۇپرىقى قوڭۇر چۆل تۇپراق، قۇم - بوران تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. كىلىمات ئالاھىدىلىكى مۇنداق: قىش ئۇزۇن، بىر قەدەر ئىللىق، ئەتىياز، ياز قىسقا، ھاۋا كۆپ ئۆزگىرىدۇ، يامغۇر بىر قەدەر كۆپ، كىلىماتى سالقىن، بۇ جاي ناھىيە بويىچە ئاساسلىق چارۋىچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

2) شەرقىي قىسمىدىكى ئېقىندى تۈزلەڭلىك كىلىمات رايونى بۇ رايون بەشكېرەم، قوغان، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش يېزىلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1220 — 1400 مېتىر ئېگىز، بۇ ئاساسلىق ئاشلىق - پاختا ۋە باغۋەنچىلىك كىلىمات رايونى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندا تىنما تۇپراق، چىملىق تۇپراق تۈرلىرى بار. كىلىمات ئالاھىدىلىكى مۇنداق: پېزغىرىم ئىسسىق بولىدۇ، كىلىماتى قۇرغاق، ياز ئۇزۇن، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك. ئەتىياز، كۈزدە ھاۋا كۆپ ئۆزگىرىدۇ، تېمپېراتۇرىنىڭ سوتكىلىق پەرقى چوڭ، ئىسسىقپەرەس زىرائەتلەرنى تېرىشقا باب كېلىدۇ. شىمالىي قىسمى داڭلىق مېۋە - چېۋە ماكانى — بەشكېرەم يېزىسىدىن ئىبارەت، شەرق تەرىپى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

3) ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى تۈزلەڭلىك كىلىمات رايونى

بۇ رايون زەمىن، سايباغ، ئوغۇساق، سەمەن، پاختەكلە، لەڭگەر، خانىدى، بۇلاقسۇ، ئۇپال، مۇش، تاشمىلىق يېزىلىرىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئورۇقچىلىق مەيدانى، بېلىقچىلىق مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانىغا تارقالغان، ناھىيە كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1300 — 1700 مېتىر ئېگىز، قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىمىدىكى يەرلەرنىڭ كىلىماتى ئىللىق بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

## § 2. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ۋە رادىئاتسىيە مىقدارى

ناھىيە تەۋەسىدە بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2870.6 سائەت كۈن نۇرى چۈشىدۇ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى 65%كە يېتىدۇ. قۇياشنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى 148 كىلوكالورىيە/كۋادرات

سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، يىللىق فىزىئولوگىيىلىك رادىئاتسىيە مىقدارى (فوتوسىنتېز ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيىسى) 72.5 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر بولۇپ، يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارىنىڭ تەخمىنەن %49نى ئىگىلەيدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا چۈشكەن كۈن نۇرى ياز پەسلىدە %36.4 (6 - ئايدا 323.3 سائەتكە يېتىپ، يىللىق كۈن نۇرىنىڭ %11نى ئىگىلەيدۇ)نى، كۈز پەسلىدە %22.25نى، قىش پەسلىدە %17.61نى (ئەڭ ئاز بولغاندا 2 - ئاي ئارىلىقىدا 160.7 سائەتكە يېتىپ يىللىق كۈن نۇرى چۈشكەن ۋاقىتنىڭ %6نى ئىگىلەيدۇ)، ئەتىياز پەسلىدە %24.75نى ئىگىلەيدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە (4 — 9 - ئايغىچە) كۈن نۇرى چۈشكەن ۋاقىت 1320 — 1950 سائەتكە يېتىپ، يىللىق كۈن نۇرى چۈشكەن ۋاقىتنىڭ تەخمىنەن %67نى ئىگىلەيدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھەر ئايلىق قۇياش رادىئاتسىيە مىقدارى بىلەن فىزىئولوگىيىلىك رادىئاتسىيە مىقدارى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 2 جەدۋەل بىرلىكى: كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر

| | سانلىق قىممىتى / ئاي / تۈرلەر | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي قۇياش رادىئاتسىيىسى | قىممىتى | 6.4 | 7.3 | 11.4 | 14.9 | 16.9 | 20.2 | 18.2 | 15.7 | 12.8 | 10.8 | 7.4 | 5.9 | 148 |
| | % | 6 | 5 | 8 | 10 | 10 | 13 | 12 | 11 | 9 | 7 | 5 | 4 | 100 |
| | ئەڭ كۆپ | 7.1 | 8 | | 18.7 | 17.6 | 23.3 | 20.7 | 16.6 | 13.8 | 11.3 | 8.1 | 6.4 | 159.8 |
| | ئەڭ ئاز | 5.8 | 6 | 10.1 | 12 | 16 | 15.3 | 16.1 | 14.7 | 12.3 | 10.3 | 6.5 | 5.3 | 123.3 |
| فىزىئولوگىيىلىك رادىئاتسىيە | قىممىتى | 3.2 | 3.5 | 5.6 | 7.3 | 8.3 | 9.9 | 8.9 | 7.7 | 6.3 | 5.3 | 3.6 | 2.9 | 72.5 |
| | % | 4 | 5 | 8 | 10 | 11 | 14 | 12 | 11 | 9 | 7 | 5 | 4 | 100 |
| | ئەڭ كۆپ | 3.5 | 3.9 | 6 | 9.1 | 8.6 | 11.4 | 10.1 | 8.1 | 6 | 5.5 | 4 | 3.1 | 35.4 |
| | ئەڭ ئاز | 2.8 | 2.9 | 5 | 5.9 | 7.9 | 7.5 | 7.9 | 7.2 | 6.8 | 5 | 3.2 | 2.6 | 60.9 |

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلاردىكى ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھەر قايسى ئايلاردا كۈن نۇرى چۈشكەن ۋاقىت ۋە ≥0℃، ≥10℃ نۇر رادىئاتسىيە مىقدارى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 3 - جەدۋەل بىرلىكى: سائەت، كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر

| ئاي / تۈرلەر | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە قىممىتى | 173.9 | 160.7 | 217.8 | 220.7 | 278.5 | 323.3 | 317.6 | 298.3 | 264.5 | 257.3 | 208.8 | 175.5 | 2870.6 |
| ئەڭ كۆپ | 224 | 197 | 274.2 | 276.9 | 329.4 | 353.14* | 351.9 | 334 | 317.5 | 296.4 | 240.8 | 223.1 | 3319.4 |
| ئەڭ ئاز | 104.5 | 136.4 | 115 | 148.1 | 224.9 | 275 | 288.7 | 256.6 | 229.1 | 215.4 | 163.7 | 126.8 | 2544.5 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 129.2 | | 5.7 | 10.8 | 12.8 | 15.7 | 18.2 | 20.2 | 16.9 | 14.9 | 11.4 | 2.6 | | ئومۇمىي رادىئاتسىيە | ≥0℃ |
| 64.8 | | 2.9 | 5 | 6.4 | 7.9 | 9.1 | 10.1 | 8.5 | 7.5 | 5.7 | 1.3 | | فىزىئولوگىيىلىك رادىئاتسىيە | |
| 107.5 | | | 9.7 | 12.8 | 15.7 | 18.2 | 20.2 | 16.9 | 14 | | | | ئومۇمىي رادىئاتسىيە | ≥10℃ |
| 53.9 | | | 4.9 | 6.4 | 7.9 | 9.1 | 10.1 | 8.5 | 7 | | | | فىزىئولوگىيىلىك رادىئاتسىيە | |

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە زىرائەتلەرنىڭ نۇر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ۋە نۇر ئېنېرگىيىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتى**

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 4 جەدۋەل

| ياغلىق دان | | | كېۋەز | | | شال | | | قارائاشلىق | | | بۇغداي | | | زىرائەت / تۈرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ تۆۋەن ھوسۇل | ئوتتۇرىچە ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ تۆۋەن ھوسۇل | ئوتتۇرىچە ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ تۆۋەن ھوسۇل | ئوتتۇرىچە ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ تۆۋەن ھوسۇل | ئوتتۇرىچە ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ تۆۋەن ھوسۇل | ئوتتۇرىچە ھوسۇل | ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى ھوسۇل | |
| 24 | 46.5 | 102 | 10 | 17.5 | 33 | 58.5 | 105 | 223 | 58 | 115 | 235.5 | 56.5 | 85.5 | 150.5 | ئىقتىسادىي مەھسۇلات (كىلوگرام) |
| 0.40 | | | 0.10 | | | 0.50 | | | 0.25 | | | 0.21 | | | ئىقتىسادىي كوئېففىتسىيېنت |
| 44 | | | 72.2 | | | 56.8 | | | 62.6 | | | 66.6 | | | ئومۇمىي رادىئاتسىيە (كىلوگالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر) |
| 0.1 | 0.2 | 0.4 | 0.1 | 0.2 | 0.3 | 0.3 | 0.5 | 0.7 | 0.3 | 0.5 | 1 | 0.3 | 0.4 | 0.7 | نۇر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى (%) |
| 0.2 | 0.4 | 0.8 | 0.2 | 0.4 | 0.6 | 0.6 | 1 | 1.8 | 0.6 | 1 | 2 | 0.6 | 0.8 | 1.4 | نۇر ئېنېرگىيىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتى (%) |

## § 3 . ھاۋا تېمپېراتۇرىسى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىسسىقلىق بايلىقى مول، شەرق بىلەن غەربىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، جەنۇب بىلەن شىمالىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى كىچىك، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق: يىللىق ۋە كۈنلۈك تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى زور، سوتكىلىق ۋە يىللىق پەرقى زور، 1 - ئايدا ئەڭ سوغۇق بولىدۇ، 7 - ئايدا ئەڭ ئىسسىق بولىدۇ. قىشتا تۆۋەن تېمپېراتۇرا 10℃ - تىن تۆۋەن ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولىدۇ، يازدا پېژغىرىم ئىسسىق بولۇپ تېمپېراتۇرا 30℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولىدۇ. قىشلىق

سوغۇق قىسقا ھەم ئاز بولىدۇ، قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ بار. ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، ئەمما تۇراقسىز بولىدۇ، كۈزدە تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەيدۇ.

## 1. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى

يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تۆزلەڭلىكتىن تاغقا يېقىن رايونلارغا قاراپ بارا - بارا تۆۋەنلەپ بارىدۇ. تۆزلەڭلىكنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11℃تىن يۇقىرى بولىدۇ، تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9℃ ئەتراپىدا بولىدۇ. تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى تۆزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن 2℃ تۆۋەن بولىدۇ. بولۇپمۇ تاغقا يېقىن رايونلار ۋە شەرقىي قىسمىدىكى ئېقىندى تۆزلەڭلىك رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى 3℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ.

4 پەسىلدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئەتىيازدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تېز ئۆرلەيدۇ، كۈزدە تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇ تىپىك قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىمات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. تۆزلەڭلىك رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە تاغقا يېقىن جايلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئەتىيازدا تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ 11.9℃، تۆزلەڭلىك رايوندىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ 14.3℃، ناھىيە بازىرىنىڭ 14.1℃ بولىدۇ؛ يازدا تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ 22.5℃، تۆزلەڭلىك رايوندىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ 24.7℃، ناھىيە بازىرىنىڭ 20.5℃ بولىدۇ؛ كۈزدە تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ 10.1℃، تۆزلەڭلىك رايوندىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ 11.9℃، ناھىيە بازىرىنىڭ 11℃ بولىدۇ؛ قىشتا تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ -5.4℃، تۆزلەڭلىك رايوندىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ -4.2℃، ناھىيە بازىرىنىڭ -4.7℃ بولىدۇ.

تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى ناھايىتى زور بولۇپ، تۆزلەڭلىكنىڭ تاغلىق رايونلارنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ پەرقى كىچىك. ناھىيە تەۋەسىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى 25℃ — 29℃ ئارىلىقىدا بولىدۇ. 1959 — 1978 - يىلغىچە ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تەخمىنەن 12℃ ئەتراپىدا، تېمپېراتۇرىنىڭ سوتكىلىق سېلىشتۇرما پەرقى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9℃ — 14℃ قىچە بولۇپ كەلدى. 1976 - يىلى ئەڭ زور سوتكىلىق سېلىشتۇرما پەرقى 26℃ تىن ئېشىپ كەتتى، ئادەتتە كۈزدە ئەڭ زور، قىشتا ئەڭ كىچىك بولىدۇ. 1 - ئايدا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا دائىم ئەتىگەندە كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا چۈشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھەرقايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 5 - جەدۋەل

| رايون ئايرىمىسى / ئاي | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاغقا يېقىن رايون | | -7 | -3.7 | 5.4 | 13 | 17.3 | 12.6 | 23.4 | .25 | 17.7 | 10.5 | 2.2 | -5.6 | 9.8 |
| تۆزلەڭلىك | قەشقەر شەھىرى | -6.4 | -1.8 | 7.7 | 15:5 | 19.8 | 23.8 | 25.8 | 24.5 | 19.8 | 12.5 | 3.6 | -4.4 | 11.7 |
| تۆزلەڭلىك | ناھىيە بازىرى | -6.9 | -2.3 | 7.6 | 15.1 | 19.7 | 23.6 | 25.5 | 24.4 | 18.4 | 11.9 | 2.8 | -5.2 | 11.2 |

## 2. ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا

ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلاردا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 7 - ئايدا پەيدا بولىدۇ، تۈزلەڭلىكنىڭ مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرىسى 39.6℃ قا يېتىدۇ؛ جايلاردا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 1 - ئايلاردا پەيدا بولىدۇ. مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرىسى -25.2℃ قا چۈشىدۇ. بۇلاقسۇ گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ ماتېرىيالىدا خاتىرىلىنىشىچە، قىسمەن چۆللۈك، قۇملۇق ساي ۋە ئويمانلىقلاردا ئايرىم يىللاردا مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا -28℃ بولغان؛ تاغلىق رايونلارنىڭ مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرىسى 42.3℃ قا يەتكەن، مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرىسى -24.3℃ قا چۈشكەن.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تۈزلەڭلىك بىلەن تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ ھەرخىل ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 6 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: ℃

| رايون ئايرىمىسى \ ئاي | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاغقا يېقىن رايون | ئوتتۇرىچە | -7 | -3.7 | 5.4 | 13 | 17.3 | 21.6 | 23.4 | 22.5 | 17.7 | 10.5 | 2.2 | -5.6 | 9.8 |
| | ئەڭ يۇقىرى | -2.6 | 1.6 | 8.4 | 15.7 | 19.6 | 24.1 | 26.2 | 25.2 | 18.7 | 13.2 | 4.6 | -0.9 | 42.3 |
| | ئەڭ تۆۋەن | -11 | -10 | 0.6 | 7.3 | 13 | 16.1 | 16.9 | 16.8 | 12.9 | 5.9 | -1.3 | -12.8 | -25.3 |
| تۈزلەڭلىك — قەشقەر شەھىرى | ئوتتۇرىچە | -6.4 | -1.8 | 7.7 | 15.5 | 19.8 | 23.8 | 25.8 | 24.5 | 19.8 | 12.5 | 3.6 | -4.4 | 11.7 |
| | ئەڭ يۇقىرى | -0.4 | 4.1 | 14 | 22.2 | 26.4 | 30.5 | 32 | 30.9 | 26.4 | 13.8 | 9.9 | 1.1 | 18.7 |
| | ئەڭ تۆۋەن | -11.5 | -7.1 | 1.6 | 8.6 | 12.7 | 16.1 | 18.8 | 17.6 | 12.6 | 5 | -1.8 | -8.7 | 5.3 |
| تۈزلەڭلىك — ناھىيە بازىرى | ئوتتۇرىچە | -6.9 | -2.3 | 7.6 | 15.1 | 19.7 | 23.6 | 25.5 | 24.4 | 18.4 | 11.9 | 2.8 | -5 | 11.2 |
| | ئەڭ يۇقىرى | -0.8 | 3.7 | 14.1 | 22.1 | 26.4 | 30.5 | 32.1 | 31 | 26.6 | 19.9 | 9.8 | 1 | 29.6 |
| | ئەڭ تۆۋەن | -13 | -8.7 | 1.3 | 8.1 | 12.7 | 15.8 | 18.4 | 16.9 | 11.8 | 4.8 | -2.8 | -9.7 | -25.2 |

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭلىك بىلەن تاغقا يېقىن رايونلاردىكى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سوتكىلىق پەرقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 7 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: ℃

| رايون ئايرىمىسى \ ئاي | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۈزلەڭلىك | ناھىيە بازىرى | 11.4 | 11.2 | 12.4 | 13:7 | 13.6 | 14.4 | 13.4 | 13.5 | 14.1 | 14.8 | 14 | 10.1 | 12.9 |
| | قەشقەر شەھىرى | 11.2 | 11.4 | 12.1 | 13.4 | 13.5 | 14.2 | 13.3 | 13 | 13.6 | 14.6 | 11.7 | 9.7 | 12.6 |
| تاغقا يېقىن رايون | | 11.1 | 11.4 | 10.7 | 12.2 | 11.1 | 13.4 | 13.5 | 11.9 | 12.5 | 12.8 | 10.8 | 12.5 | 12.8 |

## 3. يىغىندى تېمپېراتۇرا

يىغىندى تېمپېراتۇرا شەرقتىن غەربكە قاراپ ئازىيىپ بارىدۇ، جەنۇب بىلەن شىمالدا يىغىندى تېمپېراتۇرىنىڭ روشەن پەرقى بولمايدۇ. ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 1.5 كۈندە تېمپېراتۇرا 1℃ ئۆزگىرىدۇ، بۇ، تېيىك قۇرۇقلۇق تېپىدىكى كىلىماتنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ؛ غەربتىن شەرققە قاراپ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى (3244 — 1220 مېتىر ئارىلىقىدا) پەسلەپ بارغان جايلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مېتىر ئۆزگىرىشتە يىغىندى تېمپېراتۇرا 1℃ ئەتراپىدا تۆۋەنلەيدۇ، بۇ، تېيىك ئوتتۇراھال، پەس تاغلىق رايون ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنىڭ كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 80%تىن ئېشىپ 0℃تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان ۋاقىت بىلەن 10℃قا يەتكەن يىغىندى تېمپېراتۇرىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسسىقلىق مىقدارى شارائىتىنى ۋە ئۆسۈش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىش دەرىجىسىنى ھەمدە شۇ رايونلارغا تارقىلىش پەرقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 0℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان كۈننىڭ باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان ۋاقتى تاغقا يېقىن رايونلاردا 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىپ 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاخىرلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. تۈزلەڭلىك رايونلاردا 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ 11- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ؛ ئاخىرلاشقان ۋاقتى تاغقا يېقىن رايونلاردا بالدۇر، تۈزلەڭلىك رايونلاردا كېچىكىپرەك كېلىدۇ. باشلانغان ۋاقتى بىلەن ئاخىرلاشقان ۋاقتى ئارىلىقىدىكى كۈن سانى تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ تاغقا يېقىن رايونلارنىڭكىدىن 20 — 25 كۈن ئارتۇق بولىدۇ. يىغىندى تېمپېراتۇرا كۆپ بولغاندا 800℃ — 900℃قا يېتىدۇ.

سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10℃تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىنىڭ باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان ۋاقتى تۈزلەڭلىك رايونلاردا 4 - ئاينىڭ باشلىرىغا ۋە 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا، تاغقا يېقىن رايونلاردا 4 - ئاينىڭ باشلىرىغا، ئوتتۇرىلىرىغا ۋە 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئارىلىقتىكى كۈن سانى تاغقا يېقىن رايونلارنىڭ تۈزلەڭلىك رايونلاردىن 15 كۈن ئەتراپىدا ئاز بولىدۇ، يىغىندى تېمپېراتۇرا تەخمىنەن 3000℃ ئاز بولىدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ھەر قايسى چەك - تېمپېراتۇرىسىنىڭ باشلانغان، ئاخىرلاشقان كۈنى بىلەن ئوتتۇرىچە يىغىندى تېمپېراتۇرىسى ھەمدە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 8 - جەدۋەل

بىرلىكى: ئاي/كۈن

| يېزا ئىگىلىك كىرىتىك تېمپېراتۇرا | | | ≥0℃ | ≥5℃ | ≥10℃ | ≥15℃ | ≥20℃ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باشلانغان كۈن | كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى (%) | ئوتتۇرىچە | 22/2 | 6/3 | 2/4 | 18/4 | 10/5 |
| | | 50 | 20/2 | 3/3 | 1/4 | 14/4 | 12/5 |
| | | 60 | 25/2 | 5/3 | 3/4 | 20/4 | 15/5 |
| | | 70 | 28/2 | 11/3 | 7/4 | 26/4 | 19/5 |
| | | 80 | 3/3 | 13/3 | 11/4 | 6/5 | 22/5 |
| | | 90 | 5/3 | 20/3 | 15/4 | 13/5 | 29/5 |
| | | 95 | 10/3 | 28/3 | 29/4 | 16/5 | 7/6 |

| ئاخىرلاشقان كۈن — كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى (%) | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 95 | 10/11 | 30/10 | 18/10 | 17/9 | 22/8 |
| 90 | 13/11 | 1/11 | 19/10 | 18/9 | 31/8 |
| 80 | 17/11 | 2/11 | 21/10 | 23/9 | 6/9 |
| 70 | 19/11 | 3/11 | 24/10 | 25/9 | 13/9 |
| 60 | 21/11 | 7/11 | 26/10 | 26/9 | 18/9 |
| 50 | 23/11 | 8/11 | 28/10 | 28/9 | 19/9 |
| ئوتتۇرىچە | 23/11 | 9/11 | 27/10 | 29/9 | 14/9 |
| ھەر قايسى چەك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ℃ | 4635.4 | 4525.6 | 4254.9 | 3659.4 | 2983.9 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ 1959 — 1978- يىلغىچە بولغان ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىش خاتىرىسى (1)

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 9 - جەدۋەل

| يىل | ھاۋا تېمپېراتۇرىسى (℃) | | | يەر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى | ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | | | قىروسىز مەزگىل (ئاي/كۈن) | باشقى قىرو (ئاي/كۈن) | ئاخىرقى قىرو (ئاي/كۈن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوتتۇرىچە | ئەڭ يۇقىرى | ئەڭ تۆۋەن | | ئومۇمىي مىقدارى | بىر سوتكا ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ (ئاي / كۈن) | | | | |
| 1959 | 11.1 | 37.1 | -25.2 | 15.2 | 62.7 | 8.4 | 5/2 | 235 | 2/11 | 14/4 |
| 1960 | 11.1 | 36.7 | -16.3 | 15.6 | 34.2 | 9.9 | 4/5 | 197 | 25/10 | 12/4 |
| 1961 | 11.7 | 37.6 | -21.5 | 14.2 | 37.8 | 14.5 | 28/4 | 213 | 27/10 | 29/3 |
| 1962 | 10.7 | 35.6 | -21.2 | 14.2 | 58.1 | 11 | 11/9 | 206 | 23/10 | 28/3 |
| 1963 | 11.7 | 35.9 | -17.3 | 15.2 | 47 | 5.8 | 24/6 | 223 | 30/10 | 27/3 |
| 1964 | 10.5 | 35.3 | -19.6 | 14.1 | 143.4 | 26.3 | 23/5 | 204 | 23/10 | 20/4 |
| 1965 | 11.7 | 36.4 | -16.3 | 14.6 | 53.8 | 18.5 | 25/5 | 211 | 2/11 | 1/4 |
| 1966 | 11.4 | 38 | -17.6 | 14.6 | 76.7 | 14.5 | 6/10 | 211 | 7/10 | 12/4 |
| 1967 | 9.6 | 36 | -24.2 | 15 | 52.9 | 24.9 | 3/5 | 210 | 25/10 | 1/4 |
| 1968 | 11.7 | 36.6 | -15.1 | 14.6 | 73.6 | 31.9 | 5/4 | 214 | 30/10 | 12/4 |
| 1969 | 11.5 | 35.1 | -16 | 14.7 | 82.3 | 15.2 | 28/4 | 238 | 8/11 | 7/4 |
| 1970 | 11.6 | 38.6 | -7.6 | 15 | 49.9 | 16.5 | 24/9 | 205 | 27/10 | 30/3 |
| 1971 | 12 | 39.5 | -15 | 15.2 | 69 | 16.9 | 1/5 | 215 | 15/10 | 17/3 |
| 1972 | 10.8 | 34.2 | -9.4 | 14.3 | 70.2 | 60 | 23/2 | 185 | 23/1 | 21/3 |
| 1973 | 12.1 | 29.6 | -20 | 14.8 | 20.8 | 23 | 8/7 | 201 | 4/10 | 23/3 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 10.1 | 36.1 | .23.6 | 14.4 | 147.9 | 9.5 | 3/8 | 213 | 24/10 | 8/4 |
| 1975 | 10.8 | 38.2 | .22.1 | 15.2 | 59.6 | 25.8 | 17/11 | 213 | 21/10 | 22/3 |
| 1976 | 10.7 | 38.6 | .20.7 | 14 | 151.5 | 13.2 | 27/2 | 177 | 3/10 | 2/4 |
| 1977 | 12.2 | 37.6 | .21.6 | 14.9 | 76.4 | 9 | 11/6 | 227 | 10/11 | 25/3 |
| 1978 | 11.5 | 37.4 | .22.9 | 14.8 | 73.7 | 31.9 | 29/3 | 225 | 3/11 | 29/3 |
| ئوتتۇرىچە | 11.2 | 39.6 | 25.2 | 14 | 72.2 | | | 211 | 23/10 | 1/4 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ 1959 —1978 - يىلغىچە بولغان ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىش خاتىرىسى (2)

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 10 - جەدۋەل

| يىل | ھەرخىل ھاۋارايى كۈن سانى | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوچۇق | تۇتۇق | يامغۇر | قار | شىۋىرغان | مۆلدۈر | تۇمان | بوران | بوران - قۇم | چاڭ - توزان |
| 1959 | 278 | 89 | 34 | 16 | 23 | | 5 | 15 | 33 | 160 |
| 1960 | 246 | 79 | 12 | 4 | 18 | 2 | | 17 | 20 | 181 |
| 1961 | 231 | 68 | 21 | 10 | 13 | | 1 | 11 | 43 | 165 |
| 1962 | 246 | 102 | 21 | 2 | 17 | | 8 | 33 | 8 | 81 |
| 1963 | 238 | 65 | 26 | 8 | 30 | 2 | 2 | 26 | 8 | 33 |
| 1964 | 256 | 95 | 33 | 8 | 32 | | 4 | 18 | 9 | 94 |
| 1965 | 309 | 86 | 18 | 2 | 20 | | | 20 | 4 | 119 |
| 1966 | 292 | 76 | 27 | 2 | 32 | 1 | | 35 | 11 | 152 |
| 1967 | 280 | 65 | 20 | 8 | 30 | | 1 | 12 | 13 | 50 |
| 1968 | 275 | 70 | 21 | 9 | 19 | | | 11 | 8 | 118 |
| 1969 | 311 | 95 | 30 | 10 | 16 | 2 | | 25 | 7 | 110 |
| 1970 | 290 | 80 | 17 | 6 | 15 | | 2 | 36 | 13 | 132 |
| 1971 | 257 | 54 | 30 | 12 | 23 | | | 17 | 23 | 191 |
| 1972 | 246 | 73 | 36 | 7 | 15 | 2 | 1 | 16 | 20 | 247 |
| 1973 | 306 | 54 | 14 | 14 | 6 | | | 16 | 20 | 205 |
| 1974 | 263 | 87 | 25 | 8 | 7 | | 2 | 23 | 16 | 155 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 278 | 127 | 20 | 2 | 13 | | 1 | 17 | 12 | 108 |
| 1976 | 256 | 79 | 19 | 15 | 17 | 1 | | 20 | 8 | 126 |
| 1977 | 240 | 67 | 18 | 3 | 14 | | | 17 | 11 | 86 |
| 1978 | 250 | 57 | 17 | 3 | 24 | | 1 | 19 | 11 | 127 |
| ئوتتۇرىچە | 267.4 | 78.5 | 22.9 | 7.35 | 19.2 | 0.5 | 1.5 | 20.3 | 14.9 | 146.4 |

# § 4 . ھۆل - يېغىن

## 1 . ھۆل - يېغىن

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، تەبىئىي ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، رايونلارنىڭ پەرقى روشەن، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى زور. ھۆل - يېغىننىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق: تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن كۆپ، غەربىي قىسمىدا شەرقىي قىسمىدىكىدىن كۆپ ھەمدە دېڭىز يۈزىدىن ھېسابلانغان ئېگىزلىكىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ كۆپىيىپ بارىدۇ. ناھىيە بويىچە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 — 150 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، پەس تاغلىق رايونلاردا كۆپ ھاللاردا 100 — 150 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، ھۆل - يېغىن كۈن سانى (0.1 مىللىمېتىردىن كۆپ ياكى شۇنىڭغا تەڭ) 50 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ؛ شەرقىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلاردا تەخمىنەن 60 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، ھۆل - يېغىن كۈن سانى 28 — 32 كۈن بولىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكنىڭ كىرىتىكى يۇقىرىدىكى 2 رايوننىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن ھۆل - يېغىن كۈن سانى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 72.2 مىللىمېتىرغا، ھۆل - يېغىن كۈن سانى تەخمىنەن 26 كۈنگە يېتىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە يىللىق، پەسىللىك، ئايلىق ھۆل - يېغىننىڭ ئۆزگىرىشى ئوخشاش بولسىمۇ لېكىن تۇراقسىز، بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، نىسپىي ئۆزگىرىش نىسبىتى ناھايىتى زور. ناھىيە بازىرىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ نىسپىي ئوتتۇرىچە ئۆزگىرىش نىسبىتى %34، ئۆزگىرىش دائىرىسى %2 — %110 ئارىلىقىدا بولۇپ كەلدى. 1973 - يىلى ئەڭ ئاز ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 20.8 مىللىمېتىرغا يېتىپ، كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدار ئاز ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 7.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1976 - يىلى ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 51.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل - يېغىننىڭ نىسپىي ئۆزگىرىش نىسبىتى %110كە يەتتى. قاراڭغۇلۇق ناھىيە زېمىنىنىڭ غەربىي شىمالىي بۆرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز، ھۆل - يېغىننىڭ نىسپىي ئۆزگىرىشى %34، ئۆزگىرىش دائىرىسى %3 — %67 ئارىلىقىدا بولىدۇ. 1974 - يىلى ئەڭ ئاز ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 59.8 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 4.1 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. قىلقى كەنتى ناھىيە زېمىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز، ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ نىسپىي ئوتتۇرىچە ئۆزگىرىشى %28، ئۆزگىرىش دائىرىسى %0 — %73 بولدى. 1966 - يىلى ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 219.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ

نىسپىي ئۆزگىرىشى %73كە يەتتى؛ 1961 - يىلى ئەڭ ئاز هۆل - يېغىن مىقدارى 49.8 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپ هۆل - يېغىن مىقدارى ئاز هۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 4.4 هەسسىسىگە باراۋەر كەلدى. ناھىيە بويىچە يىللىق هۆل - يېغىنىنىڭ تەخمىنەن %71ى ئەتىياز بىلەن يازغا مەركەزلەشكەن.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1959 — 1978 - يىلغىچە بولغان پەسىللىك، ئايلىق هۆل - يېغىن مىقدارى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 - 11 - جەدۋەل بىرلىكى: مىللىمېتىر

| ئۆلچىگەن پونكىت | ۋاقىت / تۈرى | ئەتىياز 3.، 4.، 5 - ئاي | ياز 6 .، 7 .، 8 - ئاي | كۈز 9.، 10.، 11 - ئاي | قىش 12.، 1.، 2 - ئاي | يىللىق هۆل - يېغىن مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بازىرى | ئايلىق هۆل - يېغىن مىقدارى | 3.7 9.7 13.5 | 4.2 4 7 | 5.5 2.3 1.7 | 2.1 6.1 12.8 | 72.2 |
| | پەسىللىك هۆل - يېغىن مىقدارى | 26.9 | 15.2 | 9.5 | 21.1 | |
| | ئىگىلىگەن يىللىق هۆل- يېغىن مىقدارى (%) | 37 | 21 | 13 | 29 | |
| | بىر يىلدا سوتكىلىق ئەڭ زور هۆل - يېغىن مىقدارى (1968.5.4) | | 28.37 | | | |
| قاراقىزلوق | ئايلىق هۆل - يېغىن مىقدارى | 103 13.7 30.6 | 15.3 16 26.6 | 19 6 1.9 | 1.9 1.4 8.7 | 49.7 |
| | پەسىللىك هۆل - يېغىن مىقدارى | | 54.6 | 57.9 | 26.9 | 12 |
| | ئىگىلىگەن يىللىق هۆل- يېغىن مىقدارى (%) | 36 | 38 | 18 | 8 | |
| | بىر يىلدىكى سوتكىلىق ئەڭ زور هۆل - يېغىن مىقدارى (1967.5.2) | | 26.7 | | | |
| قىلتى | ئايلىق هۆل - يېغىن مىقدارى | 8.9 13.3 25.7 | 13.2 16.4 13 | 18.38 4.6 2.1 | 1.3 1.8 7.3 | 126.5 |
| | پەسىللىك هۆل - يېغىن مىقدارى | 47.9 | 42.6 | 25.5 | 10.4 | |
| | ئىگىلىگەن يىللىق هۆل- يېغىن مىقدارى (%) | 37 | 34 | 21 | 8 | |
| | بىر يىلدىكى سوتكىلىق هۆل - يېغىن مىقدارى (1966.9.24) | | 41.7 | | | |

### 2. نەملىك

ناھىيىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، شەرقىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ كىلىماتى قۇرغاق ئىسسىق، غەربىي شىمالىي بۇرجىكى بىلەن غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى پەس تاغلىق جايلارنىڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغان تېگ يۈنىلىشلىك ئېگىزلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، كىلىماتى سالقىن، ھاۋاسى نەمرەك كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىكى 45%كە، يىللىق نەم كۈن 40 كۈنگە، قۇرغاق كۈن 50 كۈنگە يېتىدۇ.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەتىيازدىن يازنىڭ باشلىرىغىچە (3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە) بولغان ھۆل - يېغىن، تېمپېراتۇرا، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش ئەھۋالى**

ئەينىي جۇغراپىيە: 3 — 12 - جەدۋەل

| تۈرى / ئاي | ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | تېمپېراتۇرا (C) | نىسپىي نەملىك (%) | 20CM پارغا ئايلىنىش مىقدارى (مىللىمېتىر) | ئېتىز - ئېرىقلاردىكى پارغا ئايلىنىش مىقدارى (مىللىمېتىر) | ئېتىز - ئېرىقلارغا كېرەكلىك بولغان سۇ مىقدارى (مىللىمېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 | 3.7 | 7.6 | 47 | 150.4 | 59.6 | 55.9 |
| 4 | 9.4 | 15.1 | 34 | 273.4 | 110.4 | 100.7 |
| 5 | 13.5 | 19.7 | 40 | 346.7 | 152.5 | 139 |
| 6 | 4.2 | 23.6 | 38 | 417.2 | 171 | 166.8 |
| 7 | 4 | 25.5 | 40 | 418.9 | 172.9 | 168.9 |

## 5 § . سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى

بۇ ناھىيە ئوتتۇرا كەڭلىك رايونغا جايلاشقان، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ناھايىتى زور. سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى غەربتىن شەرققە قاراپ بارا - بارا ئېشىپ بارىدۇ، تۈزلەڭلىكنىڭ پەس تاغلىق رايونلاردىكىدىن، شېغىللىق قۇملۇق چۆللەرنىڭ دېھقانچىلىق رايونلاردىكىدىن كۆپ بولىدۇ. ناھىيە بازىرىدا سۇنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2535.1 مىللىمېتىرغا يەتتى، يىللىق ئەڭ زور پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3124 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، يىللىق ئەڭ ئاز پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2298.4 مىللىمېتىر بولۇپ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى تەخمىنەن تەبىئىي ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 30 — 40 ھەسسىسىدىن كۆپ بولىدۇ. 1959 — 1978 - يىلغىچە بولغان ياز پەسلى (6 — 8 - ئايغىچە) دىكى پارغا ئايلىنىش مىقدارىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، باش يازدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋاقتى (6 — 7 - ئايغىچە) سوتكىلىق ئەڭ كۆپ پارغا ئايلىنىش ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ چاغدا پارغا ئايلىنىش مىقدارى 410 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، قىش پەسلىدىكى 12 - ئايدا ئەڭ ئاز بولۇپ، سوتكىلىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئاران 13.1 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سۇنىڭ ھەر ئايلىق ۋە يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 13 ـ جەدۋەل

| ئۆلچىگەن پونكىت / ئاي | قاراكغولۇق (غەربىي شىمال بۇرجىكى) | قىلقى (غەربىي جەنۇبى) | ناھىيە بازىرى (ئوتتۇرا قىسمى) | قاپقا (شىغىللىق ساي) | يۇلاقسۇ (تۇۋەن كۆل) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 88 | 46 | 27.8 | 52.3 | 29.4 |
| 2 | 80.3 | 48 | 45.8 | 85.1 | 42.4 |
| 3 | 139 | 139.3 | 150.4 | 200 | 122.2 |
| 4 | 228.7 | 217.8 | 273.4 | 339.6 | 251.5 |
| 5 | 270.7 | 311.1 | 348.7 | 459.6 | 282.6 |
| 6 | 331.7 | 352.9 | 417.2 | 589.4 | 336 |
| 7 | 390.5 | 372.2 | 418.9 | 595.4 | 330.3 |
| 8 | 348.3 | 333.8 | 345.6 | 481.3 | 246.6 |
| 9 | 247.6 | 242.2 | 245.8 | 343 | 197.34 |
| 10 | 168 | 163 | 162.3 | 230.4 | 134.1 |
| 11 | 103.9 | 87.7 | 71.2 | 121.6 | 56.5 |
| 12 | 90.5 | 51.5 | 13.1 | 61 | 35 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە | 2487.2 | 2317.1 | 2535.1 | 3555.5 | 2033.9 |
| يىللىق ئەڭ كۆپ پارغا ئايلىنىش مىقدارى | 2835 | 2582 | 3121.3 | 3888.2 | 2481.3 |
| يىللىق ئەڭ ئاز پارغا ئايلىنىش مىقدارى | 1948.8 | 2008.5 | 2255.4 | 3170.8 | 1441.2 |

## § 6 . بوران

ناھىيە تەۋەسىدە ئادەتتە بوران ئەتىياز، يازدا چىقىدۇ، كۈز، قىشتا ئازراق چىقىدۇ، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا شامال يۆنىلىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر قېتىم سوغۇق ھاۋا ئېقىمى غەرب ياكى شىمال تەرەپتىن كىرىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە كەلگەندە ناھىيە تەۋەسى سوغۇق ئېقىمنىڭ ئالدى تەرىپىدە تۇرغاچقا، بارا ـ بارا بوران پەيدا بولىدۇ، ھەمدە بوراننىڭ سۈرئىتى بىر قەدەر تېزلىشىدۇ. مۇش يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىگە جايلاشقان قاراكغولۇق دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 3000 مېتىر ئېگىز بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ زور شامال ئېغىزىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ناھىيىدە يىللىق بورانلىق كۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 20 — 44 كۈن ئارىلىقىدا بولىدۇ. غەرب ۋە شىمالدىكى تاغقا يېقىن چەت جايلاردا يىللىق بورانلىق كۈن ئەڭ كۆپ بولغاندا 30 كۈندىن ئاشىدۇ؛ شەرقىي قىسمىدا تەخمىنەن 15 — 32 كۈن بولىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكتە تەخمىنەن 13 — 27 كۈن ئارىلىقىدا بولىدۇ، بولۇپمۇ زىرائەتلەر ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە بوران بىر قەدەر كۆپ چىقىدۇ. بوران چىقىدىغان ۋاقىت ئەڭ بالدۇر بولغاندا 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ، كۈزدە ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ. ئادەتتە شامالىلىق پەسىل 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولىدۇ،

4 — 7 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بوران ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە بورانلىق ۋاقىت تەخمىنەن 4 كۈن بولىدۇ، يازنىڭ باشلىرىدا ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، بەزى چاغلاردا بىر ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ. بىر يىلدا كۆپ چىقىدىغان قىيپاش غەرب شامىلىنىڭ مومېنتلىق تېزلىكى 15 مېتىر/سېكۇنت (7 بال ئەتراپىدا) قا يېتىدۇ. غەربىي شىمال شامىلى ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. ناھىيە بازىرىدا شامالنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى سېكۇنتىغا 2 مېتىرغا يېتىدۇ، 4 — 7 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بوراننىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 13 مېتىر/سېكۇنتتىن 34 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ، 11 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا شامالنىڭ ئەڭ ئاستا تېزلىكى ئاران 1.1 مېتىر/سېكۇنتتىن 1.5 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. 1960 ـ يىلى ۋە 1979 ـ يىل4ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا بوراننىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى سېكۇنتىغا 25 مېتىر بولغان ۋە مومېنتلىق ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى سېكۇنتقا 30 مېتىردىن يۇقىرى بولغان (11 بالدىن يۇقىرى شامال كۆچىگە تەڭ) قەرەللىك بوران چىقتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭلىك بىلەن تاغلىق رايونلىرىدىكى بورانلىق كۈن سانى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 14 ـ جەدۋەل بىرلىكى: كۈن

| رايون ئايرىمىسى / ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۈزلەڭ رايون (ناھىيە بازىرى) | 0.2 | 0.3 | 1 | 2.9 | 4.1 | 4.5 | 3.6 | 1.6 | 0.7 | 0.6 | 0.6 | 0.2 | 20.3 |
| تاغقا يېقىـــن رايون (قاراڭغۇلۇق) | 0.4 | 0.7 | 3 | 5.5 | 8.1 | 10 | 8 | 4 | 1.5 | 1.2 | 1.1 | 0.4 | 43.9 |

ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ھەر قايسى ئايلىرىدىكى قەرەللىك شامال تېزلىكىنىڭ چاستوتىسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان مىقدار دەرىجىسىنىڭ قېتىم سانىدىن ئىگىلىنىشىچە، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى جايلاردا سېكۇنتىغا 0.2 مېتىر بولغان شامال تېزلىكى چاستوتىسى 65%كە يەتكەن، قىشتا 63% بولغان، 1ـ ئايدا ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 95%تىن ئاشقان. تۈزلەڭلىك رايونلاردا سېكۇنتىغا 5 مېتىردىن تۆۋەن بولغان شامال تېزلىكى يىللىق ھەر خىل شامال تېزلىكىنىڭ 65%نى ئىگىلەيدۇ. باشقا مىقدار دەرىجىسىدە كۆرۈلگەن چاستوتا ناھايىتى ئاز بولۇپ، 4 — 7 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 11 مېتىر/سېكۇنتتىن 14مېتىر/سېكۇنتقىچە بولغان شامال تېزلىكى چاستوتىسى ئاران 0.2% ~ 1.7%كىچە بولغان.

ناھىيە تەۋەسىدە سەلكىن شامال كۈز ئاخىرىغا ۋە قىشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، يىللىق ھەرخىل شامال يۆنىلىشىدىن پەيدا بولغان چاستوتىنىڭ 22% — 32%نى ئىگىلەيدۇ. جايلاردا يىلىغا كۆپ چىقىدىغان قىيپاش شەرق شامىلى ۋە قىيپاش غەرب شامىلى 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدە پەيدا بولىدۇ، بۇ، يىللىق شامال يۆنىلىشىدىن پەيدا بولغان چاستوتىنىڭ 10% — 18%نى ئىگىلەيدۇ، ئەڭ ئاز شامال يۆنىلىشى جەنۇب شامىلى بولۇپ، يىللىق ھەرخىل شامال يۆنىلىشى يىغىندىسىنىڭ 6% — 9%نى ئىگىلەيدۇ.

## 7§ . ئۆششۈك مەزگىلى

ناھىيىدە ئادەتتە 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆششۈك چۈشۈپ كېيىنكى يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلىشىدۇ،

ئايرىم يىللاردا 10- ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۆششۈك چۈشىدۇ ياكى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا پەيدا بولىدۇ. باش قىرو بالدۇر چۈشكەن كۈن بىلەن قىرو كېيىن چۈشكەن كۈننىڭ ئارىلىقى بىر ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاخىرقى قىرو ئەڭ بالدۇر چۈشكەندە 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىغا، ئەڭ كېچىككەندە 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىغا توغرا كېلىدۇ، ئارىلىقى 20 كۈندىن كۆپرەك، 4 - ئايدا ئاخىرقى قىرو چۈشىدۇ، دائىم يامغۇرلۇق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ناھىيىدە قىروسىز مەزگىل بىر قەدەر ئۇزۇن بولىدۇ، قىروسىز مەزگىل 177 — 235 كۈن بولىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 211 كۈن بولىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قىروسىز مەزگىل كۈن سانى ناھىيە بازىرىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 235 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 177 كۈن، ئوتتۇرىچە 211 كۈن بولىدۇ. كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %80تىن ئاشىدۇ. ئۆششۈكسىز كۈن 210 كۈن بولىدۇ؛ قەشقەر شەھىرىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا 250 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 156 كۈن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 209 كۈن بولىدۇ، كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %80 تىن يۇقىرى بولغان كۈن سانى 231 كۈنگە يېتىدۇ، تاغقا يېقىن رايوندىكى قاراڭغۇلۇقتا قىروسىز مەزگىل ئەڭ كۆپ بولغاندا 228 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 211 كۈن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 217 كۈن بولىدۇ، كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %80 تىن يۇقىرى بولغان كۈن سانى 210 كۈنگە يېتىدۇ؛ قىلقىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 220 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 199 كۈن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 206 كۈن بولىدۇ، كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %80تىن يۇقىرى بولغان كۈن سانى 210 كۈنگە يېتىدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ھەرخىل كىرىتىك تېمپېراتۇرىلىق ئۆششۈكنىڭ باشلانغان، ئاخىرلاشقان كۈنى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 15 - جەدۋەل    بىرلىكى: ئاي/كۈن

| كىرىتىك تېمپېراتۇرا | ئۆلچىگەن پونكىت | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پونكىتى | | قەشقەر مېتېئورولوگىيە پونكىتى | | يەنى تاغلىق رايون (گىدرولوگىيە ماتېرىيالى) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | باش قىرو كۈنى | ئاخىرقى قىرو كۈنى | باش قىرو كۈنى | ئاخىرقى قىرو كۈنى | باش قىرو كۈنى | ئاخىرقى قىرو كۈنى |
| ≥2℃ | ئەڭ بالدۇر | 8/10 | 13/3 | 1/10 | 14/3 | 27/9 | 4/4 |
| | ئەڭ كېيىن | 10/11 | 19/4 | 10/11 | 15/5 | 27/10 | 6/4 |
| | ئوتتۇرىچە | 20/11 | 31/3 | 23/10 | 3/4 | 10/10 | 25/4 |
| ≥0℃ | ئەڭ بالدۇر | 8/10 | 7/3 | 7/10 | 7/3 | 9/11 | 18/9 |
| | ئەڭ كېيىن | 5/11 | 10/4 | 15/11 | 15/5 | 28/10 | 4/4 |
| | ئوتتۇرىچە | 30/10 | 21/3 | 1/11 | 22/3 | 12/11 | 17/3 |
| ≥-10℃ | ئەڭ بالدۇر | 27/11 | 30/1 | 27/11 | 25/1 | 20/12 | 3/2 |
| | ئەڭ كېيىن | 15/1 | 5/3 | 15/1 | 1/3 | 18/12 | 18/2 |
| | ئوتتۇرىچە | 16/12 | 3/2 | 21/12 | 11/2 | 26/1 | 11/2 |
| ≥-20℃ | ئەڭ بالدۇر | 4/12 | 14/12 | 4/12 | 14/12 | 5/2 | 26/1 |
| | ئەڭ كېيىن | 7/2 | 13/2 | 7/2 | 13/2 | 28/1 | 9/2 |
| | ئوتتۇرىچە | 3/1 | 21/1 | 9/1 | 24/1 | | 15/2 |

## § 8 . ئىقلىمى

ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كېۋەز، ئارپا، بۇغداي، كۆممىقوناق ياكى ئاقتوناق تېرىشقا باب كېلىدۇ، سۇ مەنبەسى بىر قەدەر ياخشى جايلاردا شال تېرىلىدۇ. لېكىن جايلارنىڭ تېرىش - يىغىۋېلىش مەزگىلى ھاۋا كىلىماتى پەرقىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلىرىنىڭ تەخمىنەن 5 — 15 كۈنگىچە پەرقلىنىدۇ. ئاساسەن دەرەخلەر ئادەتتە 3 - ئايدا بىخ سۈرىدۇ، 4 - ئايدا يوپۇرماق چىقىرىدۇ، 10 - ئايدىن كېيىن يوپۇرماق تاشلايدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ كىلىمات پەرقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىش ۋاقتىمۇ ئۆز ئالدىغا بالدۇر ۋە كېيىن بولىدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەۋسۇمى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 16 - جەدۋەل

| تۈرى / ئايرىمىسى | تېرىش مەزگىلى | يىغىۋېلىش مەزگىلى | ئارىلىقتىكى مەزگىل |
|---|---|---|---|
| كۈزگى بۇغداي | 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10- ئاينىڭ باشلىرىغىچە | 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە | 9 يېرىم ئاي |
| يازغى بۇغداي (ئارپا) | 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە | 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە | ئارپا 100 كۈن يازغى بۇغداي 4 ئاي |
| كۆممىقوناق | 4 - ئاينىڭ بېشى، ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىغىچە | 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىغىچە | 120 — 170 كۈن ئەتراپىدا |
| ئاقتوناق | 4 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىغىچە | 10- ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى | 120 — 170 كۈن ئەتراپىدا |
| شال | 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە | 10- ئاينىڭ باشلىرى | 5 ئاي ئەتراپىدا |
| كېۋەز | 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە | 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە | |
| زىغىر | 3 - ئاينىڭ باشلىرى | 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرى | 160 كۈن ئەتراپىدا |
| ئاپتاپپەرەس | 3 - ئاينىڭ باشلىرى | 9 - ئاينىڭ باشلىرى | 150 كۈن ئەتراپىدا |
| بېدە | 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆكلەيدۇ | 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئورۇۋېلىنىدۇ | |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق دەرەخلەرنىڭ ئىقلىم ئەھۋالى

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 17 ـ جەدۋەل

| تۈرى / ئايرىسى | بىخلىنىش مەزگىلى | يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى | چېچەكلەش مەزگىلى | پىشىش مەزگىلى | سارغىيىش مەزگىلى | يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تېرەك | 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە |
| سۆگەت | 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە |
| ئاق ئاكاتسىيە | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە باشلىرى | 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە |
| جىگدە | 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە |
| ئۈجمە | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە |
| شاپتۇل | 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە | | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى |
| ئۈرۈك | 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرى | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى |
| ئالما | 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى | 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئايغىچە | 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى |
| نەشپۈت | | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرى | 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئايغىچە | 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى |
| ئۈزۈم | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى | | 9 ـ ئاي | 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى |

تەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 18 . جەدۋەل

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاۋارايى شارائىتى بىلەن دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى (1)

| كىلىمات شارائىتى — تۈرى \ ئاي | 1 | | | 2 | | | 3 | | | 4 | | | 5 | | | 6 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى |
| ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (℃) | —6.9 | | | —2.3 | | | 7.6 | | | 15.1 | | | 19.7 | | | 23.6 | | |
| ئون كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا قىممىتى (℃) | -7.2 | —7.2 | —6 | —6.1 | —1.9 | 0.6 | 4.1 | 8.1 | 10 | 12.4 | 15.9 | 17.2 | 18.4 | 19.4 | 20.8 | 22.6 | 23.2 | 25.1 |
| ئون كۈنلۈك مۆل-يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 0.7 | 0.5 | 1 | 2.3 | 1.9 | 4.9 | 0.3 | 1.3 | 2.1 | 0.6 | 0.8 | 3.1 | 6.8 | 3.4 | 5.9 | 1.5 | 2.2 | 1.5 |
| نىسپىي نەملىك (%) | 64 | | | 61 | | | 47 | | | 34 | | | 40 | | | 38 | | |
| ئايلىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى (مىللىمېتىر) | 27.8 | | | 45.8 | | | 150.4 | | | 273.4 | | | 348.7 | | | 417.2 | | |
| ئايەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى | توڭلاش ئايىتى | | | ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىپ ئەتىياز قۇرغاقچىلىقى بولىدۇ، باكى ئاخىرقى ئۈششۈك چۈشىدۇ | | | ئەتىيازلىق سوغۇق قايتىلىنىدۇ، ئاخىرقى ئەتىياز قۇرغاقچىلىقى، بوران، چاڭ - توزان پەيدا بولىدۇ | | | يازدا بوران كۆپىيىدۇ، يازنىڭ باشلىرىدا قۇرغاقچىلىق بولىدۇ | | | ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش | | | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ يېتىلىش باسقۇچى | كۈزگى بۇغداي | — | ئاخىرلىرى كۆكىرىدۇ | كۆكىرىدۇ | بوغۇم سۈرىدۇ | باشاقلايدۇ، چېچەكلەيدۇ | باشلىرى، ئوتتۇرلىرى پىشىدۇ |
| | كۆممىقوناق تېرىش | | | يەرلەر تۈزلىنىپ، ئوسا قىلىنىدۇ | 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى تېرىلىدۇ، ئاينىڭ ئاخىرى بىخ چىقىرىدۇ | ئاينىڭ باشلىرىدا مايسىلار تەكشى بولىدۇ | بوغۇم سۈرىدۇ |
| | ئېگىز ئورنى كۆممىقوناقنى تېرىش (ئاققوناق) | | | | | | بىر تەرەپتىن ئورۇۋېلىنىدۇ، بىر تەرەپتىن ئېگىزغا تېرىلىدۇ |
| | شال | | | | ئوتتۇرلىرىدا مايسا يېتىشتۈرۈلىدۇ | تېرىلىدۇ | تېرىلىدۇ، مايسا تىكىلىدۇ |
| | كېۋەز | | | | ئوتتۇرلىرىدا تۈنجى قېتىم تېرىلىدۇ، ئاي ئاخىرىدا مايسا چىقىرىدۇ | مايسىلار تەكشۈرۈلىدۇ، تولۇقلىنىدۇ، چاپىلىنىدۇ | ئۆسۈش مەزگىلى |
| | ياغلىق دان (زىغىر) | | | باشلىرى، ئوتتۇرلىرى تېرىلىدۇ، ئاخىرلىرى مايسا چىقىرىدۇ | مايسا مەزگىلى | چېچەكلەش مەزگىلى | |
| | ئاساسلىق دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى | قىشتا ئوغۇت توپلىنىدۇ، كۈزگى بۇغدايلىقلارغا قوم توپا، ئوغۇت نوپىسى چېچىلىدۇ، چاكلار ئېتىلىدۇ | ئوغۇت توپلىنىدۇ، ئاخىرلىرىدا كۈزگى بۇغداينىڭ قىشتىن ئۆتۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ، ئوسا قىلىنىپ تېرىلغۇ تەييارلىنىدۇ. يازغى بۇغداي، زىغىر تېرىلىدۇ، كۈزگى بۇغداي ئوغۇتلىنىدۇ | كۈزگى بۇغداينى ئوغۇتلاش، سۇغىرىش قاتارلىق ئېتىز ئىېرىق پەرۋىشى قىلىنىدۇ | ئوتتۇرلىرىدا ئايلىق تېمپېراتۇرا تۇراقلىشىدۇ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىدۇ، قورغاقچىلىققا تاقابىل تۇرىلىدۇ، مايسا ئاقلىنىدۇ، بوغۇم سۈيى قويۇلىدۇ، كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ | كۆممىقوناق تېرىلىدۇ، كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدۇ، شال بىۋاسىتە تېرىلىدۇ ياكى مايسا كۆچۈرۈلىدۇ، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى تەكشۈرۈلىدۇ، ئالدىن مەلۇمات بېرىلىدۇ ۋە ئالدى ئېلىنىدۇ | بۇغداينى يىغىۋېلىش، ئېگىز ئورنىغا كۆممىقوناق، ئاققوناق، شال تېرىش قاتارلىقلار بىلەن ئالدىراش بولىدۇ، كېۋەزدىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاۋارايى شارائىتى بىلەن دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى (2)

ئەبىئىي جۇغراپىيە: 3 — 19 . جەدۋەل

| | تۈرى \ ئاي | 7 | | | 8 | | | 9 | | | 10 | | | 11 | | | 12 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى | بېشى | ئوتتۇرىسى | ئاخىرى |
| كىلىمات شارائىتى | ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (℃) | 25.5 | | | 24 | | | 19.4 | | | 11.9 | | | 2.8 | | | -5 | | |
| | ئون كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا قىممىتى (℃) | 25 | 25.9 | 25.7 | 24.9 | 25.4 | 22.7 | 21.1 | 19.5 | 17 | 14.4 | 12.6 | 9.4 | 15.8 | 2.7 | 0.1 | -30 | -4.7 | -6.8 |
| | ئون كۈنلۈك ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 2.9 | 1.4 | 1.5 | 2.4 | 1.8 | 2.8 | 2 | 0.9 | 2.4 | 6.9 | 0.6 | 1.3 | 0.6 | 0.6 | 0.3 | 0.9 | 1 | 0.5 |
| | نىسپىي نەملىك (%) | 40 | | | 45 | | | 47 | | | 50 | | | 60 | | | 65 | | |
| | ئايلىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى (مىللىمېتىر) | 418.9 | | | 345.6 | | | 245.8 | | | 162.9 | | | 71.2 | | | 13.1 | | |
| | ئالاھىدە خاراكتېرلىك ھاۋارايى | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | | | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | | | | | | توڭلاش | | | | | | | | |

ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ يېتىلىش مەزگىلى

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| كۈزگى بۇغداي | | | ئاخىرلىرى تېرىلىدۇ | تېرىلىدۇ، مايسا چىقىرىدۇ | تولۇق ياتقۇزۇلىدۇ | |
| كۆممىقوناق تېرىش | ئاخىرلىرىدا تەس ساقال تارتىدۇ | باشلىرىدا ساقال تارتىدۇ | ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ | يىغىۋېلىنىپ دان ئايرىلىدۇ | تولۇق ياتقۇزۇلىدۇ | |
| ئېتىزغا كۆممىقوناق تېرىش (ئاقنوناق) | ئۈنىدۇ | باشلىرى، ئوتتۇرى-لىرى بوغۇم سۈرىدۇ | باشلىرى ساقال تارتىدۇ | يىغىۋېلىنىپ دان ئايرىلىدۇ | تولۇق ياتقۇزۇلىدۇ | |
| شال | بوغۇم سۈرىدۇ | دورا چېچەكلەيدۇ | ئاخىرىدا پىشىدۇ | يىغىۋېلىنىپ دان ئايرىلىدۇ | تولۇق ياتقۇزۇلىدۇ | |
| كېۋەز | چېچەكلەيدۇ | چېچەكلەش كېيىنكى مەزگىلى، ئاخىرىدا غوزىلايدۇ | غوزىلايدۇ | تېرىۋېلىنىدۇ | تېرىۋېلىنىدۇ | |
| ياغلىق دان (زىغىر) | پىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ | پىشىدۇ | | | | |
| ئاساسلىق دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى | بۇغداي يىغىۋېلىنىپ خامان ئېلىنىدۇ، زىرائەتلەر ئېتىزغا تېرىلىدۇ، ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشى كۈچەيتىلىدۇ | ئېتىز - ئېرىق پەرۋىش قىلىنىدۇ | كۈزلۈك يىغىم باشلىنىدۇ | كۈزلۈك زىرائەتلەر يىغىۋېلىنىپ، كۈزگى بۇغداي تېرىلىدۇ | تولۇق ياتقۇزۇلىدۇ، كۈزگى بۇغدايلىقنى قىشتىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئاساسىي مايسا سانى تەكشۈرۈلىدۇ. | قوم، توپا چېچىلىدۇ، ئېتىز - ئېرىق پەرۋىش قىلىنىدۇ، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى كاۋاكلار ئېتىلىدۇ، بۇغداي مايسىلىرى توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. |

# IV باب

# گىدرولوگىيە

## 1 § . يەر ئۈستى سۈيى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيى قەشقەر دەرياسى سۇ سىستېمىسىغا تەۋە، ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان ئاساسلىق دەريالاردىن قىزىل دەرياسى (جۈملىدىن قاراڭغۇلۇق دەرياسى)، گەز دەرياسى (جۈملىدىن ئويتاغ دەرياسى) ۋە چاقماق دەرياسى بار.

### 1. قىزىل دەرياسى

قىزىل دەريا «قىزىل سۇ ئاقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. موڭغۇل تىلىدا ئۇلانئۇس دەرياسى، يەنى «قىزىل سۇ ئاقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى تاغلىق رايونلاردىكى ئېرىگەن قار ۋە مۇز - يېغىننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تولۇقلىنىدۇ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 2 - چوڭ دەريا ھېسابلىنىدۇ، ئۇ تېلاپچىيار چوققىسىدىن باشلىنىدۇ، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 13 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 778 كىلومېتىر (جۇڭگو زېمىنىدىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 كىلومېتىر، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 105 كىلومېتىر) كېلىدۇ. بۇ دەريا ئۇلۇغچات، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيە (شەھەر)لەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بۇڭگۆل سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ. 1952 - يىلدىن ئىلگىرى ئارتۇق سۇ يەكەن دەرياسىغا قويۇۋېتىلەتتى. سىرغىمى ئاساسەن مۇز - قارلارنىڭ ئېرىشى ئارقىلىق تولۇقلانغاندىن سىرت، ئەتىياز، ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا تەڭرىتاغ بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاغ جىلغىلىرىغا يېغىلغان يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى قوشۇلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 63.9 كۇب مېتىرغا، يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىمى 12 مىليارد 15 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قاراڭغۇلۇق دەرياسى قىزىل دەرياسىنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزىدىكى بىر تارماق ئېقىن بولۇپ، يىللىق سىرغىم مىقدارى سېكۇنتىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.26 كۇب مېتىرغا، يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىمى 103 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 2 دەريانىڭ يىللىق نورمال ئوتتۇرىچە سىرغىمى 2 مىليارد 118 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يىللىق سۇ مىقدارى ئىچىدە ئەتىيازدىكى سۇ (3 — 5 - ئايغىچە) يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ %18.9نى، يازدىكى سۇ (6 — 8 - ئايغىچە) %55.2نى، كۈزدىكى سۇ (9 — 11 - ئايغىچە) %17.8نى، قىشتىكى سۇ (12 - ئايدىن ياندۇرقى يىلى 2 - ئايغىچە) %8.1نى ئىگىلەيدۇ.

قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى سۇلفات تۇزى تىپىغا كىرىدۇ، كىلىماتى قۇرغاق، پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك بولغاچقا، دەريا سۈيىنىڭ تەركىبىدىكى ئىئون مىقدارى قويۇلۇپ كېتىدۇ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئېقىن مۇساپىسىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ بارىدۇ. ئەڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن قار سۈيى تەركىبىدىكى ئىئون مىقدارى 200 مىللىگرام /لېتىردىن تۆۋەن، دەريا سۈيى ئېقىپ قەشقەر قىزىل كۆۋرۈككە

بارغاندا ئىئون مىقدارى كۆپىيىپ 857 مىللىگرام/لىتىرغا، تۆۋەن ئېقىمدىكى بىنام پونكىتىغا بارغاندا 2200 مىللىگرام/لىتىرغا يېتىدۇ. قارابەل گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئىئونلۇق سىرغىم مىقدارى 800 مىڭ توننىدىن 1 مىليون 200 مىڭ تونىغا يېتىدۇ. سۇنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 20.3 گېرمان گرادۇس (بىر گېرمان گرادۇس بىر لىتىر سۇ تەركىبىدە 10 مىللىگرام كالتسىي ياكى 7.2 مىللىگرام ماگنىي بولغانغا باراۋەر) قا يېتىدۇ، تۆۋەن ئېقىمدىكى بىنام پونكىتىدا 43 گېرمان گرادۇسقا يېتىدۇ. شىكەر كۆل سۇ ئامبىرىغا بارغاندا 70 گېرمان گرادۇسقا يېتىدۇ (دۆلىتىمىز ئىچىملىك سۇ ئۆلچىمىدە ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى 25 گېرمان گرادۇستىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، يەنى ھەربىر لىتىر سۇنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 250 مىللىگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك دېيىلگەن).

قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن يولى ئوتتۇرا يېڭى ھايات ئېراسىدىكى كەڭ كەتكەن قىزغۇچ جىنسلىق يەر قاتلىمى بولۇپ، جىنس قاتلىمى ناھايىتى ئاسانلا يېمىرىلىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېقىن يولى بويلىرىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈك ناھايىتى ئاز، تۇپا قاتلىمى بوش، يامغۇرغا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ناچار بولغاچقا، دەريا سۈيى سىرغىمىنىڭ تەركىبىدىكى لاي - لاتقا مىقدارى بىر قەدەر كۆپىيىپ كەتكەن. قارابەل گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېروزىيىلىك سانى 1020 توننا/كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدىكەن، شۇڭا بۇ دەريا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دەريا - ئېقىنلار ئىچىدە سۇ تەركىبىدىكى قۇم مىقدارى ناھايىتى كۆپ، دانىچىلىرى ئەڭ ئۇششاق دەريا ھېسابلىنىدىكەن. كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم تەركىبى 5.93 كىلوگرام/كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. 1966 - يىلى 2 قېتىم قارا يامغۇردىن قىيان پەيدا بولۇپ، يۇقىرى ئېقىندا سەل پەيدا بولدى، ئوتتۇرىچە قۇم تەركىبى يۇقىرى بولغاندا 17.3 كىلوگرام/كۇب مېتىرغا، ئەڭ كۆپ قۇم تەركىبى 347 كىلوگرام/كۋادرات مېتىرغا، ئەڭ كۆپ لاتقا يۇللاش نىسبىتى 138 توننا/سېكۇنتقا، لاتقا يۇللاش مىقدارى 38 مىليون 700 مىڭ تونىغا يېتىپ، 11 مىليون 700 مىڭ توننا بولغان كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم يۇللاش مىقدارىنىڭ 3.4 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلدى. بۇ دەريانىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم يۇللاش نىسبىتى 371 كىلوگرام/سېكۇنت، لاتقا دانىچىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 0.007 — 0.05 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئومۇمىي قۇم تەركىبىنىڭ 64% — 70%نى ئىگىلەيدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە دانىچە دىئامېتىرى 0.0788 مىللىمېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىللىق دانىچە دىئامېتىرى ئوتتۇرىچە سان بولغان 0.0315 مىللىمېتىرغا يەتكەن.

قىزىل دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى پەسىيىش پەرقى 230 مېتىر بولۇپ، 74 مىڭ 500 كىلوۋاتلىق سۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى ساقلانماقتا. قارابەل گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسى جەھەتتە، 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان چاغلاردىكى كەسمە يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1.6°C — 10.9°C قىچە، 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە 12°C — 15°C قىچە بولىدۇ، 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە 0.7°C — 12.5°C قىچە بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 23°C بولىدۇ؛ دەريا سۈيى ئېقىپ قەشقەر قىزىل كۆۋرۈككە بارغاندا 27.5°C قا يېتىدۇ.

## 2. گەز دەرياسى

گەز دەريا دېگەن سۆز «بوز سۇ دەرياسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دەريانىڭ سۈيى بوز رەڭدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىدە يامانيار دەرياسى دەپ ئاتالغان. بۇ سۈيى مۇز - قارلارنىڭ ئېرىشى بىلەن تولۇقلىنىدىغان دەريا بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۆزبەل تېغىدىن باشلىنىدۇ، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 9753 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 320 كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئېقىن مۇساپىسى 74 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئارىلىقتا تارماق ئېقىن بولغان ئويتاغ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، شەرقىي شىمالغا ئېقىپ، تار جىلغىدىن چىقىپ، تاشمىلىق، ئوپال، تېرىم ۋە بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ ئارال كەنتلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ شەرققە بۇرۇلۇپ ئاقىدۇ، قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىن ئۆتۈپ دېلتىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتا

تۈگەيدۇ. بۇ دەريانىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 31.3 كۇب مېتىرغا، يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 987 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1972 ـ يىلى ئەمەلىي ئۆلچەنگەن سىلىكسۇ يىلى ھېسابلىنىدۇ، شۇ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 802 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، سۇ مول بولغان 1959 ـ يىلدىكى 1 مىليارد 345 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنىڭ ئاران %59.6 ىگە توغرا كەلدى. تارماق ئېقىن بولغان ئويتاغ دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 5.68 كۇب مېتىرغا، يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 170 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 2 دەريانى قوشقاندا نورمال يىللىق سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد 166 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاقتۇ، يوپۇرغا ناھىيىلىرى، يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىنىڭ 41 ـ، 42 ـ تۇەنلىرىنىڭ مىليون مو تېرىلغۇ يېرىنىڭ سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئەتىيازدىكى سۇ يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ %14.7 ىنى، يازدىكى سۇ %61.2 ىنى، كۈزدىكى سۇ %17.7 ىنى، قىشتىكى سۇ %6.4 ىنى ئىگىلەيدۇ.

گەز دەرياسى سۈيىنىڭ سۈپىتى جەھەتتە كاربونات تىپى ئاساس قىلىنىدۇ. قىلقى گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىئونلۇق سىرغىم مىقدارى 200 مىڭ توننىدىن 450 مىڭ توننىغا يېتىدىكەن. ھىدروگېنلىق ئىئونىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنىڭ PH قىممىتى 7.7 — 7.9 ئارىلىقىدا بولۇپ، ئاجىزراق تۇزلۇق سۇ ھېسابلىنىدىكەن.

گەز دەرياسىنىڭ لاتقا مىقدارى ئالدى تاغ گېئولوگىيىسى بىلەن ھۆل ـ يېغىن قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، يۇقىرى ئېقىمدا قۇم تەركىبى بىرقەدەر ئاز، تۆۋەن ئېقىمدا كۆپرەك. قىلقى گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم تەركىبى 2.68 كىلوگرام/كۇب مېتىرغا يەتكەن. بۇلاقسۇ كۆۋرۈكى ئېغىزىغا كەلگەندە 6.34 كىلوگرام/كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن. 1967 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەڭ كۆپ قۇم تەركىبى 50.3 كىلوگرام/كۇب مېتىرغا يەتكەن. كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە لاتقا يوللاش مىقدارى 87.9 كىلوگرام/كۇب مېتىرغا، يەنى 2 مىليون 780 مىڭ توننىغا يەتكەن، لاتقا دانىچىلىرى بىر قەدەر چوڭراق بولۇپ، يۇقىرى ئېقىمدىكى بۇلۇڭكۆل ئېغىزى پونكىتىنىڭ ئوتتۇرىچە دانىچە دىئامېتىرى 0.0977 مىللىمېتىرغا، ئوتتۇراھال دانىچىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 0.0550 مىللىمېتىرغا يېتىدىكەن. دانىچىلارنىڭ سەپلىنىشى يۇقىرى ئېقىمدىن تۆۋەن ئېقىمغا قاراپ بارا ـ بارا ئازىيىپ بارىدىكەن. قۇم تەركىبىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى بىلەن ئېقىن مىقدارى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، لاتقا يوللاش نىسبىتى يازدىكى 6 ـ، 7 ـ ئايلارغا ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن. بۇ ۋاقىتتىكى لاتقا يوللاش مىقدارى يىللىق لاتقا يوللاش مىقدارىنىڭ %81 — %94 ىنى ئىگىلەيدۇ.

گەز دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى پەسىيىش پەرقى 237 مېتىر بولۇپ، 38 مىڭ 40 كىلوۋات سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى ساقلانماقتا. قىلقى گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ تېمپېراتۇرىسى 4.6℃، ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 17.5℃ قا يېتىدۇ، لېكىن بۇلاقسۇ كۆۋرۈكى ئېغىزىغا كەلگەندە روشەن ھالدا كۆپىيىپ، ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 29℃ قا يېتىدۇ.

## 3. چاقماق دەرياسى

چاقماق دەرياسى ئارىلاشما تىپتىكى تولۇقلىنىدىغان دەريا ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى بۆلىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە بولۇپ، تار ئېغىزىدا 2 تارماققا بۆلىنىدۇ، بىر تارمىقى ناھىيە تەۋەسىدىكى بەشكېرەم يېزىسىغا كىرىدۇ، ئېقىن مۇساپىسى تەخمىنەن 35 كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدىكى دەريا قىنى يۇقىرى ئېقىمدىن سۇ باشلاپ كېتىلگەچكە، ئادەتتىكى چاغلاردا قۇرۇپ كېتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 5.13 كۇب مېتىرغا، يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 161 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر (1967 ـ يىلى سۇ مول بولۇپ 282 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكەن) غا يېتىدۇ، سۇ سۈپىتى جەھەتتە

كاربوناتلار تىپى ئاساس قىلىنىدۇ.

## 4. بۇلاق سۈيى

ناھىيە تەۋەسىدىكى بۇلاق سۈيىنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى ئېقىمدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىلارغا سىڭىپ كىرگەن يەر ئۈستى سۈيى بولۇپ، يەر ئاستى سىرغىمىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ چېتىدىن تېشىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان. ئۇ ئاساسەن، تۈمەن دەرياسى بويلىرىغا ۋە قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسى سۇغىرىش رايونلىرىغا تارقالغان.

تۈمەن دەرياسى لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئاقتام دېگەن يېرىدىن باشلىنىدۇ، ئۇ، بۇلاق ئېقىنى تېپىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى، ئۇ سۈيى بۇلاق سۈيى، يامغۇر سۈيى ۋە يەر سۇغارغاندىن كېيىنكى قايتما سۇ بىرىكىپ تولۇقلىنىدىغان دەريادىن ئىبارەت. بۇ دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 19 كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريا بويلىرىدا بۇلاق سۈيى كۆپ بولۇپ، بۇ سۇلار قوشۇلۇش ئارقىلىق دەريا ھاسىل بولغان، يىللىق سىرغىم مىقدارى 125 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، تەقسىملىنىش ئەھۋالى جەھەتتە، قىشتا كۆپىيىپ، يازدا ئازىيىپ كېتىدۇ، سۇ سۈپىتى باشقا دەريالارنىڭ سۇ سۈپىتى بىلەن ئوخشاش. قەشقەر شەھىرىدىكى كېرەكسىز داشقاللارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىشى تۈپەيلىدىن، ياراباغ كۆۋرۈكى ئاستىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ ئانالىز قىلغاندا قاتتىقلىق دەرىجىسى 71.5 گېرمان گرادۇسقا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە گىدرىدلار، كېرەكسىز ئوكسىد مىقدارى بىر قەدەر ئېغىر بۇلغانغان سۇ ئۆلچىمىگە يەتكەن، مىكروب سانى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتكەن.

قالغان بۇلاق سۇلىرىنىڭ تارقىلىشى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇلارنى ئاساسەن قىزىل دەرياسى سۇغىرىش رايونى، گەز دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىن ئىبارەت 2 رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ. قىزىل دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى پارچە - پۇرات بۇلاق سۈيىگە تەۋە بۇلاق سۈيى 190 مىليون كۇب مېتىرغا، يىللىق سىرغىم مىقدارى 59 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئېقىن مىقدارى مۇش يېزىسىدا سېكۇنتىغا 0.50 كۇب مېتىرغا، سەمەن يېزىسىدا سېكۇنتىغا 0.25 كۇب مېتىرغا، پاختەكلە يېزىسىدا سېكۇنتىغا بىر كۇب مېتىرغا، ئوغۇساق يېزىسىدا سېكۇنتىغا 0.15 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ ۋە گەز دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى پارچە - پۇرات بۇلاق سۈيىگە تەۋە سۇ مىقدارى سېكۇنتىغا 5.50 كۇب مېتىرغا، يىللىق سىرغىم مىقدارى 173 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئېقىن مىقدارى ئوپال يېزىسىدا سېكۇنتىغا 3.70 كۇب مېتىرغا، بۇلاقسۇ يېزىسىدا سېكۇنتىغا 1.40 كۇب مېتىرغا، تاشمىلىق يېزىسىدا سېكۇنتىغا 0.15 كۇب مېتىرغا، سايباغ يېزىسىدا سېكۇنتىغا 0.25 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

## §2. يەر ئاستى سۈيى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ زاپىسى تېخى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى تۇپراق ئۈستى قاتلىمىنىڭ كۆپ قىسمى قۇمساڭ تۇپراق دۆۋىلەنمىسى، ئۇنىڭ تېگىدىكى تۇپراقنىڭ كۆپ قىسمى قۇم - شېغىلدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، جىنسلىق خۇسۇسىيىتى غەربتىن شەرققە قاراپ يېرىكلىكتىن يۇمشاقلىققا ئۆزگىرىپ بارىدۇ، كۆپ مىقداردىكى دەريا سۈيى ھەر قايسى دەريا ئېقىنلىرىدىكى لاتقىلىق يەرلەر ۋە يەلپۈگۈچسىمان يەرلەرگە سىڭىپ كىرىپ يەر ئاستى سىرغىمىنى ھاسىل قىلىدۇ، بىر قىسمى يەنە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەك جايلاردىن يەر يۈزىگە تېشىپ چىقىپ، بۇلاق سۈيىنى ھاسىل قىلىدۇ. ناھىيىنىڭ تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ 1982 - يىلدىكى مۆلچەرىگە قارىغاندا، ناھىيە تەۋەسىدىكى

قىزىل دەرياسى ۋادىسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 4 مىليارد كۇب مېتىرغا، ھەرىكەتچان زاپىسى تەخمىنەن 700 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن، گەز دەرياسى ۋادىسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 2 مىليارد كۇب مېتىرغا، ھەرىكەتچان زاپىسى تەخمىنەن 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن.

يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى بارا - بارا تېيىزلىشىپ بارىدۇ. يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1450 — 1600 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان ئارىلىقتىكى جايلىرىدا سۇنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1310 — 1450 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا سۇنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 30 — 80 مېتىرغا يېتىدۇ؛ تۆۋەن قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 — 1310 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان جايلاردا سۇنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 6 — 8 مېتىرغىچە كېلىدۇ. قۇدۇق قېزىپ ئەمەلىي ئۆلچەپ كۆرگەندە، 1 - سۇلۇق قەۋەتى يەر يۈزى ياپما قەۋىتىنىڭ تەخمىنەن 70 مېتىر تېگىگە، 2 - سۇلۇق قەۋىتى تەخمىنەن 76 — 120 مېتىر ئارىلىقىغا، 3 - سۇلۇق قەۋىتى تەخمىنەن 127 — 200 مېتىر ئارىلىقىغا جايلاشقان، قەۋەت بىلەن قەۋەت ئارىلىقىدا قېلىنلىقى 6 — 7 مېتىرغىچە كېلىدىغان كەنجى سېغىز تۇپراقلىق بۆلگۈچ تاختا بار. 1 - قەۋەتتىكى يوشۇرۇن سۇ ئورنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى دەريا ئېقىنى يۆنىلىشىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ، 50 مېتىر يەر ئاستىدىن 15 مېتىر ۋە 3 مېتىر ئۈستىگە ئۆرلەپ بىۋاستە يەر يۈزىگە چىقىدۇ. ئەڭ زور مۇسبەت ناپورى 2 مېتىرغا يېتىدۇ. سۈيىنىڭ كۆپ قىسمى SO4mg تىپىغا كىرىدۇ. قاتتىقلىق دەرىجىسى ئادەتتە 0.79 — 22.1 گرام/لېتىرغا، ئەڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 23 — 24 گېرمان گرادۇسىغا، سۇ تېمپېراتۇرىسى 10℃ — 15℃قا يېتىدۇ، سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ياخشى بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە، ئېتىز - ئېرىقلارنى سۇغىرىشقا باپ كېلىدىغان ئەڭ ياخشى سۇ ھېسابلىنىدۇ.

# V باب

# تۇپراق، يەر

## §1 . تۇپراق تىپى ۋە تارقىلىشى

ناھىيىنىڭ تۇپرىقىنى لاتقا تىنما تۇپراق، زەي تۇپراق، شاللىق تۇپراق، چىملىق تۇپراق، سازلىق تۇپراق، شور تۇپراق، قوڭغۇر چۆل تۇپراق، يېڭى لاتقا تۇپراق، قۇم بوران تۇپراق قاتارلىق 9 تۈر، 23 كەنجى تىپ، 29 يەر ئۇرۇقدىشى، 28 يەر تۈرى، 45 ئۆزگەرگەن تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1. لاتقا تىنما تۇپراق

بۇ خىل تۇپراقنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 15 مىڭ 195 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %78نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق قىزىل دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى، ئېقىندى تۈزلەڭلىك ۋە گەز دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن 1310 — 1450 مېتىرغىچە ئېگىز، قىسمەن جايلىرى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1600 مېتىر ئېگىز.

ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى مۇنداق: (1) ئۇزاق ۋاقىت لاتقا - تىنمىلار مۇنبەتلەشكەن، 50 سانتىمېتىردىن كۆپرەك قېلىنلىقتىكى لاتقا تىنما قەۋىتى ئەسلىدىكى تەبىئىي تۇپراقنى تېگىگە باستۇرۇپ قويغان. (2) ئۇزاق مۇددەت يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، چۆكۈندە قاتلىمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ سۈپىتى ۋە رەڭگى بىر قەدەر ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قاتلاملىرىنىڭ ئۆتكۈنچى قەۋىتى بىلەن ئاغدۇرۇلمايدىغان قەۋىتى ئېنىق ئەمەس. (3) يەر ئاستى سۇ ئورنى چوڭقۇر كۆمۈلگەن بولۇپ، ئادەتتە 5 مېتىردىن تۆۋەن.

لاتقا تىنما تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارىنىڭ مۇتلەق يۇقىرى دەرىجىسى %1.6كە، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى %0.4كە، ئوتتۇرىچە %0.75كە يېتىدۇ؛ تولۇق ئازوتنىڭ مۇتلەق يۇقىرى دەرىجىسى %0.138كە، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى %0.022كە، ئوتتۇرىچە %0.054كە يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك ئازوتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 67ppmغا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى lppmغا، ئوتتۇرىچە 23ppmغا يېتىدۇ؛ ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 18ppmغا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى lppm غا، ئوتتۇرىچە 2ppmغا يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك كالىينىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 1566ppm غا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى 103ppmغا، ئوتتۇرىچە 352ppmغا يېتىدۇ.

1981 - يىلى ناھىيە بويىچە تۇپراقنى 2 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا يۇقىرىقى تۈرلەر بايقالغان بولۇپ، پەرۋىش قىلىش مۇۋاپىق بولماسلىق، پايدىلىنىشنىلا بىلىپ مۇنبەتلەشتۈرۈلمىگەنلىكتىن، قايتىدىن شورلاشقان لاتقا تىنما تۇپراق كۆلىمى 1958 - يىلدىكى 400 مىڭ مودىن 590 مىڭ موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %58نى ئىگىلىگەن؛ بۇنىڭ ئىچىدە يېنىكرەك شورلاشقان كۆلىمى 477 مىڭ 17 موغا، ئوتتۇراھال شورلاشقان كۆلىمى 108 مىڭ 320 موغا، ئېغىر دەرىجىدە شورلاشقان كۆلىمى 8456 موغا يېتىدۇ.

## 2. زەي تۇپراق


بۇخىل تۇپراقنىڭ كۆلىمى 263 مىڭ 19 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %20نى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل تۇپراق يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا ۋە ئېقىندى تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەنكى قىسمىغا تارقالغان، يەر شەكلى تەكشى، يەر ئاستى سۇ ئورنى ئادەتتە 3 مېتىر كېلىدۇ.

زەي تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارىنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى %3.17كە، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى %0.02كە، ئوتتۇرىچە %0.064كە يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك ئازوتنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 146ppmغا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى lppmغا، ئوتتۇرىچە 31ppmغا يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 17ppmغا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى lppmغا، ئوتتۇرىچە 2.2ppm غا يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك كالىينىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 886ppmغا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى 103ppmغا، ئوتتۇرىچە 287ppmغا يېتىدۇ.

1981 - يىلى ناھىيە بويىچە تۇپراقنى 2 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، 263 مىڭ 19 مو يەردىكى زەي تۇپراقمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شور ئاپىتىگە ئۇچرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك دەرىجىدە شورلاشقان يەر كۆلىمى 88 مىڭ 787 مو، ئوتتۇراھال شورلاشقان يەر كۆلىمى 77 مىڭ 95 مو، ئېغىر دەرىجىدە شورلاشقان يەر كۆلىمى 97 مىڭ 137 مو.

## 3. شاللىق تۇپراق

بۇخىل تۇپراق كۆلىمى 23 مىڭ 775 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %2نى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل


قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تۇپرىقىنىڭ
جايلىنىشى خەرىتىسى
شەرتلىك بەلگىلەر

تۇپراق ئاساسەن، قىزىل دەرياسىنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى ئويمانلىقلارغا، دەريا ساھىلى ۋە تىنما جىلغىلارنىڭ ئاستى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

شاللىق تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى %54.4كە، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى %95.0كە، ئوتتۇرىچە %3.2كە يېتىدۇ؛ تولۇق ئازوتنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى %24.0كە، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى %094.0كە، ئوتتۇرىچە %139.0كە يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك ئازوتنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 135ppmغا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى 1ppmغا، ئوتتۇرىچە 65ppmغا يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 4ppmغا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى 1ppmغا، ئوتتۇرىچە 2ppmغا يېتىدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك كالىينىڭ مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 494ppm غا، مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن قىممىتى 103ppmغا، ئوتتۇرىچە 250ppmغا يېتىدۇ.

## 4. باشقا تۇپراق تۈرلىرى

ناھىيىدە لاتقا تىنما تۇپراق، زەي تۇپراق، شاللىق تۇپراقتىن ئىبارەت 3 خىل تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىدىن باشقا، يەنە چىملىق تۇپراق، شور تۇپراق، قۇم - بوران تۇپراق، قوڭۇر چۆل تۇپراق، سازلىق تۇپراق، يېڭى تىنما تۇپراق قاتارلىق تۇپراق تۈرى بار. يۇقىرىدىكى تۇپراقلار ئىچىدە ئورمان يېرى، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يېرى قىلىشقا بولىدىغان ئاز ساندىكى قوڭۇر چۆل تۇپراق، چىملىق تۇپراقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان يەرلەردە پەقەت مال بېقىشقىلا بولىدۇ.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە تۇپراق تىپىنىڭ 1981 - يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى**

تەبىئىي جۇغراپىيە: 5 — 1 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: مو

| تۈرى / گۇڭشې | تۇپراق تىپى | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | لاتقا تىنما تۇپراق كۆلىمى | زەي تۇپراق كۆلىمى | شاللىق تۇپراق كۆلىمى | سازلىق تۇپراق كۆلىمى | چىملىق تۇپراق كۆلىمى | شور تۇپراق كۆلىمى | يېڭى تىنما تۇپراق كۆلىمى | قۇم - بوران تۇپراق كۆلىمى | قوڭۇر چۆل تۇپراق كۆلىمى | قالدۇق رايون كۆلىمى | جەمئىي |
| ئوپال | 88635 | 4085 | | 3455 | 31700 | 118685 | | 18200 | 115122 | 1290905 | 1676787 |
| تاشمىلىق | 104563 | | | | | | | 2826 | 82448 | 473745 | 663584 |
| بۆلاقسۇ | 74610 | 60630 | | 10084 | 40049 | 5211 | | | 77352 | 32685 | 300621 |
| سايباغ | 107035 | 28084 | | 9954 | 41340 | 13667 | | 6690 | 13746 | 85196 | 305712 |
| زەمىن | 112632 | | | | | | | | 51747 | 167233 | 331612 |
| ئوغۇزساق | 38997 | 16010 | 189 | 914 | 23308 | 13206 | | | 2941 | | 95565 |
| پاختەكلە | 4139 | 23683 | 16189 | 347 | 483 | | 1298 | | 13794 | | 59930 |
| سەمەن | 48522 | 3565 | 4138 | 2490 | | | 492 | | 10567 | 73362 | 143586 |
| لەڭگەر | 89507 | | 2662 | 320 | | | | | 75979 | 220894 | 389362 |
| مۇش | 74515 | | | | | 75 | | | 62410 | 902612 | 1039612 |
| قوغان | 65377 | 12292 | 597 | | 4530 | | | | 39493 | | 122289 |
| بەشكېرەم | 65055 | 8008 | | | 13254 | 36347 | | | 55670 | 119844 | 298178 |
| ئاۋات | 80238 | 7383 | | | 10330 | 17920 | | 2496 | 3016 | | 121383 |
| يېڭىئۆس-تەڭ | 61373 | 87285 | | | 13511 | 399570 | | 10405 | 441 | | 572585 |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات ۋە يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىنىڭ يەر كۆلىمى جەمئىي سانغا كىرگۈزۈلدى، سۇ يۈزى ۋە سۇ ئىستېمىسى كۆلىمى يۇنىڭ سىرتىدا.

# §2 . يەرلەرنىڭ دەرىجىسى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

## 1. يەرلەرنىڭ دەرىجىسى

ناھىيىنىڭ يېرى تەخمىنەن 6 مىليون 220 مىڭ مو بولۇپ، يەرلەرنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش ئۆلچىمى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق 7 دەرىجىگە ئايرىلدى.

1) 2 ـ دەرىجىلىك يەر كۆلىمى 870 مىڭ 621 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 14%نى ئىگىلەيدۇ، بۇخىل يەر ناھىيىنىڭ ھەممە يېزىلىرىغا تارقالغان. لاتقا تىنما تۇپراق ئاساس قىلىنىدۇ. ئوزۇقلۇق مىقدارى ئادەتتىكىدەك، سۇيىتى مۇۋاپىق، تۈزلۈكى بىر قەدەر ياخشى. بۇ دەرىجىدىكى يەرلەر ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى كۆلەمنى شەكىللەندۈرگەن. ئورمان تورلىرى ئېرىق ـ ئۆستەڭ سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشكەن، لېكىن قايتا شورلىنىشى سەل كېچىكمىۋاتىدۇ.

2) 3 ـ دەرىجىلىك يەر كۆلىمى 326 مىڭ 135 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.2%نى ئىگىلەيدۇ، بۇخىل يەر يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىغا تارقالغان، تۇپراق تىپى ئوتتۇراھال شورلاشقان لاتقا تىنما تۇپراق تىپىغا كىرىدۇ. ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئادەتتىكىدەك، سۇ چىقىرىۋېتىش ـ سۇغىرىش مۇئەسسەسىلىرى مۇكەممەل ئەمەس، قوۋۇەتلەش بىلەن پايدىلىنىش ماسلاشمىغان، قارشىلىق كۈچى يۇقىرى ئەمەس، مىنېراللىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، يەر ئاستى سۈيى كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقتىن، قايتا شورلىنىپ كېتىش ئاپىتى كۆرۈلگەن.

3) 4 ـ دەرىجىلىك يەر كۆلىمى 105 مىڭ 593 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.7%نى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىلارنىڭ يەلپۈگۈچ گىرۋىكىدىكى جايلارغا ھەمدە ئېقىندى تۈزلەڭلىككە تارقالغان بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە شورلاشقان تۇپراققا كىرىدۇ؛ شورلىنىش خەۋپى ئېغىر.

4) 5 ـ دەرىجىلىك يەر كۆلىمى 330 مىڭ 649 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.3%نى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل يەر يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكتىكى جايلارغا ھەمدە كونىگەي جايلارغا تارقالغان. تۇپراق تىپى لاتقا تىنما قوڭۇر چۆل تۇپراق، ئورمانلىقلاردىكى سۇغىرىلمىدىغان چىملىق تۇپراق، شورلۇق چىملىق تۇپراق ۋە سۇغىرىلمىدىغان قۇم ـ بوران تۇپراقتىن تەركىب تاپقان. توپا قەۋىتى نېپىز، يالىڭىچى ئېغىر، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك ئەمەس، شورلىنىش خەۋپى بار. ئىقتىسادىي ئورمان ۋە يېقىلغۇ ئورمان يېرى قىلىشقا باب كېلىدۇ.

5) 6 ـ دەرىجىلىك يەر كۆلىمى 541 مىڭ 896 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 8.7%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل يەر كونىگەي جايلارغا ۋە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكتىكى پەس ئويمان يەرلەرگە تارقالغان. تۇپراق تىپى قوڭۇر چۆل تۇپراق، شورلۇق سازلىق يەر ۋە سازلىق شور يەرلەردىن تەركىب تاپقان، چەكلەش ئامىللىرى شۇكى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ، قۇرغاق، سۈيى ئاز، شېغىل تاشلار كۆپ، شورلىنىشى ئېغىر بولۇپ ئوتلاق قىلىشقىلا باب كېلىدۇ.

6) 7 ـ دەرىجىلىك يەر كۆلىمى 631 مىڭ 732 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 10.7%نى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل يەر يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى گىرۋەكلەرگە ۋە ئېقىندى تۈزلەڭلىكنىڭ تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقان. تۇپرىقىنىڭ كۆپىنچىسى شور تۇپراقتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ تۇسالغۇ ئامىللىرى شۇكى،

شور مىقدارى ناھايىتى كۆپ، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك ئەمەس، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ. ياخشىلاش قىيىن بولۇپ، ئوتلاق قىلىشقا بولىدۇ.

7) 8 ـ دەرىجىلىك يەر كۆلىمى 341 مىڭ 289 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %54.4نى ئىگىلەيدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى كەڭ تاغلىق رايونلارغا تارقالغان. تاغ جىنسلىرى ئېچىلىپ قالغان، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، گەج، ھاك تاش، تاشتۇز قاتارلىقلار بار، تاغ جىلغىلىرىدا چۆللۈكلەردە ئۆسىدىغان شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك بولۇپ، چۆل ئوتلىقى قىلىشقىلا بولىدۇ.

باشقا يەر كۆلىمى %49نى ئىگىلەيدۇ.

## 2. يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر كۆلىمى 4146 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۆلچەملىك موغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 6 مىليون 220 مىڭ مو كېلىدۇ. ھازىرقى پايدىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق: دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان تېرىلغۇ يەر (ساپ تېرىلغۇ يەر) 889 مىڭ 727 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %14.31نى؛ دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ئورنىغا ئىشلىتىلگەن يەر 85 مىڭ 235 مو بولۇپ، %1.37نى؛ مېۋىلىك باغ كۆلىمى 32 مىڭ 27 مو بولۇپ، %0.51نى؛ ئورمان يېرى 276 مىڭ 191 مو بولۇپ، %4.44نى؛ بوزيەر 889 مىڭ 516 مو (295 مىڭ 617 مو تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، %14.30نى؛ سۇ ئىستىبمىسى ئىگىلىگەن يەر 96 مىڭ 387 مو بولۇپ، %1.55نى؛ يولغا ئىشلىتىلگەن يەر 87 مىڭ 214 مو بولۇپ، %1.4نى؛ چۆللۈك، كۆنگەي قۇرغاق ئوتلاق يەر 317 مىڭ 456 مو بولۇپ، %5.1نى؛ تاغلىق يەر 3 مىليون 413 مىڭ 289 مو (240 مىڭ 348 مو چۆل ئوتلاقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، %54.88نى؛ ھەر قايسى ئورۇنلار ئىشلەتكەن يەر 105 مىڭ 982 مو بولۇپ، %1.71نى؛ باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن يەر 26 مىڭ 531 مو بولۇپ، %0.43نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئوتلاق كۆلىمى 853 مىڭ 421 مو كېلىدۇ.

# VI باب

# ياۋايى ھايۋانلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر، قېزىلما بايلىقلار

## 1 § . ياۋايى ھايۋانلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر

### 1. ھايۋانلار

1) ياۋايى ھايۋانلار ناھىيە تەۋەسىدە بۆرە، تۈلكە، جەرەن، چوڭ باشلىق قوي، ياۋا توڭگۇز،

ياۋا توشقان، سۇغۇر، كىرپە، شەپەرەڭ، كىچىك ئۆي چاشقىنى، ئىپار چاشقان، ئاقمىخان، تۇلۇمچاشقان، ئاق سۇسەر، قىسقا قۇلاق تۇلۇمچاشقان، كوزلۇۋ ئۈچ بارماقلىق پاكار يالمانتاقتىقى، سۇلەيسۇن، مولۇن، كۆلرەڭ قۇيرۇق توشقان، ئۇزۇن قۇيرۇق سۇغۇر، ئۇزۇن قۇلاق كىرپە، تىرنىقى بەدەن قاتارلىقلار بار.

2) قۇشلار ناھىيە تەۋەسىدە ئاق قۇ، پاختەك، ياۋاغاز، سېرىق بۈركۈت، ياۋا كەپتەر، قاغا، ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ، ياۋا ئۆردەك، قىرغاۋۇل، كۆك قوتان، چۆل قاغىسى، قوڭۇر قۇيرۇق بۈركۈت، كىچىك بۈركۈت، كىچىك قۇلىكا قۇشى، قىزىل پاچاق لايخورەك، قارلىغاچسىمان چايكا، كىچىك مۇشۇكياپىلاق، بوز تاللىق جاغجىقى، سۇر قاپاق تاللىق جاغجىقى، چۆل تورغىيى، پۆپۈچەك تورغاي، كۆلرەڭ پۈتلۈق تۈمۈر تۇمشۇق، پايپاقلىق قارلىغاچ، كىچىك تۇمشۇق قاغا، قىزىل تۇمشۇق تاغ قاغىسى، قىزىل ئۆردەك، قاراھەيران، قارلىغاچ، سار، مۇشۇكياپىلاق، قىزىل لاچىن، تاغ قۇشقىچى، سوپىسوپىيالاڭ، ھۆپۈپ، جاڭگال دۇمباقچىسى، سېغىزخان، كاككۇك، قىزىل تۇمشۇق چايكا، بۇلبۇل قاتارلىقلار بار.

3) بېلىقلار ناھىيىدە بېلىق تۈرلىرىدىن تىرىسكا بېلىقى، ئاق يوللۇق بېلىق قاتارلىقلار بار. يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، ئىچكى ئۆلكىلەردىن تاپان بېلىق، لاققا بېلىق، خاپانباش بېلىق، بېجىماڭ يېمىسى بېلىقى، ئوتخور بېلىق قاتارلىق بېلىق تۈرلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەم كۈچى بىلەن بېقىلىپ كەلمەكتە، لېكىن ياۋايىلىشىشقا قاراپ ئۆزگەرگەنلىرىمۇ بار.

4) ھاشاراتلار ناھىيە تەۋەسىدە ھەسەل ھەرىسى، سازاڭ، يىڭناغۇچ، قاراچېكەتكە، چۈشىن، ياپىلاق، كېپىنەك، ئۈزۈم قۇلۇلىسى، ئۆمۈچۈك، موزايىبىشى، ئۆتۈكچى، چىپاركانىسىمان ئۆتۈكچى، كۆكۈيۈن، قارىغۇ چېرىباشكا، كۆك پىت، يەر يولۋىسى، كۆممىقوناق پىتى، ترىپس، چېكەتكە، شىرىنخور قۇرت، بۇغداي چۈشىنى، ماي قوڭغۇز، يەر سالجىسى قاتارلىقلار بار.

ھاشاراتلار ئىچىدە ھازىر مەلۇم بولغان پايدىلىق ھاشاراتلاردىن ئادونىيە ۋارىيگاتا خانقىزى، ئىلىپتىسپىرخانقىز، ئون ئۈچ چېكىتلىك ئۆتۈكچى، چار ئۆتۈكچى، يوللۇق ئۆتۈكچى، چىپار ئۆتۈكچى، كانىخور ئۆتۈكچى، چۈشىنخور پاقا، قاراپىت، ئالتۇن كۆز قۇرت، پىتخور كىچىك پارازىت ھەرە، كىچىك پارازىت ھەرە، ئالتە چېكىتلىك ترىپس، يېشىل قۇرت، پايدىلىق قۇرت، تەكشى قوڭۇر ئالتۇنكۆز، كوناشەھەر قوڭۇر ئالتۇنكۆزى قاتارلىقلار بار.

5) قوش ماكانلىقلار ۋە ئۆمىلىگۈچىلەر: قوش ماكانلىقلاردىن چارپاقا (پاقا) قاتارلىقلار بار. ئۆمىلىگۈچىلەردىن كەسلەنچۈك ۋە يىلانلار بار. كەسلەنچۈكتىن يەنە چوڭ كەسلەنچۈك، كىچىك كەسلەنچۈك بار، ئۇ يەنە ئۈچلۈق تۇمشۇق، خاپانباش كەسلەنچۈك دەپ 2 تۈرگە ئايرىلىدۇ؛ يىلان زەھەرلىك يىلان ۋە زەھەرسىز يىلان دەپ 2 تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق جايلاردىكى كىچىك ئاق يىلان زەھەرلىك، سازلىقلاردىكى يىلانلار زەھەرسىز.

## 2. ياۋا ئۆسۈملۈكلەر

ناھىيە تەۋەسىدە ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن 32 خىل ئائىلە ئۇرۇقدىشى، 100 خىلدىن كۆپرەك تۈرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇمچە كەسىپلەردە پىششىقلاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ۋە ياغاچ ماتېرىيال قىلىشقا بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ، ھەسەل مەنبەسى قىلىشقا بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ بار؛ ئېتىز - ئېرىقلاردا ئۆسىدىغان 20 خىلدىن كۆپرەك ئوت - چۆپ بار، 6 خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈك (يەنى قىرىق بوغۇم، چاكاندا، ئەپيۇنگۈل، ۋالكۈل، ئېيىق تاپان، ئىت ئۈزۈمى) بار. كونكرېت ئائىلە ئۇرۇقدىشى تۆۋەندىكىچە:

بۆرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن زاراڭزا، مۈنچاق قوراي ياڭيۇ، مۈنچاق قوراي، ئاق چېچەكلىك قاشقا بېدە، سېرىق چېچەكلىك قاشقا بېدە، تاغ كەتىرا، چۈچۈكبۇيا، شالدىر بۇيا، يانتاق، قارىغان، كۆپمە

مېۋىلىك چۈچۈكبۈيا قاتارلىقلار بار.

باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن قىلتىرىقسىز قوڭۇر باش، قومپەرەس سېلو، مۈشۈك قۇيرۇق، قاراقىياق، ئىجرىق، سېلو، سۇلۇ، ئارپا، ئىككىلەمچى قومۇش، قارا ئىجرىق، ھىمالايا تارانبېشى، بېدەياق قاتارلىقلار بار.

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن غاز تاپان بار.

مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن چولڭ خوخا، ئاچچىق سەي ئوت، كەڭ يوپۇرماقلىق يىكەن، قارا ئەندىز، قىسقا يوپۇرماقلىق ئەتىرگۈل، كىچىك غاز تاپان، مامىكاب، قامچا ئوت، سوسۇن خەس، ئاچچىخان، ئەمەن، جاغجاقئوت، زاغزاق، چۆل سېغىز قاتارلىقلار.

لويلا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ياۋا سۈپۈرگە، شەھەر لويلىسى، چۆل قامقىغى، چوڭ يوپۇرماقلىق ياۋا كۆرۈك، دېڭىز لويلىسى، مېۋىلىك شاخا ئوت، ئاق شاخلىق قامغاق، شاخا ئوت، قويانچىن، جۇزغۇن قاتارلىقلار بار؛

يىكەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن يىكەن بار؛

قىرىق بوغۇم ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن قىرىق بوغۇم بار؛

پىيىزەك ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن پىيىزەك، يىلىماق كۆكە بار؛

پىدىگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئىت ئۈزۈمى، قارا ئالقات بار؛

قاقىر تۈمشۇق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن مارجانسىمان سۆسەنگۈل بار؛

يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن يۇلغۇن، قامراق بار؛

ئوغرى تىكەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن تۆگە تاپان، يانتاق، ياغاچ تۆگە تاپان بار.

گۈلساماق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئېتىز سۆگۈچپىيىزى بار؛

كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن تۆمۈر تىكەن، سېرىق ئەمەن بار؛

كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ياۋا پالەك بار؛

نورۇز گۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن قەنبۇل بار؛

جىگدە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن جىغان بار؛

كىرىس گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن سىبىرىيە تۇدارى، ياۋا خەندەك بار؛

سۇ ياپىسى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن سۇ ياپىسى بار؛

ئېيىق تاپان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن جاتاغان بار؛

چاكاندا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا بار؛

ئەپيۈنگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن بارخات بار؛

سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى بار؛

شۈمبۈيا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن شۈمبۈيا بار؛

يۆگىمەچگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئېتىز يۆگىمەچگۈلى بار؛

چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن مالەن ئوتى بار؛

تۆلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن قان تولۇقلايدىغان جىنبا ئوتى بار؛

كەپە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن قارلىغان بار؛

پاقا يوپۇرمىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن پاقا يوپۇرمىقى بار؛

چوقا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ياۋا زىغىر بار؛

ئەگلىك ئوت ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن يىپپىشقاق بار؛

قامچا ئوت ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن كۆك چېچەك بار.

## § 2 . دورىلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەر

ناھىيىنىڭ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ياۋايى ھايۋان، ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. تېببىي تارماقلارنىڭ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرى 100 خىلدىن ئاشىدىكەن. ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، شاپتۇل مېغىزى، ئېفېدرىن، زاراڭزا، ئارپابەدىيان، قۇلماق، ھەسەل قاتارلىقلار بار.

ناھىيە بويىچە چۈچۈكبۇيا ئەڭ كەڭ تارقالغان. ئۇ كۆلىمى ئەڭ كەڭ جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكى بولۇپ، 90 مىڭ مودىن ئاشىدۇ، بۇلاقسۇ، ئوپال، ئاقچاش، مۇش، سايباغ، ئوغۇساق يېزىلىرىغا كۆپ تارقالغان. چۈچۈكبۇيا ھەددىدىن ئارتۇق تارقاق ۋە پارچە - پارچە بولغاچقا، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى ئەمەس، ئادەتتە يىللىق مەھسۇلاتى 100 توننا (ئۆلچەملىك ئوت) غا يېتىدۇ. شاپتۇل مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزىمۇ ناھىيىدىكى 17 يېزىغا تارقالغان يەنە بىر خىل ئەڭ كۆپ دورا ماتېرىيالى بولۇپ، بەشكېرەم، قوغان، ئاۋات، زەمىن، سايباغ، تاشمىلىق، ئوغۇساق يېزىلىرىغا بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، يىللىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 20 توننىغا يېتىدۇ. ئېفېدرىن ئوپال يېزىسىدىن مەركەزلىك چىقىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى 500 موغا يېتىدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى تېببىي تارماقلارنىڭ خىمىيىلىك تەجرىبە قىلىپ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن ئېفېدرىن %0.5كە يېتىدۇ، ساناائەتتە پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى ئەمەس. زاراڭزا، ئارپىبەدىيان پارچە- پۇرات، تارقاق ئۆسكەچكە، يىللىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 3 توننىغا يېتىدۇ. قۇلماق، ھەسەلنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەخمىنەن 6 توننىغا يېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، چاكاندا، چالما مەرىزى، يۇمغاقسۈت، ئۈجمە يوپۇرمىقى، ئاق جۇخارگۈل، سېرىق جۇخارگۈل، يالپۇز، يۇلغۇن، مامىكاب، بىنەپشەگۈل، سېمىز ئوت، چاكاموخ، ئىت ئۈزۈمى، مالەن ئوتى، قومۇش يىلتىزى، ئەڭلىك ئوت، جامىكا، ئىنچىكە يوپۇرماقلىق ئەمەن، كاۋا، ئۈجمە شېخى، پاقا يوپۇرمىقى، قىرىق بوغۇم، قۇشقاچتىلى، كۆممىقوناق ساقىلى، نوركە، قارائەندىز ئوتى، جىگدە، ئۈجمە قوۋزىقى، ئۈجمە يوپۇرمىقى، قوغۇن، ياۋا ئازغان، پىيىزەك، ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، تاجىگۈل، لوپنۇر كەندىرى، چوڭ خوخا، جەمبىل، سېرىق پوستلۇق ئەمەن، يىپەك ئاكاتسىيە (يىپەك ئاكاتسىيە پوستى)، ئىگىر، سۇقامچا ئوتى، پىننە، يۇلغۇن يوپۇرمىقى، قىزىل بۇغداش، كاۋاۋچىن پوستى، بۇيا ئۇرۇقى، ساۋلىن، كۆك ئەمەن، كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقى، تەكىيە كاۋا شايىقى، تاۋۇز شايىقى، تاۋۇز شىرنىسى، تاۋۇز شورى، نەغەزگۈل يىلتىزى، پىدىگەن يىلتىزى، قارىغان، سېرىق يۇگەي، كۇدە ئۇرۇقى، سېسىق چۈلۈك (سېسىق چۈلۈك يىلتىزى ۋە قوۋزىقى)، نومى شال يىلتىزى، دېڭىز يۇسۇنى، كەپە، ياۋا تاۋۇز مايىسى، چاقىقاق ئوت، چىڭگىلىك، ئارپىبەدىيان، ئاغىچا پېلىكى، قىرلىق پىندىك، گوغرى تىكەن، قارسوق، يالمان قۇلاق، توخۇمەك دەرىخى قوۋزىقى، باشاق موڭگوزى، ئېتىزلىق قىرىقبوغۇمى، ئەنجۈر، كېۋەز يىلتىزى، شۇمشە، شومبۇيا، شاپتۇل مېغىزى، ياڭاق پوستى، ئارپا ئوندۇرمىسى، چۈجگۈن قوناق ئوندۇرمىسى، كاۋا ئۇرۇقى، كاۋا سايىقى، جىگدە، جىگدە يىلتىزى ۋە قوۋزىقى، ئىت ياڭىقى چېچىكى، ئىت ياڭىقى يوپۇرمىقى، ياۋا ئەپيۇنگۈل، ئادراسمان، ئەيتولا، ئابدىسلىك ئۇرۇقى، ئابدىسلىك يوپۇرمىقى، ئوسما، توشقانوت، سوپۇن دەرىخى، ياڭاق پاسلى، كۆك ياڭاق پوستى قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر بار.

دورا ماتېرىياللىرى قىلىنىدىغان ھايۋانلاردىن توخۇم يېغى، توخۇم شاكىلى، شەپەرەڭ مايىقى، قارا چېكەتكە، مۈزايىبېشى، سازاڭ قورت، ئاق چىپار يىلان، ھەرە كۆنىكى، پىلە مايىقى، چاشقان تېرىسى، كۆكۈيۈن، كەتمەنتوڭگۇز، سوزۇلۇكى، بەيىۋتەن، كەسلەنچۈك، سۇمرۇغ، يىلان پوستى، كالا ئۆت تېشى،

بالا ھەمرىيى، ئېشەك بۆرىكى، يار يىلىم، سېرىق موم، توخۇ تاشلىقى، ياپچۇەك ئۇغۇمى، كىرپە تېرىسى، ئالا قوڭغۇز، چارپاقا، چارپاقا تېرىسى قاتارلىقلار بار.

## § 3 . قېزىلما بايلىق

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يەر ئۈستىنىڭ كۆپ قىسمىنى 4 - دەۋردىكى ئېقىندى ماددىلار قاپلىۋالغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى يەر قاتلاملىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆلىمى ناھايىتى ئاز. مەلۇم بولغان بىر نەچچە ئورۇندىكى قېزىلما بايلىق زاپىسلا دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى.

### 1 . تۇز كېنى

تاشمىلىق يېزىسىدىكى كان قاتلىمى كېيىنكى بور دەۋرى — ئاستىنقى 3 - دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قىزغۇچ سېغىز توپىلىق جىنس، ئەشمە قۇم تاشتىن تەركىب تاپقان تۇز تەركىبلىك قۇرۇلمىغا جايلاشقان بولۇپ، 2 قەۋەت تاشتۇز بار. 1 - قەۋەتتە ئېچىلىپ قالغان كان قەۋىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ. 2 - قەۋەتتە ئېچىلىپ قالغان كان قەۋىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 670 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 150 — 200 مېتىر كېلىدۇ، كۆرۈنۈپ تۇرغان قېلىنلىقى 4 مېتىردىن ئاشىدۇ. رۇدا سۈپىتى 2 - دەرىجىلىك بولۇپ، ناترىي خلورىد مىقدارى ئادەتتە تەخمىنەن %65كە يېتىدۇ. 1 - قەۋەتتىكى گېئولوگىيىلىك رۇدا زاپىسى 2 مىليون 640 مىڭ توننىغا، ناترىي خلورىد زاپىسى 1 مىليون 700 مىڭ توننىغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

### 2 . گەج كېنى

تاشمىلىق يېزىسىدىكى گەج رۇدىسى 3- سىستېمىدىكى يەر قاتلىمىغا جايلاشقان، گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ مۆلچەرلىگەن زاپىسىغا ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ئىستىقبالى بىر قەدەر زور. ئوپال يېزىسىدىكى گەج كېنى ھەزرىتى موللام تېغىغا جايلاشقان بولۇپ، گەج رۇدىسى ئاستىنقى 3 - سىستېما يەر قاتلىمىدا ساقلانغان. ئۇ 4 قەۋەت قېلىنلىقتىكى 16 — 60 مېتىر كېلىدىغان گەج رۇدا قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 101 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 مېتىر كېلىدۇ. رۇدا ئاق رەڭلىك، زىچ كاللەكسىمان ياكى يولسىمان تۇزۇلمە ھالەتتە كېلىدۇ، كۆپ قىسىملىرىنىڭ سۈپىتى 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مەھسۇلاتقا تەۋە. مۆلچەرلىنىشچە گېئولوگىيىلىك رۇدا زاپىسى 24 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئەگەر كان رايونىدىكى يالانمىلىق ئۆلچەملىك يۈزىنى ئۆلچەم قىلغاندا گېئولوگىيىلىك زاپىسىنىڭ 100 مىليون توننىدىن ئاشىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

### 3 . ھاك تاش كېنى

ئوپال يېزىسىدىكى ھاك تاش كېنى ئوپال گەج كېنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاستىنقى 3 - سىستېما يەر قاتلىمىغا جايلاشقان. كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 مېتىر، قېلىنلىقى تەخمىنەن 20 — 30 مېتىر كېلىدۇ، دەسلەپكى قەدەمدە گېئولوگىيىلىك زاپىسى 160 مىڭ توننىغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. رۇدىلار قېنىق كۇلرەڭلىك بولۇپ، زىچ كاللەكسىمان ھالەتتە كېلىدۇ، كالتسىي ئوكسىدى مىقدارى %54تىن ئاشىدۇ، سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. كان قەۋىتى ئورنىنى بويلاپ يەنە ھاك تاش گەۋدىسى ئېچىلىپ قالغان،

### 4. ئالتۇن كېنى

مۇش ئالتۇن كېنى مۇش يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ دەريا قىنى ۋە ئۇنىڭ 2 قىرغىقىدىكى پەلەمپەي يەرلەرگە تارقالغان. 10 — 20 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يەر ئۈستى قەۋىتىدە ئالتۇن ئېچىلىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىدە ئاھالىلار بۇ يەردە قۇملۇقلارنى كولاپ ئالتۇن قازغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1952 - يىلى ئالتۇن قېزىش توختىتىلدى. 1983 - يىلى مۇش گۇڭشېسى 125 كىشىنى تەشكىللەپ قۇملۇقتىن ئالتۇن قازدى، بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 71 كىشى ئالتۇن تاپتى. 1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ 2 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قىزىل دەرياسى قاپقا تومىسىنىڭ شىمالىدىكى پەلەمپەي يەر قاتلىمىدىن 89 خىل ئەۋرىشكە يىغىۋالدى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تەركىبىدە ئالتۇن بارلىقى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەۋرىشكىنىڭ تەركىبىدىكى ئالتۇن مىقدارى 0.2h/كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تومىنىڭ 300 مېتىر شەرقىدىكى دەريا تاشقىن ساھىلىنىڭ ئۈستى قەۋىتىدىن بىر ئەۋرىشكە يىغىۋېلىندى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئالتۇن مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3.1 گرام/كۇب مېتىرغا يەتتى.

# VII باب

# تەبىئىي ئاپەت

## 1 § . يەر تەۋرەش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوتتۇرا دېگىز — ھىمالايا تېغى تەۋرەش بەلۋېغى بىلەن پامىر — بايقال يەر تەۋرەش بەلۋېغى كېسىشكەن جايغا جايلاشقان. گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى مۇرەككەپ، كۆپ يەر تەۋرەيدىغان رايون، تەۋرەش نىسبىتى يۇقىرى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى زور، لېكىن تارىختىكى يەر تەۋرەشكە دائىرى يازما خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 51 - يىلى (1786 - يىلى) دىن مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) غىچە بولغان 158 يىلدا ئاران 10 قېتىمدىن كۆپرەك يەر تەۋرىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 3 قېتىم قاتتىق يەر تەۋرەپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 50 يىلدا بىر قېتىم قاتتىق يەر تەۋرىگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 51 - يىلى (1786 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنلىكىچە يەر تەۋرىگەن، لېكىن ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21 - يىلى (1895 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەر تەۋرىگەن، ئانچە ئېغىر زىيان بولمىغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 22 - يىلى (1896 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يەر تەۋرەپ ناھىيە تەۋەسىدە 73 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 7 ئادەم ئۆلگەن، 5 ئادەم يارىلانغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 24 - يىلى (1898 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەندە كۈچلۈك

يەر تەۋرەپ، ناھىيە بويىچە 117 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىغان، 425 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 47 ئادەم ئۆلگەن، 85 كىشى يارىلانغان. ئەتىسى يەنە كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، 34 ئادەم ئۆلگەن، يەر تەۋرىگەن رايونلاردىكى كېسەك ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران بولغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا يەر تەۋرەپ، مۆلدۈر يېغىپ ئاپەت بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28 - يىلى (1902 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يامانيار كەنتىدە كەڭلىكى 4 — 5 چى، ئۇزۇنلۇقى 100 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەر يېرىلىپ كەتكەن، چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەشكە مۇمكىن بولمىغان، يېرىقتىن قاراسۇ ئېتىلىپ چىققان، سۆگەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال پەيدا بولغان. ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، كۆپ ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، ئاپەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان.

مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىنىڭ ئويتاغ قاتارلىق جايلىرىدا يەرتەۋرەپ 2 ئادەم تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەن، 1000 ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، كېيىنكى يىلى ناھىيىنىڭ ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلىرىدا يەر تەۋرىگەن.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىنىڭ مۇش كەنتى ئەتراپىدا 4.75 بالدىن 5 بالغىچە يەر تەۋرەپ مەلۇم زىيان پەيدا قىلغان.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا يېنىك يەر تەۋرىگەن.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بۇ ناھىيىنىڭ غەربىدە يەر تەۋرىگەن، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئويتاغدىن ئۇششاق تاشلار دومىلاپ چۈشكەن.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئويتاغ ئەتراپىدا 6 بال يەر تەۋرىگەن، ناھىيە بازىرى ئەتراپى 5 گرادۇسلۇق رايونغا توغرا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى 2، 3 ئاي ئىچىدە كۆپ قېتىم قالدۇق يەر تەۋرىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، خاتىرىلەش ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1955 — 1985 - يىلغىچە كۆپ قېتىم يەر تەۋرىدى، كۆپ ھاللاردا سىرتقى جايلاردىكى يەر تەۋرەش ناھىيىگە تەسىر قىلدى. 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيىدىكى ئوپال، مۇش يېزىلىرىدا يەرتەۋرەپ ناھايىتى زور زىيان بولدى.

1955 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەر تەۋرىگەندە ناھىيە بازىرىدا كۈچلۈك تەۋرىگەنلىكى سېزىلدى، ئوپال ئەتراپىدىكى جايلاردا كونا لاي تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۆستەڭ سۈيى تېشىپ كەتتى.

1959 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەر تەۋرەپ ناھىيە بازىرىدىكى ئاز ساندىكى ئۆيلەر ۋە ئوپال رايونىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تاملىرى قىيسىيىپ قالدى ياكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

1961 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىدە 5 بال يەر تەۋرىدى.

1963 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 6 بال يەر تەۋرىدى.

1970 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يەر تەۋرىدى، كىشىلەر يەر تەۋرىگەنلىكىنى سەزگەن.

1972 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يېنىك يەر تەۋرىدى، زىيان بولمىدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يېنىك يەر تەۋرەپ، چىراغلار پۇلاڭلاپ كەتتى، دېرىزىلەردىن ئاۋاز چىقتى.

1978 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئويتاغدا يەر تەۋرىدى، ناھىيە تەۋەسى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يېنىك سېزىم بولدى.

1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 20 دىن 41 مىنۇت ئۆتكەندە ناھىيىنىڭ ئوپال، مۇش يېزىلىرى ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 7.4 بال كۈچلۈك يەرتەۋرىدى، يېرىلىش دەرىجىسى 6 — 9 گرادۇسقا يەتتى. ئوپال، مۇش ئەتراپلىرىدا بىردەمدىلا تاغلار لىڭشىپ، يەر سىلكىنىپ، كۈچلۈك غەلىتە ئاۋاز

پەيدا بولدى. 10 كەنت ۋە بىر مەيداندىكى ئۆيلەر خارابىلىققا ئايلاندى. ئۆستەڭ قىشى گۈمۈرۈلۈپ چاك كەتتى، ئېرىق - ئۆستەڭلەر توسۇلۇپ قالدى، ئۈلۈغ سۇ ھەممە يەرگە يامراپ كەتتى، تاشيولدا 20 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېرىق پەيدا بولدى، يېرىقتىن قوم ۋە سۇ ئېتىلىپ چىقتى؛ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرگە قامىلىپ قالدى. بۇ قېتىمقى يەرتەۋرەشتە 157 ئادەم يارىلاندى، 45 ئادەم ئۆلدى، 1020 تۇياق چارۋا ئۆلدى ۋە يارىلاندى، 21 مىڭ 69 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 4633 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئوپال يېزىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان 9 كەنت ۋە بىر مەيداندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلە ئاپەت بولغان رايوندىكى ئائىلىنىڭ %74.4نى ئىگىلىدى. 23 مىليون 700 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە بولغان بىر ئاي ئىچىدە 1477 قېتىم قالدۇق يەر تەۋرىدى، ئەڭ زور قالدۇق تەۋرەش 6.9 بالغا يەتتى.

## قوشۇمچە

## يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇش

1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 20 دىن 41 مىنۇت ئۆتكەندە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى بىلەن مۇش يېزىسىدا 7.4 بال كۈچلۈك يەر تەۋرىدى، بىردەمدىلا يەر سىلكىنىپ تاغلار لىڭشىپ ئاجايىپ كۈچلۈك غەلىتە ئاۋاز پەيدا بولدى، يەر يېرىلىپ دەرەخلەر پۇلاڭشىپ كەتتى، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 23 مىڭدىن كۆپرەك ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى خەۋپكە ئۇچرىدى، 10 كەنت، بىر مەيداندىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى خارابىلىققا ئايلاندى، ئۆستەڭ قىشى گۈمۈرۈلۈپ چاك كەتتى، ئېرىق - ئۆستەڭلەر توسۇلۇپ قالدى، ئۈلۈغ سۇ ھەممە يەرگە يامراپ كەتتى، تاشيولدا 20 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېرىق پەيدا بولدى، يېرىقتىن قوم ۋە سۇ ئېتىلىپ چىقتى؛ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرگە قامىلىپ قالدى، ھەممىلا يەرنى نالە - پەريات قاپلىدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەر ئېنىقلاندىكى، 4633 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىغان، بۇ ئاپەت رايونىدىكى ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %74.4 نى ئىگىلەيدۇ، 45 ئادەم ئۆلگەن، 1020 تۇياق چارۋا ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، 21 مىڭ 69 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئوپال يېزىسىدىكى 9 كەنت، بىر مەيداندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلە ئاپەت بولغان رايوندىكى ئائىلىنىڭ %74.4نى ئىگىلىگەن، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي، ئۆلگەن چارۋا، بۇزۇلغان ئۆي جاھازلىرىدىن كېلىپ چىققان زىيان 23 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئەيشەن يەر تەۋرەپ 40 نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا يەر تەۋرىگەن رايونغا يېتىپ باردى، ھاكىم ماموت ئىسمائىل، مۇئاۋىن شۇجى ئابدۇغوپۇر ئۆمەرمۇ ئارقىدىنلا نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىتا دەرھال جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ناھىيىلىك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك قوماندانلىق قىلدى. ناھىيە قارىمىقىدىكى ئورۇنلارنى ۋە دوختۇرخانىلارنى جىددىي سەپەرۋەر قىلىپ، تىببىي خادىم، ئاپتوموبىل ئويۇشتۇرۇپ، يارىلانغان، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنى جىددىي قۇتقۇزدى ۋە جىددىي توشۇدى. پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنى كېچىلەپ ئىشچى، خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ ئاپەت رايونىغا تارتىلغان تېلېفون سىملىرىنى جىددىي رېمونت قىلىشقا بۇيرىدى، ئاشلىق تارماقلىرىنى ئاشلىق ۋە پىشىق يېمەكلىكلەرنى يۆتكەپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا؛ ھەر دەرىجىلىك

رەھبىرىي كادىرلارنى ئېغىر ئاپەت بولغان كەنتلەرگە بېرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىش تەقسىم قىلىشىپ ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللىدى، ناھىيە قارىمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئېچىپ، 350 تىن كۆپرەك ئىشچى - خىزمەتچىنى ئېغىر ئاپەت بولغان كەنتلەرگە بېرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئاجراتتى. ۋاڭ ئەيشەن قالدۇق يەر تەۋرەش خەۋپىگە قارىماي، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خادىملىرىنى باشلاپ ئاپەت رايونىدا كېچە - كۈندۈز جاپالىق كۈرەش قىلدى، كەڭ ئاممىنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردىكى خەلققە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇ چىلى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى تيەن جىيۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، غەربىي رايوننىڭ قوماندانى شياۋ چۇەنفۇ، سىياسىي كومىسسارى تەن شەنخې، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى جيايۇ ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، ۋالىي ئابدۇغوپۇر سىدىق قاتارلىق رەھبەرلەر ئاپەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتكە ۋاكالىتەن ئاپەت رايونىغا ئۆزلىرى كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئاممىدىن ھال سورىدى.

11 - ئايغا كەلگەندە ئوپال قاتارلىق يېزىلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. جايلار نەچچە يۈز مىليون يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ياردەم قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشىغا مەدەت بەردى.

## 2 § . سۇ ئاپىتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۈچ تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرىدۇ، 2 دەريا كېسىشىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي تاغلىق رايون ھاۋا كىلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ بىر يىلدا كۆپ بولمىسىمۇ مەركەزلىك يامغۇر ياغىدۇ، ياز پەسلىدىكى يامغۇر يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ %71نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى قىزىل دەرياسى بىلەن گەز دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسى ئېگىز تاغلاردىكى مۇز - قارلارنىڭ ئېرىشى ئارقىلىق تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ، تومۇز كۈنلىرى ۋە باش كۈزدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، ئېرىگەن قار سۇلىرى شىددەت بىلەن كۆپىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي يۇقىرى ئېقىمغا جايلاشقان بولغاچقا، قار سۈيى بىلەن يامغۇر سۈيى تەڭ كۆپىيىدۇ، بەزىدە كەلكۈن كېلىپ ئاپەت پەيدا قىلىدۇ. ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كۆپ بولغاندا ئاز كەم 100 يىلدا بىر قېتىم، ئاز بولغاندا 40، 50 يىلدا بىر قېتىم پەيدا بولىدۇ، بىر قەدەر زور كەلكۈن 3، 5 يىلدا ياكى 7، 8 يىلدا بىر قېتىم پەيدا بولىدۇ، ئادەتتىكى كەلكۈن ھەر يىلى كېلىپ تۇرىدۇ، دېمەك ناھىيە ھۆلچىلىك ئاپىتى كۆپ بولىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. كەلكۈن ئاپىتى ئادەتتە تاغقا يېقىن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ۋە قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ قىرغىقىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كۆپ پەيدا بولىدۇ، كەلكۈننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ۋاقتى قىسقا، شىددەتلىك، دائىرىسى كەڭ، ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر. يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى)دىن 1990 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 8 قېتىم بىر قەدەر زور كەلكۈن پەيدا بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) 11 - ئايدا ناھىيىگە قاراشلىق ئاستۇ قاتارلىق كەنتلەر ئۇشتۇمتۇت سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ، 3392 مو ئېتىز - ئېرىق ۋەيران بولغان.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 2 — 5 - كۈنىگىچە ناھىيىدە ئۇدا 3 كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى، شەرقىي دەرۋازىسىدىكى كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتكەن، بازار ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆرۈۋەتكەن.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن.

1952 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 — 30 - كۈنىگىچە ئۇدا 3 كېچە - كۈندۈز قاتتىق يامغۇر ياغدى، 8268 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، كەلكۈن كېلىپ 3122 مو ئېتىز - ئېرىقنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنى كەلكۈن ئۆرۈۋەتتى.

1964 - يىلى ئوپال يېزىسىغا كەلكۈن كەلدى، كەلكۈن پەللىسى سېكۇنتىغا 126 كۇب مېتىرغا يەتتى.

1966 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قارا يامغۇر يېغىپ ئاپەتكە ئايلاندى (سەل، يار ئېلىپ كېتىش تىپىدىكى كەلكۈن پەيدا بولدى)، قىزىل دەرياسىدىكى كەلكۈن شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ سېكۇنتىغا 1400 كۇب مېتىرغا يەتتى، دەريانىڭ 2 قىرغىقىدىكى 2554 مو تېرىلغۇ يەر ۋەيران بولدى، 44 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

1976 - يىل 7 - ئايدا قارا يامغۇر يېغىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر نەچچە چوڭ ئۆستەڭ يار ئېلىپ كېتىپ، كەلكۈن ئاپەتكە ئايلاندى.

1979 - يىل 5 - ئايدا ئوپال يېزىسى تەۋەسىدىكى 4 كەلكۈن جىلغىسىدا كەلكۈن پەللىسى پەيدا بولۇپ، سېكۇنتىغا 563 كۇب مېتىرغا يەتتى.

1982 - يىل 8 - ئايدا تاشمىلىق گۇڭشېسىنىڭ 14 - چوڭ ئەترىتىدىكى جىلغىدا قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن پەللىسى سېكۇنتىغا 92 كۇب مېتىرغا يەتتى.

1987 - يىل 7 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قارا يامغۇرلۇق كەلكۈن ۋە قار ئېرىشتىن بولغان كەلكۈن تەڭلا پەيدا بولدى. كەلكۈن ئېقىن مىقدارى چاقماق دەرياسىدا سېكۇنتىغا 230 كۇب مېتىرغا، قىزىل دەرياسىدا سېكۇنتىغا 630 كۇب مېتىرغا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەشكېرەم سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى يار ئېلىپ كېتىپ سۇ ئاپىتى يۈز بەردى. 11 مىڭ 888 مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى، 1423 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولدى، 800 توننىدىن كۆپرەك ئاشلىقنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 5 مىليون 386 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 2 ئادەم ئۆلدى.

## § 3 . بوران ئاپىتى

مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرىدا ناھىيىدە ئادەتتە 3 — 6 - ئايغىچە بوران چىقىدىغانلىقى، ئەتىياز، ياز پەسلىدە كۆپ ھەم كۈچلۈك بوران چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن قالسا قىش پەسلىدە بوران چىقىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. 1959 — 1978 - يىلغىچە 414 قېتىم، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20.3 قېتىم بوران چىقتى. تاغقا يېقىن رايونلاردا ياكى قۇم - بوران كۆپ چىقىدىغان يېزا - كەنتلەردە ھەر يىلى بىر قىسىم كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز - كۆكتات ۋە دانلىق زىرائەتلەر بوران ئاپىتى تۈپەيلىدىن قايتا تېرىلىدۇ ياكى مايسىسى تولۇقلىنىدۇ.

1966 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىدە 9 بال بوران چىقتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم 71 مىڭ 482 موغا يەتتى، 904 مو دانلىق زىرائەت 12 مىڭ 87 مو كېۋەز قايتا تېرىلدى، 16 مىڭ 577 مو كېۋەز

تولۇقلاپ تېرىلدى.

1982 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 — 11 ـ كۈنىگىچە ئۇدا 3 كۈن 8 بالدىن يۇقىرى بوران چىقتى، ناھىيىدىكى زىرائەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئاپەتكە ئۇچرىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، تاغقا يېقىن رايونلاردىكى مۇش، ئوپال، تاشمىلىق ۋە تېرىم يېزىلىرىدا ئاپەت تېخىمۇ ئېغىر بولغان. ناھىيە بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 61 مىڭ 283 موغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 30 مىڭ 632 مو؛ كېۋەز 25مىڭ 718 مو بولۇپ، ئومۇمىي كېۋەز كۆلىمىنىڭ %82 .31نى ئىگىلىگەن؛ كۆممىقوناق 1084 مو، باشقا زىرائەتلەر 3819 مو؛ بوران 7511 تۈپ دەرەخنى يىقىتىۋەتكەن، 12 تۇياق چارۋا ئۆلگەن، 10 ئېغىز ئۆينى ئۆرۈۋەتكەن. شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھوسۇلى ئاپەت تۇيەيلىدىن تەخمىنەن %50 كېمىيىپ كەتكەن.

1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناھىيىدە 11 بال بوران چىقىپ، مەلۇم زىيان پەيدا قىلدى.

## 4 § . ئۈششۈك ئاپىتى

مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرىدا 1 ـ ئايدا ئەڭ سوغۇق بولۇپ، مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا 23℃- تىن 28℃- ئارىلىقىدا بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە تەۋەسىدە 25℃-، تاغقا يېقىن رايونلاردا 23℃- بولىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

1959 ـ يىلى قىشتا ناھىيىدە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25℃-قا چۈشۈپ، ئادەم، چارۋىلار توڭلاپ ئۆلگەن، دەل ـ دەرەخلەر ئۈششۈپ كەتكەن.

1974 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دەسلەپكى ئۈششۈك پەيدا بولدى، ئۈششۈكتىن كېيىن كېۋەزنىڭ چېچەكلىرى كۆپىيىپ كەتتى، ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان كۆممىقوناق، ئاققوناقنىڭ كۆپ قىسمى پىشمىدى. شۇ يىلى قىشتا، تېمپېراتۇرا 2℃ .20- تىن تۆۋەن ھاۋارايى 16 كۈن داۋاملاشتى. يەر ئۈستىدىكى يىغىندى قار ئاز كەم 80 كۈن ساقلىنىپ قالدى، يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 5 سانتىمېتىرغا يەتكەن ۋاقىت 70 كۈندىن ئاشتى. بۇلاقسۇ گۇڭشېسىنىڭ 7 ـ چوڭ ئەترىتى يولىدا بىر ئادەم توڭلاپ ئۆلدى. تۇپراقنىڭ ئۈستى قەۋىتى ۋە ئاز ساندىكى شىنجاڭ تېرىكى، قېرى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ غوۋزىقى توڭلاپ يېرىلىپ كەتتى. ئالبىزىيە دەرىخى ئۈششۈپ كەتتى، كۆمۈلمەي قالغان ئانار، ئۈزۈم تېلى ئۈششۈپ نابۇت بولدى، شاپتۇلنىڭ يىلتىز قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەر ئۈستىدە ئوچۇق قالغان شاخ ۋە غوللىرى پۈتۈنلەي ئۈششۈپ قۇرۇپ كەتتى.

## 5 § . مۆلدۈر

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە مۆلدۈر ئاپەتكە ئايلانغان. كېيىنكى يىلى ئاپەت رايونلىرىدىن باج كەچۈرۈم قىلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن؛ 1959 — 1978 ـ يىلغىچە ناھىيىدىكى تۇزلەڭلىك رايونلاردا 10 قېتىم مۆلدۈر ياغدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1960 ـ يىلى 2 قېتىم، 1963 ـ يىلى 2 قېتىم، 1966 ـ يىلى بىر قېتىم، 1969 ـ يىلى 2 قېتىم، 1972 ـ يىلى 2 قېتىم، 1978 ـ يىلى بىر قېتىم مۆلدۈر ياغدى. مۆلدۈر ياغقان ۋاقىت كۆپ ھاللاردا 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى، 5 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قەدەر كۆپ ياغدى. مۆلدۈرنىڭ ئاپەتكە ئايلىنىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق: دائىرىسى كىچىك، ۋاقتى قىسقا، مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى شىددەتلىك، كۆچلۈكلۈك دەرىجىسى زور ھەمدە قارا بوران يامغۇر ئارىلاش ياغىدۇ.

1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۆلاقسۇ، تاشمىلىق، ئوپال ۋە لەڭگەر گۇڭشېلىرىدا ئۈدا 3 قېتىم قارا يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر ياغدى، زىرائەتلەر مۆلدۈر زەربىسىدىن نابۇت بولغانلىقتىن، 8048 مو يەردىكى كېۋەز، 64 مو يەردىكى قوغۇن - تاۋۇز، 580 مو يەردىكى دانلىق زىرائەتلەر قايتىدىن تېرىلدى.

1966 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قاتتىق يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر ياغدى، ناھىيە بويىچە 11 گۇڭشېدىكى 98 چوڭ ئەترەتنىڭ 71 مىڭ 482 مو يەردىكى زىرائىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىدى، زەمىن گۇڭشېسىدا 145 مو يەردىكى 20% كېۋەزنىڭ ئۈچىنى مۆلدۈر ئۈزۈۋەتتى، زەخىملەنگەنلىرى تەخمىنەن 50%نى ئىگىلىدى.

1987 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىدە 10 مىنۇت مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈر دانچىسىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 10 مىللىمېتىرغا يەتتى، 5 يېزا، 3 مەيداندا مۆلدۈر ئاپىتى ئېغىر بولدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 81 مىڭ 620 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز 28 مىڭ 828 مو بولۇپ، پۈتۈنلەي نابۇت بولغىنى 15 مىڭ 689 مو؛ بۇغداي 43 مىڭ 279 مو بولۇپ، زىيان بولغان بۇغداي 3470 تونا؛ قوغۇن - تاۋۇز 3959 مو، كۆكتات 2426 مو، كۆممىقوناق 888 مو؛ ياغلىق دان 2240 مو، مېۋە - چېۋە تەخمىنەن 744 تونا، ئۆلگەن چارۋا 148 تۇياق.

1989 - يىل 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا مۇش، لەڭگەر، ئوپال قاتارلىق يېزىلار ئۈدا مۆلدۈر، كەلكۈننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 62 مىڭ 500 مو يەردىكى بۇغداي، كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات ئاپەتكە ئۇچرىدى، مۆلچەرلىنىشىچە 2 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان بولدى.

## § 6 . قۇرغاقچىلىق ئاپىتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرغاق — سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، ئاساسلىقى قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىنىدۇ. دەريا سۈيى ئاساسەن تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يىغىندى قارلار ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ، ئېقىن مىقدارى ناھايىتى تۇراقسىز. ئەگەر قىشتا تاغلىق رايونلاردىكى يىغىندى قار ئاز بولۇپ، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا ئاستا ئۆرلىسە، قار ئاز ئېرىپ، سۇ مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ - دە، قۇرغاقچىلىق پەيدا بولىدۇ، زىرائەت ھوسۇلى كېمىيىپ كېتىدۇ.

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاساسەن قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولىدىغان ئاۋات، بەشكېرەم قاتارلىق رايونلاردا كېيىن يالاڭ، لەڭگەر سۇ ئامبارلىرى ياسىلىپ، شەرت - شارائىت ياخشىلىنىپ، قۇرغاقچىلىق پەسەيتىلدى. لېكىن 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، سۇ ئىنشائاتى تۈزۈمىدە قايتا - قايتا ئۆزگىرىش بولۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەقسىملەنگەن سۇ نىسبىتى ئازىيىپ كەتتى، مۇش، زەمىن، سايباغ، ئوغۇساق، تاشمىلىق، تېرىم ۋە بۆلاقسۇ گۇڭشېلىرىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى.

1977 - يىلى سايباغ، زەمىن، بۆلاقسۇ گۇڭشېلىرىدىكى 14 مىڭ 707 مو يەردىكى كۈزگى بۇغداي 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە بىر قېتىممۇ سۇغىرىلمىدى. قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولغان سايباغ گۇڭشېسىدا 36 مىڭ 750 مو يەر بولۇپ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە 6231 مو يەرگە تۇنجى سۈيىمۇ قويۇلمىدى. 23 مىڭ 450 مو كۈزلۈك زىرائەت تېرىش پىلانلانغان بولسىمۇ، پەقەت 9540 مو يەرگىلا ئۇرۇق سېلىندى. بىر قىسىم يەرلەردىكى بۇغداي مايسىلىرى قۇرۇپ كېتىشكە تاس قالدى.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە تۆتتىن بىر ئەترەتتە سۇ كەمچىل بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل دەرياسى ۋادىسىدىكى 43 چوڭ ئەترەت قۇرغاقچىلىق تەھدىتىگە ئۇچرىدى، قۇرغاقچىلىق بولغان كۆلەم 130 مىڭ موغا يەتتى؛ گەز دەرياسى ۋادىسىدىكى 16 چوڭ ئەترەت قۇرغاقچىلىق تەھدىتىگە ئۇچرىدى، قۇرغاقچىلىق بولغان كۆلەم 70 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى. ناھىيە بويىچە بىر يىلدا كەملەيدىغان سۇ مىقدارى 100 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

## [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# ئىقتىساد

# ئىقتىساد

## I باب

## دېھقانچىلىق

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى جايلاشقان قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىكى تۈزلەڭ دېھقانچىلىق رايونى قەدىمكي قەشقەر بوستانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ يەردە يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئىنسانلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇغداي، ئارپا، تېرىق، شال، پۇرچاق، بېدە، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىدا، بەن چاۋ سۇلى دۆلىتىدە تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ ئوردىغا سۇنغان مەكتۇپىدە «ساكارائول، سۇلىلاردا يەر كەڭ ۋە مۇنبەت، ئوت - چۆپلەر قويۇق، دۆنخۇاڭ، پىشامشانلاردىن قېلىشمايدۇ. لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تايانمايمۇ ھەل قىلغىلى بولىدۇ» دەپ يازغان. قوش قېتىپ يەر ھەيدەش ئۇچ پادىشاھلىق دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن. ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە بۇ يەردە بىر قەدەر ئىلغار تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشقان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىدە دېھقانچىلىق گۈللەنگەن. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە بۇ يەردە «زىرائەتلەر بولۇق ئۆسىدۇ، مېۋە - چېۋىلەر مول» دەپ تەرىپلەنگەن. شۇ دەۋردە بۇ يەردە بۇغداي، پۇرچاق، شال، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى ۋە ئۈزۈم، قوغۇن، شاپتۇل، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر بار ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يىغىلىقلار تۈپەيلىدىن بىر مەھەل قەھەتچىلىك كۆرۈلگەن. ئوردا بۇ يەردىكى لەشكەرلەرگە بوزيەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ياركەنت خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدە دېھقانچىلىق ئەسلىگە كەلگەن ۋە راۋاجلانغان، بوغداي، شال، سۆك، تېرىق، قوناق، پۇرچاق، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، بېدە قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياركەنت خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماي، پۇقرالار خاتىرجەم ئىشلىيەلمىگەچكە، ئېتىزلارنىڭ خېلى قىسمى ئاق تاشلىنىپ قالغان ۋە ھوسۇل تۆۋەنلەپ كەتكەن. بىر كۈرە ئۇرۇق سېلىنغان يەرنىڭ ھوسۇلى ئاران 2، 3 ياكى 4، 5 كۈرە بولۇپ، بىرلىك ھوسۇلى 80 — 90 جىڭدىن توغرا كەلگەن. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759- يىلى) چوڭ، كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش يەنە راۋاجلانغان. لېكىن كېيىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن دېھقانچىلىق غايەت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتكەن. گۇاڭشۇ 31- يىلى (1905 - يىلى) ناھىيىدىكى ئۆلكە يېرى 56 مىليون 939 مىڭ 398 مو بولۇپ، ئەينى

ۋاقىتتىكى نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا، كىشى بېشىغا 3.8 مودىن توغرا كەلگەن. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 356 مىڭ 300 مو بولۇپ، ئومۇمىي ھوسۇلى 28 مىليون 674 مىڭ كىلوگرام بولغان. بىرلىك ھوسۇلى 86.25 كىلوگرام بولۇپ، كىشى بېشىغا 178.3 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1950 — 1955 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ۋە كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى مىسلىسىز ئۆرلەپ، دېھقانچىلىق تېز تەرەققىي قىلدى. 1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «مۇبالىغىچىلىك» ۋە «مۆلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش»كە ئوخشاش سول خاتا ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى تەسىرگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش بىر مەھەل چېكىنىپ كەتتى. 1963 — 1965 ـ يىللىرى داۋام قىلغان تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلدى. 1966 — 1976 ـ يىللىرى داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ كەتكەچكە، ئىشلەپچىقىرىش بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 1978 ـ يىلى ئېچىلغان ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەھۋال ياخشىلىنىپ، تۈرلۈك ئىشلار گۈللەپ ياشنىدى، دېھقانچىلىقمۇ كۈندىن كۈنگە يۈكسەلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 1949 ـ يىلدىكى 50 نەچچە كىلوگرامدىن 2. 150 كىلوگرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 178 كىلوگرامدىن 349 كىلوگرامغا يەتكەن. ئېلىنغان ئاشلىق 2.22 ھەسسە ئاشقان. كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 1949 ـ يىلدىكى 10.5 كىلوگرامدىن 42 كىلوگرامغا يەتكەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پاختا 0.8 كىلوگرامدىن 1.6 كىلوگرامغا يەتكەن، ئومۇمىي ھوسۇلى 41.47 ھەسسە ئاشقان. ياغلىق دان ئومۇمىي ھوسۇلى 4.69 ھەسسە ئاشقان.

1986 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بوران، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاكتىپ ئامىللار جارىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن دېھقانچىلىقتىن يەنىلا مول ھوسۇل ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 100 مىڭ 115 توننىغا يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكى 93 مىڭ 5. 658 توننىدىن 7.4% ئاشتى. بۇغداي 67 مىڭ 52 توننىغا، بىرلىك ھوسۇلى 4. 174 كىلوگرامغا يەتتى. پاختەكلە، خاڭدى، لەڭگەر، زەمىن يېزىلىرىدا 63 مىڭ 900 مو بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلى 231 كىلوگرامدىن، جۈملىدىن پاختەكلە يېزىسىدا 250 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 116 مىڭ 899 توننىغا يېتىپ، 1989 ـ يىلدىكىدىن 6.96% ئاشتى.

## § 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ناھىيە تەۋەسىدە بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يەر، يەر بېجى ۋە سوغىرىش ئىشلىرىنى غەزنىچى بەگ، مىراببەگ قاتارلىق بەگلەر باشقۇراتتى. ناھىيە قۇرۇلۇپ، مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، سۇچىلىق كەسپىي خادىملىرى سەپلەپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە بىر بۆلۈم باشلىقى، 6 كەسپىي خادىم

ئىشلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، 8 كادىر ئاجرىتىلدى، بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كۆۋرۈك، يول ياساش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. 1958 - يىلى قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سۇچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارە قارمىقىدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ۋە كاتىبات بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى. 1962 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، كېيىن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاپپارات پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە باشقا خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلدى. 1969 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، دېھقانچىلىقتا ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1971- يىلى ئىشلەپچىقىرىشتا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قېلىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1974 — 1982 - يىلغىچە دېھقانچىلىق ئىدارىسى پارچىلىنىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، گۇڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى ۋە ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. 1981 - يىلى دېھقانچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1983 - يىلى دېھقانچىلىق بۆلۈمى يەنە دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىدارىدە 12 كادىر ئىشلىدى. 1990 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدە 7 مەمۇرىي كادىر، 6 ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاگرونوم ئىشلىدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق سىستېمىسىدىكى كادىرلارنىڭ 1986 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 1 — 1 - جەدۋەل    بىرلىكى: نەپەر

| تۈر / يىل | كادىرلار سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | ئالىي ئاگرونوم | ئاگرونوم | ياردەمچى ئاگرونوم | تېخنىك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مەمۇرىي شتاتتىكىلەر | كەسپىي شتاتتىكىلەر | | | | |
| 1986 | 180 | 33 | 147 | — | 1 | 1 | |
| 1987 | 179 | 40 | 139 | — | 3 | 11 | |
| 1988 | 187 | 39 | 148 | — | 6 | 38 | 46 |
| 1989 | 195 | 48 | 147 | — | 6 | 38 | 46 |
| 1990 | 198 | 50 | 148 | — | 6 | 38 | 46 |

## 2. كەسپىي ئاپپاراتلار

1) **دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى** بۇ پونكىت 1955 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. دېھقانچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە داۋاملىق مەسئۇل بولدى. 1962 -

يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا پونكىتتا 39 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. ئۇلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 9، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 22. 1974 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى 43 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 30.

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى 1986 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭ قۇرۇقلۇق كېۋىزى، كۆممىقوناق سورتى «SE — 704»، خېبېي بۇغدىيى قاتارلىق 10 نەچچە خىل زىرائەت سورتىنى، 70 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقىنى مۇقىم ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشقا راۋاجلاندۇردى. 1990 - يىلى پونكىتتا 32 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاگرونوم 2، ياردەمچى ئاگرونوم 11، تېخنىك 9، ئالىي مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 11، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 14، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 7.

2) ئۇرۇقچىلىق شىركىتى 1958 - يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى قۇرۇلۇپ، 8 ئىشچى - خىزمەتچى سەپلەپ بېرىلدى (ئۇلارنىڭ بىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە)، بۇ پونكىت ناھىيىنىڭ زىرائەت سورتىنى ياخشىلاش، ئۇلگە كۆرسىتىش، كۆپەيتىش، سېتىۋېلىش ۋە كېڭەيتىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. 1971 - يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1978 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى پارچىلىنىپ، ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى شىركەتتە 24 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 14. شىركەت ناھىيىنىڭ زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى «تۆتلەشتۈرۈش، بىر تەمىنلەش» (ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇسلاشتۇرۇش، ئۇرۇق سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۇرۇق پىشقىلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، زىرائەت سورتلىرىنىڭ تارقىلىشىنى رايونلاشتۇرۇش، ناھىيىنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئۇرۇق بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش) خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

3) ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇش تەييارلىقى 1977 - يىلى باشلىنىپ، 1978 - يىلى قۇرۇلدى. مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 4 كىلومېتىر شەرقىدىكى جاڭگال كەنتىدە بولۇپ، 1500 مو يېرى بار، يېرى ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 950 مو، باغ 20 مو، ئورمانلىق 25 مو. ئەسلىدە 81 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەيتتى، 1985 - يىلى 39 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى.

## 2 § . ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1. يەرگە بولغان فېئوداللىق مۈلۈكچىلىك

#### 1) يەرنىڭ ئىگىلىنىلىش ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يەرگە بولغان فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يەنىلا مەۋجۇت بولغانلىقتىن، دېھقانلار دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە بوغۇلۇپ قالىۋەردى. 1952 - يىلدىكى يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ 74.14% ى پومېشچىكلارنىڭ قولىدا ئىدى. باي دېھقانلارنىڭ قولىدىكى

يەرنى ۋە پومېشچىكلار، باي دېھقانلار ئىگىلىۋالغان جامائەت، مەسچىت ۋەخپىلىرىنى قوشقاندا ئىگىلىۋېلىنغان يەر جەمئىي %48.28كە يېتەتتى. يېزا نوپۇسىنىڭ %37.93نى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنىڭ قولىدىكى يەر ئومۇمىي يەرنىڭ %53.68 نى ئىگىلەيتتى.

شۇ مەزگىلدىكى تېپىكرەك رايون — سەمەن رايونىنىڭ 11 - يېزىسى (ھازىرقى پاختەكلە يېزىسى)نى ئالساق، بۇ يېزىدىكى 31 ئۆيلۈك پومېشچىك ئىگىلىگەن يەر 4075.46 مو (ۋەخپىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ %9.38نى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلار ئىگىلىگەن يەر كىشى بېشىغا 13.42 مودىن توغرا كېلەتتى؛ باشقا يېزىلىق 99 ئۆيلۈك پومېشچىك بۇ يېزىدا 4187.7 مو يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئىگىلىگەن يەر ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ %92.39نى تەشكىل قىلاتتى. 370 ئۆيلۈك كەمبەغەل ۋە ياللانما دېھقان، 1143 كىشىنىڭ قولىدىكى يەر 309.36 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ %95.2نىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلار ئىگىلىگەن يەر كىشى بېشىغا ئاران %25.0 تىن توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 226 ئائىلە، 469 كىشىنىڭ بىر پۇڭ يېرىمۇ يوق بولۇپ، يىللىقچىلىق قىلىپ، يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىش بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرەتتى.

## 2) ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش شەكىللىرى

(1) ئىجارىگە بېرىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش دېھقانلار «ئىجارە توختامى» ئارقىلىق پومېشچىكلاردىن يەر ئېلىپ تېرىيتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق 3 خىل شەكلى بار ئىدى: بىرىنچى، مۇتلەق ئىجارە. دېھقاننىڭ قانچىلىك يەرنى ئىجارىگە ئېلىشى، نەچچە يىل تېرىشى، ھەرمو يەرگە يىلدا قانچىلىك ئىجارە ھەققى تۆلىشى، نېمە تۆلىشى، قايسى ۋاقىتتا تۆلىشى ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىشى ئارقىلىق «ئىجارە توختامى»غا كىرگۈزۈلەتتى. ئىجارىكەش ئىجارىگە تېرىيدىغان يەردىن ھوسۇل ئالسۇن - ئالالمىسۇن «ئىجارە توختامى»دا بەلگىلەنگەن ۋاقىت، سان بويىچە ئىجارە ھەققى تۆلەيتتى، تۆلىيەلمىسە ئۆسۈم قوشۇلاتتى. ئىككىنچى، جانلىق ئىجارە. ئىجارىگە ئېلىپ نەچچە يىل تېرىش، ھەرمو يەرگە يىلدا قانچىلىق ئىجارە ھەققى تۆلەش بەلگىلەنمەي، كۈزلۈك ھوسۇل يىغىلغاندىن كېيىن، ھوسۇل ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئالدىن ئالا كېلىشىۋېلىنغان نىسبەت بويىچە بۆلۈنەتتى. ئۈچىنچى، ئورتاقچىلىق. ئورتاقچى بىلەن پومېشچىكنىڭ كېلىشىمى بويىچە پومېشچىك يەر، ئولاغ، ئۇرۇق قاتارلىقلارنى بېرەتتى. ئورتاقچى ئەمگەك كۈچى چىقىراتتى ۋە باشقۇراتتى، يىل بېشىدا نىسبەت بەلگىلىنەتتى، كۈزدە ھوسۇلدىن پاراق، ئالۋاڭلار، ئەتىيازدا پومېشچىك بەرگەن ئۇرۇق چىقىرىۋېتىلىپ، قالغان قىسمى توختامدا بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە بۆلۈنەتتى.

1 - مىسال: تاربوغۇز كەنتىدىكى مۇھەممەت ئاخۇن مۇتىۋەللى ئىمامنىڭ قولىدىكى 24 چارەكلىك مەسچىت ۋەخپىسىنى ئىجارىگە ئالغان. ئىككى تەرەپنىڭ توختامى بويىچە مۇھەممەت ئاخۇن يىلدا 115 چارەك (بىر چارەك 10 كىلوگرامغا تەڭ) ئاشلىق تۆلىمەك بولغان. مۇھەممەت ئاخۇن بۇ يەردىن 200 چارەك قوناق ئالغان، ئۇنىڭ 32 چارىكىنى پاراق، ئالۋاڭ ئۈچۈن، 100 چارىكىنى ئىجارە ئۈچۈن تۆلىگەندىن كېيىن، ئۆزى ۋە ئوغلىنىڭ بىر يىللىق ئەمگىكى ئۈچۈن ئاران 63 چارەك قوناق قالغان.

2 - مىسال: ئېلاخۇن ئابلا غوپۇر پومېشچىكنىڭ 15 مو يېرىنى ئورتاقلىشىپ تېرىشقا ئالغان، پومېشچىك يەر، ئۆي ۋە ئۇرۇقنىڭ يېرىمىنى بەرگەن، قالغان ئۇرۇقنى، ئەمگەك كۈچى، ئوغۇتنى ئېلاخۇن ئۈستىگە ئالغان. ئېلاخۇن قوناق تېرىپ يىلدا 250 چارەك قوناق ئالغان، بۇنىڭ 40 چارىكىنى پاراق، ئالۋاڭلار ئۈچۈن تۆلىگەندىن كېيىن قالغان 210 چارىكىنى كېلىشىم بويىچە ئۈچتە بەتتە نىسبەت بويىچە 140 چارىكىنى پومېشچىك ئالغان، ئېلاخۇنغا ئاران 70 چارىكى قالغان. شاخ - شۇمبىسىنى تەڭمۇتەڭ بۆلۈشكەن.

3 - مىسال: ئاتۇشلۇق پومېشچىك ئاخۇن ھاجى بەشكېرەم رايونىنىڭ يېڭىئاۋات كەنتىدىكى 200 مو يېرىنى 8 ئۆيلۈك ئىجارىكەشكە ئىجارىگە بەرگەن. ئۇلاردىن قۇربان 33 موسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئىجارە ھەققى ئۈچۈن 1920 كىلوگرام ئاشلىق (يېرىمى قوناق، يېرىمى بۇغداي) بەرمەكچى بولغان. بۇ يەرنىڭ يىللىق ھوسۇلى ئەڭ كۆپ بولغاندا 2240 كىلوگرام بولغان. قۇربان 1946 - يىلى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشقا باشلىغان، 1949-

يىلى ئۆزىنىڭ 4 مو يېرىنى سېتىپ ئىجارىنى تۆلىسىمۇ، پومېشچىككە يەنە 200 كىلوگرام قوناق، 240 كىلوگرام بۇغداي قەرز بولۇپ قالغان.

(2) قەرز ئۆسۈمى ئېكسپىلاتاتسىيىسى   مىنگو دەۋرىدە قەرز ئۆسۈمى ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ 5 خىل شەكلى بار ئىدى. بىرىنچى، ئاشلىق قەرز ئېلىپ ئاشلىق قايتۇرۇش، ئەتىيازدا قارا ئاشلىق قەرز ئېلىپ، يازدا بۇغداي قايتۇرۇش، بۇنىڭدا مىقدار ئۆزگەرمەيتتى؛ ئەتىيازدا قارا ئاشلىق ئېلىپ كۈزدە قارا ئاشلىق قايتۇرۇش. بۇنىڭدا تۈر ئۆزگەرمەيتتى، مىقدار بىر ھەسسە كۆپەيتىلەتتى. ئىككىنچى، ئاشلىق قەرز ئېلىپ ئەمگەك بىلەن قايتۇرۇش. مەسىلەن: 9 كىلوگرام بۇغداي قەرز ئېلىنسا، قەرزدار بۇنىڭ ھېسابىغا 30 كۈن ئىشلەپ بېرەتتى. ئۈچىنچى، پۇل قەرز ئېلىپ مايسىسىنى گۆرۈگە قويۇش. قوغان ئاسناخان يېزىسى 6 - كەنتىدىكى كېرەم ئاخۇن جىددىي پۇل لازىم بولۇپ 1.5 مو يەردىكى بېدىنى 11 تەڭگىگە باھالاپ پومېشچىك غوپۇر ھاجىغا گۆرۈگە قويغان. غوپۇر ھاجى ئۇنى ئاز بولغاندا 227 تەڭگىگە ساتالايتتى. تۆتىنچى، پۇل قەرز ئېلىپ پۇل قايتۇرۇش. كۆمۈش پۇل بويىچە ھېسابلىغاندا ئادەتتە ئايلىق ئۆسۈمى 1/10 بولاتتى. ئېغىر بولغاندا ھەپتىلىك ئۆسۈمى 1/10 بولاتتى. مەسىلەن: ئابدۇكېرىم زونايخاندىن 10 تەڭگە قەرز ئالغان، ھەپتىلىك ئۆسۈمى ئۈچۈن بىر تەڭگە تۆلەيدىغان بولغان. بەشىنچى، قەرز ئۆسۈمى ئېكسپىلاتاتسىيىسىدە ئەڭ ئېغىر ئەھۋال شۇئىدىكى، ئۆسۈم ئۈستىگە ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلاتتى. تارىبوغۇز كەنتىدىكى تۇل خوتۇن خەنىرىخان 1941 - يىلى پومېشچىك تالىپتىن بىر كونا كەتمەن سېتىۋالغان، بۇنىڭغا كۈزدە 20 كىلوگرام بۇغداي بەرمەكچى بولغان. شۇ يىلى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن قەرزنى قايتۇرالمىغان، ئىككىنچى يىلى دىرى بىلەن ئۆسۈمى 40 كىلوگرام بولغان، ئۈچىنچى يىلى 80 كىلوگرام بولغان. 1948 - يىلى ئائىلىسى ئۆلۈملۈك بولۇپ قالغاندا، پومېشچىك تالىپ «قەرزنى ئۆزمەي تۇرۇپ مىيىتنى دەپنە قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ توسقان. بۇ ۋاقىتتا دىرى بىلەن ئۆسۈمى 1600 كىلوگرامغا يەتكەن. خەنىرىخان ئامالسىزلىقتىن ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان 3.5 مو يەرنى ساتقان، شۇنداقتىمۇ تالىپقا يەنە 100 كىلوگرام بۇغداي قەرز بولۇپ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە ئاندىن بۇ كونا قەرزدىن خالاس بولغان.

(3) ياللاپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش   بۇنىڭ ئاساسلىق 4 خىل شەكلى بار ئىدى. بىرىنچى، يىللىقچى ئىشلىتىش. بۇنىڭدا ئەمگەك كۈچىنى ساتقۇچى پومېشچىك بىلەن ئىش ھەققىنى كېلىشىۋالاتتى. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئادەتتە بىر يىللىق ئەمگەك ئۈچۈن 2 — 4 تاغار ئاشلىق (تاغىرى 100 كىلوگرام) بېرىلەتتى. مۇددەت توشقاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلىسە، ھەق يىلمۇ يىل تەڭشىلىپ تۇراتتى. ئىككىنچى، كۈنلۈكچى ئىشلىتىش. ئادەتتە دېھقانچىلىق ئالدىراش مەزگىلدە كۈنلۈكچى ئىشلىتىلەتتى. ۋاقتى مۇقىم بولمايتتى، كۈنلۈكچىنىڭ ئاش - غىزايى بېرىلگەندىن باشقا، شۇ ۋاقىتتىكى نەرخ - باھا بويىچە ئىش ھەققى بېرىلەتتى. ئۈچىنچى، بالا ئىشچى ئىشلىتىش، ئىجارىكەش ياكى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ باللىرى پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى باقاتتى، پومېشچىك، باي دېھقانلار ئۇلارغا ئاش - غىزا بېرىپ، ھەق بەرمەيتتى. تۆتىنچى، ھەقسىز ئەمگەككە سېلىش، پومېشچىك، زومىگەرلەر كۈچىگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلاتتى، قوشنىلارنى نان يېقىشقا، ئېغىل - قوتان، ئۆي سېلىشقا، ئورمىغا، خامان ھەيدەشكە سالاتتى، بۇنى نامدا «ياردەم» دەيتتى، ئادەتتە ئاش - غىزا بېرىپ، ئىش ھەققى بەرمەيتتى ياكى ئاش - غىزامۇ بەرمەيتتى.

## 2. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەر قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى

### 1) ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

فېئودال كۈچلەرنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇرۇپ، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىشقا يول

ئېچىش ئۈچۈن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1951 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە 427 كادىر ئاجرىتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش كۇرسىدا تەربىيىلەنگەن كادىر 316، ۋىلايەتلىك كادىرلار كۇرسىدا تەربىيىلەنگەن كادىر 15، قىسىم كادىرى 30، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 41، رايون، يېزا كادىرى 25)، 3 خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، سەمەن رايونىنىڭ 2 -، 3 -، 4 - يېزىلىرى، بەشكېرەم رايونىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - يېزىلىرى، قوغان رايونىنىڭ 5 - يېزىسىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. 1951 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 921 كادىر ئاجرىتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ شۆبە بيۇرو كادىرى 113، ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرى 63، رايونلۇق پارتكوم كادىرى 11، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 640، قىسىم كادىرى 32، تەرجىمان 62)، نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا، 4 ئوتتۇرا ئەترەت تەشكىللەپ، تۆت قارارغا بۆلۈپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ھەر بىر قارار ئومۇمەن 6 باسقۇچقا بۆلۈندى، بۇلار: تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش؛ كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش؛ دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنى تەرتىپكە سېلىش، دەرت ئېيتىش، سىنىپىي تەركىب ئايرىش؛ كۈرەش قىلىش ئوبيېكتى تاللاش، زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش؛ كۈرەش مېۋىسى تەقسىملەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش؛ ئىجارىكەشلەرنى قوغداش، ئىجارىنى قايتۇرغۇزۇپ، توختامنى يېڭىلاش، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش، غەللە - پاراق ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەش باسقۇچلىرىدىن ئىبارەت. 1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگە قەدەر ناھىيىدىكى 100 يېزىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

بۇ ھەرىكەتتە 171 زومىگەر كۈرەش قىلىندى، 424 پومېشچىك، 2 ئەكسىيەتچى باي دېھقاندىن ھېساب ئېلىندى. دېھقانلارنىڭ زومىگەرلەر ئىگىلىۋالغان 26.8609 مو يېرى، 24 ئېغىز ئۆيى، 818 چارۋا مېلى، 324 دېھقانچىلىق سايمىنى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئىجارە ھەققىنى 25% كېمەيتىش سىياسىتىگە ئاساسەن، 592 مىڭ 400 كىلوگرام ئىجارە كېمەيتىلدى، 666 مىڭ 500 كىلوگرام ئىجارە قايتۇرۇلدى؛ ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 297 مىڭ 300 كىلوگرام ئاشلىق، 251 مىڭ 600 يۈەن نەق پۇل، 3 مىليون 138 مىڭ 300 كىلوگرام ئاشلىق قىممىتىدىكى ھەرخىل مال - مۈلۈك قايتۇرۇلدى. 28 مىڭ 474 ئائىلىلىك دېھقان كۈرەش مېۋىسىگە ئىگە بولدى، بۇ بارلىق دېھقان ئائىلىسىنىڭ 48.1%نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مېۋە ئەڭ كۆپ تەقسىملەنگەن ئائىلە 300 كىلوگرام ئاشلىققا ئىگە بولدى ھەمدە 439 ئائىلىلىك پومېشچىك ئىگىلىۋالغان يەردىن 5914 مو تېرىلغۇ يېرى يوق، يېرى ئاز 2107 نامرات دېھقانغا بېرىلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، 87 يېزىدا دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. 26 مىڭ 611 كىشى ئۇيۇشمىغا كىردى، دېمەك، يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 35.95%نى ئىگىلىگەن دېھقان (76 مىڭ 255 كىشى) دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولدى.

2) يەر ئىسلاھاتى 1952 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى يەر ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىش خىزمەت ئەترىتىدىكى 71 كادىر سەمەن رايونىنىڭ 11 - يېزىسى (ھازىرقى پاختەكلە يېزىسى) دا يەر ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. يەر ئىسلاھاتى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، يېزىدىكى دېھقانلار رەئىس ماۋزېدۇڭغا داستان شەكلىدە خەت يېزىپ، يەر ئىسلاھاتى غەلىبىسىگە بولغان تەنتەنىسىنى ئىپادىلىدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ جاۋاب خەت يېزىپ مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 1953 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار ۋە ئاكتىپلاردىن 774 نى 4 يەر ئىسلاھاتى

خىزمەت ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەپ، 4 قارارغا بۆلۈپ، ناھىيە بويىچە (سەمەن رايونىدىكى 11 - يېزىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 8 دېھقانچىلىق رايونىدىكى 87 دېھقانچىلىق يېزىسىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى.

يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى كەنتلەرگە كىرگەندىن كېيىن، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلار بىلەن «ئۈچتە بىللە» (تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە بىللە) بولدى، ئەمۋاللار بىلەن تونۇشتى، نامراتلارنى يوقلىدى، لايىقۇتلىشىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلدى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، ئەسلىدىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنى تەرتىپكە سالدى. 1952 - يىلى 9 - ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، 87 يېزىدىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئەزاسى 76 مىڭ 255 بولۇپ، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق 580 كىشى تازىلانغان، 13 مىڭ 176 كىشى يېڭىدىن ئۇيۇشما ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە ئۇيۇشما ئەزاسى 88 مىڭ 851 بولۇپ، يېزا نوپۇسىنىڭ %43نى ئىگىلىدى. خىزمەت ئەترىتى دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سىنىپىي تەركىبىنى ئايرىپ، پومېشچىكلارغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، غالىبىيەت مېۋىسىنى تەقسىم قىلدى. پۈتكۈل يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە، باشتىن ئاخىر «كەمبەغەل ۋە ياللانما دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش، پومېشچىكلارغا زەربە بېرىش، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قەدەم - باسقۇچلۇق، پەرقلىق ھالدا يوقىتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى، بوزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بار پومېشچىك ۋە ئەكسىيەتچى باي دېھقاندىن 24نى كۆرەش قىلدى. 2577 ئائىلىلىك پومېشچىكنىڭ 121 مىڭ 747 مو يېرىنى، 2846 تۇياق تېرىلغۇ ئۇلىقىنى، 19 مىڭ 775 دانە دېھقانچىلىق سايمىنىنى، 89 مىڭ 188 كىلوگرام ئاشلىقىنى، 75 مىڭ 900 دانە باشقا بۇيۇمىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز يېرىنى ئىجارە بەرگۈچىلەر (باشقۇرغۇچى) نىڭ 12 مىڭ 547 مو يېرىنى، شىنجاڭدا خەلقچىللىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ 23 مىڭ 452 مو يېرىنى، 10 مىڭ 864 مو ۋەخپە يەرنى، باشقا 5319 مو يەرنى يىغىۋالدى. يېرى يوق، يېرى ئاز 28 مىڭ 915 ئائىلىلىك دېھقانغا يەر تەقسىملەپ بەردى، بۇلار يېزا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ %58نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل، ياللانما دېھقان 25 مىڭ 92 ئائىلە بولۇپ، ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرىچە 1.58مو يەر توغرا كەلدى، ئەڭ كۆپ بولغىنىغا 2.6 مو يەر بېرىلدى. باشقا غالىبىيەت مېۋىسىگە ئېرىشكەن دېھقان ئائىلىسى 30 مىڭ 819 بولۇپ، كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلار ئومۇمىي ئائىلىسىنىڭ %81نى ئىگىلەيدۇ.

خەلق سوتى يەر ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇنسىز پومېشچىكلار بىلەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارغا پۇختا، دەل، قاتتىق زەربە بەردى. 87 يېزىدا جەمئىي 20 قانۇنسىز پومېشچىك، 3 توردىن چۈشۈپ قالغان زومىگەر، بىر ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر كۆرەش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىنىپ، جازا ھۆكۈم قىلىنغىنى 11 بولۇپ، پومېشچىكلار ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ %1.02نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن كۈچلۈك زەربە يېدى ۋە پارچىلاندى، قانۇنغا رىئايە قىلغان كۆپ سانلىق پومېشچىكلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، كەڭ ئامما تەربىيىلىنىپ، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

## 3. يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيەلەشتۈرۈش

**1) ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى** 1951 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ داۋامىدا ناھىيە بويىچە 6018 لايىقۇتلىشىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئۇنىڭغا 38 مىڭ 635 ئەمگەك كۈچى قاتناشتى. يەنە كالا لايىقۇت گۇرۇپپىسىدىن 1614ى قۇرۇلدى، ئۇلار 3288 ئۆينى تەشكىللەپ، چارۋىسىز، چارۋىسى ئاز دېھقانلار بىلەن لايىقۇتلىشىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئىشقا - ئىش قايتۇرۇش، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات قىلماسلىق يولىنى

ئۆتتى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۇلار ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىشنى تەلەپ قىلدى. تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆستۈرۈش ئارقىلىق 1953 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 4177سى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 13 مىڭ 505 دېھقان ئائىلىسى قاتناشتى، بۇلار ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %82 . 28نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 84 بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشلامچىلىق رول ئوينىدى. مەسىلەن: ئاۋات رايونىدىكى يۈسۈپ رېھىم دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 7 ئائىلىلىك دېھقاندىن تەشكىللەنگەن، بۇ گۇرۇپپا 55 مو ئاشلىق تېرىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلىنى 5 . 216 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، پۈتۈن رايوننىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 5 . 116 كىلوگرامدىن %8 . 85 ئاشۇرغان؛ سەمەن رايونى 5 - يېزىدىكى تۇرسۇن مەمەت دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 6 ئائىلىلىك دېھقاندىن تەشكىللەنگەن، بۇ گۇرۇپپا 7 . 13 مو بۇغداي تېرىپ، مو بېشى ھوسۇلىنى 4 . 337 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، مۇشۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 127 كىلوگرامدىن %7 . 165 ئاشۇرغان.

2) باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى 1954 - يىلى ئەتىيازدا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى سەمەن رايوننىڭ 5 -، 6 - يېزىلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە 4 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى (قىسقارتىپ باشلانغۇچ كوپېراتىپ دېيىلىدۇ) قۇردى، بۇنىڭغا 75 ئائىلىلىك دېھقان كىردى. باشلانغۇچ كوپېراتىپتا، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئېتىراپ قىلىندى، يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش، بىرلىشىپ ئەمگەك قىلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، يەرگە 4 ئۈلۈش، ئەمگەككە 6 ئۈلۈش دارامەت تەقسىم قىلىش يولى تۇتۇلدى. كۈزدىن كېيىن، 4 باشلانغۇچ كوپېراتىپىدا ئاشلىقتىن 1000 كىلوگرامدىن ئارتۇق ھوسۇل ئالغانلار 10 ئائىلە، 750 — 999 كىلوگرام ھوسۇل ئالغانلار 12 ئائىلە، 500 — 749 كىلوگرام ھوسۇل ئالغانلار 18 ئائىلە، 250— 499 كىلوگرام ھوسۇل ئالغانلار 16 ئائىلە، 50 — 249 كىلوگرام ھوسۇل ئالغانلار 12 ئائىلە، 50 كىلوگرامدىن تۆۋەن ھوسۇل ئالغانلار بىر ئائىلە، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇپ ھوسۇلى كېمىيىپ كەتكەنلەر 6 ئائىلە بولدى. بۇ 4 كوپېراتىپنىڭ بۇغدىيىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى يېزىدىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭكىدىن %19 . 9، يەككە دېھقانلارنىڭكىدىن %5 . 20 يۇقىرى بولدى. 1954 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە يېڭىدىن 7 باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلدى. 1955 - يىلى يېڭىدىن 125 باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلۇپ، 4171 ئائىلىلىك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى. 1956 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، ناھىيە بويىچە 518 باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلۇپ، 53 مىڭ 975 ئائىلىلىك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى، بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %22 . 91نى ئىگىلىدى.

3) ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى 1956 - يىلى ئەتىيازدا سەمەن رايوننىڭ 5 -، 6 - يېزىلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە 4 ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى (قىسقارتىپ ئالىي كوپېراتىپ دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى. ئالىي كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ يېرى كوللېكتىپقا تەئەللۇق بولىدۇ. پايدىنى يەرگە قاراپ تەقسىم قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئېرىلغۇ ئۇلاغلىرى چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا بېرىلدى، ھەربىر كىشى بىر ئۈلۈشتىن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى پاي فوندى تاپشۇردى. دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، كوپېراتىپ باشقۇرۇش كومىتېتى كوپېراتىپ ئەزالىرى يىغىنىدا ياكى كوپېراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيىدا سايلاندى، باشقۇرۇش كومىتېتىغا مۇدىر قويۇلدى، ئۇنىڭ ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەت باشلىقلىرى قويۇلدى، ئۇلارنى كوپېراتىپ ئەزالىرى سايلىدى. كوپېراتىپ ئىچىدە پىلان، مالىيە، ئەمگەك، ماددىي ئەشيا تۈزۈمى ۋە نورمىلىق باشقۇرۇش

تۈزۈمى تۈرغۇزۇلدى. يىل بېشىدا ئىشلەپچىقىرىش، كىرىم - چىقىم پىلانى تۈزۈلدى، كوپېراتىپ ئەزالىرى كوللېكتىپ ئەمگەككە قاتناشتى، ئىش باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلدى. كوپېراتىپلار ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى %98.26، دېھقانچىلىق باج كىرىمىنى %5.6، جامائەت فوندى بىلەن پاراۋانلىق فوندىنى %2.7، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئەمگىكىگە قىلىنىدىغان تەقسىماتنى %72.64 قىلىپ بەلگىلىدى. ئالىي كوپېراتىپ ئائىلىدىكى نوپۇسقا قاراپ، شەخسنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ ئۆزۈن مۇددەت ئىشلىتىشىگە ئاز مىقداردا قالدۇرۇق يەر بەردى. ئەزالارنىڭ ئۆي قوشلىرى، ئۆي ھايۋانلىرى بېقىشىغا ياكى باشقا قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويدى، ئۇنىڭ كىرىمى ئەزالارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولدى. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 317 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلدى. 56 مىڭ 587 ئائىلىلىك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى، بۇ 59 مىڭ 170 دېھقان ئائىلىسىنىڭ %63.95نى ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 97 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 47 مىڭ 559 ئائىلىلىك دېھقان ئەزا بولدى، بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %38.80نى ئىگىلىدى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن 15 ى قۇرۇلۇپ، 28 مىڭ 973 ئائىلە ئەزا بولدى. بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %97.48نى ئىگىللىدى.

## 4. خەلق گۇڭشېلىرىنى قۇرۇش

1958 - يىل 9 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار»ىغا ئاساسەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن 11 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، 58 مىڭ 681 ئائىلىلىك دېھقان گۇڭشېغا ئەزا بولدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە گۇڭشېلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى سەمەن، قوغان گۇڭشېلىرى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە قالغان 9 گۇڭشېغا 64 چوڭ ئەترەت (كېيىن باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلدى)، 200 ئوتتۇرا ئەترەت (كېيىن چوڭ ئەترەت دەپ ئاتالدى)، 150 تارماق ئەترەت (كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دەپ ئاتالدى) قارايدىغان بولدى. گۇڭشېلاشتۇرۇش دولقۇنىدا يەنە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى قوزغالدى، «تەشكىلدە ھەربىيلىشىش، ھەرىكەتتە جەڭگىۋارلىشىش، تۇرمۇشتا كوللېكتىپلىشىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ھال «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى»، «بۇيرۇقچىلىق شامىلى»، «قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش شامىلى»، «مۇبالىغىچىلىق شامىلى»، «كادىرلارنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىش شامىلى» نىڭ ئەدەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىش، مال - مۈلۈكنى ھەقسىز يۆتكەپ ئىشلىتىش ئەھۋالى يۈز بەردى. خەلق گۇڭشېسىنىڭ «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، شارائىت ھازىرلانمىغان ئەھۋالدا، ھەر قايسى گۇڭشېلاردا 87 بەخت - سائادەت قورۇسى (كېيىن قېرىلار ساناتورىيىسى دەپ ئاتالدى) قۇرۇلدى، بۇلارغا بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلمىدىغان ئائىلىدىن 1680 كىشى كىردى، جامائەت ئاشخانىسىدىن 1702 سى ئېچىلىپ، يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %96.5ى جامائەت ئاشخانىسىدىن تاماق يېدى. 848 يەسلى قۇرۇلۇپ، 12 مىڭ 556 بالا يەسلىگە كىردى. يەنە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يېرى، قالدۇرۇق چارۋىسى، قالدۇرۇق دەرەخلىرى، ھەتتا كىيىم تىكىش ماشىنىسىمۇ كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بۇ ئۇسۇللار گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا قاتتىق بەرھەم بېرىپ قويدى.

1959 - يىلى ئەتىيازدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېسىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدا جىددىي كۆرسەتمە»سىنىڭ روھىغا (قىسقارتىلىپ 12 چوڭ سىياسەت دېيىلىدۇ) ئاساسەن، يېزا

خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بەزى خاتا ئۇسۇللار تۈزىتىلىشكە باشلىدى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» ۋە «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» چىققان مەزگىلدە ئومۇمنىڭ ئىلكىگە ئېلىۋېلىنغان مال - مۈلۈكلىرى ئۆزىگە قايتۇرۇلدى. ئۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 4 مىليون 468 مىڭ يۈەن بولدى. يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، ئەترەتنى ئاساس قىلىش؛ دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش؛ ئىككى دەرىجە بويىچە ھېسابات قىلىش، ھەر قايسىسىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئۆزىگە ھېسابلاش، تەقسىمات پىلانىنى گۇڭشې بەلگىلەش؛ مۇۋاپىق جۇغلانما جۇغلاش، مۇۋاپىق تەڭشەش؛ ماددىي ئەشيا بىلەن ئەمگەكنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، پەرقنى ئېتىراپ قىلىش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى مەركەزنىڭ «"بەش شامال"نى تۈپتىن - كېسەل تۈزىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن كۆرسەتمىسى بويىچە، 20 مىڭ 756 ئائىلىلىك گۇڭشې ئەزاسىغا 5 كالا، 6 ئات، 10 مىڭ 911 تۇياق قوي، 1812 قازان، 22 مىڭ 10 پارچە كىگىز، 3151 ئەدىيال، 1547 چېلەك، 1358 ۋېلسىپىت، 200 قۇر كىيىم - كېچەك، 2948 كەتمەن، 1598 مو مېۋىلىك باغ، 195 مىڭ 125 تۈپ دەل - دەرەخ قايتۇرۇپ بېرىلدى. ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە 602 ئات، 225 ھارۋا، 212 ئېشەك، 623 ئۆي، 4892 دېھقانچىلىق سايمىنى قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1961 - يىلى مەركەزنىڭ «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ۋە «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (لايىھە)» گە ئاساسەن، تەمىنات تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، جامائەت ئاشخانىلىرىنى تاقاش قارار قىلىنىپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق چارۋا، قالدۇرۇق دەرەخ، قالدۇرۇق يېرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ھەمدە شۇ چاغدىكى خەلق گۇڭشېسى رايونغا ئۆزگەرتىلدى، رايون ئاستىدا ئەسلىدىكى گۇڭشې باشقۇرۇش رايونى ئاساسىدا كىچىكرەك خەلق گۇڭشېسىدىن 38 ى قۇرۇلدى (كىچىك گۇڭشې دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا 209 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، 1163 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تەسىس قىلىنىپ، خەلق گۇڭشېسىنىڭ تۈزۈلمىسى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1962 - يىلى «8 سۆزلۈك فاڭجېن»نى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن، مەركەزنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق»ىغا بىنائەن، ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى چوڭ ئەترەتتىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە چۈشۈرۈلدى، ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 1962 - يىلدىكىدىن %26.67، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى %60.26، ياغلىق دان ئومۇمىي ھوسۇلى %61.88، چارۋا %2.97 ئاشتى. 1965 - يىلى ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 1963 - يىلدىكىدىن %23.46، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى %101.66، ياغلىق دان ئومۇمىي ھوسۇلى %22.64، چارۋا سانى %27.07 ئاشتى.

1965 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا «تۆتنى ئېنىقلاش» (سىياسەتنى، ئىقتىسادنى، ئىدىيىنى، تەشكىلنى ئېنىقلاش) ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، تەشكىلىي جەھەتتە رايون بىلەن كىچىك گۇڭشې تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلگەن خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان «ئۈچ ئۆز، بىر كۆتۈرە» (ئۆزىگە قالدۇرۇق يەر، ئەركىن بازار، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش ۋە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشكە) گە ئوخشاش ئۈنۈملۈك سىياسەتلەر تەنقىد قىلىندى ۋە بىكار قىلىندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، داجەيلىكلەرنىڭ «كاپىتالىزمنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، سوتسىيالىزم بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش» تەجرىبىسى ئۆگىنىلدى. ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى يەنە بىر قىسىم گۇڭشې ۋە چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنى سەنشى ئۆلكىسى شىياڭ ناھىيىسىنىڭ داجەي

چوڭ ئەترەتكە ئېكسكۇرسىيىگە ئاپىرىپ، «داجەيىنىڭ تەجرىبىسى»نى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ «ئۈچ قالدۇرۇقى» بىلەن ئائىلە قوشۇمچە كەسپىگە چەك قويۇلدى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يەردىن ئارتۇق بوزيەر ئېچىپ تىككەن دەرەخلىرى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. قالدۇرۇق چارۋىسى 5 تىن ئاشىدىغان ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلدى. 1974 — 1975 - يىللىرى يەنە يېزا خەلق گۇڭشېلىرىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ، دىكتاتورا نەزەرىيىسى تەشۋىق قىلىندى، «ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار» تەنقىد قىلىندى. بۇ ئۇسۇللار گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا بەرھەم بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. 1978 - يىلدىكىنى 1966 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ناھىيە بويىچە يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا ياغلىق دان مەھسۇلاتى %45 .29 ئاشقاندىن باشقا، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى %64 .1، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى %65 .26، قولدىكى چارۋا %31 .6 كېمىيىپ كەتتى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەشكىلىي ئەھۋالى

ئىقتىساد: 1 — 2 - جەدۋەل

| يىل | گۇڭشې سانى | ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەت سانى | ئائىلە سانى | نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلار | گۇڭشېلاردىكى ئەمگەك كۈچى | بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق ئەمگەك كۈچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 9 | 200 | 1150 | 161210 | 10155 | 84155 | 6689 |
| 1960 | 10 | 206 | 1173 | 151214 | 10820 | 79583 | 6745 |
| 1965 | 13 | 165 | 1162 | 216881 | 11172 | 114961 | 6900 |
| 1970 | 13 | 169 | 1189 | 235120 | 11412 | 123534 | 7879 |
| 1975 | 10 | 124 | 999 | 146943 | 6419 | 65797 | 3020 |
| 1980 | 10 | 135 | 1041 | 154255 | 2292 | 65619 | 269 |
| 1984 | 14 | 218 | 1588 | 265735 | 1572 | 107181 | 893 |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى 1958 -، 1960 - يىللاردىكى سان ئىچىدە سەمەن، قوغان گۇڭشېلىرىنىڭ سانى يوق. 1980 - يىلدىكى ساندا قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىنىڭ سانى يوق.

## 5. يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى سولچىل خاتالىقلارنى تۈزىتىشنى قارار قىلدى.

1979 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1029 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ (شەرقتىكى 4 گۇڭشېنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 632 سىدە نورمىلىق باشقۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ 243 ئەترەتتە مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ قىسقارتىلىپ «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئەمگەك كۈچىنى بېكىتىش، يەرنى بېكىتىش، مەھسۇلات مىقدارىنى بېكىتىش، نومۇرنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى تەننەرخنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش) دەپ ئاتىلىدۇ. يىل ئاخىرىدا «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش»نى يولغا قويغان ئەترەتلەرنىڭ %92 .13 ى مەھسۇلاتنى ئاشۇردى. بەزى ئەترەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى %3 .43 ئاشتى. 1980 - يىلنىڭ

بېشىغا بارغاندا ناھىيە بويىچە ئاز سانلىق نامرات ئەترەتلەر گۇرۇپپىلىق ئاشلىق ئېتىزى بىلەن مەسئۇلىيەت ئېتىزى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى (قىسقارتىپ «ئىككى ئېتىز تۈزۈمى» دېيىلىدۇ) يولغا قويغاندىن باشقا كۆپ قىسىم ئەترەتلەر «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى يازلىق يىغىمدىن كېيىن ئىلگىرى، ئاممىلار ئېتىزلارنى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىشنى كەينى - كەينىدىن تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكى ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك يول بىلەن تاللاپ بېكىتىشى ئاساسىدا، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئامما ئەڭ ھىمايە قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلۇشنى قارار قىلدى. 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ناھىيە بويىچە %96.6 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى «ئىككى ئېتىز تۈزۈمى»نى يولغا قويدى. %1.2 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ %2.2 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، چارۋا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، دەل - دەرەخلەرنى باھاغا سۇندۇرۇپ كۆڭۈللۈك ئەزالىرىغا ھۆددىگە بەردى. 1981 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سەمەن، ئوغۇساق، سايباغ ۋە زەمىن گۇڭشېسىدىكى 6 چوڭ ئەترەت ۋە 14 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بېرىپ تەكشۈرگەندە، يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ %58.5 ئاشقانلىقى مەلۇم بولدى.

1980 - يىلدىن 1982 - يىلى 3 - ئايغىچە بولغان ئەمەلىيەت ئارقىلىق، مۇتلەق كۆپ قىسىم كادىرلار بىلەن كۆڭۈللۈك ئەزالىرى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ «ئىككى ئېتىز تۈزۈمى»گە قارىغاندا تېخىمۇ ئەۋزەل، تېخىمۇ قولاي ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» بىلەن «ئىككى ئېتىز تۈزۈمى»نى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە (قىسقارتىپ «ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ) پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىدى ھەمدە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ دەپ جاكارلىدى. ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتى كۆرسەتتىكى، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 1978 — 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليون 63 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە %12.02 دىن ئېشىپ باردى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرىچە %5.46 دىن كۆپىيىپ، %45.09 ئاشتى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا %28.59 دىن كۆپىيىپ 4.81 ھەسسە ئاشتى، ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا %16.22 دىن كۆپىيىپ، 1.86 ھەسسە ئاشتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 929 كەسپىي ئائىلە مەيدانغا كەلدى.

1987 - يىلى ئۇرۇقلۇق كەسپىي ئائىلىلىرى تەمىنلىگەن ئېسىل ئۇرۇق سورتلىرى ناھىيە بويىچە كېڭەيتىلدى. سۇپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقى 31 مىڭ 250 موغا، كۆممىقوناق ئۇرۇقى 125 مىڭ موغا، شال ئۇرۇقى 3000 موغا كېڭەيتىلىپ، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 102 مىڭ 865 توننىغا، پاختا 5311 توننىغا، ياغلىق دان 4039 توننىغا يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8097 توننىغا، ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4326 توننىغا يەتتى.

## 3 § . تېرىلغۇ يەر، يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش

### 1. تېرىلغۇ يەر

1949 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 439 مىڭ 800 مو ئىدى. 1965 - يىلى 896 مىڭ 500 موغا كۆپىيىپ، 1.03 ھەسسە ئاشتى. 1966 — 1976 - يىلغىچە پىلانلاش قۇرۇلۇشى، ئۆستەڭ چېپىش،

يول ياساش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئورمان بەرپا قىلىش، مەھەللە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلارغا تېرىلغۇ يەر ئىشلىتىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «10 يىللىق مالىمانچىلىق» بولغانلىقى ۋە ئىدارە - ئورۇن شەخسلەرنىڭ يەر ئىگىلەپ ئۆي سالغانلىقى ئارقىسىدا، تېرىلغۇ يەر 79 مىڭ مو ئازىيىپ كەتتى. بۇ تېرىلغۇ يەرنىڭ %82.8نى ئىگىلەيدۇ. 1977 - يىلدىن كېيىن تېرىلغۇ يەر ئۆزلۈكسىز ئازايدى. ئاساسىي سەۋەبلەر مۇنداق: بىرىنچى، شەرقتىكى 4 گوڭشې (قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گوڭشېلىرى) 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ 298 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى، 1982 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا تېرىلغۇ يەر 216 مىڭ 200 موغا چۈشۈپ، 81 مىڭ 800 مو كېمىيىپ كەتتى؛ ئىككىنچى، 1979 - يىلى گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆز قالدۇرۇقى (قالدۇرۇق يەر، باغلىق يەر، ئۆيلۈك يەر) كېڭەيتىلىپ، ئۆيلۈك يەر (قالدۇرۇق باغ يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 10 مىڭ 500 مو (شەرقتىكى 4 گوڭشېنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) كۆپەيدى؛ ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 14 مىڭ مو كېڭەيتىلدى. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىدا ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 676 مىڭ 600 مو بولۇپ، 1965 - يىلدىكىدىن 219 مىڭ 900 مو كېمەيگەن. 1949 - يىلدىكىدىن يەنىلا %53.84 ئاشقان. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە زىرائەتنىڭ ئەسلى تېرىلغۇ ۋە ئېچىلمىز تېرىلغۇ يېرى 611 مىڭ 100 مو بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 607 مىڭ 600 مو بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق تەرەققىياتى ئۈچۈن تېرىقچىلىق ئاساسى سېلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى**
**(مۇلۈكچىلىك بويىچە ئايرىلدى)**

ئىقتىساد: 1 — 3 . جەدۋەل

بىرلىكى: تۈمەن مو

| تۈرلەر / يىللار | يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | سۇلۇق ئېتىز | سۇغىرىلىدىغان يەر | ئومۇمىي خەلق ئىلكىدىكى | كوللېكتىپ ئىلكىدىكى | گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغىنى | باشقىلار |
| 1949 | 43.98 | | | | | | |
| 1955 | 55.77 | | | | | | |
| 1960 | 79.86 | 5.86 | 74 | 0.08 | 74.7 | 4.89 | 0.19 |
| 1965 | 89.65 | 2.32 | 87.33 | 0.04 | 83.79 | 5.64 | 0.18 |
| 1970 | 88.44 | 1.56 | 86.88 | 0.29 | 82.67 | 5.42 | 0,06 |
| 1975 | 55.51 | 3.73 | 51.78 | 0.24 | 52.31 | 2.89 | 0.07 |
| 1980 | 52.33 | 3.95 | 48.38 | 0.18 | 46 | 6.07 | 0.08 |
| 1985 | 67.66 | 3.53 | 64.43 | 0.17 | 54.63 | 12.43 | 0.43 |
| 1990 | 61.11 | 3.92 | 57.19 | 0.53 | 48.84 | 11.65 | 0.09 |

ئىزاھات: قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گوڭشېلىرى 1975 — 1982 - يىلغىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1982 - يىلى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. شۇڭلاشقا جەدۋەلدە1975، - 1980 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر بۇ 4 گوڭشېنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 2. يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش

1) شىمالىي قىزىل دەريا يەلپۈگۈچسىمان تىنما ئاشلىق، باغۋەنچىلىك رايونى

بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 80 مىڭ 535 مو (ئۆلچەملىك مو، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولۇپ، كىشى بېشىغا

1.9 مودىن توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەر سەمەن، خاڭدى، قوغان يېزىلىرىنىڭ ھەممە كەنتلىرى بىلەن ئەسلىدىكى 2 . باغۋەنچىلىك مەيدانىغا تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 — 1600 مېتىر، قىروسىز مەزگىلى 210 — 240 كۈن. تۇپرىقىنىڭ تولىسى سۇغىرىلما لاتقا تۇپراق، يېپىشقاق، تېرىلغۇغا باب كېلىش خۇسۇسىيىتى بىر قەدەر ياخشى، ئۈنۈمدارلىقى بىر قەدەر يۇقىرى. بۇغداي، ئاققوناق، كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتتىن %27.6 يۇقىرى. سەمەن يېزىسىنىڭ كۆكتات كۆلىمى 4800 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە كۆكتات كۆلىمىنىڭ %23 نى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 845 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ناھىيە بويىچە كۆكتات ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ %30 نى ئىگىلەيدۇ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ كۆكتات بازىسىدۇر. مېۋىلىك باغ 3024 مو، ئاماسلىقى، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. بۇ يەر ۋىلايەتنىڭ مەركىزى — قەشقەر شەھىرىنى ئوراپ تۇرىدۇ، مەھەللىۋى ئۈنۈمى ئەۋزەل، قاتناش قولاي، كۆكتات، مېۋە - چېۋە سېتىش بازىرى كەڭ.

## 2) شەرقىي شىمالىي قىزىل دەريا تىنما تۈزلەڭلىكى ئاشلىق، كېۋەز، باغۋەنچىلىك، ئوتلاق رايونى

بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 190 مىڭ 168 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 2.64 مودىن توغرا كېلىدۇ، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 10 مىڭ 645 مو. ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش ۋە بەشكېرەم يېزىلىرىنىڭ ھەممە رايونلىرىغا تارقالغان. تۇپرىقىنىڭ تولىسى سۇغىرىلما لاتقا تۇپراققا تەۋە، تۈپىسى نەم، توپا قاتلىمى نىسبەتەن قېلىن، ئورگانىك ماددا مىقدارى %0.6 ~ %1 كىچە. قىروسىز مەزگىلى 220 — 240 كۈن. كۈننىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2800 — 2900 سائەت. 0°C تىن يۇقىرى يىغىندا تېمپېراتۇرا 4800°C — 5500°C، 10°C تىن يۇقىرى يىغىندا تېمپېراتۇرا 4300°C — 4800°C. بۇ ناھىيە بويىچە ئىسسىقلىق مىقدارى ئەڭ مول بولغان دېھقانچىلىق رايونىدۇر. ئاشلىق، كېۋەز ۋە مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتتىن %15.9 يۇقىرى. پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتتىن %3.9 يۇقىرى، مېۋىلىك باغ كۆلىمى چوڭ، مېۋە مەھسۇلاتى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، بولۇپمۇ بەشكېرەم يېزىسىنىڭ «مېۋە - چېۋە ماكانى» دېگەن نامى بار. ئاقتاش يېزىسىنىڭ ئوت - چۆپى بولۇق، يۇمران بولۇپ، ناھىيە بويىچە بېدە كۆپ تېرىلىدۇ. مەزكۇر رايوننى 3 ئىككىنچى دەرىجىلىك رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) **ئاشلىق، باغۋەنچىلىك رايونى** تېرىلغۇ يەر 44 مىڭ 180 مو بولۇپ، بەشكېرەم يېزىسىغا تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ كۆلىمى 10 مىڭ 641 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە مېۋىلىك باغ كۆلىمىنىڭ %20.99 نى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى ناھىيە بويىچە مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتىنىڭ %26.41 نى ئىگىلەيدۇ. شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر ۋە چىلان كۆپ چىقىدىغانلىقى بىلەن داڭلىق، ناھىيە بويىچە مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. رايون ئىچىدىكى تۇپراقنىڭ تولىسى سۇغىرىلما لاتقا تۇپراق، توپا قاتلىمى قېلىن، كىلىماتى مۆتىدىل، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12°C تىن يۇقىرى، 10°C تىن يۇقىرى يىغىندا تېمپېراتۇرا 4500°C تىن يۇقىرى، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق پەرقى 32°C، سوتكىلىق پەرقى ئەڭ چوڭ بولغاندا %15.9، بۇ، مېۋىلەرنىڭ شېكەر توپلىشىغا ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ئىنتايىن پايدىلىق، بولۇپمۇ بۇ يەر قۇمالتاغنىڭ كۈنگەي يانباغرىغا جايلاشقان بولۇپ، كۈن نۇرى يېتەرلىك، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2900 سائەتتىن ئارتۇق. قىش پەسلىدە يۇقىرى بوشلۇق ئىللىق قاتلىمى تۇراقلىق، داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن. ئۈششۈكنىڭ زىيىنى ئاز. ھەممە ئائىلىنىڭ مېۋىلىك

بېغى بار. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى شەرقىي شىمالىي قىزىل دەريا تىنما تۈزلەڭلىك ئاشلىق، كېۋەز، باغۇەنچىلىك، چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارىدىن %9.5 يۇقىرى. پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى %16 يۇقىرى، بۇ رايون مېۋىلىك باغ ۋە ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

1990 - يىلى بەشكېرەم يېزىسىدىكى دېھقانلار ئىسلاھات دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ، يېڭىدىن 250 مو يەرگە ئالما، 147 مو يەرگە نەشپۈت، 4700 مو يەرگە ئۈزۈم، 1096 مو يەرگە شاپتۇل، 7858 مو يەرگە ئۆرۈك، 909 مو يەرگە چىلان، 6796 مو يەرگە باشقا مېۋىلىك دەرەخ تىكتى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 8151 تونىغا، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 161 تونىغا يەتكۈزدى.

**(2) قىزىل دەريا تىنما تۈزلەڭلىك ئاشلىق، ئوتلاق رايونى** بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 20 مىڭ 981 مو، كىشى بېشىغا 3.5 مودىن توغرا كېلىدۇ. ئاققاش يېزىسىغا تارقالغان. مەزكۇر رايوننىڭ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىڭ 500 مو، تەبىئىي ئوتلاق 364 مىڭ مو. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى شەرقىي شىمالىي قىزىل دەريا تىنما تۈزلەڭلىك ئاشلىق، كېۋەز، باغۇەنچىلىك، ئوتلاق رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتىدىن %28 تۆۋەن. 1982 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتە، چارۋا 11 مىڭ 707 تۇياق بولۇپ، كىشى بېشىغا 2 تۇياقتىن توغرا كەلدى. تارىختا بۇ رايون بىدە تېرىش بىلەن داڭلىق بولۇپ، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

1990 - يىلى ئاققاش يېزىسىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3037 تونىا، پاختا 399 تونىا، ياغلىق دان 163 تونىا، يىل ئاخىرىدىكى چارۋا 19 مىڭ تۇياق بولدى.

**(3) قىزىل دەريا تىنما تۈزلەڭلىك ئاشلىق، كېۋەز رايونى** بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 125 مىڭ 107 مو، كىشى بېشىغا 2.9 مودىن توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەر يېڭىئۆستەڭ، ئاۋات يېزىلىرىغا تارقالغان. بۇ رايوننىڭ يېرى تەكشى، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى نىسبەتەن ياخشى. كۆن نۇرى يېتەرلىك. ئاشلىق بىلەن كېۋەز ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 82 مىڭ 873 مو بولۇپ، شەرقىي شىمالىي قىزىل دەريا تىنما تۈزلەڭلىك ئاشلىق، كېۋەز، باغۇەنچىلىك، ئوتلاق رايونىنىڭ %62.4نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 14 مىڭ 556.5 تونىا بولۇپ %62.9نى ئىگىلەيدۇ. كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 133 مو بولۇپ، شەرقىي شىمالىي قىزىل دەريا تىنما تۈزلەڭلىك ئاشلىق، كېۋەز، باغۇەنچىلىك، چارۋىچىلىق رايونىنىڭ %75.8نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 440.5 تونىا بولۇپ، %75.2نى ئىگىلەيدۇ.

1984 - يىلى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى 13 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 495 تونىغا يەتكۈزۈپ، 1983 - يىلدىكىدىن %23 ئاشۇردى. 1990 - يىلى ئاۋات يېزىسىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8521 تونىا، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 620 تونىا، ياغلىق دان 344 تونىا، يىل ئاخىرىدىكى چارۋا 35 مىڭ تۇياق بولدى. 152 مو يەرگە نەشپۈت، 203 مو يەرگە ئۈزۈم، 1758 مو يەرگە شاپتۇل، 1688 مو يەرگە ئۆرۈك، 60 مو يەرگە چىلان، 297 مو يەرگە باشقا مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ، باغۇەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

**3) ئوتتۇرا قىزىل دەريا ئارىلىق ئويمانلىقى شالچىلىق رايونى** بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 24 مىڭ 662 مو. كىشى بېشىغا 2.5 مودىن توغرا كېلىدۇ، بۇ يەر پاختەكلە يېزىسىغا تارقالغان. بۇ رايوننىڭ يېرى تەكشى. سالا ئېتىزلار، يوللار، ئېرىق ئۆستەڭلەر يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، تۇپرىقى تولىراق شاللىق تۇپراق بىلەن نەم تۇپراقتا كىرىدۇ. ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى %4تىن يۇقىرى بولغان كۆلەم تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %10.75نى، %3 — %4كىچە بولغىنى %20.46نى، %1 — %2كىچە بولغىنى %48.88نى، %0.6 — %1 كىچە بولغىنى %19.91نى ئىگىلەيدۇ. رايون دائىرىسىدە سۇ بايلىقى مول، بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. 1984 - يىلى شال تېرىلغۇ كۆلىمى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ

%34نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى ناھىيە بويىچە شال مەھسۇلاتىنىڭ %41نى ئىگىلىدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 400 كىلوگرام، مول ھوسۇللۇق ئېتىزنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 950 كىلوگرام بولدى. بۇ ناھىيىنىڭ شالچىلىق بازىسىدۇر.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە شال تېرىلغان كۆلەم پۈتۈن تېرىلغۇ يەرنىڭ %6.6 نى ئىگىلىدى، شال مەھسۇلاتى 12 مىڭ 516 تونىنغا يەتتى.

### 4) ئوتتۇرا قىزىل دەريا يەلپۈگۈچسىمان تىنما ئاشلىق، كېۋەز رايونى

بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 169 مىڭ 648 مو، كىشى بېشىغا 3.7 مودىن توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەر زەمىن، ئوغۇساق، سايباغ يېزىلىرى بىلەن بېلىقچىلىق مەيدانى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلارغا تارقالغان. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى نېپىز، ئورگانىك ماددا مىقدارى تۆۋەن. 1981 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتە رايوندىكى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى رايوندىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %63.8نى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %13.3نى ئىگىلىدى. بۇ رايون ئاشلىق، كېۋەز ئۆستۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

### 5) جەنۇبىي گەز دەريا يەلپۈگۈچسىمان تىنما ئاشلىق، كېۋەز رايونى

بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 127 مىڭ 5 مو، بۇلاقسۇ، تېرىم ۋە تاشمىلىق يېزىلىرىدىكى 34 كەنتكە تارقالغان. تۇپرىقىنىڭ تولىسى سۇغىرىلما لاتقا تۇپراق ۋە شورلۇق كۆلرەڭ تۇپراق، قۇم كۆپ، ئوغۇت، سۇ ساقلاش ئىقتىدارى ناچار، %80تىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنىڭ ئورگانىك ماددا مىقدارى %1 تىن تۆۋەن. قىسمەن كەنتلەر بۇلاق سۈيىدىن پايدىلانغاندىن باشقا، قالغان كەنتلەر گەز دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ سۇغىرىدۇ. بىر قىسىم كەنتلەردە سۇ قىس، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتتىن %15 تۆۋەن. كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتتىن %30 ئەتراپىدا تۆۋەن. ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئاشلىق تېرىش، كېۋەز ئۆستۈرۈشكە، ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىنى ئاساس قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

### 6) غەربىي ھەزرىتى موللام تېغى ئۆزۈلمىسى تەخسە شەكىللىك ئويمانلىق ئاشلىق، كېۋەز رايونى

بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 62 مىڭ 160 مو، كىشى بېشىغا 2.9 مودىن توغرا كېلىدۇ. ئوپال يېزىسىغا تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1370 — 1500 مېتىر. دېھقانچىلىق رايونىنىڭ كۆپ قىسمى ھەزرىتى موللام تېغى ئۆزۈلمىسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى تەخسە شەكىللىك ئويمانلىقتا. تۇپرىقىنىڭ تولىسى سۇغىرىلما لاتقا تۇپراق. تۇپراق قاتلىمى ئادەتتە بىر مېتىردىن يۇقىرى، قۇرۇلمىسى ياخشى، يۇمشاق كۆپ كاۋاكلىق، سۈيىتى مۇۋاپىق، ئوغۇت، سۇ ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئورگانىك ماددا مىقدارى %0.51 — %1.64كىچە. ئېتىزلىرىنىڭ تولىسى بۇلاق سۈيىدە سۇغىرىلىدىغان رايوندا بولۇپ، ناھىيە بويىچە بىرلىك مەھسۇلاتى نىسبەتەن يۇقىرى، سۇغىرىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئاشلىق، كېۋەز رايونى. 1984 - يىلى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 39 مىڭ 160 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئاشلىق كۆلىمىنىڭ %6.3نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9232.3 تونىنا بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ %10نى ئىگىلىدى.

### 7) غەربىي شىمالىي قىزىل دەريا يەلپۈگۈچسىمان تىنما ئاشلىق، كېۋەز رايونى

بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ يەر 78 مىڭ 66 مو، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 4.2 مودىن توغرا كېلىدۇ. مۇش، لەڭگەر يېزىلىرىدىكى 18 كەنتكە تارقالغان. تۇپرىقىنىڭ تولىسى سۇغىرىلما لاتقا تۇپراق. تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆپ قىسمىدا تۇپراق قاتلىمى نېپىز، ئورگانىك ماددا مىقدارى تۆۋەن. سۇغىرىش شارائىتى ئادەتتىكىچە. بۇغداي، كوممىقوناق، ئاقغوناق، كېۋەز، ياغلىق دان تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ناچار، ئىھاتە ئورمىنى ئاز بولغاچقا، ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى كۆپ، بوراننىڭ زىيىنى بىر

قەدەر ئېغىر. مۇش يېزىسىنىڭ مىڭيول كەنتى دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز بولۇپ، تاغلىق رايونغا كىرىدۇ، كىلىماتى سالقىن، ئاشلىق تېرىشتىن سىرت يەنە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ياڭيۇ تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. 1984 ـ يىلى 400 مو يەرگە تېرىلغان ياڭيۇ ناھايىتى ئوخشىدى، سەمەن، لەڭگەر ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىنىڭ سۇيەتلىك ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى ئاساسەن قامدىدى.

## 4 § . زىرائەت سورتلىرى ۋە تېرىقچىلىق تۈزۈمى

### 1. زىرائەت سورتلىرى

1) بۇغداي 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 366 مىڭ 40 مو يەرگە تېرىلىپ، ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمىنىڭ 59.4%نى ئىگىلىدى. كۈزگى بۇغداي سورتلىرىدىن «تاڭشەن — 6898»، «خەنجۇ»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 2»، «قۇربان — 1»، «بېيجىڭ — 7»، «قەشقەر — 1»، «باقىبوق»، «ئاق بۇغداي»، «قىزىل بۇغداي»، «6814»، «3026»، «ئالبانىيە كۈزگىسى»، «شىمالىي جۇڭگو — 187» قاتارلىقلار بار. يازغى بۇغداي سورتلىرىدىن «قەشقەر باقىبوقى»، «مېكسىكا يازغىسى (سېيلوس يازغىسى)» قاتارلىقلار بار. «تاڭشەن — 6898» 1979 ـ يىلى كىرگۈزۈلۈپ، 1981 ـ يىلى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلدى. 1985 ـ يىلى تېرىلغۇ كۆلىمى 224 مىڭ 800 موغا يېتىپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 58.48%نى ئىگىلىدى. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزىلاردا تېرىلغان كۆلەم 245 مىڭ 900 مو بولدى. «قەشقەر — 1» 1976 ـ يىلى كىرگۈزۈلۈپ، 1983 ـ يىلى 36 مىڭ مو، 1985 ـ يىلى 21 مىڭ 800 مو يەرگە تېرىلىپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 6.03%نى ئىگىلىدى. «شىنجاڭ كۈزگىسى — 2» 1974 ـ يىلى كىرگۈزۈلۈپ، 1983 ـ يىلى 46 مىڭ 200 مو، 1985 ـ يىلى 53 مىڭ 900 مو يەرگە تېرىلىپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 14.88%نى ئىگىلىدى. «باقىبوق» يەرلىك سورت بولۇپ، 1983 ـ يىلى 64 مىڭ 500 مو، 1985 ـ يىلى 61 مىڭ 800 مو يەرگە تېرىلىپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 17.06%نى ئىگىلىدى. باشقا سورتلارنىڭ تېرىلغان كۆلىمى ناھايىتى ئاز بولدى.

2) شال ناھىيە بويىچە شال تېرىلغۇ كۆلىمى 44 مىڭ 900 مو بولۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 7.28%نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ «ئوتتۇراغول — 129»، «تومىلاق»، «ئاق قىلتىرىقلىق»، «قارا قىلتىرىقلىق»، «قاپاق ئۇرۇق»، «چىلگە»، «شالغۇت — 5»، «78 — 1»، «78 — 2» قاتارلىق سورتلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە «ئوتتۇراغول — 129» 1964 ـ يىلى كىرگۈزۈلگەن، 1983 ـ يىلى 9370 مو يەرگە تېرىلىپ، شال تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 21%نى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى مول ھوسۇللۇق كۆلەمنىڭ 95%نى ئىگىلىدى؛ «شالغۇت — 5»، «78 — 1»، «78 — 2» لار كېيىنلىكە قارشى تۇرالايدىغان، يۇقىرى ھوسۇللۇق سورتلار بولۇپ، 1983 ـ يىلى كىرگۈزۈلۈپ سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى، ھوسۇلى «ئوتتۇراغول — 129» نىڭكىدىن 27% — 60%كىچە يۇقىرى بولدى. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە «ئاق قىلتىرىقلىق» شال 21 مىڭ 53 مو يەرگە كېڭەيتىلدى؛ پاختەكلە، بۆلاقسۇ يېزىلىرى «ئوتتۇراغول — 129»نى 1830 موغا، «شالغۇت — 5»نى 3400 موغا، «78 — 2»نى 2100 موغا، «78 — 1»نى 3000 موغا كېڭەيتتى.

3) كۆممىقوناق، ئاققوناق 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغان كۆممىقوناق، ئاققوناق 198 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 32.22%نى ئىگىلىدى. كۆممىقوناق سورتلىرىدىن «ئوپال جاغدىسى»، «ئارا جاغدا»، «يەكەن سېرىق قونىقى»، «پاكار جاغدا»، «قۇم ئېرىق جاغدىسى»، «سۇغۇرلۇق ئارا جاغدىسى»، «ئالىبەرى»، «ۋۇدەن چىلگىسى»، «قوش شالغۇت ۋىل — 156»، «بېيجىڭ

ئاققونىقى»، «ئاق چىلگە»، «سېرىق چىلگە»، «سەمەر دېھقان»، «پەيزاۋات ئاق كۆممىقونىقى»، «سۇغۇرلۇق چىلگىسى»، «خوتەن سېرىق قونىقى»، «ئالتۇن مۇنار»، «ئايال پارتىزان»، «ئالتۇن خانىش»، «گۇما ئاق كۆممىسى»، «ئۈچ ئايلىق سېرىق كۆممە»، «بېيجىڭ چىلگىسى — 8» قاتارلىقلار بار. ئاققوناق سورتلىرىدىن «خوركا»، «يەرلىك ئاققوناق»، «632»، «مېكىيان»، «رەھمەت» قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن «ۋۈدەن چىلگىسى» 1974 - يىلى كىرگۈزۈلۈپ، چىلگە بۇغداي سورتى «تاڭشەن 6898» بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىلغاندا، مو بېشى مەھسۇلاتى 600 كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى. «بېيجىڭ چىلگىسى — 8» 1981 - يىلى كىرگۈزۈلدى، مو بېشى مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 469.5 كىلوگرامغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا بولۇپ ئىككى چىلگە سورتى (چىلگە بۇغداي سورتى بىلەن چىلگە كۆممىقوناق سورتى)نى كىرىشتۈرۈپ تېرىشتىكى ياخشى سورت ھېسابلىنىدۇ.

4) ئۈششاق قارا ئاشلىق ناھىيە تەۋەسىدە تېرىق، چۈژگۈن قوناق، ئارپا قاتارلىق قارا ئاشلىق تېرىلىدۇ. 70 - يىللاردىن ئىلگىرى كۆپرەك تېرىلاتتى، بۇلاردىن ئارپا 1965 - يىلى 34 مىڭ 200 مو يەرگە تېرىلدى. تېرىق تەكرار تېرىيدىغان خېلى ياخشى سورت بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 80 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، لېكىن مەھسۇلاتى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار بولغاچقا كۆلىمى ناھايىتى ئاز.

5) پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر ماش يەرلىك سورت. ئۇ ئادەتتە شال ئېتىزلىرى ئەتراپىغا دانلاپ تېرىلىدۇ ياكى كۆممىقوناق، ئاققوناق ئارىلىقىغا تېرىلىدۇ. بۇغداي ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن پىشىل ئوغۇت قىلىش ئۈچۈنمۇ تېرىلىدۇ. لېكىن تېرىلغۇ كۆلىمى ئانچە كۆپ ئەمەس. سېرىق پۇرچاق سورتلىرىدىن «مەنساڭجىن»، «دۇڭنۇڭ — 4» قاتارلىقلار بار. بۇ سورتلار 60 - يىللاردا كىرگۈزۈلگەن. ئادەتتە كۆممىقوناق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلىدۇ ياكى بۇغداي ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن تېرىلىپ، پىشىل ئوغۇت قىلىنىدۇ. مىقدارى كۆپ ئەمەس. كۆك پۇرچاق، ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تېرىلاتتى، شۇ ۋاقىتتا مەھەللىۋى سورت تېرىلاتتى، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا بۇغداي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلىدۇ. مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس.

## 2. تېرىقچىلىق تۈزۈمى

1) نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئارام ئالدۇرۇش بۇ — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق تۈزۈمى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بىر يىل تېرىپ، ئىككى يىل ئارام ئالدۇرۇش» ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. مىنگو دەۋرىدە تېرىلغۇ يەرنىڭ تولىسى شۇ يىلى تېرىلاتتى، ئاز قىسمى بىر يىل تېرىلىپ، بىر يىل ئارام ئالدۇرۇلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېرىقچىلىق تۈزۈمى ئۆزگەرتىلدى. 1953- يىلى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئارام ئالدۇرۇش يولى بىلەن تېرىلىدىغان كۆلەم تەدرىجىي ئازايتىلدى. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن كېيىن، سۇغىرىش شارائىتى بارلىكى تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن يېڭى بوزيەرلەردە نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئارام ئالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا يول قويۇلمىدى.

2) ئىگىز تېرىلغۇسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىگىز تېرىلغۇسىغا دائىر خاتىرىلەر يوق. مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئاز سانلىق دېھقانلار ئىگىز يېرىگە كۆكتات تېرىيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىگىز تېرىلغۇسى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 25 مىڭ 600 مو بولۇپ، شۇ يىلقى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %8.5نى ئىگىلىدى.

1950 - يىلدىن كېيىن ناھىيە بويىچە ئىگىز تېرىلغۇ كۆلىمى بارا - بارا كېڭەيتىلدى. 1985 - يىلغا بارغاندا 228 مىڭ 500 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %43.33نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 395 مىڭ 800 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %64.6نى ئىگىلىدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئېكىلىش كۆلىمى

ئىقتىساد: 1 — 4 ـ جەدۋەل                                                  بىرلىكى: تۈمەن مو

| يىللار | جەمئىي | ئاشلىق زىرائىتى | بۇنىڭ ئىچىدە: شال | كۆممىقوناق (ئاققوناق) | ياغلىق دان | باشقا زىرائەتلەر | كۆكتات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 2.56 | 1.73 | | 0.54 | | 0.83 | 0.35 |
| 1955 | 3.46 | 2.34 | | 0.74 | | 1.12 | 0.47 |
| 1965 | 13.69 | 11.84 | 0.45 | 6.89 | | 1.86 | 1.62 |
| 1975 | 8.16 | 6.17 | 0.50 | 3.77 | 0.01 | 1.98 | 1.27 |
| 1985 | 22.85 | 18.23 | 0.65 | 17.15 | 0.02 | 4.60 | 1.86 |
| 1990 | 21.58 | 21.58 | 1.02 | 20.44 | 0.19 | 5.06 | 1.78 |

**ئىزاھات:** 1975 ـ يىلدىكى ئېكىلىش تېرىلغۇ كۆلىمىگە قەشقەرگە ئايرىپ بېرىلگەن شەرقتىكى 4 گوڭشېنىڭ ئېكىلىش تېرىلغۇ كۆلىمى كىرگۈزۈلمىدى.

3) قوش ئارىلاپ كىرىشتۈرۈپ تېرىش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تاشمىلىق، ئوپال قاتارلىق يېزىلاردا يازغى بۇغداي بىلەن پۇرچاق تۇرىدىكىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، شال ئېتىزى ئەتراپىغا دانچىلاپ ماش تېرىش ئادىتى بار ئىدى، بىراق ئادەتتە قوش ئارىلاپ كىرىشتۈرۈپ تېرىيدىغان ئىش يوق ئىدى. 1956 ـ يىلى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن كېيىن، ساياباغ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى كۆممىقوناق يېرىگە پۇرچاق تۇرىدىكىلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىدى. قوغان يېزىسى ئۆلگە ئېتىزىغا ئاشلىق بىلەن كېۋەزنى، يازلىق، كۈزلۈك ئاشلىق زىرائەتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىشنى سىناق قىلدى، بىراق كۆلىمى ئىنتايىن ئاز بولدى. 1978 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى جايلارنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قوش ئارىلاپ كىرىشتۈرۈپ تېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ مو بۇغدايلىققا كېۋەزنى، 20 مىڭ مو بۇغدايلىققا كۆممىقوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، 8500 مو ئارپىغا كېۋەزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، 50 مىڭ مو 1 ـ تېرىم كۆممىقوناق، ئاققوناق يېرىگە سېرىق پۇرچاقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ھەم 1 ـ تېرىم كېۋەز، قوغۇن ـ تاۋۇز ئارىسىغا كۆممىقوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى كۈزدىن كېيىن پاختەكلە گوڭشېسىدا 3540 مو سېرىق پۇرچاق، 4000 مو ماش كىرىشتۈرۈپ تېرىلدى. ئاشلىق ھوسۇلى ئېشىش بىلەن تەڭ 29 مىڭ كىلوگرام پۇرچاق ئېلىندى. بۇ ھەرمو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.85 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

4) بىردە بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئوپال، تاشمىلىق، مۇش، لەڭگەر يېزىلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان يەرگە ئالدى بىلەن بىدە تېرىپ، 2 — 3 يىلدىن كېيىن ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىپ شال تېرىش تەجرىبىسى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن بۇيان بىدە بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى تېخىمۇ راۋاجلاندى. يەرگە بىدە ياكى قاشقىبىدە تېرىپ بىر ئىككى يىلدىن كېيىن (قاشقابىدە تېرىپ بىر يىلدىن كېيىن) ئۇنى

ئالغدۇرۇۋېتىپ شال، بۇغداي ياكى قارا ئاشلىق تېرىسا بىرلىك ھوسۇل 200 — 250 كىلوگرام يۇقىرى بولىدۇ. شال ئېگىزىگە كۆممىقوناق تېرىلسا، ئەملىك ياخشى بولغاچقا كۆممىقوناق تېز ئۆسۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى %20 ئەتراپىدا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

5) ئېگىز باستۇرۇپ ئۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا سەمەن رايونىنىڭ 5 ـ، 6 ـ يېزىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇغداي ئېگىزىگە ئادەتتە ئۈدا 4 يىلدىن ئارتۇق بۇغداي تېرىلغان، بەزىلىرىدە ئۈدا 6 — 7 يىل بۇغداي تېرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇغدايلىقتىكى سۇلۇ تۆپلىرىنىڭ سانى بۇغداي تۆپ سانىنىڭ تەخمىنەن %15گە يېتىپ، بۇغداينىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. ئېگىز باستۇرۇپ ئۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سۇلۇ يوقىتىلىپلا قالماي، ھەر جاينىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈلۈپ، ئېگىز باستۇرۇپ ئۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىشتىن ئىبارەت يېڭى تۈزۈم بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق:

ئاقتا يېقىن رايوندا: بېدە — شال — كۆممىقوناق — بۇغداي + ئېگىز تېرىلغۇسى — كېۋەز؛

بازار ئەتراپىدا: بۇغداي + كۆكتات — بۇغداي + كۆممىقوناق ياكى شال — قوغۇن ـ تاۋۇز — بۇغداي + كۆكتات — كېۋەز؛

تۈزلەڭ رايوندا: بۇغداي + شال — كۆممىقوناق — بۇغداي + كۆممىقوناق — كېۋەز — كېۋەز؛ بۇغداي + يېشىل ئوغۇت — بۇغداي + كۆممىقوناق — بۇغداي + كۆممىقوناق — كېۋەز — كېۋەز؛ كۆممىقوناق ياكى ئاقتوناق — قوغۇن ـ تاۋۇز — بۇغداي + كۆممىقوناق — بۇغداي + كۆكتات — كېۋەز.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى سورت قۇرۇلمىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 1 — 5 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن مو

| يىللار | ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى | بۇغداي | | شال | | كۆممىقوناق | | ئاقتوناق | | ئارپا | | تېرىق | | باشقىلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كۆلىمى | % | كۆلىمى | % | كۆلىمى | % | كۆلىمى | % | كۆلىمى | % | كۆلىمى | % | كۆلىمى | % |
| 1949 | 35.68 | 14.24 | 39.79 | 5.09 | 14.29 | 12.49 | 35.05 | 1.78 | 5 | | | | | 2.08 | 5.84 |
| 1958 | 53.93 | 20.69 | 38.4 | 9.95 | 18.50 | 15.58 | 28.9 | 5.47 | 10.10 | 0.11 | 0.2 | 0.09 | 0.17 | 2.04 | 3.78 |
| 1965 | 84.92 | 43.58 | 51.33 | 5.76 | 6.78 | 18.42 | 21.7 | 9.02 | 10.60 | 3.42 | 4.03 | 0.1 | 0.12 | 4.62 | 5.44 |
| 1975 | 49.46 | 24.54 | 49.62 | 4.04 | 8.17 | 14.37 | 29.05 | 2.28 | 4.61 | 1.9 | 3.84 | 0.04 | 0.08 | 2.29 | 4.63 |
| 1980 | 45.21 | 23.75 | 52.53 | 4.76 | 10.53 | 12.74 | 28.18 | 2.28 | 5.04 | 1 | 2.21 | | | 0.68 | 1.51 |
| 1985 | 62.08 | 38.14 | 61.44 | 3.53 | 5.26 | 18.20 | 29.32 | 2.10 | 3.38 | | | | | 0.41 | 0.66 |
| 1990 | 60.48 | 35.9 | 59.4 | 4.58 | 7.75 | 20.44 | 33.1 | | | | | | | | |

ئىزاھات: 1975 ـ، 1980 ـ يىلدىكى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى شەرقتىكى 4 گۇڭشېنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5 § . ئۆسۈملۈك ئاسراش

### 1. ئاساسلىق كېسەللىك زىيانداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

1) **دات كېسىلى** يوپۇرماق دېتى، يوللۇق دات كېسىلى، غول دېتى كېسىلى قاتارلىق 3 خىل ئىپادىسى بار. 50 - يىللاردا ۋە 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ناھىيە بويىچە بۇغداينىڭ بۇ كېسەللىكلەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىشى نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك بولدى. بۇ كېسەللىك كەڭ تارقالغان يىللاردا كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى %70تىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇغداي زىيانغا ئۇچراپ مەھسۇلات %5 — %10 كېمىيىپ كەتتى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى: كېسەللىككە قارشى تۇرغۇچى سورتلار تاللاپ ئىشلىتىلدى، كېسەللىك پەيدا بولغان رايونلاردا ۋاقتىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى. ئامىنو بېنزىن سولفونىك كىسلاتاسى (ناترىي) قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرى پۈركۈلۈپ تىزگىنلىنىپ، كېسەللىكنىڭ ياماراپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. كۈزگى بۇغداي بەك بالدۇر تېرىلمىدى، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنى تەڭشەپ بېرىشكە دىققەت قىلىندى، ئازوتلۇق ئوغۇت بەك كۆپ بېرىلمىدى. كۈزگى بۇغداي تېرىلغان يەرلەر ئەتىيازدا كولتىۋاتسىيە قىلىندى، ھوسۇل يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، يەر تېپىز ھەيدىلىپ ئېگىز كۆمۈۋېتىلدى، كېسەللىك كۆرۈلگەندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىلدى ۋەھاكازا.

2) **قاراكۈيە كېسىلى** ئاسانلا بۇغدايغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدە تاغقا يانداش رايونلاردا بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. 1979 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتە، بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى زەمىن گۈڭشېسىدا %3.9 — %20.5 كىچە، ئوپال گۈڭشېسىدا %0.45 — %15.9 كىچە بولدى، مەھسۇلات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %5 ئەتراپىدا كېمىيىپ كەتتى. ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئۇرۇقنى ئىلمان سۇغا چىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، 1953 - يىلدىن كېيىن سېرىسان، ئابوفىن قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 60 - يىللاردىن كېيىن ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، سورت ئالماشتۇرۇش، ئۇرۇق تاللاش، ئۇرۇقنى دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن دورىلاپ تېرىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلدى.

3) **يىپچە قۇرت كېسىلى** بۇ بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلاردا نۆۋەتلىك كۆرۈلىدۇ. 1978، 1980 - يىللاردىكى تەكشۈرۈشتە، سەمەن، زەمىن، سايباغ قاتارلىق گۈڭشېلاردا بۇ خىل كېسەللىك ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەيدا بولدى. ئېغىر بولغان جايلاردا كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى %40 تىن ئاشتى. تۇز سۈيى ئارقىلىق ئۇرۇق تاللاش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، ئۇرۇق ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىزچىل قوللىنىش ئارقىلىق بۇخىل كېسەللىك ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

4) **كۆممىقوناقتىكى يول - يول سىزىق كېسىلى** بۇ كېسەللىك ھەر يىلى سايباغ، ئوغۇساق قاتارلىق يېزىلاردا بالدۇر تېرىلغان كۆممىقوناقلىقتا كۆرۈلۈپ تۇردى. تېرىش مەزگىلىنى تەڭشەش، شۇ يەرگە باب سۈپەتلىك ئۇرۇقنى تاللاپ تېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى.

5) **ئاققوناقنىڭ قاتتىق قارا كۈيە كېسىلى** بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى %8.7 — %15.4 كىچە بولدى، ئېغىر بولغاندا %20كە يەتتى. بۇ ئاققوناققا ئاساسلىق زىيان يەتكۈزىدىغان كېسەللىكتۇر. ئۇرۇق سورتىنى ئالماشتۇرۇش، ئۇرۇقنى ئىزچىل دورىلاپ تېرىپ، كېسەللىكنى يىلتىزىدىن

يوقىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

6) شال ۋاباسى ئاساسلىقى پاختەكلە شالچىلىق رايونىدا كۆرۈلىدۇ. 1978 — 1979 - يىللىرى چوڭ دائىرىدە تارقالدى. كېسەل تەگكەن شالنىڭ يوپۇرمىقى قۇرۇپ، يىلتىزى سېسىپ كېتىدۇ. سېرىسان، ھاك سۈيى ۋە كىتازىن قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

7) كېۋەزدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك زىيانداشلىقى قورۇقلۇق كېۋەزدىكى بۆرجەكلىك داغ كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 12% — 15% كىچە، يىلتىز چىرىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 30% — 40% كىچە بولدى. مىسىر كېۋەزدە، كېسەل زىيانداشلىقىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولدى. ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا كېۋەزلىكنى تازىلاش، كېسەل تەگكەن شاخلارنى كېسىۋېتىش، ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىش ھەمدە چېكىتنى ئىلمان سۇغا چىلاش، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى ئارقىلىق تۆۋىنى چۆشۈرۈۋېتىش سېرىسانغا ئوخشاش دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى.

8) يېڭىسۇلەكتىكى ۋىرۇس كېسىلى ئادەتتە بۇ كېسەللىك ئومۇميۈزلۈك يۈز بەرمەي، ئايرىم يىللاردا ناھايىتى مەركەزلىك يۈز بەردى، ئېغىر بولغان جايلاردا پەيدا بولۇش نىسبىتى 90% ئەتراپىدا بولدى. ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا، تېرىش مەزگىلىنى تەڭشەش، ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، پەرگە دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

9) شاپتۇلدىكى ئاق تۇزان كېسىلى بۇ كېسەللىك كۆرۈلگەندە يوپۇرماق ئۈچىدا ئاق تۇزان پەيدا بولىدۇ، پەيدا بولۇشى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ. دورا پۈركۈش ئارقىلىق ئالدىنى ئالغىلى ۋە يوقاتقىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇغداي قارا كۈيە كېسىلى، بۇغداي قاتتىق قارا كۈيە كېسىلى، ئارپا ئاق پاختىلىشىش كېسىلى، ئارپا قاتتىق قارا كۈيە كېسىلى، كۆممىقوناق يېپىسمان قارا كۈيە كېسىلى، ئاقغوناق يېپىسمان قارا كۈيە كېسىلى، تېرىق قارا كۈيە كېسىلى، كېۋەزنىڭ سارغىيىپ سولىشىش كېسىلى، زاراڭزا دات كېسىلى، تاتلىق ياڭيۇ قارادا‌غ كېسىلى، يېمىشلەك ئاق پاختىلىشىش كېسىلى، ئالما سېسىش كېسىلى، ياڭاق سېسىش كېسىلى، تىرەك سېسىش كېسىلى، سۆگەت شاخلاپ كېتىش كېسىلى قاتارلىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇ كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كىچىك، زىيان سېلىش دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئانچە چوڭ تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

## 2. ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

1) يوپۇرماق پىتى بۇلاردىن بۇغداي پىتى، كېۋەز پىتى، ئاقغوناق پىتى ۋە شاپتۇل، ئۆرۈك، قاتتىق پىتلىرى ئۇچرايدۇ. 1958 -، 1962 -، 1971 - يىللىرى ناھىيە تەۋەسىدە بۇغدايغا ئومۇميۈزلۈك پىت چۈشتى. ئوپال گۇڭشېسىدا 1958 - يىلى پىتنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان كۆلەم بۇغداي كۆلىمىنىڭ 27% نى ئىگىلەپ، 5% تىن 10% كىچە ھوسۇل زىيانغا ئۇچرىدى. ھەر يىلى ئاقغوناق، كېۋەز، شاپتۇل، ئۆرۈكلەرگە پىت چۈشۈپ مەھسۇلات مىقدارىغا خېلى ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. بۇغداي پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، كۈزگى بۇغداي تېرىش مەزگىلىنى تەڭشەش ياكى ئۇرۇقنى ئورگانىك فوسفورلۇق دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ تېرىش، بۇغدايلىقتا پىت ئۆلتۈرۈش پاراشوكى، روگور، دەۋ، فوزالون، سۇمىتىئون چېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى. كېۋەز پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، كۈزنىڭ ئاخىرىدا ۋە ئەتىيازنىڭ بېشىدا قىشتىن ئۆتىدىغان ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش، كۈزلۈك گوما قىلىپ، قىشتىن ئۆتىدىغان تۇخۇملىرىنى ئۆلتۈرۈش، «3911» دېھقانچىلىق دورىسىنى ئۇرۇققا

ئارىلاشتۇرۇش، «1059»، رۇگور ئوكسىد قاتارلىقلارنى كېۋەزنىڭ غولىغا سۈركەش، يوپۇرمىقىغا ھەرخىل پىت ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنى چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. باشقا زىرائەتلەرگە پىت چۈشكەن ھامان دورا چېچىلدى.

2) **سېرىق ئۆمۈچۈك** 50 ـ يىللاردا پەيدا بولۇپ 70 ـ يىللاردا يامراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆممىقوناققا بولغان زىيىنى ئېغىر، يېنىكرەك بولغاندا يوپۇرماقلار سارغىيىپ كېتىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا بالدۇر سولىشىپ كېتىدۇ ياكى قۇرۇپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىشتا، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ۋاقتىدا چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

3) **يەر يولۋىسى** 1958 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 52 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردە پەيدا بولدى، شۇ يىلى 25 مىليون 920 مىڭدىن ئارتۇق يەر يولۋىسى تۇتۇلدى. يەر يولۋىسىنىڭ 1 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسى ئاساسەن كۆممىقوناق، ئاققوناق، كېۋەز، كۆكتات، كۆچەتلەرگە زىيان يەتكۈزۈپ، مايسىلارنىڭ كېمىيىپ، شالاڭلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ 2 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسى ئاساسەن ئېگىزگە تېرىلغان كۆممىقوناق، ئاققوناققا زىيان يەتكۈزىدۇ. 3 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسى بۇغداي، كۈزلۈك كۆكتاتلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا قىر ـ قاشلارنى ۋاقتىدا تازىلەپ قوچاقلارنى يوقىتىش، شېكەر قىيامى، چىراغ نۇرى ۋە ئورەكلەردىن پايدىلىنىپ لىچىنكىنى ئالداپ يوقىتىش، يەرگە دورا چېچىش، ئۇلارنى تۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

4) **كېۋەز تىرىپس قۇرتى** ھەر يىلى پەيدا بولىدۇ، كېۋەز مايسىسىغا ئومۇميۈزلۈك زىيان سالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە %10 ئەتراپىدىكى كېۋەز مايسىسى تىرىپس قۇرتىنىڭ زىيانداشلىقى سەۋەبىدىن باشسىز بولۇپ قالىدۇ، ياكى كۆپ باشلىق بولۇپ قالىدۇ. ۋاقتىدا دېھقانچىلىق دورىسى پۈركۈش ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە يوقىتىلىدۇ.

5) **قارىغۇ چىرىپاشكا** ناھىيەدە كېۋەز قارىغۇ چىرىپاشكىسى بىلەن ئوت ـ چۆپ قارىغۇ چىرىپاشكىسى ئۇچرايدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ئاساسەن كېۋەز چىرىپاشكىسى زىيان سالىدۇ، زىيان سېلىش نىسبىتى %50 ئەتراپىدا بولىدۇ. ۋاقتىدا دېھقانچىلىق دورىسى پۈركۈش ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە يوقىتىلىدۇ.

6) **چېكەتكە** ناھىيەدە ئاسىيا چېكەتكىسى (تارقاق تىپلىق)، ئىتالىيە چېكەتكىسى، قىزىل بويۇنلۇق چېكەتكە، سىبىرىيە چېكەتكىسى قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ، ئاساسەن سايباغ، بۇلاقسۇ ۋە مۇش يېزىسىنىڭ مېگىيول كەنتىدىكى ئوتلاقلاردا پەيدا بولىدۇ، ئوت ـ چۆپ ۋە ئوتلاققا يېقىن زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. 1956 ـ يىلى 31 مىڭ مو يەرگە دېھقانچىلىق دورىسى چېچىلىپ، چېكەتكىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى. ئۆلۈش نىسبىتى %80 — %90كە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن چېكەتكە ئاساسەن يوقالدى، ئايرىم يىللاردا ئوتلاقلاردا ئاز مىقداردا چېكەتكە پەيدا بولغان بولسىمۇ زىيان سالالمىدى.

7) **ئالما مېغىز قۇرتى** باغلاردا خېلى ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ. زىيان يەتكۈزۈش نىسبىتى %50 — %60 بولدى، ئېغىر بولغاندا %90تىن ئاشتى. دورا چېچىش ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىپ يوقىتىلىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

8) **نەشپۈت ئۆزەك قۇرتى** ئۇ ئالما، قۇم ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ. ئۇنىڭ زىيان سېلىش نىسبىتى ئالما مېغىز قۇرتىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ۋاقتىدا دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە يوقىتىلىدۇ.

9) **باھار ماگدامچى قۇرتى** ئۇ 1974 ـ، 1982 ـ، 1987 ـ يىللىرى بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ

ئۆزۈملۈكى ۋە 1 . چولڭ ئېترەتنىڭ توغراقلىقىدا پەيدا بولۇپ ئۆزمە، توغراقلارنىڭ يوپۇرمىقىنى ئاساسەن يەپ تۈگەتتى. ۋاقتىدا دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىدى ۋە يوقىتىلدى.

## قوشۇمچە
## ناھىيە تەۋەسىدىكى پارازىت ئۆسۈملۈكلەر

سېرىق يۆگەي، شۇمبۇيا قاتارلىقلار بار، ئۇلارنىڭ زىيان سېلىش نىسبىتى %30 — %40كىچە بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا %90كە يېتىدۇ. سېرىق يۆگەينىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا، ئۇرۇقنى ئالماشتۇرۇش ياكى كىگىزدە ئۇرۇق تاللاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. شۇمبۇينىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، يەرنى ئۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش، شۇمبۇينى يۇلۇۋېتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## 6 § . زىرائەت ئۆستۈرۈش

### 1. ئاشلىق زىرائەتلىرى

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 474 مىڭ 553 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %82.4نى ئىگىلەيتتى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 319 مىڭ 567 دادەن (31 مىڭ 965.5 توننىغا تەڭ)، مو بېشى مەھسۇلاتى 0.67 دادەن (67.34 كىلوگرامغا تەڭ) ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 356 مىڭ 300 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %81.01نى ئىگىلىدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 28 مىڭ 674.2 توننا، مو بېشى مەھسۇلاتى 86.25 كىلوگرام بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ئارقىلىق يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتتىنىڭ ئۆزگىرىشى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە كېڭەيتىلىشى ئارقىسىدا، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. 1955 - يىلى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 463 مىڭ 400 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %79.65نى ئىگىلىدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 59 مىڭ 365 توننىغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن %107.03 ئاشتى، مو بېشى مەھسۇلاتى 139.4 كىلوگرامغا يېتىپ، %61.62 ئاشتى. 1958 — 1962 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك سىياسىتىدە قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەش ۋە «چولڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ 1 - تېرىلغۇ، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 696 مىڭ 900 مو بولۇپ، ئىككى تېرىلغۇ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %84.24نى ئىگىلىدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 41 مىڭ 413 توننا بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن %30.24 تۆۋەنلەپ كەتتى، مو بېشى مەھسۇلاتى 79.9 كىلوگرام ئازىيىپ كەتتى. 1962 - يىل 9 - ئايدا مەركەزنىڭ «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا قارار»ى تارقىتىلدى. ناھىيە بۇ «قارار»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» نى ئىزچىل ئىجرا قىلدى. 1963 — 1966 - يىلغىچە يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى تەڭشىلىپ، «چولڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىدىن بۇيانقى خاتالىقلار تۈزىتىلگەنلىكتىن، ئاشلىق

ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. 1966 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ۋە ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 873 مىڭ 400 مو بولۇپ، مۇشۇ ئىككى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %03. 82نى ئىگىلىدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 65 مىڭ 627 توننا بولۇپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن %47. 58 ئېشىپ تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى، مو بېشى مەھسۇلاتى 75 كىلوگرام ئۆرلىدى. 1966 — 1978 ـ يىلغىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ئازراق كېمەيدى، ئومۇمىي مەھسۇلات 1971 ـ يىلى 69 مىڭ 8 توننىغا يەتكەندىن باشقا، قالغان يىللاردا بەزىدە ئېشىپ، بەزىدە كېمىيىپ، 1971 ـ يىلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات سەۋىيىسىگە يەتمىدى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 ـ يىلدىكى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ئازايغان بولسىمۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1983 ـ يىلى مەھسۇلات ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى، ئىشلەپچىقىرىشتا بۇغداينىڭ «تاڭشەن — 6898» سورتى، شالنىڭ «ئوتتۇراغول — 129»، «شالغوت — 5»، «78 — 1»، «78 — 2» قاتارلىق كېسەلگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق سورتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى، بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي بىلەن چىلگە كۆممىقوناقنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ تېرىشقا ئوخشاش ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. 1985 ـ يىلغا بارغاندا، ئاشلىقنىڭ 1 ـ تېرىلغۇ ۋە ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 623 مىڭ 900 مو بولۇپ، مۇشۇ ئىككى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %2. 72نى ئىگىلەپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %85. 13 كېمەيدى، مو بېشى مەھسۇلاتى 1. 150 كىلوگرامغا يېتىپ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ ئومۇمىي مەھسۇلات 93 مىڭ 5. 658 توننىغا يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %09. 45 ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرىچە %46. 5 ئېشىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 ـ يىلى 142 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %96. 39نى ئىگىلىگەن بولسا، ئەمدى 437 مىڭ 800 موغا يېتىپ، ئاشلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %17. 70نى ئىگىلىدى، بىرلىك مەھسۇلات 141 كىلوگرام بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 1. 32 ھەسسە ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلات 54 مىڭ 176 توننا بولۇپ، 5. 34 ھەسسە ئاشتى؛ بۇغداينىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1949 ـ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ %79. 29نى ئىگىلىگەن بولسا، ئەمدى %84. 57كە يەتتى. شال تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 ـ يىلى 50 مىڭ 900 مو بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %29. 14نى ئىگىلەيتتى، ئۇ 6700 مو ئازلاپ، %18. 5 تۆۋەنلىدى؛ بىرلىك مەھسۇلاتى 302 كىلوگرام بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكى 46. 99 كىلوگرامدىن 3. 04 ھەسسە ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 28 مىڭ 674 توننا بولۇپ، %38. 69 ئاشتى. ناھىيە بويىچە خەلق قارا ئاشلىق ئىستېمال قىلىشتىن تەدرىجىي ئاق ئاشلىق ئىستېمال قىلىشقا ئۆتتى. كۆپ قىسىم ئامما يىل بويى بۇغداي ياكى گۈرۈچ يەيدىغان، قارا ئاشلىقنى ناھايىتى ئاز يەيدىغان بولدى. دۆلەتكە تاۋار ئاشلىق تاپشۇرۇشتا، 50 ـ يىللاردا قارا ئاشلىق ئاساس قىلىناتتى، ئەمدى پۈتۈنلەي بۇغداي ۋە گۈرۈچ تاپشۇرۇلىدىغان بولدى.

1990 ـ يىلى يۇقىرى مەھسۇلات ئەندىزىسى بويىچە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1986 ـ يىلدىكى 8. 154 كىلوگرامدىن 1990 ـ يىلى 1. 189 كىلوگرامغا يەتتى؛ كۆممىقوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1986 ـ يىلدىكى 3. 160 كىلوگرامدىن 1990 ـ يىلى 170 كىلوگرامغا يەتتى. شۇ يىلى 130 مىڭ مو يەرگە بالدۇر پىشار بۇغداي بىلەن چىلگە قوناق يۇرۇشلەشتۈرۈپ تېرىلدى، بۇ ناھىيە بويىچە كۆممىقوناق كۆلىمىنىڭ %62نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى بۇ كۆلەم 220 مىڭ موغا كېڭەيتىلىپ، ھوسۇل %8 — %25 ئاشۇرۇلدى، 12 مىڭ 516 توننا شال ئېلىندى.

## 2 . كېۋەز

كېۋەز — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائىتى، ئۇنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى

تېرىلىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى زامانىدىلا بۇ يەردە كېۋەز تېرىلاتتى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 11 مىڭ 300 مو كېۋەز تېرىلىپ، ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 10.5 كىلوگرام بولدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 10 مىڭ 200 مو كېۋەز تېرىلىپ، ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 10.3 كىلوگرام بولدى، سورتى پۈتۈنلەي يەرلىك سورت ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كېۋەز تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، 1966 - يىلى كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 84 مىڭ 700 موغا يەتتى، 1985 - يىلى 105 مىڭ 200 موغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 9.3 ھەسسە ئاشتى.

1949 — 1985 - يىلغىچە ناھىيە تەۋەسىدە كېۋەزنىڭ سورتى 3 قېتىم چوڭ كۆلەمدە ئالماشتۇرۇلدى. 1950 — 1954 - يىلغىچە ئاساسەن يەرلىك سورت تېرىلىپ، مو بېشى ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 15 كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى (ساپ پاختا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش). 1955- يىلى «3173» كېۋەز سورتى كىرگۈزۈلۈپ يەرلىك سورتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلدى، 1956 - يىلى مو بېشى مەھسۇلاتى 31.6 كىلوگرامغا يېتىپ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1956 - يىلى 42 مىڭ 700 مو تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 1350.5 توننىغا يەتتى. 1957 - يىلى قورۇقلۇق كېۋىزىنىڭ «فېيزى — 108» سورتى كېڭەيتىلىپ، «3173» كېۋەز سورتىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىدى. 60 - يىللاردا مىسىر كېۋىزى — «يېڭى مىسىر 5230»، «C6200»، قورۇقلۇق كېۋىزى «ھەربىي كېۋىزى — 1» قاتارلىق سورتلار كىرگۈزۈلدى. 1966 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى سالڭ باۋخې دارامەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە چاقىرىق قىلدى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قوغان گۇڭشېسىنىڭ 1 - چوڭ ئەترىتىدە ئۇقتىدا تۇردى. يىل ئاخىرىدا چوڭ ئەترەتنىڭ 300 مو كېۋەزلىكىدىكى ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 47.2 كىلوگرامغا، قورۇقلۇق كېۋىزىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 75.5 كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40% ۋە 42.45% ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلات 1.1 ھەسسە ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىم 47.69% كۆپەيدى. 1980- يىلى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2735.5 توننا بولۇپ، 1979 - يىلدىكىدىن 4.84 ھەسسە ئاشتى. 1983 - يىلى كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 102 مىڭ 200 موغا تەڭشەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «فېيزى — 108» كېۋىزى 98 مىڭ مو يەرگە تېرىلىپ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 95.9%نى ئىگىلىدى، «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» نىڭ كۆلىمى 4200 مو بولۇپ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 4.1%نى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى 6800 مو يەرگە قورۇقلۇق كېۋەز تېرىلىپ، مو بېشىدىن 101.5 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - ئەۋلاد دەسلەپكى سورت 160 مو بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 130.5 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 153.5 كىلوگرامغا يەتتى، تالا ئۇزۇنلۇقى 29 مىللىمېتىر بولدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4402 توننىغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 5.82 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرىچە 28.59% تىن ئېشىپ باردى، 1949- يىلدىكىدىن 41.73 ھەسسە ئاشتى؛ مو بېشى مەھسۇلاتى 42 كىلوگرام بولۇپ، 1978- يىلدىكىدىن 1.4 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 3.08 ھەسسە ئاشتى. 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە «قەشقەر كۈزگىسى — 1» 13 مىڭ مو يەرگە، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 2» 51 مىڭ 248 مو يەرگە، «ياقىبۇق» 52 مىڭ 879 مو يەرگە، «قەشقەر كۈزگىسى — 5» 330 مو يەرگە، «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» 91 مىڭ 571 مو يەرگە، «شىنجاڭ قورۇقلۇق چىلگە كېۋىزى — 1» 9913 مو يەرگە تېرىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1982 - يىلى پاختا «ئىشلەپچىقىرىش پروگراممىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيە تەۋەسىدە بويى پاكار، زىچ، بالدۇر ئېچىلىدىغان كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدى. 5 يىل تەشۋىق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، 1988 -

يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ناھىيە بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. كېۋەز ئۆستۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ھەر مو يەرگە 8000 تۈپ، 9000 تۈپ، 10 مىڭ تۈپ قىلىپ، 3 دەرىجە بويىچە كېۋەز تېرىلدى. 1990 - يىلى ناھىيىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى 8097 توننىغا يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە «شىنجاڭ قۇرغاقلىق چىلگە كېۋىزى»نى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىشنى ئاساس قىلدى. پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 1986 - يىلدىكى 43.7 كىلوگرامدىن 49.5 كىلوگرامغا يەتتى.

## 3. ياغلىق دان

ناھىيىدە، تالڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى زىغىر تېرىلاتتى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيىدە 16 مىڭ 800 مو يەرگە زىغىر، 500 مو يەرگە ئاپتاپپەرەس تېرىلغان. زىغىرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6055 دادەن، مو بېشى مەھسۇلاتى 35 كىلوگرام بولغان. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 30 مىڭ 100 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 722 توننا، مو بېشى مەھسۇلاتى 23 كىلوگرام بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياغلىق دان مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1964 - يىلى چوڭ دانلىق زىغىر سورتى كىرگۈزۈلدى. بۇ سورتنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، 1 - تېرىمغا تېرىشقىمۇ، بالدۇر پىشار بۇغداي يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئىككىنچىگە تېرىشقىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 37.5 كىلوگرامدىن 50 كىلوگرامغىچە بولۇپ، يەرلىك كەندىردىن %40 ئەتراپىدا ئارتۇق. 1978 - يىلى ياغلىق ئاپتاپپەرەس كىرگۈزۈلۈپ، 1983 - يىلى 2971 مو يەرگە تېرىلدى، بۇ ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %87.9نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى 110 — 120 كۈن، مو بېشى مەھسۇلاتى 25 — 100 كىلوگرام بولىدۇ. ياغلىق ئاپتاپپەرەسنى 1 - تېرىمغا تېرىشقىمۇ، ئىككىنچىگە تېرىشقىمۇ بولىدۇ، ئېتىز قىر - بۇلۇڭلىرىغا تېرىشقىمۇ بولىدۇ. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى ياغلىق زىرائەتلەر 1 - تېرىمغا، ئادەتتە 3 - دەرىجىلىك يەرگە تېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر قىسمى 1 - تېرىمغا تېرىلغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى ئېتىزلارنىڭ قىر - بۇلۇڭلىرىغا قوشۇمچە تېرىلدى. مەھسۇلاتتا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ياغلىق دان ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، يول بويلىرى، ئېتىز قىر - بۇلۇڭلىرىغا ئوخشاش بوش يەرلەرگە تارقاق تېرىلدى، بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 - يىلدىكى 30 مىڭ 100 مودىن 26 مىڭ 200 موغا قىسقىرىپ، %12.29 ئازايدى؛ مو بېشى مەھسۇلاتى 129.5 كىلوگرام بولۇپ (1 - تېرىمغا تېرىلغان مەھسۇلاتمۇ بار) 1978 - يىلدىكىدىن 1.86 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 4.07 ھەسسە ئاشتى؛ ئومۇمىي مەھسۇلات 3388 توننا بولۇپ، 1949 - يىلدىكىدىن 3.69 ھەسسە ئاشتى. 1990 - يىلى ناھىيىدە ياغلىق ئاپتاپپەرەس ناھايىتى ئاز تېرىلدى، ئومۇمىي مەھسۇلات 4236 توننا بولدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1985 — 1990 - يىلغىچە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى**

ئىقتىساد: 1 — 6 - جەدۋەل

بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 93658.5 | | 4402 | | 3388 | |
| 1986 | 101150 | 0.90 | 4470.7 | 90.15 | 3667 | 8.32 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 102865 | 1.70 | 5311 | 18.80 | 4381 | 16.30 |
| 1988 | 104292 | 1.39 | 6901 | 29.94 | 4539 | 3.40 |
| 1989 | 109292 | 4.50 | 5500 | -2.50 | 4500 | 0.10 |
| 1990 | 116899 | 6.50 | 8097 | 32 | 4236 | -7.27 |

## 7 § . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى، دېھقانچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى

### 1. سورت ياخشىلاش

چىلىق سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ زىرائەت سورتلىرى كۆپ ھەم شالغۇتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يەرلىك سورتلار ئاساس قىلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئوكرائىنا — 83»، «ئوكرائىنا — 84»، «بىما — 1» بۇغداي سورتلىرى، «3173»، «فېيزى — 108» كېۋەز سورتلىرى ۋە قىچا سورتى قاتارلىق يېڭى سورتلار ئارقا ـ ئارقىدىن كىرگۈزۈلدى. سىلىشتۇرۇپ سىناپ تېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «باقىبوق» قاتارلىق مەھەللىۋى سورتلار ساپلاشتۇرۇلۇپ ۋە يېڭىلىنىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىنىڭ «ئۆزى تاللاش، ئۆزى يېتىشتۈرۈش، ئۆزى كۆپەيتىش، ئۆزى تېرىش» فاڭجېنىغا بىنائەن، ناھىيە، گۇڭشې، ئەترەتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، بۇغداينىڭ «شىمالىي جۇڭگو — 187»، «شىمال — 11» سورتلىرى، «ئوتتۇرا غول — 129» شال سورتى، «ۋېل — 156» قوش شالغۇتلاشقان كۆممىقوناق سورتى، «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1»، ئۆزۈن تالالىق كېۋەز ۋە «ۋېل — 165» زىغىر سورتى قاتارلىق سورتلار داۋاملىق تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتىلدى. 1966 ـ يىلى قوغان، ئوغۇساق، سايباغ گۇڭشېلىرىدا سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش نۇقتىلىرى قۇرۇلۇپ سورتلۇق ئۇرۇقلار كۆپەيتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى. 1967 ـ يىلى قوغان گۇڭشېسىنىڭ 1 ـ چوڭ ئەترىتىدە «فېيزى — 108» سورتلۇق چىگىتتىن 50 توننىغا يېقىن ساپلاشتۇرۇلدى ۋە يېڭىلاندى، 4 ـ ئەۋلاد يېڭىلىنىش كۆلىمى 30 مىڭ مۇغا يېتىپ، بىرلىك مەھسۇلات %10 — %20 ئاشتى. پاختا نىسبىتى %34تىن %38 — %40گىچە ئۆستى. تالاسى 27 مىللىمېتىردىن 28 — 29 مىللىمېتىرغا يەتتى. نۇقتىلىق سىناق ئەترەتلىرىدە مو بېشى مەھسۇلاتى 75 — 80 كىلوگرامغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇغداينىڭ «شىمالىي جۇڭگو — 187»، «باقىبوق» سورتلۇق ئۇرۇقىدىن 50 توننا يېتىشتۈرۈلدى.

1968 ـ يىلدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى بوشاشتۇرۇۋېتىلىپ قويۇلدى، زىرائەت سورتلىرى شالغۇتلىشىپ، چېكىنىپ كەتتى. 70 ـ يىللاردا ناھىيىدە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلۇپ، سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى ھەمدە دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرى شالغۇتلاشتۇرۇلغان كۆممىقوناق ئۇرۇقى، ئاققوناق ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خېيىنەن ئارىلىغا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر قايسى گۇڭشېلاردا «ئۇرۇقچىلىق ئەترىتى»، «ئۇرۇق ئېتىزى» بەرپا قىلىندى. سەمەن گۇڭشېسىنىڭ 5 ـ چوڭ ئەترىتى 1974 ـ يىلدىن باشلاپ سورتلارنى تەجرىبە قىلىپ سىلىشتۇرۇش ۋە ساپلاشتۇرۇش، يېڭىلاش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز ئەترىتىنىڭ تۇپراق،

سۇ، ئوغۇت، كىلىمات قاتارلىق شارائىتلىرىغا ماس كېلىدىغان «قەشقەر كۆزگىسى — 1»نى تاللاپ چىقتى. 1975 - يىلغا كەلگەندە بۇ ئەترەت سورتلۇق ئۇرۇقنى ئومۇملاشتۇردى ھەمدە گۇڭشېنى 16.5 توننا سورتلۇق ئۇرۇق بىلەن تەمىنلىدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر قايسى گۇڭشې - ئەترەتلەر سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش - كېڭەيتىش خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. 1983 - يىلى پاختەكلە گۇڭشېسى 12 مىڭ مو شاللىققا پۈتۈنلەي «ئوتتۇراغول — 129» ئېلا سورتىنى تېرىپ، مو بېشى مەھسۇلاتنى 402.5 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، 1980 - يىلدىكى 187.5 كىلوگرامدىن 1.15 ھەسسە ئاشۇردى؛ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتنى 990.15 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە شالنىڭ «78 — 1»، «78 — 2» ۋە «شالغوت — 5» قاتارلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئېلا سۈپەتلىك ئۇرۇقى كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلات 650 كىلوگرام ئەتراپىغا يەتكۈزۈلدى، سۈپەت تېخىمۇ ياخشىلاندى. بۇغداينىڭ «قەشقەر كۆزگىسى — 1»، «شىنجاڭ كۆزگىسى — 2»، «تاڭشەن — 6898» قاتارلىق سورتلىرى سىناپ تېرىلىپ، كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، مەھسۇلات ئۈزلۈكسىز ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلات 1980 - يىلى ئوتتۇرىچە 93.5 كىلوگرام، 1981 - يىلى 121 كىلوگرام، 1982 - يىلى 133.5 كىلوگرام، 1983 - يىلى 143.5 كىلوگرام بولدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتمۇ ئۇدا 3 يېڭى بالداقتا كۆتۈرۈلدى. 1984 — 1985 - يىللىرى سورتلۇق ئۇرۇقنى رايونلاشتۇرۇش سىنىقىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ، «ئۈچ ئېتىز» (باشاق - قۇر ئايرىلىقى تەجرىبە ئېتىزى، توپ سانى تەجرىبە ئېتىزى، ئەسلى سورت تەجرىبە ئېتىزى) تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە «3 ئېتىز» 449.45 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشاق - قۇر ئايرىلىقى تەجرىبە ئېتىزى 17.25 مو، توپ سانى تەجرىبە ئېتىزى 46.9 مو، ئەسلى سورت تەجرىبە ئېتىزى 385.3 مو. بىر يىلدا 1711 توننا سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈلىندى، 1532.25 توننا ئۇرۇق سېتىلدى. 1985 - يىلى ئۇرۇق كەسپىي ئائىلىسى 4130 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقلۇق بۇغداي كەسپىي ئائىلىسى 678، ئۇرۇقلۇق كېۋەز كەسپىي ئائىلىسى 3414، ئۇرۇقلۇق كۆممىقوناق كەسپىي ئائىلىسى 8، ئۇرۇقلۇق شال كەسپىي ئائىلىسى 30، ئۇلارنىڭ باشقۇرغان «ئۈچ ئېتىزى» 672.1 مو بولدى. ناھىيە بويىچە 1 - ئەۋلاد ئەسلى سورت ئېتىزى 4118 موغا، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينىڭ 1518 موغا، كېۋەزنىڭ 2600 موغا يەتتى.

1990 - يىلى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى يۇقىرى ھوسۇللۇق سورتلارنى كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سورتلۇق ئۇرۇقلارنى كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ناھىيىنى 1 مىليون 216 مىڭ كىلوگرام «تاڭشەن — 6898» بۇغداي ئۇرۇقى، 24 مىڭ 300 كىلوگرام «تيەنجىن مول ھوسۇل — 1» بۇغداي ئۇرۇقى ۋە 23 مىڭ كىلوگرام يۇقىرى ھوسۇللۇق «78 — 1» شال ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلىدى. 3 مىليون 758 مىڭ كىلوگرام «تاڭشەن — 6898» بۇغداي ئۇرۇقى، 787 مىڭ 500 كىلوگرام «243 — 1» شال ئۇرۇقى، 66 مىڭ 300 كىلوگرام «بېيجىڭ چىلگىسى — 8» كۆممىقوناق ئۇرۇقى، 1 مىليون كىلوگرام «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگىسى — 1» ئۇرۇقلۇق چىگىت يېتىشتۈرۈپ چىقتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە شال ئۇرۇقلۇق ئېتىزىدىن، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن ئۇرۇقچىلىق مەيدانى 75 مو تېرىپ، 1 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق ئالدى؛ يېزىلاردىكى توختاملاشقان بازىلار 79 مو تېرىپ، 42 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق ئالدى؛ يېزا - كەنتلەردىكى ئۇرۇقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدىن 360 ئائىلە 1000 مو تېرىپ، 560 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق ئالدى. بۇغداي ئۇرۇقلۇق ئېتىزىدىن يېزىلاردىكى توختاملاشقان بازىلار 1450 مو تېرىپ، 560 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق ئالدى؛ يېزا - كەنتلەردىكى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىكى 4000 ئائىلە 15 مىڭ مو تېرىپ، 4 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق ئالدى.

1990 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 1 — 7 - جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن مو، تۈمەن كىلوگرام

| سورتلار | تۈرى | ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى | يۇنىلىك ئىچىدە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | ئەمەللىگەن ئۇرۇق | يۇنىلىك ئىچىدە: سېتىلغىنى | يۇنىلىك ئىچىدە: ئەكشەلگىنى | ئاللانغان ئۇرۇق مىقدارى | كېڭەيتىلگەن كۆلەم | يۇنىلىك ئىچىدە: ئالماشتۇرۇلغىنى | يۇنىلىك ئىچىدە: يېڭىلانغىنى | كۆممىقوناق شالغوت 1 - ئەۋلاد كۆلىمى | ئەكىشتۈرۈلگەن قېتىم كۆلىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | جەمئىي | 506 | 4.8 | 124.03 | 20.39 | 103.64 | 20.39 | 33.1238 | 0.16 | 21.2 | | 0.1665 |
| | تاكشەن—6898 | 375.8 | 4.8 | 121.6 | 17.96 | 103.64 | 17.96 | 3.4049 | | 21.2 | | 2.3165 |
| | تيەنجىن مول ھوسۇل —1 | | | 2.43 | 2.43 | | 2.43 | 0.16 | 0.16 | | | |
| | قەشقەر كۈز-گىسى—1 | | | | | | | 0.4492 | | | | |
| | شىنجاڭ كۈزگىسى—1 | | | | | | | 2.0997 | | | | |
| | 9 — 83 | | | | | | | 0.01 | | | | 0.01 |
| شال | جەمئىي | 165.2 | | 2.8 | 2.8 | | | 2.4550 | | | | 2.4144 |
| | 1 — 78 | | | 2.3 | 2.3 | | | 2.43 | | 0.762 | | 0.1 |
| | 1 — 243 | 78.75 | | 0.5 | 0.5 | | 3.0004 | 0.0250 | 0.025 | | | 0.0144 |
| | باشقىلار | | | | | | | | | | | 2.3 |
| كۆممىقوناق | جەمئىي | 27.23515 | | 29.67 | 29.67 | | 26.55 | 13 | 4.7 | 8.3 | 0.1886 | 6.7776 |
| | بېيجاڭ چىلگىسى—8 | 6.6348 | | | | | | | 2.7 | | | 0.0766 |
| | مودەن 21 — 86 | 12.83585 | | | | | | | 0.5 | 2 | | 0.056 |
| | ئوتتۇرا جەنۇب — 1 | 7.7645 | | | | | | | 1.5 | 6.3 | | 0.045 |
| | باشقىلار | | | | | | | | | | | 6.6 |
| كېۋەز | جەمئىي | 200. | | 140.3 | 140.3 | | | 15 | | 0.8686 | | 2.6886 |
| | شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى—1 | 100 | 1.5 | | | | | | | 0.86 | | 0.88 |
| | شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا پىشار كېۋىزى—1 | 0.6450 | | | | | | | 0.0086 | 0.0086 | | 0.0086 |
| | باشقىلار | 99.355 | | | | | | | | | | 1.8 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ياغلىق دان | جەمئىي | | | | | | | | | | | |
| | ياغلىق ئاپتاپپەرەس | | | 0.77 | 0.77 | | | | | | | |
| بېشىل ئوغۇت | جەمئىي | | | | | | | | | | | |
| | بېدە | | | 0.27 | 0.27 | | | | | | | |
| پۇرچاق تۈرىدىكىلەر | جەمئىي | 0.15 | | 0.03 | 0.03 | 0.15 | | | | | | |
| | جۇڭگو مېشى—1 | 0.15 | | 0.03 | 0.03 | 0.15 | | | | | | |

## 1990 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سورتلۇق ئۇرۇقنىڭ سېتىۋېلىنىش، سېتىلىش، ئامباردا ساقلىنىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 1 — 8-جەدۋەل

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرلەر / سورتلار | دەسلەپتە ئامباردا ساقلانغىنى | سېتىۋېلىنغىنى | | | ئاشقان مىقدارى | سېتىلىش مىقدارى | | باشقىلار | سەرپىيات مىقدارى | ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | سېتىۋېلىنغىنى | رايونغا يۆتكەلگىنى | | جەمئىي | ئىشلەپچىقىرىشقا ئەمەللەنگىنى | | | |
| چولق جەمئىي | 23.67 | 211.81 | 184.42 | 27.39 | 0.05 | 184.48 | 184.48 | 2.75 | 2.32 | 17.43 |
| 1. ئاشلىق زىرائەت بويىچە جەمئىي | 17.23 | 74.03 | 47.76 | 26.27 | | 52.86 | 52.86 | 2.75 | | 35.65 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: شال | 0.52 | 8.92 | 3.41 | 5.51 | | 2.80 | 2.80 | | | 6.64 |
| بۇغداي | 2.95 | 20.23 | 17.8 | 2.43 | | 20.39 | 20.39 | 2.75 | | 0.04 |
| كۆممىقوناق | 13.76 | 44.88 | 26.55 | 18.33 | | 29.67 | 29.67 | | | 28.97 |
| 2. ياغلىق دان بويىچە جەمئىي | 0.02 | 1.05 | | 1.05 | | 0.77 | 0.77 | | | 0.3 |
| ئاپتاپپەرەس | | 1.05 | | 1.05 | | 0.77 | 0.97 | | | 0.38 |
| پۇرچاق | 0.02 | | | | | | | | | 0.02 |
| 3. ئىقتىسادىي زىرائەت بويىچە جەمئىي | 5.19 | 136.34 | 136.29 | 0.05 | | 140.3 | 140.3 | | | 0.43 |
| كېۋەز | 5.19 | 136.34 | 136.29 | 0.05 | | 140.3 | 140.3 | | | 0.43 |
| 4. بېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرى بويىچە جەمئىي | 1.21 | 0.57 | 0.37 | | 0.03 | 1.17 | 1.17 | | | 0.44 |
| قاشقا بېدە | 0.32 | 0.21 | 0.21 | | | 0.27 | 0.27 | | | 0.26 |
| بېدە | 0.83 | 0.01 | 0.01 | | | 0.87 | 0.87 | | | |
| ماش | 0.06 | 0.15 | 0.15 | | | 0.03 | 0.03 | | | 0.18 |
| 5. كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز بويىچە جەمئىي | 0.02 | 0.02 | | 0.02 | | 0.01 | 0.01 | | | 0.03 |

## 2. تۇپراقنى ياخشىلاش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تۇپرىقىدا ئازوت ئاز، فوسفور كەمچىل، كالىي ئارتۇق، ئورگانىك ماددىلارنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى 0.78% بولۇپ، ئومۇمەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن. تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز كۆلىمى كۆپ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىش خەۋپى ئېغىر، شورلۇق يەرلەر تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 58%نى ئىگىلەيدۇ. تۇپراقنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

1) كۆزلۈك ئاختاما قىلىش ۋە يەر ئاغدۇرۇش 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى بوغداي ئېتىزى 1 — 2 قېتىم ئاختاما قىلىناتتى. كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلۈشتىن كېيىن تېرىلغۇ يەرلەر كۈزدە ئاغدۇرۇلىدىغان بولدى. لەڭگەر گۇڭشېسى 1969 - يىلدىن ئىلگىرى بۇنىڭغا سەل قارىغاچقا ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى باسمىغانىدى. 1969 - يىلدىن باشلاپ باشقا تەدبىرلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاختاما قىلىنىدىغان يەرنى 10 مىڭ مودىن 16 مىڭ موغا كۆپەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 6000 مو يەرنى 2 قېتىم، 8000 مو يەرنى 3 قېتىم ئاختاما قىلدى. 1976 - يىلغا كەلگەندە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1969 - يىلدىكىدىن 39.2% ئاشۇردى.

2) شورنى چىقىرىپ تاشلاپ تۇپراقنى ياخشىلاش تېرىلغۇ يەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشى — دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خەۋپ. شورنى تۈگىتىپ تۇپراقنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم 1963 - يىل 3 - ئايدا شورلىشىپ كېتىشنىڭ زىيىنى ئېغىر بولغان ئوغۇساق قاتارلىق گۇڭشې، ئەترەتلەرگە مەخسۇس گۇرۇپپا ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ جايلارنىڭ زەيكەش چېپىش، قۇم تىندۇرۇش، جىگدە تىكىش، شال، قوغۇن - تاۋۇز تېرىپ تۇپراقنى ياخشىلاش، «يەرنى ئېگىز قىرلاپ چىلاپ سۇغىرىش» تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ چىقتى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 943 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، شورلىشىپ كېتىشى نىسبەتەن ئېغىر رايونلاردا ئومۇمىيۈزلۈك جىگدە تىكىلدى.

## 3. مۇۋاپىق ئوغۇتلاش

يازلىق يىغىم ۋە كۈزلۈك تېرىمدىن كېيىنكى مەزگىل ئوت - چۆپلەر بويۇرماق تاشلايدىغان مەۋسۇم. مۇشۇ مەۋسۇمدا ۋەزىپە ۋە ۋاقىت بېكىتىلىپ، ئامما سەپەرۋەر قىلىنىپ، دائىملىق ئوغۇت توپلاش بىلەن دېھقانچىلىق ئارىسال چاغلاردا زەربىدارلىق بىلەن ئوغۇت توپلاش بىرلەشتۈرۈلگەن، ئوغۇت توپلاش بىلەن ئوغۇت ئېچىتىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئاممىۋى ئوغۇت توپلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. سازلىققا يېقىن جايلاشقان سايباغ گۇڭشېسى ئوت - چۆپ يىغىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئېچىتىش ئورىسى كولاپ ئوت - چۆپتىن تورف ياسىدى. تاغلىق رايونغا يېقىن جايلاشقان مۇش، ئوپال، تاشمىلىق گۇڭشېلىرى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ تاغلىق رايوندىن مال قىغى توشۇپ كەلدى. 1962 - يىلى ناھىيە ئوغۇت ھەققى ئۈچۈن بىر قىسىم ئاشلىق ئاجرىتىشنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوغۇت توپلاش ئاكتىپلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1977 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم «ئوغۇت توپلاش، ئوغۇت تەييارلاش ۋە يېشىل ئوغۇت تېرىشنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەممە ئەترەتتىن ئوغۇت ئېچىتىش ئورىسى كولاشنى، ھەممە ئائىلىدىن ئوغۇت توپلاش، ئوغۇت ئېچىتىشنى تەلەپ قىلدى، گۇڭشېلار بۇنىڭغا پائال ئاۋاز قوشتى. بۇ ئوغۇت توپلاش، ئوغۇت تەييارلاش، ئوغۇتنى دۆۋىلەپ قىزىتىش خىزمىتىگە غايەت زور تۈرتكە بولدى. 1979 - يىلى ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە گۇڭشې، ئەترەتلەر ئوغۇت توپلاشنى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم

تەدبىرى قىلىپ، ئوغۇتنى كۆپ توپلاپ، سۈپەتلىك ئۇرۇق توپلاپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك ئاساسىي ئوغۇتنى تولۇق تەييارلىدى. مەسىلەن: لەڭگەر، سەمەن، پاختەكلە، بۇلاقسۇ، ئوپال گۇڭشېلىرى دائىملىق ئوغۇت توپلاش گورۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، بوشاشماي ئوغۇت توپلاپ، ئوغۇتنى دۆۋىلەپ قىزىتىش تەجرىبىسىنى كېڭەيتىپ، كۈزلۈك تېرىلغۇ، ئېگىز تېرىلغۇسى ئۈچۈن يېتەرلىك ئوغۇت تەييارلىدى. سەمەن گۇڭشېسىنىڭ 9 ـ چولاق ئەترىتى ھەر يىلى بالدۇر تۇتۇش قىلىپ ئوغۇتنى كۆپ توپلاپ، بىر قىش، بىر ئەتىياز جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق 250 مىڭ تاغار ئوغۇت توپلاپ ئاساسىي ئوغۇتقا كاپالەتلىك قىلغاندىن باشقا ھەرمو يەرگە 120 تاغاردىن قوشۇمچە ئوغۇت بەردى. 1981 ـ يىلى قىشتىن 1982 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ناھىيە بويىچە 12 مىليون 615 مىڭ تاغار ئوغۇت توپلاندى. بۇ ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %11.6 كۆپ.

**1) يېشىل ئوغۇت** ناھىيىنىڭ بېدە تېرىش تارىخى ئۇزۇن، ئۇزاقتىن بۇيان بېدە، ئاساسەن يەم ـ خەشەك قىلىنىپ چارۋا بېقىلىپ كەلگەنىدى ياكى ئاغدۇرۇلۇپ ئوغۇت قىلىناتتى، لېكىن تېرىلغۇ كۆلىمى ناھايىتى ئاز ئىدى. 1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ناھىيىدە 1043 مو يەرگە قاشقا بېدە، پۇرچاق تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىشقا باشلىدى. 1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سورتلار داۋاملىق كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى. 1966 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 50 مىڭ مو يەرگە كەندىر پۇرچاق، قاشقا بېدە قاتارلىق يېشىل ئوغۇت تېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىدە يېشىل ئوغۇت تېرىش بارا ـ بارا ئازىيىپ كەتتى. 1975 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 10 مىڭ مو يەرگە يېشىل ئوغۇت تېرىلدى. 1977 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەلمەسلىكىدىكى سەۋەبنى تەھلىل قىلىپ، بۇنىڭغا يەنىلا ئوغۇتنىڭ ئاز، تۇپراقنىڭ ئورگانىك تەركىبىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەب بولغان، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرىنى كۆپ تېرىشتىن ئىبارەت، دېگەن قاراشقا كەلدى. ناھىيە گۇڭشې، ئەترەت رەھبەرلىرىنى، پەن-تېخنىكا كادىرلىرىنى ئىلغار ناھىيە ۋە مەيدانلارغا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېشىل ئوغۇت تېرىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېشىل ئوغۇت تېرىلغۇ كۆلىمى ئەسلىگە كېلىپ، 42 مىڭ مودىن ئاشتى. 1978 ـ يىلى سايباغ گۇڭشېسى 13 مىڭ مو يەرگە قاشقا بېدە تېرىدى. بۇ گۇڭشېنىڭ 8 ـ چولاق ئەترىتى 1976 — 1979 ـ يىللىغىچە ھەر يىلى 1125 — 1478 مو يەرگە يېشىل ئوغۇت تېرىدى. ئۇنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى 1975 ـ يىلى 348.5 توننا بولغان بولسا، 1979 ـ يىلى 418 توننىغا يەتتى، 4 يىلدا %19.94 ئاشتى. بۇلاقسۇ گۇڭشېسىنىڭ 15 ـ چولاق ئەترىتىدە 1700 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، بۇ ئەترەت ھەر يىلى 200 — 300 مو يەرگە قاشقا بېدە تېرىدى، ئاندىن ئۇنى ئاغدۇرۇپ ئورنىغا شال تېرىدى. 1979 ـ يىلى ئالغان ئاشلىقى 1966 ـ يىلدىكىدىن %64 ئاشتى. زەمىن گۇڭشېسى 1978 ـ يىلى 3800 مو يەرگە پۇرچاق قاتارلىق يېشىل ئوغۇتلارنى تېرىدى، كېيىنكى يىلى يېشىل ئوغۇت تېرىلغان كۆلەمنى 13 مىڭ 500 موغا يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر يىلدا بۇغدايىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 77 كىلوگرامدىن 100.5 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. مۇش گۇڭشېسىنىڭ 8 ـ چولاق ئەترىتى بېدىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەر يىلى 200 مو بېدىلىكنى ئاغدۇرۇپ، تۇپراقنى ياخشىلاپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇردى، 1979 ـ يىلى ئاشلىقنى 1965 ـ يىلدىكىدىن %76.49 ئاشۇردى.

1980 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە تېرىلىدىغان يېشىل ئوغۇتنىڭ تۈرلىرى قاشقا بېدە، كەندىر پۇرچاقتىن كۆپىيىپ زاغۇن، ماش، سېرىق پۇرچاق، ئامورپا قاتارلىق 8 خىلغا يەتتى. 60 ـ يىللاردا كۈزگى بۇغدايغىلا يېشىل ئوغۇت ئىشلىتىلەتتى، كېيىن شال، كۆممىقوناق ۋە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىلىدىغان يەرلەرگىمۇ يېشىل ئوغۇت ئىشلىتىلىدىغان بولدى. 1983 ـ يىلى ناھىيىدە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېشىل ئوغۇت تېرىلغۇ كۆلىمى ئازىيىپ كەتتى. پەقەت ئاز ساندىكى يېزا، كەنتلەردىلا يېشىل ئوغۇت كۆلىمى نىسپىي مۇقىم تۇردى. مەسىلەن، بۇلاقسۇ يېزىسى يۇقارقى

لەگەر كەتتىنىڭ يېشىل ئوغۇت كۆلىمى ئاساسەن 1500 مو ئەتراپىدا مۇقىملىشىپ تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %45ىنى ئىگىلىدى. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1978 - يىلدىكى 36 يۈەندىن 191 يۈەنگە يېتىپ، نامرات ئەترەت دېگەن قالپاق ئېلىپ تاشلاندى. 1990 - يىلى تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيە تەۋەسىدە يېشىل ئوغۇت تېرىش ئاساسەن توختىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېز ئۈنۈم بېرىدىغان زىرائەت تېرىلىدىغان بولدى.

2) **خىمىيىۋى ئوغۇت** ناھىيىگە 1956 — يىلدىن ئېتىبارەن خىمىيىۋى ئوغۇت كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئاساسەن ئاممونىي نىترات ئىشلىتىلدى. دەسلەپتە دېھقانلار خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىشكە گۇمانىي قارىغانىدى. 1956 - 1957 - يىللىرى كۆپ نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق دېھقانلار ئوغۇت ئىشلىتىشتىن نەپ ئالدى، نەتىجىدە خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىش تېزلا ئومۇملاشتى. 60 - يىللاردا سېتىۋېلىنغان خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئازوتلۇق ئوغۇت بولدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە ئاممونىي‌دى فوسفات قاتارلىق بىرىكمە ئوغۇتلار سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن، دېھقانلار ئۇنى بىر مەزگىل ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى تەدرىجىي ئىگىلەپ، ئۈنۈمىنى كۆردى.

خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش جەريانىدا، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە كىشىلەرنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇتنى قانداق ئىشلەتكەندە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ئالغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى كەمچىل بولدى.

1976 — 1978 - يىللىرى ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە ناھىيىلىك ئۆلچەم بىرلىكلىرى پونكىتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىرلەشمە سىناق گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ شىرۋېننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوغۇساق 1 - چوڭ ئەترىتى (خۇجىلار كەنتى) دە خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئۈنۈمبىرسال سىنىقى ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەزكۇر چوڭ ئەترەتنىڭ تۇپرىقى كۈچسىز، بۇغدىينىڭ بىرلىك ھوسۇلى 50 نەچچە كىلوگرام ئىكەنلىكى، ھەر مو تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرىدىكى ئۈنۈملۈك ئازوتنىڭ 1.35 كىلوگرام، ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ 0.14 كىلوگرام، ئۈنۈملۈك كالىينىڭ 16.5 كىلوگرام ئىكەنلىكى، ئاساس ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ھەر مو يەردىن 27 — 45 كىلوگرام بۇغداي ئېلىشقىلا يېتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. گۇرۇپپا ئەزالىرى رېئاللىققا يۈزلىنىپ، كۆزلۈك تېرىلغۇغا بىرلەشتۈرۈپ، تۇپراق، سۇ، ئوغۇت جەھەتتە تەجرىبە ئېلىپ باردى. 1976 - يىلى بۇغداي تېرىلغان تەجرىبە ئېتىزى 55 مو بولۇپ، ئېتىز بويىچە ھوسۇلنى بېكىتىش، ھوسۇلغا ئاساسەن ئوغۇتنى بېكىتىش، بىرلىك ھوسۇلنى 250 — 400 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى. ھېسابلانغاندىن كېيىن ئوغۇتلاش ئارقىلىق بىرلىك ھوسۇل 300 — 380 كىلوگرامغا يېتىپ، سېلىشتۇرما ئېتىزلارنىڭكىدىن 4.26 ھەسسە ۋە 6 ھەسسە ئاشتى. تەشۋىقات ئارقىلىق 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە خىمىيىۋى ئوغۇت قىزغىنلىقى بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ھوسۇل ئاشۇرۇش ئۈمىدىنى خىمىيىۋى ئوغۇتقا باغلىدى. 80 - يىللاردىكى يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن، خىمىيىۋى ئوغۇت قىس مالغا ئايلاندى. 1981 - يىلى ناھىيە بويىچە ئازوتلۇق، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش نىسبىتى 1:2.61 ~ 1:3.5 گە تەڭشەلدى، شۇ يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 90 كىلوگرامدىن 116.5 كىلوگرامغا يەتتى. 1982 - يىلى يەنە 1:1.2 ~ 1:1.5 نىسبىتىگە تەڭشەلدى، ئوغۇت تەقسىملەش، ئىشلىتىشتە ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ھەمدە مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، ئاساس ئوغۇتنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، يېشىل ئوغۇت تېرىشنى كۈچەيتىش، ۋاقتىدا قوشۇمچە ئوغۇتلاش تەكىتلەندى، شۇ يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 144.5 كىلوگرامغا يەتتى. 1984 - يىلى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يېزا، كەنتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇپراق ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا

ئاساسەن، ئۇخشاشمىغان كۆرسەتكۈچتىكى ئازوتلۇق، فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 1 — 9 ـ جەدۋەل

| يىللار | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | تەمىنلەنگەن خىمىيۋى ئوغۇت (توننا) | مو بېشىغا ئىشلىتىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت (كىلوگرام) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1960 | 83.65 | 498 | 0.59 | 1975 ـ ۋە 1980 ـ يىللىرىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە تەمىنلەنگەن خىمىيۋى ئوغۇت مىقدارى ئەينى چاغدا قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلگەن قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات ۋە يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ |
| 1965 | 102.65 | 1286 | 1.25 | |
| 1970 | 100.6 | 1913 | 1.90 | |
| 1975 | 61.02 | 1227 | 2.01 | |
| 1980 | 58.49 | 2547 | 4.35 | |
| 1985 | 86.63 | 4214 | 4.86 | |

# II باب

# ئۇرمانچىلىق

ناھىيە تەۋەسىدە ئۇرمانچىلىق ناھايىتى بالدۇر باشلانغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتى يولغا قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ناھىيىدە تېرەك، سۆگەت، توغراق، جىگدە، ئۈجمە، قارىياغاچ ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي ئورمان بار ئىدى. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) مىنگو ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى ھەر يىللىق چوكانتال مەزگىلىنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بەلگىلىدى. مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ۋاپات بولغان خاتىرە كۈن — 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) دىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە 18 مىليون 102 مىڭ 400 تۈپ ئورمان بەرپا قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە قېرى دەرەخ 5 مىليون 694 مىڭ تۈپ، كۆچەت 12 مىليون 408 مىڭ تۈپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 5 مىليون 40 مىڭ 700 تۈپ، ئۈجمە 364 مىڭ 500 تۈپ). مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 450 مىڭ تۈپ ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ كەنتلەر بەرپا قىلغىنى 370 مىڭ تۈپ، ھەربىي ئورگانلار بەرپا قىلغىنى 21 مىڭ تۈپ، ئورگان، مەكتەپلەر بەرپا قىلغىنى 14 مىڭ تۈپ، كۆچەت مەيدانلىرى بەرپا قىلغىنى 15 مىڭ تۈپ، ناھىيە بازىرىدا بەرپا قىلىنغىنى 3500 تۈپ، تاشيولنىڭ

ئىككى قاسىنىقىدا بەرپا قىلىنغىنى 26 مىڭ 500 تۈپ؛ تېرەك 130 مىڭ تۈپ، سۆگەت 90 مىڭ تۈپ، ئۈجمە 35 مىڭ تۈپ، جىگدە 10 مىڭ تۈپ، قارىياغاچ 26 مىڭ 500 تۈپ، ئىقتىسادىي ئورمان 158 مىڭ 500 تۈپ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشتا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 1979 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىنى ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش بايرىمى قىلىشنى بەلگىلىدى. 1985 - يىلدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 464 مىڭ 500 موغا يېتىپ، مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) دىكى 146 مىڭ مودىن 2.18 ھەسسە ئاشقان، ئۆرەياغاچ زاپىسى 373 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئورمانلىق 1.6 موغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغاچ ماتېرىيال 1.3 كۇب مېتىرغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۆت ئەتراپ ئورمىنى 121 تۈپكە، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %7.47 كە يەتكەن. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 331 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %10.64 نى ئىگىلەپ، 1978 - يىلدىكى ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى بولغان 4 مىليون 543 مىڭ 700 يۈەندىن 1.21 ھەسسە ئاشقان. 1990- يىلى ياغاچ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھا قويۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ياغاچ ماتېرىيال بازىرىدا باھا زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى چۈشۈپ كەتتى.

## 1 § . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1. ئورمانچىلىق ئىدارىسى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاكى 1955 - يىلغىچە ئورمانچىلىقنىڭ مەمۇرىي ۋە كەسپىي خىزمەتلىرى يەنىلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە تەۋە بولدى. 1982 - يىلى ئورمانچىلىق ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، شتاتى 7 بولدى، ئىدارە ئورنى ئەسلىدىكى ئورمانچىلىق پونكىتىدا بولدى. 1985 - يىلى كادىرى 7 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 2.

### 2. ئىدارىغا قاراشلىق كەسپىي، كارخانا ئورۇنلار

1) ئورمانچىلىق پونكىتى بۇ پونكىت 1956 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 10 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇ ناھىيە بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى، 1962 - يىلى ئورمانچىلىق پونكىتى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى پونكىتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1885.29 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 9 ئىشخانا، 3 يۈرۈش ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى، 22 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 7.

**2) ياغاچ ماتېرىيال سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى** بۇ پونكىت 1959 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 7 ئورۇندا سېتىۋېلىش - سېتىش نۇقتىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدا 10 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە دۆلەتنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق ھەرخىل ياغاچ ماتېرىياللارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلدى. 1982 - يىلى مەزكۇر پونكىت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985 - يىلى سېتىۋېلىش - سېتىش نۇقتىسى 10 غا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 40 قا يەتتى. 1962 — 1984 - يىلغىچە 61 مىڭ 430.95 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال سېتىۋالدى ۋە ساتتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سېتىۋالغان - ساتقان ياغاچ ماتېرىيال 2670.9 كۇب مېتىرغا، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدىسى 1 مىليون 699 مىڭ 900 يۈەنگە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۇقىرىغا تاپشۇرغىنى 73 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

1987 - يىلى ياغاچ ماتېرىيال بازىرى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ياغاچ ماتېرىيالنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش تۈزۈلمىسى بۇزۇپ تاشلاندى، زور مىقداردىكى ياغاچ ماتېرىيال شەخسلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ياغاچ ماتېرىيال پونكىتىنىڭ تىجارىتى قىيىنلاشتى. 1989 - يىلى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، كارخانا ۋەيران بولدى.

**3) ناھىيىلىك كۆچەتخانا** بۇ كۆچەتخانا 1953 - يىلى لەڭگەر رايونى (ھازىرقى لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدا) قۇرۇلدى. 1958 - يىلى خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن لەڭگەر گوڭشېغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى، 1959 - يىلى غەربىي ئۆستەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا كۆچەتخانا قۇرۇلدى. ئورمانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆچەتخانا باغۋەنچىلىك مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك كۆچەتخانا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى تېرىلغۇ يېرى 240 موغا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 31 گە، ھەرخىل كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن يەر 50 موغا، ساقلىنىش كۆلىمى 50 موغا يەتتى. 1980 — 1985 - يىلغىچە ناھىيىلىك كۆچەتخانا ناھىيە بويىچە يېزا - كەنتلەرنى 300 مىڭ تۈپ ھەرخىل كۆچەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

## 3. ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى

**1) غەربىي ئۆستەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى** 1959 - يىلى ئامىنى قوزغاش ئارقىلىق غەربىي ئۆستەڭ چېپىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توققۇزاق گوڭشېنىڭ كۆپىسىگى چولڭ ئەترىتىدە غەربىي ئۆستەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، بۇ مەيدان چۆلدىكى بوز يەرلەردىن پايدىلىنىپ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلدى. 1963 - يىلى مەزكۇر ئورمانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**2) خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانى** بۇ مەيدان 1965 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا 12 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇلار قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەپ، بوز يەر ئېچىپ تەخمىنەن 800 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلدى. 1975 - يىلى بۇ مەيدان قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1982 - يىلى ناھىيىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1983 - يىلى ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 79 غا، ئورمان بەلۋېغى 150 موغا، كۆچەتخانا 230 موغا، مېۋىلىك باغ 50 موغا، بېدە يېرى 150 موغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 550 موغا، يىللىق زىيىنى 13 مىڭ 529 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئورمانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن

تەربىيىلەش مەيدانى قۇرۇلدى. 1987 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەيدانىنىڭ يېرى، خادىملىرى يەنىلا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن يەر كۆلىمى 42 مىڭ موغا يەتتى.

3) زەمىن ئورمانچىلىق مەيدانى بۇ مەيدان 1978 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان (كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتە) بولۇپ، زەمىن يېزىسىدىكى ساي كەنتىگە جايلاشقان. ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك ئورگان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. مەيدانىنىڭ كۆلىمى 7074 مو، 52 ئائىلىلىك دېھقان، 252 نوپۇس بار. مەيدان قۇرۇلۇپ 1985 ـ يىلغىچە دۆلەت 65 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ بىلەن مەيدان 4500 مو يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلدى، بىر كورپۇس مەيدان ئۆيى سالدى (ئامبار، ئىشخانا، ياتاقلار شۇنىڭ ئىچىدە) بىر چوڭ تراكتور، بىر كىچىك تراكتور، بىر چوڭ سىيالكا بار.

## 2 § . ئورمان بايلىقى

**1. ئورمان كۆلىمى** قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئىللىق بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا مەنسۇپ، نۇر ـ ئىسسىقلىق بايلىقى مول، قىزىل، گەز دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، ھەرخىل دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگە باب كېلىدۇ. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 19 مىليارد 107 مىليون 400 مىڭ تۈپ دەل ـ دەرەخ بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆچەت 12 مىليون 408 مىڭ 347 تۈپ ئىدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) تاشمىلىقتىكى ئويتاغ كەنتىدە 400 مو يەردە ئورمان، 40 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق قارىغاي بار ئىدى، توققۇزاقتا شەخسلەرنىڭ 6 يەردە تەخمىنەن 600 مو كېلىدىغان ئورمانلىقى بار ئىدى، لەڭگەر، مۇش، بۇلاقسۇ، ئوپال قاتارلىق جايلاردا ئۆتاش توغراق، جىگدە ۋە دەريا ۋادىسىدا ئۆسىدىغان ئىككىلەمچى ئورمانلار ئۆسەتتى؛ قويۇق ـ شالاڭلىقى تەكشى ئەمەس، ئۆسۈشى قالايمىقان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ھەممىلا يېزىدا دەل ـ دەرەخ بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 50 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 352 مىڭ موغا يېتەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىكىلگەن ئورمان كۆلىمى 340 مىڭ 700 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 96.8% نى ئىگىلەيتتى، چۆل تەبىئىي ئورمىنى 4200 مو، دەريا ساھىللىرىدىكى ئىككىلەمچى ئورمان 3700 موغا يېتەتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 464 مىڭ 500 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي توغراقلىق كۆلىمى 8200 مو، زاپاس مىقدارى 800 كۇب مېتىر؛ جىغان، ئارچا كۆلىمى 20 مىڭ 400 مو؛ ئىھاتە ئورمىنى ۋە ماتېرىيال ئورمىنى كۆلىمى 103 مىڭ 400 مو، زاپاس مىقدارى 372 مىڭ 200 كۇب مېتىر؛ يېقىلغۇ ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 297 مىڭ 400 مو؛ تۆت ئەتراپقا تىكىلگەن دەل ـ دەرەخ 35 مىليون 120 مىڭ تۈپ بولۇپ، سۈندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 35 مىڭ 100 مو كېلىدۇ؛ بۇلاردىن باشقا، ناھىيە بويىچە ئورمان بەرپا قىلىشقا باب كېلىدىغان 500 مىڭ مو بوز يەر بار. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 18 مىڭ 997 موغا، ئىھاتە ئورمىنى 3943 موغا، ماتېرىيال ئورمىنى 1493 موغا، يېقىلغۇ ئورمىنى 11 مىڭ 319 موغا، ئىقتىسادىي ئورمان 1014 موغا، قايتا كۆكلىگەن ئىككىلەمچى ئورمان ۋە چاتقال ئورمىنى 2198 موغا يەتتى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى دەل ـ دەرەخ بايلىقى

ئىقتىساد: 2 — 1 ـ جەدۋەل

| دەرەخ ئىسمى | كۆچەت (توپ) | قېرى دەرەخ (توپ) | دەرەخ ئىسمى | كۆچەت (توپ) | قېرى دەرەخ (توپ) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈجمە | 564573 | 197659 | چىلان | 3996 | 4522 |
| ئۆرۈك | 185810 | 187471 | ياڭاق | 5204 | 2080 |
| شاپتۇل | 132067 | 161802 | جىگدە | 4453120 | 491897 |
| قىزىل شاپتۇل | 59074 | 25748 | تېرەك | 5584499 | 2667435 |
| مېۋە (ئالما قاتارلىقلار) | 96532 | 156854 | سۆگەت | 937847 | 1499463 |
| بېھى | 21132 | 21824 | قارىياغاچ | 242692 | 175618 |
| ئەنجۈر | 3542 | 7212 | توغراق | 20002 | 10001 |
| ئۈزۈم | 58905 | 47548 | ئارچا | 3000 | 2000 |
| ئانار | 5107 | 6799 | قارىغاي | 15000 | 2000 |
| قارىئۆرۈك | 16245 | 31130 | جەمئىي | 12408 | 5699053 |

## 2. دەرەخ تۈرلىرى ۋە ئۆنىڭ تارقىلىشى

1) دەرەخ تۈرلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئاساسلىقى 25 ئائىلە، 42 ئۇرۇقداش، 82 تۈرگە تەۋە دەل ـ دەرەخ تۈرلىرى بايلىقى بار، كونكرېت ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

(1) قارىغاي ئائىلىسى قارىغاي ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن موڭغۇلىيە قارىغىيى بار.

(2) ئارچا ئائىلىسى ئارچا ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن ئارچا (يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن سورت)؛ ياپىلاق ئارچا ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخ تۈرلىرىدىن ياپىلاق ئارچا؛ ئارچا ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخ تۈرلىرىدىن چىيەنتۇ ئارچىسى (يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن سورت)، ئارچا بار.

(3) چاكاندا ئائىلىسى چاكاندا ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن چاكاندا بار.

(4) تال تېرەك ئائىلىسى تېرەك ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن توغراق، شىنجاڭ تېرىكى، تاغ تېرىكى، مىرزا تېرەك، يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن ياپونىيە تېرىكى، «بېيجىڭ تېرىكى — 8000»، ئامما تېرىكى، «پولشا — 15»، قاپاق تېرەك؛ سۆگەت ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن ئاق سۆگەت، سېرىق سۆگەت، مەجنۇنتال، چاتقالسىمان سۆگەت، قارا سۆگەت بار.

(5) ياڭاق ئائىلىسى ياڭاق ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن ياڭاق بار.

(6) قارىياغاچ ئائىلىسى قارىياغاچ ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن قارىياغاچ، سىدە، يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن سۆۋادان قارىياغاچ، چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ بار.

(7) ئۈجمە ئائىلىسى ئۈجمە ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن ئاق ئۈجمە، قارا ئۈجمە، چاڭگال ئۈجمە بار؛ ئەنجۈر ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن ئەنجۈر بار، قۇلماق ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن قۇلماق بار.

(8) قامچا ئوت ئائىلىسى ياغاچ غوللۇق قامچا ئوت ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن تىكەنلىك جۇزغۇن پىستىسى بار؛ جىگدە ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن جىگدە بار.

(9) مىلىيە ئائىلىسى تونا ئۇرۇقداشلىقىدىكى دەرەخلەردىن تونا دەرىخى بار.

(10) ئەتىرگۈل ئائىلىسى دولانا ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن گۈللۈك دولانا (سىرتتىن كىرگۈزۈلۈپ تەجرىبە قىلىنىۋاتىدۇ) بار؛ نەشپۈت (ئامۇت) ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن ياۋا ئامۇت، قوتۇر ئامۇت، ئاچچىق ئامۇت، يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن كورلا نەشپۈتى، چاسا ئامۇت، تاغ ئامۇتى، سوقىچاق ئامۇت، لەيىلەك ئامۇتى قاتارلىقلار بار؛ ئالما ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن ئالما، تاش ئالمىلار بار؛ ئالۇچا ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئالۇچا، ئۆرۈك، تاغ ئۆرۈكى، ياۋۇپا ئالۇچىسى (يەرلىك گېتى قارا ئۆرۈك)، گىلاس قاتارلىقلار بار؛ بادام ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن بادام، بىھى بار؛ ياۋا ئەتىرگۈل ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن ياۋا ئەتىرگۈل بار.

(11) پۇرچاق ئائىلىسى ئالبىزىيە ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن ئالبىزىيە بار؛ تۇخۇمەك ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن تۇخۇمەك بار؛ ئاق ئاكاتسىيە ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن تىكەنلىك ئاكاتسىيە بار؛ ئامورپا ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن ئامورپا بار؛ سوپۇن دەرىخى ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن 3 تىكەنلىك سوپۇن دەرىخى بار؛ قارىغان ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن قارىغان بار.

(12) زاراڭ ئائىلىسى زاراڭ ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن زاراڭ بار.

(13) ساپىن دەرىخى ئائىلىسى ساپىن ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن پىندىق ياڭاق بار.

(14) يۇلغۇن ئائىلىسى يۇلغۇن ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن باشاقلىق يۇلغۇن، ئارچا يوپۇرماقلىق يۇلغۇن بار.

(15) جىگدە ئائىلىسى جىگدە ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن يىمىش جىگدە، قاغا جىگدە بار؛ جىغان ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن جىغان بار.

(16) ئەرمىدۇن ئائىلىسى ئاق موم ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن كىچىك يوپۇرماقلىق ئاق موم، چوڭ يوپۇرماقلىق ئاق موم بار.

(17) پىدىگەن ئائىلىسى ئالقات ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن نىگىشىيا ئالقىتى بار.

(18) ئانار ئائىلىسى ئانار ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن تاتلىق ئانار، ئاچچىق ئانار بار.

(19) ئاق شاكال دەرىخى ئائىلىسى ئاق شاكال ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن ئاق شاكال (سىرتتىن كىرگۈزۈلۈپ سىناق قىلىپ تېرىلدى) بار.

(20) چىنار ئائىلىسى توغراق ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن چىنار بار.

(21) خوزور ئائىلىسى چىلان ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن چىلان بار.

(22) ئۈژۈم ئائىلىسى ئۈژۈم ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن قارائۈژۈم، يېشىل ئۈژۈم، مۇناقى ئۈژۈم قاتارلىقلار بار.

(23) چۈلۈك ئائىلىسى چۈلۈك ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن چۈلۈك بار.

(24) سىر دەرىخى ئائىلىسى سىر دەرىخى ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن مەشئەل دەرىخى بار (سىرتتىن كىرگۈزۈلۈپ ئۆستۈرۈلمەكتە)، پىستە ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن پىستە دەرىخى بار.

(25) كاتالپا ئائىلىسى چوكا دەرىخى ئۆرۈۋقدىشىدىكى دەرەخلەردىن چوكا دەرىخى بار.

2) تارقىلىشى تېرەك ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، مېۋىلىك دەرەخ بەشكېرەمدە ئەڭ كۆپ؛ جىگدە قاتارلىق يېقىلغۇ ئورمىنى سايباغ، بۇلاقسۇ، يېڭىئۆستەڭ، ئوغۇساق قاتارلىق يېزىلارغا تارقالغان، سايباغ يېزىسىدا ئەڭ كۆپ؛ توغراق ئاساسلىقى بۇلاقسۇ، ئوپال ۋە لەڭگەر قاتارلىق يېزىلارغا تارقالغان؛ دەريا ۋادىسىدىكى ئىككىلەمچى ئورمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوپال، زەمىن يېزىلىرىغا تارقالغان.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى گۇڭشې (بازار، مەيدان) لارنىڭ ئورمان كۆلىمى

ئىقتىساد: 2 — 2 - جەدۋەل بىرلىكى: مو

| گۇڭشې (بازار، مەيدان) | ئورمان كۆلىمى | ئىھاتە ئورمىنى | ماتېرىيال ئورمىنى | يېقىلغۇ ئورمىنى | ئىقتىسادىي ئورمان | باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىي ئورمىنى | ئۈجمىلىك | ئىككىلەمچى ئورمان ۋە چاتقال ئورمىنى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 277255 | 51244 | 1460 | 161958 | 2717 | 30796 | 430 | 7460 | 8338 |
| يېڭىئۆستەڭ | 16742 | 4182 | 111 | 9442 | 107 | 1826 | | | 1074 |
| ئاۋات | 14425 | 2906 | 193 | 8563 | 935 | 1198 | | | 630 |
| بەشكېرەم | 18364 | 2212 | 146 | 8700 | 578 | 6149 | | | 579 |
| قوغان | 8570 | 4921 | 156 | 668 | 103 | 2244 | 72 | | 406 |
| سەمەن | 10120 | 4488 | 90 | 4162 | 82 | 695 | | 108 | 495 |
| پاختەكلە | 4649 | 3685 | | 286 | | 423 | | | 285 |
| لەڭگەر | 13152 | 2260 | 475 | 7642 | | 1035 | | 1117 | 623 |
| مۇش | 14893 | 3421 | 349 | 9125 | | 1133 | | 267 | 600 |
| ئوغۇساق | 13045 | 2561 | 118 | 8830 | 13 | 837 | | 86 | 600 |
| زەمىن | 16875 | 2821 | 420 | 8920 | 8 | 3566 | 174 | 247 | 719 |
| سايباغ | 60427 | 6750 | 2850 | 44824 | 47 | 4973 | 65 | | 918 |
| بولاقسۇ | 36600 | 5126 | 8155 | 18116 | 43 | 1450 | 119 | 2976 | 615 |
| ئوپال | 22624 | 3604 | 173 | 14511 | 76 | 2714 | | 1397 | 149 |
| تاشمىلىق | 18672 | 2004 | 624 | 12490 | | 1901 | | 1087 | 566 |
| ئورمانچىلىق مەيدانى | 956 | 34 | 500 | 200 | 48 | 49 | | 76 | 49 |
| توققۇزاق بازىرى | 534 | 178 | | | 5 | 347 | | | 4 |
| باشقا مەيدان - فېرمىلار | 6577 | 91 | | 5479 | 126 | 256 | | 99 | 26 |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى ئۈجمىلىك يېڭى يېتىشتۈرۈلگەن تۇتاش ئۈجمىلىكنىلا كۆرسىتىدۇ.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى تۈرلۈك ئورمان كۆلىمى

ئىقتىساد: 2 — 3 - جەدۋەل بىرلىكى: مو

| يېزىلار | ئورمان كۆلىمى | ئىھاتە ئورمىنى | ماتېرىيال ئورمىنى | يېقىلغۇ ئورمىنى | ئىقتىسادىي ئورمان | ئىككىلەمچى ئورمان ۋە چاتقال ئورمىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 18567 | 3942 | 1493 | 11379 | 1014 | 2247.5 |
| يېڭىئۆستەڭ | 2295 | 296 | 175 | 1217 | 79 | 126 |
| ئاۋات | 892 | 147 | 46 | 480 | 279 | 30 |
| بەشكېرەم | 1454 | 143 | 114 | 1010 | 187 | 800 |
| قوغان | 276 | 58 | | 43 | | 1.5 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سەبەن | 940 | 400 | | 456 | 21 | 100 |
| پاختەكلە | 503 | 133 | 50 | 310 | 10 | 20.5 |
| لەڭگەر | 649 | 88 | 77 | 450 | 20 | |
| مۇش | 1460 | 283 | 44 | 1155 | | 503 |
| ئوغۇساق | 719 | 26 | 8 | 663 | | 16 |
| زەمىن | 1029 | 510 | 180 | 231 | 17 | 9 |
| سايباغ | 1615 | 54 | 44 | 1356 | 78 | 3 |
| بۇلاقسۇ | 2593 | 1033 | 138 | 1070 | 182 | 518 |
| ئوپال | 1457 | 181 | 318 | 797 | 121 | 18 |
| تاشمىلىق | 1028 | 280 | 2 | 1176 | | 34 |
| ئاقتاش | 498 | 296 | 52 | 150 | | 50 |
| خاندى | 425 | | 35 | 370 | 20 | 13.5 |
| تېرەم | 734 | 14 | 210 | 445 | | 5 |

## 3. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇش

1) تېرەك   تېرەك ناھىيىدىكى ماتېرىيال ئورمىنى ۋە ئىھاتە ئورمىنىدىكى ئاساسلىق دەرەخ تۈرى. 1982 - يىللىق مەلۇماتقا قارىغاندا، تېرەك ناھىيە بويىچە بۆلۈك - پوشقاقلارغا تىكىلگەن كۆچەتلەر ئىچىدە 53.56% نى ئىگىلەيدىكەن. ناھىيە بويىچە 1990 - يىلدىكى تېرەك 8 مىليون 251 مىڭ 934 تۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە قېرى دەرەخ 2 مىليون 667 مىڭ 425 تۈپ، كۆچەت 5 مىليون 584 مىڭ 499 تۈپ. ناھىيە تەۋەسىدە توغراق، شىنجاڭ تېرىكى، تاغ تېرىكى، مىرزا تېرەك، ياپونىيە تېرىكى، بېيجىڭ تېرىكى، ئاسمۇي تېرەك، كۆمۈش تېرەك قاتارلىق تېرەك تۈرلىرى بار. شىنجاڭ تېرىكى بىلەن كۆمۈش تېرەك ئومۇميۈزلۈك تارقالغان، كىشىلەر ئۇنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. شىنجاڭ تېرىكىنىڭ دەرەخ تاجىسى مۇنار شەكلىدە بولىدۇ، غولى ۋە قوۋزىقى سۇس يېشىل رەڭلىك كېلىدۇ، قېرىغاندا كۆلرەڭگە ئۆزگىرىدۇ، يېرىلمايدۇ، شاخچىلىرى كۆكۈش كېلىدۇ. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان بولۇپ، چوڭقۇر ئاراشلىنىدۇ، كەينى تەرىپىدە قويۇق كۆمۈشرەڭ تۈك بار. ئۇرغۇمار، بىخلىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، شورغا چىدامىلىق. ئادەتتە 10 — 15 يىلدا يېتىلىدۇ، ئۇ تېز ئۆسىدىغان، يوپۇرماق تاشلايدىغان غوللۇق دەرەخ. ئۆي سېلىش، ئۆي جاھازلىرى ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، تۈۋرۈك قاداش قاتارلىق ئىشلاردا ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. كۆمۈش تېرەكنىڭ قوۋزىقى كۆمۈشرەڭ بولىدۇ، بىخ يوپۇرماقلىرىنىڭ كەينىنى ئاق تۈك قاپلىغان بولىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان، ئالقانسىمان بولۇپ، 2 — 4 كىچە ئاراشلىنىدۇ. ئاراشلانغان يوپۇرمىقى 3 بۆلۈك شەكلىدە بولىدۇ. قىسقا شاخلىرىنىڭ يوپۇرمىقى بىرقەدەر كىچىك، ھەرسىمان كېلىدۇ، ئۇ، يوپۇرماق تاشلايدۇ، يىلتىزى ناھايىتى ئايىنىدۇ. قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا چىدايدۇ، ئۇنۇمسىز، قۇمساڭغۇ، يېنىكرەك شورلۇق تۇپراقلاردا ئۆسەلەيدۇ. ياغىچى يۇمشاق، ياغاچ سىزىقچىلىرى تەكشى، سىپتا، ئۇنىڭدىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرىنى كىشىلەر ناھايىتى ياقتۇرىدۇ، بۇ — ناھىيىدىكى ئاختاي قىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى دەرەخلەرنىڭ بىرى.

2) جىگدە   جىگدە — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە يېتىلگۈ ۋە ئىھاتە ئورمىنى بەرپا

قىلىشتىكى ئاساسلىق دەرەخ خىللىرىنىڭ بىرى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە جىگدىنىڭ ئەمەلىي كۆلىمى ئورمان ساقلىنىش كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %60 نى ئىگىلىدى. جىگدە يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق دەرەخ، شاخ، يوپۇرماق سايىقى كۈمۈش رەڭدە بولىدۇ، نۆۋەتلەشمە يوپۇرماقلىرى يۇملاق، يىڭنىسىمان بولىدۇ، يان تومۇرى روشەن ئەمەس؛ چېچىكى خۇشپۇراق، مېۋىسى سوقىچاق، قۇم ۋە شورغا چىداملىق، قۇرغاق ۋە سوغۇق كىلىماتنى ياقتۇرىدۇ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ناھايىتى ياخشى ساقلايدۇ، يىلتىزى ناھايىتى ئاينىيدۇ، يىلتىز تۈگىنىكى بار، قۇرغاقچىلىققا، بورانغا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، شورنىڭ زېمىننى تېزگىنلەش ۋە ئاممىنىڭ يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. جىگدە چېچىكى — ناھايىتى ياخشى ھەسەل مەنبەلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ چېچىكىدە %2 — %4 كىچە خۇشپۇراق ماي بار، ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق ماي، خۇشپۇراق ماتېرىيالى ئاجرىتىۋالغىلى بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە مېۋىسى، شېخى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى دورا ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە جىگدە 4 مىليون 945 مىڭ 17 تۈپكە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قېرى دەرەخ 491 مىڭ 897 تۈپ، كۆچەت 4 مىليون 453 مىڭ 120 تۈپ.

ناھىيىدىكى جىگدە يىمىش جىگدە ۋە قاغا جىگدە دەپ 2 تۈرگە ئايرىلىدۇ. يىمىش جىگدىنىڭ شاخ، غوللىرى پارقىراق - سىلىق، تىكەنسىز بولىدۇ، قەلەمچە تىكىپ جىنسسىز ئۆستۈرۈلىدۇ. مېۋىسى چوڭ، ساغۇچ قىزىل، ئېتى قېلىن، مېزىلىك. بېكىتىشكە ئاساسلانغاندا، ئېتىدىكى كراخمال %30 ~ %35 كە، ئاقسىل %3.5 كە، ماي %2.9 كە، شېكەر ۋە ھەرخىل ۋىتامىن %50 كە يېتىدىكەن، خام ۋە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. قاغا جىگدىسىنىڭ شاخ، غوللىرى تىكەنلىك بولىدۇ، ئۇرۇقىنى تېرىش، قەلەمچە تىكىش ئارقىلىق كۆپەيتكىلى بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك، سۇس سېرىق ياكى سۇس قىزىل بولۇپ، ئېتى چۈچۈمەلرەك كېلىدۇ.

3) قارىياغاچ بۇ يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق خەنجەرسىمان ھەمدە ئۇزۇن تۇخۇمسىمان كېلىدۇ، يان تومۇرى 9 — 10 جۈپ بولۇپ، ھەرە چىشىسىمان بولىدۇ. مېۋىسى يۇملاق، يىلتىزى ئاينىغان بولىدۇ. قۇرغاق، سوغۇق كىلىماتقا چىداملىق، قۇرغاقچىلىققا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، قۇرغاق، ئۇنۇمسىز تۇپراقتا ۋە قۇملۇق جايلار ھەمدە يېنىك دەرىجىدىكى شورلۇق يەرلەردە ئۆسەلەيدۇ، لېكىن ھۆللۈككە چىدامسىز. ناھىيىدە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تېزگىنلەش ۋە سۇ، تۇپراقنى ساقلاشتا ئاساسلىق دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ياغىچى چىڭ بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ياساشقا بولىدۇ، مېۋىسى، قوۋزىقى ۋە يوپۇرمىقى دورا ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قارىياغاچ — سېدىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇلاق ئاستى ھېسابلىنىدۇ، ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلارغا تارقالغان سېدىلەرنىڭ ھەممىسى قارىياغاچقا ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن.

4) ئاق سۆگەت بۇ يوپۇرماق تاشلايدىغان غوللۇق دەرەخ. تۈز ياكى يانتۇ شاخلايدۇ، يۇمران شاخلىرىدا تۈك بولىدۇ، ئۇششاق شاخلىرى سۇس سېرىق ياكى يېشىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى خەنجەرسىمان بولۇپ، ئىنچىكە ھەرىچىشلىق كېلىدۇ. چېچىكىنىڭ يوپۇرمىقى تامامەن يېشىل، كىچىكرەك بولىدۇ، ئاستى تەرىپىدە ئۇششاق ئاق تۈزانلار بولىدۇ. قۇرغاقچىلىققا، نەملىككە، سوغۇققا چىداملىق كېلىدۇ. بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغان ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى. ياغىچى ئەۋرىشىم بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە، يېقىلغۇ قىلىشقا، ئۆي جاھازلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ. چىۋىقىدىن ئۇنى - بۇنى توقۇشقا، بادىرىسىدىن ئۈزۈم، كۆكتاتلارغا قالىق، باراڭ ئېتىشكە بولىدۇ.

5) جىغان 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە جىغان كۆلىمى 8300 مۇغا يەتتى. جۇڭگو ئورمانچىلىق

پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ناھىيىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيىدىكى جىغان ئوتتۇرا ئاسىيا جىغانى ئۇرۇقدىشىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرى كۆپ، تەركىبىدىكى ماي ۋە قۇرۇق ماددىلار كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئوپال، تاشمىلىق ۋە بولاقسۇ قاتارلىق يېزىلاردىكى يېزا ـ كەنتلەرگە تارقالغانلىقىنى، ئۇنىڭ تېز ئۆسىدىغان، يوپۇرماق تاشلايدىغان، ياۋا چاتقال ئورمىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇششاق شاخلايدىغان، يوپۇرمىقى پىچانسىمان ياكى تارام يوللۇق خەنجەرسىمان بولۇپ، كېيىندە كۈمۈشرەڭ ياكى قوڭۇررەڭ تەڭگىچىلىرى بولىدىغانلىقىنى، 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا چېچەكلەپ، 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا پىشىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. مېۋىسى يۇمىلاق، قىزىل ـ سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. ئۇرخومار، قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا چىدامىلىق، شورغا، ھۆلچىلىككە تاقابىل تۇرالايدۇ، ئۇنۇمسىز تۇپراقتىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۇ، تۇپراقنى ساقلاشتىكى تەبىئىي دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. جىغاننىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇرۇقىدىن كۆپەيتىشكىمۇ، ئوزۇقلۇق ئورگانلىرى ئارقىلىق بېقىپ كۆپەيتىشكىمۇ بولىدۇ. جىغان مېۋىسىدىكى ۋىتامىن مىقدارى ھەرخىل مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ۋىتامىن C نىڭ مىقدارى دولانىنىڭكىدىن 20 نەچچە ھەسسە ئارتۇق، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە 20 خىلچە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنت ۋە ئامىنو كىسلاتاسى بار. جىغان مېۋىسىنىڭ پوستى، ئېتى، ئۇرۇقى ھەممە غول، يىلتىزلىرىدىمۇ ياغ بار، مېۋىسىدىكى ياغ نىسبىتى 30% كە يېتىدۇ. ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى جىغان يېغى، جىغان جەۋھىرى، جىغان شەربىتى، جىغان پېچىنىسى، جىغان ھارىقى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يىغىلغان جىغان مېۋىسى 50 توننىغا، قىممىتى 125 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 3 § . ئورمان بەرپا قىلىش

### 1 . كۆچەت يېتىشتۈرۈش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بۇرۇن مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە جىگدە تېرىلىپ يېتىشتۈرۈلگەندىن باشقا، تېرەك، سۆگەتلەر ئادەتتە شېخىنى تىكىش ئارقىلىق ئۆستۈرۈلەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك كۆچەتخانا ۋە ئورمانچىلىق پونكىتى تېرىش ۋە قەلەمچە قىلىش، شېخىنى تىكىپ يېتىشتۈرۈشنى ئومۇملاشتۇردى. 1958 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 1161 موغا، 1960 ـ يىلى 1441 موغا يەتتى.

1964 ـ يىلى ئورمانچىلىق نازارىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن ناھىيىلىك ئورمان پونكىتىنىڭ تېخنىكلىرى بولاقسۇ گۇڭشېسىدا نۇقتىدا تۇرۇپ تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، 84 مو يەرگە قەلەمچە تىكتى، ھەر مو يەردە تەخمىنەن 6000 جىرىم تۈتتى، بۇ ناھىيە بويىچە قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە تۈرتكە بولدى. 1965 ـ يىلى يەكەن، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەردىن 100 مىڭ تۈپ تېرەك كۆچىتى سېتىۋېلىنىپ قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش كېڭەيتىلدى. ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى 28 مو يەرگە قەلەمچە تىكىپ، بىر يىلدا كۆچەتخانىدىن چىقاردى، كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىرغا يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت كۆلىمى 6797 موغا، ھەر مو يەردە تۈتقان كۆچەت 5000 — 6000 تۈپكە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تەدرىجىي ھالدا شېخىنى تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇ مەزگىلدە ئوخشاشمىغان دەرەخ سورتلىرىنىڭ كۆپىيىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يەنە كۈمۈش تېرەك، قاغا جىگدە قاتارلىق دەرەخلەرنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، ناھىيە بويىچە كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

1970 - يىلى ناھىيە بويىچە كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 3046 مو، 1975 - يىلى 7210 مو، 1980 - يىلى 4388 مو، 1985 - يىلى 1528 مو ئىدى، 1990 - يىلى 6223 موغا يەتتى.

## 2. ئورمان بەرپا قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتى ئاساسەن مۇنداق 4 مەزگىلنى باشتىن كەچۈردى.

### 1) 1949 — 1957 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات مەزگىلى

بۇ مەزگىلدە يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئورمانچىلىق ئىشلىرىدىكى ئاساستا مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، ئېتىز بېشىدىكى دەرەخلەر دېھقانلارغا تەۋە بولدى، ئەسلىدە بار قېرى دەرەخلەر قوغداپ قېلىنغاندىن تاشقىرى، يەنە ھەر يىلى خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن پىلانغا ئاساسەن، كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى ۋە كۆچەت تىكىلدى. يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئورمان بەرپا قىلىش كوللېكتىپنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، كوللېكتىپ كۆچەت تىكىدىغان، مەخسۇس كىشى ئاسراپ - باشقۇرىدىغان بولدى. 1957 - يىلى ناھىيە بويىچە ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر كۆلىمى 50 مىڭ 636 موغا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۆچەت تىكىلگەن يەر 6329 موغا يەتتى.

### 2) 1958 — 1962 - يىلغىچە بولغان بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، چېكىنىش مەزگىلى

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گوڭشېسى قۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە جايلار يەر تۈزلەپ، ئۆستەڭ چاپتى، پولات - تۆمۈر تاۋلىدى، قارىغۇلارچە بوز يەر ئاچتى، دەل - دەرەخلەرنى كەلسە - كەلمەس كېسىش، قالاش، سېتىش ھادىسىلىرى ئېغىرلاشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1958 — 1962 - يىلغىچە 25 مىڭ 160 مو يەرگە كۆچەت تىكىلگەن، ئەمەلىيەتتە كېسىلگەن چوڭ دەرەخ تىكىلگەن كۆچەتتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپ، ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. ئەينى چاغدا مۇنداق بىر قوشاق پەيدا بولغانىدى: «دەل - دەرەخلەر كەتتى شالاڭلاپ، چارۋىلارغا يېتىشمەس ئوت - چۆپ، ئاشلىق ھوسۇلى كەتتى تۆۋەنلەپ، قالدى دېھقانغا ئوتۇنمۇ تۈگسۈپ». قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە ئوتۇن كەم بولغانلىقتىن، تېزەك قالايدىغان دېھقان ئائىلىسى تەكشۈرۈلگەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ 54% ىنى، ئوت - چۆپ يىلتىزىنى كولاپ قالايدىغان دېھقان ئائىلىسى تەكشۈرۈلگەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ 47% ىنى ئىگىلىگەن.

### 3) 1963 — 1977 - يىلغىچە بولغان ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى

بۇ مەزگىلدە «يېزا خەلق گوڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (تۈزىتىلگەن لايىھە) دىكى پائال كۆچەت تىكىش، ئورمان بەرپا قىلىش ۋە دەل - دەرەخلەرنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى دەل - دەرەخلەردىن كەلسە - كەلمەس كېسىش ھادىسىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزىتىلدى، ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تازا چىڭ تۇتتى. 1964 - يىلى تېرەكنى قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ناھىيە بويىچە چوڭ كۆلەمدە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا شارائىت يارىتىلدى. 1965 - يىلى 6635 تۈپ تېرەك كۆچىتى تىكىلدى، بۇنىڭ 95% ى ئۆتتى. 1966 - يىلدىن كېيىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى كۆچەت يېتىشتۈرۈپ ئورمان بەرپا قىلىشنى ئومۇملاشتۇردى. 1963 — 1977 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر كۆلىمى 169 مىڭ 800 موغا، ساقلىنىش كۆلىمى 125 مىڭ 300 موغا، ساقلىنىش نىسبىتى

73.79% كە يەتتى.

## 4) 1978 — 1990 ـ يىللىغىچە بولغان زور تەرەققىيات مەزگىلى

1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىق زور تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. 1979 ـ يىلى دۆلەتنىڭ «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى بەرپا قىلىش روھىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئورمانلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، ئىھاتە ئورمىنىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى ۋە تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. 1981 ـ يىلى يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىلىپ، ئورمانچىلىقتا «ئۈچنى بېكىتىش» (يەرنى بېكىتىش، ئورمان هوقۇقىنى بېكىتىش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىش) ھەمدە «كۆككە بەرپا قىلسا، كۆككىچىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، ئەترەت بەرپا قىلسا، ئەترەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، بىرلىشىپ بەرپا قىلىنسا، بىرلەشمە ئىگىدارلىقتا بولۇش. شەخسلەر بەرپا قىلسا، شەخسنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش» تىن ئىبارەت ئورمان ئىگىدارلىق هوقۇقى سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئورمان بەرپا قىلىشقا باب كېلىدىغان 60 نەچچە مىڭ مو يەر كۆككىچى ئەزالىرىغا تەقسىملەپ بېرىلدى، كوللېكتىپ ئورمانلىرىنىڭ كەسپىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئورمانچىلىق تەرەققىياتىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. سايباغ يېزىسى (كۆككىچىسى) 1978 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ھەر يىلى تەخمىنەن 10 مىڭ مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىش سۈرئىتى بىلەن ئورمان بەرپا قىلدى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە، يېقىلغۇ ئورمىنى بار يەر كۆلىمى 52 مىڭ 400 موغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 2.7 مودىن توغرا كەلدى. بۇلاقسۇ يېزىسى (كۆككىچىسى) دىكى ئارال كەنتى (15 ـ چوڭ ئەترەت) 1977 ـ يىلدىن كېيىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئورمان بەرپا قىلدى، 1984 ـ يىلى يېقىلغۇ ئورمىنى بار يەر كۆلىمى 4100 موغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 8.4 مودىن توغرا كەلدى. لەڭگەر يېزىسى (كۆككىچىسى) دىكى قىيىنچىلىقى بار 109 ئائىلىنىڭ مېۋىلىك بېغى ۋە دەل ـ دەرىخى بولمىغاچقا، 1983 ـ يىلى كۆككىچى كوللېكتىپنى كۈچەت بىلەن تەمىنلەشكە، پارتىيە ئەزالىرىنى ئۇلارنىڭ ئورمان بەرپا قىلىشىغا ياردەملىشىشكە سەپەرۋەر قىلدى؛ بىرىم ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قىيىنچىلىقى بار 109 ئائىلىنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە قالدۇرۇق يېرىنىڭ ئەتراپىغا 11 مىڭ 118 تۈپ ھەرخىل دەرەخ تىكىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە 102 تۈپتىن توغرا كەلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە ئورمانلىق كۆلىمى 464 مىڭ 500 موغا، شۇ يىلى ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر كۆلىمى 48 مىڭ 768 موغا يەتتى.

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمانلىق كۆلىمى 500 مىڭ 470 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سايباغ يېزىسىنىڭ 1615 مو، بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ 2593 مو، لەڭگەر يېزىسىنىڭ 649 مو. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 35 مو ئورمان بەرپا قىلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى**

ئىقتىساد: 2 — 4 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: مو

| تۈرلەر / يىللار | بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى جەھەتتىن ئايرىلىشى | | | پارچە ـ پۇرات ئورمان |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئىھاتە ئورمىنى | يېقىلغۇ ئورمىنى | ماتېرىيال ئورمىنى | ئىقتىسادىي ئورمان | دۆلەت بەرپا قىلغان ئورمان | كوللېكتىپ بەرپا قىلغان ئورمان | يەككىلەر بەرپا قىلغان ئورمان | |
| 1950 | 5180 | 2000 | 1520 | 660 | 1000 | | | 5180 | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 9500 | 2500 | 5200 | 700 | 1100 | | | 9500 | |
| 1960 | 9789 | 1529 | 6210 | 550 | 1500 | 1026 | 8243 | 520 | 1309 |
| 1965 | 6652 | 1052 | 4000 | 600 | 1000 | 52 | 5989 | 611 | 171.4 |
| 1970 | 5429 | 1100 | 3229 | 500 | 600 | 217 | 4700 | 512 | 221 |
| 1975 | 15772 | 1000 | 12500 | 1272 | 1000 | 30 | 14742 | 1000 | 411.7 |
| 1980 | 48061 | 12073 | 34158 | 1408 | 422 | | 46810 | 1251 | 293 |
| 1985 | 48768 | 12026 | 26857 | 1572 | 8313 | | 14781 | 33987 | 838.1 |
| 1990 | 19035 | 3972 | 12556 | 1493 | 1014 | 29 | 15101 | 3905 | 278.4 |

# 4 § . ئورمان باشقۇرۇش

## 1. ئىگىلىك باشقۇرۇش

1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ناھىيىدىكى ئورمانلارنى مەمۇرىي باشقۇرۇشتا «دۆلەت بەرپا قىلسا، دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش، خەلق بەرپا قىلسا، خەلق ئىگىدارلىق قىلىش، كىم بەرپا قىلسا، شۇ ئىگىدارلىق قىلىش» سىياسىتى يولغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەل - دەرەخلەر باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتسىيىگە كىرگۈزۈلدى، ئورمان بەلۋاغلىرى بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ ھۆددىگە بېرىلدى، ئورمانلار بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ خادىملار بېكىتىلدى، «يىل بويى ئىشنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش، يىل ئاخىرىدا سېلىشتۇرۇپ باھالاپ-مۇكاپاتلاش-جازالاش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1962 - يىل 9 - ئايدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە خەلق گوڭشېلىرى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە ئورمانچىلىق ئەترىتى، ئورمانچىلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كۆچەتخانا، ئورمان بۆلەكلىرى ۋە ئورمان بەلۋاغلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئورمانچىلىق گۇرۇپپىلىرى ياكى ئورمان ئاسرىغۇچىلارنى ئورمانچىلىقنى مەخسۇس باشقۇرۇشقا تەشكىللەپ، مەسئۇلىيەتنى ئادەملەرگە ئەمەلىيلەشتۈردى. 1978 - يىللىق تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، سايباغ، پاختەكلە گوڭشېلىرى ۋە بەشكېرەم گوڭشېسىنىڭ 5 - چوڭ ئەترىتىدىكى ئورمانچىلىقتا ئاجرىتىلغان كەسپىي ياكى قوشۇمچە خادىم 1516 گە يېتىپ، مەزكۇر گوڭشې، ئەترەتلەردىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ تەخمىنەن 10% نى ئىگىلىگەن.

1980 - يىلدىن كېيىن، پۈتكۈل يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، ئورمان مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇشتا يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بىرىنچىدىن، ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، بارلىق ئورمانلىق، دەل - دەرەخلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى ئېنىق بولۇپ، تالاش-تارتىش بولمىسىلا، كوللېكتىپنىڭ، دۆلەتنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش ئېنىق بولمىسا، مەسلىھەتلىشىش ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار مەسئۇل بولۇپ ئىگىدارلىق قىلىشنى ئايرىپ بېرىش ئارقىلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش مۇقىملاشتۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، سۇ، تۇپراق شارائىتى بارلىقى گوڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۆز گوڭشې، ئەترەتلىرىدىكى ئېرىقچىلىق قىلىشقا باب كەلمەيدىغان بوز يەر، شورلۇق يەر، دەريا ساھىلى،

ئۇمۇملاشقانلىقى بولسا، گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىشى ئۈچۈن تەقسىملەپ بېرىپ، ئائىلىلەر بەرپا قىلسا، ئائىلىلەر ئىگىدارلىق قىلىشى، بۇنى ئۇزاق مۇددەت ئۆزگەرتمەسلىكنى يولغا قويدى. ئۈچىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەمنى، دەرەخنى، تەلەپنى، ئىش ھەققىنى، باشقۇرۇش يىل چېكىنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ توختام تۈزۈپ، مۇددىتى توشقاندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، توختامدا بېكىتىلگىنى بويىچە نەقلەشتۈردى. ئادەتتىكى ئورمان بەرلۈاغلىرى مەسىلىسىدە ئۆتاش ئورمان، ئىقتىسادىي ئورمانلارنى بېكىتىپ، ئائىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئەمگەك كۈچىگە، ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ، كەسپىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى. ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنى شۇ يەرنى ھۆددە ئالغان ئائىلىلەرگە بىر ئۆتاش ھۆددىگە بېرىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلىدى. 1984 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئورمان ھۆددىگە ئالغان ئائىلە 4119 غا، ئۇلار باشقۇرۇۋاتقان كوللېكتىپقا تەۋە ئورمان 167 مىڭ 200 موغا يەتتى؛ كۆچەت يېتىشتۈرۈش كەسپىي ئائىلىسى 526 گە، ئۇلار كۆچەت يېتىشتۈرگەن يەر كۆلىمى 2284 موغا؛ ئورمان بەرپا قىلغۇچى كەسپىي ئائىلە 462 گە، ئۇلار ئورمان بەرپا قىلغان يەر 8200 موغا يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر كۆلىمى 19 مىڭ 35 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر بەرپا قىلغىنى 3905 مو، كوللېكتىپ بەرپا قىلغىنى 15 مىڭ 101 مو، دۆلەت بەرپا قىلغىنى 29 مو.

## 2. كېسىشنى باشقۇرۇش

دەل - دەرەخلەرنى كېسىشتە، 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى يەر ئىسلاھاتىدا ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئاز ساندىكى ئۆتاش ئورمانلارنى، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى (بۆلۈمى) بىۋاسىتە ئادەم ئەۋەتىپ مۇھاپىزەت قىلغان ۋە پىلانلىق كەسكەندىن تاشقىرى، ناھىيە بويىچە %90 تىن ئارتۇق دەل - دەرەخ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇنى شەخسلەر باشقۇرۇپ تىكەتتى ۋە كېسەتتى. يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئورماننى كوللېكتىپ باشقۇرۇشقا ۋە بەرپا قىلىشقا باشلىدى، دەل - دەرەخلەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى كوللېكتىپ ۋە شەخس دەپ ئايرىلىدىغان بولدى، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئورمانلارنى كوللېكتىپ ئادەم ئەۋەتىپ يېتىشتۈرىدىغان، ئاسرايدىغان، كېسىدىغان بولدى، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى دەل - دەرەخلەرنى يەنىلا خۇسۇسىيلار مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان بولدى. 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ دەل - دەرەخلىرى ئاساسەن باھاغا سۇندۇرۇلۇپ گۇڭشېغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىگە مەنسۇپ بولدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى قالدۇرۇق دەل - دەرەختىن باشقا، زور مىقداردىكى ئورماننى بەرپا قىلىش ۋە كېسىشنى خەلق گۇڭشېلىرى قارار قىلدى. ناھىيىلىك ياغاچ ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتىنىڭ 1962 — 1984 - يىلغىچە بولغان ياغاچ ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش - سېتىشتا دائىر ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، گۇڭشې، ئەترەتلەر ئۆزلىرى كېسىپ، ئۆزلىرى ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، ياغاچ ماتېرىيال پونكىتىغا سېتىپ بېرىلگەن ياغاچ ماتېرىيال 61 مىڭ 95. 430 كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9. 2670 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال سېتىلغان. ناھىيىدىكى 219 مەمۇرىي كەنت بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر بىر كەنت (ئەسلىدىكى چوڭ ئەترەت) ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.58 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ساتقان (كونا ياغاچ ماتېرىياللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە دەل - دەرەخ كېسىش بارغانسېرى كۆپەيدى. 1978 - يىلى ياغاچ ماتېرىيال پونكىتى 7439 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ساتتى (كونا ياغاچ ماتېرىياللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇ، ھەر بىر كەنتكە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 97. 33 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى. 1979 - يىل 2 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ) نى ماقۇللىدى ھەمدە ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «ياغاچ ماتېرىياللارنى كېسىش بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئورمان قوغداش ۋە ياغاچ ماتېرىيال باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنداق كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى: «كوللېكتىپنىڭ ئورمان كېسىشى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىدىغان ئورۇنلار بىلەن ئورمانچىلىق تارماقلىرى (ياغاچ ماتېرىيال باشقۇرىدىغان ئورۇن، ياغاچ ماتېرىيال سېتىۋېلىش پونكىتى) توختام تۈزۈشى، توختامغا ئاساسەن كېسىشى، ھەر يىلى كېسىدىغان مىقدارى ناھىيە بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۆسۈۋاتقان مىقداردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم». گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كېسىش مىقدارى 10 كۇب مېتىردىن ئېشىپ كەتسە، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى؛ چوڭ ئەترەتلەر 5 كۇب مېتىردىن تۆۋەن ھەمدە كېسىش شەرتىگە توشقان ئۆزى ئىشلىتىدىغان ياغاچنى كەسسە، گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتىغا تەستىقلىتىپ، كېسىش ئىجازەتنامىسى ئالغاندىن كېيىن كەستى، كېسىش مىقدارى 5 كۇب مېتىردىن ئېشىپ كەتسە، ناھىيىلىك ئورمان مەمۇرىيىتى تارماقلىرىغا تەستىقلىتىپ، كېسىش ئىجازەتنامىسى ئالغاندىن كېيىن كەستى. پىلان قۇرۇلۇشى، ئورمان بەلۋاغلىرىنى يېڭىلاش، يېتىلگەن ئورمانلارنى سېتىش، ياغاچ ماتېرىيال كېسىشكە ئالاقىدار ئورۇنلار بەلگىلىمە بويىچە ناھىيىگە يوللاپ تەستىقلاتتى، كېسىش ئىجازەتنامىسى يوقلارنىڭ دەرەخ كېسىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى، ئۇنداق قىلمىغانلار ئورمان قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ياغاچ ماتېرىيال، ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىشىغا يول قويۇلدى، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كوللېكتىپقا تەۋە ياغاچ ماتېرىياللارنى بازارغا سېلىشىغا يول قويۇلمىدى. مەسىلەن: گۇڭشې، ئەترەت (مەيدان) لەر ياغاچ ماتېرىياللارنى سېتىشقا مۇھتاج بولسا، ياغاچ ماتېرىيالنى سېتىۋېلىش، سېتىش پونكىتىغا بىۋاسىتە ساتتى، ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ئورۇنلارنىڭ گۇڭشې، ئەترەتلەردىن بىۋاسىتە ياغاچ ماتېرىيال سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى دەرەخ كېسىش ۋە ئورنىغا كۆچەت تىكىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 2 — 5 ـ جەدۋەل

| يىللار | 1950 | 1955 | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ كەسكىنى (كۇب مېتىر) | 3480 | 4740 | 820 | 850 | 1150 | 1800 | 3000 | 5200 | | | 9440 | 4450 | 2725 |
| ئورنىغا تىكىلگەن كۆلەم (مو) | 200 | 190 | 108 | 115 | 116 | 260 | 525 | 560 | | 481 | 1049 | 616 | 298 |

# قوشۇمچە

## ئورمانچىلىقتىكى ئىلغار تىپلار

1. بەشكېرەم گۇڭشې 6 ـ چوڭ ئەترىتى (ھازىرقى يۇقارقى سايباغ كەنتى)

مەزكۇر كەنت ناھىيە بويىچە ئەڭ بالدۇر كوللېكتىپ ئورمان بەرپا قىلغان ئىلغار تىپ. ئورنى چەت،

يېراق رايونغا جايلاشقان، ئىككى تەرىپى تاغقا، بىر تەرىپى چۆللۈككە تۇتىشىدۇ، ئۇ قۇمالتاغ ئېتىكىدىكى كەلكۈندىن ھاسىل بولغان چۆللۈكنىڭ تۈزۈنكى گىرۋىكىنى بويلاپ جايلاشقان كەنت. مىنگو دەۋرىدە قۇم - بوراننىڭ زىيىنى تۈپەيلىدىن تېرىلغۇ يەر تەدرىجىي ئازىيىپ، ئاز ساندىكى دېھقانلار باشقا جايغا كۆچۈپ كەتكەن، ھەر قېتىم بوران يېتىپ كەلگەندە، يەر جاھان قاراڭغۇلىشىپ، قۇم - شېغىللارنى ئۇچۇرتاتتى، بوران توختىغاندىن كېيىن مايسىلار قۇرۇپ كېتەتتى، ھوسۇل كەملەپ كېتەتتى (ياكى ھوسۇل چىقمايتتى)، ئاشلىقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 40 — 50 كىلوگراملا بولاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 - يىلى ئاممىا چۆللۈكنىڭ ئەتراپىغا ئورمان بەرپا قىلىشتا سەپەرۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق كۆچەتلەر تۇتمىدى. 1958 - يىلى 600 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ 140 موسى قۇرۇپ كەتتى. 1959 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى ئورمان بەرپا قىلىندى. 1973 - يىلغا كەلگەندە، 2800 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، كىشى بېشىغا 1.2 مودىن توغرا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن چۆلنىڭ چېتىدە ئۇزۇنلۇقى 3500 مېتىردىن، كەڭلىكى 600 مېتىردىن ئاشىدىغان بوراننى توسۇپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان «يېشىل سېپىل» دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1974 - يىلى مەزكۇر ئەترەتكە قاراشلىق 14 يېزا ئىگىلىك ئەترىتى، بىر ئورمانچىلىق كەسپىي ئەترىتىدە 574 ئائىلە، 2386 نوپۇس، 4600 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ بوراننى توسۇشى نەتىجىسىدە تەبىئىي ئاپەت ئازىيىپ، ئەترەت بويىچە ئاشلىقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 100 - 150 كىلوگرامغا يەتتى، ئورمانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىنمۇ ياخشى ھوسۇل ئېلىندى. 1978 - يىلدىن كېيىن، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1985 - يىلى 2800 مو يەردىكى يېقىلغۇ ئورمىنىنى تولۇقلاش، ئاسراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 2. سايباغ گۇڭشېسى (ھازىرقى سايباغ يېزىسى)

سايباغ گۇڭشېسىدا 14 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، 151 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 19 مىڭ 620 نوپۇس، 81 مىڭ 432 مو تېرىلغۇ يەر بار. بۇ يەرنىڭ ئىككى يېقى تاغقا، جەنۇب تەرىپى دەرياغا تۇتىشىدۇ، يېرى غەربتىن شەرققە پەسىيىپ بارىدۇ، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، 60 - يىللاردىن ئىلگىرى جىرالار كۆپ، دەل - دەرەخ ئاز، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر ئىدى، ئاشلىقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 55 كىلوگرام ئەتراپىدىلا بولۇپ، ناھىيە بويىچە نامى چىققان نامرات گۇڭشې ئىدى.

1966 - يىلدىن ئېتىبارەن گۇڭشېدىكى كادىرلار ۋە ئاممىا 20 مىڭ مو بوز يەرنى، 60 مىڭ مودىن كۆپرەك قۇملۇق چۆلنى، 30 مىڭ مو ئەتراپىدىكى دەريا ساھىلىغا جايلاشقان شورلۇقنى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، مۇددەتكە بۆلۈپ ئورمان بەرپا قىلىپ، دائىرە بويىچە ھۆددىگە بەردى. 1978 - يىلغا كەلگەندە گۇڭشې بويىچە يېقىلغۇ ئورمىنى كۆلىمى 28 مىڭ موغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 1.5 مودىن توغرا كەلدى. گۇڭشې ئەزالىرى ئوتۇن قالاش، ئوت - چۆپ ئورۇش، غازاڭ، جىگدە يىغىۋېلىش، چارۋا بېقىش ۋە ئوغۇت توپلاش جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە نەپكە ئېرىشتى. 1987 - يىلى گۇڭشې بويىچە سىرتقا كەتكەن 339 ئائىلە، 551 نوپۇس يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. گۇڭشې ئەزالىرى يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ئۆزلىرى دەرەخ تىكىپ ھەل قىلغاندىن تاشقىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يەنە 148 مىڭ 872 باغلام ئوتۇننى بىر تۇتاش تەقسىملەپ بېرىپ، يېقىلغۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، 1966 — 1981 - يىلغىچە بولغان 16 يىلدا گۇڭشې بويىچە سېتىلغان كۆچەت، جىگدە، قۇرۇق مېۋە، ئوتۇن، ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىق تۈرلەردىن قىلىنغان كىرىم 820 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 41 يۈەندىن توغرا كەلدى؛ گۇڭشې ئۈچۈن توك ستولبىسى، ئۆي سېلىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە كېرەكلىك 110 مىڭ 249 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ھەل قىلىپ بەردى. 1982 - يىلدىن

ئېتىبارەن گۇڭشې بويىچە بىرقەدەر بالدۇر بەرپا قىلىنغان 20 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى يېقىلغۇ ئورمىنىدىن ھەر يىلى 102 مىڭ تاغار غازاڭ يىغىۋېلىنىپ چارۋا بوغۇزى قىلىنىدى، كىشىلەر بۇنى «قوش قەۋەتلىك ئونلاق» دەپ ئاتاشتى.

1985 - يىلى سايباغ يېزىسىنىڭ ئورمان كۆلىمى 67 مىڭ 800 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %21.11 كە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئورمان يېرى 3.15 موغا يەتتى، ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 7620 تونىنغا يېتىپ، 1970 - يىلدىكىدىن %73.13 ئاشتى. 1990 - يىلدىكى ئورمان كۆلىمى 1615 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 54 مو، ماتېرىيال ئورمىنى 44 مو، يېقىلغۇ ئورمىنى 1356 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 78 مو، باشقىلار 83 مو.

## 3. پاختەكلە گۇڭشېسى (ھازىرقى پاختەكلە يېزىسى)

پاختەكلە يېزىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشى بىرقەدەر ئېغىر. 70 - يىللاردا ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلاردىكى «بەشتە پاخشى» قۇرۇلۇشى پىلانىغا ئاساسەن، ئېتىز، كەنت، ئۆستەڭ، يوللار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەرتىپكە سېلىنىپ، ئورمان بەرپا قىلىش تېزلىتىلدى. 1978 - يىلى گۇڭشې بويىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تېرەكنى ئاساس قىلغان ھالدا 4 قۇر ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىنىپ، 320 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا 600 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بىر تاناب دامبا - قاشنى ئاسراش ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، تورلۇق ئورمان يېرى 2622 موغا يەتتى. كۆچەتنىڭ تۇتۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گۇڭشې بويىچە 96 ئەمگەك كۈچى قاتناشتۇرۇلغان ئورمان قوغداش كەسپىي ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەتنىڭ ئاسراپ باشقۇرۇشى بىلەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە پاختەكلە يېزىسىنىڭ كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىشتا ساقلىنىپ قالغان ئورمان كۆلىمى 6559 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %10.94 كە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئورمان يېرى 0.62 موغا يېتىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ناھىيە بويىچە ئەڭ بالدۇر ئىشقا ئاشۇردى. 1990 - يىلى يېزا بويىچە ئورمان كۆلىمى 803 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 433 مو، ماتېرىيال ئورمىنى 50 مو، يېقىلغۇ ئورمىنى 310 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 10 مو.

## 4. ئورمان بەرپا قىلىش ماھىرى ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن

ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن بۇلاقسۇ يېزا قاراباغ كەنتلىك دېھقان. 1983 - يىلى ئۇ شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى، ئورمانچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى كۆچەت تىكىش ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئورمانچىلىقنى قىزغىن سۆيەتتى، ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئورمان بەرپا قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرەتتى. ئۇ 1980 -، 1981 - يىللىرى ئۆينىڭ ئالدى - كەينىگە 3600 تۈپ كۆچەت تىكتى ھەمدە 2 پۇڭ يەردە 2000 تۈپتىن ئارتۇق تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈردى. 1982 - يىلى كۆچەتخانا كۆلىمىنى 2 مودىن ئاشۇردى ھەمدە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى بىلەن توختام تۈزۈپ، 200 مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈردى. ئىلمىي ئۇسۇلدا تىكىش ۋە باشقۇرۇش ئارقىلىق ۋاقتىدا قوشۇمچە ئوغۇت بېرىپ، ئوتاپ، سۇغىرىپ، تۇپراقنى دائىم يۇمشىتىپ، نەملىكنى ساقلىغاچقا، ئۈجمە كۆچەتلىرى تەكشى، ساغلام ئۆسۈپ ئېگىزلىكى بىر يىلدىلا 30 — 40 سانتىمېتىرغا يەتتى. ئۇ يېتىشتۈرگەن تېرەك كۆچەتلىرىنىڭ ئېگىزلىكى كۆچەتخانىدىن چىقىرىلىدىغان ۋاقىتتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.5 مېتىرغا يەتتى. بۇ كۆچەتلەر ئۆزىنىڭ كۆچەت تىكىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە 2000 تۈپتىن ئارتۇقراقىنى سېتىپ 1300 يۈەن كىرىم قىلدى. 1983 - يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسى تىككەن كۆچەت9500 تۈپكە يەتتى.

1985 - يىلى ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن باشقۇرۇۋاتقان كۆچەتخانا 10 مودىن ئاشتى. كۆچەت سورتلىرى

نەشپۈت، ئۈجمە، بادام، جىگدە، تېرەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى، ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن مەزكۇر يېزىدىكى ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى تىرىشىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە چىداپ تەتقىق قىلدى. ئۇ يېتىشتۈرگەن كۆچەتلەر ساغلام، سورتى ئېسىل، ئۆتۈش نىسبىتى يۇقىرى بولغاچقا، يېزا بويىچە خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى.

# III باب

# چارۋىچىلىق

ناھىيىدە تەبىئىي چۆل ئوتلىقى بىرقەدەر كۆپ، چارۋىچىلىقنىڭ تارىخى ئۇزۇن. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە سولى دۆلىتى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىرقەدەر راۋاجلانغانىدى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) دىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە بويىچە چارۋا 146 مىڭ 500 تۇياققا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئات 4700، كالا 33 مىڭ 400، قوي 78 مىڭ، ئۆچكە 500، قېچىر 39، ئېشەك 29 مىڭ 800. 1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ناھىيە بويىچە 188 مىڭ تۇياق چارۋا بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئات 3000، كالا 43 مىڭ، ئۆچكە 28 مىڭ، قوي 81 مىڭ، ئېشەك 32 مىڭ، تۆگە 300. شۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلىقنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە چارۋا 395 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە كۆپىيىپ، كىشى بېشىغا 1.45 تۇياقتىن توغرا كەلدى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 819 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6%نى ئىگىلىدى.

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چارۋا 485 مىڭ 540 تۇياققا يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 1.2% ئاشتى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 264 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

## 1 §. ئاپپاراتلار

### 1. ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇ چارۋىچىلىققا مەسئۇل بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، مال دوختۇرى ۋە كادىر سەپلەپ بېرىلدى، بۇ بۆلۈم چارۋىچىلىقنى باشقۇردى. 1958 ـ يىلى قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1962 ـ يىلى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمى زەربىگە ئۇچراپ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گورۇپپىسى قۇرۇلۇپ ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل بولدى. 1971 ـ يىلى

ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارە قارمىقىدا مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىت ناھىيە بويىچە چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋىلارنى داۋالاش ۋە چارىچىلىقتا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. 1980 - يىلى چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، 6 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر بىر، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 2. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 8 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 3، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 2.

## 2. چارۋىچىلىق كەسپىي ئورۇنلىرى

1) چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى بۇ پونكىت 1950 - يىلى قۇرۇلدى، 5 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1958 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ چارۋىچىلىق بۆلۈمچىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 7، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 7.

2) ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتى بۇ پونكىت 1985 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلۇپ، ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئوتلاقلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى بېجىردى. ئەينى چاغدا 7 كادىر، بىر ئىشچى بار ئىدى. 1990 - يىلى كادىر 10 غا، ئىشچى 2 گە يەتتى.

3) ناھىيىلىك ئوتلاق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى بۇ پونكىت 1989 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ ئوتلاق پونكىتى بىلەن ئايرىم ۋىۋىسكا ئېسىپ، بىرلىكتە ئىش بېجىردى، مەمۇرىي جەھەتتە چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا قارىدى، كەسپىگە ئوتلاق پونكىتى مەسئۇل بولدى. ئاساسلىقى، يايلاق قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا، يايلاق قوغداش، باشقۇرۇش، قۇرۇش، پايدىلىنىشنىڭ كونكرېت ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، يايلاقتىن پايدىلىنىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىش، ئىشلىتىش ۋاقىتلىق تەڭشەش، يايلاقلاردىن جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىش ئىشلىرىنى، يايلاق ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يايلاق مۇداپىئە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يايلاق قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، باشقۇرۇش ھەققى، تۆلەم ھەققى ۋە جەرىمانە پۇلى يىغىش، مۇكاپاتلاش، جازالاش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. 1990 - يىلى 7 كادىرى، بىر ئىشچىسى بار بولدى.

4) ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق سەھىيە نازارەتچىلىكى ئورنى بۇ ئورۇن 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇرۇلدى، مەمۇرىي جەھەتتە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا قارىدى، كەسپىگە مال دوختۇرلۇق پونكىتى مەسئۇل بولدى. بۇ ئورۇن ناھىيە بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ ئىلكىدىكى چارۋىلارغا، ئۆي قۇشلىرى بېقىش، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش، مال سويۇش، پىششىقلاش، ساقلاش، توشۇش قاتارلىق ئوبوروت ھالقىلىرىدىكى مال دوختۇرلۇق-سەھىيە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

5) يېزا (ئەسلىدىكى گۇڭشې) چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق پونكىتى 1959 — 1960 - يىللىرى ناھىيە بويىچە 8 گۇڭشېدا چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى،

ھەر بىر پونكىتتا 2 — 4 ئادەم ئىشلىدى. 1984 - يىلى گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، گۇڭشې مال دوختۇرلۇق پونكىتى يېزا مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزا چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق پونكىتى 9 غا يەتتى، ھەر بىر پونكىتتا ئەڭ كۆپ بولغاندا 13 ئادەم، ئەڭ ئاز بولغاندا 4 ئادەم ئىشلىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.5 ئادەم توغرا كەلدى. بۇ پونكىتلار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېزا، كەنتلەردە چارۋىچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، نەسىل يېتىشتۈرۈش، چارۋىلاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئوتلاق قۇرۇلۇشى ۋە ئوت - چۆپ پىششىقلاش قاتارلىقلارغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەخسۇس مەسئۇل بولدى.

6) **يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق فېرمىسى** بۇ فېرما 1981 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن ناھىيىلىك چوڭ چارۋا فېرمىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان، ئۇ مەمۇرىي رەھبەرلىك جەھەتتە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قارىدى، كەسپىي جەھەتتە چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1958 — 1985 - يىلغىچە دۆلەت 1 مىليون 259 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا فېرمىسىغا 1966 — 1984 - يىلغىچە سېلىنغان مەبلەغ 881 مىڭ 300 يۈەن، ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرمىغا 1958 — 1984 - يىلغىچە سېلىنغان مەبلەغ 378 مىڭ يۈەن. 2 فېرما قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، 1985 - يىلدىكى چارۋا 1085 كە، يەر 5000 موغا، تۇراقلىق مۈلۈك 120 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 51 گە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە 1986 — 1990 - يىلغىچە چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى**

ئىقتىساد: 3 — 1 - جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر

| تۈرلەر / يىللار | چارۋىچىلىق ئىدارىسى | | | مال دوختۇرلۇق پونكىتى | | | ئوتلاق پونكىتى | | | يېزىلىق پونكىت | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | كادىر | ئىشچى | جەمئىي | كادىر | ئىشچى | جەمئىي | كادىر | ئىشچى | جەمئىي | كادىر | ئىشچى |
| 1986 | 9 | 7 | 2 | 22 | 16 | 6 | 6 | 5 | 1 | 143 | 93 | 50 |
| 1987 | 9 | 7 | 2 | 21 | 16 | 5 | 6 | 5 | 1 | 140 | 92 | 48 |
| 1988 | 10 | 8 | 2 | 22 | 16 | 6 | 7 | 6 | 1 | 135 | 90 | 45 |
| 1989 | 10 | 8 | 2 | 20 | 16 | 4 | 6 | 5 | 1 | 140 | 92 | 48 |
| 1990 | 12 | 10 | 2 | 30 | 25 | 5 | 8 | 7 | 1 | 153 | 102 | 51 |

• چارۋىچىلىقنىڭ كۈنسايىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىمۇ تېزلىكتە زورايدى. 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 42 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 2، ئۆزلىرى تەربىيىلىگەن كەسپىي كادىر 36، مەمۇرىي كادىر 4؛ 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچى 146 گە يېتىپ، 1958 - يىلدىكىدىن 2.47 ھەسسە، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 79 بولۇپ، 38.5 ھەسسە، ئۆزلىرى تەربىيىلىگەن كەسپىي كادىر 43 بولۇپ، 0.19 ھەسسە، مەمۇرىي كادىر 24 بولۇپ، 5 ھەسسە كۆپەيدى. 1990 - يىلى چارۋىچىلىق ئىدارىسىدا ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە خادىمدىن 2 سى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە خادىمدىن بىرى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە خادىمدىن 6 سى؛ مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە خادىمدىن 3 ى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە خادىمدىن

2 سى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە خادىمدىن 3 ى بار بولدى.

## 2 § . ئوتلاق ۋە ئوت - چۆپ

### 1. ئوتلاق بايلىقى

1982 - يىلى ناھىيىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋىلايەتلىك ئوتلاق بايلىقى تەكشۈرۈش خىزمەت ئەترىتىگە ماسلىشىپ، ناھىيە بويىچە تەبىئىي ئوتلاقلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيىدىكى تەبىئىي ئوتلاقنىڭ 853 مىڭ 421 مو ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇ ناھىيە بويىچە 6 مىليون 220 مىڭ مو يەر كۆلىمىنىڭ %13.7 نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 1 مىليون 800 مىڭ مو بوز يەر بار، ئۇنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئوتلاققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

1) ئوتلاقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىپى ئوتلاقتىكى چارۋائوت-چۆپلىرىنى يىغىش، رەتلەش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە 31 ئائىلىگە تەۋە 96 خىل چارۋا ئوتى بارلىقى ئېنىقلاندى (يېرىم چاتقالىق شۇنىڭ ئىچىدە). بۇلارنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ:

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرىدىكى ئوت - چۆپ تۈرلىرى**

ئىقتىساد: 3 — 2 . جەدۋەل

| ئائىلە ئايرىمىسى | تۈرى | ئائىلە ئايرىمىسى | تۈرى | ئائىلە ئايرىمىسى | تۈرى | ئائىلە ئايرىمىسى | تۈرى | ئائىلە ئايرىمىسى | تۈرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى | 17 | كالىۋەكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى | 2 | گۈلسامساق ئائىلىسى | 1 | كەپە ئائىلىسى | 1 | لوبىيا ئائىلىسى | 16 |
| پىدىگەن ئائىلىسى | 2 | جىگدە ئائىلىسى | 1 | چۈقا ئائىلىسى | 1 | باشاقلىقلار ئائىلىسى | 13 | كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى | 2 |
| مۇۋەبېلەسپەت ئائىلىسى | 1 | پاقا يوپۇرمىقى ئائىلىسى | 1 | قىياق ئائىلىسى | 3 | ئېيىق تاپان ئائىلىسى | 2 | چاكاندا ئائىلىسى | 1 |
| قامچا ئوت ئائىلىسى | 1 | يۇرچاق ئائىلىسى | 11 | يۈگمەچگۈل ئائىلىسى | 1 | تالگۈل ئائىلىسى | 1 | ئەڭلىك ئوت ئائىلىسى | 1 |
| يۇلغۇن ئائىلىسى | 3 | ئەتىرگۈل ئائىلىسى | 1 | شۇمبۇيا ئائىلىسى | 1 | نورۇزگۈل ئائىلىسى | 1 | ئوغرى تىكەن ئائىلىسى | 3 |
| كۆكنار ئائىلىسى | 1 | ئىدىس ئائىلىسى | 1 | يېكەن ئائىلىسى | 1 | كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى | 2 | ئەمەن ئائىلىسى | 7 |
| بەھمەن ئائىلىسى | 1 | | | | | | | | |

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوت - چۆپ ئىچىدە تەركىبىدە بىئولوگىيىلىك شور بار، چارۋىلار يېمەيدىغان ياكى قاتتىق بولغاچقا چارۋىلارنىڭ يېمىكى تەس كېلىدىغىنى 11 ئائىلە بولۇپ، %35.48 نى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيە بويىچە تەبىئىي ئوتلاقلارنى مۇنداق 4 چوڭ تۈر، 7 كەنجى تۈر، 30 ئوتلاق تىپىغا ئايرىشقا بولىدۇ. 4 چوڭ تۈر مۇنۇلار: I قۇرغاق چۆل ئوتلىقى تۈرى، II تاغلىق چۆل ئوتلىقى تۈرى، III ئويمان چىملىق ئوتلاق تۈرى، IV سازلىق ئوتلاق تۈرى؛ 7 كەنجى تۈر مۇنۇلار: ئوت - چۆپى ئېگىز ئۆسىدىغان، ئوت - چۆپى ئورۇشلىنىدىغان، چارۋا بېقىلىدىغان سازلىق ئوتلاق، شورلاشقان ئويمان يەرلەردىكى ئوت - چۆپى

ئورۇۋېلىنىدىغان چىملىق ئوتلاق، قۇم - شېغىللىق چۆل ئوتلاق، تاغلىق جايلاردىكى قۇم - شېغىللىق چۆل ئوتلىقى، ئوت - چۆپى ئورۇۋېلىنىدىغان سازلىق، ئويمان، چىملىق ئوتلاق؛ 30 ئوتلاق تىپى مۇنۇلار: ئىت سىيگەك ئۇششاق كەندىر تىپلىق، چىغ+زاغزاق تىپى، يانتاق تىپى، چىغ تىپى، ئىت سىيگەك+شورلۇق يەرلەردىكى بۇرگۇن تىپى، قومۇش تىپى، قومۇش+قوغغۇراقباش تىپى، قومۇش+ياش ئىمپىراتا قومۇشى تىپى، ياش قومۇش+ياش ئىمپىراتا قومۇشى، گىلائوكس تىپى، ئوراق يوپۇرماقلىق شەبنەم ئوتى+قارا ئىجىرىق تىپى، پىكەن+قومۇش+ئوراق يوپۇرماقلىق شەبنەم ئوتى، جىگدە - قومۇش تىپى، جىگدە - يۇلغۇن - ئاچىماق ئىشەك قومۇشى تىپى، جىگدە - ياش ئىمپىراتا قومۇشى+خوخا تىپى، جىگدە+توغراق-خوخا تىپى، توغراق+يۇلغۇن+جىگدە تىپى، سۆگەت - چىغ تىپى قاتارلىقلار، بەزى ئوتلاق تىپلىرى كەنجى تۈرلەر ئىچىدە كۆرۈلىدۇ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تەكرارلىمايمىز.

2) ئوتلاقلارنى دەرىجىگە ئايرىش ناھىيە بويىچە 976 مىڭ 492 مو (26 مىڭ 613 مو قوش قەۋەت ئوتلاقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئوتلاق بار، بۇ ئوتلاقلارنى 5 سورت، 8 دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەن ھوسۇللۇق ناچار ئوتلاق كۆلىمى 666 مىڭ 498 مو بولۇپ، ئومۇمىي ئوتلاقنىڭ 68.25% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئېسىل، سۈپەتلىك ئوتلاق كۆلىمى 32 مىڭ 992 مو بولۇپ، 3.37% نىلا ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي ئەھۋال مۇنداق: ناھىيە بويىچە ئوتلاق شارائىتى ناچار، سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، كۆپىنچە ئوتلاقلارنىڭ ئوت - چۆپى ئوتتۇراھال، تۆۋەن ۋە ناچار. كونكرېت باھالاش ئۆلچىمى مۇنداق: 1 - سورتى: ئەلا سۈپەتلىك ئوت - چۆپ 60% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن بولۇش؛ 2 - سورتى: ياخشى ئوت - چۆپ 60% نى، سۈپەتلىك، ئوتتۇراھال ئوت - چۆپ 40% نى ئىگىلىگەن بولۇش؛ 3 - سورتى: ئوتتۇراھال ئوت - چۆپ 60% نى، ئاخشى، تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوت - چۆپ 40%نى ئىگىلىگەن بولۇش؛ 4 - سورتى: تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوت - چۆپ 60% نى، ئوتتۇراھال، ناچار ئوت - چۆپ 40% نى ئىگىلىگەن بولۇش؛ 5 - سورتى: ناچار ئوت - چۆپ 60% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن بولۇش. 1 - دەرىجىلىكى: ھەر موسىدىن 800 كىلوگرامدىن كۆپرەك ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش؛ 2 - دەرىجىلىكى: 600 — 800 كىلوگرام ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش؛ 3 - دەرىجىلىكى: 400 — 600 كىلوگرام ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش؛ 4 - دەرىجىلىكى: 300 — 400 كىلوگرام ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش؛ 5 - دەرىجىلىكى: 200 — 300 كىلوگرام ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش؛ 6 - دەرىجىلىكى: 100 — 200 كىلوگرام ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش؛ 7 - دەرىجىلىكى: 50 — 100 كىلوگرام ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش؛ 8 - دەرىجىلىكى: 50 كىلوگرامدىن تۆۋەن ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدىغان بولۇش.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوتلاقلارنى دەرىجىگە ئايرىش ئەھۋالى**

ئەنسى: 3 — 3 - جەدۋەل بىرلىكى: مو

| دەرىجىسى | Ⅰ2 | Ⅰ5 | Ⅰ6 | Ⅱ5 | Ⅱ6 | Ⅱ7 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مو سانى | 23.263 | 1.485 | 8244 | 3087 | 8073 | 169402 |
| % | 2.64 | 0.17 | 0.94 | 0.35 | 0.92 | 19.25 |
| دەرىجىسى | Ⅱ2 | Ⅱ3 | Ⅱ4 | Ⅱ5 | Ⅱ6 | Ⅱ7 |
| مو سانى | 5533 | 4387 | 9743 | 69827 | 151372 | 256203 |
| % | 0.63 | 0.49 | 1.12 | 7.93 | 17.20 | 29.11 |

| دەرىجىسى | Ⅲ 8 | Ⅳ 5 | Ⅳ 6 | Ⅳ 7 | Ⅳ 8 | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مو سانى | 7716 | 221 | 43963 | 34697 | 82836 | |
| % | 0.88 | 0.03 | 4.99 | 3.94 | 9.41 | |

**ئىزاھات:** 855 مىڭ 328.74 مو ئوتلاق 15 پارچە قوش قەۋەت ئوتلاق (26 مىڭ 613 مو) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ سان جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

بۇلاردىن باشقا، ئوت - چۆپ يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ناھىيە بويىچە 1966 - يىلدىن ئېتىبارەن، يېقىلغۇ ۋە چارۋا بېقىش ئورمىنىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1985 - يىلغىچە بەرپا قىلىنغان يېقىلغۇ - چارۋا بېقىش ئورمىنى 247 مىڭ موغا يەتتى.

## 2. ئوتلاقلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

**1) ئوتلاقلارنىڭ تارقىلىشى** قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت - يىراق تاغلىق رايونلارغا ياكى تاغلىق رايونغا يېقىن بەلۋاغلارغا تارقالغان، ئاز قىسمى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىغا يېقىن ئويمانلىق ۋە سازلىق ئويمانلىقلارغا تارقالغان. دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا يېقىن جايلاشقان ئوتلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى 4 پەسىللىك ئوتلاقلار بولۇپ، كۆپ قىسمىدا ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك پايدىلىنىشقا بولىدۇ. چەت - يىراق رايون، ئوتلاقلاردىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ تۈرى بىرقەدەر كۆپ، بىراق سۈيى كەمچىل، پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئوتلاقلارنىڭ چارۋا سىغدۇرۇش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىپ، كۆپىنچىسى يايلاق، كۆكلەم ۋە كۈزلەك بولۇپ قالدى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە تەبىئىي ئوتلاقلارنى تەكشۈرگەندە، ناھىيىدىكى تاغلىق رايونلاردىن تۈزلەڭلىكلەرگىچە بولغان جايلاردىكى تەبىئىي ئوتلاقنىڭ 128 پارچە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇ ئوتلاقلار ناھىيىدىكى گۇڭشېلارغا تارقالغان، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1982 - يىلدىكى ئوتلاقلىرىنىڭ جايلىشىشى

ئىقتىساد: 3 — 4 - جەدۋەل

| جايلاشقان ئورنى | ئوتلاق نومۇرى | ئوتلاق نامى | پايدىلىنىش شەكلى | كۆلىمى (مو) | ئوت - چۆپ مىقدارى (كىلوگرام) | چارۋا سىغىمچانلىقى (تۇياق) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| [illegible] | 87 | ئوپۇلات | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 3766 | 632342 | 234 |
| | 82 | ساز | | 812 | 200951 | 74 |
| | 86 | ئوپۇلات | | 863 | 147044 | 54 |
| | 12 | قىرىقبۇلاق | | 126 | 29282 | 11 |
| | 2 | ئىككىلىك يەر | | 139 | 36020 | 13 |
| | 88 | | | 739 | 191496 | 11 |
| | 76 | دۆشەمەللە | | 3109 | 805634 | 298 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 79 | 212884 | 1176 | | ساز | 40 | ئوبال كۆڭى |
| 36 | 97173 | 375 | | ئارال | 80 | |
| 17 | 45779 | 249 | | كىلاخۇن مەھەللىسى | 92 | |
| 43 | 117208 | 647 | | خۇنۇكباش | 4 | |
| 1416 | 382418 | 5533 | | قاراقىز كىچىك | 3 | |
| 346 | 93415 | 3296 | | بۇسالق مەھەللىسى | 81 | |
| 105 | 283228 | 1821 | | سىبسىق | 8 | |
| 41 | 110777 | 2468 | | تۆۋەنلەڭگەر | 96 | |
| 31 | 66354 | 221 | ئوت - چۆپى ئورە-ۋېلسىدىغان ئوتلاق | قۇمباغ جاڭگال | 6 | |
| 261 | 489551 | 1537 | | جاڭگال قومۇشباغ | 89 | |
| 384 | 360144 | 1485 | | سۇسې | 9 | |
| 2433 | 4562880 | 36240 | | ئاقتالا | 10 | |
| 8101 | 15189149 | 47677 | | شوتا جاڭگال | 5 | |
| 73 | 137271 | 971 | | يىڭچكە | 7 | |
| 40 | 75492 | 534 | | قارابۇيا | 90 | |
| 882 | 1546771 | 16599 | | چاشقان جاڭگىلى | 1 | |
| 6196 | 8261940 | 41289 | | ئوپۇلات | 11 | |
| 1053 | 2105907 | 34697 | يايلاق | داۋانئاشار | 14 | تاشلىق كۆڭى |
| 10791 | 10791300 | 97787 | | ئادامتاش | 84 | |
| 3423 | 2567192 | 2326 | | قۇرئارغى | 83 | |
| 3 | 72386 | 229 | 4 پەسىللىك ئوتلاق | چاقمائېرىق | 95 | |
| 59 | 1591135 | 5019 | | جاڭگال | 13 | |
| 64 | 1732774 | 941 | | ئارا جاڭگال | 85 | |
| 592 | 8042874 | 3545 | 4 پەسىللىك ئوتلاق | ساز تېكە | 74 | بۇلاقسۇ كۆڭى |
| 937 | 12645812 | 5045 | | ئويساز | 15 | |
| 140 | 3027986 | 1952 | | | 97 | |
| | 25761356 | 1217 | | | 91 | |
| 230 | 619826 | 2927 | | تاشكىچىك | 10 | |
| 14 | 37415 | 210 | | | 31 | |
| 34 | 91980 | 516 | | مازار ئالدى | 33 | |
| 20 | 55487 | 279 | | | 30 | |
| 71 | 193036 | 836 | | | 26 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 294 | 794188 | 4457 | | ئاياق تۆر | 24 | بۇلاقسۇ كەنتى |
| 180 | 485065 | 2723 | | ئايدۇراخمان مەھەللىسى | 23 | |
| 27 | 73494 | 413 | | قىشلاق | 28 | |
| 47 | 128505 | 702 | | | 27 | |
| 289 | 779044 | 4373 | | مالچى مەھەللىسى | 25 | |
| 69 | 186994 | 707 | | تۆردى مەھەللىسى | 75 | |
| 327 | 883647 | 4170 | | تاشكىچىك | 20 | |
| 20 | 55487 | 279 | | | 29 | |
| 53 | 80996 | 326 | يايلاق | | 35 | |
| 25 | 37363 | 150 | | كۆلباغ | 36 | |
| 38 | 72159 | 332 | ئوت - چۆپى ئورۇ-ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | جىگدىلىك | 32 | |
| 210 | 567469 | 2832 | 4 پەسىللىك ئوتلاق | كۆكچى | 21 | سايباغ كەنتى |
| 215 | 581722 | 3264 | | تۈمەن | 17 | |
| 1120 | 30230186 | 14954 | | يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپى | 18 | |
| 111 | 3004374 | 1686 | | | 93 | |
| 64 | 171710 | 946 | | كۆلبېشى | 45 | |
| 305148 | 1533 | 2674 | | تۈمەن | 38 | |
| 297 | 802231 | 3317 | | | 78 | |
| 15 | 28860 | 240 | ئوت - چۆپى ئورۇ-ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | | 47 | |
| 2389 | 4478594 | 9743 | | گەز دەريا | 37 | |
| 263 | 493270 | 5679 | | چاشقان جاڭگىلى | 1 | |
| 62 | 116817 | 538 | ئوت - چۆپى ئورۇ-ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | | 42 | |
| 1228 | 2302259 | 10609 | ئوت - چۆپى ئورۇ-ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | شور | 41 | |
| 11 | 19845 | 165 | | | 48 | |
| 26 | 49371 | 227 | | ئاچا | 43 | |
| 120 | 325189 | 1253 | 4 پەسىللىك ئوتلاق | دولان مەھەللىسى | 94 | جوڭ چارۋا فېرمىسى |
| 475 | 890700 | 3369 | ئوت - چۆپى ئورۇ-ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | يىڭنىبرىق | 22 | |
| 421 | 789604 | 2987 | | | 34 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| زەمىن كۆلى | 56 | شوۋى | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 1913 | 387223 | 143 |
| | 69 | كۆليار | | 1448 | 232835 | 86 |
| | 51 | ئاتتېمەنيار | ئوت - چۆپى ئورۇ- ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | 1269 | 113469 | 61 |
| | 54 | ساي | | 263 | 23453 | 13 |
| | 52 | تۆگمەنبېشى | | 173 | 15413 | 8 |
| | 53 | شەرقىي ياغۇ | قىشلاق | 786 | 70248 | 37 |
| | 50 | قاشناق بېغى | ئوت - چۆپى ئورۇ- ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | 53938 | 2835207 | 1832 |
| قوغۇشاق بېزىس | 70 | تازلىق | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 2111 | 311945 | 116 |
| | 71 | | | 622 | 91976 | 34 |
| | 59 | ئاياغمەھەللە | | 1035 | 107078 | 59 |
| | 55 | پارچە يەر | قىشلاق | 34837 | 3602285 | 14150 |
| باغتەكلە كۆلى | 60 | ئويكوچا | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 799 | 242520 | 90 |
| | 57 | كۆكچى | | 1174 | 277263 | 103 |
| | 61 | | | 353 | 65553 | 24 |
| | 58 | سوغۇرلۇق | | 660 | 61567 | 23 |
| | 39 | ئارامەھەللە | • | 161 | 29936 | 11 |
| لەگلىر كۆلى | 62 | بەكرىناق بېغى | كۆزلەك | 158 | 38285 | 77 |
| | 64 | يەكرىناق بېغى | كۆزلەك | 952 | 231425 | 463 |
| | 62 | بەكرىناق بېغى | كۆزلەك | 343 | 83428 | 167 |
| يۇزىن كۆلى | 68 | سۆگەتبۇلاق | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 3651 | 737966 | 273 |
| | 67 | قىزىل گۈمبەز | ئىشلىتىلمىدى | 3116 | 245398 | 164 |
| | 50 | قاشناق تېغى | قىشلاق كۆكلەم | 39311 | 2066350 | 827 |
| | 49 | | | 26373 | 1386633 | 555 |
| | 65 | قاراقغۇ جاڭگال | | 82836 | 1749740 | 675 |
| | 66 | | | 52888 | 4214963 | 2107 |
| | 44 | كۆۋا گۈمبەز | | 16633 | 1277741 | 639 |
| قوغان كۆلى | 1 | | ئوت - چۆپى ئورۇ- ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | 3386 | 245965 | 57 |
| بەشكېرەم كۆلى | 4 | | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 21096 | 158188 | 59 |
| | 24 | | ئوت - چۆپى ئورۇ- ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | 735 | 46351 | 25 |
| | 23 | | | 2449 | 154425 | 82 |
| | 3 | | | 6011 | 346341 | 185 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| خانتوۋى ئورىياد جىلغى مەيدانى | 2 | | ئوت - چۆپى ئۇرۇ- ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | 38332 | 2417362 | 1290 |
| ئاۋات گوڭشى | 8 | | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 154 | 14023 | 10 |
| | 9 | | | 3251 | 367631 | 272 |
| | 10 | | | 266 | 30155 | 22 |
| | 5 | | ئوت - چۆپى ئۇرۇ- ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | 16425 | 1146008 | 611 |
| | 6 | | | 4151 | 1910813 | 446 |
| | 7 | | | 4035 | 794110 | 424 |
| يېڭىئۆستەڭ گوڭشى | 20 | | 4 پەسىللىك ئوتلاق | 3611 | 408350 | 303 |
| | 19 | | | 10307 | 894922 | 331 |
| | 15 | | | 236 | 108552 | 40 |
| | 16 | | | 5402 | 522368 | 194 |
| | 11 | | | 6900 | 597675 | 222 |
| | 13 | | | 5226 | 396991 | 147 |
| | 12 | | | 223 | 23873 | 9 |
| | 26 | | | 1886 | 153925 | 57 |
| | 18 | | | 825 | 63829 | 47 |
| | 17 | | | 945 | 73113 | 54 |
| | 27 | | | 936 | 40644 | 30 |
| | 14 | | ئوت - چۆپى ئۇرۇ- ۋېلىنىدىغان ئوتلاق | 3133 | 272077 | 145 |

## 1986 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلارنىڭ جايلىشىشى ۋە ئوتلاقلارغا گۈۋاھنامە تارقىتىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 3 — 5 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يېزا - مەيدان | ئوتلاق كۆ- لىمى (مو) | گۇۋاھنامە تارقىتىلغان كۆلەم (مو) | چارۋا سى- غىمچانلىقى (تۇياق) | گۇۋاھنامە تارقىتىلمى- غان كۆلەم (مو) | تارقىتىل- غان گۇۋاھ- نامە سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا | كوللېكتىپ | يەككىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 976492 | 456540 | 56265 | 519952 | 273 | 5 | 198 | 34 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاشمىلىق | 140999 | 24000 | 24000 | 116999 | 6 | | 6 | |
| ئوبال | 171672 | 119200 | 1192 | 52472 | 25 | 2 | 23 | |
| سايباغ | 56874 | 31700 | 3170 | 25174 | 18 | | 17 | 18 |
| بۇلاقسۇ | 72372 | 67830 | 6783 | 4542 | 84 | | 73 | 11 |
| زەمىن | 59790 | 10610 | 1061 | 49180 | 36 | | 14 | 22 |
| ئوغۇساق | 38605 | 33113 | 3311 | 5492 | 17 | 1 | 16 | |
| پاختەكلە | 3147 | 1500 | 150 | 1647 | 1 | | 1 | |
| مۇش | 224807 | 52000 | 5200 | 172807 | 10 | 1 | 8 | 1 |
| لەڭگەر | 1453 | 1453 | 585 | | 5 | | 5 | |
| قوغان | 3386 | | | 3386 | | | | |
| بەشكېرەم | 30291 | 12263 | 1226 | 18028 | 4 | | 4 | |
| ئاۋات | 28282 | 25951 | 2595 | 2331 | 1 | 1 | | |
| يېڭىئۆستەڭ | 39630 | 35990 | 3599 | 3640 | 5 | | 5 | |
| ئاققاش | 29800 | 29800 | 2980 | | 20 | | 20 | |
| تېرەم | 4130 | 4130 | 413 | | 4 | | 4 | |
| ئەسلىلىك چارۋا فېرمىسى | 25313 | | | 25313 | | | | |
| چولاق چارۋا فېرمىسى | 7609 | 7000 | | 609 | 1 | | 1 | |
| خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانى | 38332 | | | 38332 | | | | |

ئىزاھات: سەمەن، خاڭدى يېزىلىرىدا ئوتلاق بولمىغاچقا، جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

2) پايدىلىنىش ئەھۋالى ناھىيە بويىچە 1985 - يىلدىكى تەبىئىي ئوتلاق ئىچىدە 4 پەسىللىك ئوتلاق 82 پارچە، كۆلىمى 151 مىڭ 252 مو، بۇ ئومۇمىي ئوتلاقنىڭ 15.49% نى ئىگىلەيدۇ؛ يايلاق 8 پارچە، كۆلىمى 156 مىڭ 223 مو، بۇ 16% نى ئىگىلەيدۇ؛ قىشلاق 4 پارچە، كۆلىمى 88 مىڭ 775 مو، بۇ 9.09% نى ئىگىلەيدۇ. قىشلاق ۋە كۆكلەم 8 پارچە، كۆلىمى 217 مىڭ 447 مو، بۇ 22.27% نى ئىگىلەيدۇ؛ كۆكلەم ۋە كۈزلەك بىر پارچە، كۆلىمى 41 مىڭ 289 مو، بۇ 4.23% نى ئىگىلەيدۇ؛ كۈزلەك 3 پارچە، كۆلىمى 1453 مو، بۇ 0.15% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوت - چۆپى ئورىۋېلىنىدىغان ئوتلاق 21 پارچە، كۆلىمى 193 مىڭ 866 مو، بۇ 19.85% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلاردىن باشقا تېخىچە پايدىلىنىلمىغان ئوتلاقلارمۇ بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ 365 مو كېلىدۇ، بۇ، ئومۇمىي ئوتلاقنىڭ 13% نى ئىگىلەيدۇ.

## 3. ئوت - چۆپ بايلىقى

1982 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇشقا دائىر تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوت-

چۆپ مەنبەسى 6 بولۇپ، ئۇلار ئوتلاق، ئورمان، شاخ - شۇمبا، بىدە، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى ئوت - چۆپ، شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ ئوت - چۆپ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلچەملىك بىرلىككە سۇندۇرغاندا، 522 مىڭ 194 تۇياق چارۋىنى باققىلى بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر تۇياق چارۋىغا 918.3 كىلوگرامدىن ئوت - چۆپ توغرا كېلىدۇ. كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1982 - يىلدىكى يەم - خەشەك مەنبەسى

ئىقتىساد: 3 — 6 - جەدۋەل

| مەنبەسى | كۆلىمى (مو) | چىققان ئوت - چۆپ مىقدارى (كىلوگرام) | جەمئىي توننا |
|---|---|---|---|
| ئوتلاق | 976492 | 108564017 | 108564 |
| ئورمان | 255419 | 130074800 | 130074 |
| شاخ - شۇمبا | 484707 | 118045347 | 118043 |
| بىدە | 32364 | 18087200 | 18087 |
| ئېتىز - ئېرىق ئوت - چۆپلىرى | 1388686 | 25646759 | 25646 |
| شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر | 3296554 | 79117860 | 79117 |
| جەمئىي | 6434222 | 479535983 | 479531 |

ناھىيىدىكى ئاساسلىق يەم - بوغۇز كېپەك، كۈنجۈرە، تېرىق، كۆممىقوناقتىن ئىبارەت. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 27 مىڭ 572.5 توننا كۆممىقوناق ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەم - بوغۇزغا ئىشلىتىلگىنى 8319.9 توننا بولۇپ، ھەر بىر چوڭ چارۋىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 84.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ بىر يىلدا ئاتقا بېرىدىغان يەم - بوغۇزى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 — 400 كىلوگرام، كالىغا بېرىدىغان يەم - بوغۇزى 150 — 200 كىلوگرام، تۆگىگە بېرىدىغان يەم - بوغۇزى250— 400 كىلوگرام، ئېشەككە بېرىدىغان يەم - بوغۇزى 50 كىلوگرام ئەتراپىدا بولغان. ئۇششاق چارۋا جەھەتتە، بورداق قوي، نەسىللىك قوشقار، قوزىلىق ساغلىق ۋە پاقلانلارغا ئاز مىقداردا قوشۇمچە يەم - بوغۇز بېرىلگەندىن تاشقىرى، ئادەتتە ئۇلارغا يەم - بوغۇز بېرىلمەيدۇ. 1983 - يىلى توققۇزاق بازىرىدا ئارىلاشما يەم - بوغۇز پىششىقلاش زاۋۇتىدىن بىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 600 توننا بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى توخۇ، قوي باققۇچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ يەم - بوغۇزغا بولغان ئېھتىياجىنىلا تەمىن ئېتەلەيدۇ.

## 3 § . چارۋا نەسلى ۋە نەسىل ياخشىلاش

### 1. نەسىل

1) تۆگە    ئاسىيا قوش لوككىلىق تۆگىسىگە مەنسۇپ. ئېغىرلىقى 500 — 600 كىلوگرام، كۆيلىشى قاتتىق، بوغاز مەزگىلى بىر يىل، بىر يىلدا 4 — 7 كىلوگرام تىۋىت بېرىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا 200 — 250 كىلوگرام يۈك كۆتۈرەلەيدۇ ھەمدە ئۇزۇن يولغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

2) ئات    موڭغۇل ئېتى قان سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئېغىرلىقى 300 كىلوگرام ئەتراپىدا، سول

تەرەپتىن تۇخۇم چىقىرىش نىسبىتى 80% تىن يۇقىرى بولىدۇ، بوغاز مەزگىلى بىر يىل، مىنىشكىمۇ، هارۋىغا قېتىشقىمۇ بولىدۇ.

3) ئېشەك ئوتتۇرا ئاسىيا قان سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئېغىرلىقى 100 — 150 كىلوگرام كېلىدۇ، بوغاز مەزگىلى 9 ئاي، 100 كىلوگرام ئەتراپىدا يۈك كۆتۈرەلەيدۇ. يەم - خەشەك تاللىمايدۇ، كېسەلگە تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، چىدامىلىق بولۇپ، ناھىيە يېزىلىرىدىكى ئاساسلىق ئىش ئۇلىغى.

4) كالا ئوتتۇرا ئاسىيا سېرىق كالىسى قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ. ئېغىرلىقى 300 — 400 كىلوگرام كېلىدۇ، سوت تەرەپتىن تۇخۇم چىقىرىش نىسبىتى كۆپرەك، بوغاز مەزگىلى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 280 كۈن. بىر جۈپ كالا بىلەن بىر كۈندە 3.5 — 5 موغىچە يەر ئاغدۇرغىلى بولىدۇ. سويۇلۇش نىسبىتى 55% — 65% كىچە بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئۇلىغى ۋە تاۋار گۆش ئۇلىغىدۇر.

5) قوي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىرىك يۇڭلۇق، چوڭ قۇيرۇقلۇق قازاق قويى سىستېمىسىغا مەنسۇپ. بوغاز مەزگىلى 5 ئاي، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە 1.5 — 2 كىلوگرامغىچە يۇڭ بېرىدۇ، ئېغىرلىقى 40 — 65 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ. گۆش چىقىش نىسبىتى 45% — 50% بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك تاۋار گۆش چارۋىسىدۇر.

6) ئۆچكە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆچكىسى قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ، ئېغىرلىقى 35 — 45 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ، سويۇلۇش نىسبىتى 40% كە يېتىدۇ. 2 - دەرىجىلىك گۆش چارۋىسى هېسابلىنىدۇ. بوغاز مەزگىلى 5 ئاي، قوشكېزەك تۇغۇش نىسبىتى 15% — 25% نى ئىگىلەيدۇ. بىر يىلدا تەخمىنەن 30 — 80 گرام تىۋىت بېرىدۇ.

7) توخۇ، ئۆردەك توخۇنىڭ يەرلىك نەسلى تۇخۇم توخۇسى ۋە خورازدىن ئىبارەت 2 تۈرگە ئايرىلىدۇ، تۇخۇم توخۇسىنىڭ ئېغىرلىقى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3.5 كىلوگرام كېلىدۇ، يىلدا ئوتتۇرا هېساب بىلەن 60 — 80 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. 50 - يىللاردىن ئېتىبارەن توخۇ نەسلى تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئۆز ئۇرۇقدىشى بىلەن چېتىشتۇرۇش ئاساس قىلىنىدى، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا نەسىللەندۈرۈلدى. ئۆردەك ئوپال، بۇلاقسۇ، ئوغۇساق، سەمەن، ياختەكلە قاتارلىق يېزىلارنىڭ بۇلاق سۈيى يېيىلىپ ئاقىدىغان جايلىرىدا ئاز ساندا بېقىلىدۇ، سانى 2000 دىن كۆپرەككە يېتىدۇ.

## 2. نەسىل ياخشىلاش

چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش 50 - يىللاردىن ئېتىبارەن تەدرىجىي باشلاندى، ئۆز ئۇرۇقدىشى بىلەن چېتىشتۇرۇش ئاساس قىلىندى، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا نەسىللەندۈرۈلدى. 80 - يىللاردىن ئېتىبارەن كالىلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلدى.

1) ئات 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئورلوف، ئانگلو - دون ئارغىماقلىرى ۋە موڭغۇلكۈرە ئات فېرمىسىدىن 12 نەسىللىك ئارغىماق كىرگۈزۈلۈپ، ناهىيىلىك چوڭ چارۋا فېرمىسى ۋە ئوپال، لەڭگەر، يېڭىئۆستەڭ، بۇلاقسۇ گۇڭشېلىرىدىكى ئات فېرمىلىرىدا بايتاللارنى نەسىللەندۈرۈپ ئات نەسلىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلدى. 1975 - يىلغا كەلگەندە، تۇغۇلغان بىر ئەۋلاد شالغۇت ئات تەخمىنەن 420 دىن ئاشتى.

2) ئېشەك 1963 -، 1967 -، 1976 - يىللىرى 3 قېتىمدا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن، شيەنياڭ ۋىلايەتلىرىدىن 45 تۇياق گۇەنجۇڭ نەسىللىك ئېشىكى كىرگۈزۈلۈپ، ناهىيىلىك چوڭ چارۋا فېرمىسى ۋە ئوپال، ئوغۇساق، بۇلاقسۇ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىدا يەرلىك ئېشەكلەر بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ،

تەخمىنەن 1450 شالغۇت ئېشەك يېتىشتۈرۈلدى.

3) قوي شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاسكانىيە ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى كىرگۈزۈلۈپ، بېكىتىلگەن چارۋىچىلىق فېرمىسىدا، بۇلاقسۇ گۇڭشېسىنىڭ 5 - چوڭ ئەترىتىدە ۋە گۇڭشې باشقۇرغان فېرمىلاردا ساپ كۆپەيتىلدى ۋە شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ نەسىل ياخشىلاندى. 1 — 3 ئەۋلادقىچە يېتىشتۈرۈلگەن شالغۇتلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى 20 مىڭ تۇياققا يەتتى، بىراق قانداشلىقى سۇپەتداشلىق تەلىپىگە ۋە ئۆزىدىن چېتىشتۈرۈپ تۇراقلاشتۇرۇش ئۆلچىمىگە يەتمىدى. 70 - يىللاردا بۇلاقسۇ گۇڭشې چارۋىچىلىق فېرمىسى يەنە قارا كۆل قويى كىرگۈزۈپ ساپ كۆپەيتتى ۋە شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاپ، ئەۋلادنى 3500 تۇياقتىن كۆپرەككە يەتكۈزدى. 80 - يىللاردا مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى كىرگۈزۈلدى، بۇ ئامىلنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1960 - يىلى نەسلى ياخشىلانغان ساپ نەسىللىك قوي ۋە شالغۇت قوي 3100 تۇياق، 1965 - يىلى 1600 تۇياق، 1970 - يىلى 1500 تۇياق، 1975 - يىلى 1100 تۇياق، 1980 - يىلى 1200 تۇياق بولدى.

4) سائانېن ئۆچكىسى . شەنشىنىڭ ۋېينەن، شيەنياڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ شىنپىڭ، فۇپىڭ ناھىيىلىرىدىن 1964 -، 1979 -، 1981 - يىللىرى 3 قېتىمدا 1500 تۇياق سائانېن ئۆچكىسى كىرگۈزۈلۈپ، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق فېرمىسى، زەمىن، ئوغۇساق، سايباغ، پاختەكلە قاتارلىق گۇڭشېلاردا بېقىپ كۆپەيتىلدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى 3000 تۇياققا يەتتى. كۆزىتىشتىن قارىغاندا، بۇ خىل سۈتلۈك ئۆچكە بىر تۇغۇتتا 1 — 3 كىچە ئوغلاقلايدىكەن، سۈت بېرىش مەزگىلى 300 كۈنگە يېتىدىكەن، بوغاز بولۇش نىسبىتى %4.2 بولىدىكەن، كۈنىگە 1.5 — 3 كىلوگرام سۈت بېرىدىكەن.

5) كالا 1 - باسقۇچ: 1958 — 1980 - يىلغىچە ئۆز ئۆزۈقدىشى بىلەن چېتىشتۈرۈش ۋە شالغۇتلاشتۇرۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا نەسىللەندۈرۈلدى، ئىچكى موڭغۇل سەنخې كالىسى، بېيجىڭ قارا - ئالا كالىسى، ئالاتو كالىسى، كوستروما كالىسى قاتارلىق نەسىللىك كالىدىن 30 تۇياق كىرگۈزۈلۈپ، بۇلاقسۇ، ئوغۇساق، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق گۇڭشېلاردا ۋە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق فېرمىسىدا شالغۇتلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى تەخمىنەن 1200 تۇياققا يەتتى. 1965 - يىلى 100 تۇياق نەسىللىك سۈت كالىسىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، 1970 - يىلى 200 تۇياق، 1975 - يىلى 100 تۇياق كالىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. 2 - باسقۇچ: 1981 — 1985 - يىلغىچە، كالا نەسلىنى ياخشىلاش توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن پاختەكلە گۇڭشېسى نۇقتا قىلىنىپ، سىناق قىلىندى، شۇ يىلى ئەمەلىي نەسىللەندۈرۈلگەن كالا 150 تۇياققا، بوغاز بولۇش نىسبىتى %66 كە يەتتى، 99 موزاي تۇغۇلدى، ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولدى. 1982 — 1994 - يىلغىچە بۇ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، سايباغ، ئوغۇساق، قوغان، لەڭگەر، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق گۇڭشېلار ۋە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق فېرمىسىدا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسى يولغا قويۇلدى. توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگەن ئىنەكلەرنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەنلىرىنىڭ %58 كە، ئەڭ يۇقىرىلىرىنىڭ %85 كە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %71.7 كە يەتتى. تۇغۇلغان شارولاي كالىسى، بېيجىڭ قارا - ئالا كالىسى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، سىممېنتال نەسىللىك كالىسى موزىيى 2800 تۇياققا يەتتى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ئەمەلىي نەسىللەندۈرۈلگەن كالا 320 تۇياققا، بوغاز بولۇش نىسبىتى %82 كە يەتتى، 262 موزاي تۇغۇلدى.

6) ئۆي قۇشلىرى چۆجە چىقىرىشنى ئېلېكترلەشتۈرۈش، ئىلمىي چۆجە بېقىش ئارقىلىق 1983 — 1984 - يىللىرى تۇغۇمچان لېگورن نەسىللىك توخۇسى كېڭەيتىلىپ، 20 مىڭغا يەتكۈزۈلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1986 — 1990 - يىللىقچە كالا نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 3 — 7 - جەدۋەل بىرلىكى: تۇياق

| يىللار | توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى | بوغاز بولۇش نىسبىتى | بوغاز بولغان ئىنەك سانى | تۇغۇلغان موزاي | توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگەن ئىنەك | تۇغۇلغان موزاي | توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 4013 | 79.9 | 3130 | 2995 | 11488 | 7876 | 24 |
| 1987 | 6030 | 80 | 4824 | 4634 | 17518 | 12510 | 27 |
| 1988 | 7200 | 81 | 5832 | 3300 | 24718 | 15810 | 30 |
| 1989 | 8723 | 80.2 | 7000 | 5700 | 33441 | 21500 | 34 |
| 1990 | 9615 | 69.3 | 6465 | 5031 | 43056 | 26540 | 34 |

# § 4 . چارۋىچىلىق

## 1. ئىگىلىك شەكلى

1956 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە، ئورۇنلارنىڭ ئاز ساندا سىنىدىغان ۋە ھارۋىغا قاتىدىغان ئېتى بار ئىدى، بۇلاردىن باشقا تۈرلۈك چارۋىلارنى دېھقانلار ئۆزلىرى باشقۇراتتى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئىبرىلغۇ ئۆلاغلىرى ۋە چارۋىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى باھاغا سوندۇرۇلۇپ گۇڭشېغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. چارۋىدارلارنىڭ مال پادىلىرى ئاساسىدا، چارۋىچىلىقنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش سىياسىتىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرما قۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلدى. 1965 - يىلى قىشتا ناھىيىدە يەنە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى فېرما — چوڭ چارۋا فېرمىسى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشتا كوللېكتىپ، يەككە، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىن ئىبارەت 4 خىل شەكىل بارلىققا كەلدى.

1) كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، كوللېكتىپنىڭ ئىبرىلغۇ ئۆلاغلىرى 1956 - يىلى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىلسايىن كۆپەيگەن، بولۇپمۇ 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ بارلىق ئىبرىلغۇ ئۆلاغلىرى ۋە ئۇششاق چارۋىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن باھاغا سوندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 1960 - يىلغا كەلگەندە، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى چارۋا ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ %74.8 ىنى ئىگىلىدى. 1977 - يىلى كوللېكتىپ چارۋا ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ %47.23 ىنى ئىگىلەپ، مۇتلەق سانى 1960 - يىلدىكىدىن %22.23 ئازىيىپ كەتتى. 1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا سىياسىتى كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئىبرىلغۇ ئۆلاغلىرى تەدرىجىي ھالدا باھاغا سوندۇرۇلۇپ دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلدى. 1983 - يىلى كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى چارۋا نىسبىتى %26.01 بولدى، 1984 - يىل 12 - ئايدا يەنە 100 مىڭ تۇياق ئۇششاق چارۋا باھاغا سوندۇرۇلۇپ دېھقانلارغا

سېتىپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى چارۋىلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلارنىڭ يەككە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

**2) خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكىسى** يېزا ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرىكى 1954 ـ يىلى ھەرخىل چارۋىلار ئاساسىي جەھەتتىن خۇسۇسىيلار ئىلكىدە ئىدى. 1954 ـ يىلى يېزائىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا ئۆتكۈزۈۋېلىنىشقا باشلىدى. 1958 ـ يىلى گۇڭشېلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشې ئەزالىرىغا بېرىلگەن قالدۇرۇق چارۋا نىسبىتى ئومۇمىي چارۋىنىڭ %12.83 نىلا ئىگىلىدى. 1964 ـ يىلى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق %42.94 كە ئۆستۈرۈلدى، 1977ـ يىلى %51.53 كە ئۆستۈرۈلدى. 1982 ـ، 1984 ـ يىللىرى گۇڭشېلارنىڭ چوڭ، ئۇششاق چارۋىلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي ئىلكىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي ئىلكىدىكى چارۋا ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋىنىڭ %100 نى ئىگىلىدى.

**3) ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكىسى** 1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 13 چارۋىدارنىڭ 6202 تۇياق (ئات 2، تۆگە 2، قوتاز 111، كالا 8، قوي 5041، ئۆچكە 1038، قىممىتى 92 مىڭ 446 يۈەن، قويغا سۇندۇرغاندا 6580 تۇياق، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر تۇياق قوينىڭ يەككە باھاسى 10.05 يۈەن) چارۋىسى ناھىيىگە يىغىۋېلىنىپ، پارچە يەردە قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1963 ـ يىلى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ دائىرىسى پارچە يەردىن كۆكچى، يېڭىئېرىقلارغىچە كېڭەيدى. 1965 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم كۆكچىنى ئاساس قىلىپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك چوڭ چارۋا فېرمىسى قۇرۇشنى، كۆكچىنىڭ يەرلىرىنى چوڭ چارۋا فېرمىسىنىڭ تېرىشى ۋە چارۋا بېقىشى ئۈچۈن ئايرىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1966 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم يەنە چوڭ چارۋا فېرمىسىنىڭ رەھبەرلىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرمىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوشۇمچە ئۈتەيدىغانلىقىنى، 2 فېرمىدا بىر يۈرۈش رەھبەرلىك بەنزىسى بولىدىغانلىقىنى، ئايرىم ھېسابات قىلىدىغانلىقىنى، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. 1981 ـ يىلى 2 فېرما رەسمىي بىرلەشتۈرۈلۈپ «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق فېرمىسى» دەپ ئاتالدى. مەزكۇر فېرما قۇرۇلۇپ تاكى 1977 ـ يىلغىچە ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، يىلمۇ يىل زىيان تارتىپ كەلدى. 1978 ـ يىلى يەنى تارقىتىلىدىغان مائاشنىڭ %85 — %90 نى مەشغۇلات مائاشى ھېسابىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئايمۇ ئاي تارقىتىپ بېرىش، قالغان %10 — %15 نى مەھسۇلات مائاشى ھېسابىدا، مەھسۇلات مىقدارىنى ئورۇنداش ئەھۋالىغا ئاساسەن يىل ئاخىرىدا نەقلەشتۈرۈش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، مەھسۇلاتنى كەملىتكەنلەرنىڭ مائاشىنى ئازايتىش ياكى تارقاتماسلىقتىن ئىبارەت ئىش خاتىرىلەپ دەرىجە بېكىتىش مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ تەدبىر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى مۇئەييەن دەرىجىدە قوزغىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندۈردى. بىراق ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىۋاسىتە باغلانمىغانلىقى ئۈچۈن، يىلمۇ يىل زىيان تارتتۇردى. 1979 — 1980 ـ يىلغىچە تارتقان زىيان 154 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 1983 ـ يىلى يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل فېرمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتا مائاشنى توختىتىپ، خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىش يولغا قويۇلدى، تېرىلغۇ يەر، چارۋا، ئوتلاق، مېۋىلىك باغ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ، چارۋىچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى فېرما بويىچە تېرىلغۇ يەر 561 مو بولۇپ، ھەر مو يەرنىڭ يىللىق ھۆددە پۇلى 13 يۈەن بولدى؛ 887 تۇياق چارۋا بولۇپ،

ھەر بىر تۇياق چارۋا ئۈچۈن بىر يىلدا 8 يۈەن تاپشۇرۇلدى؛ ئوتلاق 550 مو بولۇپ، ھەر بىر موسىنىڭ يىللىق ھۆددە پۇلى 2.5 يۈەن بولدى؛ مېۋىلىك باغ 30 مو بولۇپ، يىللىق ھۆددە پۇلى 1500 يۈەن بولدى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىتىپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى فېرما بويىچە زىيان تۈگىتىلىپ، 5445 يۈەن پايدا يارىتىلدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1958 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا يىغقان چارۋا**

ئىقتىساد: 3 — 8 - جەدۋەل

| چارۋىدارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى | تەركىبى | گۇڭشې | چارۋا سانى | ئومۇمىي قىممىتى (يۈەن) | يىللىق ئۆسۈمى (يۈەن) | 1950 — 1966 - يىلغىچە بولغان ئۆسۈمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ساۋۇت زىيا | پومېشچىك | بۇلاقسۇ | 1391 | 21319 | 85.26 | 767.52 |
| ئىسلام رەھمىتۇللا | پومېشچىك | بۇلاقسۇ | 395 | 6043 | 24.18 | 217.62 |
| روزى نىزامىدىن | پومېشچىك | بۇلاقسۇ | 401 | 5966 | 23.87 | 214.83 |
| غوپۇر ئابدۇللا | پومېشچىك | بۇلاقسۇ | 206 | 2982 | 11.93 | 107.37 |
| ئىمىن ئوسمان | پومېشچىك | تاشمىلىق | 353 | 9056 | 26.23 | 326.07 |
| قوش مامۇت | باي دېھقان | بۇلاقسۇ | 367 | 5566 | 22.27 | 200.43 |
| ئىمىن زەيدىن | باي دېھقان | ئوغۇساق | 532 | 7637 | 30.55 | 274.95 |
| روزى مەخمۇت | باي دېھقان | بۇلاقسۇ | 356 | 5215 | 20.06 | 187.74 |
| قۇۋان رەھمىتۇللا | ماللىق ئوتتۇرا دېھقان | بۇلاقسۇ | 318 | 4120 | 18.44 | 166.32 |
| رەھىم نىياز | ماللىق ئوتتۇرا دېھقان | بۇلاقسۇ | 309 | 3065 | 12.24 | 110.16 |
| ھاجى قىيىم | ماللىق ئوتتۇرا دېھقان | بۇلاقسۇ | 378 | 5633 | 22.53 | 202.77 |
| قۇۋان سەلەي | ماللىق ئوتتۇرا دېھقان | ئاۋات | 824 | 10898 | 43.59 | 392.31 |
| سەمەت روزى | ماللىق ئوتتۇرا دېھقان | زەمىن | 372 | 4946 | 19.78 | 178.02 |
| جەمئىي | | | 6202 | 92446 | 360.93 | 3346.11 |

4) يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 1965 - يىلى قىشتا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا چارۋا يۆتكەش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز يېرىدە تېرىلغۇ ئۆلىغى يېتىشمەسلىكتەك پاسسىپ ۋەزىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆكچىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك چوڭ چارۋا فېرمىسى قۇرۇلدى، مال دوختۇرى جىڭ جىجۇڭ فېرما باشلىقى بولدى. دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىن 100 بايتال، 3 ئايغىر سېتىۋېلىنىپ، كۆچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، چوڭ چارۋا كۆپەيتىلدى. 1967 - ۋە 1976 - يىللىرى 2 قېتىمدا شەنشىدىن نەسىللىك

گۆھنجۇڭ ئېشىكىدىن 25 ى سېتىۋېلىندى. 1968 ـ يىلى بېيجىڭ قارا ـ ئالا سۈت كالىسىدىن 18 ى سېتىۋېلىندى. 1981 ـ يىلىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندە، 180 ئات، 45 ئېشەك، 35 كالا بار ئىدى. فېرما قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1984 ـ يىلغىچە دۆلەت 881 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، مەزكۇر فېرما ناھىيە بويىچە ئىدارە ـ ئورۇنلار ۋە گۆشچى، ئەترەتلەرنى 450 ئات، 256 ئېشەك، 240 كالا بىلەن تەمىنلىدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش شەكلى

ئىقتىساد: 3 — 9 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن تۇياق

| يىللار | | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چارۋا سانى | كوللېكتىپ ئىلكىدىكىسى | 14.94 | 15.77 | 14.11 | 8.68 | 10.20 | |
| | خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكىسى | 2.56 | 11.54 | 11.92 | 13.42 | 22.80 | 38.50 |
| | يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى | 2.45 | 1.27 | 0.52 | 0.32 | 0.25 | |

## 2. بېقىش شەكلى

**1) ئەنئەنىۋى بېقىش شەكلى** قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئەنئەنىۋى چارۋا بېقىش شەكلى ئاساسەن مۇنداق 3 تۈرلۈك بولۇپ كەلدى: بىرىنچىسى، تېرىلغۇ ئۆلاغلىرىنى ئېغىل ـ قوتاندا بېقىش، سۈت كالىسى، موزاي، ئېشەك، قوي ـ ئۆچكىلەرنى سەھەر ـ كەچتە ئوتلىتىپ بېقىش، كېچىسى ئازراق يەم ـ خەشەك بېرىش؛ ئىككىنچىسى، چارۋا كۆپ بولۇپ، يېقىن ئەتراپتا ئوتلاق بولمىسا، ياز پەسلىدە مال پادىلىرىنى ھەيدەپ تاغلارغا ئېلىپ بېرىپ بېقىش، قىش، ئەتىيازدا يېقىن ئەتراپتا بېقىش؛ ئۈچىنچىسى، چارۋىدارلارنىڭ ماللىرىنى يىل بويى تاغلىق رايونلاردا بېقىش.

**2) يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى بېقىش شەكلى**

1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قالدۇرۇق چارۋىلارنى ئائىلىلەردىكى پېرىم ئەمگەك كۈچى ياكى قوشۇمچە ئەمگەك كۈچلىرى باقتى ياكى يېقىن قوشنىلىرى ۋاكالىتەن بېقىپ بەردى. ئەتىگەندە ۋاكالىتەن باققۇچى چارۋىلارنى بىر تۇتاش يىغىپ ئوتلاققا ئېلىپ بېرىپ باقتى، چۈشتە، كەچتە ئائىلىلەرگە قايتۇرۇپ بەردى. كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىرلىك قىلىنىپ، تەجرىبىلىك، كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيىدىغان گۆشچى ئەزالىرىغا باقتۇرۇلدى. 3 خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى: بىرىنچىسى، چارۋىلارنىڭ ئەت ئېلىشىغا قاراپ ئىش نومۇرى بېكىتىش، ئايمۇ ئاي گىرىغا سېلىپ، ئەت ئالدۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، ئورۇقلىتىۋەتكەنلەرنى جازالاش؛ ئىككىنچىسى، «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ياكى «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يەنى «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش» — ئىش كۈنى، چارۋا (چوڭ، ئۇششاق چارۋا تۇياق سانى)، يەم ـ خەشەكنى ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت، «بەشنى بېكىتىش» — ئىش كۈنىنى، يەم ـ خەشەكنى ئورۇقلاندۇرۇپ بوغاز قىلىش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى، تۆل ئېلىش ـ ئەي قىلىش نىسبىتىنى، يېتىلگەن چارۋىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت. «بىرنى مۇكاپاتلاش» —

مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت، يەنە بەزى جايلاردا «ئالتىنى بېكىتىش»، «يەتتىنى بېكىتىش» يولغا قويۇلدى؛ ئۈچىنچىسى، ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى چارۋىلارغا قارىتا ئادەمنى، چارۋىنى، مال پادىسىنى بېكىتىش، چارۋىنى بېكىتىپ بېقىش يولغا قويۇلدى.

## 3) 80 - يىللاردىكى يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى بېقىش شەكلى

80 - يىللاردا يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، چارۋىلارغا قارىتامۇ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئېرىلغۇ ئۇلاغلىرىغا يەم - خەشەك يېرى ئايرىپ بېرىلدى، يەر ئاغدۇرۇش ۋەزىپىسى تەقسىملىنىپ، شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى، بېقىش - ئىشلىتىش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى؛ چارۋىلار مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ، توختام تۈزۈلۈپ، نىسبەت بويىچە پايدا تەقسىملەندى.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە 200 چوڭ ئەترەت، 1401 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بولۇپ، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى 813 ئات، 196 تۆگە، 18 مىڭ 712 كالا، 248 ئېشەكنىڭ ھەر بىرى 9 . 242 يۈەنگە سۇندۇرۇلۇپ (19 مىڭ 969 تۇياق، ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليون 850 مىڭ 470 يۈەن)، گۇڭشې ئەزالىرىغا سېتىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى كوللېكتىپ ئىلكىدىكى قوي 55 مىڭ 840 تۇياق، ئۆچكە 44 مىڭ 546 تۇياق (جەمئىي 100 مىڭ 386 تۇياق)، بۇ چارۋىلارنىڭ سۇندۇرۇلغان باھاسى 214 مىڭ 154 يۈەن بولۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە سېتىپ بېرىلدى، شۇ يىلى 1 مىليون 685 مىڭ 90 . 331 يۈەن باھا پۇلى يىغىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە بارلىق چارۋا شەخسلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1982 - يىلى چوڭ چارۋىلارنى باھاغا سۇندۇرۇپ دېھقان ئائىلىلىرىگە قايتۇرۇش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 3 — 10 - جەدۋەل

| گۇڭشې نامى | چوڭ ئەترەت سانى | ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى سانى | باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە قايتۇرۇلغان چارۋا سانى (تۇياق) | باھاغا سۇندۇرۇلغان جەمئىي سوممىسى (يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: تۆگە (تۇياق) | باھاغا سۇندۇرۇلغان سوممىسى (يۈەن) | ئات (تۇياق) | باھاغا سۇندۇرۇلغان سوممىسى (يۈەن) | كالا (تۇياق) | باھاغا سۇندۇرۇلغان سوممىسى (يۈەن) | ئېشەك (تۇياق) | باھاغا سۇندۇرۇلغان سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توقال | 16 | 125 | 3170 | 611552 | 17 | 6200 | 30 | 8005 | 3108 | 596752 | 15 | 595 |
| تاشلىق | 18 | 120 | 1530 | 37817 | 43 | 16850 | 26 | 6730 | 1461 | 354547 | | |
| بولاقسۇ | 17 | 143 | 2698 | 590780 | 37 | 21340 | 84 | 15710 | 2357 | 550430 | 220 | 3300 |
| سايباغ | 16 | 188 | 2627 | 474353 | 4 | 1290 | 13 | 2285 | 2610 | 470778 | | |
| زەمىن | 15 | 97 | 1241 | 330659 | 14 | 4900 | 77 | 19250 | 1137 | 305959 | 13 | 550 |
| ئوغۇزساق | 8 | 68 | 939 | 229644 | | | 100 | 22637 | 839 | 207007 | | |
| پاختەكلە | 7 | 47 | 439 | 126132 | | | 4 | 800 | 435 | 125332 | | |
| سەمەن | 11 | 27 | 514 | 172628 | | | 78 | 16480 | 436 | 156148 | | |
| لەڭگەر | 3 | 15 | 613 | 192551 | 3 | 613 | 3 | 1612 | 607 | 190326 | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇش | 9 | 64 | 988 | 208296 | 74 | 24118 | 74 | 16195 | 840 | 167983 | | |
| قوغان | 15 | 127 | 927 | 283495 | | | 88 | 21291 | 839 | 262204 | | |
| بەشكېرەم | 26 | 168 | 1105 | 390635 | | | | | 1105 | 390635 | | |
| ئاۋات | 22 | 126 | 1559 | 335000 | 4 | 2100 | 146 | 75000 | 1409 | 257900 | | |
| يېڭىئۆستەڭ | 17 | 136 | 1619 | 528657 | | | 90 | 66048 | 1529 | 462609 | | |
| جەمئىي | 200 | 1451 | 19969 | 4852464 | 196 | 77411 | 813 | 272043 | 18712 | 4498610 | 248 | 4445 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1984 ـ يىلى كوللېكتىپنىڭ ئۇششاق چارۋىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە بېرىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 3 — 11 ـ جەدۋەل

| بېزا نامى | چولاق ئەترەت سانى | ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى سانى | باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئائىلىلەرگە بېرىلگەن ئۇششاق چارۋا سانى | باھا سوممىسى (يۈەن) | يىغىۋېلىنغىنى (يۈەن) | باھا سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | يۇتلاق ئىچىدە: قوي | باھا سوممىسى (يۈەن) | ئۆچكە | باھا سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوپال | 15 | 96 | 13491 | 169102 | 169102 | 100 | 6651 | 157158 | 6840 | 11944 |
| تاشمىلىق | 14 | 98 | 5136 | 89875 | 58611 | 65.2 | 2178 | 55244 | 2958 | 34631 |
| تېرىم | 4 | 20 | 1364 | 25028 | 17545 | 70.1 | 713 | 18280 | 651 | 6748 |
| بۇلاقسۇ | 16 | 140 | 7391 | 154938 | 97678 | 63 | 4671 | 113638 | 2720 | 41300 |
| سايباغ | 16 | 138 | 18794 | 348563 | 301090 | 86.3 | 8349 | 202000 | 10445 | 146563 |
| زەمىن | 15 | 96 | 8557 | 206168 | 178023 | 86.3 | 3522 | 114401 | 5035 | 91767 |
| ئوغۇساق | 8 | 62 | 6116 | 146022 | 128451 | 87.9 | 2381 | 79548 | 3735 | 66474 |
| پاختەكلە | 7 | 43 | 945 | 29129 | 18077 | 62 | 672 | 24549 | 273 | 4580 |
| سەمەن | 11 | 27 | 917 | 32743 | 23731 | 72.4 | 728 | 27926 | 189 | 4817 |
| خاگدى | 8 | 41 | 1553 | 47927 | 27200 | 56.7 | 1394 | 44755 | 159 | 3172 |
| لەڭگەر | 9 | 80 | 3946 | 107558 | 104833 | 97.4 | 2297 | 76524 | 1649 | 31034 |
| مۇش | 9 | 64 | 9768 | 221423 | 67000 | 30.2 | 4147 | 124655 | 5621 | 96768 |
| قوغان | 15 | 127 | 1751 | 47586 | 47586 | 100 | 1751 | 47586 | | |
| بەشكېرەم | 26 | 168 | 3796 | 133990 | 133989 | 100 | 3796 | 133990 | | |
| ئاۋات | 22 | 126 | 8215 | 144834 | 125000 | 86.3 | 5715 | 105793 | 2500 | 39041 |
| يېڭىئۆستەڭ | 17 | 136 | 5846 | 162255 | 99416 | 61.2 | 4075 | 135632 | 1771 | 26623 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقتاش | 6 | 41 | 2800 | 74400 | 38000 | 51 | 2800 | 74400 | | |
| جەمئىي | 218 | 1503 | 100386 | 2141541 | 1680332 | 78.7 | 55840 | 1536079 | 44546 | 605462 |

## 3. يېقىش ئۇسۇلى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چارۋا يېقىش شارائىتى ۋە ئۇسۇلى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىلگىرى يازدا تاغدىكى ئوتلاقلاردا يېقىلاتتى. 70 ـ يىللاردىن كېيىن بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىنىڭ كېڭىيىپ، قوش قەۋەتلىك ئوتلاقنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تاغدا يېقىلىدىغانلىرىنىڭ سانى ئازىيىشقا باشلىدى.

**1984 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە تاغدا يېقىلغان چارۋىلارنىڭ سانى**

ئىقتىساد: 3 — 12 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۇياق

| يېزا، فېرمىلار | تاغقا چىقىرىلغان چارۋا سانى | تاغدىكى ئورنى |
|---|---|---|
| ئوپال يېزىسى | 5000 | تاشقورغان ناھىيىسىدىكى داۋانتا ئوتلىقى |
| تاشمىلىق يېزىسى | 2500 | |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 3200 | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى مىڭتېكە ئوتلىقى، ساندۇقتاش ئوتلىقى، مۇجى ئوتلىقى، بۇلۇڭكۆل ئوتلىقى، قاۋانتېرەك ئوتلىقى، بورانتوقاي ئوتلىقى |
| سايباغ يېزىسى | 1800 | |
| ئوغۇساق يېزىسى | 1200 | |
| لەڭگەر يېزىسى | 1400 | |
| مۇش يېزىسى | 2000 | |
| بەشكېرەم يېزىسى | 1200 | |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 300 | |
| ناھىيىلىك چارۋىچىلىق فېرمىسى | 700 | |

كۆپ يىللىق كۆزىتىشكە قارىغاندا، پادىلارنى تاغدا باققاندا، تاغدا ئوت ـ چۆپ مول، ھاۋا سالقىن بولۇپ، ئۇششاق چارۋىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك شارائىتىغا ماس بولغاچقا، ئۇششاق چارۋىلار تېز سەمرىيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇزلەڭلىكتە قولدا باققانلىرىغا قارىغاندا 120 كۈنلۈك چىقىم تېجىلىپ قالىدىكەن. ئەمما پايدىسىز تەرىپىمۇ بولىدىكەن، بىرىنچىدىن، ھەر 10 مىڭ تۇياق چارۋىغا ئايدا 2500 يۈەن ئوتلاق ھەققى تۆلەشكە توغرا كېلىدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇششاق چارۋىلار تەبىئىي ئوتلاقلاردا يېقىلسا، ئۇلاردىن چۈشىدىغان 2400 توننا سۈپەتلىك ئوغۇت قولدىن كېتىدىكەن، بۇ، خىمىيىۋى ئوغۇتقا سۇندۇرۇلغاندا، 800 خالتا ئورىياغا، 320 خالتا فوسفورلۇق ئوغۇتقا تەڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاكسىنا ئۇرۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەسىر يېتىدىكەن.

1) ئات يېقىش ئاتلار مىنىلىدىغان ئات، تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان ئات ۋە ترانسپورت ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان ئات دەپ 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئاتلارنى يېقىش بىرقەدەر ئىنچىكە ئىش بولۇپ، ئاسەن يېدە، سامان بىلەن يېقىلىدۇ، يازدا يېدە، ھەلەپ بىلەن يېقىلىدۇ. غولى ئۇزۇن ئوت ـ چۆپلەر

توغراپ بېرىلىدۇ، كۆممىقوناق ئاساسلىق بوغۇز سۈپىتىدە بېرىلىدۇ، يەم مىقدارى دېھقانچىلىق ھوسۇلىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. كۆپ بولغاندا 400 — 500 كىلوگرام، ئاز بولغاندا 200 — 300 كىلوگرام بېرىلىدۇ.

2) كالا بېقىش    كالىلار ئۆي، ئىنەك، بورداق كالا دەپ 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ. كالىغا كۈنىگە 2 قېتىم يەم ـ بوغۇز بېرىلىدۇ. كۆممىقوناق، تېرىق، ئارپا ئۆتلىرى، كېپەك، كۈنجۈرە يەم قىلىنىدۇ، بېرىلىدىغان يەم مىقدارى بىر خىل بولمايدۇ، كۆپ بولغاندا يىلدا 300 — 400 كىلوگرام، ئاز بولغاندا 100 — 200 كىلوگرام بېرىلىدۇ. ئوت ـ چۆپلەردىن ئېتىز ئوت ـ چۆپلىرى، سامان، شاخ ـ شۇمبىلار ئاساس قىلىنىدۇ، پاختەكلەگە ئوخشاش شال تېرىلىدىغان رايونلاردا شال پاخلى بېرىلىدۇ، ئىلگىرى ئوت ـ چۆپلەر توغرالماي، پىششىقلانمايلا تاشلاپ بېرىلەتتى. 1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوت ـ چۆپلەرنى توغراش، شاخ ـ شۇمبىلىرىنى تۇزلاش، سىلوسلاش قاتارلىق ئىلغار ئۇسۇللار ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1960 ـ يىلى ئوقۇساق، ئوپال قاتارلىق گۇڭشېلاردىلا 141.7 توننا شاخ ـ شۇمبا سىلوسلاندى. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۆيلار شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ تۇجۇپلەپ بېقىلىدىغان بولدى، ئوقۇر، ئېغىل ـ قوتانلارنى پاكىز تۇتۇش، پاكىز ئوت ـ چۆپ، سۇ بېرىش، ئوقۇرنى پات ـ پات سۈپۈرۈپ، ئېغىل ـ قوتاننى پات ـ پات قۇرۇقداپ تۇرۇش، ئاز ـ ئازدىن پات ـ پات ئوت ـ چۆپ، يەم ـ بوغۇز بېرىش ئۇسۇلى ئومۇملاشتى.

1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 376 دانە 149 مىڭ 740 كۇادرات مېتىر سىلوسلاش ئورىسى ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چىداملىق سىلوسلاش ئورىسى 776 بولۇپ، كۆلىمى 3067 كۇادرات مېتىرغا يېتىدۇ، 10 توننىلىقتىن يۇقىرى چوڭ ئورا 4089. جەمئىي 209 مىڭ 603 توننا كۆممىقوناق شېخى، 8555 توننا قومۇش سىلوسلاندى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 10 توننىلىقتىن يۇقىرى سىلوسلاش ئورىسى بار ئائىلە 10 غا، 5 توننىلىقتىن يۇقىرى سىلوسلاش ئورىسى بار ئائىلە 1636 گە يەتتى.

3) تۆگە بېقىش    ناھىيە تەۋەسىدە تۆگە كۆپ ئەمەس، تۆگىلەرنىڭ %80 ى ئېدىرلىق ـ تاشلىق يېزىسىغا مەركەزلەشكەن. يازدا ئادا تېغىدىكى ئوتلاق (97 مىڭ 787 مو) تا بېقىلىدۇ. قىش ۋە ئەتىيازدا يۈك توشۇلىدۇ، سامان، شال پاخلى، كۆممىقوناق، ئارپا قاتارلىق يەم ـ خەشەكلەر بىلەن بېقىلىدۇ.

4) ئېشەك بېقىش    بېقىش ئۇسۇلى بىرقەدەر يېرىك بولۇپ، يىل بويى ئوت ـ چۆپ، سامان، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن بېقىلىدۇ. مارۇنغا قېتىش ياكى مىنىپ بىر يەرگە بېرىش توغرا كەلگەندە ئازراق ھەلەپ بېرىلىدۇ. ئېشەك ئۇلاغلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەمما ئەڭ ناچار نەرسىلەر بىلەن بېقىلىدىغان ھايۋان.

5) قوي بېقىش    قوي بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ناھىيىدىكى چارۋا ماللارنىڭ تەخمىنەن %69.2 نى ئىگىلەيدۇ. ئادەتتە ھەر ئائىلىلىك دېھقان 4 تىن 25 كىچە قوي باقىدۇ. بورداق قوي، قوزا، بوغاز ساغلىقلار بايلىتىلىپ، غازاڭ، ئوت ـ چۆپ بېرىپ بېقىلغاندىن تاشقىرى يەنە، كۆممىقوناق، تېرىق ئۆتلىرى، كۈنجىرە بىلەنمۇ بېقىلىدۇ.

6) ئۆچكە بېقىش    ئۆچكە ئومۇمىي چارۋىنىڭ %11 نى ئىگىلەيدۇ. ئۆچكىلەر بىرقەدەر يېرىك بېقىلىدۇ. ئوغلاق مەزگىلىدە يەم بېرىلگەندىن سىرت ئاساسلىقى تالادا بايلىتىپ بېقىلىدۇ.

## 4. چارۋا، ئۆي قۇشلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى چارۋا، ئۆي قۇشلىرىدا كۆيدۈرگە، جىگەر تىرىماتود قۇرتى، بىرۇتسېللىيۇز

**1986 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە كۆرۈلگەن ئاساسلىق كېسەللىكلەر**

ئىقتىساد: 3 — 13 - جەدۋەل

بىرلىكى: ئۇياق

| يىللار | كۆيدۈرگە | | | | كالا چېچەكى | | | | برۇتسېللىيوز باكتېرىيىسى | | | | ئاتنىڭ يۇقۇملۇق كەم قانلىق كېسىلى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولۇش نىسبىتى (%) | ئۆلۈش نىسبىتى (%) | كېسەل بولغان كالا | ئۆلگىنى | كېسەل بولۇش نىسبىتى (%) | ئۆلۈش نىسبىتى (%) | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولۇش نىسبىتى (%) | ئۆلۈش نىسبىتى (%) | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولۇش نىسبىتى (%) | ئۆلۈش نىسبىتى (%) |
| 1986 | 82 | 31 | 0.02 | 37.8 | 9 | 2 | 0.003 | 22 | | | | | | | | |
| 1987 | 257 | 30 | 0.06 | 11.6 | | | | | | | | | | | | |
| 1988 | 15 | 26 | 0.01 | 40 | 2170 | 32 | 0.057 | 14 | 41 | بىرتەرەپ قىلىنىۋېتىلدى | 1.4 | | 3 | | 0.31 | |
| 1989 | 75 | 26 | 0.005 | 34 | 2351 | 143 | 0.65 | 6 | 21 | بىرتەرەپ قىلىنىۋېتىلدى | 0.8 | | 7 | | 0.12 | |
| 1990 | 15 | 9 | 0.003 | 25 | | | | | 7 | بىرتەرەپ قىلىنىۋېتىلدى | 0.44 | | 5 | | 0.30 | |

ئىزاھات: برۇتسېللىيوز كېسىلى 1988 - يىلدىن باشلاپ، ئاتنىڭ يۇقۇملۇق كەم قانلىق كېسىلى 1987 - يىلدىن باشلاپ كاراتتىن قىلىندى

باكتېرىيىسى، توخۇ ۋاباسى، توخۇ خولېراسى قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. 1958 - يىلدىن كېيىن ئاقسىل ۋە كۆيدۈرگە قاتارلىق 10 نەچچە خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىپ ۋە داۋالىنىپ، بىرمۇنچىسى تىزگىنلەندى. مەسىلەن: 1965 - يىلدىن ئىلگىرى ئاقسىل كېسىلى ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى، قوش ۋاكسىنا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كېسەل قايتا كۆرۈلمىدى. كۆيدۈرگە، جىگەر ترېماتود قۇرتى كېسەللىكلىرى 90 - يىللارغىچە تۈگىمىدى.

1) كۆيدۈرگە      كۆكشپلارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.88 قېتىمدا قوي، كالىلاردا ھەر يىلى دېگىدەك كۆيدۈرگە كېسىلى كۆرۈلۈپ تۇردى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3164 تۇياق چارۋىدا كۆرۈلۈپ، 221.3 تۇياق چارۋا ئۆلۈپ تۇردى. كۆيدۈرگە ئادەمنىڭ تېرە، ئۆپكە، ئاشقازانلىرىدا كۆرۈلۈپ، بۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئانچە - مۇنچە كۆرۈلۈپ تۇردى.

2) جىگەر ترېماتود قۇرتى كېسەللىكى      بۇلاقسۇ، سايباغ، ئوغۇساق يېزىلىرى ۋە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ يېرىم سازلىق ئوتلاقلىرىدا قوي، كالىلاردا يۇقۇملۇق جىگەر ترېماتود قۇرتى كېسەللىكى كۆرۈلۈپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 — 300 تۇياق قوي، كالا ئۆلۈپ تۇردى. ئوتلاق كەڭ بولغاچقا، يۇقۇش مەنبەسى بولغان ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئىنتايىن تەس بولۇۋاتىدۇ.

3) توخۇ ۋاباسى، توخۇ خولېراسى      بۇ كېسەللىكلەر ھازىرغىچە تىزگىنلىنىپ بولۇنمىدى، ئۇلار ناھايىتى زور زىيان كەلتۈرمەكتە.

**قىسمەن يىللاردا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە چارۋىلارغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلۇش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 3 — 14 - جەدۋەل      بىرلىكى: تۈمەن تۇياق

| يىللار | ئومۇمىي چارۋا | ۋاكسىنا ئۇرۇلغىنى | ئوتتۇرىچە تۇياق (قىسىم) | يىللار | ئومۇمىي چارۋا | ۋاكسىنا ئۇرۇلغىنى | ئوتتۇرىچە تۇياق (قىسىم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 21.10 | 15 | 0.59 | 1975 | 17.9 | 17.20 | 1.1 |
| 1960 | 22 | 17.30 | 0.92 | 1980 | 24.3 | 24.30 | 1 |
| 1965 | 28.70 | 46.30 | 1.61 | 1985 | 39.6 | | |
| 1970 | 26.60 | 26.10 | 1.02 | 1990 | 48.5 | | |

**1986 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 3 — 15 - جەدۋەل      بىرلىكى: تۈمەن تۇياق

| يىللار | كۆيدۈرگە | قوي چېچەكى | بىرلەشمە ئۈچ ۋاكسىنا | تېتانۇس | M5 - نومۇرلۇق | 14 - نومۇرلۇق ۋاكسىنا | توخۇ ۋاباسى I | توخۇ ۋاباسى I | قۇش خولېراسى L | چوشقا ۋاباسى | چوشقا گېموسى | چوشقا تىلمىسى | ئاقسىل كېسەللىكى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 39 | 8 | 4 | 9.70 | 12 | | 4.5 | | | 0.07 | 0.07 | 0.07 | 14.5 |
| 1987 | 40.20 | 9.50 | 7.20 | 3.20 | 7 | | 5 | 1.8 | 1 | 0.02 | 0.02 | 0.02 | 9.3 |
| 1988 | 41.08 | 12.90 | 0.90 | 1.50 | 4.80 | 1.69 | 3 | 4.8 | 2 | 0.02 | 0.02 | 0.02 | 8.09 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1989 | 47.20 | 19.40 | 0.71 | 1.50 | 4.60 | 0.18 | 8.90 | 1.10 | | 0.04 | 0.04 | 0.04 | |
| 1990 | 50 | 33 | | 0.77 | 6.40 | 0.19 | 7.90 | | | 0.04 | 0.04 | 0.04 | |

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى چارۋا سانى

ئىقتىساد: 3 — 16 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: تۈمەن تۇياق

| يىللار | جەمئىي | كالا | ئات | ئېشەك | قېچىر | تۆگە | چوشقا | ئۆچكە | قوي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 18.80 | 4.30 | 0.30 | 3.20 | | 0.03 | | 2.80 | 8.10 |
| 1955 | 26.40 | 5.30 | 0.30 | 4.90 | | 0.07 | | 3.40 | 12.40 |
| 1960 | 20 | 3.03 | 0.25 | 2.42 | | 0.04 | 0.12 | 3.40 | 10.74 |
| 1965 | 28.70 | 4.49 | 0.34 | 3.38 | | 0.05 | 0.03 | 5.89 | 14.50 |
| 1970 | 26.60 | 3.45 | 0.33 | 3.97 | | 0.06 | 0.14 | 4.71 | 13.89 |
| 1975 | 17.90 | 1.45 | 0.33 | 3.97 | | 0.06 | 0.14 | 3.06 | 8.89 |
| 1980 | 24.30 | 2.56 | 0.18 | 3.24 | | 0.10 | 0.02 | 4.50 | 13.70 |
| 1985 | 39.60 | 4.17 | 0.27 | 5.34 | | 0.06 | 0.04 | 2.72 | 26.98 |

## 5 § . دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمى

1978 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلەت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىغا بىرنەچچە قېتىمدا جەمئىي 1 مىليون 63 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1981 ـ يىلى بېرىلگىنى 173 مىڭ يۈەن، 1982 ـ يىلى بېرىلگىنى 163 مىڭ يۈەن، 1983 ـ يىلى بېرىلگىنى 422 مىڭ يۈەن، 1984 ـ يىلى بېرىلگىنى 305 مىڭ يۈەن. كەسپىي ئىشلار خىراجىتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئەترەتلەرگە ياردەم پۇلى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات زاپاس مەبلىغى قاتارلىق ناملاردا بېرىلگەن بۇ مەبلەغلەر كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەردى.

بىرىنچىدىن، ناھىيىدىكى 146 چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق ۋە ئوتلاق تېخنىكا خادىمىنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئىككىنچىدىن، ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، سايباغ، ئوغۇساق، لەڭگەر، قوغان، بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭدىن ئىبارەت 9 يېزىلىق پونكىت ۋە ناھىيىلىك پونكىتنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش نۇقتىسىدىن 10 ى قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. 4 يىلدا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۇرۇش ئارقىلىق 2800 موزاي ئېلىندى. ئۈچىنچىدىن، توك بىلەن چۈجە چىقىرىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا چۈجە بېقىش، 2000 دىن 3000 گىچە توخۇ باقالايدىغان توخۇ فېرمىسى قۇرۇلۇپ، توخۇچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە كەسپىي ئائىلىلەرنى نەسىللىك توخۇ بىلەن تەمىنلەشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. تۆتىنچىدىن، 1980 ـ يىلدىكى ئاساستا، قوش قەۋەتلىك ئوتلاق 100 مىڭ مو، بېدە كۆلىمى 4000 مو كېڭەيتىلدى. بەشىنچىدىن، ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، سايباغ، ئوغۇساق، پاختەكلە، سەمەن، لەڭگەر، مۇش، قوغان، بەشكېرەمدىن ئىبارەت 11 يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى (ناھىيىدىكى 18 مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ 66.67% ى مۇشۇ 11 يېزىدا) ۋە ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى ۋە كەسپىي ئىشلارنى قانات يايدۇرۇشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. ئالتىنچىدىن، ئېدىرلىقتا جايلاشقان ئوپال، تاشمىلىق، مۇش يېزىلىرىدىكى 557 مىڭ 800 مو ئوتلاقتا چارۋىچىلار ئولتۇراق ئۆيى، لاپاسلىق قوتان، ئېغىل، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى، ئىچىملىك سۇ

نۇقتىسى، قۇدۇق، كۆچ يولى، كۆۋرۈك قاتارلىق مۇئەسسەسىلەر سېلىنىپ، ئوتلاقلار سۇغىرىلىپ، 20 مىڭ تۇياق چارۋىنى بېقىش، كۆپەيتىش ۋە قىشتىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. يەتتىنچىدىن، ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، سايباغ يېزىلىرى ۋە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باشقا ناھىيىلەر بىلەن بولغان چېگرىسى قامال قىلىنىپ، ئاقسىل كېسىلى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ كىرىشى ۋە يامراپ كېتىشى توسۇلدى، شۇنداقلا يەنە برۇتسېللىيوز باكتېرىيىسى، پارازىت قۇرتى كېسىلى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر رايونلارغا ئايرىپ سىستېمىلىق تەكشۈرۈلدى. سەككىزىنچىدىن، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلىلەر ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر كۆپەيتىلدى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كالا باققۇچى كەسپىي ئائىلە 292 گە، ئۇلار باققان كالا 812 گە، قوي باققۇچى كەسپىي ئائىلە 10 غا، ئۇلار باققان قوي 1350 گە، توخۇ باققۇچى كەسپىي ئائىلە 25 كە، ئۇلار باققان توخۇ 3000 غا يەتتى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كالا، قوي، توخۇ باققۇچى كەسپىي ئائىلىلەر زور ھەجىمدە كۆپەيدى، ئۇلار باققان چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا ھەسسىلەپ كۆپەيدى.

# IV باب

# قوشۇمچە كەسىپ

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قوشۇمچە كەسىپنىڭ تارىخى ئۇزۇن. 2000 يىل ئىلگىرىلا گىلەم توقۇش، كەشتىچىلىك، باقمىچىلىق قاتارلىق ئائىلە قوشۇمچە كەسىپلىرى بارلىققا كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدە قوشۇمچە كەسىپ مەيلى تۈر جەھەتتە ياكى كۆلەم جەھەتتە بولسۇن يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە داڭق چىقاردى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناھىيىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك خاراكتېرلىك قوشۇمچە كەسىپلەردىن يىپ ئېگىرىش، رەختى توقۇش، تاغار توقۇش، پالاز توقۇش، تاۋاق پىشۇرۇش، بوياقچىلىق، پاختا ئېتىش، موزدوزچىلىق، دوپپىچىلىق، شىرداقچىلىق، كىگىزچىلىك، تىككۈچىلىك، ساتىراشلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق شۇنداقلا يەنە بورا توقۇش، سېۋەت توقۇش، زەمبىل توقۇش، غەلۋىر توقۇش قاتارلىقلار، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان قوشۇمچە كەسىپلەردىن ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش، ياغ تارتىش، چىگىت ئايرىش، يەم ـ بوغۇز تەييارلاش، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش قاتارلىقلار، باقمىچىلىق خاراكتېردىكى قوشۇمچە كەسىپلەردىن پىلە بېقىش، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، توشقان بېقىش، بېلىق بېقىش، ئىنەك بېقىش، مال بورداش، توخۇ بېقىش، ئۆردەك بېقىش، غاز بېقىش، كەپتەر بېقىش قاتارلىقلار، تېرىقچىلىق خاراكتېردىكى قوشۇمچە كەسىپلەردىن قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش، كۆكتات تېرىش، مېۋە يېتىشتۈرۈش، تاماكا تېرىش قاتارلىقلار، يېمەك ـ ئىچمەك خاراكتېردىكى قوشۇمچە كەسىپلەردىن ناۋايلىق، لەڭپۇڭ، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، گۆش، سوغۇق ئىچىملىك، ماروژنى، ئۆپكە ـ ھېسىپ، پىلتە قۇيماق، ئۈرۈمە قۇيماق سېتىش قاتارلىقلار، بىناكارلىق قۇرۇلۇش خاراكتېردىكى قوشۇمچە كەسىپلەردىن خىش پىشۇرۇش، كېسەك قۇيۇش، قوم تاسقاش، ھاك پىشۇرۇش قاتارلىقلار، ترانسپورت خاراكتېردىكى قوشۇمچە كەسىپلەردىن ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى، تۆگە، قول تراكتورى قاتارلىقلار، يىغىمچىلىق خاراكتېردىكى قوشۇمچە كەسىپلەردىن چۈچۈكبۇيا كۆتىكىنى كولاش، پىچان ئورۇش، زاراڭزا چېچىكى تېرىش، شاپتۇل مېغىزىنى ئېلىش، ئۆرۈك مېغىزىنى ئېلىش، سېرىق يۈگەي، ئەگلىك ئوت، ياۋا ئەترگۈل، جىغان يىغىش، ئوتۇن ئەكىلىش، چىغ ئورۇش قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. 1985 ـ يىلى قوشۇمچە كەسىپلەرنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ناھىيە بويىچە 14 مىليون 704 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 15.15% نى ئىگىلىدى يەنى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتىدە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

# § 1 . پىلىچىلىك

## 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە پىلىچىلىكنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىللىرىدە پىلىچىلىك گۈللىنىشكە باشلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەر يېڭىشەھەردە پىلىچىلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە ئىچكى ئۆلكىلەردىن 40 نەچچە پىلىچى، توقۇمىچى تەكلىپ قىلىپ، يەرلىك ئاھالىگە پىلە تۇخۇمى ئېلىش، پىلە قۇرتى بېقىش، پىلە قۇرتلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش، مەشۇت چىقىرىپ غوزەك ھاسىل قىلىش، غوزا قاينىتىش، يىپەك تارتىش، يىپەك گەزلىمە ماتېرىيالى تەييارلاش ھۈنىرىنى ئۆگەتتى. شۇنداقلا يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىن 100 مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى كەلتۈرۈپ دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن پىلىچىلىك تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) پەرمانبەردار ۋاڭ شۇدەن جەنۇبىي شىنجاڭدا پىلىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇھاپىزەتچىسى جاۋ گۈيخۇا (جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جاۋشىڭ دېگەن يېرىدىن) نى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر قاتارلىق 8 شەھەرگە ئەۋەتتى، ئۇ بازار كۈنلىرىدە ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا پىلىچىلىك ئەسۋابلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ، پىلىچىلىك بىلىملىرى، تېخنىكىسى ۋە پىلە بېقىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈردى. ئۇ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش بىلەنلا قالماي، رەسىم سىزىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغۇچىلار كۆپ بولۇپ، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە پىلە تۇخۇمى 1738 قۇتىغا يەتتى، ئەينى ۋاقىتتا پىلە ئەڭ كۆپ بېقىلغان توققۇززاق كەنتىدە 350 قۇتا پىلە تۇخۇمى ئېلىندى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە 762 مىڭ 232 تۈپ ئۈجمە بار بولۇپ، بۇنىڭ 197 مىڭ 659 تۈپى قايتايىغان ئۈجمە ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پىلىچىلىك يەنە يۈكسەلدى. 1955 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى پىلىچىلىككە كەسپىي كادىر ئاجراتتى. 1960 - يىلى ناھىيە بويىچە 9170 قۇتا پىلە بېقىلدى، پىلىچىلىك تېخنىكى 6 گە يەتتى، پىلە غوزىسى 34.1 توننىغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكى 1.4 توننىدىن 16.2 ھەسسە كۆپەيدى، پىلىچىلىك كىرىمى 114 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئەينى چاغدا ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىغا غوزا قاينىتىش ئوچىقى سېلىندى، ئۇنىڭغا كەسپىي خادىملار ئاجرىتىلدى، ئۇلار غوزىنى قاينىتىپ پىشۇرۇپ مەشۇت چىقاردى. 1960 - يىلدىن كېيىن، سول ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈجمە ئازىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پىلىچىلىك ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 1974 - يىلى ناھىيە بويىچە ئۈجمە 50 - يىللاردىكى 283 مىڭ تۈپتىن ئازىيىپ 71 مىڭ تۈپكە چۈشۈپ قالدى، تارقىتىلغان پىلە ئۇرۇقى 1960 - يىلدىكى 9170 قۇتىدىن 415 قۇتىغا چۈشۈپ قالدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى 6 گۇڭشېدىكى 21 ئائىلىلىك دېھقان بىلەن 1 مىليون 460 مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈش توختامى ئىمزالاپ، كۆچەتنى بىرنەچچە ھەسسە ئاشۇردى، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋاقتىنى 2 — 3 يىل قىسقارتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئۈجمىلىك 2176 موغا يەتتى، ئۈجمىلىك ۋە ئېرىق بويلىرىغا تۈپ ئارىلىقى 1.5 مېتىر قىلىنىپ 4 مىليون 976 مىڭ 700 تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىلدى، ئۇلار ئىچىدە 3 يىللىقتىن يۇقىرىلىرى 1 مىليون 138 مىڭ 400 تۈپ، 5 يىللىقتىن يۇقىرىلىرى 230 مىڭ 600 تۈپ. تارقىتىلغان پىلە ئۇرۇقى 1981 - يىلدىن ئىلگىرىكى 415 قۇتىدىن 700 قۇتىغا كۆپەيدى، پىلە مەھسۇلاتى 4.16 توننىدىن 10.9 توننىغا يەتتى.

## 2. ئۈجمە سورتلىرى

1) **قارا ئۈجمە** قارا ئۈجمە يەرلىك سورت بولۇپ، بىۋاستە تېرىپ كۆپەيتىلىدۇ، تەبىئىي ئۆسىدۇ، ئەركەك، چىشى تۈپلىرى ئايرىم بولىدۇ. ئەركىكى چېچەكلەيدۇ-يۇ مېۋە بولمايدۇ، چىشىسى چېچەكلىمەيدۇ مېۋە بولىدۇ. يوپۇرمىقى سۇس يېشىل، يېرىق - يېرىق بولىدۇ، شاخلىرى تۈز، ئۇزۇن بولىدۇ، قوۋزىقىدا تۆشۈكچە ئاز بولىدۇ، يوپۇرمىقى كىچىك، سۇ تەركىبى ئاز بولىدۇ. بىخلىنىشى كۈچلۈك، بالدۇر بولىدۇ، سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېلىدۇ. ئۈجمىسى قىزغۇچ قارا، چۈچۈمەل بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن يېگىلى بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن پىلە بېقىلىدۇ.

2) **ئاق ئۈجمە** ئاق ئۈجمە يەرلىك سورت بولۇپ، تېرىپ ياكى قارا ئۈجمىگە ئۇلاپ كۆپەيتىلىدۇ، يوپۇرمىقى قېنىق يېشىل، يۈرەك شەكلىدە بولىدۇ، قارا ئۈجمىنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ، يوپۇرمىقىدىكى سۇ مىقدارى قارا ئۈجمىنىڭكىدىن كۆپ، شاخلىرى تۈز، ئۇزۇن، قوۋزىقىدا تۆشۈكچە ئاز بولىدۇ، بىخ سۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك كېلىدۇ. بىخلىنىش ۋاقتى قارا ئۈجمىنىڭكىدىن 1 — 2 كۈن كېيىن بولىدۇ. سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئاق، سۇلۇق، تاتلىق كېلىدۇ، پىشقاندىن كېيىن يېگىلى ھەم ئۈجمە قىيامى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئاق ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقى پىلىنىڭ ئاساسلىق يېمى ھېسابلىنىدۇ.

3) **شاتۇت** شاتۇت يەرلىك سورت بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاق، يىرىك، تۈكلۈك، يوغان، قېنىق يېشىل بولىدۇ. سۇ تەركىبى ئاق ئۈجمىنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ، شاخلىرى ئەگرى - بۈگرى، قىسقا بولىدۇ، قوۋزىقىدا تۆشۈكچە ئاز بولۇپ، ئاستا ئۆسىدۇ، كېچىكىپ بىخ سۈرىدۇ. سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېلىدۇ، يوپۇرمىقى بىلەن پىلە بېقىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا 60 - يىللاردا شاخۇ ئۈجمىسى، شەندۇڭ ئۈجمىسى كىرگۈزۈلۈپ، 300 تۈپتىن ئارتۇق كۆپەيتىلدى، بۇ ئۈجمىلەر بۇلاقسۇ يېزىلىق پىلىچىلىك مەيدانى ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا تىكىلدى.

## 3. پىلە بېقىش

1) **بېقىش مەزگىلى** تېمپېراتۇرا ۋە ئۈجمىنىڭ سۇ يۈگۈرۈش، بىخلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، پىلە ئۇرۇقى ئادەتتە 4 - ئاينىڭ 15 — 18 - كۈنلىرىگىچە كۆكەرتىلىپ، 4 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنلىرىگىچە تارقىتىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈجمە يوپۇرماقلىرى يېتىلىپ بولىدۇ. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پىلە ئۇرۇقى قۇرتقا ئايلىنىدۇ، 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى غوزەك ھاسىل قىلىشقا باشلايدۇ، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پەرۋانىغا ئايلىنىدۇ.

2) **بېقىش ئۇسۇلى** 60 - يىللاردىن ئىلگىرى چوڭ، كىچىك ئەترەتلەرگە بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق بېقىلاتتى، پايدا - زىيانغا ئەترەتلەر ئىگە بولاتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، كوللېكتىپ بېقىش بىلەن گۇڭشې ئەزالىرى بېقىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، كوللېكتىپ بېقىش ئاساس قىلىندى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، بېقىش تەدبىرلىرى ياخشىلاندى، پىلە قۇرتلىرى 10 — 20 كۈنلۈك بولغىچە گۇڭشېلار مەركەزلەشتۈرۈپ باقتى، پىلىخانىلارنى بىر تۇتاش ئىسسىتتى ھەمدە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى؛ ئۇنىڭدىن چوڭ بولغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ياكى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى، ئىلگىرى ھەر قۇتا پىلە تۇخۇمىدىن 8 — 9 كىلوگىرامدىن غوزەك ئېلىنىدىغان بولسا، ئەمدىلىكتە 12 كىلوگىرام غوزەك ئېلىنىدىغان بولدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، گۇڭشې (يېزا) لار پىلە ئۇرۇقىنى بىر تۇتاش تارقىتىدىغان، بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئائىلىلەرگە بېقىشقا تارقىتىپ بېرىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئائىلىلەر ئىگە بولىدىغان

بولدى.

1980 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 55 مىڭ 750 تۇپ ئۈجمە تىكىلدى، 167.6 مو ئۈجمە كۆچەتزارلىقى بەرپا قىلىندى. 1981 ـ يىلى 106 مىڭ 820 تۇپ ئۈجمە تىكىلدى، 440 مو ئۈجمە كۆچەتزارلىقى بەرپا قىلىندى. 1982 ـ يىلى 112 مىڭ 920 تۇپ ئۈجمە تىكىلدى، 586 مو ئۈجمە كۆچەتزارلىقى بەرپا قىلىندى. 1983 ـ يىلى 136 مىڭ 700 تۇپ ئۈجمە تىكىلدى، 815 مو ئۈجمە كۆچەتزارلىقى بەرپا قىلىندى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئۈجمىلىك 2176 موغا، ئۈجمە 9 مىليون 766 مىڭ 729 تۈپكە يەتتى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئۈجمىلىك 2062 مو، تارقاق ئۈجمە 4 مىليون 100 تۇپ بولدى.

## 4. كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ھەم ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش

1) ئۈجمىگە زىيانداش ھاشاراتلار   ناھىيە تەۋەسىدە ئۈجمىگە زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئۈجمە قەدىمچە قۇرتى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، 1977 ـ يىلى بۇلاقسۇ يىلچىلىك مەيدانىدا ئۈجمىگە مۇشۇنداق قۇرت چۈشۈپ 15 مو يەردىكى ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقىنى پۈتۈنلەي يەپ كەتتى، دورا چېچىلغاندىن كېيىن قايتا كۆرۈلمىدى.

2) پىلە كېسەللىكلىرى   نەچچە يىلدىن بېرى ناھىيىدە كۆپ مۈڭگۈزلۈك يادرو تەنچە كېسىلى، مۇجەيرە پىلازمىلىق كۆپ مۈڭگۈزلۈك تەنچە كېسىلى، قويالماس كېسىلى، قان بۇزۇلۇش كېسىلى، قېتىپ قېلىش كېسىلى قاتارلىق 15 خىل پىلە كېسەللىكلىرى كۆرۈلۈپ كەلدى. 1966 — 1980 ـ يىلغىچە بۇ كېسەللەر يىلدا كۆرۈلۈپ تۇردى، دېزىنفېكسىيە قىلىش، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش، ئايرىۋېتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغاندىن كېيىن كۆرۈلۈش نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا ئازايدى. ئۇلار ئىچىدە بىرقەدەر ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغىنى كۆپ مۈڭگۈزلۈك يادرو تەنچە كېسىلى بولۇپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان پىلە قۇرتلىرىنىڭ تېنى ئىششىپ ئاقىرىپ كېتىدۇ، بوغۇملىرى ئېگىزلەپ، ئاسان مىجىلىپ قالىدۇ، ئۆمىلىشى زىيادە تېزلىشىپ كېتىدۇ، ئاق يىرىڭ قۇسىدۇ. كېسەل مەزگىلدە 5 ياشقا توشقاندىن كېيىنمۇ غوزەك ھاسىل قىلمايلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەل 1990 ـ يىلغىچە تولۇق تىزگىنلەپ بولۇنمىدى. بۇلاقسۇ يېزىسىدا ئۇدا 2 يىل كۆرۈلۈپ پىلە مەھسۇلاتى %70 ئازىيىپ كەتتى. 1981 ـ يىلدىن كېيىن پىلە قۇرتلىرى 10 — 20 كۈنلۈك بولغىچە يېزا بىرلىك قىلىنغان ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىش، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆكچى ئەزالىرىغا تارقىتىپ بېرىش تەدبىرى قوللىنىلغاندىن كېيىن، بۇ تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1956 — 1990 ـ يىلغىچە تارقىتىلغان پىلە ۋە ئېلىنغان پىلە غوزىسى

ئىقتىساد: 4 — 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | تارقىتىلغان پىلە ئۇرۇقى (قۇتا) | بىرلىك مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) | يىللار | تارقىتىلغان پىلە ئۇرۇقى (قۇتا) | بىرلىك مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 400 | 10.4 | 4.16 | 1962 | 2500 | 3.6 | 9 |
| 1957 | 1500 | 9.9 | 14.85 | 1963 | 1500 | 7 | 10.50 |
| 1958 | 1289 | 9 | 11.60 | 1964 | 2000 | 10.8 | 21.60 |
| 1959 | 6000 | 4.1 | 24.60 | 1965 | 1800 | 10.8 | 19.40 |
| 1960 | 9170 | 3.7 | 34 | 1966 | 1900 | 10.3 | 19.60 |
| 1961 | 5235 | 3.2 | 16.60 | 1967 | 1400 | 6.2 | 8.70 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1968 | 940 | 10.3 | 9.70 | 1980 | 500 | 7.90 | 3.95 |
| 1970 | 500 | 9.9 | 4.95 | 1981 | 450 | 9.24 | 4.16 |
| 1971 | 460 | 8.9 | 4.10 | 1982 | 300 | 10 | 3 |
| 1972 | 600 | 8.3 | 5 | 1983 | 600 | 11.73 | 7.04 |
| 1973 | 500 | 10 | 5 | 1984 | 700 | 12.05 | 8.44 |
| 1974 | 500 | 4.60 | 2.30 | 1985 | 700 | 14.40 | 10.90 |
| 1975 | 900 | 6.10 | 5.50 | 1986 | 700 | | |
| 1976 | 400 | 8.70 | 3.50 | 1987 | 1300 | 8.40 | 10.92 |
| 1977 | 415 | 4.20 | 1.74 | 1988 | 1200 | 18 | 21.60 |
| 1978 | 400 | 8.60 | 3.44 | 1989 | 1200 | 8.30 | 9.96 |
| 1979 | 500 | 5.70 | 2.85 | 1990 | 1400 | 16 | 22.40 |

**ئىزاھات:** 1969 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بېلىق بېقىلمىغان.

## 2 § . بېلىقچىلىق

### 1. بېلىق بايلىقى

1) سۇ  سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى سۇ مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمچىسىنىڭ 1985 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمى 9709 مو ئىكەن، كونكرېت تارقىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1985 ـ يىلى سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىش كۆلىمى**

ئىقتىساد: 4 — 2 ـ جەدۋەل　　　　　　　　　　بىرلىكى: مو

| تۈرى / ئورنى | تارقالغان ئورنى | بېقىشقا بولىدىغان كۆلەم | بېقىلغان كۆلەم | بۇنىڭ ئىچىدە: سۇ ئامبىرى | بۇنىڭ ئىچىدە: كۆلچەك | بۇنىڭ ئىچىدە: سۇنئىي كۆلچەك | باشقۇرغۇچى ئورۇن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك بېلىقچىلىق مەيدانى | سايباغ يېزىسىنىڭ كۆكچى كەنتى | 150 | 150 | | 100 | 50 | ناھىيىلىك سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى |
| سايباغ بېلىقچىلىق مەيدانى | كۆكچى، گۆلچىمەن | 2090 | 190 | | 2000 | 90 | يېزىلىق ھۆكۈمەت |
| ئوپال بېلىقچىلىق مەيدانى | ئوپال | 100 | | | 100 | | يېزىلىق ھۆكۈمەت |
| بۇلاقسۇ بېلىقچىلىق مەيدانى | بۇلاقسۇ | 250 | 18 | | 250 | | يېزىلىق ھۆكۈمەت |
| پاختەكلە بېلىقچىلىق مەيدانى | پاختەكلە | 150 | 30 | | 140 | 10 | يېزىلىق ھۆكۈمەت |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قوغان بېلىقچىلىق مەيدانى | قوغان بېزى-سىنىڭ ۋاپ كەنتى | 400 | 250 | 400 | | | بېزىلىق ھۆ-كۈمەت |
| بەشكېرەم بېلىقچىلىق مەيدانى | بەشكېرەم سۇ ئامبىرى | 800 | 800 | 800 | | | بېزىلىق ھۆ-كۈمەت |
| ئاۋات بېلىقچىلىق مەيدانى | يالاڭ سۇ ئام-بىرى | 769 | 769 | 700 | | 69 | ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى |
| يېڭىئۆستەڭ بېلىقچىلىق مەيدانى | قىزىلبايراق سۇ ئامبىرى | 5000 | 2000 | 5000 | | | بېزىلىق ھۆ-كۈمەت |
| جەمئىي | | 9709 | 4209 | 6900 | 2590 | 219 | |

2 ) سورتلىرى ناھىيە تەۋەسىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى 60 - يىللىرى سۇ ئامبارلىرى ياسالغاندىن تارتىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە ئاساسلىق بېلىق 8 خىلغا يەتتى. ئوتخور بېلىق، بۇ تىپىك ئوتخور بېلىق بولۇپ، سۈنئىي كۆپەيتىلىدۇ، ناھايىتى تېز يېتىلىدۇ، 4 ياشلىق چېغىدا 3 كىلوگرام ئەتراپىغا يېتىدۇ، ئۇ ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە بېقىلىدۇ. كارىپ بېلىقى، بۇ بېلىق يېمەكلىك تاللىمايدىغان بېلىق بولۇپ، سۇ ئوتلىرى بۆلۈق كۆلچەكلەردە تېز يېتىلىدۇ، ناھىيىدىكى دەريا - كۆللەرنىڭ ھەممىسىدە بېقىلىدۇ. لاقىا بېلىق، بۇ بېلىق سۇنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدا ياشايدۇ، سۈنئىي كۆپەيتىلىدۇ، سۈپىتى ئادەتتىكىچە، باشقا بېلىقلار بىلەن بىللە بېقىشقا ماس كېلىدۇ. يوغان باش بېلىق، بۇ بېلىقنىڭ بېشى يوغان بولىدۇ، ئوغۇتلۇق سۇدا، ئادەتتە سۇنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدۇ، تېز يېتىلىپ، بالدۇر تۇتۇشقا يارايدۇ، ئۇ خېلى كەڭ تارقالغان. لېش بېلىقى، دۈمبىسى ئېگىز بولىدۇ، ئادەتتە سۇنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ، بۇ بېلىقنىڭ بېلىجانلىرى 1982 - يىلى باشقا يەردىن كەلتۈرۈلگەن. تاپان بېلىق، بۇ بېلىق يېمەكلىك تاللىمايدۇ، تەبىئىي كۆپىيىدۇ، گۆشى تەملىك بولىدۇ، ناھىيىدىكى دەريا - كۆللەرنىڭ ھەممىسىدە بېقىلىدۇ. ئاق بالداق بېلىق، بۇ بېلىق يەرلىك ياۋا بېلىق بولۇپ، يېمەكلىك تاللىمايدۇ، تەبىئىي كۆپىيىدۇ، بېلىجاندا زەھەر بولىدۇ، ئىلگىرى ناھىيىدىكى دەريا - كۆللەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايتتى، كېيىن باشقا بېلىقلارنىڭ كەلتۈرۈلۈشى، سۇنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارقىلىش دائىرىسى تارىيىپ كەتتى. ترىسكا بېلىقى، بۇ بېلىقنىڭ ئاغزى چوڭ، بەدىنى ئۇزۇن، بېشى يوغان، ياپىلاق كېلىدۇ، جۇغى شىنىغا ئوخشايدۇ، بۇ بېلىق يىرتقۇچ بېلىق بولۇپ، تەبىئىي كۆپىيىدۇ، بېلىجانلىرىدا ئۆتكۈر زەھەر بولىدۇ، ناھىيىدىكى دەريا - كۆللەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە 1977 - ۋە 1978 - يىللىرى گۆشلۈك پاقا، قىسقۇچپاقا قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرى كىرگۈزۈلگەنىدى، ئەمما تەبىئىي شارائىت ۋە پەرۋىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر قالمىدى.

## 2. بېقىش

«شىنجاڭ تەزكىرە پروگراممىسى» دا سۆزلىنىدىكى ئۇلانئۇس (قىزىل) دەرياسى، يامانيار (گەز) دەرياسى قەشقەر دەرياسىنىڭ مەنبەيلىرىدۇر، بۇ دەريالاردا ئۇششاق بېلىقلار كۆپ، 2 گەز كېلىدىغانلىرى ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ، دەپ يېزىلغان. يەرلىك ئاھالە بېلىققا ئامراق ئەمەس. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىدە كەينى - كەينىدىن ئۆستەڭ يالاڭ، تۆۋەن يالاڭ، لەڭگەر ۋە قىزىلبايراق سۇ ئامبارلىرى ياسالغاندىن كېيىن، سۇلۇق يەر كېڭىيىپ، بېلىق بېقىشقا شارائىت ھازىرلاندى. بېلىق بېقىش 1966 - يىلى باشلاندى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بېلىقچىلىق كۇرسى ئاچتى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن 6 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ناھىيەنىڭ

گۆڭشېلاردىن ئاۋات گۆڭشېسى ئەڭ بالدۇر بېلىق بېقىشقا باشلىدى، بۇ گۆڭشې بىر تەرەپتىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆچ توپلاپ بېلىق كۆلچەكلىرىنى چاپتۇردى. 9 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك بېلىقچىلىق مەيدانىدىن 5000 بېلىجان سېتىۋالغانىدى، ئەمما توشۇش توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بېلىجانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قالدى. جەنۇبىي شىنجاڭ بېلىقچىلىق كۇرسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەزكۇر گۆڭشې يەنە 10 مىڭ بېلىجان سېتىۋېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ باقتى، بېلىجانلار ياخشى چوڭ بولدى. كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قالايمىقانچىلىقىدا، بېلىقچىلىققا ھېچكىم ئىگە بولمىدى. 1967 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ئۈستۈن ۋە ئاستىن يالاڭ سۇ ئامبارلىرىنىڭ بېلىقچىلىقىغا ناھىيىلىك سۇچىلىق بۆلۈمىنى مەسئۇل قىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسى 220 مىڭ بېلىجاننى ئەكىلىپ يالاڭ سۇ ئامبىرىغا قويۇپ بەردى، شۇنداقلا 3000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. 1972 ـ يىلى ئاپتونوم رايون يەنە يالاڭ سۇ ئامبىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ 2 ـ قارارلىق بېلىقچىلىق كۇرسى ئېچىپ، ئىچكىرى ئۆلكىدىن تور توقۇش، كېمە ياساش، بېلىق تۇتۇش ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر تۈركۈم تور، سايمانلارنى سېتىۋالدى. شۇ يىلى 22 توننا بېلىق تۇتۇلۇپ، بېلىقچىلىققا ئاساس سېلىندى. 1973 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى سايباغ گۆڭشېسىنىڭ 10 ـ چوڭ ئەترىتى (كۆكچى كەنتى) دە ناھىيىلىك بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، سايباغ، بۇلاقسۇ، بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ، قوغان قاتارلىق گۆڭشېلار بېلىجان سېتىۋېلىپ، بېلىق باقتى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە بېلىق بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمى 9709 موغا، ئەمەلىي بېقىلغان كۆلەم 4209 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئامبىرى كۆلىمى 6900 مو، كۆلچەك كۆلىمى 2590 مو، سۇنئىي بېلىق كۆلچىكى 219 مو. 1984 ـ يىلى 19.9 توننا، 1985 ـ يىلى 13.2 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 1990 ـ يىلى تۇتۇلغان بېلىق 72 تونىغا يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1974 — 1985 ـ يىلغىچە تۇتۇلغان بېلىق**

ئىقتىساد: 4 — 3 ـ جەدۋەل بىرلىكى: توننا

| يىللار | تۇتۇلغان بېلىق | يىللار | تۇتۇلغان بېلىق | يىللار | تۇتۇلغان بېلىق | يىللار | تۇتۇلغان بېلىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 5 | 1979 | 8 | 1984 | 19.9 | 1989 | 58 |
| 1975 | 2 | 1980 | 9.5 | 1985 | 13.2 | 1990 | 72 |
| 1976 | 2.5 | 1981 | 2.5 | 1986 | 22.6 | | |
| 1977 | 10 | 1982 | 16.3 | 1987 | 32 | | |
| 1978 | 4.7 | 1983 | 17.5 | 1988 | 43 | | |

**ئىزاھات:** سۇ ئامبىرىنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق گۆڭشېلار 1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ قارمىقىدا ئىدى، بۇ جەدۋەلدىكى تۇتۇلغان بېلىقتا يۇقىرىقى 4 گۆڭشېنىڭ سانلىق مەلۇماتى يوق.

# § 3. ھەسەل ھەرىسى بېقىش ۋە دورا ماتېرىياللىرى يىغىش

## 1. ھەسەل ھەرىسى بېقىش

ناھىيىدە ھەسەل مەنبەيى مول بولۇپ، 50 مىڭ 675 مو باغ، 247 مىڭ مو جىگدە، 1670 مو چىلان،

10 مىڭ مو ئاپتاپپەرەس بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئاق ئاكاتسىيە، كېۋەز قاتارلىقلارمۇ بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھەسەل ھەرىسى بېقىلمايتتى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئىلىدىن 3 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى سېتىۋېلىپ، گۈل - گىياھ ۋە مېۋىلىك دەرەخ ئەڭ كۆپ بەشكېرەم گۈڭشېسىغا بەردى. 1974 - يىلى ھەسەل ھەرىسى بېقىش 5 گۇڭشې، بىر مەيدان ۋە بىر قىسىم چوڭ ئەترەتلەرگە كېڭەيدى. 1975 - يىلى ناھىيىلىك ھەسەل ھەرىسى بېقىش مەيدانى قۇرۇلدى، بۇ مەيداندا 5 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1976 - يىلدىن كېيىن باشقۇرۇش ياخشى بولماي مەيداننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى توختاپ قالدى. 1978 - يىلى ناھىيە بويىچە 475 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلدى، 80% گۇڭشېدا ھەسەل ھەرىسى بار بولدى. شۇ يىلى 10 مىڭ كىلوگرام، ھەر ساندۇقتىن 21 كىلوگرامدىن ھەسەل ئېلىندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 106 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، ھەر ساندۇقتىن 33 كىلوگرام، جەمئىي 3500 كىلوگرام ھەسەل ئېلىندى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە بېقىلغان ھەسەل ھەرىسى 1985 - يىلدىكىدىن ئازراق كۆپەيدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 40 كىلوگرامدىن ئاشتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1967 — 1985 - يىلغىچە ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 4 — 4 - جەدۋەل

| يىللار | ھەسەل ھەرىسى (ساندۇق) | بىرلىك مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | يىللار | ھەسەل ھەرىسى (ساندۇق) | بىرلىك مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1967 | 45 | 33 | 1485 | 1977 | 326 | 27 | 8820 |
| 1968 | 66 | 30 | 1980 | 1978 | 475 | 21 | 9975 |
| 1969 | 86 | 23 | 1978 | 1979 | 381 | 24 | 9144 |
| 1970 | 85 | 35 | 2975 | 1980 | 261 | 19 | 4951 |
| 1971 | 97 | 36 | 3492 | 1981 | 267 | 24 | 6408 |
| 1972 | 95 | 42 | 3990 | 1982 | 195 | 24 | 4680 |
| 1973 | 131 | 42 | 5502 | 1983 | 254 | 16 | 4068 |
| 1974 | 240 | 35 | 8400 | 1984 | 121 | 21 | 2541 |
| 1975 | 156 | 45 | 7020 | 1985 | 106 | 33 | 3498 |
| 1976 | 330 | 20 | 6600 | | | | |

ئىزاھات: مەزكۇر جەدۋەلدىكى ھەسەل ھەرىسى، ھەسەل مىقدارى قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىنىڭ 1975 — 1981 - يىللاردىكى سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 2. دورا ماتېرىياللىرى يىغىش

ناھىيىدە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خىلى كۆپ بولۇپ، دۆلەت سېتىۋالىدىغان ئاساسلىق دورا ماتېرىياللىرىدىن چوچۇكبۇيا، زاراڭزا، شاپتۇل مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، سېرىق يۇگەي، ياۋا ئەتىرگۈل قاتارلىقلار بار. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە يىلدا دورا ماتېرىياللىرى يىغىلىدۇ، يىغىلغانلىرى ناھىيىنى قامدىغاندىن سىرت قەشقەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاقتۇ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە سېتىپ بېرىلىدۇ. 1987 - يىلى دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش قويۇۋېتىلدى، 1989 - يىلى توختىتىلدى.

**1977 — 1989 ـ يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 4 — 5 ـ جەدۋەل

| يىللار | زاراڭزا | | چۈچۈكبويا | | شاپتۇل مېغىزى | | ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى | | تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى | | سېرىق يۇڭى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مىقدارى (كىلوگرام) | سوممىسى (يۈەن) | مىقدارى (كىلوگرام) | سوممىسى (يۈەن) | مىقدارى (كىلوگرام) | سوممىسى (يۈەن) | مىقدارى (كىلوگرام) | سوممىسى (يۈەن) | مىقدارى (كىلوگرام) | سوممىسى (يۈەن) | مىقدارى (كىلوگرام) | سوممىسى (يۈەن) |
| 1977 | 5000 | 12500 | | | | | | | | | | |
| 1978 | 14000 | 36500 | 1800 | 6300 | | | | | | | | |
| 1979 | 15000 | 39000 | 40000 | 14000 | | | | | | | | |
| 1980 | 30000 | 76500 | 36000 | 12600 | | | | | | | | |
| 1981 | 25000 | 64000 | 22000 | 7700 | | | | | | | | |
| 1982 | 40000 | 99500 | 10000 | 3500 | | | | | | | | |
| 1983 | 41500 | 106500 | 4000 | 1120 | | | | | | | | |
| 1984 | 6500 | 22500 | 3800 | 934 | 7500 | 24000 | 2800 | 6160 | 200 | 500 | 300 | 200 |
| 1985 | 11000 | 31000 | 4500 | 1480 | 11000 | 52500 | 3000 | 6600 | 110 | 300 | 1000 | 700 |
| 1987 | 10 | 36 | 8000 | 2800 | 1280 | 1794 | 78 | 179.41 | | | 0.80 | 56 |
| 1988 | 10 | 36 | 6490 | 2271.5 | | | | | | | | |
| 1989 | 10 | 36 | 6490 | 2271.5 | | | | | | | | |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدە 1986 ـ يىللىق سانلىق مەلۇمات كەم.

# 4 § . كان ئېچىش، قۇم تاسقاش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە، قېزىلما بايلىق مول بولۇپ، ئېچىلغانلىرىدىن تۇز، گەج، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## 1. تۇز

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاشمىلىق كەنتىدە يەنى شەھەر (قەشقەر كوناشەھىرىنى يەنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ) دىن 150 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، ئېگىزلىكى 8 غۇلاچ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6 — 7 چاقىرىم كېلىدىغان تاش تاغ بار، تاغدىكى ئۆڭكۈردىن قىزغۇچ ساپ تاش تۇز چىقىدۇ، يىلدا 200 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق سېتىلىدۇ، يىغىۋالغۇچىلارغىمۇ سېتىپ بېرىلىدۇ، ھەر 100 جىڭنىڭ باھاسى بىر ياماق. شەھەرنىڭ 90 چاقىرىم شەرقىي

شىمالىدىكى ئاۋات يېزىسىنىڭ پەيزاۋات، ئاستىن ئاتۇش بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرىسىدىكى كەڭلىكى تەخمىنەن 30 چاقىرىم، ئۇزۇنلۇقى 10 چاقىرىم كېلىدىغان جاڭگالدىن قارامتۇل چالما تۇز چىقىدۇ، بۇ تۇزنىڭ سۈزۈلدۈرمەي ئىچكىلى بولمايدۇ. بۇ تۇز باشقا جايلارغا سېتىلغاندىن باشقا مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە تەخمىنەن 1 مىليون 400 مىڭ جىڭدىن 1 مىليون 500 مىڭ جىڭغىچە سېتىلىدۇ. ھەر 100 جىڭنىڭ باھاسى 3 يارماق. بۇلاردىن باشقا شەھەردىن 140 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئوپالنىڭ تاغ ئېتىكىدە ئۇزۇنلۇقى 4 — 5 چاقىرىم، كەڭلىكى 3 — 4 غۇلاچ كېلىدىغان دائىرىدىن شور تۇز چىقىدۇ، تومۇز كۈنلىرى تۇز تازا كۆپىيىدۇ، رەڭگى ئاق، سۇ قوشۇلغاندىن كېيىن كاللەكلىشىدۇ. قىشتا ياكى قار، يامغۇر ياغقان كۈنلەردە تۇز ئېلىنمايدۇ. ئېغىرلىقى 4 — 5 جىڭ كېلىدىغان ھەر كاللەك تۇز 2 پۇڭدىن سېتىلىدۇ، بۇ تۇزنى مۇشۇ يېزىدىكىلەرلا ئىچىدۇ، يىلدا تەخمىنەن 40 — 50 مىڭ جىڭ سېتىلىدۇ». يۇقىرىقى جايلاردىن تۇز قېزىلىش مىقدارى مىنگو دەۋرىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كانچىلىق كۈندىن - كۈنگە گۈللەندى. ئەسلىدىكى ئاۋات يېزىسىدىكى تۇزلۇقتىن (ھازىر ئاقتاش يېزىسىدا) يىلىغا تەخمىنەن 3000 توننىدىن ئارتۇق تۇز ئېلىنىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ يەرلىكلەر ئالغاندىن سىرت باشقا يېزىلىق دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا قەشقەر، يېڭىشەھەر، ئاتۇش، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە ئۇلاغ ۋە ھارۋىلار بىلەن ئاپىرىپ ساتىدۇ. 2 — 3 كىلوگرام كېلىدىغانلىرى 2 — 3 موچەنگە سېتىلىدۇ. تاشمىلىقتىكى تۇز كېيىندىن تېخىمۇ كۆپ تۇز قېزىلىدۇ. 1958 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشېسىدا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تۇز زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ تەخمىنەن %5 ى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا تۇز قېزىپ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يىلىغا تەخمىنەن 1500 توننا تۇز سېتىلىدۇ، ھەر توننا تۇزنىڭ كاندىن چىقىش باھاسى 22 يۈەن، ھەر كىلوگرام تۇزنىڭ سېتىلىش باھاسى تەخمىنەن 5 پۇڭ.

## 2. گەج، ھاك تاش

تاشمىلىق يېزىسىدا گەج كېنى بولۇپ، 3 - مەھەللىدە يەر قاتلىمىغا جايلاشقان، زاپىسى تېخى ئېنىقلانمىغىنى يوق. ئوپالدا گەج، ھاك تاش كانلىرى بار، دەسلەپكى مۆلچەرگە قارىغاندا گەجنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 4 مىليون توننىدىن، ھاك تاشنىڭ 160 مىڭ توننىدىن ئاشىدىكەن، كالتسىي ئوكسىدى مىقدارى %54 كە يېتىدىكەن، بۇ كانلارنى گۇڭشې، ئەترەتلەر ۋە دېھقانلار ئاچقان بولۇپ، يىلدا تەخمىنەن 4500 — 5000 توننا گەج، 300 — 400 توننا ھاك تاش قېزىلىدۇ.

## 3. ئالتۇن

ئوپال يېزىسى بىلەن مۇش يېزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تېرەكلىك تاغدا ۋە قىزىل دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتۇن رۇدىسى ئۇچرايدۇ، بۇ كان قاپقا كەتتىكە 2 — 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە بۇ يەردە ئالتۇن قېزىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئوپال، مۇش، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم دېھقانلار ئالتۇن قېزىشنى قوشۇمچە كەسىپ قىلغان، باشقا جايلاردىن كېلىپ ئالتۇن قېزىپ، يەر سېتىۋېلىپ، مۇشتا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارمۇ بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بايلىقنى قوغداش يۈزىسىدىن 1952 - يىلى ئالتۇن قېزىش توختىتىلدى. 1983 - يىلى مۇش گۇڭشېسىدىن 125 ئادەم ئالتۇن قازغىلى چىقتى، ئۇلارنىڭ 71 ى بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئالتۇن تاپتى، شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك بانكىغا 7 سەر ئالتۇن سېتىپ بەردى. 1984 — 1985 - يىلى ئالتۇن قېزىشقا چىقىدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى داۋۇت ئىبراھىمنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئالتۇن قېزىشقا چىققانلارنىڭ %96 تىن كۆپرەكى ئالتۇن تاپقان، ئۇلار تاپقان ئالتۇننىڭ ساپلىقى %90 ئەتراپىدا بولغان. مۇش گۇڭشېسىنىڭ 4 - چولڭ ئەترىتى 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى دېھقان ھېمىت مەخسۇت دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا ئالتۇن قېزىپ، 2 يىلدا 2000 يۈەن كىرىم قىلغان، بانكىغا 1200 يۈەنلىك ئالتۇن سېتىپ بەرگەن، ئۇ تاپقان ئەڭ چولڭ ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى 5.5 مىسقال بولۇپ، 680 يۈەنگە ساتقان.

## 4 . قۇم تاسقاش

لەڭگەر، سەمەن، پاختەكلە قاتارلىق يېزىلار قىزىل دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. بۇ يەرلەردە كەلكۈن مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا قۇم تاسقىلىدۇ. ئۇلار ئىچىدە پاختەكلە گۇڭشېسىنىڭ 1 - چولڭ ئەترىتى (تۆۋەنكى پاختەكلە كەنتى) نىڭ مەھسۇلاتى ۋە كىرىمى ئەڭ كۆپ بولۇپ، يىللىق كىرىمى 35 مىڭ يۈەن ئەتراپىغا يېتىدۇ.

## 5 § . باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر

تېرىم گۇڭشېسى (تېرىم يېزىسى) نىڭ ئارىسى داڭلىق بولۇپ، يىلدا 10 مىڭدىن 15 مىڭغىچە ياسىلىدۇ، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىرىدە سېتىلىدۇ.

زەمىن گۇڭشېسىنىڭ 10 - چولڭ ئەترىتى (زەمىن يېزىسىنىڭ كۆلچەكئېرىق كەنتى) دە غەلۋىر توقۇلىدۇ. غەلۋىر توقۇش 1930 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە باشلانغان بولۇپ، 50 يىللىق تارىخقا ئىگە. يىلىغا 3000 — 6000 غەلۋىر توقۇلۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ۋە باشقا شەھەر، ناھىيىلەردە سېتىلىدۇ.

سايباغ گۇڭشېسىنىڭ 14 - چولڭ ئەترىتى (سايباغ يېزىسىنىڭ مەڭگەن كەنتى) ناھىيىدىكى سۈپۈرگە چىقىدىغان ئاساسلىق جاي بولۇپ، يىلدا 70 مىڭدىن 80 مىڭغىچە سۈپۈرگە ياسىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ.

ئاۋات گۇڭشېسىنىڭ 4 - چولڭ ئەترىتى (ئاۋات يېزىسىنىڭ تۇغبېشى كەنتى) نىڭ شىردىقى داڭلىق. شىرداقنىڭ گۈللىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە، قەشقەر شەھىرى ۋە ئەتراپىتىكى ناھىيە خەلقلىرى ياخشى كۆرىدۇ، يىلدا 1000 — 1500 پارچە تىكىلىدۇ. 1980 - يىلى يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، شىرداقچىلىق تېخىمۇ گۈللەندى. 1983 - يىلى شىرداق تىكىدىغان ئائىلىلەر كۆپىيىپ 150 كە يەتتى، ھەپتىسىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 پارچىدىن ئارتۇق شىرداق سېتىلىپ، 1000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىنىدۇ. دېھقان ئابدۇرېھىم ئېلى ئائىلىسى ئەر ئەمگەك كۈچلىرى تېرىقچىلىق قىلسا، ئاياللىرى شىرداق تىكىپ، شۇ يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە 36 پارچە شىرداق سېتىپ 900 يۈەن كىرىم قىلدى. خەيرىگۈل چاققان، قولى گۈل ئايال بولۇپ، 6 خىل گۈل نۇسخىسىنى چۈشۈرەلەيدۇ، ئۇ 30 دىن كۆپ شاگىرت يېتىشتۈردى.

قوغان گۇڭشېسىنىڭ 1 - چولڭ ئەترىتى (قوغان يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتى) نىڭ ئۆتۈك، شىبلەت ۋە دوپپىلىرى داڭلىق بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ھۈنىرى كامالەتكە يەتكەن. بۇ كەنتتىكى ئەر ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ %50 چىسى شىبلەت، ئۆتۈك تىكەلەيدۇ، ئاياللىرىنىڭ %80 چىسى دوپپا تىكەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە سېتىلىدۇ.

پاختەكلە گۇڭشېسىنىڭ 7 - چولڭ ئەترىتى (پاختەكلە يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى قاقۇللا كەنتى) دە ئۆز يېرىدىن ماتېرىيال ئېلىپ بورا توقۇش گواڭشۈ 27 - يىلى (1901 - يىلى) باشلانغان. 1982 - يىلى 210 ئائىلىلىك دېھقان دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا بورا توقۇپ، 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دېھقانلار يەنە توخۇ، ئۆردەك بېقىش، چىغ ئورۇش، ئوتۇنچىلىق، يىپ ئېگىرىش، خام توقۇش، تاغار توقۇش، پاختا ئېتىش، باققالچىلىق، بورداقچىلىق، كۆكتات سېتىش قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپ بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. 1954 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ قەشقەردە يېزا ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش خىزمەت ئەترىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 2 - رايون 1 - يېزا 2 -، 4 - كەنتلىرىنى تەكشۈرگەندە، قوشۇمچە كەسىپ 16 خىلدىن ئاشقان.

1989 - يىلى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئادەم تەشكىللەپ، سايباغ يېزىسى پىلال كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 2 - تەبىئىي كەنتى بىلەن پاختەكلە يېزىسى يۇقارقى پاختەكلە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى پاۋانلار مەھەللىسى تەبىئىي كەنتىنى تەكشۈردى. 2 كەنتتە جەمئىي 15 خىل قوشۇمچە كەسىپ بولۇپ، 58 مىڭ 900 يۈەن كىرىم قىلىنىدىكەن، بۇ، 2 كەنت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %12.41 نى ئىگىلەيدىكەن.

# V باب

# باغۋەنچىلىك

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇرۇندىنلا مېۋە - چېۋە كانى دېگەن نامى بار. تارىخىي كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئۈزۈم، شاپتۇل، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۈزۈم، ئانار، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەر ئومۇمىيۈزلۈك يېتىشتۈرۈلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «ماركو پولو خاتىرىسى»دە قەشقەر رايونى «باغلىرى، تاللىق ھويلىلىرى ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن» دەپ ماختالغان.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) دىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە بويىچە (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يېزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 مىليون 240 مىڭ 604 تۈپ مېۋىلىك دەرەخ بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە قېرىلىرى 652 مىڭ 990 تۈپ، ياشلىرى 587 مىڭ 614 تۈپ.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە 1 مىليون 360 مىڭ 792 تۈپ مېۋىلىك دەرەخ بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈك 284 مىڭ 824 تۈپ بولۇپ، مېۋىلىك دەرەخنىڭ %20.9 نى؛ شاپتۇل 345 مىڭ 270 تۈپ بولۇپ، %25 نى، ئۈزۈم 455 مىڭ 848 تۈپ بولۇپ، %33 نى، ئالما 13 مىڭ 709 تۈپ بولۇپ، %1 نى، ئامۇت 43 مىڭ 739 تۈپ بولۇپ، %3.2 نى، ئانار 31 مىڭ 245 تۈپ بولۇپ، %2.3 نى، ئەنجۈر، چىلان، بېيە، گىلاس قاتارلىق مېۋىلەر %14.6 نى ئىگىلىگەن. بۇندىن باشقا يەنە مەملىكىتىمىزدە كەم ئۇچرايدىغان مېۋە - پىستىدىن 6 تۈپ بولغان. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 5368.5 توننا مېۋە ئېلىنىپ، كىشى بېشىغا 31 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېسىل مېۋە سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئىلغار يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، يېڭى مېۋىلىك باغلار بەرپا قىلىنىپ، كونا مېۋىلىك باغلار ئۆزگەرتىلدى، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتاتلىق كېڭەيتىلىپ، باغۋەنچىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە مېۋىلىك باغ، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات كۆلىمى 15 مىڭ 122 موغا يەتتى. 1960 - يىلى باغلىق يەر 75 مىڭ 800 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ 25 مىڭ مو. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ، كىچىك مېۋىلىك دەرەخ 2 مىليون 891 مىڭ 750 تۈپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈك %2.7 نى، شاپتۇل %20 نى، ئۈزۈم

15% نى، ئالما 1.2% نى، ئامۇت 21% نى، ئانار 12% نى، ئەنجۈر، گىلاس، چىلان، بېيە قاتارلىقلار 28% نى ئىگىلىدى. 11 مىڭ 533.5 توننا مېۋە ئېلىنىپ، كىشى بېشىغا 49.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، باغۋەنچىلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1977 - يىلى ناھىيە بويىچە باغۋەنچىلىك ئومۇمىي مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ 2452 تونىغا چۈشۈپ قالدى (شەرقتىكى قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىلگىرىكى سول ئۇسۇللار تۈزىتىلىپ، دېھقانلارغا مەلۇم كۆلەمدە باغلىق بېرىلدى، كوللېكتىپنىڭ باغلىرى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى، شۇندىن كېيىن باغۋەنچىلىك تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە مېۋىلىك باغ 36 مىڭ 706 موغا يەتتى. 1985 - يىلى 50 مىڭ 675 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 7.4% نى ئىگىلىدى، 18 مىڭ 4 توننا مېۋە ئېلىنىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.35 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا 86.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. مېۋە كۆپ چىقىدىغان بەشكېرەم يېزىسىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، مېۋە كۆلىمى 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 50 مىڭ 675 موغا يەتكۈزۈلدى، بۇ يېزا تېرىلغۇ يېرىنىڭ 20.53% نى ئىگىلىدى، باغ كىشى بېشىغا 36.0 مودىن، مېۋە 264 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. شۇ يىلى يېزا بويىچە مېۋىدىن 1 مىليون 608 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، يېزا كىرىمىنىڭ 20.05% نى ئىگىلىدى، جۈملىدىن، 860 توننا مېۋە قۇرۇتۇلۇپ ۋە پىششىقلىنىپ، 860 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە مېۋىلىك باغ 81 مىڭ 517 موغا يەتتى، مېۋە كىشى بېشىغا 510 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى، مېۋىدىن 5 مىليون 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## 1 § . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1. كەسپىي ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيىدە، بەگلىك تۈزۈمى يۈرگۈزۈلەتتى، ھاكىم بەگنىڭ قول ئاستىدا مەخسۇس باغۋارانىنى باشقۇرىدىغان باقىمداربەگ بار ئىدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىن كېيىن باغۋەنچىلىكنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشقۇرىدىغان بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كادىرى ئاجرىتىلىپ، باغۋەنچىلىككە مەسئۇل قىلىندى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلغاندا پونكىتقا باغۋەنچىلىك كەسپىي تېخنىكا كادىرى سەپلىنىپ، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە، ناھىيىنىڭ باغۋەنچىلىككە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. 1986 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى پارچىلىنىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا باغۋەنچىلىك - پىلىچىلىك پونكىتى قۇرۇلدى، 23 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا كادىرى 18، بۇ پونكىت ناھىيىنىڭ باغۋەنچىلىك - پىلىچىلىككە مەسئۇل بولدى. 1990 - يىلى بۇ پونكىتتا 23 ئادەم ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە تېخنىك ئىشچى 5، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 14، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 3.

### 2. ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى

1959 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشېسىدىن كۆكاڭ، بويلا، سىدە، بەشتوغراق قاتارلىق چوڭ ئەترەتلەر

ئايرىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خانتۆي باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1963 - يىلى ناھىيىلىك كۆچەتخانا باغۋەنچىلىك مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1980 - يىلى كۆچەتخانا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ خاڭدى باغۋەنچىلىك مەيدانى 1976 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1982 - يىلى سەمەن گۇڭشېسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1977 - يىلى ناھىيە باشقۇرۇشىدا زەمىن باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى، 1984 - يىلىغا قەدەر 172 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 300 مو ئالما، 200 مو نەشپۈت، 200 مو پىندىق ياڭاق، 30 مو سوقا چىلان، 30 مو ياڭاق، بىر مو پىستە، 100 مو ئۈزۈم بەرپا قىلىندى، 70 مىڭ 500 تۈپ جىگدە، 64 مىڭ 560 تۈپ تېرەك تىكىلدى. 1985 - يىلى مەيداندىكى دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىسى 4. تۇراقلىق مۈلكى 12 مىڭ 300 يۈەن بولدى. بۇ مەيدان پىندىق ياڭاقنىڭ سورتىنى كەلتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش، پىستىنى ئۇلاش ۋە كۆچەت تىكىپ قومۇلۇقنى ئۆزگەرتىشتە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 1990 - يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مېۋىلەر شەخسلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆپىيىشى ئاستىلاپ كەتتى.

## § 2 . مېۋە - چېۋە

### 1. مېۋە خىللىرى

ناھىيە بويىچە 7 ئائىلىگە تەۋە 20 نەچچە خىل مېۋە بار. ئەتىرگۈل ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئالما، ئامۇت، شاپتۇل، ئۆرۈك، گىلاس، بادام، نەشپۈت، بېيە، دولانا قاتارلىقلار، ئۈجمە ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئەنجۈر، ئۈجمە قاتارلىقلار، ئۈزۈم ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئۈزۈم، خوروز ئائىلىسىگە كىرىدىغان چىلان، سىر دەرىخى ئائىلىسىگە كىرىدىغان پىستە، ياڭاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان ياڭاق، ئانار ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئانار بار.

يۇقىرىدىكى مېۋە تۈرلىرى ئىچىدە يەرلىك سورتلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار ئىچىدە پىستە، بادام، ئانار قاتارلىقلار ئاز ئۇچرايدۇ ۋە داڭلىق. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بىر قىسىم ئېسىل مېۋە سورتلىرى كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىك سورت زور دەرىجىدە بېيىتىلدى.

1) ئالما يەرلىك ئالما ئېتى يۇمشاق ئالما بولۇپ، «قىزىل ئامۇت» دەپ ئاتىلاتتى، يازلىق لىمون، كۈزلۈك لىمون، قىشلىق لىمون قاتارلىق ئالما سورتلىرى ئىلىدىن كەلتۈرۈلدى؛ سېرىق بانان، سېرىق مارشال، قىزىل بانان قاتارلىق ئالما سورتلىرى شەندۇڭدىن كەلتۈرۈلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئالمىلىق 1274 مو بولۇپ، 294.5 توننا ئالما ئېلىندى، ئالما چىلگە ئالما، ئارا ئالما، جاغدا ئالما دەپ 3 خىلغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئالما ئۈزۈلمەيدۇ. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە 2354 مو ئالمىدىن 696 توننا ئالما ئېلىندى، بۇ 1986 - يىلدىكى 227 توننىدىن 3.1% ئارتۇق.

2) ئامۇت 2000 يىل ئىلگىرىكى چىن، خەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدىلا ھازىرقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئامۇت بار ئىدى. مىلادىيە 5 - ئەسىردە يېزىلغان «ئىككى پايتەخت خاتىرىسى» دە «تەكلىماكاننىڭ ئامۇتى شىمالغا توشۇلىدۇ، سوغۇققا چىدامىلىق كېلىدۇ، ئاسان يىگىلەپ قالمايدۇ» دەپ يېزىلغان. ئامۇت يەرلىك سورتلارنى ئاساس قىلىدۇ. بۇندىن باشقا خېبېي، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن ئامۇتنىڭ

سوقچاق ئامۇت، داڭشەن چۈرۈك ئامۇتى قاتارلىق سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. يەرلىك خەلق ئامۇتىنىڭ يەرلىك سورتى كۆك ئامۇتنى ياخشى كۆرىدۇ. كۆك ئامۇت 10 - ئاينىڭ باشلىرى پىشىدۇ، گۆشى ئاق، سۇلۇق، چۈچۈمەلرەك كېلىدۇ، ساقلاشقا چىدامىلىق بولۇپ، كېيىنكى يىلىنىڭ 4 - ئېيىغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ، سۈپىتى ئوتتۇراھال. بۇ كۆك ئامۇت يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، سۈپىتى ناھايىتى ياخشى. قوتۇر ئامۇت 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پىشىدۇ، پوستى توپارەڭ، ئېتى ئاق، يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق بولىدۇ، سۈپىتى ئوتتۇراھال، بەشكېرەم يېزىسىدا كۆپ.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە 3774 مو يەردىكى ئامۇتتىن 1999 توننا ئامۇت ئېلىنىپ، 1986 - يىلدىكى 1833 توننىدىن %0.83 ئاشتى.

3) ئۈزۈم ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۈزۈم بار ئىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە 58 مىڭ 906 تۈپ ئۈزۈم بار ئىدى، بولۇپمۇ بەشكېرەم يېزىسىدا ئەڭ كۆپ ئىدى. سورتى يەرلىك سورت ۋە كەلتۈرۈلگەن سورت دەپ 2 گە بۆلۈنىدۇ. يەرلىك سورتلاردىن قەشقەر ئۈزۈمى، مۇناقى ئەڭ ياخشى. قەشقەر ئۈزۈمى ئاق ئۈزۈم ۋە يېشىل ئۈزۈم دەپ 2 خىل بولىدۇ، ئاق ئۈزۈم 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، دانىسى كىچىك، تاتلىق، سۈپىتى ياخشى كېلىدۇ؛ يېشىل ئۈزۈم 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، يوغان، سۇلۇق كېلىدۇ. مۇناقى قىزىل مۇناقى، ئاق مۇناقى دەپ 2 خىل بولىدۇ. بۇ 2 خىل ئۈزۈمنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئۇرۇق ئاز بولۇپ، تەخمىنەن %60 — %80 ىدە ئۇرۇق بولمايدۇ. قىزىل مۇناقنىڭ ساپىقى، دانىسى يوغان، رەڭگى قىزىل، كۆركەم كېلىدۇ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى پىشىدۇ، سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى ئوتتۇراھال؛ ئاق مۇناقنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، بوز يەرلەرگىمۇ ئۆزلىشەلەيدۇ، پوستى ساغۇچ، قېلىن، كۆركەم، ساپىقى، دانىسى يوغان بولىدۇ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پىشىدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ئوتتۇراھال، ساقلاش، توشۇشقا چىدامىلىق بولۇپ، ناھىيىدىكى كېيىن پىشىدىغان، ساقلىغىلى بولىدىغان خېلى ياخشى ئۈزۈم سورتىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خوتەن قىزىل ئۈزۈمى، سوقا ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. بۇ ئۈزۈم سورتلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئاز ئۇچرايدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، رەڭگى ياخشى، شېكەر مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، %25 — %28 كە يېتىدۇ.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 8171 مو يەردىكى ئۈزۈمدىن 1792 توننا ئۈزۈم ئېلىنىدى. 1990 - يىلى 12 مىڭ 704 مو يەردىكى ئۈزۈمدىن 5492 توننا ئۈزۈم ئېلىنىپ، 1986 - يىلدىكى 4341 توننىدىن %1.2 ئاشۇرۇلدى.

4) ئۆرۈك ناھىيىدىكى ئاساسلىق مېۋىلەرنىڭ بىرى، كۆلىمى كەڭ، تارىخى ئۇزۇن. چىن، خەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدىلا بار ئىدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئۆرۈكلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، سورتى كۆپ. شۇنداقلا قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا چىدامىلىق بولۇش، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش، تۇپراق تاللىماسلىق، پەرۋىش قىلىش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۆرۈكلەر ئادەتتىكى ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك دەپ 2 چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بازاردا 2 ئايغىچە ئۆرۈك ئۆكسۈمەيدۇ. بەشكېرەم چىلگە ئۆرۈكى — مايەم 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بازارغا كىرىدۇ؛ ئاغقا يېقىن تاشمىلىقنىڭ جاغدا ئۆرۈكى — ياغلىق ئۆرۈك 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ. ئۆرۈكلەر يېيىلگەن، سېتىلغاندىن باشقا گولە قۇرۇتىلىدۇ، بولۇپمۇ خوۋەيىنى، ياغلىق ئۆرۈكلەر گۆشلۈك، تاتلىق كېلىدۇ، گولە قۇرۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، گولە قۇرۇتىلىدىغان سۈپەتلىك ئۆرۈكلەردۇر.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 506 مو يەردىكى ئۆرۈكتىن 5617 توننا ئۆرۈك ئېلىنىدى، 1990 - يىلى 34 مىڭ 279 مو يەردىكى ئۆرۈكتىن 16 مىڭ 57 توننا ئۆرۈك ئېلىنىپ، 1986 - يىلدىكى

18 مىڭ 562 توننىدىن %1.2 كېمىيىپ كەتتى.

5) شاپتۇل ناھىيەدە شاپتۇل يېتىشتۈرۈش چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا باشلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەششاپتۇل، ئاقتوغاچ شاپتۇل، سېرىق شاپتۇل، توغاچ شاپتۇل قاتارلىق شاپتۇل سورتلىرىدىن باشقا ئىچكىرىدىن شاپتۇلنىڭ كۆزلۈك ياما شاپتۇل، بۇشاۋمېي، جىزاۋشىڭ ۋە توغاچ شاپتۇل قاتارلىق سورتلىرى كەلتۈرۈلۈپ تىكىلمۇندى، ئوبدان يەرلەشتى. چىلگە شاپتۇل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بازارغا كىرىدۇ، جاغدا شاپتۇل 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئۈكسىمەيدۇ. ئۆزۈن مەزگىل كۆزىتىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىگە قارىغاندا، 1960 ـ ۋە 1974 ـ يىللىرى شاپتۇل ئۈشۈك ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان يىللىرى ئىنتايىن ئوخشىدى. توغاچ شاپتۇل بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ يېزىلىرىدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، كۆركەم، تاتلىق.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 451 مو يەردىكى شاپتۇلدىن 8518.8 تونna شاپتۇل بولدى. 1990 ـ يىلى 17 مىڭ 451 مو يەردىكى شاپتۇلدىن 5681 تونna شاپتۇل ئېلىنىپ، 1986 ـ يىلدىكى 5951 توننىدىن 270 تونna كېمىيىپ كەتتى.

6) ئانار ناھىيەدىكى مېۋىلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولۇپ، ئىسسىقنى خالايدۇ، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھاكلىق تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 198 مىڭ تۈپ ئانار بولۇپ، كۆپىنچىسى بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، قوغان قاتارلىق يېزىلارغا مەركەزلەشكەن، باشقا يېزا، كەنتلەردىمۇ بار، ئەمما سانى كۆپ ئەمەس. ئانار ئوخشايدىغان بەشكېرەم ۋە ئاۋات يېزىلىرىدا ئانارنىڭ دانىسى يوغان، مەھسۇلاتى يۇقىرى، تاتلىق، شىرنىلىق، ئوزۇقلۇق مىقدارى يۇقىرى، ساقلاشقا، توشۇشقا چىداملىق كېلىدۇ. 6 ـ ئايدا چېچەكلەپ 10 ـ ئايدا پىشىدۇ. قىشتا ئانار كۆمۈلمىسە بولمايدۇ، قەلەمچە قىلىپ كۆپەيتىلىدۇ.

7) ئەنجۈر گۈللىرى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى شار شەكىللىك گۈل تېگىگە يوشۇرۇنۇپ، يوشۇرۇن باشلىق گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، مېۋىسىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، گۈلىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەسلىدە ئىسسىق، سوپتۇرۇپىك بەلۋاغ مېۋىسى بولۇپ، مىسىردا ئەڭ كۆپ. ئەنجۈر ئىسسىق، قۇرغاق كىلىماتنى خالايدۇ، سوغۇققا چىدامسىز كېلىدۇ، قىشتا كۆمۈلمىسە بولمايدۇ. شورى ئوتتۇراھال ياكى ئازراق قۇمساڭغۇ تۇپراقنى خالايدۇ. مېۋىسى ياپىلاق بولىدۇ، خام چېغىدا يېشىل، پىشقاندا سارغۇچ قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ، شىرنىسى تاتلىق، شېكەر مىقدارى %20 تىن يۇقىرى، كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ، خام يېگىلى بولىدۇ، قۇرۇتۇپ قاق قىلغىلى، مۇراببا ياسىغىلى، بالقاق قىلغىلى ھەم دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 153 تۈپ ئەنجۈر بار ئىدى، 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 900 تۈپكە يەتتى، ئەنجۈر بەشكېرەم، ئاۋات، قوغان، يېڭىئۆستەڭ، بۇلاقسۇ، زەمىن يېزىلىرىغا مەركەزلەشكەن، بەشكېرەم يېزىسىدا ئەڭ كۆپ. بەشكېرەم ئەنجۈرىنىڭ مېۋىسى يوغان، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنجۈر تېز كۆپىيىپ 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 21 مىڭ تۈپتىن ئاشتى.

8) بادام بادام يوپۇرماق تاشلايدىغان، ياغاچ غوللۇق ياغلىق دەرەخ بولۇپ، ناھىيەدە يېتىشتۈرۈش تارىخى ئۇزۇن، ئاساسلىقى خانىدى، زەمىن، ئوپال، تاشمىلىق، قوغان قاتارلىق يېزىلارغا تارقالغان. مېغىزى يوغان بولۇپ، ماي تەركىبى %55 — %60 كە يېتىدۇ، كۆپ خىل ۋىتامىن ۋە ئانئورگانىك تۇز بولۇپ، ئوزۇقلۇق مىقدارى مول. مېغىزىدىن تورت، مېۋە كونسېرۋاسى، تەمخورۇچ ياسىغىلى بولىدۇ، خام ياكى قورۇپ يېيىشكە بولىدۇ. مېۋىسىدە %8 بادام جەۋھىرى بولىدۇ. ئۇ دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىنسا زۇققە كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

بادام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئاز ئۇچراش، پەرۋىش قىلىش ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ناھىيىدە بادامنىڭ قەغەز بادام، قوشماق مېغىزلىق بادام، قەشقەر قەغەز بادىمى، تاش بادام قاتارلىق سورتلىرى بار. ھەر مو يەردىكى بادامدىن 200 كىلوگرامدىن بادام ئالغىلى بولىدۇ. بىر تۈپ بادامدىن تازا ئۇخشىغاندا 8 — 15 كىلوگرام بادام ئالغىلى بولىدۇ. كۆپىنچە ئۇلاپ كۆپەيتىلىدۇ، تېرىپ كۆپەيتىشكىمۇ بولىدۇ.

9) پىستە يېتىشتۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «دورا ئۆسۈملۈكلەر خاتىرىسى» دە «پىستە تەملىك، ئىسسىق، پۇراقلىق، زەھەرسىز بولۇپ، تولغاقنى توختىتىدۇ، سوغۇق يەلنى ھەيدەيدۇ، ئادەمنى سەمرىتىپ، تىمەنلەشتۈرىدۇ، ئۇ غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەردىن چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى ئاساسلىق دەرەخ سورتلىرىنى بەرپا قىلىش تېخنىكىسى» دېگەن كىتابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «پىستە مېغىزىدا %60 دىن يۇقىرى ماي بولىدۇ. پىستە تاتلىق، ياغاچ غوللۇق، خۇاسىڭ دېگەن نامى بار. ئۇنىڭدىن بىرقانچە خىل مەھسۇلات ئىشلىگىلى بولىدۇ. يېگىلەپ قالمايدۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى يېمەكلىك بولۇپ مېزىلىك كېلىدۇ. خىمىيە سانائىتى ۋە دورىگەرلىكتە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. پىستە مېغىزى، مېغىز پوستى، پىستە يوپۇرمىقى، يېغى ئىچكى، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ھەرخىل دەرىجىدە شىپا بولىدۇ».

پىستە ـ32.8℃ تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ۋە 34.8℃ تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا، قۇرغاقچىلىققا، بۇلغىنىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. پىستە ياغىچى قاتتىق، چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ. پىستە ئېلىمىزدە ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك دەرەخ بولۇپ، مېغىزى سوقچاق ياكى يۇمىلاق كېلىدۇ. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرى بەشكېرەم رايونىدا 30 نەچچە تۈپ پىستە بار ئىدى، 1974 ـ يىلى 23 ى قالغان. 1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 273 تۈپكە يەتتى، ئۇلار بەشكېرەم، سەمەن يېزىلىرى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. 1985 ـ يىلى پىستەزارلىق 60 مودىن ئاشتى.

1980 ـ يىلى ئۇلاش ۋە كۆچەتنى قاچىدا يېتىشتۈرۈپ كۆچۈرۈش سىناق قىلىندى. 1985 ـ يىلغا قەدەر ئۇلاش يەنىلا سىناق باسقۇچىدىن ئۆتەلمىدى، قاچىدا يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى بولدى، كۆچەت يىلدا 30 سانتىمېتىر ئۆسۈپ، كۆچۈرگىلى بولىدىغان بولدى.

10) گىلاس گىلاس ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئۆسىدۇ. ناھىيىدە يېتىشتۈرۈلۈش تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، ناھىيىدە 9199 تۈپ گىلاس بولۇپ، كۆپىنچىسى سەمەن، قوغان، ئوپال رايونلىرىغا تارقالغان، باشقا يېزا، كەنتلەردە ئاز ئىكەن. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرى چېچەكلەپ، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرى پىشىدۇ، مېۋىسى شار شەكىللىك، كۆركەم، سۇزۇك، ئوزۇقلۇق مىقدارى مول، ۋىتامىنلار كۆپ بولىدۇ، بولۇپمۇ تۆمۈر مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى (5.9 مىللىگرام)، ئىستېمال قىلغاندىن سىرت مۇراببا ياسىغىلى، ھاراق چىقارغىلى بولىدۇ. گىلاس سوغۇققا چىدامىلىق بولۇپ، بالدۇر بۇلاققا كىرىدۇ. گىلاس تاتلىق گىلاس، چۈچۈمەل گىلاس دەپ 2 خىلغا بۆلۈنىدۇ، تاتلىق گىلاس، تاتلىق، يوغان، قىزىل، ئىنچىكە، ساپىقى ئۇزۇن كېلىدۇ، ئۇرۇقىغا يېپىشىپ تۇرىدۇ، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پىشىدۇ، ئۇيغۇرلار قوقان گىلاس دەيدۇ. چۈچۈمەل گىلاس قىزىل، پارقىراق، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق سۈيىتى ناچارراق بولۇپ، بۇ ناھىيىگە ماس كېلىدۇ، ئاساسەن ئۇلاپ كۆپەيتىلىدۇ. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە گىلاسلىق 200 موغا يەتتى. گىلاستىن بۇنىڭ ئىچىدە بولاققا كىرگىنى 30 مو بولۇپ، شۇ يىلى 600 كىلوگرام گىلاس ئېلىندى. 1990 ـ يىلى مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، پايدىسى ئاز بولغاچقا، ھېچقانچە تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى.

11) چىلان ئەسلى ئىچكىرىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇ يەرگە

كەلتۈرۈلگەن. 1984 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1670 مو، 57 مىڭ 900 تۈپ چىلان بولۇپ، يەشكىرەم، ئاۋات، زەمىن، ئوغۇساق، قوغان قاتارلىق يېزىلارغا تارقالغان. چىلان مۇنداق 4 تۈرگە بۆلۈنىدۇ: شىنجاڭ ئۇششاق چىلىنى، شىنجاڭ سوقۇچاق چىلىنى، قەشقەر ئۇششاق چىلىنى، ئوغۇساق چىلىنى.

**شىنجاڭ ئۇششاق چىلىنى**　بولۇق، ئېگىز يېيىلىپ ئۆسىدۇ، شاخلىرى توم، قويۇق، تاجىسى تەبىئىي يۇمىلاق بولىدۇ. غولى كۆلرەڭ، قوپال، قالايمىقان سىزىقچىلار بىلەن تولغان بولىدۇ، نوتىسى بىنەپشەرەڭ. كونا شاخلىرى قوڭۇر بولىدۇ. يوپۇرمىقى سوزۇنچاقراق تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ يېيىلىپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى يېشىل، ئېيخى تىكەنلىك بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ، ھەر گۈل رېتىدە 5 — 7 تالغىچە گۈل بولىدۇ، گۈل تېگى يوغانراق، مېۋىسى يۇمىلاق، قىزىل بولۇپ پارقىراپ تۇرىدۇ، ھەر تال چىلان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.5 گرام كېلىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرى بىخ سۈرىدۇ. 5 — 8 - ئايغىچە چېچەكلەيدۇ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پىشىدۇ، 10 - ئاينىڭ باشلىرى يوپۇرماق تاشلايدۇ. ئۇششاق چىلان كۆلىمى ناھىيە بويىچە چىلان كۆلىمىنىڭ 73% ىنى ئىگىلەيدۇ.

**شىنجاڭ سوقىچاق چىلىنى**　ئۇيغۇرلار ئانۇچىلان دەيدۇ، بولۇق ئۆسىدۇ، غولىدا تاشپاقا قاسىرىقىدەك قالايمىقان سىزىقچىلار بولىدۇ. نوتىسى قوڭۇر، يوپۇرمىقى قېلىنراق، پارقىراق، تۇخۇمسىمان بولىدۇ. گۈل تېگى سارغۇچ يېشىل بولىدۇ، ھەر گۈل رېتىدە 3 — 5 تالغىچە گۈل بولىدۇ، مېۋىسى سوقىچاق، قىزىل، گۆشى ئاقۇش يېشىل، چۈرۈك، تاتلىق بولىدۇ. 6 - ئايدا چېچەكلەيدۇ، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يوپۇرماق تاشلايدۇ.

**قەشقەر ئۇششاق چىلىنى**　سوقىچاق چىلان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غولى يوغان، تىك، يوپۇرمىقى قېلىن بولىدۇ، تاجىسى كۆپىنچە قالايمىقان بولىدۇ، يوپۇرمىقى توق يېشىل، تىكەنلىك، تۇخۇمسىمان، چۆرىسى ھەرىسىمان بولىدۇ. گۈل تېگى كىچىك، سارغۇچ يېشىل بولىدۇ، مېۋىسى تۇخۇمسىمان ياكى تۇخۇمسىمان ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. پوستى بېغىررەڭ، گۆشى سارغۇچ يېشىل بولىدۇ، ھەر تال چىلان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.48 گرام كېلىدۇ، شېرىنلىك بولىدۇ. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاخىرلىرى پىشىدۇ، 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى يوپۇرماق تاشلايدۇ. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە كۆلەم 143.5 مو بولۇپ، چىلان كۆلىمىنىڭ 8.6% ىنى ئىگىلىدى.

**ئوغۇساق چىلىنى**　سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئوغۇساق يېزىسىدىلا بار. ئۇنىڭ باشقا چىلانلارغا ئوخشىمايدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، شاخچىلىرى، يوپۇرماقلىرى قويۇق بولىدۇ، تاجىسى قالايمىقان، چىلان پوستى قىزغۇچ، ھەر تال چىلان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.4 گرام كېلىدۇ، ئەتلىك كېلىدۇ، يېزا بويىچە تەخمىنەن 400 — 500 تۈپ مۇشۇنداق چىلان بار.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە 1475 مو يەردىكى چىلاندىن 180 توننا چىلان ئېلىنىپ، 1986 - يىلدىكى 480 توننىدىن 2.67% كېمىيىپ كەتتى.

## 2. مېۋىچىلىك

مېۋىچىلىكنىڭ دەۋر قىلىشى ئۇزۇن، تېخنىكىلىقى يۇقىرى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن مېۋىچىلىك تەرەققىي قىلدى. يەر ئىسلاھاتىدا دېھقانلار باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىرىلغاندىن سىرت «يومىشچىكلار باشقۇرۇپ ۋە ئادەم ياللاپ باشقۇرۇپ كەلگەن باغلار مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، بىردەك سافلاپ قېلىنىپ يەنى تەقسىم قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تەقسىم قىلىنماي» باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى سىياسەت جەھەتتىن قوغدالدى. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە «بىر ئائىلىنىڭ بېغى 2 مودىن ئېشىپ كەتمىسە، كوپېراتىپقا قوشۇلمايدۇ، 2 مودىن ئېشىپ كەتسە ئېشىپ كەتكەن قىسمى كوپېراتىپقا قوشۇلىدۇ، لېكىن يەنىلا

ئىگىسىگە ھۆددە بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم 1957 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى باغنى پۈلغا سۇندۇرۇپ كوپىراتىپقا قوشۇشتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ «ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 2 مودىن ئاز باغنى ئىگىسىگە قالدۇرۇش، 2 مودىن كۆپ باغنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە» چىقىرىپ، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «2 مودىن ئاز باغ چوقۇم ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى، باغ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولسا، ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى، باغ ئىگىسىنىڭ بىرقانچە يەردە بىغى بولۇپ، قوشقاندا 2 مودىن ئېشىپ كەتمىسە، ھەممىسى ئىگىسىگە قالدۇرۇلۇشى كېرەك»، «باغ 2 مودىن كۆپ بولۇپ، ئىگىسى قالدۇرۇق يەرنى قايتۇرۇپ، ئارتۇق باغنى ئۆزىگە قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئارتۇق باغ قالدۇرۇشقا تېگىشلىك قالدۇرۇق يەر ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمىسە، تەلەپ بويىچە قالدۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. 1958 ـ يىلى خەلق گوڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قالدۇرۇق باغ بىر مودىن ئېشىپ كەتمىدى، ئەمما ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مېۋىچىلىككە يەنىلا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىغا سەپلەپ بېرىلگەن كادىرلار باغۋەنلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، يېڭى باغ بەرپا قىلىش، كونا باغلارنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈردى. 1960 ـ يىلى مېۋىچىلىككە مايىل سىياسەت قوللىنىلغانلىقتىن، ناھىيە بويىچە 2500 مو باغدىن 11 مىڭ 537.5 توننا مېۋە ئېلىنىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن %114.84 ئاشتى. 1963 ـ يىلى «مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بولغا قويۇلغاندىن كېيىن، باغ كۆلىمى 1960 ـ يىلدىكىدىن 4000 موغا يېقىن كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەھسۇلاتى 16 مىڭ 611.5 تونىغا يېتىپ، 1960 ـ يىلدىكىدىن %44.03 ئەتراپىدا ئاشتى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، باغۋەنچىلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، 1967 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 495 مو باغدىن ئاران 3598.5 توننا مېۋە ئېلىندى.

1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى تەڭشەلگەچكە، باغۋەنچىلىك ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1985 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە باغ 50 مىڭ 675 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بولاقا كىرگەن كۆلەم 37 مىڭ 986 مو، 17 مىڭ 904 توننا مېۋە ئېلىنىپ، 1949 ـ يىلدىكى 5353.5 تونىدىن 2.34 ھەسسە ئاشتى.

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 81 مىڭ 517 مو باغدىن 32 مىڭ 456 توننا مېۋە ئېلىنىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 2.35 ھەسسە ئاشتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مېۋە كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتى**

ئىقتىساد: 5 — 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | كۆلەم (مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) | بۇنىڭ ئىچىدە (توننا) | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئالما | ئامۇت | ئۈزۈم | شاپتۇل | ئۆرۈك | باشقىلار |
| 1949 | | 5358.5 | 9.5 | 866.5 | 531 | 1126.5 | 2421 | 392.5 |
| 1955 | | 8112.5 | 10 | 882.5 | 3199.5 | 1147.5 | 2466 | 400 |
| 1960 | 2500 | 11533.5 | 110.5 | 496.5 | 637 | 3358.5 | 4894.5 | 2036.5 |
| 1965 | 21254 | 16615.5 | 139 | 964 | 1383 | 6680.5 | 6467 | 988 |
| 1970 | 20939 | 11650.5 | 91 | 524 | 1699.5 | 4808.5 | 3232 | 1292.5 |
| 1975 | 13495 | 3600 | 230.5 | 132.5 | 125.5 | 2164.5 | 849.5 | 97.5 |
| 1980 | 18093 | 3623.5 | 149.5 | 222.5 | 271.5 | 1188 | 1652 | 140 |
| 1985 | 50675 | 18004 | 249.5 | 854.5 | 1791.5 | 8518.5 | 5617 | 973 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 55537 | 32866 | 227 | 1833 | 4341 | 5951 | 18562 | 1952 |
| 1987 | 76601 | 29084 | 487 | 1667 | 6232 | 5809 | 12350 | 2539 |
| 1988 | 78146 | 29910 | 513 | 1558 | 5369 | 7100 | 13360 | 2010 |
| 1989 | 71709 | 30485 | 314 | 1753 | 5935 | 4549 | 16890 | 1044 |
| 1990 | 81517 | 32456 | 591 | 1988 | 5489 | 5675 | 16032 | 2681 |

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1985 - يىلى مېۋىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 5 — 2 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: مو

| رايونلار | ئومۇمىي كۆلەم | يۇناق ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئالما | ئامۇت | ئۈزۈم | شاپتۇل | ئۆرۈك | باشقىلار |
| جەمئىي | 50675 | 1274 | 2282 | 8171 | 14451 | 20512 | 3985 |
| ئوپال يېزىسى | 3087 | 47 | 46 | 398 | 1229 | 1317 | 50 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 2664 | 77 | 88 | 115 | 507 | 1720 | 157 |
| تېرەم يېزىسى | 455 | 15 | 20 | 20 | 150 | 250 | |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 2104 | 110 | 105 | 370 | 674 | 685 | 160 |
| سايباغ يېزىسى | 4186 | 94 | 215 | 253 | 115 | 2372 | 1137 |
| زەمىن يېزىسى | 3644 | 150 | 50 | 60 | 1820 | 1360 | 204 |
| ئوغۇساق يېزىسى | 1309 | 17 | 21 | 27 | 1081 | 99 | 64 |
| پاختەكلە يېزىسى | 635 | 5 | 30 | 10 | 137 | 196 | 257 |
| سەمەن يېزىسى | 670 | | 126 | 250 | 86 | 200 | 8 |
| خانقى يېزىسى | 1530 | 250 | 200 | 155 | 415 | 260 | 250 |
| لەڭگەر يېزىسى | 2995 | 45 | 38 | 294 | 807 | 1811 | |
| مۇش يېزىسى | 1710 | 40 | 36 | 127 | 520 | 987 | |
| قوغان يېزىسى | 6733 | 47 | 310 | 775 | 2059 | 3121 | 421 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 10640 | 90 | 452 | 4173 | 2322 | 2691 | 912 |
| ئاۋات يېزىسى | 3510 | | 169 | 289 | 1428 | 1344 | 280 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 3405 | 33 | 147 | 637 | 926 | 1622 | 40 |
| ئاقچاش يېزىسى | 544 | 2 | 30 | 54 | 68 | 375 | 15 |
| باغۋەنچىلىك مەيدانى | 500 | 150 | 150 | 150 | 50 | | |
| باشقا ئورۇنلار | 354 | 102 | 49 | 14 | 57 | 102 | 30 |

**1990 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزا، مەيدانلىرىدىكى مېۋىلىك باغ كۆلىمى**

ئىقتىساد: 5 — 3 ـ جەدۋەل بىرلىكى: مو

| نامى | كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئالما | ئامۇت | ئۈزۈم | شاپتۇل | ئۆرۈك | چىلان | باشقىلار |
| سەمەن يېزىسى | 1318 | | 110 | 70 | 714 | 424 | | |
| خائىدى يېزىسى | 762 | 140 | 128 | 21 | 240 | 233 | | |
| پاختەكلە يېزىسى | 276 | 28 | 80 | 26 | | 133 | | |
| قوغان يېزىسى | 4810 | 15 | 350 | 573 | 825 | 2992 | 55 | 970 |
| لەنگەر يېزىسى | 3942 | 100 | 117 | 570 | 1045 | 2110 | | |
| بەشكېرەم يېزىسى | 21756 | 250 | 147 | 4700 | 1096 | 7858 | 909 | 6796 |
| ئاۋات يېزىسى | 4652 | | 152 | 203 | 1758 | 1688 | 562 | 279 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 8000 | | 1000 | 1000 | 2000 | 3500 | | 500 |
| ئاقتاش يېزىسى | 913 | 2 | 32 | 208 | 281 | 390 | | |
| ئوغۇساق يېزىسى | 2784 | 105 | 52 | | 1261 | 1308 | 58 | |
| زەمىن يېزىسى | 4267 | 280 | 191 | 148 | 1546 | 1880 | 43 | 179 |
| سايباغ يېزىسى | 6988 | 194 | 297 | 300 | 1748 | 4447 | 2 | |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 6430 | 233 | 513 | 1338 | 1159 | 2878 | 120 | 169 |
| ئوپال يېزىسى | 3954 | 69 | 63 | 597 | 1457 | 1668 | | 96 |
| تېرىم يېزىسى | 2060 | 156 | 139 | 24 | 492 | 993 | 100 | 156 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 7863 | 113 | 488 | 498 | 1715 | 4759 | | 294 |
| باغۋەنچىلىك مەيدانى | 422 | 174 | 144 | 68 | | 36 | | |
| باشقىلار (ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر) | 320 | 152 | 42 | 15 | 30 | 76 | | 5 |

**ئىزاھات:** باشقىلار ئانار، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 3 § . قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە كۆكتات

### 1 . خىللىرى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 17 ئائىلىگە تەۋە 50 خىل كۆكتات بار. پىدىگەن ئائىلىسىگە كىرىدىغان پەمىدۇر، پىدىگەن، مۇش (لازا)، ياڭيۇ قاتارلىقلار؛ كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان يېسىۋىلەك، سەي گۈل، خەردەل، قانكۆك، چەلەك، يازلىق تۇرۇپ، قىشلىق تۇرۇپ، يازلىق يېسىۋىلەك، قىچا (چامغۇردەك باش ئالىدىغان)، چامغۇر قاتارلىقلار؛ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بامبۇك نوتىسى، تويىنامبۇر قاتارلىقلار؛ كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان سەۋزە، كەرەپشە،

يۇمغاقسۈت، زىرە قاتارلىقلار، گۈلسامساق ئائىلىسىگە كىرىدىغان سۈۋپىياز، سامساق، پىياز، چىچەكسەي، كۈدە قاتارلىقلار؛ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان ساۋ شىيەن؛ لويلا ئائىلىسىگە كىرىدىغان پالەك، ئۇچلۇق يوپۇرماق پالەك، فرانسىيە يۇمىلاق يوپۇرماق پالىكى؛ كاۋا ئائىلىسىگە كىرىدىغان تەرخەمەك، چاقما كاۋا، تەكىيە كاۋا، سەي كاۋىسى، قازان يۇغۇچ، ئاچچىق كاۋا؛ پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان جاڭدۇ، باقلە، يېشىل پۇرچاق، كاناۋال پۇرچىقى، شىدۇ؛ قامچىگۈل ئائىلىسىگە كىرىدىغان قامچىگۈل؛ ياۋا كەشمىر ئائىلىسىگە كىرىدىغان موگو؛ باشاقلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان زىزانىيە؛ ياتما نىلۇپەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان نىلۇپەر؛ قىياق ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىجىك، ئازادى دەرەخ ئائىلىسىگە كىرىدىغان تونا؛ قالپاقلىق زەمبۇرۇغلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان زەمبۇرۇغ؛ يۇگەي ئائىلىسىگە كىرىدىغان تاتلىقياڭيۇ قاتارلىقلار بار.

يۇقىرىقى كۆكتات تۈرلىرىدىن 40 ى تېچكىرىدىن كەلتۈرۈلگەن. ھازىر قاتكۆكلەردىن بىنەم جىنغەنشىلىڭ قاتكۆكى (چىلگە)، يەسمىن، نورۇز قاتكۆكى، يەرلىك قاتكۆك (جاغدا)؛ كەرەپشىلەردىن شىر غوللۇق، كاۋاك غوللۇق كەرەپشىلەر؛ سامساقلاردىن قىزىل پوستلىق، ئاق پوستلىق سامساقلار؛ مۇشلاردىن قاپاق مۇش، ئۇچلۇق مۇش، «چىمپىيون» مۇش قاتارلىقلار؛ پىدىگەنلەردىن بېيجىڭ چوڭ پىدىگىنى، يەرلىك ئۇزۇن پىدىگەن، يۇمىلاق پىدىگەن، سۆسۈن ئۇزۇن پىدىگەنلەر؛ پەمىدۇرلاردىن شىئەن قىزىل پەمىدۇرى، جۇنگوي، «يېڭى ئېگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى 23»، «يېڭى ئېگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى 24»، بۇلغارىيە پەمىدۇرى، بېيجىڭ پەمىدۇرى قاتارلىقلار؛ تەرخەمەكلەردىن «تيەنجىن - 2»، «تيەنجىن - 4»، «تيەنجىن - 6»، چاڭچۇن تىكەنلىك چۈچۈك تەرخىمىكى قاتارلىقلار؛ كۈدىلەردىن پىچان كۈدە، پالەكلەردىن يۇمىلاق يوپۇرماق پالەك، ئۇچلۇق يوپۇرماق پالەك، كاۋىلاردىن چاقما كاۋا، مانتا كاۋىسى، تۇرۇپلاردىن كۆك تۇرۇپ، بېيجىڭ قىزىل تۇرۇپى، نىلۇپەرلەردىن ئاق نىلۇپەر قاتارلىقلار تېرىلىدۇ.

قوغۇن - تاۋۇزلاردىن چارچىلگە تاۋۇز، «سوۋېت ئىتتىپاقى — 3»، ئۇششاق ئۇرۇقلۇق تاۋۇز، «خۇڭيۇ — 2»، يەرلىك چوڭ ئۇرۇقلۇق تاۋۇز، «3301» تاۋۇز قاتارلىقلار، قوغۇنلاردىن چىلگە، كۆكچى، قاراكۆسەي، بەيلەنگۇا، تاران كۆكچى، قاراشاپاق قوغۇن، شەكەرشۇن قاتارلىقلار تېرىلىدۇ.

## 2. قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم بازار — قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولغاچقا، ئەزەلدىن قەشقەرنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات بازىسى بولۇپ كەلگەن. يازلىق كۆكتاتلارنىڭ كۆپىنچىسى قەشقەر شەھىرىدە سېتىلىدۇ، بولۇپمۇ سەمەن، خاڭدى، پاختەكلە ۋە ئوغۇساق قاتارلىق يېزىلاردا قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتاتلار قەشقەر بازىرىنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا تەخشىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: داڭلىق سەمەن چىلگىسى، سامسىقى، پىسۇلىكى، تەرخەمىكى ۋە پۇرچىقى، خاڭدىنىڭ سەۋزىسى، پاختەكلەنىڭ تاۋۇزى پىشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىقى، بالدۇر بازارغا كىرىشى، تاتلىقلىقى بىلەن داڭلىق. ئەمما 60 - يىللارنىڭ بېشىدىكى «تەڭشەش مەزگىلى» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش بىر تەرەپلىمىلىك تەكىتلەنگەنلىكتىن قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات كۆلىمى كېمىيىپ كەتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن، يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات خېلى كۆپ تېرىلىدىغان بولدى، شەھەرگە يېقىن يېزا، كەنتلەردە سۇلياۋ پارنىك ۋە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش يېڭى تېخنىكىلىرى قوللىنىلغاندىن كېيىن قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتاتلار بازارغا بالدۇر چىقىدىغان بولدى. مۇش يېزىسىنىڭ مېگيول كەنتى دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10°C بولغاچقا، ياڭيۇ تېرىشقا ماس كېلىدۇ، 1984 - يىلى 280 مو ياڭيۇ تېرىلدى. سەمەن يېزىسى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ 1984 - يىلى كۆكتات كۆلىمىنى 4800 موغا كېڭەيتتى، بۇ يېزا تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 19% نى ئىگىلىدى، 4845 توننا كۆكتات ئالدى، بۇ ناھىيە بويىچە كۆكتات ھوسۇلىنىڭ

%3نى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات كۆلىمى 58 مىڭ 200 موغا يەتتى. 1990 ـ يىلى 55 مىڭ مو قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تېرىلىپ، 22 مىڭ 878 تونىنا كۆكتات، 10 مىڭ 935 تونىنا قوغۇن ـ تاۋۇز، 636 تونىنا ياڭيۇ ئېلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردا قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 5 — 4 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن مو

| يىللار | قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تېرىلغان كۆلەم | بۇنىڭ ئىچىدە | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەتىيازدا تېرىلغان كۆكتات | يازدا تېرىلغان كۆكتات | ياڭيۇ كۆلىمى | قوغۇن ـ تاۋۇز كۆلىمى |
| 1958 | 3.25 | 1 | 0.65 | 0.07 | 1.53 |
| 1959 | 8.25 | 3.66 | 2.86 | 0.31 | 1.42 |
| 1965 | 5.49 | 2.33 | 1.62 | 0.04 | 1.5 |
| 1970 | 6 | 2.9 | 1.8 | | 1.3 |
| 1975 | 3.94 | 1.73 | 1.27 | | 0.94 |
| 1980 | 3.52 | 1.53 | 0.95 | 0.02 | 1.02 |
| 1985 | 7.70 | 2.73 | 1.88 | 0.13 | 2.96 |
| 1990 | 5.50 | 2.58 | 1.78 | 0.03 | 1.11 |

## 4 § . گۈل ـ گىياھ

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بازار ـ يېزا خەلقى گۈلخۇمار بولۇپ، گۈل ئۆستۈرۈش ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار ئادەتتە ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ۋە ئۆي ئىچىدە گۈل تەكچىسى، گۈللۈك ۋە تەشتەكلەردە گۈل ئۆستۈرىدۇ. 1958 ـ يىلدىن كېيىن سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن گۈل ئۆستۈرۈش بۇرژۇئاچە خائىش دەپ قارالغاچقا، ناھىيە تەۋەسىدە گۈل تۈرلىرى بەك ئازىيىپ كەتتى. 1980 ـ يىلدىن بۇيان ناھىيىدە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» ۋە «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش» قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يېيىپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئەۋج ئالغاندىن كېيىن ھويلا ـ ئارامىلاردا گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈش يەنە ئادەتكە ئايلاندى. ناھىيىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىدا گۈللەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۈرلىرى ۋە سورتلىرى بار:

### 1. ياغاچ غوللۇق گۈللەر

ياغاچ غوللۇق گۈللەردىن پەرەڭگۈل، سېرىنگۈل، پالما، بالانگۈل، تاشگۈل، سېدىگۈل، ئانارگۈل، تالگۈل، شاتارى، پانۇسگۈل، ئەتلەسگۈل، ئىپارگۈل، سكاس، رايىز پالمىسى، قىزىل پەرەڭگۈل (ئۈجمىگۈل)، چۆل رەيھىنى، شاپتۇلگۈل، ئەتىرگۈل، كۆلسۈرۈخ (قىزىلگۈل)، چايگۈل، قارا ئارچىگۈل، ماندارىن، چوڭ يوپۇرماقلىق بۆكسۇس، ئەنجۈرگۈل، پىكوس، سېرىسگۈل، چىلانگۈل، ئاخشىمار، ئىللىكس،

يەسمەن (ئاقچايگۈل)، زىنچەگۈل قاتارلىقلار بار.

## 2. بىر، ئىككى يىللىق گۈللەر

بىر، ئىككى يىللىق گۈللەردىن لەيلىقازاق، نامازشامگۈل (ھەپىرەڭگۈل)، شورىگۈل، چىنىگۈل، ئالابۇغداش، تاجىگۈل، گۈلىيەسمەن، سېرىق لەيلىگۈل، تاۋارگۈل (لەيلىگۈل)، تۆگمىگۈل، ناسۋال قاپاق، رۇخسارگۈل، قوڭغۇراقگۈل، خېنىگۈل، ھەشقىپىچەك، كاناگۈل، رەيھانگۈل، شەلپەرگۈل، لازىگۈل، پاكار ھەشقىپىچەك، مارجانگۈل، ئەجدىھاگۈل، تىرناقگۈل، خەيرىگۈل، تۇزگۈل، ئىرانگۈل (پىل - پىل گۈل)، مىرزىگۈل، زىنىگۈل (ئامىدىگۈل)، قىزىل روشەنگۈل قاتارلىقلار بار.

## 3. كۆپ يىللىق گۈللەر

يىلتىزىدىن ئۆستۈرۈلىدىغان گۈللەردىن جۇخارگۈل، پىچانگۈل، خوستاگۈل، گوللاندىيە يۇلتۇزگۈلى، نازاكەت، قىزىل تاشگۈل، كۈندە باھار، قوغۇنگۈل، ئۈزۈمگۈل، ئالتۇنگۈل، ئاسمگۈل، شاھزادىگۈل، نەفەزگۈل، چىغىرتماقگۈل، تاغىسمان كاكتۇس، رودىيە قاتارلىقلار بار.

## 4. يەر ئاستى غوللۇق گۈللەر

يەر ئاستى غوللۇق گۈللەردىن ياڭيۇگۈل، گۈلسامساق، مۇۋەبىيەلىپىت، كانايگۈل، گۈلمەرەم (تۇن لەيلىسى)، قوناقگۈل، سۇسەرگۈل، توشقانگۈل، تۇياقگۈل، نەرگىسگۈل، نىلۇپەر قاتارلىقلار بار.

## 5. ئەتلىك ئۆسۈملۈكلەر

ئەتلىك ئۆسۈملۈكلەردىن رىپىرسىمان كاكتۇس، شارسىمان كاكتۇس، چايان يۇت كاكتۇس، ياپىلاق كاكتۇس (بېشىل تاسمىگۈل)، غورزۇردان، بۇدداقول (بەرغەمۇت)، ئېۋكالىپت دەرىخى (يۇشۇ)، ياپونىيە قوي كۆز ئوتى، سەبرە (ئالۇي)، ئاگاۋې، يولۋاس قۇيرۇق قاتارلىقلار بار.

# VI باب

# سۇچىلىق

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قىزىل دەرياسى بىلەن گەز دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، 4 دەريا ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ، سۇ بايلىقى خېلى مول، ناھىيىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، مۆل - يېغىن ناھايىتى ئاز، يېزا ئىگىلىكىدە ئەزەلدىن دەريا سۈيىگە تايىنىلىدۇ. ناھىيە سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتوڭ 3 - يىلى (1911- يىلى) ناھىيە (ھازىرقى ئۇلۇغچات ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش ناھىيىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بويىچە 47 غول ئۆستەڭ، 163 تارماق ئۆستەڭ بار ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) سۇ باشلاش ئېغىزىدىن 43ى بار ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سۇ باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش پۈتۈنلەي فېئودال پومېشچىكلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار سۇ ئىشلىتىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا

سەمەن يېزىسىغا قارايدىغان مۇش كەنتىدىكى پومېشچىك خەلچىخان خوجا 3 ئۆستەڭنى ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى. ئۇ ئېشىپ قالغان سۇنى چۆلگە قويۇۋېتەتتىكى، سۇ ھەققى تۆلىيەلمەيدىغان نامرات دېھقانلارغا ھەرگىز بەرمەيتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ كەڭ كۆلەمدە سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ۋاقىت بويىچە بۆلگەندە سۇچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى چوڭ جەھەتتىن 4 باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1950 — 1955 ـ يىلغىچە ۋاقىتقا قاراپ قەرەللىك سۇ تەقسىملەش باسقۇچى بولدى. بۇ باسقۇچتا خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، «يۇقىرى ئېقىمدىكىلەر تۆۋەن ئېقىمدىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش، سۈيى كۆپلەر سۈيى ئازلارغا ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپى بويىچە سۇ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىشقا باشلىدى. قىزىل دەرياسى بىلەن گەز دەرياسىدىن ھەر يىلى 4 ـ، 5 ـ، 9 ـ ئايلاردا (گەز دەرياسىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا) تۆۋەن ئېقىمغا 3 قېتىمدا 12 كۈندىن يىلدا 36 كۈن سۇ بېرىلدى، قالغان ۋاقىتتا قالغان سۇنى ئاساسىي جەھەتتىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تۇتتى. بۇ باسقۇچتا دېھقانچىلىق تۈز سىزىق بويىچە يۈكسىلىپ، ئاشلىق ھوسۇلى يىلىغا %14تىن ئېشىپ تۇردى.

1956 — 1966 ـ يىلغىچە يەرگە قاراپ سۇ تەقسىملەش باسقۇچى بولدى. بۇ مەزگىلدە سول ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن سۇ قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. 2000 دىن ئارتۇق قۇدۇق قېزىلغان بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۈنۈمى بولمىدى؛ كىچىك سۇ ئامبىرىدىن 30 ى ياسالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 2 سىلا كارغا ياردى. سۇ باشقۇرۇشتا ۋاقىتقا قاراپ تەقسىملەش يەرگە قاراپ تەقسىملەشكە ئۆزگەرتىلدى. 1956 ـ يىلدىن باشلاپ قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى تۆۋەن ئېقىمدىكى ناھىيىلەرگە 36 كۈن بېرىش ھەر يىلى %33.49نى بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە سۇنىڭ %66.51نى تۇتتى، 1959 ـ يىلى %50كە، 1958 ـ يىلى %39.3كە ئۆزگەرتىلدى. گەز دەرياسىنىڭ سۈيىنى ۋاقىت بويىچە تەقسىملەش ھەر يىلى تۆۋەن ئېقىمدىكى ناھىيىلەرگە %14.7نى بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى؛ ئەسلىدە ناھىيىگە چاقماق دەرياسى سۈيىنىڭ %75ى تەقسىم قىلىناتتى، كېيىن %25كە چۈشۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالغان بولسىمۇ كۆپەيگەن سۇ قىزىل، گەز ۋە چاقماق دەريالىرىدىن بۆلۈۋېلىنغان سۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلىيالمىدى. شۇڭلاشقا مۇشۇ يىللاردا ناھىيىنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى يىلىغا ئاران %0.92 تىن ئېشىپ باردى.

1966 — 1976 ـ يىلغىچە سۇ تەقسىملەش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش باسقۇچى بولدى. بۇ مەزگىلدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سۇ باشقۇرۇش ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ناھىيىنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى يىلىغا %1تىن كېمىيىپ كەتتى.

1977 — 1990 ـ يىلغىچە پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش باسقۇچى بولدى. ناھىيە بويىچە پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش، كۇب مېتىر بويىچە ھەق ئېلىش ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ھەمدە بىر تۈركۈم تۈپتىن تىزگىنلەش خاراكتېرلىك سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالدى. بۇ مەزگىلدە ناھىيىنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى يىلىغا %5.5تىن ئېشىپ باردى.

## 1 §. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن

ئىلگىرى بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە مىراب بەگلەر بار ئىدى، ئۇلار سۇغىرىش ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇراتتى. ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن سۇ باشقۇرۇش مۇئۇقنى ناھىيە ياملى ئۈتكۈزۈۋالدى، ھەر دەرىجىلىك سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

## 1. سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى (بۆلۈمى، كومىتېتى)

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە سۇچىلىقنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە سۇچىلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. رايون، بازار باشلىقلىرى، بوجاڭلار ئىچىدىن سۇچىلىق ساۋاتىغا ئىگىلەر كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇلار ناھىيىنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا ھاكىمىيەت پاچاقلىنىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك سۇچىلىق كومىتېتى قۇرۇلدى، رايون، يېزىلاردا دېموكراتىك سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. 1956 - يىلدىن ئىلگىرى سۇچىلىقنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىدىكى مەخسۇس كادىر باشقۇردى. 1956 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سۇچىلىق ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمىدىن ئايرىلىپ، سۇچىلىق بۆلۈمى بولدى. 1958 - يىلى سۇچىلىق بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىدا سۇچىلىق بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى. 1961 - يىلى سۇچىلىق بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1965 - يىلى سۇچىلىق بۆلۈمىدە 178 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 15. 1971 - يىلى سۇچىلىق بۆلۈمى سۇچىلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 180 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 3، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 25؛ 1985 - يىلى سۇچىلىق ئىدارىسىدا 207 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 4، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 43؛ 1990 - يىلى 63 ئادەم ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي شتاتتىكىسى 14، كەسپىي شتاتتىكىسى 49، ئىنژېنېر 4، ياردەمچى ئىنژېنېر 6، تېخنىك 6.

## 2. سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى قارمىقىدىكى ئاپپاراتلار

1) سۇ باشقۇرۇش پونكىتى 1957 - يىلى ئېھتىياجغا ئاساسەن توقquzاق، تاشمىلىق، ئاۋات ئۆستەڭلىرىدە 3 سۇ باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ھەربىرىدە 6 دىن 20 گىچە ئادەم ئىشلىدى. 1959 - يىلى بۇ 3 پونكىت قىزىل دەرياسى ۋە گەز دەرياسى سۇ باشقۇرۇش باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1962 - يىلى يەنە ناھىيىلىك سۇچىلىق بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985 - يىلى تۈمەن دەريا باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا سۇ باشقۇرۇش پونكىتى 4كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 44كە يەتتى. ئۇلار ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاش، سۇ تەقسىملەش ۋە سۇغىرىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە سۇ باشقۇرۇش پونكىتى 5كە يەتتى، ئۇلار ئاۋات ئۆستىڭى سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، توقۇزاق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، تېرىم سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، تامغا سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ۋە يالاڭ سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ پونكىتلاردا 286 ئادەم ئىشلىدى.

2) قۇرۇلۇش ئەترىتى بۇ ئەترەتتە 40 ئادەم بار، بۇنىڭ ئىچىدە ھەم قۇرۇلۇش قىلىدىغان ھەم دېھقانچىلىق قىلىدىغانلار 34. ئۇلار ئوغۇساق، ساياباغ يېزىلىرى ۋە توقۇزاق بازىرىدا 17 قۇدۇق قازدى، قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى تۆۋەن، خىراجىتى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، 1980 - يىلى تارقىلىپ كەتتى. 1978 - يىلى پىلانلاش ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەتتە 30 ئادەم بار بولۇپ، ھەممىسى ھەم قۇرۇلۇش

قىلىنغان، ھەم دېھقانچىلىق قىلىنىدىغانلار ئىدى. بۇ ئەتىرەپ ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ ۋە بۇلاقسۇ يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم يەرلەرنىڭ تۇزۇلۇشىنى ئۆلچەپ چىقتى. خىراجىتى يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن 1980 - يىلى تارقىلىپ كەتتى. سۇ ئىنشائاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شۇ يىلى قۇدۇق قېزىش ئەترىتى بىلەن پىلانلاش ئەترىتىنىڭ قالدۇق خادىملىرى تەربىيىلەنگەندىن كېيىن 1981 - يىلى قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى.

3) **ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى** بۇ ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1976 - يىل 4 - ئايدا باشلىنىپ، 1977 - يىل 7 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئىستانسا گېنېراتورلىرىنىڭ ئەسلى لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى 2400 كىلوۋات بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان، بازار ئاھالىلىرىنى ۋە دۆلەت، كوللېكتىپ، سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت بولدى، بۇ ئىستانسىنىڭ 121 شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، ئۇ ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىغا قارايدۇ. قىشتا دەريا سۈيى ئازىيىپ كېتىدىغان بولغاچقا، 1982 - يىلى 800 كىلوۋاتلىق گېنېراتور 320 كىلوۋاتلىق گېنېراتورغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى سۇ تارتىلىش مەزگىلىدە ئېنېرگىيە يېتىشمەسلىك زىددىيىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 200 كىلوۋاتلىق دىزېل گېنېراتور گورۇپپىسىدىن 2 سى كۆپەيتىلدى، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىستانسىدا 57 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1977 — 1985 - يىلغىچە بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 175 مىليون 430 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقاردى، 295 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، ئىستانسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 3 مىليون 557 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990 - يىلى ئېلېكتر ئىستانسىسىدا 72 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەپ، 3 مىليون 750 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 244 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 4 مىليون 126 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 129 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

4) **بېلىقچىلىق مەيدانى** بۇ مەيدان سايباغ يېزىسىنىڭ كۆكچى كەنتىدە بولۇپ، 1973 - يىلى قۇرۇلغاندا 10 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. بېلىقچىلىق مەيدانىغا 1973 — 1984 - يىلغىچە 446 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 95 مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلىندى، 51 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، 500 مىڭ بېلىق بالىسى سېلىنىپ، شۇ يىلى 13.2 توننا بېلىق تۇتۇلۇپ 4000 يۈەن پايدا ئېلىندى.

5) **سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش پونكىتى** بۇ پونكىت 1983 - يىلى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 4 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئاساسەن يالاڭ سۇ ئامبىرىنى باشقۇرىدۇ. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 2 گە قىسقاردى.

6) **يېزا (گوڭشې) سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى** ناھىيە بويىچە 17 يېزا (بازار) دا 1985 - يىلغىچە 17 سۇ باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ 24 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇ سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى ۋە يېزا (بازار) لىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە يېزا (بازار) لارنىڭ سۇچىلىق ۋە سۇ - ئېلېكتر ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

## 2 § . سۇ قۇرۇلۇشى

### 1 . سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى

چىلەڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ناھىيە بويىچە 47 غول ئۆستەڭ، 163 تارماق ئۆستەڭ بار

ئىدى. مىنگو دەۋرىدە بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ ئەسلى ھالىتى ئاساسەن ساقلىنىپ قالدى. ئۆستەڭلەر مۇكەممەل بولمىغانلىقى قورۇلۇشلار يورۇشلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى. مەسىلەن: ئاۋات رايونىنىڭ 14 -، 15 - يېزىلىرى (ھازىرقى ئاقئاش يېزىسى) دا ئېغىر دەرىجىدە سۇ قىس بولاتتى، ئەمما يۇقىرى ئېقىمدىكى 3 -، 4 - يېزىلاردا بولسا سۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە سۇ قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. 1953 - يىلى 52.93 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 3019 ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى ۋە رېمونت قىلىندى، 243 ئېرىق - ئۆستەڭ بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، 12 مىڭ 784 تاقاق ياسالدى. ناھىيىلىك سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇقادىر ھوشۇر ئاۋات رايونىدىكى 14 -، 15 - يېزىلارغا بېرىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 25 ئېرىق - ئۆستەڭنى 13كە بىرلەشتۈردى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ بېشىغا توما ياساتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «يۇقىرى ئېقىم تۆۋەن ئېقىمغا ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپى بويىچە 3 -، 4 - يېزىلارنىڭ ئېشىپ قالغان سۈيىنى 14 -، 15 - يېزىلارغا تەقسىم بېرىپ، بۇ يېزىلارنىڭ سۇ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى، 1960 - يىللاردا ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇش» مەزمۇن قىلىنغان ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى كەڭ ئېلىپ بېرىلدى. 1965 - يىلى 256 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش ۋە سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستىڭىدىن 852 سى چېپىلدى، ھەرخىل سۇ ئىنشائاتىدىن 567 سى ياسالدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سۇ قۇرۇلۇشلىرى كاشىلا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالمىدى. 1974 - يىلى 416 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش ۋە سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستىڭىدىن 804ى چېپىلدى ۋە رېمونت قىلىندى. 1978 - يىلدىن كېيىن ناھىيىدە سۇ قۇرۇلۇشى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 67 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 2 باش غول ئۆستەڭ، 156 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 8 غول ئۆستەڭ، 451 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 173 تارماق ئۆستەڭ، 1399 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 8 ئوق ئېرىق، 3569 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 4311 تۇراقلىق سۇغىرىش ئېرىقى، 5642 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 4502 تۆت دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ؛ 943 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەر دەرىجىلىك زەيكەش چېپىلدى، 653 مۇستەھكەم ئىنشائات ياسالدى. 1986 - يىلى چوڭ - كىچىك سۇ ئىنشائاتىدىن 1004 ى ياسالدى، 65 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ ئىنشائاتىدىن 6 سى رېمونت قىلىنىپ، سۇغىرىش كۆلىمى 1 مىليون 491 مىڭ مو كېڭەيتىلدى، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 1985 - يىلدىكى 0.446دىن 1986 - يىلى 0.449غا ئۆستى؛ ئۇزۇنلۇقى 21.2 كىلومېتىر كېلىدىغان 5 ئۆستەڭ سۇلياۋ يوپۇق يېپىتىلغان تاش ئۆستەڭ قىلىپ ياسالدى. 110.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 74 تارماق ئۆستەڭ چېپىلدى؛ 236 سېمونت چۈشۈرگە ياسالدى؛ 100 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا سېكۇنتىغا Q =0.35 كۇب مېتىر سۇ چىقىدىغان 14 قۇدۇق قېزىلدى؛ 47.4 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 15.1 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قالماق سۇ باشلاش ئۆستىڭى پۈتۈپ سۇ تەقسىماتتا مۇھىم رول ئوينىدى، بۇنىڭ بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر 1مىليون 490 مىڭ 600 موغا يەتتى؛ ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىناق نۇقتىسى قىلىنغان قوغان يېزا توقاي كەنتىدە 2700 ئادەم، 3850 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1987 - يىلى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 480.36 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاۋات، مەنگەن، يېڭىئېرىق، ياغاچچى ئۆستەڭلىرى چېپىلدى ۋە 27 ئۆستەڭ تاش ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 23 قۇدۇق قېزىلدى، 15 قۇدۇق يورۇشلەشتۈرۈلدى، 27 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 67 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى؛ ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن 8 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 3077 ئادەم، 5400 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى، سۇغىرىلىدىغان يەر كېڭىيىپ 1 مىليون 526 مىڭ 100 موغا يەتتى، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 1986 - يىلدىكى 0.449

دىن 1987 ـ يىلى 451.0گە ئۆستى. 1988 ـ يىلى 13.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 8 تاش ئۆستەڭ ياسالدى؛ 45.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 47 ئېرىق چېپىلدى؛ 439.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 354 ئېرىق رېمونت قىلىندى؛ 15 قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ سۇيى ياخشىلانغان قۇدۇق 8؛ 20.53 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 66.5 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. 117 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 26 مىڭ 500 ئادەم ۋە 54 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇيى ھەل قىلىندى. مۇسۇما ئۆستەڭ بېشى ۋە قاراكۆلۈك ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشلىرى پۈتتۈرۈلۈپ، سۇغىرىلىدىغان يەر 1987 ـ يىلدىكى 1 مىليون 526 مىڭ مودىن 1988 ـ يىلى 1 مىليون 932 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 1987 ـ يىلدىكى 451.0 دىن 1988 ـ يىلى 455.0 كە ئۆستى. 1989 ـ يىلى 46.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 18 تاش ئۆستەڭ ياسالدى، 107.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 112 ئېرىق چېپىلدى، 6 قۇدۇق قېزىلدى، 3 قۇدۇق يۇرۇشلەشتۈرۈلدى، 127.63 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 25 مىڭ 306 ئادەم ۋە 45 مىڭ 155 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. 1990 ـ يىلى 44.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 12 تاش ئۆستەڭ ياسالدى، 44.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 21 ئۆستەڭ چېپىلدى، 76.2 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 32 مىڭ 236 ئادەم ۋە 57 مىڭ 100 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدىن 16 سى قۇرۇلۇپ، 6 يېزا، 254 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى، ناھىيە بويىچە 60 نەچچە مىڭ ئادەم پاكىز تۇرۇبا سۇيى ئىچىدىغان بولدى.


1) ئاۋات ئۆستىڭى بۇ ئۆستەڭ قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، چېپىلغان ۋاقتى ئۇزۇن. رىۋايەتكە قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چېپىلغان بولۇپ، 700 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئۆستەڭدە سۇ باشلاش توسمىسى ۋە توما يوق ئىدى. 1954 ـ يىلى قاپقىدا ئاددىي ياغاچ توما ياسالدى ھەم دۆلەتباغ ئۆستىڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. ئۇزۇق يىل ئۆزگەرتىش ۋە رېمونت قىلىش ئارقىلىق ئاۋات باش غول ئۆستىڭى شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ ئۆستەڭنىڭ قاپقىدىن شامپاشاغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 43 كىلومېتىر بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. ئۆستەڭدە 13 تارماق ئۆستەڭ، 13 سۇ بۆلگۈچ توما بار. ئاۋات ئۆستىڭىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. قىزىل دەرياسىنىڭ %22.53 سۇيى مۇشۇ ئۆستەڭگە باشلىنىدۇ. مۇش (بىر قىسىم كەنتلىرى)، لەڭگەر (بىر قىسىم كەنتلىرى)، سەمەن، خاڭدى، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات يېزىلىرىدىكى 405 مىڭ 222 مو يەر مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 203 مىڭ 495 مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %29.7نى ئىگىلەيدۇ. كەلگۈن پەسلىدە تۆمەن دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش يېزىلىرىغا ۋە قوغان يېزىسىدىكى بىر قىسىم كەنتلەرگىمۇ مۇشۇ ئۆستەڭدىن سۇ تەڭشەپ بېرىلىدۇ.

2) شەھەر غول ئۆستىڭى بۇ ئۆستەڭ قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇنى ئاۋات ئۆستىڭىنى باشقۇرۇش پونكىتى باشقۇرىدۇ، بىر سۇ بۆلگۈچ تومىسى بار، ئۇ سەمەن يېزىسىنى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ شامالباغ يېزىسىنى سۇغىرىدۇ ھەمدە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 70 مىڭ مو (قەشقەر شەھىرىنىڭ يەرلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئېقىم مىقدارى 5 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئۆستەڭ بېشى بېتون قۇرۇلمىلىق. 1964 ـ يىلى ئۆستەڭگە تاش ياتقۇزۇلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ %3.26 سۇيى بۇ ئۆستەڭگە باشلىنىدۇ. 37 مىڭ 830 مو يەر سۇغىرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 32 مىڭ 615 مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %4.8نى ئىگىلەيدۇ.

3) مۇسۇما غول ئۆستىڭى بۇ ئۆستەڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، قىزىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇنى توقتۇزاق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى باشقۇرىدۇ. مىڭگو دەۋرىدە سۇ باشلاش تومىسى يوق ئىدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1954 - يىلى ئۆستەڭ بېشىغا ياغاچتىن سۇ باشلاش تومىسى ياسالدى. 1965 - يىلى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلىنىپ، مۇسۇما ئۆستىڭى بىلەن ئوغۇساق ئۆستىڭى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇسۇما غول ئۆستىڭى قىلىندى، بۇ ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 18.8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 8 كۇب مېتىر/سېكۇنت. 1966 - يىلى تاش ياتقۇزۇلدى. بۇ ئۆستەڭكە قىزىل دەرياسىنىڭ 4.6% سۇيى باشلىنىدۇ، زەمىن، ئوغۇساق يېزىلىرىدىكى 16 كەنتنىڭ ۋە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ 166 مىڭ 414 مو يېرى سۇغىرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 56 مىڭ 181 مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 8.2%نى ئىگىلەيدۇ.

4) قالماق غول ئۆستىڭى بۇ ئۆستەڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، قىزىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر، بۇ ئۆستەڭدە 5 تارماق ئۆستەڭ، 5 سۇ بۆلگۈچ توما بار. ئۇنى توقتۇزاق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى باشقۇرىدۇ. 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قالماق ئۆستىڭى بىلەن مەنگەن ئۆستىڭىگە ئايرىم - ئايرىم سۇ باشلىناتتى. 1954 - يىلى بۇ 2 ئۆستەڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆستەڭ بېشىغا ئاددىي ياغاچ توما ياسالدى، مەنگەن ئۆستىڭىگە قالماق ئۆستىڭىنىڭ يۇقىرىسىدىكى گۈمبەز دېگەن جايدىن سۇ باشلىنىدۇ. 1965 - يىلى قالماق ئۆستىڭىنىڭ تۆڭگۈس تۆگمەن دېگەن جايىغا بېتون توما ياسىلىپ، «بەش يۈلتۇز تومىسى» دەپ ئاتالدى. 1985 - يىلى ئۆستەڭ بېشىدىكى ئاددىي توما يېرىم توسما شەكلىدە بېتون قۇرۇلمىلىق سۇ باشلاش-تۇگىنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۆستەڭ بېشىدىن 1 - نومۇرلۇق تومىغىچە قىسمى سۇ سىڭمەس تاش ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئۆستەڭنىڭ لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 30 كۇب مېتىر/سېكۇنت، كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 50 كۇب مېتىر/سېكۇنت، بۇ ئۆستەڭگە قىزىل دەرياسىنىڭ 6.97% سۇيى باشلىنىپ، زەمىن يېزىسىنىڭ چىغمان، كۆلچەكئېرىق، ئاياغقىزىللىق، ئاس، يۇقىرىقى قىزىللىق، قوچچا كەنتلىرى، سايباغ يېزىسىنىڭ پىلال، شوغوز، كاپا، تۆگساق، كۆلچى، قازاقلا، چارەكلە، كۆكچى، ئاقتىچى، ئىشلەمچى، تۆۋەنكى مەنگەن، چويۇنچى كەنتلىرى ھەم ناھىيىلىك ئۈرۈكچىلىك، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 223 مىڭ 143 مو يېرى سۇغىرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 75 مىڭ 332 مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 11%نى ئىگىلەيدۇ.

5) يېڭىئۆستەڭ بۇ ئۆستەڭ تۈمەن دەرياسى، قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 56 كىلومېتىر، ئەمەلىي ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 3 كۇب مېتىردىن 5 كۇب مېتىرغىچە، ئۇنىڭدا 6 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ، تۈمەن دەرياسىنى باشقۇرۇش پونكىتى باشقۇرىدۇ. سۇ مەنبەيى تاغ ئالدى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سىرغىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىن — تۈمەن دەرياسى بولۇپ، يىللىق مۇقىم ئېقىم مىقدارى 3 مىليون كۇب مېتىردىن 5 مىليون كۇب مېتىرغىچە. ئۇنىڭ سۈيى 1958 - يىلدىن بۇرۇن مۇستەقىل تۇتۇلاتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ سۈيى قىزىل دەرياسىغا قېتىلىپ، بىر تۇتاش تەقسىملىنىدىغان بولدى، ئۇنىڭغا مۇنىڭ 8.5%ى تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇلاق سۈيى كۆپەيگەندە قىزىل دەرياسىغا سۇ بېرىلىدۇ؛ قىزىل دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە، بۇلاق سۈيى يېتىشمىگەندە قىزىل دەرياسىدىن تۈمەن دەرياسىغا سۇ بېرىلىدۇ. 1980 - يىلى ۋىلايەتلىك ۋادا يىغىنى تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى يەنىلا مۇستەقىل تۇتۇشنى، كەلكۈن پەسلىدە ناھىيە ئىچىدە تەڭشەشنى، ھەر يىلى ئاۋات ئۆستىڭىدىن 3 مىليون كۇب مېتىردىن 5 مىليون كۇب مېتىرغىچە تەڭشەشنى قارار قىلدى. بۇ ئۆستەڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىنى، يانبۇلاق دېھقانچىلىق مەيدانىنى ۋە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ ئاققاش يېزىلىرىنى ھەم قوغان، ئاۋات يېزىلىرىنىڭ قىسمەن



سۈيى قاچىلىنىدىغان بۇ سۇ ئامبىرى 30 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ. بۇ سۇ ئامبىرىغا بۇلاق سۈيى تولۇقلىنىپ تۇرىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى قاچىلىنىدىغان بولغاچقا، ھەر يىلى قىشتىلا سۇ قاچىلىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئامبار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن لايىھەلەپ ئالدىراش ـ تېنەش ياسالغانلىقتىن قۇرۇلۇش سۈپىتى خېلىلا ناچار بولۇپ ئىلگىرى ـ كېيىن 3 قېتىم يار ئېلىپ كەتتى. يار ۋاقتىدا ئېتىۋېلىنغانلىقتىن، ئېغىر زىيان كۆرۈلمىدى. 1985 ـ يىلى ئاقتاش يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سۈيىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن بېتون قۇرۇلمىلىق چۈشۈرگە ياسىلىپ، سۇ ئامبىرىدىن نورمال پايدىلىنىش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

4) يىكەنلىك سۇ ئامبىرى بۇ سۇ ئامبىرى ۋاپ سۇ ئامبىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ بەشكېرەم يېزىسىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ قىنىغا جايلاشقان. دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى ئادەتتە قۇرۇپ قالىدىغان بولغاچقا، دەريا قېنى توسۇلۇپ سۇ ئامبىرى قىلىنغان. دامبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 900 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر بولۇپ، 4 مىليون كۇب مېتىر سۇ ساقلاپ، 1200 مو يەرنى سۇغىرىدۇ. بۇ ئامبار 1975 ـ يىلى پۈتكەن بولۇپ، ئاساسەن قىزىل، چاقماق دەريالىرىنىڭ كەلكۈن سۈيى قاچىلىۋېلىنىدۇ. چۈشۈرگۈسى بېتون قۇرۇلمىلىق. بۇ سۇ ئامبىرى دەيا قىنىنى توسۇپ ياسالغان بولغاچقا، قىياتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ھالەتتە تۇرىدۇ. 1984 ـ يىلى 3 كۇب مېتىر/سېكۇنتلۇق قىيان چۈشۈرگىسى ياسالدى. بۇ ئامبار ئاساسەن بەشكېرەم يېزىسىنىڭ 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ كەنتلىرىنىڭ 1200 مودىن ئارتۇق يېرىنى سۇغىرىدۇ.

**1986 — 1990 ـ يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق سۇ ئامبارلىرىدا سۇ ساقلىنىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 6 — 1 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن كۇب مېتىر

| سۇ ئامبىرىنىڭ نامى / يىللار | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|
| يالاڭ سۇ ئامبىرى | 500 | 500 | 450 | 400 | 400 |
| لەڭگەر سۇ ئامبىرى | 400 | 400 | 400 | 500 | 500 |
| قىزىلبايراق سۇ ئامبىرى | 700 | 700 | 700 | 700 | 900 |
| يىكەنلىك سۇ ئامبىرى | 200 | 200 | 200 | 200 | 200 |

## 3. قۇدۇق قېزىش

50 ـ يىللاردا ناھىيىدىكى يېزىلار ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ قۇدۇق قېزىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدى. قېزىش ئۇسۇلى نامۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى قۇدۇقلار كارغا كەلمىدى. 60 ـ يىللاردا «0029» گىدروگېئولوگىيە ئەترىتى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، ئارتېزىيان قۇدۇقى بۇرغىلىدى، قۇدۇق تورۇبىسىنىڭ دىئامېتىرى كىچىك بولۇپ قالغاچقا، دېگەندەك پايدىلانغىلى بولمىدى. 70 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايون قۇدۇق قېزىش توغرىسىدا چاقىرىش چىقارغاندىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قۇدۇق قېزىش ئەترىتى، ئوغۇساق، ئوپال، بۇلاقسۇ قاتارلىق گۈڭشېلاردا كەينى ـ كەينىدىن قۇدۇق قېزىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك قۇدۇق قېزىش باشلاندى. ناھىيە بويىچە 150 نەچچە قۇدۇق قېزىلدى، قېزىش تېخنىكىسى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، سۈپىتى ناچار بولۇپ

قىلىپ، كۆپ قىسمى كارغا كەلمىدى. 80 - يىللاردىن باشلاپ ئۆتكەنكى تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسى ياخشىلىنىپ، قۇدۇقلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپ يىل قۇدۇق قېزىش ئارقىلىق ئوپال، بۇلاقسۇ، ساياغ، ئوغۇساق، پاختەكلە، قوغان، يېڭىئۆستەڭ يېزىلىرىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەندى.

## 4. دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ناھىيە خەلقىنى زور كۈچ بىلەن* سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق شارائىتىنى ياخشىلاشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىنى پائال قوللاپ، نۇرغۇن مەبلەغ سالدى، دۆلەتنىڭ 1971 - يىلغىچە سالغان مەبلىغى 9 مىليون 935 مىڭ 284.88 يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيە مالىيىسىدىن 337 مىڭ 988.61 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1971 - يىلدىن كېيىن دۆلەت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان مەبلەغنى يىلدىن - يىلغا كۆپەيتتى. دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغى 1979 - يىلى تۇنجى قېتىم 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1990 - يىلى 3 مىليون 374 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇلار ناھىيىنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

**1971 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سۇ قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ**

ئىقتىساد: 6 — 2 - جەدۋەل     بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | دۆلەت سالغان مەبلەغ | يىللار | دۆلەت سالغان مەبلەغ |
|---|---|---|---|
| 1971 | 54500 | 1981 | 933600 |
| 1972 | | 1982 | 1048000 |
| 1973 | 253458.93 | 1983 | 1288701.25 |
| 1974 | 355000 | 1984 | 958783.32 |
| 1975 | 621070 | 1985 | |
| 1976 | 39500 | 1986 | 2660166 |
| 1977 | 655000 | 1987 | 1831000 |
| 1978 | 825000 | 1988 | 4810191.40 |
| 1979 | 1498171.38 | 1989 | 2189986.40 |
| 1980 | 1544000 | 1990 | 3374693 |

## §3. سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

مىڭگو دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى قىلىنمىغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ناھىيە تەۋەسىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ يانتۇلۇق پەرقى 250 مېتىر بولۇپ، سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسىنىڭ 74 مىڭ 550 كىلوۋاتقا، گەز دەرياسىنىڭ يانتۇلۇق پەرقى 237 مېتىر بولۇپ، سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسىنىڭ 38 مىڭ 40 كىلوۋاتقا، 2 دەريانىڭ سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسىنىڭ 112 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يېتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا سانائەت، يېزا

ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى باشلاندى.

## 1. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى

1958 ـ يىل 2 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئالتىيوز دېگەن يېرىگە مەبلەغ سېلىپ قەشقەر 3 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇردى. 1959 ـ يىل 7 ـ ئايدا بۇ ئىستانسا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئىستانسا گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 6000 (3000 × 2) كىلوۋات، يىللىق توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 30 مىليون كىلوۋات سائەت. 60 ـ يىللاردا ۋە 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنى قەشقەر 3 ـ دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بىلەن تەمىنلىدى. 1977 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇش گۆڭشېسىدىكى قىزىل دەرياسى ئېغىزىغا قەشقەر 1 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ ئىستانسا 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتۈپ، 1981 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 19 مىڭ 500 (6500 × 3) كىلوۋات، يىللىق توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 80 مىليون كىلوۋات سائەت.

## 2. ناھىيە، گۆڭشې سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى

60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ۋە گەز دەرياسى ۋادىسىدىكى تاشمىلىق گۆڭشېسى، قىزىل دەريا ۋادىسىدىكى مۇش گۆڭشېسى، بۇلاق سۈيى چىقىدىغان ئوپال، بۇلاقسۇ گۆڭشېلىرى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىستانسىلار دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. 1985 ـ يىلى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى 18گە، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 4146 كىلوۋاتقا يەتتى، ئۇلارنىڭ 10ى نورمال ئىشلەپ تۇردى، ئۇلار ناھىيە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، گۆڭشې (يېزا) لار قۇرغان 7 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئەترەت (كەنت) لەر قۇرغان 2 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 37 مىڭ 105 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. 20 كىلومېتىر 35 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 458.1 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 880 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، بۇ ئىستانسىلارنىڭ يىللىق توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 4 مىليون كىلوۋات سائەت. ناھىيە بويىچە 14 يېزا، 120 مەمۇرىي كەنت، 862 تەبىئىي كەنت، 26 مىڭ 140 ئائىلىلىك دېھقان ۋە ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالە، ئىدارە، زاۋۇتلار توك ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى 1985 ـ يىلدىن بۇرۇن قۇرۇلغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى**

ئىقتىساد: 6 — 3 ـ جەدۋەل

| ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | سۇ پەللىسى (مېتىر) | سۇ مىقدارى (كۇب مېتىر/ سېكۇنت) | گېنېراتور سىغىمچانلىقى (كىلوۋات) | توك چىقىرىش مىقدارى (تۈمەن كىلوۋات سائەت) | ئىشلەش ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇش گۆڭشې ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1966 ـ يىل | 12 | 1 | 50 | | لاتقا تىندۇرۇش كۆلچىكى باسالمايلا ئىشقا كىرىشتۈرۈپ قويۇلغاچقا، لاتقا تىنىپ قېلىپ كاردىن چىقتى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تاشمىلىق گۇڭشې ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1971 - يىل 7 - ئاي | 27.5 | 0.718 | 125 | 23 | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| توپال گۇڭشې 5 - چوڭ ئەترەت ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1971 - يىل 10 - ئاي | 10 | 0.605 | 36 | | 1975 - يىلى كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى |
| توپال گۇڭشې 6 - چوڭ ئەترەت ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1973 - يىل 10 - ئاي | 6 | 0.5 | 24 | | 1981 - يىلى كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى |
| توپال گۇڭشې 13 - چوڭ ئەترەت ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1973 - يىل | 5 | 0.4 | 12 | | 1978 - يىلى كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى |
| توپال گۇڭشې ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1974 - يىل | 19 | 1 | 12 | 10 | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| توپال گۇڭشې 11 - چوڭ ئەترەت ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1975 - يىل | 6 | 0.4 | 18 | | 1983 - يىلى كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى |
| توپال گۇڭشې چارۋىچىلىق فېرمىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1975 - يىل | 6 | 0.4 | 18 | | 1978 - يىلى كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى |
| بۇلاقسۇ گۇڭشىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1975 - يىل 12 - ئاي | 6 | 1.5 | 55 | 5 | 1980 - يىلى كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى |
| بېشئۆستەڭ گۇڭشې ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1976 - يىل | 5 | 1 | 55 | 8 | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى توقۇزاق ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1977 - يىل 1 - ئاي | 14.5 | 23 | 2400 | 208 | 1981 - يىلى گېنېراتورى 1920 كىلوۋاتلىق قىلىپ ئۆزگەرتىلدى نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| توپال گۇڭشې يېڭى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1977 - يىل 11 - ئاي | 23.5 | 1.59 | 250 | 51.5 | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| سايباغ گۇڭشې ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1979 - يىل 7 - ئاي | 7.5 | 5.5 | 275 | 30 | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| توپال 1 - چوڭ ئەترەت ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1978 - يىل 2 - ئاي | 21 | 0.49 | 168 | 11.2 | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| لەڭگەر گۇڭشې ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1979 - يىل 5 - ئاي | 10 | 1.5 | 125 | | يىلدا 3 ئايلا سۇ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلىشى قىيىنلىشىپ كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى |
| بۇلاقسۇ گۇڭشې يېڭى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1977 - يىل 7 - ئاي | 7.5 | 5 | 250 | 30 | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| زەمىن گۇڭشې ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1980 - يىل 5 - ئاي | 10 | 1.5 | 125 | | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| تاشمىلىق 7 - چوڭ ئەترەت ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1985 - يىل | | | 50 | | نورمال ئىشلەۋاتىدۇ |
| جەمئىي | | | | 4048 | | |

# § 4 . سۇغىرىش رايونلىرى ۋە سۇغىرىشنى باشقۇرۇش

## 1. سۇغىرىش رايونلىرى

1) قىزىل دەرياسى سۇغىرىش رايونى قىزىل دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 63.9 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئوتتۇرىچە يىللىق سىرغىم مىقدارى 2 مىليارد 15 مىليون كۇب مېتىر، ئۇنىڭدىن باشقا بۇلاق سۈيىنىڭ مىقدارى 60 مىليون كۇب مېتىر. دەريانىڭ 105 كىلومېتىر قىسمى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتۈپ مۇش، لەڭگەر، خاڭدى، سەمەن، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، زەمىن، ئوغۇساق، سايباغ، پاختەكلە يېزىسىنىڭ سۇغۇلۇق كەنتى قاتارلىق 11 يېزا ـ كەنتنىڭ ۋە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، چوڭ چارۋا فېرمىسى، ئۈرۈقچىلىق مەيدانى، بېلىقچىلىق مەيدانى، ناھىيە بازىرى كۆكتاتچىلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ. سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 991 مىڭ 600 مو بولۇپ، ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ %48.9نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 440 مىڭ 900 مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %60.2نى ئىگىلەيدۇ، سۇغىرىش كۆلىمى 719 مىڭ 500 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ %60.37نى ئىگىلەيدۇ. مەزكۇر سۇغىرىش رايونىدىكى ئاساسلىق غول ئۆستەڭلەر — ئاۋات ئۆستىڭى، قالماق ۋە مۇسۇما ئۆستەڭلىرى ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان بولغاچقا، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىش مىقدارى زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ باشلاش دامبىسى بولمىغانلىقتىن، ھەر يىلى سۇ سۇغۇلۇش مەزگىلىدە 43 كەنت (چوڭ ئەترەت) قۇرغاقچىلىققا، كەلكۈن مەزگىلىدە يەنە 34 كەنت (چوڭ ئەترەت) كەلكۈن تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

2) گەز دەرياسى سۇغىرىش رايونى گەز دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 31.3 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 987 مىليون كۇب مېتىر، ئۇنىڭدىن باشقا بۇلاق سۈيىنىڭ مىقدارى 173 مىليون كۇب مېتىر. گەز دەرياسىنىڭ 74 كىلومېتىر قىسمى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتۈپ، تاشمىلىق، ئوپال، تېرىم ۋە بۇلاقسۇ يېزىلىرىنىڭ ۋە سايباغ يېزىسىدىكى ئاز ساندىكى كەنتلەرنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ، سۇغىرىش رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 687 مىڭ 500 مو بولۇپ، ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ %43.21نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 203 مىڭ 500 مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %27.75نى ئىگىلەيدۇ، سۇغىرىش كۆلىمى 344 مىڭ 600 مو بولۇپ، ناھىيە سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ %28.76نى ئىگىلەيدۇ. مەزكۇر سۇغىرىش رايونىدا تۇپراقنىڭ قۇملىشىشى ئېغىر بولۇپ، سۇ ساقلاش خۇسۇسىيىتى ناچار، سۇ بېرىلىش نىسبىتى كىچىك، كەلكۈن مەزگىلى كېيىن بولغاچقا، 10 يىلنىڭ 9 يىلىدا قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ تېرىم ۋە بۇلاقسۇ، تاشمىلىق يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم كەنتلىرى ھەر يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

3) تۈمەن دەرياسى سۇغىرىش رايونى تۈمەن دەرياسى بۇلاق سۈيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 — 5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، يىللىق سىرغىم مىقدارى 126 مىليون كۇب مېتىر. ئۇ بېشكۆستەڭ، ئاققاش يېزىلىرىنىڭ ۋە قوغان، ئاۋات يېزىلىرىنىڭ ئاز ساندىكى كەنتلىرىنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ، سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 540 مىڭ 800 مو بولۇپ، ناھىيە كۆلىمىنىڭ %8.7نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 88 مىڭ 200 مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %12.5نى ئىگىلەيدۇ، سۇغىرىش كۆلىمى 130 مىڭ 200 مو بولۇپ، ناھىيە سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ %10.87نى ئىگىلەيدۇ. بۇ سۇغىرىش رايونىدا ھەرمو يەرگە 800 كۇب مېتىردىن سۇ توغرا كېلىدۇ، بۇ

دەريانىڭ سۈيى يەر ئاستى سۈيى بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەر يىلى 5 ~ 7 - ئايلاردا سۇ ئازىيىپ كېتىدۇ.

**4) چاقماق دەرياسى سۇغىرىش رايونى** چاقماق دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 5.13 كۇب مېتىر/سېكۇنت، يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 162 مىليون كۇب مېتىر. ئۇ قوغان يېزىسى 10 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 2 - كىچىك ئەترىتى، 13 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 11 - كىچىك ئەترىتى، 14 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 9 - كىچىك ئەترىتىدىكى 2610 مو يەرنى، بەشكېرەم يېزىسى 1 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 - كىچىك ئەترىتى، 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 9 - كىچىك ئەترىتى، 3 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 - كىچىك ئەترىتى، 5 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 - كىچىك ئەترىتى، 6 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 - كىچىك ئەترىتىدىكى 3120مو يەرنى سۇغىرىدۇ. سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ مو، مەزكۇر سۇغىرىش رايونىغا بېرىلىدىغان سۇ نىسبىتى 1955 - يىلىنىڭ ئالدىدىكىدىن ئازىيىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەزكۇر سۇغىرىش رايونىغا جايلاشقان ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلىرىگە 393 ئېغىزدىن سۇ باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر سۇغىرىش رايونىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىدىغان سۇ ناھايىتى ئازبولۇپ، سۇغىرىش خېلى قىيىن.

## 2. سۇغىرىشنى باشقۇرۇش

### 1) سۇ تەقسىملەش نىسبىتى

**(1) قىزىل دەرياسىنىڭ ئەھۋالى** چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قىزىل دەرياسىدىن خالىغانچە سۇ باشلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇ تەقسىملەش ئۇسۇلى تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى. 1956 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى سۇ تەقسىملەش نىسبىتىنى يەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلەش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. شۇ يىلى ناھىيىگە 66.51% سۇ تەقسىملەندى، 1957 - يىلى 50%كە چۈشۈرۈلدى. 1958 - يىلى ناھىيىدە 487 مىڭ 611 مو (بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان 100 مىڭ مو يەر بۇنىڭ سىرتىدا) يەر بارلىقىغا قاراپ، ناھىيىگە تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى 39.3%كە چۈشۈرۈلدى. شۇ يىلى كۈز پەسلىدىن كېيىن سەمەن ۋە قوغان رايونلىرى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، 1959 - يىلى ئەتىيازدا ناھىيىگە تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى 28.5%كە چۈشۈرۈلدى. 1961 - يىلى تۆۋەنكى ئېقىمدا تېرىلغۇ يەر كېڭەيتىلگەنلىكتىن، تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى 28.65% قىلىپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆۋەنكى ئېقىم پۈتۈن دەريا سۈيىنى بىر تۇتاش تەقسىملەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلدىن باشلاپ چوڭ ئوتتۇرا، كىچىك نىسبەتلەر بويىچە سۇ تەقسىملىنىدىغان بولدى. يەنى سۇ مىقدارى ئادەتتە 30 كۇب مېتىر/سېكۇنتتىن تۆۋەن بولغاندا چوڭ نىسبەت بويىچە، سۇ مىقدارى 30 كۇب مېتىر/سېكۇنتتىن 145 كۇب مېتىر/سېكۇنتقىچە بولغاندا ئوتتۇرا نىسبەت بويىچە، سۇ مىقدارى 145 كۇب مېتىر/سېكۇنتتىن يۇقىرى بولغاندا كىچىك نىسبەت بويىچە تەقسىملەندى.

1975 - يىل 11 - ئايدىن 1982 - يىل 11 - ئايغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى 4 گۇڭشې (قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ) قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ناھىيىگە تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى 20.79%كە چۈشۈرۈلدى. 1982 - يىلى شەرقتىكى 4 گۇڭشې يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى مۇناسىپ ھالدا ئۆستۈرۈلدى. چوڭ نىسبەت 55.46% بولۇپ، ئىجرا قىلىنىش ۋاقتى تەخمىنەن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتراپىغىچە ھەم 11 - ئاي بولدى؛ ئوتتۇرا نىسبەت 33.49% بولۇپ، ئىجرا قىلىنىش ۋاقتى

تەخمىنەن 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولدى؛ كىچىك نىسبەت %30.76 بولۇپ، ئىجرا قىلىنىش ۋاقتى تەخمىنەن 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بولدى.

دەريا سۈيىنى تەقسىملەشتە ئاپقا پونكىتىدا %15 زىيان، قارابەل پونكىتىدە %28 زىيان چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، نىسبەت بويىچە تەقسىملەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. سۇ تەقسىملەش ۋاقتى ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولدى.

(2) گەز دەرياسى سۈيىنىڭ تەقسىملىنىشى مىنگو دەۋرىدە تۆۋەنكى ئېقىمغا نىسبەتلىك سۇ بېرىش بىلەن نىسبەتسىز سۇ بېرىش بىرلەشتۈرۈلگەن سۇ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1958 - يىلى ۋىلايەتلىك سۇچىلىق يىغىنى ناھىيىنىڭ گەز دەرياسىدىن سۇ ئىچىدىغان يېرىنى 149 مىڭ 160 مو، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يېرىنى 55 مىڭ 229 مو ھېسابلاپ، %15.8 سۇ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1959 - يىلى مو ساندا ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، سۇ نىسبىتى %15.2كە، 1961 - يىلى %14.27كە چۈشۈرۈلدى. 1980 - يىلى بۇلاقسۇ 3 - چوڭ ئەترىتىنىڭ بۇلاق سۈيىگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سۇ نىسبىتى %0.2 كېمەيتىلىپ، %14.07كە چۈشۈرۈلدى. 1981 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى گەز دەرياسىنىڭ سۈيىنى تەقسىملەش ئۇسۇلىغا باشقىچە قارشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، مەزكۇر ناھىيىگە بېرىلىدىغان سۇ نىسبىتى %13.1كە چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇ تەقسىملەش ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىش بولدى، يەنى تاشمىلىق پونكىتىنىڭ تۆۋەنىدىكى ئۆستەڭلەرگە باشلىنىدىغان ئومۇمىي سۇغا ئادىلزاكودا قېتىلىدىغان سۇنى قوشۇپ %100 قىلىپ تەقسىملەش ئۇسۇلى ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋادىدىكى ناھىيىلەرنى %100 ھېسابلاپ، تاشمىلىق پونكىتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆستەڭلەرگە باشلىنىدىغان ئومۇمىي سۇغا تاشمىلىقنىڭ قىزىلتاغ دېگەن جايىدا تىزگىنلىنىدىغان دەريا ئېقىندى سۈيىنى قوشۇپ %100 قىلىپ تەقسىملەشكە ئۆزگەرتىلدى. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئومۇمىي سۇ 7 — 8 - ئايلاردا ئاقتۇ ناھىيىسىگە %16، قەشقەر ۋىلايىتىگە %84 تەقسىملەندى، قالغان ئايلاردا ئاقتۇ ناھىيىسىگە %24، قەشقەر ۋىلايىتىگە %76 تەقسىملەندى. قەشقەر ۋىلايىتى بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەقسىملىنىدىغان سۇنىڭ نىسبىتىنىمۇ تەڭشىدى. سۇ تەقسىملەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمىدى. سۇ تەقسىملىنىش ۋاقتى ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولدى.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سۇ تەقسىملەش ئۇسۇلى ۋە سۇ تەقسىملەش نىسبىتىگە، سۇ تەقسىملەشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ ھېسابلىغاندا، نورمال يىلدا ناھىيە ئۆتىدىغان دەريا سۈيى (%5لىك كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى بويىچە) 735 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، بۇلاق سۈيى 357 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، يەنى ئىككىسىنى قوشقاندا 1 مىليارد 93 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 4013 كۇب مېتىردىن توغرا كېلىدۇ، بۇ مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان 2700 كۇب مېتىردىن 1313 كۇب مېتىر كۆپ، شىنجاڭ بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان 6700 كۇب مېتىردىن 2637 كۇب مېتىر ئاز، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان 6043 كۇب مېتىردىن 2030 كۇب مېتىر ئاز. 1981 - يىلدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئالساق، (قىزىل دەرياسىغا كەلگەن سۇ نورمال يىلدىكىگە يېقىنراق، گەز دەرياسىغا كەلگەن سۇ سۇغۇلىدىغان يىلغا يېقىنراق، چاقماق دەرياسىغا كەلگەن سۇ نورمال يىلدىكىدىن ئازراق، تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى ۋە بۇلاق سۈيى نورمال يىللاردىكىگە يېقىن بولدى) ناھىيە 966 مىليون 60 مىڭ كۇب مېتىر سۇدىن پايدىلاندى (ھەرمو يەرگە 805 كۇب مېتىردىن، ساپ سۇغا سۇندۇرغاندا ئاران 330 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى). ئەمەلىي ئېھتىياجلىق 1 مىليارد 66 مىليون 680 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 100 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتىر سۇ كەم.

**2) باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە تۈزۈمى** قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسىدا سۇغىرىشنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈمچە ناھىيىنىڭ سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋات ئۆستىڭى، توققۇزاق، تاشمىلىق ۋە تۈمەن دەرياسى سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى؛ سۇ ئامبارلىرىدا سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، يېزىلاردا سۇ باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، كەنتلەرگە مىراب قويۇلدى. ئۇلار مەخسۇس سۇ باشلاش، سۇ تەقسىملەش، سۇ ئىشلىتىش ۋە سۇغىرىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. سۇغىرىشنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە دەريا، ئۆستەڭ، يېزا، كەنتلەر ئارا سۇ تەقسىملەش نىسبىتى بىر تۇتاش بەلگىلەندى. نىسبەت بويىچە سۇ تەقسىملەش ئاساسىدا سۇنى كەنتلەرگە، ئائىلەرگە ئۆلچەپ بېرىشتەك پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش ۋە كۇب مېتىر بويىچە ھەق ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

**3) سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش** ناھىيە بويىچە سۇ ئىنشائاتلىرى (ئېرىق ـ ئۆستەڭ، داميا ۋە باشقا ئىنشائاتلار) نى ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىمۇ دەرىجە باشقۇرۇش، بۆلۈكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىش، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىنشائاتلارنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئادەملەرگىچە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

**4) سۇغىرىش كۆرسەتكۈچى** قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە يىلدا 750 مىليون كۇب مېتىردىن 900 مىليون كۇب مېتىرغىچە سۇ باشلىنىپ، 1 مىليون 300 مىڭ مودىن 1 مىليون 600 مىڭ موغىچە يەر سۇغىرىلىدۇ، سۇغىرىلغان يەر 70 مىليون 30 مىڭ مو/قېتىمدىن 8 مىليون مو/قېتىمغىچە بولىدۇ، سۇغىرىش نورمىسى 750 كۇب مېتىر/مودىن 850 كۇب مېتىر/موغىچە، ئەمەلىي سۇغىرىش نورمىسى 100 كۇب مېتىر/مودىن 120 كۇب مېتىر/موغىچە، ساپ سۇغىرىش نورمىسى 350 كۇب مېتىر/مودىن 450 كۇب مېتىر/موغىچە، ئەمەلىي ساپ سۇغىرىش نورمىسى 60 كۇب مېتىر/مودىن 80 كۇب مېتىر/موغىچە، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسىېنتى 0.4 تىن 0.43 كىچە.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دەريا سۈيىنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 6 — 4 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 100 مىليون كۇب مېتىر

| دەريا نامى | كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى (%) | ئەتىيازلىق سۇ (3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە) | يازلىق سۇ (6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە) | كۈزلۈك سۇ (9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە) | قىشلىق سۇ (12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايغىچە) | يۈتۈن يىلدىكى (1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قىزىل دەرياسى | 20 | 1.424 | 3.177 | 1.192 | 0.751 | 6.544 |
| | 50 | 1.170 | 2.744 | 1.113 | 0.662 | 5.689 |
| | 75 | 0.992 | 2.267 | 0.978 | 0.599 | 4.836 |
| | 95 | 0.796 | 1.689 | 0.834 | 0.518 | 3.837 |
| | پەسىل بويىچە تەقسىملىنىشى (%) | 18.9% | 55.2% | 17.8% | 8.1% | 100% |
| گەز دەرياسى | 20 | 0.265 | 1.105 | 0.319 | 0.116 | 1.805 |
| | 50 | 0.215 | 0.895 | 0.259 | 0.094 | 1.463 |
| | 75 | 0.182 | 0.758 | 0.219 | 0.079 | 1.238 |
| | 95 | 0.146 | 0.607 | 0.176 | 0.063 | 0.992 |
| | پەسىل بويىچە تەقسىملىنىشى (%) | 14.7% | 61.2% | 17.7% | 6.4% | 100% |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جانقاق دەرياسى | نورمال يىللاردىكىسى | 0.06 | 0.083 | 0.041 | 0.018 | 0.202 |
| | سۇ قىس يىللاردىكىسى | 0.028 | 0.031 | 0.027 | 0.015 | 0.101 |
| | پەسىل بويىچە تەقسىملىنىشى (%) | 28.7% | 39.2% | 23.1% | 9% | 100% |
| ئاقىم بويىچە جەمئىي | 20 | 1.749 | 4.365 | 1.552 | 0.885 | 8.551 |
| | 50 | 1.445 | 3.722 | 1.413 | 0.774 | 7.354 |
| | 75 | 1.202 | 3.056 | 1.224 | 0.693 | 6.175 |
| | 95 | 0.97 | 2.327 | 1.037 | 0.596 | 4.930 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بۇلاق سۇلىرىنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 6 — 5 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 100 مىليون كۇب مېتىر

| پەسىل بويىچە تەقسىملىنىشى / سۇغىرىش رايونى | ئەتىياز (3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە) | ياز (6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە) | كۈز (9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە) | قىش (12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايغىچە) | بىر يىلدا جەمئىي (1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە) |
|---|---|---|---|---|---|
| قىزىل دەرياسى | 0.151 | 0.151 | 0.149 | 0.148 | 0.599 |
| گەز دەرياسى | 0.437 | 0.437 | 0.432 | 0.428 | 1.734 |
| تۈمەن دەرياسى | 0.259 | 0.301 | 0.362 | 0.321 | 1.243 |
| جەمئىي | 0.847 | 0.889 | 0.943 | 0.897 | 3.576 |

ئىزاھات: جەدۋەلدە تۈمەن دەرياسى بۇلاق سۈيىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە تەقسىملىنىدىغان %2نى چىقىرىۋەتكەندە، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە %98ى تەقسىم بولىدۇ. قالغان بۇلاق سۈيىنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بويىچە ھېسابلاندى.

## 1990 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە يېزا (مەيدان) يەرلىرىنىڭ دەريا، بۇلاق، ئامبار ۋە قۇدۇق سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 6 — 6 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن كۇب مېتىر

| ئورۇن نامى | سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن دەريا سۈيى | سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن بۇلاق سۈيى | سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن ئامبار سۈيى | سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن قۇدۇق سۈيى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 6709231.27 | 26209.43 | 2470 | | 735910.70 |
| ئوپال يېزىسى | 161862 | 7173.10 | 16 | - | 169051.10 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 490441 | 392.69 | | | 490833.69 |
| تېرىم يېزىسى | 1788.40 | | | | 1788.40 |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 6053.44 | 2094.34 | | | 8147.78 |
| سايباغ يېزىسى | 8968.49 | | 25 | | 8993.49 |
| زەمىن يېزىسى | 5979.14 | | | | 5979.14 |
| ئوغۇساق يېزىسى | 3750.19 | 261.79 | 50 | | 4061.98 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پاختەكلە يېزىسى | 1740.10 | 2094.33 | | | 3834.43 |
| سەمەن يېزىسى | 1837.47 | 418.86 | 190 | | 2446.33 |
| خانقدى يېزىسى | 1258.67 | | 120 | | 1378.67 |
| لەنگەر يېزىسى | 3586.55 | | | | 3586.55 |
| مۇش يېزىسى | 3247.69 | 1675.47 | | | 4923.16 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 7053.69 | | 9 | | 7062.69 |
| ئاۋات يېزىسى | 5529.69 | 168.22 | 18 | | 5715.91 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 155.78 | 8536.41 | 20 | | 8712.19 |
| ئاققاش يېزىسى | 682.82 | 2907.88 | | | 3590.70 |
| ئورمانچىلىق مەيدانى | 147.23 | | | | 147.23 |
| باغۋەنچىلىك مەيدانى | 144.63 | | | | 144.63 |
| قوغان يېزىسى | 5004.29 | 486.34 | 22 | | 5512.63 |

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1990 - يىلى زىرائەتلەرنىڭ سۇغىرىلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 6 — 7 - جەدۋەل

| زىرائەت | كۆلىمى (تۈمەن مو) | باش سۈيى | 2 - سۈيى | 3 - سۈيى | 4 - سۈيى | 5 - سۈيى | 6 - سۈيى | جەمئىي مو-قېتىمى (تۈمەن مو-قېتىم) | ئوتتۇرىچە قېتىم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 35.90 | 35.90 | 35.90 | 35.90 | 35.90 | 35.90 | 7.73 | 187.24 | 5.2 |
| كۆممىقوناق | 0.64 | 0.64 | 0.64 | 0.64 | 0.64 | 0.52 | | 3.07 | 4.8 |
| شال | 4.58 | 3.18 | 3.18 | 3.18 | 3.18 | 3.18 | 3.18 | 146.32 | 46 |
| كېۋەز | 15.17 | 15.17 | 15.17 | 2.74 | | | | 33.07 | 2.2 |
| ياغلىق دان زىرائىتى | 1.19 | 1.19 | 1.19 | 1.19 | 1.49 | 1.49 | 0.31 | 7.75 | 5.2 |
| بېدە | 7.11 | 7.11 | 7.11 | 7.11 | 7.11 | | | 28.72 | 4 |
| ئىككىنچى تېرىلغان زىرائەت | 25.17 | 25.17 | 25.17 | 25.47 | 25.47 | 10.42 | | 112.02 | 4.4 |
| قوغۇن - قاپاق | 0.90 | 0.90 | 0.90 | 0.90 | 0.90 | 0.90 | 0.90 | 61.90 | 6.9 |
| كۆكتات | 1.07 | 1.07 | 1.07 | 1.07 | 1.07 | 1.07 | 1.07 | 11.39 | 10.7 |
| باغ | 6.91 | 6.91 | 6.91 | 6.91 | 4.68 | 4.68 | | 32.33 | 4.7 |
| ئورمانلىق | 47.120 | 47120 | 47120 | 47120 | | | | 140515 | 3 |
| ئوتلاق | 16.280 | 16280 | 16280 | 7227 | | | | 39887 | 25 |
| جەمئىي | 162.040 | 161488 | | | | | | | |
| ئاق يەر | 58.343 | 58.343 | 4216 | | | | | | |
| ئومۇمىي جەمئىي | 220.380 | 220.380 | | | | | | | |

ئىزاھات: كۆممىقوناق كۆلىمى ئاق يەرگە تېرىلغان كۆلەمنى كۆرسىتىدۇ.

# 5 § . كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش

## 1. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى

ناھىيە تەۋەسىدە ھەر يىلى يازدا قىيان كېلىپ ئاپەت پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ناھىيەدىكى يېزىلار سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كەلكۈن باشلاش دامبىسى ياساشقا كىرىشتى. 1977 - يىلى پاختەكلە گۇڭشېسى 11 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش چوڭ دامبىسى ياسىدى. سەمەن گۇڭشېسى «تۈمەن دەرياسىنى زور كۈچ بىلەن تىزگىنلەپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئاسراش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 3 قىش ۋە ئەتىيازدا قىزىل دەرياسىغا 6.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، تۈمەن دەرياسىغا 5.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش چوڭ دامبىسى ياسىدى. 1977 - يىلى سەمەن گۇڭشېسى ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر قۇرغاقچىلىقتا ئۈچرىغان بولسىمۇ، ئاشلىق ھوسۇلى يەنىلا 250 نەچچە مىڭ كىلوگرام ئاشتى. شۇ يىلى تاشمىلىق گۇڭشېسى تاغ باغرىدىكى ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ چېتىگە ئېگىزلىكى ئىگىزلىكى 20 مېتىر، ئۈستۈنكى كەڭلىكى 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر كېلىدىغان كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش چوڭ دامبىسى ياساپ، قىيان چىقىدىغان 100 دىن ئارتۇق جىلغىنى توسۇپ، قىياننى جاڭگالغا ئېقىتىۋېتىپ، 6 چوڭ ئەترەتتىكى يەر ۋە ئۆيلەرنى قوغداپ قالدى. قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان زەمىن گۇڭشېسىدا ھەر يىلى كەلكۈن پەسلىدە سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. 70 - يىللاردىلا ئازكەم 5000 مو يەرنى كەلكۈن چېقىپ كەتكەندى، دەريا بويىدىكى ئاھالىلەر ئەنسىز ياشايتتى. گۇڭشې پارتكومى تەدبىر قوللىنىپ، ئاممىغا تايىنىپ، مۇداپىئە كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ، مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن تىزگىنلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، 1979 - يىلى قىشتا 35 مىڭ كۇب مېتىر تاش تەييارلاپ، 7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش چوڭ دامبىسى ياساپ، دەريا بويىدىكى ئېتىز - ئېرىقلارنى قوغدىدى، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا سايباغ، ئوغۇساق، پاختەكلە، قوغان، تاشمىلىق قاتارلىق گۇڭشېلار 60 - يىللاردىن بۇيان ئۆستەڭ ۋە ئېچىقلارنى تاش تىزىپ ياكى سېمونت لاي بىلەن تاش تىزىپ قوپۇرۇپ سۇ سىرغىماس قىلىپ چىقتى. 1982 - يىلدىن كېيىن سەمەن، لەڭگەر، زەمىن، پاختەكلە گۇڭشېلىرى 11.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سېمونت لاي بىلەن تاش تىزىپ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى ياسىدى، بۇ ئېتىز - ئېرىقلارنى ئاسراش، سۇ - تۇپراقنى ساقلاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەردى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1986 — 1990 - يىلغىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 6 — 8 - جەدۋەل

بىرلىكى: كۇب مېتىر

| يىللار | ئىشلىتىلگەن توپا | ئىشلىتىلگەن تاش، سېمونت | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1986 | 30.75 | 1 | 31.75 |
| 1987 | 48.30 | 11.70 | 60 |
| 1988 | 37.20 | 2.43 | 39.63 |
| 1989 | 14.83 | 4.30 | 19.13 |
| 1990 | 19.20 | 4.10 | 23.30 |
| جەمئىي | 150.28 | 23.53 | 173.81 |

## 2. كۆچەت تىكىپ، سۇ شارائىتىنى ياخشىلاش

60 - يىللاردا يەر تۈزلەش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش ۋە دامبا ياساش ئەۋج ئالدى. سۇ ۋە تۇپراقنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن 70 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئېتىز، ئورمان، ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە يوللارنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئېرىق - ئۆستەڭ، يول ۋە دەريا بويلىرىغا كۆچەت تىكىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. 1979 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە «بىر قورشاق، ئىككى بەلۋاغ» بەرپا قىلىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىنغاندىن باشقا، پىلانلىق ھالدا ناھىيە ئەتراپىغا ۋە قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ بويلىرىغا، ئېقىن ۋە جىلغىلارغا كۆچەت تىكىلىپ، مەلۇم ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. زەمىن، پاختەكلە يېزىلىرىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە تاللار بۈك - باراقسان ئۆسكەنلىكتىن، دامبىلار 1982 - يىلدىكى كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلىدى. سايباغ، ئوغۇساق، لەڭگەر، بەشكېرەم ۋە ئوپال گۇڭشېلىرىدىكى نۇرغۇن ئېقىن ۋە جىلغىلاردا ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ بەلۋاغلارنىڭ كەلكۈننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىشى كۈنسايىن ئازىيىپ باردى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى دېھقانچىلىق ناھىيىسى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئاستا بولغانلىقتىن، يېزىلاردا ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار بىر كۆلدىن سۇ ئىچەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەن دەريانىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى قىسمىنىڭ سۈيى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغانلىقتىن، تۆۋەنكى ئېقىمدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆپىيىپ كەتكەنىدى. يېزىلاردا ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1988 - يىلى ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدا ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. 1988 — 1990 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە سۇ مۇنارىدىن 5ى ياسىلىپ، 332.98 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، يېزىلاردا ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىشىگە ئاساس سېلىندى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1988 — 1990 - يىلغىچە ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 6 — 9 - جەدۋەل

| سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرىنىڭ نامى | پونكىتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى (يىل) | سۇ بىلەن تەمىنلەش شەكلى | تۇرۇبا ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنغان ئادەم ۋە چارۋا | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئادەم | چارۋا |
| بېشكۆستەڭ يېزا 1 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1988 | بېسىملىق تۇرۇبا | 9.2 | 30632 | 64430 |
| بېشكۆستەڭ يېزا 2 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1988 | بېسىملىق تۇرۇبا | 8.5 | 1506 | 5100 |
| بېشكۆستەڭ يېزا 3 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1988 | بېسىملىق تۇرۇبا | 12.6 | 2700 | 5000 |
| بېشكۆستەڭ يېزا 4 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1988 | بېسىملىق تۇرۇبا | 3.5 | 915 | 2400 |
| بېشكۆستەڭ يېزا 5 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1988 | بېسىملىق تۇرۇبا | 8.73 | 1200 | 3100 |
| بېشكۆستەڭ يېزا 6 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1989 | بېسىملىق تۇرۇبا | 5.6 | 1100 | 3200 |
| بېشكۆستەڭ يېزا 7 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1989 | بېسىملىق تۇرۇبا | 6.7 | 1123 | 3100 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 3000 | 1245 | 6 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | بېشئۆستەڭ يېزا 8 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 6110 | 2190 | 12.5 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | بېشئۆستەڭ يېزا 9 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 3300 | 2200 | 8.5 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1988 | بېشئۆستەڭ يېزا 10 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 3050 | 2000 | 8 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1988 | بېشئۆستەڭ يېزا 11 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 2650 | 1080 | 7.5 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | بېشئۆستەڭ يېزا 12 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 3600 | 2005 | 10 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1988 | بېشئۆستەڭ يېزا 13 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 4000 | 2200 | 10.7 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | بېشئۆستەڭ يېزا 14 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 4100 | 2400 | 9.6 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1990 | بېشئۆستەڭ يېزا 15 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 1800 | 1200 | 0.5 | سۇ مۇنارى | 1990 | بېشئۆستەڭ يېزا 16 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 1700 | 5780 | 28.7 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1988 | ئاقتاش 1 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 3100 | 1100 | 8 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | ئاقتاش 2 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 8200 | 7000 | 43.7 | سۇ مۇنارى | 1990 | خاڭدى يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 51000 | 4800 | 19.62 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1988 | ئاۋات يېزا 1 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 18650 | 10910 | 52.2 | سۇ مۇنارى | 1989 | ئاۋات يېزا 2 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 1450 | 760 | 3 | سۇ مۇنارى | 1989 | ئاۋات يېزا 3 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 3850 | 2700 | 13.4 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | قوغان يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 570 | 410 | 6 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | بەشكېرەم يېزا 1 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 820 | 500 | 2.73 | بېسىملىق تۇرۇبا | 1989 | بەشكېرەم يېزا 2 - سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 3510 | 3500 | 27.5 | سۇ مۇنارى | 1990 | سايباغ يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |

# VII باب

# دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە، ماشىنىلاشقان، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى يوق ئىدى، دېھقانلار تېرىش، يىغىش ۋە توشۇش قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشتا بۇقۇسا، بويۇنتۇرۇق، سۆرەم، يارىيار هارۋا، ئورغاق قاتارلىق ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن پايدىلىناتتى. خامان تېپىش ۋە دان ئايرىشتا ئاز ساندىكى دېھقانلار تاش تۇلۇقتىن پايدىلانغاندىن باشقا، مۇتلەق

كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئۆلاغقا دەسسىتىش، توقماق بىلەن سوقۇش ۋە ئۆتكەمە بىلەن تاسقاش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. ئېتىزنىڭ دۆشىنى ئېلىپ تۈزلەش ـ ئوغۇت، ئەنجە، توشۇش قاتارلىق ئىشلار كۆپىنچە ئادەم ۋە ئۆلاغ ياكى ئۆلاغ قوشۇلىدىغان هارۋا بىلەن قىلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954 ـ يىلدىن باشلاپ يېرىم ماشىنىلاشقان ئات سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىندى، 1956 ـ يىلى تراكتور سېتىۋېلىندى، كېيىن دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى تەدرىجىي ئۆستى. 1978 ـ يىلدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلەرگە هۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشى بىلەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش شەكلىمۇ ئۆزگەردى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 375 (16 مىڭ 950 ئات كۈچىگە تەڭ) كە، قول تراكتورى 57گە، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 808گە، كومبايىن 2گە، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى 85كە، ماتورلۇق ئۈپرىسكىۋاتېل 20گە، سۇ پومپىسى 31گە، يۈك ئاپتوموبىلى 91گە، پرىتسېپ 832گە، ماتورلۇق سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغىرىش ماشىنىسى 89 (2098 ئات كۈچىگە تەڭ) غا، شال ئاقلاش، ياغ تارتىش ۋە چىگىت ئايرىش ماشىنىلىرى 754كە، رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا 1446 گە، رېزىنكە چاقلىق قول هارۋىسى (ئېشەك هارۋىسى) 46 مىڭ 720 گە، يىللىق ماشىنا مەشغۇلات كۆلىمى 2 مىليون 168 مىڭ 200 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن ھەيدەلگەن يەر 500 مىڭ مو، ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر 170 مىڭ مو.

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 369 (13 مىڭ 209 ئات كۈچىگە تەڭ) غا، كىچىك تراكتور 1526 (14 مىڭ 859 ئات كۈچىگە تەڭ) گە، يەل تاپان تراكتور 226 (6334 ئات كۈچىگە تەڭ) گە، يۈك ئاپتوموبىلى 74كە يەتتى. چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورلار ئەمگەك كۈچىنى ئازاد قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى، 1990 ـ يىلى ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر 378 مىڭ 200 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق 19 مىڭ مو، شال 1800 مو.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دېھقانلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىغا سېلىنما سالىدىغان دېھقان ئائىلىرىمۇ كۆپەيدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىچىك تراكتورى 1465كە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 51گە يەتتى.

### 1988 — 1990 ـ يىلغىچە فەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بار بولغان ئاساسلىق دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى

ئىقتىساد: 7 — 1 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: دانە/ئات كۈچى

| نامى / يىللار | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور | كىچىك تراكتور | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغىرىش ماشىنىلىرى | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى | تراكتورغا چېتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمانلىرى | تراكتورغا چېتىلىدىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى | ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسى | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 334/ 811256.5 | 827/ 588400 | 29/ 27213.5 | 26/ | 223/ | 1220/ | | 124/ 70608 |
| 1989 | 349/ 843618.5 | 1157/ 835895.75 | 23/ 19343.65 | 20/ | 122/ | 968/ | | 119/ 682911.75 |
| 1990 | 369/ 13209 | 1526/ 14859 | 25/297 | 32/77 | 143/ | 1469/ | 140/ | 74/6294 |

# 1 § . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

## 1. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىدارىسى

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1955 ـ يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلغاندا دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس كادىر ئاجرىتىلدى. 1974 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. بۇ ئىدارىغا 7 كادىر قويۇلۇپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىندى. 1984 ـ يىلى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىدارىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 7 دىن 24كە كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى قوشۇنى 465 كىشىدىن 1876 كىشىگە يەتتى. 1985 ـ يىلى ئىدارىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 25 بولۇپ، 1986 ـ يىلى 30غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي خادىم 11، كەسپىي خادىم 19، تېخنىك بىر. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگىنى 2، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 3، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 19، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى بىر. 1990 ـ يىلى 7 مەمۇرىي خادىم، 22 كەسپىي خادىم ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 3، تېخنىك 12. تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگىنى 2، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 3، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 22، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى بىر.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىدارىسىدىكى خادىملارنىڭ 1986 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 7 — 2 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| تۈر / يىللار | مەمۇرىي شتات سانى | كەسپىي شتات سانى | مەلۇماتى | | | | | تېخنىكا ئۇنۋانى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تولۇق كۇرس | ئالىي تېخنىكوم | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | ئىنژېنېر | ياردەمچى ئىنژېنېر | تېخنىك |
| 1986 | 11 | 19 | 2 | 3 | 19 | 1 | 1 | | | 1 |
| 1987 | 11 | 19 | 2 | 3 | 19 | 1 | 1 | | | |
| 1988 | 9 | 19 | 2 | 3 | 17 | 1 | 1 | | 4 | 8 |
| 1989 | 7 | 21 | 2 | 3 | 24 | 1 | 1 | | 4 | 8 |
| 1990 | 7 | 22 | 2 | 3 | 22 | 1 | 1 | 3 | 3 | 12 |

## 2. دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىدارىسىغا قاراشلىق ئورۇنلار

1) رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى بۇ زاۋۇت ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى ئاساسىدا

1956 - يىلى قۇرۇلغانىدى. 1957 - يىلى قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1964 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى دەپ ئاتالدى. 1970 - يىلى تراكتور پونكىتىدىكى تراكتور ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى گۇڭشېلارغا چۈشۈرۈلدى، پونكىت ئورنىدا گۇڭشېلارغا چۈشۈرۈلمىگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 77گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 696 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئۈسكۈنىسى 27گە، زاۋۇت ئۆيىنىڭ كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىرغا، چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارى 100گە يەتتى. ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولماسلىق، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش تۈپەيلىدىن، 1990 - يىلى سۇ زاۋۇتى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

**2) دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى** بۇ شىركەت سودا كارخانىسى بولۇپ، 1964 - يىلى قۇرۇلدى، مەمۇرىي جەھەتتىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە قارىدى. 1974 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ئىدارىسىگە قارىدى. 1985 - يىلى 13 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاش ماشىنىلىرى ھەم دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق كەسىپلەرنى باشقۇرۇش بولدى. 1986 — 1990 - يىلغىچە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، شىركەت تەمىنلەيدىغان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، يېزىلارنى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى ياسىغان 12 ئات كۈچىگە ئىگە 4 چاقلىق كىچىك تراكتور، ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ 8 - تۇەنى ياسىغان 70 سانتىمېتىرلىق سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى، شىجياجۇاڭدا ئىشلەنگەن 12 قۇرلۇق سېيالكا، قەشقەردە ياسالغان 2 تۈي سۈرىدىغان ساپان ھەم 75 ئات كۈچىگە ئىگە تۇپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئىشچى - خىزمەتچىسى ئەسلىدىكى 13 تىن 15كە يەتتى، 1988 - يىلى يىللىق سېتىش سوممىسى 970 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 20 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

**3) يېزا (گۇڭشې) دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى** 1969 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، سەمەن، لەڭگەر، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ، بولاقسۇ، ئوپال، تاشمىلىق گۇڭشېلىرىدا تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. 1973 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى كەسپىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تاشمىلىق، زەمىن، بولاقسۇ، لەڭگەر گۇڭشېلىرىدا گۇڭشې دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 1982 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 14 گۇڭشېدا دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 70 ئىشچى - خىزمەتچى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پونكىت باشلىقى 28، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، كەسپىي كادىر 42. 1985 - يىلى بۇ پونكىتلار دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمىنى خادىمى 2062گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى 101، تراكتورچى 1276، ماشىنا مەشغۇلاتچىسى 626، رېمونتچى 59.

## § 2. دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى

1953 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا ئادەم ۋە ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىدىغان ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلىپ كەلگەنىدى. 1954 - يىلدىن باشلاپ يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن

5 سۇغۇلۇق ساپان، 10 سۇغۇلۇق ساپان، ئاق چىشلىق ساپان، قوش غالتەكلىك قوش چىشلىق ساپان، تىرنا، ئاتقا سۆرىتىلىدىغان كومباين، 10 قۇرلۇق سېيالكا قاتارلىقلاردىن 1055 ى سېتىۋېلىندى. 1956 - يىلدىن باشلاپ تراكتور سېتىۋېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى كەسپىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن 4 باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

## 1. 1956 — 1963 - يىلغىچە بولغان ئىزدىنىش باسقۇچى

1956 - يىلى تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا 1 - تۇركۈمدە تراكتوردىن 3ى، ئاپتوموبىلدىن بىرى، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 7سى سېتىۋېلىندى، پونكىتتا 23 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي خادىم 15، تېخنىك 18. پونكىت باشلىقى ۋاڭ ۋېننىڭ تەشكىللىشى ۋە تەشۋىق قىلىشى بىلەن دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى كەسپىي ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى سەمەن رايونىنىڭ 10 -، 11 -، 12 - يېزىلىرىدىكى 6 دېھقانچىلىق كوپېراتىپىدا 1836 مو يەر تراكتور بىلەن ھەيدىلىپ، شال، كۆممىقوناق تېرىلغاندا ھوسۇل ئۆلاغ سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن ھەيدىلىپ تېرىلغان يەرنىڭكىدىن %65 ئاشتى. بۇ دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1957 - يىلنىڭ ئاخىرىدا دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ چوڭ ئېتىزلىرى ئاز بولغانلىقى، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولۇپ، ماشىنا بىلەن ھەيدەش ھەققىنى تۆلەشتە قىينالغانلىقى ئۈچۈن، تراكتور ۋە تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمىدى، نەتىجىدە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. ناھىيىنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەش ۋەزىپىسىنى «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتى ئۈستىگە ئالدى.

## 2. 1964 — 1970 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات باسقۇچى

1964 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە چۈشۈرۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تراكتوردىن 12 سى، ئاپتوموبىلدىن 2 سى، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 28ى بار ئىدى. 1965 - يىلى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 17گە، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 66گە يەتتى، ناھىيە بويىچە 5 ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش ئەترىتى تەشكىل قىلىندى، ئۇلار 13 گۇڭشې، 221 چوڭ ئەترەتكە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. شۇ يىلى سەمەن، ئاۋات، ئوپال، بۇلاقسۇ گۇڭشېلىرى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 9نى، تراكتورغا چېتىلىدىغان سايمىنىدىن 9نى سېتىۋېلىپ، تراكتور پونكىتى (ئەترىتى) قۇردى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە 152 مىڭ 800 مو يەر تراكتور بىلەن ھەيدەلدى. 1966 - يىلى تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن يەر 349 مىڭ 900 موغا يەتتى، ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 51گە، قۇۋۋىتى 745 .1592 كىلوۋاتقا، ئاپتوموبىل 3كە، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 110غا يەتتى. كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى كەسپىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرمەھەل توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، 1969 - يىلى ناھىيە بويىچە ماشىنا مەشغۇلات مىقدارى بارغانسېرى ئازىيىپ نۆلگە چۈشۈپ قالدى.

## 3. 1971 — 1979 - يىلغىچە بولغان زور تەرەققىيات باسقۇچى

1971 - يىل 3 - ئايدا مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى كەسپىي ئىشلىرىدا يېڭى يۈكسىلىش بولدى. 1977 - يىلى ئاپتونوم

رايون قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ئۆتكىلىق مەدەت بېرىلىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. 1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چولڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تراكتور 377 گە، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 343كە، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىسى 319غا، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى 22 مىڭ 198 گە، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى خادىمى 785كە، ماشىنا مەشغۇلات كۆلىمى 1 مىليون 482 مىڭ 700 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 206 مىڭ 800 مو يەر ماشىنا بىلەن ھەيدەلدى، 54 مىڭ 500 مو يەر ماشىنا بىلەن تېرىلدى. بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، پاختەكلە گۈزەشپىلىرىدىكى بىر قىسىم چولڭ ئەترەتلەردە دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 4 . 1980 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئىسلاھ قىلىش، ئۆستۈرۈش باسقۇچى

1980 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چولڭ، ئوتتۇرا تراكتور 233كە، قول تراكتورى 174كە يەتتى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردا چولڭ ئېتىزلار كىچىكلىتىلدى، دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلگەن تېرىلغۇ يەرلەر ئارىلاش ھەم تارقاق بولغانلىقتىن، زىرائەتلەر بىر خىللاشمىدى، ماشىنا ئىشلىتىش قولايسىز بولۇپ، چولڭ، ئوتتۇرا تراكتورلارنىڭ مەشغۇلات مىقدارى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1984 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ناھىيىدىكى 363 چولڭ، ئوتتۇرا تراكتورنىڭ 238ى يەر ھەيدەش ۋەزىپىسى كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن مەشغۇلات قىلىشتىن توختىتىلدى. يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتى ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى. يۇقىرىقى ئەھۋالغا قارىتا، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى سىستېمىسى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، گۈزەشپى، ئەترەتلەر بىۋاسىتە بىر تۇتاش باشقۇرۇپ كەلگەن 274 چولڭ، ئوتتۇرا تراكتور، 79 كىچىك تراكتورنى توختام ئىمزالاپ، شەخسلەرگە ھۆددىگە بەردى، كەسپىي كادىرلار باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشتىن مۇلازىمەتنى ئاساس قىلىشقا ئۆتتى. تېرىلغۇ ماشىنىلىرى چولڭ تىپتىن كىچىك تىپقا ئۆزگەردى، شۇندىن كېيىن مەشغۇلات كۆلىمى ناھايىتى تېز ئاشتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماشىنىلارنىڭ مەشغۇلات كۆلىمى 1 مىليون 919 مىڭ موغا يەتتى، ھەرمو يەرگە سەرپ قىلىنىدىغان ماي بىر كىلوگرام ئۈچچۈرىسىدىن 0.545كىلوگرامغا چۈشۈپ، ئۈنۈمى يۇقىرى، ماي سەرپىياتى تۆۋەن بولۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چولڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تراكتور 891گە، قۇۋۋىتى 17 مىڭ 37 . 744 كىلوۋاتقا يەتتى، ھەيدەلگەن يەر ھەربىر ئات كۈچىگە 88 . 35 مودىن توغرا كەلدى؛ ھەرخىل ئاساسلىق دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمىنى 3603كە يېتىپ، ھەر كەنتكە 45 . 16تىن توغرا كەلدى؛ رېزىنكە چاقلىق چولڭ هارۋا ۋە ئېشەك هارۋىسى 18 مىڭ 148 گە يېتىپ، ھەر ئائىلىگە 76 . 0دىن توغرا كەلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ
1986 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان تەرەققىياتى

ئىقتىساد: 7 — 3 ـ جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چولڭ، ئوتتۇرا تراكتور (ئارىلاشما تراكتور/ كىلوۋات) | 249/2102.835 | — | 334/11023.53 | 349/11462.325 | 356/12070.905 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تول تراكتورى | 109 | | 242 | 344 | 285 |
| تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى | | 49 | 979 | 1020 | 1607 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ساپان | 31 | | 417 | 587 | 651 |
| تىرنا | 6 | | 108 | 95 | 30 |
| شال كۆچۈرۈش ماشىنىسى | | | - | 750 | 691 |
| كولتىۋاتور | | | 7 | 8 | 10 |
| كومباين | | | | | |
| ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى | 145 | | 35 | | 172 |
| ماتورلۇق ئوپرىسكىۋاتېل | 120 | | 47 | | 137 |
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى | 20 | | 26 | 20 | 32 |
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى | 8 | | 124 | 119 | 70 |
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تراكتور | 30 | | 1060 | 1234 | 1864 |
| سۇ چىقىرىش - سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق ماشىنا (دانە/كىلوۋات) | 5/69.09 | | 18/86.73 | 20/113.19 | 23/19.57 |
| بۇنىڭ ئىچىدە دىزېل - ماتور (دانە/كىلوۋات) | 5/69.09 | | 98/735.33 | 105/811.44 | 1715.975 |
| ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | | | 182 | 174 | 192 |
| يەم - خەشەك يانچىش ماشىنىسى | | | 26 | | 11 |
| ماتورلۇق يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى | | | | | |
| ماتورلۇق سۈت سېغىش ماشىنىسى | | | | | |
| ئۈن تارتىش - شال ئاقلاش ماشىنىسى | 29 | | 510 | 486 | 1054 |
| ياغ تارتىش ماشىنىسى | 136 | | 765 | 239 | 237 |
| چىگىت ئايرىش ماشىنىسى | 6 | | 109 | 103 | 71 |
| رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا | 30 | | 1639 | 1715 | 1829 |
| ئېشەك ھارۋىسى | 6000 | | 51876 | 7125 | 6500 |
| يىللىق مەشغۇلات مىقدارى (تۈمەن مو) | 59.7377 | 24.52 | 65.8 | 87.4 | 96.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن يەر (تۈمەن مو) | 29.547 | 4.25 | 30 | 31 | 37.4 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تراكتور بىلەن تېرىلغان يەر (تۈمەن مو) | 2.5712 | 20.27 | 22.4 | 20.4 | 24.3 |
| تراكتور بىلەن كولتىۋاتسىيە قىلىنغان يەر (تۈمەن مو) | | | | | 0.18 |

## § 3 . دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى قوشۇنى

دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1956 - يىلى تراكتور پونكىتى قۇرۇلغاندا، شىمالىي شىنجاڭدىن 12 تراكتورچى يۆتكەپ كېلىندى، 1957 - يىلىغا قەدەر 7 تراكتورچى يېتىشتۈرۈلدى. 1964 ~ 1966 - يىلغىچە ۋىلايەتلىك تەربىيىلەش سىنىپى 60 تراكتورچى تەربىيىلەپ بەردى. 1973 - يىلى ناھىيە بويىچە 300 نەچچە تراكتورچى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرغۇچى تەربىيىلەندى. 1975 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ئىدارىسى كۇرس ئېچىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى ھەر يىلى تەربىيىلەپ تۇردى. 1984 - يىلغىچە 11 قاراردا 450 كىشى تەربىيىلەندى.

1978 — 1982 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە گۇڭشېلاردا دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ پونكىت ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچىدىن 800 نەچچىنى تەربىيىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى مەكتىپى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى كادىرىدىن 50نى تەربىيىلەپ بەردى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى خادىمى 1876 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش خادىمى 230، تراكتورچى 812، دىزېل ماتور باشقۇرغۇچى 583، ماشىنا تېخنىكى 88، رېمونتچى 47، باشقىلار 116؛ 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى خادىمىدىن 373ى تەربىيىلەندى. 1990 - يىلى 390ى تەربىيىلەندى.

## § 4 . ماشىنا - سايمانغا مەبلەغ سېلىش

1977 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 1977- يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم جەنۇبىي شىنجاڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، 3 يىل جاپالىق ئىشلەپ قىياپەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ياردەم ۋە مەدەت بېرىلىدىغان 8 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ بىرى قىلىپ، دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن 3 مىليون 633 مىڭ يۈەن ھەقسىز مەبلەغ سالدى. بۇ دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا سېلىنغان 8 مىليون 956 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ 40.6%نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھىيىدىكى گۇڭشې، ئەترەتلەر 3 مىليون 973 مىڭ يۈەن چىقاردى، بۇ سېلىنغان مەبلەغنىڭ 44.38%نى ئىگىلىدى؛ بانكىدىن 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىندى، بۇ سېلىنغان مەبلەغنىڭ 15.08%نى ئىگىلىدى. بۇ مەبلەغلەر ناھىيە دېھقانچىلىقىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

رولىنى ئوينىدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق ماشىنىلارنىڭ 1990 - يىلدىكى ئەھۋالى

ئىقتىساد: 7 — 4 - جەدۋەل

| يىللار / يېزا نامى | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور | كىچىك تراكتور | ئىككى خىل ئىشلىتىلىدىغان قەشقەر 151 تىپلىق ئاپتوموبىل |
|---|---|---|---|
| يېڭىئۆستەڭ | 27 | 148 | 2 |
| ئاققاش | 4 | 35 | 1 |
| ئاۋات | 38 | 86 | 21 |
| بەشكېرەم | 94 | 56 | 36 |
| قوغان | 38 | 94 | 12 |
| سەمەن | 31 | 132 | 12 |
| خاڭدى | 9 | 40 | 5 |
| لەڭگەر | 42 | 100 | 8 |
| مۇش | 18 | 64 | 2 |
| پاختەكلە | 39 | 115 | 11 |
| ئوقۇساق | 37 | 77 | 16 |
| زەمىن | 42 | 86 | 4 |
| سايباغ | 39 | 142 | 16 |
| بۇلاقسۇ | 21 | 134 | |
| ئوپال | 27 | 143 | 1 |
| تاشمىلىق | 25 | 33 | 4 |
| تېرىم | 10 | 22 | |
| جەمئىي | 541 | 1507 | 151 |

# VIII باب

# سانائەت

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يېزا - بازارلاردا قول

سانائەتلا بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1957 - يىلى ئالدى بىلەن ناھىيە بازىرىدا ناھىيىلىك باغ زاۋۇتى ۋېيىمەكلىك زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1958 - يىلدىن كېيىن ناھىيىدە يەرلىك سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قول سانائەت كوپېراتىپلىرى ۋە گۇڭشېلار باشقۇرۇشىدىكى 3 خىل خاراكتېرلىك سانائەت كارخانىسىدىن 53ى قۇرۇلدى، ئۇلار 720 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. 1962 - يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۈنۈمى ناچار كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى. 1965 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىسى 36 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ سانائىتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچراپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تۇراقلىق بولماي، ئۇزۇن مۇددەت بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 1976 - يىلغا كەلگەندە سانائەت كارخانىسى 32گە چۈشۈپ قالدى، مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى. 1978 - يىلى سانائەت كارخانىسى 44كە، مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى سانائەت كارخانىسى 41 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990 - يىلى سانائەت كارخانىسى 67گە، مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 100مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 225.4% ئېشىپ، سانائەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 29.39%نى ئىگىلىدى.

## §1. يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرى

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1951 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىدە ناھىيە سانائىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى. 1951 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 9 - ئاينىڭ 7- كۈنى ناھىيىلىك سانائەت - قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، سانائەت - قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1958 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا سانائەت - قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، سانائەت - قاتناش سىستېمىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ شۇ يىلى ناھىيىلىك يەرلىك سانائەت قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا سانائەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1959 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم سانائەت - قاتناش بۆلۈمى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان بولدى. 1962 - يىل 3 - ئايدا يۇقىرىدىكى 2 ئاپپارات تەڭلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت - قاتناش كەسپى خەلق كومىتېتىنىڭ سودا - سانائەت بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1964 - يىل 4 - ئايدا سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1965 - يىلى بۇ بۆلۈم يەنە سودا - سانائەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سودا - سانائەت بۆلۈمى قاتارلىق ئاپپاراتلار كەينى - كەينىدىن زەربىگە ئۇچرىدى. 1967 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل بولدى. 1969 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا، قارمىقىدا سودا - سانائەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل قىلىندى. 1973 - يىلى بۇ گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت - قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ناھىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇشۇ ئىدارىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1985 - يىلى سانائەت - قاتناش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## 2. تەرەققىيات ئەھۋالى

1956 - يىلى خۇسۇسىي سودا - سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندە، پاختەكلە يېزىسىدا ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1957 - يىلى بۇ زاۋۇت ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ھەمدە ناھىيە بويىچە تۇنجى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى دۆلەت كارخانىسى — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا يىمەكلىك زاۋۇتى قۇرۇلدى.

1958 - يىل 8 - ئايدا ئومۇمىي خەلق پولات تاۋلاش ھەرىكىتى باشلاندى. ناھىيە بويىچە 580 كادىر سەپەرۋەر قىلىنىپ، 43 مىڭ 473 ئەمگەك كۈچى، 1344 ھارۋا، 1570 ئات، 26 مىڭ 621 ئېشەك ئىشقا سېلىنىپ، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئېگىزيار، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ كونا ئۇلۇغچات، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ يېزىلىرى بازا قىلىنىپ، زور مىقداردا دەل - دەرەخ كېسىلىپ، 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە 2015 توننا تۆمۈر تاۋلاندى، تۆمۈرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كارغا كەلمىدى.

1958 — 1962 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، شېكەر زاۋۇتى، كۆمۈركان، پاختا زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قاتارلىق 8 كارخانا قۇرۇلدى. كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ھەددىدىن زىيادە تېز بولغانلىقى، مەبلەغ، ئۈسكۈنە، تېخنىكا يېتىشمىگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ماسلاشمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى، تەننەرخىنىڭ يۇقىرىلىقى، زىياننىڭ كۆپلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شېكەر زاۋۇتى بىلەن كۆمۈر كان ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالدى. 1961 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، يىمەكلىك زاۋۇتىلا قالدى، ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 372 مىڭ يۈەن بولدى.

1962 - يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى زاۋۇتى تاقىۋېتىلىپ، پاختا زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى ۋە يىمەكلىك زاۋۇتى ساقلاپ قېلىندى. 1965 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغىچە 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. 1966 - يىلى ئويتاغ كۆمۈر كېنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە دۆلەت ئىلكىدىكى 5 زاۋۇت، كاننىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 15 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1966 — 1976 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە رېمونت زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى ۋە ئۇن - ياغ زاۋۇتى (ئۇن زاۋۇتى بىلەن ياغ زاۋۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۇن - ياغ زاۋۇتى قىلىندى) قۇرۇلدى. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى 6 زاۋۇت - كاننىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 369 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1978 - يىلدىن كېيىن ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى (بىر يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى)، تۇز زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى ۋە بىناكارلىق شىركىتى (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا) قۇرۇلدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، سېمونت زاۋۇتى توختىتىلدى، كۆمۈر كان پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان غەيرىي دۆلەت كارخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، پاختا زاۋۇتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن بىللە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، سانائەت كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سالدى. 1985 - يىلى خىش زاۋۇتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسى كېڭەيگەنلىكتىن، ئۇنىڭ نامى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار

ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، تۇز زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 774 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى چىغان يېمەكلىك زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى؛ شۇ يىلى 11 - ئايدا ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتى قۇرۇلدى. 1987 - يىلى سۇ زاۋۇتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقى باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 435 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىنىپ گەج - تالا تاختا زاۋۇتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى بۇ زاۋۇت 24 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. 1988 - يىلى گەج - تالا تاختا زاۋۇتى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1989 - يىلى ناھىيىلىك ئېلېكتر شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك تۇز - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى سۇ زاۋۇتى بىلەن تۇرۇبا سۇيى شىركىتى قوشۇۋېتىلىپ ھېساباتى بىرلەشتۈرۈلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار ئېلېكتر شىركىتى، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، تۇز زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، تۇرۇبا سۇيى شىركىتى، تۇز - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدىن ئىبارەت بولدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ساناەت كارخانىلىرىنىڭ 1958 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

ئىقتىساد: 8 — 1 - جەدۋەل

| يىللار | ساناەت كارخانىلىرىنىڭ سانى | ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى: ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى: يۇنىڭ ئىچىدە: ئىشچى | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى | ساناەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكى: ئەسلى قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ساناەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكى: ساپ قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 4 | | | | | | |
| 1959 | 8 | 51.1 | | | | | |
| 1960 | 9 | 124.8 | | | | | |
| 1961 | 5 | 137.2 | | | | | |
| 1962 | 5 | 115 | | | | | |
| 1963 | 5 | 76.2 | | | | | |
| 1964 | 3 | 77.4 | | | | | |
| 1965 | 3 | 106.5 | | | | | |
| 1966 | 5 | 101.5 | 168 | 146 | 165 | 31.6 | |
| 1967 | 5 | 155.1 | 228 | 204 | 216 | 31.3 | |
| 1968 | 5 | 174.7 | | | | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 197 | 165 | 195 | 147.2 | 5 | 1969 |
| | | 190 | 158 | 190 | 131.7 | 5 | 1970 |
| 76.6 | 96.5 | 239 | 216 | 266 | 121.3 | 6 | 1971 |
| 1 | 1.6 | 280 | 230 | 290 | 123.4 | 6 | 1972 |
| 47.2 | 54 | 310 | 283 | 304 | 138.4 | 7 | 1973 |
| 41.6 | 42.6 | 303 | 243 | 300 | 117.1 | 6 | 1974 |
| | | | 307 | 374 | 122.3 | 6 | 1975 |
| | | | 317 | 383 | 136.9 | 6 | 1976 |
| | | | 533 | 661 | 219.1 | 10 | 1977 |
| 600.2 | 622.8 | | 602 | 786 | 208.6 | 10 | 1978 |
| 440 | 489 | | 608 | 721 | 226.6 | 10 | 1979 |
| 480.5 | 542 | 620 | 490 | 569 | 167.6 | 10 | 1980 |
| 566.1 | 620.2 | 489 | 421 | 476 | 258.2 | 9 | 1981 |
| | | 474 | 404 | 486 | 279.9 | 9 | 1982 |
| | | 383 | 299 | 373 | 350.7 | 8 | 1983 |
| | | 374 | 261 | 432 | 282.7 | 7 | 1984 |
| | | | | 380 | 277.4 | 7 | 1985 |
| 563.64 | 661.59 | | 244 | 305 | 233.96 | 7 | 1986 |
| 703 | 783.5 | 637 | | 676 | 266.8 | 7 | 1987 |
| 670 | 820 | 394 | 340 | 358 | 323 | 8 | 1988 |
| 704.3 | 890.8 | 415 | 330 | 388 | 369.5 | 8 | 1989 |
| 952.1 | 1158.7 | 503 | 369 | 506 | 404 | 9 | 1990 |

## 3. زاۋۇت، كانلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى 1956 - يىلى پاختەكلە بېزىسىدا ناھىيىلىك سودا شىركىتىگە قاراشلىق ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1957 - يىل 11 - ئايدا بۇ زاۋۇت ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1974 - يىلى ياغ زاۋۇتى بىلەن ئۇن زاۋۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۇن - ياغ زاۋۇتى قىلىندى. 1978 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىدىن بۇ زاۋۇتقا ئۈسكۈنە، خادىم ئاجرىتىپ بېرىلىپ، ياغ تارتىش سېخى قۇرۇلدى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرى زاۋۇتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 81 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 61گە يەتتى، بۇ زاۋۇتتا شۇ يىلى 1231 توننا ئۇن، 26 توننا ياغ تارتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 504 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 1979 - يىلى 1344 توننا ئۇن، 157 توننا ياغ تارتىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 698 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 25 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى 1435 توننا ئۇن، 1334 توننا ياغ تارتىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 51 مىڭ

يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 34 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 749 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 177 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ زاۋۇتتا 86 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، زاۋۇت قارىمىقىدا 3 بۆلۈمچە، 5 سېخ بولۇپ، ئاساسەن ياغ، ئۇن تارتىش، ئارىلاشما يەم - خەشەك پىششىقلاش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ زاۋۇتنىڭ خام ئەشياسى يېتەرلىك بولغانلىقى، تېخنىكىسى ۋاقتىدا يېڭىلانغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا تەدبىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يىلدىن يىلغا ئاشتى. شۇ يىلى 2115.85 توننا ئۇن، 1135.3 توننا ياغ تارتىلىپ، 300 مىڭ توننا يەم - خەشەك پىششىقلاندى، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 393 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 254 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتىنىڭ 1974 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 8 — 2 - جەدۋەل

| يىللار | ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى (توننا) | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئۇن | باغ |
| 1974 | 39.2 | | 31 | 1019 | 22 |
| 1975 | 41.1 | | 31 | 1130 | 18 |
| 1976 | 47.5 | | 27 | 1250 | 27 |
| 1977 | 53.2 | | 35 | | |
| 1978 | 51 | | 61 | 1230 | 26 |
| 1979 | 69.8 | 2.53 | 139 | 1334 | 157 |
| 1980 | 59.8 | -5.98 | 98 | 1109.5 | 76 |
| 1981 | 101 | 1.38 | 90 | 1643 | 228 |
| 1982 | 36.4 | 6.57 | 87 | 1200 | 313 |
| 1983 | 125 | 11.06 | 83 | 1159 | 409 |
| 1984 | 205.1 | 13.18 | 93 | 1435 | 987 |
| 1985 | 203.4 | 17.76 | | | |
| 1986 | 155.8 | 12.53 | 94 | 1376 | 621 |
| 1987 | 191.5 | 13.67 | 89 | 696 | 976 |
| 1988 | 203.5 | 14.5 | 89 | 1220 | 931 |
| 1989 | 246.3 | 17.4 | 87 | 2630 | 986 |
| 1990 | 258 | 25.49 | 86 | 2115.85 | 1135.3 |

2) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى بۇ زاۋۇت تەمىنات - سودا

كوپېراتىپى يېمەكلىك تىجارەت ئورنىغا قاراشلىق بولۇپ، 1957 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېمەكلىك شىركىتىگە قارايدىغان بولدى، 1965 ـ يىلى بۇ زاۋۇت يەنە سودا شىركىتىگە قارىدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 8 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولۇپ، تۇراقلىق مۈلكى 17 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 20.8 توننا قەنت ـ گېزەك، 6.4 توننا پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 59 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 1700 يۈەنگە يەتكۈزدى. 1971 ـ يىلى شىمالىي «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىگە كۆچۈرۈلدى، زاۋۇت ئۆيىنىڭ كۆلىمى 12مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، يىل ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 10غا، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 48 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 31 توننا قەنت ـ گېزەك، 24 توننا ئاچچىقسۇ، 5 توننا يۇرچاق پىشلىقى (دۇفۇ) ئىشلەپچىقاردى. شۇ يىلى ناھىيىلىك سودا شىركىتى پارچىلىنىپ، تۈرلۈك ماللار شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. يېمەكلىك زاۋۇتى يېمەكلىك شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1966 — 1984 ـ يىلغىچە 409 توننا قەنت ـ گېزەك، 170.4 توننا پېچىنە ـ پىرەنىك، 214 توننا باشقا قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىپ، 43 مىڭ 500 يۈەن (1968 ـ ۋە 1977 ـ يىللاردىكى سانلار كىرگۈزۈلمىدى) پايدا ئالدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 17گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 126 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1986 ـ يىلى زاۋۇت نامى جىغان يېمەكلىك زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

3) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى بۇ زاۋۇت 1961 ـ يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئۇن سېخى ئاساسىدا قۇرۇلدى. 1966 ـ يىلى 15 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى، شۇ يىلى 243 توننا ئۇن تارتىپ، 74 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى (1957 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى). 1968 ـ يىلى 781 توننا ئۇن تارتىپ، 275 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا يېڭى ئۈسكۈنىلەر كۆپەيتىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1973 ـ يىلى 17 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى، 950 توننا ئۇن تارتىپ، 313 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. باشقۇرۇشتا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، 1974 ـ يىلى ئۇن زاۋۇتى ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ناھىيىلىك ئۇن ـ ياغ زاۋۇتى قىلىندى.

4) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى بۇ زاۋۇت 1970 ـ يىلى تراكتور پونكىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى ئىدارىسىغا قارىدى. زاۋۇت ئىگىلىگەن يەر 18 مىڭ 933 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5965 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە زاۋۇت ئۆيىنىڭ كۆلىمى 3256 كۋادرات مېتىر بولۇپ، رېمونتچىلىق، ياساش، قۇيمىچىلىق سېخلىرى، رەندىلەش ستانوكى، شىلىش ستانوكى، پىرېسلاش ستانوكى، ئۇنىۋېرسال يۇمىلاق چاقلاش ستانوكى، ئۆرە تۆشكە ستانوكى قاتارلىقلاردىن 13ى، كېسىش، توغراش، كەپشەرلەشكە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېنلىق ئۈسكۈنىدىن بىر يۈرۈش، ئۆزگىرىشچان توكلۇق ـ تۇراقلىق توكلۇق كەپشەرلىگۈچتىن 3ى، تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئۈسكۈنىدىن 12 سى، يەنە ئەگرى ئوقلۇق چاقلاش ستانوكى، يونۇش ستانوكى، سىلىقلاش ستانوكى، ماي ناسوسىنى سىناش ئۈستىلى، ئېلېكترو تەجرىبە ئۈستىلى، ئات كۈچىنى سىناش سۇپىسى، 5 تونىلىق كران، يۈك ئاپتوموبىلى قاتارلىقلار بار. 1971 ـ يىلى 61 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى، 1978 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 117گە يەتتى. 1985 ـ يىلى 49 ئادەم قالدى. تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1971 ـ يىلى 910 مىڭ 700 يۈەن، 1985 ـ يىلى 649 مىڭ يۈەن بولدى. 1983 ـ يىلى بۇ زاۋۇت تەرتىپكە سېلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1984 ـ يىلى زىيان 1983 ـ يىلدىكىدىن %84 تۆۋەنلىدى. ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، كارخانا يەنىلا يىلمۇ يىل زىيان تارتتى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، يەرلەر ئائىلىلەرگە ھۆددىگە

بېرىلگەندىن كېيىن، چوڭ ئېتىزلار كىچىكلەپ، ماشىنا ئىشلىتىش قولايسىز بولۇپ، ماشىنا ئىشلىتىدىغان دېھقان ئائىلىسى بەك ئازىيىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن 1986 — 1988 - يىللىرى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. تۇرمۇش بۇيۇملىرى (چويۇن مەش قاتارلىقلار) قارىغۇلارچە ئىشلەپچىقىرىلغاچقا، كۆپلەپ بېسىلىپ قالدى؛ 1989 - 1990 - يىللىرى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرى (شال ئاقلاش ماشىنىسى، كۆممىقوناق سوقۇش ماشىنىسى قاتارلىقلار) نى ئىشلەپچىقىرىشتا يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنە بولمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىيلىكى ئۇزۇن، تەننەرخى يۇقىرى، ئۈنۈمى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار بولۇپ قالدى، بۇ مەھسۇلاتلار ناھىيىنىڭ ئۆزىدىلا سېتىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا رېمونتچىلىق كەسپى جانلىنالمىدى. ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، ئامورتىزاتسىيە چىقىمى يۇقىرى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان خادىملار كۆپ بولدى. بۇ زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990 - يىلغىچە جەمئىي 2 مىليون 351 مىڭ 400 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى، 510 مىڭ 300 يۈەن زىيان تارتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ 1971 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 8 — 3 - جەدۋەل

| يىللار | ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى ۋە زىيىنى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى | يىللار | ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى ۋە زىيىنى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 2.50 | -6.53 | 91.07 | 61 | 1981 | 8.24 | -1.70 | 57.24 | 77 |
| 1972 | 5.02 | -3.56 | 61.92 | 66 | 1982 | 10.81 | -0.74 | 56.86 | 70 |
| 1973 | 5.51 | -5.70 | 33.21 | 62 | 1983 | 13.11 | -3.14 | 51.08 | 54 |
| 1974 | 4.96 | -5.60 | 37.04 | 60 | 1984 | 14.94 | -0.58 | 50.31 | 52 |
| 1975 | 10.30 | -3.76 | 37.18 | 62 | 1985 | 6.6 | -1.5 | 64.9 | 49 |
| 1976 | 13.38 | -0.01 | 39.03 | 65 | 1986 | 8.68 | -1.1 | 64.9 | 33 |
| 1977 | 17.74 | -0.21 | 39.51 | 102 | 1987 | 4.09 | -2.07 | 64.9 | 34 |
| 1978 | 28.36 | -1.72 | 46.18 | 117 | 1988 | 5.85 | -2.6 | 64.9 | 39 |
| 1979 | 29.16 | -1.48 | 49.31 | 89 | 1989 | 11 | -1.6 | 64.9 | 37 |
| 1980 | 24.39 | -6.43 | 55.98 | 86 | 1990 | 11.5 | -3 | 65 | 72 |

## 5) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا ئوغۇساق يېزىسىغا، قىزىل دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، 1977 - يىلى قۇرۇلغان، ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىغا قارايدۇ. ئىستانسا قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق نازارىتى سالغىنى 2 مىليون يۈەن، قەشقەر ۋىلايىتى سالغىنى 750 مىڭ يۈەن، ئېلىنغان قەرز 1 مىليون يۈەن. ئىستانسا قۇرۇلۇشى 1976 - يىل 4 - ئايدا باشلىنىپ، 1977 - يىلى پۈتتى، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى (800 × 3) 2400 كىلوۋات، شۇ چاغدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 108، 1982 - يىلى بىر گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى، 1985 - يىلى 200 كىلوۋاتلىق

دىزېلماتور گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىن 2 سى كۆپەيتىلدى (بۇ ئارقىلىق سۇ تارتىلىش پەسلىدىكى ئېنېرگىيە يېتەرسىزلىكى تولۇقلاندى). شۇنىڭ بىلەن گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى (2 × 800 + 1 × 320)، 1920 كىلوۋاتقا يەتتى، ئىستانسا قارىمىقىدا 7 بۆلۈم - تارماق قۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتر تورىغا قېتىلىپ ئىشلىدى. 1978 - يىلى 4 مىليون 380 مىڭ كىلوۋات سائەت، 1979 - يىلى 4 مىليون 811 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى. 1980 - يىلى قەشقەر 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇساق ئېلېكتر ئىستانسىسى قەشقەر ۋىلايىتى ئېلېكتر تورىدىن ئايرىۋېتىلدى. 1983 - يىلى تەرتىپكە سېلىنىپ «تۆتنى بېكىتىش» (خادىمنى، ۋەزىپىنى، مۇكاپاتنى، جازانى بېكىتىش) ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە تۇراقسىز مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى توك تارقىتىش ۋەزىپىسى 33% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، ئىقتىسادىي كىرىم 1982 - يىلدىكى 146 مىڭ يۈەندىن 178 مىڭ يۈەنگە، ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش ۋاقتى 661 سائەتتىن 833 سائەتكە يەتتى. 1985 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 3 مىليون 557 مىڭ يۈەنگە، ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش ۋاقتى 1083 سائەتكە، تارقاتقان توكى 2 مىليون 80 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 345 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 119 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1989 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك ئېلېكتر شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلېكتر شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. 1990 - يىلى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 72گە، مەھسۇلات قىممىتى 244 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 4 مىليون 126 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 129 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1977 — 1990 - يىللىغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 8 — 4 - جەدۋەل

| يىللار | تارقىتىلغان توك مىقدارى (تۈمەن كىلوۋات سائەت) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى ۋە زىيىنى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى: ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئىشچى | تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش ۋاقتى (سائەت) | توك تەقسىملەش لىنىيىسى: 10 كىلوۋولتلۇق (كىلومېتىر) | 0.4 كىلوۋولتلۇق (كىلومېتىر) | توك تەقسىملەش ترانسفورماتورىنىڭ سانى | توك تەقسىملەش ترانسفورماتورىنىڭ سىغىمچانلىقى (كىلوۋولت ئامپېر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | | 16.3 | | 108 | 74 | | 1583 | 35 | 2 | 34 | 1725 |
| 1978 | 438 | 28.47 | +25 | 110 | 53 | 369 | 1791 | 41 | 2 | 34 | 1905 |
| 1979 | 481.1 | 28 | +6 | 115 | 96 | 237.9 | 1791 | 43 | 2.1 | 40 | 1985 |
| 1980 | 95 | 6.7 | -6 | 118 | 114 | 237.9 | 395 | 47 | 2.3 | 44 | 2185 |
| 1981 | 97 | 6.5 | -10.9 | 77 | 63 | 258 | 404 | 58 | 2.7 | 52 | 2585 |
| 1982 | 122 | 14.6 | -5 | 67 | 56 | | 661 | 70 | 3 | 59 | 3115 |
| 1983 | 158.2 | 17.8 | -2 | 56 | 40 | | 833 | 76.08 | 3.2 | 63 | 3330 |
| 1984 | 205 | 30.2 | +10.5 | 55 | 43 | 286.7 | 1068 | 80.05 | 3.4 | 69 | 3500 |
| 1985 | 208 | 34.5 | +11.9 | 62 | | 355.7 | 1083 | 91.05 | 3.8 | 87 | 4350 |
| 1986 | 226.3 | 14.7 | +9 | 36 | 34 | 409 | 1179 | | | | |
| 1987 | 260 | 16.9 | +10.7 | 67 | 59 | 410 | 1354 | | | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 250 | 16 | +14 | 67 | 65 | 413 | 1302 | | | | |
| 1989 | 280 | 18 | +8.5 | 74 | 63 | 412.6 | 1458 | | | | |
| 1990 | 375 | 24.4 | +12.9 | 72 | 63 | 412.6 | 1953 | | | | |

**6) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى** بۇ زاۋۇت تاشلىق گۈڭشېسىنىڭ تۇز زاۋۇتى ئاساسىدا 1977 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلدى. سانائەت - قاتناش ئىدارىسىگە قارايدۇ. ئۇ ئاساسەن يود قوشۇلغان تۇز ئىشلەيدۇ، سۇ مەنبەسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھەر يىلى 11 - ئايدا ئىشتىن توختاپ كېيىنكى يىلى 4 - ئايدا ئىش باشلايدۇ. 1977 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچى 55 بولۇپ، 261 توننا تۇز ئىشلەپ، 74 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. بۇ زاۋۇتقا ناھىيە مالىيىسىدىن 1977 - يىلى 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغانىدى، 1980 - يىلى 18 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ زاۋۇت ئۆيلىرى يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىلى يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن تاشلىق گۈڭشېسىنىڭ رازگا كەنتىدە 666 كۋادرات مېتىرلىق زاۋۇت ئۆيى سېلىندى ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇش قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پولات تاختىلىق تېگى تۇز پارلاندۇرۇپ تۇز ئېلىش قازىنى (40 كۋادرات مېتىرلىق) دىن 2 سى، تۇز ئۇۋۇتۇش ماشىنىسىدىن بىرى، «شەرق شاملى» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرى، تراكتوردىن 2 سى، 50 كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن بىرى، 100 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇتۇش مەيدانىدىن بىرى بار. لايىھەدىكى يىللىق تۇز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1000 توننا. 1982 - يىلى «مەھسۇلات نورمىسىنى بېكىتىش، نورمىدىن ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 65كە يەتتى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان تۇز 570 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 143 مىڭ يۈەنگە، پايدا 8000 يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 417 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 28 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان تۇز 703 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 122 مىڭ يۈەنگە، پايدا 17 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 414 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچى 45كە، ئىشلەپچىقارغان تۇز 901.3 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 137 مىڭ يۈەنگە، پايدا 21 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتىنىڭ 1977 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 8 — 5 - جەدۋەل

| يىللار | ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدا - زىيىنى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى سانى | ئىشلەپچىقىرىلغان يودلۇق تۇز (توننا) | يىللار | ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدا - زىيىنى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى سانى | ئىشلەپچىقىرىلغان يودلۇق تۇز (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 7.4 | 1.4 | | 55 | 261 | 1984 | 25 | 1.7 | 43.26 | 67 | 1015 |
| 1978 | 14.2 | 2 | | 63 | 605 | 1985 | 12.2 | 1.7 | 41.7 | 28 | 703 |
| 1979 | 11.7 | 2.7 | | 66 | 501 | 1986 | 13.3 | 0.5 | 41.4 | 36 | 765.5 |
| 1980 | 13.9 | 4.6 | 3.8 | 63 | 556 | 1987 | 14.9 | 1 | 41.4 | 34 | 854 |
| 1981 | 13.6 | 1.8 | 18.08 | 59 | 544 | 1988 | 16.6 | 1.5 | 41.4 | 42 | 956.2 |
| 1982 | 14.3 | 0.8 | 24.34 | 65 | 570 | 1989 | 15.9 | 1.5 | 41.4 | 57 | 912.8 |
| 1983 | 16.5 | 2 | 42.42 | 62 | 660 | 1990 | 13.7 | 2.1 | 41.4 | 45 | 901.3 |

7) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خىش زاۋۇتى بۇ زاۋۇت 1977 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ چاغدا 40 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، زاۋۇتنىڭ بىرلا ئۆرە خۇمدىنى بولۇپ، شۇ يىلى 7000 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. 1978 - يىلى ناھىيە يەنە 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىشخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى ۋە 2 چاسا خۇمدان (ھەربىرىگە بىر قېتىمدا 240 مىڭدىن 250 مىڭغىچە خام خىش پاتىدۇ) سالدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 48 گە يەتتى، شۇ يىلى 2 مىليون 390 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇپ، 71 مىڭ 700 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى، 20 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. 1981 - يىلى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ، خىشنى ماشىنا بىلەن قۇيىدىغان، قول بىلەن تۆكىدىغان بولدى، ئۆرە خۇمدان بىكار قىلىنىپ، پۈتۈنلەي چاسا رامكىلىق خۇمدان بىلەن پىشۇرىدىغان بولدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 48 دىن 28 گە ئازايدى. شۇ يىلى پىشۇرۇلغان خىش 1 مىليون 600 مىڭغا يېتىپ، ھەر كىشىگە 57 مىڭدىن توغرا كېلىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 48%.14 ئاشتى. 1983 - يىلى 220 مىڭ دانە خىش سىغىدىغان ئايلانما خۇمدان ياسالدى. 1985 - يىلى زاۋۇت نامى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1988 - يىلى گەج تال تاختا زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1990 - يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 481 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 78 گە، پايدىسى 36 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەزكۇر زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990 - يىلغىچە ياراتقان پايدا 413 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

8) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك باسما زاۋۇتى بۇ زاۋۇت 1977 - يىلى قۇرۇلدى، ناھىيە مالىيىسىدىن 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 4 فورماتلىق بېسىش ماشىنىسى، قەغەز كېسىش ماشىنىسى، ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى، 2 يۇمىلاق دېسكىلىق بېسىش ماشىنىسى بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. ئاساسەن ھەرخىل جەدۋەل، كونۋېرت، ئىش قەغىزى قاتارلىقلارنى باستى. 1978 - يىلى 12 ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 8000 يۈەنگە يەتتى. 1979 - يىلى تۆپلەش ماشىنىسىدىن بىرى كۆپەيتىلدى. 1981 - يىلى تەرتىپكە سېلىنىپ، 10%لىك تۇراقسىز مائاش ۋە ئاشقان پايدىنىڭ 30%نى تەقسىم قىلىپ بېرىش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1982 - يىلى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1983 - يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن 70 مىڭ يۈەن ئېلىنىپ، زاۋۇت ئۆيلىرى يېڭىلاندى ھەم 580 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى باشقا ئۆيلەر سېلىندى. شۇ يىلدىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، بۇ زاۋۇتقا تەرتىپكە سېلىش بويىچە لاياقەتنامە بېرىلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1988 - يىلى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىجارىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىش بېشى مائاش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات قىممىتى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، 1988 - يىلى 102 مىڭ يۈەنگە، 1990 - يىلى 153 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىنىڭ 1978 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 8 — 6 - جەدۋەل

| يىللار | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى ئادەم | | پايدا - زىيىنى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي ئادەم | بۇنىڭ ئىچىدە: ئىشچى | | | |
| 1978 | 0.8 | 12 | 9 | | 5.9 | بىر 4 فورماتلىق بېسىش ماشىنىسى، بىر قەغەز كېسىش ماشىنىسى، بىر ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى، 2 يۇمىلاق دېسكىلىق بېسىش ماشىنىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 2.8 | 12 | 9 | 0.76 | 6.6 | |
| 1980 | 3.1 | 12 | 9 | 0.30 | 7 | |
| 1981 | 3.8 | 13 | 8 | 0.10 | | |
| 1982 | 5.4 | 16 | 12 | 0.61 | | |
| 1983 | 5.2 | 18 | 13 | 0.59 | 11.96 | ئۆيغۇرچە، خەنزۇچە خەت قېلىپىنىڭ ھەربىرىدىن 5 يۈرۈش، بىر تۈشۈك تېشىش ماشىنىسى |
| 1984 | 8.5 | 18 | 14 | 0.78 | 18.88 | |
| 1985 | 7.8 | 14 | | 0.90 | 16.80 | |
| 1986 | 8 | 17 | 13 | 0.56 | 16.80 | «20 - 201» تىپلىق ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى، يۇمىلاق دىسكىلىق تۈز بېسىش ماشىنىسى، 4 فورماتلىق ئاپلانما بېسىش ماشىنىسى |
| 1987 | 8.2 | 16 | 13 | 0.39 | 16.80 | |
| 1988 | 10.2 | 15 | 12 | 0.85 | 16.80 | تۈز سۈپىلىق بېسىش ماشىنىسى |
| 1989 | 12.4 | 14 | 12 | 1.06 | 16.80 | |
| 1990 | 15.3 | 14 | 9 | 2.3 | 16.80 | |

9) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك جىغان يېمەكلىك زاۋۇتى بۇ زاۋۇت ئەسلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى ئىدى. زاۋۇت قۇرۇش تەييارلىقى 1986 - يىل 7 - ئايدا باشلىنىپ، 1987 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1990 - يىلى زاۋۇت 5 سېخ (پېچىنە - پىرەنىك سېخى، قەنت - گېزەك سېخى، جىغان سېخى، گازلىق سۇ سېخى، توڭلىتىش سېخى)، بىر پارخانا، 3 ئىشخانا (زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسى، مالىيە ئىشخانىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشخانىسى)، بىر ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىدىن تەركىب تاپتى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 52گە، مەھسۇلات قىممىتى 471 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۇ زاۋۇتتا ئاساسەن جىغان مېيى، جىغان شەربىتى، جىغان مۇراببասى، جىغان شىرنىسى، پەمىدۇر قىيامى، سەۋزە قىيامى، شاپتۇل مۇراببասى، ئالما مۇراببասى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سېتىلدى، جىغان شەربىتى شاڭخەي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى، جىغان مېيى ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە چىقىرىلدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك جىغان زاۋۇتىنىڭ 1987 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 8 — 7 - جەدۋەل

| يىللار | ئىشچى - خىزمەتچى سانى | يىل ئاخىرىدىكى مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدا - زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1987 | 31 | 8.1 | 103 | -0.9 |
| 1988 | 42 | 15.4 | 133 | -4 |
| 1989 | 43 | 20 | 135 | -22.3 |
| 1990 | 52 | 47.1 | 150 | 0.7 |

10) ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتى بۇ شىركەت 1986 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىغا قارىدى. 1987 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ قوللىشى بىلەن يېڭى سۇ زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1990 - يىلى يېڭى سۇ زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇرۇبا سۇيى شىركىتىگە قوشۇلۇپ ھېساباتى بىرلەشتۈرۈلدى. تۇراشتۇرۇش، پومپا ياساش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1986 — 1990 - يىلغىچە 150 كىۋادرات مېتىرلىق كېسەك - ياغاچ ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىشخانا، 18 كىۋادرات مېتىرلىق گېنېراتور ئۆيى، 800 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق 2 - دەرىجىلىك پومپا پونكىتى، سۇ سۈزۈلدۈرۈش كۆلچىكى ۋە گۈللۈك قاتارلىقلار سېلىندى ۋە ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭقۇر قۇدۇق پومپىسىدىن بىرى، مەركەزدىن قاچما سۈزۈك سۇ سومپىسىدىن بىرى، ترانسفورماتوردىن بىرى، ئېلېكتر ستاتىكىلىق كوندېنساتور ئىشكاپىدىن بىرى، تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملەش دېكىسىدىن 2 سى، تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملەش دېكىسى ئىشكاپىدىن بىرى، تەكچىلىك ئۈشكىدىن بىرى، ئاپتوماتىك باغلىنىشلىق بېسىم كېمەيتىپ فوزغاتقۇچتىن 4 ى، تېيىز قۇدۇق پومپىسىدىن بىرى ھەم ئۇكسىگېن قاچىلاش ماشىنىسىدىن 2 سى سېتىۋېلىندى. 1987 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 301 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 21 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 331 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پايدىسى 3000 يۈەن بولدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتىنىڭ 1987 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 8 — 8 - جەدۋەل

| يىللار | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلكى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى (تۈمەن يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچىسى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئىشچى - خىزمەتچى | ئىشچى |
| 1987 | 8.88 | 30.1 | 2.1 | 15 | 11 |
| 1988 | 10.68 | 30.1 | 0.5 | 18 | 14 |
| 1989 | 11.35 | 33.1 | 1.2 | 18 | 14 |
| 1990 | 13.9 | 33.1 | 0.3 | 22 | 17 |

11) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1984 - يىلى بۇ زاۋۇتنى قۇرۇشنى تۇر قىلىپ تۇرغۇزۇش ئىلتىماس قىلىندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 5100 توننىلىق ماشىنىلاشقان يودلۇق تۇز زاۋۇتى قۇرۇلدى. مالىيە نازارىتى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى 500 مىڭ يۈەن، ناھىيە 100مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. زاۋۇت قۇرۇلۇشى 1986 - يىل 6 - ئايدا باشلاندى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ياساشقا ۋە قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. زاۋۇت 1989 - يىل 8 - ئايدا دەسلەپكى قەدەمدە پۈتتى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ چاغدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 54 ئىدى. بۇ زاۋۇت قۇرۇلۇۋاتقاندا خام ئەشيا باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، ئەسلى لايىھەدىكى تەخمىن خام چوتقا 2 مىليون يۈەن قوشۇش توغرا كېلىپ، بالدۇر پۈتتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن، بانكا ۋە باشقا ئورۇنلاردىن 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىندى،

دېمەك زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. زاۋۇت ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشى بىردەم توختاپ، بىردەم داۋام قىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 263 توننا يودلۇق تۇز ئىشلىدى، 599 مىڭ 500 يۈەن زىيان تارتتى.

## 4. تاقىۋېتىلگەن كارخانىلار

**1) ناھىيىلىك كۆمۈركان** بۇ كان ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ يېزىسىدا بولۇپ، 1958 - يىلى ئېچىلىپ، 1962 - يىلى ئىشتىن توختىتىلدى، 1965 - يىل 12 - ئايدا قايتا ئېچىلدى، 1985 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1968 - يىلدىن باشلاپ، بۇ كانغا ئاپتونوم رايون داۋاملىق 443 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت 109 مىڭ يۈەن، ناھىيە 105 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە 36 مىڭ يۈەن، ئېچىشقا 10 مىڭ يۈەن كەتتى، دېمەك جەمئىي 703 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ كان رايونىدا كۆمۈر قاتلىمى نېپىز، زاپىسى ئاز، قېزىش قىيىن، كۆمۈر سۈپىتى ناچار، بازىرى كاسات بولغانلىقتىن، كان قۇرۇلۇپ 19 يىلدا 244 مىڭ 700 يۈەن زىيان تارتتى. 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ كاننى ئىشتىن توختىتىشنى قارار قىلدى، كان قۇدۇقلىرى ھەم قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەر تاشمىلىق يېزىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

**2) فۇرفۇرول زاۋۇتى** بۇ زاۋۇت 1978 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلدى، ئاساسەن فۇرفۇرول، ئۇندىن باشقا دېۋىرقاي، سىر، سىركە كىسلاتالىق ناترىي قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنىمۇ ئىشلىدى، ئۇ مەدەكنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىدۇ. بۇ زاۋۇتقا 700 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سالغان مەبلەغ 458 مىڭ يۈەن. ئېلىنغان قەرز پۇل 87 مىڭ يۈەن، قالغىنىنى ناھىيە تەييارلىدى. بۇ زاۋۇت 1979 - يىل 10- ئاينىڭ 26 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ھەر ئىسمېنا 300 كىلوگرام فۇرفۇرول ئىشلەپچىقاردى. ھەر توننا مەھسۇلاتتىن 3000 يۈەندىن ئارتۇق زىيان كۆرۈلەتتى. قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەش ئۈچۈن يەنە 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خام ئەشياسى تارقاق، مىقدارى ئاز، يىغىش قولايسىز، توشۇش لىنىيىسى ئۇزۇن، بازىرى كاسات، ئىگىلىك باشقۇرۇش خىراجىتى يۇقىرى ئىدى. شۇڭا سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا سېلىپ كۆرۈپلا ئىشتىن توختىتىپ قويۇلدى.

**3) سېمونت زاۋۇتى** بۇ زاۋۇت ئوپال گۇڭشې 7 - چوڭ ئەترەت (ئوپال يېزا قۇمباغ كەنتى) تىكى ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ جىلغىسىدا بولۇپ، قۇرۇلۇشى 1974 - يىل 6 - ئايدا باشلىنىپ، 1975 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى بۇ زاۋۇتقا 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى ھەم زاۋۇتنىڭ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش ئىشىغا يەنە 90 مىڭ يۈەن بەردى. 1980 - يىلغىچە بۇ زاۋۇت 7810 توننا سېمونت ئىشلەپچىقاردى، بىراق ئىشلەپچىقىرىلغان سېمونتنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار، تەننەرخى يۇقىرى بولغانلىقتىن، 148 مىڭ 600 يۈەن زىيان كۆرۈلدى.

سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئورنى ناھىيە بازىرىدىن يىراق بولغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، توك بىلەن تەمىنلەش كاپالەتكە ئىگە بولمىدى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ناچار بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېمونت خام ئەشياسىنىڭ %80نى ئىگىلەيدىغان ھاك تاشنىڭ كان رايونىدىكى زاپىسى ناھايىتى ئاز ھەم ئارىلاشما تەركىبلەر كۆپ، كۆپ قىسمى گەج بىلەن بىللە پەيدا بولغان، كان نۇقتىلىرى تارقاق بولۇپ، قېزىپ توشۇش قولايسىز بولغانلىقتىن، 1980 - يىلى ئىشتىن توختىتىلدى، ئۈسكۈنىلىرىنى ناھىيىلىك مالىيە

تارمىقى بىر تەرەپ قىلىدى.

# 2 § . قول سانائەت

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قول سانائەت ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1951 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلغان سودا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان بولدى. 1957 ـ يىلى ناھىيىدە ۋە رايونلاردا كېيىنى ـ كەينىدىن قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇپ، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. 1959 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك، رايونلۇق قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1962 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك يېنىك سانائەت ئىدارىسى قۇرۇلدى، قول سانائەت كوپېراتىپلىرى ۋە ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى يېنىك سانائەت ئىدارىسى بىلەن ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ، بىر بەنزە بولۇپ بىر يەردە ئىشلىدى. 1977 ـ يىلى مەزكۇر ئىدارە بازاردىكى قول سانائەتنىلا باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1978 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە گۈڭشې ـ ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى قول سانائەتكە كەسپىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلدى. 1979 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېنىك قول سانائەت ئىدارىسى يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى بىلەن بىر يەردە ئىشلىدى. 1984 ـ يىلى يېنىك سانائەت ئىدارىسى 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 2. تەرەققىيات ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قول سانائىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇرىيانتىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە دائىر يازما ماتېرىيالدا «سۇلى كىمخاپى» تىلغا ئېلىنغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىمۇ «قۇستانە (سۇلى) دا سىپتا، كۆركەم كىگىز، گىلەملەرنىڭ چىقىدىغانلىقى» خاتىرىلەنگەن. بۇلار تاڭ دەۋرىدە بۇ يەردە يىپەك تارتىش، يىپ ئېگىرىش، تاۋار ـ دۇردۇن توقۇش، ماتا توقۇش، گىلەم توقۇش قاتارلىق قول سانائەت كەسىپلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سانائەت خېلى تەرەققىي قىلغان، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىدا 5100 دىن ئارتۇق كاسىپ ئائىلىسى بولۇپ، ئۇلار ناھىيىدىكى 31 مىڭ 893 ئائىلىنىڭ 15.99%نى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار ئىچىدە ياغاچچى ۋە تامچى ھەممىدىن كۆپ. قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن كىگىز، گىلەم، ئاغامچا، بوغۇچ، تاغار، باش كىيىم، ئۆتۈك، ماتا، يىپ، چىگە ئاغامچا، قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە، زىغىر يېغى، بورا، سېۋەت قاتارلىقلار بار. بۇ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ۋە قوشنا رايونلار تەمىنلىنىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ، روسىيىگە 50 مىڭ توپتىن ئارتۇق ماتا، 30 مىڭ توپتىن ئارتۇق سەگەز سېتىلغان. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) دىكى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، شۇ يىلى ھىندىستانغا 400 كىلوگرام مەشۇت، 25 مىڭ توپ پالاس چىقىرىلغان. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) دىكى «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكلەر تەزكىرىسى» دە «قول سانائەت كەسىپكارلىرىدىن 30 كىگىزچى، 20 ئىگەرچى، 50 تاقىچى، 120 كۆنچى، 140 موزدۇز، 1420 بابكار، 3117 مىسكەر، تۆمۈرچى، تامچى، ياغاچچى ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەن بار؛ يىلىغا 11 مىڭ توپ ماتا، 4000 توپ پالاس، جەمئىي 15 مىڭ توپ رەخت توقۇلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا توقۇمىچىلىق قول سانائەتتە ئاساسلىق ئورۇندا

تۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدە قول سانائەت تەرەققىي قىلدى. 1952 ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە قەشقەر شەھىرى قۇرۇلدى. ناھىيە بازىرىدىكى 4 رايون ۋە ئەتراپىدىكى 13 يېزا ھەم مۇشۇ رايون، يېزىلاردىكى قول سانائەت قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى قول سانائەتچىلەر زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ چولڭ ھۈنەرۋەنلەر ۋە قول سانائەتچىلەر ئازىيىپ كەتتى. 1954 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قول سانائەتنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا 1953 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشلەنگەن مۇھىم قول سانائەت كەسىپلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە پاختا توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 688 ئائىلە، 2822 ئادەم بولۇپ يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 499 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىدىغانلىقى، ئائىلە سانىنىڭ مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) دىكى 1420 دىن ئاز كەم بىر ھەسسە ئاشقانلىقى، مېتالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 134 ئائىلە، 188 ئادەم بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 643 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 45 خىل قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 3874 (ئائىلىدە قوشۇمچە كەسىپ ئورنىدا قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 35%. 6نى، كەسىپكار 4467 بولۇپ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ 24%. 2نى ئىگىلىدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى قول سانائەت كەسىپىگە دائىر مەلۇمات**

ئىقتىساد: 8 — 9 ـ جەدۋەل

| تەرتىپى | كەسىپلەر | ئورۇن | كەسىپكار | تەرتىپى | كەسىپلەر | ئورۇن | كەسىپكار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | موزدوزلۇق | 1020 | 1075 | 24 | ئەينەكچىلىك | 3 | 3 |
| 2 | تۆمۈرچىلىك | 98 | 134 | 25 | قاداقچىلىق | 1 | 1 |
| 3 | تاۋاقچىلىق | 30 | 49 | 26 | چويلىچىلىق | 1 | 1 |
| 4 | ياغاچچىلىق | 91 | 119 | 27 | سۈپۈرگىچىلىك | 21 | 21 |
| 5 | تۇماقچىلىق، جۇۋىچىلىق | 147 | 153 | 28 | ئارقانچىلىق | 2 | 2 |
| 6 | تىككۈچىلىك | 157 | 184 | 29 | كىگىزچىلىك | 39 | 52 |
| 7 | تۇگمەنچىلىك | 662 | 809 | 30 | سوپۇنچىلىق | 14 | 19 |
| 8 | قولپىسازلىق | 11 | 11 | 31 | بوياقچىلىق | 103 | 203 |
| 9 | باپكارلىق | 611 | 633 | 32 | چەكمەنچىلىك | 1 | 1 |
| 10 | ئەپلەنچىلىك | 273 | 318 | 33 | زەرگەرلىك | 5 | 7 |
| 11 | جۇۋازچىلىق | 269 | 323 | 34 | قېلىپچىلىق | 1 | 1 |
| 12 | مىسكەرلىك | 36 | 43 | 35 | زەيتاپلىق | 1 | 1 |
| 13 | گۈگۈتچىلىق | 20 | 20 | 36 | دوپپىچىلىق | 3 | 3 |
| 14 | كەسكۈچىلىك | 163 | 178 | 37 | قاساپلىق | 7 | 3 |
| 15 | بورىچىلىق | 4 | 4 | 38 | قوشۇقچىلىق | 5 | 7 |
| 16 | سېۋەتچىلىك | 5 | 5 | 39 | بۆشۈكچىلىك | 1 | 5 |
| 17 | كىرسىنچىلىق | 4 | 4 | 40 | قازانچىلىق | 5 | 18 |
| 18 | ساتىراشچىلىق | 8 | 8 | 41 | ئارىچىلىق | 5 | 5 |
| 19 | ئاتقۇچىلىق | 8 | 8 | 42 | پىكچىلىك | 2 | 2 |
| 20 | نانچىلىق | 4 | 4 | 43 | خەلۋىچىلىك | 15 | 15 |
| 21 | ناغارچىلىق | 6 | 6 | 44 | كۈلچىلىق | 1 | 1 |
| 22 | ماتاچىلىق | 5 | 6 | 45 | چاقچىلىق | 1 | 1 |
| 23 | تۇنكىچىلىك | 5 | 5 | جەمئىي | | 3874 | 4467 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قول سانائەت ساھەسى بويىچە 1955 ـ يىلدىكى ئادەم ياللاش ۋە مەبلەغ ئەھۋالى

ئىقتىساد: 8 — 10 ـ جەدۋەل

| كەسپلەر | ئورۇن: ئومۇمىي سانى | ئورۇن: بۇنىڭ ئىچىدە يالانما ئىشچى | ئادەم: شۇ ئورۇندىكى ئادەم | ئادەم: يالانما ئىشچى | ئادەم: جەمئىي | ئىلكىدىكى مەبلەغ (يۈەن) | ئورۇنلارنىڭ ئىلكىدىكى مەبلەغ: 100 يۈەندىن تۆۋەنلەر | 100—300 يۈەنگىچە | 300—600 يۈەنگىچە | 600—1000 يۈەنگىچە | 1000—3000 يۈەنگىچە | 3000—5000 يۈەنگىچە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قازانچىلىق | 5 | 5 | 5 | 12 | 18 | 2919 | 2 | 3 | | | | |
| تۆمۈرچىلىك | 98 | 13 | 98 | 24 | 134 | 12340 | 46 | 46 | 3 | | | |
| موزدوزلۇق | 1020 | 41 | 1020 | 255 | 4075 | 59078 | 835 | 161 | | | | |
| تاۋاقچىلىق | 30 | 5 | 30 | 49 | 49 | 6184 | 16 | 12 | 1 | 1 | | |
| ياغاچچىلىق | 91 | 12 | 91 | 28 | 119 | 7161 | 69 | 20 | 2 | | | |
| تۇماقچىلىق، جۇۋىچىلىق | 147 | 4 | 147 | 6 | 153 | 14842 | 26 | 28 | 1 | 2 | | |
| تىككۈچىلىك | 157 | 17 | 157 | 27 | 184 | 38751 | 29 | 75 | 48 | 4 | 1 | |
| تۈگمەنچىلىك | 662 | 65 | 662 | 457 | 809 | 26131 | 7 | 383 | 136 | 78 | 40 | 18 |
| باپكارلىق | 611 | 22 | 661 | 22 | 663 | 1744 | 610 | 1 | | | | |
| ئەيلەمچىلىك | 273 | 36 | 273 | 45 | 318 | 65871 | 77 | 123 | 45 | 27 | 1 | |
| جۇۋازچىلىق | 269 | 54 | 269 | 54 | 323 | 58095 | | 239 | 39 | 1 | | |
| سېتىكچىلىك، كىگىزچىلىك، سوپۇنچىلىق | 360 | 132 | 360 | 330 | 690 | 56116 | 131 | 182 | 41 | 6 | | |
| يەككە ئائىلىلەر كەسپى 32 | 151 | | 151 | | 151 | 9043 | 141 | 6 | 1 | 2 | 2 | |
| جەمئىي | 3874 | 406 | 3924 | 1309 | 4886 | 358275 | 1989 | 1279 | 317 | 121 | 44 | 18 |

1956 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قول سانائەت ئورۇنلىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە قول سانائەت ئورنىدىن 3495ى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەشكىللىنىش ئارقىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئۆچۈن پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئورۇن 318 بولۇپ، قول سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ 9.1%نى، تەشكىللىنىپ شەھەر قورۇلۇشى ئەمگىكىگە قاتناشقان ئورۇن 683 بولۇپ، 19.54%نى ئىگىلىدى؛ 795 قول سانائەت ئورنى (22.75%نى ئىگىلەيدۇ) بىرلىك ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قوشۇمچە كەسىپ ئەمگىكىگە قاتناشتۇرۇلدى؛ قالغان 1699 ئورۇن (48.61%نى ئىگىلەيدۇ) بىۋاسىتە بىرلىك ئىگىلىك ئەمگىكىگە قاتناشتۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زور تۈركۈمدىكى قول سانائەتچى بىرلىك ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا يۆتكەلدى، ئۇلار بىرلىك ئىگىلىك-تېخنىكىسىنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەچكە، باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلدى، بۇ ھال قول

سانائەتچىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغا ۋە ئەمگەك ئاكتىپلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى، بازارلاردا بولسا قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالماسلىقتەك جىددىيلىك يۈز بەردى. 1957 - يىلى ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدىكى كەسىپىي قول سانائەتچىلەر ۋە قول سانائەت بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىۋاتقان (شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپكە بازار ئېھتىياجلىق بولسا) بىر قىسىم قول سانائەتچىلەرنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ، مۇستەقىل قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى (گۇرۇپپىسى) تەشكىللەشنى قارار قىلدى. توقۇمىچىلىق، موزدوزلۇق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك كەسپلىرى نۇقتىدا سىناق قىلىنىش ئارقىلىق ناھىيىدە رايونلار ۋە تۈركۈملەر بويىچە قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى. 1957 - يىل 9 - ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىدە رايون باشقۇرىدىغان، موزدوزلۇق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، كۆن - خۇرۇمچىلىق، تىككۈچىلىك، كىگىزچىلىكتىن ئىبارەت 6 كەسىپ بويىچە 36 ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى. كوپېراتىپ ئەزاسى 948گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە قول سانائەتنى كوپېراتىپلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئېشىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ قول سانائەتنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى — قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، رايون دەرىجىلىك قول سانائەت كوپېراتىپلىرى بىردەك زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى، ئۇلارنىڭ قورال - سايمان، ئۈسكۈنە، خادىم ۋە مەبلىغى زاۋۇتقا تەۋە بولدى، ئۇلارنى گۇڭشېلار بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى. چوڭ ئەترەتلەر باشقۇرىدىغان تۆمۈرچىلىك - ياغاچچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، تىككۈچىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىمۇ چوڭ ئەترەت باشقۇرىدىغان زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىدىكى 36 قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى 1557 زاۋۇتقا ئايرىلدى. ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 1959 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1962 - يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، «مۇبالىغىچىلىك» ۋە «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» تۈزىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە «كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتە بولۇش، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» تىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىن 30ى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىن كۆپ قېتىم تەڭشەش ئارقىلىق 1976 - يىلى ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، بەشكېرەم، قوغان قاتارلىق 4 گۇڭشې ۋە ئۇلارغا قاراشلىق قول سانائەت كوپېراتىپلىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قول سانائەت كوپېراتىپىدىن 15 ى قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تىككۈچىلىك كوپېراتىپى 5، ياغاچچىلىق كوپېراتىپى 2، كۆن - خۇرۇمچىلىق كوپېراتىپى 2، مېتالچىلىق كوپېراتىپى 5، توقۇمىچىلىق كوپېراتىپى بىر.

1977 - يىلى قول سانائەتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۆزگەردى، يېزىلاردىكى گۇڭشېلارغا تەۋە قول سانائەت كوپېراتىپلىرىنى گۇڭشې بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى. كېيىنكى يىلى گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ كارخانىلارغا كەسپىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلدى. ناھىيە بازىرىدا ئەسلى بار بولغان ياغاچچىلىق، مېتالچىلىق، تىككۈچىلىك، يۇڭ - تېرىچىلىك كوپېراتىپلىرىنى ناھىيىلىك يېنىك سانائەت - قول سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى. 1979 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى يۇڭ - تېرىچىلىك كوپېراتىپى ئىشتىن توختىدى.

1982 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ كوپېراتىپلاردا پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، «تۆتنى بېكىتىش، ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاش - جازالاش» (خادىمنى، مەھسۇلات

**1957 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قۇرۇلغان قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 8 — 11 - جەدۋەل

| قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى تۇرۇشلۇق جاي | كوپېراتىپ سانى | كەسپكارلار | شۇغۇللىنىدىغان كەسىپلەر |
|---|---|---|---|
| بەشكېرەم | 3 | 95 | تۆمۈرچىلىك، موزدوزلۇق، كۆنچىلىك |
| ئاۋات | 6 | 110 | ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق، تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، كىگىزچىلىك، كۆنچىلىك |
| يېڭىئۆستەڭ | 3 | 90 | موزدوزلۇق، تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك |
| قوغان | 2 | 60 | موزدوزلۇق |
| سەمەن | 2 | 40 | موزدوزلۇق، تىككۈچىلىك |
| ئەنگەر | 1 | 18 | موزدوزلۇق |
| كونئۆستەڭ | 3 | 100 | تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، موزدوزلۇق |
| زەمىن | 3 | 70 | تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، موزدوزلۇق |
| بۇلاقسۇ | 4 | 80 | تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، موزدوزلۇق، كۆنچىلىك |
| ئوپال | 3 | 60 | تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، موزدوزلۇق |
| تاشمىلىق | 3 | 65 | تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، موزدوزلۇق |
| توققۇزاق | 3 | 160 | موزدوزلۇق، ياغاچچىلىق |
| جەمئىي | 36 | 948 | |

مىقدارىنى، سېتىشنى، پايدىنى بېكىتىش؛ مەھسۇلات قىممىتىنى، سېتىشنى، پايدىنى ھۆددىگە بېرىش؛ قاتلاملار بويىچە توختام ئىمزالاش، كۆرسەتكۈچنى ئورۇندىغانلارنى ساپ پايدىنىڭ %10ى بىلەن مۇكاپاتلاش، كۆرسەتكۈچنى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ مائاشىدىن %5 تۇتۇپ قېلىش) تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كوپېراتىپلار يەنە پىلانلىق باشقۇرۇش، خام ئەشيا - ماتېرىيال باشقۇرۇش، مەھسۇلات باشقۇرۇش، ئۈسكۈنە باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش ۋە ستاتىستىكا، يوقلىما قىلىش قاتارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 1983 - يىلى قول سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %20، مەھسۇلات سېتىش سوممىسى %29، پايدا %26، باج %45، جامائەت فوندى %33، پاراۋانلىق فوندى %11 ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 72.52 يۈەندىن 85 يۈەنگە ئۆستى. 1984 - يىلى يېڭىدىن كۆندىلىك مېتال بۇيۇم ئىشلەش كوپېراتىپى بىلەن بىناكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدا قول سانائەت كوپېراتىپىدىن 5ى، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە ئۇلارنى ساتىدىغان تىجارەت ئورنىدىن بىرى بار بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە قول سانائەت كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىلكىدە مېتال قىرىش ئىستانوكى، بازغانلاش ئۈسكۈنىسى، ئېلېكتر كەپشەر، گاز كەپشەر، ياغاچچىلىق ماشىنىسى قاتارلىق ماتورلۇق ئۈسكۈنىدىن 72سى، ئاپتوموبىل، تراكتوردىن 6سى بار بولدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدا كىيىم - كېچەك زاۋۇتى،

قۆيمىچىلىق زاۋۇتى، مېتالچىلىق زاۋۇتى، ياغاچچىلىق زاۋۇتى، بىناكارلىق شىركىتى، تەمىنلەش - سېتىش تىجارەت ئورنى، مىللىيلارغا كېرەكلىك كۆندىلىك بۇيۇملار زاۋۇتى، ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتىدىن ئىبارەت 8 قول سانائەت كوپىراتىپى بار بولدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى قول سانائەت كوپىراتىپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئومۇمىي ئەھۋالى

ئىقتىساد: 8 — 12 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | كوپىراتىپ سانى | يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات تۈرى | يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا (تۈمەن يۈەن) | تاپشۇرۇلغان باج (يۈەن) | يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باشقۇرۇش ھەققى (يۈەن) | جامائەت جۇغلانمىسى (تۈمەن يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈك (تۈمەن يۈەن) | 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى پايدا (يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى | يىللىق ئوتتۇرىچە مائاش (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 4 | 20.3 | 44 | 927 | 1199 | 963 | 0.49 | 1.35 | 3.40 | 142 | 325 |
| 1965 | 4 | 24.8 | 79 | 737 | 14280 | 442 | 4.03 | 2.89 | 4.30 | 153 | 360 |
| 1970 | 4 | 29.4 | 123 | 1044 | 7800 | 2830 | 5.11 | 6.31 | 3.80 | 150 | 380 |
| 1975 | 4 | 40.8 | 171 | 2385 | 10526 | 2456 | 17.31 | 8.11 | 5.1 | 162 | 480 |
| 1980 | 3 | 48.4 | 199 | 3000 | 21500 | 6100 | 31.93 | 22.44 | 2 | 181 | |
| 1985 | 5 | 74.4 | | | 25000 | 11000 | 41.5 | 34.5 | | 231 | 1100 |
| 1990 | 8 | 74.3 | | | 4000 | | | | | 174 | |

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە قول سانائەت كوپىراتىپلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى

ئىقتىساد: 8 — 13 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | كوپىراتىپ سانى | ئىشچى - خىزمەتچى | | | يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سانائەت تارماقلىرىنىڭ تۈرلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي خادىم | باشقۇرغۇچى خادىم | ئىشلەپچىقارغۇچى خادىم | | |
| 1962 | 30 | 657 | | | 116.8 | |
| 1965 | 29 | 682 | | | 104.2 | |
| 1970 | 27 | 611 | 47 | 564 | 115.5 | تىككۈچىلىك كارخانىسى 8، ياغاچچىلىق كارخانىسى 2، كۆن - خۇرۇم كارخانىسى 7، مېتالچىلىق كارخانىسى 8، توقۇمىچىلىق كارخانىسى 2 |
| 1975 | 27 | 523 | 43 | 480 | 32 | تىككۈچىلىك كارخانىسى 9، ياغاچچىلىق كارخانىسى 2، كۆن - خۇرۇم كارخانىسى 6، مېتالچىلىق كارخانىسى 8، توقۇمىچىلىق كارخانىسى 2 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 3 | 185 | 20 | 165 | 49.6 | مېتاللچىلىق كارخانىسى، ياغاچچىلىق كارخانىسى، تىككۈچىلىك كارخانىسى، كۈندىلىك مېتال بۇيۇملار كارخانىسى، بىناكارلىق كارخانىلىرى بىردىن |
| 1985 | 5 | 231 | | | 74.4 | |
| 1990 | 8 | 174 | | | 74.3 | تەمىنات ـ سودا تىجارەت بۆلۈمى، كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى، قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، مېتال بۇيۇملار زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىيال زاۋۇتى، بىناكارلىق شىركىتى، سىللىيلار ئېھتىياجلىق كۈندىلىك بۇيۇملار كارخانىسى، ھۈنەر ـ سەنئەت زاۋۇتلىرى بىردىن |

## 3. ئاساسلىق داڭلىق مەھسۇلاتلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) ياغاچ ئۆي جاھازلىرى ياغاچچىلىق كوپىراتىپى ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ئۆي جاھازلىرى پاسىلىشى سىلىق، سۈپىتى تۇراقلىق، پاسونى يېڭى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سېتىلىدۇ. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1000 يۈرۈشتىن، مەھسۇلات قىممىتى 65 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

2) مەش 1965 ـ يىلى مېتاللچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ئىشچىلىرى بېيجىڭنىڭ چويۇن مېشىنى ئەندىزە قىلىش ھەمدە كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەش شەكلىنى بېكىتكەن. بۇخىل مەش كۆمۈر تېجەش، شامال ئۆتۈشۈشى ياخشى بولۇش، ئىس راۋان مېڭىش، يېقىلغۇ تولۇق كۆيۈش، ياخشى ئىسسىتىش، كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مەش بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى، ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان بازارلىق مەھسۇلات بولۇپ كەلمەكتە. 1976 ـ يىلى 174 دانە ئىشلەپچىقىرىلغانىدى، 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە 4400 دانە ئىشلەپچىقىرىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە سېتىلدى.

3) ئالىيۇمىن كورا بۇ مەھسۇلات 1971 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. كېرەكسىز پورشېن، سېلىندىر قاپقىقى قاتارلىق ئالىيۇمىن بۇيۇملار خام ئەشيا قىلىنىپ، مانتا كورىسى، تۇۋاق يۇمىلاق كورا، تۈز تاۋا قاتارلىق 12 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ مەھسۇلاتلار خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ خىل مەھسۇلات نېپىز ھەم تەكشى، پۇختا ھەم يېنىك، سىرتى پارقىراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يىلىغا 5500 دىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا سېتىلىدۇ. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، بىر قىسىم ئالىيۇمىن كورىلار ئېكسپورت قىلىندى. 1985 ـ يىلى پاكىستانغا 1000 دىن ئارتۇق تاۋا سېتىلىپ، خەلق پۇلى ھېسابىدا 6000 يۈەندىن ئارتۇق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى.

## § 3. يېزا ـ بازار كارخانىسى

### 1. ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى

يېزا ـ بازار كارخانىسى (گۇڭشې ـ ئەترەت كارخانىسى) نى دەسلەپتە خەلق گۇڭشېسى باشقۇراتتى، ئۇنىڭغا

دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسى (بۆلۈمى) كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلاتتى. 1978 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، ئۇ كونكرېت كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1980 ـ يىلى كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلدى، 6 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى. 1984 ـ يىلى كومىتېتنىڭ يېزا ـ بازارغا ئۆزگەرتىلىشىگە ئەگىشىپ، كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى دەپ ئاتالدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 6 دىن 10غا كۆپەيدى. 1990 ـ يىلى ئىدارە بويىچە 9 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى.

## 2. تەرەققىيات ئەھۋالى

ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىسى (كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىسى) دەسلەپتە 1958 ـ يىلدىكى خەلق كومىتېتى قۇرۇلغان مەزگىلدە بارلىققا كەلگەنىدى. ئەينى چاغدا كومىتېت ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى بوزيەر ئېچىش دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا تەشكىللىدى؛ چوڭ ئەترەتلەر قول سانائەتچىلەرنى تىككۈچىلىك گۇرۇپپىسى، موزدوزلۇق گۇرۇپپىسى، تۆمۈرچىلىك گۇرۇپپىسى، ياغاچچىلىق گۇرۇپپىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇشقا تەشكىللىدى. 70 ـ يىللاردا كومىتېتلار يەنە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى دەۋر قىلىپ ئۇن زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ سەپلەش زاۋۇتى، كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى، مېۋە ـ چېۋە پىششىقلاش زاۋۇتى، گىلەم زاۋۇتى، تۇز زاۋۇتى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە توقۇمىچىلىق، بالىقچىلىق ۋە تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. 1977 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىسى 356 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كومىتېت دەرىجىلىكى 52، چوڭ ئەترەت كارخانىسى 304، كەسىپكار 1210، ئومۇمىي كىرىمى 987 مىڭ 900 يۈەن. 1978 ـ يىلى كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ناھىيە بويىچە كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 639 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، يېزىلارنىڭ 3 دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %9.56نى ئىگىلىدى. 1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىسى 581 گە، كەسىپكارى 3862 گە يەتتى، ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردىكى 3 دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمنىڭ %12.09نى ئىگىلىدى. ئەينى چاغدا كومىتېت ـ ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق ئىدى: باقمىچىلىق كارخانىسى 155 بولۇپ، بارلىق كارخانىنىڭ %26.68نى؛ سانائەت كارخانىسى 304 بولۇپ، %52.32نى؛ بىناكارلىق كارخانىسى 67 بولۇپ، %11.53 نى؛ باشقا كارخانا 55 بولۇپ، %9.47نى ئىگىلىگەنىدى. شۇ يىلى تەرتىپكە سېلىش، تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش باشلاندى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىسىدىن 239ى، كەسىپكاردىن 2236سى بار بولدى، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليون 394 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردىكى 3 دەرىجىلىك كىرىمنىڭ %5.54نى ئىگىلىدى. كارخانىلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: باقمىچىلىق كارخانىسى %24.69نى؛ سانائەت كارخانىسى %49.79نى، قاتناش ـ ترانسپورت كارخانىسى %18.83نى، بىناكارلىق كارخانىسى ۋە باشقا كارخانىلار %6.69نى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ يېزا ـ بازار كارخانىسى 193كە، كەسىپكارى 2356گە يەتتى، ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 1.49 ھەسسە ئاشتى، سانائەت ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 1 مىليون 273 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسىي ئەھۋالى

ئىقتىساد: 8 — 14 - جەدۋەل

| يىللار | تۈرلەر | كارخانا | | | كارخانىدىكى خادىم | | | ئومۇمىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | گۇڭشې (يېزا) | چوڭ ئەترەت (كەنت) | جەمئىي | گۇڭشې (يېزا) | چوڭ ئەترەت (كەنت) | جەمئىي | گۇڭشې (يېزا) | چوڭ ئەترەت (كەنت) |
| 1979 | جەمئىي | 581 | 124 | 457 | 3861 | 1081 | 2781 | 347 | 184 | 163 |
| | تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق | 155 | 49 | 106 | 205 | 155 | 50 | 51 | 20 | 31 |
| | سانائەت | 304 | 66 | 238 | 2480 | 849 | 1631 | 201 | 131 | 70 |
| | بىناكارلىق | 67 | 4 | 63 | 286 | 35 | 251 | 60 | 25 | 35 |
| | باشقا كارخانىلار | 55 | 5 | 50 | 890 | 42 | 848 | 35 | 8 | 27 |
| 1981 | جەمئىي | 214 | 71 | 142 | 2077 | 1261 | 816 | 238.10 | 133.6 | 104.74 |
| | تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق | 28 | 16 | 12 | 548 | 450 | 98 | 27.23 | 17.40 | 9.83 |
| | سانائەت | 112 | 33 | 79 | 775 | 406 | 369 | 70.72 | 32.10 | 38.62 |
| | قاتناش - ترانسپورت | 24 | 15 | 9 | 221 | 176 | 45 | 53.08 | 44.69 | 8.39 |
| | بىناكارلىق | 15 | 5 | 10 | 348 | 202 | 146 | 67.67 | 35.71 | 31.96 |
| | باشقا كارخانىلار | 35 | 2 | 33 | 185 | 27 | 158 | 19.40 | 3.46 | 15.94 |
| 1983 | جەمئىي | 227 | 78 | 149 | 2314 | 1126 | 1188 | 365.79 | 225.43 | 140.36 |
| | تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق | 99 | 16 | 83 | 1098 | 403 | 695 | 57.84 | 17.56 | 40.28 |
| | سانائەت | 70 | 43 | 27 | 434 | 294 | 140 | 126.51 | 93.85 | 32.66 |
| | قاتناش - ترانسپورت | 17 | 5 | 12 | 85 | 16 | 69 | 29.15 | 11.46 | 17.69 |
| | بىناكارلىق | 16 | 10 | 6 | 556 | 402 | 154 | 141.54 | 100.88 | 40.66 |
| | باشقا كارخانىلار | 25 | 4 | 21 | 141 | 11 | 130 | 10.75 | 1.68 | 9.07 |
| 1985 | جەمئىي | 239 | 94 | 145 | 2236 | 1432 | 804 | 439.4 | 331.8 | 107.6 |
| | تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق | 59 | 14 | 45 | 506 | 225 | 281 | 35.5 | 15.8 | 19.7 |
| | سانائەت | 119 | 53 | 66 | 895 | 538 | 357 | 143 | 95.9 | 47.1 |
| | قاتناش - ترانسپورت | 45 | 13 | 32 | 167 | 27 | 140 | 53.5 | 20.8 | 32.7 |
| | بىناكارلىق | 10 | 9 | 1 | 653 | 632 | 21 | 205.1 | 197.3 | 7.8 |
| | باشقا كارخانىلار | 6 | 5 | 1 | 15 | 10 | 5 | 2.3 | 2 | 0.3 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | جەمئىي | 238 | 109 | 129 | 1972 | 1466 | 506 | 597.1 | 498.3 | 60.1 |
| | يېزا ئىگىلىكى | 54 | 19 | 35 | 413 | 199 | 214 | 25.5 | 12.5 | 13 |
| | سانائەت | 121 | 59 | 62 | 871 | 669 | 202 | 200.4 | 179.3 | 21.1 |
| | بىناكارلىق | 14 | 13 | 1 | 552 | 539 | 13 | 277.9 | 274.9 | 3 |
| | قاتناش | 37 | 14 | 23 | 108 | 49 | 59 | 33.5 | 16.8 | 16.7 |
| | سودا، يېمەك - ئىچمەك | 1 | 1 | | 2 | 2 | | 0.2 | 0.2 | |
| | مۇلازىمەت | 6 | 3 | 3 | 11 | 8 | 3 | 57.6 | 14.6 | 43 |
| | باشقا كارخانىلار | 5 | | 5 | 15 | | 15 | 2 | | 2 |
| 1987 | جەمئىي | 277 | 122 | 155 | 1817 | 1415 | 402 | 781.7 | 665.9 | 115.8 |
| | يېزا ئىگىلىكى | 65 | 18 | 47 | 302 | 153 | 149 | 55.5 | 36.5 | 19 |
| | سانائەت | 153 | 69 | 84 | 634 | 471 | 163 | 124.4 | 69.1 | 55.3 |
| | قاتناش | 32 | 10 | 22 | 103 | 60 | 43 | 26.4 | 17.4 | 9 |
| | بىناكارلىق | 17 | 15 | 2 | 753 | 706 | 47 | 569.3 | 536.8 | 32.5 |
| | باشقا كارخانىلار | 10 | 10 | | 25 | 25 | | 6.1 | 6.1 | |
| 1988 | جەمئىي | 280 | 125 | 155 | 1745 | 1198 | 547 | 734.9 | 617.8 | 117.1 |
| | يېزا ئىگىلىكى | 65 | 18 | 47 | 317 | 164 | 153 | 51.1 | 36.7 | 14.4 |
| | سانائەت | 154 | 70 | 84 | 879 | 582 | 297 | 149.2 | 94.6 | 54.6 |
| | بىناكارلىق | 17 | 15 | 2 | 397 | 347 | 50 | 484.8 | 450.1 | 34.7 |
| | قاتناش | 32 | 10 | 22 | 111 | 64 | 47 | 27.1 | 13.7 | 13.4 |
| | سودا، يېمەك - ئىچمەك | 10 | 10 | | 31 | 31 | | 8.8 | 8.8 | |
| | باشقا كارخانىلار | 2 | 2 | | 10 | 10 | | 13.9 | 13.9 | |
| 1989 | جەمئىي | 230 | 121 | 109 | 3749 | 3373 | 376 | 675 | 592 | 83 |
| | يېزا ئىگىلىكى | 51 | 16 | 35 | 277 | 165 | 112 | 58 | 24 | 34 |
| | سانائەت | 73 | 45 | 28 | 2280 | 2140 | 140 | 351 | 325 | 26 |
| | بىناكارلىق | 15 | 15 | | 957 | 957 | | 171 | 171 | |
| | قاتناش | 27 | 17 | 10 | 77 | 33 | 44 | 32 | 19 | 13 |
| | سودا، يېمەك - ئىچمەك | 12 | 10 | 2 | 33 | 29 | 4 | 10 | 9 | 1 |
| | مۇلازىمەت | 25 | 11 | 14 | 67 | 37 | 30 | 25 | 20 | 5 |
| | باشقا كارخانىلار | 27 | 7 | 20 | 58 | 12 | 46 | 28 | 24 | 4 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | جەمئىي | 5 | 5 | | 139 | 139 | | 26.4 | 26.4 | |
| | يېزا ئىگىلىكى | 3 | 3 | | 29 | 29 | | 16.9 | 16.9 | |
| | سانائەت | 1 | 1 | | 20 | 20 | | 4.5 | 4.5 | |
| | قاتناش - ترانسپورت | | | | | | | | | |
| | بىناكارلىق | 1 | 1 | | 90 | 90 | | 5 | 5 | |
| | باشقا كارخانىلار | | | | | | | | | |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى 1990- يىللىق مەلۇماتنىڭ يىغىندىسى تولۇقسىز مەلۇمات بولۇپ، ئۈچ تۈرلۈك سانلىق ماتېرىيال كەم، شۇڭا تېكستتىكى سانغا ماس كەلمەيدۇ.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئۈنۈمى

ئىقتىساد: 8 — 15 - جەدۋەل

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | تۈرلەر | ئومۇمىي كىرىم | خىراجەت چىقىمى | دۆلەت بېجى | ساپ پايدا | ئومۇمىي مائاش | تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى | تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى | ئىشلىتىلگەن تۇراقسىز مەبلەغ | بانكىنىڭ قەرز پۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | جەمئىي | 347 | 156 | 18 | 81 | 92 | 550 | 262 | 50 | 135 |
| | گۇڭشې | 184 | 100 | 18 | 9 | 57 | 350 | 150 | 32 | 95 |
| | چوڭ ئەترەت | 163 | 56 | | 72 | 35 | 200 | 112 | 18 | 40 |
| 1981 | جەمئىي | 238.34 | 191.17 | 4.63 | 42.29 | 47.15 | 981.55 | 942.51 | 16.30 | 187.12 |
| | گۇڭشې | 133.36 | 113.77 | 2.13 | 17.48 | 26.39 | 745.08 | 722.45 | 15.46 | 140.82 |
| | چوڭ ئەترەت | 104.74 | 77.40 | 2.52 | 24.81 | 20.76 | 236.47 | 220.06 | 0.84 | 46.30 |
| 1983 | جەمئىي | 365.79 | 274.77 | 10.49 | 80.53 | 90.58 | 796.55 | 755.63 | 41.59 | 95.94 |
| | گۇڭشې | 225.43 | 184.9 | 8.31 | 32.22 | 70.11 | 614.89 | 580.93 | 29.46 | 87.16 |
| | چوڭ ئەترەت | 140.36 | 89.87 | 2.18 | 48.31 | 20.47 | 181.66 | 174.7 | 12.13 | 8.78 |
| 1985 | جەمئىي | 439.4 | 330.4 | 22.4 | 86.6 | 134.2 | 777.10 | 764.4 | 16.5 | 79.9 |
| | يېزا- بازار | 331.7 | 272.9 | 17.2 | 53.3 | 109.7 | 634 | 624.3 | 11 | 77.2 |
| | مەمۇرىي كەنت | 107.7 | 57.5 | 5.2 | 33.3 | 24.5 | 143.1 | 140.1 | 5.5 | 2.7 |
| 1986 | جەمئىي | 558.4 | 445 | 24 | 88 | 142 | 780 | 771 | 12 | 32 |
| | يېزا - بازار | 498.3 | 406 | 22 | 69 | 128 | 634 | 626 | 11 | 32 |
| | مەمۇرىي كەنت | 60.1 | 39 | 2 | 19 | 14 | 146 | 145 | 1 | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | جەمئىي | 781.6 | 365 | 46 | 68 | 123 | 806 | 758 | 99 | 35 |
| | يېزا - بازار | 665.9 | 306 | 16 | 60 | 114 | 687 | 640 | 78 | 35 |
| | مەمۇرىي كەنت | 115.9 | 59 | 30 | 8 | 9 | 119 | 118 | 21 | |
| 1988 | جەمئىي | 734.9 | 389 | 47 | 114 | 226 | 977 | 969 | 211 | 135 |
| | يېزا - بازار | 617.8 | 340 | 40 | 90 | 199 | 858 | 851 | 185 | 20 |
| | مەمۇرىي كەنت | 117.1 | 49 | 7 | 24 | 27 | 119 | 118 | 26 | 15 |
| 1989 | جەمئىي | 675 | 561 | 26 | 23 | 250 | 1250 | 1244 | 137 | 137 |
| | يېزا - بازار | 592 | 421 | 19 | 17 | 240 | 1034 | 1030 | 130 | 130 |
| | مەمۇرىي كەنت | 83 | 140 | 7 | 6 | 10 | 216 | 214 | 7 | 7 |
| 1990 | جەمئىي | 548 | 961 | 35 | 127.33 | 254 | 1009 | 993 | | 70 |
| | يېزا - بازار | 510 | 909 | 32 | 110 | 241 | 880 | 868 | | 70 |
| | مەمۇرىي كەنت | 38 | 52 | 3 | 23 | 13 | 129 | 125 | | |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار (گۆڭشې - ئەترەت) كارخانىلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى (1)

ئىقتىساد: 8 — 16 - جەدۋەل

| يىللار | كارخانا قۇرۇن | ئالتۇن (سەر) | تارقىتىلغان توك (تۈمەن كىلوۋات سائەت) | چويۇن قازان | تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى (تۈمەن دانە) | ياغاچ دېھقانچىلىق سايمانلىرى (تۈمەن دانە) | خىش (تۈمەن دانە) | تۇز (توننا) | مۇز بېغى (توننا) | پىششىقلانغان ئاشلىق (توننا) | ياغاچ (توننا) | ئۆي ، ئىمارەت قۇرۇلۇش (كۋادرات مېتىر) | قۇرۇق مېۋە (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | جەمئىي | | | | 0.3 | | 322 | | | 7590 | 324000 | | |
| | گۆڭشې | | | | | | | | | | | | |
| | چولاق ئەترەت | | | | | | | | | | | | |
| 1981 | جەمئىي | | 81.88 | 30 | 0.43 | 0.50 | 40 | 2200 | 130 | 6154.7 | 1160 | | 1.25 |
| | گۆڭشې | | 71.88 | 30 | 0.37 | 0.50 | 40 | 2200 | 80 | 4676.35 | 1160 | | 0.25 |
| | چولاق ئەترەت | | 10 | | 0.06 | | | | 50 | 1478.35 | | | 1 |
| 1983 | جەمئىي | 3.3 | 164.1 | | 1.75 | 1 | 690 | 2150 | 19 | 22800 | 1050 | | 47 |
| | يېزا - بازار | 3.3 | 156.7 | | 1.72 | 0.99 | 570 | 2158 | 19 | 17165 | 950 | | 28 |
| | مەمۇرىي كەنت | | 7.4 | | 0.03 | 0.01 | 120 | | | 5635 | 100 | | 19 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | جەمئىي | | 165.4 | | 1.7 | 0.7 | 130 | 192 | 4.2 | 8726 | | 5640 | |
| | يېزا - بازار | | 165.4 | | 1.7 | 0.7 | 110 | 192 | 2.7 | 6076 | | 5640 | |
| | مەمۇرىي كەنت | | | | | | 200 | | 1.5 | 2650 | | | |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار (گۇڭشې - ئەترەت) كارخانىلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى (2)

ئىقتىساد: 8 — 17 - جەدۋەل

| يىللار | كارخانا تۈرى | كىيىم - كېچەك | تارقىتىلغان توك (تۈمەن كىلوۋات سائەت) | ئۇن مەھسۇلاتى (توننا) | تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى (تۈمەن دانە) | ياغاچ دېھقانچىلىق سايمانلىرى (تۈمەن دانە) | چارۋا | خىش (تۈمەن دانە) | تۇز (توننا) | ئۇن يېغى (توننا) | پىششىقلانغان ئاشلىق (توننا) | ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | جەمئىي | 10000 | 487 | 4 | 1 | 1 | 1200 | 1875 | 1040 | 618 | 5426 | 7590 |
| | يېزا - بازار | 10000 | 477 | 4 | 1 | 1 | 1200 | 1875 | 1040 | 146 | 2863 | 7590 |
| | مەمۇرىي كەنت | | 10 | | | | | | | 472 | 2563 | |
| 1987 | جەمئىي | | 510 | 4.5 | 10.5 | 12 | 1500 | 2500 | 1100 | 350 | 5780 | 35600 |
| | يېزا - بازار | | 490 | 4.5 | 10.5 | 12 | 1500 | 2500 | 1100 | 200 | 3190 | 35600 |
| | مەمۇرىي كەنت | | 20 | | | | | | | 150 | 2590 | |
| 1988 | جەمئىي | 1900 | 521.5 | 5.74 | 11.65 | 12.91 | 6320 | 3140 | 123.8 | 350 | 5602.8 | 10400 |
| | يېزا - بازار | 1500 | 500 | 5.74 | 11.65 | 12.91 | 3810 | 3140 | 123.8 | 200 | 3190 | 10400 |
| | مەمۇرىي كەنت | 400 | 21.5 | | | | 2510 | | | 150 | 2412.8 | |
| 1989 | جەمئىي | 1500 | 525.7 | 3.42 | 14.5 | 15.2 | 7900 | 2780 | 600 | 370 | 5834.5 | 20800 |
| | يېزا - بازار | 1500 | 497 | 3.42 | 14.5 | 15.2 | 4100 | 2780 | 600 | 200 | 35007 | 20800 |
| | مەمۇرىي كەنت | | 28.7 | | | | 3800 | | | 170 | 233.8 | |
| 1990 | جەمئىي | 11000 | 156.5 | 12 | 7500 | 3400 | 300 | 2100 | 3050 | 7 | 1330 | 11900 |
| | يېزا - بازار | 11000 | 106.5 | 12 | 7500 | 2000 | | 2100 | | 3 | 386 | 11900 |
| | مەمۇرىي كەنت | | 50 | | | 1400 | | | | 4 | 944 | |

## 3. ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى

ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى 9 خىل:

1) ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىلىرى 1981 - يىلى گۆشكىچ - ئەترەتلەر يېگىچە ئۈن زاۋۇتىدىن 20نى قۇردى، ناھىيە بويىچە 118 توك تۈگمىنى، 566 سۇ تۈگمىنى، 112 سوقا بار بولۇپ، يىللىق پىششىقلاش ئىقتىدارى 125 مىڭ توننىغا يەتتى. 1990 - يىلى يېزا - بازارلار 9 ئۈن زاۋۇتى قۇردى، 36 ئۈن تارتىش ماشىنىسى بار بولۇپ، بىر يىلدا 1330 توننا ئۈن تارتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئەمەلىي پىششىقلاش ئىقتىدارى 30 مىڭ 40 توننىغا يەتتى.

2) پاختا چىقىرىش كارخانىلىرى 1981 - يىلى چوڭ، ئوتتۇراھال پاختا زاۋۇتىدىن 9ى، كىچىك پاختا زاۋۇتىدىن 31ى بولۇپ، يىللىق پاختا چىقىرىش ئىقتىدارى 8000 توننا ئىدى. 1990 - يىلى يېزا - بازار باشقۇرغان پاختا زاۋۇتىدىن بىرى بار بولۇپ، 572 توننا پاختا چىقاردى، ئۇنىڭ يىللىق پاختا چىقىرىش ئىقتىدارى 650 توننا.

3) ياغ تارتىش كارخانىلىرى 1981 - يىلى ماتورلۇق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 37 سى بار بولۇپ، يىللىق ياغ تارتىش ئىقتىدارى 200 توننا ئىدى؛ يەرلىك جۇۋاز 983 بولۇپ، يىلىغا 122 توننا ياغ تارتتى، ئىككىسىنى قوشقاندا ياغ تارتىش ئىقتىدارى 322 توننىغا يېتىدۇ.

4) ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كارخانىلىرى 1981 - يىلى كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن 3ى بار بولۇپ، گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 1337 كىلوۋات، يىللىق توك بېرىش ئىقتىدارى 4 مىليون كىلوۋات سائەت ئىدى. 1990 - يىلى يېزا - بازارلار باشقۇرغان كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسى 8گە، يىللىق توك بېرىش مىقدارى 1 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، يىللىق توك بېرىش ئىقتىدارى 8 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

5) ترانسپورت كارخانىلىرى 1981 - يىلى يۈك ئاپتوموبىلىدىن 53ى، چاقلىق تراكتوردىن 205ى، پرىتسېپتىن 221ى بار بولۇپ، ئومۇمىي توننا-كىلومېتىر تەخمىنەن 875 توننىغا يېتىدۇ.

6) بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرى 1981 - يىلى خىش زاۋۇتىدىن 12 سى بار بولۇپ، يىلىغا 9 مىليون دانە خىش ئىشلەپچىقاردى؛ 2 شېغىل زاۋۇتى بار بولۇپ، يىلىغا 600 كۇب مېتىر شېغىل - تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقاردى؛ بىر ھاك زاۋۇتى بار بولۇپ، يىلىغا 50 توننا ھاك ئىشلەپچىقاردى. 1990 - يىلى يېزا - بازارلار باشقۇرغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى خىش زاۋۇتىدىن 6 سى بار بولۇپ، يىلىغا 33 مىليون 309 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقاردى، يىللىق ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 39 مىليون 250 مىڭ دانىگە يەتتى؛ سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتىدىن 3 ى بار بولۇپ، يىلىغا 730.9 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقاردى، يىللىق ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 770 كۇب مېتىرغا يەتتى.

7) بىناكارلىق كارخانىلىرى 1981 - يىلى 17 بىناكارلىق ئەترىتى، 963 كەسپكار بار بولدى، بۇ ئەترەتلەرنىڭ يىللىق كېسەك - ياغاچ، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي - ئىمارەت سېلىش ئىقتىدارى 40 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

8) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى 1981 - يىلى 14 تراكتور پونكىتى، 302 چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور بار بولدى، تراكتورلارنىڭ قۇۋۋىتى 2522.52 كىلوۋاتقا يەتتى. 1990- يىلى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 356 گە، قۇۋۋىتى 12 مىڭ 70.91 كىلوۋاتقا يەتتى.

9) ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش

ۋە رېمونت قىلىش كارخانىلىرى  1981 - يىلى گۈزگىچە ئاشقورغان رېمونت زاۋۇتى، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن 14ى بار بولۇپ، بىر يىلدا ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن تەخمىنەن 100 مىڭنى ئىشلەپچىقاردى. 1990 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرى 3050 تونىنا تۇز، 40 تونىنا قايتا ئىشلەنگەن تۇز، 9 تونىنا شىرشىم خورماقاق، 6490 قۇر كىيىم - كېچەك، 365 تونىنا يىپ، 1750 دانە گىلەم، 140 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 8000 پارچە شال، 22 مىڭ 900 دانە ياغاچ دېھقانچىلىق سايمىنى، 6000 دانە تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمىنى، 546 چويۇن قازان، 190 تونىنا قوغۇشۇن ئىشلەپچىقاردى.

## 4. ئىگىلىك باشقۇرۇش

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا ئاساسەن مۇنداق 4 خىل شەكىل قوللىنىلدى، بىرىنچى، پايدىنى ھۆددىگە بېرىش، يەنى بەلگىلىمە بويىچە ئامورتىزاتسىيە خىراجىتى، باشقۇرۇش ھەققى، پايدا، باجنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئارتۇق سومما ھۆددە ئالغۇچىغا تەۋە بولۇش، زىيان تارتسا ھۆددىگەر تولۇق تۆلەش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى ھۆددىگەر ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئىش بېشى مائاشى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ ئۈچىنچى، تۇراقلىق مائاشقا مۇكاپات قوشۇپ بېرىش؛ تۆتىنچى، كارخانا ھۆددىگە بېرىش، پايدىنى تولۇق تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان سومما ھۆددىگەرگە تەۋە بولۇش.

1981 - يىلى گۈزگىچە - ئەترەت كارخانىلىرى تەرتىپكە سېلىندى، 56 گۈزگىچە - ئەترەت كارخانىسى يەككە تۈر بويىچە تەرتىپكە سېلىندى، 47 كارخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىندى، 52 كارخانا تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق تاقالدى ياكى باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى، تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا پۇل، ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىندى.

ناھىيىلىك گۈزگىچە - ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى بىلەن ھەر قايسى گۈزگىچىلار كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن 1981 - يىلى كۇرس ئېچىپ، ھەرخىل كەسپىي خادىمدىن 83نى تەربىيىلىدى. 1983 - يىلى 252 ئادەم تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا باشقۇرۇش خادىمى 81، بوغالتىر 93، ستاتىستىكىچى 31، تېخنىك خادىم 47. 1984 - يىلى كارخانا بوغالتىرلىرى كەسپىي بىلىم ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 1986 — 1990 - يىللىرىچە تۈرلۈك ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى پەيدىنپەي ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەسئۇلىيەت ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئېنىق ئىش تەقسىم قىلىنىپ، باشقۇرۇش تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، خېلى كۈچلۈك مەشغۇلاتچانلىق بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئەشۇ مەزگىلدە دادىللىق بىلەن ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 141ى كىرگۈزۈلدى، 160 تېخنىك ئىشچى تەربىيىلەندى، 9 ياردەمچى ئىنژېنېر، 18 تېخنىك، 7 ياردەمچى بوغالتىر، 4 بوغالتېر، 6 ياردەمچى ئىقتىسادچى، 7 ئىقتىسادچى، 2 ستاتىستىكىچى باھالاندى.

# IX باب

# قاتناش - ترانسپورت

چىن، غەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ئىدى، يىپەك يولى مۇشۇ زېمىندىن ئۆتەتتى. بۇ يەردىن شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، غەربتە

كۆكئارت ئارقىلىق فەرغانە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارغا، غەربىي جەنۇبتا پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ كەشمىر ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولاتتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىدا مېڭىشقا تېگىشلىك يوللار ئەگرى - بۈگرى توپا يول ئىدى، يۈك - تاقلار تۆگە ۋە باشقا ئۇلاغلارغا ئارتىپ توشۇلاتتى، ئادەملەر پىيادە ماڭاتتى. بۇ يوللاردا مېڭىش ئىنتايىن تەس ئىدى. مىنگو دەۋرىدە ئۈرۈمچىدىن ناھىيە تەۋەسى ئارقىلىق خوتەنگە بارىدىغان يول ياسىلىپ، ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە، خوتەندىن ئۈرۈمچىگە ئاپتوموبىل قاتنىشى باشلاندى. ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى يوللار توپا يول بولۇپ، ھارۋىلارلا ماڭالايتتى؛ تاغلىق رايونلاردىن ئۆتىدىغان يوللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللار بولۇپ، بۇ يوللاردا نەرسە - كېرەك ئاساسەن ئېشەك، ئات، تۆگە، قوتازلار بىلەن توشۇلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللاردا كونا يوللارنى تۈزەش ئاساس قىلىنىپ، ئەگرى جايلار ئۈدۈللاندى، ئېگىز - پەس جايلار تۈزلەندى، كۆۋرۈك - سۇڭگۈچلەر ياسالدى. 1959 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 325 كىلومېتىر كېلىدىغان 9 ئاددىي يول تۈزەشتۈرۈلدى، 4 كۆۋرۈك (ياغاچ كۆۋرۈك) سېلىندى، ناھىيە بازىرىدىن قەشقەر شەھىرىگىچە مۇقىم ئۆۋەتچى ئاپتوبۇس قاتنىشى باشلاندى، بۇنىڭ بىلەن قاتناش ئەھۋالى ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان دۆلەت يولى — ئۈرۈمچى - قۇنجىراپ تاشيولى ياسالدى. 60 - يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» (ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى) قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇلۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاش ئارقىلىق بازار، يېزا يول قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. 1965 - يىلىلا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 320 كىلومېتىر كېلىدىغان ھەر دەرىجىلىك يولدىن 233 ى ياسالدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، قاتناش قۇرۇلۇشى بىرمەزگىل توختاپ قالدى. 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە «دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ئاز شۇغۇللىنىش، دېھقانچىلىقنىڭ ئارسال مەزگىلىدە كۆپ شۇغۇللىنىش»تىن ئىبارەت يېزا يول قۇرۇلۇشى فاڭجېنىغا ئاساسەن، قاتناش ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ياسالغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1377.93 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە - يېزا تاشيولى 17، ئۇزۇنلۇقى 434 كىلومېتىر؛ يېزا - كەنت يولى 206، ھەممىسى شېغىل يول، ئۇزۇنلۇقى 943.93 كىلومېتىر، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدا 549.2 كىلومېتىر توپا يول ياسالدى. 1986 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون شىنجاڭدىكى نامرات ناھىيىلەرگە قارىتا تاشيول قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، نامرات ناھىيىلەرنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى يۆلىدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاسفالت يول 130 كىلومېتىرغا يېتىپ، ناھىيىدىكى ناھىيە - يېزا يولىنىڭ 30%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن قاتناش تورى ئاساسەن شەكىللەندى. تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ترانسپورت كەسپىمۇ ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1989 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يۈك ئاپتوموبىلى 225كە، يولۇچى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 111 (مىنىبۇس 31، پىكاپ 80) گە، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 167گە، كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور 783 كە، ئۇلاغ ھارۋىسى 58 مىڭ 523كە، توشۇلغان يۈك 318مىڭ 370 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 80 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 533 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 15 مىليون 310 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

## § 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى


مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدە قاتناش باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى

مەزگىلدە ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمى قاتناش كەسپىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1956 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم سانائەت، قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1958 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم پارتىيىنىڭ سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسىدىكى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1959 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى بىلەن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1962 ـ يىل 3 ـ ئايدا يۇقىرىدىكى ئىككى ئاپپارات تەڭلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سانائەت ـ قاتناش كەسپىنى خەلق كومىتېتىنىڭ سودا ـ سانائەت بۆلۈمى باشقۇرىدىغان بولدى. 1964 ـ يىل 4 ـ ئايدا سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1965 ـ يىلى يەنە سودا ـ سانائەت بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن سودا ـ سانائەت بۆلۈمى زەربىگە ئۇچراپ، ئاپپارات پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل بولۇش بىلەن بىللە قاتناش ئىشلىرىنىمۇ باشقۇردى. 1969 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇرۇپپا قارمىقىدا سودا ـ سانائەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىنى مۇشۇ گۇرۇپپا باشقۇردى. 1973 ـ يىلى سانائەت ـ قاتناش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلدى، قاتناش ئىشلىرىنى مۇشۇ ئىدارە باشقۇردى. 1985 ـ يىلى سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىقتىساد كومىتېتى باشقۇردى. 1986 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈش (بۇ كەسىپ 1988 ـ يىلى ج خ ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى)، تاشيول ترانسپورتى، تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە يول ئاسراش، تاشيول مەمۇرىيىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش باشقۇردى. بۇ ئىدارىغا 6 شتات بېرىلدى، خىراجىتىنى قاتناش نازارىتى بىر تۇتاش بۆلۈپ بېرىدىغان بولدى، ئىدارە قارمىقىدا يول ئاسراش ئەترىتى ۋە ترانسپورت شىركىتى تەسىس قىلىندى.

## § 2 . يول

### 1. قەدىمكى يوللار

ناھىيە تەۋەسىنىڭ غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. «مۇتيەنزىنىڭ تەرجىمىھالى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: جۇمۇۋاڭ ئوۋ ئوۋلاپ قۇرۇمتاغقا باردى، ئۇ زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ سۇلى (ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى) قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ يول ئۈستىدە يەرلىك قەبىلە ئاقساقاللىرىغا يىپەك قول ياغلىق، مىس بۇيۇم، قولۇلە پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى، قارشى تەرەپمۇ ئات، كالا، قوي، ئاشلىق، ھاراق، قاشتېشى، ھايۋانات تېرىسى سوۋغا قىلدى. خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارغاندىن كېيىن، سۇلى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مەزگىللىك قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىش تارىخى باشلاندى. كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) دىن سۇلىغا، سۇلى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ كۆكئارات ئارقىلىق پەرغانە ۋە توخرىلار ئېلىگە بارىدىغان يولدا سودىگەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاڭئەندىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يىپەك يولىدىكى مۇھىم جايلارنىڭ ھەممىسىگە ساراي ياكى ئۆتەڭلەر سېلىنغانىدى. بارقۇئان (ھازىرقى ئاقسۇ) دىن


قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قاتناش خەرىتىسى

سۇلىغا بارىدىغان يولدا جىجۇ سارىيى، گېجى سارىيى، جيالۇ سارىيى، سۇلىدىن خوتەنگە بارىدىغان يولدا جىيفەن سارىيى سېلىنغانىدى. سۇلې، يۇەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ناھىيە زېمىنى شەرقىي قاراخانىيلار، قاراقىتان، شەرقىي چاغاتاي خانلىقلىرى تالىشىدىغان مۇھىم جاي ئىدى، بۇ جاي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى غەربكە ۋە جەنۇبقا بارىدىغان ئۆتكەل بولۇپ، قاتناش جەھەتتىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. «شىنجاڭنىڭ غەربىلىك تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ناھىيە تەۋەسىدىكى يول چوڭ يول ۋە تارماق يول دەپ 2 گە ئايرىلغان: قەشقەر شەھىرىدىن 8.5 كىلومېتىر مېڭىپ، ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمەت يولىغا تۇتىشىدىغان يول چوڭ يول دەپ ئاتىلاتتى. تارماق يول شەرقىي يول، غەربىي يول، جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ 4 يولغا ئايرىلاتتى.

1) شەرقىي يول قەشقەر شەھىرىدىن شەرققە 15 كىلومېتىر ماڭسا، بەشكېرەم يېزىسىغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەردە بۇ يول 2گە ئايرىلىدۇ. تاشقى يول: بۇ يول بىلەن شىمالغا قاراپ مېڭىپ تۈشۈكتاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ 127.5 كىلومېتىر ماڭسا ئاقتاشقا، 35 كىلومېتىر ماڭسا چوڭ بوغراخان قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 27.5 كىلومېتىر ماڭسا قارابەلگە بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەردىن شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ 70 كىلومېتىر ماڭسا بوتومويناق داۋىنىدىكى قاراۋۇلخانىغا يېتىپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتەسۇ ئۆلكىسىدىكى ساربا يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىچكى يول: بۇ يول بىلەن بەشكېرەمدىن 75 كىلومېتىر ماڭسا باشباچاڭ (ھازىرقى يەتتە تاش) ئىچكى قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 50 كىلومېتىر ماڭسا سوغۇن ئىچكى قاراۋۇلخانىسىغا (ھازىرقى سەككىز تاش)، يەنە 30 كىلومېتىر ماڭسا قىر بۇلاققا، يەنە 20 كىلومېتىر ماڭسا جايدۆۋىگە، يەنە 90 كىلومېتىر ماڭسا بوتومويناق قاراۋۇلخانىسىغا بارغىلى بولىدۇ.

2) جەنۇبىي يول قەشقەر شەھىرىدىن جەنۇبقا 16 كىلومېتىر ماڭسا توققۇزاق كەنتى (ھازىرقى توققۇزاق بازىرى)گە بارغىلى بولىدۇ، بۇ يول مۇشۇ يەردە 2 گە ئايرىلىدۇ: بۇ يولنىڭ بىرى، غەربكە 40 كىلومېتىر ماڭسا ئوپال كەنتىگە، يەنە 15 كىلومېتىر ماڭسا ئويبۇلات ئىچكى قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 95 كىلومېتىر ماڭسا ئايئاچا قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە60 كىلومېتىر ماڭسا مىڭتاكا داۋىنىغا، يەنە 40 كىلومېتىر ماڭسا كۆكتوقاي قاراۋۇلخانىسىغا بارغىلى بولىدۇ، يەنە 150 كىلومېتىر ماڭسا قىزىلئارت داۋىنىغا يېتىپ بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فەرغانە ئۆلكىسىدىكى ئالاي يولى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ يەنە بىر يول، توققۇزاقتىن جەنۇبقا 35 كىلومېتىر ماڭسا بۇلاقسۇغا، يەنە 30 كىلومېتىر ماڭسا تاشمىلىققا، بۇ يەردە غەربكە بۇرۇلۇپ لوكچى قاراۋۇلخانىسىدا دەريادىن ئۆتۈپ 40 كىلومېتىر ماڭسا ئويتاغقا، دەرياني بويلاپ 105 كىلومېتىر ماڭسا بۇلۇڭكۆل (ھازىرقى ئاقتو ناھىيىسىدىكى بۇلۇڭكۆل)گە، يەنە 65 كىلومېتىر ماڭسا سۇباش (ھازىرقى ئاقتو ناھىيىسىدىكى سۇباش كەنتى)قا بارغىلى، چوققىدىن ئۆتسە تاشقورغانغا بارغىلى بولىدۇ. يەنە ئوپالدىن غەربىي جەنۇبقا 15 كىلومېتىر ماڭسا يۇدۇغباش ئىچكى قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 45 كىلومېتىر ماڭسا سوغۇلۇققا، يەنە 30 كىلومېتىر ماڭسا ئۇلۇغئارت قاراۋۇلخانىسىغا بارغىلى بولىدۇ، يەنە 40 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن بۇ يول ئۇلۇغئارت داۋىنىدا 2گە ئايرىلىدۇ: بۇ يولنىڭ بىرى، جەنۇبقا 80 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن بۇلۇڭكۆلدىكى يول بىلەن قوشۇلىدۇ؛ يەنە بىر يول، غەربكە 125 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن روسىيىدىكى راڭكۆل يولىغا تۇتىشىدۇ.

3) غەربىي يول قەشقەر شەھىرىدىن غەربكە 30 كىلومېتىر ماڭسا مۇشمۇلۇق قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 60 كىلومېتىر ماڭسا قاراڭغۇلۇق ئىچكى قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 25 كىلومېتىر ماڭسا غانجوغان قاراۋۇلخانىسىغا (ھازىرقى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى تېرەك يېزىسى غانجوغان كەنتى)، يەنە 40 كىلومېتىر ماڭسا كانسۇغا بارغىلى بولىدۇ، يەنە 150 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن ئۇلۇغچات قاراۋۇلخانىسىدا يول 2 گە ئايرىلىدۇ: بىر يول، غەربكە 80 كىلومېتىر ماڭسا ئېركەشتامغا بارغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر يول،

غەربىي شىمالغا 40 كىلومېتىر ماڭسا يېكەن قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 50 كىلومېتىر ماڭسا ئېركەشتام ئارقىلىق روسىيىنىڭ فەرغانە ئۆلكىسىدىكى ئوش ناھىيىسىگە بارغىلى بولىدۇ.

**4) شىمالىي يول** — قەشقەر شەھىرىدىن شىمالغا 9 كىلومېتىر ماڭسا قورغان باش قاراۋۇلخانىسىغا (ھازىرقى قوغان يېزىسى) بارغىلى بولىدۇ، يەنە 25 كىلومېتىر ماڭسا ئۈستۈنئاتۇش ئارقىلىق بەيساقتا بارغاندا يول 2گە ئايرىلىدۇ: بىر يول، دەريانى بويلاپ غەربكە 29 كىلومېتىر ماڭسا تۆشۈكتاش ئىچكى قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 30 كىلومېتىر ماڭسا چوڭتېرەك قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 15 كىلومېتىر ماڭسا بايقوتانغا بارغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر يول، بەيساقتىن شىمالغا مېڭىپ، داۋاندىن ئۆتۈپ 36 كىلومېتىر ماڭسا ئىسلىق ئىچكى قاراۋۇلخانىسىغا، يەنە 22 كىلومېتىر ماڭسا سۆگەتكە بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەردە غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ داۋاندىن ئۆتۈپ 25 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن بايقوتاندىكى يولغا تۇتىشىدۇ. دەريانى بويلاپ 30 كىلومېتىر ماڭسا پەسقورغانغا، يەنە 25 كىلومېتىر ماڭسا چاقماق قاراۋۇلخانىسىغا بارغىلى بولىدۇ. يەنە 25 كىلومېتىر مېڭىپ قىزىلقورغان قاراۋۇلخانىسىغا بارغاندا يول 2گە ئايرىلىدۇ: بىر يول، شىمالغا 15 كىلومېتىر ماڭسا بارغۇنغا، يەنە 25 كىلومېتىر ماڭسا تويۇنغا بارغىلى بولىدۇ، يەنە 20 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن تورغات داۋىنىدىن ئۆتۈپ روسىيىنىڭ يەتتە سۇ ئۆلكىسىدىكى ئاتباش يولى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ يەنە بىر يول، قىزىلقورغان قاراۋۇلخانىسىدىن غەربىي شىمالغا دەريانى بويلاپ 65 كىلومېتىر ماڭسا سۆگەتك قاراۋۇلخانىسىغا بارغىلى بولىدۇ، 45 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن سۆگەتك داۋىنىدىن ئۆتۈپ روسىيىدىكى ئالىك يولىغا تۇتىشىدۇ. يەنە ئىسلىقتىن شىمالغا 47 كىلومېتىرماڭسا كۆكيار قاراۋۇلخانىسىغا، 50 كىلومېتىر ماڭسا سەپەرگە («قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ خەرىتىسى») دە 沙黑白尔 دەپ ئېلىنغان) بارغىلى بولىدۇ، يەنە 45 كىلومېتىر ماڭسا تېرەكتى داۋان ئارقىلىق روسىيىنىڭ يەتتە سۇ ئۆلكىسىدىكى ئاراداۋان يولى بىلەن تۇتىشىدۇ.

يۇقىرىدىكى يوللاردىن مىڭيوللا ئېركەشتام ئارقىلىق ئەنجانغا بارىدىغان سودا يولى ئىدى، قالغانلىرىدا يولۇچى شالاڭ ئىدى.

## 2. تاشيول

مىنگو دەۋرىدىلا تاشيول بار ئىدى، ناھىيە تەۋەسىدە ئىچكى - تاشقى تۇپا يول ۋە تاشيول تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دىن جەنۇبقا مېڭىپ قەشقەر يېڭىشەھەر ئارقىلىق خوتەنگە بارىدىغان تاشيولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى سەككىزتاشقىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 63.4 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يولدا 2 چوڭ كۆۋرۈك، 8 كىچىك كۆۋرۈك بار ئىدى. ناھىيە بازىرىدىن شىمالغا مېڭىپ ئاتۇش ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يولنىڭ قەشقەر كوناشەھەردىن ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدىكى قىيىنققىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يولدا 7 چوڭ كۆۋرۈك، 2 كىچىك كۆۋرۈك بار ئىدى. ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمالغا مېڭىپ ئۇلۇغچاتقا بارىدىغان يولنىڭ ناھىيە چېگرىسىدىكى قاراڭغۇلۇققىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر ئىدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 5 — 12 - ئايغىچە ئۆزگەرتىلگەن يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يولدا 40 كۆۋرۈك - سۇڭگۈچ بار ئىدى. غەربىي جەنۇبتا تاشقورغانغا بارىدىغان چوڭ يول بار ئىدى، بۇ يول يامانيار دەرياسى (ھازىرقى گەز دەرياسى) دىن ئۆتەتتى، بۇ دەرياغا چوڭ كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، چوڭ ھارۋىلار ئۆتەلەيتتى، بۇ يول 3 ئات پونكىتىدىن بولۇڭكۆلگە يەنى ئىككى ناھىيىنىڭ چېگرىسىغىچە باراتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئوپالدىن ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە، مۇقۇ قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغىلى بولاتتى؛ ناھىيە بازىرىدىن ھەر قايسى رايونلارغا بارىدىغان 40 چوڭ يول، 230 كىچىك يول بار ئىدى، بۇ يوللاردا 185 چوڭ كۆۋرۈك، 1163 كىچىك كۆۋرۈك بار ئىدى. چوڭ يولدا چوڭ ھارۋا ماڭالايتتى، كىچىك يولدا ئېشەك ھارۋىسىلا ماڭالايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپ يىل يول قۇرۇلۇشى قىلىش ئارقىلىق، ئىچكى جەھەتتە ناھىيىنىڭ جاي - جايلىرىغا ئۆتىشىدىغان، تاشقى جەھەتتە باشقا شەھەرلەرگە بارىدىغان تاشيول تورى شەكىللەندى.

1) **دۆلەت يولى** ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى ئۈرۈمچى — قونجىراپ تاشيولى بار، ئۇ جۇڭگو - پاكىستان خەلقئارا تاشيولى بولۇپ، 1985 - يىلى ياسالدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يول 2 بۆلەككە بۆلۈنىدۇ: بىر بۆلىكى ئاتۇش ناھىيىسى چېگرىسىدىكى كۆكچۇۋەندىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن قەشقەر شەھىرى چېگرىسىدىكى ئاۋات ئۆستەڭگىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر، ئاسفالت يول، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 — 9 مېتىر؛ يەنە بىر بۆلىكى قەشقەر شەھىرى بىلەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى چېگرىلانغان جاي — سەمەن يېزىسىنىڭ تىكەنبېشى كەنتىدىن ئوپال يېزىسى بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەسلىلىك چارۋا فېرمىسىغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 46.6 كىلومېتىر، بۇنىڭ 17.4 كىلومېتىرى ئاسفالت يول، 29.2 كىلومېتىرى شېغىل يول، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 — 9 مېتىر. بۇ 2 بۆلەك يولنىڭ چۆللۈكتىكى 12 كىلومېتىر قىسمىغا كۆچەت تىكىلمىگەندىن باشقا، يولنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئورمان بەلۋېغى بار. ئورمان بەلۋېغىدا 6 رەت دەرەخ بار بولۇپ، دەرەخ 148 مىڭ 949 تۈپكە يېتىدۇ. بۇ يولدا 105 سۇ ئۆتكۈزگۈچ بار، ھەممىسى پولات چۆيۈنلۇق بېتون قۇرۇلمىلىق سۇ ئۆتكۈزگۈچ. بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە تەۋەسىدە يەنە دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسى ماڭيا - قەشقەر تاشيولى بار، ناھىيە تەۋەسىدىكى بۆلىكى قەشقەر قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكىگىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 3.5 كىلومېتىر، پۈتۈنلەي ئاسفالت يول، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 9 مېتىر، يول ياقىسىدا ئورمان بەلۋېغى، يولدا كۆۋرۈك - سۇ ئۆتكۈزگۈچلەر تولۇق.

2) **ناھىيە - يېزا يولى** ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا - بازارلار ئارىلىقىدا 434 كىلومېتىر يېزا - كەنت يولى بار، يولدا كۆۋرۈك - سۇ ئۆتكۈزگۈچ قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر تولۇق، بۇنىڭ 130 كىلومېتىرى ئاسفالت يول، 113 كىلومېتىرى شېغىل يول. سايدىن ئۆتىدىغان لەڭگەر - مۇش تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتىر، ساي باغ - ئوپال تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتىر، بولاقسۇ - تاشمىلىق تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر، سۇ كەمچىل يول 48 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يوللارنىڭ بويىدا ئورمان بەلۋېغى بولمىغاندىن باشقا، قالغان يوللارنىڭ بويىدا رەت سانى ئوخشاش بولمىغان ئورمان بەلۋېغى بار.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1985 - يىلدىكى ناھىيە - يېزا تاشيولى ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 9 — 1 - جەدۋەل

| باشلىنىش نۇقتىسى | ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تاش يول دەرىجىسى | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ تىپى | كۆۋرۈك (مېتىر / دانە) | سۇ ئۆتكۈزگۈچ (مېتىر / دانە) | ئاسراش ئورگىنى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بازىرى | ساي باغ | | 4 | | 12 | ئاسفالت | | | يول ئىشچىسى | دۆلەت يولى (جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى) |
| ناھىيە بازىرى | زىمىن | | 5 | 14 | 10 | شېغىل | 3/1 | 60/5 | يېزىلىك | |
| ناھىيە بازىرى | ئوغۇساق | | 8 | 12 | 10 | ئاسفالت | 12/3 | 10/1 | يول ئىشچىسى | دۆلەت يولى (جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى) |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بازىرى | پاختەكلە | | 12.6 | 12 | 10 | ئاسفالت | 8/4 | 96/8 | يول ئىش. چىسى | دۆلەت يولى (جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى) |
| ناھىيە بازىرى | سەمەن | | 21 | 12 | 10 | شېغىل | | | يول ئىش. چىسى | بۇنىڭ 6 كىلومېتىرى قەشقەر شەھىرى تەۋە- سىدە |
| ناھىيە بازىرى | مۇش | | 51 | 12 | 10 | شېغىل | 24/3 | | يول ئىش. چىسى | بۇنىڭ 6 كىلومېتىرى قەشقەر شەھىرى تەۋە- سىدە |
| ناھىيە بازىرى | قوغان | | 21 | 12 | 10 | ئاسفالت | | | يول ئىش. چىسى | بۇنىڭ 6 كىلومېتىرى قەشقەر شەھىرى تەۋە- سىدە |
| ناھىيە بازىرى | ئاۋات | | 34 | 12 | 10 | ئاسفالت شېغىل | | | يول ئىش. چىسى | 17 كىلومېتىرى ئاسفالت يول |
| ناھىيە بازىرى | يېڭى- ئۆستەڭ | | 43 | 12 | 10 | ئاسفالت | 45/8 | | يول ئىش. چىسى | 17 كىلومېتىرى ئاسفالت يول |
| ناھىيە بازىرى | ئاقتاش | | 66 | 12 | 10 | شېغىل | 10/2 | 468/39 | يول ئىش. چىسى | 17 كىلومېتىرى ئاسفالت يول |
| ناھىيە بازىرى | بەشكېرەم | | 35 | 12 | 10 | ئاسفالت | | 516/43 | يول ئىش. چىسى | |
| ناھىيە بازىرى | تېرىم | | 25 | 12 | 10 | ئاسفالت | | | يول ئىش. چىسى | |
| ناھىيە بازىرى | خانىدى | | 29 | 12 | 10 | ئاسفالت شېغىل | 47/3 | 340/34 | پەسىللىك | بۇنىڭ 17 كىلومېتىرى ئاسفالت يول |
| چوڭتېرەك | بۇلاقسۇ | 5 | 11.4 | 12 | 10 | ئاسفالت شېغىل | 137/4 | 810/85 | يول ئىش. چىسى | كۆۋرۈك : سۆڭگۈچ چوڭتېرەك، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق لىنىيىلىرىدىكى كۆۋرۈك - سۆڭگۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ |
| بۇلاقسۇ | تاشمىلىق | 5 | 21 | 12 | 10 | ئاسفالت شېغىل | | | يول ئىش. چىسى | |
| سەمەن | لەڭگەر | 4 | 15 | 12 | 10 | ئاسفالت شېغىل | | 168/21 | يول ئىش. چىسى | |
| سايباغ | ئوپال | | 32 | 14 | 12 | ئاسفالت شېغىل | | | يول ئىش. چىسى | دۆلەت يولى (جۇڭگو پاكىستان تاشيولى) |

3) يېزا - كەنت يولى 1985 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە يېزا - كەنت يولىدىن 206 سى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 943.93 كىلومېتىر كېلىدىكەن، بۇ يوللارنىڭ ھەممىسى شېغىل يول بولۇپ، شېغىلىنىڭ قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، يول ئۈلى يىلمۇ يىل كۆتۈرۈلۈپ كەلدى، يول بويىدا تۈپ ۋە قورسانى ئوخشاش بولمىغان دەرەخلەردىن تەركىب تاپقان ئورمان بەلۋېغى بار، كۆۋرۈك - سۆڭگۈچلەر تولۇق يورۇشلەشكەن. بۇ يوللارغا نىسبەتەن پەسىل خاراكتېرلىك ئاسراش يولغا قويۇلغان، يېزا - بازارلاردىن كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىغا بارىدىغان يوللار راۋان. 1986 — 1990 - يىلغىچە يېزا - كەنت يولىنى ئاسراش ئاساس قىلىندى (يېزا - كەنت يوللىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات 1985 - يىلدىكى مەلۇماتتىن ئىبارەت).

## ئوپال يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن هەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 2 . جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇئگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولك ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | قاراباش | 4.5 | 10 | 8 | 7/4 | 100/10 |
| 2 | بەشباغ | 2.1 | 10 | 8 | 5/2 | 40/4 |
| 3 | ياغۇ | 4.5 | 10 | 8 | 11/3 | 90/9 |
| 4 | باش ياغۇ | 14.1 | 10 | 8 | 12/7 | 120/12 |
| 5 | موللامېيغى | 2.2 | 10 | 8 | 4/2 | 50/5 |
| 6 | كۆكچى | 1.5 | 10 | 8 | 2/1 | 30/3 |
| 7 | قومباغ | 3.1 | 10 | 8 | 9/3 | 50/5 |
| 8 | دوغىلات | 4.45 | 10 | 8 | 7/3 | 80/8 |
| 9 | شوتا | 3.7 | 10 | 8 | 6/5 | 60/6 |
| 10 | يۇلجىگە | 6.65 | 10 | 8 | 9/5 | 110/11 |
| 11 | قارائۆستەڭ | 8.65 | 10 | 8 | 15/7 | 140/14 |
| 12 | ئاچا | 8.1 | 10 | 8 | 14/6 | 126/12 |
| 13 | نوقات | 7.75 | 10 | 8 | 10/5 | 170/17 |
| 14 | ئايدىڭكۆل | 9.5 | 10 | 8 | 15/6 | 150/15 |
| 15 | ئاقئۆستەڭ | 12.6 | 10 | 8 | 13/5 | 140/14 |

## تاشمىلىق يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن هەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 3 . جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇئگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولك ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | يۇقارقى هاسا ئېرىق | 3 | 10 | 8 | 20/7 | 30/3 |
| 2 | ساغان | 4.8 | 10 | 8 | 23/7 | 40/4 |
| 3 | قاشبېشى | 5.4 | 10 | 8 | 11/5 | 50/5 |
| 4 | ئەسكە | 2.5 | 10 | 8 | 12/6 | 60/5 |
| 5 | قاشتۇۋۇي | 3.3 | 10 | 8 | 8/4 | 40/4 |
| 6 | تاشئېرىق | 1.7 | 10 | 8 | 9/4 | 50/5 |
| 7 | غىلدىرلاڭ | 0.35 | 10 | 8 | 12/5 | 50/5 |
| 8 | رازگا | 4.2 | 10 | 8 | 10/4 | 40/4 |
| 9 | يۇقارقى تېتىر | 6.55 | 10 | 8 | 15/6 | 60/6 |
| 10 | قەشقەر يەلگەن | 9.85 | 10 | 8 | 13/7 | 50/5 |
| 11 | ئاياغ تېتىر | 8.7 | 10 | 8 | 18/5 | 20/2 |
| 12 | ئاياغ سېرىقئاتا | 6.25 | 10 | 8 | 9/4 | 50/5 |
| 13 | يۇقارقى سېرىقئاتا | 4.45 | 10 | 8 | 7/3 | 50/5 |
| 14 | ئاياغ هاسا ئېرىق | 3.5 | 10 | 8 | 5/2 | 60/6 |

## تېرىم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 4 ـ جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) ئەسلىدىكى چولاق ئەترەت | بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) كەنت نامى | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | يۇلغۇنبۇغرا | 4.7 | 10 | 9 | 12/5 | 40/4 |
| 2 | تۆۋەنكى تېرىم | 0.9 | 10 | 9 | 9/4 | 50/5 |
| 3 | يۇقارقى تېرىم | 1.2 | 10 | 9 | 5/2 | 40/4 |
| 4 | تۆنكۆل | 2.4 | 10 | 9 | 8/4 | 60/6 |

## بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 5 ـ جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) ئەسلىدىكى چولاق ئەترەت | بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) كەنت نامى | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | بىرىنچى يېڭچكە | 11.3 | 10 | 8 | 20/7 | 170/17 |
| 2 | ئىككىنچى يېڭچكە | 8.4 | 10 | 8 | 12/5 | 110/10 |
| 3 | تۆرچارباغ | 4.95 | 10 | 8 | 4/2 | 80/8 |
| 4 | قىزكەنت | 3.95 | 10 | 8 | 4.5/2 | 100/10 |
| 5 | كوناھويلا | 5.4 | 10 | 8 | 8/3 | 70/7 |
| 6 | تۆرەباغ | 4.3 | 10 | 8 | 7/4 | 70/7 |
| 7 | دەسۇ | 0.6 | 10 | 8 | | 40/4 |
| 8 | يېڭىئېرىق | 10.9 | 10 | 8 | 16/6 | 160/16 |
| 9 | ئۆستەڭبويى | 1.6 | 10 | 8 | 5/2 | 50/5 |
| 10 | يۇقارقى لەڭگەر | 4.3 | 10 | 8 | 4/2 | 60/6 |
| 11 | چارەك | 4.4 | 10 | 8 | 7/4 | 120/12 |
| 12 | بارقاش | 5.5 | 10 | 8 | 10/3 | 110/11 |
| 13 | ئورۇنباستى | 7.6 | 10 | 8 | 11/5 | 100/10 |
| 14 | قاراباغ | 8.75 | 10 | 8 | 7/4 | 90/9 |
| 15 | ئارال | 12.45 | 10 | 8 | 15/6 | 240/24 |
| 16 | توغراقبېشى | 4.7 | 10 | 8 | 11/3 | 130/13 |

**سايباغ يېزىلىق هۆكۈمەت تورۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار**

ئىقتىساد: 9 — 6 - جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول تۈلەنىلاش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇ كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولاق ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | پىلال | 6.3 | 10 | 8 | 26/12 | 210/21 |
| 2 | شوغوز | 4 | 10 | 8 | 22/11 | 140/14 |
| 3 | كاپا | 2.5 | 10 | 8 | 21/10 | 250/25 |
| 4 | تۆگەساق | 4.9 | 10 | 8 | 23/8 | 190/19 |
| 5 | قولچى | 6.1 | 10 | 8 | 21/7 | 40/4 |
| 6 | كۆپىچى | 14.6 | 10 | 8 | 29/14 | 300/30 |
| 7 | شور | 6.4 | 10 | 8 | 21/8 | 350/35 |
| 8 | قازاقلار | 3.15 | 10 | 8 | 12/6 | 250/25 |
| 9 | چارەك | 2.45 | 10 | 8 | 70/7 | 140/14 |
| 10 | كۆكچى | 6.35 | 10 | 8 | 11/5 | 100/10 |
| 11 | ئاقتىچى | 9.65 | 10 | 8 | 16/6 | 50/5 |
| 12 | ئىشلەمچى | 3.5 | 10 | 8 | 14/5 | 70/7 |
| 13 | گۈلچىمەن | 9 | 10 | 8 | 9/4 | 90/9 |
| 14 | تۆۋەنكى مەنگەن | 5.05 | 10 | 8 | 20/8 | 100/10 |
| 15 | چويۈنچى | 5 | 10 | 8 | | 40/10 |
| 16 | تۆۋەنكى هويلا | 2.5 | 10 | 8 | | 10/10 |
| 17 | يۇقارقى مەنگەن | 4.3 | 10 | 8 | 2.5/1 | |

**زەمىن يېزىلىق هۆكۈمەت تورۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار**

ئىقتىساد: 9 — 7 - جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول تۈلەنىلاش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولاق ئەترەت | كەنت نامى | | | | |
| 1 | مۇسۇما | 3.2 | 10 | 8 | 70/14 |
| 2 | مۇسۇماتاچا پىلال | 6 | 10 | 8 | 50/10 |
| 3 | مۇسۇما قۇتچا | 5.5 | 10 | 8 | 51/23 |
| 4 | ئىنساق | 5.5 | 10 | 8 | 35/17 |
| 5 | سىيىتلا | 5.8 | 10 | 8 | 21/10 |
| 6 | پاماشلا | 2.7 | 10 | 8 | 20/10 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 7 | ئۆلۈڭخانبويى | 3.1 | 10 | 8 | 45/20 |
| 8 | زەمىن | 2.7 | 10 | 8 | 61/32 |
| 9 | چىغمان | 1 | 10 | 8 | 57/28 |
| 10 | كۆلچەكتېرىق | 2.2 | 10 | 8 | 34/18 |
| 11 | يېڭىلىق | 4.8 | 10 | 8 | 45/22 |
| 12 | ئاياغ قىزىللىق | 5.6 | 10 | 8 | 37/18 |
| 13 | ناي | 6.4 | 10 | 8 | 33/17 |
| 14 | يۇقارقى قىزىللىق | 5.1 | 10 | 8 | 39/18 |
| 15 | قوتچا | 6.9 | 10 | 8 | 45/23 |

**ئوغوساق يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن هەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار**

ئىقتىساد: 9 — 8 - جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چوڭ ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | فوجىلا | 8.1 | 10 | 8 | 26.4/11 | 190/19 |
| 2 | پارچەيەر | 8.3 | 10 | 8 | 11/4 | 180/18 |
| 3 | قاقۇللا | 6.2 | 10 | 8 | 71/21 | 30/3 |
| 4 | ئېيلاكۆ | 0.6 | 10 | 8 | 52/34 | 20/2 |
| 5 | ئويباغ | 4.2 | 10 | 8 | 20/7 | 130/13 |
| 6 | يۇقارقى ئوغوساق | 4.1 | 10 | 8 | 21/9 | 120/12 |
| 7 | تۆۋەنكى ئوغوساق | 3.7 | 10 | 8 | 12/5 | 80/8 |
| 8 | تۆۋەنكى مۇسوما | 4.3 | 10 | 8 | 9/4 | 100/10 |

**پاختەكلە يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن هەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار**

ئىقتىساد: 9 — 9 - جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چوڭ ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | تۆۋەنكى پاختەكلە | 2.3 | 10 | 8 | 1.7/2 | 50/5 |
| 2 | پاختەكلە | 0.5 | 10 | 8 | 2/1 | 20/2 |
| 3 | يۇقارقى پاختەكلە | 2.6 | 10 | 8 | 5/3 | 30/3 |
| 4 | سوغۇلۇق | 7.1 | 10 | 8 | 17/5 | 90/9 |
| 5 | شورباغ | 4.8 | 10 | 8 | 14/6 | 60/6 |
| 6 | يۇقارقى قاقۇللا | 3.6 | 10 | 8 | 12/5 | 40/4 |
| 7 | تۆۋەنكى قاقۇللا | 5.1 | 10 | 8 | 13/7 | 70/7 |

سەمەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە باردىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 10 - جەدۋەل

| باردىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولۇق ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | ئاتاغۇ | 1.1 | 10 | 8 | | 70/7 |
| 2 | دۆڭئېرىق | 1.27 | 10 | 8 | 2/1 | 40/4 |
| 3 | تۇغ | 3.35 | 10 | 8 | 11/5 | 50/5 |
| 4 | خالۋاپ | 3.35 | 10 | 8 | 7/4 | 60/6 |
| 5 | تىكەنبېشى | 4.15 | 10 | 8 | 3/1 | 80/8 |
| 6 | كۆكئېرىق | 2.05 | 10 | 8 | | 20/2 |
| 7 | كۆكسىچىت غوجام | 3.86 | 10 | 8 | 5/2 | 30/3 |

خاڭدى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە باردىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 11 - جەدۋەل

| باردىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولۇق ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | ئەمەت زىۋا مەھەللىسى | 4.25 | 8 | 7 | 9/3 | 40/5 |
| 2 | ئۆرتوم | 2.3 | 8 | 7 | 4/2 | 16/2 |
| 3 | سوگوتاغ | 0.25 | 8 | 7 | 2/1 | 8/1 |
| 4 | ئېرىقبويى | 2.2 | 8 | 7 | 4/2 | 56/7 |
| 5 | قوپېيدىشمازار | 1.2 | 8 | 7 | 2/1 | 40/5 |
| 6 | تاشئېغىز | 0.35 | 8 | 7 | | 16/2 |

لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە باردىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 12 - جەدۋەل

| باردىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولۇق ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | ئاق ھويلا | 6 | 10 | 8 | 40/2 | 500/50 |
| 2 | سۇلۇق | 4.4 | 10 | 8 | 20/3 | 240/24 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 | بۇئانام | 3.3 | 10 | 8 | 8/4 | 150/15 |
| 4 | ساي | 2.2 | 10 | 8 | 15/5 | 80/8 |
| 5 | سەلەيچولاق مەھەللىسى | 0.8 | 10 | 8 | 10/2 | 50/5 |
| 6 | قاراگۆل سېپى | 4.9 | 10 | 8 | 20/3 | 190/19 |
| 7 | ئۆجمىلىك | 4.2 | 10 | 8 | 10/2 | 30/3 |
| 8 | كاندىر | 3.2 | 10 | 8 | 35/5 | 40/4 |

## مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەرقايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 13 - جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول تۈزلەنمىلىك كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولاق ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | شەرەكبېي | 7.55 | 10 | 8 | 5/2 | 170/17 |
| 2 | كۆلمەھەللىسى | 0.9 | 10 | 8 | 3/1 | 50/5 |
| 3 | بوستان | 0.4 | 10 | 8 | | 10/1 |
| 4 | ئەيراپ | 1.1 | 10 | 8 | 2/1 | 30/3 |
| 5 | نىيازھاۋا رەكبېي | 3.2 | 10 | 8 | 4/2 | 50/5 |
| 6 | ئەسلىمۇش | 2.35 | 10 | 8 | 3/2 | 70/7 |
| 7 | ئۆستەڭبويى | 12.7 | 10 | 8 | 8/4 | 210/21 |
| 8 | سگىيول | 19.4 | 10 | 8 | 23/10 | 140/14 |
| 9 | يېڭئۆستەڭ | 4.7 | 10 | 8 | 11/5 | 80/8 |

## قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 14 - جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول تۈزلەنمىلىك كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/ مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/ مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولاق ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | ھەزرەت | 0.5 | 10 | 8 | | 40/4 |
| 2 | ۋاپ | 2.8 | 10 | 8 | 2.5/1 | 50/5 |
| 3 | ئۆۋەنكى سىزاق | 5.3 | 10 | 8 | 4/2 | 20/7 |
| 4 | توقاي | 12.1 | 10 | 8 | 8/3 | 140/14 |
| 5 | ئۆۋەنكى ھويلا | 6.7 | 10 | 8 | 4/2 | 90/9 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 | لەڭگەر | 7.4 | 10 | 8 | 11/5 | 120/12 |
| 7 | تىل سىزاق | 6.3 | 10 | 8 | 9/4 | 110/11 |
| 8 | باش سىزاق | 5.7 | 10 | 8 | 7/36 | 170/17 |
| 9 | قاراساقال | 6.1 | 10 | 8 | 15/6 | 100/10 |
| 10 | شامپاشا | 6.6 | 10 | 8 | 9/5 | 80/8 |
| 11 | ئۆزەنكى قازىئېرىق | 4.9 | 10 | 8 | 8/4 | 20/2 |
| 12 | چۇمبۇس | 2.9 | 10 | 8 | 5/2 | 40/4 |
| 13 | يۇقارقى قازىئېرىق | 2.1 | 10 | 8 | 4/2 | 40/4 |
| 14 | بۇچا | 3.3 | 10 | 8 | 9/4 | 50/5 |
| 15 | قازاقلار | 1.5 | 10 | 8 | 2.5/1 | 20/2 |

## بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 15 . جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/مېتىر) | سۇئۆتكۈچ (دانە/مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چوڭ ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | يۇقارقى ساپئېرىق | 0.8 | 10 | 8 | | 40/4 |
| 2 | ئاياغ ساپئېرىق | 2.9 | 10 | 8 | 1.5/1 | 30/3 |
| 3 | ئىشچانلار | 3.5 | 10 | 8 | 4/2 | 80/8 |
| 4 | يەكەللى | 1.5 | 10 | 8 | | |
| 5 | باش چۇگۇر | 2.1 | 10 | 8 | 3/2 | 40/4 |
| 6 | يۇقارقى سايباغ | 2.6 | 10 | 8 | 6/4 | 70/7 |
| 7 | ئاياغ سايباغ | 2.7 | 10 | 8 | 5/2 | 50/5 |
| 8 | لەڭگەر | 3 | 10 | 8 | 3/1 | 30/3 |
| 9 | يۇقارقى قۇمباغ | 0.2 | 10 | 8 | | |
| 10 | ئاياغ قۇمباغ | 0.8 | 10 | 8 | 2/1 | 10/1 |
| 11 | يېغىرىق | 0.4 | 10 | 8 | | |
| 12 | بايلا | 2.3 | 10 | 8 | 1.1/1 | 20/2 |
| 13 | يېڭىئاۋات | 3.5 | 10 | 8 | 2.5/2 | 50/5 |
| 14 | بوستان | 6.2 | 10 | 8 | 3/2 | 70/7 |
| 15 | تاغئاغزى | 8 | 10 | 8 | 2/1 | 140/14 |
| 16 | كەپتەرخانا | 9.8 | 10 | 8 | 1.7/2 | 120/12 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 17 | خانئۆي | 8.9 | 10 | 8 | 7/4 | 150/15 |
| 18 | قاراقۇم | 6.5 | 10 | 8 | 4/2 | 90/9 |
| 19 | بەشكېرەم | 5.5 | 10 | 8 | 4.7/3 | 170/17 |
| 20 | ئاياغ سىدى | 3.2 | 10 | 8 | 3/1 | 150/15 |
| 21 | باش سىدى | 2.9 | 10 | 8 | 2.5/1 | 40/4 |
| 22 | بويلا | 4.5 | 10 | 8 | 10/4 | 70/7 |
| 23 | يېچا | 5.2 | 10 | 8 | 3/2 | 60/6 |
| 24 | كوكالق | 5.9 | 10 | 8 | 2/1 | 110/11 |
| 25 | ئاياغ چۆگۈر | 1.4 | 10 | 8 | 3/1 | 40/4 |

## ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار

ئىقتىساد: 9 — 16 ـ جەدۋەل

| بارىدىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/مېتىر) | سۇئۆتكۈزگۈچ (دانە/مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چوڭ ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | قومبېتىق | 8.5 | 10 | 8 | 25/14 | 240/24 |
| 2 | پالالق | 5.3 | 10 | 8 | 13/7 | 190/19 |
| 3 | يېڭىچېكە | 3.9 | 10 | 8 | 8/4 | 70/7 |
| 4 | ياربېشى | 5.2 | 10 | 8 | 12/5 | 210/21 |
| 5 | تۆگمەنبېشى | 2 | 10 | 8 | 4/2 | 40/4 |
| 6 | ياقاتام | 1.7 | 10 | 8 | 7/3 | 50/5 |
| 7 | توقامەھەللىسى | 0.6 | 10 | 8 | 3/1 | 20/2 |
| 8 | ھاسا | 1.2 | 10 | 8 | 5/2 | 40/4 |
| 9 | بوغاش | 1.2 | 10 | 8 | 6/3 | 30/3 |
| 10 | باغبويلا | 1.2 | 10 | 8 | 8/4 | 50/5 |
| 11 | كۆكچى | 3 | 10 | 8 | 7/4 | 40/4 |
| 12 | خاپانلا | 4.3 | 10 | 8 | 11/5 | 70/7 |
| 13 | ئامانلا | 5.1 | 10 | 8 | 11/6 | 70/7 |
| 14 | قارلىق | 5 | 10 | 8 | 9/3 | 60/6 |
| 15 | چىتلىق | 6.3 | 10 | 8 | 7/3 | 120/12 |
| 16 | چاكسا | 8 | 10 | 8 | 12/5 | 140/14 |
| 17 | قاتارقىشلاق | 1 | 10 | 8 | 8/2 | 30/3 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 18 | چاكا | 1.4 | 10 | 8 | 6/3 | 20/2 |
| 19 | چىغلىق | 1.9 | 10 | 8 | 8/4 | 50/5 |
| 20 | مەتقاسىم مەھەللىسى | 4.7 | 10 | 8 | 10/4 | 90/9 |
| 21 | ئاقئۆستەڭ | 7.7 | 10 | 8 | 12/5 | 170/17 |

**يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەرقايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار**

ئىقتىساد: 9 — 17 ـ جەدۋەل

| باردىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولك ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | سەيپۇڭئېرىق | 8.1 | 12 | 10 | 26/13 | 60/5 |
| 2 | توقايئېرىق | 8.5 | 12 | 10 | 80/40 | 60/5 |
| 3 | دۆڭئېرىق | 6.8 | 12 | 10 | 60/30 | 48/4 |
| 4 | خەزىنە بويى | 5.15 | 12 | 10 | 40/20 | 36/3 |
| 5 | توقاي | 5.6 | 12 | 10 | 40/20 | 120/10 |
| 6 | ھەرەمباغ | 0.6 | 12 | 10 | 2/1 | 36/3 |
| 7 | غۇنچەئېرىق | 0.7 | 12 | 10 | 5/3 | 48/4 |
| 8 | يېڭەقاش | 3.3 | 12 | 10 | 16/7 | 48/4 |
| 9 | چىچەكلىك | 8.4 | 12 | 10 | 27/14 | 120/10 |
| 10 | سۇڭگۈلاچ | 3.35 | 12 | 10 | 15/8 | 96/8 |
| 11 | قاشبويى | 8.5 | 12 | 10 | 33/16 | 48/4 |
| 12 | دۆڭكۆل | 7 | 12 | 10 | 27/13 | 96/8 |
| 13 | يېڭىئېرىق | 5 | 12 | 10 | 21/9 | 48/4 |
| 14 | ئوسمان تۇز ئېرىق | 7.4 | 12 | 10 | 32/18 | 180/15 |

**ئاقخاش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار**

ئىقتىساد: 9 — 18 ـ جەدۋەل

| باردىغان كەنت (ئاخىرقى نۇقتا) | | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | يول ئۇلىنىش كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆۋرۈك (دانە/مېتىر) | سۇڭگۈچ (دانە/مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسلىدىكى چولك ئەترەت | كەنت نامى | | | | | |
| 1 | ئوبرايىم ھاجىنىڭ مەھەللىسى | 1.7 | 12 | 10 | 3/1 | 120/10 |
| 2 | ئاقخاش (ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي) | | 12 | 10 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 | ئاقئېرىق | 3.3 | 12 | 10 | 5/1 | 168/14 |
| 4 | كۆل | 6.9 | 12 | 10 | 8/4 | 144/12 |
| 5 | دۆڭ | 0.8 | 12 | 10 | 2/1 | 84/7 |

## 3 §. كۆۋرۈك

1) توققۇزاق قىزىل دەريا كۆۋرۈكى — بۇ كۆۋرۈك قىزىل دەرياسىغا سېلىنغان بولۇپ، قەشقەرشەھىرىگە 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە بېتون تاختا ۋە لىم، ئاستىغا قاتار تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك. بۇ كۆۋرۈك 12 تۆشۈكلۈك، ھەربىر تۆشۈك ئارىلىقى 16.8 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 189.6 مېتىر، كەڭلىكى 7.75 مېتىر. ئېقىن باشلاش توسمىسىنىڭ سول تەرەپتىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 220 مېتىر، ئوڭ تەرەپتىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 357 مېتىر بولۇپ، ياي شەكلىدە ياسالغان. كۆۋرۈكنىڭ لايىھەدىكى يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى: ئاپتوموبىل 13 توننا، پىرىتسېپ 60 توننا، بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ تاشيول كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۆۋرۈكنى قاتناش نازارىتىنىڭ 1 - قۇرۇلۇش ئەترىتى لايىھىلىگەن ۋە سالغان، كۆۋرۈك 1967 - يىلى پۈتكەن.

2) تەلۋىچۇك كۆۋرۈكى — بۇ كۆۋرۈك تەلۋىچۇك دەرياسىغا سېلىنغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. باش كۆۋرۈك 2 كۆۋرۈكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر ئىككىسى پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك. 1 - كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە بېتون تاختا ۋە لىم، ئاستىغا قاتار تۈۋرۈك قويۇلغان. بۇ كۆۋرۈك 2 تۆشۈكلۈك بولۇپ، ھەربىر تۆشۈكنىڭ دىئامېتىرى 16.75 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.2 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر. ئېقىن باشلاش توسمىسى يېرىم چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى توسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 100 مېتىر. كۆۋرۈكنىڭ لايىھەدىكى يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى: ئاپتوموبىل 13 توننا، پىرىتسېپ 60 توننا. بۇ ئەسلىدە بىر ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ، 1966 - يىلى سېلىنغان، شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆزگەرتىپ سېلىنغان، بۇ كۆۋرۈكنى قاتناش نازارىتىنىڭ 1- قۇرۇلۇش ئەترىتى لايىھىلىگەن ۋە سالغان، كۆۋرۈك 1967 - يىلى پۈتكەن. 2 - كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى قىسمىغا بېتون لىم، ئاستىغا ئېغىر تىپتىكى گوندە قويۇلغان، بۇ كۆۋرۈك 3 تۆشۈكلۈك بولۇپ، تۆشۈك ئارىلىقى 16.8 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 55.8 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر. ئېقىن باشلاش توسمىسى يېرىم چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، سول تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، ئوڭ تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر. كۆۋرۈكنىڭ لايىھەدىكى يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى: ئاپتوموبىل 13 توننا، پىرىتسېپ 60 توننا. بۇ كۆۋرۈكنى قاتناش نازارىتىنىڭ 1 - قۇرۇلۇش ئەترىتى لايىھىلىگەن ۋە سالغان، كۆۋرۈك 1966 - يىلى پۈتكەن.

3) ئوپال كۆۋرۈكى — بۇ كۆۋرۈك ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدىكى بازارجىلغا ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى قىسمى قوش ئەگمىلىك، ئاستى U شەكلىدە. بۇ بىر تۆشۈكلۈك كۆۋرۈك بولۇپ، چات ئارىلىقى 18 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر. ئېقىن باشلاش توسمىسى تاش بىلەن كونۇس شەكلىدە قوپۇرۇلغان. كۆۋرۈكنىڭ لايىھەدىكى يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى: ئاپتوموبىل 13 توننا، پىرىتسېپ 60 توننا. بۇ كۆۋرۈكنى قاتناش نازارىتىنىڭ 1 - قۇرۇلۇش ئەترىتى لايىھىلىگەن ۋە سالغان. كۆۋرۈك 1965 - يىلى پۈتكەن.

4) بۇلاقسۇ كۆۋرۈكى — بۇ كۆۋرۈك ناھىيە بازىرىدىن بۇلاقسۇغا بېرىشتا ئۆتىدىغان گىز

دەرياسى (يامانيار دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا سېلىنغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن بۆلاقسۇ، تېرىم، تاشمىلىق يېزىلىرىغا ۋە ناھىيىلىك تۈز مەيدانغا بارىدىغان، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك 3 - شى 41 - تۇەن - مەيدان 5 - لىەن، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدىن قەشقەرگە بارىدىغان مۇھىم ئۆتكەل. بۇ ئەسلىدە 104 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنى دەريانىڭ 2 ياقىسىدىكى 210 ئامما ئۆزلۈكىدىن 200 مىڭ سەر قەشقەر تەڭگىسى ئىئانە قىلىپ مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) سالغان (1977 - يىلى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن بىر كىچىك ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنغان). 1989 - يىلى مەزكۇر كۆۋرۈك سايباغ - تاشمىلىق تاشيولىدىكى يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇش سۈپىتىدە ئۆزگەرتىلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، كۆۋرۈكنى ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىگەن، ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتى سالغان، كۆۋرۈك ئەسلىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ 20 مېتىر تۆۋەن تەرىپىگە سېلىنغان. كۆۋرۈكنىڭ لايىھىدىكى يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى: ئاپتوموبىل 13 توننا، پىرىتسېپ 60 توننا. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 101 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك. بۇ كۆۋرۈك 1990 - يىل 10 - ئايدا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

5) پارىچ كۆۋرۈكى — بۇ كۆۋرۈك ناھىيە بازىرىدىن تاشمىلىق يېزىسىغا بېرىشتا ئۆتىدىغان يېڭى گەز دەرياسى (پارىچ دەرياسى) غا سېلىنغان بولۇپ، سايباغ - تاشمىلىق تاشيولىدىكى يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. بۇ كۆۋرۈكنى 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىگەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان. كۆۋرۈكنىڭ لايىھىدىكى يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى: ئاپتوموبىل 13 توننا، پىرىتسېپ 90 توننا. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، بۇ كۆۋرۈك پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق ئەگمە كۆۋرۈك بولۇپ، 2 تۆشۈكلۈك، ھەربىر تۆشۈكنىڭ دىئامېتىرى 12 مېتىر. كۆۋرۈك 1990 - يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

## §4 . يول ئاسراش

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا، كەنتلەردە يول ئاسراش ئەترەتلىرى قۇرۇلغان، لېكىن ناھىيىدە باشتىن - ئاخىر يول ئاسراش ئاپپاراتى بولماي كەلگەنىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يول ئاسراش ئەترىتى قۇرۇلدى، 19 ئىشچىسى بار بولدى، بۇ ئەترەتنىڭ خىراجىتى ۋە كەسپىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە سانائەت - قاتناش ئىدارىسىنىڭ يول ئاسراش ئورنى باشقۇردى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سانائەت - قاتناش بۆلۈمى مەمۇرىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلدى. 1964 - يىلى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، بوغالتىر قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 22گە يەتتى. 1985 - يىلى 4 كادىر (باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق، بوغالتىر، تېخنىك)، 22 ئىشچى، 4 ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ جەمئىي 30 ئادەم بار بولدى. 340 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىشخانا، ئامبار، ماشىنا ئۆيى، 343 كۋادرات مېتىرلىق ياتاق سېلىندى. 1988 - يىلى قاتناش باشقارمىسى، مۇچىلىق باشقارمىسىنىڭ 75 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن 2 قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىندى. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 23كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 5، ئىشچى 18.

1) ئاسرىلىدىغان يول بۆلەكلىرى — پوڭتېرەك — بۆلاقسۇ — تاشمىلىق لىنىيىسى، بۇ شېغىل يول بولۇپ 4.32 كىلومېتىر، 3 يول ئەترىتى تەسىس قىلىنغان. بۇلار: يامانيار كۆۋرۈكى يول ئەترىتى، بۇ ئەترەت 1964 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، 300 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى، 7 مو كۆكتاتلىق يېرى بار؛ بۆلاقسۇنىڭ 4 - چوڭ ئەترىتىدە قىزكەنت يول ئەترىتى بار، بۇ ئەترەت 1970 - يىلى قۇرۇلغان

بولۇپ، 32 كۋادرات مېتىرلىق 3 ئېغىز ئۆيى بار؛ سەمەن يول ئەترىتى، بۇ ئەترەت سەمەن - لەڭگەر لىنىيىسىدە بولۇپ، 15 كىلومېتىر شېغىل يولنى ئاسرايدۇ، بۇ يول ئەترىتى 1965 - يىلى سەمەندە قۇرۇلغان بولۇپ، 26 كۋادرات مېتىرلىق 3 ئېغىز ئۆيى بار، ئىگىلىگەن يېرى 2 مو. بۇنىڭدىن باشقا ناھىيە بازىرى — زەمىن لىنىيىسى بولۇپ، بۇ لىنىيىدە 5 كىلومېتىر شېغىل يول بار، بۇنى ناھىيىلىك سانائەت - قاتناش ئىدارىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ، بۇ لىنىيىدە قەرەلسىز ھالدا بىۋاسىتە ئىشچى يالللىنىپ يول ئاسرىلىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن سايباغ يېزىسىنىڭ چوڭتېرەك كەنتىگە بارىدىغان يولدا، بۇلاقسۇدىن تاشمىلىققا بارىدىغان 32 كىلومېتىر يول بۆلىكىدە ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ شامالباغ يېزىسىدىن سەمەن، لەڭگەر يېزىلىرىغا بارىدىغان 13.3 كىلومېتىر يولدا تېرىم، بۇلاقسۇ، سەمەن، لەڭگەر يول ئەترەتلىرى يول ئاسرايدۇ.

قەشقەر شەھىرى — ئاۋات — يېڭىئۆستەڭ — ئاقچاش لىنىيىسى بىلەن قەشقەر — بەشكېرەم لىنىيىسىدىكى يول ئاسراش خىزمىتىگە يەنىلا قەشقەر شەھىرى مەسئۇل بولىدۇ.

**2) يول ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى** 60 - يىللاردىن 70 - يىللارنىڭ بېشىغىچە 20 كەتمەن، 20 گۈرجەك، 3 ئېشەك، 3 كالا، 3 قول ھارۋىسى، بىر رېزىنكە چاقلىق ھارۋا بار ئىدى. 1972 - يىلى بىر قول تراكتورى سېتىۋېلىندى. 1976 - يىلى 28 تىپلىق تراكتوردىن بىرى سېتىۋېلىندى. 1980 — 1984 - يىلغىچە بىر گاز ئاپتوموبىلى، بىر 4 توننىلىق موللاقچى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى.

ناھىيىدە قەشقەر تاشيول باش ئۇچاستىكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تاشيول ئۇچاستىكىسى بار. بۇ ئۇچاستكا 1971 - يىلى ناھىيىگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئورۇمچى — قونجىراپ تاشيولىنىڭ 210 كىلومېتىر قىسمىنى ئاسرايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكىسى 52.6 كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە قوغان، ئوغۇساق، سايباغ، لەڭگەر، ئوپالدىن ئىبارەت 5 يول ئەترىتى بار.

## § 5. ترانسپورت

### 1. قورال - سايمان

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە ناھىيە تەۋەسىدىكى ترانسپورت قورال - سايمانلىرى ئاساسەن يارىيار ھارۋا ۋە ئېشەك، ئات، تۆگىدىن ئىبارەت ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) ناھىيە تەۋەسىدىن روسىيىگە ھەرخىل ماللار ئاپىرىپ سېتىلاتتى، جەمئىي 533 مىڭ 500 كىلوگرامدىن ئارتۇق قوي تېرىسى، قوي يۇڭى، پاختا، قۇرۇق مېۋە، 80 مىڭ توپتىن ئارتۇق سەگىز سېتىلدى، بۇلارنى توشۇش ئۈچۈن 1200 نەچچە تۆگە، 4200 نەچچە ئات ئىشلىتىلدى. روسىيىدىن ناھىيىگە تاۋار، شايى، ھەرخىل چەت ئەل رەختىدىن 102 مىڭ 800 نەچچە توپ، ھەرخىل شېكەر ۋە چويۇن، تۆمۈردىن 175 مىڭ 500 نەچچە كىلوگرام، 1600 تۆگىدىن ئارتۇق نېفىت كىرگۈزۈلدى، بۇلارنى توشۇشقا 1200 نەچچە تۆگە، 1900 نەچچە ئات ئىشلىتىلدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 12 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە 20 يۈك ئاپتوموبىلى، بىر يېرىم توننىلىق 4 ئاپتوموبىل، بىر پىكاپ (يۇقىرىدىكىلەر قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ئاپتوموبىلى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكىسى يوق)، 1552 ئىككى چاقلىق ھارۋا، 2 قوش دەستىلىك ھارۋا، 4 خادىك، 384 مەپە بولۇپ، 1942 ئاپتوموبىل ۋە ھارۋا بار ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزىلغان قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ھەربىي مەخپىيەتلىكلەر تەزكىرىسى»دىكى ماتېرىيالدا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 2550 تۆگە، 305 ئېشەك، 1115 ئات بولۇپ، ناھىيىگە ئېلىپ كېلىنىدىغان ماللار شۇلار بىلەن توشۇلاتتى. بۇ ھارۋا ۋە ئۇلاغلارنىڭ يۈك توشۇش ئىقتىدارى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلدى:

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) دىكى ئۇلاغ ترانسپورت ئىقتىدارى

ئىقتىساد: 9 — 19 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: كىلوگرام

| تۈرى | يۈك ئېغىرلىقى | دائىملىق ترانسپورت ئىقتىدارى | ئاشۇرۇشقا بولىدىغان ترانسپورت ئىقتىدارى |
|---|---|---|---|
| ئات هارۋىسى | 400 | 250 | 50 |
| مەپە | 300 | 200 | 50 |
| تۆگە | 150 | 150 | 70 |
| ئات | 120 | 120 | 40 |
| ئېشەك | 60 | 50 | 30 |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ترانسپورت قورال ـ سايمانلىرى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. 1954 ـ يىلى تۇنجى يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىندى، بۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن زىس ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ئىدى. 1959 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كۆكتىپلار كۆكتىپ باشقۇرۇشىدىكى ترانسپورت ئەترەتلىرىنى قۇردى، ناھىيە بويىچە رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋىدىن 1873 ى بار بولۇپ، 2004 ئۇلاغ ترانسپورت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى، شۇ يىلى توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 221 مىڭ 451 توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. 1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2 يۈك ئاپتوموبىلى، 4 يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پىرتىسېپ، 401 رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا، 1000 رېزىنكە چاقلىق ئېشەك هارۋىسى بار بولدى. شۇ يىلى رېزىنكە چاقلىق ئېشەك هارۋىسىنى كېڭەيتىشنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئۆمىكى سايباغ كۆكتىپىنىڭ 14 ـ چوڭ ئەترىتىگە رېزىنكە چاقلىق ئېشەك هارۋىسىدىن 20نى ياردەم قىلدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 231 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلى 164كە، ئاپتوبۇس 16گە، مىنىبۇس، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى، پىكاپ 51گە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور 832گە، رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا 1446گە، رېزىنكە چاقلىق ئېشەك هارۋىسى 46 مىڭ 702گە يەتتى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاپتوموبىل 397گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلى 217، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 129، ئاپتوبۇس 22، مىنىبۇس 14، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى 4، پىكاپ 86.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى قاتناش ـ ترانسپورت قورال ـ سايمانلىرى

ئىقتىساد: 9 — 20 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: دانە

| يىللار | ئاپتوموبىل | | | | | | | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور | موتسىكلىت | رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا | رېزىنكە چاقلىق ئېشەك هارۋىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يۈك ئاپتوموبىلى | | ئاپتوبۇس | مىنىبۇس | قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى | پىكاپ | | | | |
| | | كەچەك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغىنى | | | | | | | | |
| 1960 | | | | | | | | | | 53 | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | 2 | 2 | 2 | | | | 4 | | 401 | 1000 | |
| 1970 | 33 | 3 | 3 | | | | 18 | | 901 | 2534 | |
| 1975 | 13 | 13 | 13 | | | | 55 | | 870 | 7441 | |
| 1980 | 871 | 82 | 28 | 2 | | 1 | 2 | 182 | | 732 | 22842 |
| 1985 | 231 | 164 | 91 | 16 | 5 | 3 | 43 | 832 | 33 | 1446 | 46702 |
| 1989 | 397 | 217 | 129 | 22 | 14 | 4 | 5486 | | | | |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلار قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىنى 1975 — 1982 - يىلغىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەرگەن چاغدىكى سانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە 1985 - يىلى بار بولغان ئاپتوموبىل

ئىقتىساد: 9 — 21 - جەدۋەل بىرلىكى: دانە

| مۈلۈكچىلىك ئەھۋالى | ئاپتوموبىل | | | | | | موتسىكلىت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يۈك ئاپتو-موبىلى | ئاپتوبۇس | مىنىبۇس | قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى | پىكاپ | |
| كىچىك جەمئىي | 231 | 164 | 16 | 5 | 3 | 43 | 33 |
| ئومۇمىي خەلق مۈ-لۈكچىلىكى | 104 | 50 | 10 | 1 | 3 | 40 | 14 |
| كوللېكتىپ مۈلۈكچى-لىكى | 80 | 78 | | | | 2 | |
| يەككە مۈلۈكچىلىك | 47 | 36 | 6 | 4 | | 1 | 19 |

## 2. ترانسپورت ئورۇنلىرى

1) ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى بۇ ئەترەت 1974 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، سانائەت - قاتناش ماددىي ئەشيا ئىدارىسىنىڭ 4 ئاپتوموبىلى ئاساسىدا 5 شوپۇر، 4 مەمۇرىي خادىم سەپلەپ بېرىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ناھىيە مالىيىسى ئاجرىتىپ بەرگەن 240 مىڭ يۈەنگە شاڭخەيدىن رىم ماركىلىق 7 ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوموبىل 11گە يېتىپ، يۈك ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1975 - يىلى بىكتۇەننىڭ ئاپتوموبىل 3 - يىڭى ناھىيىگە يۆتكىلىپ كىرىپ ئاپتوموبىل ئاسراش - رېمونت قىلىش كەسپىنى يولغا قويدى. 1980 - يىلى رىم ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى تېز بولغانلىقى، ئەينى چاغدىكى يولنىڭ ئاپتوموبىل سۈرئىتىگە ماس كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى سېتىۋېتىلىپ، 4 چوڭ ئاپتوبۇس سېتىۋېلىندى. 1981 - يىلى 7 يۈك ئاپتوموبىلى، 4 ئاپتوبۇس، 28 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇلار يولۇچى، يۈك توشۇش بىلەن تەڭ شۇغۇللاندى. 1984 - يىلى ئاپتوبۇس 5كە، ئىشچى - خىزمەتچى 42گە يەتتى. 1985 - يىلى 700 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى سېلىندى، شۇ يىلى ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 370 مىڭ يۈەنگە، توشۇلغان يۈك 1440 تونىنغا، توشۇلغان يولۇچى 560 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 1986 - يىلى 800 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى سېلىندى. 1988 - يىلى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ نامى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1989 - يىلى 6 ئاپتوبۇس كۆپەيتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچى 101گە يەتتى. 1990 -

يىلى ئاپتوبۇس 17گە، يۈك ئاپتوموبىلى 11گە، ئىشچى - خىزمەتچى 110غا يەتتى. شۇ يىلى ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 1 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 61 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ 1976 — 1990 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 9 — 22 - جەدۋەل

| يىللار | ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت جەمئىيىتىنىكى پايدا - زىيان (تۈمەن يۈەن) | توشۇلغان يۈك (توننا) | توشۇلغان يولۇچى (تۈمەن ئادەم - قېتىم) |
|---|---|---|---|---|
| 1976 | | 1.9 | | |
| 1977 | 17 | 1 | 1155 | |
| 1978 | 17.5 | 1.2 | 1005 | |
| 1979 | 19 | 3.2 | 1200 | |
| 1980 | 21 | 2.5 | 1100 | |
| 1981 | 23 | 2 | 1370 | |
| 1982 | 27 | 2.5 | 1400 | |
| 1983 | 35 | 3.9 | 1390 | |
| 1984 | 37 | 4.5 | 1400 | |
| 1985 | 37 | 5 | 1440 | 56 |
| 1986 | 58 | 8.1 | 1853 | 29.5 |
| 1987 | 67 | -5.7 | 1497 | 89.7 |
| 1988 | 76 | 5.7 | 1946 | 84.4 |
| 1989 | 113 | 7 | 2843 | 133 |
| 1990 | 111 | 6.1 | | 128 |

2) يېزا، كەنت ترانسپورت ئەترەتلىرى 1981 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا، كەنت ترانسپورت ئەترىتىدىن 24ى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا (گۇڭشې) لىقى 15، كەنت (چولڭ ئەترەت) لىكى 9. بۇلاردا 221 ئەمگەك كۈچى بار (يېزىلىقنىڭ 176، كەنتلىكنىڭ 45)، يىللىق كىرىمى 530 مىڭ 700 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىقنىڭ 446 مىڭ 900 يۈەن، كەنتلىكنىڭ 83 مىڭ 800 يۈەن) گە يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا، كەنت ترانسپورت ئورنى ئاساسەن 45 كە مۇقىملاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىقى 13، كەنتلىكى 32، ئەمگەك كۈچى 167، يۈك ئاپتوموبىلىدىن 53ى، چاقلىق تراكتوردىن 205ى، پرىتسېپتىن 221ى بار، يىللىق كىرىمى 535 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3) ناھىيىلىك ئۇلاغ ترانسپورت پونكىتى بۇ پونكىت 1960 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، قەشقەر شەھىرى بىلەن ناھىيە بازىرى ئارىلىقىدا يۈك، يولۇچى، كانىمۇدىن ناھىيە بازىرىغا كۆمۈر توشۇيتتى، 30 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1961 - يىل 10 - ئايدا قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە

مالىيە باشقارمىسىنىڭ 80 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن 5 رېزىنكە چاقلىق ئات ھارۋىسى، 2 رېزىنكە چاقلىق تۆگە ھارۋىسى، 6 رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىسى، بىر يارىيار ھارۋا، 15 ئىچ ئات، 20 تۆگە، ئېشەك سېتىۋېلىندى. 1962 - يىلى مال مەنبەسى ئاز، ئوت - سامان قىممەت، ترانسپورت كىرىمى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىجارەت جايىدا بولمىغاچقا، يىلمۇ يىل زىيان كۆرۈلدى، 2 يىلدا مەھسۇلات قىممىتى 40 مىڭ يۈەنگە، زىيان 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بۇ ترانسپورت پونكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، مال - مۈلكىنى ساتقاندىن كېيىنكى پۇلنى ناھىيە مالىيىسىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى.

# X باب

# پوچتا - تېلېگراف

## 1 § . ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى

مىنگو دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دە 2 - دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغانىدى، ئوپال، ئاۋات، توقۇزاق يېزىلىرىدا پوچتا ۋاكالەتخانىسى تەسىس قىلىنغان، شتاتى، كەسپىنى يۇقىرى دەرىجىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى باشقۇرغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50- يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر مەزگىل خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1955 - يىلى ناھىيە ئورگىنى قەشقەر شەھىرىدىن توقۇزاققا كۆچتى، شۇ يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى، 3 ئىشچى - خىزمەتچى سەپلەندى، رايونلارنىڭ خەت - چەكلىرى رايونلۇق، يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھاۋالە قىلىندى. 1956 - يىلى ئوپال، تاشمىلىق، بورختاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ)، سەمەن، لەڭگەر، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. 1957 - يىلى ئىدارىدا مەمۇرىيەت، پوچتا مەمۇرىيىتى، ئاپپارات - سىم يولى، خەۋەرلىشىش گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 4 گۇرۇپپا قۇرۇلدى. 1960 - يىلى سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق گوڭشېلىرىدا، ئاقئاش دېھقانچىلىق مەيدانى، خانئۆي باغۋەنچىلىك مەيدانىدا پوچتا - تېلېگراف ئورنى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەيداندىكى پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1965 - يىلى مۇش پوچتا - تېلېگراف ئورنى تەسىس قىلىندى. 1969 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ «مەركەزدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامغىچە پوچتا بىلەن تېلېگرافنى ئايرىۋېتىش، تېلېگرافنى ھەربىي قىسىمنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تېلېگراف ئىدارىسى بىلەن پوچتا ئىدارىسىغا ئايرىلدى، تېلېگراف ئىدارىسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە قارىدى، پوچتا ئىدارىسىدا «ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا قارىدى.

1972 - يىلى پاختەكلە يېزىلىق پوچتا - تېلېگراف ئورنى تەسىس قىلىندى. 1973 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراف ئىدارىسى بىلەن پوچتا ئىدارىسى

قوشۇۋېتىلىپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قىلىندى. 1983 — 1985 - يىللىرى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىكى 4 گۇرۇپپا مەمۇرىيەت، پوچتا مەمۇرىيىتى، تېلېگرافتىن ئىبارەت 3 بۆلۈمچە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئاپپارات - سىم يولى كەسپى تېلېگراف بۆلۈمچىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە ئىشچى - خىزمەتچى ئىدارە قۇرۇلغان چاغدىكى 3 تىن 95كە يەتتى.

## § 2 . پوچتا

### 1. كەسپلىرى

1) خەت - چەك    خەت - چەكلەردىن ئادەتتىكى خەت، زاكاز خەت، باسما بۇيۇمى، ئاتكرىتكا، ئاۋىئاتسىيە خېتى، خەلقئارالىق ئادەتتىكى خەت قاتارلىقلار بار ئىدى. 1962 - يىلى بۇلارغا خەلقئارالىق زاكاز خەت - چەك قوشۇلدى. 1982 - يىلى «پوچتا جاۋاب ئۈچۈرى» كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987 - يىلى پوچتا تېز يوللانما كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇ يىلى يەنە ئاۋازلىق خەت - چەك كەسپى يولغا قويۇلۇپ، زاكاز يوللانما بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 1989 - يىلدىن باشلاپ ئەمالار ئوقۇشلۇقى (يەنى كۆپۈنكە، پېتىنقا چېكىتلەر بېسىلغان خەت - چەك، ھۆججەت، كىتاب، ژۇرنال) ۋە ئەمالارنىڭ ئادەتتىكى خەت - چەكلىرى ھەقسىز يەتكۈزۈلىدىغان بولدى (ئەمالار مەكتەپلىرى مەخسۇس ئەمالار ئۈچۈن تەييارلاپ تارقاتقان ۋە ئەۋەتكەن ئالاھىدە ماتېرىياللار بۇنىڭ سىرتىدا).

2) خالتا    خالتىلاردىن ئادەتتىكى خالتا، A تۈردىكى قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان خالتا، B تۈردىكى قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان خالتا، تېز يەتكۈزۈلىدىغان ئۇششاق خالتا، پۇلى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىنىدىغان خالتا قاتارلىقلار بار. 1986 - يىلى تاۋار خالتىسى كەسپى قوشۇلدى. ئابونېنتلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، 1987 - يىلى چوڭ تاۋارلار خالتىسى كەسپى يولغا قويۇلدى.

3) پېرېۋوت    پېرېۋوتلاردىن ئادەتتىكى پېرېۋوت، ئاۋىئاتسىيە پېرېۋوتى بار. 1956 - يىلى تېلېگراما پېرېۋوتى قوشۇلدى. 1980 - يىلى پېرېۋوت قىلىنىدىغان پۇلنىڭ يۇقىرى چېكى 300 يۈەندىن 5000 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

4) پۇل ئامانىتى    1987 - يىلى پوچتا پۇل ئامانىتى كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پۇل ئامانەت تۈرلىرى: توپ قويۇپ توپ ئېلىش، پارچە قويۇپ توپ ئېلىش، دىرنى قويۇپ ئۆسۈمىنى ئېلىش، قەرەللىك ۋە قەرەلسىزگە ئەپلىك ئامانەت، قەرەلسىز، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئامانەتلەردىن ئىبارەت.

5) گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش    1956 - يىلى گېزىت - ژۇرناللارنى پارچە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلدى، 1982 - يىلى توختىتىلدى.

6) پوچتا ماركىسى توپلاش    80 - يىللاردىن ئىلگىرى ناھىيىدە پوچتا ماركىسى توپلايدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى، كېيىن ماركا توپلايدىغانلار كۆپەيدى، ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپىنى يولغا قويدى، ئاساسلىقى پوچتا ماركىسى، خاتىرە ماركا، ئالاھىدە ماركا، دەپتەرچاق ماركا، ماركا ۋاراقچىسى، تۈنجى كۈنلۈك لىپاپ، ماركا دەپتىرى، ماركا توپلاش قورال - سايمانلىرى، ئىناۋەتلىك ماۋالە قاتارلىق تىجارەتلەر بار.

7) مەخپىي يوللانما ئالاقىسى    1957 - يىل 9 - ئايدا ھەربىي پوچتىنىڭ مەخپىي يوللانما ئالاقىسى كەسپى ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1981 - يىلى تاپشۇرۇۋېلىش ۋە يەتكۈزۈش دائىرىسى ناھىيىگە قاراشلىق

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى پوچتا كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

ئىقتىساد: 10 — 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | خەت ـ چەك (تۈمەن دانە) | | | مەخپىي يوللانما (تۈمەن دانە) | | خالتا (تۈمەن دانە) | | | پېرېۋوت چېكى (دانە) | | گېزىت (تۈمەن نۇسخا) | | | ژۇرنال (تۈمەن نۇسخا) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | چىقىرىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | تراتزىت قىلىنغىنى | چىقىرىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | چىقىرىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | تراتزىت قىلىنغىنى | يوللانغىنى | نەقلەشتۈرۈلگىنى | قەرەللىك تارقىتىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | تراتزىت قىلىنغىنى | قەرەللىك تارقىتىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | تراتزىت قىلىنغىنى |
| 1960 | 8.38 | 5.69 | — | 0.33 | 0.36 | 0.36 | 0.10 | — | 2895 | 3519 | 1.37 | 61.52 | — | 0.46 | 15.86 | — |
| 1962 | 10.34 | 13.47 | 2.01 | 0.20 | 0.24 | 0.20 | 0.28 | 0.01 | 2923 | 3923 | 0.19 | 38.24 | — | 0.16 | 2.70 | — |
| 1965 | 16.56 | 17.06 | 19.87 | 0.38 | 0.41 | 0.26 | 0.32 | 0.29 | 5232 | 1013 | 0.36 | 71.49 | 56.56 | 0.16 | 4.87 | 1.93 |
| 1970 | 8.32 | 9.29 | — | 0.03 | 0.14 | 0.33 | 0.39 | — | 2181 | 3687 | 0.35 | 66.36 | — | 0.01 | 0.15 | — |
| 1975 | 11.26 | 12.42 | 10.01 | 0.01 | 0.08 | 0.44 | 0.79 | 0.65 | 3846 | 2458 | 0.59 | 143.36 | 107.83 | 0.61 | 6.36 | 3.91 |
| 1980 | 9.75 | 12.41 | 6.69 | 0.03 | 0.13 | 0.31 | 0.42 | 0.21 | 5313 | 2287 | 0.54 | 115.03 | — | 0.79 | 9.46 | — |
| 1985 | 15.52 | 20.88 | — | 0.04 | 0.20 | 0.44 | 0.59 | — | 5399 | 6490 | — | 233.66 | — | — | 233.66 | — |
| 1990 | 16.64 | 34.93 | — | 0.02 | 0.02 | 0.44 | 0.45 | — | 7029 | 6917 | 1.18 | 221.94 | — | 1.09 | 12.04 | — |

زاۋۇت، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارغىچە كېڭەيدى.

8) خەلقئارا پوچتا    1957 - يىلى خەلقئارالىق خەت - چەكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ۋە يوللاپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى (بۇ ئادەتتىكى خەت، قوش زاكاز خەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى) . 1982 - يىلى خەلقئارالىق خالتا كەسپى يولغا قويۇلدى.

## 2. پوچتا يولى، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش

1957 - يىلى ناھىيە بويىچە 16 كىلومېتىر پوچتا يولى بار ئىدى، 1967 — 1969 - يىلىغىچە 1197 كىلومېتىرغا يەتتى. لىنىيىلەرنىڭ يۆنىلىشىنى تېجەشلىك ۋە مۇۋاپىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم تەرتىپكە سېلىش، ئۇزارتىش ۋە قىسقارتىش ئارقىلىق، 1985 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈن لىنىيە 991 كىلومېتىر قىلىپ تەڭشەلدى. پوچتا يوللانمىلىرى پىيادە، ئاتلىق، ۋېلىسىپىتلىك، موتسىكلىتلىق ۋە ئاپتوموبىل بىلەن يەتكۈزۈلدى. ئەسلىدىكى پوچتا يوللانمىسى پىيادە يەتكۈزۈلىدىغان 60 كىلومېتىر پوچتا يولى 1962 - يىلى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلدى؛ پوچتا يوللانمىسى ئاتلىق يەتكۈزۈلىدىغان 844 كىلومېتىر يولدا 1962 - يىلغا كەلگەندە يوللانما پۈتۈنلەي ۋېلىسىپىت ۋە موتسىكلىت بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان بولدى. 1984 - يىلى ئاپتوموبىل بىلەن يەتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پوچتا يوللانمىسى ۋېلىسىپىت بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 837 كىلومېتىرغا، ئاپتوموبىل بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 154 كىلومېتىرغا يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە پوچتا يوللانمىسى ۋېلىسىپىت بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 1205.2 كىلومېتىرغا يەتتى، ئاپتوموبىل بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 140 كىلومېتىرغا ئازايدى.

# § 3 . تېلېگراف ئالاقىسى

## 1. تېلېگرامما

ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تېلېگرامما كەسپى جەھەتتە قەشقەر رادىئو ئىستانسىسى بىلەن ھەمكارلىشىلىپ، تېلېگرامما تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەنىدى. 1957 - يىلىدىن ئېتىبارەن سىملىق تېلېگرامما يولغا قويۇلۇپ، تېلېگراممىنى تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئادەم كۈچى ئارقىلىق سىم بىلەن يەتكۈزۈشكە تەرەققىي قىلدى. 1966 - يىلى سىمسىز تېلېگرامما يولى ئېچىلدى، 1970 - يىلى بۇ يول ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى، 1974 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1) ئۈسكۈنە    1962 - يىلى 15 ۋاتلىق قىسقا دولقۇنلۇق خەۋەر يوللاش ئاپپاراتىدىن بىرى سەپلەندى، بۇ ئاپپارات 1971 - يىلى 2 گە، 1979 - يىلى 3 كە كۆپەيتىلدى. 1984 - يىلى يەنە تېلېتايىپتىن 2 سى سەپلەندى. ئادەم كۈچى بىلەن تېلېگرامما يوللاش تېلېتايىپلىق تېلېگرامما يوللاشقا تەرەققىي قىلدى.

2) كەسىپ    بۇ كەسىپ يىلمۇيىل تەرەققىي قىلدى، 1960 - يىلى 2500 پارچە تېلېگرامما قوبۇل قىلىندى، 2700 پارچە تېلېگرامما يوللاندى. 1985 - يىلى 6600 پارچە تېلېگرامما قوبۇل قىلىندى، 5500 پارچە تېلېگرامما يوللاندى، 1900 پارچىسى قوبۇل قىلىنىپ يوللاندى. 1990 - يىلى 12 مىڭ 700 پارچە تېلېگرامما قوبۇل قىلىندى، 19 مىڭ 800 پارچە تېلېگرامما يوللاندى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تېلېگراممىا كەسپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى سانلىق مىقدارى

ئىقتىساد: 10 — 2 ـ جەدۋەل　　　　　　بىرلىكى: تۈمەن پارچە

| يىللار / تۈرلەر | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يوللانغىنى | 0.27 | 0.22 | 0.25 | 0.43 | 0.62 | 0.55 | 1.27 |
| قوبۇل قىلىنغىنى | 0.25 | 0.40 | | 0.46 | 0.65 | 0.66 | 1.98 |
| قوبۇل قىلىنىپ يوللانغىنى | | | | 0.08 | 0.19 | 0.19 | |

## 2. تېلېفون

1) ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون　1957 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولىدىن بىرىلا بار ئىدى. 1960 ـ يىلى 2 گە كۆپەيتىلدى، قوبۇل قىلىنغان ۋە بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 6000 قېتىمغا يەتتى. 1965 ـ يىلى بېرىلگەن ۋە قوبۇل قىلىنغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تۈنجى قېتىم 10 مىڭ قېتىمدىن ئاشتى. 80 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ كەسپىي مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى 5 كە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە يۇكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى 4، 19 مىڭ 800 قېتىم كەلگەن تېلېفون قوبۇل قىلىندى، 5200 قېتىم تېلېفون بېرىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى، ئۈسكۈنىلىرى، كەسپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى

ئىقتىساد: 10 — 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون | | | | ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۈسكۈنىسى يۇكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفونىنىڭ ئاخىرقى ئۇچ ئاپپاراتى | | | ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىي مىقدارى (تۈمەن پارچە) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | سىملىق توك يولى | ستولبىلىق يالىڭاچ سىم | يۇنىڭ ئىچىدىكى يۇكلىمە دولقۇنلۇقى | جەمئىي | تاق يول | 3 يول | بېرىلگىنى | كەلگىنى |
| 1957 | 1 | | | | | | | | |
| 1960 | 2 | | | | | | | 0.60 | 0.43 |
| 1962 | 1 | | | | | | | 0.56 | 0.42 |
| 1965 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | | 1.17 | 1.24 |
| 1970 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | | 0.68 | |
| 1975 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | | 0.79 | 1.39 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | | 1.41 | 1.52 |
| 1985 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | | 1 | 1.36 | 1.50 |
| 1990 | 5 | 5 | 5 | 4 | | | | 0.52 | 1.98 |

2) شەھەر تېلېفونى    1955 - يىلى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 20 توچكىلىق كىچىك كوممۇتاتوردىن بىرى، تېلېفون ئابونىتىدىن 4 ى، ئەمەلىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەككە تېلېفوندىن 4 ى، ستولبىلىق يالىڭاچ تېلېفون سىمىدىن 500 مېتىرلا بار ئىدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرىدىكى كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 200 توچكىغا، ئەمەلىي ئىگىلىگەن سىغىمچانلىقى 150 توچكىغا، تېلېفون ئابونىتى 147 گە يەتتى. ئاساسلىق كوچىلاردىكى ستولبىلىق تېلېفون سىملىرى ئاساسەن كابېللاشتۇرۇلدى، ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتىرغا يەتتى ھەمدە ستولبىلار سېمونت تەگلىككە باغلاندى.

1990 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 500 توچكىغا، ئەمەلىي ئىگىلەنگىنى 450 توچكىغا، تېلېفون ئابونىتى 271 گە، تېلېفون سىمى ستولبىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتىرغا، كابېللاشتۇرۇلغىنى 15.6 كىلومېتىرغا يەتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى، ستولبىلىق تېلېفون يولىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى

ئىقتىساد: 10 — 4 - جەدۋەل

| يىللار | كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى | ماگنىتلىق | كوممۇتاتورنىڭ ئەمەلىي ئىگىلىگەن سىغىمچانلىقى | شەھەر تېلېفونى كوممۇتاتورغا ئۇلانغان تېلېفون | يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون سانى | ستولبىلىق سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | ستولبىلىق يالىڭاچ سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (جۈپ كىلومېتىر) | كابېل ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | كابېل سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 30 | 1 | | 30 | | 3.2 | 11.4 | | |
| 1960 | 100 | 1 | | 45 | 40 | 4.5 | 14 | 0.08 | 4.18 |
| 1962 | 100 | 1 | 67 | 64 | 66 | 13.2 | 25.8 | 0.08 | 4.18 |
| 1965 | 100 | 1 | 81 | 77 | 77 | 6.6 | 28.2 | 0.08 | 4.18 |
| 1970 | 100 | 1 | 75 | 73 | 75 | 8.7 | 27.6 | 0.08 | 4.18 |
| 1975 | 100 | 1 | 59 | 59 | 88 | 9.8 | 15.9 | 1.54 | 50.39 |
| 1980 | 100 | 1 | 90 | 90 | 120 | 17 | 25 | 3.5 | 95 |
| 1985 | 200 | 2 | 150 | 145 | 147 | 16 | 31 | 4.5 | 105 |
| 1990 | 500 | 1 | 450 | 271 | 271 | 17 | | 15.6 | |

3) يېزا تېلېفونى    باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە، ناھىيىنىڭ يېزا، كەنتلىرىدىكى تېلېفون

لىنىيىسى يەرلىك دۆلەت ئىلكىدە ئىدى. لىنىيىنى ئۆزگەرتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى چوڭ رېمونت قىلىش، قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش، مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارغا ش ئۇ ئا ر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى مەسئۇل بولدى، مۈلۈك ھوقۇقىنىمۇ مەزكۇر ئىدارە ئىگە بولدى. لېكىن ئادەتتىكى رېمونت خىراجىتى، خادىملارنى باشقۇرۇش، كىرىم - چىقىمنى نازارەت قىلىش، كەسپىي تىجارەت قاتارلىقلارغا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. يېزا (گوڭشې) دىن كەنت (چوڭ ئەترەت) كىچە بولغان ستولبىلىق تېلېفون لىنىيىسى كوللېكتىپ ئىلكىدە بولدى. تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، ئوپال، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، لەڭگەر، مۇش، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق 9 يېزىنىڭ تېلېفون تىجارىتىنى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ۋاكالىتەن باشقۇردى. سەمەن يېزىسى بىلەن پاختەكلە يېزىسىنىڭ تېلېفونىنى بۇ يېزىلار ئۆزلىرى باشقۇردى، ئاسراش ۋە پايدا - زىيانغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولدى. ئەسلىدىكى 14 يېزىغا بىۋاسىتە پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئارقىلىق تېلېفون ئۇلاندى. 1984 - يىلى تېرىم، ئاقتاش، خانئېرىق يېزىلىرىنىڭ چېگرىسى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، تاشمىلىق، ئاۋات، سەمەن يېزىلىرىنىڭ سىم يولىدىن سىم ئايرىلىپ تېلېفون ئۇلاندى.

يېزا تېلېفون كوممۇتاتور ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تارقىلىشى: ئوغۇساق پوچتا - تېلېگراف پونكىتىغا تاق يوللۇق يۆكلىمە دولقۇنلۇق B846C تىككى ئۈچ ئاپپاراتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ ئاپپارات ئوغۇساق سۇ - ئېلېكتر پونكىتى، پاختەكلە يېزىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. قەشقەر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى يېزا تېلېفون پونكىتىغا B854C تىككى ئۈچ ئاپپارات ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ ئاپپارات بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ يېزىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە 4 ئۆچلۈق (يەنى 4 يۈرۈش) 4 توك يولى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە يېزا ئاساسەن تېلېفون ئالاقىسى قىلالايدىغان بولدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى ۋە كەسپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى

ئىقتىساد: 10 — 5 - جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1957 | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا تېلېفونىنى ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى | 5 | 14 | 16 | 15 | 16 | 11 | 15 | 15 |
| يېزا باشقۇرۇشىدىكى كوممۇتاتور نۇقتىسى | | | | 3 | 1 | 1 | | |
| كوممۇتاتور سانى | 4 | | 16 | 18 | 17 | 13 | 16 | 19 |
| كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى (توچكا) | 100 | 250 | 400 | 540 | 600 | 590 | 760 | 730 |
| تېلېفون سانى | 42 | 245 | 259 | 293 | 287 | 254 | 245 | 214 |
| يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئورناشتۇرۇلغان ئائىلە سانى | | 96 | 259 | 291 | 282 | 218 | 245 | 214 |
| تېلېفون ئالاقە سانى (تۈمەن قېتىم) | | 16.99 | 7.78 | | 1.16 | 5.45 | 5.37 | 4.51 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ستولبىلىق يېزا تېلېفون يولى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى

ئىقتىساد: 10 — 6 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | | 1957 | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1984 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ستولبا يولى ئۇزۇنلۇقى (ستولبا كىلومېتىر) | جەمئىي | 179.5 | 587.4 | 524.2 | 629.1 | 575.2 | 374 | 369 | 333 |
| | ئارىلىقتا ئۇلانغان سىم | 32 | | 167.3 | | 155 | 114 | 149 | 215 |
| ستولبىلىق يالىڭاچ سىم يولى ئۇزۇنلۇقى (جۈپ كىلومېتىر) | جەمئىي | 525 | 770.5 | 938.1 | 1032 | 924.5 | 626 | 636 | 575 |
| | ئارىلىقتا ئۇلانغان سىم | 38 | | 318 | | 316.8 | 198 | 281 | 208 |
| يۆتكىلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون ئاخىرقى ئۇچ ئاپپاراتى | | | | | | 2 | 1 | 12 | 19 |
| يىغىن تېلېفونى ئاپپاراتى | | | | | | 1 | 1 | | |
| كابېل ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | | | | | | | | 1 | 2.5 |

## 1984 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 10 — 7 - جەدۋەل

| تۈرلەر / ئورۇن نامى | باش ئاپپارات (ئەمەلىي ئىگىلىگىنى/ توچكا) | ئارىلىقتا ئۇلانغان سىم | | ئابونېنتلار سىمى | | يۆتكىلىمە دولقۇن ئاپپاراتى (يول/دانە) | تېلېفون ئاپپاراتى (دانە) | يېزىدا تورۇشلۇق ئاپپاراتچى ۋە لىنىيە ئاسرىغۇچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ستولبا كىلومېتىر | جۈپ كىلومېتىر | جۈپ كىلومېتىر | ستولبا كىلومېتىر | | | |
| ئوپال يېزىسى | 50/25 | 25 | 32 | 68 | 42.3 | | 27 | 1 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 50/13 | 39 | 39 | 1.6 | 0.7 | | 12 | |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 50/20 | | 17 | 34.5 | 22.5 | | 19 | 1 |
| سايباغ يېزىسى | 50/21 | | 4 | 55.6 | 19 | | 20 | 1 |
| زەمىن يېزىسى | 50/20 | 6 | 6 | 34 | 22.8 | | 24 | 1 |
| ئوغۇساق يېزىسى | 50/12 | 2 | 7.5 | 17 | 6 | 2/2 | 12 | |
| پاختەكلە يېزىسى | 50/16 | 3 | 5.7 | 25 | 12 | | 15 | |
| سەمەن يېزىسى | 50/32 | | 14 | 40 | 27 | | 29 | |
| لەڭگەر يېزىسى | 50/16 | | 23.8 | 24 | 14 | | 17 | 1 |
| مۇش يېزىسى | 50/17 | 41 | 41 | 26.5 | 28 | | 18 | 1 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قوغان يېزىسى | 50/7 | 15 | 16.5 | | | | 6 | 1 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 50/9 | 19 | 19 | | | 1/1 | 8 | |
| ئاۋات يېزىسى | 50/9 | 2 | 30 | | | | 8 | 1 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 50/26 | 12.5 | 25 | 29.7 | 25.4 | 1/1 | 30 | 1 |
| ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى | 50/33 | | | | | | | 4 |
| جەمئىي | 750/276 | 164.5 | 280.5 | 355.9 | 219.7 | 4/4 | 245 | 13 |

## 1990 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 10 — 8 - جەدۋەل

| تۈرلەر / پوچتا - تېلېگراف پونكىتىنىڭ نامى | باش ئاپپارات (ئەمەلىي ئىگىلىگىنى/ توچكا) | ئارىلىقتا ئۇلانغان سىم | | ئابونېنتلار سىمى | | يۈكلىمە دولقۇن ئاپپاراتى | تېلېفون ئاپپاراتى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ستولبا كىلومېتىر | جۈپ كىلومېتىر | جۈپ كىلومېتىر | ستولبا كىلومېتىر | | |
| ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | 500/450 | | | | | كېسىشمە كوممۇتاتور | 450 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 50/22 | 10.5 | 10.5 | 44 | 27 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 21 |
| سايباغ يېزىسى | 50/35 | 3.1 | 12.4 | 54 | 60 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 34 |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 50/18 | 17.1 | 34.2 | 38 | 43.3 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 17 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 50/11 | 39.8 | 39.8 | 2.1 | 2.8 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 10 |
| ئوپال يېزىسى | 50/26 | 33.7 | 33.7 | 68 | 77.5 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 25 |
| زەمىن يېزىسى | 50/21 | 5.6 | 5.6 | 48 | 43 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 20 |
| ئوغۇساق يېزىسى | 50/14 | 7.4 | 51.8 | 27 | 23 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 13 |
| پاختەكلە يېزىسى | 50/19 | 13.4 | 80 | 17.8 | 19 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 18 |
| قوغان يېزىسى | 50/33 | 16.4 | 16.4 | 87 | 69 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 32 |
| سەمەن يېزىسى | 50/15 | 14 | 7 | 16.7 | 14.5 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 14 |
| لەڭگەر يېزىسى | 50/18 | 23.9 | 47.8 | 32 | 24 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 18 |
| مۇش يېزىسى | 50/20 | 42.9 | 42.9 | 24 | 21 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 19 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 50/14 | 9.2 | 9.3 | 13.2 | 10 | ماگنىتلىق كوممۇتاتور | 13 |
| ئاۋات يېزىسى | 50/10 | | | 11.5 | 71 | 3 بوللۇق ئالاھىدە يۇقىرى چاستوتىلىق ئاپپارات | 9 |
| جەمئىي | 1200/726 | 237 | 454.3 | 483.3 | 505.1 | | 713 |

# XI باب

# سودا

چىلان سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قەشقەر كونا شەھىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دە ئىدى. بۇ جاي ئەمەلىيەتتە مىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم قورغان، قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق جايلارنىڭ ماللىرى چۇشۇرۇلىدىغان ئۆتەڭ ۋە مال توپلىنىدىغان ـ تارقىتىلىدىغان جاي ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندە بۇ يەردە بازار ـ رەستىلەرنى كۆرگەن ۋە «تۆگە، ئات كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي قاتنايدىكەن، سودىگەرلەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن» دەپ يازغان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ يەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا مەركىزىگە ئايلانغان. قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە زېمىننىڭ گۈللىنىش ۋە خاراپلىشىشى بۇ جاي سودىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە پەسىيىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، قەشقەر مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى 8 شەھەرنىڭ ئەڭ ئالدىغا تىزىلىدىغان بولدى، قول سانائەت راۋاجلاندى، تاۋار ئېگىلىكى نىسبەتەن گۈللەندى. جايلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى يەرلەرنىڭ سودىگەرلىرى بۇ جايغا توپلاشتى. تاشقى جەھەتتە روسىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا نىسپىي گۈللەندى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قەشقەرنىڭ «شەھەر كۆلىمى 12 كۋادرات چاقىرىم 7 پۇڭ كېلىدۇ، 9 بازىرى، 35 سودا سارىيى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ناھىيىدىن 336 مىڭ جىڭدىن كۆپىرەك قوي يۇڭى، 233 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك كالا تېرىسى، 343 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك پاختا، 80 مىڭ توپتىن ئارتۇق گۈللۈك رەخت ۋە ماتا، 125 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق قۇرۇق مېۋە روسىيىگە ئاپىرىپ سېتىلدى؛ روسىيىدىن تۈرلۈك تاۋار، شېكەر، تۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار ناھىيىگە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ناھىيە بازىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇشىن شىركىتىنىڭ قەشقەر يەرلىك ماللار شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى. شىركەت ھېيئىگاھىدا 2 قەۋەتلىك كىچىك بىر دۇكان ئېچىپ، تېرە، مەشۈت، پاختا، ئۆرۈك مېغىزى، زاراڭزا ئۆرۈكى، چىگىت، ئۈچەي، ئات يايلى قاتارلىق تاۋارلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) بۇ شىركەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن تەڭ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسىنىمۇ پائال يۆلەپ راۋاجلاندۇردى. ناھىيە بازىرىدا ۋىلايەتنىڭ سودا ئورۇنلىرى، قىسىم باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرى، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپ دۇكانلىرى ھەم خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى؛ يېزىلاردا بولسا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپ سودىسى بىلەن خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودىلا بار ئىدى. 1952 ـ يىلى ناھىيە قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئەسلى ناھىيە بازىرىدىكى تۈرلۈك سودا

تىجارەت ئورۇنلىرى ۋە ئائىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. 1955 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار يېڭى ناھىيە بازىرى — توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي تەدرىجىي ھالدا ناھىيە دەرىجىلىك سودا مەركىزىگە ئايلاندى. 1956 - يىلى خۇسۇسىي سودا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ رەھبەرلىكىدە ناھىيىدە سودا شىركىتى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئاساس، يەككە سودا قوشۇمچە قىلىنغان سوتسىيالىستىك سودا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى (تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە يەككىلەرنىڭ سودا تىجارەت تور - نۇقتىسى 855 كە، يەككە تىجارەت ئورنى 706 گە يەتتى، ساپ سېتىۋېلىش سوممىسى 23 مىليون 477 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 - يىلدىكى 7 مىليون 470 مىڭ يۈەندىن 2.14 ھەسسە ئاشتى، ساپ سېتىش سوممىسى 27 مىليون 287 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 - يىلدىكى 9 مىليون 170 مىڭ يۈەندىن 1.98 ھەسسە ئاشتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليون 412 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 - يىلدىكى 9 مىليون 460 مىڭ يۈەندىن 2.64 ھەسسە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاشقى سودىمۇ بىرقەدەر راۋاجلاندى.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي سودا تاۋارلىرىنىڭ ئىچكى ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 83 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى 81 مىليون 10 مىڭ يۈەننى ئىگىلىدى؛ ئىچكى ساپ سېتىلىش سوممىسى 47 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى 51 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى سودا تارماقلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروتىنىڭ**
**1986 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 11 — 1 - جەدۋەل

| يىللار | تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى (يۈەن) | تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى (يۈەن) | مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1986 | 9677748 | 10308174 | 2995656 |
| 1987 | 9446807 | | 2781019 |
| 1988 | 12179942 | 13515663 | 4323696 |
| 1989 | 11478320 | 15861310 | 4200214 |
| 1990 | 11882943 | 14071855 | 4886583 |

# 1 §. دۆلەت ئىلكىدىكى سودا

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە سودا ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1953 - يىلى غەربىي شىمال سودا شىركىتىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنىڭ كەسپى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كەسپى بىلەن تەكرار بولۇپ قالغاچقا، 1955 - يىل 4 - ئايدا تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى. 1958 - يىلى سودا - سانائەت بۆلۈمى بىلەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باشقارمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قىلىندى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ 48 ئىشچى - خىزمەتچىسى، قارمىقىدا 3 بۆلۈمچە،

2 تىجارەت ئورنى بار ئىدى. 1959 - يىل 10 - ئايدا 3 بۆلۈمچە كادىرلار - كاتىبات، سودا مەمۇرىيىتى، پاما، ستاتىستىكا، ترانسپورت، بوغالتىرلىقتىن ئىبارەت 6 بۆلۈمچىگە ۋە پاختا - چىگە، يىمەكلىك، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى تىجارەت ئورنىدىن ئىبارەت 4 تىجارەت ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇي قۇشلىرى فېرمىسى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇ سانائەت، سودا، قاتناش ۋە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1964 - يىلىنىڭ بېشىدا، سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1965 - يىلى سودا ئىدارىسى يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سودا - سانائەت بۆلۈمىنىڭ ئاپپاراتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1972 - يىلى سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ چاغدا 7 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1976 — 1984 - يىلغىچە ئىشچى - خىزمەتچىسى 14 كە يەتتى.

1990 - يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىدا مەمۇرىيەت - كادىرلار ئىشلىرى بۆلۈمچىسى، كەسپىي بۆلۈمچە، مالىيە - بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى. ئىدارىگە سودا شىركىتى، يىمەكلىك شىركىتى، شېكەر - ھاراق - تاماكا شىركىتى، نېفىت شىركىتى، يىمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى قارىدى.

## 2. قارىمىقىدىكى كەسپىي شىركەتلەر

### 1) سودا شىركىتى

**(1) ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى** 1958 - يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا بىلەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سودىسى خىزمەت تەقسىملىۋېلىشتىن ئىلگىرى، سودا شىركىتى سودا ئىدارىسى قارىمىقىدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى تىجارەت ئورنى ئىدى. 1962 - يىلى نامى سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ چاغدا 38 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1965 - يىلى يىمەك - ئىچمەك شىركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 89 غا يەتتى، ئىچكى قىسىمدا ئايرىم ھېسابات قىلىندى، سىرتقا قارىتا سودا شىركىتى دەپ ئاتالدى. 1971 - يىل 1 - ئايدا سودا شىركىتى بىلەن يىمەك - ئىچمەك شىركىتى ئايرىۋېتىلدى. 1976 - يىلى نېفىت كەسپى سودا شىركىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، نېفىت شىركىتى قۇرۇلدى. 1990 - يىلى سودا شىركىتى قارىمىقىدا تۈرلۈك مېتال، تۈرلۈك ماللار، ئىلمە توقۇلما، كادىرلار - كاتىبات، مالىيە بۆلۈمچىلىرى ۋە بىر پارچە سېتىش دۇكىنى تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى تۈرلۈك مېتال شىركىتى تەسىس قىلىندى، كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1985 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سودا شىركىتى توپ سېتىش شىركىتى بىلەن پارچە سېتىش شىركىتىگە ئايرىلدى، 7 - ئايدا سودا شىركىتى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 76 گە يەتتى. شېكەر - تاماكا - ھاراق قىسمى شېكەر - تاماكا - ھاراق شىركىتىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

**(2) ئىگىلىك باشقۇرۇش** 1953 - يىلى قەشقەر مال ئامبىرىدا توپ سېتىش بۆلۈمى قۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىدا 3 ئورۇندا پارچە سېتىش دۇكىنى ئېچىلىپ، 2000 خىلدىن ئارتۇق تاۋار سېتىلدى، بەنى رەخت، ئىلمە توقۇلما، تۈرلۈك ماللار، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، ئاياغ - باش كىيىم، تۈرلۈك مېتال، قاتناش، ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە نېفىت قاتارلىقلار. 1963 — 1964 - يىللىرى 1962 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئىلگىرى سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئامباردىكى قالدۇقى ئېنىقلىنىپ، مەبلەغ ھېسابلاندى. 222 مىڭ يۈەنلىك كاسات تاۋار، 46 مىڭ يۈەنلىك بۇزۇلغان، ناچار تاۋار بىر تەرەپ قىلىندى، براك قىلىنغانلىقتىن

ۋە باھانى چۈشۈرۈشتىن كېلىپ چىققان زىيان 148 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭغا دۆلەت قوشۇمچە ياردەم پۇل بەردى. 1977 ـ يىلى 2 ـ قېتىم ئامبار ئېنىقلىنىپ، مەبلەغ ھېسابلىنىپ، 388 مىڭ يۈەنلىك مەسىلە بار تاۋار، 413 مىڭ 500 يۈەن مەسىلە بار مەبلەغ ئېنىقلاندى. 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە يەنە بىر قېتىم قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىراك قىلىنغان ۋە باھاسى چۈشۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مەبلەغكە چېتىلىدىغان، ھەل قىلىنمىغان 95 دېلو ئېنىقلاندى، بۇنىڭغا چېتىشلىق پۇل 293 مىڭ 400 يۈەن. 1984 ـ يىلى 3 ـ قېتىم ئامبار ئېنىقلىنىپ، مەبلەغ ھېسابلاندى، باھانى چۈشۈرۈشتىن كېلىپ چىققان زىيان بىلەن بىراك تاۋارلار قىممىتىنىڭ يىغىندىسى 675 مىڭ يۈەن (تۇرلۇك مىتال شىركىتى قۇرۇلغان مەزگىلدىكى زىيان بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتتى، بۇنىڭغا دۆلەت قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، تىجارەت قىلىنىدىغان تاۋارلار 2000 نەچچە خىلدىن 3898 خىلغا يەتتى. 1963 — 1990 ـ يىلغىچە 1973 ـ، 1984 ـ، 1985 ـ، 1988 ـ يىللىرى 202 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلگەندىن سىرت، قالغان 24 يىلدا پايدا ئېلىندى. تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن 28 يىلدا ئېلىنغان پايدا 1 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى سودا شىركىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 11 — 2 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | مەبلەغ | | سېتىۋېلىنىش سوممىسى | سېتىلىش سوممىسى | ئۇراقلىق مۇلۈك | پايدا، زىيان سوممىسى (+—) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆزىدىكىسى | قەرز پۇل | | | | |
| 1958 | | | 188.4 | 408.1 | | |
| 1960 | | | 456.2 | 345.1 | | |
| 1963 | 38.6 | 40.5 | 320.9 | 590.9 | 12 | +5.4 |
| 1965 | 28.3 | 89.5 | 441.5 | 426 | 6.8 | +8.1 |
| 1970 | 28.3 | 5.2 | 409.7 | 407.7 | 4.3 | +9.9 |
| 1975 | 38.3 | 166.4 | 826.2 | 676.1 | 15.5 | +17.4 |
| 1980 | 71.3 | 158.9 | 673.3 | 708.7 | 29.3 | +11.3 |
| 1985 | 75.3 | 222.5 | 729.7 | 759 | 29.5 | —3.3 |
| 1990 | 103.9 | 286.2 | | 649.8 | 53.1 | +3 |

## 2) يېمەكلىك شىركىتى

**(1) ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى** بۇ شىركەتنىڭ ئاساسى سودا ئىدارىسى رەھبەرلىكىدىكى يېمەكلىك تىجارەت ئورنى ئىدى، 1962 ـ يىلى رەسمىي يېمەكلىك شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. 1965 ـ يىلى سودا شىركىتى بىلەن قوشۇۋېتىلدى، 1973 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1975 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 49 غا يەتتى. 1984 ـ يىلى يېمەكلىك شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى شېكەر ـ تاماكا ـ ھاراق شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 49 دىن 57 گە كۆپەيدى. 1987 ـ يىلى يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى يەنە يېمەكلىك شىركىتىگە ئايرىپ بېرىلدى.

**(2) ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى** 1980 ـ يىلىدىن ئىلگىرى گۆش ۋە شېكەر، تاماكا، ھاراق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. قارىمىقىدا 6 سودا دۇكىنى، بىر يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى، 4 ئاشخانا شۇنىڭدەك ناۋايخانا، لەڭپۇڭخانا، چايخانا، ساتىراشخانا، سۈرەتخانا، قوي، چوشقا فېرمىسى بار ئىدى. ئۇلاردىن يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى ئايرىم ھېسابات قىلدى. 1966 —

1984 - يىلغىچە يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى 1 مىليون 682 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى، 3 يىل زىيان تارتتى، 16 يىل پايدا ئالدى. بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى پايدا 80 مىڭ 700 يۈەن بولدى. 1980 - يىلغىچە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 494 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 2 يىل زىيان تارتتى، 12 يىل پايدا ئالدى، بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى پايدا 65 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. شىركەت 20 يىل گۆش ۋە شېكەر - تاماكا - ھاراق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 5 يىل پايدا ئالدى، 15 يىل زىيان تارتتى، تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي زىيان 880 مىڭ 500 يۈەن بولدى. گۆش تىجارىتىدە زىيان كۆرۈلۈشتىكى سەۋەب، ھەرقايسى يىلدىكى گۆش بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسى ئېغىر (ھەر يىلى 186 توننا ئەتراپىدا) بولدى، چارۋىلار ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن سېتىۋېلىندى، ئارىلىقتىكى ھالقىلار كۆپ، قىيىنچىلىق ئېغىر، بېقىش ۋاقتى ئۇزۇن، گۆشنىڭ باھاسى تۆۋەن، تەننەرخ يۇقىرى بولغاچقا، يىلدا زىيان كۆرۈلدى. 1984 - يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن سېتىۋېلىش گۆشچىلار بىلەن توختام تۈزۈپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، ھالقىلار ئازىيىپ، سېتىۋېلىش ۋاقتى قىسقىراپ، زىيان ئازايدى. لېكىن 1985 - يىلى گۆش بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، گۆش بازىرىنىڭ قويۇۋېتىلىشى، يەككە قاسساپلارنىڭ، رىقابەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ كۆپ بولۇشى تۈپەيلىدىن، گۆش تىجارىتىدە داۋاملىق زىيان كۆرۈلدى.

1963 - يىلى يېمەكلىك شىركىتىنىڭ مەبلىغى 317 مىڭ يۈەن، قەرز پۇلى 43 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 79 مىڭ يۈەن ئىدى. 1965 - يىلى مەبلىغى 406 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 71 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەبلىغى بىلەن تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 1970 - يىلى 303 مىڭ 300 يۈەن ۋە 28 مىڭ يۈەن؛ 1975 - يىلى 279 مىڭ يۈەن ۋە 151 مىڭ يۈەن؛ 1980 - يىلى 78 مىڭ يۈەن ۋە 16 مىڭ يۈەن بولدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ مەبلىغى 78 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 107 مىڭ يۈەن بولدى.

### 3) يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى

**(1) ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى** بۇ شىركەتنىڭ ئاساسى يېمەكلىك شىركىتىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت بۆلۈمچىسى بولۇپ، 1980 - يىلى رەسمىي يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. قارمىقىدا مەمۇرىيەت، مالىيە، كەسپىي بۆلۈمچە، 4 ئاشخانا، ناۋايخانا، چايخانا، لەڭپۇڭخانا، ساتىراشخانا، سوغۇق ئىچىملىك ئورنى، سۈرەتخانا، مېھمانخانا قاتارلىق 10 ئورۇن بار ئىدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 61 دىن 38 گە تەڭشەلدى.

**(2) ئېگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى** شىركەت قۇرۇلغان مەزگىلدە يەككە تىجارەتچىلەرمۇ ئۆزلۈكسىز تىجارەت باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن رىقابەتچىلىرى كۆپەيدى. 1981 - يىلى تىجارەت سوممىسى 244 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1982 - يىلى 122 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1983 - يىلى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تىجارەت سوممىسى 179 مىڭ يۈەنگە، 1985 - يىلى 205 مىڭ يۈەنگە ئۆرلىدى. 5 يىللىق تىجارەت سوممىسى 965 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ، شىركەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 1975 — 1979 - يىلغىچە يارىتىلغان تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 143 مىڭ يۈەندىن 178 مىڭ يۈەن كەم بولدى. بۇنىڭدىكى گەۋدىلىك مەسىلە — دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار كۆپ، چىقىم كۆپ بولۇشتىن ئىبارەت. 1985 - يىلى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 20 بولۇپ، چىقىم 22 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇ 56 مىڭ 600 يۈەن ئومۇمىي خىراجەتنىڭ %40.28 نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 165 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىش سوممىسى 371 مىڭ يۈەنگە، زىيان 22 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1980 — 1990 - يىلغىچە، شىركەت 1985 - يىلى 19 مىڭ يۈەن پايدا ئالغاندىن سىرت، قالغان 10 يىلدا 260 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

## 4) نېفىت شىركىتى

**(1) ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى** 1976 - يىلى سودا شىركىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، نېفىت شىركىتى قۇرۇلدى. قارمىقىدا كادىرلار - كاتىبات، مالىيە، كەسپىي بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى. شىركەت بىر ماي ئامبىرى، بىر پارچە سېتىش دۇكىنىنىڭ تىجارىتىنى باشقۇردى، 4 ئاپتوموبىل، 26 ماي باكى بار بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىسى ئەسلىدىكى 7 دىن كۆپىيىپ 1990 - يىلىغا كەلگەندە 30 غا يەتتى.

**(2) ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى** نېفىت كەسپىنى ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە تەمىنات - سودا كوپىراتىپى باشقۇرغانىدى. 1953 — 1976 - يىلغىچە سودا شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش يولىغا قويۇلدى. 1976 - يىلى كەسپىي شىركەت بولۇپ قۇرۇلدى، كېيىنكى يىلى ماي ئامبىرىنىڭ كۆلىمى 30 نەچچە مودىن 70 نەچچە موغا كېڭەيدى، ماي تۇڭى، ماي باكلىرى كۆپەيتىلىپ، پىلانلىق تەمىنلەش يولىغا قويۇلدى. 1979 - يىلى ماي بىلەن تەمىنلەش ئۆسكۈنە، ماشىنىلىرى 250 كە يەتتى، ئاساسلىقى بېنزىن، دىزېلىن، كىرسىن، بېنزىن ماشىنا ئاپتولى، دىزېلىن ماشىنا ئاپتولى، سولىدول (خاڭيۇ) تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1980 - يىلى «2 بىر تۇتاش، بىر نورما» (بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش، كىنىشكىگە ئاساسەن نورمىلىق تەمىنلەش) يولىغا قويۇلۇپ، نۇقتىلىق ماي ئىشلەتكۈچىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1984 - يىلى 960 كۇب مېتىر ماي سىغدۇرىغان 26 ماي باكى بار بولۇپ، ناھىيىدىكى ماشىنا، ئاپتوموبىللارنىڭ ماي ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1989 — 1990 - يىللىرى 272 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىلىپ مۇھاپىزەتچىلەر ياتىقى، ماي چۈشۈرۈش سۇپىسى، سېمونتلانغان يەر، مۇھاپىزەت كۆلچىكى ياسالدى ۋە خىزمەت بىناسى سېلىندى، چوڭ يول ۋە پىيادىلەر يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. كۆچەت تىكىلدى، گۈللۈك ياسالدى، باغ بەرپا قىلىندى. 1990 - يىلى تۇراقسىز مەبلەغ شىركەت قۇرۇلغان چاغدىكى 90 مىڭ يۈەندىن 413 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىللىق نېفىت كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارى 6000 تونىغا يەتتى.

1976 - يىلى نېفىت شىركىتى قۇرۇلۇپ 1990 - يىلغىچە بىخەتەرلىك جەھەتتە 2 قېتىم ھادىسە يۈز بەردى: بىرى، 1973 - يىلى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا ئوت ئاپىتى (ئادەم كەلتۈرۈپ چىقارمىغان) يۈز بېرىپ، 5000 يۈەن زىيان بولدى. يەنە بىرى، 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ماي باكى پارتلاش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 10 توننا دىزېلىن زىيان بولدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ۋاقتىدا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش كېڭىشى، ئوت ئۆچۈرگۈچ، ئوت ئۆچۈرۈش چېلەكى قاتارلىق ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى ھەم مەشغۇلات قائىدىلىرى ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى تۈرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى نېفىت شىركىتىنىڭ 1976 — 1990 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى

ئىقتىساد: 11 — 3 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | تۇراقسىز مەبلەغ | سېتىۋېلىش سوممىسى | سېتىش سوممىسى | ئامبار قالدۇق سوممىسى | پايدا سوممىسى | تۇراقلىق مۈلۈك |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | | 28.1 | 30.9 | 3.8 | 0.01 | |
| 1977 | 11 | 58.4 | 63.7 | 1.1 | 1.8 | 3 |
| 1978 | 11 | 67.8 | 77.6 | 2 | 3.8 | 3 |
| 1979 | 9 | 73.8 | 83.5 | 6.3 | 1.7 | 14 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 14.8 | 1.5 | 9 | 94.1 | 84.3 | 9 | 1980 |
| 40.7 | 1.2 | 6.3 | 98.3 | 77.6 | 9 | 1981 |
| 44 | 1.9 | 11.7 | 110.2 | 90.2 | 9 | 1982 |
| 44 | 2 | 10.8 | 136.7 | 126.7 | 9 | 1983 |
| 50.7 | 5 | 16.4 | 150.6 | 134.7 | 9 | 1984 |
| 50.9 | 7.5 | 31.3 | 141.8 | 130.8 | 11 | 1985 |
| 61.8 | 15.1 | 12.6 | 171.5 | 108.4 | 14.3 | 1986 |
| 66.2 | 12 | 5.5 | 199.4 | 118.2 | 16.9 | 1987 |
| 69.2 | 19.6 | 44.8 | 153.8 | 170.8 | 17.4 | 1988 |
| 69.3 | 22.7 | 56.6 | 533.5 | 116.7 | 93.5 | 1989 |
| 82.4 | 43.7 | 61.6 | 440.9 | 86.9 | 41.3 | 1990 |

ئىزاھات: سېتىۋېلىنغىنى، سېتىلغىنى يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە تەمىنلەنگەن ماي ماتېرىيال باھاسىنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ، پايدا سوممىسى پايدىنى كۆرسىتىدۇ.

## 5) شېكەر - تاماكا - ھاراق شىركىتى

**(1) ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى** بۇ شىركەتنىڭ ئاساسى يېمەكلىك شىركىتى كەسپىي بۆلۈمچىسى ئىدى. 1984 - يىلى شېكەر - تاماكا - ھاراق شىركىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، شېكەر، تاماكا، ھاراقنى توپ سېتىش، پارچە سېتىش ۋە مەخسۇس سېتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى، بىر توپ سېتىش ئورنى، 11 چوڭ - كىچىك دۇكان بار ئىدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 50 كە يەتتى. 1987 - يىلى يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى يېمەكلىك شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

**2) ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى** سېتىشتا قاراپ ھەق بەلگىلەش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش ۋە شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلى تۇراقسىز مەبلەغ 159 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىدىكى مەبلەغ 37 مىڭ يۈەن، 1956 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەن خۇسۇسىي مەبلەغ 122 مىڭ يۈەن؛ تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 176 مىڭ يۈەن. يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 694 مىڭ يۈەن، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىلغىنى 800 مىڭ يۈەن)، پايدا سوممىسى 11 مىڭ يۈەن.

تاماكا، ھاراقنى مونوپوللۇق سېتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاساسلىقى ھاراق تۈرلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاراقنى مونوپوللۇق سېتىش كەسپىنى ئاۋۋال باج ئورگانلىرى ۋاكالىتەن باشقۇردى. ھاراق ئورنىنى ئېچىش، پىچەتلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئېچىتىلىۋاتقان ھاراقنىڭ مىقدارى ئېنىق تەكشۈرۈلۈپ، ھاراق گرادۇس ئەسۋابىغا ئاساسەن دۆلەت بەلگىلىگەن ھاراق گرادۇسى (50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە 70 گرادۇس، ئاشلىق بىر تۇتاش سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىگىنى 50 گرادۇس) ئېنىق تەكشۈرۈلۈپ، باج سوممىسى ۋە سېتىلىش باھاسى بېكىتىلدى. 1956 - يىلى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كەسپى يېمەكلىك تىجارەت ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. تاماكا تىجارىتىدە، موخۇركىدىن باشقىلىرىنى تاماكا، ھاراق شىركىتى ئاساسەن باشقا جايلاردىن پىلان بويىچە يۆتكەپ كەلدى. تاماكا، ھاراق

تىجارەتنى قىلغانلارنى تاماكا، هاراقنى مونوپوللۇق سېتىش شىركىتى تىزىملاپ، ئۇلارغا تاماكا، هاراقنى پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بەردى، تىجارىتىنى نازارەت قىلدى.

1985 — 1990 - يىلغىچە تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 10 مىليون 84 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 10 مىليون 383 مىڭ يۈەنگە، پايدا 104 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

## 6) تېببىي دورا شىركىتى

**(1) ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى** تېببىي دورا، دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى 1959 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تېببىي دورا، دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىگە قارىدى، 6 ئىشچى - خىزمەتچىسى، قارىمىقىدا بىر سېتىۋېلىش گورۇپپىسى، بىر پارچە سېتىش دۇكىنى بار ئىدى. 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1977 - يىلى تېببىي دورا شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇ ناهىيىلىك سودا ئىدارىسىغا قارىدى. 1985 - يىلى ناهىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1977 - يىلدىكى 5 تىن 16 گە كۆپەيدى. ئاساسلىقى جۇڭگو ۋە ياۋروپا تېبابەتچىلىكى دورىلىرى، تېببىي داۋالاش سايمان - ئۈسكۈنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1990 - يىلى شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 14 كە يەتتى.

**(2) ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى** 1959 — 1962 - يىلغىچە تېببىي دورا، دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى 40 نەچچە خىل تېببىي داۋالاش سايمان - ئۈسكۈنىسى، 240 خىل جۇڭگو ۋە ياۋروپا تېبابەتچىلىكى دورىسى تىجارىتى ھەمدە ناهىيىدىكى چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، ئېشەك تېرىسى قاتارلىق جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. تاۋارلارنى توپ سېتىش سوممىسى يىلىغا 120 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىدە، پارچە سېتىش سوممىسى 10 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولدى. 1977 - يىلى تېببىي دورا شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تىجارەت قىلىنىدىغان دورا 800 خىلدىن ئاشتى. 1982 - يىلى 1107 خىلغا كۆپەيدى، شۇ يىلى دۆلەتنىڭ تەستىقى بىلەن 127 خىل دورا شالللۇۋېتىلدى، 980 نەچچە خىلى داۋاملىق تىجارەت قىلىندى. مەزكۇر ناهىيىدىن زاراڭزا، چۈچۈكبۇيا، ياۋا يالپۇز، بېھى، شاپتۇل مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، ئەڭلىكئوت، سېرىق يۇگەي، ئېشەك تېرىسى قاتارلىق جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىندى. سېتىۋېلىنىش قىممىتى 1977 - يىلدىكى 36 مىڭ يۈەندىن 1983 - يىلى 175 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سانجىدىن 4 توننا سورتلۇق تىكەنسىز زاراڭزا ئۇرۇقى كىرگۈزۈلۈپ، زېمىن، ئوپال قاتارلىق گۇڭشېلارنىڭ تېرىشىغا بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن زاراڭزا سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپەيدى. 1985 - يىلى 19 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى، شۇنىڭدەك ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك كارخانا بولدى. 1987 - يىلى سېتىش كىرىمى 886 مىڭ يۈەنگە، پايدا 3000 يۈەنگە يەتتى. 1990 - يىلى سېتىش كىرىمى 935 مىڭ يۈەنگە، پايدا 18 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 7) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى

**(1) ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى** 1964 - يىلى ناهىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ ناهىيىلىك پارتكوم دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ (يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى) رەھبەرلىكىدە بولدى، 1974 - يىلى ناهىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەزكۇر ئىدارە رەھبەرلىك قىلدى. 1981 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت بىر دۇكان ئاچتى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 6 دىن 13 كە كۆپەيدى. 1990 - يىلى بىر خىزمەتچى قوشۇلۇپ، 14 بولدى.

**(2) ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى (پونكىتى) يېزا ئىگىلىكىنى تۈرلۈك ماشىنا، سايمانلار بىلەن تەمىنلىدى، بۇ تاۋارلار 6 چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: ئاساسىي ماشىنا

(تراكتور، ماشىنىغا چېتىلىدىغان سايمان)، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە (ئېلېكتروماتار، دىزېلماتور)، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىسى، قول ھارۋىسى، ئۇلاغ ھارۋىسى ھەم ئۇلارنىڭ سەپلىمىلىرى، تۈرلۈك تراكتور سەپلىمىلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماي تۇڭلىرى قاتارلىقلار. مال مەنبەسى جەھەتتە ئاساسلىقى، ئاپتونوم رايوندىن يۆتكەپ بېرىلدى، ئۇنىڭ كىرگۈزۈش باھاسى، مۇقىم سېتىش باھاسى، مۇقىم پايدىسىنى ئاپتونوم رايون بېكىتىپ بەردى.

1985 - يىلى شىركەت تىجارەت قىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا، سايمانلىرى 600 خىل ئەتراپىغا يەتتى، مەبلەغ پونكىت قۇرۇلغان چاغدىكى 38 مىڭ يۈەندىن 1985 - يىلى 1 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تىجارەت قىلىنغان 22 يىلدا 12 يىل زىيان كۆرۈلدى، بىر يىل پايدا - زىيان تەڭلەشتى، 9 يىل پايدا ئېلىندى، تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 37 مىڭ 700 يۈەن زىيان كۆرۈلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن بۇرۇن ھەر يىلى زىيان پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، خىراجەت ئاجرىتىپ زىياننى تولدۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتكە ئىلتىماس سۇنۇلاتتى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن، مال كىرگۈزۈش يوللىرى تەڭشىلىپ، يېتەكچى باھا يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلى سېتىش سوممىسى 867 مىڭ يۈەنگە، پايدا 16 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكى 6000 يۈەندىن 1.67 ھەسسە ئاشتى، ئامبار قالدۇقى 1984 - يىلدىكىدىن 30 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى. 1990 - يىلى شىركەتنىڭ ئۇراقلىق مۈلكى 217 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 1 مىليون 894 مىڭ يۈەنگە، پايدا 37 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 11 — 4 - جەدۋەل

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | مەبلەغ: ئۆزىدىكىسى | مەبلەغ: قەرز پۇل | ئۇراقلىق مۈلكى | سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى | تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى | تاۋار سېتىش سوممىسى | پايدا - زىيان سوممىسى (+ —) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 2.7 | 5.3 | | ئۆز سېتىپمىسى | 8 | 7 | -0.6 |
| 1965 | 2.3 | 5 | | ئۆز سېتىپمىسى | 60 | 60 | +0.6 |
| 1970 | 5.1 | 6.4 | 0.8 | ئۆز سېتىپمىسى | 45 | 42 | +0.4 |
| 1975 | 10 | | 5.8 | ئۆز سېتىپمىسى | 93 | 90 | -0.7 |
| 1980 | 17 | 21 | 9.4 | ئۆز سېتىپمىسى | 107 | 109 | 0 |
| 1985 | 8.3 | 11.5 | 14.8 | ئۆز سېتىپمىسى | 81.6 | 86.7 | +1.6 |
| 1990 | | 10 | 21.7 | ئۆز سېتىپمىسى | 213 | 189.4 | +3.7 |

## 2 §. تەمىنات - سودا كوپىراتىپ سودىسى

### 1. ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) ناھىيە بازىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوپىراتىپى (پاي قوشقان

كارتىغا ئاساسەن مال سېتىۋېلىنىدۇ، باھادا ئېتىبار بېرىلىدۇ، يىل ئاخىرىدا پايدا تەقسىم قىلىنىدۇ) قۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، دىرېكتورلۇقنى ناھىيە ھاكىمى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. كوپېراتىپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ناھىيىگە قاراشلىق چ خ، تەپتىش، ئەدلىيە، مەدەنىيەت - مائارىپ، سودا - سانائەت تارماقلىرى ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى، 46 ئورگان، ئىدارىدىن (مەكتەپ ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىدارىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1884 پاي، 6594 يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دىكى ھېيتگاھدا تىجارەت باشلاندى. بۇ چاغدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 5 ئىدى، توپ سېتىش پونكىتى، دۇكان ئېچىلدى. 1952 - يىلى 8 كۆرسانت تەربىيىلىنىپ، ئوپال، تاشمىلىق، بورختاي (ھازىرقى بۆلاقسۇ)، توققۇزاق، سەمەن، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات قاتارلىق رايونلاردا 8 ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1953 - يىلى زەمىن، سايباغ، لەڭگەر، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق رايونلاردا 4 ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك كوپېراتىپنىڭ نامى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىرلەشمىسى سودا تارماق شىركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، بۇ چاغدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 13 كە يەتتى. 1958 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىرلەشمىسى سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى. شۇ يىلى رايونلارغا ئايرىپ تەقسىملەشكە ئەگىشىپ، سەمەن، قوغان ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قەشقەر شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى. 1959 - يىلى يەنە تاشقى سودا تىجارەت ئورنى سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى، 10 ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ نامى سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىدارە قارىمىقىدا يەرلىك مەھسۇلاتلار، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى. 1960 - يىلى پاختا - چىگە تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرى قەشقەر شەھىرى سەمەن، قوغان ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنى مەزكۇر ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا قايتۇرۇپ بەردى. 1965 - يىلى مۇش شۆبە دۇكىنى ئاساسىدا، مۇش ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1974 - يىلى پاختەكلە ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1976 - يىلى قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى (1982 - يىلى مەزكۇر ناھىيىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى). 1977 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى قۇرۇلدى، 1981 - يىلى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى. 1984 - يىلى تاشقى سودا ئىدارىسى چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ قارىمىقىدا پاختا - چىگە، يەرلىك مەھسۇلات، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، چاي، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ۋە 14 ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بار بولدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 544 كە يەتتى. 1986 - يىل 7 - ئايدا پامىر مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1989 - يىل 12 - ئايدا يەرلىك مەھسۇلاتلار، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى يەرلىك مەھسۇلات، مىلىچ ماللار شىركىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىگە ئايرىلدى.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى ئورۇن 20 گە يەتتى، ئۇلارنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى باشقۇردى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتى، يەرلىك مەھسۇلات، مىلىچ ماللار شىركىتى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى، ناھىيىلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، ناھىيىلىك پامىر مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى ۋە 14 ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى (يەنى مۇش، لەڭگەر، سەمەن، پاختەكلە، ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ، بۆلاقسۇ، ئوپال، تاشمىلىق، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى) بار بولدى،

ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 656 گە يەتتى.

## 2. قارىمىقىدىكى ئورۇنلار

**1) پاختا ـ چىگە شىركىتى** پاختا ـ چىگە تىجارەت ئورنى پاختا ـ چىگە شىركىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، 1960 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئەينى چاغدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 259 ئىدى، ئۇ، پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، يۆتكەش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. 1977 ـ يىلى پاختا ـ چىگە شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، 1978 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 130 غا يەتتى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە شىركەت بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان پاختا زاۋۇتى 5 كە، سېتىۋېلىش پونكىتى 6 گە، ئاساسىي قاتلاملار باشقۇرىدىغان پاختا زاۋۇتى 4 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 9 چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، 8 تايلاش ماشىنىسى، بىر ماي بېسىملىق ماشىنا بار، قىرىش ئىستانوكى، ئېنېرگىيە ماشىنىسى ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەر تولۇق، ئاپتوماتلاشقان. 1960 — 1985 ـ يىللىرى سېتىۋېلىنغان، پىششىقلانغان ساپ پاختا 34 مىڭ 15. 54 توننىغا يەتتى. 1963 — 1985 ـ يىللىرى مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون 749 مىڭ يۈەنگە، پايدا 2 مىليون 822 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت ئۆيى چوڭ ئۆستەڭگە يېقىن بولغاچقا، 1978 — 1983 ـ يىللىرى 3 قېتىم سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كېتىپ، 350 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. 1984 ـ يىل 11 ـ ئايدا زاۋۇتنىڭ سىرتقا قويۇپ قويۇلغان پاختىلىرى بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ، 30 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

1990 ـ يىلى شىركەتتە 103 ئېغىز (2754 كۋادرات مېتىر) زاۋۇت ئۆيى، بىر خىزمەت بىناسى، 2 كىچىك ماشىنا، 2 چوڭ يۈك ماشىنىسى، 7 بىۋاسىتە باشقۇرۇلىدىغان پاختا زاۋۇتى (چىگىت ئايرىش ماشىنىسى 14، تايلاش ماشىنىسى 8، تۈۋىت ئايرىش ماشىنىسى 14)، 13 سېتىۋېلىش پونكىتى (ۋاقىتلىق سېتىۋېلىش پونكىتى 3) بار بولدى، 250 مىڭ — 300 مىڭ دەن ساپ پاختا چىقىرىدۇ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 420.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پاختا ـ چىگە شىركىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 11 — 5 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ئوراقلىق مۇلۇك (تۈمەن يۈەن) | سېتىۋېلىنغان ساپ پاختا (دەن) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدا (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | 24.3 | 13.3 | 26425 | 148.3 | +12.2 |
| 1970 | 243.6 | 19.9 | 22148 | 442.5 | +22.9 |
| 1975 | 262.1 | 127.7 | 11230 | 298.9 | +22.4 |
| 1980 | 209.4 | 173.1 | 16568 | 204.3 | +5.1 |
| 1985 | 181.1 | 181.1 | 84000 | 126 | +30.6 |
| 1990 | 13000 | 120 | 297000 | 14200 | +404 |

**2) يەرلىك مەھسۇلاتلار ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى** بۇ شىركەتنىڭ ئاساسى يەرلىك مەھسۇلاتلار ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارەت ئورنى (ئەڭ بۇرۇن يەرلىك مەھسۇلات، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى دۇكىنى ئىدى)

بولۇپ، 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 26 ئىدى. تىجارەت تۈرلىرى دېھقانچىلىق دورىلىرى، تېرىلغۇ كالىسى، تېرىلغۇ ئېتى، كەتمەن، ئورغاق، ساپان، جادۇ، دورا پۈركۈگۈچ، تاغار قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، كۈندىلىك مىلىچ ماللار، مېۋە قاقلىرى، ھۆل مېۋىلەر، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، كېرەكسىز مىس، تۆمۈر، چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. 1963 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 26 گە يەتتى، قارمىقىدا بىر يۆتكەپ توشۇش پونكىتى (قەشقەر شەھىرىدە)، 10 پارچە سېتىش دۇكىنى ئېچىلدى. 1964 ـ يىلى ماشىنىلاشقان ۋە يېرىم ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارەت بۆلۈمىگە بېرىلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى قىلىندى. يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 26 بولۇپ، داۋاملىق يەرلىك مەھسۇلاتلار، يېمەكلىك ۋە كۈندىلىك مىلىچ ماللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 11 بولۇپ، مەخسۇس خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1982 ـ يىلى بۇ 2 شىركەت قوشۇۋېتىلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى قىلىندى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 43 كە يەتتى. 1985 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 46 گە كۆپەيدى. 1989 ـ يىل 12 ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەرلىك مەھسۇلاتلار ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى تىجارەت دائىرىسىگە قاراپ يەرلىك مەھسۇلاتلار ـ كۈندىلىك مىلىچ ماللار شىركىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىگە ئايرىلدى.

1959 — 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تىجارەت قىلىنغان تاۋارلار 1000 نەچچە خىلغا، تاۋار سېتىش سوممىسى 95 مىليون 569 مىڭ يۈەنگە، پايدا 1 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 11 — 6 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | مەبلەغ سوممىسى | ئوراقلىق مۇلۇك | سېتىش سوممىسى | پايدا | يىللار | مەبلەغ سوممىسى | ئوراقلىق مۇلۇك | سېتىش سوممىسى | پايدا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 107.2 | 18.6 | 3 | +0.9 | 1975 | 66.6 | 4.5 | 193 | +1.6 |
| 1960 | 49 | 2.7 | 44.5 | +0.4 | 1980 | 142.4 | 13.7 | 177.9 | +4.5 |
| 1965 | 75.9 | 1.2 | 57.5 | +2.4 | 1985 | 176.8 | 54.7 | 622.5 | +1 |
| 1970 | 93.9 | 3.6 | 131.1 | +4.1 | 1990 | | | 2205.3 | +22 |

**3) چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى** 1984 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، قارمىقىدا 13 سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1989 ـ يىل 5 ـ ئايدا بۇ 13 پونكىت شۇ جايدىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاساسلىقى چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە چاي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى سېتىۋېلىشقا قاراپ سېتىۋېلىشنى بېكىتىپ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولدى. 1985 — 1990 ـ يىلغىچە، 1988 ـ يىلى 1300 يۈەن پايدا ئالغاندىن سىرت، قالغان 5 يىلدا 496 مىڭ 600 يۈەن زىيان تارتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى

شۇكى، ئىگىلىك باشقۇرۇش يېتىشەلمىدى، ئۆچۈرلار توغرا بولمىدى، نەتىجىدە تاۋارلار زور مىقداردا بېسىلىپ قالدى، باھا زور دەرىجىدە چۈشتى، ماللار كۆكىرىپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ 1985 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى

ئىقتىساد: 11 — 7 - جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىشچى - خىزمەتچى سانى | 52 | 44 | 32 | 38 | 19 | 21 |
| مائاش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 2.46 | 2.25 | 2.28 | 3.04 | 2.57 |
| سېتىۋېلىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 63.84 | 75.18 | 78.60 | 169.33 | 114.75 | 165 |
| پايدا - زىيان (تۈمەن يۈەن) | —9.95 | 0 | —0.54 | 0.13 | —33.03 | —6.14 |
| قوي يۇڭى (كىلوگرام) | 14600 | 48600 | 24198 | 18187 | 11759 | |
| قوي تېرىسى (پارچە) | 58951 | 32000 | 4813 | 50592 | 49906 | 87642 |
| ئۆچكە تېرىسى (پارچە) | 25110 | | | | | |
| كالا تېرىسى (پارچە) | 4729 | 536 | 5247 | 4381 | 2318 | 1650 |
| قوي ئۈچەيى (تال) | 56120 | | | | | |
| زاراڭزا ئۇرۇقى (كىلوگرام) | | | | 139387 | | |
| زاراڭزا چېچەكى (كىلوگرام) | | | | 1287 | | |
| گۈلە (كىلوگرام) | | | | 81656 | | |

4) پامىر مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى 1985 - يىلى باشلاندى، زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1986 - يىل 7 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىل ئاخىرىغا بارغاندا 73 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. زاۋۇتتا زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسى، مالىيە ئىشخانىسى، 2 سېخ (ئىشلەپچىقىرىش، ئوراش سېخى)، ئۈسكۈنىلەردىن ئاساسلىقى پار قازان، گېنېراتور، سۇ قودۇقى قاتارلىقلار بار.

ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن خورماقاق، بالقاق، نەشپۈت بالقىقى ۋە شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئەنجۈر، يەمىدۈرلاردىن ئىشلەنگەن تۈرلۈك كونسېرۋا بار. بۇنىڭدىن باشقا ھەسەلنى يەنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ. مەھسۇلاتلىرى شۇ جايدا سېتىلغاندىن سىرت، بىر قىسىم ئۆرۈك بالقىقى قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئارقىلىق ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سېتىلىدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىنىڭ 1987 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى

ئىقتىساد: 11 — 8 - جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئىشچى - خىزمەتچى سانى | سېتىۋېلىش سوممىسى | سېتىش سوممىسى | سېتىش پايدىسى | باشقا كىرىم | پايدا سوممىسى | ئۆزلۈك مۇلۈك | بانكا قەرز پۇلى | مەخسۇس ئىشلىتىشكە ئېلىنغان قەرز پۇل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 23 | 29.75 | 36.78 | —4.76 | 0.3 | —4.62 | 52.37 | 25 | 32.5 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 13.2 | 36 | 73.38 | | 4.24 | 1.43 | 32.86 | 52.77 | 23 | 1988 |
| 13.2 | 48 | 89.27 | 3.27 | 0.4 | 3.73 | 93.24 | 61.82 | 22 | 1989 |
| 13.2 | 39 | 89.84 | 2.77 | 3.54 | —1.4 | 34.1 | 30.8 | 23 | 1990 |

## 3. ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

1951 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پاي توپلاپ، تۈرلۈك ماللار، پاختا رەخت، مېتال بۇيۇملار، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە نېفىت قاتارلىقلارنى توپ ۋە پارچە ساتتى. 1952 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى، پاي سوممىسى 84 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سېتىپما بويىچە ئومۇمىي مەبلەغ 675 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1953 ـ يىلى دۆلەت ئاشلىق، ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتىنى ھاۋالە قىلدى. ناھىيىلىك كوپېراتىپنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 13 كە، تىجارەت تۈرى 500 نەچچە خىلغا يەتتى. 1954 ـ يىلى يېزا ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەزاسى 26 مىڭ 906 گە، قوشۇلغان پاي 29 مىڭ 719 غا، پاي سوممىسى 112 مىڭ 179 يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دۇكان 13 كە، شۆبە سېتىش دۇكىنى 11 گە، سەييارە گۇرۇپپا 13 كە، ئىشچى ـ خىزمەتچى 136 گە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە كوپېراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ نىزامنامىسى» ماقۇللاندى، كېڭەش ئەزاسىدىن 9 ي، نازارەتچىلىك ھەيئىتى ئەزاسىدىن 7 سى سايلاپ چىقىلدى ھەم ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى رەتكە سېلىندى، مۇستەھكەملەندى، ئۆستۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن پاختا سېتىۋېلىندى.

1956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى قەشقەر شەھىرىدىن توققۇزاق بازىرىغا يۆتكەلدى، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودا سىستېمىسىنىڭ تىجارەت تۈرىگە يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى، قوشۇمچە يېمەكلىك، يەرلىك مەھسۇلات، يېمەكلىك پىششىقلاش، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى، ياغاچ ماتېرىيال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى قوشۇلدى ھەم «شىنخۇا» كىتابخانىسىغا ۋاكالىتەن كىتاب ساتتى، تىجارەت تۈرى 1200 نەچچە خىلغا يەتتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك كوپېراتىپ 179 مىڭ يۈەن خۇسۇسىي سودىنى ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى قوبۇل قىلىپ، ئىپادىسى ياخشىراق 36 سودىگەرنى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى خىزمىتىگە قاتناشتۇردى.

1958 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي سوممىسى 234 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپ سودىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى دۆلەتكە تاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇش يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، يېزا كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي سوممىسىغا قارىتا يىل بويىچە ئۆسۈم بېرىش چارىسى قوللىنىلدى. 1961 ـ يىل 10 ـ ئايدا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا قىلىندى ھەم 1700 پايىنى، 56 مىڭ يۈەن پاي سوممىسىنى (جەمئىي بار پاي سوممىسى 360 مىڭ يۈەن) كۆپەيتتى. 1951 — 1957 ـ يىلغىچە پۈتۈن سىستېمىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان تاپاۋەت بېجى 143 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1958 — 1961 ـ يىلغىچە دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان پايدا 1 مىليون 285 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1960 — 1963 ـ يىلغىچە سېتىپما بويىچە بىر قېتىملىق «ئۈچنى ئېنىقلاش» (مەبلەغنى، ئامبار قالدۇقىنى، بېرىش ـ كېلىشنى ئېنىقلاش) خىزمىتى ئىشلەندى. ئېنىقلاش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئاپتونوم رايون دەلىللىگەن مەبلەغ قىممىتى 709 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى 398 مىڭ 900 يۈەن، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 253 مىڭ 600 يۈەن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 56 مىڭ 700

يۈەن؛ زىيان 539 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ 317 مىڭ 400 يۈەن، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 190 مىڭ 700 يۈەن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 31 مىڭ 300 يۈەن. تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ھەممىسى ئاتچوت قىلىندى. 1962 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 84 كېڭەش ئەزاسى، 60 نازارەتچىلىك ھەيئىتى ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. 1965 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

1967 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مال مەنبەسى كەمچىل، تاۋار بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولدى. 1968 ـ يىلى ناھىيىلىك كوپىراتىپ 6 خىزمەتچىنى تۈۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتتى، سىستېما بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچى 425 كە، يېزا تور ـ نۇقتىسى 173 (دۇكان 40، شۆبە دۇكان 81، ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى 52) كە يەتتى. 1974 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىنىڭ 1955 — 1974 ـ يىلغىچە ساپ سېتىۋېلىش سوممىسى 59 مىليون 954 مىڭ يۈەنگە، ساپ سېتىش سوممىسى 111 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتكەن؛ مىللىيلار ئالاھىدە ئېھتىياجلىق رەختلەردىن 20 مىليون 679 مىڭ مېتىر (1963 ـ، 1964 ـ، 1966 ـ يىللىرى 239 مىڭ 100 مېتىر چىبەرقۇت)، 1 مىليون 592 مىڭ 200 مېتىر تاۋار ـ دۇردۇن، 6 .1136 توننا شېكەر، 37 .153 توننا چاي سېتىلغان.

1983 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا سىستېمىسى يەنە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەتكە تاپاۋەت بېجى تاپشۇردى. 1984 ـ يىلى ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيىدا 9 كېڭەش ئەزاسى، 7 نازارەتچىلىك ھەيئىتى ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قارىمىقىدا 3 شىركەت، 14 ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، 222 تىجارەت تور ـ نۇقتىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇكان 60، شۆبە دۇكان 49، ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى 113؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 712. مەبلىغى 10 مىليون 475 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپ مەبلىغى 4 مىليون 927 مىڭ يۈەن، تۇراقسىز مەبلىغى 9 مىليون 289 مىڭ يۈەن (ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنىڭ 4 مىليون 346 مىڭ يۈەن مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي سوممىسى 360 مىڭ يۈەن، قايتۇرۇۋېتىلگەن پايىنى چىقىرىۋەتكەندە، قالغان پاي سوممىسى 202 مىڭ 900 يۈەن. 1985 ـ يىلى سىستېما بويىچە ئىچكى ساپ سېتىۋېلىش سوممىسى 14 مىليون 788 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 ـ يىلدىكى 6 مىليون 170 مىڭ يۈەندىن 39 .1 ھەسسە كۆپەيدى؛ ئىچكى ساپ سېتىش سوممىسى 18 مىليون 46 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 ـ يىلدىكى 7 مىليون 330 مىڭ يۈەندىن 46 .1 ھەسسە ئاشتى. 1958 — 1985 ـ يىلغىچە تاپشۇرۇلغان باج 4 مىليون 907 مىڭ يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان بانكا ئۆسۈمى 6 مىليون 572 مىڭ 800 يۈەنگە، ساپ پايدا 4 مىليون 327 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىنىڭ مەبلىغى 14 مىليون 985 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى 7 مىليون 68 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 99 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 83 مىليون 976 مىڭ يۈەنگە، خىراجەت نىسبىتى 5.8% كە، ئېرىشكەن پايدا 2 مىليون 301 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 273 مىليون 262 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 269 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، پايدا 5 مىليون 10 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىقى پاختا، ئۆچكە تىۋىتى، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق، يەرلىك مەھسۇلات، مىلىچ ماللار، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، شۇنىڭدەك پىلان سىرتىدىكى 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يېقىلغۇ، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، باقمىچىلىق، چاي، يېمەكلىك، كېرەكسىز، كونا

مادды ئەشيالار، تاشيول ترانسپورتى، دۆلەت پىلانى سىرتىدىكى ئاشلىق، ياغلىق دان، دورا ماتېرىياللىرى، كىتاب ـ ژۇرنال، پوچتا ماركىسى تىجارىتى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللاندى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى 14 ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى

ئىقتىساد: 11 — 9 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار / تۈرلەر | 1956 | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇراقسىز مەبلەغ | 291.7 | 315 | 368.3 | 252.1 | 498.7 | 331.8 | 433.9 | 414.3 |
| كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي پۇلى | 1.8 | 23.7 | 17.7 | 27.5 | 17.1 | 11.5 | 24.6 | 3.1 |
| سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەن خۇسۇسىي مەبلەغ | 45.9 | 61.3 | 12.1 | 19 | 2.4 | | | |
| تۇراقلىق مۈلۈك | 12.3 | 23.1 | 10.2 | 34 | 26.6 | 41.5 | 13.8 | 105.3 |
| سېتىش سوممىسى | 490 | 519.1 | 687 | 499.3 | 736.3 | 677.9 | 1084.7 | 2280.5 |
| ئومۇمىي پايدا سوممىسى | 49 | 47.5 | 74.1 | 59 | 80.1 | 74.7 | 100.2 | |
| خىراجەت سوممىسى | 27 | 37 | 42.8 | 41.9 | 46.4 | 42.6 | 65.1 | |
| باج پۇلى | 19.6 | 24 | 20.4 | 14.8 | 19.7 | 45.1 | 18.1 | |
| ساپ پايدا | 2.4 | | 10.9 | 2.3 | 14 | | 17 | 63 |
| زىيان سوممىسى | | 13.5 | | | | 13 | | |
| تىجارەت تور ـ نۇقتىسى | 79 | 98 | 152 | 151 | 123 | 123 | 202 | 336 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى | 222 | 317 | 302 | 276 | 273 | 174 | 288 | 269 |

# قوشۇمچە

## باشقا كوللېكتىپ سودا ئورۇنلىرى

1978 ـ يىلى ئېچىلغان ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە بىر قىسىم كوللېكتىپ سودا بارلىققا كەلدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ سودا 14 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1965 ـ يىلى تىجارەت باشلىغىنى بىر، 1978 ـ يىلدىن كېيىن تىجارەت باشلىغىنى 13؛ 1985 ـ يىلىغاكەلگەندە مەبلىغى 371 مىڭ يۈەنگە، كەسىپكارى 104 كە، تىجارەت سوممىسى 486 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 25 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە مەبلىغى 1 مىليون 124 مىڭ 800 يۈەنگە، كەسىپكارى 1458 كە يەتتى.

# 3 §. خۇسۇسىي ۋە يەككە سودا

## 1. خۇسۇسىي سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ كونا ناھىيە بازىرى تارىختىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سودا مەركىزى بولۇپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدا رەخت، ئاشلىق، پاختا، ئۆتۈك، مال، مېۋە - چېۋە بازىرى بار ئىدى. ئاشلىق، پاختا رەخت، گۆش، ھۆل مېۋە، مېۋە قېقى، پاختا، پاختا يىپ، ئۆتۈك، باش كىيىم، ئوتۇن، يېقىلغۇ، تۇز، دورا ماتېرىيالى، چاي، كۆكتات، ساپال، يېزىش - سىزىش قوراللىرى، سىر - بوياق، مېتال بۇيۇملار، زىبۇ زىننەت، كىيىم - كېچەك، ساتىراشلىق، چايخانا، ساراي، تۈرلۈك ماللار تىجارىتى قىلىناتتى. يېزىلاردا ئوپال، تاشمىلىق بورىختاي، توققۇزاق، بەشكېرەم، ئاۋات ۋە يېڭىئۆستەڭ بازارلىرى بار ئىدى. ھەر بازار كۈنى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بەس - بەستە بازارغا ئېلىپ كېلىنەتتى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئامما ئۆزئارا مال ئالماشتۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تىجارەت ئورنى 2050، كاپىتالىنىڭ ئەڭ كۆپ سوممىسى 300 مىڭ يۈەن (شىنجاڭ پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، يىللىق ئەڭ كۆپ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون يۈەن ئىدى؛ چاربازارچى 100 نەچچىگە يېتەتتى، كاپىتالىنىڭ ئەڭ كۆپ سوممىسى 220 مىڭ يۈەن، يىللىق ئەڭ كۆپ تىجارەت سوممىسى 450 مىڭ يۈەن ئىدى. تاۋارلىرى كۈندىلىك مىلىچ ماللاردىن سىرت، ئاساسلىقى رەخت ئىدى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللار ماتا، قوي يۇڭى، قوي - كالا تېرىسى، پاختا، مەشۈت، خورجۇن رەختى، مېۋە قېقى قاتارلىقلار؛ ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر، قارىمۇچ، بوياق، مەخمەل، رەختلەر؛ ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىنىدىغانلىرى ئاساسلىقى تۈرلۈك ماللار، چاي قاتارلىقلار ئىدى.

## 2. خۇسۇسىي سودىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سودىسى بەرپا قىلىنىش بىلەن تەڭ خۇسۇسىي سودىنىڭ قانۇنلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا يار - يۆلەك بولۇندى. 1952 - يىلى ناھىيە قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىدىكى بىرقەدەر چوڭ مۇقىم تىجارەتچىلەر ۋە چاربازارچىلار قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

1956 - يىل 1 - ئايدا ئاۋات رايونى خۇسۇسىي سودىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش بويىچە سىناق نۇقتا قىلىندى. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى ئۆزگەرتىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىنىڭ خۇسۇسىي سودىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خۇسۇسىي سودىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلاشتى. ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا ئورنىدىن 1040 ى بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك تىجارەتچى ئىدى، رەسمىي تىزىمغا ئېلىنىپ تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگىنى 724 ئورۇن، 858 ئادەم ئىدى. 25 كەسىپ بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 206، قاساپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 182، بۇ ئىككىسى كىنىشكىسى بار خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ 53% نى ئىگىلەيدۇ. قالغانلىرى مېۋە - چېۋە، كىيىم - كېچەك، ئۆتۈك، رەخت، مىلىچ مال، چارۋا، تېرە، يۇڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، شۇ يەرنىڭ بازار كۈنىلا تىجارەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ

90% ى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا قاتناشقان.

خۇسۇسىي سودىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، 101 ئادەم تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، مائاش بېرىلدى. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئۇلارنىڭ مەبلىغىنى يىغىپ ساقلاپ بانكىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم بەردى؛ 138 ئورۇن ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالىتەن سېتىشقا تەشكىللەندى، 120 ئورۇن ۋاكالىتەن تىجارەت قىلىشقا تەشكىللەندى، ئوخشاشمىغان مال تۈرلىرى بويىچە رەسمىيەت ھەققى بېرىلدى؛ 6 ئورۇن ھەمكارلىق دۇكىنىغا قاتناشتى، مۈلكىنى ئىنقىلاپ پاي قوشتى، ئۇلار بىر تۇتاش تىجارەت قىلدى، بىر تۇتاش ھېسابات قىلدى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلار مۇكاپاتلاندى.

1957 ـ يىل 10 ـ ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خۇسۇسىي سودىنى ئۆزگەرتىشنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، 3000 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغنى ئىگىلىۋالغانلار، سودا كىرىمى ئائىلە كىرىمىنىڭ 70% ىدىن ئارتۇقنى ئىگىلىگەنلەر ھەم ئىشچى ياللاپ ئىشلەتكەن 24 خۇسۇسىي سودا ئورنى ئىنقىلاپ چىقىلدى. 1958 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ يېزىدا ئايرىلغان تەركىبى ئۆزگەرتىلىپ، قايتىدىن كاپىتالىست دەپ بېكىتىلدى، مەبلىغى (218 مىڭ 300 يۈەن) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بېرىلىپ، بەلگىلىمە بويىچە مۇقىم ئۆسۈم بېرىلدى. بۇلارغا قارىتا ئەمەلىيەت چىقىش قىلىنىپ، بىر قىسىملىرى سانائەت، سودا، ترانسپورت كەسىپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق، مۇئاۋىن مۇدىرلىق ياكى ۋاكالىتەن ساتقۇچىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى.

## 3. يەككە سودا

1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2310 ئۇششاق تىجارەتچى، 2398 كەسىپكار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇراقلىق مەبلىغى 198 مىڭ يۈەن، تۇراقسىز مەبلىغى 433 مىڭ يۈەن ئىدى. 1956 ـ يىلى خۇسۇسىي كاپىتالىستىك سودا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، يەككە سودا ئائىلىلىرى بىراقلا ئازلاپ كەتتى. 1963 ـ يىلى يەككە سودا ئائىلىسى 78 گە، تىجارەت مەبلىغى 10 مىڭ 800 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى، شۇ يىلى كىنىشكىسىز تىجارەتچىدىن 364 ى ئىنقىلاپ چىقىلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، يەككە سودا كەسپى ئاساسەن يوقالدى.

1979 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، يەككە سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويۇلدى ۋە ئۇ رىغبەتلەندۈرۈلدى. 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 59 ئائىلىلىك يەككە تىجارەتچى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ئورنى 266 گە كۆپەيدى، مەبلىغى 1 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىكىسى 244، مەبلىغى 1 مىليون 120 مىڭ يۈەن، تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەن.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تىجارەت باشلىغان يەككە سودا ئورنى 706 گە يېتىپ، ئوبوروت ۋە مۇلازىمەت ساھەسىدىكى بىر مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ كەسىپكارى 884 كە، مەبلىغى 3 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىكىسى 631، كەسىپكارى 805، مەبلىغى 2 مىليون 970 مىڭ يۈەن، تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 570 مىڭ يۈەن.

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تىجارەت باشلىغان يەككە سودا ئورنى 2769 غا، كەسىپكارى 3547 گە، مەبلىغى 2 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# 4 § . تاشقى سودا

## 1 . ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى

1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 8 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى. شۇ چاغدا ئاساسىي قاتلامنىڭ سېتىۋېلىش كەسپىنى رايون، يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ۋاكالىتەن بېجىردى. 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنىنىڭ نامى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 26 گە يەتتى. قارمىقىدا 2 ئاساسىي قاتلام سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ بىرى بۇلاقسۇ سېتىۋېلىش پونكىتى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر گۆشخانىنىڭ سېتىۋېلىش كەسپى تىجارىتىگە مەسئۇل بولدى، يەنە بىرى ئاۋات سېتىۋېلىش پونكىتى بولۇپ، ئۇ ئاۋات، بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ گۆشخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش كەسپىگە مەسئۇل بولدى. قالغان گۆشخانىلارنىڭ سېتىۋېلىش كەسپىنى يەنىلا ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرى ۋاكالىتەن بېجىردى. 1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لەڭگەر، ئوپال گۆشخانىلىرىدا سېتىۋېلىش پونكىتى، توققۇزاق بازىرىدا سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ نامى چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارەت ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 39 غا يەتتى. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ، زەممەن، سايباغ، تاشمىلىق گۆشخانىلىرىدا سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى گۆشخانىلاردا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنى بار بولدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق ئىشچىدىن 6 سى قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلدى.

1961 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 51 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى. شۇ يىلى توشقان فېرمىسى قۇرۇلدى؛ 5 ـ ئايدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۆشخانىلىرىدىكى سېتىۋېلىش پونكىتلىرى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1982 ـ يىلى يەنە مەزكۇر ناھىيىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1977 ـ يىلى جۇۋا زاۋۇتى قۇرۇلدى، 1980 ـ يىلى ئىشتىن توختىتىلدى. 1984 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ نامى چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 64 كە يەتتى، قارمىقىدا 13 سېتىۋېلىش پونكىتى بار بولدى. 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كوپىراتىپ كېڭىشى 13 سېتىۋېلىش پونكىتىنى جايلاردىكى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

## 2 . ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

### 1) سېتىۋېلىش

(1) سېتىۋېلىش دائىرىسى 1957 — 1969 ـ يىلغىچە ئاساسلىقى چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن يەرلىك مەھسۇلات سېتىۋېلىندى. چارۋا مەھسۇلاتلىرى قوي يۇڭى، چۇپۇر، ئۆچكە تىۋىتى، تۆگە يۇڭى، كالا تېرىسى، قوي تېرىسى، ئۆچكە تېرىسى، ئۆچەي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1970 — 1984 ـ يىلغىچە سېتىۋېلىش دائىرىسى 2 تۈردىن 6 تۈرگە يەنى چارۋا مەھسۇلاتى، يەرلىك مەھسۇلات، يېمەكلىك، دورا

ماتېرىيالى، توقۇلما مەھسۇلاتلار ۋە گىلەمگە تەرەققىي قىلدى. يېڭىدىن گىلەم، قۇلماق، ئارپىبەدىيان، خورماقاق، گۈلە، ئۆرۈك مېغىزى، چۈچۈكبۇيا، پىلە، زاراڭزا ئۇرۇقى كۆپەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ گىلەم توقۇش، ئۈجمە پىششىقلاش كەسپى تەشكىللەندى.

(2) سېتىۋېلىش ئۇسۇلى مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشتا قوي يۇڭى ئادەم ئەۋەتىلىپ سېتىۋېلىنغاندىن سىرت، قالغانلىرى ئاساسەن ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق سېتىۋېلىنىدى. 1978 - يىلى ئېچىلغان ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۆچكە تىۋىتى، پىلە، ئۆرۈك مېغىزى، قوي يۇڭى، كالا تېرىسىنى مۇكاپاتلىق سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئامما سېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن سېتىۋېلىش ئەھۋالى ياخشىلاندى.

2) تەمىنلەش ئەھۋالى

ناھىيىلىك تاشقى سودا ئاپپاراتى سېتىۋالغان مەھسۇلاتلار سانى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ تىجارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئېكسپورت قىلىش ياكى ئىچكى قىسىمدا سېتىشنى تەشكىللىدى، 1960 - يىلى كىگىز بېسىش، جۇۋا تىكىش كەسىپلىرى يولغا قويۇلۇپ، شۇ جايدا پىششىقلىنىپ، شۇ جايدا سېتىلدى. 1970 - يىلى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىساد - سودا نازارىتى خېمىيىدىن تېخنىك تەكلىپ قىلىپ، مەزكۇر ناھىيىگە ياردەملىشىپ جۇۋا تىكىش زاۋۇتى قۇردى. 4 يىلدا تۆرلۈك تېرە، يۇڭ مەھسۇلاتىدىن 1500 نى ئىشلەپچىقىرىپ، بازارنى تەمىنلىدى.

3) تىجارەت ئەھۋالى

1959 — 1984 - يىلغىچە بولغان 26 يىلدا 6 تۈرلۈك تاۋار تىجارەت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ھەر يىلى زىيان كۆرۈلدى. يەرلىك مەھسۇلات بىلەن توقۇلما بۇيۇملاردا 8 يىل پايدا ئېلىنىپ، 18 يىل زىيان كۆرۈلدى. 6 تۈرلۈك تاۋارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرغاندا، 2 يىل پايدا ئېلىنىپ، 24 يىل زىيان كۆرۈلدى. زىيان تارتىشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپىنچە يىللاردا 200 مىڭ — 300 مىڭ يۈەن ئارىلىقىدا بولدى. بەزى يىللاردا سېتىۋېلىش مىقدارى 400 مىڭ — 500 مىڭ يۈەن ئارىلىقىدا بولدى، 500 مىڭ يۈەندىن ئاشقان يىل ناھايىتى ئاز بولدى. %10 لىك پايدا بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر يىلى ئېرىشكەن پايدا تەخمىنەن 40 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولدى، ئەمما ئىدارە بويىچە ھەر يىللىق چىقىم 150 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولدى. كىرىم ئاز، چىقىم كۆپ بولۇپ، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا سېلىنغان مەبلەغ كۆپ، ئۇنىڭ ئېزىغا چۈشۈشى ئاستا، تاشقى سودا بازىرىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ بولدى، سېتىۋېلىش باھاسى چۈشتى. مەسىلەن: قۇلماقتا نۇرغۇن يىل مەبلەغ سېلىنىپ، بازا قۇرۇپ چىقىلدى، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودا جەھەتتە بېكىتكەن سېتىۋېلىش، سېتىش باھا پەرقى بەك چوڭ، ھالقىلاردىكى پايدا بەك يۇقىرى بولغاچقا، نەتىجىدە ھەر كىلوگرامنىڭ باھاسى 8 يۈەندىن 4 يۈەنگە چۈشتى؛ ئارپىبەدىياننىڭمۇ ھەر كىلوگرامى 3 يۈەندىن 2 يۈەنگە چۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكەنلىكتىن، بۇ تۈردىكى مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئامال بولمىدى. ئۈچىنچىدىن، سېتىۋېلىش قىممىتى مۇقىم بولمىدى، 1957 - يىلى سېتىۋېلىش قىممىتى 305 مىڭ 800 يۈەنگە، 1958 - يىلى 561 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، 1959 - يىلدىن كېيىن يىلمۇيىل تۆۋەنلىدى، 1963 - يىلى 200 مىڭ 500 يۈەنگە چۈشۈپ قېلىپ، 1958 - يىلدىكىدىن %64.3 تۆۋەنلەپ كەتتى. 1965 - يىلى 341 مىڭ 200 يۈەنگە ئۆرلىدى. 1966 - يىلى يەنە 297 مىڭ 400 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1959 — 1984 - يىلغىچە سېتىۋېلىش قىممىتىنىڭ يىغىندىسى 9 مىليون 851 مىڭ 600 يۈەنگە، زىيان 1 مىليون 485 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسلىق تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 11 — 10 - جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1957 | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 30.58 | 30.06 | 34.12 | 25.05 | 43.91 | 37.63 | 39.81 |
| چارۋا مەھسۇلاتلىرى تۈرىدىكىلەر (تۈمەن يۈەن) | 23.53 | 21.07 | 29.82 | 23.39 | 26.92 | 28.73 | 28.51 |
| يەرلىك مەھسۇلات تۈرىدىكىلەر (تۈمەن يۈەن) | 7.05 | 8.99 | 4.3 | 0.53 | 10.79 | 2.63 | 8.54 |
| يېمەكلىك تۈرىدىكىلەر (تۈمەن يۈەن) | | | | | 4.35 | | |
| دورا ماتېرىياللىرى تۈرىدىكىلەر (تۈمەن يۈەن) | | | | 0.19 | 0.47 | 4.46 | 0.05 |
| توقۇلما بۇيۇم تۈرىدىكىلەر (تۈمەن يۈەن) | | | | 0.94 | 1.37 | 1.81 | 2.14 |
| قوي يۇڭى (كىلوگرام) | 76677 | 75760 | 110958 | 65949 | 62648 | 36338 | 17982 |
| ئۆچكە تىۋىتى (كىلوگرام) | 1156 | 2166 | 3250 | 2821 | 2888 | 2655 | 14.4 |
| چۇپۇر (كىلوگرام) | 469 | 7056 | 6225 | 4208 | 3313 | 3549 | 594 |
| تۆگە يۇڭى (كىلوگرام) | 2441 | 1788 | 2172 | 1750 | 1636 | 2463 | 3470 |
| كالا تېرىسى (پارچە) | 96 | 2297 | 2623 | 3494 | 2604 | 805 | 722 |
| قوي تېرىسى (پارچە) | 32868 | 20595 | 23498 | 24862 | 18568 | 14769 | 27574 |
| ئۆچكە تېرىسى (پارچە) | 11248 | 5522 | 8441 | 8872 | 7830 | 9380 | 19493 |
| ئۈچەي (تال) | 46004 | 15156 | 35404 | 50323 | 73251 | 34953 | 137390 |
| گىلەم تۈرىدىكىلەر (تۈمەن يۈەن) | | | | | 1.78 | 4.74 | 0.57 |
| گىلەم (كۋادرات مېتىر) | | | | | 198 | 400 | 52 |
| قولاق (كىلوگرام) | | | | | | | |
| ئارپىبەدىيان (كىلوگرام) | | | | | 124 | 7581 | 9500 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خورماقاق (كىلوگ-رام) | | | | | 6500 | | 13332 |
| گۈلە (كىلوگرام) | | | | | 31500 | | |
| ئۆرۈك مېغىزى (كى-لوگرام) | | | | | | | |
| چوچۇكبويا (كىلوگ-رام) | | | | 7329 | 17647 | 125470 | 2726 |
| پىلە غوزىسى (كى-لوگرام) | | | | 4257 | 5488 | 5753 | 1689 |
| زاراڭزا ئۇرۇقى (كى-لوگرام) | | | | | 175870 | 2100 | 7873 |

# باب XII

# ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش

## 1 § . ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە، يۇرتتىكى ھۆكۈمەتلەر غەللە - پاراق ئېلىش ۋە باشقۇرۇشنىلا تۇتۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش، تەقسىملەشنى بولۇشىغا قويۇپ بېرەتتى. شۇڭا ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش ئىشلىرىنى كۆپىنچە پومىشچىك، زومىگەر ۋە ئاشلىق سودىگەرلىرى كونترول قىلاتتى. ئۇلار مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى باھانى چۈشۈرۈپ ئاشلىق يىغىۋېلىپ، كەم ھوسۇل ئېلىنغان يىلى ئۇنى بېسىۋېلىپ، پۇرسەت كەلگەندە، باھانى ئۆرلىتىپ سېتىپ، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىپ، خەلقنى قاتتىق قاقشىتاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مۇۋاپىق ئۇستىگە ئېلىش سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، كەمبەغەل دېھقان ۋە يالانما دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. بېزىلاردا تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزئارا ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، ئەتىيازدا ئاشلىق ۋە ئۇرۇق كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن دېھقانلارنى شىلىۋېلىشقا زەربە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، دېھقانلار يەرگە ئىگە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېكىسپلاتاتسىيىسىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلدى. 1953 - يىلى دۆلەت ئېشىنچا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، ئاشلىق، ياغلىق داننى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى. 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 34 كە يەتتى. 1956 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاشلىق بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ياغ

گۈرۈچىسى، يەم - خەشەك شىركىتى قۇرۇلدى، كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1957 - يىلى ناھىيەلىكتىكى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكتىكى ياغ زاۋۇتى ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، لەڭگەر، توققۇزاق، زەمىن، بورختاي، ئوپال، تاشمىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى قۇرۇلدى، ئاققاش، مۇشلاردا شۆبە پونكىت قۇرۇلۇپ، ئاشلىق - ياغ كەسپىنى باشقۇردى. 1959 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە بازىرىدا ئاشلىق - ياغ دۇكىنى ئېچىلدى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلدى. 1960 - يىلى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ يېنىغا ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئاشلىق ئىدارىسىدا كادىرلار - كاتىبات بۆلۈمچىسى، بوغالتىرىيە - ستاتىستىكا بۆلۈمچىسى، كەسپىي بۆلۈمچە، ساقلاش بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى، 1962 - يىلى يېزا ئىقتىسادى بۆلۈمچىسى كۆپەيتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى ئاشلىق ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1968 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاشلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى. 1974 - يىلى ياغ زاۋۇتى بىلەن ئۇن زاۋۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇن - ياغ زاۋۇتى قىلىندى. 1981 - يىلى ئاشلىق - ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش مۇلازىمەت شىركىتى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە 5 فۇنكسىيىلىك بۆلۈمچە، شىركەت، ئاشلىق ئامبىرى، دۇكان، قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل كالونى، دېھقانچىلىق مەيدانى، 12 ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتى، 5 شۆبە پونكىت (تېرىم، سايباغ، ئوغۇساق، خاڭدى، ئاققاش)، 2 سېتىۋېلىش - سېتىش نۇقتىسى (بەشكېرەمنىڭ سىدە، مۇشنىڭ مىگىيول كەنتلىرى) قارىدى. ئىشچى - خىزمەتچى 186 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 159، خەنزۇ 25، قىرغىز بىر، خۇيزۇ بىر.

1986 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قارىمىقىدا كاتىبات بۆلۈمچىسى، بوغالتىرىيە - ستاتىستىكا بۆلۈمچىسى، سېتىۋېلىش - سېتىش بۆلۈمچىسى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بۆلۈمچىسى، ساقلاش بۆلۈمچىسى، تىجارەت بۆلۈمچىسى، كېلىشىم باھانى باشقۇرۇش شىركىتى، قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق مەيدانى، ئامبار، دۇكان، 12 ئاشلىق پونكىتى، 5 شۆبە پونكىت، 211 ئىشچى - خىزمەتچى (خەنزۇ 26) بار بولدى. 1987 - يىلى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمچىسى بىلەن پىششىقلاش بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى. 1988 - يىلى پىششىقلاش بۆلۈمچىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1989 - يىلى كادىرلار بۆلۈمچىسى كۆپەيتىلدى. 1990 - يىلى تىجارەت بۆلۈمچىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىدارە 7 بۆلۈمچە، بىر كېلىشىم باھا شىركىتى، قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق مەيدانى، ئامبار، دۇكان، 12 ئاشلىق پونكىتى ۋە 5 شۆبە پونكىتتىن تەشكىل تاپتى.

## § 2. سېتىۋېلىش

1953 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، «كۆپ ئېشىنغانلاردىن كۆپ سېتىۋېلىش، ئاز ئېشىنغانلاردىن ئاز سېتىۋېلىش، ئېشىنمىغانلاردىن سېتىۋالماسلىق، كېمى كۆپلەرنى كۆپ تەمىنلەش، كېمى ئازلارنى ئاز تەمىنلەش، كېمى يوقلارنى تەمىنلىمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە 3650 توننا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بېكىتىلدى، ئەمەلىيەتتە 4155 توننا سېتىۋېلىندى، بۇ، جەمئىيەتتىكى ئېشىنچا ئاشلىق مىقدارىنىڭ تەخمىنەن % 30.4 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سۇچىلىق ئاشلىقى، ئومۇمنىڭ يېرىنىڭ ئىجارە ئاشلىقى، زاپاس يەر ئىجارە ئاشلىقى، يېزا ئىگىلىك بېجىنىڭ قېپقالغىنى قاتارلىقلار ۋاستىلىق يىغىلىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى، بۇ 5975 توننا بولدى.

1956 - يىلى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. يازلىق ئاشلىق زاكالەت پۇلى تارقىتىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى كوپېراتىپ ياكى يېزا بىرلىك قىلىنىپ، ئۆزى مەلۇم قىلىپ، باھالاپ، ئاشلىق سېتىش ۋەزىپىسىنى بېكىتتى. 1957 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بىرلىك قىلىنىپ، ئاشلىقنىڭ ئارتۇق، كەمى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان ئاساستا ئاشلىق خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. ئىشىنچا ئاشلىقى بار يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ئاشلىقنى دۆلەتكە بىر تۇتاش سېتىپ بەردى؛ ئاشلىقى يېتىشمىگەن كوپېراتىپلارنى دۆلەت بىر تۇتاش تەمىنلىدى. ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىشى بىلەن سېتىلىشى بىرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر قىسىم باي دېھقانلارنىڭ ئاشلىقنى كۆپرەك قالدۇرۇۋېلىش، ئاز سېتىپ بېرىش، مەھسۇلات مىقدارىنى يوشۇرۇش، جان سانىنى يالغان مەلۇم قىلىش، يېشى كىچىكلەرنىڭ يېشىنى چوڭايتىۋېلىشتىن ئىبارەت سېتىۋېلىشقا قارشىلىق كۆرسىتىش قىلمىشلىرىغا قارىتا ۋاقتىدا توغرا - خاتاسىنى ئايرىش بويىچە ئاممىۋى بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. سېتىۋېلىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئايرىم كىشىلەرگە قائىدە سۆزلەش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى. كۆلەم ۋە مەھسۇلاتنى ئاز مەلۇم قىلغان، ئاپەت ئەھۋالىنى كۆپتۈرگەن، قەستەن پاكىزلىمىغان ياكى ئۇرۇقلۇقنى كۆپ قالدۇرۇۋالغان، ئارتۇق جىڭلىۋالغان، ھەتتا مەخپىي ئامبار ياسىۋالغان، كۆپ بۆلۈۋېلىپ ئاز خاتىرىلىگەن ئورۇنلارغا قارىتا، مەھسۇلاتنى، تارازىنى، توپىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 415 توننا بۇغداي، 2195 توننا قارا ئاشلىق ئېنىقلاپ چىقىلدى.

1959 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيىگە 20 مىڭ 620 توننا ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈردى، شۇ يىلى يېزىلارغا 10 مىڭ 295 توننا ئاشلىق قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلدى، بۇ، سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ %92.49 نى ئىگىلىدى. 1960 - يىلى يەنىلا زور دەرىجىدە سېتىۋېلىندى ۋە سېتىلدى، 158 چولڭ ئەترەتتىن 5091.8 توننا ئاشلىق ئارتۇق سېتىۋېلىندى. 1961 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم «ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى قايتۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە كۆرسەتمە» نى تارقىتىپ، ئارتۇق سېتىۋېلىش سەۋەبىدىن «ئۈچنى قالدۇرۇش (ئۇرۇقلۇق، ئوزۇقلۇق، يەم - خەشەك)» قا تەسىر يەتكۈزگەن، كۆرسەتكۈچ بويىچە كېمىنى تولدۇرۇشقا يېتەرلىك قالدۇرۇلمىغان ئاشلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىنى قەتئىي قايتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. 1962 — 1963 - يىلغىچە 1 - پەسلدە چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان 2080 توننا ئاشلىق قايتۇرۇلدى، نەتىجىدە 23 مىڭ 500 يۈەن زىيان كۆرۈلدى. 1963 - يىلى «ۋاقتىدا سېتىۋېلىش، تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇش» فاڭجېنى ۋە «كۆپ ئىشلەپچىقارغانلار كۆپ قالدۇرۇش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش» ھەمدە «ئۈچنى قالدۇرۇش ئۆلچىمىنى تۆۋەن ئورۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق 12 مىڭ 660 تونىنغا تەڭشەلدى، بۇ ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ %32 نى ئىگىلىدى.

1971 - يىلدىن باشلاپ «ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك، دەسلەپكى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى يىلدا بىر بېكىتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلدى، يەنى ھوسۇل ئاشسىمۇ ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇلمىدى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھوسۇل كېمەيسىمۇ ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى كېمەيتىلمىدى. 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ رايونلاردىكى باھا پەرقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر خىل باھانى يولغا قويۇشنى ھەمدە سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، بۇغداي، شال، پۇرچاق تۈرىدىكىلەرگە قارىتا ئارتۇق سېتىۋېلىنىدىغان قىسمىغا %60 باھا قوشۇشنى، كۆممىقوناق ۋە باشقا قارا ئاشلىققا %40 باھا قوشۇشنى قارار قىلدى. ياغ ۋە ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىدىمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە بىر خىل باھا يولغا قويۇلدى، ئارتۇق سېتىۋېلىنىدىغان قىسمىغا %50 باھا قوشۇلدى. ئاشلىق - ياغنى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ئۆزگەرمىدى.

1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىق - ياغنى سېتىۋېلىش - سېتىشتا كېلىشىم باھا يولغا قويۇلدى، كېلىشىپ سېتىشتا چوقۇم كېلىشىپ سېتىۋېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، تەكشە باھانى كېلىشىم باھاغا ئايلاندۇرۇپ ساتماسلىق بەلگىلەندى. 1983 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش چارىسى ئۆزگەرتىلدى، دېھقانلار ئاشلىق - ياغلىق دان سېتىپ بەرگەندە ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ھېسابات قىلىنىپ پۇلى بېرىلدى، پۇل ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىنمىدى، دېھقانلاردىن سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئاشلىقنى دېھقانلارنىڭ كۆپ خىل يول بىلەن تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلدى، ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كىرىسىمۇ، ناھىيە سىرتىغا ئېلىپ چىقسىمۇ، ئۆلكە سىرتىغا ئېلىپ چىقسىمۇ يول قويۇلدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان ئائىلىلەرگە قارىتا، ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق - ياغقا قارىتا سېتىپ بەرگەن ئائىلىلەر بويىچە ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلدى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دېھقانلار بىلەن ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش توختامنامىسىنى تارقىتىپ بەردى. ئۆتكۈزۈشنامىگە ئاساسەن، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا باھا پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتتى، دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان ئاشلىقلا بولسا 7 دە 3 نىسبەتلىك باھا بويىچە سېتىۋېلىندى. 1986 - يىلى يېزىلارنىڭ ئاشلىقنى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ئەھۋالى زور دەرىجىدە پەرقلىق بولدى، بەزى يېزىلاردىكى «ئۈچ خىل ئائىلە» (5 تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان ئائىلىسى) ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش توختامى تۈزمىدى؛ بەزى يېزىلاردىكى دېھقانلار ئۆزلىرى مەلۇم قىلىپ، ئاممىۋى باھالاپ سېتىشنى بېكىتتى؛ بەزى يېزىلار ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى دېھقانلار يېرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە تەقسىملىدى. بۇ ۋەزىپىنى بەزى يېزىلار دېھقانلار قەرزىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە تەقسىملىدى؛ بەزى يېزىلار جان سانى بويىچە تەقسىملىدى ياكى يېرىگە قاراپ تەقسىملىدى. يېزىلار يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك شەكىل ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش توختامى تۈزدى. ئاشلىق ساتقان چاغدا بەزى يېزىلارنىڭ پۇل بىلەن ئاشلىقى نەقلەشتى؛ بەزى يېزىلاردا ئاشلىقنى دېھقانلار ساتسا، پۇلىنى ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى يىغدى؛ بەزى يېزىلاردا ئاشلىقنى دېھقانلار ساتسا، پۇلىنى ئاشلىق باشقۇرۇش كومىتېتى يىغدى ياكى ئاشلىقنى دېھقانلار ساتسا، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ھېساب بوغدى.

1990 - يىلى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ ئاشلىق سېتىۋېلىنغاندىن سىرت، يەنە دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقى ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىنىپ، دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈردىكى زاپاس ئاشلىقىغا ئايلاندۇرۇلدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردا سېتىۋالغان ئاشلىق - ياغنىڭ قىممىتى ۋە مىقدارى

ئىقتىساد: 12 — 1 . جەدۋەل

| يىللار | ئېچكىسى ساپ سېتىۋېلىنىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سېتىۋېلىنغان ئاشلىق مىقدارى (تونتا) | سېتىۋېلىنغان سۇ يېغى مىقدارى (تونتا) | يىللار | ئېچكىسى ساپ سېتىۋېلىنىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سېتىۋېلىنغان ئاشلىق مىقدارى (تونتا) | سېتىۋېلىنغان سۇ يېغى مىقدارى (تونتا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 479 | 10075 | 205 | 1970 | 142 | 8580 | 120 |
| 1965 | 376 | 15040 | 175 | 1975 | 190 | 6665 | 135 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 161 | 4315 | 45 | 1990 | 1285 | 17546 | 880 |
| 1985 | 672.6 | 12210 | 458.2 | | | | |

## § 3 . سېتىش

50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ئاشلىق ـ ياغنى ئەركىن بازاردىن سېتىۋېلىپ يەيتتى. 1953 ـ يىلى قىشتا ناھىيە بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنى ئاشلىق ـ ياغ بىلەن تەمىنلەشتە «ئادەمگە چەك قويۇلۇپ، ئاشلىق مىقدارىغا چەك قويۇلمىدى».

1957 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «شەھەر ، بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈرۈلۈپ، ئاشلىق ئەركىن بازىرى تاقالدى. ناھــــيە بازىرىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «ئادەمگە چەك قويۇلۇپ، ئاشلىق مىقدارىغا چەك قويماسلىق» تەك تەمىنلەش چارىسـى توختىتىلىپ، شەھەر، بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمى دەرھال ئىجرا قىلىندى. غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا قارىتا ئاھالىلەرنىڭ نورمىسىنى دەرىجىگە بۆلۈپ بېكىتىش، سودا ـ سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقنى ئورۇنغا قاراپ بېكىتىش، چارۋىلارنىڭ يەم ـ خەشىكىنى تۈرگە ئايرىپ بېكىتىش يولغا قويۇلدى، نان، ئۈگرە، كەسمە چۆپلەر بېلەتسىز سېتىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئاشلىق ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى قىسىش جەھەتتە 5 تۈرلۈك چارىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) ناھىيىلىك پارتكوم تەكشۈرۈپ بېكىتكەن 1957 — 1958 ـ يىللىق ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمىنى ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ؛ 2) ناھىيە بازىرىدا نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلىدۇ، ناھىيە بازىرى ياكى يېزىلاردا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق چوقۇم ئىسپات ئارقىلىق تەمىن ئېتىلىشى لازىم. قالايمىقان تالون كېسىشكە بولمايدۇ؛ 3) ناۋايخانا ۋە باشقا يېمەكلىك تارماقلىرى تەمىنلىنىدىغان ئاشلىقنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسىش، بىر قىسىم خۇسۇسىيلارنىڭ ياكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ناۋايخانىلىرىنى تەمىنات ـ سودا، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قارىمىقىدىكى پىششىقلاشقا ئۆزگەرتىش لازىم؛ 4) ئاشلىق ئەركىن بازىرىنى قەتئىي تاقاش كېرەك؛ 5) دېھقانلارغا ئاشلىقنى تېجەش ھەققىدە تەربىيە بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناھىيىلىك پارتكوم يەنە ئاشلىق يۈزلىنىشىنى پەسەيتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رايونلار ئاشلىق سېتىش مىقدارىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە قىسقارتىش، بۇندىن كېيىن يېزىلاردا بازار كۈنىدىن باشقا كۈندە ئاساسەن نان ياقماسلىق كېرەك، ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانلار، ئادەتتە، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەنمەيدۇ، دەپ يوليورۇق چىقاردى.

1959 ـ يىلدىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدە «مول ھوسۇل بىلەن كەم ھوسۇلنى تولۇقلاش، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ئىش كۆرۈش، تېجەپ سەرپ قىلىش» فاڭجېنى قوللىنىلىپ، دېھقانچىلىق ئالدىراش مەزگىلدە كۆپرەك يېيىش، ئارىسال مەزگىلدە ئازراق يېيىش، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە پىلانلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تويغىدەك، ئوبدان يېيىش ھەم ئاشلىق ئىقتىساد قىلىش تەلەپ قىلىندى. بۇ ئاساستا ئاشلىقى كۆپ ئۆكسىگەنلەر كۆپ تەمىنلەندى، ئاز ئۆكسىگەنلەر ئاز تەمىنلەندى، ئاشلىقى ئۆكسىمىگەنلەر تەمىنلەنمىدى. نوپۇس تەكشۈرۈش، بازارنى رەتكە سېلىش، يېزىلاردىكى قايتۇرۇپ سېتىشنى قىسىش ئارقىلىق ئاشلىق بازىرى

مۇقىملاشتى، خەلق تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە ئېرىشتى.

1960 - يىلى ناھىيە بويىچە «كۆپلەپ سېتىۋېلىش ۋە كۆپلەپ سېتىش» داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يەنە يېزىلارغا قايتۇرۇپ سېتىلغان ئاشلىق 10 مىڭ 940 تونىغا يەتتى. خەلق گۇڭشېسىنىڭ كوللېكتىپ ئاشخانىسى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان چوڭ ئورۇن بولۇپ، «ئادەمگە قاراپ نورما بېكىتىش، كۆرسەتكۈچنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاشلىق نەقلىشىش، بېلەتكە ئاساسەن تاماق يېيىش، تېجەلگىنى ئۆزىگە قىلىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1961 - يىلى «ۋاقتىدا سېتىۋېلىش، تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇش» سىياسىتىگە ئەمەل قىلىنىپ، يېزىلاردىكى قالدۇرۇق ئاشلىققا قارىتا «كۆپ مەھسۇلات ئالغانلار كۆپ قالدۇرۇش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش» ۋە «ئۈچ قالدۇرۇش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق ئۇسۇللار يولغا قويۇلدى. ئاشلىق ئىشلىتىشتە «ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئاشلىقىنى يېيىش، كېيىن دۆلەتنىڭ ئاشلىقىنى يېيىش»، «ئاشلىقى بۇرۇن تۈگىگەنلەرنى بۇرۇن تەمىنلەش، كېچىكىپ تۈگىگەنلەرنى كېچىكىپ تەمىنلەش» پرىنسىپى بويىچە، ئاشلىق بىلەن ۋاقتىدا تەمىن ئېتىلدى. ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئامبار قالدۇقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىشقا تىرىشىش ئاساسىدا، نورما ئىچىدىكى ئاشلىق باسقۇچقا بۆلۈپ تەمىنلەپ بېرىلدى. ھەر بىر گۇڭشې ئەزاسىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە نورما ئۆلچىمى 3 - ئايدا 11 كىلوگرام، 4 -، 5 - ئايلاردا 12.5 كىلوگرام، 6 - ئايدا 11 كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى. گۇڭشې ئەزالىرىغا قالدۇرۇلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىق 140 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغان چوڭ ئەترەتلەر ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئەترەت، 140 — 150 كىلوگرامغىچە بولغان ئەترەت ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەت، 150 — 170 كىلوگرامغىچە بولغان ئەترەت ئېشىنچا ئاشلىقى بار ئەترەت، 170 كىلوگرامدىن ئارتۇق بولغان ئەترەت قىزىل بايراقدار ئەترەت قىلىپ بېكىتىلدى. 170 كىلوگرامدىن ئاشقان ئەترەتلەرنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنىڭ %80 ى سېتىۋېلىندى. يېڭىنۇستەڭدە خەلق تۇرمۇشى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە نورمىسى 11 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نورمىسى 11 كىلوگرامغا ئۆستۈرۈلدى. 1962 — 1963 - يىللىرى ناھىيە بويىچە 1276 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىچىدە قىزىل بايراقدار ئەترەتتىن 140 ى، ئېشىنچە ئاشلىقى بار ئەترەتتىن 183 ى، ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەتتىن 214 ى، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئەترەتتىن 730 ى بار ئىدى. 1964 - يىلدىن كېيىن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، ئاشلىق باشقۇرۇش چارىلىرى بارغانسىرى مۇقىملاشتى، تەمىنلەش ئەھۋالىمۇ تەدرىجىي نورماللاشتى.

1970 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدىكى چوڭلارنىڭ ئايلىق نورمىسىدىن 0.5 كىلوگرام تۇتۇپ قېلىنىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى قىلىندى. بۇ چارە تاكى 80 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ئىجرا قىلىنىپ ئاندىن ئىجرا قىلىنىشتىن توختىدى.

1979 - يىلى دۆلەت ئاشلىق - ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈردى، لېكىن ئاشلىق - ياغنىڭ ئەسلىدىكى بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسى ئۆزگەرمىدى، بۇنىڭدىن كۆرۈلگەن زىيانغا مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى.

1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۆلەت ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزىلاردا ئاشلىق - ياغ بىلەن تەمىنلەشتە ئوخشاش باھادا سېتىۋېلىش، سېتىشنى يولغا قويۇشنى، شەھەر، بازار ئاھالىسىنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ۋە ئاشلىق - ياغ بىلەن تەمىنلەشتە يەنىلا ھازىرقى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بىر تۇتاش سېتىش باھاسىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى قارار قىلدى. ئاشلىق - ياغ سېتىشتىكى پەرقلىق باھا بىلەن شەھەر، يېزىلاردىكى ئاشلىق - ياغ تىجارىتى خىراجىتىگە يەنىلا مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. ۋەزىيە

بەلگىلەپ سېتىۋېلىش توختامىدىكى ۋەزىپە ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان ئاشلىقنىڭ ھەممىسى قويۇۋېتىلدى، ئۇنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى، ئەركىن ئېلىپ ساتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردا سېتىلغان ئاشلىق ـ ياغنىڭ قىممىتى ۋە مىقدارى**

ئىقتىساد: 12 — 2 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئېچكى ماپ سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | ئاشلىق (توننا) | ياغ (توننا) | مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1958 | 218 | 7905 | 60 | 270 |
| 1960 | 507 | 7105 | 60 | 412 |
| 1965 | 225 | 8315 | 140 | 269 |
| 1970 | 106 | 4230 | 65 | 100 |
| 1975 | 193 | 6980 | 85 | 102 |
| 1980 | 152 | 4995 | 65 | 220 |
| 1985 | 256 | 4985 | 134.15 | 6316.4 |
| 1990 | 253 | 5577 | 169 | 1343 |

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1958 — 1990 ـ يىلغىچە تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەنگەنلەر**

ئىقتىساد: 12 — 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | تاۋار ئاشلىق يېيدىغان نوپۇس | يىللار | تاۋار ئاشلىق يېيدىغان نوپۇس | يىللار | تاۋار ئاشلىق يېيدىغان نوپۇس |
|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 4968 | 1969 | 12191 | 1980 | 20115 |
| 1959 | 3692 | 1970 | 12996 | 1981 | 12357 |
| 1960 | 3720 | 1971 | 13548 | 1982 | 15459 |
| 1961 | 3639 | 1972 | 15753 | 1983 | 16681 |
| 1962 | 3123 | 1973 | 16682 | 1984 | 17564 |
| 1963 | 9454 | 1974 | 16517 | 1985 | 18023 |
| 1964 | 8164 | 1975 | 15355 | 1986 | |
| 1965 | 9813 | 1976 | 17861 | 1987 | 20743 |
| 1966 | 11390 | 1977 | 12518 | 1988 | |
| 1967 | 11159 | 1978 | 18122 | 1989 | |
| 1968 | 11946 | 1979 | 19350 | 1990 | 24842 |

## قوشۇمچە

### 1957 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ نورمىسى ھەم چارۋىلارنىڭ يەم - خەشەكى جەھەتتىكى تەمىنلەش ئۆلچىمى

**1. ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ نورما ئۆلچىمى**

3 تۈرگە ئايرىلىپ، دەرىجە بويىچە نورمىسى بەلگىلەندى (ئۈن بويىچە ھېسابلاندى).

1 - تۈردىكىلەر: ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار

ئا دەرىجە (تۆمۈرچىلىك، خام خىش قۇيۇش خىزمىتى): ھەر بىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورمىسى (تۆۋەندىكى شۇنداق) 21 كىلوگرام. ب دەرىجە (يىل بويى ئاساسىي قورۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياغاچچى، تاشچى، يەر كولىغۇچى): نورمىسى 19 كىلوگرام. س دەرىجە (تاغارچى، يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرى ۋە ياردەمچىسى، تراكتورچى): نورمىسى 18 كىلوگرام.

2 - تۈردىكىلەر: يېنىك جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار

تراكتور رېمونتچىسى، سىرتتا تېلېفون سىمى تارتقۇچى. . ھارۋىكەش، موزدۇز، تىككۈچى، كىگىزچى. . . ئامبارچى، خەۋەرچى، قارا ئىشچى، ئاقلانچى قاتارلىقلارنىڭ نورمىسى 15 كىلوگرام.

1967 - يىلى يۇقىرىدىكى 2 تۈرلۈك جىسمانىي ئەمگەكچىلەرگە پولات - تۆمۈر، كۆمۈر، نېفىت، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، بىناكارلىق، سېمونت، ساپال، ترانسپورت، تاشيول، پوچتا - تېلېگراف، خىمىيە سانائىتى، گېئولوگىيە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش، ياغاچ كېسىش، ياغاچچىلىق، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، يىپەك تارتىش، سوپۇنچىلىق، ئۆلچەش، سودا سىستېمىسى (قارىمىقىدىكى پىششىقلاش زاۋۇتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاشلىق سىستېمىسى (قارىمىقىدىكى پىششىقلاش زاۋۇتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كۆنچىلىك، تېرە - يۇڭچىلىق، ئۇچەيچىلىك، مېۋە قېقى پىششىقلاش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق سىستېمىسى (مېتېئورولوگىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە، باسمىچىلىق، كىنو، قول سانائىتى ۋە شەھەر گۈزەللىكى قاتارلىق 24 خىل ئىش تۈرى بويىچە 26 كىلوگرام، 25 كىلوگرام، 24 كىلوگرام، 23.5 كىلوگرام، 23 كىلوگرام، 22.5 كىلوگرام، 22 كىلوگرام، 21 كىلوگرام، 20 كىلوگرام، 19 كىلوگرام، 18.5 كىلوگرام، 18 كىلوگرام، 17.5 كىلوگرام، 17 كىلوگرام، 16.5 كىلوگرام، 15.5 كىلوگرام، 15 كىلوگرام نورما بېكىتىلدى.

3 - تۈردىكىلەر: ئادەتتىكى ئاھالىلەر

ئورگان، تەشكىلات، كارخانىلاردىكى كادىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە باشقا ئاھالىلەر. 12 ياشتىن يۇقىرىلار چوڭلار ھېسابلىنىپ 15 كىلوگرام نورما بېكىتىلدى. 12 ياشتىن تۆۋەنلەر: 1 — 2 ياشقىچە بولغانلارغا 4 كىلوگرام، 2 — 5 ياشقىچە بولغانلارغا 8 كىلوگرام، 5 — 8 ياشقىچە بولغانلارغا 11.5 كىلوگرام، 8 — 12 ياشقىچە بولغانلارغا 13.5 كىلوگرام نورما بېكىتىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 16 كىلوگرام، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 16.5 كىلوگرام نورما بېكىتىلدى.

ئاشلىق تۈرلىرى %20 قارا ئاشلىق (كۆممىقوناق ئۇنى، ئاققوناق ئۇنى)، %80 ئاساسىي ئاشلىق (بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچ) بويىچە تەقسىملەندى. توققۇزتاراق بازىرىدا ھەر ئادەمگە (چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي) ھەر ئايدا 1.5 كىلوگرام گۈرۈچ بېكىتىلدى، باشقا رايون (ھازىرقى يېزا) لاردا بۇ ساندىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا - بازار ئاھالىلىرى ھەر ئايدا نورما ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەنگەندىن سىرت، يەنە 0.5 كىلوگرام ياغ بىلەن تەمىنلەندى. يېمەك - ئىچمەك كەسپىگە 50 كىلوگرام ئۇنغا %4 — %6لىك نىسبەت بويىچە ياغ بېرىلدى. بايرام كۈنلىرى بۇ نىسبەت مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

**2. شەھەر - بازارلاردىكى چارۋىلارنىڭ يەم - خەشەك ئۆلچىمى**

چارۋىلار شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكنىڭ سالمىقى بويىچە تۈرگە ئايرىلىپ نورما بېكىتىلدى:

1) يىل بويى ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان ھەربىر ئات، قېچىرنىڭ كۈنلۈك نورمىسى 1.5 كىلوگرام.

2) ئورگان ۋە ئادەتتىكى ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان ھەربىر ئات، قېچىرنىڭ كۈنلۈك نورمىسى بىر كىلوگرام.

3) ھەربىر تۆگىگە بىر يىلدا 8 ئايلا نورما بېرىلدى، ئايلىق نورمىسى 22.5 كىلوگرام بولدى.

4) ئېشەك يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەنمىدى، باشقا يەملەردىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىندى.

1970 - يىلى يەم - خەشەك ئۆلچىمى مۇنداق بېكىتىلدى: ئات، نەسىللىك كالىغا ھەر ئايدا 30 كىلوگرام، ئېشەككە 7.5 كىلوگرام يەم - خەشەك بېرىلىدىغان بولدى، يەم - خەشەك ئاساسلىقى كېپەك، چىگىت، كۈنجۈرىدىن ئىبارەت بولدى.

## § 4. ئامباردا ساقلاش

مىنگو دەۋرىدە ئېلىنىدىغان ئالۋان ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى دېھقانلار ناھىيە بازىرىدىكى ھۆكۈمەت ئامبىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق بولغان مۇش، ئاققاش، ئوپال، تاشمىلىقلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامىمغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئاشلىق يېقىن ئەتراپتا تاپشۇرۇلدى، 1954 - يىلى ناھىيە بازىرىغا يىراق بولغان جايلاردا دېھقانلارنىڭ ئامبارلىرى ۋە مەسچىتلەر ئارىيەت ئېلىنىپ ۋاقىتلىق ئاشلىق ئامبىرى قىلىندى. شۇ يىلى رايونلار ئارىيەتكە ئالغان دېھقان ئۆيى 12 كورپۇس، 80 ئېغىز بولۇپ، كۆلىمى 3200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 13 كورپۇس، 98 ئېغىز، 5800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 9 ئىدارىدە ئاشلىق بىر تەرەپ قىلىندىغان، كۆلىمى 2108 كۋادرات مېتىرلىق 9 ياغاچ لاپاس ۋە قاشالتىر لاپاس، 9 قۇرۇتۇش مەيدانى ياسالدى. 1955 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت مەبلەغ سېلىپ 759 توننا ئاشلىق سىغىدىغان 2 ئاشلىق ئامبىرى سالدى. 1958 - يىلى ئاۋات، بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ، لەڭگەر، بۇلاقسۇ، ئوپال قاتارلىق گۇڭشېلاردا ئامبار قۇرۇلدى ھەمدە تەدرىجىي باشقا گۇڭشېلاردىمۇ ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلدى، 1964 - يىلىغا كەلگەندە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئارىيەت ئېلىنمايدىغان بولدى.

1972 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاشلىق ئامبىرى سىناق نۇقتىسى قىلىنىپ، ناھىيىدىكى ئاشلىق پونكىتلىرىدا يەنە بىر تۈركۈم باداڭ سېلىندى. 1990 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە قۇرۇلغان دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى 97گە، ئىگىلىگەن كۆلىمى 23 مىڭ 339 كۋادرات مېتىرغا، ئىشلىتىلىدىغىنى 17 مىڭ 405 كۋادرات مېتىرغا، ئامبار سىغىمى 32 مىڭ 350 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 18 مىڭ 300 توننا ئاشلىق سىغىدىغان ئامبار ساق، 14 مىڭ 50 توننا ئاشلىق سىغىدىغان ئامبار بىراكقا چىقىرىلدى.

ئاشلىق ساقلاشتا «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس، مۇداپىئە ۋە تىزگىنلەشنى تەڭ تۇتۇش» فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىنىپ، كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى، «تۆتتىن خالىي» (مىتىدىن، كۆكىرىپ

قىلىشتىن، چاشقان - قۇچقاچتىن، ھادىسىدىن خالىي) ئاشلىق ئامبىرىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1975 - يىلى ناھىيە بويىچە كەسىپىي (قوشۇمچە) ئامبارچى 23كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك كەسپىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگىنى 15. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 80 - يىللاردىن ئىلگىرى گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئامبارچىلىرىنى يىلمۇ يىل قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىدى. 1974 - يىلىلا 6 گۈڭشېدا 595 ئامبارچى تەربىيىلەندى. ئامبارچىلىقتا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى چارىلەر قوللىنىلدى: 1) «تۆتتىن خالىي» پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. ساقلاش بۆلۈمچىسىدىكى خادىملار دائىرىگە ئايرىپ ھۆددىگە ئېلىپ، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم قايتا تەكشۈردى؛ 2) ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ ئامبارچىلىرىغا ئامبارلار بۆلۈپ بېرىلىپ ساقلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى (تۈزۈم بويىچە مۇكاپاتلاش، جازالاش) يولغا قويۇلدى؛ 3) زامانىۋى ساقلاش كەسپى — ئاشلىقنى سوغۇق ساقلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى؛ 4) ھەريىلى ئاشلىق ئامبارچىلىرى تەربىيىلەندى، ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق ئومۇميۈزلۈك ياكى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلدى، مەسىلە بايقالغاندا دەرھال ھەل قىلىندى، يېڭى ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئامبار بوشىتىلدى، ئېنىقلاندى ۋە تازىلىنىپ دېزىنفېكسىيە قىلىندى. 1964 - يىلى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى ناھىيە بويىچە بارلىق ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ %75.5نى ئىگىلىدى. 1985 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىغا ئىگە ناھىيە، دېگەن نامنى بېرىپ، 25 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بىلەن مۇكاپاتلىدى. 1987 - يىلى «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، مۇداپىئە ۋە تىزگىنلەشنى تەڭ تۇتۇش» فاڭجېنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلمىغانلىقى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەمچىل بولغانلىقى، خادىملار يېزىلارغا چۈشۈشنى خالىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاشلىقتا ئېغىر دەرىجىدە مىتە چۈشۈپ، باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن زىيان كۆرۈلدى. 1989 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى گەرچە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدە يەنە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىغا ئىگە ناھىيە، دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا «تۆتتىن خالىي» ئۆلچىمىگە يەتكەن ئاشلىق ئامبىرى %50نى، كېيىنكى يېرىم يىلدا بولسا %45نىلا ئىگىلىدى.

## 5 § . پىششىقلاش

### 1 . ئۇن تارتىش

1956 - يىلدىن بۇرۇن، ئاشلىق پىششىقلاشتا ھەر جايىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ يەرلىك ئۇسۇل قوللىنىلدى. ئۇن دۆلەت ۋە دېھقانلار باشقۇرغان سۇ تۈگمىنىدە تارتىلدى، شال سۇ سوقىسىدا ئاقلاندى. 1960 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە سۇ تۈگمىنى 707گە (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 93)، سۇ سوقىسى 132گە يەتكەن. 1961 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا كېيىگە 75 تونىنا ئۇن تارتالايدىغان ئېلېكترلەشكەن كىچىك ئۇن زاۋۇتىدىن بىرى قۇرۇلدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا زامانىۋى ئۇن زاۋۇتىدىن يەنە بىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 6 كىچىك پولات تۈگمەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كېيىگە 125 تونىنا ئۇن تارتىلدى. 1975 - يىلدىن كېيىن، گۈڭشېلاردا كەينى - كەينىدىن كىچىك ئۇن زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ يېزىلاردىكى سۇ تۈگمىنى، سۇ سوقىسى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

### 2 . ياغ تارتىش

1957 - يىلدىن بۇرۇن ياغلىق دان توختام شەكلىدە يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە ھاۋالە

قىلىنىپ جۇۋازدا تارتىلاتتى. 1957 - يىل 11 - ئايدا پاختىكىلدە قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ياغ زاۋۇتى ئۆتكۈزۈۋېلىندى، كېيىن بۇ زاۋۇت ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى، ئايدا 2 توننا ياغ تارتتى. شۇ يىلى 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن بىر يۈرۈش سېتىۋېلىنىپ، پاختىكلە ياغ زاۋۇتى ناھىيە بازىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. 1978 - يىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسى قارىمىقىدىكى قەشقەر ياغ زاۋۇتىنىڭ پۈتۈن ئۈسكۈنە ۋە ئادەملىرى مەزكۇر ناھىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ئارقىلىق، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. 1984 - يىلى 987 توننا ياغ تارتىلدى، 157.1 توننا كۆنجۈرە ئېلىندى.

## § 6. ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

1981 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كەسپىنى پائال يولغا قويۇپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە قاتنىشىشى لازىم» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش شىركىتى قۇرۇلۇپ، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق دان، ياغ مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق - ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى كەسپى يولغا قويۇلدى، ئۇلارنىڭ تىجارەت پائالىيىتى ناھىيە تەۋەسىدىن ھالقىپ كەتتى. شىركەتتە دەسلەپتە 4 ئادەم بار ئىدى، 1985 - يىلى ئادەم 9 غا يەتتى.

1981 - يىلى 751.65 توننا ئاشلىق (ناھىيە ئىچىدىن 415.1 توننا، ناھىيە سىرتىدىن 344.55 توننا)، 2.45 توننا كېپەك، 40.05 توننا ياغ مەھسۇلاتى، 369.55 توننا ياغلىق دان، 4.1 توننا كۆنجۈت سېتىۋېلىندى؛ 675.65 توننا ئاشلىق، 2.35 توننا كېپەك، 29.1 توننا ياغ مەھسۇلاتى، 0.15 توننا خاسىڭ، 357.15 توننا گازىر، 0.3 توننا كۆنجۈت سېتىلدى. 1985 - يىلى 511.65 توننا ئاشلىق، 53.3 توننا ئاشلىق - ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتى، 17.75 توننا ياغ مەھسۇلاتى سېتىۋېلىندى؛ 17.5 توننا قوشۇمچە يېمەكلىك، خاسىڭ، گازىر سېتىۋېلىندى؛ 653.45 توننا ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە سىرتىدا سېتىلغىنى 2.75 توننا)، 45.7 توننا ياغ مەھسۇلاتى، 8.5 توننا قوشۇمچە يېمەكلىك سېتىلدى.

# XIII باب

# مالىيە، باج

ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلار غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھۇنلارغا تەۋە بولۇپ، ھۇنلار غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان چاكارلار كامىبېگى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى، چاكارلار كامىبېگىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بەگلىكلەردىن باج يىغىش ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلار سۇلى (قەشقەر) تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئايماقلاردا دەپتەرخانا، ھۆكۈمەت ئامبىرى تەسىس قىلىنىپ، پۇل بىلەن ئاشلىق مەخسۇس باشقۇرۇلدى. سوڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھازىرقى ناھىيە تەۋەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق جايلىرى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى، قاراقىتان، چاغاتاي خانلىقلىرى بۇ يەرنى مۇھىم باج مەنبەسى قىلىپ، مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن ئەمەلدار تۇرغۇزدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ياركەنت خانلىقى زامانىسىدا بەگلىك تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلىپ،

مۇكەممەللەشتى، باج بىلەن غەللە - پاراقنى باشقۇرۇش ئىنچىكە ئايرىلىپ، ئۇلارنى باشقا - باشقا بەگلەر مەخسۇس باشقۇردى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، يەنىلا بەگلىك تۈزۈمى داۋاملاشتى، لېكىن پۇل، ئاشلىق، باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى ھۆكۈمەت بۇيرۇق بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان بولدى. خەزىنىچى بەگ، سودا بېگى، باج بېگى قويۇلدى، ئۇلار پۇل، ئاشلىق، باج ئىشلىرىنى باشقۇردى. پۇل، ئاشلىق، چارۋا، رەخت قاتارلىقلار باشقۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۇلدىن رەسمىي سېلىق پۇلى، ئېشىنچا ئاشلىقنى باھاغا سۇندۇرۇش پۇلى، پاختىنى باھاغا سۇندۇرۇش پۇلى، زاراڭزىنى باھاغا سۇندۇرۇش پۇلى، بەگلەرنى بېقىش پۇلى، ئۆلگەن چارۋا تېرىسى باھاسىنىڭ ئۆزگىرىش پۇلى، ئۆي ئىجارىسى زېمىن پۇلى، ئامباردا ساقلانغان تاۋار - دۇردۇن باھاسىنىڭ ئۆزگىرىش پۇلى، تاۋار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن يىغىلغان پۇل قاتارلىقلار؛ ئاشلىقتىن رەسمىي پاراق، پارچە - پۇرات ئېشىنچا ئاشلىق، يەر ئىجارىسى ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان، خەزىنىگە كىرىدىغان ئاشلىق قاتارلىقلار؛ چارۋىدىن باج ئۈچۈن ئېلىنغان قوي، كالا، تۇغۇلغان ئوغلاق - پاقلان، موزايلاردىن ئايرىۋېلىنغىنى قاتارلىقلار؛ رەختتىن ئېشىنچا ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆزگەرگەن قىسمىغا سۇندۇرۇپ ئېلىنغان رەخت، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سېلىق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ئېلىنغان رەخت، باج پۇلى ئىچىدە سېتىلغان رەخت قاتارلىقلار بار ئىدى.

تۇڭجى 4 - يىلى (1865 - يىلى) قوقاننىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمنى يولغا قويدى، باج - سېلىقنى كۆپەيتتى، باج ئۆلچىمى تۇراقسىز بولدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا ناھىيىدە ئۆشرە - زاكات، تاناپ (يەر ئۆلچەش بېجى)، سامان پۇلى، خىراج، تارەك (مىراس بېجى)، قورال بېجى (ھەربىي قىسىملارنى تەمىنلەش بېجى)، كەپسەن (خامانغا كەلگەن ئاجىز - ئورۇقلارغا بېرىلىدۇ)، شۇنىڭدەك، يەنە باشقا باج - سېلىقلار بار ئىدى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ساقچىلىق سېلىقى ئېلىناتتى.

گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بەگلىك تۈزۈمى تەدرىجىي بىكار قىلىندى. كېيىنكى يىلى (1884 - يىلى) ناھىيە تەۋەسىدە مو سانىغا قاراپ يەر بېجى ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دېھقانلار ئائىلىسى تىزىملىنىپ، يەرلەر ئۆلچىنىپ، يەر خېتى تۇرغۇزۇلۇپ، يەر بېجى (دېھقانچىلىق بېجى) ئېلىنىشقا باشلىدى. 1 - دەرىجىلىك يەردىن ھەرموسىغا 3 شىڭ، 2 - دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەرموسىغا 2 شىڭ، 3 - دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا 1.5 شىڭ ئاشلىق باج ئېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھسۇلاتنىڭ 10 دىن بىر ئۈلۈشى بويىچە ئۆشرە، چارۋىنىڭ 40 تىن بىر ئۈلۈشى بويىچە زاكات ۋە تۇز، ئوتۇن - سامان، جامائەت پاراۋانلىقى، سۇچىلىق بېجى ئېلىندى.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) مالىيە كىرىمىگە كىرگۈزۈلگەن باج تۈرلىرى مۇنۇلار: يەر بېجى، زېمىن بېجى، يەر خېتى بېجى، بىدىك بېجى، تۇياق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، قان بېجى، ئۈزۈم - پاختا بېجى، باغ بېجى، ئوت - سامان سېلىقى، تارازا بېجى، چارۋا بىدىكى بېجى، تېرە بېجى، كۆمۈركان بېجى، ياپما بېجى، ئوت - سامان بېجى، ئورمان بېجى، ئىستېمال بېجى، تۇز بېجى، ماركا بېجى، تاماكا - ھاراق بېجى ۋە باشقىلار. كېيىن يەنە مىراس بېجى، يەر باھاسى بېجى، يەر قوشۇلما قىممەت بېجى، تۇگمەن بېجى، بازار بېجى، كۆۋرۈك بېجى قاتارلىقلار قوشۇلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر بېجى نىزامنامىسى» دا قەشقەرنىڭ ناھىيىلىرىدە 1 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەرموسىدىن 4 شىڭ، 2 - دەرىجىلىك يەردىن 3 شىڭ، 3 - دەرىجىلىك يەردىن 2 شىڭ بۇغداي ئېلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى يەر خېتى بېجى زېمىن ساتقان، زېمىن ئىگىلىگەن، زېمىننى كۆپەيتكەنلەردىن زېمىن باھاسىنىڭ %15ى بويىچە، زېمىننى گۆرۈگە قويغانلاردىن باھانىڭ %10ى بويىچە، زېمىن ئالماشتۇرغان، زېمىننى بۆلۈشكەنلەردىن زېمىن باھاسىنىڭ %6ى بويىچە باج ئېلىندى. ئۆي ئىجارىسى بېجى: شەھەر، بازارلاردىكى تىجارەتچىلەر ۋە ئاھالىلەردىن ئايلىق ئىجارە ھەققىنىڭ %10ى بويىچە باج ئېلىندى؛ زىيابەت بېجى: تولۇق

جوزىلىق زىيابەت بەرگەن بولسا، زىيابەت باھاسىنىڭ %20ى بويىچە، ئادەتتىكى تاماق بىلەن مېھمان قىلغان بولسا، تاماق باھاسىنىڭ %15ى بويىچە باج ئېلىنىدى. كېيىنكى يىلى سېتىلغان چارۋىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن قەتئىي نەزەر باھاسىنىڭ %6ى بويىچە باج ئېلىش بەلگىلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مالىيىسىنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى بىر تۇتاش ھېسابات قىلىپ، بىر تۇتاش كىرىم - چىقىم قىلدى. ئەينى چاغدا مالىيە كىرىمىنىڭ دائىرىسىگە دېھقانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، يەر خېتى بېجى، ئىجارە پۇلى، قائىدە - يوسۇن خىراجىتى كىرەتتى، بۇلارنى ناھىيىلىك مالىيە يىغىۋالاتتى؛ سودا - سانائەت بېجىنى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى يىغاتتى. 1954 - يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1957 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە خام چوتى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مالىيە چىقىمى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، ئەمما رايونلارغا ئايرىلىشتا ئۆزگىرىش بولۇپ، باج مەنبەسى ئازىيىپ كەتكەچكە، مالىيە كىرىمى ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. 1957 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە خام چوتى تەسىس قىلىنغاندىن تارتىپ، 1985 - يىلغىچە بولغان 29 يىلدا، دۆلەت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە 125 مىليون 846 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى. بۇ، ناھىيىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى 192 مىليون 971 مىڭ يۈەن مالىيە كىرىمىنىڭ %4 .65نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇ مەزگىلدە ناھىيىنىڭ ھەر يىللىق كىرىمى ئىزچىل 2 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 1957 - يىلدىكى %82 .117 تىن، 1985 - يىلغا كەلگەندە %16 .12كە چۈشۈپ قالدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە دۆلەت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە مالىيىدىن 111 مىليون 800 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى، بۇ، ناھىيىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى 137 مىليون 40 مىڭ يۈەن مالىيە كىرىمىنىڭ %58 .81نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇ مەزگىلدە ناھىيىنىڭ ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 4 مىليون 175 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى. 1990 - يىلى ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى %11 .26 بولۇپ، 1985 - يىلدىكى %16 .12تىن بىر ئاز يۇقىرى ئۆرلىدى.

## § 1 . مالىيە

### 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 2 - بۆلۈم (مالىيە بۆلۈمى) تەسىس قىلىنىدى، بۇ بۆلۈم مالىيە كەسپىنى باشقۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مالىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 8 كادىرى بار ئىدى. 1953 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مالىيە بۆلۈمىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى خام چوت، مالىيە، دېھقانچىلىق بېجى، ئومۇمنىڭ مۈلكى، مەمۇرىيەت، رېۋىزىيە قاتارلىق مەزمۇنلارغا بۆلۈندى. 1956 - يىلى كادىرى 14كە يەتتى. 1958 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مالىيە بۆلۈمى بىلەن باج ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مالىيە - باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارە قارمىقىدا كاتىبات، باج، خام چوت، بوغالتىرىيە بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلدى، شتاتى 23كە يەتتى. رايونلاردا باج پونكىتى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى مالىيە بىلەن باج ئايرىلىپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ مالىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، خام چوت - بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، گۇڭشې مالىيىسى بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، كارخانا مالىيىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بېجى، جامائەت مۈلكى بويىچە مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مالىيە ئاپپاراتلىرى زەربىگە ئۇچرىدى، 1967 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى مالىيە

گورۇپپىسى قۇرۇلدى، 1969 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گورۇپپىسىنىڭ مالىيە گورۇپپىسى قۇرۇلدى. 1971 ـ يىل 7 ـ ئايدا مالىيە بىلەن باج 2 ـ قېتىم قوشۇۋېتىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك «مالىيە ـ باج ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گورۇپپىسى» قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا خام چوت، كارخانا مالىيىسى، باج يىغىش ـ پايدىنى نازارەت قىلىش، كاتىبات گورۇپپىلىرى قۇرۇلدى، 28 كادىر بار بولدى. 1973 ـ يىلى مالىيە، باج ئاپپاراتلىرى يەنە بىر قېتىم ئايرىلىپ، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا خام چوت، كارخانا مالىيىسى، رېۋىزىيە، يېزا مالىيىسى ۋە ئىشخانىدىن ئىبارەت 4 بۆلۈمچە، بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1980 ـ يىلى مالىيە ئىدارىسى مالىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى مالىيە ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 34كە يەتتى.

1950 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە رايونلاردا بىر نەپەردىن مالىيە ـ ئاشلىق ياردەمچى خادىمى قويۇلغانىدى، 1954 ـ يىلى مالىيە خادىمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، مەمۇرىي رايونلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ، رايونلار گۇڭشېغا، گۇڭشېلار يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندىمۇ گۇڭشې (يېزا) لاردا مالىيە خادىمى قويۇلدى.

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مالىيە ئىدارىسى قارمىقىدا خام چوت بۆلۈمچىسى، كارخانا مالىيىسى بۆلۈمچىسى، دېھقانچىلىق بېجى بۆلۈمچىسى، يېزا مالىيىسى بۆلۈمچىسى، مەمۇرىيەت مالىيىسى بۆلۈمچىسى، ئۇنىۋېرسال بۆلۈمچە، مەمۇرىي بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى ۋە 1988 ـ يىل 8 ـ ئايدا قۇرۇلغان ناھىيىلىك مالىيە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى (سىرتقا نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىل، ئىچكى جەھەتتە بۆلۈمچە، ئىشخانا دەرىجىلىك ئورۇن، 3 شتاتى بار) ، 1989 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئىدارىسى (مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇن، 7 شتاتى بار) ، 12 مالىيە پونكىتى (18 يېزا ـ بازارنىڭ 6 سىدە پونكىت قۇرۇلمىغان، رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 23) ئۇنىڭغا قارايدىغان بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 66 (مەمۇرىي شتاتتىكىسى 22، كەسپىي شتاتتىكىسى 44) گە يەتتى.

## 2. مالىيە تۈزۈلمىسى

مىنگو دەۋرىدە مالىيە باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ، پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، ناھىيىلىك مالىيىنىڭ كىرىمى چىقىمنى قاپلىيالماي، فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مالىيە تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى، مالىيىنىڭ بارلىق كىرىم ـ چىقىم تۈرلىرى، كىرىم ـ چىقىم تەرتىپى، باج تۈزۈمى، تەمىنلەش ئۆلچىمى، خادىملار شتاتى قاتارلىقلارنى ئۆلكىلەر بىر تۇتاش بەلگىلەيدىغان بولدى. ئەينى چاغدا كىرىم ـ چىقىم 2 لىنىيە بويىچە مېڭىپ، ناھىيىنىڭ كىرىمى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلاتتى، چىقىم يۇقىرىدىن بۆيرۈپ بېرىلەتتى. 1954 ـ يىلى مالىيە تۈزۈلمىسى «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش» ئاساسىدا ھېسابىنى يۇقىرىغا يوللاشقا ئۆزگەرتىلدى. ئەڭ دەسلەپكى ھۆججەتلەرنى ۋالىي مەھكىمىسىگە تەكشۈرۈشكە يوللاش چارىسى جەدۋەل ئارقىلىق مەلۇمات يوللاپ تەكشۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى. 1957 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە مالىيە خام چوتى تۈرغۇزۇلدى. 1958 ـ يىلى «كىرىمگە قاراپ چىقىمنى بېكىتىش تۈزۈلمىسى» ، «كىرىم چىقىمدىن كۆپ بولسا يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، چىقىم كىرىمدىن كۆپ بولسا قوشۇمچە ياردەم بېرىش» چارىسى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە ئىچىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف، ئاشلىق، تېببىي دورا كارخانىلىرى ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، كىرىم ـ چىقىم ناھىيىگە مەنسۇپ بولدى. 1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە مالىيە خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1960 ـ يىلى ئاپتونوم رايون پوچتا ـ تېلېگراف، ئاشلىق، تېببىي دورا قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ناھىيىدىن قايتۇرۇۋالدى. 1963 — 1965 ـ يىللىرىچە مالىيە باشقۇرۇشتا «كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭ بولۇش، بىر ئاز تېجەش» تەلەپ

قىلىندى. بىر نەچچە يىللىق تەڭشەش ئارقىلىق، مالىيە تۈزۈلمىسى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بۇ ئەندىزە يەنە بۇزۇپ تاشلىنىپ، مالىيە تۈزۈلمىسىدە «كىرىمگە قاراپ چىقىمنى بېكىتىش، كىرىم چىقىمدىن كۆپ بولسا يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، چىقىم كىرىمدىن كۆپ بولسا قوشۇمچە ياردەم بېرىش» چارىسى قوللىنىلدى. 1975 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كىرىم 1965 ـ يىلدىكىدىن %26.5 تۆۋەنلەپ، چىقىم %65.83 كۆپەيدى. 1978 ـ يىلى «كىرىم ـ چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئومۇمىي سومما بويىچە ھېسابلاش، ئارتۇقىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، يەتمىسە تولۇقلاپ بېرىش، بىر يىلدا بىر قېتىم بېكىتىش» تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. قەشقەر ۋىلايىتى مالىيە كىرىم ـ چىقىم ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇرغان كىرىمنى 4تە 6 ئۈلۈش بويىچە تەقسىملەپ، %40نى ۋالىي مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇش، %60نى ناھىيىگە قالدۇرۇشنى يولغا قويدى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون «كىرىم ـ چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرىجە بويىچە ھۆددىگە بېرىش، ئاشقان قىسمىدىن پىرسەنت ئايرىش، كىرىم ـ چىقىمنى يىلدا بىر قېتىم بېكىتىش»تىن ئىبارەت دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1979 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يۇقىرىغا يوللىغان كىرىم ـ چىقىمنى ئاساس سان قىلىپ، ھۆددىگە بېرىلىدىغان كىرىم ـ چىقىمنى ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان ئاساس ساننى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، كىرىمنىڭ ئاشقان قىسمىدىن %40نى ۋىلايەتكە تاپشۇرۇش، %60نى ناھىيىگە قالدۇرۇشنى مۇقىملاشتۇردى. 1980 — 1990 ـ يىللىرىچە مالىيىدە «باج تۈرىنى ئايرىش، كىرىم ـ چىقىمنى تەكشۈرۈپ، بېكىتىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش، ئاساس ساننى مۇقىم ھۆددىلەش»تىن ئىبارەت مالىيە تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سودا ـ سانائەت بېجى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى يىلدىن ـ يىلغا ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خادىملارنىڭ كۆپىيىشى ۋە يېڭى سىياسەت سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان چىقىملارنى قاپلىيالمىدى، مالىيىدە قىزىل رەقەم بارغانسېرى كۆپەيدى، مالىيىنىڭ %80تىن ئارتۇق چىقىمىدا دۆلەتكە تايىنىشقا توغرا كەلدى.

## 3. مالىيە كىرىمى

مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشى ۋە پارتىيە سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، ناھىيىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى مالىيە كىرىم مەنبەسى ئانچە ئوخشاپ كەتمىدى. 1952 ـ يىلى ناھىيە قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى سودا ـ سانائەت بېجىنىڭ سالمىقى زور ئىدى. 1950 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بېجى ئومۇمىي كىرىمنىڭ %85.93نى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى %2.7نى، باشقا كىرىملەر %11.37نى ئىگىلىگەنىدى. 1951 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بېجى %65نى، دېھقانچىلىق بېجى %26.82نى، باشقا كىرىملەر %8.18نى ئىگىلىدى. 1952 ـ يىلى ناھىيە قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرگە تەۋە بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ سودا ـ سانائەت بېجى كېمىيىپ كەتتى. 1954 ـ يىلى ناھىيىنىڭ سودا ـ سانائەت بېجى %30.97نى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى %53.60نى، باشقا كىرىملەر %15.43نى ئىگىلىدى. 1955 ـ يىلى كۈزدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورۇنلار يېڭى ناھىيە بازىرى قىلىنغان توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، سودا ـ سانائەت بېجىنىڭ مالىيە كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تېز كېمىيىپ كەتتى. 1957 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە بەرپا قىلىنىدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى 1950 ـ يىلدىكى %2.7تىن %54.38كە كۆتۈرۈلدى، سودا ـ سانائەت بېجى 1950 ـ يىلدىكى %85.95تىن %40.25كە چۈشۈپ قالدى. 1960 ـ يىلى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى مالىيە

كىرىمنىڭ %58.02 گە كۆتۈرۈلدى، سودا ـ سانائەت بېجى مالىيە كىرىمىنىڭ %29.21 گە چۈشۈپ قالدى، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ كىرىمى %10.17نى، باشقا كىرىملەر %2.6نى ئىگىلىدى. 1981 ـ يىلى دېھقانچىلىق بېجى سىياسىتى تەڭشىلىپ، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى كىشى بېشىغا 40 يۈەندىن توغرا كەلمەيدىغان نامرات ئەترەتلەردىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىندى، دېھقانچىلىق بېجى كىرىمىنىڭ نىسبىتى 1980 ـ يىلدىكى %59.52تىن %12.92كە چۈشۈپ قالدى. 1983 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى يەنە مالىيە كىرىمىنىڭ %55.82نى ئىگىلىدى.

1957 ـ يىلى مالىيە خام چوتى ئورنىتىلغاندىن تارتىپ 1985 ـ يىلغىچە مالىيە كىرىمىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى %34.79نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ناھىيە كىرىمىنىڭ (دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردەم كىرىمى بۇنىڭ سىرتىدا) %60.93نى (سالمىقى ئەڭ زور بولغان 1970 ـ يىلى %74.83نى) ئىگىلىدى. سودا ـ سانائەت بېجى %36نى، باشقا كىرىم %3.07نى ئىگىلىدى. ناھىيىگە قاراشلىق سانائەت ـ قاتناش، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ۋە سودا قاتارلىق كارخانىلار 1969 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئاساسەن ئاز ـ تولا ئېشىنلاتتى؛ 1970 — 1985 ـ يىلغىچە 1977 ـ ۋە 1979 ـ يىللىرىدىن باشقا يىللاردا ئۇدا زىيان تارتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل كىرىم 24 مىليون 227 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قوشۇمچە ياردەم بەرگىنى 20 مىليون 789 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %85.81نى، ناھىيىنىڭ ئۆزىنىڭ كىرىمى (دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردىمى بۇنىڭ سىرتىدا) 2 مىليون 794 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %11.53نى ئىگىلىدى. 36 يىلدىن بۇيان (1950 — 1985 ـ يىلغىچە) ناھىيە بويىچە مالىيە كىرىمى 203 مىليون 915 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بەرگەن قوشۇمچە ياردەم 121 مىليون 686 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەخمىنەن %59.67نى؛ ناھىيىنىڭ ئۆزىنىڭ كىرىمى 82 مىليون 229 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەخمىنەن %40.33نى ئىگىلىدى.

1990 ـ يىلى ناھىيىلىك مالىيىنىڭ كىرىمى 7 مىليون 263 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سانائەت بېجى %70.85نى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى %12.5نى، باشقا كىرىم %16.64نى ئىگىلىدى. 1986 — 1990 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك مالىيىنىڭ كىرىمى 20 مىليون 869 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سانائەت بېجى %75.9نى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى %19نى، باشقا باجلار %5.1نى ئىگىلىدى. 5 يىلدا دۆلەت ناھىيىلىك مالىيىگە 111 مىليون 800 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى. بۇ ناھىيە بويىچە مالىيە كىرىمىنىڭ %81.6نى ئىگىلىدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1950 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىمى**

ئىقتىساد: 13 — 1 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | 1. ھەرخىل باج: سودا ـ سانائەت باجلىرى | 1. ھەرخىل باج: دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى | 1. ھەرخىل باج: بۇنىڭدىن: چارۋىچىلىق بېجى | 1. ھەرخىل باج: جەمئىي | 2. كارخانا كىرىمى | 3. باشقا كىرىم | شۇ يىللىق كىرىم | دۆلەت قوشۇمچە ياردىمى كىرىمى | ئالدىنقى يىلنىڭ قالدۇقى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 44.6 | 1.4 | | 46 | | 5.9 | 51.9 | -4.4 | | 47.5 |
| 1951 | 96.2 | 39.7 | | 135.9 | | 12.2 | 148.1 | -89.3 | | 58.8 |
| 1952 | 176.9 | 157 | | 333.9 | | 13 | 346.9 | 0 | | 346.9 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 108.2 | | -305.4 | 413.6 | 12.4 | | 401.2 | | 130.9 | 270.3 | 1953 |
| 173.7 | | 0 | 173.7 | 26.8 | | 146.9 | 2.1 | 93.1 | 53.8 | 1954 |
| 217.5 | | 0 | 217.5 | 17.4 | | 200.1 | 1.6 | 102.9 | 97.2 | 1955 |
| 150.9 | | -16.9 | 167.8 | 11.5 | | 156.3 | 1.8 | 78.6 | 77.7 | 1956 |
| 208.9 | | 0 | 208.9 | 11.2 | | 197.7 | 1 | 113.6 | 84.1 | 1957 |
| 233.7 | | -28.6 | 262.3 | 14.3 | | 248 | 1.1 | 179.9 | 68.1 | 1958 |
| 292.4 | 37.4 | 18.5 | 236.5 | 3.5 | 5.7 | 227.3 | 4.4 | 156.9 | 70.4 | 1959 |
| 327.3 | 43.5 | 7.5 | 276.3 | 7.2 | 28.1 | 241 | 4 | 160.3 | 80.7 | 1960 |
| 230.9 | 4.9 | 39.5 | 186.5 | 1.1 | 11.1 | 174.3 | 3.7 | 106.2 | 68.1 | 1961 |
| 336.1 | 0 | 157 | 179.1 | 5 | 1.3 | 172.8 | 3.9 | 100.3 | 72.5 | 1962 |
| 351.9 | 12.1 | 158.2 | 181.6 | 3.9 | 6.7 | 171 | 3 | 105.2 | 65.8 | 1963 |
| 447.3 | 8.4 | 250 | 188.9 | 4.1 | 5 | 179.8 | 3.2 | 110.3 | 69.5 | 1964 |
| 614 | 59.9 | 324.1 | 230 | 6.1 | 5.7 | 218.2 | 3.5 | 135.2 | 83 | 1965 |
| 473.8 | 41.3 | 227.4 | 205.1 | 10.8 | 3.1 | 191.2 | 3.5 | 124 | 67.2 | 1966 |
| 546.2 | 20.2 | 294.7 | 231.3 | 9.3 | 12.2 | 209.8 | 3.6 | 153.4 | 56.4 | 1967 |
| 444.2 | 4.4 | 232.1 | 207.7 | 7.2 | 7.4 | 193.1 | 3.6 | 142.7 | 50.4 | 1968 |
| 465.5 | 33.8 | 227.9 | 203.8 | 4.4 | 10.4 | 189 | 3.3 | 141 | 48 | 1969 |
| 477 | 54.1 | 231 | 191.9 | 2.8 | -2 | 191.1 | 3.1 | 145.1 | 46 | 1970 |
| 420.4 | 39.2 | 204.2 | 177 | 5.3 | -14.1 | 185.8 | 3 | 134.8 | 51 | 1971 |
| 549.4 | 126.6 | 268.5 | 154.3 | 12.7 | -25.9 | 167.5 | 2.7 | 120.7 | 46.8 | 1972 |
| 518.6 | 73.2 | 300.1 | 145.3 | 3.7 | -35.5 | 177.1 | 2.7 | 130 | 47.1 | 1973 |
| 576.1 | 93.7 | 350.6 | 131.8 | 3.3 | -42.8 | 171.3 | 2.4 | 118.1 | 53.2 | 1974 |
| 675 | 47 | 459 | 169 | 1.9 | -8.4 | 175.5 | 1.9 | 114.5 | 61 | 1975 |
| 672.4 | 57 | 507.9 | 107.5 | 3.1 | -21.4 | 125.8 | 1.8 | 76.9 | 48.9 | 1976 |
| 833.9 | 65.4 | 614.1 | 154.4 | 4.4 | 18.8 | 131.2 | 1.9 | 71.7 | 59.5 | 1977 |
| 797.8 | 33.3 | 625.2 | 139.3 | 7.7 | -11.2 | 142.8 | 2.1 | 87 | 55.8 | 1978 |
| 776.9 | 37.3 | 606.7 | 132.9 | 4.5 | 9.4 | 119 | 2.5 | 50.2 | 68.8 | 1979 |
| 890 | 47.4 | 706.5 | 136.1 | 3.6 | -11.8 | 144.3 | 0.3 | 81.7 | 62.6 | 1980 |
| 852.8 | 70.7 | 720.3 | 61.8 | 3.1 | -9.4 | 68.1 | 0.2 | 9.2 | 58.9 | 1981 |
| 916.1 | 46.9 | 732.1 | 137.1 | 3 | -3.4 | 137.5 | 0.2 | 69.8 | 67.7 | 1982 |
| 1396 | 60.1 | 1094.4 | 241.5 | 3.2 | -4.7 | 243 | 0.3 | 134.8 | 108.2 | 1983 |
| 1489.6 | 116.8 | 1176.8 | 196 | 4.1 | -73.4 | 265.3 | 0.3 | 144.3 | 121 | 1984 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 138.7 | 132.4 | | 271.1 | -5.7 | 14 | 279.4 | 2078.9 | 64.4 | 2422.7 |
| 1986 | 173.2 | 86.3 | | 259.5 | | -9.9 | 249.6 | 2383 | 114 | 2746.6 |
| 1987 | 207.6 | 84.1 | | 291.7 | | -54.6 | 237.1 | 2181 | 180 | 2598.1 |
| 1988 | 257.5 | 47.7 | | 305.2 | | -31.4 | 273.8 | 2243 | 154 | 2670.8 |
| 1989 | 432 | 87.7 | | 519.7 | | 80.4 | 600.1 | 2160 | 69 | 2829.1 |
| 1990 | 514.6 | 90.8 | | 605.4 | | 120.9 | 726.3 | 2213 | -79 | 2860.3 |

## 4. مالىيە چىقىمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئاساسىي قۇرۇلۇش، مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مالىيە چىقىمى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 1950 - يىلى 32 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %7.6نى ئىگىلىدى؛ 1985 - يىلى 8 مىليون 427 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %78.34نى ئىگىلەپ، 1950 - يىلدىكىدىن 262.34 ھەسسە ئاشتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 1955 - يىلى 640 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %94.2نى ئىگىلىدى؛ 1985 - يىلى 2 مىليون 841 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %72.11نى ئىگىلىدى؛ بۇ، 1955 - يىلدىكىدىن 43.39 ھەسسە ئاشتى. مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى جەھەتتە، 1950 - يىلى 441 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %84.92نى ئىگىلىدى؛ 1985 - يىلى 3 مىليون 254 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %43.13نى ئىگىلەپ، 1950 - يىلدىكىدىن 38.6 ھەسسە ئاشتى. نەپىقە، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئۈچۈن 1950 - يىلى 2000 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %4.0نى ئىگىلىدى؛ 1982 - يىلى 188 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %05.2نى ئىگىلەپ، 1950 - يىلدىكىدىن 93 ھەسسە كۆپەيدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىتىش خىراجىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، 1985 - يىلى 6 مىليون 980 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ %8.28نى ئىگىلەپ، 1982 - يىلدىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتىدىن 1.36 ھەسسە كۆپەيدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن 1968 — 1985 - يىلغىچە 8 مىليون 755 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 486 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1977 - يىلى ئەڭ كۆپ چىقىم قىلىنىپ، 1 مىليون 654 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1985 - يىلى نىسبەتەن ئاز چىقىم قىلىنىپ، چىقىم 100 مىڭ يۈەن بولدى. 1950 — 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چىقىم 168 مىليون 254 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 63 مىليون 48 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) %47.37نى ئىگىلىدى؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 36 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %75.21نى ئىگىلىدى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي خىراجىتى 34 مىليون 101 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27.20نى ئىگىلىدى؛ نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى 11 مىليون 582 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %89.6نى ئىگىلىدى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 8 مىليون 755 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ %2.5نى ئىگىلىدى؛ سانائەت - قاتناش - سودىغا سەرپ قىلىنغىنى 1 مىليون 184 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.0نى ئىگىلىدى؛ 5 كىچىك كارخانا ۋە 3 تۈرلۈك تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 1 مىليون 66 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %63.0نى ئىگىلىدى؛ باشقا

خىراجەتلەر 11 مىليون 925 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.09نى ئىگىلىدى.

1985 - يىلدىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مالىيە چىقىمى «بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئەترابلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە ئىشلىتىش» پرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاساسىي جەھەتتىن يىلمۇ يىل كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ - سەھىيە كەسپىي خىراجىتى ئۆچۈن، 1986 - يىلى 9 مىليون 374 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ مالىيە چىقىمىنىڭ %37.46نى ئىگىلىدى؛ 1990 - يىلى 13 مىليون 383 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ مالىيە چىقىمىنىڭ %42.59نى ئىگىلەپ، 1986 - يىلدىكىدىن %42.76 ئاشتى؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن 1986 - يىلى 4 مىليون 523 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ مالىيە چىقىمىنىڭ %17.65نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلى 5 مىليون 230 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ مالىيە چىقىمىنىڭ %16.65نى ئىگىلەپ، 1986 - يىلدىكىدىن %16 ئاشتى؛ 1986 — 1990 - يىلغىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن 3 مىليون 238 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1987 - يىلى چىقىم ئەڭ كۆپ بولۇپ، 1 مىليون 12 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1990 - يىلى چىقىم ئەڭ ئاز بولۇپ، 3000 يۈەن بولدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1950 — 1990 - يىلغىچە بولغان مالىيە چىقىمى**

ئىقتىساد: 13 — 2 - جەدۋەل    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| جەمئىي چىقىم | شۇ يىللىق قالدۇق ۋە باشقىلار | يۇقىرىنىڭ ھېساباتىغا ئاغدۇرۇلغان چىقىم | شۇ يىللىق جەمئىي چىقىم | باشقا چىقىم | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى | مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى | 5 كىچىك كارخانا ۋە 3 تۈرلۈك تېخنىكا خىراجىتى | سانائەت - قاتناش، سودا چىقىمى | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق چىقىمى | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغ | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 47.5 | | | 47.5 | | 44.1 | 0.2 | 3.2 | | | | | 1950 |
| 58.7 | | | 58.7 | | 52 | 0.2 | 6.5 | | | | | 1951 |
| 347.4 | | 271.1 | 76.3 | 10 | 47 | 1.5 | 17.8 | | | | | 1952 |
| 108.7 | | | 108.7 | | 64.3 | 2.7 | 41.7 | | | | | 1953 |
| 173.7 | | 58.3 | 115.4 | | 69.8 | 2.7 | 42.9 | | | | | 1954 |
| 217.5 | | 75.1 | 142.4 | | 81.5 | 3.2 | 51.3 | | | 6.4 | | 1955 |
| 184.7 | | | 184.7 | | 81.2 | 6.4 | 71.7 | | 12 | 13.4 | | 1956 |
| 208.9 | | 31.6 | 177.3 | 1.3 | 81.6 | 3.3 | 75.1 | | | 16 | | 1957 |
| 233.7 | 37.4 | | 196.3 | 0.3 | 71.1 | 2.9 | 82.1 | | 13.5 | 26.4 | | 1958 |
| 292.4 | 39.7 | 16.9 | 235.8 | 0.3 | 62.8 | 2.3 | 75.5 | | 16.9 | 78 | | 1959 |
| 327.3 | 18.3 | | 309 | 0.2 | 76.7 | 1.8 | 98 | | 13.6 | 118.7 | | 1960 |
| 270.9 | | 8.7 | 262.2 | 0.7 | 65.2 | 3.2 | 93.4 | | | 99.7 | | 1961 |
| 336.1 | 11.1 | 157.7 | 167.3 | 1.2 | 57.2 | 15.9 | 83.7 | | 0.2 | 9.1 | | 1962 |
| 351.9 | 9.4 | 155.4 | 187.1 | 5.6 | 56.2 | 12.9 | 84.7 | | 0.1 | 27.6 | | 1963 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 447.3 | 59.9 | 165.9 | 221.5 | 21.8 | 59.9 | 9 | 91.3 | | 0.16 | 39.4 | | 1964 |
| 614.2 | 41.3 | 202.1 | 370.8 | 16.2 | 68.8 | 50.6 | 122.1 | | 19.6 | 93.5 | | 1965 |
| 473.3 | 20.2 | 176 | 277.1 | 3.2 | 71.3 | 8.9 | 135.7 | | 3.5 | 54.5 | | 1966 |
| 537.6 | 4.4 | 234.6 | 298.6 | 8.2 | 69.6 | 17.2 | 143.5 | | 3.8 | 56.3 | | 1967 |
| 444.2 | 22.6 | 180.5 | 241.1 | 16.2 | 64.1 | 6.2 | 123.5 | | | 20.1 | 11 | 1968 |
| 465.5 | 54.1 | 185.4 | 226.3 | 7.9 | 70 | 6.2 | 105.3 | | 0.1 | 27.4 | 9.4 | 1969 |
| 477 | 59.2 | 159 | 258.8 | 27.4 | 64.2 | 1.1 | 109.1 | | 0.1 | 34.4 | 22.5 | 1970 |
| 440.4 | 126.6 | | 313.8 | 21.8 | 86 | 9.8 | 136.2 | | | 29.1 | 30.9 | 1971 |
| 549.4 | 73.2 | 11.1 | 465.1 | 11.6 | 106.4 | 8 | 176.8 | 6.8 | 0.2 | 41.3 | 114 | 1972 |
| 518.6 | 80.7 | | 437.9 | 20 | 88.5 | 21.4 | 220 | 8.4 | 0.5 | 48.5 | 30.6 | 1973 |
| 576 | 68.1 | | 507.9 | 3.7 | 117.4 | 11.8 | 208.1 | 23.3 | 0.3 | 69.4 | 73.9 | 1974 |
| 675 | 57.2 | 2.9 | 614.9 | 64.2 | 120.8 | 14 | 224.5 | 18.8 | 0.2 | 142.6 | 29.8 | 1975 |
| 672.4 | 65.4 | 6.3 | 600.7 | 34.2 | 106.6 | 14.1 | 150.7 | 10 | 0.4 | 128.3 | 156.4 | 1976 |
| 843.7 | 33 | 17.5 | 793.2 | 137.1 | 101.7 | 20.8 | 173.8 | 0.7 | 1.7 | 192 | 165.4 | 1977 |
| 788.8 | 37.3 | 6.7 | 744.8 | 109 | 106.5 | 17.6 | 215.2 | 13.9 | 0.7 | 219.3 | 62.6 | 1978 |
| 776.9 | 47.4 | 3.6 | 725.9 | 90.5 | 122.2 | 21.7 | 233.7 | 1.7 | 1 | 224.5 | 30.6 | 1979 |
| 890 | 70.7 | | 819.3 | 78.9 | 133.9 | 22 | 276.1 | 5 | 2.2 | 274.5 | 23.7 | 1980 |
| 852.8 | 47.9 | 3 | 801.9 | 66.5 | 152.6 | 33.5 | 288.3 | 3 | 3.9 | 235.1 | 19 | 1981 |
| 916.1 | 60.1 | 5.4 | 850.6 | 66 | 153.8 | 18.8 | 377.5 | 1.3 | 4.7 | 240.7 | 27.8 | 1982 |
| 1396 | 116.8 | 16.1 | 1263.1 | 111.9 | 248.2 | 47.3 | 515.7 | 9.2 | 7.5 | 291.3 | 32 | 1983 |
| 1489.6 | 64.4 | | 1425.2 | 127.9 | 310.4 | 41 | 647.2 | 1.3 | 5.9 | 268.5 | 23 | 1984 |
| 2422.7 | 113.9 | 11 | 2297.8 | 128.7 | 325.4 | 698 | 842.7 | 3.2 | 5.7 | 284.1 | 10 | 1985 |
| 2686.1 | 1184 | | 2502.1 | 860.6 | 452.3 | 112.2 | 937.4 | | | 132.9 | 6.07 | 1986 |
| 2597.4 | 65 | | 2532.4 | 775.3 | 433.5 | 96 | 996.2 | | | 130.2 | 101.2 | 1987 |
| 2670.6 | 74 | | 2596.6 | 817.2 | 389.5 | 97.1 | 1084.5 | | | 145.2 | 63 | 1988 |
| 2828.6 | .184 | | 3012.6 | 1060.8 | 456.6 | 62.4 | 1174.2 | | | 166.3 | 92.3 | 1989 |
| 2859.7 | .282 | | 3141.7 | 1056.8 | 523 | 63 | 1338.3 | | | 160.3 | 0.3 | 1990 |

## 5. خام چوت سىرتىدىكى كىرىم ـ چىقىم

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەرلىك كىرىمى (خام چوت سىرتىدىكى كىرىمى) ئاساسەن دېھقانچىلىق بېجى قوشۇمچىسى، چارۋىچىلىق بېجى قوشۇمچىسى، سودا ـ سانائەت بېجى قوشۇمچىسى، مالىيە باشقۇرىدىغان كەسپىي كىرىم (ئاساسەن سۇ ھەققى كىرىمى)، مالىيە باشقۇرىدىغان كارخانا كىرىمى (پايدا، ئامورتىزاتسىيە)،

مالىيە باشقۇرىدىغان باشقا كىرىملەر (جامائەت مۈلكى، ئىجارە پۇلى) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. چىقىمى: يېزا - بازار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سانائەت - قاتناش كەسپى، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، شەھەر - بازارلارنى ئاسراش، يېزا - بازارلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ئىشلىرى، يېزا - بازارلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش چىقىمى ۋە باشقا چىقىملاردىن تەركىب تاپىدۇ.

1953 - يىلدىن باشلاپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى قوشۇمچىسى %5 قىلىندى. 1956 - يىلى چارۋىچىلىق بېجى قوشۇمچىسى %15كە، دېھقانچىلىق بېجى قوشۇمچىسى %12كە تەڭشەلدى. 1961 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى قوشۇمچىسى %10كە ئۆزگەرتىلىپ، تاكى 1990 - يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەققىنى سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى ئۆزى باشقۇرىدىغان بولدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق بېجى قوشۇمچىسىدىن ئېلىنىپ، 431 مىڭ يۈەن كىرىم بولدى، 401 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىپ، ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىلىم - پەن ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1957 — 1990 - يىلغىچە بولغان خام چوت سىرتىدىكى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

ئىقتىساد: 13 — 3 - جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | جەمئىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | جەمئىي چىقىم | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يۆتكەپ كىرىلگىنى | ئۆزلۈك قوشۇمچىلار | مالىيىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن كارخانا مەبلىغى | مالىيىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقا مەبلەغلەر | مالىيە سىرتى ئۆزئالدى باشقۇرىدىغان كەسىپ كىرىمى | باشقا كىرىم | | يۆتكەپ كېتىلگىنى | ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجەتلىرى | جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن خىراجىتى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | باشقا چىقىم |
| 1957 | 36.5 | | 16.2 | | | 18 | 2.3 | 37.3 | 2.6 | 14.9 | 17.2 | 0.1 | 2.5 |
| 1958 | 46.4 | | 24 | | | 19 | 3.4 | 36.9 | 1.9 | 32.2 | 2.1 | 0.2 | 0.5 |
| 1959 | 47.5 | | 27.1 | | | 19.3 | 1.1 | 36.6 | 12.7 | 13 | 10.2 | 0.7 | |
| 1960 | 46 | | 16.5 | 3.4 | | 18.8 | 7.3 | 62.5 | 3.8 | 43.4 | 11.7 | 2.9 | 0.7 |
| 1961 | 38.2 | | 17.1 | | | 17.6 | 3.5 | 22.8 | | 17.4 | 3.1 | 0.9 | 1.4 |
| 1962 | 40.8 | | 11.2 | | | 27 | 2.6 | 29.5 | 17.3 | 8.6 | 3.3 | 0.3 | |
| 1963 | 33 | | 7.8 | | | 24.6 | 0.6 | 17.6 | | 12.6 | 4.3 | 0.7 | |
| 1964 | 25.9 | | 11.1 | | | 14.3 | 0.5 | 38.5 | 6 | 22.3 | 9.8 | 0.4 | |
| 1965 | 65.7 | 20.4 | 16.1 | | 0.3 | 28.3 | 0.6 | 60.2 | 11 | 39.7 | 9.5 | | |
| 1966 | 29.8 | 2.5 | 6 | | 0.2 | 21.1 | - | 44.4 | 7.7 | 30.5 | 5.6 | 0.6 | |
| 1967 | 38.2 | | 14.2 | | | 23.7 | 0.3 | 35 | 6.8 | 23.2 | 4.6 | 0.4 | |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 0.1 | 2.8 | 21.3 | 8.1 | 32.3 | | 23 | | 0.3 | 15.2 | | 38.5 | 1968 |
| | | 3.9 | 14.9 | 4.4 | 23.2 | 0.2 | 22.1 | | | 7.3 | | 29.6 | 1969 |
| 0.3 | 0.2 | 3.2 | 11.8 | 5.3 | 20.8 | 0.3 | 26.3 | | | 24.5 | | 51.1 | 1970 |
| 0.5 | 0.3 | 3.9 | 14.1 | | 18.8 | 0.3 | 29.7 | | | 8 | | 38 | 1971 |
| 0.2 | 0.3 | 9.8 | 20.8 | 3.3 | 34.4 | 0.2 | 16.4 | | 0.1 | 5.6 | | 22.3 | 1972 |
| | 0.4 | 11.8 | 21 | 4.5 | 37.7 | | 22.7 | | 0.2 | 16.8 | | 39.7 | 1973 |
| | | 6.5 | 29.7 | 5 | 41.2 | 0.4 | 24.9 | | | 12.5 | | 37.8 | 1974 |
| | 0.2 | 6.1 | 29 | 6 | 41.3 | 0.4 | 30.3 | | | 10.3 | | 41 | 1975 |
| | | 5.5 | 32.9 | 3.6 | 42 | 0.5 | 18.2 | 0.3 | | 20 | 5 | 44 | 1976 |
| | | 9.6 | 29.3 | 4.5 | 43.4 | 0.5 | 22.4 | | | 10.1 | | 33 | 1977 |
| | 0.8 | 1.3 | 3.9 | 42.1 | 52.3 | 0.4 | 21 | | 3 | 9.3 | 15.3 | 49 | 1978 |
| | | 6.3 | 26.2 | 2.9 | 35.4 | 1.2 | 8.4 | | 0.2 | 5.6 | | 15.4 | 1979 |
| 9.7 | | 1.5 | 24.8 | | 36 | 1.7 | 27.8 | | .0.3 | 8.7 | 20 | 57.9 | 1980 |
| | | 1.3 | 3.1 | | 4.4 | 0.3 | 0.8 | 2.8 | .2.9 | 1.4 | 0.3 | 2.7 | 1981 |
| | | 1.5 | 2.1 | | 3.6 | 0.6 | 1 | | .1.8 | 8.7 | | 8.5 | 1982 |
| 0.3 | | 5.6 | 7.8 | | 13.7 | | 1.3 | | 2.3 | 14.4 | | 18 | 1983 |
| 0.3 | 6.9 | 6.3 | 0.4 | | 13.9 | | | | 2.4 | 16.9 | | 19.3 | 1984 |
| 0.6 | 1.8 | 3.6 | 2.7 | | 8.7 | | 0.2 | | | 13.3 | | 13.5 | 1985 |
| | 2.8 | 3.6 | 1.5 | | 7.9 | | | | | 9 | | 9 | 1986 |
| | 5 | 4.2 | | | 9.2 | | | | | 8.4 | | 8.4 | 1987 |
| 2.8 | 1 | 1 | 8.2 | | 13 | | | | | 6.5 | | 6.5 | 1988 |
| | | 2.7 | 1.5 | | 4.2 | | | | | 9.8 | | 9.8 | 1989 |
| | | 5.8 | | | 5.8 | | 3 | | | 9.4 | | 12.4 | 1990 |

**ئىزاھات:** قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە 1957 ـ يىلى بارلىققا كەلگەچكە، 1957 ـ يىلدىن باشلاپ ھېسابلاندى.

## 6. مالىيىنى باشقۇرۇش ۋە مالىيە نازارەتچىلىكى

### 1) مەمۇرىي، كەسپىي مالىيىنى باشقۇرۇش

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەتنى خادىملارغا بېكىتىپ باشقۇرۇش چارىسى قوللىنىلغانىدى. شىنجاڭ ئۆلكىسى بىر تۇتاش بەلگىلىگەن تەمىنلەش ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىپ، خىراجەت شۇ ئورۇندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر رويخېتىدىكى ئادەم سانى، ئات سانى بويىچە چىقىم قىلىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن تەكشۈرۈلۈپ تارقىتىلىپ بېرىلەتتى، ئايمۇئاي يۇقىرىغا يوللاپ ئاتچوت قىلىناتتى.

1954 ـ يىلى مالىيىنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى مەلۇمات جەدۋىلىنى تەكشۈرۈشكە ئۆزگەرتىلىپ، بەلگىلەنگەن دائىرىدە قانچىلىك مەلۇم قىلىنسا، شۇنچىلىك ئاتچوت قىلىنىدىغان بولدى. 1958 ـ يىلى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە گۇڭشېلىشىش مەزگىلىدە «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش»، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» قاتارلىق قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەردى. 1960 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە «تەڭشەپ، يۆتكەپ» كېتىلگەن 198 مىڭ يۈەن پۇل ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1966 ـ يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، «قىزىل قوغدىغۇچى»لار، «ئالاقە باغلاش» قاتارلىقلار ئۈچۈن، پىلان سىرتىدا 73 مىڭ يۈەن خىراجەت چىقىم بولدى. 1980 ـ يىلى ئادەم بويىچە نورما بەلگىلەپ ھۆددىگە بېرىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ،

جامائەت ئىشلىرى خىراجىتى جەھەتتە ئادەتتىكە قاراپ نورما بەلگىلەندى، كەسپىي خىراجەت ئالدىنقى 3 يىللىق چىقىمنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بويىچە چىقىم قىلىندى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، ئىقتىساد قىلىنغان قىسىم شۇ ئىدارىغا قالدۇرۇلۇپ، %40ى كوللېكتىپ پاراۋانلىقىغا ياكى مۇكاپاتقا، %60ى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.

## 2) كارخانا مالىيىسىنى باشقۇرۇش

50 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەرلىك كارخانىلارنى قۇرۇشقا باشلىدى، ئىختىساسلىقلار ۋە مەبلەغ شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ كارخانىلارنىڭ تولىسى ئىشتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى، مالىيە ئىدارىسى (بۆلۈمى) بۇ كارخانىلاردا نىسبەتەن كۆپىنچە سېلىنمىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشتىن توختىغاندىن كېيىنكى مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش بىلەنلا چەكلەندى. يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارغا ئاساسەن مالىيە قائىدە - تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 70 - يىللاردا ئىقتىسادىي ھېسابات كۈچەيتىلىپ، مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، زىيان تارتقان كارخانىلاردىن تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەكلىك مۇددەتتە زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. 80 - يىللاردا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش مەركەز قىلىنىپ، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىساد توختام شەكلى بىلەن باشقۇرۇلدى.

**(1) مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى تەكشۈرۈش** 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە تۆنجى قېتىم كارخانىلاردا زىياننى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. ئىلگىرى يىللىغا 18 مىڭ يۈەن زىيان بولاتتى، زىيان ئېنىقلىنىپ، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىملار قىسقارتىلىپ 12 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. 1978 - يىلى ئامبارلار ئېنىقلىنىپ، كاسات، سۈپەتسىز تاۋارلار بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئامبار قالدۇقى قىسقارتىلدى. 1984 - يىلى ئامبارنى ئېنىقلاپ، ئامباردىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ كاسات، سۈپەتسىز تاۋارلاردىن تارتقان 607 مىڭ يۈەنلىك زىيىنى تەكشۈرۈپ تېپىلدى، ئىلگىرىكى يىللاردىن بۇيان تارتقان 26 مىڭ يۈەن زىيان، مالىيە تەرىپىدىن ئامبارغا قايتۇرۇپ تولۇقلاش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى.

**(2) مالىيىنى تەكشۈرۈش** 1981 - يىلى مالىيە تەكشۈرۈلۈپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئېلىپ قالغان پايدا ۋە ئىگىلىۋالغان دۆلەت مالىيىسى كىرىمىدىن 24 مىڭ يۈەن تېپىلدى. 1982 - يىلى مالىيە تەكشۈرۈلۈپ، كارخانىلاردىن قالايمىقان خىراجەت ئالغان، قالايمىقان تەننەرخ سېلىقى سالغان، بىۋاستە چىقىم قىلىپ ئىگىلىۋالغان 4000 يۈەن ئېنىقلاندى. 1983 - يىلى مالىيە تەكشۈرۈلۈپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قانۇنغا خىلاپ ھالدا باھا ئۆستۈرۈش، مۇسادىرە قىلىش ئارقىلىق قىلغان 34 مىڭ يۈەن كىرىم ئېنىقلاندى. 1985 - يىلى مالىيە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈلۈپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئېلىپ قالغان پايدا، ئىگىلىۋالغان تەننەرخ، قالايمىقان سېلىنغان سېلىق، مالىيە تۈزۈمىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغ بولۇپ، 133 مىڭ يۈەن تېپىپ چىقىلدى.

**(3) كارخانىلارنىڭ پايدىسى نازارەت قىلىنىپ تاپشۇرۇۋېلىندى** 1976 - يىلى پايدىنى نازارەت قىلىپ تاپشۇرۇۋېلىشقا مەخسۇس خادىم قويۇلدى. 1983 - يىلى 1 - قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى 13 كارخانىنىڭ 214 مىڭ يۈەن پايدىسى ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. 1984 - يىلى 2 - قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلۇپ، ناھىيىدىكى 13 كارخانىغا 219 مىڭ يۈەن پايدا قالدۇرۇلدى.

## 3) ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، نازارەتچىلىك

1984 - يىلى ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ

ۋە ھەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 1981 — 1984 - يىلىغىچە بولغان مالىيىسى سىناق تەرتىپىدە تەپتىش قىلىنىپ، بۇ 2 ئىدارىدىن ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 240 مىڭ يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 4000 يۈەن ئېنىقلاندى. 1985 - يىلى ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، ترانسپورت شىركىتى، كىنوخانا، كىنو شىركىتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى قاتارلىق 9 ئورۇننىڭ 1984 - يىلدىن 1985 - يىل 9 - ئايغىچە بولغان مالىيىسى تەپتىش قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 1 مىليون 214 مىڭ يۈەن ھەرخىل پۇل، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 469 مىڭ يۈەن تېپىپ چىقىلدى. 1986 - يىلى ئاشلىق ئىدارىسى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، يېمەكلىكلەر شىركىتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، تاشيول ئۇچاستكىسى، پاختا - چىگە شىركىتى، سودا - سانائەت بانكىسى قاتارلىق 13 ئورۇن تەپتىش قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 539 مىڭ 700 يۈەن ھەرخىل پۇل، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 238 مىڭ 300 يۈەن پۇل تېپىپ چىقىلدى. 1987 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، سودا شىركىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت يۇرتى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، سەھىيە ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى قاتارلىق 37 ئورۇن تەپتىش قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 429 مىڭ 400 يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 113 مىڭ 700 يۈەن تېپىپ چىقىلدى. 1988 - يىلى ئورمانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى، سۇغۇرتا شىركىتى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى شىركىتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، 5 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق 22 ئورۇن تەپتىش قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 663 مىڭ 700 يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 132 مىڭ يۈەن تېپىپ چىقىلدى. 1989 - يىلى سودا شىركىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش پونكىتى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى قاتارلىق 16 ئورۇن تەپتىش قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 453 مىڭ 900 يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 87 مىڭ 900 يۈەن تېپىپ چىقىلدى. 1990 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، ترانسپورت شىركىتى، نېفىت شىركىتى، يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى، تېببىي دورا شىركىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى قاتارلىق 27 ئورۇن تەپتىش قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 99 مىڭ 200 يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 7500 يۈەن تېپىپ چىقىلدى.

1984 — 1990 - يىللىرى 126 ئورۇن تەپتىش قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 3 مىليون 639 مىڭ 900 يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 1 مىليون 52 مىڭ 400 يۈەن تېپىپ چىقىلدى.

## §2. باج

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1954 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بېجىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى بىۋاسىتە يىغاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاۋات، توققۇزاق رايونلىرىدا بىردىن باج پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇلار ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىغا قارايتتى.

1954 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارىدە كاتىبات، باج، بوغالتىرىيە بۆلۈمچىلىرى، ئىدارە قارىمىقىدا 4 باج پونكىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋات باج پونكىتى ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، بەشكېرەم رايونلىرىغا؛ قوغان باج پونكىتى قوغان، سەمەن رايونلىرىغا؛ توققۇزاق باج پونكىتى بۇلاقسۇ، ئوپال، تاشمىلىق رايونلىرىغا مەسئۇل بولدى، 25 كادىرى بار ئىدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى مالىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارە قارىمىقىدا مالىيە بىلەن باج بىرلەشتۈرۈلگەن 10 باج پونكىتى قۇرۇلدى. 1962 - يىل 7 - ئايدا مالىيە بىلەن باج ئايرىلىپ، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 3 بۆلۈمچە، 4 پونكىت قۇرۇلدى، كادىرى 35كە يەتتى. 1971 - يىل 7 - ئايدا باج ئىدارىسى يەنە مالىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە - باج ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا خام چوت، كارخانا مالىيىسى، باج يىغىش - پايدىنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 48 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1973 - يىلى مالىيە بىلەن باج يەنە ئايرىلدى، باج ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىدارىدە كاتىبات، بوغالتىرىيە، 1 - باج، 2 - باج بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلدى، ئىدارە قارىمىقىدا يەنە 7 باج پونكىتى قۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 49غا يەتتى. 1990 - يىلى باج ئىدارىسىدا 6 بۆلۈمچە (كادىرلار - تەپتىش بۆلۈمچىسى، مەمۇرىي بۆلۈمچە، پىلان - بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، باج يىغىش بۆلۈمچىسى، باج باشقۇرۇش 1 - بۆلۈمچىسى، باج باشقۇرۇش 2 - بۆلۈمچىسى)، 12 باج پونكىتى (ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، سايباغ، ئوغۇساق، سەمەن، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، قىزىلكۆۋرۈك، توققۇزاق بازارلىق باج پونكىتلىرى) قۇرۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 82گە، ئىشچى 11گە يەتتى.

## 2. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا باج باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، باج تۈرلىرىنى بەلگىلەش، توختىتىش، باج نىسبىتىنى كۆپەيتىش - كېمەيتىش، تەڭشەشلەرنى مەركەز بىر تۇتاش ئىگىلىگەنىدى. 1950 - يىلى دېھقانچىلىق بېجىنى يەرنى تەكشۈرۈپ، مەھسۇلاتنى بېكىتىپ، ئومۇمىي سومما پروگرېسسىپلىك نىسبىتى بويىچە ئېلىش، مۇۋاپىق ئۈستىگە ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1956 - يىلدىكى كوپېراتسىيىلىشىشتىن كېيىن، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1958 - يىلى باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، باجنى باشقۇرۇش ھوقۇقى مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغاندا ئېلىنىدىغان باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئاپتونوم رايونغا بېرىلدى. 1969 - ۋە 1970 - يىللىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، قول سانائەت كوپېراتىپلىرى تاپشۇرىدىغان باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، خەلق گوڭشېلىرىدىن سودا - سانائەت بېجى ئېلىش، شۇنىڭدەك يەرلىك باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە باج ئالدى.

80 - يىللارغا كەلگەندە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، باج ئېلىش تۈزۈلمىسى ئىلگىرىكى باج تۈرلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ ئېلىشتىن، تەدرىجىي ھالدا كۆپ خىل باجنى كۆپ قاتلام بويىچە ئۈستىگە ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئىلگىرىكى مالىيە كىرىمىنى نوقۇل ھالدا كۆپەيتىش ھەم مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش، ھەم ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى رەتكە سېلىش داۋامىدا باجنىڭ فۇنكسىيىلىك، پىشاڭلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى.

1984 ـ يىلدىن ئىلگىرى تۈرغۇن باجلار سودا ـ سانائەت بېجى نامىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئېلىناتتى. 1984 ـ يىلى يۈقىرىنىڭ بولىيۇرۇقىغا ئاساسەن سودا ـ سانائەت بېجى مەھسۇلات بېجى، تىجارەت بېجى دەپ ئايرىپ ئېلىنىدىغان بولدى. 1988 ـ يىلى يەنە قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىندى.

## 3. باج تۈرلىرى

1950 ـ يىلى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى، بەر خېتى بېجى، ئىجارە ھەققىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە بۆلۈمى يىغدى، سودا ـ سانائەت بېجىنى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى بىر تۇتاش ئالدى. 1954 ـ يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1957 ـ يىلغىچە تاۋار ئوبوروت بېجى، مال بېجى، سودا ـ سانائەت تىجارىتى بېجى، سودا ـسانائەت تاپاۋەت بېجى، ۋاقىتلىق سودا بېجى ۋە باشقا باجلار (جۈملىدىن ماركا بېجى، ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا سودا بېجى، جەرىمانە ۋە مۇسادىرە كىرىمى) دىن ئىبارەت سودا ـ سانائەت بېجى تۈرلىرى ئىجرا قىلىندى. 1958 ـ يىلدىن باشلاپ سودا ـسانائەت بىر تۇتاش بېجى، سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى ۋە باشقا باجلار ئېلىندى. 1962 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە بۇ باجلارنى ئېلىش توختىتىلدى. 1973 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تاپاۋەت بېجى، قاتناش ـ ئېنېرگىيە ـ ئاساسىي قۇرۇلۇش فوندى ۋە قۇرۇلۇش بېجى ئېلىندى. 1984 ـ يىلى باج قۇرۇلمىسى 3 تۈرگە بۆلۈندى: (1) سودا ـ سانائەت بېجى، بۇ قوشۇلما قىممەت بېجى، مەھسۇلات بېجى، تىجارەت بېجى، سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا سودىسى بېجى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇكاپات پۇلى بېجى، شەھەر مۇھاپىزىتى قۇرۇلۇشى بېجى، بىناكارلىق بېجى، تۇرۇپ قالغان پۇلغا قويۇلغان جەرىمانە پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ (2) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تاپاۋەت بېجى؛ (3) قاتناش ـ ئېنېرگىيە فوندى.

1985 ـ يىلدىن باشلاپ بىناكارلىق بېجى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۇكاپات پۇلى بېجى ئېلىش باشلاندى. 1986 ـ يىلى ئاپتوموبىل ـ كېمە ئىشلىتىش بېجى، مائارىپ قوشۇمچە بېجى ئېلىندى. 1988 ـ يىلى ماركا بېجى ئېلىش باشلاندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1950 — 1957 ـ يىلغىچە بولغان سودا ـ سانائەت بېجى**

ئىقتىساد: 13 — 4 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي باج | يونىلىش ئىچىدە | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تاۋار ئوبوروت بېجى | مال بېجى | سودا ـ سانائەت تىجارەت بېجى | سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى | ماركا بېجى | ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى | قان بېجى | چارۋا سودىسى بېجى | جەرىمانە ۋە مۇسادىرە كىرىمى | باشقىلار |
| 1950 | 44.6 | | 22.4 | 11.8 | 0.2 | 1.2 | 0.6 | 4.8 | 3.4 | 0.2 | |
| 1951 | 96.2 | | 42.6 | 34.9 | | 0.4 | 0.1 | 7.5 | 8.4 | 2.3 | |
| 1952 | 168.9 | | 61.3 | 68.3 | | 10 | 0.3 | 9 | 17.2 | 2.8 | |
| 1953 | 270.8 | 61 | 17.1 | 109.9 | 26.7 | 1 | 0.2 | 27.7 | 22 | | 5.2 |
| 1954 | 53.8 | 3.6 | 7.3 | 21.1 | 6 | | | 9.8 | 6 | | |
| 1955 | 97.2 | 15.4 | 11.7 | 32.3 | 10.5 | 0.2 | | 19.2 | 7.9 | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 3.4 | 20 | 0.2 | 0.7 | 8 | 23.7 | 11.1 | 10.6 | 77.7 | 1956 |
| | | 4.7 | 13.2 | 0.2 | 1.7 | 9.3 | 27.2 | 15.8 | 12.6 | 84.7 | 1957 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1958 — 1990 - يىلغىچە بولغان سودا - سانائەت بېجى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

ئىقتىساد: 13 — 5 - جەدۋەل

| باشقىلار | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | باشقا سودا - سانائەت بېجى | سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى | سودا - سانائەت بېجى | ئومۇمىي باج | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەرىمانە كىرىمى | بازار سودىسى بېجى | چارۋا سودىسى بېجى | قان بېجى | مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش بېجى | ئاپتوموبىل - كېمە ئىشلىتىش نومۇر تاختا بېجى | | | | | |
| | | | 3.2 | 12.4 | 0.1 | | 15.7 | 4.1 | 48.3 | 68.1 | 1958 |
| | | | 1.1 | 6 | 0.1 | | 7.2 | 2.6 | 60.6 | 70.4 | 1959 |
| | | | 2.6 | 9.1 | 0.1 | | 11.8 | 4.5 | 64.4 | 80.7 | 1960 |
| | | | 4.7 | 5.4 | 0.1 | 0.5 | 10.7 | 5.3 | 52.1 | 68.1 | 1961 |
| | | 1 | 5.1 | 8 | 0.1 | 0.3 | 14.5 | 7.1 | 50.9 | 72.5 | 1962 |
| | 1.3 | 3.5 | 4.1 | 7.6 | 0.1 | 0.4 | 17 | 6.7 | 42 | 65.7 | 1963 |
| | 3.9 | 2.3 | 4.4 | 6.8 | 0.1 | 0.3 | 17.8 | 9.3 | 42.4 | 69.5 | 1964 |
| | | 3.1 | 3.6 | 9.2 | 0.1 | 0.2 | 16.2 | 10.5 | 55.7 | 82.4 | 1965 |
| | | 3 | 2.9 | 9.1 | 0.1 | 0.1 | 15.2 | 8 | 44 | 67.2 | 1966 |
| | | 2.4 | 2.5 | 8.3 | | | 13.2 | 3.6 | 39.6 | 56.4 | 1967 |
| | | 2.2 | 2.4 | 7.9 | | 0.1 | 12.6 | 1.1 | 36.7 | 50.4 | 1968 |
| | | 2.1 | 2.3 | 6.1 | | | 10.5 | 2.5 | 35 | 48 | 1969 |
| | | 1.1 | 5.2 | 6 | | | 12.3 | 1.3 | 32.4 | 46 | 1970 |
| | | | 5.2 | 5.1 | | | 10.3 | 1.5 | 39.2 | 51 | 1971 |
| | | 6.8 | | 3.7 | | | 10.5 | 0.2 | 36.1 | 46.8 | 1972 |
| | | | 5 | 2.5 | | | 7.5 | 1.4 | 38.2 | 47.1 | 1973 |
| | 0.3 | | 4.8 | 1.7 | | | 6.8 | 3.8 | 42.6 | 53.2 | 1974 |
| | 0.1 | | 5.4 | 1.9 | | | 7.4 | 4.1 | 49.5 | 61 | 1975 |
| | 0.1 | | 4.5 | 1.9 | | | 6.5 | 5.1 | 37.3 | 48.9 | 1976 |
| | 0.6 | | 4.9 | 1.3 | | | 6.8 | 5.1 | 47.6 | 59.5 | 1977 |
| | 0.1 | | 4.5 | 1.1 | | | 5.7 | 5.7 | 44.4 | 55.8 | 1978 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 3 | 1.2 | | | 4.2 | 9.3 | 55.3 | 68.8 | 1979 |
| | | | 1.3 | 1.2 | | | 2.5 | 6 | 54.1 | 62.6 | 1980 |
| | | | | 1.9 | | | 1.9 | 4.5 | 52.5 | 58.9 | 1981 |
| | | | | 3.4 | | | 3.4 | 6 | 58.3 | 67.7 | 1982 |
| | | | 4 | 5.9 | | | 9.9 | 6.9 | 75.1 | 91.9 | 1983 |
| | 0.8 | | 6.9 | 6 | | | 13.7 | 2.3 | 85.7 | 101.7 | 1984 |
| 4.9 | 1 | | 4.8 | 5.3 | | | 11.1 | 0.3 | 122.4 | 138.7 | 1985 |
| 21.6 | 0.7 | | 3.1 | 5 | | 0.04 | 8.84 | 15.3 | 164.5 | 210.24 | 1986 |
| 15.1 | 0.7 | | 4.1 | 4.8 | | 1.1 | 10.7 | 10.7 | 196.9 | 233.4 | 1987 |
| 11.4 | 4.9 | | 5.1 | 5.9 | | 1.1 | 17 | 16.8 | 240.5 | 285.7 | 1988 |
| 16.5 | 7.9 | | 4.6 | 6.4 | | 1.8 | 20.7 | 38.1 | 411.3 | 486.6 | 1989 |
| 16.3 | 2.3 | | 4.9 | 6.3 | | 1.5 | 15 | 62.1 | 499.7 | 593.1 | 1990 |

ئىزاھات: سودا ـ سانائەت بېجى گرافىسىدىكى باج 1958 ـ يىلدىن باشلاپ سودا ـ سانائەت بىر تۇتاش بېجىغا ئۆزگەرتىلگەندى، 1973 ـ يىلى يەنە سودا ـ سانائەت بېجىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 4. باج ئېلىش ئۆلچىمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەرلىك باجلار تەرتىپكە سېلىنىپ، دېھقان ئائىلىلىرى تىزىملىنىپ، يەرلەر ئۆلچىنىپ، يەر خېتى تۇزۇلدى. تېرىلغۇ يەرلەر ئورنى، سۈيى، تۇپراق سۈپىتىگە قاراپ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك يەر دەپ ئايرىلدى. 1 ـ دەرىجىلىك يەردىن ھەر موغا 3 شىڭ، 2 ـ دەرىجىلىك يەردىن 2 شىڭ، 3 ـ دەرىجىلىك يەردىن بىر شىڭ 5 ئوچۇم ئاشلىق ئېلىش، بېجىنىڭ كۆرسى بويىچە ھېسابلاش بەلگىلەندى (ئەينى چاغدا خەلق ئارىسىدا قوللىنىلىۋاتقان بىر كۆرە بېجىنىڭ كۆرسىگە سۇندۇرغاندا 3 كۆرىدىن ئاشاتتى). بۇ باج نىسبىتى تاكى مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) غىچە قوللىنىلدى. ئۇ چاغلاردا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇپ، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەچكە، يەر بېجىنىڭ نىسبىتى ئەسلىدىكى ئاساستا مۇناسىپ ھالدا %40 قوشۇپ ئېلىندى. مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) يەر خېتىنى سېتىش بېجى %9، ھەربىر تاختا يەر خېتى قەغىزىنىڭ باھاسىدىن %5 باج ئېلىندى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) چارۋىچىلىق بېجى چارۋا تۇياق سانىنىڭ %3ى بويىچە ئېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ھەرخىل باج ۋەزىپىسى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي باج ئالغاندا كۆپىنچە ۋەزىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى، ئاساسەن ئەمەلىي كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا قاراپ باج ئېلىناتتى.

1) دېھقانچىلىق بېجى 1950 ـ يىلى دېھقانچىلىق بېجى يېڭى ئازاد بولغان رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق بېجى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە بويىچە ئېلىناتتى، «ئادەتتىكى يىللىق مەھسۇلاتتىن ئاشقان قىسمىغا ئارتۇق باج ھېسابلىماسلىق، ئاق قالغان، ئوخشاش دەرىجىلىك يەرلەرگە ئوخشاش ھوسۇل چىقمىغان يەرلەردىن كېمەيگەن ھوسۇل ئۈچۈن باجنى كېمەيتمەسلىك» پرىنسىپى قوللىنىلىپ، ئائىلىلەر بىرلىك قىلىنىپ، ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە ھوسۇل بويىچە باج ھېسابلاپ ئېلىندى، دېھقانلار ئۇنى مۇۋاپىق ئۈستىگە

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى دېھقانچىلىق بېجىنى يىغىشقا دائىر ئاساسىي ئەھۋالى

ئىقتىساد: 13 — 6 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: تۈمەن جىڭ

| يىللار | باج تاپشۇرغان ئورۇن سانى | بېزا ئىگىلىك نوپۇسى | باج ئېلىنىدىغان يەر كۆلىمى (مو) | ئادەتتىكى يىللاردىكى ھوسۇل (ئاق ئاشلىق ھېسابىدا) (تۈمەن جىڭ) | ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى (%) | بىر بېكىتىپ، 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان باج ۋەزىپىسى | نىسبەت بويىچە ئېلىنغان باج نورمىسى / كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان باج / باجنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن كېمەيتىلگەن - كەچۈرۈلگىنى | نىسبەت بويىچە ئېلىنغان باج نورمىسى / كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان باج / ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىنغان يېتىزلاردىن كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈلگەن باج | نىسبەت بويىچە ئېلىنغان باج نورمىسى / كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان باج / ئاپەت سەۋەبىدىن كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈلگەن باج | نىسبەت بويىچە ئېلىنغان باج نورمىسى / كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان باج / جەمئىيەتلىك كېمەيتكەن، كەچۈرگىنى | نىسبەت بويىچە ئېلىنغان باج نورمىسى / ئېلىشقا تېگىشلىك باج / ئاق ئاشلىق سانى | نىسبەت بويىچە ئېلىنغان باج نورمىسى / ئېلىشقا تېگىشلىك باج / ئوتتۇرىچە بىرلىكى | نىسبەت بويىچە ئېلىنغان باج نورمىسى / ئېلىشقا تېگىشلىك باج / سۇندۇرۇلغان سومما (يۈەن) | ئەمەلىي ئېلىنغان باج نورمىسى (ئاق ئاشلىق) / جەمئىي / ئومۇمىي نورمىسى | ئەمەلىي ئېلىنغان باج نورمىسى (ئاق ئاشلىق) / جەمئىي / بۇنىڭدىن: ئەمەلىي ئېلىنغان ئاشلىق | ئەمەلىي ئېلىنغان باج نورمىسى (ئاق ئاشلىق) / جەمئىي / ئومۇمىي نورمىسىنىڭ يۇلغا سۇندۇرۇلغان سوممىسى (يۈەن) | ئەمەلىي ئېلىنغان باج نورمىسى (ئاق ئاشلىق) / ئالدىنقى يىلدىن ئاغدۇرۇلغىنى | ئەمەلىي ئېلىنغان باج نورمىسى (ئاق ئاشلىق) / يازدا ئېلىنغىنى | ئەمەلىي ئېلىنغان باج نورمىسى (ئاق ئاشلىق) / كۈزدە ئېلىنغىنى | يەرلىكنىڭ قوشۇمچىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 63380 | 264654 | 806342 | 10463.7 | 11.12 | 1163.7 | | | | | 1163.7 | | 1025220 | 931 | | 820211 | | 407.3 | 523.7 | |
| 1953 | 52703 | 206317 | 663778 | 5244.7 | 11.32 | 1047.8 | | | 4.4 | | 1043.4 | | 919235 | 972.5 | | 856773 | | 322.7 | 648.8 | |
| 1955 | 60990 | 235275 | 782390 | 10836.3 | 10.94 | 1185.9 | | | 9 | | 1176.9 | | 1206411 | 1103.8 | | 1139916 | | 724.8 | 379 | |
| 1957 | | 224441 | 717727 | 10276.2 | 12.17 | 1250.3 | | | 16.9 | | 1233.4 | | 1131028 | 1278.8 | | 1172660 | 32.9 | 669.7 | 576.2 | |
| 1960 | | | 630940 | 11488.6 | 12.91 | 1483.5 | | | 25.8 | | 1457.7 | 0.1072 | 1562815 | 1457 | | 1561965 | | 1411.9 | 45.1 | 142.8 |
| 1962 | | | 639913 | 9797.1 | 9.99 | 979.1 | | | 137.2 | | 841.9 | 0.114 | 960083 | 845.2 | | 963528 | 3.5 | 840.3 | 1.4 | 70.5 |
| 1965 | | | | 11706.6 | 10.09 | 1181.3 | | | 28.4 | 21.6 | 1131.3 | 0.115 | 1323183 | 1105.1 | | 1323183 | | 1087.2 | 17.9 | 90.4 |
| 1970 | 1034 | | 736799 | 11345.1 | 10.01 | 1135.1 | | | 17.5 | 26.2 | 1091.4 | 0.1301 | 1420012 | 1091.3 | | 1419715 | | 1037.7 | 53.6 | 108.9 |
| 1975 | 1589 | | 747361 | 9978 | 10.03 | 1000.9 | | | 51 | | 949.9 | 0.1302 | 1236347 | 860.6 | | 1121928 | | 753.4 | 107.2 | 73 |
| 1980 | 1063 | 151550 | 442355 | 8786.6 | 6.80 | 592.6 | 3971 | 330 | 2 | | 165.3 | 0.164 | 271225 | 496.4 | 74 | 814367 | 6 | 429.76 | 60.7 | 496 |
| 1985 | 1486 | 272961 | 549883 | 14288.1 | 6.76 | 966.8 | | 147 | 174.3 | 21 | 756.8 | 0.1747 | | 756.7 | | 1321955 | | 1280.1 | .523.4 | 75.7 |
| 1990 | 1605 | 321106 | 387709.2 | 14288.2 | 3.95 | | | | 18 | 54.8 | 56.39 | 0.259 | 46050.1 | 313.4 | 282.8 | 811804 | | 282.8 | 0.09 | 3.13 |

ئالدى. 1952 - يىلى يەر تەكشۈرۈلۈپ، ھوسۇل تۇراقلاشتۇرۇلدى. 1953 - يىلى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان رايونلارنىڭ باج نىسبىتى جەھەتتە، بىر يىلدا ئائىلە بويىچە ھەربىر كىشىگە توغرا كەلگەن كىرىمى 90 كىلوگىرامغا يەتمىگەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىندى؛ 90 — 1000 كىلوگىرام بولغانلار 27 باج دەرىجىسىگە ئايرىلىپ، %4تىن باشلاپ، ھەر بىر دەرىجىگە %1 قوشۇپ ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە باج ئېلىندى؛ 1000 كىلوگىرامدىن ئاشقانلاردىن %30 باج ئېلىندى. يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلمىگەن رايونلاردا 75 كىلوگىرامغا يەتمىسە باج كەچۈرۈم قىلىندى، 75 — 1500 كىلوگىرام بولغانلار 40 دەرىجىگە ئايرىپ، %3تىن باشلاپ، ھەربىر دەرىجىگە %1 تىن قوشۇپ باج ئېلىندى، 1500كىلوگىرامدىن ئاشقانلاردىن %42 بويىچە باج ئېلىندى. شۇ يىلى سەمەننىڭ 3 - ئېيىدىن 9 - ئېيىغىچە، لەڭگەر، توققۇزاق بازىرى، زەممىن، مايباغ قاتارلىق رايونلاردا باج يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلگەن رايونلارغا ئوخشاش ھېسابلاندى. قالغان جايلاردا يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلمىگەن رايونلارغا ئوخشاش باج ئېلىندى. 1954 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېلىبگىرامما يوليورۇقىغا ئاساسەن، يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلگەن رايونلاردا %30تىن ئېشىپ كەتمەسلىك، يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلمىگەن رايونلاردا %35تىن ئېشىپ كەتمەسلىك ئۆلچىمى بويىچە باج ئېلىندى. شۇ يىلى ئەمەلىيەتتە 4 مىليون 874 مىڭ 42 كىلوگىرام ئاشلىق يىغىلىپ، ۋەزىپە %22. 100 ئورۇندالدى. 1956 - يىلى باج كوپېراتىپلار بويىچە ئېلىندى، كوپېراتىپقا كىرمىگەنلەردىن ئائىلىلەر بويىچە باج ئېلىندى، شۇ يىلى نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سىناق قىلىنىۋاتقان ئالىي كوپېراتىپلارنىڭ باج نىسبىتى %6 — %20 قىلىپ ئېلىندى. كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يەرلىرىدىن ئۇلار تۇرۇشلۇق كوپېراتىپلارنىڭ باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ باج ئېلىندى، ھوسۇل 4 ئۈلۈش كېمىيىپ كەتكەن بولسا، باج كەچۈرۈم قىلىندى، تول خوتۇنلاردىن باج كەچۈرۈم قىلىندى. 1971 - يىلى دېھقانچىلىق بېجى ۋەزىپىسى بىر بېكىتىپ، 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان، ئاشلىق ئورنىغا پۇل ئېلىنىدىغان بولدى. 1976 — 1979 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە چۈشۈرۈلگەن باج ۋەزىپىسى يىلدىن - يىلغا كېمەيدى. 1979 - يىلى باج ئېلىش ئۇقتىسى چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كىشىگە يىلىغا 160 كىلوگىرام (ئوتتۇرىچە كىرىمى 40 يۈەن) ئاشلىق توغرا كەلمىگەنلەردىن باج كەچۈرۈم قىلىندى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئائىلىلەردىن باج ئېلىنىدىغان بولدى. باج نىسبىتى جەھەتتە سېلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق ئېلىنماي، ئاشلىقنى باھاغا سۇندۇرۇپ پۇل ئېلىش چارىسى يولغا قويۇلدى. نورمىلىق باج نىسبىتى 3 خىلغا بۆلۈندى: 1 - خىلى، ئاشلىق، ماش - پۇرچاق، ياڭيۇ، يەم - بوغۇز، ئوت -چۆپ، تاۋۇز، قوغۇن، شاپتۇل، چىلان، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئۈزۈم، ئالما، قۇلماق، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ھەربىر موسىنىڭ باج نورمىسى 4 كىلوگىرام بۇغداي؛ 2 - خىلى، كېۋەز، ياغلىق دان، قىزىلچا، كۆك تاماكا، كەندىر، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ھەرموسىنىڭ باج نورمىسى 8 كىلوگىرام بۇغداي؛ 3 - خىلى شەھەر ئىچىدە كۆكتات تېرىغانلارنىڭ ھەربىر موسىنىڭ باج نورمىسى 12 كىلوگىرام بۇغداي بولدى.

2) چارۋىچىلىق بېجى 1951 - يىلى تۆگە، ئات، كالا، ئېشەك، قېچىر، قوي، ئۆچكىلەردىن قويغا سۇندۇرۇپ، يىلدا بىر قېتىم باج ئېلىندى. بىر تۆگە 10 قويغا، بىر ئات، كالا، قېچىر 5 تىن قويغا، بىرئېشەك 2 قويغا، 2 ئۆچكە بىر قويغا، 2 ياشلىق ئات، كالا، قېچىرلار 2 دىن قويغا، 2 ياشلىق تۆگە 5 قويغا، 2 ياشلىق ئېشەك بىر قويغا سۇندۇرۇلدى. ھەربىر ئائىلىنىڭ مېلى 16گە يەتمىسە باج كەچۈرۈم قىلىندى. 16 — 3000 بولسا، 10 باج دەرىجىسىگە بۆلۈنۈپ، %1 تىن باشلاپ، ھەر بىر دەرىجىگە %1تىن باج قوشۇپ ئېلىندى، 3000 دىن ئاشقانلىرىدىن %10 بويىچە باج ئېلىندى. 1953 - يىلى ھەربىر ئائىلىنىڭ مېلى 16گە يەتمىسە باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئۆزگەرتىلىپ، ھەربىر ئائىلىدە بىر ئادەم ئۈچۈن

8 قويغا باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، 1 — 3000 قويى بارلاردىن 8 دەرىجىگە بۆلۈنۈپ، %1تىن باشلاپ، ھەر بىر دەرىجىگە %1 تىن باج قوشۇپ ئېلىنىدۇ. مىڭلى 3000 دىن ئاشقانلاردىن %8 بويىچە باج ئېلىنىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تىرىلغۇ ئۇلاغلىرىدىن باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق بېجى كۆپ كېمىيىپ، ئەمەلىيەتتە، 62 مىليون 58 مىڭ 680 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) باج يىغىلدى، بۇ 1952 - يىلدىكى باجنىڭ %71.18نى ئىگىلىدى. 1954 - يىلى كىشى بېشىغا 5 تىن قوي توغرا كەلسە، ئۇ باج ئېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىدى. ئېشەككە باج ئېلىنمىدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تىرىلغۇ ئۇلاغلىرىدىن باج ئېلىنمىدى، يېرىم دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەر 10 مو يېرى ئۈچۈن بىر قوي كەچۈرۈم قىلىنىدى. باجغا ئېلىنىدىغان چارۋىنىڭ تۇياق سانى 1 — 2000 تۇياق بولسا، 8 باج دەرىجىسىگە بۆلۈنۈپ، %1 تىن باشلاپ، ھەر بىر دەرىجىگە %1 تىن باج قوشۇپ ئېلىشقا، 2000 تۇياقتىن ئاشسا %8 بويىچە باج ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1957 - يىلى چارۋىسى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپىراتىپقا قوشۇلغان چارۋىچىلىق كوپىراتىپلىرى ياكى چارۋىلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ پاي قوشۇلغان چارۋىچىلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ كوللېكتىپ ۋە ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى چارۋىلىرىدىن بىردەك %1.5 نىسبەت بويىچە باج ئېلىنىدى. كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق چارۋىلىرىدىن كىشى بېشىغا باجنى كەچۈرۈم قىلىش نورمىسىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن پروگرېسسىپلىك نىسبەت بويىچە باج ئېلىنىدى. 1963 - يىلى باجغا ئېلىنىدىغان قوينىڭ ئۆلچىمى 30 كىلوگرامدىن 28 كىلوگرامغا تەڭشەلدى. چوڭ - ئۇششاق چارۋىلارنى قويغا سۇندۇرۇش نىسبىتى مۇنداق بولدى: بىر تۆگە 10 قويغا، بىر ئات 7 قويغا، 3 ئۆچكە 2 قويغا سۇندۇرۇلدى، قالغانلىرى 1962 - يىلدىكى ئۆلچەم بويىچە سۇندۇرۇلدى. 1971 - يىلدىن باشلاپ، سېلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتى ئىجرا قىلىنىدى.

1985 - يىلدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتىدە ھەر بىر كالا، ئات، تۆگىگە 1.20 يۈەن، قويغا 0.50 يۈەن، ئۆچكىگە 0.30 يۈەن باج ئېلىنىدى، شەھەر - بازارلارنى سۈت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىنەكلەرنىڭ ھەر بىرگە 10 — 15 يۈەن باج ئېلىنىدى.

3) يەر خېتى بېجى  1951 - يىلى زېمىن سېتىۋالغانلاردىن زېمىن باھاسىنىڭ %6ى بويىچە، كۆرۈگە قويغانلاردىن گۆرۈ باھاسىنىڭ %3ى بويىچە، زېمىن كۆپەيتكەنلەردىن نەق باھانىڭ %6ى بويىچە باج ئېلىنىدى. ئامرات ئائىلىلەر، ئىنقىلابىي قۇربان - ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىشچىلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، يېتىم ئوغۇل - تۇل خوتۇنلاردىن ئاما باھالىغاندىن كېيىن ئومۇمىي سايلام ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق باج مۇۋاپىق كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىنىدى. 1954 - يىل 7 - ئايدا يەر خېتى بېجىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. 1955 - يىلى يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدىكى ئاق يەر خېتى ۋە يېڭى يەر خېتى ئالمىشانلار ئېنىقلاندى، شۇ يىلى ۋەزىپە خېلى ياخشى ئورۇندالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەر خېتى بېجى ئېلىش يىلدىن - يىلغا سۇسلىشىپ، تولۇق ئېلىنمىدى.

# XIV باب

# پۇل مۇئامىلە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 14 - يىلى (1888 - يىلى) قەشقەر ۋىلايىتىدە قەشقەر ھۆكۈمەت پۇل چۈجۈقى قۇرۇلۇپ، قىممىتى 400 يارماقلىق ياغ پۇل ۋە قەغەز پۇل تارقاتتى، بۇ پۇل بىرسەر تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى،

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە قەشقەر پۇلخانىسى قۇرۇلۇپ «گۇاڭشۈ تۇڭباۋ» داچىنى قۇيدى. مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى قەشقەردە شۆبە بانكا قۇرۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى بىۋاسىتە باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلۇپ، رايونلاردا تىجارەت پونكىتى قۇردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە كەسپى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1985 ـ يىلى بانكا ئاپپاراتى 3كە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 310 غا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 5.8 ھەسسە كۆپەيدى، كەسپى، كىرىدىت قالدۇقى 3.1 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى، پۇقرالار ئامانىتى، پۇل ئامانەت قالدۇقى 47.4 ھەسسە ئاشتى ھەم زايوم تارقىتىش ۋە سۇغۇرتا كەسپلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 1990 ـ يىلى ناھىيىدىكى بانكا ئاپپاراتى 4كە يەتتى، ئۇلار: جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى، جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى.

## § 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

مىنگو دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دە شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى پۇل مۇئامىلە كەسپىنى باشقۇردى.

1953 ـ يىل 5 ـ ئايدا قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكا توقۇزاق (ھازىرقى ناھىيە بازىرى) ، ئاۋاتلاردا تىجارەت پونكىتى قۇردى. 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى، 45 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى، ئىچكى قىسمىدا بوغالتىرىيە، يېزا كىرىدىتى بۆلۈمچىلىرى، قارىمىقىدا ئاۋات، بورىختاي، ئوپال، تاشمىلىق، لەڭگەر، قوغان، سەمەن تىجارەت پونكىتلىرى ۋە رايون دەرىجىلىك 12 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 44كە يەتتى، ناھىيە بويىچە 11 رايوندا يېزا دەرىجىلىك 97 ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، 47 مىڭ 559 ئائىلىلىك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى، بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %80.4نى ئىگىلىدى، 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاندى. 1957 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 45كە يەتتى. 1958 ـ يىلى كۆزدە، سەمەن، قوغان تىجارەت پونكىتلىرى مەمۇرىي رايون بويىچە قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1959 ـ يىلى ئويتاغ، ئاقتاش تىجارەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1960 ـ يىلى سايباغ تىجارەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1961 — 1962 ـ يىللىرى ئويتاغ، ئاقتاش تىجارەت پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1964 ـ يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى، 62 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى، ئىچكى قىسمىدا بوغالتىرىيە ـ پۇل بۆيرۇش، كادىرلار ـ كاتىبات، يېزا پۇل مۇئامىلىسى، ئامانەت ـ قەرز ـ ھەمكارلىق بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلدى. يېزا تىجارەت پونكىتلىرى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈلدى. 1964 ـ يىلى سەمەن، قوغان تىجارەت پونكىتلىرى رايونلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، بۇ ناھىيىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1965 ـ يىلى خەلق تارماق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 107گە يەتتى. شۇ يىلى مۇش گۈڭشې تىجارەت پونكىتى لەڭگەر گۈڭشې تىجارەت

پونكىتىدىن ئايرىلىپ چىقتى، يېزا دەرىجىلىك 97 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، گۇڭشې دەرىجىلىك 13 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قىلىندى. 1973 - يىلى پاختەكلە تىجارەت پونكىتى قۇرۇلدى. 1975 - يىلى مەمۇرىي رايونلارنى تەڭشىگەندە قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ تىجارەت پونكىتلىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ تەۋەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى (كېيىن 1982 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى). 1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك تارماق بانكا تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خەلق تارماق بانكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 39غا، يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 152گە يەتتى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىلان - كرېدىت، مەمۇرىيەت، كادىرلار، بوغالتىرىيە، كاسسىرلىق، مۇپەتتىشلىك، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلدى، بانكىغا 14 تىجارەت پونكىتى قارىدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 119غا يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 111؛ 15 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى باشقۇردى، ئۇنىڭ 111 ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى ئىدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسىدا بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، پىلان - كرېدىت بۆلۈمچىسى، قوغداش بۆلۈمچىسى، رېۋىزىيە بۆلۈمچىسى، مۇپەتتىشلىك بۆلۈمچىسى، كادىرلار بۆلۈمچىسى، مەمۇرىي بۆلۈمچە، تىجارەت ئىشخانىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت 9 كەسپىي تارماق، قارمىقىدا 14 يېزا تىجارەت پونكىتى (تېرىم، خانقى، ئاقتاش يېزىلىرىدا قۇرۇلمىدى) ۋە 17 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

1985 - يىلى جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلۇپ، خەلق تارماق بانكىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. ئىچكى قىسمىدا خەلق بانكىسى كەسپى ۋە پىلان - كرېدىت، كادىرلار - كاتىبات، بوغالتىرىيە، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، كاسسىرلىقتىن ئىبارەت 6 بۆلۈمچە قۇرۇلدى، 59 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 24، ئۇيغۇر 30. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 64كە يەتتى.

1987 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىلەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تىجارەت ئورنىنىڭ دەرىجىسى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ئاساسەن بوغالتىرلىق راسچوتى، ئاھالىلار پۇل ئامانىتى، نەق پۇل كاسسىرلىقى، بانكىلار ئارا مۇئامىلە، شۇنىڭدەك تۇرلۇك قەرز پۇل، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى مالىيىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوت - نەق چوتى، ئىناۋەتلىك ھاۋالە، مەسلىھەت بېرىش، ئۆي ئىسلاھاتى ۋە زايوم تارقىتىش - نەقلەشتۈرۈش قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىردى. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 7 دىن 18 گە كۆپەيدى.

## § 2 . پۇل

### 1 . پۇل تۈرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسەن گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) تۈرشاۋۇل ياردەمچى ئامبال، شىنجاڭ ھەربىي مۇپەتتىشى (گۇاڭدۇڭلۇق باش بۇغى) جاڭ ياۋ قۇيدۇرغان تەڭگە (كۈمۈش)؛ گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) باش مۇپەتتىش ليۇ جىنتاڭ قۇيدۇرغان داچەن (مىس)؛ گۇاڭشۈ

16 - يىلى (1890 - يىلى) ئۇرۇمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى باستۇرغان ياغ پۇل؛ گۇاڭشۇ 17 - يىلى (1891 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇيەتتىشى قۇربان بەگ ۋە سودا ئىشلىرى ئەمەلدارى باقى نىيازلار ئىجازەت ئېلىپ قۇيدۇرغان بىر مىسقاللىق، 2 مىسقاللىق، 3 مىسقاللىق (كۈمۈش) ۋە كېيىنكى يىلى قۇيدۇرغان 5 مىسقاللىق تەڭگە؛ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) پەرمانبەردار ۋاڭ شيۇتەن شاڭخەيدە باستۇرغان قەغەز پۇل «قىبرى ئەجدىھا پۇلى» (ئۇ يەنە قەشقەر پۇلى، كونا پۇل دەپمۇ ئاتالغان)، ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى قۇيغان «10 مىسقاللىق ساپ قىزىل مىس» داچىنى قاتارلىق پۇللار ئوبوروت قىلىندى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ناھىيە تەۋەسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى پۇللار ئوبوروت قىلىنغاندىن سىرت، مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) شىنجاڭنىڭ تۇتۇق بېگى ياڭ زېڭشىن باستۇرغان چوڭ ئەجدىھا پۇلى؛ مىنگو 2 — 3 - يىللىرى (1913 — 1914 - يىللىرى) شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسى تارقاتقان شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلى ۋە 100 يارماقلىق داچەنگە ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان قوشۇمچە پۇل (2 مىسقال 5 پۇڭ كۈمۈشكە سۇندۇرۇلىدۇ، ‹كۈچۈك پۇل› دەپمۇ ئاتالغان) ئوبوروت قىلىندى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان «فابى پۇلى» ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋ زېمىن قاتارلىق كىشىلەر بىر يۈەن بىرلىك قىلىنغان يېڭى ئۆلكە پۇلىنى تارقىتىپ، «سەرنى بىكار قىلىپ، يۈەنگە ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن، ئۆلكە ئىچىدە ئوبوروت بولۇۋاتقان تۈرلۈك كونا پۇللارنى يىغىۋالدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گوەنجىن پۇلىنى تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ بازىرىدا فابى، گوەنجىن، ئۆلكە پۇللىرى تەڭ ئوبوروت بولدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 8 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى فابى پۇلىنىڭ ئورنىغا (گوەنجىن پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئالتۇن دوللار پۇلىنى ئوبوروت قىلىشنى جاكارلىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۈمۈش دوللارنى بىرلىك قىلغان شىنجاڭ كۈمۈش دوللار پۇلىنى تارقىتىشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ كۈمۈش دوللار پۇلىنى تارقاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949 — 1952 - يىلغىچە ناھىيە تەۋەسىدە ئوبوروت بولغان پۇللار ئىچىدە كۈمۈش دوللار پۇلى، تەڭگىلەر بار ئىدى. 1952 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى تارقاتقان خەلق پۇلى (كونا خەلق پۇلى دېيىلىدۇ) بىر تۇتاش ئىشلىتىلدى ھەمدە بۇ پۇلغا كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن تەڭگە ئالماشتۇرۇپ يىغىۋېلىندى. 1955 - يىل 3 - ئايدا دۆلەت يېڭى نۇسخىدىكى خەلق پۇلىنى تارقىتىپ، كونا خەلق پۇلىنى تېگىشىۋالدى. يېڭى خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى بىر پۇڭ، 2 پۇڭ، 5 پۇڭ، 10 پۇڭ، 20 پۇڭ، 50 پۇڭ، بىر يۈەن، 3 يۈەن، 5 يۈەندىن ئىبارەت 10 خىل ئىدى. 1957 - يىلى بىر پۇڭ، 2 پۇڭ، 5 پۇڭلۇق 3 خىل ئاليۇمىن پارچە پۇل ۋە يېشىل رەڭلىك 2 يۈەنلىك، قارامتۇل يېشىل رەڭلىك 20 پۇڭلۇق پۇللار تولۇقلاپ تارقىتىلدى. 1965 - يىلى 10 يۈەنلىك، 1980 - يىلى 50 يۈەنلىك ۋە 100 يۈەنلىك پۇللار تارقىتىلدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە بىر پۇڭ، 2 پۇڭ، 5 پۇڭ، 10 پۇڭ، 20 پۇڭ، 50 پۇڭ، بىر يۈەن، 2 يۈەن، 5 يۈەن، 10 يۈەن، 50 يۈەن، 100 يۈەنلىك يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلدى.

## 2. پۇلنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە داچەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق پۇلى ئىدى، ئۇنىڭغا كۈمۈش تېگىشكىلى بولاتتى، كېيىن تارقىتىلغان ياغ پۇل، قەغەز پۇللار، 10 مىسقاللىق قىزىل مىس داچەنلەر يۇقىرىقى داچەننى چۆرىدىگەن ھالدا ئىشلىتىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئوبوروت بولغان پۇللارنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى**

ئىقتىساد: 14 — 1 ـ جەدۋەل

| | | | |
|---|---|---|---|
| پارچە كۈمۈش بىر سەر | داچېڭ تېڭگىلىكى پۇلىغا | 400 يارماق | |
| تەڭگە (5 مىسقال كۈمۈش) بىر دانە | | 200 يارماق | |
| ياغ پۇل بىر پارچە | | 400 يارماق | بىر سەر پارچە كۈمۈش |
| بىر مىسقاللىق تەڭگە بىر دانە | | 40 يارماق | |
| 2 مىسقاللىق تەڭگە بىر دانە | | 80 يارماق | |
| 3 مىسقاللىق تەڭگە بىر دانە | | 120 يارماق | |
| 5 مىسقاللىق تەڭگە بىر دانە | | 200 يارماق | بىر دانە تەڭگە |
| قىبرى ئەجدىھا پۇل 100 پارچە | | 400 يارماق | بىر سەر پارچە كۈمۈش |
| 10 مىسقاللىق قىزىل مىس پۇل بىر دانە | | 10 يارماق | |

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 20 ـ يىلى (1840 ـ يىلى) دىن كېيىن، بازاردا كۈمۈش ئاساسلىق ئوبوروت قىلىندى. گۇاڭشۇ 19 ـ يىلى (1893 ـ يىلى) شىنجاڭ چارروسىيە بىلەن قىلغان سودا 244 مىڭ 200 رۇبلىدىن ئېشىپ، نۇرغۇن كۈمۈش چەتكە ئېقىپ كەتتى، نەتىجىدە كۈمۈش ئېغىر دەرىجىدە قىس بولۇپ كەتتى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چىڭ سۇلالىسى قويدۇرغان داچەن بىلەن كىچىك «قىبرى ئەجدىھا پۇل» داۋاملىق ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) «قىبرى ئەجدىھا پۇل»، «مەھكىمە خەزىنىسىنىڭ هۆكۈمەت پۇلى» 400 يارماقلىق داچەنگە، «كىچىك پۇل» 100 يارماققا تېگىشىلدى. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) ئۆلكىلىك بانكا 3 سەر، 5 سەر، 10 سەرلىك چوڭ سوممىلىق قەغەز پۇل تارقىتىپ، مال باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى، بىر سەر ئالتۇننىڭ باھاسى 700 سەر ئۆلكە پۇلىدىن 4000 سەرگە ئۆرلىدى. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) ئۆلكە پۇلى تېخىمۇ كۆپ تارقىتىلىپ، بازاردا بىر يۈەن كۈمۈش دوللار پۇل 180 سەر ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىلدى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) بازاردا نەنجىڭ گومىنداڭ هۆكۈمىتى تارقاتقان فابى پۇلى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى، ئۇنىڭ باشقا پۇللار بىلەن بازاردىكى سۇندۇرما نىسبىتى مۇنداق بولدى: شىنجاڭنىڭ بىر يۈەن ئۆلكە پۇلى مىنگونىڭ 24 ـ يىلى بىر يۈەن فابى پۇلىغا، ئەسلىدىكى 2000 سەر ئۆلكە پۇلىغا، مىنگونىڭ 31 ـ يىلى 5 يۈەن فابى پۇلىغا، 25 پۇڭ گوۋەنجىن پۇلىغا تېگىشىلدى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ فابى پۇلى بازاردا كۆپلەپ ئوبوروت قىلىنىپ، پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقتى، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى قىممىتى 500 يۈەنلىك قەغەز پۇل تارقاتتى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) يەنە 200 يۈەن، 500 يۈەن، 2000 يۈەنلىك 3 خىل قەغەز پۇل تارقاتتى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ئۆلكىلىك بانكا 5000 يۈەن، 10 مىڭ يۈەن، 20 مىڭ يۈەن، 100 مىڭ يۈەن، 200 مىڭ يۈەن، 500 مىڭ يۈەن، 1 مىليون يۈەن، 3 مىليون يۈەن، 6 مىليون يۈەنلىك چوڭ سوممىلىق قەغەز پۇل تارقاتتى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان قەغەز پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 6 مىليون يۈەندىن 30 مىليون يۈەن، 60 مىليون يۈەن، 600 مىليون يۈەن، 3 مىليارد يۈەن، 6 مىليارد

يۈەنگە كۆتۈرۈلدى، بازاردا مال باھاسى بىر كۈندە نەچچە قېتىم ئۆرلىدى. شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۈمۈش دوللار پۇلىنى تارقاتتى، بازاردا بىر كۈمۈش دوللار پۇلى بىر يۈەن تەڭگىگە، ئەسلىدىكى 6 مىليارد يۈەنلىك ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق پۇلى، كۈمۈش دوللار پۇلى ۋە 1955 ـ يىلى تارقىتىلغان يېڭى خەلق پۇلىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مۇنداق بولدى: 35 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلى بىر يۈەن كۈمۈش دوللار پۇلىغا، 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلى بىر يۈەن يېڭى خەلق پۇلىغا تېگىشىلدى.

## 3 . پۇل ئوبوروتى

مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرى مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، پۇلنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى، كىشىلەر پۇلنىڭ ئورنىغا ماددىي نەرسە ساقلايدىغان بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق تەدبىر قوللىنىلىپ، سىياسەت تەشۋىق قىلىنىپ، پۇل قويۇشقا چاقىرىق قىلىنىپ، پۇل تارقىتىش تىزگىنلىنىپ، ئوبوروت تەڭشىلىپ، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىدىكى جىددىيلىك ۋە كونا جەمئىيەتتىن قالغان پۇل پاخاللىقى تۈگىتىلىپ، مال باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتۇرۇلدى، شۇنداقلا ئالتۇن، كۈمۈش بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋۇيسكا ئېپىپ ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىۋېلىنىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى، پۇلنىڭ نورمال ئوبوروتى ئىگىلەندى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1955 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 14 — 2 ـ جەدۋەل  بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي كىرىم | ئومۇمىي چىقىم | تارقىتىلغان پۇل | خەزىنىگە يىغىلغىنى | يىللار | ئومۇمىي كىرىم | ئومۇمىي چىقىم | تارقىتىلغان پۇل | خەزىنىگە يىغىلغىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1959 — 1955 | 4629.3 | 4804.8 | 175.5 | | 1979 — 1975 | 5757.9 | 6435.5 | 677.6 | |
| 1964 — 1960 | 4542.4 | 4486.6 | | 55.8 | 1985 — 1980 | 17649 | 24247.9 | 6598.9 | |
| 1969 — 1965 | 5478.9 | 5158.1 | | 321.1 | 1990 — 1986 | 29775 | 42006 | 12231 | 24247.9 |
| 1974 — 1970 | 4818.3 | 5358.1 | 5340 | | | | | | |

# § 3 . كرېدىت

## 1 . سودا ـ سانائەت قەرز پۇلى

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قەرز پۇل بېرىش تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەت كۆپ خىل يول ۋە كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ قەرز پۇل بېرىپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بەردى. 1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قەرز پۇلنىڭ مۇھىم

نۇقتىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشكە يۆتكەلدى.

1954 ـ يىلى خەلق تارماق بانكىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قەشقەر كوناشەھەرنىڭ سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى ئاجىز ئىدى. 1955 ـ يىلى سودا ـ سانائەت قەرز پۇلى قالدۇقىغا ئاشلىق، تاشقى سودىلارنىڭكىنى قوشقاندا تارقىتىلغان قەرز پۇل 3 مىليون 333 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قەرز پۇلى 4000 يۈەن بولۇپ، سودا ـ سانائەت قەرز پۇلى قالدۇقىنىڭ ئاران %13.0نى ئىگىلىدى؛ سودا قەرز پۇلى ئاشلىق بىلەن تاشقى سودا قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 3 مىليون 329 مىڭ يۈەن بولۇپ، سودا ـ سانائەت قەرز پۇلىنىڭ %88.99نى ئىگىلىدى. 1957 ـ يىلغىچە سانائەت قەرز پۇلى 31 مىڭ يۈەنگە كۆتۈرۈلدى. 1960 ـ يىلى سودا قەرز پۇلى كۆپىيىپ 10 مىليون 165 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 2.05 ھەسسە ئۆرلىدى. سانائەت قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 136 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 35 ھەسسە ئۆرلىدى. 1977 ـ يىلى سانائەت قەرز پۇلى قالدۇقى 160 مىڭ يۈەن بولدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن سانائەت قەرز پۇلى تەدرىجىي ئۆرلەپ، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە 837 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1961 ـ يىلدىن باشلاپ، گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئېنىقلىنىپ، قەرز بېرىش توختىتىلدى. 1962 ـ يىلدىن كېيىن كارخانىلارنىڭ بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالىرى ئېنىقلىنىپ، قەرز پۇل بېرىش تىزگىنلەندى. 1966 — 1976 ـ يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قەرز پۇلنى بېسىۋالغان ماددىي ئەشيا ئازايدى. 1985 ـ يىلى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇلۇپ، قەرز پۇل بېرىشكە چەك قويۇلۇپ، پىلانلىق، نىشانلىق ھالدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە قانۇنلۇق كوللېكتىپ، يەككە كارخانىلارغا مەدەت بېرىلدى. 1955 ـ يىلى ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 1 مىليون 276 مىڭ يۈەن ئىدى، 1969 ـ يىلى ئەڭ ئاز بولۇپ 138 مىڭ يۈەن بولدى، 1983 ـ يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ 6 مىليون 146 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ 1958 ـ يىلىدىكى قالدۇقى 110 مىڭ يۈەن ئىدى، 1962 ـ يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1959 ـ يىلى ئەڭ ئاز بولۇپ، 15 مىڭ يۈەن بولدى. تەمىنات ـ سودا قەرز پۇلىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى قالدۇقى 588 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1958 — 1960 ـ يىلغىچە ۋە 1971 — 1974 ـ يىلغىچە قەرز بېرىلمىدى، 1969 ـ يىلى قەرز پۇل 5 مىليون 735 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1967 ـ يىلى قەرز پۇل ئەڭ كۆپ بېرىلىپ 6 مىليون 361 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە سانائەت، سودا، ئاشلىق ، تەمىنات ـ سودا قاتارلىقلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا بىر ئاز كۆپەيدى، سانائەت قەرز پۇلى 1986 ـ يىلدىكى 2 مىليون 680 مىڭ يۈەندىن 1990 ـ يىلى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، سودا قەرز پۇلى 27 مىليون 960 مىڭ يۈەندىن 56 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، ئاشلىق قەرز پۇلى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەندىن 23 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، تەمىنات ـ سودا قەرز پۇلى 3 مىليون 730 مىڭ يۈەندىن 8 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى

**1) كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى** 1954 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى. كوپېراتىپقا كىرگەنلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى كوپېراتىپلىشىش پاي فوندى قوشتى، بىر قىسىم كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار كوپېراتىپقا كىرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن پاي فوندىنى تاپشۇرالمىدى، خەلق تارماق بانكىسى مالىيە كۈچىنى ۋاقتىدا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا 2 مىليون 180 مىڭ يۈەن ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى تارقىتىپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە كوپېراتىپلىشىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

2) ئەزالارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 1955 — 1985 - يىلغىچە ناھىيىلىك بانكا ئەزالارغا 7 مىليون 260 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

3) ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە ئۈسكۈنە قەرز پۇلى 1955 — 1983 - يىلغىچە ناھىيىلىك بانكا مەخسۇس كۆرسەتكۈچ ئاجرىتىپ، خەلق گۇڭشېسى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە 8 مىليون 547 مىڭ يۈەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى تارقاتتى.

4) ئاشلىق، پاختا زاكالەت سومىسى قەرز پۇلى 1960 — 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئاشلىق، پاختا زاكالەت سومىسى ئۈچۈن 3 مىليون 370 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

5) يېزىلاردىكى نۇقتىلىق ئائىلىلەر، كەسپىي ئائىلىلەر قەرز پۇلى 1979 — 1985 - يىلغىچە ناھىيىلىك بانكا ۋاقتىدا مەبلەغ ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزىلاردا ئوتتۇرىغا چىققان نۇقتىلىق ئائىلە ۋە كەسپىي ئائىلىلەرگە 14 مىليون 121 مىڭ يۈەن قەرز بەردى (ئامانەت قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان قەرز پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

6) ھەقسىز مەبلەغ سېلىش 1959 — 1985 - يىلغىچە ناھىيىلىك بانكا ناھىيىلىك مالىيىگە ۋە يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ، خەلق گۇڭشېسى (يېزا) نىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئورۇنلىرىغا دۆلەتنىڭ 10 مىليون 332 مىڭ يۈەن ھەقسىز مەبلىغىنى تارقىتىپ بەردى.

7) ئارتىلىپ قالغان قەرز پۇللارنى كەچۈرۈم قىلىش ناھىيە بويىچە 1961 - يىلدىن ئىلگىرى ئارتىلىپ قالغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن 850 مىڭ يۈەن كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى، 320 مىڭ يۈەن نامرات ئەترەتلەر قەرز پۇلى يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىپ، كەچۈرۈم قىلىندى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1955 — 1990 - يىلغىچە تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇللىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى

ئىقتىساد: 14 — 3 - جەدۋەل

| يىللار | سانائەت قەرز پۇلى | سودا قەرز پۇلى | ئاشلىق قەرز پۇلى | تاشقى سودا قەرز پۇلى | تەمىنات - سودا قەرز پۇلى | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى: جەمئىي | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ | يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى قەرز پۇلى | زاكالەت سوما قەرز پۇلى | باشقا قەرز پۇل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 0.4 | 205.3 | 127.6 | — | 58.8 | 16.1 | — | 1.3 | — | — |
| 1956 | 1.8 | 259.1 | 108.5 | — | 108 | 201.4 | — | 1.4 | — | — |
| 1957 | 3.1 | 217 | 212.4 | — | 208.8 | 160.4 | — | 1.7 | — | — |
| 1958 | 0.9 | 578 | 260.4 | 11 | — | 88 | — | — | — | — |
| 1959 | 8.8 | 762 | 325.4 | 1.5 | — | 92 | — | — | — | — |
| 1960 | 13.6 | 669.4 | 327.4 | 19.7 | — | 142.7 | 40.3 | 1.2 | 1.6 | — |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| — | 0.6 | — | 31.3 | 54.3 | 58.4 | 65.8 | 135.6 | 485.3 | 11.4 | 1961 |
| 10.2 | 0.6 | — | 25.8 | 53.9 | 347.6 | 66 | 113 | 265.5 | 1.5 | 1962 |
| 21.7 | — | — | 22.9 | 46.8 | 281.5 | 29.2 | 134.4 | 210.7 | 0.7 | 1963 |
| — | 3.8 | — | 27.5 | 81.5 | 267.8 | 14.9 | 239.4 | 303.8 | 0.5 | 1964 |
| 21.7 | 1.6 | — | 32.3 | 96.6 | 454.2 | 5 | 221 | 324.6 | 2.4 | 1965 |
| — | 14.6 | — | 39.6 | 115.2 | 430 | 9.6 | 151.7 | 230.8 | 4 | 1966 |
| — | 12 | — | 42.9 | 135.4 | 636.1 | 22.8 | 123.1 | 179.2 | 4.1 | 1967 |
| — | 13.7 | — | 34.6 | 126.6 | 754 | 27.8 | 86.8 | 126.4 | 4.1 | 1968 |
| — | 15.4 | — | 39 | 132.3 | 573.5 | 23.2 | 13.8 | 152.2 | 4.1 | 1969 |
| — | 7.6 | — | 38.8 | 128.1 | 2732 | 23.2 | 106.4 | 196.6 | 2.6 | 1970 |
| — | 10.9 | — | 33.4 | 92.4 | — | 20.2 | 113.4 | 540.6 | 1.1 | 1971 |
| — | 17 | — | 28.5 | 83.8 | — | 20.7 | 86 | 435.1 | 0.1 | 1972 |
| — | 10.2 | — | 27.1 | 71.1 | — | 2.2 | 102.3 | 578.6 | — | 1973 |
| — | 18 | — | 34.8 | 74.8 | — | 2.4 | 94 | 419.6 | — | 1974 |
| — | 27.6 | — | 33.4 | 84.2 | 213.9 | 7.7 | 76.1 | 338 | 2 | 1975 |
| — | 5.5 | — | 21.5 | 137.7 | 148.1 | 10.4 | 49.3 | 196.8 | — | 1976 |
| — | 8.7 | — | 40.6 | 216.7 | 181.9 | 10.4 | 32.9 | 261.7 | 16 | 1977 |
| — | 4.3 | — | 39.4 | 262.5 | 159.8 | 13.3 | 53.5 | 251.2 | 19.2 | 1978 |
| — | 4.6 | — | 25.7 | 365.1 | 138.2 | 10.4 | 71.5 | 241 | 19.7 | 1979 |
| — | 3.9 | 2 | 42.6 | 867.9 | 80.9 | 9.3 | 172.3 | 292.5 | 25 | 1980 |
| — | 2.7 | 0.4 | 49.4 | 345.3 | 116.4 | 11.9 | 309.1 | 544.6 | 23.8 | 1981 |
| — | 0.6 | — | 160.3 | 419.9 | 110.3 | 11.7 | 359.8 | 578.1 | 12 | 1982 |
| — | 0.6 | — | 44 | 754.1 | 155 | 11.2 | 614.6 | 845 | 17.7 | 1983 |
| — | 0.6 | — | 783 | 1068.2 | 235.3 | — | 515.2 | 787.6 | 63.8 | 1984 |
| — | — | — | 904 | 1196.5 | 157.7 | — | 299.9 | 671.2 | 83.7 | 1985 |
| 109 | — | — | — | — | 373 | — | 102 | 2796 | 268 | 1986 |
| 332 | — | — | — | — | 310 | — | 38 | 2630 | 267 | 1987 |
| 817 | — | — | — | — | 123 | — | 58 | 3532 | 273 | 1988 |
| 1201 | — | — | — | — | 143 | 22 | 47 | 3308 | 255 | 1989 |
| 1699 | — | — | — | — | 878 | 43 | 2390 | 5696 | 392 | 1990 |

## 4 § . پۇل ئامانىتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پۇل ئامانەت كەسپىدە، ئاساسەن، قەرەللىك ئامانەت، قەرەلسىز ئامانەت ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتلىق پۇل ئامانەتلىرى بىجىرىلدى. 1956 - يىلىدىن ئىلگىرى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئامانەت ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1956 - يىلى قەرەلسىز مۇكاپاتلىق پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 1958 - يىلى پارچە قويۇپ، توپ ئالىدىغان مۇكاپاتلىق قەرەللىك پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. 1983 - يىلى تارقىتىلغان مۇكاپاتلىق پۇل ئامانەت چېكىنىڭ سوممىسى 30مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى بازاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 3 مىليون 415 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 3 ھەسسە، 1955 - يىلدىكىدىن 67.3 ھەسسە ئاشتى؛ يېزىلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 10 مىليون 71 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 3.38 ھەسسە، 1955 - يىلدىكىدىن 67.97 ھەسسە ئاشتى.

1990 ـ يىلى ئامانەت قويۇلغان پۇل 96 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلى ئامانەت قويۇلغان 26 مىليون 927 مىڭ يۈەنىنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى؛ بازاردىكى پۇل ئامانىتى 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 3.8 ھەسسىسىگە، 1978 ـ يىلدىكىنىڭ 18.4 ھەسسىسىگە، 1955 ـ يىلدىكىنىڭ 329 ھەسسىسىگە، يېزىلاردىكى پۇل ئامانىتى 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 1.4 ھەسسىسىگە، 1978 ـ يىلدىكىنىڭ 16.7 ھەسسىسىگە، 1955 ـ يىلدىكىنىڭ 278 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تۈرلۈك پۇل ئامانىتىگە دائىر مەلۇمات

ئىقتىساد: 14 — 4 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي ئامانەت پۇلى | كارخانا ئامانەت پۇلى | يەرلىك مالىيىنىڭ ئامانەت پۇلى | ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ ئامانەت پۇلى | باشقا ئامانەت پۇل | يەرلىكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلى | بازار پۇل ئامانىتى | يېزا پۇل ئامانىتى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 55.4 | 6 | — | 29.8 | — | — | 5 | 14.6 | — |
| 1960 | 375.7 | 21.9 | 22.3 | 21.7 | — | 1.5 | 68.1 | 240.2 | 134.1 |
| 1965 | 425.3 | 52.8 | 8.4 | 34.4 | — | 10.9 | 34.5 | 284.3 | 171.4 |
| 1970 | 534 | 113.4 | 41.5 | 63.2 | — | 13.5 | 45.7 | 256.7 | 122.5 |
| 1975 | 662.4 | 210.4 | 72.4 | 87.6 | 0.6 | 8.8 | 64.1 | 218.5 | 138.7 |
| 1980 | 667.5 | 95.4 | 35.7 | 38 | — | 8.4 | 98 | 392 | 88.9 |
| 1985 | 2692.7 | 247.5 | 132.9 | 81.7 | — | 162.1 | 341.5 | 1727 | 769.2 |
| 1990 | 9627 | 3468 | 71 | 161 | 110 | 107 | 1651 | 4059 | 3028 |

## § 5 . زايوم

1950 ـ يىلى دۆلەت ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان (ناتۇرا) خەلق «غالىبىيەت» زايومى (ماددىي نەرسە ھېسابات ئۆلچىمى قىلىنىدۇ) تارقاتتى، بۇ زايوم، ئاساسەن، دېھقانلارغا تارقىتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 9810 پارچە سېتىلدى، 1956 ـ يىلى دىرى بىلەن ئۆسۈمى تولۇق قايتۇرۇلدى. 1954 — 1958 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقاتتى، ھەر قايسى قاتلام خەلقى تارقىتىش ئوبيېكتى قىلىندى، ناھىيە بويىچە 375 مىڭ يۈەنلىك زايوم سېتىلدى، 1968 ـ يىلىغا كەلگەندە، دىرى بىلەن ئۆسۈمى تولۇق قايتۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى دۆلەت كارخانا ۋە كارخانىلارغا مەسئۇل تارماقلار شۇنىڭدەك، يەرلىك ھۆكۈمەت، ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلات، كەسپىي ئورۇنلار، ھەربىي قىسىم، يېزىلاردىكى باي كوللېكتىپ، ئەترەتلەرگە دۆلەت خەزىنە چېكى تارقاتتى، ناھىيە بويىچە 59 مىڭ يۈەنلىك خەزىنە چېكى سېتىۋېلىندى. 1982 — 1985 ـ يىلغىچە دۆلەت ھەر يىلى ئىدارىلاردىن باشقا، ئىشچى ـ خىزمەتچى، شەھەر ئاھالىلىرىگىمۇ خەزىنە چېكى تارقاتتى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 1 مىليون 330 مىڭ يۈەنلىك خەزىنە چېكى، 30 مىڭ يۈەنلىك

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش زايومى بولۇپ، 1 مىليون 360 مىڭ يۈەنلىك خەزىنە چېكى ۋە زايوم سېتىۋېلىنىپ، 1981 — 1985 ـ يىلغىچە سېتىۋېلىنغان 943 مىڭ يۈەندىن 0.44 ھەسسە ئاشتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئىلگىرىكى يىللاردا سېتىۋېلىنغان زايوم ۋە خەزىنە چېكى سوممىسى

ئىقتىساد: 14 — 5 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | زايوم نامى | سوممىسى | ئىلاۋە | يىللار | زايوم نامى | سوممىسى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | ماددى ئەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان خەلق ئالىيجانىيەت زايومى | 9810 (پارچە) | 1956 ـ يىلى دىرى ۋە ئۆسۈمى قايتۇرۇلدى | 1983 | خەزىنە چېكى | 20.5 | |
| 1954 | دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى | 5.6 | | 1984 | خەزىنە چېكى | 22.3 | |
| 1955 | دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى | 7.5 | | 1985 | خەزىنە چېكى | 34.8 | |
| 1956 | دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى | 6.9 | | 1986 | خەزىنە چېكى | 29 | |
| 1957 | دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى | 8.5 | | 1987 | خەزىنە چېكى | 16 | |
| 1958 | دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى | 9 | 1968 ـ يىلى دىرى قايتۇرۇلۇپ، ئۆسۈمى بېرىلدى | 1988 | خەزىنە چېكى | 37 | |
| 1981 | خەزىنە چېكى | 5.9 | | 1989 | خەزىنە چېكى | 26 | |
| 1982 | خەزىنە چېكى | 10.8 | | 1990 | خەزىنە چېكى، دۆلەت نۇقتىلىق قۇرۇلۇش زايومى | 28 | بۇنىڭ 250 مىڭ يۈەنى خەزىنە چېكى؛ 30مىڭ يۈەنى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش زايومى |

## § 6 . سۇغۇرتا

قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇغۇرتا شىركىتى 1953 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە تېرىلغۇ ئۆلاغلىرىنى سۇغۇرتىلاش كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ كېلگەيتتى، 1955 ـ يىلى بۇ ئىش توختىدى. 1981 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. بۇ باشقارما ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى، كارخانا مۈلكى سۇغۇرتىسى، ئائىلە مۈلكى سۇغۇرتىسى، يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى، يېزىلارنىڭ باقمىچىلىق كەسپى سۇغۇرتىسى، خامان ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، ئوقۇغۇچىلار ئامانلىق سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانى ھادىسە سۇغۇرتىسى، شوپۇرلار جىسمانى سۇغۇرتىسى، ۋېلىسىپىت سۇغۇرتىسى قاتارلىق سۇغۇرتا تۈرلىرىنى يولغا قويدى.

1983 — 1985 ـ يىللىرى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى، ئائىلە مۈلكى، شوپۇرلار جەمانىي سۇغۇرتىسى، ۋېلسىپىت، كارخانا مۈلكى، خامان ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ۋە كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جەمانىي ھادىسە سۇغۇرتىسى قاتارلىقلار بويىچە سۇغۇرتىلاندى.

1988 ـ يىلى سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 4 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى، سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 273 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلان %113.6 ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە: كارخانا مۈلكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 58 مىڭ يۈەن بولۇپ، سۇغۇرتا ھەققىنىڭ %26.4نى؛ ئائىلە مۈلكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 41 مىڭ يۈەن بولۇپ، %15نى؛ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 72 مىڭ يۈەن بولۇپ، %26.4نى؛ يۈك ترانسپورت سۇغۇرتا كىرىمى 5000 يۈەن بولۇپ، %1.8نى؛ كۆتۈلمىگەن جەمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى كىرىمى 8000 يۈەن بولۇپ، %2.9نى؛ دېھقانچىلىق سۇغۇرتا كىرىمى 54 مىڭ يۈەن بولۇپ، %19.8نى ئىگىلىدى. سۇغۇرتا كەسپى چىقىمى 108 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۆلەم بېرىش نىسبىتى %39.6كە يەتتى.

1990 ـ يىلى سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 3 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى، سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 412 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا مۈلكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىڭ يۈەن بولۇپ، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمىنىڭ %3.8نى؛ ئائىلە مۈلكى سۇغۇرتا كىرىمى 87 مىڭ يۈەن بولۇپ، %21.1نى؛ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى كىرىمى 183 مىڭ يۈەن بولۇپ، %44.4نى؛ يۈك ترانسپورت سۇغۇرتا كىرىمى 13 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.2نى؛ جەمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 35 مىڭ يۈەن بولۇپ، %8.5نى؛ دېھقانچىلىق سۇغۇرتا كىرىمى 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، %14.6نى ئىگىلىدى. سۇغۇرتا كەسپى چىقىمى 158 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۆلەم بېرىش نىسبىتى %38.36 بولدى. 1988 ـ يىلدىكىدىن كارخانا مۈلكى، جەمانىي، دېھقانچىلىق سۇغۇرتىلىرى بويىچە تۆلەم بېرىش نىسبىتى تۆۋەنلىدى؛ ئائىلە مۈلكى، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى، يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىلىرى بويىچە تۆلەم بېرىش نىسبىتى بىر ئاز ئۆرلىدى، ئومۇملاشتۇرۇپ تۆلەم بېرىش نىسبىتى بىر ئاز تۆۋەنلىدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 1987 — 1990 ـ يىللىقچە بولغان سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى

ئىقتىساد: 14 — 6 ـ جەدۋەل بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | جەمئىي | مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى | | | | | | | جەمانىي سۇغۇرتا | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كىچىك جەمئىي | كارخانا مۈلكى سۇغۇرتىسى | قاتناش قوراللىرى ۋە مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى | يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى | ئائىلە مۈلكى سۇغۇرتىسى | دېھقانچىلىق سۇغۇرتىسى | باشقىلار | كىچىك جەمئىي | ئاددىي جەمانىي سۇغۇرتا | كوللېكتىپ جەمانىي ۋە كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى |
| 1987 | 18.1 | 17.6 | 5.8 | 6.7 | 0.8 | 3 | 1.3 | | 0.5 | | |
| 1988 | 27.3 | 26.5 | 5.8 | 10.7 | | 4.1 | 5.4 | 0.5 | 0.8 | | 0.8 |
| 1989 | 35.2 | 34.3 | 6.8 | 13.9 | 1 | 7.4 | 5.2 | | 0.9 | | 0.9 |
| 1990 | 41.2 | 37.7 | 3.4 | 18.3 | 1.3 | 8.7 | 6 | | 3.5 | 0.5 | 3 |

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 1987 — 1990 - يىلغىچە بولغان سۇغۇرتا كەسپىي چىقىمى**

ئىقتىساد: 14 — 7 - جەدۋەل    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | جەمئىي | مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى | | | | | | | جىسمانىي سۇغۇرتا | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كىچىك جەمئىي | كارخانا مۈلكى سۇغۇرتىسى | قاتناش قوراللىرى ۋە مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى | يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى | ئائىلە مۈلكى سۇغۇرتىسى | دېھقانچىلىق سۇغۇرتىسى | باشقىلار | كىچىك جەمئىي | ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا | كوللېكتىپ جىسمانىي ۋە كۆزلەنمىگەن زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسى |
| 1987 | 5.6 | 5.4 | 3.9 | | | 1.4 | 0.1 | | 0.2 | | 0.2 |
| 1988 | 10.8 | 10.3 | 0.4 | 2.3 | 5.4 | | 1.8 | 0.4 | 0.5 | | 0.5 |
| 1989 | 17.5 | 17.4 | | 2.8 | 0.1 | 11.1 | 3.4 | | 0.1 | | 0.1 |
| 1990 | 15.8 | 15.5 | | 8.3 | | 4.9 | 2.3 | | 0.3 | | 0.3 |

## XV باب

# شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش

1952 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىلىپ چىققى، ئەسلىدىكى ناھىيە بازىرى ۋە بازار ئەتراپى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ۋە ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار 1955 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان توققۇزاققا كۆچتى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭى ناھىيە بازىرى — توققۇزاق 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا توققۇزاق رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، ناھىيە بويىچە خېلى چوڭ بازارلارنىڭ بىرى ئىدى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، 1958 - يىلى بۇ يەردە بازار تەسىس قىلىندى. شۇندىن كېيىنكى 30 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش داۋامىدا ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرى، ماگىزىن، تۇرالغۇ، سۇ - ئېلېكتر، قاتناش شۇنىڭدەك، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى.

1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنى قۇردى، ئۇنىڭدا 5 كادىر بار بولدى، بۇ ئىدارە شەھەر -يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. مەمۇرىي جەھەتتە بۇ ئىدارىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇردى. كەسپىي

جەمئىيەت ۋىلايەتلىك شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى باشقۇردى. ئۇنىڭ قارمىقىدا مەمۇرىيەت - مالىيە ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش مۇھىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش پونكىتى، مۇھىت ئاسراش ئىشخانىسى، ئەمگەك - ئىش ھەققىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى، ئوزۇبا سۇيى شىركىتى بىلەن قۇرۇلۇش شىركىتى ئۇنىڭغا قارىدى.

1989 - يىل 7 - ئايدا مۇھىت ئاسراش ئەترىتى شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇ ئىدارىدە 34 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 40 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 25.

# §1. ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆي - جاي قۇرۇلۇشى

## 1. قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1955 - يىلى ناھىيە ئورگىنى توققۇزاققا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ناھىيىلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى (كېيىن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلۇپ، 1 - تۈركۈم قۇرۇلۇش — ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى، ج خ ئىدارىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ۋە ناھىيىلىك شىپاخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆيلىرىنى سېلىشقا باشلىدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 239 كورپۇس، 1796 ئېغىزلىق، 37 مىڭ 595 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ھەرخىل ئۆي - ئىمارەت پۈتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى كېسەك بىلەن سېلىنغان، ئۆگزىسى بېلىق سىرتى قىلىپ ياغاچ بىلەن يېپىلغانىدى. تۇرالغۇ ئۆيلەر كىچىكرەك، قۇرۇلۇش ئۆلچىمى تۆۋەنرەك بولۇپ، ئادەتتە، بىر ئائىلە بىر يېرىم ئېغىزلىق، 30 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە تۇراتتى، تېگى توپا، ھويلىسى يوق ئىدى.

60 - يىللاردا ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، 1969 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 126 كورپۇس، 813 ئېغىزلىق، 22 مىڭ 378 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي سېلىندى. بۇ مەزگىلدە 3 يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى باشتىن كۆچۈرگەچكە، تەرەققىيات ئاستا بولدى، تۇرالغۇ ئۆي ۋە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشلىرى تەڭلا تۇتۇلدى، قۇرۇلمىسى ۋە ئۆلچىمى ئاساسەن 50 - يىللاردىكى بىلەن ئوخشاش بولدى.

70 - يىللاردا، بولۇپمۇ ئاخىرقى مەزگىللەردە، ئۆي قۇرۇلۇشى خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، 555 كورپۇس، 3289 ئېغىزلىق، 90 مىڭ 164 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئۆي سېلىندى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 - يىللاردىكىنىڭ 4 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كەلدى، كېسەك تام سېلىش خىش تام، خىش - سېمونت تام سېلىشقا ئۆزگەردى. مەسىلەن: يېمەكلىك زاۋۇتى، ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتى قاتارلىقلار 2 — 3 قەۋەتلىك سېلىندى، كىنوخانا 2 قەۋەتلىك كىنو - تىياتىر قويۇش زالى سالدى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى 2 قەۋەتلىك مۇلازىمەت بىناسى سالدى. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئەسلىدىكى بىر ئېغىزلىق ياتاقلارنىڭ ئورنىغا يۈرۈشلۈك تۇرالغۇ ئۆيلەر سېلىندى. بىر يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي ئادەتتە 3 ئېغىزلىق رەسمىي ئۆيدىن كەم بولمىدى، بەزىلىرى كارىدورلۇق قىلىپ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 50 — 70 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولدى. ئۆيلەر ئاسما تورۇسلۇق قىلىندى، ئاستىغا خىش ياكى سېمونت ياتقۇزۇلدى، ئاددىي ئاشخانا، ئامبار سېلىندى، قورۇق تام ئېتىلدى، بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا بىر ھويلىدا

تۇرىدىغان بولدى.

1984 - يىلى نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرغاندىن كېيىن، شەھەر قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. قۇرۇلۇش شىركىتى ئەسلىدىكى 2 دىن 7 گە كۆپەيدى ھەم قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، 5 - دەرىجىلىك قۇرۇلۇش شىركىتى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ ئەترەت 3 قەۋەتتىن تۆۋەن قۇرۇلۇشلارنى قىلالايدۇ، 2 - يېنىك سانائەت سىستېمىسى بىناكارلىق كوپېراتىپى تەشكىللىدى. يېزا - بازارلاردا بىناكارلىق كارخانىسى 10 غا يەتتى. 1980 — 1984 - يىلغىچە 499 كورپۇس، 3174 ئېغىزلىق، 103 مىڭ 756 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي سېلىندى، بۇ 70 - يىللاردىكى 10 يىلدا سېلىنغان قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %115 ىگە تەڭ. ئىمارەتلەر خىش - سېمونت بىلەن ئېگىز قەۋەتلىك سېلىنىدىغان بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىنا 20 گە، ئۆي 365 ئېغىزغا، كۆلىمى 16 مىڭ 918 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %6.45 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېگىزى 4 قەۋەتكە يەتتى. 1985 - يىلدىكى ئومۇمىي تەكشۈرۈشتە، نامىيە بازىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي 1470 كورپۇس، 9270 ئېغىز، 258 مىڭ 545 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكىسى 946 كورپۇس، 7059 ئېغىز، 210 مىڭ 131 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %81.27 نى ئىگىلەيدۇ؛ كوللېكتىپنىڭ 62 كورپۇس، 301 ئېغىز، 8887 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %3.44 نى ئىگىلەيدۇ؛ خۇسۇسىلارنىڭ 466 كورپۇس، 1910 ئېغىز، 39 مىڭ 527 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %15.29 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي كۆلەم ئىچىدە، خىش - سېمونت بىلەن سېلىنغىنى 25 مىڭ 363 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %9.81 نى، خىش، ياغاچ بىلەن سېلىنغىنى 9467 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %3.66 نى ئىگىلەيدۇ. باشقا قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر 223 مىڭ 715 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %86.53 نى ئىگىلەيدۇ؛ غەيرىي تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 126 مىڭ 209 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %48.82 نى، تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 132 مىڭ 336 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %51.18 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرغاندا، نامىيە بازىرىدىكى 1867 ئائىلىنىڭ ھەربىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.9 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغىنى 923 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %16.9 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6 — 8 كۋادرات مېتىر كېلىدىغىنى 359 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %19.3 نى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4 — 6 كۋادرات مېتىر كېلىدىغىنى 231 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %12.4 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4 كۋادرات مېتىر ئىچىدىكىسى 38 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %2 نى ئىگىلەيدۇ.

1990 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، نامىيە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 314 مىڭ 319 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكىسى 257 مىڭ 450 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %82 نى؛ كوللېكتىپنىڭ 13 مىڭ 575 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %4 نى؛ خۇسۇسىلارنىڭ 43 مىڭ 294 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %14 نى ئىگىلىگەن. ئومۇمىي كۆلەم ئىچىدە، 1949 - يىلدىن ئىلگىرى سېلىنغىنى 4652 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %1.5 نى؛ 50 - يىللاردا سېلىنغىنى 37 مىڭ 595 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %12 نى؛ 60 - يىللاردا سېلىنغىنى 22 مىڭ 378 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %7.1 نى؛ 70 - يىللاردا سېلىنغىنى 90 مىڭ 164 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %28.7 نى؛ 80 - يىللاردا سېلىنغىنى 148 مىڭ 121 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %47 نى؛ 1990 - يىلى سېلىنغىنى 11 مىڭ 409 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %3.6 نى ئىگىلىگەن. ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا، پولات چوۋىق، بېتون بىلەن سېلىنغىنى 2455 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ %0.8 نى؛ خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغىنى 58 مىڭ 571 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %18.6 نى؛ خىش، ياغاچ بىلەن سېلىنغىنى 122 مىڭ 265 كۋادرات مېتىر بولۇپ،

9.3%نى؛ كېسەك، ياغاچ بىلەن سېلىنغىنى 241 مىڭ 24 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 76.7%نى ئىگىلىگەن. ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سانائەت - قاتناش، ئامبار ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 48 مىڭ 996 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 15.6%نى؛ سودا، مۇلازىمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگىنى 30 مىڭ 895 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 9.8%نى؛ مائارىپ، تېببىي داۋالاش، پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 29 مىڭ 55 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 9.2%نى؛ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 5310 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1.7%نى؛ ئىشخانا قىلىپ ئىشلىتىلگىنى 47 مىڭ 108 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 15%نى؛ تۇرالغۇ ئۆي قىلىپ ئىشلىتىلگىنى 152 مىڭ 955 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 48.7%نى ئىگىلىگەن.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى يەرلەرنىڭ 1985 - يىلدىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 15 — 1 - جەدۋەل بىرلىكى: كۋادرات مېتىر

| يەر ئىشلەتكەن سىستېما | ئەمەلىي ئىگىلەنگەن يەر | تۇرالغۇ ئۆي ئۈچۈن ئىگىلەنگەن يەر | غەيرىي تۇرالغۇ ئۆي ئۈچۈن ئىگىلەنگەن يەر | ھويلا - ئاراملار ئىگىلىگەن يەر |
|---|---|---|---|---|
| مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار | 196454 | 16744 | 13248 | 166462 |
| سانائەت سىستېمىسى | 6575 | 734 | 772 | 5069 |
| قاتناش سىستېمىسى | 74058 | 7054 | 5321 | 61683 |
| سودا سىستېمىسى | 184258 | 14413 | 23222 | 146623 |
| تاشقى سودا سىستېمىسى | 44404 | 2968 | 4417 | 37019 |
| مالىيە، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى | 91618 | 4890 | 6642 | 80086 |
| ئاشلىق سىستېمىسى | 118641 | 5486 | 13093 | 100062 |
| مەدەنىيەت سىستېمىسى | 876425 | 3812 | 5153 | 867460 |
| مائارىپ سىستېمىسى | 160719 | 9964 | 12902 | 137853 |
| سەھىيە سىستېمىسى | 34726 | 5302 | 4610 | 24814 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق سىستېمىسى | 343436 | 12018 | 13853 | 317565 |
| بىناكارلىق - قۇرۇلۇش سىستېمىسى | 19073 | 960 | 1578 | 16535 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سىستېمىسى | 1066 | 227 | | 839 |
| پەن تەتقىقات سىستېمىسى | 19757 | 2029 | 2553 | 15175 |
| سىياسىي - قانۇن سىستېمىسى | 37363 | 5019 | 4360 | 27984 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار | 33419 | 1188 | 4873 | 27358 |
| شەخسىي ئۆي | 304516 | 39527 | | 264989 |
| جەمئىي | 2546508 | 132335 | 116597 | 2297576 |

## 1985 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 15 — 2 - جەدۋەل

| تۇرالغۇ ئۆي باشقۇرغۇچى سىستېما | تۇرالغۇ ئۆي (كۋادرات مېتىر) | | | ئولتۇراقلىشىش سەۋىيىسى | | | ئولتۇراقلىشىش ھالىتى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قۇرۇلۇش كۆلىمى | ئىشلىتىش كۆلىمى | ئولتۇرۇش كۆلىمى | ئولتۇرغان ئائىلە سانى | ئولتۇرغان نوپۇس | ئوتتۇرىچە ئولتۇرۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئوتتۇرىچە 3 — 5 كۋادرات مېتىر | | ئوتتۇرىچە 5 كۋادرات مېتىردىن ئاشقىنى | |
| | | | | | | | نوپۇس | كۆلەم | نوپۇس | كۆلەم |
| مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار | 16744 | 10870 | 8935 | 255 | 1007 | 8.7 | 47 | 154.4 | 960 | 8781 |
| سانائەت - قاتناش سىستېمىسى | 734 | 336 | 336 | 10 | 35 | 9.6 | 5 | 19.6 | 30 | 316 |
| قاتناش سىستېمىسى | 7054 | 4734 | 4541 | 132 | 529 | 8.2 | 11 | 30.5 | 518 | 4510 |
| سودا سىستېمىسى | 14413 | 10140 | 8181 | 204 | 851 | 9.6 | 16 | 57.5 | 835 | 8124 |
| تاشقى سودا سىستېمىسى | 2968 | 1920 | 1744 | 43 | 191 | 9 | | | 191 | 1744 |
| مالىيە، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى | 4890 | 3232 | 3092 | 76 | 310 | 10.3 | 7 | 27.8 | 303 | 3064 |
| ئاشلىق سىستېمىسى | 5486 | 3677 | 3193 | 89 | 339 | 9.4 | | | 339 | 3183 |
| مەدەنىيەت سىستېمىسى | 3812 | 2430 | 2027 | 53 | 215 | 9.4 | 9 | 31.5 | 206 | 1996 |
| مائارىپ سىستېمىسى | 8864 | 5146 | 4364 | 124 | 537 | 9.3 | 10 | 34 | 527 | 4330 |
| سەھىيە سىستېمىسى | 5302 | 3285 | 2940 | 83 | 293 | 10 | 6 | 23.8 | 287 | 2916 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق سىستېمىسى | 12018 | 8133 | 7247 | 189 | 789 | 9 | 36 | 128.2 | 753 | 7119 |
| بىناكارلىق سىستېمىسى | 960 | 653 | 585 | 14 | 38 | 15.4 | | | 38 | 585 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىستېمىسى | 267 | 134 | 134 | 5 | 14 | 9.6 | | | 14 | 134 |
| پەن تەتقىقات سىستېمىسى | 2029 | 1453 | 1102 | 32 | 113 | 9.7 | 5 | 18 | 108 | 1084 |
| سىياسىي - قانۇن سىستېمىسى | 5019 | 3423 | 3112 | 76 | 355 | 9.8 | | | 355 | 3112 |
| كوللېكتىپ سىستېما | 2288 | 1494 | 1427 | 36 | 156 | 9.1 | | | 156 | 1427 |
| خۇسۇسىي ئۆي | 39527 | 2664 | 21388 | 444 | 1997 | 10.7 | | | 1987 | 21388 |
| جەمئىي | 132375 | 63724 | 74348 | 1865 | 7769 | 166.8 | 152 | 525.3 | 7607 | 73813 |


قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ خەرىتىسى
N
1 پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى
2 پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى
3 تۇرۇبا سۈيى شىركىتى
4 دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى
5 ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون پونكىتى
6 تۆر زاۋۇتى
7 باسمىخانا
8 يېمەكلىك شىركىتى
9 بازار
10 شىنخۇا كىتابخانىسى
11 توپ مەيدانى
12 پوچتا - تېلېگراف ئائىلىلىكلەر قورۇسى
13 رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى
14 مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپى
15 يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى مۇداپىئەلىنىش پونكىتى
16 يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى
17 يېزا ئىگىلىك بانكىسى
18 ئەمگەك، سۇغۇرتا شىركىتى
19 2 - بىنا سانائەت ئىدارىسى
20 قۇرۇلۇشچىلىق شىركىتى
21 2 - بىنا سانائەت بىناكارلىق ئەترىتى
22 ياغاچ ماتېرىيال پونكىتى
23 دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى (1)

ئىقتىساد: 15 — 3 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: كۋادرات مېتىر

| | تۈرلەر | جەمئىي | ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ئۆي | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئۆزى باشقۇرىدىغان مۈلۈك | كوللېكتىپ ئورۇنلار ئۆزى باشقۇرىدىغان مۈلۈك | خۇسۇسىي مۈلۈك |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى | جەمئىي | 942957 | 302910 | 257450 | 13575 | 43294 |
| | پولات، بېتون قۇرۇلمىلىق | 1615 | 1415 | 1615 | | |
| | پولات چۆيۈق، بېتون قۇرۇلمىلىق | 848 | 848 | 848 | | |
| | خىش، سېمونت قۇرۇلمىلىق | 58571 | 55003 | 55990 | 2581 | |
| | خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق | 12265 | 12265 | 12265 | | |
| | كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق | 241020 | 233179 | 186732 | 10994 | 43294 |
| قەۋەت سانى | بىر قەۋەتلىك | 281776 | | 225371 | 13280 | 43125 |
| | 2 — 3 قەۋەتلىك | 30268 | | 29804 | 295 | 159 |
| | 4 — 6 قەۋەتلىك | 2275 | | 2275 | | |
| ياسالغان يىلى | 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن | 4652 | | | | 4652 |
| | 50 ـ يىللاردا | 37595 | | 33589 | 399 | 3607 |
| | 60 ـ يىللاردا | 22378 | | 17585 | 1604 | 3189 |
| | 70 ـ يىللاردا | 90164 | | 70791 | 1483 | 17890 |
| | 80 ـ يىللاردا | 148121 | | 126154 | 8278 | 13689 |
| | 90 ـ يىللاردا | 11409 | | 9331 | 1811 | 267 |

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى (Ⅱ)

ئىقتىساد: 15 — 4 ـ جەدۋەل

| | | | تۈرلەر | جەمئىي | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئۆزى باشقۇرىدىغان مۈلۈك | كوللېكتىپ ئورۇنلار ئۆزى باشقۇرىدىغان مۈلۈك | خۇسۇسىي مۈلۈك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى (كۋادرات مېتىر) | | | جەمئىي | 314319 | 159950 | 13575 | 43294 |
| | ئولتۇراق ئۆي | | كىچىك جەمئىي | 152955 | 10611 | 3550 | 43294 |
| | | بۇنىڭ ئىچىدە: يۈرۈشلۈك ئولتۇراق ئۆي | يۈرۈش | 78 | 78 | | |
| | | | كۆلىمى | 5381 | 5381 | | |
| | سانائەت، قاتناش، ئامبار ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى | | | 48996 | 41171 | 7825 | |
| | سودا مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى | | | 30895 | 30597 | 298 | |
| | مائارىپ، تېببىي داۋالاش، پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى | | | 29055 | 29055 | | |
| | مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى | | | 5310 | 3310 | | |
| | ئىشخانا قىلىپ ئىشلىتىلگىنى | | | 47109 | 45206 | 1902 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئولتۇرۇش ئەھۋالى (كۋادرات مېتىر) | ئائىلە سانى | | 80 | 70 | 6 | 4 |
| | نوپۇس | | 7906 | 7859 | 25 | 22 |
| | قۇرۇلۇش كۆلىمى | | 57455 | 10611 | 3550 | 43294 |
| | ئوتتۇرىچە قۇرۇلۇش كۆلىمى | | 20.3 | 13.5 | | |
| | ئىشلىتىش كۆلىمى | | 3781 | 3303 | 248 | 230 |
| | ئوتتۇرىچە ئىشلىتىش كۆلىمى | | 0.48 | 11.7 | 9.8 | 10.4 |
| | ئولتۇرۇش كۆلىمى | | 3236 | 2908 | 228 | 100 |
| | ئوتتۇرىچە ئولتۇرۇش كۆلىمى | | 29.1 | 10.3 | 9.1 | 9.7 |
| ياشاش ئەھۋالى (ئائىلە) | ئاشخانا | مۇستەقىل ئىشلىتىدۇ | 369 | 322 | 25 | 22 |
| | ھاجەتخانا | مۇستەقىل ئىشلىتىدۇ | 64 | 42 | | 22 |
| | مۇنچا | بار | | | | |
| | تۇرۇبا سۈيى | مۇستەقىل ئىشلىتىدۇ | 337 | 300 | 25 | 12 |
| | ئېلېكتر چىراغ | بار | 369 | 322 | 22 | 25 |
| | پار | بار | 42 | 42 | | |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ 1990 - يىلدىكى ئەھۋالى (Ⅱ)

ئىقتىساد: 15 — 5 - جەدۋەل

| | | تۈرلەر | جەمئىي | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئۆزى باشقۇرىدىغان مۈلۈك | كوللېكتىپ ئورۇنلار ئۆزى باشقۇرىدىغان مۈلۈك | خۇسۇسىي ئۆي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلىلەرگە ئۆي يېتىشمەسلىك ئەھۋالى | | جەمئىي | 73 | 67 | 6 | |
| | ئۆي يوق ئائىلە | كىچىك جەمئىي | 47 | 47 | | |
| | | توي قىلغاندىن كېيىن ئۆيسىز ئائىلە | | | | |
| | | ئورالغۇ ئەمەس ئۆيلەردە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇۋاتقانلار | 32 | 32 | | |
| | | ۋاقىتلىق ئاددىي ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقانلار | 15 | 15 | | |
| | | تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىدە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇۋاتقانلار | | | | |
| | قولايسىز ئائىلە | كىچىك جەمئىي | 62 | 20 | 6 | |
| | | 3 ئەۋلاد بىر ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقانلار | 26 | | | |
| | | ئاتا - ئانىلار 12 ياشتىن ئاشقان باللىرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلار | 10 | 3 | 7 | |
| | | 12 ياشتىن ئاشقان قېرىنداشلار بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلار | 26 | 17 | 4 | |
| | | 2 ئائىلە بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلار | | | | |
| | قىستاڭ ئائىلە | كىچىك جەمئىي | | | | |
| | | 2 كۋادرات مېتىر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلار | | | | |
| | | 4 كۋادرات مېتىر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلار | | | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| [illegible] (كۋادرات مېتىر) | جەمئىي | 314319 | 107450 | 13575 | 43294 |
| | ئۆزى ئىشلىتىۋاتقىنى | 221213 | 16890 | 11029 | 43294 |
| | ئىجارىگە بەرگىنى | 93106 | 90560 | 2546 | |
| [illegible] (كۋادرات مېتىر) | ساق ئۆي | 108682 | 91359 | 6759 | 10594 |
| | ئاساسەن ساق ئۆي | 70923 | 58851 | 3752 | 8320 |
| | ئادەتتىكىچە بوزۇلغان ئۆي | 49759 | 38336 | | 10206 |
| | ئېغىر بوزۇلغان ئۆي | 41967 | 34782 | 229 | 6856 |
| | خەتەرلىك ئۆي | 43088 | 34122 | 1648 | 7318 |
| ئۆيلەرنىڭ ھازىرقى قىممىتى (يۈەن) | | 28527451 | 26132956 | 911783 | 1482712 |
| ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | | 2612326 | 2242294 | 48838 | 321194 |

## 2. ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار

1) كىنوخانا ئىتتىپاق يولىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3723.02 كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىنو - تىياتىر زالىنى 1977 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك 2 - قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان. زالنىڭ ئىچكى ساپ چات ئارىسى 20 مېتىر، ئەگمە تورۇسلۇق، ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ بوشلۇقى ئېگىز، كەڭ، ئاۋاز، چىراغ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش مۇئەسسەسەلىرى خېلى ياخشى، 930 ئورۇن بار، سەھنىسى كەڭ، گىرىم قىلىش، دەم ئېلىش، سەھنە سايمانلىرىنى قويۇش ئۆيلىرى تولۇق. كىنوخانىنىڭ ئالدى تەرىپىدە كەڭ كىرىش زالى بار، بىنا ئۈستىدە كىنو قويۇش بۆلۈمى ۋە كىچىك مەجلىسخانا بار. ئىشىك ئالدىدا سىرتقا چىقىرىلغان كەڭ لاپاس بولۇپ، ئۇنىڭ بىر يېنىدا بېلەتخانا، دۇكان؛ يەنە بىر يېنىدا 500 — 600 كىشىلىك مەجلىسخانا بار. 26 ئېغىز ئۆي كىنو - تىياتىر زالىغا ماسلاشتۇرۇلغان، بۇ يەر ئاز سانلىق مىللەت ۋە خەنزۇ ئاممىسى تەڭلا يىغىلىدىغان چوڭ يىغىن مەيدانىدىن ئىبارەت، پۈتۈش باھاسى 349 مىڭ 504 يۈەن.

يازلىق كىنوخانا 1982 - يىلى سېلىنغان، كۆلىمى 207.94 كۋادرات مېتىر، كىنوخانا مەيدانى 40 × 55 مېتىر، 3000 — 4000 ئادەم سىغىدۇ. ئاستىغا سېمونت ۋە خىش ياتقۇزۇلغان، ئالدى تەرىپىدە خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغان 2 قەۋەتلىك كىنو قويۇش بىناسى بار، ئۇنىڭدا 12 ئېغىز ئۆي بار، ئىككى تەرىپىدە 2 پولات دەرۋازا بار، پۈتۈش باھاسى 37 مىڭ 429 يۈەن.

2) قەشقەر كوناشەھەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربىي بېشىغا جايلاشقان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ 752.59 كۋادرات مېتىر، 50 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە 26 كورپۇس، 273 ئېغىز ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سىنىپ 42 ئېغىز، ئىشخانا 32 ئېغىز، تۇرالغۇ ئۆي 181 ئېغىز، مەجلىسخانا، ماشىنا ئۆيى، ئاشخانا ۋە باشقا ئۆيلەر 18 ئېغىز. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش، خىزمەت بىناسى 1984 - يىلى خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2590.96 كۋادرات مېتىر، پۈتۈش باھاسى 456 مىڭ يۈەن.

3) ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى قۇرۇلۇشى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 39 مىڭ 320

كۆادرات مېتىر، 50 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە 35 كورپۇس، 339 ئېغىز ئۆي سېلىنىدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 9034.2 كۆادرات مېتىر. بارلىق قۇرۇلۇش ئىچىدە خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغان ئۆي 2 كورپۇس، ئۇنىڭ بىرى ئارخىپخانا، يەنە بىرى دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى ۋە مەجلىسخانا، بۇلار 70 — 80 - يىللاردا سېلىنغان، كۆلىمى 621.3 كۆادرات مېتىر. قالغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى كېسەك بىلەن سېلىنغان. قۇرۇلۇش كۆلىمى ئىچىدە ئىشخانا %20نى، تۇرالغۇ ئۆي %59.6نى، زال، مەجلىسخانا %11.58نى، باشقىلار %8.82نى ئىگىلەيدۇ.

4) ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 26 مىڭ 385.25 كۆادرات مېتىر. 50 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە 32 كورپۇس، 398 ئېغىز، 10مىڭ 134.63 كۆادرات مېتىر ئۆي سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدە ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان خىزمەت بىناسى = 1982 - يىلى سېلىنغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسى بولۇپ، ئۇ خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى 3 قەۋەت، ئىككى يېنى 2 قەۋەت، شەكلى ھەيۋەتلىك، كۆركەم. 53 ئېغىز مەجلىسخانا، ئىشخانا بار، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2026.8 كۆادرات مېتىر. جەنۇبىي شىنجاڭ قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان، پۈتۈش باھاسى 330 مىڭ 371 يۈەن. قالغان ئىشخانىلار كېسەك بىلەن سېلىنغان، چات ئارىسى كەڭ، بېلىق سىرتى شەكلىدە يېپىلغان، ئۆگزىسى كۆزلەڭ، پوللىرى قىزىل سىرلانغان، ئىشىك، كەڭ، شەكلى ئاددىي، ھەيۋەتلىك، قۇرۇلۇش سۈپىتى خېلى ياخشى (50 - يىللاردا پۈتكەن).

5) مالىيە ئىدارىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى 1984 - يىلى پۈتكەن، بۇ ناھىيە بويىچە تۇنجى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، 2 قەۋەتلىك، خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 464.2 كۆادرات مېتىر، 6 يۈرۈش، بىنانىڭ ئالدى تام بىلەن توسۇلۇپ، ھويلا قىلىنغان، بىر ئائىلە بىر ھويلىدا ئولتۇرىدۇ. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئاستىنقى، ئۈستۈنكى قەۋەتلەردە 6 ئېغىز، 77.3 كۆادرات مېتىرلىق ئۆيى بار، ھويلىسى 30.75 كۆادرات مېتىر، ئۇنىڭدىن باشقا 9 كۆادرات مېتىرلىق بىر ئېغىز ئاشخانىسى بار. سۇ جۈمىكى ئورنىتىلغان، كەڭ، ئازادە، بىنانىڭ ئالدى قوش ئەگمە لەمپىلىك قىلىپ، گەج بىلەن نەقىشلەنگەن، قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

6) خەلق بانكىسىنىڭ خىزمەت بىناسى 1982 - يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1984 - يىلى پۈتكەن، ناھىيە ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا پار ئورنىتىلغان بىنا ھېسابلىنىدۇ، 3 قەۋەت، خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1246 كۆادرات مېتىر، 39 ئېغىز ئۆي بار، ئۇنىڭ ئىچىدە 291 كۆادرات مېتىرلىق بىر ئېغىز تىجارەت بۆلۈمى بار. پۈتۈش باھاسى 240 مىڭ يۈەن، ھەر بىر كۆادرات مېتىرنىڭ پۈتۈش باھاسى 192.64 يۈەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 4 ئېغىزلىق پارخانا، بىر ئېغىزلىق مۇنچا قوشۇپ سېلىنغان، كۆلىمى 180 كۆادرات مېتىر.

7) «قىزىل بايراق» ماگىزىنى 1983 - يىلى پۈتكەن خەلق يولى بىلەن زەمىن يولىنىڭ كېسىشكەن ئېغىزىغا جايلاشقان، خىش، سېمونت بىلەن 2 قەۋەت قىلىپ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1098.04 كۆادرات مېتىر، پۈتۈش باھاسى 205 مىڭ 333 يۈەن. دوقمۇش چىقىرىپ سېلىنغان، 2 كوچىغا قاراپ تۇرىدۇ، ئۇ ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ سودا تىجارەت بىناسى ۋە تىجارەت سورۇنى ھېسابلىنىدۇ.

8) خەلق دوختۇرخانىسى مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20 مىڭ 227.74 كۆادرات مېتىر. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 1985 - يىلغىچە 26 كورپۇس، 319 ئېغىز، 7012.4 كۆادرات مېتىر ھەرخىل ئۆي سېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە خىش، ياغاچ بىلەن سېلىنغىنى 1438.44 كۆادرات مېتىر (ھەممىسى ئامبۇلاتورىيە)، بۇ قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %20.51نى؛ 80 - يىللاردا سېلىنغىنى %54.67نى ئىگىلەيدۇ؛ بىۋاستە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاشقا ئىشلىتىلگىنى 86 ئېغىز،

2096.32 كۋادرات مېتىر، بۇ دوختۇرخانا كۆلىمىنىڭ 29.89%ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كېسەلخانا 2 كورپۇس، 47 ئېغىز، 1133.27 كۋادرات مېتىر، ئامبۇلاتورىيە بىر كورپۇس، 33 ئېغىز، 858.6 كۋادرات مېتىر، رېنتىگىن بۆلۈمى بىر كورپۇس، 6 ئېغىز، 104 مىڭ 145 كۋادرات مېتىر.

1986 — 1990 - يىلغىچە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ سېلىندى ياكى يېڭىدىن سېلىندى. ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش خىزمەت بىناسى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ماگىزىنىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى، ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ خىزمەت بىناسى، يەم ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىناسى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، پېشقەدەم كادىرلار پونكىتىنىڭ خىزمەت بىناسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى قاتارلىقلار سېلىندى.

## § 2. كوچا - يول قۇرۇلۇشى

### 1. كوچا - يوللار

1955 - يىلنىڭ بېشىدا ناھىيە بازىرى قۇرۇلدى، ئەينى چاغدا پەقەت خەلق يولى بىلەن غالىبىيەت يولىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، توپىلىق يول ئىدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، جەنۇبىي خەلق يولى، شىمالىي خەلق يولى، ئىشلەمچى يولى، شوغوز يولى، غالىبىيەت يولى، زەمىن يولى، مەنگەن يولى، ئىتتىپاق يولى ۋە مەدەنىيەت يولىدىن ئىبارەت 9 غول يول بارلىققا كەلدى، بۇ يوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9078.79 مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالت يول 4، ئۇزۇنلۇقى 4862.93 مېتىر. كېيىن يەنە بىرنەچچە قېتىم ياسالدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە يەنە 2875.03 مېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاسفالت يول 7737.96 مېتىرغا يەتتى.

1) جەنۇبىي ۋە شىمالىي خەلق يولى بۇ — ناھىيە بازىرىدىكى مەركىزىي يول بولۇپ، ناھىيە بازىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇ 314 - دۆلەت يولىنىڭ ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمىدۇر. بۇ يول شىمالدا بىناكارلىق شىركىتىدىن باشلىنىپ جەنۇبتا پاختا زاۋۇتىغا تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 2443.38 مېتىر، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 42 مېتىر، ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە كەڭلىكى 5.5 مېتىردىن پىيادىلەر ۋە ۋېلىسىپىت يولى، 9.5 مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلۋېغى ئېلىنغان، بۇ يول 1976 - يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

2) غالىبىيەت يولى بۇ يول غەربتە مەدەنىيەت يولى بىلەن، شەرق تەرەپتە ئىتتىپاق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 984.55 مېتىر، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 26 مېتىر، ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋېلىسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى ياسالغان، 2 رەت كۆكەرتىش بەلۋېغى بار، يول ئاسفالتلانغان.

3) مەدەنىيەت يولى بۇ يول شىمالدا زەمىن يولىغا، جەنۇبتا شوغوز يولىغا تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 780.42 مېتىر، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 22 مېتىر، ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى 9 مېتىر، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋېلىسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى ياسالغان، 2 رەت ئورمان بەلۋېغى ئېلىنغان، يول ئاسفالتلانغان.

4) ئىتتىپاق يولى    بۇ يول شىمالدا ئېلېكتر شىركىتىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا شوغۇز يولىغا تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1482.77 مېتىر، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 24 مېتىر، چوڭ يولنىڭ كەڭلىكى 9 مېتىر، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋېلىسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى ياسالغان، 2 رەت ئورمان بەلۋېغى بار، يول ئاسفالتلانغان.

5) زەمىن يولى    بۇ يول غەربتە زەمىن يېزىسىنىڭ 1 ـ چوڭ ئەترىتىگە، شەرقتە ئىتتىپاق يولىغا تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 914.2 مېتىر، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 28 مېتىر، چوڭ يولنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئىككى تەرىپىگە ۋېلىسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى ياسالغان، 2 رەت ئورمان بەلۋېغى ئېلىنغان، يول ئاسفالتلانغان.

6) مەڭگەن يولى    بۇ يول غەربتە خەلق يولىغا، شەرقتە بازارغا تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 598.5 مېتىر، مەڭگەن ئۆستىڭىگە يانداشقان، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 31 مېتىر، چوڭ يولنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر، 2 رەت ئورمان بەلۋېغى بار، شېغىل تۆكۈلگەن.

7) شوغۇز يولى    بۇ يول غەربتە كۆكتاتچىلىق چوڭ ئەترىتىگە، شەرقتە ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەتكە تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1132.62 مېتىر، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 30 مېتىر، چوڭ يولنىڭ كەڭلىكى 9 مېتىر، ئىككى تەرىپىگە ۋېلىسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى ياسالغان، 2 رەت ئورمان بەلۋېغى بار، يول ئاسفالتلانغان.

8) ئىشلەمچى يولى    بۇ يول غەربتە خەلق يولىغا تۇتىشىدۇ. شەرقتە كۆچەتخانىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىگىچە يېتىپ بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 742.33 مېتىر، يولغا ئاجرىتىلغان يەرنىڭ كەڭلىكى 18.5 مېتىر، چوڭ يولنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر، ئىككى تەرىپىدە 2 رەت ئورمان بەلۋېغى بار، شېغىل تۆكۈلگەن.

## 2. كۆكەرتىش

ناھىيە بازىرىدىكى يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆپ بولغاندا 5 رەتتىن (مەسىلەن: خەلق يولى)، ئاز بولغاندا 2 رەتتىن، 26 مىڭ 419 تۈپ دەرەخ كۆچەت تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆپرەكى شىنجاڭ سەگى تېرىكى. يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆكەرتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئېرىق چېپىلغان بولۇپ، بۇ ئېرىقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى يوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 2 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شوغۇز ئۆستىڭى بىلەن شىمالىدىكى مەڭگەن ئۆستىڭى ناھىيە بازىرىنى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتكەن، ناھىيە بازىرىنى كۆكەرتىشتە ئاساسەن مۇشۇ ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىلىدۇ. كۆكەرتىش، سۇغىرىش ۋە كوچا تازىلىقىغا 9 ئىشچى مەسئۇل قىلىنغان. بۇندىن باشقا ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ھويلىلىرىدا يول بويىغا ۋە ئىمارەتلىرىنىڭ يېنىغا دەرەخ تىكىلگەن ھەمدە گۈلتەكچە، گۈللۈكلەر ياسالغان. ئاھالىلەرنىڭ ھويلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۈزۈم، نەشپۈت، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئۈجمە قاتارلىق دەرەخلەر تىكىلىپ، ھويلا ـ ئاراملار بېزىلىپلا قالماي مۇھىتمۇ گۈزەللەشتۈرۈلگەن.

# § 3. ئاممىۋى مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

## 1. سۇ بىلەن تەمىنلەش

50 ـ يىللاردا ناھىيە بازىرى يېڭى قۇرۇلغاندا ئاھالىلەر كۆل سۈيى ئىچەتتى. ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى

كۆل بولغاندىن سىرت، چوغراق ئورۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۆلى بار ئىدى. ھەر يىلى قىش ئاخىرى، ئەتىيازنىڭ باشلىرىدا كۆل مۇز تۇتۇپ كەتكەن، ئېرىقلارغا سۇ كەلمىگەنلىكتىن، سۇ قىس بولۇپ كېتەتتى، بوران چىقىش، قار يېغىش ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن كۆل سۈيى بۇلغىنىپ كېتەتتى. 1964 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قورۇسىدا چوڭقۇرلۇقى 77 مېتىر كېلىدىغان تۇنجى ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىپ، قۇدۇقنىڭ يېنىغا كۆلچەك ياسالدى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەر قۇدۇق سۈيى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1966 - يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسىدا چوڭقۇرلۇقى 110 مېتىر كېلىدىغان 2 - ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىپ، قۇدۇقنىڭ يېنىغا 12 مېتىر ئېگىزلىكتە 30 توننا سۇ سىغىدىغان سۇ مۇنارى ياسىلىپ، سۇ تۇرۇبىلىرى ياتقۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاممىۋى سۇ جۈمەكلىرى ئورنىتىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئاممىنىڭ سۇ ئىشلىتىشىگە قولايلىق يارىتىلدى. 1984 - يىلى ھازىرقى تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قورۇسىدا 150 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قېزىلىپ، يېنىغا 30 مېتىر ئېگىزلىكتە 80 توننا سۇ سىغىدىغان بىر سۇ مۇنارى ياسالدى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەتتە 9 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، 2سۇ مۇنارىنى باشقۇراتتى. بىر يىلدا 200 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتكە ئىشلىتىلگەن سۇ 20 مىڭ توننا، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگەن سۇ 180 مىڭ توننا. ناھىيە بازىرىدا %78.6 ئاھالە تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. تۇرۇبا سۈيىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلەتكەن ئاھالە 592 ئائىلە، بۇ %31.7 نى؛ ئورتاق ئىشلەتكىنى 876 ئائىلە، بۇ %46.9 نى ئىگىلىدى. بۇندىن باشقا ئۆزى قۇدۇق قېزىپ سۇ مۇنارى ياسىغان ئورۇن 400، بۇ %21.4 نى ئىگىلىدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى 6806 مېتىرغا يەتتى، بۇ تۇرۇبىلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى بېسىملىق قۇيما تۇرۇبىلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىئامېتىرى 100 مىللىمېتىرلىقى 2489 مېتىر؛ 150 مىللىمېتىرلىقى 1182 مېتىر؛ 200 مىللىمېتىرلىقى 979 مېتىر؛ 250 مىللىمېتىرلىقى 806 مېتىر؛ 300 مىللىمېتىرلىقى 1350 مېتىر. يېڭى سۇ زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاتتىقلىق دەرىجىسى 25 گېرمان گرادۇسىغا يېتىدىغان سۇ بىلەن كۈنىگە 2100 نەچچە توننا تەمىنلىنىدىغان بولدى، ئومۇملىشىش نىسبىتى %85 كە يەتتى.

## 2. توك بىلەن تەمىنلەش

1958 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پۇل ئاجرىتىپ 50 كىلوۋاتلىق دىزېلماتورىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلىدىن 3 ئىشچىنى يۆتكەپ كېلىپ، توك چىقىرىشقا مەسئۇل قىلدى، چىقىرىلغان توك رادىئوغا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، قالغىنى ئورگان ۋە ئاھالىلەرنى يورۇتۇشقا ئىشلىتىلدى. 1965 - يىلى ئاپتونوم رايون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرى بىلەن قەشقەر ئارىلىقىغا 10 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىپ، ناھىيە بازىرىنى قەشقەر 3 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ بىرقەدەر مۇقىم توك مەنبەسى بار بولدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاھالىلەر تۇرمۇشىغىمۇ قولايلىق يارىتىلدى. 1976 - يىلى ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىستانسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى دەسلەپتە $800\times 3$ كىلوۋات ئىدى، كېيىن $2\times 800KW+1\times 320KW$ قا ئۆزگەرتىلىپ، يازلىق، كۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا كېرەكلىك توك دەسلەپكى قەدەمدە كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. سۇ ئازلاپ كېتىدىغان قىش پەسلىدە دىزېلماتور تەييارلىنىپ ۋاقىتلىق توك تارقىتىش ئارقىلىق سۇ بىلەن توك تارقىتىشتىكى يېتىشسىزلىك تولۇقلاندى.

ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان خەلق يولى، ئىتتىپاق يولى، مەدەنىيەت يولى، غالىبىيەت يوللىرىدا يول چىراغلىرى كېچىچە يېنىپ تۇرىدىغان بولدى، بۇ يوللارغا تۆۋەن بېسىملىق ناترىيلىق چىراغلاردىن 102 سى ئورنىتىلغان، ھەر بىرى 0.6 كىلوۋات كېلىدۇ.

## 3. مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساقلىق ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى

ناھىيە بازىرىدا بىر كىنوخانا، بىر سەنئەت ئۆمىكى، 3 ئاممىۋى قىرائەتخانا بار، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىچىدە ئويۇنخانا بار. ناھىيە بازىرىدا چىراغلىق توپ مەيدانىدىن 2 سى، بىر غالتەكلىك كانكى مەيدانى، 5 تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى بار.

## 4. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى

1977 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدىكى مەڭگەن يولى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قوراللىق بۆلۈم دەرۋازىسى ۋە «قىزىل بايراق» ماگىزىنىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى قاتارلىق جايلاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋاقىتلىق سودا بازىرى قۇرۇلغانىدى. 1977 - يىلى غالىبىيەت يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 48 مىڭ 726 كۋادرات مېتىر (65.6 مو) يەر ئاجرىتىلىپ مۇقىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قىلىپ قۇرۇلدى. سودا بازىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئورمان بەلۋېغى بار، شەرق، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىگە 3 دەرۋازا قويۇلغان. 1981 - يىلى كېسەك بىلەن 2 كورپۇس 34 ئېغىزلىق دۇكان سېلىندى، كۆلىمى 385.45 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1983 - يىلى خىش تۆۋرۈكلۈك 4 لاپاس سېلىندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 660 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سودا بازىرىنىڭ ئىچىدە ئاشلىق - ياغ بازىرى (40×60 مېتىر) ۋە مال بازىرى (60×80 مېتىر) ئۈچۈن مۇقىم يەر ئاجرىتىلىپ، قاشالانغاندىن باشقا مېۋە - چېۋە، كۆكتات، ياغاچ ماتېرىيال، ئوتۇن - سامان، گۆش، يېمەك - ئىچمەك بازارلىرى ئۈچۈن ئورۇن بەلگىلەپ بېرىلدى. سودا بازىرىدا يەنە بىر مال دوختۇرلۇق ئامبۇلاتورىيىسى، بىر قۇشخانا، 3 ھاجەتخانا، 20×50 مېتىرلىق بىر كۆل ۋە باج، بازار باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بار.

## 5. قاتناش

50 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە ناھىيە بازىرى (توققۇزاق) دىن قەشقەر شەھىرىگە كۆتەك هارۋا ياكى رېزىنكە چاقلىق ئات هارۋىسى قاتنايتتى. 1963 - يىلى قەشقەر 2 - ترانسپورت شىركىتى قارا ماشىنىدا يولۇچى توشۇشقا باشلىدى، كېيىنچە چوڭ ئاپتوبۇستا كۈنىگە بىر - ئىككى نۆۋەت توشۇيدىغان بولدى، بازار كۈنلىرى كۆپرەك قاتنىدى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى بۇ لىنىيىدە تىجارەت باشلاپ، قەشقەر ترانسپورت شىركىتى بىلەن كۈن ئالىلاپ نۆۋەتلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھىيە بازىرىدىن ئوپال، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق، تېرىم قاتارلىق يېزا - بازارلارغا ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بولدى. بۇندىن باشقا يەككە ئىگىلىكتىكى 6 ساياھەت ئاپتوموبىلى ۋە كوللېكتىپ، شەخسىيلەرنىڭ كىچىك 4 چاقلىق، رېزىنكە چاقلىق تراكتورلىرى شۇنداقلا قوشنا ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان يولۇچى، يۈك ئاپتوموبىللىرى يولۇچى، يۈك ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللاندى.

## § 4. تۈمەن دەرياسىدىكى بۇلغىنىش ۋە ئۇنى تۈزەش

تۈمەن دەرياسى تەخمىنەن 15 مىڭدىن ئارتۇق بۇلاق ۋە بىرمۇنچە ئۆتشاق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل

بولغان، ئۇ ئىلگىرى «سۈزۈك دەريا» دەپ نام ئالغان، ئىككى قىرغىقىدىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنى باقاتتى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا دەريا قىرغىقىدا زاۋۇت، دوختۇرخانىلارنى قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش نەتىجىسىدە، دەريا سۈيى بۇلغىنىشقا باشلىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 20 نەچچە ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش يۇندىلىرى، ئەخلەت ـ داشقاللىرى تۈمەن دەرياسىغا توختاۋسىز قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن، ئەسلىدىكى سۈپ ـ سۈزۈك دەريا سۈيى دۇغلىشىپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن. 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. 1985 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى، سۇچىلىق باشقارمىسى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى شەھەرلىك پىلانلاش ـ لايىھىلەش ئىشخانىسى، سۇچىلىق ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى، ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ بۇلغىنىش مەنبەسىنى تەكشۈردى. نەتىجىدە، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ كۈنىگە 70 توننا يۇندا تۆكىدىغانلىقى؛ قەشقەر ئۈچەي زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 200 توننىدىن 600 تونىغىچە يۇندا تۆكىدىغانلىقى؛ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كۈنىگە 200 توننا ئارىلاشما يۇندا تۆكىدىغانلىقى؛ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ كۈنىگە 6000 توننا يۇندا تۆكىدىغانلىقى؛ بۇندىن باشقا شەرقىي كۆۋرۈك سودا بازىرى ۋە قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دەريا سۈيىنى بىۋاستە بۇلغىغانلىقى، زىيىنىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

تۈمەن دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 125 مىليون كۇب مېتىر، مەلۇماتقا قارىغاندا يىلىغا 15 مىليون توننا يۇندا دەرياغا قويۇلىدىكەن، بۇ يۇندىلار دەريا سۈيى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ يۇندىلاردا نۇرغۇنلىغان زىيانلىق ماددىلار بولۇپ، نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرگەندە دەريانىڭ سۈيى تارتىلغان مەزگىلدە خلورلۇق ماددىلار دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان سېسىق پۇراق چىقارغان؛ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى (3 ـ دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى تەۋەسى) دا زەھەرلىك ماددىلار 0 بولغان بولسا، ئوتتۇرا ئېقىنى (تۇبېركۇليوز دوختۇرخانىسى تەۋەسى) دا 0.04 مىللىگرام/لىتىر بولغان؛ دەريانىڭ سۈيى تارتىلغان مەزگىلدە خىمىيىۋى بىرىكمىلەرنى تەكشۈرگەندە پارلىنىشچان فېنول ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.048 مىللىگرام/لىتىر بولۇپ، ئۆلچەمدىن 3.3 ھەسسە ئېشىپ كەتكەنلىكى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرگەندە ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 0.119 مىللىگرامغا يېتىپ، ئۆلچەمدىن 11 ھەسسە ئېشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۆلچەش نەتىجىسى باكتېرۇلوگىيە غىدىقلىغۇچى ھالەت كۆرسەتكۈچىنىڭ 1981 ـ يىلدىن بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

دەريا سۈيىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشى دەريا بويىدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا زور زىيان يەتكۈزدى. 70 ـ يىللاردا دەريا سۈيىنى ئىچىدىغان يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېسىدا ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەل بىمارلىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ كەتتى. 1981 ـ يىلى بۇ گۇڭشې بىر قۇدۇق قازغانىدى، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قۇدۇق سۈيىنىڭ ئىچىملىك سۇ ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلىشتا يېڭى يول ئېچىلدى. 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەت قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ غەمخورلۇقىدا دەريا بويىدا 16 قۇدۇق قېزىلدى، 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 35 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 120 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 16 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى. 1×800 كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق ترانسفورماتور پونكىتىدىن بىرى، سۇ مۇنارىدىن بىرى، ئېگىز كۆلچەكتىن بىرى ياسالدى، بېسىملىق باكتىن 18 ى، سۇ پومپىسىدىن 8 ى ئورنىتىلدى، 235 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، تۇڭلاشتىن ساقلىنىش ھالقىسىدىن 625 ى ئورنىتىلدى، 16 جايغا سۇ جۈمەكى ياسالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دەريا سۈيىدىكى بۇلغىمىلار تىزگىنلەندى. 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچەي زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا يۇندا تىندۇرۇش كۆلچىكى ياسىلىپ، سۈزۈك سۇ بىلەن مەينەت سۇ ئايرىم ئاقتۇرۇلدى. دەريا بويىدىكى 49 مىڭ 600 ئادەم، 97 مىڭ 200 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ تازىلىقى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى.

# XVI باب

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## § 1. پىلان باشقۇرۇش

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1957 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا پىلان، ئەمگەك - ئىش ھەققى باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكا بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا پىلان، مادىي ئەشيا، باھا، ستاتىستىكا قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى، ئۇلارغا 7 كادىر ئاجرىتىلدى. 1964 - يىلى پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك مالىيە - ئىقتىساد - پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى. 1969 - يىلى پىلان كەسپى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1974 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ پىلان، ستاتىستىكا، مادىي ئەشيا، باھا قاتارلىق كەسىپلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. 1979 — 1983 - يىلغىچە مادىي ئەشيا، باھا، ستاتىستىكىلار پىلان كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل تارماق بولدى. 1985 - يىلى پىلان كومىتېتىدا بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 3 كەسپىي كادىر قويۇلدى. 1990 - يىلى بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 5 كەسپىي كادىر قويۇلدى.

### 2. پىلان خىزمىتى

1) يىللىق پىلان ناھىيە بويىچە ھەر يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مالىيە - باج، سودا، مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت، ئەمگەك - ئىش ھەققى، نوپۇس قاتارلىقلار بويىچە بىر قېتىم يىللىق پىلان تۈزۈلەتتى. ئالدى بىلەن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار فاكچىن - سىياسەتلەرگە ئاساسەن ئۆز پىلانىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، ئەسقاتىدىغان بىرنەچچە خىل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى، بۇ لايىھەلەرنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى تەكشۈرۈپ، تەكلىپ پىلان تۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرەتتى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، يەنە پىلان كومىتېتىغا مەلۇم قىلاتتى، ئومۇملاشتۇرۇپ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق بىرنەچچە خىل لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرى مۇھاكىمە قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ، بۇ لايىھەلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى لايىھىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇنى يىللىق پىلان سۈپىتىدە رەسمىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈرەتتى. 1978 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي

يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، بولۇپمۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن پىلانلار ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەندى. مەسىلەن، 1974 — 1978 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتىنى يىلىغا %15 تىن، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1978 ـ يىلى %23 ئاشۇرۇش، پاختا مەھسۇلاتىنى يىلىغا %52 تىن، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1977 ـ يىلى %79 ئاشۇرۇش پىلانلانغان بولسىمۇ، بۇ كۆرسەتكۈچلەر ھەر يىلى ئىشقا ئاشماي كەلدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، پىلان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىندى. بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان قىسقارتىلىپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان كەڭ قوللىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ بازارنى تەڭشەش، بازار ئارقىلىق ئىقتىسادنى يېتەكلەش، پىلان بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈش فاكتېرىنىغا ئەمەل قىلىنغانلىقتىن، ئېچىۋېتىش ـ جانلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پىلان مۇھىم رول ئوينىدى. 1980 — 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتى ئۇدا 5 يىل ئاشتى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %18.15 ئاشتى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1986 ـ يىلدىكى 4470 توننىدىن 1990 ـ يىلغا كەلگەندە 8097 تونىغا يېتىپ، %81.14 ئاشتى؛ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1986 ـ يىلدىكى 101 مىڭ 150 توننىدىن 1990 ـ يىلى 116 مىڭ 899 تونىغا يېتىپ، %15.57 ئاشتى؛ سانائەت ـ قاتناش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1986 ـ يىلدىكى 11 مىليون 85 مىڭ 400 يۈەندىن 1990 ـ يىلى 62 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %462 ئاشتى؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1986 ـ يىلدىكى 4 مىليون 983 مىڭ يۈەندىن 1990 ـ يىلى 2 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ، %47 ئازىيىپ كەتتى.

2) 5 يىللىق پىلان ناھىيە ھەر 5 يىلدا بىر قېتىم 5 يىللىق پىلان تۈزىدۇ. 1953 — 1957 ـ يىلغىچە 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دېھقان ـ چارۋىچىلار يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ئالدىنقى 3 يىلدا يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات ئۇدا ئاشتى. 1952 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 1955 ـ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى %69.22 ئېشىپ، يىلىغا %19.16 تىن ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى %39 ئاشتى؛ 1957 ـ يىلى گەرچە مەھسۇلات زور دەرىجىدە كېمەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي مەھسۇلات يەنىلا 1952 ـ يىلدىكىدىن %17.4 ئاشتى؛ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى %8.89، ئومۇمىي مەھسۇلاتى %336.75 ئېشىپ، يىلىغا %63.46 تىن ئاشتى. 2 ـ بەش يىللىق پىلان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىگە توغرا كەلدى، بۇ چاغدا يۇقىرى كۆرسەتكۈچ قوغلاشقاچقا، پىلان ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن، 1957 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 1962 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى %33.45 ئازىيىپ كەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى %0.55 ئاشتى. 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ بەش يىللىق پىلانلارنىڭ كۆپىنچىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تۈزۈلگەن، ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، بەزى پىلانلار ماكرولۇق تىزگىنلەش رولىنى ھەقىقىي ئوينىيالمىدى. 5 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە (1980 ـ يىلى)، ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 447 مىڭ يۈەنگە، ئاشلىق مەھسۇلاتى 40 مىڭ 640 تونىغا، پاختا مەھسۇلاتى 727 تونىغا، كۆزگىچى ئەزالىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ تەقسىمات كىرىمى 45.10 يۈەنگە، يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليون 361 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ 3 بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتەلمىدى.

1981 — 1985 ـ يىلغىچە 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى بولۇپ، بۇ پىلان پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ تۈزۈلدى، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ئازايتىلىپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان كېڭەيتىلدى،

كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلۇپ، كادىر، ئىشچى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1980 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1985 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 125.57% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 130.27%، ئاشلىق مەھسۇلاتى 52.9%، پاختا مەھسۇلاتى 277.2%، ياغلىق دان مەھسۇلاتى 159.29%، قولدا قالغان چارۋا 8.11%، يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمى 26.63%، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 205.29% ئاشتى. 1986 ~ 1990 - يىلغىچە 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى بولۇپ، بۇ پىلان 6 - بەش يىللىق پىلان ئاساسىدا، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا تۈزۈلگەن. پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بىلەن يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننى تەڭ يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق، پاختا بازىرىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىگە ئاساسەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېمەيتىپ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. پاختىچىلىق تەدرىجىي ھالدا ناھىيىنىڭ تۈۋرۈك كەسىپىگە ئايلاندى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي باشقا كەسىپلەرنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. مەسىلەن: 1985 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1990 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 181.29%، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 159.78%، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 423%، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 801.63%، مالىيە كىرىمى 15%، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 155.88%، ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 104% ئاشقان.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 5 -، 6 -، 7 - بەش يىللىق پىلانلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 16 — 1 - جەدۋەل

| تۈرلەر | بىرلىكى | 5 - بەش يىللىق پىلان | | | 6 - بەش يىللىق پىلان | | | 7 - بەش يىللىق پىلان | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 5 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى يىل مەزگىلىدىكى سان | 80 - يىلى ئەمەلىي ئاشقان سان | پىلاننىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى (%) | 6 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى يىل مەزگىلىدىكى سان | 85 - يىلى ئەمەلىي ئاشقان سان | پىلاننىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى (%) | 7 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى يىل مەزگىلىدىكى سان | 90 - يىلى ئەمەلىي ئاشقان سان | پىلاننىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى (%) |
| سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تۈمەن يۈەن | 6210.5 | 4944.7 | 79.6 | 8906.5 | 10393.2 | 116.6 | 16800 | 29234.64 | |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تۈمەن يۈەن | 5920.5 | 4646.4 | 78.45 | 8406.5 | 9706.3 | 115.5 | 13900 | 25214.74 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | تۈمەن يۈەن | 5660 | 3389.6 | 59.8 | 8060 | 6618.2 | 82.1 | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | تۈمەن يۈەن | 34.8 | 402.8 | 1157.4 | 37.3 | 581.9 | 1568 | | 3043.91 | |
| قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى | تۈمەن يۈەن | 235.4 | 232.5 | 98.7 | 299.2 | 1470.4 | 491.4 | | 847.99 | |
| بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | تۈمەن يۈەن | 17.5 | 1.67 | 9.5 | 43 | 2048 | 5.7 | | 32.33 | |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تۈمەن يۈەن | 290 | 298.3 | 102.8 | 500 | 686.9 | 137.2 | 6230 | 6196.3 | |
| تۇز مەھسۇلاتى | توننا | 200 | 1856.1 | 928 | 300 | 3276 | 1092 | 1208 | 1248.3 | |
| ئاشلىق مەھسۇلاتى | توننا | 100000 | 40640 | 61.1 | 144000 | 93658.5 | 65 | 146.835 | 116899 | |
| پاختا مەھسۇلاتى | توننا | 5200 | 727 | 22 | 7500 | 4402 | 58.67 | 7800 | 8097 | |
| ياغلىق دان مەھسۇلاتى | توننا | 3450 | 820 | 37.89 | 4700 | 3388 | 72 | 14890 | 4236 | |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا | تۈمەن تۇياق | 30.91 | 24.3 | 118.4 | 34.3 | 39.9 | 115.1 | 53.2 | 48.5 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كالا | تۈمەن تۇياق | 3.48 | 3.4 | 97.7 | 3.78 | 4 | 108.4 | | 11.68 | |
| قوي | تۈمەن تۇياق | 20.33 | 27.6 | 135.7 | 21.98 | 29.6 | 134.6 | | 36.25 | |
| شۇ يىلى ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم | مو | 10000 | 52009 | 520 | 15000 | 48768 | 325.1 | 25000 | 19035 | |
| شۇ يىلقى مايسىزارلىق | مو | 10000 | 14925 | 142.9 | 15000 | 10338 | 68.9 | 3000 | 3623 | |
| مالىيە كىرىمى | تۈمەن يۈەن | 132.9 | 136.1 | 52.5 | 196 | 279.4 | 95.4 | 500 | 726.3 | |
| مالىيە چىقىمى | تۈمەن يۈەن | 1131 | 819.3 | 72.4 | 1475.2 | 2297.8 | 177.1 | 3012.6 | 3142 | |
| يېزىلاردىكى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى | يۈەن | | 45.1 | | | 172.2 | | | 440.62 | |
| ناھىيە بويىچە ئىشچى-خىزمەتچى | نەپەر | 5805 | 3778 | 65 | 7242 | 6858 | 94.1 | | 7721 | |
| ناھىيە بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى | تۈمەن يۈەن | 420.1 | 316.1 | 75.2 | 504.5 | 996.5 | 197.5 | | 2032.8 | |
| ناھىيە بويىچە كېسەل كارىۋىتى | دانە | 935 | 400 | 42.6 | 2000 | 687 | 34.3 | | 685 | |
| ناھىيە بويىچە تېبىبىي خادىم | نەپەر | 320 | 271 | 84.6 | 640 | 334 | 52.1 | | 395 | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بويىچە كىنوخانا | | 2 | 1 | 50 | 4 | 4 | 100 | | | |
| ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت يۇرتى | | 1 | 1 | 100 | 1 | 1 | 100 | | | |
| يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئائىلە | | 67217 | | | 66501 | | | | |
| يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس | ئادەم | 301401 | 167630 | 89.8 | 335171 | 289050 | 86.2 | | 337278 | |

ئىزاھات: ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

# 2 § . ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1961 - يىلى ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا ماددىي ئەشيا بۆلۈمى قىلىندى. 1963 - يىلى ئاپپاراتلار ئىخچاملانغاندا ماددىي ئەشيا بۆلۈمى بىكار قىلىنىپ، ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىغا قارايدىغان بولدى. 1965 - يىلى ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ۋىلايەت بويىچە بىر تۇتاش ھېسابات قىلىنىدىغان بولدى. 1971 - يىل 7 - ئايدا ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا كەسپى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا سانائەت - قاتناش - ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1976 - يىلى سانائەت - قاتناش - ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بىكار قىلىنىپ، يەنە ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىغا قارايدىغان بولدى. 1979 - يىلى ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، 3 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1988 - يىلى ماددىي ئەشيا ئىدارىسى ماددىي ئەشيا شىركىتى قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 10 غا يەتتى. 1990 - يىلى شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 14 كە يەتتى.

1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز پونكىتى قۇرۇلدى، 3 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 5 كە يەتتى، بۇ پونكىت مۇستەقىل ھېساب ئېچىپ، ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلدى.

## 2. تىجارەت باشقۇرۇش

ناھىيىنىڭ ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش تارمىقى ئاساسەن ناھىيىنىڭ ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۇ ئاساسەن مېتال، ماشىنا - ئېلېكتر سايمانلىرى، يېنىك سانائەت - خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت 4 چوڭ تۈرنى باشقۇردى، قوشۇمچە ھەرخىل مېتال، قاتناش، ئېلېكتر ۋە نېفىت، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز تىجارىتى قىلدى.

1966 - يىلدىن بۇرۇن ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى (بۆلۈم) نىڭ ئامبىرى يوق ئىدى، پەقەت ماددىي ئەشيالارنىڭ سانىنىلا پىلانلاپ، مال سېتىش تالونى كېسىپ بېرىپ، پۇل ۋە رەسمىيەت ھەققىنىلا تاپشۇرۇپ ئالاتتى، ماددىي ئەشيا سېتىۋالغۇچى مال ئېلىش تالونىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا

ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىدىن مالنى ئېلىۋالاتتى. ھۆججەتلەر ھەر ئايدا يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى، تىجارەت كىرىمىنى ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بىر تۇتاش ھېسابات قىلاتتى. 1966 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى 1600 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ناھىيە بازىرىغا ئامبار سالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سېتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئاپپاراتى باشقۇرىدىغان بولدى. 1971 ـ يىلى ناھىيىلىك سانائەت ـ قاتناش ـ ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، بارلىق تىجارەت قىلىنغان كەسىپلەرنىڭ ھېساباتىنى مۇشۇ ئىدارە ئۆزى قىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى تىجارەتتىن قىلىنغان سېتىش كىرىمى 316 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1974 ـ يىلى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 200 مىڭ يۈەن، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 241 مىڭ يۈەن بولدى، 4413.70 يۈەن پايدا ئېلىندى. 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە، سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېتال بۇيۇملار 159 مىڭ يۈەن، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى 50 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى 17 مىڭ يۈەن، ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى 608 مىڭ يۈەن، باشقىلار 17 مىڭ يۈەن؛ سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 842 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېتال بۇيۇملار 194 مىڭ يۈەن، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى 52 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى 20 مىڭ يۈەن، ماشىنا ـ ئېلېكتر سايمانلىرى 570 مىڭ يۈەن، باشقىلار 6000 يۈەن، 5599.2 يۈەن پايدا ئېلىندى.

1985 ـ يىلى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 575 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن %85.29، 1974 ـ يىلدىكىدىن 6.88 ھەسسە ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە مېتال بۇيۇملار %33.96 نى، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى %5.33 نى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى %22.54 نى، ماشىنا ـ ئېلېكتر سايمانلىرى %38.17 نى ئىگىلەيدۇ؛ سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن %63.75، 1974 ـ يىلدىكىدىن 4.44 ھەسسە، 1971 ـ يىلدىكىدىن 3.14 ھەسسە ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە مېتال %27.1 نى، يېنىك سانائەت ـ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى %7.02 نى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى %17.48 نى، ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى %48.4 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئېلىنغان پايدا 20 مىڭ 20 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 2.57 ھەسسە، 1971 ـ يىلدىكىدىن 65.8 ھەسسە ئاشتى.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇشقا ئەگىشىپ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە يۆتكىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي ئىسلاھات تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. 1988 ـ يىلى يولغا قويۇلغان ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شىركەتكە تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. 1988 — 1990 ـ يىللىقچە 3 يىللىق مۆھلەت بىلەن تۇنجى نۆۋەت ھۆددىگە بېرىلدى. مېخانىزمنىڭ يۆرۈلۈشى ۋە بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شىركەتنىڭ تىجارەت ئۇسۇلى پىلانلىق تەڭشەپ، بۆلۈپ بېرىش شەكلىدىن تىجارەت ـ مۇلازىمەت قىلىش شەكلىگە ئۆزگەردى. كارخانىدا ئومۇمىي خادىملار خەۋپ ـ خەتەر رەنە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىش ئېڭى كۈچەيتىلىپ، پايدىسىغا ئىگە بولۇپ، زىيىنىغا ئىگە بولمايدىغان خاھىشلار تۈزىتىلىپ، ئىچكى جەھەتتە قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، كارخانىنىڭ ھۆددىگەرلىك تىجارەت مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، بازار ئېھتىياجى ۋاقتىدا ئىگىلىنىپ، بازارلار ئېھتىياجلىق مال مەنبەسى تەشكىللەندى. تارىخىي پۇرسەت، ياخشى تۈزۈم شىركەتكە بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەردى. 1986 — 1990 ـ يىللىقچە شىركەتنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى يىلمۇ يىل يۇقىرى ئۆرلىدى، پايدىسى 1986 ـ يىلدىكى 10 مىڭ 600 يۈەندىن 1990 ـ يىلى 48 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %72 تىن ئاشتى، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 1986 ـ يىلدىكى 11 مىڭ يۈەندىن، 1990 ـ يىلى 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %60 تىن ئاشتى. 1990 ـ يىلى شىركەتنىڭ ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1974 ـ

يىلدىكىدىن %1360، 1980 - يىلدىكىدىن %243.5، 1985 - يىلدىكىدىن %85.4 ئاشتى؛ سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1971 - يىلدىكىنىڭ 8.39 ھەسسىگە، 1974 - يىلدىكىنىڭ 10.98 ھەسسىگە، 1980 - يىلدىكىنىڭ 3.15 ھەسسىگە، 1985 - يىلدىكىنىڭ 2.02 ھەسسىگە تەڭلەشتى. سېتىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە مېتال بۇيۇملارنىڭ 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، %33.58 نى؛ ماشىنا - ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، %30.19 نى، يېنىك سانائەت - خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، %23.4 نى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، %12.83 نى ئىگىلىدى.

## 3. ئۈسكۈنە، مۇئەسسەسە

ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتى كەسپىي تىجارەتنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، 1986 - يىلى 11 - ئايدا 29 مىڭ يۈەن قىممىتىدە، 3 يۈرۈش، 225 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆيى سالدى. 1990 - يىلى 46 مىڭ يۈەن قىممىتىدە 227 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز ئامبىرى سېلىندى، 1986 - يىلى 23 مىڭ يۈەنگە تاق رەت ئورۇندۇقلۇق «بېيجىڭ — 130» تىپلىق ئاپتوموبىلدىن بىرى سېتىۋېلىندى. 1988 - يىلى 33 مىڭ يۈەنگە تاق رەت ئورۇندۇقلۇق «بېيجىڭ — 130» تىپلىق ئاپتوموبىلدىن بىرى سېتىۋېلىندى، 1989 - يىلى 46 مىڭ يۈەنگە قوش رەت ئورۇندۇقلۇق ئاپتوموبىلدىن بىرى سېتىۋېلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى**

ئىقتىساد: 16 — 2 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: تونna

| تۈرلەر / يىللار | پولات ماتېرىيال | | | سېمونت | | | ئاپتوموبىل (دانە) | سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى | ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىستېمالى | جەمئىي | ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى | ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىستېمالى | | |
| 1960 | 50 | 35 | 15 | 340 | 90 | 250 | | |
| 1965 | 71.6 | 35 | 36.6 | 23 | | 23 | | |
| 1970 | 36 | 30 | 6 | 45 | | 45 | | |
| 1975 | 18 | 8.5 | 9.5 | 85 | | 85 | | |
| 1980 | 35.7 | 20.2 | 15.5 | 450 | | 450 | | |
| 1985 | 238 | 2 | 236 | 1107 | 4 | 1103 | | |
| 1986 | 553 | 343 | 210 | 2561 | 1234 | 1327 | 9 | |
| 1987 | 560 | 80 | 480 | 2670 | 70 | 2600 | 11 | |
| 1988 | 531 | 121 | 410 | 2674 | 200 | 2474 | 13 | |
| 1989 | 351 | 79 | 272 | 1070 | 398 | 672 | 13 | 35 |
| 1990 | 422 | 196 | 226 | 1952 | 1210 | 742 | 14 | 60 |

## § 3 . باھا باشقۇرۇش

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) قەشقەر ۋىلايىتىدە تاختاي باھا كومىتېتى قۇرۇلغانىدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك بازار باھاسى كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باھا كەسپى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، مەخسۇس باھا خادىمى قويۇلۇپ، باھا خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1964 - يىلى باھا كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مالىيە - ئىقتىساد - پىلان كومىتېتىدا ئىش بېجىردى. 1969 - يىلى باھا كەسپى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1974 - يىلى باھا كەسپى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىغا قارايدىغان بولدى. 1982 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىدا باھا بۆلۈمى ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى 3 باھا كادىرى قويۇلدى. 1984 - يىلى باھا بۆلۈمى باھا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئىدارىدە 3 كادىر بار بولدى، ئىدارە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارىمىقىدىكى مۇستەقىل تارماق بولدى. شۇ يىلى باھا ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا باھا تەكشۈرۈش ئورنى ۋە بېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى تەننەرخىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇلاردا 5 كادىر بار بولۇپ، ئۇلار ناھىيە تەۋەسىدە باھا بېكىتىش، باھا تەكشۈرۈش ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

### 2. باھا باشقۇرۇش

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) قەشقەر ۋىلايەتلىك تاختاي باھا كومىتېتى باھاسى كۆپرەك ئۆرلەپ - چۈشىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى مەجبۇرىي تەكشىلەش سىياسىتى قوللاندى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 3 باھا رايونىغا ئايرىلىپ، ئايرىم باھا بەلگىلەندى. ئاۋات، بەشكېرەم بىر باھا رايونى بولدى؛ ئوپال، تاشمىلىق بىر باھا رايونى بولدى؛ توققۇزاق بىر باھا رايونى بولدى. باھا رايونلىرىدىكى بۇغداي، گۈرۈچ، قارا ئاشلىق، ئوتۇن ۋە ياغلارنىڭ باھاسى ئايرىم بېكىتىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) بازارلاردىكى مال باھاسىدا ئالتۇن، ئاشلىق سېلىشتۇرما باھا قىلىنىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 37 — 38 - يىللىرى (1948 — 1949 - يىللىرى) گومىنداڭ سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكتىن ۋەزىيەت ئوراقسىزلىشىپ، ئىقتىساد ناچارلىشىپ پۇل پاخاللاشتى، ئاز ساندىكى قانۇنسىز سودىگەرلەر بېسىمدارلىق قىلغانلىقتىن، بازارلاردىكى باھا قالايمىقانلىشىپ، ھەسسىلەپ ئۆسۈپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتىكى تاۋار باھاسى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ كەتكەن، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن ھايانكەش سودىگەرلەر ۋە قانۇنسىز سودىگەرلەرنىڭ بازارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش پائالىيەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، بازارلاردىكى مال باھاسىنى تەدرىجىي مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزدى. خەلق ئىگىلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن باھا خىزمىتىگە «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش» سىياسىتى قوللىنىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ رەھبەرلىكىدە بازارنى بىر تۇتاش پىلانلاش تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى. تاۋار باھاسى ئاساسەن دۆلەت تەرىپىدىن رايون ئايرىمىسى بويىچە بىر تۇتاش بەلگىلىنىپ، تەڭشىلىدىغان بولدى.

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شەھەر - يېزىلار ئارىسىدىكى ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ،

يېزىلاردىكى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، دۆلەت «ئۆزئۆزىن يولغا توشۇپ ساتقانلارنى مۇكاپاتلاش، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش، ئىستېمالچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشتىن ئىبارەت 3 كە پايدىلىق بولۇش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، بازارلاردىكى تاۋار باھاسىنى تەدرىجىي مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تەدرىجىي پىلانلىق ئىگىلىككە ئۆتكۈزۈش، بازارنى پىلانلىق ئىگىلىككە ئىگىلەتتىش ئۈچۈن، دۆلەت «ئاساسلىق تاۋارلارنى چىڭ تۇتۇش، ئادەتتىكى تاۋارلارنى كەڭ قويۇۋېتىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى توپ سېتىش سودىسى ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئىستېھكامنى چىڭ تۇتۇش، ئىگىلىمەيدىغان ئىستېھكامنى قويۇۋېتىش» پرىنسىپىنى قوللاندى. 1953 ـ يىلى دۆلەت ئاشلىق، پاختا، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى. 1954 ـ يىلى يەنە ئاشلىق، پاختا، ياغنى بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتىنى قوللاندى. نەتىجىدە ئاشلىق، پاختا، ياغنىڭ رايونلار ئارا باھا پەرقى يەنىمۇ كىچىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توپ ساتىدىغان خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ يۇقىرىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشى چەكلەندى ھەمدە توپ ساتىدىغان خۇسۇسىي سودىگەرلەر تەدرىجىي ھالدا ئوبوروت ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. بۇ تەدبىرلەر بازارلاردىكى تاۋار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بازارنى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىن، دۆلەت چەت، تاغلىق رايونلار، كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا باھادا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوللاندى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1958 ـ يىلدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايون باھا پەرقىنى ھېسابلاشتا ئەسلىدىكى «يىراقلاشقانچە كېمىيىپ بېرىش»، قاتلامۇ قاتلام خىراجەت تۇتۇپ قېلىش، پايدىنى تۇتۇپ قېلىش ئۇسۇلىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىكى يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ئارىسىدىكى مۇۋاپىق سېلىشتۇرما باھاغا ئېتىبار بەرگەن ئاساستا سېتىۋېلىش باھاسىنى بېكىتىشكە ئۆزگەرتتى ھەمدە مۇۋاپىق رايون پەرقىنى ساقلاپ قالدى. بۇ شەھەر ـ يېزىلارنىڭ باھا پەرقىنى، ئىشچى بىلەن دېھقاننىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم، ئاكتىپ رول ئوينىدى. خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە ناھىيە بويىچە بازارلاردىكى سانائەت ماللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەچكە، قاتناش شارائىتى ناچار، يول يىراق بولغاچقا، سانائەت ماللىرىنىڭ باھاسى يول يىراقلاشقانچە ئۆرلەش، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يول يىراقلاشقانچە تۆۋەنلەش ھالىتى شەكىللىنىپ، سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرق ئالاھىدە زور بولدى. قەشقەرنىڭ يەرلىك سانائىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلىنىشى، قاتناش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت يەنە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى پىلانلىق تۈردە ئۆستۈردى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا قارىتا قوغداش باھاسى يولغا قويدى، زىيىنى مالىيىدىن تولۇقلاپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرق زور دەرىجىدە كىچىكلىتىلدى.

باھا — خەلق ئىگىلىكىنىڭ پېشىگى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1953 — 1983 ـ يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە باھا سىياسىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم يولغا قويۇلدى، گەرچە ئايرىم مەزگىللەردە بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسى تەڭشەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈرى ئاز، نىسبىتى كىچىك بولدى. ناھىيە بازىرى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا جايلاشقانلىقى، يەنە كېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ

ئۇلتۇراقلاشقان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت 32 خىل تاۋارنىڭ باھاسىغا قوشۇمچە ياردەم بەردى. باھا قوشۇمچە ياردىمى بېرىلگەن تاۋارلار 1954 — 1960 - يىلغىچە تورپاختا، چاي، ئاشلىق، سۆ يېغى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلمىدىن ئىبارەت 5 خىل بولدى؛ 1961 — 1970 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان توك، ئۈجمە پىلە غوزىسى، دۈپ پىلە غوزىسىدىن ئىبارەت 3 خىلى كۆپەيدى؛ 1971 — 1980 - يىلغىچە پاختا، كالا تېرىسى، سوپۇن، سوپۇن پاراشوكى، لامپۇچكا، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكلىرى، چايدان، قازان، ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇق دەپتىرى، قىزىل گالستۇك، كۆمۈر، سەرەڭگە، خىمىيىۋى ئوغۇت، بورداق كالا، بورداق قوي، سېمىز چوشقا، دېھقانچىلىق دورىسى، ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت 19 خىلى كۆپەيدى؛ 1981 — 1990 - يىلغىچە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، گۈڭگۈرت، ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ زىننەتلەر، شېكەر ۋە ئۇندىن ئىبارەت 5 خىلى كۆپەيدى.

ناھىيىلىك باھا تەكشۈرۈش ئورنى پارتىيىنىڭ باھا سىياسىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، بازاردىكى باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا توپ سېتىش ئورنى، ماگىزىن، بازارلاردا ئۈزلۈكسىز قەرەللىك باھا تەكشۈرگەندىن سىرت، 1984 — 1990 - يىلغىچە ھەر يىلى چاغان، قۇربان ھېيت، دۆلەت بايرىمى، يېڭى يىل قاتارلىق چوڭ بايراملارنىڭ ئالدىدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، باھا، سودا - سانائەت، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، ج خ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشقان، باھا ئىدارىسى باشلامچى بولغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە بارلىق بازار - يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك باھا تەكشۈرۈلدى. ھەر يىلى ئەتىيازلىق، كۈزلۈك تېرىلغۇ باشلىنىشتىن ئىلگىرى شەھەر - يېزىلاردىكى تەمىنات - سودا سىستېمىسى تەمىنلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى تەكشۈرۈلدى. ھەر يىلى 10 — 11 - ئايلاردا ناھىيە بويىچە پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش باھاسى تەكشۈرۈلۈپ، باھاسىنى ئۆستۈرۈپ سېتىش ۋە دەرىجىسىنى، باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ سېتىۋېلىش مەسىلىسى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىلدى. 1984 — 1990 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە باھا ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 36 سى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سوممىسى 1000 يۈەنگە يەتمەيدىغىنى 17، 1000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولغىنى 11، 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغىنى 8 بولۇپ، جەمئىي 477 مىڭ 333.92 يۈەنلىك جەرىمانە، مۇسادىرە پۇلى يىغىۋېلىنىپ، ئېنىقلانغان يىلىنىڭ ئۆزىدىلا پۈتۈنلەي ناھىيىلىك مالىيىگە تاپشۇرۇلدى. باھا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1986 - يىلغا قەدەر 4 تۈركۈمدە 1248 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىپ، دۆلەت باھا بېكىتىدىغان دائىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مال باھاسىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى يولغا قويدى.

## 3. ئاشلىق - ياغ باھاسى

دېھقانلارنى پەن- تېخنىكا ئۆگىنىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئىشلىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورت باھا پەرقى، سۈپەت باھا پەرقى، دەرىجە باھا پەرقى ۋە پەسىل باھا پەرقى يولغا قويۇلدى، يەنى يازغى بۇغدايىنىڭ %100، كۈزگى بۇغدايىنىڭ %103، چىپار بۇغدايىنىڭ %100، ئاق بۇغدايىنىڭ %102، قىزىل بۇغدايىنىڭ %98 بولدى؛ 3 - دەرىجىلىك بۇغدايىنىڭ %100، 1 - دەرىجىلىكىنىڭ %106، 2 - دەرىجىلىكىنىڭ %103، 4 - دەرىجىلىكىنىڭ %97، 5 - دەرىجىلىكىنىڭ %94 بولدى؛ ئادەتتىكى كۆممىقوناق، سېرىق ماش، ئاق قوناقلارنىڭ %100، 60 كۈنلۈك

سېرىق ماش، شەرقىي شىمال سېرىق مېشى، نومى ئاقتونىقىنىڭ %115 بولدى؛ 3 ـ دەرىجىلىك سېرىق ماشنىڭ %100، 1 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %106، 2 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %103، 4 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %97، 5 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %94 بولدى؛ 2 ـ دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ %100، 1 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %103، 3 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %97 بولدى؛ 3 ـ دەرىجىلىك گۈرۈچنىڭ %100، 1 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %106، 2 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %103، 4 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %97، 5 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %94 بولدى؛ 2 ـ دەرىجىلىك قىزىل قوناق، ئاقتوناقنىڭ %100، 1 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %103، 3 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %97 بولدى. ھەرخىل باھا پەرقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتىنى يېڭىلاش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ھوسۇلنى، كىرىمنى ئاشۇرۇشلاردا مۇھىم رول ئوينىدى.

1953 ـ يىلى دۆلەت ئاشلىق ـ ياغ باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ ھايانكەشلىك قىلىشىنى چەكلەپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاشلىق ـ ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1954 ـ يىلى بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى ھەمدە ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسى بەلگىلەندى. ناھىيە بويىچە ئاشلىق ـ ياغنىڭ باھاسى مۇنداق بەلگىلەندى: ھەر 100 جىڭ بۇغداي (ئوتتۇرا دەرىجىلىك) نىڭ بازاردىكى سېتىۋېلىش باھاسى 12.50 يۈەندىن 12 يۈەن قىلىپ بەلگىلىنىپ، %4 تۆۋەنلىتىلدى؛ ئۇنىڭ سېتىلىش باھاسى بازاردىكى 18.80 يۈەندىن 21.10 يۈەن قىلىپ بەلگىلىنىپ، %12.23 ئۆستۈرۈلدى؛ گۈرۈچ (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بازاردىكى 20 يۈەندىن 21 يۈەن قىلىپ بەلگىلىنىپ، %5 ئۆستۈرۈلدى؛ گۈرۈچ (ئادەتتىكى) نىڭ سېتىلىش باھاسى بازاردىكى 21 يۈەندىن 22.80 يۈەن قىلىپ بەلگىلىنىپ، %8.57 ئۆستۈرۈلدى؛ كۆممىقوناق (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بازاردىكى 8.30 يۈەندىن 8 يۈەن قىلىپ بەلگىلىنىپ، %3.6 تۆۋەنلىتىلدى؛ زىغىر يېغىنىڭ سېتىلىش باھاسى بازاردىكى 86 يۈەندىن 120 يۈەن قىلىپ بەلگىلىنىپ، %39.53 ئۆستۈرۈلدى. 1958 ـ يىلى دۆلەت ئاشلىقنى ئاشلىق بېلەتى بىلەن تەمىنلەشنى يولغا قويدى، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى يېشى، ئىش تۈرىگە ئاساسەن ئاشلىق ـ ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان بولدى. 1960 ـ يىلى قىيىنچىلىق مەزگىلىدە دۆلەتنى ئاۋار ئاشلىق بىلەن توپ ساندىن ئارتۇق تەمىنلىگەنلەرگە %10 باھا قوشۇپ بېرىلىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى.

1961 ـ يىلى دۆلەت يەنە سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. ناھىيە بويىچە ھەر 100 جىڭ بۇغداي (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 11.50 يۈەندىن 12 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %4.35 ئۆستۈرۈلدى؛ ھەر 100 جىڭ زىغىر يېغىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 20.60 يۈەندىن 22.20 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %7.77 ئۆستۈرۈلدى. 1962 ـ يىلى دۆلەت توپ ساندىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا %10 باھا قوشۇپ بېرىش بەلگىلىمىسىنى ىىجرا قىلدى. 1965 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ %50 گە مۇكاپاتلاپ ماددىي ئەشيا سېتىپ بېرىش، %50 گە باھا قوشۇپ بېرىش، %30 — %50 نى ئالدىن سېتىۋېلىش چارىسىنى يولغا قويدى. 1966 ـ يىلى باھا قوشۇش ىىجرا قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم ئاشلىقنىڭ باھاسى مۇنداق تەڭشەلدى: ناھىيە بويىچە ھەر 100 جىڭ بۇغداي (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 12 يۈەندىن 13.40 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %11.67 ئۆستۈرۈلدى؛ ئاقتوناق (ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاقتوناق) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 8 يۈەندىن 8.80 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %10 ئۆستۈرۈلدى؛ كۆممىقوناق (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 8.30 يۈەندىن 9.10 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %9.64 ئۆستۈرۈلدى؛ سېرىق ماش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 13.80 يۈەندىن 14.70 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %6.5 ئۆستۈرۈلدى. 1971 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى ئاساسسان «بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» كە ئۆزگەرتىلدى، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسمىغا

%30 باھا قوشۇپ سېتىۋېلىندى. 1979 ـ يىلى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا %30 تىن %50 كە يەتكۈزۈلۈپ (ئاق ئاشلىقنىڭ %60، قارا ئاشلىقنىڭ %40)، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتىكى رايون باھا پەرقى بىكار قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سېتىۋېلىش باھاسى يولغا قويۇلدى. 1979 ـ يىلدىن باشلاپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن سېتىش باھاسى تەتۈر تاناسىپ بولدى، ياغلىق دانىدا %50، ئاشلىقتا %20 زىيان كۆرۈلدى، زىيان مالىيە قوشۇمچە ياردىمى بىلەن تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق، ياغنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق تەڭشەلدى: بۇغداي، شال ۋە باقلىنىڭ دەرىجىسى ئەسلىدىكى 5 دەرىجىدىن 3 دەرىجىگە ئۆزگەرتىلدى، كۆممىقوناق، ئاققوناقلارنىڭ دەرىجىسى ئەسلىدىكى 3 دەرىجىدىن 2 دەرىجىگە ئۆزگەرتىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، 1980 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىق ـ ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسىنى يولغا قويدى ھەمدە كېلىشىم باھادا سېتىۋالغان ئاشلىقنى چوقۇم كېلىشىم باھادا سېتىشنى، مۇقىم باھادا سېتىۋالغان ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا سېتىشقا رۇخسەت قىلماسلىقنى بەلگىلىدى. 1984 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا تەتۈر ئۈچتە يەتتە ئۆلۈشلۈك نىسبەت بويىچە باھا قوشۇش (3 ئۆلۈش تاختاي باھاسى، 7 ئۆلۈشكە باھا قوشۇش) چارىسى يولغا قويۇلدى، باقلىغا باھا قوشۇلمىدى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش بىكار قىلىنىپ، توختام ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، يېزىلاردا ئاشلىق ـ ياغنى سېتىۋېلىش ـ سېتىشتا ئوخشاش باھا قوللىنىلدى. بۇغداي، شال (گۈرۈچ)، كۆممىقوناقلارنىڭ باھاسى يەنىلا تەتۈر ئۈچتە يەتتە ئۆلۈشلۈك نىسبەت بويىچە ھېسابلاندى، بۇغدايغا %60، شال (گۈرۈچ) ۋە كۆممىقوناققا %50 باھا قوشۇلدى. ياغ، ياغلىق دانلارنىڭ باھاسى تەتۈر تۆتتە ئالتە ئۆلۈشلۈك (4 ئۆلۈش تاختاي باھاسى، 6 ئۆلۈش قوشۇلغان باھا) نىسبەت بويىچە ھېسابلاندى، چىگىت باھاسى ئوڭ تۆتتە ئالتە ئۆلۈشلۈك (4 ئۆلۈش قوشۇلغان باھا، 6 ئۆلۈش تاختاي باھاسى) نىسبەت بويىچە ھېسابلاندى، باھا قوشۇش نىسبىتى بىردەك %50 بولدى. ناھىيە بويىچە ھەر 100 جىڭ بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 24 يۈەن، جىڭمىي شالنىڭ 20.18 يۈەن، جىڭمىي گۈرۈچنىڭ 31.05 يۈەن، كۆممىقوناقنىڭ 15.26 يۈەن بولدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياغلىق داننىڭ باھاسى تەتۈر تۆتتە ئالتە ئۆلۈشلۈك نىسبەت بويىچە ھەر 100 جىڭ كاززىرنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 45.50 يۈەن، زىغىرنىڭ 46.80 يۈەن، ئوڭ تۆتتە ئۆلۈشلۈك نىسبەت بويىچە چىگىتنىڭ باھاسى 12 يۈەن بولدى؛ ھەر 100 جىڭ كاززىر پېخىنىنىڭ سېتىلىش باھاسى 140 يۈەن، زىغىر پېخىنىنىڭ 165 يۈەن، ئېسىل چىگىت پېخىنىنىڭ 120 يۈەن بولدى. 1987 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۆممىقوناقنىڭ ھەر 100 جىڭنىڭ نىسبەتلىك سېتىۋېلىش باھاسى 15.26 يۈەندىن 16.06 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %5.24 ئۆستى؛ جىڭمىي گۈرۈچ (2 ـ دەرىجىلىك) نىڭ نىسبەتلىك سېتىۋېلىش باھاسى ھەر 100 جىڭنىڭ 32.66 يۈەندىن 35.58 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %8.94 ئۆستى؛ ھەر 100 جىڭ چىگىتنىڭ باھاسى 12 يۈەندىن 17.40 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %45 ئۆستى.

1990 ـ يىل 4 ـ ئايدا ياغ ۋە ياغلىق داننىڭ باھاسى تەڭشىلىپ، ھەر 100 جىڭ زىغىرنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 57.30 يۈەندىن 75.40 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %31.59 ئۆستى، كاززىرنىڭ 37.50 يۈەندىن 52 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %38.66 ئۆستى؛ چىگىتنىڭ 17.40 يۈەندىن 22.70 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %30.46 ئۆستى؛ زىغىر پېخىنىنىڭ ھەر 100 جىڭنىڭ سېتىلىش باھاسى 172 يۈەندىن 221 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %28.94 ئۆستى؛ كاززىر پېخىنىنىڭ 155.60 يۈەندىن 204 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %31.1 ئۆستى. دۆلەت ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە سېتىۋېلىش باھاسىغا قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن 1979 ـ يىلى 87 مىڭ يۈەن، 1980 ـ يىلى 1 مىليون 751 مىڭ يۈەن، 1981 ـ يىلى 1 مىليون 651 مىڭ يۈەن، 1982 ـ يىلى 9 مىليون 370 مىڭ يۈەن،

1983 ـ يىلى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، 1984 ـ يىلى 990 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

## 4. پاختا باھاسى

كېيىنكى ئەزەلدىنلا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائىتى ئىدى. 1990 ـ يىلغا كەلگەندە پاختىچىلىق تەدرىجىي ھالدا ناھىيىنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندى. ناھىيىنىڭ پاختا باھاسى كۆپ ئۆزگىرىش ـ تولغىنىپ قويۇش — يەنە كۆپ ئۆزگىرىشتەك تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 1949 ـ يىلى ناھىيىنىڭ بازارلىرىدا ھەر بىر دەن پاختىنىڭ باھاسى 55 يۈەن ئىدى، 1950 ـ يىلى ھەر بىر دەننىڭ باھاسى 63.20 يۈەنگە چىقتى، باھانىڭ ئۆسۈش نىسبىتى %14.9 بولدى. 1952 ـ يىلى يەنە ھەر بىر دەننىڭ باھاسى 63.40 يۈەنگە يېتىپ، %3.48 ئۆستى؛ 1953 ـ يىلى دۆلەت پاختىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە بىر دەن ساپ پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى 83.80 يۈەن بېكىتىپ، %28.1 ئۆستۈردى. 1954 ـ يىلى دۆلەت يەنە پاختىنى بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى ھەمدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر بىر دەن پاختىسىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى 99.90 يۈەن قىلىپ بېكىتىپ، 1953 ـ يىلدىكىدىن 19.20 يۈەن ئۆستۈردى.

1954 ـ يىلدىن باشلاپ پاختا سېتىش ـ سېتىۋېلىش باھاسىنى دۆلەت بىۋاستە باشقۇرىدىغان بولدى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1959 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 3 دەرىجىگە ئايرىلىپ، 2 ـ دەرىجە ئۆلچەملىك پاختا دەرىجىسى قىلىپ بەلگىلەندى. 1961 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش باھاسى 3 دەرىجىدىن 5 دەرىجە 12 بالداققا ئۆزگەرتىلىپ، 7 ـ دەرىجە 8 ـ بالداق ئۆلچەملىك پاختا دەرىجىسى قىلىپ بەلگىلەندى. 1972 ـ يىلى ناھىيىدە ھەر بىر دەن ساپ پاختىنىڭ سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك دەرىجە) باھاسى 99.90 يۈەندىن 102 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %2.1 تەڭشەلدى. 1973 ـ يىلى ساپ پاختىنىڭ سېتىۋېلىش ئۆلچىمى يەنە 7 دەرىجىگە ئۆزگەرتىلىپ، «327» ئۆلچەملىك پاختا دەرىجىسى قىلىپ بەلگىلەندى. 1976 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن پاختا سېتىۋېلىش باھاسى جەھەتتە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسمىغا باھا قوشۇش يولغا قويۇلدى، يەنى، ئىشلەپچىقىرىش كىچىك ئەترىتىنىڭ شۇ يىللىق ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى ئاساس سان قىلىنىپ، ئاساس ساندىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ھەر بىر دەن پاختىغا 48 يۈەن باھا قوشۇلدى، باھا قوشۇش نىسبىتى %30 بولدى. 1978 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر بىر دەن ساپ پاختا سېتىۋېلىش باھاسى 102 يۈەندىن 115 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %12.75 ئۆستى. 1979 ـ يىلى ناھىيىنىڭ ھەر بىر دەن ساپ پاختا سېتىۋېلىش باھاسى 115 يۈەندىن 138.25 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %20.2 ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر دەن پاختىغا 40 يۈەن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى قوشۇپ بېرىلدى. 1980 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاساس سانى بېكىتىپ، باھا قوشۇش چارىسى قوللىنىلىپ، ھەر بىر دەن پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 138.25 يۈەندىن 153.10 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %10.74 ئۆستۈرۈلدى؛ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان بىر دەن پاختىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان 40 يۈەن 48 يۈەنگە تەڭشەلدى.

1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە مۇقىم نىسبەت بويىچە باھا قوشۇشتەك باھا ھېسابلاش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1984 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە مۇقىم نىسبەت بويىچە باھا قوشۇش چارىسى يولغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، ھەر بىر دەن ساپ پاختىنىڭ باھاسى 48 يۈەندىن 34.50 يۈەنگە تەڭشەلدى، «تەتۈر ئىككىدە سەككىز ئۆلۈش» (2 ئۆلۈش تاختاي باھاسى، 8 ئۆلۈش قوشۇلغان باھا) لۇق نىسبەت بويىچە باھا ھېسابلىغاندا ھەر بىر دەن ساپ پاختىنىڭ سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك دەرىجە) باھاسى 153.10 يۈەندىن 143.78 يۈەنگە چۈشۈپ، %6.09 تۆۋەنلىدى. 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ

16 ـ كۈنى باھا ھېسابلاش چارىسى «تەتۈر ئىككىدە سەككىز ئۆلۈش» تىن «تەتۈر ئۈچتە يەتتە ئۆلۈش» (3 ئۆلۈش تاختاي باھاسى، 7 ئۆلۈش قوشۇلغان باھا) كە ئۆزگەرتىلدى، باھا قوشۇش نىسبىتى يەنىلا %30 بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھەر بىر دەن ساپ پاختا (ئۆلچەملىك دەرىجە) نىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 143.78 يۈەندىن 133.30 يۈەنگە تەڭشەلدى، باھانىڭ چۈشۈش نىسبىتى %7.3 بولدى. 1986 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ ساپ پاختا (ئۆلچەملىك دەرىجە) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ھېسابلاش چارىسى «تەتۈر ئۈچتە يەتتە ئۆلۈش» (3 ئۆلۈش تاختاي باھاسى، 7 ئۆلۈش قوشۇلغان باھا) تىن «ئوڭ تۆتتە ئالتە ئۆلۈش» (4 ئۆلۈش قوشۇلغان باھا، 6 ئۆلۈش تاختاي باھاسى) كە ئۆزگەرتىلدى. 1987 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ ساپ پاختا سېتىۋېلىش باھاسى «تەتۈر ئۈچتە يەتتە ئۆلۈش» (3 ئۆلۈش تاختاي باھاسى، 7 ئۆلۈش قوشۇلغان باھا) بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەر بىر دەن ساپ پاختىنىڭ (ئۆلچەملىك دەرىجە) سېتىۋېلىش باھاسى 133.30 يۈەندىن 145.80 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %9.4 ئۆستى (دۆلەت تەرىپىدىن ھەر بىر دەن پاختىغا بېرىلىدىغان 25 يۈەن يۆلەش پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا). 1989 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ ھەر بىر دەن ساپ پاختا (ئۆلچەملىك دەرىجە) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 145.80 يۈەندىن 203.92 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ (دۆلەت ھەر بىر دەن پاختىغا بېرىدىغان 25 يۈەن يۆلەش پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا)، %39.86 ئۆستى. 1990 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەر بىر دەن ساپ پاختا (ئۆلچەملىك دەرىجە) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1989 ـ يىلدىكى 203.92 يۈەندىن 267.50 يۈەنگە تەڭشىلىپ (دۆلەت ھەر بىر دەن پاختىغا بېرىدىغان 25 يۈەن يۆلەش پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا)، %31.18 ئۆستى.

## 5. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى

چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۆلەت بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1955 ـ يىلى دۆلەت گۆش باھاسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، چوشقىنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇپ، گۆش بىلەن تەمىنلەش ۋە باھانىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلدى. 1957 ـ يىلى گۆش كەمچىل، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان ئەھۋالدا بازاردىكى باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت گۆشنى كىنىشكىگە قاراپ نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويدى.

1960 ـ يىلى دۆلەت بازارلاردىكى گۆش باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن گۆش تىجارىتىدىكى سىياسەت خاراكتېرلىك زىياننى تولۇقلاپ بېرىدىغان بولدى. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، سۈپەتلىكلىرىگە ياخشى باھا قويۇش سىياسىتى قەتئىي ئىجرا قىلىنىپ بەلگىلىمە بويىچە دەرىجە باھا پەرقى ۋە پەسىل باھا پەرقى يولغا قويۇلدى، يەنى چوشقا سېتىۋېلىشتا ئومۇمىي ئېغىرلىقىغا ئاساسەن دەرىجە بېكىتىش، گۆش چىقىش نىسبىتىگە ئاساسەن دەرىجىسىنى بېكىتىش، ئومۇمىي جىنىڭ سانىغا ئاساسەن باھاسىنى ھېسابلاش چارىسى قوللىنىلدى. چوشقا سېتىۋېلىشتىكى باھا پەرقى نىسبىتى مۇنداق بېكىتىلدى: 1 ـ دەرىجىلىك ئېغىرلىقى 75 — 95 كىلوگرام بولغانلىرى، 1 ـ دەرىجىلىك 70 كىلوگرامدىن يۇقىرىلىرىنىڭ %109، 2 ـ دەرىجىلىك 66 — 70 كىلوگراملىقلىرىنىڭ %104.5، 3 ـ دەرىجىلىك 63 — 66 كىلوگراملىقلىرىنىڭ %100، 4 ـ دەرىجىلىك 60 — 63 كىلوگراملىقلىرىنىڭ %95.5، 5 ـ دەرىجىلىك 57 — 60 كىلوگراملىقلىرىنىڭ %91 بولدى. گۆش قويلىرىغا سۈپىتىگە قاراپ پەرقلىق باھا قويۇلدى، ئېرىك قوينىڭ %100، ساغلىق قوينىڭ %80، سەركىنىڭ %75، ئۆچكىنىڭ %60 بولدى؛ دەرىجە باھا پەرقى نىسبىتى ئالاھىدە قوي، ئالاھىدە سەركىلەرنىڭ %105، 1 ـ دەرىجىلىكلىرىنىڭ %100، 2 ـ دەرىجىلىكلىرىنىڭ %95، 3 ـ دەرىجىلىكلىرىنىڭ %90 بولدى. ساغلىق

قوي، ئۆچكىلەرنىڭ 1 ـ دەرىجىلىكلىرىنىڭ %100، 2 ـ دەرىجىلىكلىرىنىڭ %95، 3 ـ دەرىجىلىكلىرىنىڭ %90 بولدى. كالا ـ قوتاز سېتىۋېلىشتا سۈپەتكە قاراپ پەرقلىق باھا نىسبىتى مۇنداق بەلگىلەندى: ئەركەك قوتازنىڭ %100، چىشى قوتازنىڭ %85، شاللىۋېتىلگەن ئۆكۈزنىڭ %80، شاللىۋېتىلگەن سېيىرنىڭ %70 بولدى؛ دەرىجە پەرقى باھا نىسبىتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك قوتازنىڭ 270 كىلوگرامدىن يۇقىرىلىرىنىڭ %100، 2 ـ دەرىجىلىك 220 كىلوگرامدىن يۇقىرىلىرىنىڭ %95، 3 ـ دەرىجىلىك 170 كىلوگرامدىن يۇقىرىلىرىنىڭ %90، 4 ـ دەرىجىلىك 170 كىلوگرامدىن تۆۋەنلىرىنىڭ %80 بولدى؛ شاللىۋېتىلگەن 1 ـ دەرىجىلىك كالىنىڭ %100، 2 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %95، 3 ـ دەرىجىلىكىنىڭ %90 بولدى. قوي گۆشىنىڭ سۈپەت باھا پەرقى قوي گۆشىنىڭ %100، ئۆچكە گۆشىنىڭ %80 — %85، شۈلۈك گۆشىنىڭ %125 بولدى؛ ئوت ـ چۆپ بىلەن بېقىلغان قوي گۆشىنىڭ %100، بورداق قوي گۆشىنىڭ %130 بولدى؛ قوي گۆشىنىڭ ئەسلى تەننەرخ باھا پەرقى %228 بولدى. كالا ـ قويلارنىڭ پەسىللىك سېتىۋېلىش باھا پەرقى نىسبىتى: 1 — 3 ـ ئايغىچە ۋە 8 — 12 ـ ئايغىچە %100، 4 — 5 ـ ئايغىچە %115، 6 ـ ئايدا %110، 7 ـ ئايدا %105 بولدى. چوشقا، كالا، قويلارنى سېتىۋېلىش رايون باھا پەرقى مۇنداق بولدى: 15 كىلومېتىر دائىرە ئىچىدىكى چوشقىنىڭ باھاسى ناھىيە بازىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى، 15 — 30 كىلومېتىر دائىرە ئىچىدىكىسىنىڭ ھەر كىلوگرامى 2 پۇڭ تۆۋەن بولدى، 30 كىلومېتىردىن يىراق بولسا ھەر 15 كىلومېتىردا بىر پۇڭدىن تۆۋەنلىتىلدى؛ 15 كىلومېتىر دائىرە ئىچىدىكى كالا ـ قوي باھاسى ناھىيە بازىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى، 15 كىلومېتىردىن يىراق بولسا ھەر 25 كىلومېتىردا بىر پۇڭدىن تۆۋەنلىتىلدى. ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇملارنىڭ باھا پەرقى مۇنداق بولدى: سۈپەت باھا پەرقى ئۆي قۇشلىرىدىن مېكىياننىڭ %100، چىشى ئۆردەكنىڭ %85، چىشى غازنىڭ %80 بولدى؛ مېكىيان توخۇ، چىشى ئۆردەك، چىشى غازلارنىڭ %100 بولدى؛ خوراز، ئەركەك ئۆردەك، ئەركەك غازلارنىڭ %85 بولدى؛ ئۆي قۇشلىرى تۇخۇمىنىڭ سۈپەت باھا پەرقى: يېڭى توخۇ تۇخۇمىنىڭ %100، يېڭى ئۆردەك تۇخۇمىنىڭ %85، يېڭى غاز تۇخۇمىنىڭ %100، چۈجە تۇرەلگەن تۇخۇم، دەز تۇخۇمىنىڭ %90، سۇيۇلغان تۇخۇمىنىڭ %70، ئېقىغا قارا داغ چۈشكەن تۇخۇمىنىڭ %50 بولدى.

1949 — 1990 ـ يىلغىچە گۆش باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆرلەش ـ نورماللىشىش ـ يەنە ئۆرلەشتىن ئىبارەت 3 باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. 1949 — 1952 ـ يىلغىچە بازارلاردا ھەر بىر كىلوگرام چوشقىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى (شەخسلەرنىڭ) 1949 ـ يىلى 2.40 يۈەن، 1950 ـ يىلى 2.40 يۈەن، 1951 ـ يىلى 2.10 يۈەن، 1952 ـ يىلى 2.20 يۈەن بولدى؛ ھەر بىر كىلوگرام يېڭى چوشقا گۆشىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 1949 ـ يىلى 4 يۈەن، 1950 ـ يىلى 4 يۈەن، 1951 ـ يىلى 3.50 يۈەن، 1952 ـ يىلى 3.70 يۈەن بولدى؛ 1953 ـ يىلى ھەر بىر كىلوگرام چوشقىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 1.20 يۈەنگە چۈشۈپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن %45.45 تۆۋەنلىدى. بۇ مەزگىلدە بازاردا قوينىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1949 ـ يىلى 0.56 يۈەن، 1950 ـ يىلى 0.50 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.67 يۈەن، 1952 ـ يىلى 0.76 يۈەن بولدى؛ بازارلاردا ھەر بىر كىلوگرام ئۇستىخانلىق قوي گۆشىنىڭ سېتىلىش باھاسى 1949 ـ يىلى 1.40 يۈەن، 1950 ـ يىلى 1.32 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.90 يۈەن، 1952 ـ يىلى بىر يۈەن بولدى؛ 1953 ـ يىلى بازاردا قوينىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىر يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن %31.58 ئۆرلىدى؛ ھەر بىر كىلوگرام ئۇستىخانلىق قوي گۆشىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 1.40 يۈەن بولۇپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن %40 ئۆرلىدى. بازاردا كالىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1949 ـ يىلى 0.36 يۈەن، 1950 ـ يىلى 0.30 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.35 يۈەن، 1952 ـ يىلى 0.39 يۈەن بولدى؛ بازاردا ھەر بىر كىلوگرام كالا گۆشىنىڭ سېتىلىش باھاسى 1949 ـ يىلى بىر يۈەن، 1950 ـ يىلى 1.04 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.56 يۈەن، 1952 ـ يىلى 0.60 يۈەن بولدى؛

1953 ـ يىلى بازاردا كالىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.75 يۈەنگە چىقىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 100% ئۆرلىدى، كالا گۆشىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى بىر يۈەنگە چىقىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 66.67% ئۆرلىدى. 1955 ـ يىلى دۆلەت چوشقىنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ، مەركەز بىر تۇتاش بەلگىلەيدىغان بولدى. 1956 — 1985 ـ يىلغىچە بولغان 30 يىلدا گەرچە ئايرىم مەزگىللەردە گۆشنىڭ سېتىۋېلىش ـ سېتىلىش باھاسىدا ئازراق ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن گۆش باھاسى ئومۇمەن مۇقىم بولدى. 1960 ـ يىلى خەلق ئىگىلىكى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن مەزگىلدە دۆلەت گۆش بازارلىرىدىكى باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن گۆش تىجارىتىدە سىياسەت خاراكتېرلىك زىياننى مالىيەدىن تولۇقلاپ بەردى. بۇ تەدبىر خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا، دۆلەت باھا ئىدارىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1985 ـ يىل 4 ـ ئايدا كالا، قوي، چوشقا، بېلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش باھاسى بىكار قىلىنىپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك سېتىۋېلىش باھاسى يولغا قويۇلۇپ، چوشقىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 29.5%، 1 ـ دەرىجىلىك ئېرىك قوينىڭ 127.3%، 1 ـ دەرىجىلىك ئەركەك قوتازنىڭ 66.7% ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا چوشقا، كالا، قوي گۆشلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى قويۇۋېتىلىپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك سېتىش باھاسى يولغا قويۇلدى. ھەر بىر كىلوگرام چوشقا گۆشىنىڭ باھاسى 2.64 يۈەندىن 3.40 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 28.79% ئۆستى؛ بورداق قوينىڭ ئۇستىخانلىق گۆشى 2 يۈەندىن 5 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 150% ئۆستى؛ ئۇستىخانلىق كالا گۆشى 1.40 يۈەندىن 3.40 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 142.86% ئۆستى؛ ئۇستىخانلىق ئۆچكە گۆشى 1.22 يۈەندىن 2.50 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 104.9% ئۆستى. 1986 ـ يىلى يەنە تۇخۇم، يېمەك ـ ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. 1987 ـ يىل 9 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ۋىلايەتلىك باھا باشقارمىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، گۆشنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىنى ئېلان قىلدى؛ قوينىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىۋېلىش باھا چېكى 2.80 يۈەن، كالىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 1.62 يۈەن، چوشقىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 2 يۈەن بولدى؛ ھەر بىر كىلوگرام قوي گۆشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىلىش باھا چېكى 7 يۈەن، ھەر بىر كىلوگرام ئۇستىخانلىق يېڭى چوشقا گۆشىنىڭ 3.74 يۈەن بولدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا گۆشنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى تەڭشىلىپ، بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ھەر بىر كىلوگرام چوشقا گۆشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى 4 يۈەن، قوي گۆشىنىڭ 6.20 يۈەن، شۇلۇك كالا گۆشىنىڭ 5.20 يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى. 1988 ـ يىل 2 ـ ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، بازاردىكى گۆشنىڭ سېتىلىش باھاسى تەڭشىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەر بىر كىلوگرام چوشقا گۆشىنىڭ سېتىلىش باھاسى 3.74 يۈەندىن 4.55 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 21.66% ئۆستى، بازاردىكىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى 4.64 يۈەن، شۇلۇك كالا گۆشىنىڭ بازاردىكى ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى 5.20 يۈەن بولدى. 1990 ـ يىلى يەنىلا 1988 ـ يىلى تۈزۈلگەن باھا ئىجرا قىلىندى.

1980 — 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە گۆش تىجارىتىدىكى سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان ئۈچۈن 254 مىڭ 136.91 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1980 ـ يىلى بېرىلگىنى 17 مىڭ 711.62 يۈەن، 1981 ـ يىل بېرىلگىنى 41 مىڭ 233.42 يۈەن، 1982 ـ يىلى بېرىلگىنى 49 مىڭ 491.75 يۈەن، 1983 ـ يىلى بېرىلگىنى 65 مىڭ 819.4 يۈەن، 1984 ـ يىلى بېرىلگىنى 58 مىڭ 650.96 يۈەن، 1985 ـ يىلى بېرىلگىنى 21 مىڭ 229.76 يۈەن.

## 6. تۇرلۇك ماللار باھاسى

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا سانائەت بۇيۇملىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنەتتى، يول يىراق، كىراسى قىممەت بولغاچقا، باھاسى ئىچكىرىنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىدى. 1949 — 1953 ـ يىلغىچە

ناھىيە بويىچە تۈرلۈك ماللارنىڭ سېتىلىش باھاسى مۇنداق بولدى: ئاق رەخت (21×21 يىپلىق) نىڭ ھەر بىر مېتىرى 1949 ـ يىلى 1.48 يۈەن، 1950 ـ يىلى 1.42 يۈەن، 1951 ـ يىلى 1.35 يۈەن، 1952 ـ يىلى 1.25 يۈەن؛ سۈس گۈللۈك رەخت (23×21 يىپلىق) نىڭ ھەر بىر مېتىرى 1949 ـ يىلى 1.60 يۈەن، 1950 ـ يىلى 1.50 يۈەن، 1951 ـ يىلى 1.47 يۈەن، 1952 ـ يىلى 1.47 يۈەن، 1953 ـ يىلى 1.40 يۈەن؛ قارا چىبەرقۇتنىڭ ھەر بىر مېتىرى 1949 ـ يىلى 5.20 يۈەن، 1950 ـ يىلى 6 يۈەن، 1951 ـ يىلى 5.85 يۈەن، 1952 ـ يىلى 5.85 يۈەن، 1953 ـ يىلى 5.70 يۈەن؛ تور پاختىنىڭ ھەر بىر جىڭى 1949 ـ يىلى 0.75 يۈەن، 1950 ـ يىلى 0.80 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.82 يۈەن، 1952 ـ يىلى 0.83 يۈەن، 1953 ـ يىلى 1 يۈەن؛ كىر سوپۇنى («گۈزەل» ماركىلىق) نىڭ ھەر بىرى 1949 ـ يىلى 1.20 يۈەن، 1950 ـ يىلى 0.95 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.95 يۈەن، 1952 ـ يىلى 0.75 يۈەن، 1953 ـ يىلى 0.78 يۈەن؛ سەرەڭگىنىڭ ھەر بىر بولىقى 1949 ـ يىلى 0.90 يۈەن، 1950 ـ يىلى 0.70 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.70 يۈەن، 1952 ـ يىلى 0.67 يۈەن، 1953 ـ يىلى 0.40 يۈەن؛ داس («دېشاڭ» ماركىلىق، 36 ـ نومۇرلۇق) نىڭ ھەر بىرى 1949 ـ يىلى 6.80 يۈەن، 1950 ـ يىلى 6.36 يۈەن، 1951 ـ يىلى 6.04 يۈەن، 1952 ـ يىلى 5.44 يۈەن، 1953 ـ يىلى 5.35 يۈەن؛ قېرىنداش («سەددىچىن» ماركىلىق، ئۈچ چۈرگۈچلۈك) نىڭ ھەر بىرى 1949 ـ يىلى 0.32 يۈەن، 1950 ـ يىلى 0.30 يۈەن، 1951 ـ يىلى 0.20 يۈەن، 1952 ـ يىلى 0.11 يۈەن، 1953 ـ يىلى 0.11 يۈەن؛ سىياھ («مىنشاڭ» ماركىلىق كۆك سىياھ) نىڭ ھەر بىر قۇتىسى 1949 ـ يىلى 1.51 يۈەن، 1950 ـ يىلى 1.01 يۈەن، 1951 ـ يىلى 1 يۈەن، 1952 ـ يىلى 1.02 يۈەن، 1953 ـ يىلى 0.80 يۈەن؛ پېنىسىلىن ئوكۇلى (بىرلىكى 3 مىليونلۇق) نىڭ ھەر بىرى 1949 ـ يىلى 18 يۈەن، 1950 ـ يىلى 16.70 يۈەن، 1951 ـ يىلى 15.23 يۈەن، 1952 ـ يىلى 14 يۈەن، 1953 ـ يىلى 13 يۈەن. 1954 ـ يىل 9 ـ ئايدا دۆلەت پاختا رەختلەرنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، ھۆددە ئېلىپ سېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1955 — 1983 ـ يىلغىچە ئاز ساندىكى تۈرلۈك ماللارنىڭ باھاسى ئازراق ئۆزگەردى، 1957 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن دۆلەت پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنى بېلەتلىك تەمىنلەشنى يولغا قويدى. بازارلاردىكى تۈرلۈك ماللارنىڭ باھاسىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، 1966 ـ يىلى ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىتېمىسى بىرلىشىپ ناھىيە بويىچە تاۋار باھاسىنى 6 ئاي كەلگۈدەك تۈردە تەكشۈردى. 1967 ـ يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە تاۋارلارنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە تەڭشىلىپ، 5% — 10% چۈشۈرۈلدى. 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە تاۋار باھاسىنى بىر تۇتاش چوڭ تەڭشەشتە ناھىيە بويىچە 800 خىل تاۋارنىڭ باھاسى تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنىڭ باھاسى 12% ئۆستى، خىمىيىلىك تالا ۋە باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسى 15% چۈشتى. دۆلەت دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنىڭ باھاسى ئۆسكەندىن كېيىن، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ھەر بىرىگە 1.50 يۈەندىن پۇل قوشۇپ بەردى. ناھىيە بويىچە باھا گىدارىسىدىن تارقىتىلغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى 335 مىڭ 962 يۈەنگە يەتتى. 1983 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 6 تۈردىكى 179 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، تۇراقسىز باھا يولغا قويۇلدى. باھانى يۇقىرىغا 10%، تۆۋەنگە 20% تۇراقسىز قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. 1984 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يەنە بىر تۈركۈمدە 369 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى بېلەتسىز تەمىنلىنىدىغان بولدى. 1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 3 ـ تۈركۈمدە 158 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. شۇ يىلى 9 — 12 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، ئامباردا 1984 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بېسىلىپ قالغان تاۋارلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىياننى شۇ جايدىكى

مالىيە تارماقلىرى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك» دېگەن يوليورۇققا ئاساسەن، ناھىيىلىك باھا تارماقلىرى سودا، تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدىكى ئامبارلارنى ئېنىقلاپ، بېسىلىپ قالغان تاۋارلارنى بىر تەرەپ قىلدى، نەتىجىدە سودا سىستېمىسىدا 670 مىڭ يۈەن، تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدا 640 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى، بۇ زىيانلار شۇ يىلى پۈتۈنلەي يەرلىك مالىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن تولۇقلاپ بېرىلدى. 1986 ـ يىلى 4 ـ تۈركۈمدە 547 خىل ئۆسكۈنە، تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئۆزلۈكسىز زورايدى، باھا تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى باشقۇرۇش شەكلىدىن تەدرىجىي ھالدا مۇلازىمەت شەكلىگە ئۆزگەردى، 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن قويۇۋېتىلىپ، باھا بازار ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن تەڭشىلىدىغان بولدى.

## 7. غەيرىي تاۋارلاردىن ھەق ئېلىش

پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىش ئەندىزىسى تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتكە يۈزلەندى، غەيرىي تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمايدىغان ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە ئەمگەك ئىشلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت تۈرلىرىدىن ئېلىنىدىغان ھەقنى كۆرسىتىدۇ.

**تېببىي داۋالاشقا ھەق ئېلىش** 1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىدە دەسلەپكى كۆرۈنۈش ھەققى 0.20 يۈەن، قايتا كۆرۈنۈش ھەققى 0.10 يۈەن، ئوكۇل ئۇرۇش ھەققى 0.20 يۈەن، كۆكرەك، قورساق، سۆڭەك پونكسىيىسى ھەققى 1.5 يۈەن بولدى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيە تۈرلىرىدىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: سۈنئىي ئۇسۇلدا ھامىلىنى چۈشۈرۈش ھەققى 5 يۈەن، تۇخۇم يەتكۈزۈش نەيچىسىنى بوغۇش كارتىيىسى (جۈپ) 15 يۈەن، تۇخۇم يەتكۈزۈش نەيچىسىنى دورا بىلەن چاپلاپ توسۇش تېخنىكىسى (جۈپ) 5 يۈەن، ئۇرۇق يەتكۈزۈش نەيچىسىنى بوغۇش تېخنىكىسى 4 يۈەن، ئۇرۇق يەتكۈزۈش نەيچىسىنى دورا بىلەن چاپلاپ توسۇش تېخنىكىسى 1.70 يۈەن، ئۈزۈك سېلىش ـ ئېلىش 0.80 يۈەن. 1989 ـ يىلى ئومۇمنىڭ خىراجىتىگە داۋالىنىش كىنىشكىسىنىڭ ھەر بىرىگە 0.80 يۈەن ھەق ئېلىندى.

**مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدىكى ھەق ئېلىش** 1988 ـ يىلى ۋىلايەتلىك باھا باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، مائارىپ باشقارمىسى بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، ناھىيە بويىچە يەسلىلەردە كىچىك سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ئېيىغا 30 يۈەن بېقىش ھەققى، ئېيىغا 5 يۈەن ھەرخىل ھەق، 6 يۈەن باشقۇرۇش ھەققى، 4.50 يۈەندىن ئىسسىنىش پۇلى، بىر يۈەندىن تازىلىق پۇلى ئېلىشنى بەلگىلىدى. 1990 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيە ۋىلايەتلىك باھا تارماقلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ھەر بىر بالىدىن ئېلىنىدىغان باشقۇرۇش ھەققى ئېيىغا 6 يۈەندىن 10 يۈەنگە تەڭشىدى. ئېلىمىزدە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، ناھىيە بويىچە ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئوقۇش خىراجىتىنىڭ ئۆلچىمى 1975 ـ يىلى (ناھىيە بازىرىدا) ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر مەۋسۇمدە 4 يۈەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 3 يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 2 يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى. مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىر مەۋسۇمدە 3 يۈەن، ئومۇمنىڭ ئاشخانىسىدىن تاماق يەيدىغان ۋە بىرلىشىپ تاماق يەيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىر مەۋسۇمدە بىر يۈەن (ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئايرىلمىغان) باشقۇرۇش ھەققى ئېلىندى. بۇ ئۆلچەم 1990 ـ يىلىغا قەدەر ئىجرا قىلىندى.

## 8. شېكەر، تاماكا، ھاراق باھاسى

ئېلىمىزدە ھاراق ـ تاماكىنى مونوپول قىلىپ سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاچقا، ھاراق ـ تاماكىنىڭ

باھاسى كۆپ يىللاردىن بۇيان بىرقەدەر مۇقىم بولدى. 1983 ـ يىلدىكى باھانى چولڭ تەڭشەشتە ئۆزگىرىش بىرقەدەر زور بولدى. ناھىيىنىڭ شېكەر، تاماكا، ھاراق باھاسى يۇقىرى دەرىجىلىك باھا تارماقلىرى تۈزۈپ بېكىتكەن باھاغا ئاساسەن ئىجرا قىلىنغان. بىر بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقى 1965 ـ يىلى 5.39 يۈەن، 1975 ـ يىلى 8.30 يۈەن، 1980 ـ يىلى 12 يۈەن ئىدى، 1983 ـ يىلى 13.20 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ بىر كىلوگىرام ئاق شېكەر 1965 ـ يىلى 2.22 يۈەن، 1970 ـ يىلى 2.05 يۈەن، 1983 ـ يىلى 1.94 يۈەن بولدى؛ بىر كىلوگىرام قارا شېكەر 1960 ـ يىلى 1.90 يۈەن، 1965 ـ يىلى 1.56 يۈەن، 1983 ـ يىلى 1.69 يۈەن بولدى؛ بىر تاختا چاي 1965 ـ يىلى 5.22 يۈەن، 1970 ـ يىلى 5.45 يۈەن، 1980 ـ يىلى 6.30 يۈەن ئىدى، 1983 ـ يىلى 7 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ «سۇمۇرۇغ» ماركىلىق ئېسىل تاماكىنىڭ بىر پاچكىسى 1965 ـ يىلى 0.56 يۈەن، 1975 ـ يىلى 0.68 يۈەن ئىدى، 1983 ـ يىلى 0.84 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە توپ ـ پارچە سېتىلغان «ئا»، «ب» دەرىجىلىك تاماكا، بوتۇلكىلىق ھاراق، چاقماق قەنتلەرنىڭ باھا پەرقى %10، «س» دەرىجىلىك تاماكا، پارچە ھاراق، ناۋات، سۇت پاراشوكىنىڭ %12، تورت، پېچىنىلەرنىڭ %13، ئاق شېكەر، قارا شېكەر، سۇت ياسالمىلىرى، كەمپۈت، ئۈششاق يېمەكلىكلەر، سارماي، تاش چايلارنىڭ %15، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك چايلارنىڭ %20 بولدى.

## 9. تېببىي دورا باھاسى

تېببىي دورا باھاسى جەھەتتە ئىزچىل تۆردە مۇقىم سىياسەت يولغا قويۇلۇپ كەلدى. باھانى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى دۆلەتنىڭ قولىدا بولۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئىجرا قىلىش ھوقۇقىلا بار ئىدى. 1969 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، مال ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تۈزگەن توپ ـ پارچە سېتىش باھا پەرقى نىسبىتىگە ئاساسەن ناھىيىنىڭ سېتىش باھاسى ھېسابلاپ چىقىلاتتى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن مال يەتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مەملىكەت، ئاپتونوم رايوندا بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ئىجرا قىلىندى. 1983 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يۇقىرى دەرىجىلىك مال باھا تارماقلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى، تەييار جۇڭيى دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش تۈزۈمى مال يەتكۈزۈپ بېرىشتىن مال ئېلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ دورىلارنىڭ سېتىلىش باھاسى يۇقىرى دەرىجىلىك باھا تارماقلىرى بېكىتكەن توپ ـ پارچە سېتىش پەرق نىسبىتىگە ئاساسەن ناھىيە تەرىپىدىن ئۆز ئالدىغا بەلگىلەندى. 1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئەيнەك ئۈسكۈنىلەر، سىناق دورىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى مال ئېلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە بەلگىلىمە بويىچە پەرقلىق باھا نىسبىتىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىدى. باشقا دورىلار، داۋالاش سايمانلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى 1990 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىنىپ، يەنىلا ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سېتىش باھاسى يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە دورا، داۋالاش سايمانلىرى، خىمىيىۋى دورىلارنىڭ توپ ـ پارچە سېتىش پەرق نىسبىتى %15، تەييار جۇڭيى دورىلىرىنىڭ %16، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ %30، ئەينەك ئۈسكۈنىلەرنىڭ %18 بولدى.

## 10. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ باھاسى

دۆلەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىغا قارىتا ئەزەلدىن قوغداش، يۆلەش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلدى. 1972 ـ يىلى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 745 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىدىن يېزا ئىگىلىك پارچە سېتىش بېجى ئېلىنمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن؛

1973 - يىلى 1 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىلىش باھاسىنى ئاساس باھا قىلىپ، ئۇنىڭغا سېتىش پەرق نىسبىتى (1 - خىلدىكىلىرىنىڭ 5%، 2 - خىلدىكىلىرىنىڭ 8%، 3 - خىلدىكىلىرىنىڭ 12%) قوشۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سېتىش باھاسى تۈزۈپ چىقىشنى قارار قىلدى. 1975 — 1978 - يىلغىچە دۆلەت شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ھەقسىز پۇل ئاجرىتىپ بەردى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى يۆلەش مەبلىغىدىن 3 مىليون 630 مىڭ يۈەن بەردى. 1980 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 1095 - نومۇرلۇق ھۆججىتى — «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى توشۇشقا باپ كېلىدىغان ئالاھىدە باھالىق بۇيۇملارنى بەلگىلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»تا: بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىكى (دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى جەدۋىلىدىكى) پۈتۈن ۋاگوندا توشۇلىدىغان بۇيۇملارغا 1 - نومۇرلۇق توشۇش باھا نىسبىتىنىڭ 60%ى بويىچە ھەق ھېسابلىنىدۇ، پارچە توشۇلغانلىرىغا 11 - نومۇرلۇق توشۇش باھا نىسبىتى بويىچە ھەق ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. دۆلەت باھا ھېسابلاش، توشۇش، مالىيە ئارقىلىق يۆلەشتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوللانغاچقا بۇ سىياسەت يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 1 -، 2 - خىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بېكىتىش ھوقۇقى دۆلەتتە، 3 - خىلدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى بېكىتىش ھوقۇقى ئاپتونوم رايوندا بولۇپ، ناھىيىدە پەقەت ئىجرا قىلىش ھوقۇقىلا بولدى.

ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى سېتىلىش باھاسى مۇنداق: «شەرق قىزاردى — 75» تىپلىق تراكتورنىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 15 مىڭ 225 يۈەن، 1981 - يىلى 15 مىڭ 80 يۈەن، 1984 - يىلى 16 مىڭ 23 يۈەن، 1985 - يىلى 17 مىڭ 625 يۈەن؛ «تۆمۈر بۇقا — 55» تىپلىق تراكتورنىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 12 مىڭ 600 يۈەن، 1981 - يىلى 12 مىڭ 480 يۈەن، 1984 - يىلى 14 مىڭ 918 يۈەن، 1985 - يىلى 18 مىڭ 349 يۈەن؛ «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق تراكتورنىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 9975 يۈەن، 1981 - يىلى 9360 يۈەن، 1984 - يىلى 10 مىڭ 677 يۈەن؛ «شەرق قىزاردى — 60» تىپلىق توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 18 مىڭ 575 يۈەن، 1981 - يىلى 18 مىڭ 610 يۈەن، 1984 - يىلى 19 مىڭ 338 يۈەن، 1985 - يىلى 21 مىڭ 272 يۈەن؛ 5 چىشلىق ساپان (35 — 5 — L تىپلىق) نىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 1680 يۈەن، 1981 - يىلى 1404 يۈەن، 1984 - يىلى 2100 يۈەن؛ سۇيۇقلۇق بېسىملىق 5 چىشلىق ساپان (35 — 5 — L تىپلىق) نىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 1806 يۈەن، 1981 - يىلى 1560 يۈەن، 1984 - يىلى 2044 يۈەن؛ ئېغىر تىپلىق پۇچۇق تىرنا ( PQZ2.5 تىپلىق) نىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 1890 يۈەن، 1981 - يىلى 1591 يۈەن، 1984 - يىلى 2100 يۈەن؛ ئاسما دېسكىلىق تىرنا (PYX—2.0 تىپلىق) نىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 735 يۈەن، 1981 - يىلى 624 يۈەن، 1984 - يىلى 1492 يۈەن؛ ئاسما شەكىللىك سېيالكا (BGX16 تىپلىق) نىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 1260 يۈەن، 1981 - يىلى 1061 يۈەن، 1984 - يىلى 1326 يۈەن؛ چاتما كولتىۋاتور (ZW—4.2 تىپلىق) نىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 1260 يۈەن، 1981 - يىلى 1019 يۈەن، 1984 - يىلى 1381 يۈەن؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چاتما كوزۇپ (5 توننىلىق) نىڭ ھەر بىرى 1973 - يىلى 5775 يۈەن، 1981 - يىلى 5720 يۈەن، 1984 - يىلى 6066 يۈەن بولدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1 - خىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنا مەھسۇلاتلىرى: تراكتور، كىچىك تراكتور، پرىتسېپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل، ماي توشۇيدىغان ئاپتوموبىل، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ۋە ئۇنىڭغا چېتىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆرەتمە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كومبايىن، خامان سورۇش ماشىنىسى، قۇرۇتۇش ماشىنىسى، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى، ماتورلۇق شال مايىسى كۆچۈرۈش ماشىنىسى، ماتورلۇق ئۇسۇملۇك ئاسراش ماشىنىلىرى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈپ

رېمونت قىلىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئۈسكۈنىلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، تېرىقچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سۈيۈق بېسىملىق ئاسما قوزغىلىمىسى قاتارلىقلار؛ 2 - خىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرى: ئېتىزلارنى سۇغىرىش - زەي چىقىرىۋېتىش ماشىنىلىرى، يۇرۇشلەشكەن تراكتور پارچىلاش قوزغىلىمىسى، كىچىك تىپلىق (500 ۋاتتىن تۆۋەن) سۇ گېنېراتورى ئۈسكۈنىلىرى، دىزېل ياكى بېنزىن ماتورلۇق گېنېراتور گورۇپپىسى، قۇدۇق بۇرغىلاش ماشىنا - سايمانلىرى ۋە ماي باكى قاتارلىقلار؛ 3 - خىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرى: تراكتورلارنىڭ ھەرخىل زاپچاسلىرى (قوشۇمچە دېتاللىرى)، ھەرخىل ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرى، ھەرخىل چاتما دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ زاپچاسلىرى، سۇ پومپىسىنىڭ زاپچاسلىرى، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان ھەرخىل ماشىنىلار ۋە زاپچاسلىرى، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە زاپچاسلىرى، ئۆزىتىش تاسمىسى، 3 قىرلىق تاسما، چوڭ ھارۋا، قول ھارۋىسى تەگلىكى، تراكتور كامېرى قاتارلىقلار. 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يۇقىرى دەرىجىلىك باھا تارماقلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا باھا قوشۇپ سېتىش ۋە تۇراقسىز باھانى يولغا قويۇش قارار قىلىنىپ، «تۆمۈر بۇقا — 55» تىپلىق چاقلىق تراكتور، «شاڭخەي — 50» تىپلىق تراكتور، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دورا پۈركۈگۈچلەرنىڭ باھاسى %5 يۇقىرى - تۆۋەن قىلىنىدىغان، باشقا 1 -، 2 -، 3 - خىلدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى %10 يۇقىرى - تۆۋەن قىلىنىدىغان بولدى. شۇ يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ «شەرق قىزاردى — 75»، «شەرق قىزاردى — 60»، «تۆمۈر بۇقا — 55» تىپلىق تراكتورلارنىڭ باھاسى %10 يۇقىرى قىلىندى. 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ «تۆمۈر بۇقا» نىڭ ھەر بىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 14 مىڭ 800 يۈەندىن 18 مىڭ 200 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %97 .22 ئۆستۈرۈلدى. 1988 - يىلى «تۆمۈر بۇقا — 55» تىپلىق تراكتورنىڭ ھەر بىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى 20 مىڭ 404 يۈەن ئىدى، 1989 - يىلى 28 مىڭ 345 يۈەنگە يېتىپ، %92 .38 ئۆستى، 1990 - يىلى يەنە 35 مىڭ 690 يۈەنگە چىقىپ، باھا %92 .25 ئۆستى؛ پرېتسېپ (5 توننىلىق) نىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ھەر بىرىنىڭ 1988 - يىلى 7434 يۈەن ئىدى، 1990 - يىلى 8050 يۈەنگە چىقىپ، باھا %3 .8 ئۆستى؛ 1990 - يىلى 5 چىشلىق ساپاننىڭ ھەر بىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى 7561 يۈەن، دېسكىلىق تىرنىنىڭ ھەر بىرىنىڭ 6856 يۈەن، سېيالكىنىڭ ھەر بىرىنىڭ 2634 يۈەن بولدى.

1980 - يىلى ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى يەر ھەيدەشتە %90 كە، تېرىشتا %82 كە، ئوغۇتلاشتا %57 كە يەتتى. 1981 - يىلى ئېتىزلار ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئېتىزلار كىچىكلىتىلىپ، تراكتور بىلەن تېرىلماي، كالا بىلەن تېرىلىدىغان بولدى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ھېچكىم ئىشلەتمەيدىغان، ئەسلىدە بار دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بوزۇلسا ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان بولۇپ قېلىپ، يېزىلىق تراكتور پونكىتلىرى ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەنىدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ، قايتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

## 11. ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ باھاسى

ياغاچ ماتېرىياللار ئۇزۇندىن بۇيان پىلانلىق باشقۇرۇلۇپ كەلدى، ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىنى دۆلەت ئورمىنى ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن پەرقلەندۈرۈپ بىر تۇتاش بەلگىلىدى. دۆلەت ياغاچ ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىنى تۈزۈشكە ئىنچىكە، قاتتىق تەلەپ قويدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يۇقىرى دەرىجىلىك باھا تارماقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىنى ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسى، دىئامېتىرى، ئۇزۇنلۇق باھا پەرقى

نىسبىتىگە، باھا ھېسابلاش كوئېففىتسىيېنت جەدۋىلىگە ئاساسەن ھېسابلاپ ئىجرا قىلىدى. ئۇزۇنلۇقى 4 — 5.8 مېتىر، دىئامېتىرى 14 — 18 سانتىمېتىر كېلىدىغان تېرەك ياغىچى (ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىش باھا پەرقى نىسبىتى %100، ياڭاق، قارىياغاچ، ئەرمۇدۇن ياغىچىنىڭ %110، جىگدە، سۆگەت، تۇخۇمەك ياغاچلىرىنىڭ %80؛ ئۈجمە، چوڭ يوپۇرماقلىق تېرەك، كانادا تېرىكىنىڭ %90، سىپارى دەرىخىنىڭ %130 بولدى. دەرىجە باھا پەرقى نىسبىتى ئالاھىدە ياغاچلارنىڭ %130، 1 - دەرىجىلىكلىرىنىڭ %115، 2 - دەرىجىلىكلىرىنىڭ %100، 3 - دەرىجىلىكلىرىنىڭ %88 بولدى؛ دىئامېتىرى 20 — 28 سانتىمېتىرلىقلىرىنىڭ دىئامېتىر باھا پەرقى نىسبىتى %110، 14 — 18 سانتىمېتىرلىقلىرىنىڭ %100، 12 سانتىمېتىردىن تۆۋەنلىرىنىڭ %90 بولدى؛ ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىردىن ئاشىدىغانلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇق باھا پەرق نىسبىتى %110، 4 — 5.8 مېتىرلىقلىرىنىڭ %100، 1.8 — 3.8 مېتىرلىقلىرىنىڭ %90 بولدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللار باھاسى باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسىغا ئوخشاش 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا كۆپ ئۆزگىرىش - مۇقىملىشىش - ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. 1952 - يىلى ناھىيىدە تېرەك ياغىچى (ئۆلچەملىك) نىڭ سېتىلىش باھاسى ھەر بىر كۇب مېتىرىنىڭ 80 يۈەن، 1954 - يىلى 82 يۈەن، 1955 - يىلى 85 يۈەن، 1956 - يىلى 88 يۈەن، 1957 - يىلى 91 يۈەن، 1959 - يىلى 119.64 يۈەن ئىدى، 1979 - يىلى 125 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %4.5 ئۆستى، 1980 - يىلى 149 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %19.2 ئۆستى، 1981 - يىلى 185 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %24.2 ئۆستى. 1983 - يىلى 250 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، %35.14 ئۆستى. 1990 - يىلغا قەدەر بۇ باھادا ئۆزگىرىش بولمىدى. ناھىيىنىڭ ياغاچ ماتېرىيال بايلىقى ئازلىقتىن كۆپىيىپ، 1985 - يىلىغا كەلگەندە ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، پىلانلىق باشقۇرۇش كۈچتىن قالدى، نەتىجىدە بازاردىكى ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ باھاسى دۆلەت بېكىتكەن باھادىن تۆۋەن بولۇپ قېلىپ، ناھىيىلىك ياغاچ پونكىتى 1988 - يىلى ۋەيران بولۇشقا مەجبۇر بولدى، خادىملىرى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 12. باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن كەتمەن، ئورغاق، بوغا، سۈپۈرگە، كەكە قاتارلىقلارنىڭ باھاسىنى ناھىيىلىك باھا تارماقلىرى بېكىتتى. چويۇن مەش، ئالىيۇمىن كورا، چويۇن ساپان، دان ئايرىش ماشىنىسى، خامان سورۇش ماشىنىسى، قوش چىشلىق ساپان قاتارلىقلارنىڭ تەننەرخىنى ناھىيە ھېسابلاپ، ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، شۇ تارماقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ باھاسىنى بېكىتىپ بەردى. يەككە تىجارەتچىلەر بازاردا ساتىدىغان توخۇ، ئۆردەك، توشقان، تۇخۇم، چارۋا، بورا، سۈپۈرگە، غەلۋىر، ياغاچ ئارا، سېۋەت، مېۋە - چېۋە، ياغاچ ئۆي جاھازلىرى، ھەرخىل يەرلىك ماللار، دوپپا، قولاقچا قاتارلىقلارنى سېتىۋالغۇچىلار ساتقۇچىلار بىلەن بىۋاستە سودىلىشىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ باھا قويۇشقا يول قويۇلدى.

## 13. رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى

يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن ئىبارەت 2 ناھىيە، بىر شەھەر قەشقەر شەھىرىنىڭ سودا - سانائەت تۈت كوچىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا 15 كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە ئوخشاش باھانى يولغا قويغان. بۇ يولىيورۇقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتنىڭ تەستىقى بىلەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن قىسمەن يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى 3 باھا رايونىغا ئايرىدى، يەنى ناھىيە بازىرى،

ئوغۇساق، زەمىن، پاختەكلە، سەمەن، قوغان، سايباغ يېزىلىرى 1 - باھا رايونى بولۇپ، قەشقەر شەھىرى بىلەن ئوخشاش باھا يولغا قويۇلدى؛ بۇلاقسۇ، لەڭگەر، يېڭىئۆستەڭ، بەشكېرەملەر 2 - باھا رايونى بولۇپ، بۇ باھا رايوندا سانائەت بۇيۇملىرىدىن كىلوگرامنى بىرلىك قىلىدىغانلىرىغا توشۇش باھاسى قوشۇلدى. مېتىر، دانە بىرلىك قىلىنغان تاۋارلارغا 1% باھا قوشۇلۇپ، مۇشۇ رايوندىكى سېتىش باھاسى قىلىندى. قۇرۇق، ھۆل مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىر باھا رايوندىكى باھا ئاساسىدا ھەر كىلوگرامى 0.20 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىدىن بىر پۇڭ، 0.35 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىدىن 2 پۇڭ، 0.50 — 1 يۈەن بولغانلىرىدىن 3 — 7 پۇڭ تۆۋەنلىتىپ، مۇشۇ باھا رايونىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى قىلىندى؛ ئوپال، تاشمىلىق، مۇش 3 - باھا رايونى بولۇپ، بۇ باھا رايوندا سانائەت ماللىرىدىن كىلوگرام بىرلىك قىلىنىدىغانلىرىغا تاۋارلارنىڭ ئەمەلىي توشۇش باھاسى قوشۇلدى، مېتىر، دانە بىرلىك قىلىنغان تاۋارلارغا 1.5% باھا قوشۇلۇپ، مۇشۇ رايوننىڭ سېتىش باھاسى قىلىندى. قۇرۇق، ھۆل مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىر باھا رايوندىكى باھا ئاساسىدا 0.20 يۈەندىن تۆۋەنلىرىدىن 2 پۇڭ، 0.35 يۈەندىن تۆۋەنلىرىدىن 3 پۇڭ، 0.50 — 1 يۈەنگىچە بولغانلىرىدىن 5 پۇڭدىن بىر موغىچە كېمەيتىلىپ، مۇشۇ باھا رايونىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى قىلىندى.

### 1949 — 1955 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىشلەر (1)

ئىقتىساد: 16 — 3 - جەدۋەل بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | تۈرى ۋە ئۆلچىمى | بىرلىكى | 1949 | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 10 | 11 | 12.5 | 13 | 12.5 | 12 | 12 |
| گۈرۈچ | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 20 | 21 | 20 | 20 | 20 | 21 | 21 |
| گۈرۈچ | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 23 | 24 | 22 | 22 | 21 | 22.8 | 22.8 |
| ئاققوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 10 | 8 | 8 | 9 | 9 | 8.20 | 8 |
| كۆممىقوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 10 | 8 | 8 | 9 | 8.80 | 8 | 8 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 13 | 12 | 11 | 11 | 11 | 11 | 11 |
| سېرىق ماش | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك | 100 جىڭ | 30 | 33 | 30 | 30 | 30 | 21 | 20 |
| ئۇن | سېتىش (ئاددىي ئۇن) | 100 جىڭ | 21 | 21 | 20 | 19 | 18.8 | 21.1 | 19.9 |
| ساپ پاختا | سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 55 | 63.2 | 68.2 | 65.4 | 83.8 | 99.9 | 99.9 |
| چىگىت | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | 100 جىڭ | 4.20 | 4.30 | 4.30 | 4.40 | 6 | 6.9 | 6.9 |
| زىغىر | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 16 | 15 | 16 | 18 | 24 | 24 | 22.4 |
| زىغىر يېغى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 105 | 168 | 144 | 140 | 177 | 240 | 247 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كالا | سېتىۋېلىش (ئۈچكۈز 1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.36 | 0.30 | 0.35 | 0.39 | 0.75 | 0.88 | 0.55 |
| قوي | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.56 | 0.50 | 0.67 | 0.76 | 1 | 1.20 | 0.778 |
| چوشقا | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك سېمىز) | كىلوگرام | 2.40 | 2.40 | 2.10 | 2.22 | 1.20 | 1.20 | 1.02 |
| قوي گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.40 | 1.32 | 0.91 | 1 | 1.40 | 1.68 | 1.43 |
| يېڭى چوشقا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 4 | 4 | 3.50 | 3.70 | 2 | 2 | 1.70 |
| كالا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1 | 1.04 | 0.56 | 0.60 | 1 | 1.28 | 1.18 |
| سېرىق گۈلە | پارچە سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | | | |
| سېرىق گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | | | |
| قارا گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | | | |
| تاتلىق گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 1.70 | 2 | 1.98 | 1.98 | 1.80 | 1.60 | 1.65 |
| ھەسەل | پارچە سېتىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | | | | | 1.68 | 1.68 | 1.08 |
| كىنو بېلىتى | ئادەتتىكى فىلىم | دانە | 0.40 | 0.30 | 0.25 | 0.25 | 0.25 | 0.25 | 0.25 |
| تېرەك ياغىچى | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كۇب مېتىر | | | | 80 | 80 | 82 | 85 |

## 1956 — 1962 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىشلەر (2)

ئىقتىساد: 16 — 4 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | تۈرى ۋە ئۆلچىمى | بىرلىكى | 1956 | 1957 | 1958 | 1959 | 1960 | 1961 | 1962 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 12 | 12 | 11.5 | 11.50 | 11.50 | 12 | 12 |
| گۈرۈچ | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 21 | 21 | 21 | 21 | 22 | 22 | 22 |
| گۈرۈچ | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 28 | 28 | 28 | 22.80 | 22.30 | 22.30 | 22.30 |
| ئاققوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 8.20 | 8.2 | 8.2 | 8.20 | 8 | 8 | 8 |
| كۆممىقوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 8.7 | 8 | 8.2 | 8.20 | 8.20 | 8.20 | 8.30 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 11 | 11 | 11 | 11 | 8.70 | 8.70 | 8.70 |
| سېرىق ماش | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 21 | 14 | 13 | 13 | 13.80 | 13.80 | 13.80 |
| ئۇن | سېتىش (ئاددىي ئۇن) | 100 جىڭ | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 |
| ساپ پاختا | سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 99.9 | 99.9 | 99.9 | 99.90 | 99.90 | 99.90 | 99.90 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېكىت | سېتىۋېلىش (1 ـ دەرىجىلىك) | 100 جىڭ | 6.9 | 6.9 | 4 | 4 | 4 | 4 | 4 |
| زىغىر | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 21.6 | 21.6 | 21.6 | 21.60 | 20.60 | 22.20 | 22.20 |
| زىغىر يېغى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 188 | 186 | 186 | 186 | 186 | 186 | 186 |
| كالا | سېتىۋېلىش (ئۆكۈز 1 ـ دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.37 | 0.371 | 0.371 | 0.371 | 0.371 | 0.371 | 0.371 |
| قوي | سېتىۋېلىش (1 ـ دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.53 | 0.53 | 0.60 | 0.60 | 0.60 | 0.60 | 0.60 |
| چوشقا | سېتىۋېلىش (1 ـ دەرىجىلىك سېمىز) | كىلوگرام | 1.02 | 1.45 | 1.60 | 1.60 | 1.42 | 1.42 | 1.42 |
| قوي گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.51 | 1.56 | 1.70 | 1.70 | 1.70 | 1.70 | 1.70 |
| يېڭى چوشقا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.70 | 2.23 | 2.40 | 2.40 | 2.21 | 2.21 | 2.21 |
| كالا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.04 | 1.25 | 1.25 | 1.25 | 1.25 | 1.25 | 1.25 |
| سېرىق گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | 0.60 | 0.56 | 0.56 |
| سېرىق گۈلە | پارچە سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | 0.72 | 0.67 | 0.67 |
| قارا گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | — | 0.54 | 0.54 | 0.54 |
| تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 1.17 | 1.46 | 1.67 | 1.58 | 2.26 | 2.26 | 2.26 |
| ھەسەل | پارچە سېتىش (1 ـ دەرىجىلىك) | كىلوگرام | | | | | 3.36 | 3.36 | 3.36 |
| كىنو بېلىتى | ئادەتتىكى فىلىم | دانە | 0.25 | 0.25 | 0.25 | 0.25 | 0.20 | 0.20 | 0.20 |
| تېرەك ياغىچى | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كۇب مېتىر | 85 | 88 | 91 | 114.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 |

## 1963 — 1969 ـ يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىشلەر (3)

ئىقتىساد: 16 — 5 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | تۈرى ۋە ئۆلچىمى | بىرلىكى | 1963 | 1964 | 1965 | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 12 | 12 | 12 | 13.40 | 13.40 | 13.40 | 13.40 |
| گۈرۈچ | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22 | 22 | 22 | 22 | 22 | 22 | 22 |
| گۈرۈچ | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22.3 | 22.30 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 |
| ئاقتوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 8 | 8.50 | 8 | 8.80 | 8.80 | 8.80 | 8.80 |
| كۆممىقوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 8.30 | 8.30 | 8.30 | 9.10 | 9.10 | 9.10 | 9.10 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 8.70 | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 |

| | | | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېرىق ماش | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 18.8 | 15.30 | 15.30 | 13.80 | 14.70 | 14.70 | 14.70 |
| ئۇن | سېتىش (ئاددىي ئۇن) | 100 جىڭ | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 |
| ساپ پاختا | سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 99.9 | 99.9 | 99.90 | 99.90 | 99.90 | 99.90 | 99.90 |
| چىگىت | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | 100 جىڭ | 4 | 6.80 | 6.80 | 6.80 | 6.80 | 6.80 | 6.80 |
| زىغىر | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22 | 22.20 | 22.20 | 22.20 | 22.20 | 22.20 | 22.20 |
| زىغىر يېغى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 186 | 177 | 177 | 88.50 | 88.50 | 88.50 | 88.50 |
| كالا | سېتىۋېلىش (ئۆتكۈز 1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 |
| قوي | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.60 | 0.60 | 10.57 | 0.57 | 0.57 | 0.57 | 0.57 |
| چوشقا | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك سېمىز) | كىلوگرام | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 |
| قوي گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.70 | 1.81 | 2.02 | 2.08 | 2.08 | 2.08 | 2.08 |
| يېغى چوشقا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 |
| كالا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.25 | 0.97 | 0.97 | 0.97 | 0.97 | 0.97 | 0.97 |
| سېرىق گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 0.60 | 0.50 | 0.56 | 0.56 | 0.56 | 0.56 | 0.56 |
| سېرىق گۈلە | پارچە سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 0.72 | 0.60 | 0.67 | 0.67 | 0.67 | 0.67 | 0.67 |
| قارا گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 0.54 | 0.43 | 0.55 | 0.55 | 0.55 | 0.55 | 0.55 |
| تاتلىق گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 2.26 | 2.26 | 2.61 | 2.61 | 2.61 | 2.61 | 2.61 |
| ھەسەل | پارچە سېتىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 3.36 | 3.36 | 2.64 | 2.64 | 2.64 | 2.64 | 2 |
| كىنو بېلىتى | ئادەتتىكى فىلىم | دانە | 0.20 | 0.20 | 0.20 | 0.20 | 0.10 | 0.10 | 0.10 |
| تېرەك ياغىچى | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كۇب مېتىر | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 |

### 1970 ~ 1976 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىشلەر (4)

ئىقتىساد: 16 — 6 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | تۈرى ۋە ئۆلچىمى | بىرلىكى | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 13.40 | 13.4 | 13.4 | 13.4 | 13.4 | 13.4 | 13.4 |
| گۈرۈچ | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22 | 22 | 22 | 22 | 22 | 22 | 22 |
| گۈرۈچ | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22.80 | 22.8 | 22.8 | 22.8 | 22.8 | 22.8 | 22.8 |
| ئاققوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 8.80 | 8.80 | 8.80 | 8.80 | 8.80 | 8.80 | 8.80 |
| كۆممىقوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 9.10 | 9.10 | 9.10 | 9.10 | 9.10 | 9.10 | 9.10 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېرىق ماش | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 14.70 | 14.7 | 14.7 | 14.7 | 15.50 | 15.50 | 15.50 |
| ئۇن | سېتىش (ئاددىي ئۇن) | 100 جىڭ | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 |
| ساپ پاختا | سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 99.90 | 99.9 | 102 | 102 | 102 | 102 | 102 |
| چېكىت | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | 100 جىڭ | 6.30 | 6.30 | 6.30 | 6.70 | 6.70 | 6.70 | 6.70 |
| زىغىر | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22.2 | 22.2 | 22.2 | 22.2 | 22.2 | 22.2 | 22.2 |
| زىغىر يېغى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 88.5 | 88.5 | 88.5 | 88.5 | 88.5 | 88.5 | 88.5 |
| كالا | سېتىۋېلىش (ئۆكۈز 1 - دەرىجىلىك) | كىلوگىرام | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 |
| قوي | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگىرام | 0.57 | 0.57 | 0.57 | 0.57 | 0.57 | 0.57 | 0.57 |
| چوشقا | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك سېمىز) | كىلوگىرام | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 | 1.42 |
| قوي گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگىرام | 1.66 | 1.66 | 1.66 | 1.66 | 1.66 | 1.66 | 1.66 |
| يېڭى چوشقا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگىرام | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 | 2.21 |
| كالا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگىرام | 0.97 | 0.97 | 0.97 | 0.97 | 0.97 | 0.97 | 0.97 |
| سېرىق گۆلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگىرام | 0.56 | 0.56 | 0.56 | 0.60 | 0.60 | 0.60 | 0.60 |
| سېرىق گۆلە | پارچە سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگىرام | 0.67 | 0.67 | 0.67 | 0.72 | 0.72 | 0.72 | 0.72 |
| قارا گۆلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگىرام | 0.44 | 0.44 | 0.44 | 0.54 | 0.54 | 0.54 | 0.54 |
| تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگىرام | 2.26 | 2.26 | 2.26 | 2.28 | 2.28 | 2.28 | 2.28 |
| ھەسەل | پارچە سېتىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگىرام | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 |
| كىنو بېلىتى | ئادەتتىكى فىلىم | دانە | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 |
| تېرەك ياغىچى | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كۇب مېتىر | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 | 119.64 |

**1977 — 1983 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىشلەر (5)**

ئىقتىساد: 16 — 7 - جەدۋەل بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | تۈرى ۋە ئۆلچىمى | بىرلىكى | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 13.4 | 13.4 | 16.90 | 16.90 | 16.90 | 16.90 | 19.6 |
| گۈرۈچ | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22 | 22 | 23 | 23 | 23 | 23 | 23 |
| گۈرۈچ | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 |
| ئاقتۇناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 8.80 | 8.87 | 11.40 | 11.40 | 13.50 | 8.80 | 8.80 |
| كۆممىقوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 9.10 | 8.78 | 10.40 | 10.40 | 11.30 | 11.30 | 11.3 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 9.40 | 11 | 11 | 11 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېرىق ماش | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 15.50 | 20 | 20 | 20 | 37.90 | 37.90 | 37.90 |
| ئۈن | سېتىش (ئاددىي ئۈن) | 100 جىڭ | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 |
| ساپ پاختا | سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 102 | 115 | 138.25 | 153.10 | 153.10 | 153.10 | 153.10 |
| چىگىت | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | 100 جىڭ | 6.70 | 8 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 |
| زىغىر | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22.2 | 28 | 36 | 36 | 36 | 36 | 36 |
| زىغىر يېغى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 88.50 | 88.50 | 88.50 | 88.50 | 88.50 | 88.50 | 88.50 |
| كالا | سېتىۋېلىش (ئۆكۈز 1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.45 | 0.42 | 0.53 | 0.53 | 0.53 | 0.53 | 0.715 |
| قوي | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.57 | 0.57 | 0.60 | 0.60 | 0.60 | 0.60 | 0.83 |
| چوشقا | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك سېمىز) | كىلوگرام | 1.42 | 1.20 | 1.39 | 1.39 | 1.39 | 1.39 | 1.39 |
| قوي گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.66 | 1.66 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 |
| يېڭى چوشقا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 2.21 | 2.21 | 2.44 | 2.44 | 2.44 | 2.44 | 2.64 |
| كالا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1 | 1 | 1.10 | 1.10 | 1.10 | 1.10 | 1.40 |
| سېرىق گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 0.60 | 0.60 | 0.67 | 0.67 | | | |
| سېرىق گۈلە | پارچە سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 0.72 | 0.72 | 0.80 | 0.80 | | | |
| قارا گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 0.54 | 0.54 | 0.65 | 0.65 | | | |
| تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | 2.28 | 2.28 | 2.40 | 2.40 | | | |
| ھەسەل | پارچە سېتىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 | 1.80 |
| كىنو بېلىتى | ئادەتتىكى فىلىم | دانە | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 |
| تېرەك ياغىچى | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كۇب مېتىر | 119.64 | 119.64 | 125 | 149 | 185 | 185 | 250 |

## 1984 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىشلەر (6)

ئىقتىساد: 16 — 8 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | تۈرى ۋە ئۆلچىمى | بىرلىكى | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 16.9 | 24 | 24 | 24 | 25.10 | 26.60 | 26.60 |
| گۈرۈچ | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 23 | 31.50 | 32.66 | 35.88 | 38.90 | 48.90 | 48.90 |
| گۈرۈچ | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 | 22.80 |
| ئاققوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 8.80 | 8.80 | 14.58 | 14.58 | 14.58 | 17.10 | 17.10 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆممىقوناق | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 11.3 | 15.28 | 15.26 | 16.06 | 16.06 | 17.10 | 17.10 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 11 | 11 | 11 | 11 | 11 | 9.10 | 9.10 |
| سېرىق ماش | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 36.80 | 32 | 36.80 | 36.8 | 36.8 | 36.80 | 36.80 |
| ئۇن | سېتىش (ئادەتتىكى ئۇن) | 100 جىڭ | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 | 18 |
| ساپ پاختا | سېتىۋېلىش (ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 143.78 | 133.30 | 145.80 | 145.80 | 145.80 | 203.92 | 267.50 |
| چىگىت | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | 100 جىڭ | 12 | 12 | 12 | 12 | 15 | 17.40 | 22.70 |
| زىغىر | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | 100 جىڭ | 36 | 36 | 46.80 | 57.30 | 75.40 | 79 | 79 |
| زىغىر يېغى | سېتىش (ئادەتتىكى) | 100 جىڭ | 88.5 | 88.50 | 88.50 | 88.5 | 88.5 | 88.50 | 88.50 |
| كالا | سېتىۋېلىش (ئۆكۈز 1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.715 | 0.88 | 1.62 | 1.62 | 1.62 | 1.62 | 1.62 |
| قوي | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 0.88 | 1.50 | 2.80 | 2.80 | 2.80 | 2.80 | 2.80 |
| چوشقا | سېتىۋېلىش (1 - دەرىجىلىك سېمىز) | كىلوگرام | 1.39 | 1.80 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 |
| قوي گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 2 | 5 | 5 | 7 | 6.20 | 6.20 | 6.20 |
| پىشلىق چوشقا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 2.64 | 3.40 | 3.40 | 3.74 | 4.55 | 4.55 | 4.55 |
| كالا گۆشى | سېتىش (ئۇستىخانلىق) | كىلوگرام | 1.40 | 3.40 | 3.40 | 5.20 | 5.20 | 5.20 | 5.20 |
| سېرىق گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | | | |
| سېرىق گۈلە | پارچە سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | | | |
| قارا گۈلە | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | | | |
| تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى | سېتىۋېلىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كىلوگرام | | | | | | | |
| ھەسەل | پارچە سېتىش (1 - دەرىجىلىك) | كىلوگرام | 2.10 | 2.10 | | | | | |
| كىنو بېلەتى | ئادەتتىكى فىلىم | دانە | 0.15 | 0.15 | | | | | |
| تېرەك ياغىچى | سېتىش (ئوتتۇرا ئۆلچەملىك) | كۇب مېتىر | 250 | 250 | 250 | 250 | 250 | 250 | 250 |

## § 4 . ئۆلچەم ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆلچەم كەسپىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى.

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيىنىڭ ئۆلچەم ئىشلىرىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سودا ـ سانائەت بۆلۈمى (ئىدارىسى) قوشۇمچە باشقۇرەدى. 1976 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش ـ ئۆلچەم پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىتتا 2 كادىر بار ئىدى، پونكىت ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. 1977 ـ يىلى ئايرىم ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1978 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 3 كە كۆپەيدى. 1980 ـ يىلى دۆلەت 49 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ ئىشخانا، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى تەجرىبىخانىسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي بىناسى سېلىپ بەردى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 7 گە كۆپەيدى. 1986 ـ يىلى ئۆلچەم ـ ئۆلچەملەشتۈرۈش پونكىتىنىڭ دەرىجىسى ئىدارە (مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك) دەرىجىلىك قىلىنىپ، ئىقتىساد كومىتېتىغا قارايدىغان قىلىندى. 1989 ـ يىلى ئىدارە باشلىقى قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئورۇن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىل تارمىقى بولۇپ قالدى ھەمدە ئۆلچەم بېكىتىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىگە قارايدىغان قىلىندى. ئىدارە، پونكىتتا ئىشچى ـ خىزمەتچى 11 گە يەتتى. خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئىدارىدە ئۆلچەم گۇرۇپپىسى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 2 گۇرۇپپا قۇرۇلدى. ئۆلچەم گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش بولدى؛ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ناھىيىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋە كارخانىلارنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىش، ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

## 2. ئۆلچەم باشقۇرۇش

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە ناھىيىدە شىڭ، چى، سەرلەر ئاساسلىق ئۆلچەم بىرلىكى ھېسابلىناتتى، ئۆلچەم تۇرزۇمى بىرقەدەر قالايمىقان ئىدى، بازارلاردا يەنىلا جىڭ، گەز ھېسابلاش بىرلىكى قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى بازار باشقۇرۇش نىزامىغا ئاساسەن، ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بازاردا جىڭ، گەز ۋە كونا جىڭ بىكار قىلىندى. بازار، ماگىزىنلاردا ئومۇميۈزلۈك گىر، ئۇستەل تارازىسى، كەمچەن، مېتىرلار ئىشلىتىلىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلگەن جىڭ، گەز دېگەندەك كونا ئۆلچەم سايمانلىرىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىدى.

1977 ـ يىلى دۆلەت 8000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاددىي ئۆلچەملىك ئۆلچەم سايمانلىرى سېتىۋېلىنىپ، كەسپلەر قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 650 ئۆلچەش سايمىنى ئىنقىلاپ چىقىلدى، لاياقەتلىك نىسبىتى ئاران %23.33 بولدى. شۇ يىلى تۇپراق، سۇ، ئوغۇتنى ئۆلچەش ـ ئانالىز قىلىش بويىچە كۇرس ئېچىلىپ، 32 تايانچ كادىر تەربىيىلەندى، بۇ كادىرلار ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش ـ ئۆلچەم پونكىتىغا مارىلىشىپ، ئوغۇساق گوڭشېسىنىڭ 1 ـ چوڭ ئەترىتىدە پراكتىكا قىلدى. 1978 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا ئۆلچەملەشتۈرۈش ـ ئەقىلغا مۇۋاپىق ئۆلچەم سايمانلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى ھەمدە 16 قان بېسىمنى ئۆلچىگۈچ، 22 تۇك سائىتى تەكشۈرۈلۈپ، رېمونت قىلىندى (ئورنىتىلغىنى 20). 1982 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «ئۆلچەم سايمانلىرىنى ئۇزاق مۇددەت باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1985 ـ يىلى 1203 دانە ئۆلچەش سايمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، لاياقەتلىك نىسبىتى %91.94 كە يېتىپ، 1977 ـ يىلدىكىدىن %58.71 يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1977 — 1990 ـ يىلغىچە تەكشۈرۈلگەن 6 خىل ئۆلچەش سايمىنىنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1977 — 1990 - يىللىرىغىچە ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 16 — 9 - جەدۋەل

بىرلىكى: دانە

| تۈرلەر | | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆلچەش سايمانلىرى | تەكشۈرۈلگىنى | 650 | 660 | 660 | 600 | 400 | 430 | 500 | 550 | 550 | 839 | 897 | 1633 | 1781 | 1588 |
| | لاياقەتلىكى | 216 | 520 | 580 | 580 | 330 | 380 | 470 | 500 | 520 | 726 | 842 | 1621 | 1765 | 1531 |
| | لاياقەتلىك نىسبىتى | 332 | 18.8 | 87.9 | 96.6 | 82.5 | 88.4 | 94 | 90.9 | 94.5 | 86.5 | 93.8 | 99.2 | 99.1 | 96.4 |
| چوكلۇق جىلد | تەكشۈرۈلگىنى | | 250 | 250 | 280 | 280 | 285 | 300 | 330 | 350 | 650 | 650 | 315 | 355 | 386 |
| | لاياقەتلىكى | | 150 | 200 | 250 | 210 | 230 | 250 | 300 | 300 | 531 | 531 | 300 | 321 | 367 |
| | لاياقەتلىك نىسبىتى | | 60 | 80 | 89.3 | 75 | 80.7 | 83.3 | 90.9 | 85.7 | 81.6 | 81.6 | 95.2 | 90.4 | 94.8 |
| كەمچەن | تەكشۈرۈلگىنى | | | | | | 70 | 80 | 100 | 120 | 90 | 110 | 135 | 150 | 180 |
| | لاياقەتلىكى | | | | | | 20 | 60 | 90 | 100 | 84 | 106 | 128 | 148 | 173 |
| | لاياقەتلىك نىسبىتى | | | | | | 28.6 | 75 | 90 | 83.3 | 93.3 | 96.3 | 94.8 | 98.6 | 96.1 |
| قان بېسىمى ئۆلچىگۈچ | تەكشۈرۈلگىنى | | 16 | 16 | 18 | | 30 | 36 | 36 | 38 | 42 | 51 | 53 | 57 | 62 |
| | لاياقەتلىكى | | 14 | 16 | 18 | | 28 | 30 | 35 | 30 | 36 | 43 | 47 | 50 | 54 |
| | لاياقەتلىك نىسبىتى | | 87.5 | 100 | 100 | | 93.3 | 93.3 | 97.2 | 78.9 | 85.7 | 84.3 | 88.6 | 87.7 | 87 |
| توك سائىتى | تەكشۈرۈلگىنى | | 22 | | | | | | 315 | 25 | 312 | 372 | 241 | 198 | |
| | لاياقەتلىكى | | 20 | | | | | | 190 | 18 | 263 | 368 | 230 | 192 | |
| | لاياقەتلىك نىسبىتى | | 90.9 | | | | | | 60.3 | 72 | 84.2 | 98.9 | 95.4 | 96.9 | |
| شتانگېنسىركۇل | تەكشۈرۈلگىنى | | 50 | | 50 | 50 | 60 | 80 | 100 | 120 | 67 | 74 | 31 | 19 | |
| | لاياقەتلىكى | | 40 | | 50 | 43 | 50 | 60 | 80 | 118 | 63 | 69 | 29 | 18 | |
| | لاياقەتلىك نىسبىتى | | 80 | | 100 | 86 | 83.3 | 75 | 80 | 98.3 | 94 | 93.2 | 93.5 | 94.7 | |

## 3 . ئۆلچەملەشتۈرۈش

1981 - يىلى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە ئاساسەن، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتى ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق داندىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ھەمدە سانائەت مەھسۇلاتلىرى، سېمونت قۇيۇلمىلار، خىش قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلدى.

ناھىيىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم پونكىتى 1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ

30 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ ئۇرۇق سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈشىگە بىرلەشتۈرۈپ، 131 مىڭ 500 كىلوگرام بۇغداي ئۇرۇقى ئىچىدىن 18 كىلوگرام نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ھەر 1000 دان ئېغىرلىقى 35 ~ 45 گرام، ساپلىق دەرىجىسى %97.5 — %99، پاكىزلىقى %98.5 — %99.9، كېسەللىككە ئۇچراش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %0.01، ھاشارات چۈشۈش نىسبىتى %0.1 — %0.15، بىخلىنىش نىسبىتى %97 — %99.5 بولدى؛ 400 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇقلۇق چىگىتتىن 10 كىلوگرامنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ساپلىق دەرىجىسى %98، كېسەللىككە ئۇچراش نىسبىتى %0.05، ھاشارات چۈشۈش نىسبىتى %0.08، بىخلىنىش نىسبىتى %75 بولدى. ناھىيىلىك ئوغۇساق خىش زاۋۇتىدىكى ئادەتتىكى سېغىز خىشلارنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ بېكىتتى، تاشقى كۆرۈنۈش سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى %88، بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش كۈچى 121 كىلوگرام/كۋادرات سانتىمېتىر، پۈكلىنىشكە بەرداشلىق بېرىش نىسبىتى 28 كىلوگرام/كۋادرات سانتىمېتىر، ئۆلچەم نومۇرى 100 بولدى؛ 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن زاۋۇتىدا 8 تونىنا بۇغداي (تاكشەن — 6898) دىن تارتىلغان 4 كىلوگرام ئادەتتىكى ئۇن ئەملىكى، سوزۇلۇشچانلىقى، قوم تەركىبى، يۇمشاقلىقى جەھەتلەردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلگەندە ھەممىسى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى. 1986 — 1990 ـ يىللىقچە ناھىيە بويىچە 8 خىش زاۋۇتى، بىر گەج زاۋۇتى قاتارلىق 19 كارخانىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھەر پەسىلدە نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلۈپ، سۈپىتى بېكىتىلدى ھەمدە تەكشۈرۈش دوكلاتى ئۆز ۋاقتىدا ھەرقايسى كارخانىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى، لاياقەتلىك مەھسۇلاتنى داۋاملىق ساقلاپ كەلگەن كارخانىلارغا لاياقەتنامە بېرىلدى، لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىشلىگەن ئورۇنلار ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە بۇيرۇلدى، مەھسۇلاتى لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلىندى. 1977 — 1990 ـ يىللىقچە تەكشۈرۈش ـ رېمونت قىلىشتىن 11 مىڭ 461 يۈەن كىرىم قىلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم ناۋارلىرىنىڭ 1986 — 1990 ـ يىللىقچە تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش ئەھۋالى (%)**

ئىقتىساد: 16 — 10 ـ جەدۋەل

| يىللار / مەھسۇلات نامى | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|
| پىششىق خىش | 76 | 74 | 75 | 80 | 82 |
| ئۇن | 85 | 81 | 83 | 87 | 83 |
| بىناكارلىق ماتېرىيالى | 79 | 80 | 82 | 85 | 86 |
| مېۋە مەھسۇلاتلىرى | 78 | 87 | 85 | 87 | 88 |
| سۇ يېغى | 85 | 86 | 90 | 95 | 96 |
| پاختا يىپ | 77 | 79 | 80 | 73 | 73 |
| تۇز | 82 | 85 | 91 | 93 | 95 |
| باشقىلار | 74 | 80 | 83 | 85 | 87 |

## § 5 . ستاتىستىكا

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

سىنگو دەۋرىدە، ستاتىستىكا كەسپىنى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى مەسئۇل بولۇپ بېجىرەتتى، مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مەخسۇس ستاتىستىكا خادىمى قويۇلۇپ، ستاتىستىكىغا مەسئۇل قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، مالىيە، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارلا ستاتىستىكا قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. 1953 - يىلى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «ستاتىستىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقارغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ستاتىستىكا خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلۇپ 7 شتات بېرىلدى، بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ ستاتىستىكا كەسپىگە بىرقەدەر مۇنتىزىم مەسئۇل بولۇشقا باشلىدى. 1962 - يىلدىكى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشتا ستاتىستىكا بۆلۈمى پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلىپ، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قىلىندى. 1964 - يىلى پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1969 - يىلى ستاتىستىكا خىزمىتى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولدى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ستاتىستىكا خىزمىتىگە پىلان كومىتېتى مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، پىلان كومىتېتىدىن ئايرىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى مۇستەقىل تارماق بولدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 1985 - يىلى يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇردى، بۇ مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ستاتىستىكا ئىدارىسى مەمۇرىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى كەسپىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىش ھەققى، كەسپىي خىراجىتىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى، 6 شتاتى بار ئىدى. ھەرقايسى يېزىلار ۋە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردا مەخسۇس (ياكى قوشۇمچە) ستاتىستىكا خادىمى قويۇلدى.

### 2. ئادەتتىكى ستاتىستىكا

1) ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلى  بۇ — يىللىق نوپۇس مەلۇماتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېرىم يىللىق مەلۇماتى، يىللىق مەلۇماتى، سانائەت ئايلىق مەلۇماتى، پەسىللىك مەلۇماتى، يېرىم يىللىق مەلۇماتى، يىللىق مەلۇماتى، قاتناش - ترانسپورت يىللىق مەلۇماتى؛ بىناكارلىق ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق مەلۇماتى؛ سودا ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق مەلۇماتى؛ ئەمگەك - ئىش ھەققى ئايلىق، يېرىم يىللىق، يىللىق مەلۇماتى؛ ئۇندىن باشقا يەنە تۇراقلىق مۈلۈك، ماددىي ئەشيا، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى جەھەتلەردىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق مەلۇمات شەكلىدە ۋاقتى - ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىدۇ.

2) تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ستاتىستىكىسى  بۇ خىل ستاتىستىكا 1985 - يىلدىن باشلاپ يۇقىرىغا يوللىنىشقا باشلىدى. ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى مىللىي دارامەت (بۇ يېزا ئىگىلىكى، سانائەت،

بىناكارلىق، ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، سودا، يېمەك - ئىچمەكتىن ئىبارەت 5 چوڭ تارماققا ئايرىلىدۇ)، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تارماق ۋە مىللىي دارامەت يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش)، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 15 جەھەتتىن ئىگىلىنىپ ھېسابلانغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنى ھېسابلاش ئارقىلىق ناھىيە ئەھۋالىنى بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ناھىيىنىڭ 1985 - يىللىق ئەھۋالىنى ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرغاندا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 213 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مىللىي دارامەت 84 مىليون 974 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 296.40 يۈەندىن توغرا كەلدى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 152 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 416.22 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1990 - يىلى ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 355 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن %75.66 ئاشتى؛ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 188 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن %97.23 ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 185 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن %36.118 ئاشتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 560 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن %93.88 ئاشتى.

## 3. ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش

1) نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1990 - يىلغا قەدەر قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نوپۇس 4 قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، بۇ مەملىكەت خاراكتېرلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. 1 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە 1953 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 گىچە ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىملانغان نوپۇس 169 مىڭ 656 ئىدى؛ 2 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە 1964 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 گىچە ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىملانغان نوپۇس 221 مىڭ 242 گە يېتىپ، 1 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكىدىن %41.30 كۆپەيدى، 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 گىچە ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىملانغان نوپۇس 273 مىڭ 883 كە يېتىپ، 2 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكىدىن %79.23 كۆپەيدى؛ 4 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 گىچە ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىملانغان نوپۇس 331 مىڭ 539 غا يېتىپ، 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكىدىن %05.21 كۆپەيدى. 1 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى 4 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھىيە نوپۇسى %42.95 كۆپەيگەن.

2) سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش 1985 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سانائەت ئۈچىنچى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە 17 سانائەت كارخانىسى تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 7، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 10، يېزا - بازار كارخانىسى 37؛ 1990 - يىلى ناھىيىدە بار بولغان سانائەت كارخانىسى 67، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 9، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 12، يېزا - بازار كارخانىسى 46.

## 4. يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش

1) يېزا ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش بۇنىڭدا ناھىيە بويىچە يېزا - كەنتلەرنىڭ ئاساسىي

ئەھۋالى، يەنى يېزىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ئەھۋالى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، يېزا ـ كەنتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ئەمگەك كۈچلىرى سانىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئەمگەك كۈچى، تۇراقلىق مۈلۈك، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە مەبلەغنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى كۆزىتىش، پائالىيەت نەتىجىسى، مالىيە ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، يېزا ئىجتىمائىي رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۆتكىلىش جەريانى كۆزىتىلدى.

**2) دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈش** بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈلىدىغان يېزا ـ كەنتلەرنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى (بۇغداي، كۆممىقوناق، ياغلىق دان، كېۋەز) نىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەھسۇلاتى مۆلچەرلەندى، يەرلەر ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى ھەمدە تەكشۈرۈلىدىغان يەرنىڭ تەقلىدىي خەرىتىسى سىزىپ چىقىلىپ، ئەۋرىشكە ئېلىنىدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ ئارقىلىق ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى توغرا ھېسابلاپ چىقىلدى. ئىككىنچىدىن، ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ يىللىق تېرىقچىلىق مۇددىتى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىنىش ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ كۈزلۈك تېرىلغۇ مۇددىتى قەرەلسىز تۈردە دوكلات قىلىندى. ناھىيە بويىچە 15 تەكشۈرۈش نۇقتىسى، 75 تەكشۈرۈش ئائىلىسى تەسىس قىلىندى.

**3) يېزىلاردىكى ئائىلىلەرنى تەكشۈرۈش** بۇنىڭدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى دېھقان ئائىلىلىرى ۋە تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان يېزا ـ كەنتلەردىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 10 تەكشۈرۈش نۇقتىسى، 50 تەكشۈرۈش ئائىلىسى تەسىس قىلىندى.

**4) ئۇنىۋېرسال جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش** بىرىنچىدىن، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن قىزىق ۋە قىيىن نۇقتىلار، مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ ناھىيىدە ئىجرا قىلىنىش ۋە ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى (يەرنى ھۆددىگە بېرىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، 3 قالايمىقاننى ئوڭشاش) تەكشۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشكە دائىر ئەھۋاللار، يېڭى تەدبىرلەر، سېتىش ـ سېتىۋېلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار تەكشۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات جەريانىدىكى زور جەلپكار نۇقتىلار، قىيىن، قىزىق نۇقتىلار تەكشۈرۈلدى.

يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باش ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇچۇر ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توغرا، ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش، ناھىيىنى ئالاقىدار مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

## 5. خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش

ناھىيە بويىچە ستاتىستىكا ئىدارىسىدا 7 كەسپىي ستاتىستىكا كادىرى بولغاندىن سىرت، يېزا، بازار، كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلاردا مەخسۇس (قوشۇمچە) ستاتىستىكا خادىمى بار. ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ستاتىستىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 1961 ـ يىلى گوڭشې، ئەترەت ستاتىستىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، مەخسۇس (قوشۇمچە) ستاتىستىكا خادىمىدىن 240 كىشى تەربىيىلەندى. 1983 ـ يىلى ئىقتىساد قانۇنىيىتى ھەققىدە تېلېۋىزىيە لېكسىيىسى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا 21 كىشى قاتناشتى. 1984 ـ يىلى ستاتىستىكا ماتېماتىكىسى بويىچە ئاساسىي بىلىملەر لېكسىيىسى ئويۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 11 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى قىسقا مۇددەت تەربىيىلەش ئۇسۇلى

قوللىنىلىپ، ئەمەلىي خىزمەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ستاتىستىكا بىلىملىرى ۋە تېخنىكىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق خىزمەتتىكى ستاتىستىكا خىزمەتچىلىرى تەربىيىلەندى. ئۆزۈندىن بۇيان چوت ئارقىلىق ھېسابات قىلىناتتى، 1985 - يىلى كىچىك ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ سېتىۋېلىندى، 1990 - يىلى كومپيۇتېر سېتىۋېلىنىپ، ھېسابنىڭ توغرىلىقى ۋە ھېسابلاش سۈرئىتى ئاشۇرۇلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 4 ياردەمچى مەسئۇل ستاتىستىكچىبار بولدى. 1990 - يىلى ئۇنىڭدىن ئالغانلار 47 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياردەمچى مەسئۇل ستاتىستىكچى 12.

# § 6 . ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1984 - يىلى ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارىنىڭ شتاتى 10 بولدى، ئۇ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1990 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسىدە ئەمەلىيەتتە 9 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى.

## 2. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى

1984 — 1990 - يىلغىچە سودا - سانائەت، تەمىنات - سودا، پۇل مۇئامىلە، مەمۇرىي - كەسپىي مۇستەبىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئۆزى تەييارلىغان مەبلىغى، يېزا ئىگىلىكىگە ئاجرىتىلغان ئامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، كارخانا ھۆددىگەرلىكى، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىقلار 445 قېتىم ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنىپ، 6 مىليون 411 مىڭ 469.06 يۈەن ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن پۇل ئېنىقلاپ چىقىلدى، مالىيىگە 647 مىڭ 217.89 يۈەن تاپشۇرۇلدى. جۈملىدىن، 1984 — 1985 - يىللىرى ناھىيىگە قاراشلىق 78 ئورۇن 236 قېتىم تەپتىش قىلىنىپ، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 3 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى ھەمدە بۇ مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، بەلگىلىمە بويىچە مەخسۇس مەبلەغ مەخسۇس جايغا ئىشلەتكۈزۈلدى، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى جارى قىلدۇرۇلدى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، يېمەكلىك شىركىتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، 1 -، 2 -، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر، يول ئاسراش ئۆچاستىكىسى، پاختا - چىگە شىركىتى، سودا - سانائەت بانكىسى ۋە سايىباغ يېزىلىق مەدەنىيەت - مائارىپ گۇرۇپپىسى قاتارلىق 13 ئورۇن تەپتىش قىلىنىپ، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 539 مىڭ 11. 660 يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى، مالىيىگە 238 مىڭ 257.38 يۈەن تاپشۇرۇلدى. 1987 - يىلى بۇ ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى ئۈز - ئۆزىنى تەپتىش قىلدى؛ مالىيە ئىدارىسى، باج ئىدارىسى مەخسۇس تۈر بويىچە تەپتىش قىلىندى؛ ناھىيىلىك پارتكوم، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ئورۇقچىلىق شىركىتى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى قەرەللىك ھالدا تاللاپ تەپتىش قىلىندى؛ چارۋىچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، تاشمىلىق يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، سودا شىركىتى، ناھىيىلىك تۈز كېنى ئارىلاپ

تەپتىش قىلىندى؛ ناھىيىلىك پارتكوم، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، رادىئو ئىدارىسى، ئوزۇقچىلىق شىركىتى، ج خ ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى، بازارلىق ھۆكۈمەت، ئۆلچەم ئىدارىسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى، پارتىيە مەكتىپى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، مەدەنىيەت يۇرتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، مالىيە ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، 2 ـ يېزىنىڭ سانائەت ئىدارىسىدىن ئىبارەت 24 ئورۇن قەرەللىك تەپتىش قىلىندى. تۈرلۈك تەپتىش قىلىش ئارقىلىق جەمئىي 429 مىڭ 383.16 يۈەن مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى، مالىيىگە 113 مىڭ 735.12 يۈەن تاپشۇرۇلدى. 1988 ـ يىلى بىر ئورۇن ئۆز ـ ئۆزىنى تەپتىش قىلدى، 37 ئورۇن قەرەللىك تەپتىش قىلىندى، 4 ئورۇن تاللاپ تەپتىش قىلىندى، 11 ئورۇن قايتا تەپتىش قىلىندى، بىر ئورۇننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تەپتىش قىلىندى، بىر ئورۇن يۆتكەپ تەپتىش قىلىندى، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 663 مىڭ 664 يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى، مالىيىگە 131 مىڭ 954 يۈەن تاپشۇرۇلدى. 1989 ـ يىلى 16 ئورۇن قەرەللىك تەپتىش قىلىندى، كارخانىنى ھۆددىگە ئالغان بىر ئورۇن، تەپتىش قىلىشقا تېگىشلىك 2 ئورۇن، 18 ئاساسىي قۇرۇلۇش تەپتىش قىلىندى، بىر ئورۇن مەخسۇس تەپتىش قىلىندى، بىر ئورۇن قايتا تەپتىش قىلىندى، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 453 مىڭ 891.78 يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى، مالىيىگە 87 مىڭ 871.39 يۈەن تاپشۇرۇلدى. 1990 ـ يىلى تەپتىش قىلىشقا تېگىشلىك 7 ئورۇن، قەرەللىك تەپتىش قىلىنغان 30 ئورۇن، ئارىلاپ تەپتىش قىلىنغان 2 ئورۇن، يۆتكەپ تەپتىش قىلىنغان بىر ئورۇن، مەخسۇس تەپتىش قىلىنغان 13 ئورۇن، 19 ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورنى تەپتىش قىلىندى، تەپتىش قىلىش ئارقىلىق مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 991 مىڭ 870 يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى، مالىيىگە 75 مىڭ 400 يۈەن تاپشۇرۇلدى. 1986 — 1990 ـ يىلغىچە 209 قېتىم تەپتىش قىلىنىپ، 146 قېتىمدا مەسىلە بايقالمىدى، بۇ تەپتىش قىلىش قېتىم سانىنىڭ 69.86% نى ئىگىلىدى؛ مەبلەغ ھېسابىدا خاتا چۈشۈرۈلگەن، ھېسابى رەتلەشكە تېگىشلىك بولۇپ تەپتىش قىلىنغىنى 32 قېتىم، بۇ ئومۇمىي تەپتىشلىك قېتىم سانىنىڭ 15.31% نى ئىگىلىدى؛ ھەم مەبلەغ ھېسابىدا خاتا چۈشۈرۈلۈپ، رەتلەشكە تېگىشلىك بولغان، ھەم مەبلەغنى مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىۋالغانلار 27 قېتىم تەپتىش قىلىندى، بۇ ئومۇمىي تەپتىشلىك قېتىم سانىنىڭ 12.92% نى ئىگىلىدى؛ تەڭشەشكە تېگىشلىك مەبلەغ ھېسابى 1 مىليون 523 مىڭ 214.82 يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇلغان ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 555 مىڭ 754.51 يۈەن؛ مالىيە ئىنتىزامىغا پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن قىلىنغان تەپتىشلىك 7 قېتىم، بۇ ئومۇمىي تەپتىش قېتىم سانىنىڭ 3.35% نى ئىگىلىدى، مالىيىگە تاپشۇرۇلغان ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 91 مىڭ 463.38 يۈەن.

## 7 §. سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1951 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە سودا ـ سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، سودا ـ سانائەت مەمۇرىيىتىنى باشقۇردى. 1958 ـ يىلى بۇ بۆلۈم ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى، 1962 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1964 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ ئىدارە سودا ـ سانائەت مەمۇرىيىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1965 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بۆلۈمى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1969 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت

ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، سودا ـ سانائەت مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇشقا بىر تۇتاش مەسئۇل بولدى. 1972 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1977 ـ يىلى سودا ئىدارىسىدە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1979 ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، 31 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى. 1984 ـ يىلى ئىدارىدە مەمۇرىيەت، سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش، بازار باشقۇرۇش بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلدى. ئىدارە قارمىقىدا توققۇزاق (سايباغ، زەمىن، ئوغۇساقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۆلاقسۇ، ئوپال، تاشمىلىق (تېرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سەمەن (لەڭگەر، مۇش، خاڭدىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قوغان (پاختەكلەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ (ئاقتاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 62 گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئىدارىگە باغلىنىشلىق ئاممىۋى تەشكىلات — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كەسپىي ئىشلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي توختام باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە يەككە ئىگىلىكنى باشقۇرۇش خىزمىتى سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ ئىقتىسادىي توختام باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى ۋە يەككە ئىگىلىكنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى قىلىندى ھەمدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىقتىسادىي توختاملارنى كېسىم قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ نامى كارخانىلارنى تىزىملاش ـ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلارنى تىزىملاش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش ۋە ئېلان باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى. ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە بۇ ئىدارىگە باغلىنىشلىق 2 ـ ئاممىۋى تەشكىلات — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە ئىدارىنىڭ بازار باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى مەسئۇل بولدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1990 ـ يىلى ئىقتىساد تەكشۈرۈش خىزمىتىمۇ بازار باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ئىقتىساد تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى قىلىپ قۇرۇلدى، ئىدارىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 64 كە يەتتى.

## 2. بازار باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دا ئاشلىق، پاختا، ياغ، گۆش، تۈرلۈك مال، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان بازار بولغاندىن سىرت، يېزىلاردا چوڭ بازارلاردىن ئوپال، تاشمىلىق، بۆلاقسۇ، توققۇزاق، ئاۋات، بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ بازىرى، كىچىك بازارلاردىن ئاقتاش، مۇش بازىرى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي رايونلارنى تەڭشەش نەتىجىسىدە 1955 ـ يىلى توققۇزاقتا يېڭى ناھىيە بازىرى قۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىدا ۋە زەمىندە بازار قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 11 بازار بار بولدى.

1951 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمى بازار باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، بازار باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ بازاردىكى ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى نازارەت قىلىش، بازار تەرتىپىنى ساقلاش، بازارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى. 1954 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى 23 ماددىلىق «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تەستىقلاپ ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا بازارغا سېلىنىدىغان تاۋارلار، مال باھاسى، تىجارەت تۈزۈمى، بازار تەرتىپى قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەر

ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1958 ـ يىل 9 ـ ئايدا يېزا خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1960 ـ يىلىغا قەدەر بازار سودىسى بىرقەدەر سۇس بولدى. 1961 ـ يىلى مەركەز ئېلان قىلغان 12 ماددىلىق سىياسەت ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، بازار سودىسى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 1962 ـ يىلى مەركەزنىڭ بازار سودىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسىنىڭ تولۇقلىمىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھاكىم رەھبەرلىك قىلغان، سودا ـ سانائەت، تۈرلۈك مال، يېمەكلىك، تەمىنات ـ سودا، ئاشلىق، تاشقى سودا، ج خ، باج، بانكا، بازارلىق مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشقان بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، بەشكېرەم، توققۇزاق، بۆلاقسۇ، ئوپال ۋە تاشمىلىقتىن ئىبارەت 7 گوڭشېدا ئاساسىي قاتلام بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس بازار باشقۇرۇش خادىمىدىن 8 ى سەپلەپ بېرىلدى ھەم تەربىيىلەپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن بازار سودىسى نورماللاشتى. «باشقۇرىمەن دەپ بوغۇپ قويماسلىق، جانلاندۇرىمەن دەپ قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق» تىن ئىبارەت بازار باشقۇرۇش فاڭجېنى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق داندىن ئىبارەت 1 ـ خىلدىكى ماددىي ئەشيالارنى دۆلەتنىڭ ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش ساتىدىغان بولدى؛ دېھقانلار قالدۇرۇق يېرىدە ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، پاختا، ياغلىق داندىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى بازاردا سېتىشقا يول قويۇلدى. ئات، كالا، قوي، چوشقا، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، ئېشەك تېرىسى، قوي تېرىسى، ئۆچكە تىۋىتى، تۆگە يۇڭى، گۆلە ـ قاق، ئۆرۈك مېغىزى، ياڭاق، پىلە غوزىسى قاتارلىق 2 ـ خىلدىكى ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقارغان ئورۇنلار سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، سېتىشقا توغرا كەلسە كالا تېرىسى، قوي تېرىسى، ئات تېرىسى، ئېشەك تېرىسى، قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى، تۆگە يۇڭى قاتارلىقلارنى چەزمەن دۆلەتكە سېتىپ بەرگەندىن ئاشقىرى قالغانلىرىنى ئىسپاتقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن بازاردا سېتىشقا رۇخسەت قىلىندى. 3 ـ خىلدىكى ماددىي ئەشيالار (يۇقىرىقى 2 خىلغا كىرمەيدىغانلىرى 3 ـ خىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ) نى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزى ئىشلەپچىقارغانلىق، ئۆزى ساتىدىغانلىق ئىسپاتىنى ئېلىپ بازارغا ئەركىن ئاپىرىپ ساتسا بولىدىغان بولدى.

1979 ـ يىلى «تەكشۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش سىياسىتىگە ئاساسەن بازار ـ يېزىلاردىكى بازار سودىسى تەدرىجىي قويۇۋېتىلدى. 1981 ـ يىلى ھەرقايسى يېزىلارنىڭ بازار كۈنى ناھىيە تەرىپىدىن بىر تۇتاش بەلگىلىنىپ، ئوپال، يېڭىئۆستەڭلەردە دۈشەنبە، بۆلاقسۇ، ئاۋاتلاردا چارشەنبە، زەمىن، ئاقتاشلاردا پەيشەنبە، مۆشتا جۈمە، تاشمىلىق، بەشكېرەملەردە شەنبە، توققۇزاقتا يەكشەنبە كۈنلىرى بازار بولىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تاۋارلارنىڭ تۈرى، سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئىستېمالچىلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاشتى. 1990 ـ يىلغا كەلگەندە بازار سودىسى كۈنسايىن جانلىنىپ، سودىدا يۈز تۇتۇش سوممىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. بازاردا سېتىلغان بۇغداي 1980 ـ يىلى 369 مىڭ 200 جىڭ، 1985 ـ يىلى 5 مىليون 360 مىڭ جىڭ بولدى، 1990 ـ يىلى 7 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىنىڭ 18.96 ھەسسىسىگە، 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 1.31 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى؛ سۇ يېغى 1980 ـ يىلى 18 مىڭ 900 جىڭ، 1985 ـ يىلى 215 مىڭ جىڭ بولدى، 1990 ـ يىلغا كەلگەندە 320 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىنىڭ 16.93 ھەسسىسىگە، 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 1.49 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى؛ قوي گۆشى 1980 ـ يىلى 84 مىڭ 400 جىڭ، 1985 ـ يىلى 400 مىڭ جىڭ بولدى، 1990 ـ يىلى 700 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىنىڭ 8.29 ھەسسىسىگە، 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 1.75 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى؛ ھەرخىل كۆكتاتلار 1980 ـ يىلى 2 مىليون 154 مىڭ 900 جىڭ، 1985 ـ يىلى 12 مىليون 141 مىڭ 500 جىڭ بولدى، 1990 ـ يىلى 20 مىليون 360 مىڭ جىڭغا

يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىنىڭ 9.45 ھەسسىسىگە، 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 1.68 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى؛ پۈتۈشۈش سوممىسى 1980 ـ يىلى 8 مىليون 168 مىڭ 800 يۈەن، 1985 ـ يىلى 23 مىليون 227 مىڭ 700 يۈەن بولدى، 1990 ـ يىلى 52 مىليون 885 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىنىڭ 6.47 ھەسسىسىگە، 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 2.28 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى.

## 3. سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش

1954 ـ يىلدىن باشلاپ خۇسۇسىي كارخانىلار تىزىملىنىپ تىجارەت ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى. توقسۇزاق، سەمەن، لەڭگەر رايونلىرىدىن باشقا 57 خىل كەسىپتىكى 5122 ئائىلىلىك سودا ـ سانائەتچىگە تىجارەت كىنىشكىسى يەڭگۈشلەپ بېرىلدى، 531 مىڭ 500 يۈەن تۇراقلىق كاپىتال، 155 مىڭ 800 يۈەن تۇراقسىز كاپىتال تىزىملاندى. ناھىيە بويىچە 60 خىل كەسىپتىكى 2310 ئائىلىلىك يەككە تىجارەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 198 مىڭ يۈەن تۇراقلىق كاپىتالى، 433 مىڭ يۈەن تۇراقسىز كاپىتالى تىزىملاندى. 1963 ـ يىلى ناھىيىدىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر قايتا تىزىملىنىپ 126 سىگە كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى، كەسىپكار 126، مەبلىغى 10 مىڭ 800 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قول ھۈنەرۋەن 48 ئائىلە، 148 ئادەم، مەبلىغى 5100 يۈەن؛ سودىگەر 17 ئائىلە، ئادىمى 17، مەبلىغى 1400 يۈەن؛ يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى 25 ئائىلە، ئادىمى 25، مەبلىغى 1700 يۈەن؛ مۇلازىمەت كەسپى 18 ئائىلە، ئادىمى 18، مەبلىغى 1900 يۈەن؛ باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 18 ئائىلە، ئادىمى 18، مەبلىغى 700 يۈەن. 1964 ـ يىلدىن كېيىن يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە كەلگەندە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئاساسەن قالمىدى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى 59 يەككە سودا ـ سانائەتچى ئىلتىماس سۇنۇپ تىزىملاندى، ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىش ئەستىقلاندى. 1982 ـ يىلى يەككە سودا ـ سانائەتچى كۆپىيىپ 128 گە، 1983 ـ يىلى 655 كە، 1985 ـ يىلى تېخىمۇ كۆپىيىپ 1669 غا، 1987 ـ يىلى 4168 گە يەتتى، 1990 ـ يىلى ئازىيىپ 2763 كە چۈشۈپ قالدى.

1) دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىلىرىنى تىزىملاش 1963 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىسىدىن 55 ى تىزىملىنىپ، كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى. تىجارەت ئورنى 258، كەسىپكارى 1471، مەبلىغى 5 مىليون 507 مىڭ 400 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت (قول سانائەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئورنى 35، سودا ئورنى 16، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى بىر، قاتناش ـ ترانسپورت ئورنى 3. مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى بويىچە ئايرىغاندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى ئورۇن 7، تىجارەت ئورنى 46، خادىمى 458، مەبلىغى 2 مىليون 813 مىڭ 800 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئورنى 2، سودا ئورنى 4، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى بىر؛ تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كارخانىسى 12، تىجارەت ئورنى 166، ئىشلەيدىغان ئادىمى 394، مەبلىغى 2 مىليون 151 مىڭ 600 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئورنى بىر، سودا ئورنى 11. گۇڭشې ـ ئەترەت كارخانىسى 36، تىجارەت ئورنى 46، ئىشلەيدىغان ئادىمى 619، مەبلىغى 542 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئورنى 33، قاتناش ـ ترانسپورت ئورنى 3.

1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تىزىملىنىپ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلگەن دۆلەت كارخانىسى 33، تارماق ئاپپاراتى 19، خادىمى 1440، تىزىملانغان مەبلىغى 15 مىليون 569 مىڭ 300 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كەسپى 8، خادىمى 507، تىزىملاتقان مەبلىغى 5 مىليون 956 مىڭ يۈەن؛ سودا 23، تارماق ئاپپاراتى 10، خادىمى 843، تىزىملاتقان مەبلىغى 9 مىليون 41 مىڭ 900 يۈەن؛ قاتناش ـ ترانسپورت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك

مۇلازىمەت ئورنى 2، تارماق ئاپپاراتى 9، خادىمى 90، تىزىملاتقان مەبلىغى 571 مىليون 400 مىڭ يۈەن. كوللېكتىپ كارخانا 69، تارماق ئاپپاراتى 10، خادىمى 1714، تىزىملاتقان مەبلىغى 8 مىليون 138 مىڭ 500 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت كارخانىسى 49، ئىشلەيدىغان ئادىمى 964، تىزىملاتقان مەبلىغى 7 مىليون 542 مىڭ 600 يۈەن؛ بىناكارلىق كارخانىسى 18، خادىمى 714، تىزىملاتقان مەبلىغى 429 مىڭ 300 يۈەن؛ مۇلازىمەت كارخانىسى 2، تارماق ئاپپاراتى 10، ئىشلەيدىغان ئادىمى 36، تىزىملاتقان مەبلىغى 66 مىڭ 400 يۈەن.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە تىزىملىنىپ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلگەن دۆلەت كارخانىسى 47، تارماق ئاپپاراتى 88، خادىمى 3148، تىزىملاتقان مەبلەغ 74 مىليون 295 مىڭ 500 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 17، تارماق ئاپپاراتى 10، خادىمى 1373، تىزىملاتقان مەبلىغى 55 مىليون 4600 يۈەن؛ سودا كارخانىسى 16، تارماق ئاپپاراتى 69، خادىمى 479، تىزىملاتقان مەبلىغى 9 مىليون 182 مىڭ 900 يۈەن؛ مۇلازىمەت ۋە قاتناش - ترانسپورت كارخانىسى 14، تارماق ئاپپاراتى 9، خادىمى 1296، تىزىملاتقان مەبلىغى 10 مىليون 112 مىڭ يۈەن. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 129، تارماق ئاپپاراتى 414، خادىمى 3128، تىزىملاتقان مەبلىغى 36 مىليون 845 مىڭ 800 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 48، تارماق ئاپپاراتى 50، خادىمى 923، تىزىملاتقان مەبلىغى 5 مىليون 397 مىڭ 100 يۈەن؛ سودا كارخانىسى 30، تارماق ئاپپاراتى 343، خادىمى 828، تىزىملاتقان مەبلىغى 27 مىليون 561 مىڭ 100 يۈەن؛ بىناكارلىق ۋە قاتناش - ترانسپورت كارخانىسى 51، تارماق ئاپپاراتى 21، خادىمى 1377، تىزىملاتقان مەبلىغى 3 مىليون 887 مىڭ600 يۈەن. كوللېكتىپ كارخانىلار 77 يېزا - بازار كارخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تارماق ئاپپاراتى 47، ئىشلەيدىغان ئادىمى 1321، تىزىملاتقان مەبلىغى 7 مىليون 269 مىڭ 600 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 33، تىزىملاتقان مەبلىغى 4 مىليون 401 مىڭ 800 يۈەن؛ سودا كارخانىسى 2، تىزىملاتقان مەبلىغى 19 مىڭ يۈەن؛ بىناكارلىق ۋە قاتناش - ترانسپورت كارخانىسى 42، تىزىملاتقان مەبلىغى 2 مىليون 848 مىڭ 800 يۈەن.

2) يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى تىزىملاش 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەككە سودا - سانائەتچى 4168 ئائىلە، خادىمى 7742؛ مەبلىغى 4 مىليون 890 مىڭ 700، يىللىق تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 129 مىڭ 900 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت كەسپى 190، خادىمى 261، تىزىملاتقان مەبلىغى 1 مىليون 734 مىڭ 500 يۈەن؛ سودىگەر 1861 ئائىلە، خادىمى 2913، تىزىملاتقان مەبلىغى 1 مىليون 313 مىڭ 100 يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 577 مىڭ 600 يۈەن؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپى 1329 ئائىلە، خادىمى 2990، تىزىملاتقان مەبلىغى 709 مىڭ يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 107 مىڭ 500 يۈەن؛ مۇلازىمەت كەسپى 81 ئائىلە، خادىمى 149، تىزىملاتقان مەبلىغى 205 مىڭ 400 يۈەن؛ يىللىق تىجارەت سوممىسى 359 مىڭ 200 يۈەن؛ رېمونتچى 72 ئائىلە، خادىمى 122، تىزىملاتقان مەبلىغى 28 مىڭ 700، يىللىق تىجارەت سوممىسى 85 مىڭ 600 يۈەن؛ كىچىك سانائەت 591 ئائىلە، خادىمى 1040، تىزىملاتقان مەبلىغى 290 مىڭ 300، يىللىق تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 254 مىڭ 300 يۈەن. 1988 - يىلى يەككە سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىياتى تارىختا ئەڭ ياخشى بولغان يىل بولۇپ، ئائىلە سانى 1983 - يىلدىكىنىڭ 6.36 ھەسسىگە، 1985 - يىلدىكىنىڭ 2.5 ھەسسىگە باراۋەر بولدى؛ 1988 - يىلدىكى خادىم 1983 - يىلدىكىنىڭ 7.28 ھەسسىگە، 1985 - يىلدىكىنىڭ 2.74 ھەسسىگە تەڭلەشتى؛ تىزىملاتقان مەبلەغ 1988 - يىلى 1983 - يىلدىكىنىڭ 1.65 ھەسسىگە، 1985 - يىلدىكىنىڭ 3.6 ھەسسىگە تەڭلەشتى.

1990 - يىلى بازارنىڭ ئۆزگىرىشى، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن يەككە سودا - سانائەت كەسپىدە بىرقەدەر زور ئۆزگىرىش بولدى. 1990 - يىلدىكى يەككە

سودا ـ سانائەتچى 2769 ئائىلە بولۇپ، 1988 ـ يىلدىكىنىڭ %66.4 ىگە؛ خادىمى 1990 ـ يىلى 3547 بولۇپ، 1988 ـ يىلدىكىنىڭ %45.8 ىگە؛ تىزىملاتقان مەبلەغ 1990 ـ يىلى 2 مىليون 533 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، 1988 ـ يىلدىكىنىڭ %51.8 ىگە؛ يىللىق تىجارەت سوممىسى 1990 ـ يىلى 2 مىليون 623 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 1988 ـ يىلدىكىنىڭ %42.79 ىگە تەڭلەشتى. 1990 ـ يىلى قاتناش ـ ترانسپورت كەسپى 26 ئائىلە، خادىمى 27، تىزىملاتقان مەبلىغى 208 مىڭ 500 يۈەن؛ سودا كەسپى 1357 ئائىلە، خادىمى 1458، تىزىملاتقان مەبلىغى 1 مىليون 124 مىڭ 800 يۈەن؛ يىللىق تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 131 مىڭ 700 يۈەن؛ يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى 894 ئائىلە، خادىمى 1388، تىزىملاتقان مەبلىغى 606 مىڭ 300 يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 334 مىڭ 600 يۈەن؛ مۇلازىمەت كەسپى 46 ئائىلە، خادىمى 54، تىزىملاتقان مەبلىغى 14 مىڭ 200 يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 32 مىڭ 600 يۈەن؛ رېمونتچىلىق كەسپى 59 ئائىلە، خادىمى 73، تىزىملاتقان مەبلىغى 3300 يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 6900 يۈەن؛ كىچىك سانائەت كەسپى 377، خادىمى 484، تىزىملاتقان مەبلىغى 422 مىڭ 600 يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 721 مىڭ 300 يۈەن.

## 4. توختام ۋە تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش

**1) ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش** ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ئىقتىسادىي توختاملارنى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرى باشقۇراتتى. 1979 ـ يىلى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990 ـ يىلغا قەدەر 795 ئىقتىسادىي توختام ئىمزالاندى، 1439 قېتىم توختام نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بەلگىلىمىگە، قانۇنغا خىلاپ توختامدىن 70 ى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، 10 ى مۇرەسسە قىلىندى، 3 ى كېسىم قىلىندى. ئىمزالانغان ئىقتىسادىي توختاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىقتىسادىي توختاملارنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە نازارەت قىلىنىشىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي توختام ماجىرا دېلولىرىنى تېخىمۇ ياخشى مۇرەسسە ۋە كېسىم قىلىشقا شەرت ھازىرلىدى، كارخانىلارنى ئىقتىسادىي توختام بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە 1989 ـ يىلدىن باشلاپ كارخانىلاردا توختامغا ئەمەل قىلىش، ۋەزىپە ئورۇنداش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 13 كارخانا بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشقا ئىلتىماس سۇنغانىدى، سىناش ئارقىلىق 6 كارخانىغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «توختامغا ئەمەل قىلىدىغان، ۋەزىپە ئورۇندىغان كارخانا» دەپ نام بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن قانۇننىڭ قەتئىيلىكى يەنىمۇ قوغدالدى.

**2) تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش** قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دۆلەتلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەستىقلاپ تىزىمغا ئالغان تاۋار ماركىلىرىدىن «ياقۇتگۈل» ماركىلىق ھاراق (تىزىملانغان تاۋار ماركا نومۇرى 157677)، «پامىر» ماركىلىق بالقاق (تىزىملانغان تاۋار ماركا نومۇرى 314553)، «پامىر» ماركىلىق مېۋە كونسېرۋاسى (تىزىملانغان تاۋار ماركا نومۇرى 315240)، «ئىپارخان» ماركىلىق يۇرۇشلۇك جىغان ئىچىملىكى (تىزىملانغان تاۋار ماركا نومۇرى 349051)، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ياقۇتگۈل» ماركىلىق تاۋار ماركىسى 1992 ـ يىلى تىزىملانغان بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئەڭ بۇرۇن تىزىملانغان تاۋار ماركىسىدۇر.

## 5. بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش

50 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە بازار زومىگەرلىرى ۋە ئاز ساندىكى قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق

قىلغۇچىلارنى جازالاش بىلەن تەربىيە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللار پەرقلەندۈرۈلۈپ زەربە ۋە تەربىيە بېرىلدى. باج ئوغرىلىغان، باجدىن قاچقان ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلىغان قانۇنسىز قىلمىش ئىگىلىرى 1952 - يىلى «بەشكە قارشى تۇرۇش» (پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىشقا، دۆلەت بايلىقىنى ئوغرىلاشقا، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ تەنقىد ۋە كۆرەش قىلىندى؛ باھانى ئۆستۈرۈۋالغانلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە جەرىمانە قويۇلدى، شۇ ئارقىلىق بازاردىكى مال باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. 1953 - يىلى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن كاپىتالىستلارنىڭ دۆلەت تاپاۋەت بېجى، ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىق پۇلى، كارخانا جامائەت فوندى، كاپىتالىستلارنىڭ ئۆسۈمىدىن پايدا تەقسىم قىلىش ئەھۋالى پىرىنسىپ جەھەتتىن نازارەت قىلىندى. 1955 — 1956 - يىللىرى خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، باج ئوغرىلىغان، باجدىن قاچقان قانۇنسىز سودىگەرلەرگە يەنىمۇ زەربە بېرىلدى. 1978 - يىلى ئېچىلغان ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىدە، ئايرىم كارخانىلار ۋە ئايرىم شەخسلەر پۇل تېپىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى بىلەن كارى بولمىغاچقا، ھايانكەشلىك - قانۇنسىزلىق دېلولىرى توختىماي سادىر بولۇپ تۇردى. 1980 — 1990 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 174 ى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1984 - يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 45 قېتىمغا يەتتى، 1983- ۋە 1989 - يىلى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنمىدى. ھايىنىغا سېتىلغان ئاساسلىق ماددىي ئەشيالار ئىچىدە پولات ماتېرىيال 17 توننا، سېمونت 32 توننا، ياغاچ ماتېرىيال 67.8 كۇب مېتىر، خىمىيۋى ئوغۇت 62.8 توننا، تېرىلغۇ ئۆلغى 56، ئاشلىق 3752.5 كىلوگرام، ياغلىق دان 2460 كىلوگرام، ئاشلىق بېلىتى 80 كىلوگرام، رەخت بېلىتى 274.3 كىلوگرام.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1980 — 1990 - يىلغىچە بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش ئەھۋالى

ئىقتىساد: 16 — 11 - جەدۋەل

| يىللار / تاۋار نامى | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گۆرۈچ (تومەن جىڭ) | 16.85 | 31.12 | 44.73 | 69.22 | 49.34 | 70 | 78 | 80 | 85 | 85 | 120 |
| بۇغداي (تومەن جىڭ) | 36.92 | 62 | 70.23 | 224.6 | 585.87 | 536 | 595 | 634 | 650 | 728 | 700 |
| كۆممىقوناق (تومەن جىڭ) | 32.32 | 62.48 | 83.11 | 206.85 | 235.86 | 151 | 180 | 198 | 200 | 211.6 | 250 |
| سۇ بېغى (تومەن جىڭ) | 1.89 | 4.98 | 5.38 | 13.85 | 18.45 | 21.05 | 22 | 23 | 25 | 31.6 | 32 |
| موخوركا (تومەن جىڭ) | 0.6 | 10.54 | 4.19 | 10.86 | 20.19 | 17.5 | 18 | 19 | 30 | 24 | 24 |
| كالا گۆشى (تومەن جىڭ) | 2.4 | 26.88 | 23.58 | 38.38 | 49.75 | 52.5 | 65 | 68.5 | 70 | 79.2 | 80 |
| قوي گۆشى (تومەن جىڭ) | 8.44 | 22.82 | 31 | 28.05 | 32.61 | 40 | 47 | 49 | 50 | 61 | 70 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇخۇم (تۈمەن جىڭ) | 45 | 11.18 | 14.91 | 9.31 | 12.92 | 20 | 25.5 | 27.5 | 30 | 42 | 50 |
| توخۇ (تۈمەن دانە) | 3.25 | 4.9 | 6.51 | 11.33 | 10.5 | 14 | 18.5 تۈمەن جىڭ | 20 تۈمەن جىڭ | 25 تۈمەن جىڭ | 40 تۈمەن جىڭ | 44 تۈمەن جىڭ |
| كۆكتات (تۈمەن جىڭ) | 215.49 | 434.17 | 407.48 | 916.89 | 1186.91 | 1214.15 | 1467 | 1231 | 1517.2 | 1468.2 | 2036 |
| كالا | 4790 | 4082 | 4109 | 8300 | 5023 | 7600 | 7700 | 7900 | 8000 | 9000 | 11650 |
| ئات | 23 | | 17 | 120 | 36 | 85 | | | | 40 | 35 |
| ئېشەك | 7514 | 3771 | 3103 | 12800 | 30760 | 18700 | 18800 | 8500 | 8500 | 8500 | 10500 |
| قوغۇن، ھۆل مېۋە (تۈمەن جىڭ) | | 313.88 | 137.59 | 1071.59 | 1095.29 | 1166.6 | 1412.8 | 1294.8 | 1449.8 | 1169.5 | 1979.6 |
| يوتۇشۇلگەن سومما (تۈمەن يۈەن) | 816.88 | 844 | 916.59 | 1870.55 | 2247.3 | 2322.77 | 2730.32 | | 3806.05 | 4138.4 | |

# سىياسەت

# تعليقات

# سىياسەت

## I باب

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدى - كەينىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1938 - يىل 3 - ئايدا لى يۈنياڭ، گاۋ دېڭباڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلدى. 1939 - يىل 1 - ئايدا 14 كومپارتىيە ئەزاسى قەشقەر ۋىلايىتىگە خىزمەتكە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە، شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى. كومپارتىيە ئەزاسى لى يۈنياڭ (مەخپىي ئىسمى لى جىلياڭ)، گاۋ دېڭباڭ (مەخپىي ئىسمى گاۋ يۈچياڭ)، ۋاڭ مو (مەخپىي ئىسمى ۋاڭ موشياڭ) لار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولدى. لى يۈنياڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ ياردەم شۆبە جەمئىيىتى كۆتۈپخانا قۇرۇپ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىلغار كىتابلار بىلەن تەمىنلەپ، ئىلغار ئىدىيىلەرنى تارقاتتى. ۋاڭ مو «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش تەھرىرلىكىنى، ئىدارە باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىپ، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. گاۋ دېڭباڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۆتىدى، ئۇ، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، خاكتۇلار (كەسىپ باشلىقلىرى) غا باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، پروگرېسسىپلىك ئۆسۈپ بارىدىغان باج تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بارلىق باج كىرىملىرىنى باج خادىملىرىغا يىغدۇرۇپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. خىزمەت جەريانىدا ئۇلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشتەك ئېسىل خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى.

1949 - يىل 11 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى داقا - دۇمباق ياڭرىتىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئالدىن يۈرەر قىسمىنىڭ 2 - جۇن 4 - شىسى 10 - تۇەنىنىڭ ناھىيە بازىرىغا

كىرگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى. 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىدىن جۇ باۋجىيې، شۆ شىلڭ، ليۇ شاۋجى قاتارلىق ھەربىي ۋەكىللەرنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە بېرىپ ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

## § 1 . تەشكىلىي ئاپپارات

### 1. ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، جۇ باۋجىيې، شۆ شىلڭ، ۋۇ جىيايەنلەر كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولدى. جۇ باۋجىيې ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تۇنجى شۇجىسى بولدى. 1956 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، پارتىيە قۇرۇلتىيى 1990 ـ يىلغىچە 6 نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى، ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتلىرى شۇ قۇرۇلتايلاردا سايلاپ چىقىلدى.

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى كاتىبات ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1953 ـ يىلى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (رېۋىزىيە كومىتېتى) قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، 1956 ـ يىلى مالىيە ـ سودا بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى، 1958 ـ يىلى سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ ۋە ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. 1962 ـ يىلى ئاپپاراتلار ئىخچاملىنىپ، شۇجىچۇ، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، مالىيە ـ سودا بۆلۈمى، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1964 ـ يىلى يېزا خىزمىتى بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1966 ـ يىلى مالىيە ـ سودا سىياسىي بۆلۈمى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى «ئىسيانچىلار» قانۇنسىز تارتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپپارات پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، خىزمەت توختاپ قالدى. 1969 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلەشتۈرۈلگەن «مەركەزلەشكەن» رەھبەرلىك يولغا قويۇلدى. 1970 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قىسمەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. 1971 ـ يىل 2 ـ ئايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1974 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى، ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتكومى قۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى ئارخىپ بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، 1983 ـ يىلى سىياسىي ـ قانۇن ئىشخانىسى قۇرۇلدى، 1984 ـ يىلى سىياسىي ـ قانۇن ئىشخانىسى سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى، 1985 ـ يىلى مەخپىيەتلىك بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1989 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى، مەخپىيەتلىك بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى، ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتكومى بار بولدى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەنىلا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت

تارمىقى بولدى. 1982 - يىل 9 - ئايدا پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئۇ «ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، دەرىجىمۇدەرىجە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مۇستەقىل دائىمىي ئاپپارات قىلىندى.

1950 - يىل 3 - ئايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى 1956 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلغانغا قەدەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەيىنلەپ كەلگەنىدى. 1 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا شۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك كومىتېت ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار سايلاپ چىقىلدى. بەزى رەھبەرلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋەزىپىگە قويىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. 1970 - يىلدىن 1971 - يىل 2 - ئايغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، لى يۈرېن گۇرۇپپا باشلىقى، گو چېڭنىيەن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئەۋەتكەن ھەربىي كادىرلار ئىدى.

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى بولغانلار

سىياسەت: 1 — 1 - جەدۋەل

| ئۆتۈش | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 — 1956 - يىلىغىچە | شۇجى | جۇ جاۋجىي | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1950.3 — 1953.1 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | دۇڭ يىڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1951.1 — 1953.1 |
| | شۇجى | لىيۇ گاڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1953.1 — 1956.5 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | بارات يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1956 — 1956.5 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | مۇسا روزى | ئەر | ئۇيغۇر | ئاتۇش | 1953.1 — 1956.5 |
| 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلى (1956 - يىل 6 - ئايدىن 1966 - يىل 1 - ئايغىچە) | شۇجى | لىيۇ گاڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1956.6 — 1956.11 |
| | شۇجى | ۋاڭ خۇيچى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1956.11 — 1962 |
| | شۇجى | جاۋ شۇنچىن | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1962 — 1965.8 |
| | شۇجى | ساڭ باۋخې | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1965.9 — 1966.1 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | بارات يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1956.11 — 1965.6 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | مۇسا روزى | ئەر | ئۇيغۇر | ئاتۇش | 1956.6 — 1956.7 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | سۇ لاۋچۈەن | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1959 — 1961.7 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ئابدۇمەمەت ئابدۇرېھىم | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1957 — 1963 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋېن خېڭلى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1958 — 1968 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | جۇ شۇشياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1959 — |
| | مۇئاۋىن شۇجى | لى رۇنچېڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1964 — 1966.5 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | لى رۇنچېڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1964 — 1966.1 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 . نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلى (1956 - يىل 6 - ئايدىن 1966 - يىل 1 - ئايغىچە) | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ شىگرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1966.1— |
| | مۇئاۋىن شۇجى | سوپى روزى | ئەر | ئۇيغۇر | يوپۇرغا | 1966.1 — 1965 |
| | كاندىدات مۇئاۋىن شۇجى | ئابدۇقادىر چولاق | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1963 — 1961.6 |
| 2 . نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلى (1966 - يىل 2 - ئايدىن 1971 - يىل 2 - ئايغىچە) | شۇجى | سالاڭ باۋخې | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | — 1966.2 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | لى رۇنجياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | — 1971 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ شىگرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1967 — 1966.2 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | سوپى روزى | ئەر | ئۇيغۇر | يوپۇرغا | 1971.2 — 1966.2 |
| 3 . نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلى (1971 - يىل 2 - ئايدىن 1980 - يىل 6 - ئايغىچە) | شۇجى | لى يۇرېن | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1974.1—1971.2 |
| | شۇجى | جياڭ ۋېيگوي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1975.8—1974.1 |
| | شۇجى | ۋاڭ شىگرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1978.3—1975.8 |
| | مۇئاۋىن شۇجى (خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلغۇچى) | ۋاڭ جيارۇي | ئەر | خەنزۇ | باركۆل | 1980.10—1978.3 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ ئېنجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1973.7—1971.4 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | سەي روچى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1974.1—1971.4 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ شىگجۇ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1975.8—1971.1 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | تىلىۋالدى توختى | ئەر | ئۇيغۇر | يوپۇرغا | 1976.12—1974.1 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | مۇھەممەت ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1976.5—1974.10 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ شىگجۇ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1976.12—1975.8 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ئابدۇقادىر چولاق | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1976.12—1975.8 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ئىبراھىم مۇھەممەت | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1976.6—1975.11 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | شياڭ ماۋسەي | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1980.6—1975.11 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ جيارۇي | ئەر | خەنزۇ | باركۆل | 1978.3—1977.12 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | شىن ۋېيۆن | ئەر | خەنزۇ | چىڭخەي | 1980.6—1979.10 |
| 4 . نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلى (1980 - يىل 6 - ئايدىن 1986 - يىل 2 - ئايغىچە | شۇجى | شىن ۋېيۆن | ئەر | خەنزۇ | چىڭخەي | 1984.3—1980.6 |
| | شۇجى | ياڭ جېنشى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1985.5 — 1984.3 |
| | مۇئاۋىن شۇجى (رىياسەتچىلىك قىلغۇچى) | ۋاڭ ئىشەن | ئەر | خەنزۇ | خۇنەن | 1986.2 — 1985.5 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | سەمەت ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | پوسكام | 1984 — 1980.10 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | شياڭ ماۋسەي | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1982.2 — 1980.6 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ئابدۇغوپۇر ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1985 — 1980.6 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | جۇ زىجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1984 — 1982 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ خىدىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1986.2 — 1984 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلى (1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە) | شۇجى | ۋاڭ ئېشەن | ئەر | خەنزۇ | خۇنەن | 1988.11—1986.2 |
| | مۇئاۋىن شۇجى (خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلغۇچى) | ياۋ يىجيەن | ئەر | خەنزۇ | جياڭسۇ | 1989.3 — 1988.11 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | روزى ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر | 1989.3 — 1986.2 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | يۈ ۋېنچاۋ | ئەر | خەنزۇ | خۇبېي | 1989.3—1987.10 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ۋاڭ خېدىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1987.3 — 1986.2 |
| 6 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلى (1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ) | شۇجى | ياۋ يىجيەن | ئەر | خەنزۇ | جياڭسۇ | — 1989.3 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | روزى ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر | —1989.3 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | يۈ ۋېنچاۋ | ئەر | خەنزۇ | خۇبېي | — 1989.3 |

## 2. ئاساسىي قاتلام پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىسى

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى 16 پارتىيە ئەزاسىنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ، تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كادىرلارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، پارتىيە، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئىشلىدى، ئۇلار ناھىيىلىك، رايونلۇق ئورگانلار پارتىيە ياچېيكىسىدىن 6نى قۇردى. 1951 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 12 رايوندا رايونلۇق كومىتېت قۇرۇلدى، رايونلۇق كومىتېتتا تەشكىلات، تەشۋىقات كادىرلىرى قويۇلدى. 1953 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزىلاردا 15 پارتىيە ياچېيكىسى، بىر پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى ناھىيىدە 100 پارتىيە ياچېيكىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا پارتىيە ياچېيكىسى 83، %90 يېزىدا ياچېيكا قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، ناھىيە بويىچە پارتىيە ياچېيكىسى 115كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكىسى 98 بولۇپ، ھەممە يېزىدا پارتىيە ياچېيكىسى بار بولدى.

1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايونلۇق پارتكوم گۇڭشې پارتكومى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە 10 پارتكوم بار بولدى. 1960 ـ يىلى رايون ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، رايونلاردا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئەسلىدىكى باشقۇرۇش رايونى بىرلىك قىلىنىپ قۇرۇلغان گۇڭشېلاردا پارتكوم قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 18 پارتكوم بارلىققا كەلدى. 1964 ـ يىلى ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن خەلق گۇڭشېسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، رايونلۇق پارتكوم گۇڭشې پارتكومى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، ناھىيە بويىچە 346 پارتىيە ياچېيكىسى بار بولدى. 1980 ـ يىلى ناھىيىدە پارتىيە ياچېيكىسى 239غا يەتتى، 1981 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام پارتكومى 11گە، باش ياچېيكا 8 گە، ياچېيكا 241گە يەتتى. 1984 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق خەلق گۇڭشېلىرى يېزىغا، بازارغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ مەزگىلدە مۇناسىپ ھالدا يېزىلىق (بازارلىق) پارتكوملار قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيىدە ئاساسىي قاتلام پارتكومى 19غا، باش ياچېيكا 16گە، پارتىيە ياچېيكىسى 382 گە يەتتى. 1986 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام پارتكومى 20گە، باش ياچېيكا 18گە، پارتىيە ياچېيكىسى [illegible]00گە يەتتى. 1989 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام پارتكومى 21گە يەتتى، باش ياچېيكىدىن 14ى قالدى، پارتىيە ياچېيكىسى 424كە يەتتى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ياچېيكىسى 428گە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى**

سىياسەت: 1 — 1 ـ جەدۋەل

| سىستېمىلار / يىللار | | 1950 | 1953 | 1956 | 1960 | 1966 | 1976 | 1980 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت | ياچېيكا | | | | 9 | 6 | 16 | 16 | 5 | 18 |
| | پارتىيە ئەزاسى | | | | 195 | 75 | 157 | 138 | 47 | 149 |
| پوچتا، قاتناش | ياچېيكا | | | | 1 | 1 | 2 | 2 | 11 | 8 |
| | پارتىيە ئەزاسى | | | 6 | 31 | 25 | 35 | 24 | 160 | 91 |
| يېزا ئىگىلىكى | ياچېيكا | | 15 | 95 | 223 | 186 | 133 | 144 | 228 | 242 |
| | پارتىيە ئەزاسى | | 134 | 2094 | 3221 | 4958 | 3716 | 3799 | 5912 | 6379 |
| مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە | ياچېيكا | | | 1 | 3 | 10 | 10 | 15 | 39 | 59 |
| | پارتىيە ئەزاسى | | 1 | 27 | 108 | 128 | 102 | 233 | 617 | 985 |
| مالىيە، سودا | ياچېيكا | | | 2 | 10 | 23 | 17 | 27 | 48 | 53 |
| | پارتىيە ئەزاسى | | | 71 | 251 | 273 | 225 | 270 | 493 | 559 |
| پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات | ياچېيكا | 1 | 6 | 16 | 19 | 20 | 24 | 34 | 42 | 48 |
| | پارتىيە ئەزاسى | 42 | 114 | 265 | 481 | 534 | 496 | 759 | 764 | 1036 |
| باشقىلار | ياچېيكا | | | | | | | 1 | 1 | |
| | پارتىيە ئەزاسى | | | 4 | 12 | 2 | | 4 | 7 | |
| جەمئىي | ياچېيكا | 1 | 21 | 114 | 265 | 246 | 202 | 239 | 382 | 428 |
| | پارتىيە ئەزاسى | 42 | 249 | 2465 | 4299 | 5985 | 4731 | 5227 | 8114 | 9199 |

## 2 § . پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى

1950 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم قۇرۇلغاندا، بۇ ناھىيىدە قىسمەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە خىزمەتكە كەلگەن پارتىيە ئەزالىرىدىن باشقا پارتىيە ئەزاسى يوق ئىدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەندى، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن كېلىپ چىقىشى ياخشى، ئاڭ ـ سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىستىلى توغرا بولغان ناھىيە، رايون، يېزا كادىرلىرىنى بايقاشقا ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، پارتىيىگە 17 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1953 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، 16 يېزىدا تۆركۈملەر بويىچە پارتىيىگە 96 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1954 ـ يىلى 11 رايوندا پارتىيىگە 170 ئەزا قوبۇل قىلىندى. كېيىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان ئەزالار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. 1955 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش جەريانىدا، ئاكتىپلار تەربىيىلەندى. پارتىيىگە 757 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا پارتىيە ئەزاسى 1042گە يەتتى. 1956 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 2465كە يەتتى، ھەممە يېزا ئىگىلىك

كوپېراتىپلاردا پارتىيە ئەزاسى بار بولدى. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارىمىقىدا پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى سىستېمىلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيىلەش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. 1960 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 4299غا يەتتى، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %2.25نى ئىگىلىدى. 1961 ـ يىلى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۆستۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى ۋاقىتىنچە توختىتىلدى. شۇنداقتىمۇ ناھىيىدە پارتىيە ئەزالىرى بارا ـ بارا كۆپەيدى. 1966 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 5985كە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %2.6نى ئىگىلىدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى توسالغۇغا ئۇچراشقا باشلىدى، كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى بىلەن، بۇ خىزمەت توختاپ قالدى. 1970 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيىگە 135 ئەزا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى نىسپىي ھالدا تۇراقلاشتى. 1976 ـ يىلغىچە پارتىيە ئەزاسى 4371 بولدى.

1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى نورمال ئىزغا چۈشتى. ناھىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ساپاسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. پارتىيە ئەزاسى 1980 ـ يىلى 5227گە، 1981 ـ يىلى 5268گە، 1985 ـ يىلى 8114كە، 1986 ـ يىلى 8527گە يەتتى، 1989 ـ يىلى 9264كە يېتىپ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ %2.89نى ئىگىلىگەندى. 1990 ـ يىلى ئازىيىپ، 9199غا چۈشۈپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %2.77 نى ئىگىلىدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى (1)**

سىياسەت: 1 — 3 . جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1950 | 1953 | 1956 | 1960 | 1966 | 1976 | 1980 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسى | 42 | 249 | 2465 | 4299 | 5985 | 4371 | 5227 | 8114 | 9199 |
| ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى (%) | 0.02 | 0.12 | 1.08 | 2.25 | 2.6 | 2.7 | 3.1 | 2.83 | 2.77 |
| رەسمىي پارتىيە ئەزاسى | 19 | 106 | 1234 | 2823 | 5187 | | 5037 | 7666 | 8903 |
| كاندىدات پارتىيە ئەزاسى | 23 | 143 | 1231 | 1476 | 798 | | 190 | 448 | 296 |
| ئەر | 41 | 231 | 2287 | 3911 | 5236 | 4036 | 4464 | 6968 | 7970 |
| ئايال | 1 | 18 | 178 | 388 | 749 | 695 | 763 | 1146 | 1229 |
| خەنزۇ | 20 | 36 | 50 | 81 | 140 | 165 | 244 | 214 | 323 |
| ئۇيغۇر | 22 | 213 | 2415 | 4204 | 5833 | 4545 | 4956 | 7872 | 8844 |
| باشقا مىللەتلەر | | | | 13 | 12 | 21 | 27 | 26 | 32 |

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى (2)**

سىياسەت: 1 — 4 ـ جەدۋەل

| | تۈرلەر / يىللار | 1950 | 1953 | 1956 | 1960 | 1966 | 1976 | 1980 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسى | 42 | 249 | 2465 | 4299 | 5985 | 4371 | 5227 | 8114 | 9199 |
| مەلۇماتى | ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم | | 2 | | | 10 | | 67 | 137 | 332 |
| | ئوتتۇرا تېخنىكوم | | | | | | | 154 | 400 | 881 |
| | تولۇق ئوتتۇرا | 3 | 6 | 5 | 13 | 160 | | 272 | 708 | 1080 |
| | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 3 | 26 | 67 | 143 | 460 | | 868 | 1629 | 2154 |
| | باشلانغۇچ | 31 | 156 | 1306 | 3024 | 2363 | | 1948 | 2894 | 3211 |
| | ساۋاتسىز | 5 | 60 | 1087 | 1119 | 2982 | | 1918 | 2346 | 1541 |
| يېشى | 25 ياشتىن تۆۋەنلەر | 14 | 90 | 304 | 982 | 599 | 412 | 193 | 105 | 199 |
| | 26 ياشتىن 35 ياشقىچە | 28 | | 3129 | 3228 | 4784 | 1177 | 1337 | 1696 | 1646 |
| | 36 ياشتىن 55 ياشقىچە | | | 22 | 85 | 573 | 2804 | 1943 | 4894 | 5230 |
| | 56 ياشتىن 60 ياشقىچە | | | | | | 338 | 1278 | 693 | 995 |
| | 61 ياشتىن يۇقىرىلار | | | | 4 | 29 | | 475 | 725 | 1129 |
| پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى | 1949 ـ يىل 9 ـ ئاي- دىن بۇرۇن | 20 | 27 | 21 | 33 | 39 | 36 | 40 | 19 | 31 |
| | 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلغىچە | 22 | 222 | 2444 | 4266 | 5946 | 3393 | 3252 | 4451 | 3650 |
| | 1967 — 1976 ـ يىل- غىچە | | | | | | 1302 | 1205 | 1723 | 1785 |
| | 1977 ـ يىلدىن كېيىن | | | | | | | 730 | 1921 | 3733 |

# 3 § . پارتىيە قۇرۇلتايلىرى

## 1 . 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى 1956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئېچىلىپ 9 كۈن داۋام قىلدى. قۇرۇلتايغا 187 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 40 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئازاد بولغاندىن بۇياتقى 6 يىلدا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش، پارتىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى بېكىتىش، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1967 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى (لايىھە)نى كونكرېت مۇزاكىرە قىلىش ۋە

بېكىتىش، ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنى ۋە ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنى شۇنىڭدەك ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاش.

لىيۇ گاڭ ناھىيىلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن پارتىيىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئازاد بولغاندىن بۇيانقى 6 يىلدا ئىشلەنگەن تۈرلۈك خىزمەتلىرى توغرىسىدا خۇلاسە دوكلاتى بەردى. ۋېن خېڭلى ناھىيىلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 1956 — 1967 - يىللىقچە بولغان پىلانى (لايىھە) ھەققىدە ئىزاھات بەردى، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر يۇقىرىقى دوكلات ۋە ئىزاھاتنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزەتتى، ئاخىرىدا قارار ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى ھەمدە قۇرۇلتايدا ماقۇللاندى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى 15 بولدى، ئۇلار لىيۇ گاڭ، مۇساروزى، ئىمىن تۆمۈر، ۋېن خېڭلى، بارات يۈسۈپ، مۇھەممەت تۆمەر، جاڭ لىپ، لىيۇ شىياڭ، ئابلەخەت ئابدۇرېھىم، ياڭ يەنخۋا، ئابدۇراخمان نۇردۇن، ئەبەي ئېلى، تۇردى تۇر ئەمەت، مۆمىن ھوشۇر، ئىسلام كېرىم.

1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى 7 بولدى، ئۇلار: لىيۇ گاڭ، مۇسا روزى، بارات يۈسۈپ، ئىمىن تۆمۈر، مۇھەممەت تۆمەر، ۋېن خېڭلى، ئابلەخەت ئابدۇرېھىم. لىيۇ گاڭ شۇجى، مۇسا روزى بىلەن بارات يۈسۈپ مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

قۇرۇلتايدا يەنە ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى 7 بولدى، بارات يۈسۈپ قوشۇمچە شۇجىلىقنى، ئەبەي ئېلى مۇئاۋىن شۇجىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. قۇرۇلتايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 9 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

1960 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن 10 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 155 ۋەكىل قاتناشتى، 51 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

ۋاڭ خۇيگې ناھىيىلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ۋە ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى ۋە يېزىلاردا «ئۇچقاق قارشى» ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. ناھىيىلىك پارتكومغا 11 ئەزا تولۇقلاپ سايلاندى، ئۇلار ۋاڭ خۇيگې، سۇ لاۋچۈەن، جاۋ يۈەنچېن، ئوبۇلقاسىم مامۇت، ئابدۇقادىر چولاق، ئىبراھىم يۈسۈپ، قاسىم توختى، لى چاڭخا، ۋاڭ گېنخۇ، جۇ شىنفاڭ، كۇ لياڭمۇ، ۋاڭ خۇيگې 1 - شۇجى بولدى، سۇ لاۋچۈەن، ۋېن خېڭلى، بارات يۈسۈپ، ئابلەخەت ئابدۇرېھىم شۇجىچۈننىڭ شۇجىسى بولدى. قۇرۇلتايدا يەنە رېۋىزىيە كومىتېتىغا 5 ئەزا تولۇقلاپ سايلاندى.

## 2 . 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1966 - يىل 1 - ئايدا ئېچىلىپ، 17 كۈن داۋام قىلدى، قۇرۇلتايغا 274 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 80 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ئالدىنقى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن بۇيانقى تۈرلۈك خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 3 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 1966 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش مەسىلىسى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىنىپ

ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قۇرۇلتايدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى 19 بولدى، ئۇلار: ساڭ باۋخې، لى رۇنچېڭ، ۋاڭ شىگرۇڭ، بارات يۈسۈپ، ئوبۇلقاسىم مامۇت، ۋاڭ شىگجۇ، ئابدۇقادىر چولڭ، ۋاڭ گېنخۇ، شۇ چېڭۋېن، مۇھەممەت يۈسۈپ، جاۋ جېگرۇڭ، زۆھرە ئېلى، ئىبراھىم قاسىم، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، لى چاڭفا، توختى مامۇت، قاسىم توختى، ياڭ جىگرېن، ساۋۇت توختى.

1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىندا دائىمىي كومىتېتقا 9 ئەزا سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار: ساڭ باۋخې، لى رۇنچېڭ، ۋاڭ شىگرۇڭ، بارات يۈسۈپ، ئوبۇلقاسىم مامۇت، ۋاڭ شىگجۇ، ئابدۇقادىر چولڭ، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، ياڭ جىگرېن. ساڭ باۋخې شۇجى، لى رۇنچېڭ، ۋاڭ شىگرۇڭلار مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

قۇرۇلتايدا يەنە ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك رېۋىزىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 5 بولدى. ۋاڭ شىگرۇڭ شۇجى بولدى.

## 3. 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1971 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى. قۇرۇلتايغا 289 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي كادىر ۋەكىل 17 بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ %8.5نى، «ئىنقىلابىي كادىرلار» ۋەكىلى 77 بولۇپ، %6.26نى، ئاممىا ۋەكىلى 195 بولۇپ، %5.67نى، ئايال ۋەكىل 50 بولۇپ، %2.17نى ئىگىلىدى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى يۈرېن «9 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئىتتىپاقلىق، غەلىبە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى بويلاپ غەلىبەسىرى ئالغا ئىلگىرىلەش» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، «3 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى داجەيچە ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن قارار ماقۇللاندى.

«ھەربىيلەر، كادىرلار، ئامما» دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ، «ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار» دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يېڭى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ نامزاتلىرىنى سايلاپ چىقىش ھەققىدە كەڭ ـ كۆلەمدە كېڭەشلىدى. يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى 27 بولدى، ئۇلار: لى يۈرېن، گو چېڭنيەن، گاۋ شياۋفۇ، سەي رۇچى، ۋاڭ شىمىن، ۋاڭ ئېنجى، ۋاڭ شىگرۇڭ، ۋاڭ شىگجۇ، سوپى روزى، ئابدۇقادىر چولڭ، مۇھەممەت بارات، زۆھرە ئېلى، جاۋ جۇنبىن، جاڭ ئەي، ياڭ يىگدې، جېڭ جىجۇڭ، جاۋ جېنفۇ، جاۋ جېگرۇڭ، ۋاڭ گېنخۇ، ۋاڭ شىنليەن (ئايال)، جيا يۇجۇ، چېن جيەنشۆ، بۇخەلچە ھوشۇر، ئابدۇراخمان توختى، ھەسەن تۇرغۇن، ئازات تىلىۋالدى (ئايال)، راھىيە رېھىم.

ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت سايلاپ چىقىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 9 بولدى، ئۇلار: لى يۈرېن، گو چېڭنيەن، گاۋ شياۋفۇ، سەي رۇچى، ۋاڭ ئېنجى، ۋاڭ شىگرۇڭ، سوپى روزى، بۇخەلچە ھوشۇر، ئابدۇراخمان توختى. لى يۈرېن شۇجى، ۋاڭ ئېنجى، سەي رۇچى، سوپى روزىلار مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 22 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

## 4. 4 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1980 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى. قۇرۇلتايغا 321 رەسمىي ۋەكىل، 40 كاندىدات ۋەكىل قاتناشتى. 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

شىن ۋېيۋېن «پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، گۈللەنگەن، باي يېڭى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. شيالىڭ ماۋسەي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى، قۇرۇلتايدا بۇ ئىككى دوكلات ھەققىدە قارار ماقۇللاندى.

قۇرۇلتايدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى 25 بولدى، ئۇلار: شىن ۋېيۋېن، سەمەت ئىبراھىم، شيالىڭ ماۋسەي، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، پېڭ پېيشيەن، ئوبۇلقاسىم مامۇت، جياڭ يۈجۇڭ، تاش پالتا، ليۇ پۈياۋ، مامۇت ئىسمائىل، قاسىم ئابدۇللا، قاسىم ئەيسا، تۆمۈر قاسىم، ئىسلام كېرىم، بۇسارەم ئىسمائىل، سىدىق توختى، ئوبۇلقاسىم قازى، ئىبراھىم قاسىم، شاۋاز سادىق، توختى مامۇت، تۇردى داۋۇت، مۇھەممەت ئابدۇللا، لى شيەن، مۇھەممەتئىمىن ھەلىمىدىن، مۇھەممەت باقى، مۇھەممەت خۇدا بەردى، كېرىم قاسىم، قۇربان ئاباق، خەتىسا سىدىق. كاندىدات ئەزالار 6 كىشى ئۇلار: لۇ جىڭيۇ، ۋاڭ گېنخۇ، جاۋ شىنىيڭ، مۇھەممەت ئىبراھىم، مۇھەممەت ئېلى، ليۇ شيىن.

ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىغا 9 ئەزا سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار: شىن ۋېيۋېن، سەمەت ئىبراھىم، شيالىڭ ماۋسەي، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، پېڭ پېيشيەن، ئوبۇلقاسىم مامۇت، جياڭ يۈجۇڭ، تاش پالتا، ليۇ پۈياۋ. شىن ۋېيۋېن شۇجى، سەمەت ئىبراھىم، شيالىڭ ماۋسەي، ئابدۇغوپۇر ئۆمەرلەر مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر شۇجى، تۇردى داۋۇت، چېن شۇفېن (ئايال) لار مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

1983 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 4 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. ئۇلار: شىن ۋېيۋېن، ئابدۇغوپۇر سىدىق (قەشقەر يەمۈرچى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)، ئامىنە ئېزىز، ئېزىز تەۋەككۇل.

## 5 . 5 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1986 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 9 كۈن داۋام قىلدى. قۇرۇلتايغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 356 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 339 ۋەكىل قاتناشتى، 8 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا مامۇت ئىسمائىل ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى، روزى ئابدۇللا ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات بەردى، ۋاڭ ئەيشەن ناھىيىلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى، مۇھەممەت ئابدۇللا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتايدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك قارارلار ماقۇللاندى ھەم شەكىللەندى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى 31 بولدى، ئۇلار: ۋاڭ ئەيشەن، ۋاڭ خېدىڭ، روزى ئابدۇللا، مامۇت ئىسمائىل، مۇھەممەت ئابدۇللا، شياۋ مىڭداۋ، يۈ ۋېنچاۋ، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، پېڭ پېيشيەن، قاسىم ئابدۇللا، ئىسلام كېرىم، پاشا ئىسمائىل، جاۋ شىنىيڭ، رازىق سوپۇرگە، چېن مىڭشياۋ، ئابدۇرېھىم جېلىل، ئەركىن مۇھەممەت، شاۋاز سادىق، توختى سەمەت، قادىر ياسىن، يولۋاس ئوسمان، ئۆمەر قادىر، روزى قاسىم، ئابلا ئىمىن، كېرىم قاسىم، قۇربان ئاباق، ئېزىز ئىبراھىم، مۇھەممەت قۇربان، مۇھەممەت ھېلىم، ھەسەن

داۋۇت، ئامىنە مۇھەممەت. چېن جيېخۇا (ئايال)، يالڭ پېيجياڭلار كاندىدات ئەزا بولدى.

5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ۋاڭ ئەيشەن، ۋاڭ خېدىڭ، روزى ئابدۇللا، مامۇت ئىسمائىل، مۇھەممەت ئابدۇللا، شياۋ مېڭداۋ، يۈ ۋېنچاۋدىن ئىبارەت 7 كىشى ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاپ چىقىلدى. ۋاڭ ئەيشەن شۇجى، روزى ئابدۇللا مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئەزاسى 13 بولدى، ئۇلار: مۇھەممەت ئابدۇللا، جاۋ ۋەنلۇن، پېڭ پېيشيەن، مۇمىن قادىر، جاۋ شىنيىڭ، ئىسلام ئابدۇللا، چېن جيېخۇا (ئايال)، ئىبزىز جاپپار، ساۋۇت ئۆمەر، چيۇ چيەنرۇڭ، مۇپتى توختى، ئامىنە مۇھەممەت، موللاق ئىسلام. مۇھەممەت ئابدۇللا شۇجى، جاۋ ۋەنلۇن مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

## 6. 6 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1989 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 4 كۈن داۋام قىلدى. قۇرۇلتايغا 253 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 40 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا يولداش يۈ ۋېنچاۋ ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى، روزى ئابدۇللا يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى، ياۋ يىجيەن ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى، مۇھەممەت ئابدۇللا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتايدا «ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى ھەققىدىكى بەلگىلىمە» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى ھەمدە ئالاقىدار قارارلار ماقۇللاندى ۋە شەكىللەندۈرۈلدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ ئەزاسى 30 بولدى، ئۇلار: ياۋ يىجيەن، روزى ئابدۇللا، يۈ ۋېنچاۋ، ئابدۇكېرىم سەلەي، ليۇ دېەنچېن، مۇھەممەت ئابدۇللا، كۇڭ فۇشى، جۇ جيەنگو، مۇھەممەت قۇربان، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، مامۇت ئىسمائىل، ئىسلام ئابدۇللا، ئابدۇرەھىم جېلىل، مۇمىن قادىر، جۇ جيەنشىن، شاۋاز سادىق، پاشا ئىسمائىل، توختى سەمەت، يولۋاس ئوسمان، قادىر ياسىن، ئابلا ئىمىن، چېن شىدې، ئابدۇراخمان زۇنۇن، چېن جيېخۇا، مۇھەممەت ھېلىم، مۇھەممەتئىمىن ئۆمەر، تاڭ يۈيۈەن.

6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ياۋ يىجيەن، روزى ئابدۇللا، يۈ ۋېنچاۋ، ئابدۇكېرىم سەلەي، ليۇ دېەنچېن، مۇھەممەت ئابدۇللا، كۇڭ فۇشى، جۇ جيەنگودىن ئىبارەت 8 ئەزا سايلاپ چىقىلدى، ياۋ يىجيەن شۇجى، روزى ئابدۇللا، يۈ ۋېنچاۋلار مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى 13 بولدى، ئۇلار: مۇھەممەت ئابدۇللا، جاۋ ۋەنلۇن، مۇمىن قادىر، كۇڭ فۇشى، ئىسلام ئابدۇللا، چېن جيېخۇا (ئايال)، ئىسمائىل تۇرغۇن، شاۋاز سادىق، چېن سو، ساۋۇت ئۆمەر، سوپى سەپەر، يالڭ جىڭئەن، دۇ ۋېنۋېي. مۇھەممەت ئابدۇللا شۇجى، جاۋ ۋەنلۇن مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

# 4 § . ئىنتىزام تەكشۈرۈش

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1950 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بىر مەخسۇس كادىر قويۇلدى.

1955 - يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1956 - يىل 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتى تۈنجى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1982 - يىل 9 - ئايدا پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى، ئاپپارات ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. 1988 - يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا ئىشخانا، تەكشۈرۈش بۆلۈمى، مۇپەتتىشلىك بۆلۈمى، ئەرزىيەت بۆلۈمىدىن ئىبارەت «ئۈچ بۆلۈم، بىر ئىشخانا» قۇرۇلدى، خادىملار كۆچەيتىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش قوشۇنى زورايدى.

## 2. ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

1979 - يىلدىن ئىلگىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (رېۋىزىيە كومىتېتى) پەر ئىسلاھاتى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، بىر تۈتاش سېتىش - بىر تۈتاش سېتىۋېلىش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى ھەرخىل خاتا خاھىشلارنى، يەنى مەزھەپچىلىك، شەخسىيەتچىلىك خاھىشلىرىنى پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ۋە قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلماسلىق خاھىشلىرىنى تۈزەتتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر، سىنىپى يات ئۇنسۇرلارنى ۋە سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇنسۇرلارنى تازىلىدى. 1958 - يىلى ئىستىل تۈزىتىش ئارقىلىق، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 187 پارتىيە ئەزاسىغا جازا بەردى. 1962 - يىلى 1958 - يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك ھەرىكەتلەردە جازالىنىپ كەتكەن 1076 پارتىيە ئەزاسى پەرقلەندۈرۈۋېلىندى، پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق، جازا توغرا بولغىنى 924، تۈزىتىۋېلىنغىنى 130، باشقىلىرى 22 ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1 -، 2 - ئومۇمىي يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىگە ۋە يىغىننىڭ روھىغا ئاساسەن، 1980 - ۋە 1981 - يىللىرى كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ئاقلاندى، 9600 پارچە (قېتىم) ئەرزىيەت قوبۇل قىلىندى، بۇ ئارقىلىق ناھەق، يالغان، خاتا دېلو تۇرغۇزۇلغان 710 كىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، 650 كىشى ئاقلاندى، 309 كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە 204 كىشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 45 كىشى دەم ئېلىشقا چىقىرىلدى، 57 كىشى خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلدى، 31 كىشىنىڭ پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى). ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ۋەقەسىدىن 5ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

1982 - يىلى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئاساسىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتتى، مەركەزنىڭ «جىددىي ئۇقتۇرۇشى» ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ھەققىدىكى بەلگىلىمە»سىگە ئاساسەن، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن 11 كىشىنى ئاجرىتىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى قۇردى. ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەردىن 31گە زەربە بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا دائىر سومما 330 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ)، 198 مىڭ يۈەن ھارام پۇل قايتۇرۇۋېلىندى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 29 پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى.

1983 - يىلى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ «ئوچۇق خەت»ىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا

قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۆي سېلىش، ئۆي تەقسىم قىلىشتىكى ناتوغرا ئىستىللىرى تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى، پارتىيىلىك كادىرلار ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ئىگىلىۋالغان 123 مو تېرىلغۇ يەر قايتۇرۇۋېلىندى، ئۇلارنىڭ يەر ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتىكى ئىشلىتىش ھەققى ئۈچۈن 38 مىڭ 800 يۈەن تۆلىتىۋېلىندى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىستىلى ياخشىلىنىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى. 1984 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 5 يىلدا پارتىيە ئىستىلىنى تۈپ جەھەتتىن ياخشىلاش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيىدىكى 376 پارتىيە ياچېيكىسىنى تەكشۈرۈپ تەكتىنى ئېنىقلىدى، ئۇلارنى ياخشى، ئوتتۇرا، ناچار دەپ 3 خىلغا ئايرىپ، تەدبىر تۈزۈپ چىقىپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇردى. 1985 ـ يىلى شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ماڭاش ئۆستۈرۈش، كەلسە ـ كەلمەس نەرسە ـ كېرەك ۋە نەق پۇل تارقىتىشتەك ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتى. ئەمەلىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ باردى.

1986 ـ يىلى مەركەزنىڭ «بىرىنچىدىن چىڭ تۇرۇش، ئىككىنچىدىن ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش» فاڭجېنى ۋە «قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيە ئىستىلى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە تەدبىرلەر ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى.

شۇ يىلى 15 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم دېلو 3، ئايىغلاشتۇرۇلغان دېلو 13 (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ مۇھىم دېلو بىر). تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئىنتىزامغا خىلاپ دېلو ئىچىدە ھەرخىل پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلگىنى 8، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغىنى بىر، پارتىيە ئىچىدە ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 2، پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 3، باشقا جازا بېرىلگىنى 2. بىر تەرەپ قىلىنغان ئەرزىيەت، خەت ـ چەك 112 (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلگىنى 10 (قېتىم)، ئىنتىزام تەكشۈرۈش سىستېمىسىغا تەۋە بولمىغىنى 14 (قېتىم).

1988 ـ يىلى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا دائىر دېلودىن 8ى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. پارتىيە ئەزاسىدىن 5نگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4ى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىغا چارە كۆرۈشنى سىناق قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. سايباغ، سەمەن يېزىسىدا 125 پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى. بۇلار ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %13.3نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتسىز پارتىيە ئەزاسى 29 (پارتىيە ئەزالىرى تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگىنى 18، نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈلگىنى 10، كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغىنى بىر)، ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتسىز بولغان پارتىيە ئەزاسى 60، بۇلارغا بىرىم يىللىق ياكى بىر يىللىق تۈزىتىش سۈرۈكى بېرىلدى (36 كىشى ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلدى). ئۇ ۋاقىتتا سىناق قىلىش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى بىر ئاز كېمەيگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي كۆرەشچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، پارتىيە تەشكىلاتى يەنىمۇ ساپلاشتى، جەڭگىۋارلىقى ئاشتى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئومۇميۈزلۈك ياخشى بولدى. شۇ يىلى 41 پارچە (قېتىم) ئەرزىيەت تاپشۇرۇۋېلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى. قايتا خەت ئەۋەتكەن ۋە قايتا ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر %7.8 ئازايدى، تۇنجى قېتىم خەت يازغان ۋە تۇنجى قېتىم ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %97كە يەتتى، دەرىجە ئاتلاپ خەت يازغان ۋە ھال ئېيتقانلار %7.8 ئازايدى، بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى 3 تۈرلۈك تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1989 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ

كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن پاكلىق توغرىسىدا 9 ماددىلىق بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى. زور كۈچ بىلەن تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، 23 ئادەم سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 12، ئادەتتىكى كادىر 17، ئىشچى 3)، بۇنىڭدىن سىرت، ئامما 23 ئادەمنى پاش قىلدى (بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 12، ئادەتتىكى كادىر 11). «بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ شەخسىي ئۆي سېلىش ئەھۋالىنى تىزىملاش جەدۋىلى»نى تارقىتىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 331نىڭ شەخسىي ئۆي سېلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، 1 - باسقۇچلۇق تۈرلەرگە بۆلۈپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى. شۇ يىلى 50 پارچە (قېتىم) ئەرزىيەتتىن 5 پارچىسى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورگانلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، شۇ يىلى ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو نىسبىتى %100كە يەتتى. 1990 - يىلى 12 دېلو قاراپ چىقىلدى، 9نى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى، 9 دېلو ئىچىدە بىر كىشى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلدى، بىر كىشى پارتىيە ئىچىدە 2 يىل سىناپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلدى، 3 كىشى پارتىيە ئىچىدە بىر يىل سىناپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلدى، 3 كىشىگە ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، بىر كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

## 5 §. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى

50 - يىللاردىن بۇيان، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى دائىملىق ئۇقتىلىق كەسپىي خىزمەت قاتارىغا كىرگۈزۈپ كەلدى.

### 1. ئۈچ يىغىن، بىر دەرس تۈزۈمى

ئۈچ يىغىن، بىر دەرس دېگىنىمىز ياچېيكا كومىتېتى يىغىنى، گۇرۇپپا يىغىنى، ياچېيكا يىغىنى ۋە پارتىيە دەرسىدىن ئىبارەت. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىپ، پارتىيە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىلا، ئادەتتە 2 ھەپتىدە بىر قېتىم گۇرۇپپا يىغىنى، بىر ئايدا بىر قېتىم ياچېيكا كومىتېتى يىغىنى، بىر پەسىلدە بىر قېتىم ياچېيكا يىغىنى ئېچىلىپ تۇردى. پارتىيە ئەزالىرى سۆھبەتكە چاقىرىلدى، ئۇلار ئىدىيە ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ تۇردى، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈش، پارتىيە نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە پارتىيە ئىنتىزامىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىنى بۇزغان پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاش ياكى ئۇلارغا بېرىلگەن جازانى بىكار قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا گۇرۇپپىدا كېڭىشىش، ياچېيكا كومىتېتىدا مۇزاكىرە قىلىش، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم تەستىقلاش قاتارلىق رەسمىيەتلەر بويىچە بېجىرىلدى. بىر يىلدا بىر قېتىمدىن 2 قېتىمغىچە پارتىيە دەرسى ئۆتۈلۈپ، پارتىيە توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەر ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆگىنىلدى.

### 2. سىياسىي نەزەرىيىۋى ئۆگىنىش تۈزۈمى

1950 - يىلدىن باشلاپ پارتىيە ئەزالىرى سىياسىي، نەزەرىيىۋى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 50 - يىللاردا ئاساسلىقى «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە»، «ئومۇمىي پروگرامما»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى، سىياسىي

ئىقتىساد، پارتىيىنىڭ ھەربىر دەۋردىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆگىنىلدى. 60 ـ يىللاردا ئاساسلىقى «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» قاتارلىق ئاساسلىق ھۆججەتلەر ۋە پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆگىنىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن ھەر كۈنى ئەتىگەندە 2 سائەت ئۆگىنىلەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن ھەر ھەپتىدە 8 سائەت ئۆگىنىلدى.

## 3. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1954 ـ، 1965 ـ، 1970 ـ، 1985 ـ يىللىرى 4 قېتىم پارتىيە ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى.

1954 ـ يىلى مەركەزنىڭ «پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن، 78 پارتىيە ئەزاسى ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، ئالدى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارار قاتارلىق ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى، ئاندىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، تىزىملاش، تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. پارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتنى تولۇق ھازىرلىمىغان، ئەمما خاتالىقىنى تۈزىتىشنى خالايدىغان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا باشقىلارغا ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسى ۋە «كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش» روھى بىلەن ياردەم بېرىلدى. ئەسلىدىلا شەرتى توشمىغان، تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا شەرتى توشمىغان پارتىيە ئەزالىرى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۇرۇلدى. پارتىيە ئىچىگە كىرىۋالغان سىنىپىي يات ئۇنسۇرلار، پۈرسەتپەرەس ئۇنسۇرلار، ئاينىپ كەتكەن ئۇنسۇرلار پارتىيىدىن بىردەك تازىلاپ چىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە 78 پارتىيە ئەزاسى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشتى، 4 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلدى.

1965 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى يېزا خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» غا بىنائەن، ئاپتونوم رايوندىن، ۋىلايەت (ئوبلاست) لاردىن، ناھىيىلەردىن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە يېزا ئاكتىپلىرىدىن بولۇپ 7400 ئادەمنى ئاجراتتى. 1964 ـ يىل 11 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى 9 رايون ۋە بازار ئورگىنى، مەكتەپلەردە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاساسى ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئىقتىسادنى ئېنىقلاش، سىياسىينى ئېنىقلاش، تەشكىلنى ئېنىقلاش، ئىدىيىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھەرىكەتتىن كېيىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە ئەزالىرى قايتىدىن تىزىملاندى، 189 رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىنىپ، 89 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلدى.

1970 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيە بويىچە كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرىكەت جەريانىدا پارتىيىنى تەرتىپكە سالدى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق 195 پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى 225 ياچېيكىنىڭ 87%نى ئىگىلەيدۇ. 4093 پارتىيە ئەزاسىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 5874 پارتىيە ئەزاسىنىڭ 68.69%نى ئىگىلەيدۇ، 1735 پارتىيە ئەزاسىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى، 46 پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن تازىلاندى.

1985 ـ يىلى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىكى قارارى» غا بىنائەن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ناھىيە بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى

قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭغا 7952 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، بۇ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %98نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيىگە قاراشلىق ئورگان (جۇملىدىن بازار) لاردا ۋە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان يېزىلاردا بۇ ھەرىكەت 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاياغلاشتۇرۇلدى، يېزىلاردا 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا ئاياغلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، دەرس ئارقىلىق ئۆگىنىش، ھۆججەتنىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش، تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنى تىزىملاش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، تەكشۈرۈپ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىشتىن ئىبارەت 6 باسقۇچقا بۆلۈندى، بۇ قېتىم 7756 پارتىيە ئەزاسى تىزىملاندى، بۇ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشقانلارنىڭ %96.2نى؛ كېچىكتۈرۈپ تىزىملىتىلغىنى 97 بولۇپ، %1.2نى، پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلگەن پارتىيە ئەزاسى 153 بولۇپ، %1.9نى، جازا بېرىلگىنى 7 بولۇپ، %0.087نى، باشقىلار 47 بولۇپ، %0.58نى ئىگىلىدى.

## 4. پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش

1956 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2465 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، بۇلارنىڭ %50ى كانددات پارتىيە ئەزاسى. پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ۋە گۇڭشېلىق كۇرس ئېچىشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىكى كادىرلارنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيدى. پارتىيە مەكتىپى ياچېيكا شۇجىلىرى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى ۋە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ پارتىيىلىك باشلىقلىرىنى تەربىيىلەشكە، گۇڭشېلىق كۇرسلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنى ۋە يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى. 1957 ـ يىلدىن بۇرۇن، ياچېيكا شۇجىلىرى، ياچېيكىلارنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى ۋە كوپېراتىپلارنىڭ پارتىيىلىك باشلىقلىرى، پارتىيىلىك مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى (قېتىم) بىر قېتىمدىن تەربىيىلەندى. 1961 ـ يىلى گۇڭشې، باشقۇرۇش رايونى، چوڭ ئەترەت ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىدىن بولۇپ 1378 كىشى (قېتىم) بىر قېتىمدىن تەربىيىلەندى. 1980 ـ يىلى پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلاردىن بولۇپ 4122 كىشى تەربىيىلەندى، بۇلار ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %78.9نى ئىگىلىدى. 1981 — 1984 ـ يىلغىچە 24مىڭ 513 پارتىيە ئەزاسى (قېتىم)، 1985 ـ يىلى 6931 پارتىيە ئەزاسى (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇ ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %85.4نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى پارتىيە ئەزاسى 284 ئادەم (قېتىم)، دېھقان پارتىيە ئەزاسى 5171 ئادەم (قېتىم)، پارتىيىلىك كادىر 1476 ئادەم (قېتىم).

## 6 § . بىرلىك سەپ خىزمىتى

ناھىيىلىك پارتكوم قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىرلىك سەپ خىزمىتىگە ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات ئىشخانىسى بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمى مەسئۇل بولغانىدى. 1953 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا بىرلىك سەپ خىزمىتى بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم مەخسۇس مىللەت، دىن ساھەسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە ساھەسى ۋە باشقا ساھەلەردىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىلەن بولغان بىرلىك سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

مىللەت، دىن ساھەسىدىكى زاتلارغا پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى تەشۋىق قىلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى، دىنىنىڭ مەمۇرىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشىغا، نىكاھ ئىشىغا، مائارىپ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىقى تەلەپ قىلىندى. تۈرلۈك سۆھبەت

يىغىنلىرى ئېچىلىپ، تەكشۈرۈش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ پارتىيىسىز زاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا، دېموكراتىك زاتلار، دىنىي ساھەدىكى، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەردىن بولۇپ 64 كىشى تەكلىپ ئارقىلىق، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1956 ـ يىلى 4 قېتىم دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ئۆگىنىلدى ۋە تەشۋىق قىلىندى. 60 ـ يىللاردا مىللەت، دىن ساھەسىدىكى زاتلار پائال ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە ۋە سىياسەت، ئېقىم مەسىلىلىرىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى، بۇ جەرياندا 9 قارار كۇرس ئېچىلدى، دېموكراتىك زاتلار ۋە دىنىي زاتلاردىن 495 كىشى (قېتىم) ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بىرلىك سەپ خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، دېموكراتىك زاتلار ۋە دىنىي زاتلار زەربىگە ئۇچرىدى.

بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش ئۈچۈن 1978 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكومدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 174 كىشى ئاقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، بۇرۇن خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ قويۇلغىنى 84، يەرلىك مىللەتچى قىلىپ قويۇلغىنى 27. «تۆتنى تېنىقلاش» جەريانىدا جازالىنىۋېتىلگىنى 10، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا جازالىنىۋېتىلگىنى 7، ھەقىقەتكە قايتقانلار 40، دېلوسى بېسىلىپ قالغان باشقا كىشى 6. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، 6 كىشىنىڭ پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 66 كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 40 كىشىگە ھەقىقەتكە قايتقانلىق گۇۋاھنامىسى تولۇقلاپ بېرىلدى، 55 كىشىگە 10 مىڭ 800 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

1978 — 1987 ـ يىلغىچە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بەرگەن 190 مىڭ يۈەن تولۇقلىما پۇل بىلەن 4 ئورۇندا مەدەنىيەت مۇئەسسەسى ياسالدى. 1982 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم يېزا (بازار)، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە يېزا بىرلىك سەپ كادىرلىرى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا 270 كىشى قاتناشتى، كۇرستا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى تۈپ نۇقتىئىينەزەر ۋە تۈپ سىياسەت»نى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئۆگىنىلىپ، تونۇش ئۆستۈرۈلۈپ، ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. 1983 ـ يىل 4 ـ ئايدا دېموكراتىك زاتلار ۋە دىنىي زاتلاردىن 192 كىشى پارتىيە مەكتىپىدە 6 كۈن يىغىپ تەربىيىلەندى، بۇ جەرياندا ئۇلار مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى دىنغا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى. غەم ئەندىشىلىرى تۈگىتىلدى، بىرلىك سەپ خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى 50 تىن ئارتۇق دىنىي زات قەشقەردىكى 1 ـ دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇلدى، بۇ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىشتا ۋە نۇقتىئىينەزىرىنى يېڭىلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1988 ـ يىلى 11 مىڭ 500 پارچە (قېتىم) دىن ئارتۇق ئەرز تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 4411 دېلو قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئاقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، كادىرلارغا دائىر دېلو 259، ئىشچىلارغا دائىر دېلو 137، دېھقانلارغا دائىر دېلو 3209، زىيالىيلارغا دائىر دېلو 441، بىرلىك سەپ ئوبيېكتلىرىغا دائىر دېلو 177، مۇھاجىرلارغا دائىر

دېلو 61، ئۆي ـ مۈلۈككە دائىر دېلو 127. پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، پۈتۈنلەي ئاقلانغىنى ۋە قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغىنى 4122 بولۇپ، %83نى ئىگىلىدى، پارتىيە ئەزاسلىق سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 48، قايتا خىزمەت بېرىلمىگىنى 320، پېنسىيىگە چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 102، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 81. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ناھىيە بويىچە مال ـ مۈلكى ئاختۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەن 2715 كىشى ئېنىقلاپ چىقىلدى، ئاختۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەن مال ـ مۈلۈكنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 6 مىليون 220 مىڭ 8.897 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ 210 مىڭ 342 يۈەنى قايتۇرۇلدى. 1989 ـ يىلى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۇلاردىن دىنىي بىلىم، سىياسەت، قانۇن جەھەتتىن ئىمتىھان ئېلىنىدى، ئۇلارنىڭ 1122سىگە لاياقەتنامە بېرىلدى. شۇ يىلى دىنىي ساھەدىكى زاتلار مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، 2 قارار دىنىي تاپانچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت مۇستەھكەملەندى.

## 7§ . چوڭ ـ چوڭ سىياسىي ئىشلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 — 1978 ـ يىلغىچە بولغان 30 يىل جەريانىدا، تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر بولۇپ تۇردى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، سوتسىيالىستىك 3 چوڭ ئۆزگەرتىش، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گوڭشېسى قۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ كىتابىمىزنىڭ سىياسىي ـ قانۇن، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا قاتارلىق مەخسۇس باب، پاراگرافلىرىدا بايان قىلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا چوڭ ـ چوڭ ھەرىكەتلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1. «ئىككىگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ھەربىي ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ھاكىمىيىتى ئورناتتى. سابىق گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئورگىنىدىكى ھەقىقەتكە قايتقانلارنى تەشكىلىي، ئىدىيە جەھەتتىن ئىمكانقەدەر بالدۇراق گومىنداڭدىن پۈتۈنلەي ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلقنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، «ئىككىگە قارشى تۇرۇش» (ئىشپىيونلارغا، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتىغا قاتناشقانلار بىردەك ج خ ئورگانلىرىغا بېرىپ ئۆزىنى تىزىملىتىشقا چاقىرىلدى، سىياسىي، تەشكىلىي مەسىلىسىنى يوشۇرغان، ھەمدە مەسىلە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلار ھەرىكەت جەريانىدا تەربىيىگە ئىگە قىلىنىدى ۋە كۈرەش قىلىنىدى. ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلىش، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىش، خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشتەك قىلمىشلار بىردەك تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدى، بۇ ئارقىلىق بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىر قېتىم جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەربىيىسىگە ئىگە قىلىنىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت داۋامىدا، ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئامما پاش قىلىش، نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، مەلۇم بولۇشىچە، سىياسىي، تارىخىي مەسىلىسىنى يوشۇرغان، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە پۇلىنى ئىگىلىۋالغان، قاقتى ـ سوقتى قىلغان ناھىيە، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار ۋە يېزىلىق ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى 40 كىشى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. خىيانەت قىلىنغان پۇل 4236 تەڭگىگە، ئاشلىق 7612 كىلوگرامغا، ئات 12گە، باشقا چارۋا 45 تۇياققا يەتكەن. پۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئىشخانا بويۇملىرى

ئىنقىلاپ چىقىلدى.

## 2. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

1950 - يىل 10 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى مەركەزنىڭ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى، ۋەتەننى قوغداش»تىن ئىبارەت چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە 38 گۇرۇپپا قۇرۇلدى، گۇرۇپپا ئەزالىرى 12 رايون، 159 يېزا (بازار) غا بېرىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەققىدە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، 302 تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، تەشۋىقاتچى 1282گە يەتتى، كەنت كوچىلىرىدا 568 قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىلدى. 305 گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات قىلىندى. 240 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەشۋىقات ئاڭلىدى، كادىر، ئوقۇتقۇچى ۋە خەلق ئاممىسىدىن بولۇپ 150 مىڭ كىشى ئىمزا قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىدىكى بازار، يېزا خەلقى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، بەس - بەس بىلەن ئىئانە توپلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قوللىدى. 4 — 5 - ئايغىچە 530 تەڭگە، 71 مىڭ 970 يۈەن ئۆلكە پۇلى (ئەينى چاغدا ئوبوروت قىلىنغان پۇل) ۋە ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك، لۆڭگە، سوپۇن، ئاياغ كىيىم، يوتقان - كۆرپە قاتارلىق 36 تۈر بويىچە 1000 خىلدىن ئارتۇق نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلىندى.

## 3. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى

1951 - يىل 12 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش ۋە خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى. 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، ناھىيە ئورگىنى ۋە ناھىيە بازىرىغا قاراشلىق 4 رايوندىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىرلار ئارىسىدا «ئۈچكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» قانات يايدۇرۇلۇپ، خىيانەتچىلىككە نۇقتىلىق قارشى تۇرۇلدى، («يولۋاس» تۇتۇلدى)، 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇ ھەرىكەت ئاساسەن ئاخىرلاشتى. بۇ ھەرىكەتكە 521 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن خىزمەتكە قاتناشقانلار 15، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقانلار 258، ھەققەتكە قايتقانلار 248. سىياسەت ئۆگىنىش، ئىدىيە جەھەتتىن سەپەرۋەرلىككە كېلىش، مەسىلە تاپشۇرۇش، ئاشكارە پاش قىلىش، قايتا تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش، دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق بىر نەچچە باسقۇچ ئارقىلىق، خىيانەت قىلغان پۇلى 100 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن 89 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇ، ھەرىكەتكە قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 17%ىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار خىيانەت قىلغان پۇل 30 مىڭ 740 يۈەن؛ خىيانەت قىلغان پۇلى 1000 يۈەندىن ئاشىدىغانلار 29، خىيانەت قىلغان پۇلى 42 مىڭ 905 يۈەن. بۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 5.57%ىنى ئىگىلەيدۇ. خاتالىقىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ۋە خاتالىقنى تونۇش ئىپادىسىگە ئاساسەن، 8 كىشى قانۇن بويىچە جازالاندى، 37 كىشىگە مەمۇرىي جازا بېرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇلگىنى 17، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغىنى 2، دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلگىنى 8، گۇناھ بېرىلگىنى 5، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 5).

بۇ قېتىمقى ھەرىكەت كادىرلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى، ئىنتىزامغا ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشى، بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى توسۇشى جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

## 4. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش

1956 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن جەمئىيەتتە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ئاساسىدا، يوشۇرۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەت ئىچكى قىسىمدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش دەپمۇ ئاتالدى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا، خەلق تەشكىلاتلىرىدا شۇنىڭدەك كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەتكە ناھىيە بويىچە 1035 كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 452، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 583، مەسىلىسى بار 137 كىشى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ چىقىلدى.

1956 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1957 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ناھىيە بويىچە رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 889 كادىر تۈركۈم بويىچە تەكشۈرۈلدى. 146 كىشى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 73 كىشى ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىلدى، 51 كىشى ئۈستىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلدى، مەسىلىسى تېخى ئېنىقلانمىغان 22 كىشى كادىر باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ داۋاملىق تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇلدى.

1958 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1959 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش بويىچە ئېچىلغان 2 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، «بەش كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىگە 1 ـ شۇجى ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. ئىشخانا قارمىقىدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش يادرو گۇرۇپپىسى (15) تەسىس قىلىندى ھەمدە دېلو بىر تەرەپ قىلىشقا مەخسۇس كادىر قويۇلدى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشنىڭ دائىرىسى يېزىدىن يۇقىرى ئورگان، زاۋۇت، كان ـ كارخانا، مەكتەپ، سىياسىي كېڭەش، سودا ـ سانائەت، قول سانائەت سىستېمىسىغا ۋە سودا جەھەتتىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا كېڭەيدى. ناھىيىدىكى 3706 ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ھەممىسى بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، نۇقتىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق 54 كىشى ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ (بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 25، خىزمەتتىن چىقىرىۋېتىلگىنى 8، ۋەزىپىسى، دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلگىنى 5، سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگىنى 15، گۇناھ يېزىلغىنى بىر) 24 كىشى بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 10، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگىنى 5، رىجىمغا ئېلىنغىنى 3، خىزمەتتىن چىقىرىۋېتىلگىنى 6).

## 5. ئوغرىلارغا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش

1957 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردا ئوغرىلارغا قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى، 1958 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ ھەرىكەت ئاساسەن ئاياغلاشتى.

1958 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئىچىدىكى، پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلار ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى، 1959 ـ يىل 2 ـ ئايدا بۇ كۈرەش ئاساسەن ئاياغلاشتۇرۇلدى.

ئوغرىلارغا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئوغرى قىلىپ ئايرىلغانلار 111، ئوغرىل گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغانلار 26، يەرلىك مىللەتچى قىلىپ ئايرىلغانلار 22. خىزمەتتىن ھەيدىلىپ

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەنلەر 70، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغىنى ۋە دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلگەنلەر 17، دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلغانلار 26، جازا كەچۈرۈم قىلىنغانلار 46. 1968 ـ يىلدىكى ئاقلاش ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقلاندى ۋە قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى.

## 6. ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەش

1959 ـ يىل 10ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن 17 كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا 145 پارتىيىلىك كادىر قاتناشتى. يىغىندا ج ك پ 8ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئوڭچىل» ئاغمىچىلىققا قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى. يىغىندا باش لۇشيەنگە، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشكە، خەلق گۇڭشېسىغا قارىتا باشقىچە قاراشتا بولغان 22 پارتىيىلىك كادىر تەنقىد قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 2، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 6، گۇڭشې دەرىجىلىك كادىر 4، بۆلۈمچە باشلىقى دەرىجىلىك كادىر 2، چوڭ ئەترەت ياچېيكا شۇجىسى 8. تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، بىر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرغا، 2 بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

ئوڭچىللىققا قارشى ھەرىكەتتە راس گەپ قىلىشقا، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم پارتىيىلىك كادىرلارغا خاتا زەربە بېرىلدى، سەممىيەتسىز ۋە مۇبالىغىچى، شامالغا بېقىپ ئىش كۆرىدىغانلارغا مەدەت بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، نەتىجىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «گۇڭشېلاشتۇرۇش»تىن بۇيان مەيدانغا چىققان بەزى سولچىللىق خاتالىقنى ۋاقتىدا تۈزىتىشۋالغىلى بولمىدى.

## 7. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى

1964 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى كادىر ۋە ئاكتىپلارنى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن كەلگەن 426 كادىرغا قوشۇپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى 9 گۇڭشې ۋە بازارلىق ئورگان، مەكتەپلەرگە بۆۋەتىپ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ھەرىكەتتە ئالدى بىلەن كەمبەغەللەردىن ھال سوراش، ئۆتمۈشنى ئەسلەش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، ئامما سەپەرۋەر قىلىندى، سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىنىپ، چوڭ ـ كىچىك كادىرلارنىڭ مەسىلىلىرى پاش قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھېساب، ئامبار، مالىيە، نومۇر ئېنىقلاندى (بۇ «تۆتنى ئېنىقلاش» دەپ ئاتالدى)، بۇ ھەرىكەت 8 ئاي داۋام قىلدى. بۇ ھەرىكەتتە 89 كىشى «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» قىلىندى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىن 189ى تەرتىپكە سېلىندى، 742 ئائىلە پومېشچىك، باي دېھقان قىلىندى، 343 كىشى بۇزۇق ئۇنسۇر قىلىندى، كادىرلار قوشۇنىدىن 126 كىشى پومېشچىك، باي دېھقان قىلىپ قويۇلدى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى جەريانىدا «سىنىپىي كۈرەش»نى تۇتقا قىلىش بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ، ۋەزىيەت خاتا مۆلچەرلەندى، كۆپلىگەن كادىرلار ئۆزىمىزگە قارشى قىلىپ قويۇلۇپ، زەربە بېرىش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى.

## 8. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى

1966 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ تەربىيىلەپ،

«تۆت كونا» «تۆۋچ كىشىلىك گۇرۇپپا» (دېڭ تو، ۋۇ خەن، لياۋ مۇشا) نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، «تۆت كونا» (كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا يوسۇن، كونا ئادەت) نى بۇزۇپ تاشلاش، «تۆت يېڭى» نى تىكلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەركەز «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلدى، 12 - كۈنىگە كەلگەندە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ناھىيىنىڭ يېزا - بازارلىرىنى قاپلىدى. 17 - كۈنى ئوقۇغۇچىلار كۆرسەتكەنلەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كۆرسىتا رەھبەرلىك قىلىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈستىدىن چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىپ، كۆرسىنىڭ مەسئۇللىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 9 - ئايدا «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، رېۋىزىيونىزم» نى يوقىتىش ھەرىكەت نىشانى قىلىنىپ، ئالاقە باغلاپ «ئىسيان كۆتۈرۈش» مەقسىتىدە ناھىيىدە «قىزىل قوغدىغۇچىلار قوماندانلىق شتابى» (ئاممىۋى تەشكىلات) قۇرۇلدى. قىشتا «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنى» گە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئەلەم كۆرشى قىلىش، مەنسەپتىن قالدۇرۇش، ئۆي ئاختۇرۇش، يالاپ ئېلىپ كېتىشتەك قانۇنسىز ھەرىكەتلەر كەينى - كەينىدىن پەيدا بولدى.

1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شائخەيدە يۈز بەرگەن «يانۋار بوران - چاپقۇنى» ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ، ئىسيانچىلار پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ ئايدا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىري كادىرلىرى چوڭ يىغىندا كۆرەش قىلىندى. بەزى رەھبىري كادىرلار «خائىن»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «جىن - شەيتان» قىلىپ قويۇلدى. يەنە بەزىلەر قارىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. ئىسيانچىلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى بىردەك بولمىغاچقا، 2 - ئايدا ئاممىۋى تەشكىلاتلار تېزلا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى، كۆرەش كەسكىنلەشتى، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، تۇتۇش ھادىسىلىرى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى، 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى، شۇ ئايدا ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا ئەلەم كۆرشى بولدى. يازدا، ھەربىر تەرەپ «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىش، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش» قوماندانلىق شتابى قۇردى. چازا قۇرۇپ، قوراللارنى قويدى. ئىككى تەرەپنىڭ قارشىلىشىش كەيپىياتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

1968 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بازىرىدىكى يازلىق كىنوخانىدا ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «خائىن»، «گومىنداڭنىڭ قالدۇق داشقاللىرى» دەپ ئاتالغانلاردىن 10 نەچچە كىشى كۆرەش قىلىندى. كۆرەشتىن كېيىن بويىنغا تاختا ئېسىلىپ سازايى قىلىندى. ئاندىن كېيىن، ئۇلار سىستېمىلار بويىچە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ «جەڭگىۋار ئەترەتلىرى» نىڭ كۆرەش قىلىشى، تەنقىد قىلىشى ۋە ئەمگەككە سېلىپ نازارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قوغان گۇڭشېسىدا ئىسيانچىلار تەشكىلاتى ھوقۇق تارتىۋالدى. 9 - ئايدا تاشمىلىق گۇڭشېسىدىكى ئىسيانچىلار تەشكىلاتى بىلەن بۇلاقسۇ گۇڭشېسىدىكى ئىسيانچىلار تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدا ئەلەم كۆرشى بولدى. شۇ يىلى قىيناپ سوراق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى.

1969 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ھەربىي ۋەكىل لى يۇرېن مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى، ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى. ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابىي چوڭ تەنقىد قانات يايدۇرۇلدى. 1970 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىدا كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوغان گۇڭشېسىغا ئەۋەتىلىپ، قوشۇننى تازىلاش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتالدى. ھەربىيلەر تەشۋىقات ئەترىتى، ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى، كەمبەغەل دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى (ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى) تەشكىللەندى. بۇ ئەترەتلەر ئورگان، مەكتەپ، زاۋۇت - كان، كارخانا ۋە گۇڭشېلاردا تۇرۇپ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلدى. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتى مۇرەككەپرەك بولغان ياكى «خاتا سۆز» قىلىپ قويغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تازىلاش ئوبيېكتى قىلىندى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيە بويىچە «مەسىلىسى بار» كىشىلەردىن 5259ى ئېنىقلاندى. 664 كىشى ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتقۇزۇلغىنى 95، (قولغا ئېلىنىپ قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 31، قالپاق كىيگۈزۈلۈپ چارە كۆرۈلگىنى 18).

1971 - يىل 2 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ خۇلاسىسىدە «قوشۇننى تازىلاش، بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى بارلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. 1973 - يىلى «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش» ھەرىكىتى ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كېلىپ چىققان چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر ۋە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك ۋەقەلەرگە چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى توپەيلىدىن كېلىپ چىققان ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار سىياسەت بويىچە ئاقلاندى.

## 9. يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش

1966 - ۋە 1968 - يىللىرى ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ناھىيە، گۇڭشې كادىرلىرىدىن 70 نەچچە كىشىنى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىياڭ ناھىيىسىدىكى داجەي چوڭ ئەترىتىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش قىلىشقا 2 قېتىم تەشكىللەپ، داجەينىڭ تەجرىبىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. تاكى 1974 - يىلغىچە كونكرېت پىلان ۋە تەدبىر كەمچىل بولغاچقا، بۇ ھەرىكەت ئادەتتىكى سەپەرۋەرلىك چاقىرىقى سۈپىتىدىلا قېلىۋەردى. 1975 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ 10 يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا پىلان تۈزۈلۈپ، تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 3 — 4 يىلدا داجەيچە گۇڭشې (مەيدان)، 5 يىلدا داجەيچە ناھىيە قۇرۇپ چىقىش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن داجەيدىن ئۆگىنىش ئاممىۋى ھەرىكىتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، گۇڭشېلار 1134 كادىر ئاجرىتىپ، «داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش» خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەك ناھىيە بويىچە 10 گۇڭشې، 75 چوڭ ئەترەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، «داجەيدىن ئۆگىنىش» ئاممىۋى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ناھىيە، گۇڭشې، ئەترەت دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، كادىرلار ئاممىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي

قۇرۇلۇشى مەركەز قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنىنى قوزغىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار قىشلىق ۋە ئەتىيازلىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئىشنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ سۇ ئامبىرى ياسىدى، دەريالارنى تىزگىنلىدى، توسما ياسىدى، ئۆستەڭ چاپتى، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇردى، يەر تۈزلىدى ۋە سالا ئېتىز بەرپا قىلدى. تارىختىن بۇيان سۇ ئامبىرى ياسىلىپ باقمىغان زەمىن، سايباغ، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق گۇڭشېلىرى بىر قىش ۋە ئەتىياز جاپاغا چىداپ جەڭ قىلىپ 6 سۇ ئامبىرى ياساپ، سۇ ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىكى سۇ ئىشلىتىش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

1976 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە، گۇڭشې، ئەترەت كادىرلىرىدىن 105 كىشىنى ئاجرىتىپ چوڭ خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، داجەيگە ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. 1977 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىدە 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. يىغىندا سەمەن گۇڭشېسىنىڭ 9 ـ چوڭ ئەترىتى، بۇلاقسۇ گۇڭشېسىنىڭ ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى، سايباغ گۇڭشېسىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى، باختەكلە گۇڭشېسى 6 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ 4 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، ئوپال گۇڭشېسى 7 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ 2 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت 6 ئورۇن 1 ـ تۈركۈمدىكى داجەيچە ئەترەت (مەيدان، فېرما) بولۇپ تەقدىرلەندى. سەمەن گۇڭشېسى 9 ـ چوڭ ئەترىتى ئاشلىقنى 64 مىڭ كىلوگرام ئاشۇردى، بىرلىك ھوسۇلنى 259 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. ئومۇمىي ھوسۇلنى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن 36 مىڭ 600 كىلوگرام ئاشۇردى، دۆلەتكە 160 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق تەقدىم قىلدى، پاختا، ياغلىق دانلىمۇ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. مۇش، لەڭگەر گۇڭشېلىرى، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت 3 ئورۇن يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار گۇڭشې (مەيدان) بولۇپ باھالاندى، 64 چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار ئەترەت بولۇپ باھالاندى، 59 كىشى داجەيدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

## 10. لۇشيەن تەربىيىسى ھەرىكىتى

1975 — 1978 ـ يىلغىچە «داجەيچە ناھىيە» بەرپا قىلىش نىشان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ ياردىمىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، ناھىيە بويىچە 10 گۇڭشې، 128 چوڭ ئەترەت، 5 دېھقانچىلىق مەيدانى ـ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ۋە ناھىيە، گۇڭشې ئورگانلىرىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. تەربىيىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى «بىرنى تەنقىد قىلىش، ئىككىگە زەربە بېرىش، ئۈچنى تەرتىپكە سېلىش» تىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەرىكەتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش بولدى.

«بىرنى تەنقىد قىلىش» دېگەنلىك چوڭ تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش دېگەنلىك ئىدى. 1976 ـ يىل 10 ـ ئايدىن كېيىن، ئاساسلىقى «جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي رېۋىزىيونىزملىق لۇشيەنى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى ئىپادىلىرى تەنقىد قىلىندى. «ئىككىگە زەربە بېرىش» دېگەنلىك سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش؛ كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ ئالجىرانە ھۇجۇمىغا زەربە بېرىش دېگەنلىك ئىدى؛ «ئۈچنى تەرتىپكە سېلىش» دېگەنلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش دېگەنلىك بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى. بىر نەچچە يىل لۇشيەن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، 1471 كىشى پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلدى. «تۆت خىل ئۇنسۇر» دىن 279 ى نۇقتىلىق كۈرەش قىلىندى. خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك، كۆپ يەپ كۆپ ئىگىلىۋېلىش قىلمىشى بار 290 كادىر تەكشۈرۈپ چىقىلدى، خىيانەت

قىلىنغان 795 مىڭ يۈەن پۇل، 707 مىڭ جىڭ ئاشلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەت سوممىسى 5000 يۈەندىن ئاشىدىغىنى بىر، 1000 يۈەندىن ئاشىدىغىنى 27، خىيانەت قىلىنغان ئاشلىقى 1000 جىڭدىن ئاشىدىغىنى 16. ئارتۇق ئىگىلىۋېلىنغان قالدۇرۇق يەر، ئارتۇق ئىگىلىۋېلىنغان ئۆي ئورنىدىن 4639 مو يەر، 601 مىڭ 400 توپ دەرەخ قايتۇرۇۋېلىندى. پارتىيە ئەزاسى، كادىردىن بولۇپ 17 كىشىگە ئۇقتۇرۇش چارە كۆرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 5، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغىنى 8، خىزمەتتىن ھەيدەلگىنى 4). پارتىيىنى، ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىنىپ، «تۆتنى تەكشۈرۈش، بىرنى كۆرۈش» پائالىيىتى (لۇشيەنني تەكشۈرۈش، ئىستىلنى تەكشۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى تەكشۈرۈش، غەيرەتنى تەكشۈرۈش، نەمۇنىچىلىق، باشلامچىلىق رولىنى كۆرۈش) ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىنقىلابىي ئىشلارنىڭ «ئىز باسارلىرى»نىڭ شەرتلىرى ۋە ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلاردىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاممىنىڭ كەڭ-كۇشادە مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەڭشەلدى ۋە قايتىدىن سايلاندى. ناھىيە بويىچە 10 گۇڭشېدىكى 236 ياچېيكا شۇجىسىدىن 185ى ئۆزدا سايلاندى، 20سى تەڭشۈرۈلدى، 31ى سايلامدا قېپقالدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 1520 كادىرىدىن 1299ى ئۆزدا سايلاندى، 99ى تەڭشۈرۈلدى، 122سى سايلامدا قېپقالدى. 11 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى.

## 11. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1978 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بۇ ئىشخانا ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن قېپقالغان 4411 دېلونى قوبۇل قىلىپ قايتا تەكشۈرۈپ (ج خ، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرى ئاقلىغان دېلولار بۇنىڭ سىرتىدا) ئەمەلىيلەشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلارغا ئائىت دېلو 259، ئىشچىلارغا ئائىت دېلو 137، دېھقانلارغا ئائىت دېلو 3209، زىيالىيلارغا ئائىت دېلو 411، بىرلىك سەپ ئوبيېكتلىرىغا ئائىت دېلو 177، مۇھاجىرلارغا ئائىت دېلو 61، باشقىلارغا ئائىت دېلو 157. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان تارتقان 2744 كىشىنىڭ 366 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى تۆلەپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مائاشى خاتا تۇتۇپ قېلىنغانلار 29، بۇلارغا تولۇقلاپ بېرىلگەن پۇل 155 مىڭ 700 يۈەن. مال - مۈلكىنى خاتا ھالدا ئاختۇرۇپ ئېلىپ كېتىش تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان تارتقانلار 2715، بۇلارغا تۆلەپ بېرىلگەن پۇل 210 مىڭ 300 يۈەن.

# باب II

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1950 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ،

ناھىيىدە، ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى دەپ، يېزىدا خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەر يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى. 1953 - يىلى ئومۇمىي سايلامدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ قۇرۇلتايلار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى دەپ ئاتالدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ باشلىنىشى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى، 1980 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

# 1 § . ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

## 1 . 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1950 - يىل 7 - ئايدا ئېچىلدى، يىغىنغا 215 ئادەم قاتناشتى.

يىغىننىڭ مەزمۇنى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك دېھقانلار قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىندا «كونىچە پاراق تۈزۈمى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇۋاپىق سېلىقنى يولغا قويۇش، يېڭى دېھقانچىلىق بېجى تۈزۈمىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق بېجى يىغىش نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىندى؛ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلقىنىڭ ئالاقە باغلاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

يىغىندا «يېڭى دېھقانچىلىق بېجى تۈزۈمى»نى يولغا قويۇش ھەققىدە قارار چىقىرىلدى ھەمدە دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق 21 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، 3 كاندىدات ئەزا سايلاپ چىقىلدى. ئەزالار: جۇ باۋجىيې (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى)، ياقۇپ ھاجى (ھاكىم)، شۆ شىڭ (مۇئاۋىن ھاكىم)، ۋۇ جىيەن (تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ياقۇپ (قىرغىز)، ئابدۇرېشىت ئاخۇن (دىنىي زات)، مۇھەممەت رېھىم (ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ئىسلامجان (سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى)، بۇرھاندىن (سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى)، تۇرسۇنخان قۇربان (ئوقۇغۇچى)، ئابدۇغوپۇر (4 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى)، زۇنۇن ئۆمەر (سەمەن رايونى 15 - يېزا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى)، قاسىم موللا (ئوپاللىق دېھقان)، مىجىتلىپ مىزىر (توققۇزاق رايونى 3 - يېزا دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى)، ئابدۇقادىر يۇنۇس (قوغان رايونلۇق دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى)، ئىمىن ئاخۇن (موزدوز)، روزى ئىسمائىل (تاشمىلىق رايونىدا يېزا باشلىقى)، مۇھەممەت مامۇت (يەشكىرەم رايونى 7 - يېزىنىڭ يېزا باشلىقى)، مامۇت قاسىم (مەدەنىيەت رايونىنىڭ ئاشپىزى)، ئوبۇل كېرىم (ناھىيىلىك شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ كادىرى)، تەۋەككۇل ئىمىن (موزدوز). كاندىدات ئەزالار: قازى ئاخۇن (باپكار)، ئاي مۇسا، رېھىم تىلىۋالدى (ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى). جۇ باۋجىيې رەئىس، ياقۇپ ھاجى مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## 2 . 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1951 - يىل 3 - ئايدا ئېچىلدى؛ يىغىنغا 217 كىشى قاتناشتى. يىغىندا «كونىچە پاراق تۈزۈمى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇۋاپىق سېلىقنى يولغا قويۇش، دېھقانچىلىق بېجىنى يىغىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى خۇلاسىلەندى،

يىغىنلاردا ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، 2 - جۇڭنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىنغا كېلىپ، مۇۋاپىق سېلىقنى يولغا قويۇش، دېھقانچىلىق بېجى يىغىش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى.

## 3 . 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1951 - يىل 8 - ئايدا ئېچىلدى، يىغىنغا 250 كىشى قاتناشتى. يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق دېھقانلار قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بەتكۈزۈلدى. ھاكىم ياقۇپ ھاجى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش قاتارلىق تۆرلۈك خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش جەمەتتىكى خىزمەت - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، 2 - جۇڭنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

## 4 . 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1952 - يىل 3 - ئايدا ئېچىلدى، يىغىنغا 250 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا 1951 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئىشلەپچىقىرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى خۇلاسىلەندى، 1952 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 5 . 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1952 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا 300 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ھەققىدىكى قائىدىسى، سىياسەتلىرى يەتكۈزۈلۈپ ئۆگىنىلدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پىلانى مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 6 . 6 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1953 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا 300 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. 49 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا يېزا ئىگىلىكىدە ھەمكارلىق كوپېراتسىيىسىنى يولغا قويۇش، مەمۇرىي رايونلارنى تەڭشەش، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى قايتىدىن سايلاش ۋە تەڭشەش قاتارلىق مەسىلىلەر ئاساسلىق مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا ھاكىم ياقۇپ ھاجى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 1952 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، 1953 - يىللىق يېزا ئىگىلىك پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ باۋجيې يېزا ئىگىلىكىدە ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ۋە ئالاقىدار سىياسەتلەر توغرىسىدا دوكلات بەردى. قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى فېڭ دا يىغىنغا

قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي رايونلارنى تەڭشەش ھەققىدىكى يوليورۇقى»غا ئاساسەن، ناھىيىدىكى 8 دېھقانچىلىق رايونىنى تەڭشەپ 12 قىلىش، لەڭگەر، يېڭىئۆستەڭ، زەمىن ۋە سايباغدىن ئىبارەت 4 دېھقانچىلىق رايونىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىش مۇزاكىرە قىلىنىپ قارار قىلىندى. «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ۋە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى دائىمىي كومىتېتلىرىدا خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ ئىگىلەشكە تېگىشلىك نىسبەت توغرىسىدىكى يوليورۇقى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى قايتىدىن سايلاندى، بۇنىڭدا رەسمىي ئەزا 22، بۇلار: جۇ باۋجيې (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى)، ياقۇپ ھاجى (ھاكىم)، جاڭ ۋېي (مۇئاۋىن ھاكىم)، مۇھەممەت ئۆمەر (ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)، رابىيە موللاق (ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى)، ئابلاسىيىت (خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، قادىر ھاجى (ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، لى رېنفۇ (ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)؛ دېھقان ئەزا 10، ئۇلار: ئابدۇرېھىم نىياز، ئىمىن ئاخۇن، ئابدۇقادىر، ئىسمائىل توختى، نامان ياقۇپ، ئىسمائىل ئاتاۋۇللا، سادىق ھاپىز، ئىبراھىم قادىر، ئابدۇغوپۇر تۇردى، مۇھەممەت يۈسۈپ. مۇھەممەتجان (چارۋىچى)، ماموت مۇسا (مائارىپچى)، نىزامىدىن قازى (دىنىي زات)، قارى ھاجى (پومېشچىك، ئاقلىق مۇتىۋەر). كاندىدات ئەزا 4، ئۇلار: تۇرسۇن قۇربان (دېھقان)، يۈسۈپ قۇربان (دېھقان)، نورۇز (دېھقان)، ئەمەت ئىمىن (دېھقان). جۇ باۋجيې رەئىس، ياقۇپ ھاجى، نىزامىدىن قازى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

### 7. 7 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1953 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا 239 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا ھاكىم ياقۇپ ھاجى ئېچكىرىگە بېرىپ يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى ھەرىكىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىق ھەققىدە دوكلات بەردى؛ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابلا سىيىت شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا ناھىيىنىڭ 1953 - يىللىق يېزا ئىگىلىك خىزمىتى خۇلاسىلاندى، ئومۇمىي سايلام خىزمىتى مەركەز قىلىنغان يېزا خىزمىتى پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 8. 8 - نۆۋەتلىك ھەرمىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1953 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا 234 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى يەتكۈزۈلدى.

## 2 § . خەلق قۇرۇلتىيى

### 1. 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىنى    بۇ يىغىن 1954 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 198 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 5 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى (سىرتتىن قاتناشقانلار ۋىلايەتلىك

ئاشلىق، بانكا، باج، تەمىنات ـ سودا تارماقلىرىدىن كەلدى).

يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ گاڭ ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ۋە باش ۋەزىپىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدە دوكلات بەردى. ھاكىم ياقۇپ ھاجى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 4 يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەركەز قىلىش ھەققىدە قارار چىقىرىلدى. يىغىندا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 9 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار: نيۇ چىيى، سەلىمە تالىپ، ئابدۇقادىر زۇنۇن، ياقۇپ ھاجى، مۇسا روزى، ئابدۇرېھىم ئېلى، قۇربان ھوشۇر، ناسىر ئىسمائىل، ئابدۇرېشىت ئاخۇن.

2 ـ يىغىنى    بۇ يىغىن 1954 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 176 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى مۇسا روزى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى؛ مۇئاۋىن ھاكىم مۇھەممەت ئۆمەر يېرىم يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى؛ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ گاڭ 1954 ـ يىلدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار سىياسەتلەر ھەققىدە دوكلات بەردى.

3 ـ يىغىنى    بۇ يىغىن 1955 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 158 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا مۇئاۋىن ھاكىم مۇھەممەت ئۆمەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇسا روزى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ھەققىدە دوكلات» بەردى. ۋەكىللەر بۇ دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن مۇناسىپ قارار چىقىرىلدى.

4 ـ يىغىنى    بۇ يىغىن 1955 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 12 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 231 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 24 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا مۇئاۋىن ھاكىم ئىمىن تۆمۈر 10 ئايدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇساروزى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدىكى يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. ۋەكىللەر يۇقىرىدىكى دوكلات ۋە يىغىن روھىنى مۇزاكىرە قىلدى، مۇئاۋىن ھاكىم ئىمىن تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ماقۇللىدى، يىغىندا مەزكۇر ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە مەركىزىي خىزمەتنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ «يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەققىدە قارار»، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ھەققىدە قارار» ۋە «مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشىنى تەڭشەش ھەققىدە قارار» چىقىرىلدى.

5 ـ يىغىنى    بۇ يىغىن 1956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېچىلدى. يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1967 ـ يىلغىچە بولغان 12 يىللىق يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسى پىلانى (لايىھە) مۇزاكىرە قىلىنىدى ۋە ماقۇللاندى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سايلاپ چىقىلدى. ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 19 بولدى، ئۇلار: مۇھەممەت ئۆمەر، ۋېن خېڭلى، ئىمىن تۆمۈر، ليۇ گاڭ، مۇساروزى، ئابلەخەت ئابدۇرېھىم، تۇردى نىياز، ياڭ يەنخۋا، ئابدۇغېنى، ئايزىم قۇربان، ئىمىن قاسىم، ئىسلام كېرىم، ئابدۇرېھىم ئېلى، قۇۋانخان روزى، مۇھەممەتيامان تاھىر، قۇربان ھوشۇر، نىزامىدىن قازى، يۈسۈپ قارى ھاجى، زەيدىن خېتىپ، مۇھەممەت

ئۆمەر ھاكىم، ئىمىن تۆمۈر، ۋېن خېگىللار مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. نىزامىدىن مۇسا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

## 2. 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى  بۇ يىغىن 1957 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 7 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 235 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىلىرى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش؛ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ھاكىمنى، مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىندا ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىغا 21 ئەزا سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار: ئىمىن تۆمۈر، ۋېن خېگلى، ئابدۇغېنى، ئىسلام كېرىم، بارات يۈسۈپ، تۇردى نىياز، ئابلا ئېلى، ياڭ يەنخۋا، ئايزىم قۇربان، سەمەت يۈسۈپ، ئابدۇقادىر چولاق، ئابدۇرېھىم ئېلى، قۇۋانخان روزى، مۇھەممەت تاھىر، قۇربان ھوشۇر، نىزامىدىن قازى، يۈسۈپ قارى ھاجى، زەيدىن خېتىپ، تۇنسا رېھىم، توختى كەنجى، ۋاڭ خۇگيى، ئىمىن تۆمۈر ھاكىم، ۋېن خېگلى، ئابدۇغېنى، ئىسلام كېرىملەر مۇئاۋىن ھاكىم بولدى.

2 ـ يىغىنى  بۇ يىغىن 1957 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئېچىلدى، يىغىندا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسلىق مۇزاكىرە قىلىندى.

## 3. 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى  بۇ يىغىن 1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 241 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، مالىيە خىزمىتى ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، «چولاق سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «جياشەن ناھىيىسىگە مۇسابىقە ئېلان قىلىش، مۇسابىقىنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىش» تىن ئىبارەت سەكرەپ ئىلگىرىلەش تەشەببۇسنامىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى ئۆگىنىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە قارار چىقىرىلدى، «يەرلىك مىللەتچىلەر» نىڭ خاتا سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە رەددىيە بېرىلدى. يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

3 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 20، ئۇلار: ئىمىن تۆمۈر، ۋېن خېگلى، ئىسلام كېرىم، ۋاڭ خۇگيى، تۇردى نىياز، ئابدۇقادىر چولاق، سەمەت يۈسۈپ، ياڭ يەنخۋا، ئابلا ئېلى، ئايۇپ ھاشىم، سەمەت يۈسۈپ، ئوبۇل يۇنۇس، قاسىم زۇنۇن، ئابلاتاش، ئىبراھىم يۈسۈپ، مۇھەممەت تايىر، ھۆرئەمەت، زۆھرە ئېلى، ئابدۇرېھىم ئېلى، ھاشىم قاسىم، قۇربان ھوشۇر. ئىمىن تۆمۈر ھاكىم، ۋېن خېگلى، ئىسلام كېرىم مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 9 ۋەكىل سايلاندى، ئۇلار: بارات يۈسۈپ، زۆھرە ئېلى، ئابدۇرېھىم ئېلى، ھاشىم قاسىم، رايىلخان ئىبراھىم، قۇربان ھوشۇر، ئابدۇرېھىم قارى، ياقۇپ ھاجى (قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)، مۇساروزى (دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى).

2 ـ يىغىنى  بۇ يىغىن 1960 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 6 كۈن داۋام قىلدى،

يىغىنغا 138 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 34 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ئىمىن تۆمۈر ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى؛ ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ھاشىم قاسىمنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ھەمدە ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى تولۇقلاپ سايلاندى ۋە قايتىدىن سايلاندى.

ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 24 بولدى، ئۇلار: بارات يۈسۈپ، جاۋ يۈەنچىن، ئىسلام كېرىم، ئوبۇلقاسىم مامۇت، ۋاڭ خۇڭيى، ئابدۇقادىر چولڭ، ئابلا تاش، زۆھرە ئېلى، سەمەت يۈسۈپ، ياڭ يەنخۇا، ئىمىن تۆمۈر، ئىبراھىم يۈسۈپ، ئوبۇل يۇنۇس، ۋېن خېگلى، ئابدۇراخمان توختى، جاڭ زۇڭكەن، قاسىم ئەيسا، قاسىم زۇنۇن، مۇھەممەت تاھىر، ھۆر ئەمەت، قۇربان ھوشۇر، ھاشىم ئۇستا، باۋۇدۇن ئىمىن، مۇھەممەت قاۋۇل. بارات يۈسۈپ ھاكىم، جاۋ يۈەنچىن بىلەن ئىسلام كېرىم مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. مۇھەممەت قاۋۇل ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

## 4 . 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى بۇ يىغىن 1961 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 6 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 270 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 36 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا يەنە شۇ دوكلاتلار ئۈستىدە قارار چىقىرىلدى. يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار سايلاپ چىقىلدى.

ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 22 بولدى، ئۇلار: بارات يۈسۈپ، جاۋ يۈەنچىن، ئىسلام كېرىم، ئوبۇلقاسىم مامۇت، ۋاڭ خۇڭيى، ۋېن خېگلى، جاڭ زۇڭكەن، ئابدۇقادىر چولڭ، ئابدۇللا تاش، ئەبەي ئېلى، زۆھرە ئېلى، ۋاڭ جىنيۇن، ئابەۋراخمان توختى، قاسىم ئەيسا، موللاق نىياز، ۋاڭ خۇەيجېن، قۇربان يۈسۈپ، تۇخان نىياز، مۇھەممەت قاۋۇل، قۇربان ھوشۇر، ئىبراھىم ئېلى، ھاشىم ئۇستا. بارات يۈسۈپ ھاكىم، جاۋ يۈەنچىن، ئىسلام كېرىم، ئوبۇلقاسىم مامۇتلار مۇئاۋىن ھاكىم بولدى.

2 ـ يىغىنى بۇ يىغىن 1963 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 166 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 9 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، يەنە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان قىسىمدىكى قەھرىمان ۋەكىللەرنىڭ بەرگەن 2 قېتىملىق دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

## 5 . 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى بۇ يىغىن 1963 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا 233 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلات ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارارلار چىقىرىلدى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئېزىزىنىڭ ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە ش ئۇ ئا ر 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 19 بولدى، ئۇلار: بارات يۈسۈپ، جاڭ چىڭشىن، ئوبۇلقاسىم مامۇت، ۋېن خېڭلى، ئىسلام كېرىم، چېن جۇنباۋ، لى شيەن، ئەبەي ئېلى، زۆھرە ئېلى، ئابدۇرېھىم ئېلى، قۇربان يۈسۈپ، گۈزىبىن، قۇربان ھوشۇر، پاتەم ئىمىن، توختىخان ياسىن، يۈسۈپ رەھمىتۇللا، تىلىۋالدى رېھىم، جاپپار ئەمەت، ئىبراھىم ئېلى. بارات يۈسۈپ ھاكىم، جاڭ چىڭشىن، ئوبۇلقاسىم مامۇتلار مۇئاۋىن ھاكىم بولدى.

ش ئۇ ئا ر 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل 8 بولدى، ئۇلار: بارات يۈسۈپ، زۆھرە ئېلى، يۈسۈپ رەھمىتۇللا، توختىخان ياسىن، قۇربان ھوشۇر، ئىمىنوف ھامىت (قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى)، ياقۇپ ھاجى (دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)، مۇسا روزى (ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى).

2 ـ يىغىنى بۇ يىغىن 1964 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 3 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 168 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 33 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى 15). يىغىندا ش ئۇ ئا ر 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ھەم مۇزاكىرە قىلىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

## 6. 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى بۇ يىغىن 1965 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 314 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ساڭ باۋخېنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدىكى سىياسىي دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، ئەدلىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار سايلاپ چىقىلدى.

ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 22 بولدى، ئۇلار: بارات يۈسۈپ، لى رۇنچېڭ، ئوبۇلقاسىم مامۇت، زۆھرە ئېلى، يۇ جەنخې، ياڭ جىڭرېن، سابىر ئىبراھىم، سەلەي ئىبراھىم، قاسىم ئابدۇللا، پاتەم ئىمىن، تىلىۋالدى رېھىم، يۈسۈپ رەھمىتۇللا، توختىخان ياسىن، ئىبراھىم ئېلى، سەپەر ئەمەت، سىدىق توختى، مۇھەممەت يۈسۈپ، مۇھەممەت ئىبراھىم، تاھىر ئەمەت، يۈسۈپ مۇھەممەتئېلى، ياسىن خۇدابەردى. بارات يۈسۈپ ھاكىم، لى رۇنچېڭ (ئۇ ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگىچە ۋاڭ شىگجۇ مۇۋەققەت مۇئاۋىن ھاكىم بولدى)، ئوبۇلقاسىم مامۇتلار مۇئاۋىن ھاكىم بولدى.

## 7. 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى بۇ يىغىن 1981 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئېچىلىپ، 6 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 190

رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 33 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، خەلق ئىگىلىكى پىلانى ھەققىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ۋەكىللەر بۇ دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى ھەمدە بۇ ھەقتە مۇناسىپ قارار چىقىرىلدى. يىغىندا «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»غا ئاساسەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرى؛ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 15 بولدى، ئۇلار: مامۇت ئىسمائىل، تاش پالتا، لى شيەن، ئوبۇلقاسىم مامۇت، ئىسلام كېرىم، توردى داۋۇت، مۇھەممەت يۈسۈپ، زۆھرە ئېلى، روزى ھاجى، يانتاق مامۇت، لى ۋېنمىڭ، باقى ئابدۇللا، ھۆرنىگۈل، مۇھەممەت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئېلى. يىغىندا مامۇت ئىسمائىل مۇدىر، تاش پالتا، لى شيەن، ئوبۇلقاسىم مامۇتلار مۇئاۋىن مۇدىر، سەمەت ئىبراھىم ھاكىم، ليۇ يۈياۋ، پېڭ پېيشيەن، ئابدۇكېرىم سەلەي، قاسىم مۇسا، قاسىم ئابدۇللالار مۇئاۋىن ھاكىم، توختى مامۇت خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، رىزاق سوپىۇرگە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولدى.

2 - يىغىنى بۇ يىغىن 1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئېچىلىپ، 4 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 165 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ساۋۇت سادىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى.

3 - يىغىنى بۇ يىغىن 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 286 ۋەكىل قاتناشتى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ ۋە خەلق گۇڭشېلىرى (مەيدان) نىڭ ھەممە رەھبەرلىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىغا قاتناشقان 70 ئەزامۇ سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى پېڭ پېيشيەن ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 6 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار: مامۇت ئىسمائىل، ئابلىمىت رېھىم، داۋۇت ھەسەن، تۇرسۇنگۈل مويدىن، نۇر روزى، ئابدۇراخمان ھاجى.

## 8. 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىنى بۇ يىغىن 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلىپ، 6 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 280 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بارلىق

ئەزالىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 17 بولدى، ئۇلار: ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، لى شيەن، قاسىم ئەيسا، قاسىم ئابدۇللا، ئەمەت قاسىم، ئەمەت روزى، ئىسلام كېرىم، لى سۇۋېن، ئوبۇلقاسىم مامۇت، زۆھرە ئېلى، لى يۇمىن، يانتاق مامۇت، داۋۇت ھەسەن، ئابلىمىت رېھىم، ئابدۇراخمان ھاجى، ئامىنە مۇھەممەت، ساۋۇت سادىق. يىغىندا ئابدۇغوپۇر ئۆمەر دائىمىي كومىتېتقا مۇدىر بولدى، لى شيەن، قاسىم ئەيسا، قاسىم ئابدۇللا، ئەمەت قاسىم، ئەمەت روزى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، مامۇت ئىسمائىل ھاكىم؛ ليۇ پۇياۋ، ئابدۇكېرىم سەلەي، ليۇ دېيەنچېن، ئەركىن ئىمىنلەر مۇئاۋىن ھاكىم؛ توختى مامۇت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى؛ رىزاق سۇپۇرگە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولدى.

2 - يىغىنى بۇ يىغىن 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېچىلدى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. «ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1985 - يىللىق تەرەققىيات پىلانى ھەققىدىكى دوكلات»، «1984 - يىللىق مالىيە ئەق چوتى ۋە 1985 - يىللىق مالىيە خام چوتى پىلانى ھەققىدىكى دوكلات» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېت بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ «يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ھەققىدىكى 10 تۈرلۈك سىياسەت»ى ئۆگىنىلدى.

3 - يىغىنى بۇ يىغىن 1986 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېچىلىپ، 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 220 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 86 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، 1985 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1986 - يىللىق تەرەققىيات پىلانى ھەققىدىكى دوكلات، 1985 - يىللىق مالىيە ئەق چوتى ۋە 1986 - يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، ۋەكىللەر بۇ دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن مۇناسىپ قارار چىقىرىلدى.

## 9 . 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىنى بۇ يىغىن 1987 - يىل 5 - ئايدا ئېچىلىپ، 4 كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا 202 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 65 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ، سوت

مەھكىمىسىنىڭ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، ناھىيىنىڭ 1986 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1987 - يىللىق تەرەققىيات پىلانى ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، 1986 - يىللىق مالىيە ئەق چوتى ۋە 1987 - يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ۋەكىللەر يۇقىرىدىكى دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن قارار چىقىرىلدى. يىغىندا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملار، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 17 بولدى، ئۇلار: ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، پېڭ پېيشيەن، قاسىم ئابدۇللا، جاۋ شىنيىڭ، ئەمەت قاسىم، ھەسەن ساۋۇت، جاۋ ۋەنلۇن، سىدىق رېھىم، لى يۈمىن، مۇھەممەت ھېلىم، مۇيتى توختى، پاشا ئىسمائىل، ئېلى باقى، توختى خالىق، ھېمىدىخان بارات، ئىسمائىل مامۇت، يولۋاس ئوسمان. يىغىندا ئابدۇغوپۇر ئۆمەر مۇدىر؛ پېڭ پېيشيەن، قاسىم ئابدۇللا، جاۋ شىنيىڭ، ئەمەت قاسىم مۇئاۋىن مۇدىر؛ مامۇت ئىسمائىل ھاكىم؛ ليۇ دېەنچېن، شياۋ سىگداۋ، ئېزىز تەۋەككۇللار مۇئاۋىن ھاكىم؛ توختى مامۇت خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى؛ رىزاق سۈيۈرگە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولدى.

2 - يىغىنى بۇ يىغىن 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 206 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 190 ۋەكىل قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھاكىم قايتىدىن سايلاندى، 1 - قېتىملىق سايلامدا ھاكىم ئېرىشكەن ئاۋاز سانى ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ يېرىمىدىن ئاشمىدى، پەقەت يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىنلا ئاشقاچقا، بۇ سايلام ئىناۋەتسىز قىلىندى. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىش ئارقىلىق ئارتۇق نامزاتلىق سايلام ئارقىلىق ئابدۇكېرىم سەلەي ھاكىملىققا سايلاندى.

3 - يىغىنى بۇ يىغىن 1987 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار: ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، ھېمىدىخان بارات، ئامىنە مۇھەممەت، راخمان قارى، ئابدۇكېرىم قارىھاجى.

4 - يىغىنى بۇ يىغىن 1988 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېچىلىپ، 4 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 204 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 69 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1987 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلات، 1988 ، يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەققىدىكى دوكلات، 1987- يىللىق مالىيە ئەق چوتى ۋە 1988 - يىللىق مالىيە خام چوتى پىلانى ھەققىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ۋەكىللەر مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى دوكلاتلار ئۈستىدە قارار چىقىرىلدى.

5 - يىغىنى بۇ يىغىن 1988 - يىل 12 - ئايدا ئېچىلدى، يىغىندا لى يۈمىن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى.

6 - يىغىنى بۇ يىغىن 1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلىپ، 3 كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا 205 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 58 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1988 ـ يىلدىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلات، 1989 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەققىدىكى دوكلات، 1988 ـ يىللىق مالىيە ئەق چوتى ۋە 1989 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ۋەكىللەر يۇقىرىدىكى دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن قارار چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يىغىندا ھەسەن ساقى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى.

## 10. 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى 1990 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 4 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 211 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 91 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1989 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ھەققىدىكى دوكلات، 1990 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەققىدىكى دوكلات، 1989 ـ يىللىق مالىيە ئەق چوتى ۋە 1990 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، ۋەكىللەر مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى دوكلاتلار ھەققىدە قارار چىقىرىلدى. يىغىندا ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 17 بولدى، ئۇلار: ھەسەن ساۋۇت، جاۋ شىنيىڭ، ھەسەنجان ساقى، لى يۈسىن، ئېلى باقى، ئامىنە ئېزىز، ما شېڭجۈن، جاۋ ۋېنلۇن، مۇھەممەت ھېلىم، قادىر ياسىن، توختى سەمەت، توختى مامۇت، يولۋاس ئوسمان، ئابلا ئىمىن، پاشا ئىسمائىل، داۋۇت ھەسەن، ئابدۇكېرىم قارى. ھەسەن ساۋۇت مۇدىر؛ جاۋ شىنيىڭ، ھەسەنجان ساقى، لى يۈسىن، ئېلى باقىلار مۇئاۋىن مۇدىر؛ ئابدۇكېرىم سەلەي ھاكىم؛ ليۇ دېيەنچېن، شاۋ مىڭداۋ، ئېزىز تەۋەككۇل، قۇربان سۇلايمان،، بەيشياۋ، ۋاڭ چۈەنشىڭلار مۇئاۋىن ھاكىم؛ ئېزىز ئىبراھىم خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى؛ رىزاق سوپۇرگە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولدى.

## § 3 . دائىمىي كومىتېت

1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ نۆۋەتلىك ھەرمىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغانىدى. 1978 ـ يىلى مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىدىن باشلاپ دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىندى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ دائىملىق ئاپپاراتى بولدى.

## 1. ناھىيىلىك ھەر مىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى دائىمىي كومىتېتى

1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا دائىمىي كومىتېتنىڭ 21 ئەزاسى، 3 كاندىدات ئەزاسى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىلدى. 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدا 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا دائىمىي كومىتېتنىڭ 22 ئەزاسى، 4 كاندىدات ئەزاسى ئۆزگەرتىپ سايلاندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ھەر مىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى**

سىياسەت: 2 — 1 ـ جەدۋەل

| نۆۋىتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە | رەئىس | جۇ باۋجىي | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1950.7 — 1953.3 |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ياقۇپ ھاجى | ئۇيغۇر | قەشقەر | 1950.7 — 1953.3 |
| ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت.ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە | رەئىس | جۇ باۋجىي | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1953.3 — 1954 |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ياقۇپ ھاجى | ئۇيغۇر | قەشقەر | 1953.3 —1954.4 |
| | مۇئاۋىن رەئىس | نىزامىدىن قارى | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1953.3 — 1954.4 |

## 2. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

1981 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، سىياسىي ـ قانۇن گۇرۇپپىسى، مالىيە ـ ئىقتىساد گۇرۇپپىسى، پەن ـ تېخنىكا ـ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە گۇرۇپپىسى، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. بۇ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت 18 قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئاچتى، بۇ يىغىنلاردا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى بولۇپ 13 دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلۈپ، قاراپ چىقىلىپ، ماقۇللاندى ۋە بۇ ھەقتە قارار چىقىرىلدى. 5 قېتىملىق يىغىندا ناھىيىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ، سوت ئورگىنىنىڭ ۋە تەپتىش ئورگىنىنىڭ كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشى مۇزاكىرە قىلىندى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىمدىن 175 ئادەم (قېتىم) ۋەزىپىگە تەيىنلەندى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى.

1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپاراتلار ئۆز پېتى تۇرۇۋەردى. 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1985 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئېچىلغان 2 ـ يىغىنىدىن باشلاپ شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تارماقلىرىنىڭ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇپەتتىشلىرىدىن يۇقىرى كادىرلاردىن بولۇپ 40 كىشى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

سىياسەت: 2 — 2 . جەدۋەل

| نۆۋىتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 7 . نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1981 . يىل 3 . ئايدىن 1984 . يىل 7 . ئايغىچە | مۇدىر | ماموت ئىسمايىل | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | تاش پالتا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر يېڭىشەھەر | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى شيەن | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ جىڭيۈەن | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئوبۇلقاسىم ماموت | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1984.7 — 1981.3 |
| ناھىيىلىك 8 . نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1984 . يىل 7 . ئايدىن 1987 . يىل 5 . ئايغىچە | مۇدىر | ئابدۇغوپۇر ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى شيەن | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ جىڭيۈەن | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | قاسىم ئەيسا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | قاسىم ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەمەت قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەمەت روزى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| ناھىيىلىك 9 . نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1987 . يىل 5 . ئايدىن 1990 . يىل 3 . ئايغىچە | مۇدىر | ئابدۇغوپۇر ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — 1978.5 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | قاسىم ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | پېڭ پېيشيەن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1988.5 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەمەت قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جاۋ شىنيىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1990.3 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ھەسەن ساۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى يۇمىن | ئەر | خەنزۇ | گۇاڭشى | 1990.3—1988.12 |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ھەسەنجان ساقى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — 1989.3 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1990 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ | مۇدىر | ھەسەن ساۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى يۈمىن | ئەر | خەنزۇ | گۇاڭشى | 1990.3 — |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئېلى باقى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ھەسەنجان ساقى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.3 — |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جاۋ شىتيىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1990.3 — |

## § 4 . ۋەكىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشى

### 1 . ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى

ناھىيىدىكى ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ دېموكراتىك ئاساستا كېڭەشىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى ئىچىدە يالالانما دېھقان، كەمبەغەل دېھقانلار ۋەكىلى %60نى، ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىلى %23.25نى، باي دېھقان، پومېشچىكلار ۋەكىلى %9.75نى، سودا - سانائەت ساھەسى، دىن ساھەسى ۋە دېموكراتىك زاتلار ۋەكىلى %7نى، ئەر ۋەكىللەر %93.2نى، ئايال ۋەكىللەر %6.8نى، ئۇيغۇر ۋەكىللەر %87نى، ئۆزبېك، قىرغىز، خۇيزۇ ۋەكىللەر %5نى، خەنزۇ (ئاساسەن كادىر) ۋەكىللەر %6.97نى، باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى %1.03نى ئىگىلەيدۇ. يېزىلىق خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى يېزىلاردىكى سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن بىۋاسىتە سايلانغان. ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى ئىچىدە ئەر ۋەكىل %89.86نى، ئايال ۋەكىل %10.14نى، ئۇيغۇر ۋەكىل %92.63نى، ئۆزبېك، قىرغىز ۋە خۇيزۇ ۋەكىللەر %3.23نى، خەنزۇ ۋەكىل %4.14نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى ئىچىدە دېھقان، چارۋىچى ۋەكىل %41.3نى، سودا - سانائەت ساھەسىنىڭ ۋەكىلى %21.6نى، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسى ۋە دېموكراتىك زاتلار ۋەكىللىرى %8.69نى، ئايال ۋەكىل %8.9نى، ئورگان ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلى %9.51نى، شەھەر ئاھالىسى ۋەكىلى %4.35نى، ئارمىيە ۋەكىلى %5.65نى ئىگىلەيدۇ.

### 2 . خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى

1953 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي سايلام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك تەشكىلاتلاردا سايلامغا رەھبەرلىك قىلىدىغان سايلام ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى. ھەر نۆۋەتلىك يېزا (گۇڭشې) لىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يېزا (گۇڭشې)، بازارلاردىكى سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن بىۋاسىتە سايلاندى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى يېزا (گۇڭشې) لىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا سايلاپ چىقىلدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار

بىۋاسىتە سايلايدىغان بولدى.

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى 198 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار ۋەكىلى %84.84نى، چارۋىچىلار ۋەكىلى %1نى، سودا - سانائەتچىلەر ۋەكىلى %16.2نى، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىنىڭ ۋەكىلى %5نى، دېموكراتىك زاتلار، دىنىي ساھەنىڭ ۋەكىلى %7نى ئىگىلىدى؛ ئومۇمىي ۋەكىل ئىچىدە پارتىيە ئەزاسى %17.6نى، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى %5.6نى، ناھىيە، رايون، يېزا كادىرلىرى (جۇملىدىن ئىشلەپچىقىرىشتىن يىرىم ئايرىلغان كادىرلار) %32نى، ئاياللار %12.6نى ئىگىلىدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋاقتىدا ۋەكىللەرنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىكلەشتۈرۈش، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، ۋەكىللەر ئىچىدە زىيالىيلارنىڭ سانى كۆپىيىپ 34كە يەتتى، بۇ ئومۇمىي ۋەكىلنىڭ %12نى ئىگىلىدى.

سايلاش - سايلىنىش ھەر بىر پۇقرانىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقى، سايلام خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر نۆۋەتلىك سايلامدا سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سايلىغۇچىلار تىزىملىنىپ، ھەربىر سايلىغۇچىنىڭ سالاھىيىتى بېكىتىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرىنىڭ سايلىنىش ئەھۋالى

سىياسەت: 2 — 3 - جەدۋەل

| نۆۋىتى | ئومۇمىي سايلام ۋاقتى | تىزىملانغان سايلىغۇچىلارنىڭ سانى | سايلامغا قاتنىشىش ئەھۋالى | | سايلام ھوقۇقى يوقلار | | سايلانغان خەلق ۋەكىللىرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئادەم سانى | % | سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار | روھىي كېسەللەر | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە ئايال |
| 1 | 1953 - يىل 10 - ئايدىن 1954 - يىل 3 - ئايغىچە | 122146 | 112106 | 91.78 | 78 | 24 | 198 | 25 |
| 2 | 1956 - يىل 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە | 138291 | 111527 | 80.7 | 1383 | 119 | 235 | 43 |
| 3 | 1958 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە | 134681 | 123001 | 91.3 | 1504 | 183 | 241 | 44 |
| 4 | 1961 - يىل 1 - ئاي | 94391 | | | 3857 | 361 | 270 | |
| 5 | 1963 - يىلى | 98388 | 88740 | 90.2 | 2220 | 253 | 233 | |
| 6 | 1965 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە | 131097 | 112331 | 85.69 | 3303 | | 314 | |
| 7 | 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 1981 - يىلغىچە | 89016 | 84734 | 95.19 | | | 190 | 41 |
| 8 | 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە | | | | | | 280 | |

# §5 . ۋەكىللەرنىڭ ئالاقە باغلاش تۈزۈمى ۋە تەكلىپ لايىھىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

## 1. ۋەكىللەرنىڭ ئالاقە باغلاش تۈزۈمى

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى يېزا (گۇڭشې)، بازارنى بىرلىك قىلغان ھالدا ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى ۋە توپلىدى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنى ئېچىلغاندا، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرى دائىمىي كومىتېتنىڭ يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يىغىننىڭ مەزمۇنى بېيىدى، ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. يىغىندىن كېيىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقتىن كەلگەن خەت - چەك ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەخسۇس كادىر قويۇلدى، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ئاممىنى ئۆزى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

1984 - يىل 7 - ئايدا ئېچىلغان 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، يېزا (بازار) بىرلىك قىلىنىپ، 18 ۋەكىللەر ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. يېزا باشلىقى ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن خەلق ۋەكىللىرى، سايلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تورى شەكىللىنىپ، يىغىنلار قەرەلىدە ئېچىلىپ تۇردى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بېرىدىغان پىكىرلىرى، تەلەپلىرى ۋە ئىنكاسلىرى قوبۇل قىلىنىپ تۇردى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خەلق ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، گۇرۇپپا پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ تۇردى ھەمدە خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قەرەلسىز ھالدا خەلق ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى، ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىلىرى باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ تۇردى. پىكىرلەرنى ئاڭلاپ، ئەھۋالنى ئىگىلەپ تۇردى. 1987- يىلى 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ۋەكىللەرنىڭ ئالاقە باغلاش تۈزۈمى كەنتلەرگىچە تەرەققىي قىلدى، يېزا (بازار) لاردا بىردىن ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، كەنتلەردىمۇ ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 232 ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئامما بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئالاقە باغلاندى ۋە ئامما بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ئاممىنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سېلىندى. ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەلەپلەر ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىنىپ، بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ۋەكىللەرنىڭ ئالاقە باغلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» (قىسقارتىلىپ «بەلگىلىمە» دەپ ئېلىنىدى) نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ بەلگىلىمە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاش چارىسىدىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 14 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ بەلگىلىمىنى ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان. بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى خەۋەرلىرى» نى بېسىپ تارقىتىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالىنى، چىقىرىلغان مۇھىم

قارارلىرنى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھىم پائالىيەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ھەر قايسى گۇرۇپپىلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزدى، بۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئالاقىسى ۋە ئەھۋال مەلۇم قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئالاقە باغلاش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ئۈستۈرۈلدى.

## 2. تەكلىپ لايىھەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

1981 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن 1985 ـ يىلغىچە 3 قېتىم قەرەللىك يىغىن (قۇرۇلتاينىڭ يىغىنى) ئېچىلدى. ۋەكىللەر 450 تەكلىپ لايىھە ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلارنى تەكلىپ لايىھىنى بىر تەرەپ قىلىش گۇرۇپپىسى تۈرلەرگە بۆلۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چېتىلىش دائىرىسى كەڭرەك، خەلقنىڭ تەلىپى جىددىي بولغان مەسىلىلەردىن بولاقسۇ كۆۋرۈكى، سەمەن خانىدى كۆۋرۈكى، يېڭىئۆستەڭنىڭ ئىچىملىك سۇيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

# Ⅲ باب

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

## 1 § . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى)

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ھەربىي ۋەكىل ئەۋەتتى، كونا ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناھىيىدىكى 12 رايوندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى — رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇلدى. 1951 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى قۇرۇلدى، سودا ـ سانائەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1952 ـ يىلى سەھىيە ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، ئۇ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1953 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـسەھىيە بۆلۈمى مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى بىلەن سەھىيە بۆلۈمىگە ئايرىلدى. 1954 ـ يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ نامى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرى بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1955 ـ يىلى ئاشلىق بۆلۈمى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1956 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق

كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى جەھەتتە، ئەسلىدىكى ئاساستا سۇچىلىق بۆلۈمى، ستاتىستىكا بۆلۈمى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى، خەلق تەپتىش ئىشخانىسى، پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى، ئاشلىق بۆلۈمى ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1957 - يىلى ناھىيىلىك شتات كومىتېتى، قول سانائەت كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە رايون بىرلىك قىلىنغان ھالدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلاردىمۇ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش روھىغا ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىش، بىرلىكتە ئىش بېجىرىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، مالىيە بۆلۈمى بىلەن باج ئىدارىسى قوشۇۋېتىلىپ، مالىيە - باج ئىدارىسى قىلىندى؛ قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سۇچىلىق بۆلۈمى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پونكىتلىرى قوشۇۋېتىلىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى قىلىندى؛ سودا - سانائەت بۆلۈمى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى ۋە سودا شىركىتى، تاشقى سودا سېتىۋېلىش پونكىتى قاتارلىقلار قوشۇۋېتىلىپ، سودا ئىدارىسى قىلىندى؛ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ خەلق كومىتېتىنىڭ كاتىبات ئىشخانىسى خەلق كومىتېتى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىغا، سەھىيە بۆلۈمى، سەھىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1960 - يىلى پەن - تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سۇچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ مالىيە - باج ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مالىيە بۆلۈمى، باج ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى قوشۇۋېتىلىپ، مەدەنىيەت -مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى قىلىندى؛ سودا ئىدارىسى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا - سانائەت بۆلۈمى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ پىلان كومىتېتى، ستاتىستىكا بۆلۈمى قوشۇۋېتىلىپ پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قىلىندى؛ باھا كومىتېتى، شتات كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ قول سانائەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1964 - يىلى پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، مالىيە - ئىقتىساد، پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى؛ سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ باھا كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مالىيە - پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى؛ شتات كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى؛ كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1965 - يىلى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ھارپىسىدا خەلق كومىتېتىدا ئىشخانا، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى، سۇچىلىق بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، مالىيە - پىلان كومىتېتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەيلا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى زەربىگە ئۇچرىدى، ئاپپاراتلار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇردى. 1969 - يىل 5- ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، 1981 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىۋاشتىن تەشكىل قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا ئىشخانا، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، ئەدلىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، ئەمگەك بۆلۈمى، دېھقانچىلىق

بۆلۈمى، سۇ - ئېلېكتر بۆلۈمى، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى، گۆشخۇي - ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، يېنىك سانائەت ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى، ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشخانىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار بار ئىدى. شۇ يىلى تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، گۆشخۇي - ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى گۆشخۇي - ئەترەت (يېزا - بازار) كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1982 - يىلى ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئارخىپ بۆلۈمى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى، يەر - جاي ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - سۇغۇرتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ ئۇنىڭ رەھبەرلىكىنى ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1983 - يىلى مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، ئەرزىيەت بۆلۈمى (ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ قارىمىقىدا)، باھا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بۆلۈملەر «ئىدارە» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، مىللەت - دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى (ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدىن ئۆزگەرتىلدى) تەسىس قىلىندى، ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، نامى ستاتىستىكا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئەمگەك بۆلۈمى بىلەن كادىرلار بۆلۈمى قوشۇۋېتىلىپ، ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى قىلىندى، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەت ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلىدى. 1985 - يىلى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پونكىتى، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى، سانائەت - قاتناش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا سەھىيە ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا بولدى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك ئۆلچەم پونكىتىنىڭ نامى تېخنىكا نازارەتچىلىك پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - سۇغۇرتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى. 1987 - يىلى ئارخىپ بۆلۈمىنىڭ نامى ئارخىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە بۇ ئىدارە ئارخىپخانا بىلەن بىرلىكتە خىزمەت ئىشلىدى؛ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى سەھىيە ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۇنى سەھىيە ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى. 1988 - يىلى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشخانىسى، يەر ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى (كېيىن نامى ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلدى. 1989 - يىلى ئەرزىيەت بۆلۈمى ئىشخانىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، نامى ئەرزىيەت ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى؛ ئاپپارات شتاتى كومىتېتى، تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1990 - يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1949 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم بولغانلار

سىياسەت: 3 — 1 - جەدۋەل

| ئۆۋىتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 — 1954 - يىل 4 - ئايغىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى مەزگىلىدە | قوشۇمچە مۇۋەققەت ھاكىم | ئابدۇقادىر ھېسامىددىن | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | — 1949.9.26 1949.11.23 |
| | ھاكىم | ياقۇپ ھاجى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1954—1949.11.23 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئېيسا ھاجى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1950—1949.9.26 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | شۆ شىلاڭ | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1951.8 — 1950.1 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | جاڭ ۋېي | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1953.4 — 1951 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | مەھەممەت ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1954 — 1953 |
| 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1954 - يىل 4 - ئايدىن 1957 - يىل 1 - ئايغىچە) | ھاكىم | ياقۇپ ھاجى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر شەھىرى | 1954.8—1954.4 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | مەھەممەت ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1954.8 — 1954.4 |
| | مۇۋەققەت ھاكىم | مەھەممەت ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1956.5 — 1954.8 |
| | ھاكىم | مەھەممەت ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1956.10—1956.5 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئىمىن تۆمۈر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1956.10—1956.5 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋېن خېڭلى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1957.1 — 1956.5 |
| | مۇۋەققەت ھاكىم | ئىمىن تۆمۈر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1957.1 — 1956.10 |
| 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1957 - يىل 1 - ئايدىن 1958 - يىل 5 - ئايغىچە) | ھاكىم | ئىمىن تۆمۈر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1958.5 — 1957.1 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋېن خېڭلى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1958.5 — 1957.1 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئابدۇغېنى | ئەر | ئۆزبېك | قەشقەر كوناشەھەر | 1957.9 — 1957.1 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئىسلام كېرىم | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1958 — 1957.1 |
| 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1958 - يىل 5 - ئايدىن 1961 - يىل 3 - ئايغىچە) | ھاكىم | ئىمىن تۆمۈر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1960 — 1958.5 |
| | ھاكىم | بارات يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1961.3 — 1960.6 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئىسلام كېرىم | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1961.3 — 1958.5 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋېن خېڭلى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1960.6 — 1958.5 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | جاڭ يۈەنچېن | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1961 — 1960.6 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1961 - يىل 3 - ئايدىن 1963 - يىل 6 - ئايغىچە) | ھاكىم | بارات يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1963.6 — 1961.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | جاۋ يۈەنچېن | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1962 — 1961.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئىسلام كېرىم | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | — 1961.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئوبۇلقاسىم مامۇت | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | — 1961.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋاھىت قوشۇر | ئەر | ئۇيغۇر | ئاتۇش | — 1962.1 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | جاڭ چىڭشىن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1963.6 — 1962 |
| 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1963 - يىل 6 - ئايدىن 1965 - يىل 8 - ئايغىچە) | ھاكىم | بارات يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1965.8 — 1963.6 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | جاڭ چىڭشىن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1965 — 1963.6 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئوبۇلقاسىم مامۇت | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1965 — 1963.8 |
| 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1965 - يىل 8 - ئايدىن 1967 - يىلغىچە) | ھاكىم | بارات يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1969 — 1965.8 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئوبۇلقاسىم مامۇت | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1969 — 1965.8 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋاڭ شىگجۇ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1969 — 1965.8 |
| 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1981 - يىل 3 - ئايدىن 1984 - يىل 7 - ئايغىچە) | ھاكىم | سەمەت ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | پوسكام | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | پېڭ پېيشيەن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ليۇ پېياۋ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئابدۇكېرىم سەلەي | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | قاسىم ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1984.7 — 1981.3 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | قاسىم ئەيسا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1984.7 — 1981.3 |
| 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1984 - يىل 7 - ئايدىن 1987 - يىل 5 - ئايغىچە) | ھاكىم | مامۇت ئىسمائىل | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ليۇ پېياۋ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئابدۇكېرىم سەلەي | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ليۇ دېيەنچېن | ئەر | خەنزۇ | لياۋنىڭ | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئەركىن ئىمىن | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1987.5 — 1984.7 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | پېڭ پېيشيەن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1987.5 — 1984.7 |
| 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى | ھاكىم | ئابدۇكېرىم سەلەي | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.8 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ليۇ دېيەنچېن | ئەر | خەنزۇ | لياۋنىڭ | 1990.8 — 1987.5 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| (1987 - يىل 5 - ئايدىن 1990 - يىل 8 - ئايغىچە) | مۇئاۋىن ھاكىم | شياۋ مىڭداۋ | ئەر | خەنزۇ | خوتەن | 1990.8 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئېزىز تەۋەككۇل | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1990.8 — 1987.5 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | بەي شياۋ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1990.8 — 1989 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋاڭ چۇەنشىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1990:8 — 1990 |
| 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1990 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ) | ھاكىم | ئابدۇكېرىم سەلەي | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | — 1990.8 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ليۇ دېيەنچېن | ئەر | خەنزۇ | لياۋنىڭ | — 1990.8 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | شياۋ مىڭداۋ | ئەر | خەنزۇ | خوتەن | — 1990.8 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئېزىز تەۋەككۇل | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | — 1990.8 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | بەي شياۋ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1990.12—1990.8 |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋاڭ چۇەنشىڭ | ئەر | خەنزۇ | | — 1990.8 |

**ئىزاھات:** 1969 - يىل 5 - ئايدىن 1981 - يىل 3 - ئايغىچە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئورنىنى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىگىلىدى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم قويۇلمىدى.

## 2 § . ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1969 - يىل 5 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە بىۋاستە قاراشلىق ئاپپاراتلار كېيىن - كېيىندىن قۇرۇلدى، بۇ ئاپپاراتلار ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ «مەركەزلەشكەن» رەھبەرلىكى يولغا قويۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەسلىدىكى تەشكىلات، تەشۋىقات، رېۋىزىيە، بىرلىك سەپ، كادىرلار، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە، خەلق ئىشلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى ناھىيىنىڭ ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، مالىيە، باج، سودا - سانائەت ۋە پىلان قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ خەلقنى قوغداش گۇرۇپپىسى ج خ، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارىلەردە ئىدارە باشلىقلىق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مۇناسىپ ھالدا ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1969 — 1970 - يىلغىچە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، قول سانائەت كوپېراتىپى، خەلق بانكىسى «ئىنقىلابىي كومىتېتى»، ناھىيىلىك ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشخانىسى كېيىن - كېيىندىن قۇرۇلدى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تېلېگراف ئىدارىسى ۋە پوچتا ئىدارىسىگە ئايرىلدى، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، خەلق كومىتېتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى بويىچە «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلدى.

1971 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش»، «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ئاساسىدا، كادىرلار ئازاد قىلىنىپ، ئاپپاراتلار تەرتىپكە سېلىندى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىنقىلابىي كومىتېتتا يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، سانائەت - قاتناش - ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1972 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1973 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مالىيە، باج ئىدارىلىرى قۇرۇلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ سۇچىلىق گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سۇچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى؛ خەلقنى قوغداش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ج خ ئىدارىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ تېلېگراف ئىدارىسى بىلەن پوچتا ئىدارىسى قوشۇۋېتىلىپ، قايتىدىن «پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى» دەپ ئاتالدى؛ تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى؛ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، سەھىيە ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1974 - يىلى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىنقىلابىي كومىتېتتا خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىشخانا، مائارىپ ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى؛ سانائەت - قاتناش - ماددىي ئەشيا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىنقىلابىي كومىتېتتا سانائەت - قاتناش ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1977 - يىلى گۆشكىي - ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1977 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى قۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 - يىلى كادىرلار ئىدارىسى، ئەمگەك ئىدارىسى قۇرۇلدى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك 7 -نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 1969 — 1981 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلار

سىياسەت: 3 — 2 - جەدۋەل

| ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| مۇدىر | لى يۇرېن | ئەر | خەنزۇ | 1969.5 — 1973.1 | ئارمىيە كادىرى |
| مۇدىر | ۋاڭ ئېنجى | ئەر | خەنزۇ | 1973.3 — 1974 | |
| مۇدىر | مەھەممەت ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | 1974 — 1976 | |
| مۇدىر | ئابدۇقادىر چولاق | ئەر | ئۇيغۇر | 1976 — 1980 | |
| مۇدىر | سەمەت ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1980 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | گو چېڭنيەن | ئەر | خەنزۇ | 1969.5 — 1972 | ئارمىيە كادىرى |
| مۇئاۋىن مۇدىر | جاڭ رۇنجى | ئەر | خەنزۇ | 1969.5— | ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| مۇئاۋىن مۇدىر | چېن جيەنشۇ | ئەر | خەنزۇ | 1969.5 — | ئامىتۇي تەشلات ۋەكىلى |
| مۇئاۋىن مۇدىر | سوپى روزى | ئەر | ئۇيغۇر | 1970.10 — 1971 | ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى |
| مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ شىگرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1970 — 1973 | ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى |
| مۇئاۋىن مۇدىر | گاۋ شياۋفۇ | ئەر | خەنزۇ | 1970 — 1976 | قوراللىق بۆلۈمنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى |
| مۇئاۋىن مۇدىر | گو داۋشېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1970.10 — 1971 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ ئېنجى | ئەر | خەنزۇ | 1971.6 — 1973 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ شىڭجۇ | ئەر | خەنزۇ | 1973.3 — 1975 | سابىق مۇئاۋىن ھاكىم |
| مۇئاۋىن مۇدىر | تاش پالتا | ئەر | ئۇيغۇر | 1973.5 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | ئابدۇقادىر چولاق | ئەر | ئۇيغۇر | 1975 — 1976 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | شۇ چېڭۋېن | ئەر | خەنزۇ | 1973.3 — 1977 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | شىن ۋېيۋېن | ئەر | خەنزۇ | 1975 — 1978 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | شياڭ ماۋسەي | ئەر | خەنزۇ | 1975 — 1982 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | تۆمۈر قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1975 — 1980 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | ئوبۇلقاسىم مامۇت | ئەر | ئۇيغۇر | 1976 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | بۇسارىم ئىسمائىل | ئايال | ئۇيغۇر | 1976 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | پېڭ پېيشيەن | ئەر | خەنزۇ | 1977 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | لۇ جىڭيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1979 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | ليۇ يۈياۋ | ئەر | خەنزۇ | 1980 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | مامۇت ئىسمائىل | ئەر | ئۇيغۇر | 1980 — 1981 | |
| مۇئاۋىن مۇدىر | قاسىم ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | 1980 — 1981 | |

## 3 § . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى

مىنگو دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە يېزا (بازار)، باۋ، جيا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئاساسىي قاتلامدا يېزا (بازار) دىن 21ى، باۋدىن 212سى، جيادىن 3145ى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى كونا ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىلىپ، باۋ، جيا تۈزۈمى بىتچىت قىلىنىپ، 12 رايون، 101 يېزا، 57 مەھەللە ئاساسىي قاتلام خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى قويۇلدى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ج خ ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچىلەر ۋە پۈتۈكچى (كاتىپ)، بوغالتىر، ستاتىستىكىچىلار قويۇلدى. رايون قارمىقىدا يېزىلىق (مەھەللىلىك) خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، يېزىلىق (مەھەللىلىك) خەلق ھۆكۈمىتى يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، پۈتۈكچىلەردىن تەركىب تاپتى. يېزا قارمىقىدا كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىندى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا كەنت باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى

قويۇلدى.

1952 - يىلى ناھىيە تەۋەسىدىن بىر قىسىم يەرلەر قەشقەر شەھىرىگە ئاجرىتىپ بېرىلدى، ناھىيە بازىرى رايوندىكى 4 رايون، 57 مەھەللە ۋە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 13 يېزا قەشقەر شەھىرىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1953 - يىلى قالغان يېزىلار 11 رايون، 107 يېزا قىلىپ تەڭشەلدى. 1954 - يىلى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق يېزىلىق خەلق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ساغلاملاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شۇ يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى توپراقلىق، يۇدۇغباش، ئويتاغ يېزىلىرى ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1955 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى 6 -، 7 - رايونلار (3 يېزا، 16 كەنت قالدۇرۇپ قويۇلدى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئورۇنلار يېڭىۋاشتىن تەڭشىلىپ، سەمەن، لەڭگەر، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، توققۇزاق، زەمىن، بورختاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ)، ئوپال، تاشمىلىقتىن ئىبارەت 11 رايون، 99 يېزا قىلىندى.

1958 - يىلى ناھىيىدىكى يېزىلاردا رايون بىرلىك قىلىنغان ھالدا «ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن» ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتى — خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. گۇڭشېدا گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت گۇڭشې باشلىقى، مۇئاۋىن گۇڭشې باشلىقى ۋە بىر قانچە كومىتېت ئەزاسىدىن تەركىب تاپتى، كومىتېتتا كاتىپ، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئامانلىق ساقلاش، خەلق ئەسكەرلىرى قاتارلىق خىزمەت تارماقلىرى ياكى خادىملىرى تەسىس قىلىندى ياكى قويۇلدى. خەلق گۇڭشېسىنىڭ قارمىقىدا باشقۇرۇش رايونى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. باشقۇرۇش رايونى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن تەركىب تاپتى؛ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە تەسىس قىلىنغان باشقۇرۇش كومىتېتى چوڭ ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى ۋە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ باشقا ئەزالىرىدىن تەركىب تاپتى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە تەسىس قىلىنغان ئەترەت كومىتېتى ئەترەت باشلىقى، بوغالتىر ۋە كومىتېتنىڭ باشقا ئەزالىرىدىن تەركىب تاپتى.

1960 - يىلى گۇڭشېنىڭ كۆلىمى كىچىكلىتىلىپ، رايون ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، باشقۇرۇش رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش رايونى بىرلىك قىلىنغان ھالدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى (بۇ، «كىچىك گۇڭشې» دەپمۇ ئاتالدى). 1964 - يىلى رايون ۋە باشقۇرۇش رايونى دەرىجىلىك گۇڭشې (كىچىك گۇڭشې) ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون دەرىجىلىك گۇڭشې ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1965 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىدە ئىشلەنگەن 6 - نۆۋەتلىك ئاساسىي قاتلام سايلام خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

1967 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «ئىسيانچىلار ھوقۇق تارتىۋالدى»، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، ھەربىي ۋەكىل ئەۋەتتى، ھەربىي ۋەكىل گۇڭشېنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، بارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. 1968 - يىلى گۇڭشې (بازار) لاردا «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە كومىتېت ئەزالىرى قويۇلدى، بۇلارنى ئىنقىلابىي كومىتېت تەيىنلىدى. ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1981 - يىلى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، گۇڭشې، بازارلاردا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىشى ئارقىلىق گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1984 - يىلى خەلق گۇڭشېسىنىڭ «ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلىشىپ كېتىش» تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى سايلاپ چىقىلدى، يېزىنىڭ ئاستىدا مەمۇرىي كەنت بولۇپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلدى،

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا كەنت باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ۋە كومىتېت ئەزالىرى قويۇلدى. ناھىيەدىكى 14 گۇڭشې، بىر بازار، 6 مەيدان تەڭشىلىپ 17 يېزا، بىر بازار، 6 مەيدان، 219 كەنت قىلىندى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە، ئامانلىق ساقلاش، خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرى قويۇلدى؛ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە بازار باشلىقى، مۇئاۋىن بازار باشلىقى قويۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات، خەلق ئىشلىرى، كارخانا باشقۇرۇش، ناھىيە بازىرىنى كۆكەرتىش كادىرلىرى قويۇلدى.

## 4 §. ئەرزىيەت ۋە مۇھاجىرلار خىزمىتى

### 1. ئەرزىيەت

50 - يىللارنىڭ بېشىدا خەلقتىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىشتا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى باشچىلىق قىلدى ھەمدە ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرى ۋە رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرگە بۇ ئىشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەش تاپشۇرۇلدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىدا ئەرزىيەت خىزمىتىنى قوشۇمچە ياكى مەخسۇس ئىشلەيدىغان ئادەم قويۇلدى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقتىن كەلگەن خەت - چەكلەر ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس ئادەم قويۇلدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزىيەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا قاراشلىق بۇ بۆلۈمگە 3 كادىر ئاجرىتىلدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي كومىتېتىدا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى نۆۋەت بىلەن نۆۋەتچى بولۇپ، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى كۈتۈۋالدى. 1987 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەرزىيەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1989 - يىلى ئەرزىيەت بۆلۈمى ئىشخانىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، نامى ئەرزىيەت ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئىدارىدە 5 كادىر خىزمەت ئىشلىدى.

1983 — 1985 - يىلغىچە خەلقتىن كەلگەن 1450 پارچە خەت تاپشۇرۇۋېلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز بېجىرىشكە تەستىق سالغىنى 120 پارچە، ئاپتونوم رايون بېجىرىشكە تەستىق سالغىنى 270 پارچە، ۋىلايەت بېجىرىشكە تەستىق سالغىنى 410 پارچە، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بېجىرىشكە تەستىق سالغىنى 650 پارچە. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 870 پارچە خەت يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، 280 پارچە خەت فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، 300 پارچە خەتنى ئەرزىيەت بۆلۈمى بىۋاسىتە بېجىردى.

يۇقىرىدىكى خەتلەر ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆي تەئەللۇقاتىنى مۇسادىرە قىلىشقا ياتىدىغىنى 86 پارچە بولۇپ، %9.5نى؛ «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىدە تەركىبىنى ئۆزگەرتىش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا ياتىدىغىنى 308 پارچە بولۇپ، %24.21نى؛ كوپېراتىپقا قوشقان پاي ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەن مەبلىغىگە ياتىدىغىنى 34 پارچە بولۇپ، %34.2نى؛ كوللېكتىپنىڭ ھەرخىل باھانىلەر بىلەن ئەزالاردىن چارۋا، دال - دەرەخ ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىۋالغانلىقىغا ياتىدىغىنى 63 پارچە بولۇپ، %34.4نى؛ پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا ياتىدىغىنى 149 پارچە بولۇپ، %27.10نى؛ كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياتىدىغىنى 576 پارچە بولۇپ، %71.39نى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا پەرزەنتلىرىنى ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياتىدىغىنى 45 پارچە بولۇپ، %1.3نى؛ تەكلىپ، تەنقىدكە ياتىدىغىنى 59 پارچە بولۇپ، %06.4نى؛ باشقا مەسىلىلەرگە ياتىدىغىنى 130 پارچە بولۇپ، %96.8نى ئىگىلىدى.

قوبۇل قىلىنغان خەت ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر 1986 - يىلى 308 پارچە (قېتىم) بولغانىدى، 1987 - يىلى 278 پارچە (قېتىم) گە، 1988 - يىلى 150 پارچە (قېتىم) گە، 1989 - يىلى 117 پارچە (قېتىم) گە يەتتى. كەلگەن خەتلەر ئىچىدە مەركەز بېجىرىشكە تەستىق سالغىنىمۇ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بېجىرىشكە تەستىق سالغىنىمۇ بار. تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەرىجىگە ئايرىپ بېجىرىش، ساھەلەرگە قايتۇرۇپ بىر ياقلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە تاپشۇرۇۋېلىنغان خەتلەر ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشى ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىندى. تارىختىن قېلىپ قالغان مەسىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغاچقا، تاپشۇرۇۋېلىنغان خەتلەر ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر يىلدىن - يىلغا ئازايدى، ئەمما چېتىلىش دائىرىسى كېڭەيدى، كادىرلار ئىستىلى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسىلىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. خەت ئەۋەتىش ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىش ئارقىلىق پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ توغرا تەدبىر بەلگىلىشىگە تۈرتكە بولۇشتا ياخشى رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئاممىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئېڭى ۋە نازارەتچىلىك رولىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشكەنلىكىنى ھەم كۈچەيتىلگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

## 2. مۇھاجىرلار خىزمىتى

1983 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە، مۇھاجىرلار خىزمىتى بويىچە بىرلەشمە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 2 مۇھاجىرلار خىزمىتى كادىرى سەپلەندى، بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ قارىمىقىدا بولدى، 14 يېزىدا مۇھاجىرلار خىزمىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرلار خىزمىتى تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. شۇ يىلى مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا چېۋ چيەنرۇڭ مۇدىر بولدى.

1984 - يىلى مۇھاجىر قېرىنداشلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ تىزىملاندى، ناھىيە بويىچە تىزىملانغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى 988 ئائىلە بولۇپ، ئادەم 4000 دىن ئاشتى، دۆلەت سىرتىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھاجىر 370 ئائىلە بولۇپ، ئادەم 890 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىسى 290 ئائىلە، تۈركىيىدىكىسى 7 ئائىلە، پاكىستاندىكىسى 3 ئائىلە، موڭغۇلىيىدىكىسى بىر ئائىلە، تايلاندتىكىسى 2 ئائىلە، سىنگاپوردىكىسى بىر ئائىلە، كانادادىكىسى بىر ئائىلە، ھىندونېزىيىدىكىسى 2 ئائىلە، ئامېرىكىدىكىسى 4 ئائىلە، كۇۋەيتتىكىسى بىر ئائىلە، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكىسى 58 ئائىلە.

1981 - يىلى 10 مىڭ 386.7 يۈەن مۇھاجىرلار پىربۇۋتى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1982 - يىلى 10 مىڭ 24.2 يۈەن مۇھاجىرلار پىربۇۋتى، 1983 - يىلى 34.3553 يۈەن مۇھاجىرلار پىربۇۋتى، 1984 - يىلى 42 مىڭ 533.19 يۈەن مۇھاجىرلار پىربۇۋتى، 1985 - يىلى 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مۇھاجىرلار پىربۇۋتى كىرگۈزۈلدى.

ناھىيىلىك مۇھاجىرلار خىزمىتى بويىچە بىرلەشمە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن مۇھاجىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. 1985 - يىلغىچە 60 - يىللاردا ئىنچىكىلىۋېتىلگەن مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتىغا ياتىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 8ى يېڭىۋاشتىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى،

مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتىدىن 6 كىشى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 88 ئائىلىنىڭ كۆلىمى 11 مىڭ 65 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 530 ئېغىز ئۆيى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكىسى 26 ئائىلىنىڭ 285 ئېغىز ئۆيى بولۇپ، كۆلىمى 5841 كۋادرات مېتىر، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىدە مۇسادىرە قىلىنغان 24 ئائىلىنىڭ كۆلىمى 1953 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 93 ئېغىز ئۆيى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان 6 ئائىلىنىڭ كۆلىمى 291 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 15 ئېغىز ئۆيى بار.

1988 - يىلى ناھىيە بويىچە تىزىملانغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى 698 ئائىلە، 2354 كىشى. 1989 - يىل 9 - ئايدا تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بۇ ئىشخانىغا 5 شتات بېرىلدى، ئەمەلىيەتتە، 3 ئادەم خىزمەت ئىشلىدى؛ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىگە 2 شتات بېرىلدى، ئەمەلىيەتتە، بىر ئادەم خىزمەت ئىشلىدى. شۇ يىلى 24 كىشى چەت ئەلگە چىقتى، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتقان 621 كىشى كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگىنى 605 كىشى، پاكىستاندىن كەلگىنى 5 كىشى، ئىتالىيەدىن كەلگىنى 2 كىشى، باشقا دۆلەتلەردىن كەلگىنى 8 كىشى. تەيۋەندىن بىر كىشى تۇغقان يوقلىغىلى كەلدى.

1990 - يىلى تىزىملانغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى 863 ئائىلە، ئۇلارنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى 11 دۆلەتكە جايلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر 19 ئائىلە، ئۇلارنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇرۇق - تۇغقىنى 304 كىشى. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئىچىدە نامرات ئائىلە 32، 188 كىشى؛ مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى 796 ئائىلە، ئۇلارنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇرۇق - تۇغقىنى 3985 كىشى، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە نامرات ئائىلە 151، 881 كىشى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %21.3نى ئىگىلەيدۇ. شۇ يىلى مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئىچىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا نامراتلارنى يۆلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، بۇ ئىش ۋىلايەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئىچىدىكى 32 نامرات ئائىلىنىڭ 28ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %87.5 بولدى؛ مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدىكى 151 نامرات ئائىلىنىڭ 115 ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %76.2 بولدى. شۇ يىلى 76 كىشى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقتى، 562 كىشى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كەلدى، 97 ئائىلە جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ كۆلىمى 885 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 427 ئېغىز شەخسىي ئۆيى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىلدى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ شەخسىي ئۆيى ئۈچۈن 159 مىڭ 665 يۈەن ياردەم پۇلى تارقىتىلدى.

# IV باب

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى 1952 - يىلى

قۇرۇلغان بولۇپ، پارتىيە ـ ئاممىۋى تەشكىلاتلار، سىياسىي ـ قانۇن، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، سودا ـ سانائەت، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ساھەلىرى، دېموكراتىك زاتلار ۋە دىنىي زاتلار قاتارلىق ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان (بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتلىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى). شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىدىكى «ھەر دەرىجىلىك يەرلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن سىياسىي كېڭەشنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالسا بولىدۇ» دېگەن روھ بويىچە سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتىنى ساقلاپ قېلىش بەلگىلەندى. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى 43 كىشىدىن تەركىب تاپتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ـ ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن 6 كىشى، سىياسىي قانۇن ساھەسىدىن 5 كىشى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ساھەسىدىن 3 كىشى، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىن 3 كىشى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ساھەسىدىن 15 كىشى، دېموكراتىك زاتلاردىن 3 كىشى، دىن ساھەسىدىن 8 كىشى بار. رەئىسلىكنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، بىر دائىمىي مۇئاۋىن رەئىس، بىر كاتىپ قويۇلدى، دائىملىق خىزمەت ئاپپاراتى تەشكىل قىلىنىدى. 1956 ـ يىلى ئۆتجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاپپارات ۋە خىزمەت تۈزۈمى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سىياسىي كېڭەشنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

1981 ـ يىلى سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتى، كومىتېت قارمىقىدا ئىشخانا، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى گۇرۇپپىسى، سىياسىي گۇرۇپپا ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىدى. 1984 ـ يىلى بۇ ئاپپاراتلار ئىشخانا، سانائەت ـ قاتناش ۋە مالىيە ـ سودا گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە گۇرۇپپىسى، ئەرزىيەت ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش گۇرۇپپىسى، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى گۇرۇپپىسى، پەن ـ تېخنىكا ۋە زىيالىيلار گۇرۇپپىسى، تارىخىي ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى قىلىپ تەڭشەلدى. «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆز ئارا نازارەت قىلىش، بىر ـ بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

## 1 § . سىياسىي كېڭەشنىڭ ناھىيىلىك كومىتېتلىرى

### 1. سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1956 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چاقىرىلدى، يىغىنغا 51 ئەزا قاتناشتى، يىغىندا سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى سايلاپ چىقىلدى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 15: ۋاڭ خۇڭيى؛ نىزامىدىن قارى، ھېسامىدىن قارى، ئەمەت قازى، سۇلايمان مەخسۇم، يۇنۇس قازى، قۇربان ھوشۇر، ئىمىن، ھوشۇر ئوسمان، ئابلا ئېلى ئوسمان، ئابلا ئەھەت، ئابدۇرېھىم، ئايزىم قۇربان، ئابدۇرېھىم قازى، تۇردى تۇنىياز. رەئىسلىكنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇڭيى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، نىزامىدىن قازى مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## 2. سىياسىي كېڭەش 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1960 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چاقىرىلدى، يىغىن 6 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 51 ئەزا قاتناشتى.

يىغىندا «تۆت يىلدىن بېرى پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي خىزمىتى چۆرىدىلىپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار سەپەرۋەر* قىلىش، تەشكىللەش خىزمىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خەلق دېموكراتىك بىرلىك سېپى مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا پائال رول ئوينالدى» دېگەن تېمىدىكى دوكلات مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى ۋە بۇ ھەقتە قارار چىقىرىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىلدى. يىغىن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1960 ـ يىللىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداش ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنداش يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 15: ۋاڭ خۇڭيى، ئىسلام كېرىم، سۇلايمان مەخسۇم، ئابدۇرېھىم ئېلى، كەنجى قۇربان، زۆھرە ئېلى، قاسىم ئەيسا، قۇربان ھوشۇر، ھەسەن مەھەممەتنىياز، مەتېمىن داموللا، رەھىمدىن خاتىپ، ئىمىن ھاجى، ھاجى خاتىپ، سىراجىدىن قازى، ئابدۇللا ئەمەت. رەئىسلىككە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇڭيى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ئىسلام كېرىم، ئابدۇرېھىم ئېلى، سۇلايمان مەخسۇم مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## 3. سىياسىي كېڭەش 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1963 ـ يىل 4 ـ ئايدا چاقىرىلدى، يىغىن 6 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 61 ئەزا قاتناشتى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىندىن بۇيانقى خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خادىملارنىڭ نامزاتى ئۈستىدە بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتى. ئاخىرىدا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 19: ۋاڭ خۇڭيى، بارات يۈسۈپ، سۇلايمان مەخسۇم، مامۇت قازى، ئابدۇرېھىم ئېلى، ئۆمەر ئابدۇللا، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، زۆھرە ئېلى، قاسىم ئابدۇللا، ھەسەن مەھەممەتنىياز، سىراجىدىن قازى، مەھەممەت ئىسمائىل ھاجى، ئەمەت قازى، ئىمىن داموللا، غوپۇر قارى يۈسۈپ، ئابدۇللا تاش ئەمەت داموللا، مەھەممەت يۈسۈپ، رەھىمدىن خاتىپ، نىزامىدىن قازى. رەئىسى: ۋاڭ خۇڭيى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: بارات يۈسۈپ، ئابدۇرېھىم ئېلى، سۇلايمان مەخسۇم، مامۇت قازى.

## 4. سىياسىي كېڭەش 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1965 ـ يىل

6 - ئايدا چاقىرىلدى، يىغىن 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 61 ئەزا قاتناشتى.

يىغىندا 3 - نۆۋەتلىك كومىتېت يىغىندىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خادىملارنىڭ نامزاتى ئۈستىدە بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتى. ئاخىرىدا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 19: سالى باۋخې، بارات يۈسۈپ، مامۇت قازى، مەتتىمىن داموللا، شۇ چېڭۈې، ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، ئۆمەر ئابدۇللا، ھەسەن مەھەممەتنىياز، سىراجىدىن قازى، مەھەممەت ئىسمائىل ھاجى، ئەمەت قازى، ئىمىن داموللا، غوپۇر قارى يۈسۈپ، قاسىم ئابدۇللا، تاھىر ئەمەت، مەھەممەت يۈسۈپ، رەھىمدىن خاتىپ، نىزامىدىن قازى. رەئىسى: سالى باۋخې (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: بارات يۈسۈپ (ناھىيە ھاكىمى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، مامۇت قازى، مەتتىمىن داموللا.

# 5. سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1981 - يىل 3 - ئايدا چاقىرىلدى، يىغىن 6 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 62 ئەزا قاتناشتى.

يىغىندا شىن ۋېيۈېننىڭ سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى نامىدىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، خەلق ئىگىلىكى پىلانى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى قاتارلىق خادىملارنىڭ نامزاتىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە مەسلىھەتلەشتى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەت ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلەشتى. ئاخىرىدا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 19: شىن ۋېيۈېن، مەھەممەت بارات، مامۇت قازى، ئىسلام كېرىم، ۋاھىت ھوشۇر، يۇنۇس ئىمىن، لۇ جىگيۇ، ھامىت يۈسۈپ، ئوبۇل مۇسا، ئابدۇرېھىم ئېلى، مەھەممەت ھاجى، ناسىر ئىسمائىل، يۇ ۋېنچاۋ، مىزراپ سېلىم، مەرەمنىسا، زىكرۇللا، ۋاڭ سىجى، شياڭ گۈيخۇا (ئايال)، ئامىنە ئېزىز. رەئىسى: شىن ۋېيۈېن (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇ جىگيۇ، ئىسلام كېرىم، ۋاھىت ھوشۇر، يۇنۇس ئىمىن، ئوبۇل مۇسا، مەھەممەت بارات، مامۇت قازى.

# 6. سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - يىغىنى    بۇ يىغىن 1984 - يىل 7 - ئايدا چاقىرىلدى، يىغىن 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 75 ئەزا قاتناشتى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، قۇرۇلتايدا بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. ئەزالار ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى جىڭشۈەننىڭ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك

كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ۋە مۇئاۋىن رەئىس دېڭ يىڭچاۋنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى. يىغىن ئاخىرىدا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 19: ئىسلام كېرىم، لۇجىڭيۇ، يۈنۈس ئىمىن، مەھەممەتشېرىپ ساۋۇت، جياڭ يۈگجۇڭ، مەھەممەت بارات، مەرەمنىسا، ھاجى، مەھەممەت ئامىنە ئېزىز، شياڭ گۈيخۇا (ئايال)، باۋ دېەنخۇا، ياڭ جىڭئەن، شېرىپ ھەسەن، ۋاڭ سىجى، زىكرۇللا، ئابدۇرېھىم مەھەممەتتاش، ئابدۇكېرىم مەخسۇم، تۇرسۇن نۇر، ياقۇپ داموللا. رەئىسى: ئىسلام كېرىم، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇجىڭيۇ، يۈنۈس ئىمىن، مەھەممەتشېرىپ ساۋۇت، جياڭ يۈگجۇڭ، مەھەممەت بارات، مەھەممەت ھاجى.

2 - يىغىنى بۇ يىغىن 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چاقىرىلدى، يىغىن 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 71 ئەزا قاتناشتى، 18 كىشى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى، 3 كىشى سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا «تۆت بولۇش» (غايىلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، بىلىملىك بولۇش، ئىنتىزامچان بولۇش) قا ئائىت ماتېرىياللار نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تەشۋىق قىلىپ ۋە كۈچەيتىپ، 80 - ۋە 90 - يىللاردىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش يۈزىسىدىن چارە-تەدبىر كۆرسىتىلدى.

## 7. سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - يىغىنى بۇ يىغىن 1987 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چاقىرىلدى، يىغىن 5 كۈن داۋام قىلدى ، يىغىنغا 75 ئەزا قاتناشتى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى؛ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ئەزالار قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا سىرتتىن قاتناشتى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 17: مامۇت ئىسمائىل، ليۇ يۇياۋ، يۈنۈس ئىمىن، مەھەممەتشېرىپ ساۋۇت، جياڭ يۈگجۇڭ، كېرىم قاسىم، تۇردى نىياز، ياڭ جىڭئەن، تۇرسۇن ئابدۇراخمان، باۋ دېەنخۇا، مەرەمنىسا، ئابدۇرېھىم مەھەممەتھاجى، زىكرۇللا، شەرۋان ئىمىن، ئابدۇكېرىم ئەخمەت، ياڭ يىفېي، ۋاڭ زېكاڭ. رەئىسى: مامۇت ئىسمائىل، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ليۇ يۇياۋ، يۈنۈس ئىمىن، مەھەممەتشېرىپ ساۋۇت، جياڭ يۈگجۇڭ، كېرىم قاسىم.

2 - يىغىنى بۇ يىغىن 1988 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چاقىرىلدى، يىغىن 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 75 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قارار شەكىللەندى.

## 8. سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - يىغىنى بۇ يىغىن 1990 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چاقىرىلدى، يىغىن 5 كۈن داۋام قىلدى، يىغىنغا 75 ئەزا قاتناشتى، 10 كىشى سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا سىرتتىن قاتناشتى.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 15: مامۇت ئىسمائىل، قاسىم ئابدۇللا، جياڭ يۈڭجۈڭ، كېرىم قاسىم، ياڭ جىڭئەن، تۇردى نىياز ھاجى، ساۋۇت ئۆمەر، تۇرسۇن ئابدۇراخمان، باۋ دېەنخۋا، ئابدۇرېھىم مەھەممەتھاجى، شەرۋان ئىمىن، ئابدۇكېرىم ئەخمەت، شاۋ زېتاڭ، ليۇ خەنجاڭ، زەيتۇنەم. رەئىسى: مامۇت ئىسمائىل، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: قاسىم ئابدۇللا، جياڭ يۈڭجۈڭ، كېرىم قاسىم، ياڭ جىڭئەن، تۇردى نىياز ھاجى، ساۋۇت ئۆمەر.

### سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

سىياسەت: 4 — 1 - جەدۋەل

| نۆۋىتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| 1 - نۆۋەتلىك (1956 - يىل 10 - ئايدىن 1960 - يىل 6 - ئايغىچە) | رەئىس | ۋاڭ خۇڭيى | ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى |
| | مۇئاۋىن رەئىس | نىزامىدىن قازى | يۇقىرى قاتلام دىنىي زات |
| 2 - نۆۋەتلىك (1960 - يىل 6 - ئايدىن 1963 - يىل 4 - ئايغىچە) | رەئىس | ۋاڭ خۇڭيى | ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ئىسلام كېرىم | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ئابدۇرېھىم ئېلى | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | سۇلايمان مەخسۇم | |
| 3 - نۆۋەتلىك (1963 - يىل 4 - ئايدىن 1965 - يىل 6 - ئايغىچە) | رەئىس | ۋاڭ خۇڭيى | ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى |
| | مۇئاۋىن رەئىس | بارات يۈسۈپ | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ئابدۇرېھىم ئېلى | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | سۇلايمان مەخسۇم | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مامۇت قازى | |
| 4 - نۆۋەتلىك (1965 - يىل 6 - ئايدىن 1981 - يىل 3 - ئايغىچە) | رەئىس | ۋاڭ خۇڭيى | ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى |
| | مۇئاۋىن رەئىس | بارات يۈسۈپ | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ئابدۇرېھىم ئېلى | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | سۇلايمان مەخسۇم | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مامۇت قازى | |

| | رەئىس | شىن ۋېيۈەن | ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى |
|---|---|---|---|
| 5 ـ نۆۋەتلىك (1981 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە) | مۇئاۋىن رەئىس | لۇ جىڭيۇ | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ئىسلام كېرىم | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | زاھىت ھوشۇر | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | يۇنۇس ئىمىن | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | تۇبۇل مۇسا | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مەھەممەت بارات | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مامۇت قازى | |
| 6 ـ نۆۋەتلىك (1984 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1987 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە) | رەئىس | ئىسلام كېرىم | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | لۇ جىڭيۇ | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | يۇنۇس ئىمىن | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مەھەممەتتىشېرىپ ساۋۇت | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | جياڭ يۇڭجۇڭ | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مەھەممەت بارات | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مەھەممەت ھاجى | |
| 7 ـ نۆۋەتلىك (1987 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1990 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە) | رەئىس | مامۇت ئىسمائىل | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | لىيۇ يۈياۋ | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | يۇنۇس ئىمىن | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | مەھەممەتتىشېرىپ ساۋۇت | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | جياڭ يۇڭجۇڭ | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | كېرىم قاسىم | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | تۇردى نىيازھاجى | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ساۋۇت نىياز | |
| 8 ـ نۆۋەتلىك (1990 ـ يىل 8 ـ ئايدىن باشلاپ) | رەئىس | مامۇت ئىسمائىل | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | قاسىم ئابدۇللا | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | جياڭ يۇڭجۇڭ | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | كېرىم قاسىم | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ياڭ جىڭتەن | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | ساۋۇت ئۆمەر | |
| | مۇئاۋىن رەئىس | تۇردى نىيازھاجى | |

## §2 . سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى — ھەرساھە، ھەر قاتلام زاتلار بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى مۇھىم ۋاستە. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن بېرى، ناھىيىنىڭ سىياسىي ھاياتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ قاتارلىق جەھەتلىرىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە سىياسىي جەھەتتىن مەسلىھەتلىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىشقا قاتناشتى.

1956 - يىلدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنىدىن 1960 - يىلدىكى 2 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنىغا قەدەر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى 10 قېتىم، ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى 8 قېتىم، كېڭەيتىلگەن يىغىن 13 قېتىم ئېچىلىپ، ناھىيىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر، سىياسىي ھەرىكەتلەر ئۈستىدە كېڭەشلىدى، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى. يۇقىرى قاتلام مىللىي، دىنىي زاتلارغا قارىتا «ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش» فاڭجېنى قوللىنىلدى، ئۇلارنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرىگە قۇلاق سېلىنىپ، خىزمەتلەر ياخشىلاندى، خەلقتىن كەلگەن 288 پارچە خەت، 108 قېتىم ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر ئەستايىدىل بىر ياقلىق قىلىندى، بۇ پارتىيە بىلەن پارتىيىسىز ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتا، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى. ئەزالار 1963 — 1965 - يىلغىچە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن دوكلات، خەلق ئىگىلىكى پىلانى توغرىسىدىكى دوكلات، مالىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات، سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە ۋەزىيەت توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ناھىيىنىڭ 3 - بەش يىللىق پىلانى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە كېڭەشىشكە قاتناشتى. 1966 — 1976 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سىياسىي كېڭەش پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، خىزمەت - پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1981 - يىلى سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن تارتىپ 1985 - يىلغىچە سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى 18 قېتىم، ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى 11 قېتىم ئېچىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا پائال قاتنىشىلدى، زور تەدبىرلەر ئۈستىدە بىرلىكتە كېڭەشلىدى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىگە ماسلاشقان ھالدا ھەرخىل ۋەزىپىلەر پائال ئورۇندالدى. پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلارغا ئادەم ئەۋەتىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1983 - يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق 6 كادىر 61 نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالدى، بىر يىل خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق 55 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق بېيىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىلدى. ئۇلار دېھقانلارنى دوست تۇتۇپ، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاپ، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئاممىدىن كەلگەن خەتلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ۋاقتىدا بىر ياقلىق قىلىپ، بىرمۇ بىر ئەمەلىيلەشتۈردى.

1987 - يىلى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ئەزالار 140 تەكلىپ، پىكىر بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تارماقلىرىغا بېرىلگىنى 32، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرىغا بېرىلگىنى 108. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەل قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ تەكلىپ،

پىكىرلەردىن 118ى ھەل قىلىنىدى، بۇ ئومۇمىي تەكلىپ، پىكىرنىڭ 84.29%نى ئىگىلىدى. قالغان 22 تەكلىپ، پىكىرمۇ پائال شەرت ـ شارائىت يارىتىش ئارقىلىق پەيدىنپەي ھەل قىلىنىدى. سىياسىي كېڭەش سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەزالار تاشمىلىق، تېرىم، زەمىن، پاختەكلە، بەشكېرەمدىن ئىبارەت 5 يېزا ۋە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى، ئۇلار پىكىر ئېلىش ئارقىلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپتىن 12نى قوبۇل قىلدى، بۇ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى.

1990 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش بىر قىسىم سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئىلى ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىگە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە بېرىشقا تەشكىللىدى. ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتى قانداق قىلىپ پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش ئېڭى ئۆستۈرۈلدى. بۇ ئارقىلىق ناھىيىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمى تېزلىتىلدى، سىياسىي كېڭەشنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

# V باب

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## 1 § . ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلدى، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تاشقى سودا ئىدارىسى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، پاختا زاۋۇتى، تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى، كۆمۈركان، سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. 70 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى داۋاملىق راۋاجلاندى. 1974 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 13كە يەتتى، ئەزاسى 560 بولۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 63%نى ئىگىلىدى. 1974 ـ يىلى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتاي 3 كۈن داۋام قىلدى، ئۇنىڭغا 40 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ۋالىي بىر ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋالى شىگرۇڭ قۇرۇلتايغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 11 ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ

چىقىلدى، تىلىۋالدى توختى رەئىس، ۋاڭ بىن، ئىمىن يۈسۈپلەر مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى بىر نەچچە قېتىم ئالماشتى، 1979 ـ يىلى سۇ شۇۋۇ رەئىس بولدى، 1981 ـ يىلى ليۇ جيۇلىن مۇئاۋىن رەئىس بولدى، 1982 ـ يىلى مۇتەللىپ مۇئاۋىن رەئىس بولدى، 1983 ـ يىلى چېن كەيبې رەئىس بولدى، 1984 ـ يىلى مۇتەللىپ رەئىس بولدى، 1986 ـ يىلى جۇ جيەنجۇڭ مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى تەشكىل تەرىپىدىن تەيىنلەندى. 1980 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 23كە، ئەزاسى 1200 گە يەتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 66گە، ئەزاسى 2805كە يەتتى، ئەزالار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ %81نى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 106گە، ئەزاسى 7718گە يەتتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى ئىچىدە ئايال ئەزا 2410، خەنزۇ ئەزا 2386.

## §2 . دېھقانلار جەمئىيىتى

### 1. دېھقانلار جەمئىيىتى

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىدىكى 247 كەنت، 102 يېزا، 8 دېھقانچىلىق رايونىدا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، دېھقانلار جەمئىيىتىگە 90 مىڭ 505 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتاي 4 كۈن داۋام قىلدى. قۇرۇلتايغا 171 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلار ۋەكىلى 103 بولۇپ، %60.23نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىلى 68 بولۇپ، %39.77نى ئىگىلىدى. قۇرۇلتايغا ئىشچىلار ۋەكىلىدىن 8ى، سودىگەرلەر ۋەكىلىدىن 6 سى سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا قەشقەر بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، باۋ، جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، خەلق ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىش، يەرلەرنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەكشۈرۈلدى ۋە يەكۈنلەندى. مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار» ۋە «مۇچىلىقتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى. ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى سايلاپ چىقىلدى، مەھەممەت ئۆمەر رەئىسلىككە، رېھىم تىلىۋالدى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. قەشقەر رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، 2 ـ جۇڭنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش، يېپىلىش مۇراسىملىرىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

1951 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 295 ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتاي 6 كۈن داۋام قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇباۋجيې قۇرۇلتايدا «دېھقانچىلىق ئىشلىرى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئاممىۋى تەشكىلات ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر توغرىسىدا دوكلات» بەردى، دوكلاتتا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش مەركىزىي خىزمەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە، دېھقانلار جەمئىيىتى دېھقانلارنى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا قوزغىدى ۋە تەشكىللىدى. دېھقانلار جەمئىيىتى شۇنىڭدىن كېيىنكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى.

1953 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىدە فېئوداللىق يەر ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلدى، ھەر دەرىجىلىك دېھقانلار جەمئىيەتلىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن

تارقىلىپ كەتتى.

## 2. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

بۇ جەمئىيەت 1963 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى («تۆتنى تازىلاش») داۋامىدا قۇرۇلدى. 1965 - يىلى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي 8 كۈن داۋام قىلدى، قۇرۇلتايغا 303 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 51 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجىسى چى گو، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى مىڭ شۇلىن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى جۇ باۋجىي، ئابلايوفلار ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتايدا سەيپىدىن ئەزىزى «جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، 3 يىل جاپالىق كۆرەش قىلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ۋىلايەت بويىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ناھىيىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇباۋجىي قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى نامىدىن «ئىنقىلاب تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر كوناشەھەرنى قۇرۇپ چىقايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى سالى باۋخې «سىنىپىي كۆرەشنى، سوتسىيالىزم يولىنى تۇتقا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدىن خۇلاسە چىقىرىلدى، ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى، «جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى قۇرۇپ چىقايلى» دېگەن قارار چىقىرىلدى، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار كومىتېتىنىڭ 19 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، سالى باۋخې رەئىسلىككە (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، مەھەممەت يۈسۈپ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى، ش ئۇ ئا ر كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 16 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

1974 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن بۇيانقى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى يەكۈنلەندى، 2 - نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى كومىتېتى، جەمئىيەتنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 44 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. مەھەممەت ئۆمەر ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، چياۋ لەنيۇ، مەھەممەت يۈسۈپ، تۇرسۇن مەھەممەت (ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان)، خەرنىسا قۇربان (ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان) لار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

## § 3. ئاياللار بىرلەشمىسى

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 1950 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلدى. 1966 - يىلى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاياللار تەشكىلاتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋاكالىتەن بېجىردى. 1973 - يىلى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 2. ئاياللار قۇرۇلتىيى

1951 - يىل 5 - ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي 5 كۈن داۋام قىلدى، قۇرۇلتايغا 392 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئازادلىقتىن كېيىنكى ئاياللار خىزمىتى يەكۈنلەندى، ناھىيىدىكى ئاياللار ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پائال قاتنىشىپ، ئاياللارنىڭ ئۆزىنى - كېمىل ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، رابىيە موللاك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، پاتەم ئىبراھىم مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

1956 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 315 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ئاياللار خىزمىتى يەكۈنلەندى، ئاياللار ئاممىسى ئومۇمىي ساۋات ئۆگىنىش، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشكە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قاتنىششقا چاقىرىلدى. ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئايىزىم قۇربان ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

1973 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 470 ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، زۆھرە ئېلى مۇدىرلىققا، بۇخەلىچە ھوشۇر مۇئاۋىن مۇدىرلىققا (ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان) سايلاندى. قۇرۇلتايدا ش ئۇ ئا ر 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 6 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

1983 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 130 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، كوممۇنىستىك ئىدىيە يادرو قىلىنغان «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» (يەنى مەدەنىي بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، پاكىز بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش؛ تىلى گۈزەل بولۇش، قەلبى گۈزەل بولۇش، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇش، مۇھىتى گۈزەل بولۇش؛ پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش) تەربىيىسى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، زۆھرە ئېلى مۇدىرلىققا، پاشا ئىسمائىل مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى. ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 6 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

1988 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي 2 كۈن داۋام قىلدى، قۇرۇلتايغا 110 ۋەكىل قاتناشتى، 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ۋەكىللەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 101، خەنزۇ ۋەكىل 9. قۇرۇلتايدا پاشا ئىسمائىل ناھىيىدىكى ئاياللار نامىدىن «ئىسلاھات داۋامىدا غەلىبىسىرى ئالغا باسايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، پاشا ئىسمائىل مۇدىرلىققا، ياڭ ئەيلىيەن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى. قۇرۇلتايدا ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 3 ۋەكىل سايلاپ

چىقىلدى.

## 4 § . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى

### 1 . تەشكىلىي ئاپپارات

1950 ـ يىلى ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، ئىلغار ياشلار ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىندى. 1951 ـ يىلى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق ئەزالىرى خىزمەت كومىتېتى (رايون دەرىجىلىك) دىن 8ى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىدىن 44ى قۇرۇلدى، 802 ياش ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. كومىتېت قارمىقىدا تەشكىلات، تەشۋىقات، ئۆسمۈرلەر ـ باللار خىزمىتى تارماقلىرى تەسىس قىلىندى.

1957 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن 1966 — 1972 ـ يىلغىچە ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1973 ـ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇ يىلى ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، 8 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1990 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 19غا، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 26گە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 437گە يەتتى.

### 2 . ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى

1953 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 83 ۋەكىل قاتناشتى، 8 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ليۇ فۇزېڭنىڭ ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ليۇ فۇزېڭ شۇجىلىققا، ئابدۇرېھىم قۇربان مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1955 ـ يىلى ناھىيىلىك 2 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 116 ۋەكىل قاتناشتى، 10 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا 2 يىلدىن بۇيانقى ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى ھەمدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. شىڭ خۇڭدې شۇجىلىققا، تۇردى نىياز مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك 3 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 210 ۋەكىل قاتناشتى، 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. تۇردى نىياز شۇجىلىققا، ۋاڭ جيۇ مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1957 ـ يىلى ناھىيىلىك 4 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 159 ۋەكىل قاتناشتى، 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ

«جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىش» توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. تۇردى نىياز شۇجىلىققا، ۋاڭ جىيۇ مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1959 - يىلى ناھىيىلىك 5 - قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 205 ۋەكىل قاتناشتى، 15 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. جاۋ شىنيىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى ۋە ئىتتىپاق خىزمىتىگە باشچىلىق قىلدى.

1961 - يىلى ناھىيىلىك 6 - قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 268 ۋەكىل قاتناشتى، 11 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. جاۋ شىنيىڭ (ئىتتىپاق خىزمىتىگە باشچىلىق قىلىدىغان)، ئابدۇراخمان توختىلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1963 - يىلى ناھىيىلىك 7 - قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 217 ۋەكىل قاتناشتى، 33 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. چېن جۇنباۋ شۇجىلىققا، قاسىم ئابدۇللا مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك 8 - قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 270 ۋەكىل قاتناشتى، 68 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. قاسىم ئابدۇللا شۇجىلىققا سايلاندى.

1982 - يىلى ناھىيىلىك 9 - قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 224 ۋەكىل قاتناشتى، 10 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. چياۋ شۆلۇن، ئەركىن مەھەممەتلەر مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1987 - يىلى ناھىيىلىك 10 - قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 225 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىتتىپاق خىزمىتى يەكۈنلەندى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. دېڭ لىمىي شۇجىلىققا، ئەسەت ئىبراھىم مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى**

سىياسەت: 5 — 1 - جەدۋەل

| يىللار | ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى | ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى | ئىتتىپاق ياچېيكىسى | ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ سانى |
|---|---|---|---|---|
| 1950 | | | 3 | 35 |
| 1953 | 8 | | 44 | 802 |
| 1957 | 13 | 34 | 165 | 5772 |
| 1960 | 11 | 36 | 353 | 7474 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1962 | 11 | 45 | 372 | 7923 |
| 1965 | 13 | 1 | 322 | 10973 |
| 1978 | 11 | 2 | 212 | 7632 |
| 1980 | 11 | 3 | 219 | 7111 |
| 1985 | 19 | 28 | 411 | 11332 |
| 1990 | 19 | 26 | 437 | 9508 |

## 3. پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتى 1956 - يىلى ناھىيە ئىچىدىكى مەكتەپلەردە قۇرۇلدى، شۇ يىلى 28 ئەترەت قۇرۇلدى، 1024 ئوقۇغۇچى پىئونېرلىققا قوبۇل قىلىندى. 22 يېتەكچى قويۇلدى. 1959 - يىلى پىئونېرلار ئەترىتى 48 گە، يېتەكچى 150 كە، پىئونېر 7822گە يەتتى. 1961 - يىلى پىئونېرلار ئەترىتى 84 كە، پىئونېر15 مىڭ 865كە، يېتەكچى 451گە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1978 - يىلى پىئونېرلار ئەترىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى ناھىيىدىكى پىئونېرلار ئەترىتى 104، پىئونېر 6232، يېتەكچى 104 ئىدى. 1982 - يىلى پىئونېرلار تەشكىلاتى تېز راۋاجلىنىپ، پىئونېرلار ئەترىتى 194كە، پىئونېر 14 مىڭ 3 كە، يېتەكچى 867 گە يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيىدىكى پىئونېرلار ئەترىتى 194كە، پىئونېر 36 مىڭ 762گە يەتتى، پىئونېرلىققا ئۆتكەن ئۆسمۈرلەر ناھىيىدىكى ئۆسمۈلەرنىڭ %2 .85نى ئىگىلىدى، يېتەكچى 1018گە يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيىدىكى پىئونېرلار ئەترىتى 209غا، پىئونېر 39 مىڭ 398 گە يەتتى، پىئونېرلىققا ئۆتكەن ئۆسمۈرلەر ناھىيىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ %23 .93نى ئىگىلىدى، يېتەكچى 1627گە يەتتى.

1966 - يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى پىئونېرلار ئەترىتى پىئونېرلارغا ئەمگەكنى، كوللېكتىپنى، ۋەتەننى سۆيۈشتىن ئىبارەت «ئۈچنى سۆيۈش» تەربىيىسى بەردى. كىچىك ئىلمىي تەجرىبە، 4 زىيانداشنى يوقىتىش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، ئوقۇت توپلاش، ئاشلىق تېجەش قاتارلىق پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆسمۈرلەردە كىچىكىدىن تارتىپلا كوللېكتىپنى، ئەمگەكنى، ئىلىم - پەننى سۆيىدىغان، تازىلىققا رىئايە قىلىدىغان، تىرىشچان - ئىقتىسادچىل بولىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈلدى. 1978 - يىلى پىئونېرلار ئەترىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ئىلىم - پەننى، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت «بەشنى سۆيۈش» تەربىيىسى ۋە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى كەيپىيات يارىتىش، ئۈچتە ياخشىلارنى يارىتىش» (ئىدىيىدە ياخشى، ئۆگىنىشتە ياخشى، سالامەتلىكتە ياخشى) قاتارلىق پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 1981 - يىلى ناھىيىدە 156 مۇنەۋۋەر پىئونېر، 12 مۇنەۋۋەر يېتەكچى باھالاپ چىقىلدى. 1985 - يىلى ناھىيىدە 192 مۇنەۋۋەر پىئونېر، 15 مۇنەۋۋەر يېتەكچى باھالاپ چىقىلدى، 221 «پىئونېرلار ئەترىتى ئائىلىسى»، 200 پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسى بەرپا قىلىندى. 1990 - يىلى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيىدىكى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا «لېي فېڭدىن، لەي نىڭدىن ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى، پائالىيەتنىڭ تېمىسى «روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئاۋقىلىق لېي فېڭدىن، لەي نىڭدىن ئۆگىنىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «تۆتكە ئىگە، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش»تىن ئىبارەت بولدى. ناھىيە بويىچە ياشانغان، ئاجىز، ئاغرىق، مېيىپلار ۋە ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي‌لارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش، ئاقىلىق تورىدە ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا مەبلەغ توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىلدى، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق

مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاشۇرۇلدى.

## § 5 . سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

1953 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى، ئابدۇرېھىم ئېلى بىرلەشمە باشلىقى، ئېزىز يۈنۈس مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. باشتا ھەر قايسى رايونلاردا سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە 1 ـ 2 مەخسۇس خادىم قويۇلدى، خىراجەت ئەزالىق بەدىلىدىن ھەل قىلىندى. 1956 ـ يىل 3 ـ ئايدا خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، رايونلاردىكى سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7 شتاتى ساقلاپ قېلىندى.

1960 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 75 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كاپىتالىستلار ۋەكىلى 3، سودا ـ سانائەتچىلەر ۋەكىلى 57، قول سانائەتچىلەر ۋەكىلى 7، كادىرلار ۋەكىلى 8. يىغىندا مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىجرائىيە كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ناھىيىدىكى سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى يەكۈنلەندى، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆزگەرتىش ۋە پايغا ئۈسۈم بېكىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 17 ئەزاسى تولۇقلاپ سايلاندى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، 1984 ـ يىلى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەت ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا بولدى.

## § 6 . ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى

1960 ـ يىل 2 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى، جەمئىيەتكە 9 ئەزا قويۇلدى، بىر مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1962 ـ يىلى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشتا بۇ جەمئىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1981 ـ يىل 6 ـ ئايدا جەمئىيەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1985 ـ يىلى 2 مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1986 ـ يىلى ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت 19غا، ئەزاسى 1961 گە، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 205كە، بۇلارغا قاتناشقان ئادەم 3890گە يەتتى. 1990 ـ يىلى ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت 21گە، ئەزاسى 2101گە يەتتى.

پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتتى، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. 1987 ـ يىلى 127 قارار پەن ـ تېخنىكا كۇرسى ئېچىلىپ، 6221 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىيالىدىن 30 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. 1989 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى بولۇپ

باھالاندى. 1990 ـ يىلى قىشلىق پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيە، يېزىلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، 138 ئادەم تەربىيىلەندى، 4 قارار سىستېمىلىق كەسپىي كۇرس ئېچىلىپ، 282 ئادەم تەربىيىلەندى؛ يېزىلاردا 313 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 32 مىڭ 461 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. تەربىيىلەش ئارقىلىق يېزىلاردىكى زور تۈركۈم پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى تەتبىق قىلىنىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

## 7 § . ناھىيىلىك جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى

1951 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 97 شۆبە جەمئىيەت بولۇپ، 33 مىڭ 102 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇ ئارقىلىق جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىغا دائىر پائالىيەتلەر كۆچەيتىلدى. بۇ جەمئىيەت 1953 ـ يىلدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

# VI باب

# خەلق ئىشلىرى

## 1 § . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

مىنگو دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىلىپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 4 كادىر بېرىلدى. خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، كادىرلار ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئەپقە بېرىش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ۋە يەر باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. 1969 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بىلەن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قوشۇۋېتىلدى، بۇلارنىڭ ئورنىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئالدى. 1973 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن، نامراتلارنى يۆلەپ، بېيىتىش خىزمىتى ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم كەسىپ بولۇپ قالدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق باشقا خەلق ئىشلىرى خىزمەتلىرىنىڭ قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1985 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئەسلىدىكى 4 تىن 9غا يەتكۈزۈلدى.

## 2 § . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى باۋ، جيا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، خەلق ھاكىمىيىتى

قۇرۇلدى. ناھىيە 12 رايون (بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق رايونى 8، بازار ئىچى رايونى 4)، 102 يېزا، 57 مەھەللىگە ئايرىلدى؛ ھەر مىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلدى، رايون، يېزا (مەھەللە)، كەنت ھاكىمىيەتلىرى قۇرۇلدى، يېزا (مەھەللە)، كەنت رەھبەرلىك بەنزىلىرى سايلاپ چىقىلدى. يېزا (مەھەللە)، كەنت ھاكىمىيىتى تەركىبىدىكى خادىملار ئىچىدە كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقان (شەھەر كەمبەغىلى) لار 3 تىن 2 قىسمىنى، ئوتتۇرا دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر قاتلىمىدىكى خەلق 3 تىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغانلىقى كونكرېت بەلگىلەندى.

1953 ـ يىلى يېزىلاردا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلدى، ناھىيىدىكى 92 يېزىدا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆتكۈزۈلۈپ، يېزىلىق خەلق كومىتېتى ۋە يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى سايلاپ چىقىلدى، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1967 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

1981 ـ يىلى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، گۇڭشې (بازار) لاردا خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىش ئارقىلىق گۇڭشې كومىتېتى ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1984 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسىنىڭ «ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلىشىپ كېتىش» تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىندى، يېزا ـ بازار رەھبەرلىرى خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلدى. ناھىيە بويىچە شۇ چاغدىكى يېزا 17، بازار بىر، مەيدان 6، كەنت 219 ئىدى.

1990 ـ يىلى ئەينى چاغدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاساسەن پالەچ ھالەتكە، يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىق ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈشىگە ياردەم بېرىلدى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 3 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، يېزىلاردىكى كەنت دەرىجىلىك كادىردىن 229 ى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى، بۇ ئارقىلىق ۋەزىيەت مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، يېزا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

## 3 § . ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى

### 1. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش

1950 ـ يىلدىن باشلاپ ھېيت ـ بايراملاردا (باھار بايرىمى، قۇربان ھېيت، «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى قاتارلىقلاردا) ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئائىلىلىرىگە بېرىپ، سوۋغات تەقدىم قىلدى، ھال سورىدى ياكى ئارمىيە ـ خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1952 ـ يىلى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن تەقدىم قىلىنغان ھەرخىل ھال سوراش بۇيۇملىرىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 8515 يۈەنگە يەتتى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 856 ئائىلىگە شەرەپ تاختىسى ئېسىلدى.

1976 ـ يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تەقدىم قىلىنغان ھال سوراش بۇيۇملىرىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 6158 يۈەن بولدى. 1978 ـ يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى،

ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 53 ئائىلىگە 969 يۈەن قەرەللىك نورمىلىق ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، 268 ئائىلىگە 7200 ئېتىبار بېرىش ئىش كۈنى قوشۇپ بېرىلدى. بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 576 يۈەن بولىدۇ، 231 ئائىلىگە ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلىندى، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 1156 يۈەن بولىدۇ. 1980 ـ يىلى 99 ئائىلىگە 10 مىڭ 158 ئېتىبار بېرىش ئىش كۈنى قوشۇپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرگە ئىش نومۇرى بېرىش تۈزۈمى ئەق پۇل بىلەن ئېتىبار بېرىلىدىغان ياردەم بېرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 126 ئائىلىگە مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرگە ئېتىبار بېرىش سوممىسىدىن25 مىڭ 89 يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى، 23 مىڭ 886 يۈەن قەرەللىك نورمىلىق ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 38 ئائىلىگە شەرەپ تاختىسى ئېسىلدى.

1987 ـ يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 27 ئائىلىگە شەرەپ تاختىسى ئېسىلدى، 47 ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتىغا قەرەللىك نورمىلىق ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، ھەر ئادەمگە ئېيىغا 28 يۈەن بېرىلدى. ھېيت ـ بايراملاردا ناھىيىدە تۇرۇشلۇق «36992» قىسىم، شۆبە ھەربىي رايونى دېھقانچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت قاتارلىق ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىدىن ھال سورالدى، ئۇلارنىڭ يەرلىك ئورۇننىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرى قوبۇل قىلىندى.

1988 ـ يىلى مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان ئېتىبار بېرىش سوممىسىنىڭ ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، 1987 ـ يىلدىكى ھەر ئائىلىگە 200 — 250 يۈەن بېرىشتىن 300 يۈەن بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى؛ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بېجىرىپ بېرىلىپ، جەڭچىلەر غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىندى؛ مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھەر ئائىلىگە 500 يۈەندىن ھەقلىق نامراتلارنى يۆلەش پۇلى ھەل قىلىپ بېرىلدى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكى كەچۈرۈم قىلىندى.

1989 ـ يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 481 ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلىندى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 13 مىڭ 230 يۈەن بولىدۇ. شۇ يىلى ئاممىۋى خاراكتېردىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ـ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىدىن 5ى قۇرۇلدى، ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتىدىن 22 ئادەم (قېتىم) نىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەم بېرىلدى، ئىشلەپچىقىرىشىغا 36 ئەمگەك كۈنى ياردەم قىلىندى؛ يېزىلاردىكى رەسمىي ھەربىيلەر ئائىلىسىدىن 12 ئائىلىگە ھەر ئائىلىگە 1000 يۈەندىن ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بېجىرىپ بېرىلدى؛ رەسمىي ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان ئېتىبار بېرىش سوممىسى 60 يۈەن ئۆستۈرۈلدى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 20 ئائىلە ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولدى؛ قەرەللىك نورمىلىق بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى 30 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، 42 كىشى بۇ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى.

1990 ـ يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 228 ئائىلىگە 8903 يۈەنلىك ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلىندى، ھەربىيلەر ئائىلە مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىدىكى 228 ئائىلە (ئادەم) ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مېيىپ ھەربىيلەردىن 249 ئادەم (قېتىم) نى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلدى. ھەربىر مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەر ئائىلىسىگە 600 يۈەندىن ئوبوروت فوندى تارقىتىپ بېرىلدى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بىر ئەزانىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكى كەچۈرۈم قىلىندى. ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 18 مىڭ 720 يۈەن قەرەللىك نورمىلىق ياردەم بېرىلدى.

## 2. ئېتىبار بېرىش ئەھۋالى

1950 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ناھىيەدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مېيىپ ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن بوشانغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋاقتىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ۋە تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىندى ھەمدە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ۋە ھەربىي سەپتىن بوشانغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېتىبار بېرىش خىزمىتى پەيدىنپەي مۇنتىزىملىشىشقا يۈزلەندى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ھەريىلى باھار بايرىمىدا ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، پىكىر ئېلىپ تۇردى. 1973 ـ يىلدىن كېيىن، يىلىغا بىر قېتىم ئېچىلىپ تۇرىدىغان سۆھبەت يىغىنى توختاپ قالدى. 1979 ـ يىلى ناھىيەدىكى ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرى يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ تىزىملاندى، ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرى يەنىمۇ تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىپ، ئېتىبار بېرىش خىزمىتى تەرتىپكە سېلىندى.

ئىنقىلابىي مېيىپلارغا باھالاپ بېكىتىلگەن مېيىپلىق دەرىجىسى ياردەم ئۆلچىمى بويىچە ھەربىر ئادەمگە مېيىپلىق پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيەدىكى ئىنقىلابىي مېيىپ 16 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ «ئا» دەرىجىلىكى 2 كىشى، 2 ـ «ب» دەرىجىلىكى 4 كىشى، 3 ـ «ئا» دەرىجىلىكى 6 كىشى، 3 ـ «ب» دەرىجىلىكى 4 كىشى.

1990 ـ يىلى ناھىيەدىكى ئىنقىلابىي مېيىپ 15 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ «ئا» دەرىجىلىكى 2 كىشى، 2 ـ «ب» دەرىجىلىكى 3 كىشى، 3 ـ «ئا» دەرىجىلىكى 5 كىشى، 3 ـ «ب» دەرىجىلىكى 3 كىشى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1985 ـ يىلى ئىنقىلابىي مېيىپلارغا مېيىپلىق پۇلى تارقىتىش ئۆلچىمى

سىياسەت: 6 — 1 ـ جەدۋەل

| دەرىجىسى | خىزمەتتە بولمىغان خادىملار | | خىزمەتتىكى خادىملار | |
|---|---|---|---|---|
| | ئورۇش سەۋەبىدىن مېيىپ بولغانلار | خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلار | ئورۇش سەۋەبىدىن مېيىپ بولغانلار | خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلار |
| ئالاھىدە دەرىجىلىك | 741 | 673 | 132 | 120 |
| 1 ـ دەرىجىلىك | 647 | 603 | 118 | 108 |
| 2 ـ «ئا» دەرىجىلىك | 507 | 455 | 96 | 86 |
| 2 ـ «ب» دەرىجىلىك | 385 | 348 | 84 | 76 |
| 3 ـ «ئا» دەرىجىلىك | 234 | 234 | 70 | 64 |
| 3 ـ «ب» دەرىجىلىك | 182 | 182 | 60 | 56 |

ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرى ئىچىدە ئەمگەك كۈچى بولمىغان ياكى ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن ئاساسەن ئايرىلىپ قالغان ئىگە ـ چاقىسىز بوۋاي ـ موماي‌لار، كېسەلچان، مېيىپ خادىملارغا قەرەللىك ئۆلچەملىك ياردەم بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ شۇ جايدىكى دېھقان كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش

سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا ئىگە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئەمگەك كۈنى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش چارىسى قوللىنىلدى. مەسىلەن: 1956 - يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 59 ئائىلىگە 1405 ئەمگەك كۈنى ئېتىبار بېرىلدى، بۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن ئەمگەك كۈنىنىڭ 3 تىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرى ۋە خىراجەت چىقىمى ئەھۋالى

سىياسەت؛ 6 — 2 . جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى: ئائىلە سانى | ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى: جان سانى | رەسمىي ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى: ئائىلە سانى | رەسمىي ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى: جان سانى | مېيىپلار | ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر | خىراجەت چىقىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 342 | 26 | 135 | 290 | 1390 | 9 | 17 | |
| 1953 | 1741 | 2 | 207 | 1603 | 3635 | 4 | 132 | |
| 1957 | 1231 | 19 | 93 | 684 | 3131 | 15 | 513 | 6080 |
| 1962 | 229 | 7 | 34 | | | | 222 | 4500 |
| 1970 | | | | | | | | 3109 |
| 1974 | 970 | 1 | 3 | 304 | 1279 | 9 | 656 | 7908 |
| 1978 | 595 | | | 217 | 936 | 9 | 369 | 42839 |
| 1980 | 674 | 1 | 2 | 242 | 1080 | 9 | 422 | 66141 |
| 1983 | 975 | 1 | 2 | 272 | | 14 | 688 | 20352 |
| 1984 | 1829 | 1 | 2 | 385 | 1540 | 16 | 1427 | 23474 |
| 1985 | 1093 | 1 | 2 | 107 | 542 | 16 | 969 | 34324 |
| 1987 | | | | 15 | | | | |

## 3. ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى «قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە بېرىش»تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىزمەت پائال مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەندى. يۇرتىغا قايتىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ماكانلىشىپ بىر-بىر ئىشىنىڭ بېشىنى تۇتۇشىغا ياردەم بېرىلدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىپ بېرىلدى؛ ناھىيە بازىرىغا قايتىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ شۇ جايدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، دۆلەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىشى ۋە سانائەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىغا ياردەم بېرىلدى. مەسىلەن: 1958 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەردىن 54ى دۆلەت ئورگانلىرىغا، 125 ى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، جەمئىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم 179 بولۇپ، شۇ چاغدىكى ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ %33.6 نى ئىگىلىدى؛ يېزىلارغا قايتقان ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن باشقا ھەربىيلەرنىڭ كۆپچىلىكى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى تايانچلاردىن

بولۇپ قالدى. 1979 ـ يىلى ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن 558 ھەربىي ئىچىدە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى 250 بولۇپ، 44.8% نى، ئاساسىي قاتلام كادىرى بولغانلار 207 بولۇپ، 37% نى؛ «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر 42 بولۇپ، 7.5% نى ئىگىلىگەن. 1980 — 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەردىن 382 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى 233، يېزىلاردىكىسى 149. ناھىيە بازىرىدىكى ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىچىدە ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولغان، قىسىمدا 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ياكى كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغانلاردىن ئەمگەك، كادىرلار تارماقلىرىنىڭ سىناپ كۆرۈشى ئارقىلىق 13 كىشى كادىرلىققا، 220 كىشى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندى. يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىچىدە 1983 — 1989 ـ يىلغىچە 32 كىشى كادىرلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى 4، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى 28، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغىنى 16، خىزمەت ئىلغارى 30، يېزىلىق خەلق ۋەكىللىكىگە سايلانغىنى 13. 1981 ـ 1985 ـ يىلغىچە ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەردىن 67 كىشىگە 106 ئېغىز يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىلدى، 77 ئېغىز ئۆي رېمونت قىلىپ بېرىلدى، ئۆي سېلىشقا 11 مىڭ 830 يۈەن ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بېرىلدى. 1987 — 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بازىرى تەۋەلىكىدىكى ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن 31 ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قىسىمدىكى ئىپادىسىگە ئاساسەن، بىر ئادەمدىن باشقىسى، مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 4. ئېتىبار بېرىلگۈچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى

1955 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىملىق ئېتىبار بېرىلگۈچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 47 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىلى 3، رەسمىي ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىلى 33، ئېتىبار بېرىش خىزمىتىدىكى نەمۇنىچىلار ۋەكىلى 7، ئامما ئارىسىدىكى نەمۇنىچىلار ۋەكىلى 4. يىغىننىڭ تېمىسى ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنىڭ قانات يېيىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ۋە تەكشۈرۈپ، ئېتىبار بېرىش چارىسى ۋە تۈزۈمىنى بەلگىلەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ۋە باش ۋەزىپىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ۋە يىغىنغا قاتناشقان باشقا ۋەكىللەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسى، سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىپ، قىسىم، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چىڭىتىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئادەتتە يىلىغا بىر قېتىم ئېتىبار بېرىلگۈچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ تۇردى.

# § 4. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

## 1. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا ۋە ئىجتىمائىي

ئىشلەپچىقىرىشقا قىسمەن تەسىر كۆرسىتىدىغان كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، بوران، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش ئاساس قىلىنىدى، دۆلەت زۆرۈر ياردەم بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە مەدەت بەردى. 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئوپال، مۇش يېزىلىرىدا 7.4 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەشتە 45 ئادەم ئۆلدى، 157 ئادەم يارىلاندى، 21 مىڭ 69 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى، 1020 تۇياق چارۋا يارىلاندى ۋە ئۆلدى، 584 توننا ئاشلىق زىيانغا ئۇچرىدى، جەمئىي زىياننى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 23 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېشەن يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ يۇرت - ماكانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دەرھال ناھىيە بازىرىدىكى 3 تىن 2 قىسىم ئورگان كادىرىنى باشلاپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق بىلەن يېمەك - ئىچمەكتە، يېتىش - قوپۇشتا بىللە بولۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە 3 ئايدىن ئارتۇق قوماندانلىق قىلدى. مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. ھەر جەھەتتىن بېرىلگەن ماددىي ياردەمنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 1 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 3274 ئائىلىنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۇلار يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن يېنىكرەك زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان 1592 ئائىلىنىڭ ئۆيى رېمونت قىلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سوممىسىنىڭ تارقىتىلىش ئەھۋالى**

سىياسەت: 6 — 3 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سوممىسى | يىللار | ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سوممىسى | يىللار | ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 3700 | 1979 | 130000 | 1985 | 6610000 |
| 1954 | 5770 | 1980 | 770 | 1986 | 130000 . |
| 1955 | 5500 | 1981 | 169670 | 1987 | 287000 |
| 1957 | 38104 | 1982 | 24380 | 1988 | 256653 |
| 1976 | 60000 | 1983 | 87776 | 1989 | 187900 |
| 1978 | 25000 | 1984 | 74310 | 1990 | 90000 |

## 2. نامراتلارنى قۇتقۇزۇش

50 - يىللارنىڭ بېشىدا بازار - يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرمۇ يۆلەنچۈكى بولمىغان سالتاڭ - ساياق، يېتىم - يېسىرلەر، ياشانغان، ئاجىز، ئاغرىق، مېيىپلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىلدى. كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن كېيىن، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش» (يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، يېتىش - قوپۇش، داۋالىنىش، ئۆلۈمىنى ئۆزىتىش جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىش) شەرتىگە توشىدىغانلارغا، ئاساسەن، كوللېكتىپ ئىقتىسادىغا تايىنىپ «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش» يولغا قويۇلدى، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش» شەرتىگە توشمايدىغانلارغا دۆلەت تەرىپىدىن ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا ئىجتىمائىي

قۇتقۇزۇش سوممىسى تارقىتىلىپ، ھەلكىلىك ياردەم بېرىلدى. 1951 — 1985 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 2 مىليون 947 مىڭ 800 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش سوممىسى تارقىتىلدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 84 مىڭ يۈەندىن تارقىتىلدى، ئەڭ كۆپ تارقىتىلغان 1965 - يىلى 460 مىڭ 900 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش سوممىسى تارقىتىلدى، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» ، نامرات ئائىلىدىن 12 مىڭ ئائىلىدىكى 41 مىڭ 882 كىشى قۇتقۇزۇلدى، بۇلار ناھىيە نوپۇسىنىڭ 22.8%نى ئىگىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىش جەھەتتە، 188 ئېشەك ھارۋىسى، 69 كالا، 562 ئېشەك، 1692 تۇياق قوي، 9343 كەتمەن، تاغار قاتارلىق ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى؛ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىش جەھەتتە، 86.5 توننا ئاشلىق، 45 مىڭ 599 مېتىر پاختا رەخت، 8357 كىلوگرام تور پاختا، 1329 قۇر پاختىلىق كىيىم، جۇۋا، 2199 كىگىز، 180 يوتقان - كۆرپە، 1189 پار (دانە) ئۆتۈك، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، 258 قازان، چۆگۈن، چېلەك ۋە باشقا بۇيۇملار، 47 مىڭ 218 كىلوگرام ئوتۇن سېتىۋېلىندى.

1986 - يىلى «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەتىيازدىكى قەھەتچىلىكتىن ئۆتۈۋېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن 500 مىڭ جىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىلىپ، 5403 ئائىلىدىكى 20 مىڭ 853 كىشى قۇتقۇزۇلدى. يازدا 500 قۇر يالاڭ كىيىم، 2135 قۇر يالاڭ شىم تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار كىيىمى - كېچەك 700 قۇر، ئاپتونوم رايون ئىئانە قىلغان 5000 كىشىلىكتىن ئارتۇق كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بېرىلدى. قىش پەسلىدە 500 يوتقان، 100 قۇر پاختىلىق چاپان، 350 قۇر ئەرەنچە، ئاياللارچە پاختىلىق كىيىم تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 340 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش سوممىسى تارقىتىلدى.

## 3. ياشانغانلار ساناتورىيىسى

1958 - يىلى يېزىلاردا خەلق گومۇنىسى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدە گومۇنا بىرلىك قىلىنغان ھالدا ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى، بىرمۇ يۆلەنچۈكى يوق بوۋاي - مومايلار ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە ساناتورىيە باشلىقى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار قويۇلدى. 1959 - يىل 12 - ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيىدىكى 10 ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە ساناتورىيە باشلىقى ۋە باشقۇرۇش خادىمى بولۇپ 23 ئادەم قويۇلغان، ئىگە - چاقىسىز 313 بوۋاي - موماي ساناتورىيىگە قوبۇل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئۆزلىرى تورۇشلۇق گومۇنا، ئەترەتلەر ئۆلچەم بويىچە ئايمۇ ئاي يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئۇلارغا ئاق ئاشلىق، ياغ - گۆش بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇ جايدىكى ئادەتتىكى گومۇنا ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن سەل ياخشى بولغان. بوۋاي - مومايلارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ھەۋىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بوۋاي - مومايلار چامىسى يېتىدىغان بەزى ئىشلار، مەسىلەن: يىپ ئېگىرىش، رەخت توقۇش، كۆكتات تېرىش، توخۇ، كالا، ئۆردەك، توشقان بېقىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياشانغانلار ساناتورىيىسىمۇ ياخشىلاندى، 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 6 ياشانغانلار ساناتورىيىسى، 7 باشقۇرغۇچى خادىم، ساناتورىيىدە 48 بوۋاي - موماي بار بولدى، ساناتورىيىگە 5 رەڭسىز تېلېۋىزور، 4 كىر ئالغۇ، 2 رادىئولۇق ئۈنئالغۇ سەپلەپ بېرىلدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ياشانغانلار ساناتورىيىسى 11 گە يەتتى، ساناتورىيىدە 63 ئائىلىدىكى 75 كىشى مەركەزلىك بېقىلدى. شۇ يىلى ئوپال يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئون

ياخشى ياشانغانلار ساناتورىيىسى»نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى تەرىپىدىن يېزىلاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

## 4. نامراتلارنى يۆلەش

1983 - يىلى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، «ۋاقىتىنچە تۈزەش» بىلەن «تۈپتىن تۈزەش» بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ، مالىيە يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، نامراتلىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيىدىكى نامرات ئائىلە 11 مىڭ 363، ئادەم 41 مىڭ 304 بولۇپ، بۇ ناھىيە نوپۇسىنىڭ %18ىنى ئىگىلىگەن، نامراتلارنى يۆلەش ئارقىلىق 5 يىلدا نامراتلىقتىن تامامەن قۇتۇلدۇرۇش پىلان قىلىندى. شۇ يىلى ناھىيە ئورگىنىدىكى كادىرلار نامرات ئائىلىدىن 1057نى ھۆددىگە ئالدى، شۇ يىلى 983 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى؛ يېزا كادىرلىرى نامرات ئائىلىدىن 1570نى ھۆددىگە ئالدى، بۇنىڭدىنمۇ خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1984 - يىلى 2145 ئائىلە ھۆددىگە ئېلىندى، 1050 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 1985 - يىلى 2005 ئائىلە ھۆددىگە ئېلىندى، 1384 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 160 يۈەندىن ئاشتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى ئىجتىمائىي ياردەم ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىراجىتىنىڭ تارقىتىلىش ئەھۋالى

سىياسەت: 6 — 4 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | تارقىتىلغان سومما | يىللار | تارقىتىلغان سومما | يىللار | تارقىتىلغان سومما |
|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 10000 | 1965 | 460899 | 1980 | 153688.70 |
| 1952 | 3790 | 1967 | 173000 | 1981 | 88375.77 |
| 1953 | 7312 | 1970 | 10582.4 | 1982 | 90372.89 |
| 1955 | 5150 | 1971 | 84569.14 | 1983 | 142629.56 |
| 1956 | 30970 | 1972 | 23990.15 | 1984 | 239437.41 |
| 1957 | 6280 | 1973 | 203429.31 | 1985 | 191617.01 |
| 1958 | 22459 | 1974 | 110265.41 | 1986 | 124000 |
| 1960 | 16282 | 1975 | 133754.39 | 1987 | 192000 |
| 1961 | 41000 | 1976 | 70894.75 | 1988 | 92000 |
| 1962 | 121719 | 1977 | 158710.64 | 1989 | 223000 |
| 1963 | 37000 | 1978 | 107854.1 | 1990 | 350000 |
| 1964 | 44000 | 1979 | 152866.52 | | |

1961 -، 1975 -، 1977 -، 1978 - يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىدىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ياردەم خىراجىتى 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 98 مىڭ 200 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ پۇل يېزىلاردىكى نامرات گۆكشى، ئەترەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىندى.

# 5 § . نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا، كۆپىنچە، ئاتا - ئانىلىرى چات كىرىۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بالدۇر نىكاھلىنىش ۋە «ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار بولۇش»، «بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش» قاتارلىق ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» (قىسقارتىلىپ «نىكاھ قانۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ) نى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى «‹نىكاھ قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە» (قىسقارتىلىپ «قوشۇمچە بەلگىلىمە» دەپ ئاتىلىدۇ) نى ۋە «نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كونا نىكاھ تۈزۈمى بىكار قىلىندى، ئەر - ئاياللار نىكاھلىنىدىغان چاغدا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش تارمىقىغا بېرىپ تىزىملىتىدىغان بولدى؛ ئەر - ئايال ئىككى تەرەپ تامامەن ئۆز ئىختىيارى بىلەن نىكاھلىنىش، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ يېشى قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەن بولۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇلدى، بىۋاسىتە قان - قېرىنداشلار ۋە 3 ئەۋلاد ئىچىدىكى شىرەم قان - قېرىنداشلار ئۆز ئارا نىكاھلىنىش مەنئىي قىلىندى. ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ساقايمىغانلار ياكى تېببىي جەھەتتە «نىكاھلىنىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ» دەپ قارىلىدىغان باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ نىكاھلىنىشى مەنئىي قىلىندى. ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى، باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇشتىن ئىبارەت نىكاھ تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى، ئاياللار، باللار ۋە ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالدى. بالدۇر نىكاھلىنىش، قوش نىكاھلىنىش، نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان باشقا قىلمىشلار مەنئىي قىلىندى. «قوشۇمچە بەلگىلىمە»دە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھلىنىش يېشى يىگىتلەرنىڭ 18 ياشتىن، قىزلارنىڭ 16 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى، ئەر - ئاياللار نىكاھلانغان، نىكاھتىن ئاجراشقاندا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئورگىنىدىن نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش كىنىشكىسىنى ئالغاندىن كېيىن، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1981 - يىلدىكى «يېڭى نىكاھ قانۇنى توغرىسىدىكى ‹قوشۇمچە بەلگىلىمە›»دە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھلىنىش يېشى يىگىتلەرنىڭ 20 ياشتىن، قىزلارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى بەلگىلەندى.

1986 - يىلى ش ئۇ ئا ر «نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش چارىسىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئەھۋالى

سىياسەت: 6 — 5 - جەدۋەل                                        بىرلىكى: جۈپ

| يىللار | نىكاھلىنىشنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلار: كىچىك جەمئىي | نىكاھلىنىشنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلار: بۇنىڭ ئىچىدە يېنىشىۋېلىشنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلار | نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلار: كىچىك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: كېلىشتۈرۈش ئارقىلىق ئاجراشمايدىغان بولغانلار | بۇنىڭ ئىچىدە: نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تىزىملاتقانلار | بۇنىڭ ئىچىدە: سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا يوللانغانلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 540 | | 848 | | 848 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 975 | | 403 | 102 | 275 | 26 |
| 1958 | 1816 | | 765 | | 765 | |
| 1963 | 3691 | 97 | | | | |
| 1978 | 1940 | | 824 | | | |
| 1979 | 2887 | 127 | 1675 | 323 | 1352 | |
| 1980 | 262 | 176 | 1104 | | | |
| 1981 | 3416 | 160 | 1137 | | | |
| 1982 | 3553 | | 1640 | 197 | 1443 | |
| 1983 | 5250 | 680 | 2512 | 201 | 2289 | 22 |
| 1984 | 5037 | 380 | 2881 | 357 | 2281 | 243 |
| 1985 | 5997 | 472 | 2548 | 62 | 2478 | 8 |
| 1986 | 5390 | 3234 | 3215 | 588 | 2327 | 191 |
| 1987 | 3400 | 1996 | 3270 | 569 | 1501 | 132 |
| 1988 | 7145 | 3885 | 3076 | 671 | 2205 | 216 |
| 1989 | 6980 | 3716 | 3817 | 707 | 2610 | 228 |
| 1990 | 6020 | 3294 | 2980 | 720 | 2060 | 264 |

# VII باب

# ئەمگەك، كادىرلار خىزمىتى

## 1 § . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشى

مىنگو دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە مەخسۇس ئەمگەك، كادىرلار خىزمىتى ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئەمگەك، كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1964 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدا كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم مەخسۇس كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، ئەمگەك - ئىش ھەققى خىزمىتىگە مالىيە - پىلان كومىتېتى مەسئۇل بولدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مالىيە - پىلان كومىتېتى، كادىرلار بۆلۈمى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ئەمگەك، كادىرلار خىزمىتىنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال گۇرۇپپىسى باشقۇردى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، كادىرلار خىزمىتىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلات گۇرۇپپىسى باشقۇردى، ئەمگەك - ئىش ھەققىنى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى باشقۇردى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، كادىرلار خىزمىتىنى مۇشۇ بۆلۈم باشقۇردى، ئەمگەك - ئىش ھەققىنى پىلان كومىتېتى باشقۇردى.

1979 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا كادىرلار ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە مەخسۇس كادىرلار

خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1983 ـ يىلى ئەمگەك ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە مەخسۇس ئەمگەك كۈچلىرىنى تەڭشەپ بېرىش ۋە ئىشچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1984 ـ يىلى ئەمگەك ئىدارىسى بىلەن كادىرلار ئىدارىسى قوشۇۋېتىلىپ، ناھىيىلىك ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە ئەمگەك ـ كادىرلار خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇردى، ئىدارە قارىمىقىدا كادىرلارنى باشقۇرۇش، ئەمگەك ـ ئىش ھەققى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك مۇھاپىزىتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى پېنسىيىگە چىقىرىش، ئەمگەك ـ مائاش پىلان ـ ستاتىستىكىسى، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەڭشەپ بېرىش، ئىشچىلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس كادىرلار قويۇلدى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى. ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ناھىيە بازىرىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى تەربىيىلەشنى تەشكىللەيدىغان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلىدى.

## §2 . كادىرلار ئەھۋالى

### 1. كادىرلار سانى

1950 ـ يىلى ناھىيىدىكى كادىر 793 ئىدى، 1953 ـ يىلى 1442گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگىنى 20، قىسمدىن يۆتكەپ كېلىنگىنى 44، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىم 426، ئاكتىپلاردىن ئۆستۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنغىنى 952. شۇنىڭدىن كېيىن، مەكتەپلەردىن تەقسىم قىلىنغانلار، تەربىيىلەنگەنلەر، يېتىشتۈرۈلگەنلەر كۆپىيىپ، ناھىيىدىكى كادىر 1960 ـ يىلى 1495كە، 1970 ـ يىلى 2217 گە يەتتى.

1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كادىرلار قوشۇنى تېز راۋاجلاندى. 1980 ـ يىلى ناھىيىدىكى كادىر 2826گە يەتتى، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 4959غا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 50.7%، 1970 ـ يىلدىكىدىن 1.24 ھەسسە، 1960 ـ يىلدىكىدىن 2.32 ھەسسە، 1950 ـ يىلدىكىدىن 7.72 ھەسسە كۆپەيدى. 1990 ـ يىلى ناھىيىدىكى كادىر 5745كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال كادىر 2128 بولۇپ، 1977 ـ يىلدىكى 695 كادىرنىڭ 3 ھەسسىسىدىن كۆپرەكىگە، ئومۇمىي كادىر 1977 ـ يىلدىكىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن كۆپرەكىگە توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كادىرلار قوشۇنى «تۆتلىشىش» (ئىنقىلابىيلىشىش، بىلىم ئەھلىگە ئايلىنىش، ياشلىشىش، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش) كە قاراپ راۋاجلاندى، شۇنىڭ بىلەن كادىرلار قوشۇنى كۈنسېرى مۇۋاپىقلاشتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

سىياسەت: 7 — 1 ـ جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | ئومۇمىي سانى | جىنسى | | مىللىتى | | | سىياسىي قىياپىتى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | خەنزۇ | ئۇيغۇر | باشقا مىللەتلەر | پارتىيە ئەزاسى | ئىتتىپاق ئەزاسى | ئامما |
| 1950 | 793 | 719 | 74 | 47 | 746 | 1 | 20 | 6 | 543 |
| 1953 | 1442 | 923 | 104 | 113 | 1329 | 1 | 85 | 47 | 895 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 1927 | 1685 | 242 | 150 | 1777 | 1 | 555 | 306 | 1066 |
| 1960 | 1495 | 982 | 513 | 140 | 1340 | 7 | 304 | 506 | 685 |
| 1965 | 1385 | 936 | 87 | 306 | 751 | | 426 | 149 | 448 |
| 1975 | 2462 | 1646 | 571 | 440 | 2007 | | 780 | 263 | 1174 |
| 1980 | 2826 | 1997 | 829 | 332 | 3061 | 18 | 973 | 314 | 1539 |
| 1985 | 4959 | 3054 | 1905 | 409 | 2151 | 5 | 1514 | 938 | 1539 |
| 1990 | 5745 | 3719 | 2120 | 673 | 5165 | 9 | 1806 | 1380 | 2661 |

ئىزاھات: «مىللىتى» دېگەن كاتەكچىگە خەنزۇ، ئۇيغۇردىن باشقا مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى كىرگۈزۈلمىدى.

## 2. مەلۇماتى

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كادىرلارنىڭ مەلۇماتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كادىرلارنىڭ مەلۇماتى تۆۋەنرەك ئىدى. 1950 - يىلى ناھىيىدىكى كادىرلار ئىچىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 558 بولۇپ، %98نى ئىگىلەيتتى. 1956 - يىلدىن كېيىن، كادىرلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆرلىدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى ئومۇمىي كادىرلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر %2 . 6نى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر %46نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر %67 . 21نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر %13 . 26نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلى ناھىيىدىكى ئومۇمىي كادىرلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر %2 . 16نى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر %2 . 58نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر %9 . 15نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر %6 . 9نى ئىگىلىدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى كادىرلارنىڭ مەلۇمات ئەھۋالى**

سىياسەت: 7 — 2 - جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن | |
| 1950 | 793 | | | 11 | 129 | 429 | |
| 1953 | 1442 | | | 57 | 246 | 724 | |
| 1956 | 1927 | 5 | | 72 | 928 | 922 | |
| 1960 | 1495 | 4 | | 36 | 304 | 304 | ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا |
| 1965 | 1385 | | | | | | ستاتىستىكا قىلىنمىدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 2462 | | | | | | ستاتىستىكا قىلىنمىدى |
| 1980 | 2826 | 246 | 966 | 349 | 909 | 356 | |
| 1985 | 4959 | 308 | 2283 | 1075 | 1293 | | |
| 1990 | 5745 | 949 | 3404 | 932 | 562 | | |

## 3. ياش قۇرۇلمىسى

50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كادىرلارنىڭ يېشى ئادەتتە 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئىدى، 60 ـ يىللاردىن كېيىن كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئۆزگىرىش تېزرەك بولۇپ، ياش قۇرۇلمىسىدا ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

**1974 — 1990 ـ يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى كادىرلارنىڭ ياش ئەھۋالى**

سىياسەت: 7 — 3 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 25 ياشتىن تۆۋەنلەر | 26 — 30 | 31 — 35 | 36 — 45 | 46 — 50 | 51 — 55 | 56 — 60 | 60 ياشتىن يۇقىرىلار |
| 1974 | 2263 | 162 | 726 | 127 | 563 | 481 | 90 | 81 | 33 |
| 1975 | 2462 | 184 | 882 | 138 | 636 | 436 | 110 | 58 | 21 |
| 1976 | 2523 | 1507 | 878 | 121 | 676 | 416 | 139 | 47 | 13 |
| 1977 | 2545 | 388 | 870 | 61 | 652 | 482 | 24 | 54 | 14 |
| 1978 | 2826 | 772 | 817 | 215 | 623 | 503 | 112 | 87 | 24 |
| 1979 | 2771 | 620 | 815 | 106 | 689 | 527 | 120 | 94 | 26 |
| 1980 | 2826 | 450 | 762 | 148 | 650 | 472 | 222 | 98 | 24 |
| 1981 | 2771 | | | | | | | | |
| 1982 | 3401 | 846 | 448 | 550 | 928 | 313 | 196 | 95 | 25 |
| 1983 | 4959 | 1211 | 710 | 722 | 1442 | 490 | 282 | 77 | 25 |
| 1984 | 4827 | 1305 | 704 | 759 | 1430 | 340 | 175 | 99 | 15 |
| 1985 | 4959 | 1276 | 814 | 668 | 1471 | 337 | 239 | 132 | 22 |
| 1986 | 5359 | 1613 | 830 | 677 | 1447 | 385 | 238 | 131 | 11 |
| 1987 | 5601 | 1707 | 753 | 464 | 1321 | 420 | 221 | 134 | 3 |
| 1988 | 5359 | 1787 | 781 | 576 | 1407 | 413 | 235 | 152 | 8 |
| 1989 | 5601 | 1487 | 832 | 798 | 1573 | 491 | 250 | 162 | 8 |
| 1990 | 5745 | 1456 | 855 | 741 | 1445 | 487 | 217 | 141 | 3 |

### 4. كادىرلارنىڭ جايلىشىشى

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، ناھىيىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگەردى. 50 - يىللاردا كادىرلار، ئاساسەن، پارتىيە - ھۆكۈمەت سىستېمىسىغا مەركەزلەشكەنىدى. 80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن ئىقتىساد باشقۇرۇش ساھەسىدىكى كادىرلار ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى كادىرلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى**

سىياسەت: 7 — 4 - جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | ئومۇمىي سانى | جايلىشىش ئەھۋالى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار | سىياسىي قانۇن | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق | مالىيە - سودا | سانائەت - قاتناش، پوچتا - تېلېگراف | مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى | باشقىلار |
| 1950 | 7939 | 240 | 64 | 5 | 8 | | 250 | 224 | 2 |
| 1953 | 1442 | 456 | 46 | 6 | 70 | | 447 | 415 | 2 |
| 1956 | 1927 | 603 | 76 | 101 | 399 | 35 | 706 | | 7 |
| 1960 | 1495 | 421 | 63 | 149 | 286 | 64 | 65 | 447 | |
| 1965 | 1385 | 22 | 61 | 289 | 511 | 36 | 104 | 362 | |
| 1975 | 2462 | 397 | 158 | 354 | 468 | 104 | 190 | 779 | 12 |
| 1980 | 2826 | 248 | 148 | 434 | 502 | 116 | 1378 | | |
| 1985 | 4959 | 374 | 182 | 575 | 366 | 40 | 3072 | | |
| 1990 | 5745 | 1160 | | 581 | 102 | 478 | 515 | 2964 | 47 |

**ئىزاھات:** 1990 - يىلغا دائىر مەلۇماتتا پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىچىگە سىياسىي قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئادەم سانى كىرگۈزۈلدى. قىسمەن مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە كاتەكچىسىگە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ كىرگۈزۈلدى.

## 3 §. مائاش، پاراۋانلىق

### 1. مائاش تۈزۈمى

1950 - يىلى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا تەمىنات تۈزۈمى ۋە مائاش تۈزۈمىدىن ئىبارەت 2 خىل تۈزۈم يولغا قويۇلدى.

1) تەمىنات تۈزۈمى    ئەينى ۋاقىتتا ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇندا خىزمەت ئىشلىگەن كادىرلار ۋە پارتىيە - ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى كادىرلارغا قارىتا تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن تارقاتقان «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى 1950 - يىلى ۋاقىتىنچە يولغا قويىدىغان تەمىنات ئۆلچىمى (لايىھە)» ۋە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن مۇشۇ رايوننىڭ تەمىنات ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ تۈزۈم 1952 -

يىلى مۇددىگە ئېلىپ ئىشلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، يەنى تەمىنات قىسمىدىكى تاماق، كىيىم - كېچەك ياردەم پۇلى قاتارلىقلار ئايرىم ھېسابلىنىپ مۇددىگە بېرىلدى. ئايال كادىرلارغا تازىلىق خىراجىتى، تۇغۇت خىراجىتى، تەربىيىلەش خىراجىتى، بالا باققۇچى خىراجىتى قاتارلىقلار قوشۇپ بېرىلدى. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 44 ئادەم تەمىنات تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولدى.

2) مائاش تۈزۈمى   يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئورگانلاردىكى ھەقىقەتكە قايتقان خادىملار، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر، ئاپپارات ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار ۋە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان مەمۇرىي ئورگان خىزمەتچى خادىملىرىغا قارىتا مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ چارىسى ئەسلىدىكى تۇرمۇش سەۋىيىسى بويىچە دەرىجىسى ئوخشىمايدىغان خىزمەتچى خادىملارغا ئاساسىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ئاساس قىلىنىپ، تۇرمۇشنى قامداش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ خىراجەت باھا سەۋىيىسىگە ئاساسەن ھەر ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

1951 - يىلى مائاش تۈزۈمىدىكى خادىملارنىڭ تۇرمۇشنى قامداش خىراجىتى دەرىجىگە ئايرىپ نومۇر قويۇلىدىغان مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى (شۇ جايدا سېتىلغان ئاشلىق، پاختا رەخت، گۆش قاتارلىق بىر نەچچە خىل ئاساسلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ دۆلەت ئېگىلىكىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى ئاساس قىلىنىپ، باھاغا سۇندۇرۇلۇپ مائاش تارقىتىلدى). ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن (ناھىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) خىزمەتچى خادىملار 4 دەرىجىگە بۆلۈندى، مائاش خىزمەتچى خادىملارنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسى بويىچە باھالاپ بېكىتىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ھاكىمنىڭ 200 نومۇر، بۆلۈم (رايون) باشلىقىنىڭ 140 — 170 نومۇرغىچە، بۆلۈم ئەزاسىنىڭ 90 — 140 نومۇرغىچە، قارا خىزمەتچىلەرنىڭ 75 نومۇر. 1954 - يىلى ناھىيىدە 983 ئادەم مائاش تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولدى.

1952 - يىلى مەركەز تارقاتقان «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1952 - يىللىق تەمىنات ئۆلچىمى» ئىجرا قىلىنىدى، «ئۆلچەم» دە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى تەمىنات تۈزۈمىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ياردەم ئۆلچىمى، مائاش تۈزۈمىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمى ۋە تەرجىمانلارنىڭ ۋاقىتلىق مائاش ئۆلچىمى قاتارلىقلار بەلگىلەندى.

1954 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاش تۈزۈمىنى تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە تەمىنات تۈزۈمىدىكى (مۇددىگە ئېلىپ ئىشلەش تەمىناتىدىكى) خىزمەتچى خادىملارنى پەيدىنپەي مائاش تۈزۈمىگە ئۆتكۈزۈش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، خىزمەتچى خادىملارنىڭ تەمىناتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمى جەدۋىلىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى تۈزۈپ چىقتى.

1955 - يىلى مائاش نومۇرى ئارقىلىق مائاش ئۆلچىمىنى ھېسابلاش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۇل (خەلق پۇلى) ئارقىلىق مائاش ھېسابلاش چارىسى يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمى، باھا ياردەم پۇلى ۋە رايون ياردەم پۇلى رايونلار بويىچە تۆرتكە ئايرىلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە بىر تۇتاش ئۆلچەم ئىجرا قىلىنىدى، يەنى ئۆلچەملىك مائاشقا %76 باھا ياردەم پۇلى، يەنە %15 رايون ياردەم پۇلى قوشۇلدى.

## 2. مائاشنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەڭشەش

1956 - يىلى گوۋۇيۈەن «مائاشنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى

«قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلار، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مائاش تۈزۈمى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىندى، مائاش نومۇرى ۋە باھا ياردەم پۇلى بېرىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مائاش ئۆلچىمىنى بىۋاستە پۇل ئارقىلىق بەلگىلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 11 - خىلدىكى رايونغا تەۋە بولۇپ، %32 تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلى ۋە %15 رايون ياردەم پۇلى بېرىلدى. مائاش قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: ئۆلچەملىك مائاشقا %32 تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلى ۋە %15 رايون ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. يېڭى مائاش ئۆلچىمىدىكى ئۆلچەملىك مائاش (30 - دەرىجىدىن 13 - دەرىجىگىچە) %40تىن %47.5كىچە ئۆستۈرۈلدى، باھا ياردەم پۇلى تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلىغا ئۆزگەرتىلىپ، %44 چۈشۈرۈلدى، بۇ 2 تۈرنى بالانس قىلغاندا، ئاساسىي مائاش (ئۆلچەملىك مائاشقا تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلىنى قوشقاندا) %5تىن %11.3 كىچە ئۆستى.

ئىسلاھ قىلىنغان ۋە تەڭشەلگەندىن كېيىن، 1956 - يىلى ناھىيىدىكى مەمۇرىيەت سىستېمىسىدا ۋەزىپە دەرىجىسى بويىچە 294 ئادەمنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى، بۇلار مەمۇرىيەت سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %55.47نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلگىنى 206 ئادەم، 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلگىنى 60 ئادەم، 3 دەرىجە ئۆستۈرۈلگىنى 20 ئادەم، 4 دەرىجە ئۆستۈرۈلگىنى 6 ئادەم. ھەر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.89 يۈەن كۆپەيدى. كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئىسلاھ قىلىندى ۋە تەڭشەلدى.

1958 - يىل 1 - ئايدا كادىرلارنىڭ %32 تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلى %20كە چۈشۈرۈلدى (ئىشچىلارنىڭ چۈشۈرۈلمىدى). تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلى چۈشۈرۈلگەن ئادەم 1845 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %91.6نى ئىگىلىدى، ھەر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.09 يۈەن ئازايدى.

1960 - يىل 4 - ئايدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %15 چېكرا رايون ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى يۇقىرى مائاش بىلەن تۆۋەن مائاشنىڭ پەرقىنى ئازايتىش يۈزىسىدىن 9 - دەرىجىدىن 17 - دەرىجىگىچە بولغان 6 پارتىيىلىك كادىرنىڭ شۇ چاغدىكى مائاش ئۆلچىمى %1 چۈشۈرۈلدى (پارتىيىسىز كادىرلارنىڭ چۈشۈرۈلمىدى)، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم 5، بۆلۈم باشلىقى بىر.

1963 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، نەتىجىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئەمگەك پوزىتسىيىسىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ مائاش تەڭشەلدى. مائاش تەڭشەش دائىرىسى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ھەم ئۆسۈمى مۇقىملاشقان ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچىلار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەمۇرىي دەرىجىسى 18 - دەرىجىدىن تۆۋەن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى %44 بولۇش، 17 - دەرىجىدىن يۇقىرىلارنىڭ مائاش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى %25 بولۇش بەلگىلەندى. تەڭشەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، دەرىجە بېكىتىش ۋە تۆۋەن مائاشنى تەڭشەش قاتارلىقلار ئارقىلىق 1096 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى، بۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %55نى ئىگىلىدى، ئايلىق مائاشى %6.56 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلاردىن 698 ئادەمنىڭ مائاشى ئۆستى، بۇلار كادىرلارنىڭ %44نى ئىگىلىدى، 647 ئادەمنىڭ مائاشى بىر دەرىجە، 123 ئادەمنىڭ مائاشى 2 دەرىجە، 51 ئادەمنىڭ مائاشى 3 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى؛ ئىشچىلاردىن 139 ئادەمنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى، 123 ئادەمنىڭ مائاشى بىر دەرىجە، 16 ئادەمنىڭ مائاشى 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى؛ دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى ئىشچىلاردىن 6 ئادەمنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى. يۇقىرىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.77 يۈەن، يەنى %12 كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مائاشى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 337 ئادەمنىڭ مائاشى تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 121؛ 116 ئادەم رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ،

دەرىجىسى بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 106، يەنە 55 ئىشچىنىڭ %32 تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1964 - يىلى ۋەزىپە دەرىجىسىگە مائاشى ماس كەلمەيدىغان ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە 1952 - يىلى دەرىجىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن دەرىجىسى ئۆستۈرۈلمەي، مائاش دەرىجىسى تۆۋەنرەك بولۇپ كەلگەن پىشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى داۋاملىق تەڭشەلدى. 282 كادىرنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى، بۇلار كادىرلارنىڭ %18نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاكىم دەرىجىلىك كادىردىن بىرى، رايون باشلىقى دەرىجىلىك كادىردىن 10ى، 1952 - يىلى دەرىجىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن دەرىجىسى ئۆستۈرۈلمىگەن كادىردىن 7 سى، 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى 25 - دەرىجىدىن تۆۋەن كادىردىن 233ى، مائاشى تۆۋەن باشقا كادىردىن 31ى بار. ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.82 يۈەن كۆپەيدى.

1971 - يىلى مائاشى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى ۋە ئۆستۈرۈلدى. دەرىجە ئۆستۈرۈش دائىرىسى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئىشلىگەن 3 - دەرىجىلىك ئىشچى، 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئىشلىگەن 2 - دەرىجىلىك ئىشچى، 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئىشلىگەن 1 - دەرىجىلىك ئىشچى ھەم يۇقىرىدىكى يىل چەكلىمىسى ئىچىدىكى مائاش دەرىجىسى ئوخشاش باشقا خىزمەتچى خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تەڭشەش نەتىجىسىدە 1769 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى، بۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %51.11نى ئىگىلىدى (بۇنىڭ ئىچىدە 466 ئادەمنىڭ مائاشى 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى)، ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.02 يۈەن كۆپەيدى.

1947 - يىلى ئىستاژى ئۇزۇن، مائاشى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى، ئادەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى %40 بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مائاشى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى. تۆۋەن مائاش دەرىجىسىنىڭ چېگرىسى: 1977 - يىلدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى 1 - دەرىجىلىك ئىشچىدىن تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر؛ 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى 2 - دەرىجىلىك ئىشچى بىلەن ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۆۋەن مائاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، ئېغىر مەسىلىسى بولۇپ، مائاش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئايرىم ئادەملەردىن باشقىلارنىڭ مائاش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. تەڭشەش نەتىجىسىدە 1579 ئادەمنىڭ مائاش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، بۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %48.61نى ئىگىلىدى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.8 يۈەن كۆپەيدى.

1978 - يىلى %2 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، مائاشى تەڭشەلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەتتە ئەلا نەتىجە ياراتقان، تېخنىكىسى چوڭقۇر بولغان ۋە ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن مائاش دەرىجىسى ئالاھىدە تۆۋەن بولغان خادىملار بولدى. 1979 - يىلى ئەمگەك پوزىتسىيىسى، تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ مائاش تەڭشەلدى، دەرىجە ئۆستۈرۈلۈش ھەجمى %40 بولدى. تەڭشەش نەتىجىسىدە 1660 ئادەمنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى.

1981 - يىل 10 - ئايدا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرىدىكى قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر، تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر، مەخسۇس ترېنېرلارنىڭ مائاشى ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. 1982 - يىل 10 - ئايدا دۆلەت ئورگانلىرى، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. 1561 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ

مائاش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1368 ئادەمنىڭ مائاشى بىر دەرىجە، 193 ئادەمنىڭ مائاشى 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. 1983 - يىلى كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئومۇميۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، 1091 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ مائاش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1055 ئادەمنىڭ مائاشى بىر دەرىجە، 36 ئادەمنىڭ مائاشى 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

1981 — 1983 - يىلغىچە تەكشۈرۈش دائىرىسى 1978 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش يۈكى ئېغىرراق، مائاشى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى گەۋدىلىكرەك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مائاشىنى كۆپرەك ئاشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. مەسىلەن: 1960 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى 20 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، مائاشى 21 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، مائاش دەرىجىسى 22 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار؛ 1966 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى 21 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، مائاش دەرىجىسى 22 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، مائاش دەرىجىسى 23 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائاشى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەن ئاساستا، يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مائاش دەرىجىسى 21 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، 23 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن گۇڭشې مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، شۇجى ۋە شۇ دەرىجىلىك خادىملارنىڭ مائاشىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەن ئاساستا يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. ش ھ ت [1983 -] 35 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىستاژى ئۇزۇن، مائاشى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەن ئاساستا يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭ كونكرېت شەرتى مۇنداق: بىرىنچى، 1982 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھاكىم (باشقارما باشلىقى)، مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار، 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى مەمۇرىي 18 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلار؛ 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1953 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى مەمۇرىي 19 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلار؛ 1954 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1955 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى مەمۇرىي 19 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلگەن ئاساستا يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. ئىككىنچى، باشقا كادىرلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرى. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى مەمۇرىي 20 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلار؛ 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1955 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى مەمۇرىي 21 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلار؛ 1956 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1960 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەتكە قاتناشقان، مائاش دەرىجىسى مەمۇرىي 22 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلار؛ 1961 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1964 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەتكە قاتناشقان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن مائاش دەرىجىسى مەمۇرىي 23 - دەرىجىدىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلگەن ئاساستا يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

1985 - يىلى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەللارنى مۇكاپاتلاش، ناچارلارنى جازالاش، تىرىشچانلارنى مۇكاپاتلاش، ھورۇنلارنى جازالاش مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ كۆپ

ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ھەق ئېلىش گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك، مۇرەككەپ ئەمگەك بىلەن ئاددىي ئەمگەك، مەلىكىلىك ئەمگەك بىلەن غەيرىي مەلىكىلىك ئەمگەك، ئېغىر ئەمگەك بىلەن غەيرىي ئېغىر ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق گەۋدىلەندۈرۈلدى. دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، كارخانىلاردىكى مائاش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ھەرخىل مائاش تۈرلىرى بىكىتى ماائاش ئۆلچىمىگە بىر تۇتاش كىرگۈزۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سەۋىيىسى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلدى. ناھىيەدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى مائاش ئىسلاھاتىغا قاتناشقان 5073 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ماائاشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى. ماائاش ئومۇمىي سوممىسى 101 مىڭ 817 يۈەن كۆپەيدى، ھەربىر كىشىنىڭ ئايلىق ماائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20.07 يۈەن كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1986 - يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ماائاش ئىسلاھاتىغا تەييارلىق كۆرۈلدى.

بۇ قېتىمقى ماائاشنى ئىسلاھ قىلىش، تەڭشەشتىن كېيىن، ناھىيە بويىچە يىللىق ماائاش ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 598 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 549 مىڭ 700 يۈەن، يەنى 36.2%؛ 1980 - يىلدىكىدىن 6 مىليون 338 مىڭ يۈەن، يەنى 128%؛ 1973 - يىلدىكىدىن 6 مىليون 337 مىڭ يۈەن، يەنى 194.3% كۆپەيدى. ھەربىر كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ماائاشى 1417.56 يۈەن بولۇپ، 1984 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە يىللىق ماائاشتىن 351.37 يۈەن، يەنى 33%؛ 1980 - يىلدىكىدىن 557.53 يۈەن، يەنى 64.8%؛ 1973 - يىلدىكىدىن 664.38 يۈەن، يەنى 83.34% كۆپەيدى.

ماائاش تەڭشەش داۋامىدا، 1984 - يىلدىن ئىلگىرى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىشقا ئەستىقلىنىپ، ماائاش تەڭشەشتىن بەھرىمەن بولالمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەربىرىگە ئېيىغا 24 يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

## 3. تۇراقسىز ماائاش

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1984 - يىل 37 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە زىيالىيلارغا بىر دەرىجە تۇراقسىز ماائاش ئارتۇقلۇق ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى، يەنى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن خىزمەتكە قاتناشقىنىغا 3 يىل توشقانلار، ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن خىزمەتكە قاتناشقىنىغا بىر يىل توشقانلارغا بىر دەرىجە تۇراقسىز ماائاش بېرىلىدىغانلىقى، باشقا كادىرلاردىن شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 25 يىل توشقانلارغا بىر دەرىجە تۇراقسىز ماائاش بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇراقسىز ماائاشنىڭ ماائاش تەڭشەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1985 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى يېزىلارغا تەقسىم قىلىنغان ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا شۇ يىلى بىر دەرىجە تۇراقسىز ماائاش بېرىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1984 - يىلى ناھىيەدىكى 1849 ئىشچى - خىزمەتچى تۇراقسىز ماائاشتىن بەھرىمەن بولدى. 1985 - يىلى بۇنىڭدىن 1990 ئادەم بەھرىمەن بولدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ماائاش ئەھۋالى

سىياسەت: 7 — 5 - جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچى سانى | ئومۇمىي ماائاش (تۈمەن يۈەن) | ئوتتۇرىچە يىللىق ماائاش (يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچى سانى | ئومۇمىي ماائاش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | ئوتتۇرىچە يىللىق ماائاش (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 1075 | 95.40 | 887.44 | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 3684 | 227.24 | 616.83 | 642 | 80.8 | 1258.57 |
| 1962 | 2883 | 184.48 | 639.89 | 537 | 39.98 | 743.7 |
| 1965 | 3451 | 212.29 | 615.16 | 703 | 52.7 | 749.64 |
| 1970 | 3827 | 234.65 | 613.14 | 914 | 64.56 | 706.35 |
| 1975 | 4430 | 315.41 | 711.99 | 867 | 66.75 | 769.9 |
| 1978 | 4145 | 318.02 | 767.24 | 808 | 62.98 | 779.46 |
| 1979 | 5089 | 341.88 | 671.8 | 920 | 67.35 | 732.07 |
| 1980 | 4980 | 421.88 | 847.15 | 960 | 79.98 | 833.13 |
| 1981 | 4363 | 298.29 | 683.68 | 918 | 81.98 | 892.81 |
| 1982 | 6229 | 498.09 | 796.42 | 1294 | 112.88 | 872.33 |
| 1983 | 6258 | 655.11 | 1046.83 | 1302 | 146.16 | 1122.58 |
| 1984 | 6015 | 678.81 | 1128.52 | 1399 | 159.11 | 1137.31 |
| 1985 | 6484 | 948.98 | 1463.12 | 1463 | 276.25 | 1888.24 |

**ئىزاھات:** 1960 - يىلدىن بۇرۇنقى سىستېمىلىق رەقەملەر تېپىلمىدى. 1961 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ - ئېلېكتر تارماقلىرىدىكىسى 3585 ئادەم ئىدى، 1962 - يىلى 367 لا ئادەم قالدى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىل دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئادەم ئازىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت.

## 4. تۇرمۇش پاراۋانلىقى

1) تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلى ئۆلچەملىك مائاش بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ %20، ئىشچىلارنىڭ %32، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %32 بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر دۆلەتنىڭ تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ، گۆش بىلەن نورمىلىق تەمىنلىشىدىن بەھرىمەن بولدى.

2) قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باھا تولۇقلىما پۇلى 1979 - يىل 10 - ئايدىن تارتىپ، گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ھەر ئادەمگە ئېيىغا 6.5 يۈەندىن قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باھا تولۇقلىما پۇلى قوشۇپ تارقىتىلدى. 1985 - يىلى مائاش ئىسلاھاتى بولغاندا، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار بۇنىڭ ئىچىدىكى 5 يۈەننى مائاش ئىچىگە كىرگۈزدى، 1.5 يۈەن داۋاملىق ساقلىنىپ قالدى، كارخانا ئورۇنلىرى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باھا تولۇقلىما پۇلىنى 6.5 يۈەن بويىچە تارقاتتى.

3) قىيىنچىلىقى بارلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا روپخەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھېسابى بويىچە ھەر ئادەمگە ئېيىغا 2.1 يۈەندىن ئېلىنىپ، كارخانىلاردا ئومۇمىي مائاشنىڭ %11ى بويىچە ئېلىنىپ، ئورۇن تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ پايدىلىنىلدى.

4) تېببىي داۋالاش خىراجىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردا ھەر ئادەمگە ئېيىغا 30 يۈەن ئۆلچەم قىلىنىپ، بىر تۇتاش

باشقۇرۇلۇپ پايدىلىنىلدى.

5) قىشلىق ئىسسىنىش تولۇقلىما پۇلى 1956 - يىلدىن تارتىپ دۆلەت تەرىپىدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ھەر يىلى قىشتا 40 يۈەن ئىسسىنىش ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1985 - يىلى 20 يۈەن كۆمۈر باھاسى تولۇقلىما پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

6) تۇغقان يوقلاش خىراجىتى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان جورىسى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاتا - ئانىسىنى يوقلىغىلى ئىچكىرىگە بارسا، 4 يىلدا بىر قېتىم (ئەسلىدە 10 يىل ئىدى) بېرىش - كېلىش ئاپتوموبىل (پويىز) ۋە كېمە ھەققى ئاتچوت قىلىندى، جورىسى يوق بويتاق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يىلىغا بىر قېتىم ئاتچوت قىلىپ بېرىلدى.

7) رايون ياردەم پۇلى 1984 - يىلى رايون ياردەم پۇلىنى چېگرا رايون ئىستاژ ياردەم پۇلىغا ئۆزگەرتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان ۋاقتى 5 يىلغا توشقانلارغا ئېيىغا 3 يۈەندىن، 10 يىلغا توشقانلارغا ئېيىغا 6 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى، چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان ۋاقتى بۇنىڭدىن يۇقىرى بولغانلار مۇشۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىنىپ ھېسابلاندى، 5 يىلغا توشمىغانلارغا ئېيىغا 2 يۈەندىن بېرىلدى.

8) ئىستاژ ياردەم پۇلى 1985 - يىلدىكى مائاش ئىسلاھاتى داۋامىدا خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىستاژ ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى، يەنى خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىل توشقانلارغا ئېيىغا 0.5 يۈەن ئىستاژ ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى؛ 2 يىل توشقانلارغا ئېيىغا بىر يۈەن قوشۇپ بېرىلدى، ئىستاژى ئۇزۇنلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى مۇشۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىنىپ ھېسابلاندى، ئەمما ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرى 20 يۈەندىن ئېشىپ كەتمىدى.

9) سېسترا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىستاژ ياردەم پۇلى 1985 - يىلدىكى مائاش ئىسلاھاتىدا سېسترا، ئوقۇتقۇچىلاردىن خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 5 يىلدىن 10 يىلغىچە بولغانلارغا ئېيىغا 3 يۈەندىن قوشۇپ بېرىش، 10 يىلدىن 15 يىلغىچە بولغانلارغا ئېيىغا 5 يۈەندىن قوشۇپ بېرىش، 15 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغانلارغا ئېيىغا 7 يۈەندىن قوشۇپ بېرىش، 20 يىلدىن ئاشقانلارغا ئېيىغا 10 يۈەندىن قوشۇپ بېرىش بەلگىلەندى. ناھىيە بويىچە 56 كىشى سېسترالار ياردەم پۇلىدىن، 1690 كىشى ئوقۇتقۇچىلىق ئىستاژى ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

10) زىيالىيلار تولۇقلىما پۇلى 1984 - يىلى مەركەزنىڭ 37 - نومۇرلۇق ھۆججىتى بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە زىيالىيلاردىن خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 15 يىل توشقانلارغا ئېيىغا 15 يۈەندىن زىيالىيلار تولۇقلىما پۇلى، يىلىغا 30 يۈەندىن كىتاب، گېزىت - ژۇرنال پۇلى بېرىلدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلارغا، مەسىلەن: ئىنژېنېر، ئاگرونوم، مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى، ۋراچ قاتارلىقلارغا ئېيىغا 10 يۈەندىن ئۇنۋان ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1985 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلارغا قەشقەردە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە ئېيىغا 15 يۈەندىن ئۇنۋان ياردەم پۇلى بېرىشنى بەلگىلىدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 1849 كىشى زىيالىيلار تولۇقلىما پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ پۇلدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار 1985 - يىلى 1990 كىشىگە يەتتى. 17 كىشى ئۇنۋان ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

11) تازىلىق پۇلى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال پۇلى 1985 - يىلى ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىگە 2.5 يۈەندىن تازىلىق پۇلى، 3 يۈەندىن كىتاب، گېزىت - ژۇرنال پۇلى بېرىلدى.

12) دەپنە، نەپىقە، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان تۇرمۇش

ياردەم پۇلى   دەپنە خىراجىتى جەھەتتە، دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۆلۈپ كەتكەندە، 400 يۈەن دەپنە ياردەم پۇلى بېرىلدى. نەپىقە پۇلى جەھەتتە، دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولسا، 20 ئايلىق مائاشى نەپىقە پۇلى قىلىپ بېرىلدى، ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتسە، 10 ئايلىق مائاشى بېرىلدى. مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمى: 1 ـ قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە (1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى) خىزمەتكە قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆلۈپ كەتسە، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھەربىر كىشىگە ئېيىغا 45 يۈەندىن ياردەم بېرىلدى؛ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە (1945 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە) خىزمەتكە قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆلۈپ كەتسە، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھەربىر كىشىگە ئېيىغا 35 يۈەندىن ياردەم بېرىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆلۈپ كەتسە، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھەر بىر كىشىگە ئېيىغا 32 يۈەندىن ياردەم بېرىلدى. كارخانا ئورۇنلاردا ئەمگەك مۇھاپىزىتى شەرت ـ شارائىتىغا ئاساسەن، دەپنە خىراجىتى ياردەم پۇلى ئۆلچىمى كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ 2 ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى (خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلارنىڭ 3 ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى) بولدى؛ مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم بىر ئادەمنى باقىدىغانلارغا 6 ئايلىق مائاش، 2 ئادەمنى باقىدىغانلارغا 9 ئايلىق مائاش، 3 ئادەمنى باقىدىغانلارغا 12 ئايلىق مائاش بىر قېتىمدىلا ياردەم ھېسابىدا بېرىلدى.

## 4 § . ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

### 1. ئىشچى قوبۇل قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشچى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلىنغان يىل 1958 ـ يىلى بولدى، شۇ يىلى 3131 ئىشچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پەيزاۋات دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 1500 ئادەم، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مارالبېشى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ 96 ئادەم، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ 326 ئادەم، كانسۇ مېتال شىركىتىنىڭ 853 ئادەم، قەشقەر سېمونت زاۋۇتىنىڭ 250 ئادەم، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنىڭ 30 ئادەم، دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ 56 ئادەم، بوز يەر تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئەترىتىنىڭ 20 ئادەم قوبۇل قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى، 1980 ــ 1989 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىكى ئورۇنلارنىڭ 201 ئىشچى قوبۇل قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيىدىكى ئىشچى 1527گە يەتتى.

### 2. بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كونا جەمئىيەتتىن قېلىپقالغان باش تىتقۇدەك يېرى يوق ياكى راھەتكە يۈگۈرۈپ جاپادىن قاچىدىغان سەرگەردانلارغا يىغىۋېلىپ ئۆزگەرتىش سىياسىتى قوللىنىلدى. 1952 — 1954 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىلا 140 ئادەم يىغىۋېلىنىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1961 ـ يىلى «ئۈچ خىل خادىم»لار (چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار، ئىخچاملىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئەركىن ئاققۇنلار) غا قارىتا ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. 1961 — 1962 ـ يىلغىچە «ئۈچ خىل خادىم»دىن 2723ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىن تەقسىم قىلىنغان ئادەم 1495،

82 مىڭ 738 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى تارقىتىلدى.

### 3. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش

1962 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1958 - يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەردە چارە كۆرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىغان 130 ئادەمنى سىياسەت بويىچە بىر تەرەپ قىلدى.

1978 - يىلدىن كېيىن، «بىر قانچە تارىخىي مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»نىڭ روھىغا ئاساسەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىغان بەزى تارىخىي دېلولار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 658 ئادەمنىڭ مەسىلىسى تۈزىتىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 579، جۈملىدىن خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 244، ياشىنىپ، سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى ياكى باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن داۋاملىق خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، پېنسىيىگە چىقىرىلغىنى، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلگىنى 280، ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دەپنە خىراجىتى ۋە نەپىقە پۇلى تولۇقلاپ بېرىلگىنى 55، پارتىيىۋىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 31، ئەسلى ۋەزىپىسى، سىياسىي نامى، مائاش دەرىجىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى ۋە تۇرمۇش خىراجىتى تولۇقلاپ بېرىلگىنى 54.

## §5. خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقىش، پېنسىيىگە چىقىش

### 1. خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى

#### 1) خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى

ئومۇمەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كادىرلار خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سىياسىي تەمىناتى ئۆزگەرمىدى، ئىقتىسادىي تەمىنات جەھەتتە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىلدى. بۇ ھەقتە مۇنداق كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى: ئەسلىدىكى مەمۇرىي دەرىجىسى 18 - دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىرلار خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ھاكىم (باشقارما باشلىقى) دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئەسلىدىكى مەمۇرىي دەرىجىسى 14 - دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان ۋىلايەت، شى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىرلار خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ۋالىي (شىجاڭ) دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئىقتىسادىي تەمىنات جەھەتتە شۇ دەرىجىلىك خىزمەتتىكى كادىرلار بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقانلارغا يىلىغا 2 ئايلىق مائاش قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 1942 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە خىزمەتكە قاتناشقانلارغا يىلىغا بىر يېرىم ئايلىق مائاش قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ 1942 -

يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە خىزمەتكە قاتناشقانلارغا يىلىغا بىر ئايلىق مائاش قوشۇپ بېرىلىدۇ.

2) پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ تەمىناتى دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ تەمىناتىدىن سىرت، 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 30 يىل توشقان پېشقەدەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مائاش تەمىناتى ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

3) خىزمەتتىن چېكىنگەنلەرنىڭ تەمىناتى 1984 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ 22 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ئىلگىرى خىزمەتتىن چېكىنىش يولى بىر قېتىمدىلا ھېساب ـ كىتاب قىلىنغان خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بولغانلارغا مۇۋاپىق ياردەم بېرىلىدۇ، خىزمەتتىن يېقىندىن چېكىنگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئايمۇ ئاي تۇرمۇش خىراجىتى بېرىلىدۇ.

## 2. خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ جايلىشىشى

1985 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1298 بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ (خىزمەتتىكى ۋە خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ) %20نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققانلار 57، پېنسىيىگە چىققانلار 1162، خىزمەتتىن چېكىنگەنلەر 79؛ خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان كادىر 869، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققىنى 56، پېنسىيىگە چىققىنى 771، خىزمەتتىن چېكىنگىنى 40. تەپسىلىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ:

### 1985 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى

سىياسەت: 7 — 6 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| تۈرى | خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر | | | بۇنىڭ ئىچىدە: مەمۇرىي ئورۇنلاردىكىسى | | | كەسپىي ئورۇنلاردىكىسى | | | كارخانا ئورۇنلاردىكىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | كادىر | ئىشچى | جەمئىي | كادىر | ئىشچى | جەمئىي | كادىر | ئىشچى | جەمئىي | كادىر | ئىشچى |
| خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققانلار | 57 | 56 | 1 | 27 | 27 | — | 17 | 16 | 1 | 13 | 13 | |
| پېنسىيىگە چىققانلار | 1162 | 771 | 391 | 262 | 238 | 24 | 476 | 378 | 98 | 424 | 155 | 269 |
| خىزمەتتىن چېكىنگەنلەر | 79 | 40 | 39 | 24 | 21 | 3 | 22 | 19 | 3 | 33 | | 33 |
| جەمئىي | 1298 | 867 | 431 | 313 | 286 | 27 | 515 | 413 | 102 | 470 | 168 | 302 |

# § 6 . زىيالىي ياشلار خىزمىتى

1968 - يىلى 9 - ئايدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «زىيالىي ياشلار يېزىلارغا بېرىپ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشى كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئېلان قىلدى، شۇ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار تۇنجى تۈركۈمدە يېزىلارغا چۈشۈپ، ئەترەتلەردە قايتا تەربىيە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشى بىر مەھەل تۈزۈمگە ئايلاندى، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار 2 يىل «قايتا تەربىيە» ئالغاندىن كېيىنلا ئۆرلەپ ئوقۇش، ھەربىي سەپكە كىرىش ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. 1980 - يىلغا كەلگەندە زىيالىي ياشلارنىڭ «قايتا تەربىيە» ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشتىن توختىدى.

## 1. تەشكىلىي رەھبەرلىك

1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىدا زىيالىي ياشلارنى تەقسىم قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا 1981 - يىلى ئەمگەك بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1982 - يىلى زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ قالدى.

1968 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۈنىۋېرسىتېت (ئالىي تېخنىكومىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن 163 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى 50. بۇلار تۇنجى تۈركۈمدە گۈڭشېلارغا بېرىپ، ئەترەتلەردە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئالدى، شۇنىڭدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشقا باشلىدى. 1973 - يىلى مەركەزنىڭ [1973] 30 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلارغا قارىتا «سىياسىي جەھەتتە تۆتمىدىغان ئادەم بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئۆگىنىدىغان ئادەم بولۇش، تۇرمۇش جەھەتتە باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. زىيالىي ياشلارنى تەقسىم قىلىش ئىشخانىسى تاشمىلىق گۈڭشېسىنىڭ 5 - چوڭ ئەترىتىدە، ئوپال گۈڭشېسىنىڭ 8 - چوڭ ئەترىتىدە زىيالىي ياشلارنىڭ قايتا تەربىيە ئېلىش نۇقتىسىدىن 2نى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەر ۋىلايىتى، قەشقەر شەھىرىدىكى ئورۇنلاردىن ناھىيە ئىچىگە ئەۋەتىلگەن زىيالىي ياشلارغىمۇ شۇ ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە گۈڭشېلاردا «ياشلار نۇقتىسى» قۇرۇپ بېرىلدى. 1968 — 1980 - يىلغىچە تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 3061 ئوقۇغۇچى قايتا تەربىيە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ ناھىيىلىك ئوقۇغۇچى 1235، ۋىلايەت، قەشقەر شەھىرىدىكى ئورۇنلاردىن ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى 1826. زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىپ قايتا تەربىيە ئېلىش تۈزۈمى 1980 - يىلدىن كېيىن يولغا قويۇلۇشتىن توختىتىلدى. 1982 - يىلغا كەلگەندە، قايتا تەربىيە قوبۇل قىلغان بارلىق زىيالىي ياشلار ئوقۇشقا كىردى، ھەربىي سەپكە كىردى، ئىشقا تەقسىم قىلىندى.

## 2. خىراجەت

زىيالىي ياشلارغا «قايتا تەربىيە» بېرىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، زىيالىي ياشلارنى

قوبۇل قىلغان ئورۇنلارغا ئىقتىسادىي يۆلەك ئارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بەلگىلىمە بويىچە زىيالىي ياشلارنىڭ «قايتا تەربىيە» ئېلىش خىراجىتى يەرلىك مالىيەدىن ئاجرىتىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسىغا «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن بارغانلىكى ھەربىر ئادەمگە 500 يۈەن، يېزىلارغا بېرىپ ئەترەتتە ماكانلاشقان ھەربىر ئادەمگە 250 يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى، بۇ خىراجەتنى زىيالىي ياشلارنى قوبۇل قىلغان ئورۇنلار باشقۇرۇپ ئىشلەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1968 — 1980 - يىلغىچە زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىش ئەھۋالى**

سىياسەت: 7 — 7 - جەدۋەل  بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | تاغ ۋە يېزىلارغا بارغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى | ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر: مۇشۇ ناھىيەدىن | ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر: ۋىلايەت، قەشقەر شەھىرىدىن | يىللار | تاغ ۋە يېزىلارغا بارغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى | ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر: مۇشۇ ناھىيەدىن | ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر: ۋىلايەت، قەشقەر شەھىرىدىن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1968 | 562 | 549 | 13 | 1975 | 517 | 124 | 393 |
| 1969 | 191 | | 191 | 1976 | 880 | 270 | 610 |
| 1970 | 239 | | 239 | 1977 | 200 | 40 | 160 |
| 1971 | 110 | 2 | 108 | 1978 | 62 | 27 | 35 |
| 1972 | 42 | 42 | | 1979 | 68 | 41 | 27 |
| 1973 | 46 | 46 | | 1980 | 88 | 38 | 50 |
| 1974 | 56 | 56 | | جەمئىي | 3061 | 1235 | 1826 |

# باب VIII

# سىياسىي قانۇن

## § 1 . جامائەت خەۋپسىزلىكى

1949 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، ناھىيە بازىرى مۇداپىئە ئورگىنى تەسىس قىلىپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ھەربىي - ساقچى باشقارمىسى تەشكىللەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل بولدى. 1950 - يىل 1 - ئايدا قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ج خ ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، ئىدارە قارمىقىدا سىياسىي قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقى، كاتىبات، ئىجرا قىلىش (كېيىن «دەسلەپكى سوراق» دەپ ئاتالدى) تىن ئىبارەت 4

بۆلۈمچە ۋە جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى، سولاقخانا، ج خ ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. ئاساسىي قاتلام رايون (گۇڭشې، يېزا) لاردا ج خ ياردەمچىسى (كېيىن «خاس ۋەكىل» دەپ ئاتالدى) قويۇلدى، ئۇقتىلىق يېزا - بازارلاردا ساقچىخانا، كەنت (چوڭ ئەترەت) لەردە ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى (ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان) قويۇلدى.

1958 - يىلى يازدا ج خ ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى بىرلىكتە ئىش بېجىردى، بىر تۇتاش رەھبەرلىك يولغا قويۇلۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز فۇنكسىيىسى بويىچە بىرلىكتە دېلو بېجىردى، 1962 - يىلى ج خ ئىدارىسى، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئايرىم ئىش بېجىرىلدى.

1966 - يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئەترەت ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1967 - يىلى «ئىسيانچىلار» ھوقۇق تارتىۋالدى، شۇ يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى، ج خ ئىدارىسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خەلقنى قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1973 - يىلى ج خ ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975 - يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت ج خ سىستېمىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى خەلق ساقچىلىرى بۆلۈمى باشقۇردى، 1977 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك قوراللىق ئەترەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1985 - يىلى ساقچىخانىلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە كۆپەيتىلدى، شۇ يىلى توققۇزاق بازىرى ۋە ئاۋات، قوغان، پاختەكلە، بۆلاقسۇ، ئوپال، تاشمىلىق يېزىلىرىدا 7 ساقچىخانا قۇرۇلدى.

1987 - يىل 4 - ئايدا 8 ساقچىخانا كۆپەيتىلدى، بۇلار: بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ، لەڭگەر، مۇش، ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ قاتارلىق يېزا ساقچىخانىلىرىدىن ئىبارەت.

## 1. ئېنىقلاپ تىزىمغا ئېلىش

1950 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەر گارنىزون شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىدىكى سابىق گومىنداڭنىڭ پارتىيە - گۇرۇھ، ئىشپىيونلىرى تىزىمغا ئېلىنىپ ئېنىقلاندى، «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە قاتتىق بولۇش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر گۇناھىنى يۇيۇش، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر مۇكاپاتلىنىش» سىياسىتى ۋە تىزىمغا ئېلىپ ئېنىقلاشنىڭ ئەھمىيىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنىش ئارقىلىق ئەكسىيەتچىل پارتىيە - گۇرۇھ، ئىشپىيونلاردىن 263ى تىزىملاندى.

## 2. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

1952 - يىل 2 - ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ ھەرىكەت 1953 - يىلى ئاياغلاشتى. ھەرىكەت داۋامىدا مەخسۇس كۈرەش بىلەن ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، باستۇرۇش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىقرار قىلىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن زومىگەرلەر، ئەكسىلئىنقىلابچىلار قەتئىي باستۇرۇلدى؛ ئادەتتىكى زومىگەر ئەكسىلئىنقىلابچىلار مۇناسىپ جازالاندى، ئەگەشكۈچىلەر ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىش پوزىتسىيىسىگە قاراپ كەڭچىلىك قىلىنىپ قويۇپ بېرىلدى

ياكى ئاممىنىڭ رىجىمىغا تاپشۇرۇلدى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئارقىلىق خەلق مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى، خەلق ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى.

## 3. جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش

1950 - يىلدىن بېرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش جەھەتتە، كۈندىلىك خىزمەتلەردىن سىرت، بىر نەچچە قېتىم چوڭراق ھەرىكەت قوللىنىلىپ، ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. 1951 - يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، دۈشمەن ئەھۋالى ئىگىلىنىپ، باندىتلار، ئىشپىيونلار، ئەكسىيەتچىل پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ تايانچىلىرى، زومىگەرلەر ۋە قىمارۋاز، ساختا قىمارۋازلار، توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان لۈكچەك - سەرگەردانلارغا قارىتا قاتتىق ئېھتىيات چارىلىرى كۆرۈلدى، ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە مەركەزلىك زەربە بېرىلدى. 1956 - يىلى سەمەن، توققۇزاق رايونلىرىدا خىزمەت ئىشلىنىپ، بىر مۇنچە جەمئىيەت ئەھۋالى ئىگىلەندى. 1983 — 1985 - يىلغىچە ئېغىر دەرىجىدىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىلدى، بۇ جەرياندا 6 قېتىم جەڭ قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل جىنايەتچىدىن 169ى ئاختۇرۇپ تۇتۇلۇپ، قولغا چۈشۈرۈلۈپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ئۈنۈملۈك چۆچۈتۈلدى. 1984 - يىلى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى 1983 - يىلدىكىدىن 4.8% ئازايدى، 1985 - يىلى 1984 - يىلدىكىدىن يەنە 33.3% ئازايدى. 1985 - يىل 8 - ئايدا بىرەر قېتىممۇ جىنايى ئىشلار دېلوسى كۆرۈلمىدى، شۇ يىلى جەمئىيەت ئامانلىقى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ ياخشى يىللاردىن بىرى بولدى.

1986 - يىلى 120 جىنايى ئىشلار دېلوسى كۆرۈلدى، بۇنىڭ 98ى پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلو ۋە مۇھىم دېلو 19، بۇنىڭ 16 سى پاش قىلىندى. چوڭ دېلولار ئىچىدە قاتىللىق دېلوسى 3، زىيانكەشلىك دېلوسى 2، باسقۇنچىلىق دېلوسى 5، چوڭ ئالدامچىلىق دېلوسى بىر، ئوغرىلىق دېلوسى 8 (بۇنىڭ 5ى پاش قىلىندى). 1987 - يىلى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى قوزغىتىلىپ، ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلولىرى گۇماندارىدىن 132سى تۇتۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 سى قولغا ئېلىندى، 6 سى سوراق قىلىندى، 109ى مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويۇلدى. 1989 - يىلى 188 جىنايى ئىشلار دېلوسى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتىللىق دېلوسى 5، زىيانكەشلىك دېلوسى 11، بۇلاڭچىلىق دېلوسى 3، ئوت قويۇش دېلوسى بىر، باسقۇنچىلىق دېلوسى 5، لۈكچەكلىك دېلوسى 2، ئالدامچىلىق دېلوسى بىر، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسى 2، ئوغرىلىق دېلوسى 155. 1990 - يىلى 174 جىنايى ئىشلار دېلوسى كۆرۈلدى، بۇنىڭ 145ى پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتىللىق دېلوسى 6، زىيانكەشلىك دېلوسى 3، بۇلاڭچىلىق دېلوسى 2، ئوت قويۇش دېلوسى بىر، باسقۇنچىلىق دېلوسى 7، لۈكچەكلىك دېلوسى 2، ئالدامچىلىق دېلوسى بىر، ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسى بىر؛ يۇقىرىقى دېلولار پۈتۈنلەي پاش قىلىندى، ئوغرىلىق دېلوسىدىن 151ى كۆرۈلدى، بۇنىڭ 121ى پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلو 66، پاش قىلىنغىنى 54.

## 4. جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سولاقخانا 1950 - يىلى قۇرۇلدى، 1966 - يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا، ئاساسەن، كېسىلمىگەن جىنايەتچىلەر ۋە 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر قامىلاتتى. 1966 - يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن

كېيىن كېسىلمىگەن جىنايەتچىلەر ۋە 6 ئايدىن تۆۋەن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى قاماشقا ئۆزگەرتىلدى. باشقۇرۇش جەھەتتە، 1966 - يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى 3 يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خىراجەت چىقىمى ئەمگەك ئارقىلىق ھەل قىلىندى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، تۇرمۇش خىراجىتى يۇقىرىدىن بىر تۇتاش ئاجرىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جىنايەتچىلەر ھەمىشە گېزىت ئوقۇشقا تەشكىللەندى، ئۇلارغا سىياسەت - قانۇن تەربىيىسى بېرىلىپ، ئۇلارغا سىياسەت ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىلدى، ئۇلارنىڭ سىياسىي تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، ئۆزگىرىش ئىستىقبالى توغرىسىدىكى ئىشەنچى چىڭىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىنايىتىنى بويىنىغا ئېلىپ، جازانى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىرىشنى تېزلىتىپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولۇش يۆرىلىشىگە ئىگە قىلىندى. تۇرمۇش جەھەتتە، ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك يولغا قويۇلدى، ئېيىغا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 كىلوگرامدىن يېمەكلىك ئاشلىق تارقىتىپ بېرىلدى، تۇرمۇش خىراجىتى ھەربىر كىشىگە ئېيىغا 17.5 يۈەن بولۇپ، بىر تۇتاش ئىگىلىنىپ ئىشلىتىلدى.

## 5. نوپۇس باشقۇرۇش

1951 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ج خ مىنىستىرلىكى «شەھەر نوپۇسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئېلان قىلدى، شۇ يىلى ناھىيىدە نوپۇس تىزىملاش، نوپۇس تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى ئىشلىنىپ، نوپۇس تىزىملاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، ج خ ساقچىخانىسى ناھىيە بازىرىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس نوپۇس خادىمى قويۇپ، بىر تۇتاش نوپۇس دەپتىرى تارقاتتى؛ يېزا نوپۇسى يېزا - كەنت ھاكىمىيەتلىرى تەرىپىدىن تىزىملىنىپ باشقۇرۇلدى. 1958 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇس تىزىملاش نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بىر تۇتاش نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1964 - يىلدىكى 2 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە بازار - يېزا نوپۇسىنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھەر قايسى يېزا - بازار، مەيدانلاردا نوپۇس تىزىملاش جەدۋىلى كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىنى بىرلىك قىلغان ھالدا 2 نۇسخىدىن تولدۇرۇلۇپ، يېزا، مەيدان، كەنتلەر تەرىپىدىن ساقلاندى، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، كۆچۈپ كېتىش، كۆچۈپ كېلىش تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان نوپۇس جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى تىزىملاش تۈزۈمى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى ۋە ئورنىتىلدى، نوپۇس كاتىپ ياكى بوغالتىر تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. 1966 — 1976 - يىللىرىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتى ئاجىزلاپ كەتتى. 1977 - يىلدىن كېيىن نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلدى ۋە مۇكەممەللەشتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1974 — 1990 - يىللىرىچە نوپۇس باشقۇرۇش ئەھۋالى**

سىياسەت: 8 — 1 - جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | كۆچۈپ كىرگەن نوپۇس | كۆچۈپ چىققان نوپۇس | غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەن يېزا نوپۇسى | يىللار | كۆچۈپ كىرگەن نوپۇس | كۆچۈپ چىققان نوپۇس | غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەن يېزا نوپۇسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 2244 | 1885 | | 1978 | 3339 | 2066 | 631 |
| 1975 | 1477 | 679 | | 1979 | 2254 | 1914 | 583 |
| 1976 | 1762 | 1391 | | 1980 | 1546 | 2003 | 906 |
| 1977 | 1885 | 2316 | 352 | 1981 | 1710 | 2029 | 330 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 2042 | 3983 | 269 | 1987 | 1638 | 1456 | 212 |
| 1983 | 2697 | 2018 | 635 | 1988 | 1290 | 388 | 751 |
| 1984 | 1883 | 2121 | 307 | 1989 | 4574 | 1143 | 107 |
| 1985 | 1674 | 1685 | 154 | 1990 | 7399 | 856 | 16 |
| 1986 | 3952 | 1360 | 462 | | | | |

## 6. قاتناش باشقۇرۇش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 70 - يىللاردا ئامانلىق ساقلىغۇچى خەلق ساقچىسىدىن 2نى سەپلىدى، 80 - يىللاردا ئامانلىق ساقلىغۇچى خەلق ساقچىسىدىن 3نى سەپلىدى، ئۇلار، ئاساسلىقى، قاتناش ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش، قاتناش قائىدىسىنى ئىجرا قىلىش، قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى. 1987 - يىلى ناھىيىلىك ج خ قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. 1972 — 1980 - يىلغىچە ناھىيىدە 197 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 63 ئادەم ئۆلدى، 163 ئادەم يارىلاندى. 1978 - يىلىلا 26 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 5 ئادەم ئۆلدى، 23 ئادەم يارىلاندى، 16 مىڭ 917 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 1981 — 1985 - يىلغىچە 295 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 54 ئادەم ئۆلدى، 221 ئادەم يارىلاندى، قاتناش ھادىسىسى ئالدىنقى 9 يىلدىكىنىڭ 1.5 ھەسسىسىگە، ئۆلگەن ئادەم 0.86 ھەسسىسىگە، يارىلانغانلار 1.36 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 70 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 17 ئادەم ئۆلدى، 78 ئادەم يارىلاندى، 20 مىڭ 746 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 1986 - يىلى 71 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 7 ئادەم ئۆلدى، 53 ئادەم يارىلاندى، 31 مىڭ 950.7 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 1987 - يىلى 76 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 15 ئادەم ئۆلدى، 65 ئادەم يارىلاندى، 36 مىڭ 932.83 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 1990 - يىلى 52 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 21 ئادەم ئۆلدى، 51 ئادەم يارىلاندى، 87 مىڭ 500 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى، ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قاتناش ھادىسىسىمۇ كۆپىيىشكە يۈزلەندى.

1979 - يىل 5 - ئايدا ۋېلسىپىت باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلىشقا باشلىدى، ۋېلسىپىت نومۇرى تارقىتىلىپ، ۋېلسىپىت باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1979 -، 1980 - يىللىرى 5100 دىن ئارتۇق ۋېلسىپىتقا نومۇر بېسىلدى ۋە نومۇر تارقىتىلدى. 1988 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە نومۇر بېسىلغان ۋە نومۇر تارقىتىلغان ۋېلسىپىت 20 مىڭ 650كە يەتتى. 1987 - يىلى ناھىيە بويىچە 18 مىڭ ۋېلسىپىتقا نومۇر بېسىلدى ۋە نومۇر ئېسىلدى.

## 7. ئامانلىق باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا ئاممىۋى خاراكتېردىكى جەمئىيەت ئامانلىقى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1951 - يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا (كەنت) بىرلىك قىلىنغان ھالدا 7 كىشىلىكتىن 9 كىشىلىككىچە ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى، رايون (يېزا) لاردا ج خ ياردەمچىسى قويۇلدى. 1953 - يىلى ج خ ياردەمچىسى ج خ خاس ۋەكىلىگە ئۆزگەرتىلدى، يېزىلاردا

ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتى، كەنتلەردە 5 كىشىلىكتىن 7 كىشىلىككىچە جەمئىيەت ئامانلىقى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئىشپىيوندىن، ئوغرىدىن، ئوتتىن، خېيىم - خەتەردىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت «تۆتتىن مۇداپىئە كۆرۈش» خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ج خ خاس ۋەكىللىرىنىڭ ئامانلىقنى قوغداش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىگە ياردەم بېرىلدى. 1981 - يىلى ناھىيەدىكى بازار - يېزا ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتى 219غا، خادىمى 1305كە، جەمئىيەت ئامانلىقى گۇرۇپپىسى 1044كە، خادىمى 2316گە يەتكەنىدى. 1985 - يىلى ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتى 223كە، خادىمى 1083 كە، جەمئىيەت ئامانلىقى گۇرۇپپىسى 1710غا، خادىمى 4537گە يەتتى، 1987 - يىلى ئامانلىقنى قوغداش گۇرۇپپىسى 163كە، ئامانلىقنى قوغداش خادىمى تەڭشىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ 248 گە يەتكۈزۈلدى؛ ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتى 663كە، گۇرۇپپا 1583كە، خادىمى 3150كە يەتتى.

1960 - يىلى ناھىيەدە ھەرخىل جەمئىيەت ئامانلىقىغا دائىر جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 87سى يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 62 سى پاش قىلىندى. 1965 - يىلى ناھىيەدە 213 دېلو يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 112 سى پاش قىلىندى. 1970 - يىلى 308 دېلو يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 274ى پاش قىلىندى. 1980 - يىلى 201 دېلو يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 123ى پاش قىلىندى. 1985 - يىلى 105 دېلو يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 74ى پاش قىلىندى. 1986 - يىلى 199 دېلو يەز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە 177 ئادەم توختىتىپ قويۇلدى، 7 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، 15 ئادەمگە جەرىمانە قويۇلدى، 1987 - يىلى جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسىدىن 374 ى يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 370 دېلو تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 4 دېلو سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 218 ئادەم مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويۇلدى، 264 ئادەمگە جەرىمانە قويۇلدى، 14 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، 32 مىڭ 120 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 67 .1330 يۈەن پۇل مۇسادىرە قىلىندى. 1989 - يىلى جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسىدىن 288 ى يۈز بەردى، بۇ 288 دېلو تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 41 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى. 418 ئادەمگە جەرىمانە قويۇلدى، 342 ئادەم جەمئىيەت ئامانلىقى يۈزىسىدىن توختىتىپ قويۇلدى. 1990 - يىلى جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسىدىن 237 سى يۈز بەردى، بۇ 237 دېلو تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 35 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، 285 ئادەمگە جەرىمانە قويۇلدى، 214 ئادەم جەمئىيەت ئامانلىقى يۈزىسىدىن توختىتىپ قويۇلدى.

1983 - يىلى 204 جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 1985 - يىلى 153 دېلو تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 1985 - يىلى جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 1983 - يىلدىكىدىن %33 .33 ئازايدى. 1985 - يىلدىن كېيىن، جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسى كۆپەيدى، 1987 - يىلى يۈز بەرگەن دېلو 1985 - يىلدىكىنىڭ 3 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كەلدى، 1990 - يىلى يۈز بەرگەن دېلو 1985 - يىلدىكىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كەلدى.

# قوشۇمچە

## يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ناھىيىلىك ساقچى ئاپپاراتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بەگ قولى باش دورغا يۇرت قوغداش مۇپەتتىشلىكىگە قويۇلدى، گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1903 - يىلى) سەييارە مىرشاب بەگكە ئۆزگەرتىلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 3 - دەرىجىلىك بىر تەپتىش، بىر كاتىپ، بىر ساقچى باشلىقى، قوشۇمچە مەشقاۋۇل، 46 چېرىك قويۇلدى. گۇاڭشۈ 34 - يىلى

(1908 ـ يىلى) بىر ساقچى باشلىقى، بىر كاتىپ، بىر مەشقاۋۇل، 4 چارلىغۇچى ساقچى، 14 باش چارلىغۇچى، 56 چېرىك قويۇلدى. مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) 66 ساقچى قويۇلدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ساقچى ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا مەمۇرىيەت بۆلۈمى، شتاب ئىشلىرى بۆلۈمى، ئەيتىش ئىشخانىسى، نويۇس ئىشخانىسى ۋە توقۇزاق، ئاۋات ھەم ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى 4 دەرۋازا ساقچىخانىسى قۇرۇلدى. 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى شىنجاڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلىرىگە ئەگىشىپ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى.

## § 2 . تەپتىشلىك

50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەپتىشلىك كەسپىنى ج خ ئىدارىسى قوشۇمچە بېجىردى. 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى، 1955 ـ يىلى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ نامى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى خادىمى 5 تىن 35 كە يەتتى. 1990 ـ يىلى خادىمى 46 گە يەتتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى، قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، قاماقخانا تەپتىشلىكى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى ھەم ئەيىبلەش گۇرۇپپىسى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ناھىيىنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى، قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىكى، قاماقخانا تەپتىشلىكى كەسپلىرى پەيدىنپەي ئىزغا چۈشتى.

### 1. جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

1954 — 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە (1967 — 1978 ـ يىلغىچە بولغان ئاپپاراتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مەزگىلدىكى سان بۇنىڭ سىرتىدا) بولغان 20 يىلدا (1957 ـ، 1962 ـ، 1964 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكىسى يوق) ج خ ئورگىنىنىڭ جىنايەتكە ئالاقىدار 1874 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1415 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش قارار قىلىندى، 386 ئادەمنى قولغا ئېلىش تەستىقلانمىدى، 73 ئادەم باشقىچە بىر تەرەپ قىلىندى (تولۇقلاپ رازۋېدكا قىلىشقا قايتۇرۇلدى ۋە باشقىلار). 1985 ـ يىلى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشنىڭ دەل بولۇش نىسبىتى %97.2 كە يەتتى، ج خ ئورگىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن يوللاپ بەرگەن جىنايەتكە ئالاقىدار 1241 ئادەمنىڭ دېلوسى قوبۇل قىلىندى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1171 ئادەمنى ئەيىبلەش، 47 ئادەمنىڭ دېلوسىنى تولۇقلاپ رازۋېدكا قىلىشقا قايتۇرۇش قارار قىلىندى. شۇ يىلى سوت مەھكىمىسى جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلغانلار ئەيىبلەنگەنلەرنىڭ %97.5 نى ئىگىلىدى، 16 ئادەم ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى، 7 ئادەم ئەيىبلەنمىدى. 1979 — 1985 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىلا ئەيىبلەشنى قوللاش يۈزىسىدىن 192 قېتىم سوتقا چىقىلدى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە ج خ ئورگىنى قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋە ئۆزى رازۋېدكا قىلغان جىنايەتكە ئالاقىدار 259 ئادەمنىڭ دېلوسى قوبۇل قىلىندى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 198 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش قارار قىلىندى، 57 ئادەمنى قولغا ئېلىش تەستىقلانمىدى، 4 ئادەم باشقىچە بىر تەرەپ قىلىندى (تولۇقلاپ رازۋېدكا قىلىشقا قايتۇرۇلدى). 1990 ـ يىلى 63 دېلودىكى 83 ئادەمنى قولغا ئېلىش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ج خ ئورگىنى قولغا ئېلىشقا مەلۇم قىلغان دېلو 60، دېلودىكى ئادەم 79؛ تەكشۈرۈش ئارقىلىق 50 ئادەمنى ئەيىبلەش قارار قىلىندى؛ ئۆزى رازۋېدكا قىلىپ قولغا ئېلىشقا مەلۇم قىلغان دېلو 3، دېلودىكى ئادەم 4، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى؛

4 دېلودىكى 5 ئادەم ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى.

## 2. قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى

1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا قانۇن ـ ئىنتىزام، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 54 ئادەمگە چېتىشلىق 43 قېتىملىق قانۇن ـ ئىنتىزام دېلوسى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 18 ئادەمگە چېتىشلىق 10 قېتىملىق تۇرالغۇ ئۆيىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇش دېلوسى، 10 ئادەمگە چېتىشلىق 8 قېتىملىق قانۇنسىز سولاپ قويۇش دېلوسى، 8 ئادەمگە چېتىشلىق 8 قېتىملىق پۇقرالارنىڭ خەت ـ ئالاقە ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش دېلوسى، 7 ئادەمگە چېتىشلىق 6 قېتىملىق قوش نىكاھلىنىش دېلوسى، 2 ئادەمگە چېتىشلىق 2 قېتىملىق خىزمەتكە ئېتىبارسىز قاراش دېلوسى، 6 ئادەمگە چېتىشلىق 6 قېتىملىق تۆھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى، 2 ئادەمگە چېتىشلىق 2 قېتىملىق قىيناپ سوراق قىلىپ، قەستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش دېلوسى، بىر ئادەمگە چېتىشلىق بىر قېتىملىق باشقا دېلو بار. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 6 ئادەمگە چېتىشلىق 3 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەش قارار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمگە چېتىشلىق بىر دېلونى ئەيىبلەش، بىر ئادەمگە چېتىشلىق بىر دېلونى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىش، 3 ئادەمگە چېتىشلىق بىر دېلونى بىكار قىلىش (ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىش) قارار قىلىندى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇش قىلمىشى بولسىمۇ، جىنايەت ھاسىل بولمىغان دېلولار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە 82 ئادەمگە چېتىشلىق 61 قېتىملىق قانۇن ـ ئىنتىزام دېلوسى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 ئادەمگە چېتىشلىق 13 قېتىملىق تۇرالغۇ ئۆيىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇش دېلوسى، 14 ئادەمگە چېتىشلىق 9 قېتىملىق قانۇنسىز سولاپ قويۇش دېلوسى، 3 ئادەمگە چېتىشلىق 3 قېتىملىق پۇقرالارنىڭ خەت ـ ئالاقە ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش دېلوسى، 13 ئادەمگە چېتىشلىق 10 قېتىملىق قوش نىكاھلىنىش دېلوسى، 23 ئادەمگە چېتىشلىق 15 قېتىملىق خىزمەتكە ئېتىبارسىز قاراش دېلوسى، بىر ئادەمگە چېتىشلىق بىر قېتىملىق تۆھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى، بىر ئادەمگە چېتىشلىق بىر قېتىملىق قىيناپ سوراق قىلىپ، قەستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش دېلوسى، 7 ئادەمگە چېتىشلىق 6 قېتىملىق باشقىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش دېلوسى، 4 ئادەمگە چېتىشلىق 3 قېتىملىق باشقا چوڭ دېلو بار. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 10 ئادەمگە چېتىشلىق 8 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلىش قارار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئادەمگە چېتىشلىق 3 دېلونى ئەيىبلەش، 6 ئادەمگە چېتىشلىق 4 دېلونى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىش قارار قىلىندى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇش قىلمىشى بولسىمۇ، جىنايەت ھاسىل بولمىغان دېلولار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

## 3. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

1980 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قانۇن ـ ئىنتىزام، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بۆلۈمىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بۆلۈمى ئايرىلىپ چىققاندىن تارتىپ 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 45 ئادەمگە چېتىشلىق 44 قېتىملىق ھەرخىل ئىقتىسادىي دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 18 ئادەمگە چېتىشلىق 18 دېلو دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەھقىقلەندى، 6 ئىقتىسادىي جىنايەتچىنى قولغا ئېلىش قارار قىلىندى؛ 10 ئادەمگە چېتىشلىق 10 دېلونى ئەيىبلەش قارار قىلىندى، 5 ئادەمگە چېتىشلىق 5 دېلو ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى، خەلق پۇلى ھېسابىدا 49 مىڭ 659.33 يۈەن ھارام پۇل، ھارام مال قايتۇرۇۋېلىندى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە 66 ئادەمگە چېتىشلىق 60 قېتىملىق ھەرخىل ئىقتىسادىي دېلو قوبۇل

قىلىندى، 29 ئادەمگە چېتىشلىق 25 دېلو دېلو تورغۇزۇلۇپ رازۋېدكا قىلىندى، خەلق پۇلى ھېسابىدا 205 مىڭ 30.73 يۈەن ھارام پۇل، ھارام مال قايتۇرۇۋېلىندى، 1989 ـ يىلىلا خەلق پۇلى ھېسابىدا 89 مىڭ 566.97 يۈەن ھارام مال، ھارام پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

## 4 . قاماقخانا تەپتىشلىكى

1954 ـ يىلى قاماقخانا تەپتىشلىكى خىزمەت ھوقۇقى يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. قاتتىق باشقۇرۇپ ئۆزگەرتىش پرىنسىپى ئاستىدا، جىنايەتچىلەر ۋە جاۋابكارلارنىڭ تۇرمۇش، تازىلىق شارائىتى پەيدىنپەي ياخشىلاندى. 1978 ـ يىلى ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1984 ـ يىلى قاماقخانا تەپتىشلىك بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلدى، سولاقخانىلاردا «يېرىم ئايدا كىچىك تەكشۈرۈش، ئايمۇ ئاي چوڭ تەكشۈرۈش، ھېيت ـ بايرامدىن ئىلگىرى ج خ ئىدارىسى، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئەترەت بىرلىكتە تەكشۈرۈش» تۈزۈمى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى. 1985 ـ يىلىلا سولاقخانىغا ئىنتىزامغا خىلاپ ئەھۋاللارنى تۈزىتىش يۈزىسىدىن 18 قېتىم ئاغزاكى تەكلىپ، 4 قېتىم يازما تەكلىپ بېرىلدى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ۋە ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىغا 6 قېتىم تۈزىتىش پىكرى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن باشقۇرۇش ـ تەربىيىلەش خىزمىتى ياخشىلاندى، يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش ۋاقتى ئۆزىرىپ كېتىش، يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى، تاماق ھېساباتى ئېنىق بولماسلىق، كەلسە ـ كەلمەس بەند قىلىش ۋە بەندخانىدا دېرىزە بولماسلىق مەسىلىسى تۈزىتىلدى؛ كېسىلى ساقايغان كېپىلگە بېرىلگەن خادىملار ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلدى.

1986 ـ يىلى قاماقخانا تەپتىشلىكىنىڭ سالمىقى زورايدى. 1988 ـ يىلى ئىلگىرىكى يېرىم ئايدا كىچىك تەكشۈرۈش ھەر ھەپتىدە كىچىك تەكشۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى، 1990 ـ يىلىلا 102 قېتىم تەكشۈرۈلدى، 32 قېتىم بىرلىكتە تەكشۈرۈلدى. 1989 ـ يىلى ھۆكۈم چىقارماي ئۇزاق ۋاقىت نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش، تۈزۈم قاتتىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە 33 قېتىم پىكىر بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 قېتىملىق يازما تەكشۈرۈش بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى، مەھبۇسلار بىلەن سۆھبەتلىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جىنايىتىنى يېكىتىش مۇۋاپىق بولماسلىق ئەھۋالى تۈزىتىلدى، مەھبۇسلار پات ـ پات قېچىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

## § 3 . سوتلاش

1950 ـ يىلى ئەتىيازدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ياقۇپ ھاجى مەھكىمە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، مەھكىمە قارمىقىدا ھەق تەلەپ ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ۋە ئىشخانا، سولاقخانا تەسىس قىلىندى (1951 ـ يىلى ج خ ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى). 1951 ـ يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق سوتى تەسىس قىلىندى. 1954 ـ يىلى ئومۇمىي سايلام ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خەلق سوتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى ئاۋات قاتارلىق رايونلاردا سەييارە سوت تەسىس قىلىندى، سەييارە سوت ھەق تەلەپ ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بۆلەكلەر بويىچە قوبۇل قىلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سەييارە سوت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1969 ـ يىلى سوت مەھكىمىسى خىزمىتىنىڭ ئورنىنى ج خ، تەپتىش، سوت ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى

ئىگىللىدى.

1973 - يىلى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ھەق تەلەپ ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ۋە ئىشخانا قۇرۇلدى. 1980 - يىلى ئاۋات سوتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىلى لەڭگەر، بۇلاقسۇ سوتلىرى قۇرۇلدى. 1982 - يىلى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 1950 - يىلدىكى 16 دىن 35كە يەتتى. 1986 - يىلى ئۇپال سوتى قۇرۇلدى. 1987 - يىلى يېڭىئۆستەڭ، مۇش سوتلىرى قۇرۇلدى. 1988 - يىلى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ قوبۇلخانىسى، مەمۇرىي سوتى قۇرۇلدى. 1990 - يىلى ناھىيىدە سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 77گە يەتتى.

## 1. سوتلاش تۈزۈمى

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوتتا قارىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلدى، دېلولارنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا زاسېداتېللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1953 - يىلدىكى ئومۇمىي سايلامدىن ئىلگىرى سوت مەھكىمىسى خەلق ئاممىسى ۋەكىللىرى ۋە ئورگانلار كۆرسەتكەن زاسېداتېللارنى تەكلىپ قىلدى. 1953 - يىلدىن كېيىن، ھەر قېتىمقى ئومۇمىي سايلامدا سايلاپ چىقىلغان زاسېداتېللار زاسېداتېللىق خىزمىتىگە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوچۇق سوت قىلىش، ئاقلاش، كېڭەشمە سوت، نارازىلىق ئەرزى بېرىش قاتارلىق سوتلاش تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى. 1961 - يىلى خەلق زاسېداتېلى 124 كە يەتتى. 1966 — 1976 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ھەرخىل سوتلاش تەرتىپلىرى، تۈزۈملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر مۇنچە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كېلىپ چىقتى. 1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشالدى. 1983 - يىلى زاسېداتېللىق تۈزۈمى ۋە سوت ھەيئىتى قاتارلىق تۈزۈملەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 2. جىنايى ئىشلار سوتى

1950 — 1985 - يىلغىچە 3735 قېتىملىق ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلوسى قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1950 — 1965 - يىلغىچە 3005 دېلو قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 188 قېتىمدىن توغرا كېلىدۇ. 1966 — 1976 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتى ئۇزاق ۋاقىت پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، نۇرغۇن جىنايى ئىشلار دېلولىرى قانۇن بويىچە بىر ياقلىق قىلىنمىدى، 11 يىلدا 383 دېلو بېجىرىلدى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35 قېتىمدىن توغرا كېلىدۇ. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى قوغداش ۋە ئەكسىيەتچىلەرنى باستۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر داۋامىدا ئىشپىيون، باندىت، زومىگەرلەر ۋە ئەكسىيەتچى پارتىيە - گۇرۇھتىكىلەرگە نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى. 1954 - يىلدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە نۇقتىلىق قايتۇرما زەربە بېرىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، سوت مەھكىمىسى تەشكىلى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1976 - يىلى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا بىر ياقلىق قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى قايتا تەكشۈرۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىنىپ، دۆلەت قانۇنى ۋە پارتىيە سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قانۇن ـ تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1983 ـ يىل 8 ـ ئايدىن باشلاپ مەركەزنىڭ «ئېغىر دەرىجىدىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار»ى بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەت دېلولىرى ئېغىرلىتىلىپ ۋە تېز سوت قىلىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە 411 ئادەمگە چېتىشلىق 222 قېتىملىق ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلوسى قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1986 ـ يىلدىكىسى 71 ئادەمگە چېتىشلىق 64 دېلو، 1990 ـ يىلدىكىسى 86 ئادەمگە چېتىشلىق 41 دېلو، ئوغرىلىق جىنايىتى دېلوسىلا 40 ئادەمگە چېتىشلىق 24 دېلو، بۇنىڭدىن باشقا، 2 ئادەمگە چېتىشلىق بىر قېتىملىق زەھەر جىنايىتى دېلوسىمۇ يۈز بەردى.

## 3. ھەق تەلەپ ئىشلىرى سوتى

1950 — 1985 ـ يىلغىچە ھەرخىل ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىدىن 10 مىڭ 425ى قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، 1950 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىلا 3236گەيەتتى، بۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 36 يىلدا (1985 ـ يىلغىچە) يۈز بەرگەن ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىنىڭ %31.04نى ئىگىلىدى. 1951 — 1956 ـ يىلغىچە ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىدىن 2331ى قوبۇل قىلىندى، بۇ، 36 يىلدا يۈز بەرگەن ئومۇمىي دېلونىڭ %22.36نى ئىگىلەيدۇ؛ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 338 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى قوبۇل قىلىندى؛ 1957 — 1978 ـ يىلغىچە بولغان 22 يىلدا 2290 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى قوبۇل قىلىندى، بۇ، 36 يىلدا يۈز بەرگەن دېلونىڭ %21.97 نى ئىگىلەيدۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 104 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى قوبۇل قىلىندى؛ 1979 — 1985 ـ يىلغىچە بولغان 7 يىلدا 2569 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى قوبۇل قىلىندى، بۇ، 36 يىلدا يۈز بەرگەن دېلونىڭ %24.63نى ئىگىلەيدۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 366 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى قوبۇل قىلىندى، دېلو تۈرلىرى جەھەتتە، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن، قەرز ئىشلىرى، گۆرۈ، يەر، سۇچىلىق، ئىجارە بېرىش قاتارلىق ھەق تەلەپ ماجىرالىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، نىكاھ دېلولىرىنىڭ سالمىقى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1985 ـ يىلى 650 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى بىر ياقلىق قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ دېلوسى %75نى ئىگىلەيدۇ، ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا مۇرەسسە قىلىش ئاساس قىلىندى، پاكىت ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۇرەسسە قىلىندى، مۇرەسسە قىلىنغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن ھەل قىلغىلى بولمىغاندا، قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلدى. 1985 ـ يىلى 650 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى قاراپ چىقىلىپ، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 618 دېلو (%95نى ئىگىلەيدۇ) مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلدى.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆز قارىشى يېڭىلاندى، ئۇلار قانۇندىن ئىبارەت قورال ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ھەق تەلەپ ماجىرالىرى پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1986 — 1990 ـ يىلغىچە 3846 قېتىملىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسى قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى 3267 قېتىم بولۇپ، ئۇلەش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى، خەلق سوت مەھكىمىسى «ئاممىغا تايىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۆز يېرىدە ھەل

قىلىش، تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش» تىن ئىبارەت فاڭجېننى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەرخىل ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلولىرىنى ئۈنۈملۈك مۇرەسسە قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

## 4. ئىقتىسادىي سوت

1982 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى مەملىكەتلىك 1 ـ قېتىملىق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنى ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئىقتىسادىي سوتقا دائىر دېلولارنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى توغرىسىدا» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، دېلو بېجىرىش دائىرىسى ئىزغا چۈشۈرۈلدى، 1985 ـ يىلغىچە 91 ئىقتىسادىي دېلو قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، دەۋادىكى سومما 11 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1986 — 1990 ـ يىلغىچە 336 ئىقتىسادىي دېلو قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى.

## 5. دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش

«خاتالىق بولسىكەن، جەزمەن تۈزىتىش» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، 1952 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولار قايتا تەكشۈرۈلۈپ، چىقىرىلغان ھۆكۈم مۇۋاپىق بولمىغان 121 دېلو تۈزىتىلدى. 1956 ـ يىلى 1955 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1956ـ يىل 9 ـ ئايغىچە قاراپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولار ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 98 ئادەمگە چېتىشلىق جازا ئۆلچەش ياكى بىر ياقلىق قىلىش مۇۋاپىق بولمىغان 80 دېلو تۈزىتىلدى. 1971 ـ يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1968 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1970 ـ يىلغىچە قايتا تەكشۈرۈلۈپ يوللانغان 9 چوڭ دېلودىن 4 نىگە چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى. 1976 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى دېلولاردىن 3495 ى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 40 خاتا دېلو تۈزىتىلدى، 151 ئادەم ئاقلاندى، 12 ئادەم جىنايى ئىشلار جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىندى.

## § 4 . ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

1980 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى ئەدلىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، 7 كادىر قويۇلدى. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش يۈزىسىدىن 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى قۇرۇلدى، 1982 ـ يىلى ناھىيىلىك قانۇن مەسلىھەتچىلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى ۋە يېزا ـ بازارلاردا ئەدلىيە ياردەمچىلىرى قويۇلدى. ناھىيىدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 222 گە، مۇرەسسەچى 1180 گە يەتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيىدە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

## 1. قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسى

1980 ـ يىلى ئالدى بىلەن ئەدلىيە ئاپپاراتى، قانۇن مەسلىھەتچىلىرى باشقارمىسى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە رولى تەشۋىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»، «نىكاھ

قانۇنى»، «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى»، «ئورمان قانۇنى»، «مىراسخورلۇق قانۇنى»، «ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» ھەم جىنايى ئىشلار، ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە ئېغىرلىتىپ ۋە تېز زەربە بېرىش، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قاتارلىق قانۇن بىلىملىرى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىندى، ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە بەزى ئورۇنلارغا قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىلدى.

1980 — 1985 ـ يىلغىچە ناھىيىدە 1303 ئورۇندا قانۇن تەشۋىقات تاختىسى چىقىرىلدى، 5326 سۈرەت كۆرگەزمە قىلىندى، 36 قېتىم تەشۋىقات ئاپتوموبىلى ئىشقا سېلىندى، رادىئودا 1120 قېتىم تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى، 538 قېتىم قانۇن دەرسى ئۆتۈلدى، 7352 نۇسخا تەشۋىقات ماتېرىيالــــى تۈزۈلدى. قانۇن ئۆگىنىلگەندىن كېيىن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ئىشى بولۇپ قالدى.

1985 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئومۇمىي پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بارايلى» دېگەن چاقىرىقنى چىقىرىپ، 1 ـ بەش يىللىق (1986 — 1990 ـ يىلغىچە) قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيىلىك پارتكوم ئورگانلار پارتكومى، ج خ ئىدارىسى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى، ئەدلىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپتى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى روزى ئابدۇللا گۇرۇپپا باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەمەت قاسىم، مۇئاۋىن ھاكىم مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ج خ ئىدارىسى، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرى، ئەدلىيە ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، قوراللىق بۆلۈم، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 32 كادىر ئاجرىتىلىپ، 4 گۇرۇپپىغا ئايرىلدى. ناھىيىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغىچە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قاتلاممۇ قاتلام قۇرۇلۇپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1986 ـ يىلى «ئاساسىي قانۇن»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1987 ـ يىلى «خەلق ئەسكەرلىرى قانۇنى»، «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»، «نىكاھ قانۇنى»، «مىراسخورلۇق قانۇنــــى» ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1988 ـ يىلى «ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى»، «ئورمان قانۇنى»، «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى»، «يايلاق قانۇنى» ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1989 ـ يىلى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر قايسى سىستېمىلاردىكى ئورۇنلار ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئالاقىدار 16 قانۇن ـ نىزامنى تاللاپ ئۆگەندى. ناھىيىدە 394 قېتىم چوڭ ـ كىچىك ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 21 مىڭ 33 ئادەم تەربىيىلەندى؛ ناھىيىدىكى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتى 238 مىڭ 93، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 237 مىڭ 844 بولۇپ، بۇ، قانۇن ساۋاتلىرىنــــى ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ %99.9 نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلار 237 مىڭ 102 كىشى بولۇپ، قاتناشقان ئادەمنىڭ %99.7 نى تەشكىل قىلدى؛ كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى، ئاڭلىغۇچىلار 575 مىڭ 464 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت 20 مىڭ 151 كىتاب سېتىۋېلىندى، 1920 نۇسخا «قانۇنچىلىق گېزىتى» گە مۇشتەرى قوبۇل قىلىندى، شەخسلەر 1520 نۇسخا

گېزىتكە مۇشتەرى بولدى.

قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئارقىلىق يېزا، بازار، مەيدانلار، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ئۇدا 5 قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان 17 يېزا، بىر مەيدان، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 71 ئورۇنغا لاياقەتنامە تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى ئاممىنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى كۈچەيدى، تېپىۋالغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىقتا دائىر سومما 178 مىڭ 8 . 157 يۈەنگە يەتتى؛ ئازغان ياشلار، ئۆسمۈرلەر، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار ۋە جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەرگە ياردەم - تەربىيە بېرىش، ئۇلارغا تەسىر ئۆتكۈزۈش، ئۇلاردا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە بۇنىڭغا تۈرتكە بولۇندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇن ئېڭى ئىلگىرى سۈرۈلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا دائىر 287 جىنايەت ئاشكارىلاندى ۋە پاش قىلىندى؛ «ئىنتىزامغا رىئايە قىلغان، قانۇنغا بويسۇنغان شەرەپلىك ئائىلە»دىن 66 مىڭ 100ى باھالاپ چىقىلدى؛ دېلو پاش قىلىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، دېلو پاش قىلىش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىلدى.

## 2 . ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى

1982 - يىل 6 - ئايدا قانۇن مەسلىھەتچىلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى، باشقارمىدا 5 ئادۋوكات بار بولدى، ئۇلارنىڭ 2 سى مەخسۇس، 3ى قوشۇمچە. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش؛ ھەق تەلەپ دېلولىرى دەۋالاشقۇچىلىرىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، دەۋاغا قاتنىشىدىغان ۋاكالەتچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىش؛ جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى جاۋابكارلارنىڭ ھاۋالىسىنى ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئاقلىغۇچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىش؛ بىۋاسىتە دېلو دەۋاسىدىكى دەۋا قىلغۇچىلار، ئەيىبلەش دېلوسىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، دەۋاغا قاتنىشىدىغان ۋاكالەتچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىش؛ غەيرىي دەۋا ۋەقەلىرىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىش ياكى مۇرەسسە، كېسىم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغان ۋاكالەتچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىش؛ قانۇن توغرىسىدا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، دەۋا خەت - ئالاقىلىرىنى ياكى قانۇن ئىشلىرىغا ئائىت باشقا خەت - ئالاقىلەرنى يېزىپ بېرىشتىن ئىبارەت. 1980 — 1985 - يىلغىچە 113 دېلو بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسى 91، ھەق تەلەپ دېلوسى 22؛ 32 غەيرىي دەۋا ۋەقەسىگە ياردەم بېرىلدى، 184 خەت - ئالاقە يېزىپ بېرىلدى، قانۇن توغرىسىدا سورالغان 761 سوئالغا جاۋاب بېرىلدى، ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەك ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 546 ئادەم (قېتىم)نىڭ ئىشى بىر ياقلىق قىلىندى، 245 قېتىم قانۇن تەشۋىق قىلىندى، 2 قېتىم قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇندى.

## 3 . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى

1981 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسىدا 3 كادىر ئىشلىدى، بۇ باشقارما «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن پائال خىزمەت

قىلدى. 1980 — 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 559 ھەرخىل ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىپ بېرىلدى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98كە يەتتى، 1985 - يىلى ئەمەل قىلىنىش نىسبىتى 1983 - يىلدىكى %97تىن %99كە يەتتى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 1 - بولۇپ ئورمانچىلىقتىكى ھۆددىگە بېرىش توختامىدىن 18 نگە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىلدى.

## 4. خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1951 - يىلدىن تارتىپ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلاردا مۇرەسسە تەشكىلاتى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1953 - يىلى ئومۇمىي سايلامغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلىق مۇرەسسە ھەيئىتى رەسمىي سايلاپ چىقىلدى، مۇرەسسە ھەيئىتى چوڭ يېزىلاردا 11 كىشىدىن، كىچىك يېزىلاردا 7 كىشىدىن تەركىب تاپتى. 1954 - يىل 3 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «خەلق مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي ئومۇمىي قائىدىسى»نى ئېلان قىلىپ، مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ ۋەزىپىسى يېزىلاردىكى ئادەتتىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرى ۋە يەڭگىل جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى مۇرەسسە قىلىش ھەم سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلارنى تەشۋىق قىلىش ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. 1980 - يىلدىن ئىلگىرى بۇ كەسىپنى خەلق سوت مەھكىمىسى قوشۇمچە باشقۇردى، 1980 - يىلى بۇ كەسىپ ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985 - يىلغىچە خەلق ئارىسىدىكى ھەرخىل ماجىرادىن 37 مىڭ 615ى مۇرەسسە قىلىندى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6269دىن توغرا كەلدى. 1982 - يىلى مۇرەسسە قىلىنغان ماجىرالار شۇ يىلى سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ 11.2 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان 8 ئادەمنىڭ غەيرىي نورمال ئۆلۈمىنىڭ ئالدى ئېلىندى، ئامما ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئارازلىق تۈگىتىلدى، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە ئۆز ئارا ياردەم، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى ۋە قوغداپ قېلىندى.

# IX باب

# چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىدىكى ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى

## 1 §. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى

### 1. بەگلىك تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ياركەنت خانلىقى دەۋرىدە بەگلىك تۈزۈمى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ ۋە سىستېمىلىشىپ، ھاكىمبەگ باشچىلىقىدىكى چوڭ - كىچىك بەگلىكلەردىن تەركىب تاپقان يەرلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتى شەكىللەندى. خانلىقنىڭ مۇھىم زېمىنى بولغان قەشقەردە ۋالىينىڭ

يەرلىك مەمۇرىي، ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىدىغان ھاكىم قاتارلىق بەگلەر قويۇلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى بازار - يېزىلاردا ئۇ يەرلەرنى ئىدارە قىلىدىغان قاتمۇقات بەگلەر قويۇلدى، بەگلەرنىڭ بىرقەدەر تەپسىلىي مەسئۇلىيەت ئىش تەقسىماتى بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا بەگلىك تۈزۈمىدىن داۋاملىق پايدىلاندى. قەشقەر شەھىرىدە مۇسۇلمانلار ئىشلىرىغا نايىبلىق قىلىدىغان 3 - دەرىجىلىك بىر ھاكىمبەگ قويۇلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىردىن 4 - دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بەگ، 4 - دەرىجىلىك خەزىنىچى بەگ، 4 - دەرىجىلىك شاڭ بېگى، 5 - دەرىجىلىك قازى بەگ، 5 - دەرىجىلىك ناقىب بەگ، 5 - دەرىجىلىك مۇتەسىپ بەگ، 5 - دەرىجىلىك مۇتىۋەللى بەگ، 6 - دەرىجىلىك باجگىر بەگ، 6 - دەرىجىلىك ئەرباب بەگ، 6 - دەرىجىلىك مىڭبېگى، 6 - دەرىجىلىك دۈگان بەگ، 6 - دەرىجىلىك پاششاپ بەگ، 6 - دەرىجىلىك ئىشقۇل بەگ، 6 - دەرىجىلىك باقىدار بەگلەر قويۇلدى، بۇلاردىن سىرت، 7 - دەرىجىلىك 12 مىڭبېگى قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا يەر، تۇپرىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ھەر دەرىجىلىك بەگلەر قويۇلدى، مەسىلەن: بەشكېرەمدە بىردىن 5 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ، 6 - دەرىجىلىك قازى بەگ، 6 - دەرىجىلىك مىراب بەگ، 6 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، تاشمىلىقتا بىردىن 5 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، ئۇستۇن ئاتۇشتا بىردىن 6 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ، 6 - دەرىجىلىك قازى بەگ، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، ئوپالدا بىردىن 6 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، قوغاندا بىردىن 6 - دەرىجىلىك مىراب بەگ، 6 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، سەمەندە بىردىن 6 - دەرىجىلىك مىراب بەگ، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، توققۇزاقتا بىردىن 6 - دەرىجىلىك مىراب بەگ، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، ئاۋاتتا بىردىن 6 - دەرىجىلىك مىراب بەگ، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى، مۇش سۇلۇقتا بىردىن 7 - دەرىجىلىك مىراب بەگ، 7 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قويۇلدى.

ھەر دەرىجىلىك بەگلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تاللاپ ئەۋەتىلدى ۋە تەيىنلەندى، ئۇلارغا مەنسەپ دەرىجىسىگە قاراپ تېرىلغۇ يەر ۋە يانچى (تېرىقچى) بېرىلدى. 3 - دەرىجىلىك بەگكە 200 پاتمان يەر، 100 يانچى، 4 - دەرىجىلىك بەگكە 50 پاتمان يەر، 50 يانچى، 5 - دەرىجىلىك بەگكە 100 مو يەر، 30 يانچى، 6 - دەرىجىلىك بەگكە 50 مو يەر، 30 يانچى، 7 - دەرىجىلىك بەگكە 30 مو يەر، 8 يانچى بېرىلدى. بەگلەر كۆپ ھاللاردا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تېرىلغۇ يەرنى كۆپ ئىگىلىۋالاتتى، يانچىلارنى كۆپ ئىشلىتەتتى، ھەتتا ئۇز ئالدىغا كۈمۈش سېلىق ۋە ھاشار سالاتتى، بۇ ئارقىلىق شۇ جايدىكى پۇقرالارنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى.

گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەرلىك خەلق ئىشلىرىغا ئامبال مەسئۇل بولدى، ئەسلىدىكى بەگلەر يا ناھىيە سىپاھلىقىغا تەيىنلەندى، يا شائيو بولدى، يا ئاقسۆڭەكلەرگە ياساۋۇل بولدى، بەگلىك تۈزۈمى ئاستا - ئاستا بىكار قىلىندى. گۇاڭشۇ 13 - يىلى (1887 - يىلى) ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە مائاش بېرىلدى، ئۇلار پايدىلىنىپ كەلگەن تېرىلغۇ يەرلەر «بەگلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئورتاقچىلارغا ئىجارىگە بېرىلدى، ئوشۇق ئاشلىقى قائىدە بويىچە قوبۇل قىلىندى».

## 2. ئامبال يامۇلى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 9 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلدى، يامۇل مەھكىمىسى قەشقەر كوناشەھەردە تەسىس قىلىندى، ناھىيە سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىغا تەۋە بولدى. شۇ چاغدا بىردىن

ئامبال، پاششاپ بەگ قويۇلدى، مۇشۇ يەرگە مەنسۇپ بولغانلىكى خەلق ئىشلىرىغا ئامبال مەسئۇل بولدى. ئامبال يامۇلىغا ھېسابات، پۇتۈكچىلىك ئىشلىرى قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان بەگ تەكلىپ قىلىندى. يامۇل مەھكىمىسى ئىچىدە يەنە بىر نەچچە دورغا بولۇپ، خەت - ئالاقە سۇنۇش، يۈگۈر - يېتىم قاتارلىق ئىشلارنى بېجىردى.

گۇاڭشۇ 28 - يىلى (1902 - يىلى) سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى مەھكىمە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىگە قاراشلىق 9 چوڭ مۇسۇلمان يۇرتىغا سۇ ئىشلىرى، غەللە پاراق، ھاشار - ئالۋان قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان شاڭيۇ قويۇلدى؛ تاغلىق رايوندىكى بويرۇتلار (يەنى قىرغىزلار) نىڭ 5 قەبىلىسىگە قەبىلە بويىچە باشچىلىق قىلىدىغان ئاتامان قويۇلدى.

**چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولغانلار**

سىياسەت: 9 — 1 - جەدۋەل

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| شۇ دىڭجيۇ | ئامبال | گۇاڭشۇ 9 - يىلى 14 - كۈنى (1883 - يىلى) |
| تەن چۈەنكې | ئامبال | گۇاڭشۇ 14 - يىلى (1888 - يىلى) |
| ليۇ جاۋسۇڭ | ئامبال | گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى) |
| شى بىنچىڭ | ئامبال | گۇاڭشۇ 21 - يىلى (1895 - يىلى) |
| جۇ يى | ئامبال | گۇاڭشۇ 24 - يىلى (1898 - يىلى) |
| ليۇ تۇجى | ئامبال | گۇاڭشۇ 29 - يىلى (1903 - يىلى) |
| چيەن بىڭخۇەن | ئامبال | گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907- يىلى) |

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېڭى سىياسەت يولغا قويۇلدى، جايلار ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى قۇرۇلدى، بۇ باشقارمىغا يىللىق خىراجەت ئۈچۈن 1416 سەر كۈمۈش ئاجرىتىلدى، باشقارما قارمىقىدا بىردىن نازارەتچى، مۇئاۋىن نازارەتچى، باش تەكشۈرگۈچى، 4 بېزا - بازار تەكشۈرگۈچىسى قويۇلدى. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا يىللىق خىراجەت ئۈچۈن 872 سەر كۈمۈش ئاجرىتىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا بىردىن نازارەتچى، ئورۇن باشلىقى، ۋائىز قويۇلدى، 18 ئاڭلىغۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلدى، كېڭەشكە يىللىق خىراجەت ئۈچۈن 228 سەر كۈمۈش ئاجرىتىلدى، كېڭەشكە بىر كېڭەش باشلىقى، 2 مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، 13 كېڭەش ئەزاسى، بىر خەت - ئالاقىچى ھەم لاۋازىم قويۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇدىرىيەت قۇرۇلدى، مۇدىرىيەتكە يىللىق خىراجەت ئۈچۈن 540 سەر كۈمۈش ئاجرىتىلدى، مۇدىرىيەتكە بىردىن باش مۇدىر، مۇدىر، خەت - ئالاقىچى ھەم لاۋازىم قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىگە قاراشلىق جايلار ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىي رايونى ۋە شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي، شىمالىي رايونلاردىن ئىبارەت 5 ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش رايونىغا بۆلۈندى. تارىخىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، يۇقىرىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى كۆپىنچە ئىغىزدىكى گەپتىنلا ئىبارەت بولۇپ، جايلارنىڭ يۈكىنى بىھۇدە ئاشۇرۇۋەتكەچكە، ھېچقانداق ئەمەلىي رول ئوينىيالمىدى.

# 2 § . مىنگو دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى

## 1. ناھىيىلىك مەھكىمە

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى كونا تۈزۈم داۋاملىق قوللىنىلدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ناھىيىلەردىكى يەرلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەر تەشكىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇق» قا بىنائەن ناھىيە ئايىبلى مەھكىمىسى قۇرۇلدى، مەھكىمە ئىچىدە ئىچكى ئىشلار، مالىيە، مائارىپ، سودا - سانائەت قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. سۇلى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقتىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر دوتەيلىكىگە بىۋاستە قارايدىغان بولدى.

## 2. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) دىن كېيىن، ناھىيىلىك مەھكىمە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، ئامبال ھاكىمغا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 2 بۆلۈم تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈملەر ئىچكى ئىشلار، مائارىپ ۋە مالىيە، ئوقەتچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) قەشقەر دوتەيلىكى قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئۇنىڭغا قارايدىغان بولدى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىل 1 - ئايدا) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ، قۇرۇلۇش بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بېتەكچى، چارۋىچىلىق بېتەكچىسى قاتارلىقلار قويۇلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) قەشقەر مەمۇر مەھكىمىسى مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەنىلا 1 - دەرىجىلىك ناھىيە سۈپىتىدە ئۇنىڭغا قارىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە يەنە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش بېتەكچىسى، ئامبار مۇدىرى، تەكشۈرگۈچى قاتارلىق ۋەزىپىلەر تەسىس قىلىندى.

## 3. يېزا - كەنت ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شاڭيولۇق تۈزۈمى داۋاملاشتۇرۇلدى، يېزىلاردا يېزا - كەنت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان شاڭيو، تۇتۇن بېشى قويۇلدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) «شىنجاڭنىڭ رايون، كەنت تۈزۈمىدىكى تەشكىلىي نىزامنامىسى» گە بىنائەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە شاڭيولۇق تۈزۈمى بىكار قىلىندى، ناھىيىنىڭ قارىمىقىدا رايون، كەنت مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىندى، بۇ مەھكىمىلەر رايون، كەنت ئىشلىرىغا كونكرېت مەسئۇل بولدى. رايونلۇق مەھكىمىگە بىردىن رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى قويۇلدى، كەنت مەھكىمىسىگە بىردىن كەنت باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى قويۇلدى، بۇلار رايون، كەنتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن ۋەكىللەر يىغىنىدا سايلاپ چىقىلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) باۋ، جىيا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ناھىيە قارىمىقىدا

يېزا ـ بازار، يېزا ـ بازار قارىمىقىدا باۋ، باۋ قارىمىقىدا جيا تەسىس قىلىندى. كېيىنكى يىلى ناھىيىدە يېزىدىن 8ى، بازاردىن 13 ى، باۋدىن 212سى، جيادىن 3145ى تەسىس قىلىندى. يېزا (بازار)لىق مەھكىمىلەرگە بىردىن يېزا (بازار) باشلىقى، 2 دىن مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقى قويۇلدى، مەھكىمە ئىچىدە خەلق ئىشلىرى ـ مۇھاپىزەت بۆلۈمچىسى، ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، بۆلۈمچىلەرگە بىردىن مۇدىر قويۇلدى. باۋ ئەسلىدە «باۋ مەھكىمىسى» دەپ ئاتىلاتتى، كېيىن «باۋ ئىش باشقارمىسى»غا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا بىردىن 100 بېشى، بىردىن مۇئاۋىن 100 بېشى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا بىردىن 2 گىچە خادىم قويۇلدى. جيا ئەڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىردىن 10 بېشى قويۇلدى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ناھىيىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى تەرتىپكە سېلىنىپ، 4 بازار، 8 يېزا تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى باۋ، جيالار تەرتىپكە سېلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى، ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرى**

سىياسەت: 9 — 2 ـ جەدۋەل

| ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
| --- | --- | --- |
| جۇ جىدي | ئامبال | مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 5 ـ ئاي (1912 ـ يىل 5 ـ ئاي) |
| چاڭ يۇڭچىڭ | ئامبال | مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 5 ـ ئاي (1913 ـ يىل 5 ـ ئاي) |
| لى شى | ئامبال | مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 7 ـ ئاي (1913 ـ يىل 7 ـ ئاي) |
| شياۋ چيەنجاڭ | ئامبال | مىنگونىڭ 3 ـ يىلى 2 ـ ئاي (1914 ـ يىل 2 ـ ئاي) |
| ما شاۋۋۇ | ئامبال | مىنگونىڭ 4 ـ يىلى 7 ـ ئاي (1915 ـ يىل 7 ـ ئاي) |
| لۇ دىيەنكۇي | ئامبال | مىنگونىڭ 6 ـ يىلى 2 ـ ئاي (1917 ـ يىل 2 ـ ئاي) |
| ما جۇن | ئامبال | مىنگونىڭ 7 ـ يىلى 3 ـ ئاي (1918 ـ يىل 3 ـ ئاي) |
| لۇ دىيەنكۇي | ئامبال | مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى) |
| جىن شۇرېن | ئامبال | مىنگونىڭ 9 ـ يىلى 7 ـ ئاي (1920 ـ يىل 7 ـ ئاي) |
| ياڭ زېڭجۇن | مۇۋەققەت ئامبال | مىنگونىڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئاي (1921 ـ يىل 11 ـ ئاي) |
| تۇ گۇڭجيۇ | ئامبال | مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 1 ـ ئاي (1922 ـ يىل 1 ـ ئاي) |
| ۋېي جېڭياۋ | ئامبال | مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 5 ـ ئاي (1922 ـ يىل 5 ـ ئاي) |
| چېن رۇبىن | ئامبال | مىنگونىڭ 12 ـ يىلى 9 ـ ئاي (1923 ـ يىل 9 ـ ئاي) |
| جاڭ جۇنشۇ | ئامبال | مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) |
| دېڭ جۇكۇي | ئامبال | مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) |
| دېڭ زۇەنشيەن | ئامبال | مىنگونىڭ 15 ـ يىلى 3 ـ ئاي (1926 ـ يىل 3 ـ ئاي) |
| تاۋ مىڭيۇ | ئامبال | مىنگونىڭ 16 ـ يىلى 8 ـ ئاي (1927 ـ يىل 8 ـ ئاي) |
| ئابدۇكېرىم | ھاكىم | مىنگونىڭ 26 ـ يىلى 9 ـ ئاي (1937 ـ يىل 9 ـ ئاي) |
| ـنىقارى | ھاكىم | مىنگونىڭ 27 ـ يىلى 6 ـ ئاي (1938 ـ يىل 6 ـ ئاي) |
| ئېلى داۋۇت | ھاكىم | مىنگونىڭ 29 ـ يىلى 2 ـ ئاي (1940 ـ يىل 2 ـ ئاي) |

| | | |
|---|---|---|
| چېن دېڭكۈي | مۇئاۋىن ھاكىم | مىنگونىڭ 29 - يىلى 10 - ئاي (1940 - يىل 10- ئاي) |
| شى جىگاڭ | ھاكىم | مىنگونىڭ 29- يىلى 10 - ئاي (1940 - يىل 10 - ئاي) |
| چيۇ گوجېن | ھاكىم | مىنگونىڭ 31 - يىلى 8- ئاي (1942 - يىل 8 - ئاي) |
| ۋاڭ زو | مۇئاۋىن ھاكىم | |
| چاۋ يۈنچياڭ | ھاكىم | مىنگونىڭ 33 - يىلى 2 - ئاي (1944 - يىل 2 - ئاي) |
| سۇڭ دېجى | مۇۋەققەت ھاكىم | مىنگونىڭ 33 - يىلى 6 - ئاي (1944 - يىل 6 - ئاي) |
| شېن لىجۇڭ | ھاكىم | مىنگونىڭ 34 - يىلى 3 - ئاي (1945- يىل 3 - ئاي) |
| رېن يىسەن | ھاكىم | مىنگونىڭ 34 - يىلى 10- ئاي (1945 - يىل 10 - ئاي) |
| تۇرسۇن ئېلى | مۇئاۋىن ھاكىم | مىنگونىڭ 34 - يىلى 12 - ئاي (1945 - يىل 12 - ئاي) |
| تۇرسۇن ئېلى | ھاكىم | مىنگونىڭ 36 - يىلى 11 - ئاي (1947 - يىل 11 - ئاي) |
| ئەيسا ھاجى | مۇئاۋىن ھاكىم | مىنگونىڭ 36 - يىلى 11 - ئاي (1947 - يىل 11 - ئاي) |
| ئابدۇقادىر | مۇۋەققەت ھاكىم | مىنگونىڭ 38 - يىلى 7 - ئاي (1949 - يىل 7 - ئاي) |

# X باب

# جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتلىرى

## 1 § . قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پىرقە

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى. پىرقىگە بىر شۇجىجاڭ قويۇلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىردىن كاتىپ، تەشكىلات خادىمى، تەشۋىقات خادىمى، 2 ياردەمچى خادىم، بىر تەرجىمان، بىر قارا خىزمەتچى قويۇلدى، 9 ئادەم بار ئىدى.

ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىش چارىسى»نى ئىجرا قىلدى، ھەر 2 ھەپتىدە بىر قېتىم پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ مەخپىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتى دوكلات قىلىندى ۋە ئالاقىدار ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى. ناھىيىلىك پىرقىنىڭ قارمىقىدا ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى، پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) «پارتىيىگە پارتىيە ئارقىلىق مەدەت بېرىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا بىنائەن، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ خىراجىتى دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىم قىلىنمايدىغان بولدى، شۇجىجاڭ، كاتىپ قاتارلىقلارنىڭ

ماڭاشى ئۆلكىلىك پىرقە تەرىپىدىن ۋاقتىنچە تارقىتىلغاندىن سىرت، باشقا خادىملارنىڭ ماڭاشى توختىتىلدى، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ پائالىيىتى ئازىيىپ كەتتى. 1949 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن تارتىپ شۇجىجاڭ 5 قېتىم ئالماشتى. شېن لىجۇڭ 1 ـ قېتىملىق شۇجىجاڭ بولدى؛ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) لى شياڭتاۋ، شىڭ گوجاڭلار شۇجىجاڭ بولدى؛ مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) قادىر مۇۋەققەت شۇجىجاڭ بولدى؛ مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ئابدۇقادىر ھېساممىدىن شۇجىجاڭ بولدى، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تا 1949 ـ يىلى ناھىيىلىك پىرقە تارقىلىپ كەتكەنگە قەدەر ئۆتىدى.

## 2 § . ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشكىلنى پائال كېڭەيتىپ، ناھىيىدىكى يېزا، بازار باشلىقلىرى، باۋجاڭ، جياجاڭلار، جەمئىيەتتىكى مەشھۇر زاتلار، ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچىلەرنى پارتىيىگە كىرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) دىن كېيىن، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىلىرىدە رايونلۇق پىرقە بۆلۈمى، يېزا (بازار) لاردىكى مەركىزىي مەكتەپلەردە رايونلۇق شۆبە پىرقە قۇرۇلدى؛ شۇ يىلى توققۇزاق رايونلۇق گومىنداڭ پارتىيىسى شۆبە پىرقىسى قۇرۇلۇپ، 20 ئەتراپىدا ئەزا قوبۇل قىلدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىش ھارپىسىغىچە ناھىيىدىكى رايونلۇق پىرقە 9غا، رايونلۇق شۆبە پىرقە 26گە، گومىنداڭ پارتىيىسى ئەزاسى تەخمىنەن 300 نەپەرگە يەتكەنىدى.

# ھەربىي ئىشلار

# ھەربىي ئىشلار

## I باب

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچ

### 1 § . مىنگو دەۋرىدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچ

مىنگونىڭ 31 — 34 ـ يىللىرىچە (1942 — 1945 ـ يىللىرىچە) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە خەلق بىختۇەنى قۇرۇلغان بولۇپ، تۇەنجاڭلىقنى ھاكىم قوشۇمچە ئۆتىگەن، ئۇنىڭدىن باشقا بىر مەخسۇس مۇئاۋىن تۇەنجاڭ (شاۋشاۋ) قويۇلغان، ئۇنىڭ ئاستىدا 2 چوڭ ئەترەت، بىر قانچە ئوتتۇرا ئەترەت ۋە شۆبە ئەترەت بولغان. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) پائالىيەت ئەڭ كۆپ بىر يىل بولغان، ھاكىم چاۋ يۈنچىڭ، مۇۋەققەت ھاكىم سۇڭ دىجىلار تۇەنجاڭلىقنى قوشۇمچە ئۆتىگەن، جاۋ خەيلۇ، شى جۇنچاۋ مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بولغان، جەمئىي 906 چېرىكنى تەربىيىلىگەن. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلق بىختۇەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

### 2 § . خەلق قوراللىق كۈچلىرى

#### 1. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

1954 ـ يىل 10 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارىگە باشلىق ۋە خىزمەتچى بولۇپ 15 خادىم سەپلەندى. 1957 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1959 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە تەسىس قىلىنغان ھەربىي ئورگان، شۇنداقلا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ قوراللىق كۈچلەر خىزمەت تارمىقى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئورگان بىلەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى ۋە خەلق

ئەسكەرلىرىنى باشقۇرۇش ئىدى. قوراللىق بۆلۈمگە بۆلۈم باشلىقى، 1 ـ سىياسىي كومىسسار (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئۆتەيتتى)، سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار قويۇلدى. ئۇنىڭ ئاستىدا تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمى (كېيىن ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى بولدى)، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمى، سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى، قورال ـ ياراغ بۆلۈمى (كېيىن ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى) تەسىس قىلىندى. شتاتى 1964 ـ يىلى 12 كىشى ئىدى، 1966 ـ يىلىغا كەلگەندە 25كە كۆپەيدى، شۇ يىلى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترىتى تەرتىپكە سېلىپ تەشكىل قىلىنىپ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1975 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت يەنىلا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1986 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت [1986] 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خەلق قوراللىق بۆلۈمى يەرلىك تۈزۈلمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئارمىيە رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىشتىن يەرلىكنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىشقا ئۆتتى، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى ئۆزگەرمىدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى (ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى)گە 1954 — 1999 ـ يىلغىچە رەھبەر بولغانلار

ھەربىي ئىشلار: 1 — 1 ـ جەدۋەل

| ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ كۇڭخۇي | ئىدارە باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1954 — 1957 |
| كۇي لياڭمو | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1959 — 1961 |
| ئوسمانوف تۇرسۇن | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1959 — 1963 |
| لەن جۇڭلىن | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1961 — 1963 |
| ياڭ جىڭرېن | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1964 — 1968 |
| ۋاڭ فۇلىن | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1966 — 1970 |
| دۇ جۇاڭ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1962 — 1966 |
| غوپۇر ھاجى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1961 — 1966 |
| ۋاڭ جۈيشەن | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1966— |
| گاۋ شاۋفۇ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1970 — 1977 |
| يۈەن باۋيىڭ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1968 — 1970 |
| چەي روچى | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1970 — 1979 |
| دۈەن شىكاڭ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1970 — 1973 |
| تۇرسۇن ئەخمەت | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | ئۇيغۇر | 1972 — 1973 |
| ۋاڭ فۇلىن | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1970 — |
| لى فۇ | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1970 — 1973 |
| فەن جىجاۋ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1973 — 1976 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ساقىيوف تۇرساق | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1973 — 1976 |
| دەن يۈشىڭ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1972 — 1975 |
| لوبۇل مۇسا | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1978 — 1982 |
| جياڭ يۈنچىڭ | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1976 — 1979 |
| جياڭ يۈجۇڭ | سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1976 — 1984 |
| جىن گۇاڭچىڭ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1976 — |
| ئۆمەر توختى | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | ئۇيغۇر | 1979 — 1981 |
| گاۋ زىچىڭ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1978 — 1979 |
| گاۋ زىچىڭ | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1979 — 1981 |
| لى رۇيۇ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1979 — 1981 |
| ئەخمەت روزى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1981 — 1985 |
| لى مۇگىبىن | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1981 — 1985 |
| مېيىت مۇھەممەت | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1983 — 1984 |
| چېن سىڭشياۋ | سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1984 — 1985 |
| تۇرسۇن سىدىق | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1983 — 1985 |
| تۇرسۇن سىدىق | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1985 — 1986 |
| تەۋەككۈل مامۇت | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1985 — 1986 |
| قادىر ئىمىن | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | 1986 — |
| جۇجيەنگو | سىياسىي كومىسسار | ئەر | خەنزۇ | 1986 — |

## 2. خەلق ئەسكەرلىرى

1) تەشكىلى ۋە قورال - ياراغلىرى   قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1958 - يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئەسكەرلىرى شىمنى كەڭ كۆلەمدە قۇرايلى» دېگەن چاقىرىقى ئاستىدا، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇشقا باشلىدى. 1959 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ئەسكىرى شىبى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا شىجاڭ، سىياسىي كومىسسار قويۇلدى ۋە قوماندانلىق شتابى، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمى قاتارلىق خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى؛ گۇڭشېلاردا خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى تەشكىل قىلىنىپ، تۈەنجاڭ، سىياسىي كومىسسار ۋە شتاب باشلىقى قويۇلدى، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمى قاتارلىق خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى ۋە شىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان قىلىندى؛ چوڭ ئەترەتلەردە خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى تەشكىل قىلىنىپ، يىڭجاڭ ۋە مۇئاۋىن يىڭجاڭ، جياۋداۋيۈەن، مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەن شۇنىڭدەك سەنمۇ قاتارلىق خىزمەت خادىملىرى سەپلەندى، خەلق ئەسكەرلىرى تۈەننىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان قىلىندى؛ يىڭنىڭ ئاستىدا تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى ۋە ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى بويىچە لىيەن، پەي، بەنلەر تەشكىل قىلىنىپ، لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، سىياسىي يېتەكچى، پەيجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، بەنجاڭ، مۇئاۋىن بەنجاڭلار سەپلەندى. 1958 - يىلى «خەلق

گۈڭشېلىشىش»نىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش خىزمىتى خەلق گۈڭشېسىنى تەشكىلدە ھەربىيلەشتۈرۈش، ھەرىكەتتە جەڭگىۋارلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشتا كوللېكتىپلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشتا دېموكراتىيىلەشتۈرۈش تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇلدى.

1960 - يىلى «ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش» يولغا قويۇلۇپ، 16 ياشتىن 45 ياشقىچە سالامەتلىكى ياخشى، سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولغانلىكى ئەر - ئايال پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتىغا قاتناشتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا، زاۋۇت، ئىدارە، مەكتەپ، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردا خەلق ئەسكەرلىرى 66 مىڭ 969 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 42 مىڭ 123، ئايال 24 مىڭ 846؛ تايانچ خەلق ئەسكىرى 30 مىڭ 730، ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 36 مىڭ 79. 1964 - يىلى گۈڭشېلاردىكى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى ئىچىدە قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى تەشكىل قىلىندى ھەمدە قورال سەپلەپ بېرىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئامما ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەندە، قوراللىق توقۇنۇش پەيدا بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوراللار يىغىۋېلىنىپ، ناھىيىدە بىر توتاش ساقلاندى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ پائالىيىتىمۇ توختىدى.

1971 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1973 - يىلى «ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش؛ خەلق ئەسكەرلىكىگە كىرگەن ـچىققانلارنىڭ سانى ئېنىق بولۇش؛ تەشكىلى مۇكەممەل، كادىرلىرى تولۇق بولۇش؛ تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش، پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش؛ پۇختا پىلانلاش، تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەش» دېگەن تەلەپ بويىچە، ھەر دەرىجىلىك خەلق ئەسكىرى تەشكىللىرى تەرتىپكە سېلىندى. ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرى مۇستەقىل تۇەنى قۇرۇلدى ھەمدە ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى تۇەن، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى تەيىنلىدى. خەلق ئەسكەرلىرى مۇستەقىل تۇەنى قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكىرى تەشكىلى بولۇپ، تۇەن شتابى ئورگىنى، قوماندانلىق شتابى، سىياسىي باشقارما، ئارقا سەپ - تەمىنات باشقارمىسى شۇنىڭدەك 16 لىيەن، 59 پەي، 186 بەن قۇرۇلۇپ، جەمئىي 2356 كىشىدىن تەشكىل تاپتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2175، ئايال 181)، ئۇلارغا مىلتىق، ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقى، ئاپتومات قاتارلىق ئادەتتىكى قوراللاردىن 600 ى بېرىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۈڭشېلاردا خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى قۇرۇلۇپ، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، جىياۋداۋيۈەن، مۇئاۋىن جىياۋداۋيۈەن، سەنمۇ قاتارلىق خادىملار قويۇلدى، ئوتتۇرلۇق ھالدا قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى تەشكىل قىلىندى. چوڭ ئەترەتلەردە خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى قۇرۇلۇپ، لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ۋە سىياسىي يېتەكچى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى قويۇلدى، لىيەننىڭ ئاستىدا پەي، بەن قۇرۇلۇپ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، بەنجاڭ، مۇئاۋىن بەنجاڭ قويۇلدى. 1981 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىنىڭ قۇرۇلمىسى تەرتىپكە سېلىندى. بىرىنچى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ دائىرىسى ئەسلىدە بەلگىلەنگەن خەلق گۈڭشېسى، زاۋۇت - كان، ئورگان، مەكتەپ، مەھەللە ۋە باشقا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە خەلق ئەسكىرى تەشكىلىنى قۇرۇشتىن خەلق گۈڭشېسى، زاۋۇت - كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىلا خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى قۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، ئىدارە، مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە شەھەرلەردىكى بىر قىسىم ئادىمى ئاز، تارقاق بولغان كىچىك ئورۇنلاردا ئادەتتە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلى قۇرۇلمايدىغان بولدى. ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى مۇستەقىل تۇەنى قۇرۇلمىسى بىكار قىلىندى. گۈڭشېلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم بىلەن گۈڭشې پارتكومىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدىغان بولدى. ئىككىنچى، خەلق ئەسكىرى بولۇش ياش چەكلىمىسى ئەر پۇقرالارنىڭ ئەسلىدىكى 16 ياشتىن 45 ياشقىچە دېگەن بەلگىلىمە 18 ياشتىن 35 ياشقىچە قىلىنىپ، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى 18 ياشتىن 28 ياشقىچە قىلىنىپ ئۆزگەرتىلدى، ئايال خەلق ئەسكەرلىرى بولسا، تايانچ خەلق

ئەسكەرلىرىنىڭ ياش چەكلىمىسى بويىچە ئېھتىياجغا قاراپ تاللىنىدىغان بولدى. ئۈچىنچىسى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تەشكىلىي قاتلاملىرى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، ئەسلىدىكى ئاددىتتىكى خەلق ئەسكىرى، تايانچ خەلق ئەسكىرى، قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكىرىدىن ئىبارەت 3 خىل تۈر ئاددىتتىكى خەلق ئەسكىرى ۋە تايانچ خەلق ئەسكىرى دەپ 2 تۈرگە ئۆزگەرتىلدى. تۆتىنچى، خەلق ئەسكىرى تۈزۈمى بىلەن ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلدى، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 1 - تۈردىكى زاپاس ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر، ئاددىتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى 2 - تۈردىكى زاپاس ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر بولدى ھەمدە تۈرلەر بويىچە روبختەكە ئېلىندى. ناھىيە بويىچە 14 خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى، 186 خەلق ئەسكەرلىرى ليەنى، 991 پەي، 2427 بەن قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي شۆبە ئەترەتلەر مۇنداق بولدى: 139 كىشىلىك 2 ئالاقىلىشىش شۆبە ئەترىتى؛ 180 كىشىلىك 2 زېنىت توپچىلار شۆبە ئەترىتى؛ 130 كىشىلىك ئىككى 82 تىپلىق مىناميوتچىلار شۆبە ئەترىتى؛ 207 كىشىلىك ئون 60 تىپلىق مىناميوتچىلار شۆبە ئەترىتى؛ 74 كىشىلىك بىر ساپيورلار شۆبە ئەترىتى؛ 35 كىشىلىك 9 رازۋېدچىلار شۆبە ئەترىتى؛ 105 كىشىلىك 2 ئېغىر پىلىموتچىلار شۆبە ئەترىتى؛ 24 كىشىلىك بىر تانكا ئېتىش جەڭگىۋار پەيى؛ 406 كىشىلىك 13 پارتىزان ئەترىتى.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى 25 مىڭ 211 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 4500، ئاددىتتىكى خەلق ئەسكىرى 20 مىڭ 711؛ خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى 16، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى ليەنى 45، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى پەيى 143، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى بەنى 443.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلى ئەھۋالى

ھەربىي ئىشلار: 1 — 2 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | خەلق ئەسكىرى تۈزۈلمىسى | | | | خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | | | بۇنىڭ ئىچىدىكى تايانچ خەلق ئەسكىرى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تۈمەن | يىڭ | ليەن | پەي | جەمئىي | ئەر | ئايال | جەمئىي | ئەر | ئايال |
| 1960 | | | | | 66969 | 42423 | 24546 | 30730 | | |
| 1961 | 11 | | 209 | | 46560 | | | 21298 | 13632 | 7666 |
| 1971 | | | 162 | 1200 | 45273 | 31410 | 13863 | 24793 | 17664 | 7129 |
| 1975 | | 14 | 213 | 1640 | 71807 | 56711 | 15098 | 43912 | 29672 | 14240 |
| 1978 | | 10 | 201 | 1041 | 41952 | 26780 | 15172 | 26052 | 18571 | 7481 |
| 1981 | | 10 | 112 | 723 | 42470 | 16367 | 647 | 7177 | 6530 | 647 |
| 1983 | | 14 | 186 | 991 | 28512 | 27622 | 890 | 11631 | 10741 | 890 |
| 1985 | | 17 | 198 | 1048 | 27617 | 27500 | 117 | 11167 | 11052 | 115 |

2) **ھەربىي مەشىق** — مەخسۇس قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرىنى شۆبە ھەربىي رايون ھەر يىلى بىر قېتىم تەشكىللەپ مەشىق قىلدۇردى. ئاساسەن يېقىندىن تەيىنلەنگەن قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرى مەشىق ئوبيېكتى قىلىندى، تەشكىلاتچىلىق، قوماندانلىق قىلىش ۋە قوراللىق خىزمەت كەسپى مەشىق مەزمۇنى قىلىندى؛ مەشىق ۋاقتى ھەر يىلى بىردىن ئىككى ئايغىچە بولدى. خەلق ئەسكەرلىرى ليەن، پەي كادىرلىرىنى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم مەسئۇل بولۇپ مەشىق قىلدۇردى. ھەربىي ئىشلار قوماندانلىقى ۋە تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى مەشىق مەزمۇنى قىلىندى، مەشىق ۋاقتى ھەر يىلى 20 كۈن ئەتراپىدا بولدى. خەلق ئەسكەرلىرى مەشىقىدە «خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى نىزامى»دا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە بويىچە، ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يىغىپ مەشىق

قىلدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، كۆزەتچى قوراللىق بۆلۈمىنىڭ تەشكىلاتچىلىقىدا يىلىغا 15 — 20 كۈن ئېلىپ بېرىلدى. مەشىق مەزمۇنى قارىغا ئېتىش، گىرانات تاشلاش، تاكتىكا، نەيزىلىشىش، ئاكوپ مەشغۇلاتى قاتارلىق 5 چوڭ تېخنىكىدىن ئىبارەت بولدى.

1981 - يىلى باش شتابنىڭ «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى پىكرى»گە ئاساسەن، مەشىق دائىرىسى ئومۇمىيۈزلۈك قىسقارتىلدى، مەشىق قىلغۇچى خادىملار ئازايتىلدى، مەشىقنىڭ دەۋرىيلىكى قىسقارتىلدى، مەشىق مەزمۇنى ئىخچاملاندى. مەشىق ئوبيېكتى ئاساسەن تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ لىيەن، پەي، پىيادە ئەسكەرلەر شۆبە ئەترىتى ۋە كەسپىي شۆبە ئەترەتلەر بولدى. مەشىق ۋاقتى: مەخسۇس قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرىنىڭ يىلىغا 2 ئاي بولدى، خەلق ئەسكەرلىرى لىيەن، پەيجاڭلىرىنىڭ يىلىغا 20 كۈندىن كەم بولمىدى، پىيادە ئەسكەرلەر شۆبە ئەترىتىنىڭ يىلىغا 30 كۈندىن كەم بولمىدى، مەخسۇس شۆبە ئەترەتنىڭ يىلىغا 40 كۈندىن كەم بولمىدى. 1984 - يىلى ھەر يىلى 30 كۈن مەشىق قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، مەشىقتە «بىردە پىششىق بولۇش، بەشنى بىلىش» (قولىدىكى قورالغا پىششىق بولۇش، قارىغا ئېتىشنى بىلىش، گىرانات تاشلاشنى بىلىش، پارتلىتىشنى بىلىش، مىنا كۆمۈشنى بىلىش، تاكتىكىلىق ھەرىكەتلەرنى بىلىش) گەۋدىلەندۈرۈلدى. مەشىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىقتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95تىن يۇقىرى بولدى. 1980 — 1985 - يىللىرى خەلق ئەسكەرلىرى تايانچلىرىنىڭ 56 قارار ھەرخىل كۇرسى ئېچىلىپ، تايانچلاردىن 3187 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، ھەربىر خەلق ئەسكىرى لىيەنىدە 2 دىن 3 كىچە «كىچىك ئوقۇتقۇچى» بار بولدى. 2 - دەۋرلىك كۇرستا 1800 ئادەم، مەخسۇس شۆبە ئەترەتتە 894 ئادەم تەربىيىلەندى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئىمتىھان ئېلىشى ئارقىلىق ھەرخىل تۈرلەر بويىچە ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتە ئومۇمىي نەتىجىدە ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى: قارىغا ئېتىش %96، تاكتىكا %97، پارتلىتىش %97.5، گىرانات تاشلاش %95 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نەتىجىدە ئەلا بولدى.

1986 - يىلدىن كېيىن، خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ئاساسەن پىيادە ئەسكەرلەر مەشىقى، تېخنىكا شۆبە ئەترىتى مەشىقى، تاكتىكا مەشىقى، خەۋەرلىشىش مەشىقى، توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشىقى، مەخسۇس قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. 1987 - يىلى مۇش بېزىسى مەشىق جەريانىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1989 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مانېۋىر مۇسابىقىسىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 1 - لىككە ئېرىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1990 - يىلى تاشمىلىق بېزىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن بېرىلگەن «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تېخنىكىلىق قوراللىنىشى بويىچە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. خەلق ئەسكەرلىرى مەشىقىدە كۆزلىگەن نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، چاقىرغاندىلا يېتىپ كېلىدىغان، يېتىپ كېلىش بىلەنلا جەڭ قىلالايدىغان، جەڭ قىلغاندا غەلىبە قىلالايدىغان تەلەپكە يەتتى.

### 3) سىياسىي خىزمەت

**(1) پارتىيىنىڭ قوراللىق خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك

پارتكوم شۇجىسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەپ، تەشكىلىي - تۈزۈم جەھەتتە پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بۇ تۈزۈم مەجبۇرىي ئۈزۈلۈپ قالدى. 1978 - يىل 7 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1979 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى كومىتېتى قۇرۇلدى، پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. يەنە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى. ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم خىزمىتىدە ئاساسلىق رەھبەر بىۋاسىتە تۇتۇش، مەسئۇل رەھبەر كونكرېت تۇتۇش، پارتكوم ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى تۇتۇش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» (يەنى تەشكىلنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسىينى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش) كە كاپالەتلىك قىلىندى.

**(2) سىياسىي تەلىم - تەربىيە**　خەلق ئەسكەرلىرىگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە كۈچەيتىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى يەكدىللىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇشقا، سوتسىيالىزمنى قوغداشقا سەپەرۋەر قىلىندى. تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى، ئاساسەن، خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە خەلق ئەسكىرىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ھەققىدىكى تەربىيىدىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردىكى مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلار ۋە شۇ جايدىكى پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاساسەن «ئىككى مەدەنىيلىك» (يەنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك) قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

كوممۇنىزملىق ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، نامرات دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق باي بولۇشىغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن نامراتلارنى يۆلەش گۇرۇپپىسىدىن 409 ى قۇرۇلدى، 3 يىل تىرىشىش ئارقىلىق 1375 ئائىلىلىك نامرات دېھقاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ياخشىلىنىشقا بۇرالدى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى، خەلق ئەسكەرلىرى ئامانلىق ساقلاشنى ھۆددىگە ئېلىش، تەربىيىنى ھۆددىگە ئېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، «ئىككىنى ھۆددىگە ئېلىش» ئارقىلىق يېزىلاردا ئوغرىلىق، قىمارۋازلىق، ئۇرۇشۇش - مۇشتلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ سادىر بولۇش نىسبىتى 12.3% ئازايدى. «ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسى» قۇرۇش، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئومۇمىي ساۋات ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 220 چوڭ ئەترەتنىڭ 208 نىدە «ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسى» قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 10 گۇڭشېدە مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزى قۇرۇلدى. كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تاشمىلىق گۇڭشېسىدا 134 جۈپ ياش خەلق ئەسكىرى، 74 ئائىلىلىك دېھقان يىغىنچە توي قىلىش، دەپنە ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتە باشلامچىلىق رول ئوينىدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى: پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدىكى تەربىيە؛ ۋەتەننى سۆيۈش، چېگرا رايوننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش تەربىيىسى؛ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، رولى ھەققىدىكى تەربىيە؛ پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچلەرنى باشقۇرۇشى توغرىسىدىكى تەربىيە؛ شەرەپلىك ئەنئەنە تەربىيىسى؛ قانۇن - نىزام تەربىيىسى،

يۇقىرىقىدەك تەربىيىلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بارلىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى قوزغىتىلدى؛ كومپارتىيىلا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، جۇڭگونى تەرەققىي تاپقۇزالايدۇ، دېگەن قاراش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى؛ مىللىي غۇرۇر ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى كۈچەيتىلدى، ۋەتەن ۋە خەلق مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا دېگەن ئىدىيە مۇستەھكەم تىكلەندى؛ ۋەتەننى قوغداشتىكى شان - شەرەپ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق كۈچەيتىلدى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلدى، شۇنداق قىلىپ خەلق ئەسكەرلىرى ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

# باب II

# قوشۇن تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

## § 1 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە مىنگو دەۋرىدە تۇرغۇزۇلغان قوشۇن

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى — ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم جاي. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال قەشقەر شەھىرىدە مەسلىھەتچى ئامبال قويۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان، ئۇنىڭدىن بۆلەك بىر ياندىش ئامبال قويۇلۇپ، مەخسۇس قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان. گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) قەشقەردە جەمئىي 1051 ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان (ئالمىشىپ تۇرىدىغان مۇداپىئە قوشۇنى بولۇپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ يۈرمەيتتى، نۆۋەتلىشىپ ئالمىشىپ تۇراتتى). گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) ئۆزگەرتىلىپ قەشقەر ياساۋۇل بېگى قويۇلۇپ، ئەسلىدىكى ئالمىشىپ مۇداپىئە قىلىدىغان قوشۇن ئاقسۇغا يۆتكەلدى. گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) ياساۋۇل بېگى ئالدىنقى سەپنى چارلاش - مۇداپىئە كۆرۈشكە مەسئۇل بولدى، ياساۋۇل بېگى دېگەن نام ساقلاپ قېلىندى. قوشۇندا 14 ئاتلىق قىسىم، 9 يىڭ، 2 لۇي پىيادە قىسىم، بىر توپچى قىسىم بولغان. 134 يىڭجاڭ، لۇيجاڭ، قاراۋۇلخانا بېگى، چارلىغۇچى، 3080 يىڭ كاتىپى، مۇھاپىزەتچى ئەسكەر، پالۋان ئەسكەر، چارلىغۇچى ئەسكەر بولغان.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) باش بۇغ قويۇلۇپ خىتاي شەھىرىدە (ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرى) تۇرغۇزۇلدى، بىرىگادا ئوتتۇرا يىڭى ئورۇنباسار سانغۇنى قويۇلۇپ كونىشەھەردە (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدە) تۇرغۇزۇلدى. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) بىرىگادا ئوتتۇرا يىڭى ئورۇنباسار سانغۇنى ئورۇنباسار باش بۇغقا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا 3000 دىن ئوشۇقراق ئەسكەر قارىدى. مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) ئورۇنباسار باش بۇغ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا دوتەي قوماندانلىق قىلدى، ئۇنىڭغا 6 پىيادە، ئاتلىق ئەسكەر يىڭى قارىدى. مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) قەشقەر ئەتراپىدا بىئەملىك بولغاندا، دوتەي ماشاۋۇ قوشۇمچە باندىت تازىلاش قوماندانى بولدى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) يەرلىك قوشۇندىكى تۆمۈر، ئوسمانلار ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزلىرىنى قوماندان دەپ ئاتىدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ماجۇڭيىڭ ناھىيە

بازىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇ يىلى ئۆلكە ئارمىيىسى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ قەشقەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. 7 - ئايدا يەرلىك قوشۇن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى 6 - شىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ماتۇت سىجاڭلىقتا، قوشۇمچە قەشقەر گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا (قەشقەر كوناشەھەردە تۇردى)، ليۇبىن قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا (قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇردى) تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ماخۇشەن قەشقەر كوناشەھەرنى ئىشغال قىلدى، شۇ يىلى 5 - ئايدا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەسكەر چىقىرىشقا تەكلىپ قىلدى، ماخۇشەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيەدە بىر تۈەن ئەسكەر تۇردى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ناھىيەدە بىر لۈي (ئاتلىق 9 - لۈي) ئەسكەر تۇردى.

مۇھىم ھەربىي مۇئەسسەسەلەر: تاشمىلىق يېزىسىدا 51 ئېغىزلىق گازارما بولۇپ (بۇزۇۋېتىلگەن)، 68 مو يېرى بار ئىدى، قارىمىقىدا 150 مولۇق ئات قېرمىسى بار ئىدى؛ ئوپال يېزىسىدا 80 ئېغىزلىق گازارما (بۇزۇۋېتىلگەن) بولۇپ، قارىمىقىدا 300 مولۇق ئات قېرمىسى بار ئىدى؛ مۇش يېزىسىنىڭ مىڭيول كەنتىدە 12 مولۇق گازارمىلىق يەر، قاراڭغۇلۇقتا 7 مولۇق گازارمىلىق يەر بار ئىدى.

## 2 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇرغۇزۇلغان قوشۇن

1949 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۈن 4 - شىسى قەشقەر كوناشەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. 1950 - يىل 1 - ئايدا ناھىيە بازىرىدا قەشقەر گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى كونا ناھىيە بازىرى قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىپ چىقىلغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرى توققۇزاق بازىرىغا كۆچتى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدا مۇقىم قوشۇن تۇرغۇزۇلمىدى.

# III باب

# هەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى

## 1 § . مىنگو دەۋرىدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى

مىنگو دەۋرىدە، ھەربىي قوشۇننى كېڭەيتىش، ئەسكەرلەرنى تولۇقلاپ تۇرۇشتا، ئومۇمەن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى قوللىنىلغان. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) قەشقەر دوتيىي ماشاۋۇ قوشۇمچە باندىت قوماندانى بولغاندىن كېيىن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى قوللاندى، يېرىم ئاي بولمايلا بىر تۈەن (700 — 800 كىشى) ئەسكەر ئالدى. چېن دېشىن تۈەنجاڭ بولدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) قەشقەر گارنىزون قوماندانى جياڭ يۇفېن ئامانلىقنى قوغداپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئامانلىقنى قوغداش چوڭ ئەترىتى قۇردى، ئۆلۈغچاتتىن 300دىن ئوشۇق قىرغىز چارۋىچىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، موللاق (قىرغىز)نى ئەترەت باشلىقى قىلىپ قەشقەر كوناشەھەردە تۇرغۇزدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 10 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى»

نى يېڭىۋاشتىن ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا: 18 ياشقا تولغان ئەر كىشى كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ هەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، 45 ياشقا تولغان يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى هەربىي ۋەزىپە ئۆتەشتىن توختايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسەن شۇ بەلگىلىمە ئاساس قىلىندى، ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى نامرات دېھقانلار، ئىشلەمچىلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئىدى. پۇللۇق - ماللىق ئائىلىلەر يېزا (بازار) باشلىقلىرى ۋە باۋجاڭلارنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ھەرخىل ناملار بىلەن هەربىي ۋەزىپە ئۆتەشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

## § 2 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى هەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى

### 1 . پىدائىي ئەسكەرلىك تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پىدائىي ئەسكەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، يېشى لايىق، تېنى ساغلام، ئائىلىسى قوللايدىغان، ۋەتەننى قوغداشقا قاتنىشىشنى ئىختىيار قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىشقا بولىدىغان بولدى. پىدائىي ئەسكەرلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش يىل چەكلىمىسى ۋە هەربىي سەپكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە قوشۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلەندى.

1951 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا 1 - قېتىم ئەسكەر ئېلىش سەپەرۋەرلىكى ئېلىپ بېرىلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئەسكەر ئېلىنىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولدى. 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. 1955 - يىلى «هەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، هەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ناھىيە بويىچە 12 رايون 32 يېزىدا سىناق تەرىقىسىدە 219 يېڭى ئەسكەر ئېلىندى، بۇ ئەسكەر ئېلىنىدىغان رايوندىكى ياش قورامىغا يەتكەن ياشلارنىڭ 5.6%نى تەشكىل قىلدى.

ئەسكەرلىككە ئېلىش ئوبيېكتى، دائىرىسى، شەرتى: شۇ قېتىم هەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە سەپەرۋەر قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەر يېزىلاردىكى ياش قورامىغا يەتكەن يىگىتلەر (18 — 20 ياش) بىلەن چەكلەندى، تارىخى ئېنىق، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، تېنى ساغلام بولۇش شەرت قىلىندى.

### 2 . زاپاس ئەسكەرلەرنى تىزىملاش ۋە هەربىي ۋەزىپە ئۆتەش خىزمىتى

#### 1) زاپاس ئەسكەرلەرنى تىزىملاش

1956 - يىلى ناھىيە بويىچە زاپاس ئەسكەرلەر ئومۇميۈزلۈك تىزىملاندى، زاپاس ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەلىي سانى ئېگىلىنىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەسكەر ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

(1) تىزىملاش ئوبيېكتى ئومۇمەن يېشى 18 — 35 لەردە بولغان ئەر پۇقرا ۋە مۇئەييەن كەسپىي تېخنىكىسى بار ئايال پۇقرا، هەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەر، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، زاۋۇت - كان كارخانىلار، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملار (مەمۇرىي 12 - دەرىجىدىن تۆۋەنلەر) تېنى ساغلام، سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولغان، زاپاس هەربىي

ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر شەرتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قانۇن بويىچە تىزىملاندى. زاپاس ئەسكەرلەر 1 ـ ۋە 2 ـ تۈرگە ئايرىلدى، 18 — 28 ياشتىكىلەر 1 ـ تۈردىكى زاپاس ئەسكەر، 29 — 35 ياشتىكىلەر 2 ـ تۈردىكى زاپاس ئەسكەر بولدى.

ئارمىيىدە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ۋە ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى بىر يىلدىن ئاشقان ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى زاپاس ئەسكەر قىلىپ تىزىملاندى. ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەردىن زاپاس ۋەزىپە ئۆتەشكە لايىق كېلىدىغانلىرىمۇ تىزىملاندى.

**(2) تىزىملاش ۋاقتى** ھەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يىللىق زاپاس ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەرنى ستاتىستىكا قىلىشنى توختىتىش كۈنى بولدى، يەنى ھەر يىلى تىزىملاش ئارقىلىق زاپاس ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى بىر قېتىم سېلىشتۇرۇلدى، ناھىيىدىن كەتكەن ياكى قولغا ئېلىنغان، جىنايى ئىشلار ھۆكۈمى چىقىرىلغان، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار تىزىملىكتىن چىقىرىلدى؛ يېشى ئېشىپ كەتكەن، تەن سالامەتلىكىدە ئۆزگىرىش بولۇپ زاپاس ۋەزىپە ئۆتەشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلار ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلدى.

**(3) تىزىملاش ئەھۋالى** 1955 ـ يىلى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەرنى ئېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ تىزىملاندى، ناھىيە بويىچە 18 — 20 ياش ئارىلىقىدا 10 مىڭ 316 يىگىت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە زاپاس ۋەزىپە ئۆتەشكە تىزىملانغانلار 9938 كىشى بولدى، بۇ ياش قورامىغا يەتكەن يىگىتلەرنىڭ %33.96نى ئىگىلەيدۇ. 1956 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېشى 18 — 30 ئارىلىقىدا بولغان ئەر پۇقرا زاپاس ۋەزىپە ئۆتەشكە تىزىملاندى. ناھىيە بويىچە يېشى 18 — 30 ئارىلىقىدا بولغان ئەر پۇقرا 24 مىڭ 208 بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ %58.10نى ئىگىلىدى، زاپاس ۋەزىپە ئۆتەش شەرتىگە توشىدىغانلار 22 مىڭ 259 بولۇپ، ياش قورامىغا يەتكەن يىگىتلەرنىڭ %86.71نى تەشكىل قىلدى.

1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە زاپاس ھەربىيلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تىزىملانغانلار 28 مىڭ 512 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ %10نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ تۈردىكى زاپاس ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار 11 مىڭ 631 كىشى بولۇپ، زاپاس ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %40نى ئىگىلەيدۇ، 2 ـ تۈردىكى زاپاس ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار 16 مىڭ 883 كىشى بولۇپ، %60نى ئىگىلەيدۇ. 1986 — 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە زاپاس ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە 123 كىشى تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە: 1. تۈردىكى زاپاس ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار 68، 2 ـ تۈردىكى زاپاس ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار 55.

## 2) ئەسكەر ئېلىش

1950 ـ يىلى ئەتىيازدا، 5 ـ جۇڭنىڭ 13 ـ شىمى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي ئارمىيىدىن ھەربىي كادىر يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي ھەربىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا ئادەم ئالدى. شۇ چاغدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن تۇراپ قاسىم، قادىروف (لەڭگەر رايونىدىن)، ئابباس يۈسۈپ (قوغان رايونىدىن)، موللايوف (قەشقەر شەھەر ئىچىدىن) قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. 1951 ـ يىلى 5 ـ جۇڭنىڭ 13 ـ شىمى ئەسكەر سانىنى كۆپەيتمەكچى بولدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئەسكەر ئالىدىغان ئاساسلىق ناھىيىلەردىن بىرى بولدى، شۇ چاغدا پەقەت تاشمىلىق رايونىدىنلا ئەمەت قاسىم (ھازىر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) قاتارلىق 18 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەمەت روزى (خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، لىتىپ بارات (قوغان رايونىدىن) قاتارلىقلار بار.

1954 — 1955 ـ يىللىرى ناھىيە بويىچە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش بويىچە 260 كىشى ئەسكەرلىككە ئېلىندى، ئۇلار 18 — 22 ياش بولۇپ، زاپاس ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارنىڭ %1.2نى ئىگىلەيدۇ.

1973 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە ئازسانلىق مىللەتتىن 35 ئەسكەر ئېلىندى، ئۇلار پاراشوتچىلار قىسمىغا قاتناشتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى ئەسكەر ئېلىش ئەھۋالى**

ھەربىي ئىشلار: 3 — 1 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | ئېلىنغان ئەسكەر | ئاز سانلىق مىللەت | | خەنزۇ | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | |
| 1954 | 260 | 260 | | | | |
| 1968 | 65 | 65 | | | | |
| 1972 | 54 | 50 | | 4 | | |
| 1973 | 35 | 35 | | | | پاراشوتچى ئەسكەر |
| 1975 | 80 | 80 | | | | |
| 1978 | 30 | 17 | | 13 | | |
| 1980 | 4 | | | 4 | | |
| 1982 | 48 | 47 | 1 | | | |
| 1984 | 18 | 18 | | | | |
| 1986 | 34 | 31 | | 3 | | |
| 1987 | 22 | 14 | | 8 | | |
| 1989 | 27 | 22 | | 5 | | |
| 1990 | 37 | 16 | | 21 | | |

# IV باب

# ئۆرۈش تەييارلىقى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

## 1 § . تەشكىلىي ئاپپارات

1970 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۆرۈش تەييارلىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ۋاڭ فۇلىن گۇرۇپپا باشلىقى (ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، دۈەن شىكاڭ (ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، سوپى روزى (ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ ئاستىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ۋە ئۆرۈش تەييارلىقى خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولدى. 1971 ـ يىل 6 ـ ئايدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى تەڭشەلدى ۋە كۈچەيتىلدى، گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى لى يۈرېن، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى دۈەن شىكاڭ، سوپى روزى، گاۋ شاۋفۇ (قوراللىق بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، گو چېڭنيەن (ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، جاڭ شېڭشياۋ (ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ۋاڭ گېنخۇ (گۈڭشې شۇجىسى) لار ئۈستىگە ئالدى. 1975 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۆرۈش تەييارلىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى كومىتېتى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ھەربىي تارماقنىڭ رەھبەرلىكىدە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، رايوننىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى خىزمىتىنى تەشكىللەشكە ۋە يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

## § 2 . خەلق ئۇرۇش تەييارلىقى ھاۋا مۇداپىئەسى تەربىيىسى

### 1. ھاۋا مۇداپىئەسى تەربىيىسى

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇرۇش تەييارلىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، خەلق مۇداپىئە كومىتېتى ئۇرۇش تەييارلىقى، خەلق مۇداپىئەسى تەربىيىسى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى، كىنو، رادىئو، قارادوسكا گېزىتى، سۈرەت كۆرگەزمىسى، كۇرس، ھاۋا مۇداپىئەسى مانېۋىرى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ باردى ھەمدە كەسىپلەر بويىچە ھاۋا مۇداپىئەسى ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئامانلىقنى ساقلاش بويىچە تەرتىپ ساقلاش، ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئوت ئۆچۈرۈش، ھاۋادىكى نىشاننى قارىغا ئېلىپ ئېتىش ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش، جىددىي توشۇش، جىددىي رېمونت قىلىش - تۈزەش مانېۋىرىنى ئېلىپ باردى.

### 2 . ھاۋا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى

1969 - يىلى ھاۋا مۇداپىئەسى ئۆڭكۈرى ۋە لەخمە كولاش باشلاندى. 1970 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان، زاۋۇت، مەكتەپلەر ۋە بىر قىسىم يېزا، ئەترەتلەر شارائىتى مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرنى تاللاپ ھاۋا مۇداپىئەسى ئۆڭكۈرى ۋە لەخمە كولاشقا كىرىشتى، جەمئىي 3500 كۇادرات مېتىر كېلىدىغان 140 تىن ئوشۇق چوڭ - كىچىك ھاۋا مۇداپىئەسى ئۆڭكۈرى ۋە لەخمە كولىندى. ئۆڭكۈر ۋە لەخمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەسلىھەلەر تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، تولىسى توپا ئۆڭكۈر، توپا لەخمە ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ تولىسى تىندۇرۇۋېتىلدى ياكى تاشلىۋېتىلدى.

# V باب

# چوڭ - چوڭ ھەربىي ۋەقەلەر

## § 1 . بەن چاۋنىڭ سۇلى يېغىلىقىنى تىنچىتىشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى كۆسەن پادىشاھلىقى شىمالىي ھۇنلار تەرىپىدىن تىكلەندى، ئۇلار ھۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شىمالىي يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. خەن سۇلالىسى

خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ يۇڭچىڭ 16 ـ يىلى (73 ـ يىلى) كۇسەن سۇلىغا ھۇجۇم قىلدى، شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن سۇلى بېگى ئۆلتۈرۈلدى. كۇسەن ئۆزىنىڭ سول قول ۋەزىرى دوتىنى سۇلىنىڭ بېگى قىلىپ تىكلەپ، سۇلىنى تىزگىنلىدى. بۇ چاغدا بەن چاۋ ئۇدۇندا ئۇدۇننىڭ بېگى گۇاڭ دېگەنى كۆندۈرۈپ، ھۇن ئەلچىسىنى قەتلى قىلىپ يېڭىۋاشتىن خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدۇردى.

يۇڭپىڭ 17 ـ يىلى (74 ـ يىلى) ئەتىيازدا، بەن چاۋ قوشۇننى باشلاپ يېقىن يول بىلەن ئۇدۇل سۇلىغا كەلدى، شۈنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قول ئاستىدىكى تيەن لۈنى دوتى تۇرغان يەرگە ئەۋەتىپ پەنتۇ قەلئەسىنى قورشىۋالدى. ئۇ دوتىنى تەسلىم قىلدۇرۇش پىلانىنى ئۇزى تۈزۈپ، «دوتى سۇلى ئۇرۇقىدىن ئەمەس، سۇلىلىقلار ئۇنى دەپ جېنىنى بەرمەيدۇ، ئەگەر دەرھال تەسلىم بولمىسا ئەدىبىنى ئۆزىمىز بېرىمىز» دېگەن گەپنى تارقاتتى. تيەن لۈ بەن چاۋنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ دوتىنى يەم بىلەن تۇتىۋالدى. بەن چاۋ سۇلىغا كەلگەندىن كېيىن سۇلى ئەلەمدار ـ قەلەمدارلىرى بىلەن مەجلىس ئېچىپ، مەرھۇم بەگنىڭ جىيەن ئوغلىنى سادىق بەگ دەپ تىكلىدى، بۇنىڭدىن بەگلىكتىكىلەر ناھايىتى شاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دوتىنى ئازاد قىلىپ ئۆز ئېلىگە قايتۇردى. سۇلى دەسلەپكى قەدەمدە تىنچلاندى.

يۇڭپىڭ 18 ـ يىلى (75 ـ يىلى) كىنگىت بىلەن كۇسەن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى چېن مۇغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يوقاتتى، كۇسەن قوم بىلەن بىرلىشىپ سۇلىغا بىر نەچچە قېتىم لەشكەر تارتتى. بەن چاۋ پەنتۇ قەلئەسىنى مۇداپىئە قىلدى، سۇلى بېگى ئاستانىنى ساداقەتلىك بىلەن ساقلىدى. ئۆز ئارا مەدەت بېرىشتى. بەن چاۋنىڭ قوشۇنى گەرچە ئاز بولسىمۇ يەنىلا بىر يىلدىن ئوشۇقراق مۇداپىئە قىلىپ تۇردى. خەن سۇلالىسى جاڭ دى زامانىسىنىڭ جيەنچۇ 1 ـ يىلى (76 ـ يىلى) دېھقانچىلىق چاۋۇشبېشى بىلەن قورۇقچىبەگ بەن چاۋنىڭ ياردەمگە ئېگە بولالماي يەككە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى شەرققە قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. بەن چاۋ شەرققە قايتىدىغان چاغدا، سۇلىنىڭ كاھبېگى لى يەن: «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى مېنى تاشلىۋەتتى. مەن يەنە كۇسەن تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغان بولدۇم. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنىڭ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ چىدىماي كېتىۋاتىمەن» دېگەن ۋە ئۆز گېلىغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلىۋالغان. بەن چاۋ شەرق تەرەپكە چېكىنىپ ئۇدۇنغا بارغاندا، شۇ يەردىكىلەر يەنە بىر قېتىم مۇشۇ يەردە قالسىلىكەن، دەپ چىڭ تۇتتى، بەن چاۋ ئاخىر غەربىي يۇرتتا قېلىش قارارىغا كېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماستىن سۇلىغا قايتتى. بۇ چاغدا، سۇلىدىكى ئىككى شەھەر كۇسەنگە تەسلىم بولغان ۋە لەشكەرلىرى سەپەر بايىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. بەن چاۋ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى تۇتۇپ قەتلى قىلدى، سەپەر بايىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن سۇلى ئاسايىشلىقىقا ئېرىشتى.

خەن سۇلالىسى خانى جاڭ دى زامانىسىنىڭ يۈەنخې 1 ـ يىلى (84 ـ يىلى) غا كەلگەندە، بەن چاۋ سۇلى، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى ساكارائولغا ھۇجۇم قىلىشقا سالدى. ساكارائول بېگى سۇلى بېگىگە يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن پايدا بېرىش بەدىلىگە ئۇنى خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە كۈشكۈرتتى، شۇنىڭ بىلەن سادىق بەگ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىتە ۋۆجى قەلئەسىنى تۇتۇپ تۇردى. بەن چاۋ سۇلىدىن يۈز ئۆرۈمىگەن ئەسكەرلەرگە تايىنىپ، بىر قانچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن سۇلى ۋەزىيىتىنى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇردى. ئۇزاققا بارماي، بەن چاۋ شۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ، ساكارائول، كۇسەن، توخرى، كىنگىت قاتارلىق بەگلىكلەرنى تىنچىتىپ، غەربىي يۇرتنى يەنە بىر قېتىم خەن سۇلالىسىغا بىرلىككە كەلتۈردى.

## 2 § . ياركەنت خانلىقىنى قۇرۇش جېڭى

مىڭ سۇلالىسى خانى ۋۇزۇڭ زامانىسىنىڭ جېڭدې 9 ـ يىلى (1514 ـ يىلى) ماۋرا ئۇننەھردىكى فەرغانە

رايوننى بېسىپ ياتقان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەخمەدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىد ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا بۇ رايوننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاشلاپ چىقىپ، قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق يەرلەرنى ئېلىپ جايلاشتى. قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق يەرلەرنى ئىگىلەپ ياتقان ئاباباكرى سەئىدنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قەشقەر كوناشەھەرنى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاھالىنى ياركەنتكە كۆچۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا بىر قورغان سالغۇزۇپ 1000 ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بىر نەچچە يىل يەتكۈدەك ئاشلىق غەملىۋالدى.

شۇ يىلى يازدا، سەئىدنىڭ قوشۇنى بويۇنباش (ھازىرقى تورغات تاغ ئېغىزى) ئارقىلىق ئاتۇشقا يېتىپ كەلدى. سەئىد قوشۇننى بىر ئاز تەرتىپكە سېلىپ، يۇك ـ تاق، خوتۇن ـ بالا چاقىلىرىنى قالدۇرغاندىن كېيىن، 4700 دىن ئوشۇق ئادىمىنى باشلاپ قەشقەرگە ماڭدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى دەريا بويىغا سېلىنغان قورغاندا قاتتىق جەڭ قىلدى، سەئىدنىڭ قوشۇنىدا ئەسكەرلەرنىڭ روھى ئۈستۈن بولۇپ، تىرىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى؛ مۇداپىئەدە ياتقان قوشۇن بولسا زەربە يەپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قورغانغا چېكىنىپ، جەڭگە چىقماي قورغاننى ساقلاپ يېتىۋالدى. بۇ قورغان ئالامەت پۇختا بولغاچقا، ئېلىش ئىنتايىن تەس ئىدى، شۇڭا سەئىد توپتوغرا ئاباباكرىنىڭ كونا ئۇۋىسىغا — ياركەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. لېكىن سەپەر ئۈستىدە، بىر قىسىم لەشكەر باشلىقلىرى خەتەردىن قورقۇپ، قوشۇننى باشلاپ قېچىپ كەتمەكچى بولدى؛ سەئىد قوشۇننىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، لەشكەرلىرىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، قوشۇننى باشلاپ بۇرۇلۇپ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. 5 كېچە ـ كۈندۈز شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە، يېڭىسارنى مۇداپىئە قىلىپ ياتقان دۈشمەن ئاخىر تەسلىم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەئىد قايتىپ بېرىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى، قەشقەر قورغىنىنى مۇداپىئە قىلىپ ياتقان قوشۇن يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ قەشقەر جەڭ قىلمايلا سەئىدنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سەئىد غەلىبىدىن پايدىلىنىپ ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى. قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاباباكرى قوشۇنىنىڭ جېنى چىقىپ ھاكىمىيىتى تېزدىن گۇمران بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سەئىد ياركەنت شەھىرىگە كىرىپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرۇپ ياركەنت خانلىقىنى قۇردى.

## 3 § . چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەزھەپ كۈرىشى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، قەشقەردىكى ئىسلام دىنى بىر بىرى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدىغان ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭ شى 1 ـ يىلى (1662ـ يىلى) ياركەنت خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى باش ھۆكۈمرانى يولبارسخان (ياركەنت خانى ئابدۇللا خاننىڭ ئوغلى) ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ھىدايىتۇللا (كېيىنرەك ئاپاق خوجا دەپ ئاتالغان) نىڭ مەزھەپچىلىك ھەرىكىتىنى قوللىدى. كاڭشى 6 ـ يىلى (1667 ـ يىلى) ئاق تاغلىقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، يولبارسخان ئاتىسى ئابدۇللاخاننى ھەج ـتاۋاب ئۈچۈن مەككىگە ئاتلىنىشقا زورلاپ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قاراتاغلىقلارغا قاتتىق زىيانكەشلىك قىلدى. كاڭ شى 9 ـ يىلى (1670 ـ يىلى) قارا تاغلىقلار يولبارسخاننى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمائىلنى تەختكە چىقاردى ۋە ھىدايىتۇللانى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. كاڭ شى 17 ـ يىلى (1678 ـ يىلى) ھىدايىتۇللا تىبەتتىكى دالاي V ئارقىلىق جۇڭغارلاردىن ئۆزىنىڭ ئۆچ ئېلىشى ئۈچۈن ياردەملىشىپ قوشۇن تارتىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭغارلار بۇرۇندىنلا جەنۇبىي شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولۇپ يۈرەتتى، شۇڭا پۇرسەت كەلدى دەپ قوشۇن تارتتى. قەشقەر باش

ھۆكۈمرانى باباق سۇلتان بۇنى ئاڭلاپ كۈچ تەشكىللەپ شەھەردىن چىقىپ جەڭگە تەييارلاندى، لېكىن دۈشمەننى يېڭىشكە كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، تەق مەيداندا شېھىت بولدى. جۇڭغار قوشۇنى قەشقەرنى ئالدى ۋە ياركەنتكە ھۇجۇم باشلىدى. ياركەنت خانلىقى گۇمران بولدى. جۇڭغارلار قەشقەردە ھىدايىتۇللانى يۆلەپ، ئۆزىگە بېقىندى ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىدى، ھىدايىتۇللا ئۆزىنى «ئاپاق خوجا» دەپ ئاتىدى.

كاڭشى 34 ـ يىلى (1695 ـ يىلى) ئاپاق خوجا ئۆلدى، ئۇنىڭ خوتۇنى مۇختەرەم (خانىم پاشا دەپمۇ ئاتالغان) ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ئوغلى مەھدىنى خان ۋارىسى قىلماقچى بولدى، لېكىن قەشقەرنىڭ باش ھۆكۈمرانى يەھيا خوجا (ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى) نىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەھيا خوجىنى ۋە ئۇنىڭ 2 ئوغلىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. كاڭشى 36 ـ يىلى (1697 ـ يىلى) يەھيا خوجىنىڭ ئامان قالغان 3 ـ ئوغلى ئەھمەد خوجا قەشقەردە خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى، قاراتاغلىق خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن دانىيالمۇ ياركەنتنى ئىگىلەپ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى، 2 ھاكىمىيەت «جىھات» تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، قانلىق جەڭلەرنى قىلىشتى. خانىم پاشامۇ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئۆلدى. كاڭشى 54 ـ يىلى (1715 ـ يىلى) جۇڭغار خانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار ھاكىمىيىتى كۆپ يىللارغىچە ئولپان تاپشۇرمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن قوشۇن تارتتى، زور قوشۇن ئالدى بىلەن بارچۇق (مارالبېشى) ئارقىلىق كېلىپ، ياركەنتكە ھۇجۇم قىلدى، قاراتاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى دانىيال خوجا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى، جۇڭغارلار دانىيال خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەھمەد خوجا ئالاقزادە بولۇپ، جەڭدە كۈچىيەلمەي، ئۆزى پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئىلىغا كەلتۈرۈلۈپ نەزەربەنت قىلىندى. بۇ چاغدا قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار ھاكىمىيىتى گۇمران بولدى.

## §4 . چوڭ ـ كىچىك خوجىلار يېغىلىقى

چوڭ خوجا بۇرھانىدىن، كىچىك خوجا خوجا جاھان كاڭشى 54 ـ يىلى (1715 ـ يىلى) جۇڭغار خانلىقى نەزەربەنت قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ كەتكەن ئاق تاغلىقلاردىن ئەھمەد خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن كىچىك ئوغلىدۇر. چيەنلۇڭ 19 ـ يىلى (1754 ـ يىلى) جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توپىلاڭ يۈز بەردى، شۇڭا جۇڭغارلار چىڭ سۇلالىسىدىن داۋاچى ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چيەنلۇڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارغا قارشى قوشۇن چىقاردى، شۇ يەردىكى ئامما چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭغارلار تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغان چوڭ ـ كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا: ئىككىمىز ئاللىبۇرۇنلا ئاتىمىز ئەھمەدخوجا بىلەن بىرلىكتە جۇڭغارلار تەرىپىدىن غۇلجىدا نەزەربەنت قىلىنغان، ئاتىمىز ۋاپات بولدى، ئەمدى بىزنى قەشقەرگە قايتۇرساڭلا، خەلقنى چىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىشقا كۆندۈرسەك، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ۋاقتىنچە كىچىك خوجىنى ئىلىدا قوشۇننى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، چوڭ خوجا بۇرھانىدىننى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇش قارارىغا كەلدى. شۇ يىلى كۈزدە، بۇرھانىدىن قەشقەرنى ئالدى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا ياركەنت قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. چيەنلۇڭ 22 ـ يىلى (1757 ـ يىلى) كىچىك خوجا خوجا جاھان ئۆزىنىڭ ئامۇر سانانىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن يۈز ئۆرۈشكە ياردەم بەرگەنلىكىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىلىپ قېلىپ سۈرۈشتە قىلىشىدىن قورقۇپ، چىڭ سۇلالىسىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە كېلىۋالدى، قاراتاغلىقلارنىڭ قارشى چىقىشىغا قارىماي، چوڭ خوجىنى چىڭ سۇلالىسىدىن

ئايرىلىپ كېتىشكە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە بىرلىكتە «باتۇر خانلىقى»نى قۇردى ۋە ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى، چوڭ خوجا دەسلەپتە قوشۇلمىغان بولسىمۇ، كېيىن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بەگ، ئاخۇنلارنى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇشقا زورلىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ياندىش بۇيرۇقىغا ئامىنداۋنى ئۇلارنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. چىڭ سۇلالىسى ئامالسىزلىقتىن چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) نىڭ بېشىدا چوڭ - كىچىك خوجىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچادا ئۇلارغا بىر قانچە كۈن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، چوڭ - كىچىك خوجىلار بەرداشلىق بېرەلمەي، شەھەرنى تاشلاپ ئاقسۇغا قاچتى. ئۇلار يەنە ياركەنت، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىن 4500 دىن ئوشۇقراق ئادەم يىغىپ، يەنە كۇچاغا ياردەمگە ماڭدى. يول ئۈستىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى ۋە قوشۇنىنى باشلاپ ئاقسۇغا قايتتى. لېكىن شەھەر ئاھالىسى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ كىرگۈزمىدى. ئۇلار يەنە ئۇچتۇرپانغا قاچتى، ئۇچتۇرپان ئاھالىسىمۇ ئۇلارنى كىرگۈزمىگەندە، ئۇلار قەشقەرگە قاچتى. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ چوڭ خوجا قەشقەردە، قېلىپ مۇداپىئە كۆرىدىغان، كىچىك خوجا ياركەنتنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ ئۆز ئارا مەدەت بېرىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بولۇشتى. چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي بىلەن چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى مۇئاۋىن سانغۇن فۇدې ئىلگىرى - ئاخىر بۆلۈنۈپ ياركەنت بىلەن قەشقەرگە ئاتلاندى. ئۇلار شۇ يەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ياردىمى ۋە يول باشلاپ بېرىشى بىلەن، چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قەشقەرنى ئالدى، چوڭ - كىچىك خوجىلار قېچىپ بەدەخشانغا بېرىۋالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى داۋاملىق قوغلىدى. بەدەخشان بېگى چوڭ - كىچىك خوجىنى تۇتۇۋېلىپ قەتلى قىلدى ھەمدە كىچىك خوجا خوجاجاھاننىڭ كاللىسىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك خوجىلار يىغىلىقى تىنچىتىلدى.

## 5 § . جاھانگىر خوجا توپىلىڭى

چوڭ - كىچىك خوجىلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قوقان خانلىقىغا قېچىپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى. جياچىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى) بۇرھانىدىنىنىڭ پۇشتىدىن بولغان يۈسۈپ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلدى. لېكىن قەشقەرنى ئالالمىدى. جياچىڭ 25 - يىلى (1820 - يىلى) ئۇنىڭ ئىنىسى جاھانگىر قەشقەر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ خىيانەتچى ئەمەلدار، بەگلىرى ۋە يەر ئىگىلىرى قاتارلىقلارغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ قاراۋۇلخانىنى پاراكەندە قىلدى. قىرغىزلار ئاتامانى ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. جاھانگىر خوجا 300 دىن ئوشۇق ئادەمنى باشلاپ، قاراتىكى، ئۇيۇلات قاتارلىق قاراۋۇلخانىلاردىن ئۆتۈپ، كۆيدۈرۈپ، ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ - تالاپ ئۇدۇل قەشقەرگە ئاتلاندى. بۇ چاغدا مەسلىھەتچى ئامبال بىن جىڭ ئاغلاقچى ئامبالنى توسۇشقا ئەۋەتتى. جاھانگىر خوجا 30 نەچچە ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى قايتىپ بېرىپ تاۋۇز چاغىنى بايرىمى ئۆتكۈزىمىز دەپ ئارقىدىن قوغلىماي، بولغۇسى خەتەرگە ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويدى. داۋگۇاڭ 4 - يىلى (1824 - يىلى) ئەنگىلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، جاھانگىر خوجا يەنە 200 دىن ئوشۇق ئادەم توپلاپ، ئالاي داۋنىدىن ئۆتۈپ، كېچىدە ئۆلۈق قاراۋۇلخانىسىنى بۇلىغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. جاھانگىر خوجا 2 قېتىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىرغىز قەبىلىلىرى ئىچىدە بىر تەرەپتىن شېرىك توپلىسا، بىر تەرەپتىن تەسلىم بولغاندەك قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىغا خاتىرىق مەھەللىسىنى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال يەر قىلىپ ئايرىپ بېرىشتەك يولسىز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا

قويدى. چىڭ ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچى ئامبال يۈڭ چىڭغا جاھانگىر خوجىنى قەتئىي تۇتۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) ئەنگلىيە ۋە قوقاندىكى مەدەلىخاننىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، جاھانگىر خوجا 7 - ئاينىڭ 18- كۈنى 3 - قېتىم 500 دىن ئوشۇقراق ئادەمنى باشلاپ كەچ تېغىدىن ئۆتۈپ بېسىپ كىرىپ، تۈن نىسپىدا ئاتۇشتىكى سۇلتانمازاغا كەلدى، ئۆزىنى «ئەۋلىيا ئەۋلادى» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاممىنى قۇتراتتى، مەسلىھەتچى ئامبال چىڭ شياڭ 1000 دىن ئوشۇقراق ئەسكەر ئەۋەتىپ قورشاپ يوقىتىشقا كىرىشتى. جاھانگىر خوجا قوقاندىن ياردەم سورىدى ۋە مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئالغاندىن كېيىن قەشقەرنى قوقانغا، ئېرىشكەن بايلىقنىڭ يېرىمىنمۇ قوقانغا بېرىدىغان بولدى. 8 - ئايدا قوقان 10 مىڭ ئەسكەر چىقاردى، 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر بىلەن قەشقەر يېڭى شەھىرى قولدىن كەتتى. چىڭ شياڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. داۋگۇاڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى) شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى ياڭ يۈچۈن بىلەن ئىلى جياڭجۈنى چاڭ لىڭ 36 مىڭ ئەسكەر باشلاپ بېرىپ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جاھانگىر خوجىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى، جاھانگىر خوجا يەنىلا تاغقا قېچىپ بېرىۋالدى. داۋگۇاڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى) 2 - ئايدا جاھانگىر خوجا يەنە 500 دىن ئوشۇقراق ئادەم توپلاپ، باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەل بوشاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، 4 - قېتىم يەنە شۇ بۇرۇنقى يول بىلەن ئاتۇشقا كەلدى، لېكىن شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانلىقى ئارقىسىدا جاھانگىر خوجا پۇت دەسسەپ تۇرالماي يەنە شۇ بۇرۇنقى يولى بىلەن قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ياڭ فاڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، 6000 دىن ئوشۇق ئەسكەر ۋە خەلقنى باشلاپ چىقىپ قوغلىدى، جاھانگىر خوجا قار تېگەي تېغىغا كىرىۋالدى، ئەسكەرلەر بىلەن خەلق ئۇنى قاتمۇ قات قورشىۋالدى، ئاخىرىدا بىر شىبە ئەسكەر تۇيدۇرماي بېرىپ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى. 6 - ئايدا بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 6 § . يۈسۈپ خوجا توپىلىڭى

چىڭ سۇلالىسى جاھانگىر خوجىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قوقان خانلىقى يەنە خوجىلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوقاندىن خوجىلار ئەۋلادىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، قوقان بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى دەرھال قوقانلىقلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ سودا قىلىشىنى مەنئىي قىلدى ھەمدە جۇڭگو چېيى، رەۋەن قاتارلىق ماللارنى ئېكسپورت قىلىشنى مەنئىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قوقانلىقلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. داۋگۇاڭ 10 - يىلى (1830 - يىلى) قوقان خانلىقى جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى يۈسۈپنى كۈشكۈرتتۈيدى، ئۇ 8 - ئايدا قوشۇن باشلاپ ئالاي تېغىغا كىرىپ، قىرغىز قەبىلىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇيغۇر ئىناتچىخان ئىسھاق ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىۋىدى، مەسلىھەتچى ئامبال زالۇڭئا ئىشەنمىدى. 9 - ئايدا توپىلاڭچى قوشۇن ئۇيپولات، مىڭيول قاتارلىق قاراۋۇلخانىلاردىن ئۆتۈپ چېگرىدىن كىردى. مەسلىھەتچى ئامبال ئويۇل - توپۇل ئەسكەر چىقىرىۋىدى، مەغلۇپ بولدى. يۈسۈپ خوجا ناھىيە تەۋەسىگە كىرىپ ئوت قويۇپ، ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، زالۇڭئا 3 قېتىم ئەسكەر چىقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىۋىدى، توپىلاڭچى قوشۇن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. 12 - ئايغا كەلگەندە، ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى رۇڭ ئەن بىلەن ئۈرۈمچى ياساۋۇل بېگى خافېڭئا قوشۇن باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا كىرىشتى. قەشقەر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى، دۈشمەن قېچىپ كەتتى.

## 7 § . يەتتە خوجا يېغىلىقى

داۋگۇاڭ 27 - يىلى (1847 - يىلى) قوقان خانلىقى يۈسۈپ خوجا مەغلۇپ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلىش سۈيىقەستى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، يەنە خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كاتتا تۆرە، ۋەلىخان تۆرە، كىچىكخان تۆرە، تەۋەككۇلخان تۆرىلەرنى قۇتراتتى، ئۇلار 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 1000 دىن ئوشۇق خىل چەۋەنداز تەشكىللەپ توپىلاڭ كۆتۈردى، تارىختا بۇ «يەتتە خوجا يېغىلىقى» دەپ ئاتالدى. 8 - ئايدا توپىلاڭچى قوشۇن ئوپولات قاراۋۇلخانىسىنى بۇزۇپ ئۆتتى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، قەشقەردىكى ئەسكەرلەر بىلەن خەلق شەھەرنى قاتتىق قوغدىدى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قوقانلىق شاڭيۇ ھۆدەيدا نەمەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچى تەرەپتىن ماسلىشىپ يېرىم كېچىدە دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كوناشەھەر قولدىن كەتتى. دۈشمەن شەھەرگە كىرىپ مال - مۈلۈكنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەگدى، كۆزلىرىنى ئويۇپ، قارنىنى ياردى، خەلقنى قىرغىن قىلدى. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى بوياناتاينى غەربىي تىنچلاندۇرۇش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ ئىلىدىن قوشۇن تارتىپ يولغا چىقتى. 11 - ئايدا توپىلاڭچى قوشۇن بۇنى ئاڭلاپ قاراۋۇلخانا سىرتىغا قېچىپ كەتتى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر كوناشەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى، يېڭى شەھىرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇردى.

يەتتە خوجا يېغىلىقى 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە داۋام قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ، قىر - چاپ قىلىپ خەلققە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. پەقەت قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىق يەرلەردىلا 37 مىڭدىن ئوشۇقراق ھەر مىللەت خەلقىنى زورلاپ ئېلىپ ماڭدى، ئۇنىڭ بىر مۇنچىسى يولدا توڭلاپ ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

## 8 § . ۋەلىخان خوجا يېغىلىقى

چىڭ سۇلالىسى يەتتە خوجا يېغىلىقىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى، ھەربىي تۈزۈلمىنى تەرتىپكە سالدى. قوقان خانلىقى يەنە تېيەنفېڭ 7 - يىلى (1857 - يىلى) قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالارنى ۋەلىخان خوجىنىڭ يېغىلىقىنى قوللاشقا قۇتراتتى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋەلىخان توپىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ چېگرىدىن كىردى، شېيىخ ئاخۇن مىرئەمەت بىلەن خالىق 3000 ئادەمنى يىغىپ چىقىپ قوللىدى. 2 - كۈنى يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىزلا كېلىپ قەشقەر كوناشەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قوقانلىق سودىگەرلەر ئوت قويۇپ ئىچىدىن ماسلاشتى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كوناشەھىرى قولدىن كەتتى. ۋەلىخان قەشقەر كوناشەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، بىر تەرەپتىن قورقۇنچ سالىدىغان دەھشەتلىك يانچى ئىگىلىرى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شەھەر ئىچىدىكى سودىگەرلەرنى مىس سايمانلار، ئات - ئۇلاغ بىلەن تەمىن ئېتىشكە زورلىدى، كارخانىلارنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىپ، قورال - ياراغ ياسىدى، زېمىن كېڭەيتتى. دىنىي ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى دەررىلىدى، قىر - چاپ قىلدى. ۋەلىخاننىڭ ئەڭ ئامىراق دەم ئېلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بويۇنتاۋۇلۇق قىلغانلارنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىش ئىدى. «مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن قىلىپ قويغان بىرەر ھەرىكەت، بىرەر ئېغىز سۆز، بىرەر ئەسنەش سۆزسىز ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا كۇپايە ئىدى» . ئۇ ھەممە

كىشىگە گۇمان قىلىپ ئىشەنمەيتتى، ئۆزى ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان خالىق دېگەن بۇ غالچىنىمۇ ئاخىرى ئۇ گۇمانلىنىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ كاللىسىنى تىزغاندا، 4 يەرگە ئېگىزلىكى 24 چىلىق ئادەم بېشى مۇنارى ھاسىل بولدى. خەلق كېچە - كۈندۈز يىغا - زار قىلىشتى، قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتتە قېلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كېلىپ قۇتۇلدۇرۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتى، بۇنى ئاڭلىغان ئىلى جياڭجۇنى دەرھال جازا يۈرۈشى قىلىشقا كىرىشتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى. ۋەلىخان تۆرە جەڭ قىلمايلا تىرە - پىرەڭ بولدى، خەلقتىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئالغان بايلىقنى 1400 ئۇلاققا ئارتىپ ئېلىپ كەتتى، يەنە 1500 دىن ئوشۇق ئاممىنى زورلاپ قوقانغا ئېلىپ كەتتى.

## § 9 . ياقۇپبەگنىڭ بۇزرۇكخاننى جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە كۈشكۈرتىشى

### 1. ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) 7 - ئايدا جايلاردىكى دېھقانلار فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلار ناھايىتى تېزلا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى تارتىۋالدى. قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ كاتتىبېشى تۆردى مامۇت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەر كوناشەھەرنى ئېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. تاشمىلىقنىڭ ھاكىمبېگى سىدىق قوشۇن باشلاپ كېلىپ تۆردى مامۇتنى قوغلىۋېتىپ، فېئودال جىن شائىيىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولدى. كېيىنچە خەلقنىڭ رايى ئۆزى تەرەپتە بولمىغانلىقتىن، سىدىق ئۆزىنىڭ تەختىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، مەسلىھەتلىشىپ جىن شائىيىننى قوقانغا ئەۋەتىپ، خوجىلار ئەۋلادىدىن بولغان بۇزرۇكخاننى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەردە سودىگەرلىك قىلىۋاتقان قوقانلىق 24 بەگ، ئاخۇنتى بىرلىشىپ خەت يېزىپ قوقان خانلىقىنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا كۈشكۈرتتى، قوقان خانلىقى تېزلا ياقۇپبەگنى ئەۋەتتى ھەمدە خوجىلار ئەۋلادىدىن بولغان بۇزرۇكخاننى قەشقەر خانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ 12 - ئايدا بىر تۈركۈم قارا نىيەتلەرنى توپلاپ ناھىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. سىدىق بۇنى ئاڭلاپ بۇزرۇكخاننى قەشقەر كوناشەھەرگە باشلاپ كىردى - يۇ، ياقۇپبەگنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق نارازى بولدى. كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا ياقۇپبەگ سىدىقنى قوغلاپ چىقاردى. سىدىق قىرغىز قاتارلىق خەلقتىن 6 — 7 مىڭ كىشىنى يىغىپ ياقۇپبەگكە قايتۇرما زەربە بەردى، ئەمما غەلىبە قازىنالمىدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەردىكى يېشىل تۇغلۇق يىگىنىڭ تۆرىسى خې بۇيۈن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى، مەسلىھەتچى ئامبال كۈي يىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كوناشەھەر بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر پۈتۈنلەي ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى. كۈز پەسلى، ياركەنتكە ھۇجۇم قىلىشتا مەغلۇپ بولغىنى ئۈچۈن تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدا توقۇنۇش بولدى، قىرغىز ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە ئەسكەرلەر بۇزرۇكخاننى ياقلاپ غەربكە قاراپ قەشقەرگە ماڭدى، ئۇ ياقۇپبەگدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى خان دەپ تىكلىمەكچى بولدى. ياقۇپبەگ سېزىپ قالغاندىن كېيىن كېچىلەپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، 41 كۈن

شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق قەشقەر كوناشەھەرنى ئېلىپ، ۋەلىخاننى خورلۇقتا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇزرۇكخاننى يېڭىساردا نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ ياقۇپبەگ قەشقەردە چىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇپ قالدى.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەر تارتىپ ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشى

ياقۇپبەگ قەشقەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، دىنىي جەھەتتە «رەئىس» تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، خەلقنى خالىغانچە دۇمبالاش ئۈچۈن «رەئىس»لەرنىڭ قولىغا كالتەك ۋە دەررە تۇتقۇزدى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان خەلقنى ئۆز مەيلىچە ئۆلتۈردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە «سۇيۇرغاللىق» تۈزۈمىنى يولغا قويدى (يەنى فېئودالىزىم سۇيۇرغاللىق ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى). تارتىۋالغان شەھەر - بازار، يېزا - كەنتلەرنى قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا «سۇيۇرغال» قىلىپ بۆلۈپ بەردى، شۇ يەردىكى خەلق ئۇلارنىڭ يانچىسى بولۇپ قالدى ۋە خالىغانچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدىغان ۋە زۇلۇم - سىتەمگە ئۇچرايدىغان خەلق بولۇپ قالدى.

گۇاڭشۇ 1 - يىلى (1875 - يىلى) ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى «قەشقەر ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئەرزنامىسى»نى سۇنۇپ، قۇل بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، چىڭ سۇلالىسىغا خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سودىگەر بەختى ئاخۇننى چۆچەك ئارقىلىق غۇلجىغا بېرىپ ئىلى جياڭجۇنى رۇڭ چۈەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى لەشكەر تارتتى. گۇاڭشۇ 3 - يىلى (1877 - يىلى) 4 - ئايغا كەلگەندە، ياقۇپبەگ ئۆلدى. 12 - ئاينىڭ 17- كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى، ياقۇپبەگنىڭ قالدۇقلىرىدىن بەگقۇلى، بەي يەنخۇلار ئۆز يېقىنلىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. 19- كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى دۈشمەننى مىڭيولغىچە قوغلاپ كېلىپ ۋارسلىق قىلغۇچى دۈشمەن يۈ شياۋخۇنى ئەسىر ئالدى ھەمدە مىڭيولغا ئابىدە تىكلىدى.

## § 10 . ما فۇشىڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش

ما فۇشىڭ يالڭ زېڭشىننىڭ يۇننەندىكى يۇرتدىشى بولۇپ، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى باش چېرىكچى، مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) قەشقەرنىڭ باش بۇغى بولغان (قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرغان). ئۇنىڭ ئوغلى ماجىۋۇ قەشقەرنىڭ گورۇنباسار باش بۇغى بولغان (قەشقەر كوناشەھەردە تۇرغان). خىزمەتتە بولغان ۋاقتىدا، ھوقۇقىغا تايىنىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ئەسكەرلەرگە ۋە خەلققە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بوزيەر ئاچتۇرۇپ ئۆزىگە ساراي، باغ سالدۇرغان، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ، ئەيش - ئىشرەتكە چەكسىز بېرىلىپ، پۇل - پۇچەك، مال - مۈلۈكنى خالىغانچە بۇزۇپ - چېچىپ، خەلق ئاممىسىنى خالىغانچە قىر - چاپ قىلغان، قول ئاستىدىكى ئوتتۇغات، پاششاپلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، ئۇنىڭ ئەيش - ئىشرەت، شەرمەندىلىكلىرىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىز باللارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان. نەتىجىدە مافۇشىڭنىڭ خوتۇنى 10 دىن ئاشقان. مافۇشىڭ كۈن بويى ئەيش - ئىشرەت قىلىپ، توغرا يولدا ماڭمىغاچقا، بىر ئايلىق مائاشىنى بىر نەچچە كۈندىلا بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتەتتى، پۇلى قالمىغاندا يەرلىك ئەمەلدارلاردىن قاقتى -

سوقتى قىلاتتى ھەمدە ھەربىي ھالەتنى يالغاندىن مەلۇم قىلىپ، ياڭ زېڭشىندىن ھەربىي قوشۇننى كۆپەيتىشنى، ھەربىي تەمىنات ـ ماتاشنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ جىجياڭلىق خوتۇنى بېيجىڭغا بېرىپ ساۋكۈننىڭ 4 ـ خوتۇنىنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ھەرىكەت قىلىپ، مافۇشىڭغا «سەلتەنەتلىك جياڭجۈن» دېگەن ئاتاقنى سېتىۋېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ياڭ زېڭشىن ئىگىلەپ تۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مافۇشىڭ قەشقەردە ھۆكۈمەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئېرىلغۇ يېرىنى ئىگىلىۋېلىپ، خەلقنىڭ بايلىقىنى تارتىۋالغان، ھەرخىل جىسمانىي جازا قوراللىرىنى قالايمىقان قوللىنىپ، باشقىلارنىڭ پۇت ـ قولىنى كېسىپ، ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزگەن، ئۆزىنى «پاشا» دەپ ئاتىغانىدى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش قارارىغا كېلىدۇ ـ دە ئۇ يىڭنى باش قوماندان، جاڭ زىچېڭنى شتات باشلىقى، ماشاۋۋۇنى مۇسۇلمانلار ئەترىتىنىڭ باش چېرىكچىسى قىلىپ، مىنگونىڭ 13 ـ يىلى (1924 ـ يىلى) پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىم بولۇپ 12 يىڭنى ئاقسۇغا ئەۋەتتى. قوشۇن 2 يولغا بۆلۈنۈپ، 7 كۈندە ئاتۇشتا ئۇچراشتى ۋە شۇ كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە كېلىپ مافۇشىڭنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر كوناشەھەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ ماجۇۋنى تۇتۇشقا كىرىشتى. ماجۇۋ قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوق يەپ ئۆلدى.

## § 11 . مىنگونىڭ 22 ـ يىلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يىغىلىقى

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) قۇمۇل، كۇچا، قاتارلىق ناھىيىلەردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى قەشقەرگە تەسىر قىلدى، ئۆلكە مۇپەتتىشى جىن شۇرېن تېلېگرام يوللاپ، ماشاۋۋۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ باندىتلارنى تازىلاش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ماشاۋۋۇ خۇيزۇ قارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن قەشقەر كوناشەھەرنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇغۇن قاراۋۇلخانىسىدىكى قاراۋۇل چېن دىيشىنغا قىرغىزلاردىن 1000چە ئەسكەر ئېلىپ، قىرغىز تۆەنى قورۇشنى، ئۆزى باش بولۇپ تاغ ئېغىزىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، قەشقەر كوناشەھەر بازىرىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرۇدى. كۇچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۆمۈر ئېلى ئۆزىنى سىلىڭ (قوماندان) دەپ، قىرغىز تۆەننى ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتتى، مەزكۇر تۆەندىكى قىرغىز ئوسمان چېن دىيشىننى چېپىپ تاشلاپ ئۆزىنى سىجاڭ (دىۋىزىيە باشلىقى) دەپ ئېلان قىلىپ، مىلتىقىنى ئارقىغا بۇراپ قەشقەر كوناشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئارىلىقتا، ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماجەنساڭ 5 ـ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالدى. تۆمۈر ئېلى بىلەن ئوسمان قەشقەر كوناشەھەرنى ئېلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت، بۇلاڭ ـ تالاڭ يولىدا قىلمىغىنى قالمىدى. ماشاۋۋۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە ئەمەلدارلار ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەر يېڭىشەھەرگە قېچىپ كېلىۋالدى. قەشقەر يېڭىشەھەردە مۇداپىئەدە تۇرغان ماجەنساڭ تەرتىپ ساقلاشقا ئەسكەر چىقارغاندىن كېيىن، ئوسمان قىسمى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ قەشقەر كوناشەھەر بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر بىر ـ بىرى بىلەن تىركىشىپ تۇردى.

6 ـ ئايدا خوتەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن سابىت داموللا تۆمۈر ئېلى بىلەن كۆرۈشۈپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى، پىكىر ئىختىلاپى بولغانلىقتىن توقۇنۇش يۈز بەردى، تۆمۈر ئېلى سابىت دامولللىنى نەزەربەنت قىلىپ قويدى. 7 ـ ئايدا ئوسمان بىلەن تۆمۈر ئېلى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىپ تۇتۇشۇپ قېلىشقا يېقىنلىشىپ قالدى. تۇتۇشۇشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى تەرەپ ماشاۋۋۇ بىلەن ماجەنساڭدىن ياردەم سوراپ مەخپىي ۋەكىل ئەۋەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۆمۈر ئېلى بىلەن ئوسمان ئېتىشىشقا باشلىغاندا ماجەنساڭ شەھەردىن ئەسكەر چىقىرىپ، يالغاندىن ياردەملەشكەن سىياقتا

بولۇۋىدى، ئاخىر ئوسمان مەغلۇپ بولۇپ لەڭگەرگە چېكىندى، تۆمۈر ئېلى ھارۋىلىق كۆزدىن كەچۈرۈپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا، يولدا ماجەنساڭنىڭ قول ئاستىدىكى كالا مازىنى ئۇچراتتى، تۆمۈر ئېلى ھارۋىدىن چۈشۈپ نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىڭلار؟ دەپ سوراپ تۇرغىنىدا، ماجەنساڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى ئېتىۋەتتى، ماجەنساڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى ئېلىپ، سابىت داموللىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا تۆمۈر ئېلىنىڭ قالدۇق قىسمى سابىت داموللا بىلەن خوتەندىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ ماجەنساڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ماجەنساڭ بىلەن ماشاۋۇ قەشقەر كوناشەھەرنى تاشلاپ، قەشقەر يېڭىشەھەردە قاتتىق مۇداپىئەدە تۇردى. قەشقەر كوناشەھەرنى ئوسمان بىلەن سىپتىۋالدىجان ئىگىلەپ ياتتى.

كۈزدە، ئاقسۇدىكى خوجانىيازھاجى مامۇتنى ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ماجەنساڭ بىلەن ماشاۋۇ ئىككىسى بىرلىشىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردە قاتتىق مۇداپىئەدە تۇردى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە سابىت داموللا باشچىلىقىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934- يىلى) نىڭ بېشىدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى جەنۇبقا ئاتلاندى، خوجانىياز قەشقەر كوناشەھەرگە قىستاپ كېلىپ قالدى، سابىت داموللا ئۇنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. 10 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى جىددىي قوغلاپ كەلدى، ئىككى تەرەپ ئاتۇشتا قانلىق جەڭ قىلىشتى، ئاخىرىدا خوجانىياز مەغلۇپ بولۇپ تاغقا كىرىپ كەتتى. 2 - ئاينىڭ بېشىدا، ماجۇڭيىڭ قەشقەر كوناشەھەرنى ئالدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئىزى ئۆچتى. ئوسمان مامۇت تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بېرىلدى، سىپتىۋالدىجان ھىندىستانغا قاچماقچى بولۇپ قاچالماي، ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

7- ئاينىڭ بېشىدا، خوجانىياز شېڭ شىسەي بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ كېلىشىمگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. قەشقەر كوناشەھەر ئەتراپىدىكى مىللىي قوشۇن شىنجاڭ مۇداپىئە قوشۇنى 6 - شىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، مامۇت سىجاڭلىققا، قوشۇمچە قەشقەر گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى، قەشقەر كوناشەھەردە تۇردى. ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى، ئۇنىڭغا قاراشلىق 36 - شىغا ماخۇسەن يېتەكچىلىك قىلدى، قاغىلىقنىڭ جەنۇبى مۇداپىئە رايونى قىلىپ بېرىلدى، شى شتابى خوتەنگە جايلاشتى.

## 12 § . مامۇت بىلەن ماخۇسەن قىسمىنىڭ خائىنلىق قىلىشى

مامۇت يېغىلىقتىن كېيىن 6 - شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەيدىن يەنىلا گۇمانلىنىپ يۈرەتتى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن قۇربان سېيىت قاتارلىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى، بۇ ئوفىتسېرلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مامۇت بىلەن قارىمۇقارشى ئورۇندا تۇردى، مامۇت بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئوفىتسېرلىرىنى مامۇتقا ھەربىيلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا «يېڭى ھايات گېزىتى» نى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ مامۇتنىڭ كانىيىنى كېسىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن مامۇتنىڭ گۇمان - ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936- يىلى) 5 - ئايدا مامۇتنى يوشۇرۇن نازارەت قىلىپ كېلىۋاتقان غوپۇر داموللىغا ئۈرۈمچىگە كېلىشى كېرەكلىكى، تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ چەت ئەللەرگە ئېكسكۇرسىيىگە چىقىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كەلدى.

ماموت ئۆنى شېڭ شىسەينىڭ قولچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان يامان ئادەم ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىشى سۈزسىز ماڭا پايدىسىز دەپ قاراپ، شۇ ئاينىڭ 12 - كۈنى كېچىدە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى 4 - ئايدا) ماموت شېڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭغا پات ئارىدا قول سالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر يالغان ئاخباراتقا ئىگە بولدى، ئەتىسى قەشقەر گارنىزونىدىن قەشقەر يېڭىشەھەرگە كەلمىگىنى، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى، دېگەن ئالاقىنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ماموت چوڭ بالا - قازانىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى. چەت ئەلگە چىقىپ ۋاقتىنچە ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتى. 4 - كۈنى ئەتىگەندە ماموت ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن موسۇل ھاجى قاتارلىق 35 كىشىنى ئېلىپ، قىسمىنى ئابدۇنىيازنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىمەن دېگەن نام بىلەن قەشقەر كوناشەھەردىن چىقىپ، يەركەن ئارقىلىق لاداق تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كىرىپ كەتتى. ماموت كېتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇنىياز ئەسكەر باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن بىر نەچچە كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، ئاندىن بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ يەركەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ماخۇسەن بىر تەرەپتىن، شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ ئاسىيلارنى تىنچىتىشقا قوشۇن چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، 6 - شىنىڭ قالدۇق قوشۇندىكىلەر بىلەن كېڭىشىپ، 6 - شىنى قوغلىغان بولۇپ تويتوغرا قەشقەرگە ئاتلاندى. 11 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەرنى ئېلىپ، ئۆلكە تەرەپنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قويماي نەزەربەنت قىلدى. ماخۇسەن شەھەرگە كىرىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كۈچاغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بىردىنلا ئاتۇش چېگرىسىدىن كىرىپ كەلدى، بىر قىرغىز پولكى ۋە بىر رۇس پولكىدىن تەشكىللەنگەن، ئايروپىلان، توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بۇ قوشۇن ماخۇسەننى بىت-چىت قىلىپ تاشلىدى، 10- ئايدا ماخۇسەن ئاز ساندىكى يېقىنلىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

# مەدەنییەت

# مەدەنىيەت

## I باب

## مائارىپ

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر بالىلار ئاساسەن دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. ئەينى ۋاقىتتا ناھىيىدىكى مەسچىت قارىمىقىدا دىنىي مەكتەپ بولۇپ، ئاساسلىق دەرس مەزمۇنى قۇرئان ئىدى، خەلپەت ئوقۇپ بېرەتتى، تالىپلار يادلىۋالاتتى، دەرسلىك قوللانمىسى بولمايتتى، ئايەتلەر يېشىپ چۈشەندۈرۈلمەيتتى، بەزىدە ئەرەبچە يېزىق ئۆگىتىلەتتى، ھەرپ تونۇشلا ئۆگىتىلىپ، يېزىشنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيتتى. گۇاڭشۈ دەسلەپكى يىللىرىدا ياقۇپبەگ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدە خەيرىيە مەكتەپلىرى ئېچىلدى، لېكىن يېزىلاردا يەنىلا دىنىي مائارىپ ئاساس بولۇپ قېلىۋەردى. گۇاڭشۈ 33 - يىلىدىن شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1907 — 1910 - يىلى) غا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، جايلاردا كۆتۈرۈلگەن ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، يېڭىچە شۆتاڭ (مەكتەپ) تىن 23ى قۇرۇلۇپ، 568 بالا ئوقۇغان، 24 كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، يىللىق خىراجىتى ئۈچۈن ھۆكۈمەت 80 سەر كۈمۈش بەرگەن، 6041 سەر كۈمۈش يەرلىك ئاھالىدىن يىغىلغان، ئۇلارنىڭ مۈلكى 24 مىڭ 830 سەر كۈمۈشكە يەتكەن. دەرسلىك قوللانمىسى «ئاددىي ساۋات چىقىرىش دەرسلىكى» گە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، بۇ دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى يەنىلا فېئوداللىق ئەدەب - ئەخلاقنى ئاساس قىلاتتى، «خانغا سادىق بولۇش»، «كۇڭزىغا سىغىنىش»، «ۋاپادارلىق، سادىقلىق»، «قائىدە - يوسۇن»، «ئار - نومۇس» دېگەنلەر تەرغىب قىلىناتتى. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) يۈەن داخۇا شىنجاڭغا باش مۇپەتتىش بولغاندىن كېيىن، مائارىپ خىراجىتىنى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىۋالغاچقا، مائارىپ يۈكسىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بار يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى تاقىلىپ كەتكەن، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار خۇسۇسىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا مەجبۇر بولغان.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكتىن، مائارىپ ئىشلىرى ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قالدى، ناھىيە بويىچە ئاران خەنزۇ تىلى مەكتىپىدىن بىرى، ناھىيە قارىمىقىدا تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى، تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى قۇرۇلدى، يېزىلاردا يەنىلا دىنىي مەكتەپ ئاساس بولۇپ، دىنىي مائارىپ مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ قېلىۋەردى. شېڭ شىسەي دەۋرىدە خەلق مائارىپى ئاز - تولا راۋاجلاندى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق مەكتەپ 81 بولۇپ، سىنىپ 158گە، ئوقۇغۇچى 5251گە يەتتى؛ ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مەكتەپ 6 بولۇپ، سىنىپ 12گە، ئوقۇغۇچى 345كە،

ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 21گە يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ناھىيىدىكى ھەرخىل مەكتەپ 67 بولۇپ، سىنىپ 414 كە، ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 971گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 611گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق مەكتەپ 25 بولۇپ، 184 سىنىپ، 6292 ئوقۇغۇچى، 276 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى؛ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قاراشلىق مەكتەپ 41 بولۇپ، 227 سىنىپ، 9597 ئوقۇغۇچى، 327 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى؛ سوۋېت گىراژدانلىرى ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مەكتەپ بىر بولۇپ، 3 سىنىپ، 82 ئوقۇغۇچى، 6 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا 142 دىنىي مەكتەپ بولۇپ، 7000 دىن ئارتۇق تالىپ، 151 خەلپەت ۋە مۇدەررىس بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى مائارىپ ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغان، رەھبەرلىك كۈچەيتىلگەن، مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىنغانلىقتىن، ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى. 1953 ـ يىلى ھۆكۈمەتكە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 52 بولۇپ، سىنىپ 334 كە، ئوقۇغۇچى 13 مىڭ 458 گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 427گە يەتتى. 1956 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا 8 سىنىپلىق تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، 440 ئوقۇغۇچى، 27 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى. 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ 84كە، سىنىپ 827گە، ئوقۇغۇچى 37 مىڭ 715 كە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 846گە يەتتى؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 9غا، سىنىپ 101گە، ئوقۇغۇچى 5486گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 243كە يەتتى؛ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 13كە، سىنىپ 31گە، ئوقۇغۇچى 1373كە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 36گە يەتتى؛ 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەھۋال مۇنداق: ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، سىنىپ 3، ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل، كۇرسانت 128، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 10؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 22، سىنىپ 217 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 45، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 172)، ئوقۇغۇچى 8469، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 848؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 180، سىنىپ 1402، ئوقۇغۇچى 41 مىڭ 629. ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 2167. ناھىيىدە باشلانغۇچ مائارىپ ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98كە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %98كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %94كە، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %4.95كـە، بـاشلانغـۇچ مـائـارىپنىڭ ئـومـۇملىشىش نىسبىتى %5.81كە يەتتى.

1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %8.99كە، باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %4.98كە، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %97كە يەتتى، «ئىككىنى ئومۇملاشتۇرۇش» مائارىپى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىـــدا لاياقەتلىك بولدى ھەم لاياقەتنامە ئالدى. 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋال مۇنداق بولدى: ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 187 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 186)، ئـوقـۇغۇچى 43 مىڭ 300 (مىللىي ئـوقـۇغۇچى 43 مىڭ 81)، ئوقۇتقۇچى 1813 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 1793)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 23)، ئوقۇغۇچى 9250 (مىللىي ئوقۇغۇچى 9062)، ئوقۇتقۇچى 846 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 819). پارتىيە مەكتىپى بىر، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپى بىر، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 20، كۇرسانت 275. دېھقانلار ساۋات چىقىرىش كۇرسى 270 قېتىم ئېچىلىپ، ساۋات چىقىرىشقا قاتناشقان 9788 كىشىنىڭ 6689ى ساۋاتلىق بولدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 12 يېزىدا مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى، 5 يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزى ـ پونكىتى قۇرۇلدى، ئوپال يېزىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەدەنىي يېزا (بازار) بولۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1990 ـ يىلغا قەدەر 10 كىشى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى، 26 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلەندى ھەم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) دىكى ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 1 — 1 - جەدۋەل

| | مەكتەپ ئىسمى | ئورنى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1 | خانلىق تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتىپى | يارباغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا | گۇاڭشۈ 33 - يىلى | ئىئانە توپلاپ تەسىسلىنىدىغان مەكتەپتىن ئۆزگەرتىلگەن |
| 2 | خانلىق تولۇقسىز، تولۇق باشلانغۇچ مەكتىپى | شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا | گۇاڭشۈ 34 - يىلى | |
| 3 | خانلىق ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىپى | شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | مىسكەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، گىلەمچىلىك |
| 4 | خانلىق تولۇقسىز دېھقانچىلىق مەكتىپى | توققۇزاق دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى يېڭى شەھەردە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 5 | خانلىق 1 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | سېپىل ئىچى ئالدى كوچىدىكى قۇتلۇقلاش سارىيىنىڭ يېنىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپى |
| 6 | خانلىق 2 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | سېپىل ئىچى ئالدى كوچىدىكى قۇتلۇقلاش سارىيىنىڭ يېنىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپى |
| 7 | خانلىق 3 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | سېپىل ئىچى ئالدى كوچىدىكى قۇتلۇقلاش سارىيىنىڭ يېنىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 8 | ھۆكۈمەت 1 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | سەمەن يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 9 | ھۆكۈمەت 2 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | بەشكېرەم يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 10 | ھۆكۈمەت 3 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | ئاۋات يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 11 | ھۆكۈمەت 4 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | توققۇزاق يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 12 | ھۆكۈمەت 5 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | تاشمىلىق يېزىسىنىڭ بوستان كەنتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 13 | ھۆكۈمەت 6 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | ئوپال يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 14 | ھۆكۈمەت 7 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | قوغان يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 15 | ھۆكۈمەت 8 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | ئۆستۈن ئاتۇش يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 16 | ھۆكۈمەت 9- خەنزۇ تىلى مەكتىپى | مۇشۇلۇق يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 17 | ھۆكۈمەت 10- خەنزۇ تىلى مەكتىپى | تاشمىلىق يېزىسىدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى | |
| 18 | ھۆكۈمەت 11 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | توققۇزاق يېزىسىنىڭ كىچىك مۇسۇما كەنتىدە | شۈەنتۇڭ 2 - يىلى | |
| 19 | ھۆكۈمەت 12 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى | بەشكېرەم يېزىسىنىڭ مۇسۇما كەنتىدە | شۈەنتۇڭ 2 - يىلى | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 20 | هۆكۈمەت 13 ـ خەنزۇ تىلى مەكتىپى | قوغان يېزىسى ئاپاق خوجا مازىرى يېنىدا | شۆەنتۇڭ 2 ـ يىلى | |
| 21 | خانلىق دۆلەت تىلى ئۆگىنىش ئورنى | سىپىل ئالدى كوچىسىدا | شۆەنتۇڭ 2 ـ يىلى | ئوقۇشقا دالالەت قىلىش ئورنىمۇ بار |

# 1 § . مائارىپ ئاپپاراتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، بىر بۆلۈم باشلىقى، 3 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى.

1950 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، 4 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. 1952 ـ يىلى سەھىيە خىزمىتى قوشۇلۇپ، مائارىپ بۆلۈمى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1954 ـ يىلى 2گە ئايرىلىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى بولدى. 1967 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969 ـ يىل 5 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 6 كادىر قويۇلدى. 1973 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى، كادىرى 6 دىن 19 غا كۆپەيتىلدى. 1981 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 32گە يەتتى، ئىدارە قارىمىقىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى، چوڭلار مائارىپى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، كادىر ـ كاتىبات، مالىيە قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى، بۇ ئىدارە ناھىيىنىڭ باللار مائارىپى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، چوڭلار مائارىپى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى تەيىنلەش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى قاتارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

1990 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى 57گە يەتتى، ئىدارە قارىمىقىدا كادىرلار، مالىيە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، ئادەتتىكى مائارىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، پىئونېرلار خىزمىتى قاتارلىق بۆلۈمچە ۋە بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. بۇ ئىدارە ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

# 2 § . مەكتەپ مائارىپى

## 1. باللار مائارىپى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە مىنگو دەۋرىدە ئۆلكىگە قاراشلىق قەشقەر باللار باغچىسى قۇرۇلدى، 16 باغچا خىزمەتچىسى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇدىر، بىر تەنتەربىيىچى، 2 ئوقۇتقۇچى، 2 سېستىرا، 2 تەربىيىچى، 2 لاۋازىم، بىر كاتىپ، 5 ئىشچى بار ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەردىن شارائىتى بارلىرى پەرزەنتلىرىنى باغچىغا بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باللار باغچىلىرى كۆپەيدى. 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، خەلق كوممۇنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى جەريانىدا «باللارنىڭ ھەممىسىنى باللار باغچىسى تەربىيىسىگە ئېلىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىلنىڭ بېشىدا ناھىيە بازىرىدا تۇنجى يەسلى قۇرۇلدى، يەسلى قارمىقىدا بىر خەنزۇ باللار سىنىپى ئېچىلىپ، 8 بالا قوبۇل قىلىندى، 3 تەربىيىچى قويۇلدى. يېزىلاردا 215 يەسلى قۇرۇلۇپ، 7599 بالا يەسلىگە ئېلىندى، 458 تەربىيىچى قويۇلدى؛ 120 باللار باغچىسى قۇرۇلۇپ، 4877 بالا باغچىغا ئېلىندى، 398 تەربىيىچى قويۇلدى. 1959 - يىلى باللار باغچىلىرى ۋە يەسلىلەر تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە مۇستەھكەملىنىپ، باغچا ۋە يەسلىلەرنىڭ شارائىتى ياخشىلاندى، مۇھىتى ئۆستۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە يەسلى 348گە، يەسلىگە ئېلىنغان بالا 11 مىڭ 443كە، يەسلى تەربىيىچىسى 868گە يەتتى؛ باللار باغچىسى 260كە، باغچىغا ئېلىنغان بالا 10 مىڭ 959غا، باغچا ئوقۇتقۇچى - تەربىيىچىسى 928گە يەتتى. تەربىيىچىلەر باللارغا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، ئويۇن ئويناش، رەسىم سىزىشنى ئۆگەتكەندىن تاشقىرى ئاددىي سانلارنى ۋە ھەرپ، خەتلەرنى ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەتتى. 1960 — 1962 - يىلغىچە بولغان «3 يىللىق قىيىنچىلىق» مەزگىلىدە يېزىلاردىكى يەسلى، باغچىلار ئاساسىي جەھەتتىن تاقىلىپ كەتتى.

1975 - يىلدىن بۇيان، ناھىيىنىڭ باللار مائارىپى يەنە تونۇرا ئىزىغا چۈشتى. ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا يەسلى، باغچىلار قۇرۇلدى ۋە ئەسلىگە كەلدى، يېزا - كەنتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا تەييارلىق سىنىپلىرى كەينى - كەينىدىن ئېچىلىپ، خەلق ياكى ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىققا قويۇلدى. بۇ سىنىپلارغا ئوقۇش يېشىغا توشمىغان 5 — 6 ياشلىق باللار قوبۇل قىلىنىپ، بىردىن 100 گىچە سانلارنى ئوقۇش، يېزىش، 10 دىن 20 گىچە سانلارنى قوشۇش، ئېلىش ئۆگىتىلدى. ئۇيغۇر باللارغا ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنى ئوقۇش، قوشۇپ ئوقۇش، خەنزۇ باللارغا خەنزۇ يېزىقىنى ئوقۇش، قوشۇپ ئوقۇش، ئاددىي خەتلەرنى ئوقۇش، تونۇش، يېزىش ئۆگىتىلدى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە تەييارلىق سىنىپى 8گە، قوبۇل قىلىنغان بالا 151گە، ئوقۇتقۇچى 8گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر باللار سىنىپى 7، قوبۇل قىلىنغان بالا 120؛ خەنزۇ باللار سىنىپى بىر، قوبۇل قىلىنغان بالا 31.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە ھەرخىل باللار باغچىسى (سىنىپى) 147، باغچا (سىنىپ) لارغا قوبۇل قىلىنغان بالا 3769، ئوقۇتقۇچى 153 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارمىقى بىۋاسىتە باشقۇرغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باغچا (سىنىپ) 105، قوبۇل قىلىنغان بالا 2419، ئوقۇتقۇچى 108؛ يېزا، كەنتلەر قۇرغان باغچا (سىنىپ) 42، قوبۇل قىلىنغان بالا 1350، ئوقۇتقۇچى 45.

1986 - يىلى ناھىيە بويىچە مەركىزىي يەسلى بىر، ئوقۇتقۇچىسى بىر، تەربىيىچىسى 3، يەسلىگە ئېلىنغان بالا 45؛ يېزا يەسلىلىرى 82، تەربىيىچىسى 98، يەسلىگە ئېلىنغان بالا 3183 بولۇپ، يەسلى تەربىيىسىگە ئېلىنىشتا ئېگىشلىك باللارنىڭ %1. 7نى ئىگىلىدى؛ تەييارلىق سىنىپ 98، قوبۇل قىلىنغان بالا 2743.

1990 - يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر مەركىزىي يەسلى، 10 تەربىيىچى، 4 سىنىپ بولۇپ، 80 بالا قوبۇل قىلىندى. يېزا يەسلىلىرى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ئازىيىپ كەتتى.

## 2. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى بىر سىنىپلىق بىرلا خەنزۇ تىلى مەكتىپى بولۇپ، 33 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى، بىر مۇئەللىم ئوقۇتقۇچى، بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. يېزىلاردا يەنىلا دىنىي مەكتەپلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930 - يىلى)

ناھىيە بىر تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) ناھىيىدىكى دىنىي مەكتەپ 150، خەلپەت 160 بولۇپ، تالىپ 10 مىڭدىن ئاشاتتى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) شەھەر ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ناھىيىدىكى ئۇيۇشما مەكتەپلىرى 81گە، سىنىپ 158 گە، ئوقۇغۇچى 5251گە يەتتى؛ ھۆكۈمەت مەكتىپى 6گە، سىنىپ 12گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 21گە، ئوقۇغۇچى 345كە يەتتى، ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر 336، ئۆزبېك 9 ئىدى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) ھۆكۈمەت مەكتىپى 12گە يەتتى، ئۇلار: قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپى، ناھىيىگە قاراشلىق 1 ـ، 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر، 1 ـ، 2 ـ قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى، ئاۋات باشلانغۇچ مەكتىپى، سەمەن باشلانغۇچ مەكتىپى، ئوپال باشلانغۇچ مەكتىپى، قوغان باشلانغۇچ مەكتىپى، ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتىپى، نەزەرباغ باشلانغۇچ مەكتىپى، ۋىلايەتكە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ (ناھىيىگە قاراشلىق ئاتۇش باشلانغۇچ مەكتىپى، قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاراشلىق قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى بۇنىڭ سىرتىدا). شۇ مەزگىلدە يەنە جاھانگىرلىككە قارشى تۈرۈش ئىتتىپاقى قۇرغان مەكتەپتىن 9ى بولۇپ، ئۇلارنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىۋاستە باشقۇراتتى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىدە ئوقۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىدىن 5ى قۇرۇلۇپ، ناھىيىدىكى ئوقۇشسىز قالغان 132 مىڭ 232 كىشىدىن ھەر مەۋسۇمدە 6610 كىشىنى مەجبۇرىي ئوقۇتتى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ناھىيىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 17گە يەتتى، ئۇلار: 2 شەھەر ئىچى مەركىزىي خەلق مەكتىپى، 6 شەھەر ئىچى خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى، 9 يېزا خەلق باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 280گە، سىنىپى 145 (تولۇق سىنىپ 18، تولۇقسىز سىنىپ 127) كە، ئوقۇغۇچىسى 4831گە يەتتى.

مەركىزىي خەلق مەكتەپلىرى مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ناھىيە قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى مەركىزىي خەلق مەكتەپلىرى ۋە خەلق مەكتەپلىرىنىڭ مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىكى ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 1 — 2 ـ جەدۋەل

| مەكتەپ نامى | ئورنى | مۇدىرى | ئوقۇتقۇچىلىرى | | | ئوقۇغۇچىلىرى | | | سىنىپلىرى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئەر | ئايال | جەمئىي | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | تولۇق | تولۇقسىز | جەمئىي |
| 1 ـ مەركىزىي خەلق مەكتىپى | ئىناقلىق بازىرى | ئەزىز ئەيسا | 24 | | 24 | 361 | | 361 | 8 | 6 | 14 |
| 2 ـ مەركىزىي خەلق مەكتىپى | مائارىپ بازىرى | سادەت تاجى | 5 | 18 | 23 | | 330 | 330 | 4 | 6 | 10 |
| 1 ـ خەلق مەكتىپى | تەنتەربىيە بازىرى | ھامىت مامۇت | 18 | | 18 | 350 | | 350 | | 10 | 10 |
| 2 ـ خەلق مەكتىپى | ئەنجەك بازىرى | قاسىم رەھىم | 25 | | 25 | 380 | | 380 | | 12 | 12 |
| 4 ـ خەلق مەكتىپى | مەدەنىيەت بازىرى | نۇرسۇن ئەمەت | 2 | 18 | 20 | | 300 | 300 | | 10 | 10 |
| 5 ـ خەلق مەكتىپى | مەدەنىيەت بازىرى | جى خېڭيى | 1 | 3 | 4 | 37 | 43 | 80 | 1 | 4 | 5 |
| 6 ـ خەلق مەكتىپى | ئاۋات بازار | ئابدۇباقى | 4 | 2 | 6 | 120 | 130 | 250 | | 5 | 5 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7 ـ خەلق مەكـ تىپى | شەرقىي بازار | ئەمەت يۈ- سەن | 7 | | 7 | 250 | | 250 | | 5 | 5 |
| ھەزرەت مەر- كـىزىي خەلق مەكتىپى | قوغان يېزىسى | ھېلىـل مامۇت | 25 | 3 | 28 | 300 | 200 | 500 | 2 | 10 | 12 |
| ئاۋات خەلق مەكتىپى | ئاۋات يېزىسى | ئىسمايىل ياسىن | 26 | 3 | 29 | 280 | 290 | 570 | 1 | 13 | 14 |
| قازئېرىق خەلق مەكتىپى | بەشكېرەم يېزى- سى | ئابدۇل ئۆمەر | 26 | 3 | 29 | 300 | 200 | 500 | 1 | 13 | 14 |
| قوغان خەلق مەكتىپى | بەشكېرەم يېزى- سى | ئەمەت | 14 | 2 | 16 | 150 | 70 | 220 | | 9 | 9 |
| سەمەن 1 ـ خەلق مەكتىپى | سەمەن يېزىسى | ئاگۇاڭ. شىلاڭ | 11 | 2 | 13 | 120 | 60 | 180 | | 7 | 7 |
| سەمەن 2 ـ خەلق مەكتىپى | سەمەن يېزىسى | ئەمەتجان | 17 | 1 | 18 | 95 | 70 | 165 | | 5 | 5 |
| ئوپال خەلق مەكتىپى | ئوپال يېزىسى | ئابدۇللا زاكىر | 11 | 2 | 13 | 130 | 75 | 205 | 1 | 6 | 7 |
| قارا كېچەك خەلق مەكتىپى | بورەنتاي يېزى- سى | مۇقاش | 5 | | 5 | 65 | 55 | 120 | | 4 | 4 |
| توققۇزاق خەلق مەكتىپى | توققۇزاق يېزى- سى | زۇنۇن يۈسۈپ | 2 | | 2 | 70 | | 70 | | 2 | 2 |
| جەمئىي | 17 | | 223 | 57 | 280 | 3008 | 1823 | 4831 | 18 | 127 | 145 |

**ئىزاھات:** يۇقىرىقى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئۆلكە بېرەتتى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ناھىيە باشلانغۇچ مەكتەپلىرى نامىنىڭ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)دىكى ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 1 — 3 ـ جەدۋەل

| تەرتىپى | ئەسلى نامى | يېڭى نامى |
|---|---|---|
| 1 | 1 ـ مەركىزىي خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 2 | 2 ـ مەركىزىي خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 3 | 1 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 4 | 2 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 5 | 4 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 6 | 5 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 7 | 6 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 8 | 7 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 9 | سەمەن 1 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 10 | سەمەن 2 ـ خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 11 | قوغان خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 12 | ھەزرەت مەركىزىي خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |

| | | |
|---|---|---|
| 13 | قازئېرىق خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 13 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 14 | بەشكېرەم خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 14 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 15 | ئاۋات خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 15 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 16 | توققۇزاق خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 16 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 17 | ئوپال خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 17 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 18 | قاراكېچىك خەلق مەكتىپى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 18 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 68 مەكتەپ بولۇپ، 399 سىنىپ، 16 مىڭ 176 ئوقۇغۇچى، 611 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىقلىرى 25 بولۇپ، سىنىپى 184، ئوقۇغۇچىسى 6292، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلىرى 278؛ ئىتتىپاققا قاراشلىقى 41 بولۇپ، سىنىپى 227، ئوقۇغۇچىسى 9597، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 327؛ سوۋېت گراژدانلىرى ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىقى بىر بولۇپ، سىنىپى 3، ئوقۇغۇچىسى 82، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 6 ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە 142 دىنىي مەكتەپ بولۇپ، خەلپىتى 151، تالىپى 7000 دىن ئاشاتتى.

مىنگو دەۋرىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھېساب، دۆلەت تىلى، جۇغراپىيە، تارىخ، مۇزىكا، ئۇيغۇرتىلى، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى، ھەپتىلىك دەرس ۋاقتى تولۇق سىنىپلىرىنىڭ 36 سائەت، تولۇقسىز سىنىپلىرىنىڭ 30 سائەت ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا مائارىپ ئاپپاراتى تەرتىپكە سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، 305 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى ئوقىدى. ئۇلار ئىچىدە مەكتەپ مۇدىرى 24، ناھىيىگە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 224، ئۇيۇشمىغا قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 57. ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇش ئۆستى، ئىدىيە تۈزەلدى، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇش، تىللاش، ھاقارەتلەش ئاساسىي جەھەتتىن توختىدى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى. ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ 47 ئوقۇتقۇچى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ۋە تەڭشەلدى؛ 8ى ئوقۇتقۇچىلىقتىن يۆتكىۋېتىلدى، 10نىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى، 29ى يۆتكەپ تەڭشەلدى، 16 يېڭى ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىندى. 1950 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 47، سىنىپ 414، ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 433، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 487 بولدى.

1951 ـ يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى تەڭشەلدى، 17 باشلانغۇچ مەكتەپ يېڭىدىن قۇرۇلدى. 1952 ـ يىلى قەشقەر شەھەر قىلىنغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەر قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ناھىيىدە 50 باشلانغۇچ مەكتەپ قالدى، ئۇلاردىكى ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 757، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلىرى 380. 1953 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ مائارىپ راۋاجلاندى. 1956 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 68گە، ئوقۇغۇچى 22 مىڭ 381گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 636گە يەتتى.

1958 ـ يىلى مەكتەپ باشقۇرۇشتا «ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرىدىن پايدىلىنىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ كۆپىيىپ 313كە، ئوقۇغۇچى 36 مىڭ 814كە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 899غا يەتتى. كېيىنكى يىلى يېزىق ئۆزگەرتىش باشلاندى.

1965 ـ يىلى 13 مەكتەپتە يېرىم كۈن دېھقانچىلىق قىلىش، يېرىم كۈن ئوقۇش سىناق قىلىنىشقا باشلىدى، ئۇلاردىكى سىنىپ 170، ئوقۇغۇچى 4178، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 157. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق مەكتەپلەر 16گە، ئوقۇغۇچىسى 5055كە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 205كە يەتتى. شۇ يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقنى ئۆگىتىش باشلاندى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، «دەرس توختىتىپ ئىنقىلاب قىلىش» ئەۋج ئالغانلىقى، ئوقۇتقۇچىلار ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپ مائارىپى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، 1968 ـ يىلى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 6 يىلدىن 5 يىلغا ئۆزگەرتىلدى.

1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلاندى، قائىدە ـ تۈزۈملەر ئورنىتىلدى، مەكتەپلەر كۆپىيىپ 98گە، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 445كە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 990غا يەتتى.

1978 — 1979 ـ ئوقۇش يىلىدا مائارىپ مىنىستىرلىكى تۈزگەن «پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت نىزامى» ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قائىدىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ئۈچتە ياخشى بولۇش»، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» (بەش بولۇش: مەدەنىي بولۇش، ئەدەبلىك بولۇش، پاكىز بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش؛ تۆت گۈزەل: قەلب گۈزەل بولۇش، تىل گۈزەل بولۇش، ھەرىكەت گۈزەل بولۇش، مۇھىت گۈزەل بولۇش؛ ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش: ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، كومپارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق تەربىيىسى بېرىلدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1 ـ يىللىقتىن باشلاپ ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا دەرس ئۆتۈشنى ئەستىقلىدى.

1985 ـ يىلى ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 176، سىنىپلىرى 1402، ئوقۇغۇچىسى 39 مىڭ 755 بولدى، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلىرى تولۇقلىنىپ 2167گە يەتتى. تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، مۇزىكا، رەسىم، تەنتەربىيە، تەبىئەت ساۋاتلىرى، ئەخلاق تەربىيىسى قاتارلىق 9 پەن تەسىس قىلىنىپ، پەنلەر خېلى مۇستەھكەملەشتۈرۈلدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىن باشقا چاغلارنىڭ ھەممىسىدە) چارەكلىك ئىمتىھان، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان، يىللىق ئىمتىھان ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلدى.

1988 ـ يىلى ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 185كە، سىنىپ 1346گە، ئوقۇغۇچى 14 مىڭ 364كە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1816گە يەتتى. 6789 ئوقۇغۇچى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. 1990 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 187گە، سىنىپ 1445كە، ئوقۇغۇچى 43مىڭ 300گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 2247گە يەتتى، 7260 ئوقۇغۇچى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى**

مەدەنىيەت: 1 — 4 ـ جەدۋەل

| يىل | مەكتەپ | سىنىپ | ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى | يىل | مەكتەپ | سىنىپ | ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 68 | 399 | 16176 | 660 | 1953 | 52 | 334 | 13458 | 427 |
| 1952 | 50 | 281 | 10757 | 380 | 1957 | 72 | 502 | 23252 | 664 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 75 | 726 | 31829 | 846 | 1982 | 96 | 749 | 21267 | 1270 |
| 1962 | 75 | 560 | 23250 | 679 | 1983 | 154 | 1188 | 33927 | 1900 |
| 1965 | 84 | 760 | 30883 | 952 | 1984 | 162 | 1265 | 36809 | 2062 |
| 1966 | 56 | 530 | 16753 | 640 | 1985 | 176 | 1402 | 39755 | 2167 |
| 1970 | 67 | 563 | 17113 | 662 | 1986 | 180 | 1402 | 41629 | 2167 |
| 1975 | 106 | 724 | 22041 | 895 | 1987 | 184 | 1417 | 41288 | 2176 |
| 1978 | 98 | 713 | 24185 | 975 | 1988 | 185 | 1396 | 39758 | 2219 |
| 1980 | 96 | 693 | 22017 | 1065 | 1989 | 187 | 1332 | 39563 | 2222 |
| 1981 | 94 | 690 | 20405 | 1113 | 1990 | 187 | 1445 | 43300 | 2247 |

**ئىزاھات:** 1952 ـ يىلى شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەر قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1966 ـ يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق بىر قىسىم مەكتەپلەر قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1983 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن مەكتەپلەر يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 3. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

**1) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر** مىنگو دەۋرىدە ناھىيە تەۋەسى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دە ئۆلكىگە قاراشلىق قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى، قەشقەر ئوتتۇرا مەكتىپى، قەشقەر تولۇق كەسپىي مەكتىپى، قەشقەر تولۇقسىز كەسپىي مەكتىپى قاتارلىق 5 ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا قەشقەر شەھىرى قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى ناھىيە بازىرى توقۇززاققا كۆچتى. 1956 ـ يىل 9 ـ ئايدا توققۇزاق بازىرىدا 8 سىنىپلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 440 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 27 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى قويۇلدى. بۇندىن باشقا بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدە 6 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلىپ، 260 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 14 ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 14كە، ئوقۇغۇچىسى 700گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 41گە يەتتى.

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە «ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى تېز راۋاجلاندى. 1959 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ 6گە، سىنىپى 58گە، ئوقۇغۇچىسى 3043كە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 194كە يەتتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە 3 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلىپ، 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1960 ـ يىلى 2 پېداگوگىكا سىنىپى ئېچىلىپ، 99 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 5 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى قويۇلدى. 1965 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ 10غا، سىنىپى 75كە، ئوقۇغۇچىسى 3457گە، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىسى 221گە يەتتى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرس توختاپ، مەكتەپ تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1976 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 يىللىق ئوقۇش مۇددىتى ئەسلىگە

كەلتۈرۈلدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يەنىلا 2 يىل بولدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «پۈتۈن كۈنلۈك ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت نىزامى» يولغا قويۇلدى. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوپال ئوتتۇرا مەكتىپى، سەمەن ئوتتۇرا مەكتىپى، قوغان ئوتتۇرا مەكتىپى، بەشكېرەم ئوتتۇرا مەكتىپى، ئاۋات ئوتتۇرا مەكتىپى، يېڭىئۆستەڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئەدىيۇۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ئۈچتە ياخشى بولۇش» ۋە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتۈنلەي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1983 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 يىللىق ئوقۇش مۇددىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپ 22گە، سىنىپى 217 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 45، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى 172) گە، ئوقۇغۇچىسى 8469غا، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 848گە يەتتى. تىل - ئەدەبىيات، خەنزۇتىلى، ماتېماتىكا، سىياسەت، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىنگلىز تىلى، بىئولوگىيە، تەنتەربىيە، مۇزىكا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. چارەكلىك ئىمتىھان، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان، يىللىق ئىمتىھان قاتارلىق ئىمتىھان شەكىللىرى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلدى.

1988 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ 24، سىنىپى 238، ئوقۇغۇچىسى 9454، ئوقۇتقۇچىسى 926 بولدى. 1943 ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. 1990 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ 24، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى 191، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 47، ئوقۇتقۇچىسى 1013 بولدى، 1990 ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 1 — 5 - جەدۋەل

| يىل | مەكتەپ | سىنىپ: جەمئىي | سىنىپ: تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى | سىنىپ: تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى | ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 1 | 14 | | 14 | 700 | 41 |
| 1960 | 9 | 101 | 6 | 95 | 5486 | 243 |
| 1965 | 10 | 79 | 8 | 71 | 3669 | 229 |
| 1970 | 7 | 33 | 4 | 29 | 1290 | 168 |
| 1975 | 12 | 61 | 9 | 52 | 255 | 189 |
| 1978 | 12 | 128 | 16 | 112 | 5664 | 348 |
| 1980 | 14 | 119 | 20 | 99 | 4972 | 376 |
| 1981 | 14 | 113 | 22 | 91 | 4340 | 417 |
| 1982 | 14 | 115 | 24 | 91 | 4103 | 471 |
| 1983 | 22 | 123 | 30 | 143 | 6003 | 732 |
| 1984 | 22 | 181 | 32 | 149 | 6193 | 724 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 23 | 217 | 45 | 172 | 7014 | 848 |
| 1986 | 22 | 217 | 45 | 172 | 8469 | 848 |
| 1987 | 24 | 230 | 45 | 185 | 8795 | 890 |
| 1988 | 24 | 238 | 47 | 191 | 9454 | 426 |
| 1989 | 24 | 236 | 47 | 189 | 8881 | 975 |
| 1990 | 24 | 248 | 48 | 200 | 9250 | 1013 |

**ئىزاھات:** 1970 ـ يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق بىر قىسىم مەكتەپلەر قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن مەكتەپلەر 1983 ـ يىلى يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئۆرلەپ ئوقۇش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 1 — 6 ـ جەدۋەل        بىرلىكى: نەپەر

| يىل | باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملار، ئالىي مەكتەپلەرگە | يىل | باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملار، ئالىي مەكتەپلەرگە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | 1487 | 162 | | 1979 | 1772 | 634 | 152 |
| 1966 | 1394 | 163 | | 1980 | 1764 | 426 | 247 |
| 1968 | | | | 1981 | 1417 | 530 | 148 |
| 1969 | 106 | 40 | | 1982 | 1236 | 496 | 112 |
| 1970 | 1667 | 72 | | 1983 | 1947 | 650 | 144 |
| 1971 | 1624 | 326 | | 1984 | 2189 | 695 | 218 |
| 1972 | 1127 | 251 | | 1985 | 2645 | 709 | 240 |
| 1973 | 1080 | 283 | | 1986 | 6527 | 1942 | 160 |
| 1974 | 1377 | 258 | | 1987 | 6612 | 1937 | 157 |
| 1975 | 1921 | 339 | | 1988 | 6789 | 1943 | 157 |
| 1976 | 1780 | 40 | | 1989 | 6936 | 1945 | 165 |
| 1977 | 1938 | 435 | 147 | 1990 | 7260 | 1990 | 245 |
| 1978 | 1599 | 336 | 89 | | | | |

**2) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى** 1958 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن 28ى قۇرۇلدى، ئەمگەك، ئاماق، يېتىپ - قوپۇش كوللېكتىپ بولۇش، يېرىم كۈن دېھقانچىلىق قىلىش، يېرىم كۈن ئوقۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قامداش شەكىللىرى قوللىنىلغان بۇ 3 يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 1029 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 28 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي نىشانى يېزىلارغا سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىگە ئىگە ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش بولدى. ئوقۇش ۋاقتى كۈن ئارىلاپ ئوقۇش ياكى يېرىم كۈن ئوقۇش تۈزۈمىدىن ئىبارەت بولدى، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، 20 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار قوبۇل قىلىندى، ئادەتتە ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ بولغاندا 25 ياشتىن ئېشىپ كەتمىدى. ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ئاساسىي بىلىملىرى، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسەت قاتارلىق دەرسلىرى ئۆتۈلدى. ئوقۇتقۇچىلىرى يېزىغا قايتقان زىيالىي ياشلار ياكى يەرلىك كادىرلاردىن ئاللاندى. ئوقۇش خىراجىتىنى پرىنسىپ جەھەتتە ئاتا - ئانىلار ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئادەتتە شۇ يېزىدىكى ئەر ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇراھال ئىقتىسادىي كىرىمىدىن يۇقىرىراق بولدى.

1960 - يىلى بۇ مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى تەڭشىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، تەڭشەش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ناھىيىدىكى 28 يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى 13كە ئىخچاملاندى، ئۇلارنىڭ سىنىپلىرى 31، ئوقۇغۇچىسى 1373، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى 36 بولدى. 13 يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىر ئات، 70 ئۆي، 116 ئېشەك، 105 چوڭ دېھقانچىلىق سايمىنى، 1731 ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمىنى، 2863 موبەر بار بولدى. 2202 موسىغا ئاشلىق زىرائىتى تېرىپ، 205 توننا ئاشلىق ئالدى؛ 661 موسىغا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىپ، 17 مىڭ 200 يۈەن كىرىم قىلدى، 2155 مو بوزيەر ئاچتى. 8 ئىنەك، 124 قوي - ئۆچكە، 408 توخۇ، ئۆردەك، 19 توشقان باقتى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئاشلاش، مۇز ساقلاش، ھاڭ پىشۇرۇش، پىلە بېقىش، ئوت - چۆپ ئورۇش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، تىككۈچىلىك، تۇماقچىلىق - دوپپىچىلىق، سېۋەت توقۇش، ساتىراشلىق، قىسقا يوللۇق ترانسپورتقا ئوخشاش 17 خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، 12 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلدى. 13 يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن 2 سى خېلى ياخشى باشقۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سايباغ يېزىسىدىكى چويۇنچى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، نەق پۇل كىرىمى خېلىلا كۆپ بولدى، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى قامداپ يەنە ئېشىندى؛ 8ىنىڭ باشقۇرۇلۇشى يامان ئەمەس بولۇپ، نەق پۇل كىرىمى بىر قەدەر جىق بولدى، ئاشلىق بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنى قامدىدى؛ 3ىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ناچارراق بولۇپ، ئاشلىق ھوسۇلى، كىرىمى ئاز بولۇپ، ئۆزىنى قامدىيالمىدى.

1965 - يىلى ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى 12، سىنىپى 15، ئوقۇغۇچىسى 552، ئوقۇتقۇچىسى 25 بولدى، شۇ يىلى ئۇلارغا 519 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى كېيىن - كەينىدىن تاقالدى، مال - مۈلۈكلىرى ۋە ئۈسكۈنە - جابدۇقلىرى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 4. كەسپىي مەكتەپلەر

**1) «7 - ماي» ئۇنىۋېرسىتېتى** بۇ مەكتەپ 1976 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا ئىدى. مەكتەپنىڭ ئۆزى 20 مىڭ يۈەن جۇغلاپ، 40 مو يەر سېتىۋالدى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر چوڭ قوشۇمچە ئۆتىدى. مەكتەپكە 2 مۇئاۋىن مۇدىر، بىر ئىلمىي مۇدىر، 3 ئوقۇتقۇچى قويۇلدى، شۇ يىلى 40 ئوقۇغۇچى

قوبۇل قىلىندى. خىراجىتىنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى مائارىپ خىراجىتىدىن ئاجرىتىپ بەردى. 1978 ـ يىل 6 ـ ئايدا تاقالدى.

**2) ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى** مەكتەپ قۇرۇلۇشى 1984 ـ يىلى كۈزدە باشلىنىپ، 1985 ـ يىل 6 ـ ئايدا پۈتتى. بۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان مەكتەپ بولۇپ، بىر مۇدىر، 2 مۇئاۋىن مۇدىر، بىر ئىلمىي مۇدىر، 10 ئوقۇتقۇچى، 12 مەمۇرىي خادىم ۋە لازىم قويۇلدى. شۇ يىلى بۇ مەكتەپكە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 89 ئوقۇتقۇچىسى قوبۇل قىلىنىپ، 2 سىنىپ ئېچىلدى، بۇ ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ بولۇپ، ئاساسەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ دەرسلىرى ئۆتۈلدى.

1986 ـ يىلى كۇرسانتى 252گە يەتتى. 1987 ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچى 29غا يەتتى، ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى 7گە، كۇرسانتى 263كە يەتتى. 1988 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىسى 22، كۇرسانتى 196 بولدى، 1989 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىسى 27، كۇرسانتى 125 بولدى. 1990 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىسى 20، كۇرسانتى 275 بولدى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ سىياسەت، ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە، ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى، ماتېماتىكا ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، بىئولوگىيە، خىمىيە، فىزىكا، خەنزۇ تىلى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى.

## 5. يېزا يېتىملەر مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1989 ـ يىل 3 ـ ئايدا قۇرۇلدى، ئورنى ناھىيە بازىرىنىڭ 2 كىلومېتىر جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇ خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدىغان مەكتەپ، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 145 مىڭ 812 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. 1989 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ ناھىيىدىكى 18 يېزا ـ بازاردىن تۈنجى تۈركۈمدە 54 بالا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ 14ى قىز، 40ى ئوغۇل، يېشى 12 دىن 14كىچە، ئۇلار ئاساسەن يېزىلاردىكى ئىگە ـ چاقىسىز بالىلار. بۇ مەكتەپتە تىككۈچىلىك، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، ساتىراشلىق، رېمونتچىلىق، ئاشپەزلىك قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىندى ھەم قوشۇمچە مەدەنىيەت دەرسى ئۆتۈلدى. 1990 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 10.

## 3 § . ئىشتىن سىرتقى مائارىپ

چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىدە مائارىپ ئارقىدا قالغان بولۇپ، ساۋاتسىزلار بەك كۆپ ئىدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ئېلىپ بېرىلغان مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيىدىكى 238 مىڭ 652 نوپۇس ئىچىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى تەربىيىسى كۆرگەنلەر ئاران 15 مىڭ 946 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.68%ىنى ئىگىلىگەن، ئۇلار ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 209، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 936، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 3754، تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 7505، خۇسۇسىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار 3542. 8 يېزىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى تەربىيىسى كۆرگەنلەر 13 مىڭ 580 بولۇپ، يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 6.65%ىنى ئىگىلىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى ناھىيىلىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كومىتېتى قۇرۇلدى، مۇدىرلىقنى بىر مۇئاۋىن ھاكىم قوشۇمچە ئۆتىدى. رايون، يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە كەينى ـ كەينىدىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئاپپاراتى قۇرۇلدى. جەمئىيەتتە مەدەنىيەت ـ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى باشلاندى. 1960 ـ يىلى ناھىيىدە ۋە گۇڭشېلاردا ئىشتىن سىرتقى مائارىپ

كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك كومىتېت قارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىدىكى ئىشچى - دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىغا مەسئۇل بولدى. بۇ كومىتېت 1981 - يىلى ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، 5 كادىر قويۇلدى. ئىشنىڭ سىرتىدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغانلارنىڭ نىسبىتى ناھىيە بويىچە 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا %95.4كە، 1990 - يىلى %98كە يەتتى.

## 1. دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا، يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ساۋات چىقىرىش ئوقۇشى جۇمە، يەكشەنبە كۈنلىرى داۋاملىشىپ تۇردى. 1951 - يىلى كەچ كۇرس 37گە، ساۋات چىقىرىش سىنىپى 116گە يېتىپ، 4020 كىشى ساۋات چىقىرىشقا قاتناشتى، ساۋات چىقىرىشتا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ياشلار مۇھىم نۇقتا قىلىندى. 1953 — 1954 - يىللىرى كەچ كۇرس سىنىپلىرى 1901گە، ئۆگەنگۈچىلەر 57 مىڭ 863كە يەتتى. ئۇدا نەچچە يىل كەچ كۇرس ئېچىپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ساۋاتلىقلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئەھۋالى ياخشىراق بولۇپ چىققان ئوبال يېزىسىدا ساۋاتلىق بولغانلار يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %24 چامىسىنى ئىگىلىدى؛ ناچارراق بولۇپ چىققان يېزىدا ساۋاتلىق بولغانلار شۇ يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %10 چامىسىنى ئىگىلىدى، ناھىيە بويىچە ساۋاتلىق بولغانلار ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %20 چامىسىنى ئىگىلىدى، ساۋاتلىقلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكىدىن 3 ھەسسىدىن جىقراق كۆپىيىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆستى.

1956 - يىلى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئاساسىدا ئىشتىن سىرتقى تولۇقسىز، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرى ئېچىلدى. 1957 - يىلى 240 خەلق مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 9600 كىشى ئوقۇتۇلدى؛ چالا ساۋاتلار ئىشتىن سىرتقى تولۇقسىز باشلانغۇچ سىنىپىدىن 197سى، ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 1138ى ئېچىلىپ، 57 مىڭ 800 كىشى ئوقۇتۇلدى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى ئىشتىن سىرتقى مائارىپ يۈكسىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىش ئۈچۈن، يىغىپ تەربىيىلەش، لېكسىيە سۆزلەش ۋە ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 -، 3 -، 4 - يىللىق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 1243نى يېتىشتۈردى. 1960 - يىلى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتەپلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەر كۆپىيىپ، سىنىپ 1294 كە، كۇرسانت 48 مىڭ 875كە يەتتى، ساۋاتلىق بولغانلار 63 مىڭ 875 كە يېتىپ، قۇرامىغا يەتكەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %70 چامىسىنى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىدە، گوڭشې (بازار) لاردا يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى ھەم ناھىيە 4 مەخسۇس كادىر ئاجرىتىپ 2729 ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەردى، تۇنجى قېتىمدا 48 مىڭ 373 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، ئۇلار ناھىيە بويىچە ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تېگىشلىك 74 مىڭ 738 كىشىنىڭ %64.73نى ئىگىلىدى. 1966 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىدە تۇنجى قېتىم يېڭى يېزىق ئۆگىنىشتە ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا 89 ۋەكىل قاتناشتى، ئۇلارنىڭ 28 ى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ، 61ى ئىلغار شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرى.

1966 — 1976 - يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. 1981 - يىلقى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ساۋات چىقىرىش ئوبيېكتى 49 مىڭ 984 بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %29.8نى ئىگىلىدى، 280 ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئېچىلىپ، 7930 كىشى ساۋاتلىق قىلىندى، ساۋاتلىق قىلىنغانلار ساۋات چىقىرىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ %15.87نى ئىگىلىدى. 1983 - يىلى

يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئاۋات گۇگۇشىپس قاتارلىق گۇگۇشىلاردا شەخسلەر ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچىدىغان يېڭى ئەھۋال بارلىققا كەلدى. ئاۋات گۇگۇشىپس 2 - چولڭ ئەترىتى 4 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى دېھقان ئىمىن ھاجى ئايالى بىلەن بىللە ئوقۇشسىز قالغان 11 — 15 ياشلىق باللارنى يىغىپ ئائىلىسىدە ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا تىل - ئەدەبىيات، ھېساب قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. ساۋات چىقارغانلارنىڭ نىسبىتى 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە %95.4كە يەتتى.

1988 - يىلى ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 284 دېھقان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، تىككۈچىلىك، توكچىلىق قاتارلىق تېخنىكا كۇرسلىرىدا ئوقۇدى، 1634 دېھقان ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرىدا ئوقۇدى. 3458 دېھقان ساۋات چىقىرىش ئۆگىنىشىگە قاتناشتى. 1989 - يىلى دېھقانلار ساۋات چىقىرىش كۇرسىدىن 432سى ئېچىلىپ، 12 مىڭ 933 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى كۇرسىدىن 342سى ئېچىلىپ، 36 مىڭ 127 كىشى تەربىيىلەندى. 1990 - يىلى دېھقانلار ساۋات چىقىرىش كۇرسىدىن 270 ى ئېچىلىپ، 9788 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، 6689 كىشى ساۋاتلىق بولدى.

## 2. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مائارىپى

1951 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەركۈنى ئىشنىڭ سىرتىدا بىر سائەت ئومۇمىي ساۋات ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن 44 پېشقەدەم كادىر ۋىلايەت ۋە شىنجاڭ بىيۇروسى ئاچقان كادىرلار مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. 1956 — 1959 - يىلىغا قەدەر ناھىيە بازىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئائىلە ئاۋابىئانلار دەرس پىششىقلاش كۇرسى ئېچىلدى، ئىدارە كادىرلىرى كۇرسقا قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى قىلىندى، ئۆگىنىش ھەر كۈنى كەچتە 1 — 2 سائەت داۋاملاشتى. كۇرستا ئاساسەن تىل - ئەدەبىيات، ھېساب ۋە سىياسەت دەرسلىرى ئۆتۈلدى. 1966 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ تارمىقى ناھىيە بازىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشنىڭ سىرتىدا يېڭى يېزىق ئۆگىنىپ ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچتى، 5675 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1982 - يىلى شەھەر - بازارلاردا دەرس پىششىقلاش كۇرسىدىن 18ى ئېچىلىپ، 469 ئىشچى - خىزمەتچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك چوڭلار ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى پىششىقلاش سىنىپىدىن 25ى ئېچىلىپ، 1040 كۇرسانت ئوقۇدى، 75 كىشى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1985 - يىلىغا قەدەر دەرس پىششىقلاش كۇرسى 4 قارار (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى پىششىقلاش كۇرسى بىر قارار)، 44 سىنىپ ئېچىلىپ، 1866 كۇرسانت ئوقۇدى. بۇندىن باشقا يەنە بىر ئۇيغۇر تىلى، بىر خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 80 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى يېرىم يىل بولدى.

1988 - يىلىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ھەرخىل تەربىيىگە قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2258گە يېتىپ، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ %29.46نى ئىگىلىدى، ئۇلار ئىچىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەنلەر 256، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەنلەر 543، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىپ بولغانلار 36، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىپ بولغانلار 359، ئىشتىن ئايرىلىپ ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردا بىر يىلدىن ئارتۇق ئوقۇغانلار 174.

## 4 § . تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش

50 - يىللارنىڭ بېشىدىكى يېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئۆيلىرى كونا، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي ئىدى. ئوقۇش -

ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، مائارىپ تارىسقى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەككە ئۇيۇشتۇرۇپ، مەكتەپ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلدى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش يولىنى تۇتتى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە «مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1958 - يىلى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 6 ئوتتۇرا مەكتەپ 2 يىلدا 137 مىڭ 691.5 تونىنا ئوغۇت توپلىغان، 12 مىڭ 986 مو ئورمان بەرپا قىلىنغان، 975 مىڭ 700 دانە كېسەك قويغان، 1199 مو تەجرىبە ئېتىزى تېرىپ، 50.4 توننا ئاشلىق ئالغان، 15 «كارخانا»، 437 زاۋۇت (دۇكان) قۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە 5303 ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنى قاتناشتۇرۇپ، 1285 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 5288.8 يۈەن كىرىم قىلىنغان؛ 75 باشلانغۇچ مەكتەپ كېسەك قويۇش، سۇۋاقچىلىق، ئاقلامچىلىق، ھاك پىشۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ، بىر يىلدا دۆلەت چىقىمىنى 11 مىڭ 507.97 يۈەن تېجەپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەكتەپلەر 2 تىككۈچىلىك گۇرۇپپىسى، 41 ساتىراشخانا، 18 ياماقچىلىق گۇرۇپپىسى، 9 ياغاچچىلىق گۇرۇپپىسى، 28 باش كىيىم گۇرۇپپىسى، 22 سېۋەت توقۇش گۇرۇپپىسى، بىر تۆمۈرچىلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ كىرىمىنى ئاشۇردى. لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىغا سەل قارالغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى.

1960 - يىلى دۆلەت «مەكتەپلەر ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، ئوقۇش - ئوقۇتۇش تەرتىپى نورماللىشىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىدە كۆرۈلگەن ئەمگەك زىيادە كۆپ بولۇش ئەھۋالى ۋاقتىدا تۈزىتىلدى.

1966 — 1976 - يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «دەرسخانا مائارىپىنى ئاساس قىلىش» ئىنكار قىلىنىپ، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى»، «ئەقلىي تەربىيىنى 1 - ئورۇنغا قويۇش» تەنقىد قىلىنىپ، «ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش» تەشەببۇس قىلىنىپ، سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى، ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە ئوخشاش پائالىيەتلەر مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۇسۇلى تاشلىۋېتىلدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋال ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىلدى.

## § 5 . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

### 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

1950 - يىلى تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، 487 كونا ئوقۇتقۇچى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى، 16 يېڭى ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىندى. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى ۋە زورايدى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. بىر تەرەپتىن، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىققا جەلپ قىلىندى، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئوتتۇرا، ئالىي تېخنىكوملارنى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىپ تۇردى. 1958 - يىلى ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار 824كە يېتىپ، 1950 - يىلدىكىدىن 63.82% كۆپەيدى. 1965 - يىلى 1173كە يەتتى. 1978 - يىلى 1323كە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىدىن 1.57 ھەسسە كۆپەيدى، ئۇلار ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇتقۇچىسى 348. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى 3015كە يېتىپ، 50 - يىللارنىڭ بېشىدىكىدىن 5.99 ھەسسە، 1965 - يىلدىكىدىن 2.57 ھەسسە كۆپەيدى. ئۇلار ئىچىدە ئەر 1742 بولۇپ، %57.78نى، ئايال 1273 بولۇپ، %42.22نى، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى 2944 بولۇپ، %97.64نى، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى 60 بولۇپ، %2نى ئىگىلىدى، باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 11 بولدى؛ كومپارتىيە ئەزالىرى 755 بولۇپ، %25.03نى ئىگىلىدى. كەسپىي ئوقۇتقۇچى 2381 بولۇپ، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى ئومۇمىي سانىنىڭ %78.97ىنى ئىگىلىدى.

1988 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەر سىنىپقا 3.74 تىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەر سىنىپقا 2.99 دىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەر سىنىپقا 1.35 تىن ئوقۇتقۇچى توغرا كەلدى؛ ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 11.02دىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 13.42 دىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 22.24 تىن توغرا كەلدى. 1990 - يىلى ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى 3302گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 1877 بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ %56.84ىنى، ئايال 1425 بولۇپ، %43.16نى ئىگىلىدى؛ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 3220 بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ %97.52ىنى، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى 82 بولۇپ، %2.48نى، پارتىيە ئەزالىرى 842 بولۇپ، %25.49نى ئىگىلىدى.

## 2. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش

1951 - يىلى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 366 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، ئۇلار ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 14، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 104، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 248 بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن ئىدى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەربىيىلەش، بىلىمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تەربىيىلەش، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش، ھەتتا مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىغا ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتىش ئارقىلىق بىلىمىنى ئاشۇردى. 1959 - يىلى 702 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئىچىدە، ئالىي تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر ئوقۇتقۇچى ئومۇمىي سانىنىڭ %3.13نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر %8.69نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر %59.97نى، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر %28.21نى ئىگىلىدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ئالىي تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار %3.13نى ئىگىلىدى، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر %48.8تىن %68.66كە يەتتى، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر %51.2تىن %28.21كە چۈشتى.

1966 — 1976 - يىلغا قەدەر داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى.

1980 - يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپ 3 قاراردا 137 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى تەربىيىلىدى. يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش پونكىتىدىن 12 سى قۇرۇلدى، بۇ پونكىتلار ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ بىر تۇتاش پىلانى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلىدى. 1985 - يىلى

ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ بىناسى پۈتتى، بۇ مەكتەپكە 10 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى قويۇلدى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىن 3ى ئېچىلىپ، 128 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، سىنىپلارنىڭ بىرى 2 يىللىق، 2 سى 3 يىللىق بولدى.

1986 - يىلى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى 3 يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىن 3نى ئېچىپ، 128 كۇرسانت قوبۇل قىلدى، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 26گە يەتتى. 1986 — 1990 - يىلغا قەدەر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىن 28ى ئېچىلىپ، 764 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى.

1988 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1594 ئوقۇتقۇچىسىغا كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاندى، ئۇلار ئىچىدە ئالىي ئوقۇتقۇچى 231، 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 424، 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 542، 3 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 397؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 394 ئوقۇتقۇچىسىغا كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاندى، ئۇلار ئىچىدە ئالىي ئوقۇتقۇچى 7، 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 202، 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 228، 3 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 164.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى مەلۇماتى بىلەن 1990 - يىلدىكى مەلۇماتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

مەدەنىيەت: 1 — 7 - جەدۋەل

| يىللار | مەلۇماتلىقلار ئومۇمىي سانى | ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار | | ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغانلار، تولۇقسىز پېداگوگىكا، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئۇلاردىن يۇقىرىلار | | تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇغانلار ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر | | ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا، تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ جەمئىي سانى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | نىسبىتى% | سانى | نىسبىتى% | سانى | نىسبىتى% | سانى | نىسبىتى% |
| 1985 | 1728 | 961 | 55.61 | 516 | 29.86 | 251 | 14.53 | 929 | 53.76 |
| 1990 | 1810 | 1174 | 64.8 | 552 | 30.5 | 84 | 4.6 | 1712 | 94.5 |

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى مەلۇماتى بىلەن 1990 - يىلدىكى مەلۇماتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

مەدەنىيەت: 1 — 8 - جەدۋەل

| يىللار | | مەلۇماتلىقلار ئومۇمىي سانى | ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار | | ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە پۈتتۈرگىنىگە 2 يىلدىن ئاشقانلار | | ئالىي مەكتەپ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگىنىگە 2 يىل بولمىغانلار | | ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر | | ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغانلار ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | سانى | نىسبىتى% | سانى | نىسبىتى% | سانى | نىسبىتى% | سانى | نىسبىتى% | سانى | نىسبىتى% |
| 1985 | جەمئىي | 663 | 62 | 9.45 | 142 | 21.75 | 32 | 4.9 | 359 | 54.98 | 58 | 8.88 |
| | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 498 | 23 | 4.62 | 84 | 16.87 | 32 | 6.43 | 359 | 72..08 | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 479 | 23 | 4.80 | 76 | 15.87 | 32 | 6.68 | 348 | 72.65 | | |
| | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 155 | 39 | 25.16 | 58 | 37.42 | | | | | 58 | 37.42 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 143 | 38 | 26.57 | 51 | 35.67 | | | | | 54 | 37.76 |
| 1990 | جەمئىي | 832 | 193 | 23.20 | 304 | 36.54 | 13 | 1.6 | 321 | 38.60 | 1 | 0.12 |
| | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 666 | 121 | 18.17 | 229 | 34.38 | 8 | 1.2 | 309 | 46.10 | 1 | 0.15 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 650 | 119 | 18.31 | 222 | 34 | 8 | 1.23 | 300 | 46.15 | 1 | 0.15 |
| | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 166 | 72 | 43.37 | 75 | 45.18 | 5 | 3.01 | 14 | 8.44 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 152 | 67 | 44.08 | 70 | 46.05 | 3 | 1.97 | 12 | | | 7.90 |

## 3. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «خانلىق» مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا خانلىق مەھكىمىسى تەرىپىدىن كۈمۈش بېرىلەتتى. مىنگو دەۋرىدىكى ئۇيۇشما باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا مەسئۇل ئۇيۇشما (ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قاتارلىقلار) تەرىپىدىن ئايمۇ ئاي ئاشلىق بېرىلەتتى. ناھىيە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئايمۇ ئاي ئاشلىق ياردەم بېرىلەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا مائاش بېرىلىدىغان بولدى. باشتا ئايلىق ئىش ھەققى ئادەتتە 30 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە بولدى. 1956 - يىلى مائاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش دەرىجىسى ۋەزىپىسى، خىزمەتكە قاتناشقان يىلى، كەسپىي سەۋىيىسىگە قاراپ باھالاپ بېكىتىلىپ، مائاش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. 1960 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ دەرىجىسى بېكىتىلدى، شۇ نۆۋەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىدىن 138نىڭ دەرىجىسى بېكىتىلىپ، مائاش ئومۇمىي سوممىسى 771.80 يۈەن كۆپەيتىلىپ، ھەربىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.60 يۈەندىن قوشۇلدى. ئۇلار ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 24 بولۇپ، ھەربىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.41 يۈەندىن قوشۇلدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 114 بولۇپ، ھەربىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.79 يۈەندىن قوشۇلدى. 1961 - يىل 2 - ئايدا 3 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ (ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپ)تە 86 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى بولۇپ، تولىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇلارنىڭ مائاشى 19 خىل بولغان، بىر كىشىنىڭ 106 يۈەن، 2 كىشىنىڭ 95 يۈەن (ئۇلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنمۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى)، 2 كىشىنىڭ 75 يۈەن، بىر كىشىنىڭ 73 يۈەن، 5 كىشىنىڭ 64 يۈەن، 6 كىشىنىڭ 57 يۈەن، 3 كىشىنىڭ 56 يۈەن، 3 كىشىنىڭ 52 يۈەن، 18 كىشىنىڭ 51 يۈەن، 29 كىشىنىڭ

43 يۈەن، 7 كىشىنىڭ 37 يۈەن، 2 كىشىنىڭ 35 يۈەن، 2 كىشىنىڭ 34 يۈەن، 2 كىشىنىڭ 31 يۈەن، 2 كىشى (ياللىنىۋېلىنغان ئىشچى) نىڭ 26 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 50.05 يۈەندىن توغرا كەلگەن. ۋەزىپىسى بويىچە ئالغاندا مەمۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 65.96 يۈەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 49.75 يۈەن، ئىشچىلارنىڭ 39.33 يۈەن بولغان. باشقا تۇرمۇش تەمىناتلىرى شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئايدا 27 جىڭ ئاشلىق (ئاق ئۇن)، 3 جىڭ گۆرۈچ، يېرىم جىڭ گۆش، يېرىم جىڭ ياغ بېرىلگەن؛ ھەپتىلىك دەرس ئادەتتە 16 سائەت، كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتى 8 سائەت بولغان، ھەركۈنى ئەتىگەندە بىر يېرىم سائەت سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىش بولۇپ تۇرغان؛ ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتە مەكتەپ ئىچىدىكى ئەمگەكلەرگىلا قاتنىشىپ تۇرغان، ئەمگەك ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغان. ناھىيىلىك 1- باشلانغۇچ مەكتەپتە 16 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى بولۇپ، 5ى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن خىزمەتكە قاتناشقان، ئايلىق مائاشى بىر كىشىنىڭ 95 يۈەن، بىر كىشىنىڭ 79 يۈەن، بىر كىشىنىڭ 64 يۈەن، 4 كىشىنىڭ 43 يۈەن، 2 كىشىنىڭ 39 يۈەن، 2 كىشىنىڭ 31 يۈەن، بىر كىشى (ياللاپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئىشچى) نىڭ 26 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 57 يۈەندىن توغرا كەلگەن. باشقا تۇرمۇش تەمىناتلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان. ھەپتىلىك دەرس ئادەتتە 15 سائەت، كۈنلۈك ئىش ۋاقتى 10 سائەت ئەتراپىدا بولغان؛ ھەپتىدە 4 سائەت ئەمگەك قىلىپ تۇرغان. ئوغۇساق باشلانغۇچ مەكتەپتە 6 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى بولۇپ، ھەممىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان، ئايلىق مائاشى بىر كىشىنىڭ 39 يۈەن، 5 كىشىنىڭ 31 يۈەن بولۇپ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 32.33 يۈەندىن توغرا كەلگەن. باشقا تۇرمۇش تەمىناتلىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان. يۇقىرىقى 3 مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن مەلۇمكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىنات سەۋىيىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە تەمىنات سەۋىيىسى — ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 45.47 يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 43.2 يۈەنلىك سەۋىيىسىدىن ئاساسەن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ.

1963 -، 1972 -، 1977 -، 1979 -، 1981 -، 1983 - يىللىرى ئۇدا نەچچە يىل ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن كىرىمى خېلى كۆپەيدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 105.73 يۈەندىن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ 117.60 يۈەندىن توغرا كېلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردىكىدىن 2 ھەسسىدىن كۆپرەك، 1961 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئەتراپىدا ئۆستى.

1985 — 1990 - يىلىغا قەدەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ھەر يىلى ئۆسۈپ تۇردى، ئۇي شارائىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1990 - يىلى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 3468 يۈەنگە يېتىپ، ھەر ئايغا 289 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## § 6 . مائارىپ خىراجىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، خانلىق مەكتەپ ۋە باشقا مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى خانلىق مەھكىمە ئۈستىگە ئالغان. ئۇيۇشما مەكتەپلىرىنىڭ خىراجىتىنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، مەركىزىي باللار باغچىلىرىنىڭ خىراجىتى دۆلەت مالىيىسىدىن ياكى يەرلىك مالىيىدىن بېرىلدى؛ خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، باللار باغچىلىرى،

پەسىللەرنىڭ خىراجىتى يېزا، كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ مەبلىغىدىن چىقىرىلدى، دۆلەت مالىيىسىدىن مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

ساۋات چىقىرىش مائارىپى، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ۋە بالىلار مائارىپىنىڭ ھەر قىسىم خىراجەتلىرىنىمۇ دۆلەت بېرىپ تۇردى.

1980 — 1986 - يىلغا قەدەر ناھىيە بويىچە 3 مىليون 994 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 31 مىڭ 878 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىندى، 13 مىڭ 301 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆي رېمونت قىلىندى. سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە دۆلەتنىڭ سالغىنى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ %01 .40نى ئىگىلىدى، كوللېكتىپنىڭ سالغىنى 2 مىليون 173 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1 .54نى ئىگىلىدى. 1987 — 1990 - يىلغا قەدەر مالىيىدىن جەمئىي 2 مىليون 621 مىڭ 657 يۈەن بېرىلدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردا بېرىلگەن مائارىپ خىراجىتى**

مەدەنىيەت: 1 — 9 - جەدۋەل    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىل | بېرىلگىنى | يىل | بېرىلگىنى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1956 | 56 | 1982 | 230.2 | |
| 1957 | 70.6 | 1983 | 469.25 | |
| 1960 | 15.5 | 1984 | 549.2 | |
| 1965 | 110.9 | 1985 | 667.7 | |
| 1970 | 95.5 | 1986 | 128.3 | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلدى |
| 1975 | 120 | 1987 | 124.3 | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلدى |
| 1978 | 150.4 | 1988 | 58.6 | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلدى |
| 1980 | 204.8 | 1989 | 53.6 | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلدى |
| 1981 | 224.7 | 1990 | 25.68 | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلدى |

# II باب

# پەن - تېخنىكا

مىنگو دەۋرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى يوق ئىدى، پەن - تېخنىكا خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەنمەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1951 - يىلى تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكلىرى بارلىققا كەلدى. ئاندىن مەھىيە بۆلۈمى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ۋە مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، تراكتور پونكىتى، سۇچىلىق بۆلۈمى، قاتناش بۆلۈمى، باغ زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق

ئورۇنلار قۇرۇلدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت - قاتناش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - سايمانلىرى، تېببىي دورىگەرلىك - ساقلىق ساقلاش قاتارلىق ساھەلەردىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئالىي مەكتەپ - تېخنىكومىلار ۋە كەسپىي كۇرسلار قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەينى - كەينىدىن كېلىپ تۇردى. 1959 - يىلى تېببىي خادىم 29 غا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكلىرى 9 غا يەتتى. ئۇلار چېچەك، سىفىلىس قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە يوقىتىش، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا ئۇچرايدىغان ئال كېسىلى، كېۋەز پىتى، ئاقسىل كېسىلى قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سورت، نەسىل كىرگۈزۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 1978 — 1983 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىلا 66 پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى، 125 كىشى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار ئىچىدە دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 47، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 6، سۇچىلىق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 5، سانائەت پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بىر، تېببىي دورىگەرلىك - ساقلىق ساقلاش مۇۋەپپەقىيىتى 5، باشقا پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 2.

# §1 . پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى

## 1. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1959 - يىلى قۇرۇلدى، بىر مۇدىر، 2 مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 2 مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1983 - يىلى بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 6 پەن - تېخنىكا كادىرى قويۇلدى. 1984 - يىلدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، 6 كەسپىي كادىر قويۇلدى، ئۇلارنىڭ 3 ى ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى، بىرى ئالىي تېخنىكومنى، 2 سى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن. پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1986 - يىلى 7 كادىردىن تەركىب تاپتى. 1990 - يىلى 6 پەن - تېخنىكا كادىرى، بىر ئىشچى ئىشلىدى.

## 2. پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 1960 - يىل 2 - ئايدا قۇرۇلدى، 9 ئەزا، بىر مەخسۇس كادىردىن تەركىب تاپتى. 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1981 - يىل 6 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1985 - يىلى 2 مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1986 — 1988 - يىلغا قەدەر 3 مەخسۇس كادىر، بىر ئىشچى ئىشلىدى. 1988 — 1990 - يىلغا قەدەر 4 مەخسۇس كادىر، بىر ئىشچى ئىشلىدى.

## 3. باشقا پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى

1988 - يىلى ناھىيىدىكى باشقا پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى 6 گە يەتتى، ئۇلار ئىچىدە دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 3، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 2، تېخنىكا كېڭەيتىش ئاپپاراتى بىر.

# 2 § . پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئاز، پائالىيەتمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. پەن - تېخنىكا خىزمىتى 1955 - يىلدىن تارتىپ قانات يايدۇرۇلۇشقا باشلىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن لېكسىيە سۆزلەش، كۆرگەزمە ئېچىش، پروېيكسىيە پلاستىنكىسى كۆرسىتىش، كىنو قويۇپ بېرىش ۋە خىلمۇ خىل پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق پەن -تېخنىكا بىلىملىرى تەشۋىق قىلىندى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

## 1. ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلاتلار

1981 - يىلدىن بۇيان ناھىيىدە چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى، دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ياش پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەر كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كېڭەش ئەزالىرى 26گە، ئەزالىرى 255 كە يەتتى. 1984 — 1985 - يىللىرى بۇلاقسۇ، مۇش، سەمەن، خاڭدى، پاختەكلە، زەممن، سايباغ، بەشكېرەم، ئاۋات قاتارلىق 14يېزىدا پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كېڭەش ئەزاسى 168گە، ئەزاسى 1534كە يەتتى. 195 مەمۇرىي كەنتتە پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپىلارغا 3700 كىشى قاتناشتى. ناھىيە، يېزا، مەمۇرىي كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك پەن -تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 1986 - يىلى ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت 19غا، ئەزالىرى 1961گە، پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 205كە، قاتناشقۇچىلار 3890غا يەتتى. 1990 - يىلى ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت 21گە، ئەزاسى 2011گە يەتتى.

## 2. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى

1981 — 1985 - يىلغا قەدەر ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەتلەر ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىلىرى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە تەتقىقاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى. 68 پارچە ئىلمىي ماقالە، خىزمەت تەجرىبىلىرى خۇلاسىسى ۋە دوكلاتلىرىنى يازدى، «قەشقەر كوناشەھەر پەن - تېخنىكىسى»، «پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى» قاتارلىق ژۇرناللارنى 15 سان، 2250 پارچە نەشر قىلدى. 6 قېتىم پەن - تېخنىكا دوكلاتى، سۆھبەت يىغىنى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، تېخنىكا ئۆتكۈلىدىن ئۆتۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇ يىغىنلارغا تەخمىنەن 800 ئادەم - قېتىم قاتناشتى. 98 قارار كەسپىي كۇرس، ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسلاردا ئۆگەنگەنلەر 11 مىڭ 961 ئادەم - قېتىمغا يەتتى. 123 ئىلمىي تەربىيە فىلمى قويۇپ بەردى، بۇنىڭدىن تەربىيە ئالغانلار 34 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى. 1982 - يىلى پاختەكلە يېزىسىنىڭ شورباغ كەنتىدە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئەترىتى ئاراسوقىچاق شال سورتى «129»نى يېتىشتۈرۈپ، شالنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلىنى 450 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈپ، شالدىن مول ھوسۇل ئالدى. مۇشۇ يېزىنىڭ 3 - چوڭ ئەترەت 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئەخەت مۇھەممەت كۆتۈرە ئالغان 4 .2 مو

شالدىن 1948.5 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىپ، بىرلىك ھوسۇلنى 811.88 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، شالنىڭ بىرلىك ھوسۇلىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورت ياراتتى. سايباغ يېزىسىنىڭ پىلال كەنتىدىكى 85 پەن - تېخنىكا كەسپىي ئائىلىسى ھۆددىگە ئالغان 270 مو يەرگە بۇغداي سورتى — تاڭشەن «6898»نى تېرىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلىنى 346 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. 1983 - يىلى مۇشۇ كەنتتىكى 320 ئۆيلۈك دېھقان 700 مو كېۋەز تېرىپ، كېۋەزنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلىنى 205 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. پاختەكلە يېزىسىنىڭ يۇقارقى پاختەكلە كەنتىدىكى پەن - تېخنىكا ئائىلىسى قاسىم روزى شۇ يىلى 10 - ئايدا 3.5 مو يەرگە بۇغداي سورتى — تاڭشەن «6898»نى تېرىپ، ھەر موسىدىن 442.8 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىپ، كېيىنكى يىلى ئاراسوقچاق شال «129»نى كىرگۈزۈپ تېرىپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەر موسىدىن 628.5 كىلوگرام شال ئېلىپ، بىر يىلدا ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 1071.4 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. پەن - تېخنىكا ئائىلىسى ئېلى قۇربانمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل قوللىنىپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 1085 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي بىلەن بالدۇر پىشىدىغان كۆممىقوناقنى كىرگۈزۈپ تېرىپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى بىر تۈپتىن ئاشۇرغانلار كۆپ، بۇ ناھىيە بويىچە 616 مىڭ مو ئاشلىق يېرىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى — 144.3 كىلوگرامدىن 6 ھەسسە ئارتۇق. ئۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارمۇ ئاشلىق ھوسۇلىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، كەنتتىكى 200 مو شالنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 600 كىلوگرامغا يەتتى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش كەسپىي ئائىلىسى 2979غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شال ئۇرۇقى كەسپىي ئائىلىسى 115، بۇغداي ئۇرۇقى كەسپىي ئائىلىسى 150، چېكىت كەسپىي ئائىلىسى 2714. 1985 - يىلى بۇنداق ئائىلىلەر 4130غا يېتىپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 6.4%نى ئىگىلىدى، ئۇلار ئىچىدە بۇغداي كەسپىي ئائىلىسى 698، كېۋەز كەسپىي ئائىلىسى 3414، كۆممىقوناق كەسپىي ئائىلىسى 8، شال كەسپىي ئائىلىسى 30، ئۇلار 58 مىڭ 164 مو يەر تېرىپ، بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 356.5 كىلوگرامغا، كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 127.5 كىلوگرامغا يەتكۈزدى.

1987 - يىلى ناھىيە بويىچە 127 قارار پەن - تېخنىكا كۇرسى ئېچىلدى، كۇرستا ئۆگەنگەنلەر 6221 ئادەم (قېتىم)غا يېتىپ، 1986 - يىلدىكىدىن 22% كۆپەيدى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 30 مىڭ پارچە ماتېرىيال تارقىتىلدى. پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 4 مىليون 674 مىڭ 743 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 263 يۈەن ئاشتى. ۋىلايەتلىك ياش - ئۆسمۈر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ 3 - ئايدىكى 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا 5 ۋەكىل قاتناشتۇرۇلدى؛ ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك ياشلار، ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە 5 - ئاينىڭ 29- كۈنى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ 40 خىل، 47 دانە (پارچە) «كىچىك كەشپىيات»، «كىچىك ئىجادىيەت» نۇسخا ۋە مودېلىنى قاتناشتۇردى، ئۇلاردىن بىرى 1 - دەرىجىلىك، 3ى 2 - دەرىجىلىك، 4ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 2 ئەسەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆرگەزمىگە تاللاندى.

1989 - يىلى يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار جەمئىيەت بولۇپ باھالاندى، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بۇ يېزىدا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «قەشقەر كوناشەھەر پەن - تېخنىكىسى» ناملىق پەسىللىك ژۇرنال چىقىرىپ، دېھقانلارغا ھەقسىز بېرىپ تۇردى، «يوپۇرماق گۆھىرى»، «پۈركۈش گۆھىرى» قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى.

1990 - يىلى «قىشلىق پەن - تېخنىكا تەربىيىسى» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 2 قارار كۇرس ئېچىلدى،

ئۇلارغا ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار ۋە يېزا دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قاتناشتى، بۇ كۇرسلاردا 138 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. سىستېمىلار بويىچىمۇ 4 قارار كۇرس ئېچىلىپ 282 كىشى تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە يېزا دەرىجىلىك كۇرستىن 58 قارار ئېچىلىپ، 3633 كىشى تەربىيىلەندى، كەنت دەرىجىلىك كۇرستىن 255 قارار ئېچىلىپ، 28 مىڭ 828 ئادەم قېتىم تەربىيىلەندى.

## 3 § . پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى

### 1. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئەۋج ئېلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. 1966 — 1985 - يىلغا قەدەر 68 تۈر، 125 ئادەم (قېتىم) پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇلار ئىچىدە 9 تۈر 1 - دەرىجىلىك، 22 تۈر 2 - دەرىجىلىك، 25 تۈر 3 - دەرىجىلىك، 2 تۈر 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 2 تۈر دۆلەت پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا، 9 تۈر ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا، 8 تۈر ۋىلايەت پەن -تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا، 98 تۈر ناھىيە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1986 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 2 پەن -تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن -تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1988 - يىلى ئورۇندالغان 6 پەن - تېخنىكا تەتقىقات تۈرى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1988 - يىلى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر ناھىيە بويىچە 75كە يەتتى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە مىنىستىرلىك، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر**

مەدەنىيەت: 2 — 1 - جەدۋەل

| مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر | مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇن ۋە ئاساسلىق تەتقىقاتچىلار | مۇكاپاتقا ئېرىش- كەن ۋاقتى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|
| ئامىنىڭ يېقىلغۇ ئورنىنى بەرپا قىلىش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش | دېھقانچىلىق ئىدارىسى: لىۋ دېەنجېن | 1983 | مىنىستىرلىك بويىچە 2 - دەرىجىلىك |
| قەشقەر كوناشەھەر «83 — 1» ئوتۇن تېجەش ئوچىقى | دېھقانچىلىق ئىدارىسى: ئاڭ يۈيۈەن | 1989.7 | مىنىستىرلىك بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى: جاڭ شىڭشۇ | 1984 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي يېتىشتۇ- رۇش تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى: لى يۈمىن | 1983 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| بېشىل ئوغۇت تېرىشنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى: جاڭ شىڭشۇ، شۇ جياشياڭ | 1984 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| كېۋەزدىن كىچىك كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈلگە كۆرسىتىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى: جاڭ شىڭشۇ | 1984 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| بۇغدايدىن كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈلگە كۆرسىتىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى: لى يۈمىن، ئاڭ يۈيۈەن | 1983 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شالدىن كىچىك كۆلەمدە يۇقىرى موسۇل ئېلىشتىن ئۈلگە كۆرستىش | ئۇرۇقچىلىق شىركىتى: تالىپ يۈيۈەن | 1983 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| بۇغدايدىن كىچىك كۆلەمدە يۇقىرى موسۇل ئېلىشتىن ئۈلگە كۆرستىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى: ئىبراھىم، نىزامىدىن | 1983 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| شالنى كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇللۇق قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئۈلگە كۆرستىش | تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش گۇرۇپپىسى: تالىپ يۈيۈەن | 1983 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 2 - قېتىم تۇپراق تەكشۈرۈش نەتىجىسى | رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى: لى يۈمىن، شاۋ زېتالىڭ، يالڭ شۈپىڭ، ۋاڭ شۈكەن | 1982 | ش ئۇ ئا ر بويىچە 1 - دەرىجىلىك |
| بۇغداي يېتىشتۈرۈش تەدبىرلىرىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى: لى يۈمىن | 1984 | ۋىلايەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| شالنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات | ئۇرۇقچىلىق شىركىتى: تالىپ يۈيۈەن | 1983 | ۋىلايەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك |
| ياغاچى دەۋرىيلىك ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش ۋە تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات | رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى: جياڭ يۈگجۇڭ | 1983 | ۋىلايەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| چىلان بايلىقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش | ئورمانچىلىق بۆلۈمى: ۋاڭ زېكاڭ | 1983 | ۋىلايەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك |
| جىغان بايلىقىنى تەكشۈرۈش | ئورمانچىلىق ئىدارىسى: ئەخمەت ئىسمايىل | 1985 | ۋىلايەت بويىچە 4 - دەرىجىلىك |
| چىلاننى ئۇلاش تېخنىكىسى | ئورمانچىلىق ئىدارىسى: گۇ رۇجىن | 1985 | ۋىلايەت بويىچە 4 - دەرىجىلىك |
| سۇلياۋ يوپۇق بېيىتىپ تاش ئۆستەڭ ياساش | سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسى: يۇ ۋېنجاۋ | 1983 | ۋىلايەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك |
| كىچىك ئوقلۇق تۇربىنانى سۈزۈك سۇ بىلەن سىلىقلاش | سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسى: يۈسۈپ سەلەي | 1983 | ۋىلايەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك |

## 2. قىسمەن پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش

### 1) دېھقانچىلىق ساھەسىدىكىلەر

**(1) بۇغداي، ئارپا ۋە ئاقئوناق قاتارلىق زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان قاراكۆيە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش** 1976 - يىلى زەمىن قاتارلىق يېزىلاردىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەردە بەتبۇي قارا كۆيە كېسەلى كۆرۈلۈش نىسبىتىنىڭ 3%تىن 20.5%كىچە، ئاقئوناقتا قاتتىق قارا كۆيە كېسەلى كۆرۈلۈش نىسبىتىنىڭ 7.3%تىن 15.4%كىچە، ئارپىدا قاتتىق قاراكۆيە كېسەلى كۆرۈلۈش نىسبىتىنىڭ 2.1%تىن 5.4%كىچە بولغانلىقى بايقالدى. تېخنىكلار، يېزا رەھبەرلىرى ۋە دېھقان تېخنىكلار بىرلىشىپ نۇقتىدىن باشلاپ دائىرىگىچە ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىپ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتكەندىن كېيىن، 1978 - يىلى بۇغداي بەتبۇي قاراكۆيە كېسەلى قايتا بايقالمىدى، ئاقئوناقتا قاتتىق قاراكۆيە كېسەلى ئازىيىپ 0.1%تىنمۇ چۈشتى.

**(2) شالنىڭ ئېسىل سورتى — ئارا سوقىچاق شال «129»نى كېڭەيتىش** بۇ سورت 1964 - يىلى ساجىگىزدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، 2 يىل سىلىشتۇرۇپ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇقلۇق

خۇسۇسىيىتى ياخشىكەن دەپ قارىلىپ، كېڭەيتىش قارار قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بۇ ئىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1977 - يىلى پاكلاشتۇرۇش - يېڭىلاش ئارقىلىق زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. 1982 - يىلى تېرىلغان كۆلەم 12 مىڭ موغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە شال كۆلىمىنىڭ 3 تىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى، ئادەتتىكىچە بىرلىك ھوسۇل 400 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇل 650 كىلوگرامغا يېتىپ، يەرلىك سورتىنىڭكىدىن %11 — %13 ئاشتى، گۈرۈچ چىقىش نىسبىتى %10 ئۆستى، بۇ سورت ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولغاچقا ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(3) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقىنى 2 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش تەكشۈرۈش 1981 - يىل 3 - ئايدا باشلىنىپ، 1982 - يىل 3 - ئايدا ئاياغلاشتى. تەكشۈرۈشتە مۇنداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: بىرىنچى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى؛ ئىككىنچى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۇپراق تىپلىرى، تارقىلىش قانۇنىيىتى، كۆلىمى ۋە ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، ناھىيىنىڭ تۇپراق خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى؛ ئۈچىنچى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تۇپراق قۇۋۋىتى ئەھۋالى ئېنىقلىنىپ، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلار، ئازوت، شورسىز ئازوت، ئۈنۈملۈك فوسفور قاتارلىق قۇۋۋەت تەركىبلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى؛ تۆتىنچى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ھالەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەم زىرائەت ھوسۇلىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ كېلىۋاتقان توسالغۇ ئامىللار ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، ياخشىلاپ پايدىلىنىش نىشانى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تۇپراقنى ياخشىلاش - پايدىلىنىش بويىچە رايونلار خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى. بۇلار دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

(4) بۇغدايىنىڭ ئېسىل سورتى — تاغشەن «6898»نى كېڭەيتىش بۇ سورت 1979 - يىلى كەلتۈرۈلۈپ تېرىپ كۆرۈلدى، 1980 - يىلى كېڭەيتىلدى. 1983 - يىلى 200 مىڭ مو تېرىلدى، بىرلىك ھوسۇلى 208 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇغدايىنىڭ ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 143.5 كىلوگرامدىن 64.5 كىلوگرام، %44.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇل 531.5 كىلوگرامغا يەتتى. سايباغ يېزىسىنىڭ پىلال كەنتىدە 202 مو مول ھوسۇللۇق ئېتىزغا تېرىلىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇل 345.8 كىلوگرامغا يەتتى، ئېگىزىغا كۆممىقوناقنىڭ ئېسىل سورتى — «ۋۇخەن يەككە شالغۇت چىلگە كۆممىسى» 70 مو تېرىلىپ، ھەر موسىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 258.5 كىلوگرام كۆممىقوناق ئېلىندى، بۇغداي بىلەن كۆممىقوناقنى قوشقاندا ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇل 604.3 كىلوگرامغا يەتتى.

(5) مۇۋاپىق ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ناھىيىنىڭ تۇپرىقىدا فوسفور كەمچىل، ئازوت ئاز، كالىي ئارتۇق بولغاچقا، ئۈنۈمسىز يەرنى ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەنلا ئوغۇتلاش فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەنلا ئوغۇتلىغانغا يەتمەيتتى، بولۇق يەرنى فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەنلا ئوغۇتلاشمۇ ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەنلا ئوغۇتلىغاندىكىدەك ياخشى بولمايتتى. تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنى سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىش ئارقىلىق: ئىلگىرى بېرىلىپ كەلگەن ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇت نىسبىتى 1:10 ناھىيىنىڭ تۇپرىقىغا ماس كەلمىگەن، شۇڭا ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 98 كىلوگرام ئەتراپىدا توختاپ قالغان دەپ قارالدى. 1977 — 1980 - يىلغا قەدەر ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ بېرىلىش نىسبىتى 1:3.5 — 1:2.6گە تەڭشەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىك ھوسۇل 116.5 كىلوگرامغا چىقتى. 1982 - يىلدىن كېيىن يەنە 1:1.5 — 1:1گە تەڭشەلدى، ئوغۇتلارنى تەڭشەپ ئىشلىتىش جەھەتتە ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇش ھەم مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، ئاساسىي ئوغۇتقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇرۇقنى ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشنى كۈچەيتىش، ۋاقتىدا

قوشۇمچە ئوغۇتلاش تەكىتلەندى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 144.5 كىلوگرامغا يەتتى.

(6) كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش 1982 - يىلى شۇنداق تېرىپ كۆرۈلگەندە ساپ پاختا بويىچە ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇل 102 كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇل 75.4 كىلوگرامغا يەتتى. 1983 - يىلى 1485 موغا كېڭەيتىلدى، بىرلىك ھوسۇل 81.5 كىلوگرام (ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇل 151 كىلوگرام) غا يېتىپ، ناھىيە بويىچە كېۋەزنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 33 كىلوگرامدىن 1.72 ھەسسە يۇقىرى بولدى. تەجرىبە ئۆتكىنىدىن كېيىن 200 مو مول ھوسۇللۇق ئېتىزغا تېرىلىۋىدى، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇل 107 كىلوگرامغا يەتتى.

(7) شالدىن مول ھوسۇل ئېلىش تەجرىبىسى شال تېرىلىدىغان پاختەكلە يېزىسىدا 1982 - يىلى 11 مىڭ 938 مو شال تېرىلىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇل 363 كىلوگرام بولغانىدى، 1983 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق نازارىتى چۈشۈرگەن ۋەزىپىگە ئاساسەن، 50 مو مول ھوسۇللۇق ئېتىزغا تېرىپ، ھەر مودىن 800 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىش سىناق قىلىندى. ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق تارمىقى ئۆيۈشتۇرغان تېخنىكا مەسلىھەتچىلىرىنى ھەل قىلىش گۇرۇپپىسى يۇقارقى پاختەكلە كەنتىدە «ساجىگىزى شالغوت شېلى — 5» نى تېرىپ سىناق قىلدى، ئۇلار مايسىسىنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ يېتىشتۈرۈۋالدى، ئېتىزلارنى قۇرۇتۇپ ئەمەس مۆل يېتى تۈزلەپ، پاتقاققا مايسا كۆچۈردى، ئاساسىي ئوغۇتقا ئەھمىيەت بەردى، قوشۇمچە ئوغۇتلاش بىلەن مۇۋاپىق سۇغىرىش، ۋاقتىدا ئوتاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى بىرلەشتۈردى. نەتىجىدە 50.5 مو شالنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلىنى 804 كىلوگرامغا، بۇنىڭ ئىچىدە 2.1مو شالنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلىنى 990.1 كىلوگرامغا يەتكۈزدى.

(8) يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال رايونلارغا ئايرىش 1982 - يىلى ئۆپراقنى 2 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ناھىيىنىڭ تۇپراق بىئولوگىيىسى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى، باغۋەنچىلىك، مېتېئورولوگىيە ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ئوخشاش مۇھىم تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ تىپى، مىقدارى، سۈپىتى، تارقىلىشى ۋە پايدىلىنىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلدى؛ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تېخنىكا شارائىتلىرىغا خېلى توغرا باھا بېرىلدى؛ ناھىيىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، يۇشۇرۇن كۈچى، توسالغۇ ئامىللار ۋە تەرەققىيات نىشانى، يولى، تەدبىرلىرى توغرىسىدا خېلى ئەمەلىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پۈتۈن ناھىيە 6 ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايرىلدى، قەشقەر ۋىلايىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا مۇئەييەنلەشتۈردى، ئەمەلىي خىزمەتلەردە قوللىنىشقا باشلىدى.

(9) ئوتتۇن تېجەيدىغان «83 — 1» تېپلىق قوش ئوچاقنى كېڭەيتىش ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت 1983 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا ئوچاقنى ئوتتۇن تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى قىلدى. ماھىر ئۇستا تۇرسۇن ئېلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇن تېجەيدىغان «83 — 1» تېپلىق قوش ئوچىقىنى ئىجاد قىلدى، بۇ ئوچاق ئامىنىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى يىغىنىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. باھالاپ بېكىتىش ۋە 2 يېرىم يىل ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق 1985 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 92%ى ئوتتۇن تېجەش ئوچىقى سالدى، بۇ ئوچاقلارنىڭ پايدىلىنىلىش نىسبىتى 98%كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 95%كە يەتتى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىدا ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىقلا ناھىيە بويىچە بىر يىلدا 31 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئوتتۇن تېجىگىلى بولىدىكەن، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 3 مىليون 150 مىڭ يۇەنگە

يېتىدۇ.

**(10) خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى تەڭشەپ ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش** دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئوخشىمىغان تۇپراق ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا قاراپ، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنى تەڭشەپ ئىشلىتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتتى. مۇشۇ لايىھە بويىچە 125 مىڭ مو بۇغداي، 50 مىڭ مو كېۋەز، 10 مىڭ مو شال ئوغۇتلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشتى. شۇنىڭدەك تەجرىبە قىلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق تەڭشەشكە دائىر سانلىق ئاساسلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خىمىيىۋى ئوغۇتلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ تۈرلۈك جەھەتلەردىن ئۆستۈرۈلدى.

**(11) يېشىل ئوغۇت تېرىشنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدىكى تەتقىقات** بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ يۇقارقى لەڭگەر كەنتى كۆن نۇرى، ئىسسىقلىق، سۇ، تۇپراق قاتارلىق بايلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوت - چۆپ بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ، يېشىل ئوغۇتنى كۆپەيتىپ، ئېتىزنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ، ئۆزىنى قوۋۋەتلەپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. كەنت بويىچە تېرىلغان ھەرخىل يېشىل ئوغۇت 1372 موغا يېتىپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 54.3%نى ئىگىلىدى، بېدىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 2000 — 2500 كىلوگىرامغا، ماشنىڭ 1250 كىلوگىرام چامىسىغا يېتىپ، ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلى 288 كىلوگىرامغا يېتىپ، باشقا ئېتىزلارنىڭكىدىن 32.1% يۇقىرى بولدى.

## 2) ئورمانچىلىق ساھەسىدىكىلەر

**(1) يېقىلغۇ ئورمىنى بەرپا قىلىش تەجرىبىسى** بۇ ناھىيە 1978 - يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ يېقىلغۇ ئورمىنى بەرپا قىلىش تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، 70 - يىللارنىڭ بېشىدا ھەر خىل يەر تېپىگە قاراپ، ھەرخىل بەرپا قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ، يېقىلغۇ ئورمىنى بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە مال بېقىش، ھازىر ئېيتىلىۋاتقان «قوش قەۋەتلىك ئوتلاق» بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، ماشىنا بىلەن كەڭ كۆلەمدە يەر تۈزلەش، ئېرىق چېپىش بىلەن تىكىپ بەرپا قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، 162 مىڭ مو ئورمان بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى.

**(2) پىستە يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسى** پىستىنىڭ قۇرغاق قۇملۇقتا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، 50 - يىللاردا مەملىكەت بويىچە مۇشۇ ناھىيىدىلا ئاز - تولا ساقلىنىپ قالغانىدى. ھەم ئاز ئۇچرايدىغان، ھەم قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى ۋە ياغ چىقىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك بولغان بۇ دەرەخ كەم ئۇچرايدىغان دەرەخ تۈرىگە كىرەتتى. پىلانلىق ھالدا پىستەزارلىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن، 1980 - يىلدىن باشلاپ پىستە كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش سىنىقى ۋە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. كۆچۈرۈش ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن، كۆچىتىنى قاچىدا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 1983 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 3000 تۈپتىن ئارتۇق پىستە كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى، 13 مو يەرگە كۆچۈرۈلۈپ، پىستەزارلىق بەرپا قىلىندى. ئۈستىدىن ئۇلاش، ئاتلىق تۈپلەرنى ئۆزگەرتىش، ئاتلىق تۈپلەرنى كۆپەيتىشتەك يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

**(3) پىندىق ياڭاقنىڭ كۆچىتىنى كەلتۈرۈپ تىكىش تەجرىبىسى** پىندىق ياڭاق ياغ چىقىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆمرى ئۇزۇن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى، ئېتىز چۆرىسى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا تىكىشكە باب كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىھاتە ئورمىنى ئورنىدا پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ. تېز يېتىلىدۇ، بالدۇر بولاقتا كىرىدۇ. 1978 - يىلى كەلتۈرۈپ تىكىپ كۆرۈلگەندە ئۆسۈشى ياخشى بولۇپ، ناھىيىگە باب كەلدى، ئۇنى كۈزدە تېرىشقىمۇ، ئەتىيازدا تېرىشقىمۇ بولىدۇ؛ كۈزدە تېرىلغىنى ئۇرۇقنى بىر

تەرەپ قىلغاندەك بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى چۈنەك تارتىپ تېرىغاندىن كېيىن سۇغىرىپ قويۇلسا، كېيىنكى يىلى ئۈنىدۇ. ئەتىيازدا تېرىلغىنى 3 - ئاينىڭ بېشىدا 50℃لۇق ئىسسىق سۇغا 3 كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن قۇم ئارىلاشتۇرۇپ 20 — 25 كۈن دۈملەپ قويۇلغاندىن كېيىن بىخ سۇرىدۇ، ئاندىن تىكىپ قويۇلسا، 2 يىلدا كۆچەت كۆچۈرۈشكە يارايدۇ.

## 3) چارۋىچىلىق ساھەسىدىكىلەر

(1) ئاقسىل كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىش ئەتىقاتى ئاقسىل كېسىلى 1939 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا كۆرۈلگەن، ئەڭ ئېغىر كۆرۈلگەن جاي بۇلاقسۇ يېزىسى بولۇپ، ھەر قېتىم كۆرۈلگەندە بۇ يەر كۆرۈلۈش مەنبەسى بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ 1962 - يىلى كۆرۈلۈش نىسبىتى %81كە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ناھايىتى زور تەسىر يەتكۈزدى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مال دوختۇرلۇق باش پونكىتى بۇخىل ئاقسىل كېسىلىنى AO تىپلىق دەپ بېكىتتى، ئىلگىرى ئۇرۇلغان ۋاكسىنىلارنىڭ ھەممىسى O تىپلىق ئىدى. شۇندىن تارتىپ ھەريىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە ناھىيىدىكى كالا، قوي، ئۆچكە ۋە تۆگىلەرگە بىر قېتىمدىن AO تىپلىق ۋاكسىنا ئۇرۇپ تۇرۇلدى، كېسەل كۆرۈلگەن جاي قاتتىق قامال قىلىنىپ، كېسەل ماللار توپتىن ئايرىۋېتىلىپ، كېسەلگە قاراپ داۋا قىلىندى. 4 يىل تىرىشىش ئارقىلىق 1966 - يىلغا كەلگەندە كۆرۈلمەس بولدى. 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مال دوختۇرلىرى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرىدىن ساقلىنىش باش پونكىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ۋاكسىنا ئۇرۇش توختاتتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(2) كالىنىڭ بابېزىللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈگىتىش جەھەتتىكى نەتىجە كالىنىڭ بابېزىللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈگىتىشتە ئاساسەن كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سالجا تېز تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەم %3 «666» پاراشوكى بىلەن %2 دىقتېرىكس ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان دورا سۈيۈقلۇقىنى ئېغىل - قوتانلارغا، كالىلارنىڭ ئۈستى - بېشىغا چېچىش ئارقىلىق سالجىلار يوقىتىلدى، ھەر كىلوگرام تەن ئېغىرلىقىغا 4 — 7 مىللىگرامدىن توغرىلاپ مۇسكۇلغا بېرېنىل ئۇرۇش ئارقىلىق قاندىكى بابېزىيە قۇرتى ئۆلتۈرۈلدى، %5لىك گىلوگوزا ئۇرۇلۇپ، كالىلارنىڭ تېنى كۈچلەندۈرۈلدى، ئاشقازىنى قولدا تۈز بېرىش ئارقىلىق ياخشىلاندى. 1979 - يىل 6 - ئايدا پاختەكلە، ئوغۇساق يېزىلىرىغا باشقا جايلاردىن 184 ئىنەك كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغانىدى. كېسەل ئالامەتلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانماي تۇرۇپ، پېنىسىلىن ئۇرۇش ئارقىلىق داۋالانغاچقا 18 كالا ئۆلۈپ كەتتى. ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى بۇ كېسەلنىڭ كالىنىڭ بابېزىللىيوز كېسىلى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، دەرھال يۇقىرىقىدەك داۋالاش تەدبىرىنى قوللانغاندىن كېيىن كالىلار ناھايىتى تېز ساقىيىپ كەتتى.

(3) كالىلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش كالىلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ھازىرقى دۇنياۋى ئىلغار تېخنىكا، مەملىكىتىمىزدە بۇ تېخنىكا 1978 - يىلدىن باشلاپ قوللىنىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇ تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىش 1981 - يىلى باشلاندى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى شۇ يىلى 50 تېخنىك تەربىيىلىدى ھەم نۇقتىدا سىناق باشلىنىپ، 150 كالا ئۇرۇقلاندۇرۇپ كۆرۈلدى، ئۇلارنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى %68كە يەتتى. 1982 - يىلى 4 سىناق نۇقتىسىدا 1300 كالا ئۇرۇقلاندۇرۇلغاندا بوغاز بولۇش نىسبىتى %66 بولدى. 1983 - يىلى 12 سىناق نۇقتىسىدا 1450 كالا ئۇرۇقلاندۇرۇلغاندا، 1003 كالا بوغاز بولۇپ، بوغاز بولۇش نىسبىتى %69 بولدى. پاختەكلە يېزىسىدا 1983 - يىلى 200 كالا ئۇرۇقلاندۇرۇلغانىدى، 164 ى بوغاز بولۇپ، بوغاز بولۇش نىسبىتى %82كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل مېتىس موزايدىن 750ى تۇغۇلدى.

## 4) باغۋەنچىلىك ساھەسىدىكىلەر

(1) تاۋۇزنىڭ ئېسىل سورتىنى كېڭەيتىش تاۋۇزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1974 - يىلى «سوۋېت ئىتتىپاقى - 3» بىلەن بالدۇر چېچەكلەيدىغان تاۋۇز سورتى كىرگۈزۈلدى. 5 يىل

تېرىش ۋە كۆزىتىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھەرمو يەردە 900 — 1000 تۈپ تاۋۇز مايسىسى ساقلاپ قېلىنغاندا ھەرمونىڭ ھوسۇلى 2.5 — 3 توننىغا يەتتى، كىرىمى 400 — 1000 يۈەنگە يېتىپ، يەرلىك سورتنىڭ كىرىمىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، بازار ۋە تاۋۇزچى دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ سورتلار 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلدى، بولۇپمۇ بالدۇر چېچەكلەيدىغان تاۋۇز سورتى بالدۇر يېتىلىپ، بالدۇر پىشىدىغانلىقى، تەمى تاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىر بۇ ناھىيىدىكى ئېكىنزارغا تېرىلىدىغان ئاساسلىق تاۋۇز سورتىغا ئايلىنىپ، يەرلىك تاۋۇز سورتىنىڭ ئورنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**(2) ئۆرۈكنى تۆپىدىن ئۇلاش تېخنىكىسى** بۇ ناھىيىدە ئۆرۈك ئىلگىرى كۆپىنچە ئۆرۈكتىن ئۈندۈرۈش ئارقىلىق كۆپەيتىلەتتى، بۇنداق ئۆرۈكنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار بولاتتى. تۆپىدىن ئۇلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغاندىمۇ تولاراق ئۇلاقتا لاي سۈركەپ قويۇلاتتى. ھاۋا قۇرغاق بولۇپ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ بولغاچقا، سۇ تەركىبى كۆپ تارقىلىپ كېتىپ، ئۇتۇش نىسبىتى تۆۋەن بولاتتى. 1978 - يىلى پەن - تېخنىكا كادىرلىرى سايباغ يېزىسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋە تۆۋەن مەنگەن كەنتى قاتارلىق جايلاردا سۇلياۋنىڭ نەملىكنى ساقلاش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سۇلياۋ خالتا كەيدۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى بىلەن لاي سۈركەش كونا ئۇسۇلىنى تەڭ قوللىنىپ، سېلىشتۇرۇپ سىناپ باقتى. 8 - ئايدا تەكشۈرگەندە سۇلياۋ خالتا كەيدۈرۈلگەنلىرىنىڭ ئۇتۇش نىسبىتى %92.5، لاي سۈركەلگەنلىرىنىڭ %54.5 بولۇپ چىقتى؛ سۇلياۋ خالتا كەيدۈرۈلگەنلىرى 160 سانتىمېتىر، لاي سۈركەلگەنلىرى 121 سانتىمېتىر ئۆستى. بۇ تېخنىكا 3 - دەرىجىلىك تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 5) سۇ - ئېلېكتر ساھەسىدىكىلەر

**(1) سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تاش ئۆستەڭ ياساش تەتقىقاتى** تاش سۇنىڭ قاشنى چېقىپ كېتىشىنى توسىدۇ، سۇلياۋ يوپۇق سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ، تاش بىلەن سۇلياۋ يوپۇق ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى سۇ چاقماس، سۇ سىرغىماس قىلىشتا ئىشلىتىلسە بولىدۇ، ماتېرىيال مەنبەسى كەڭ، نەرقى ئەرزان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى. سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىدىكى يۇ ۋېنچاۋ قاتارلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى سىناقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 23.2 كىلومېتىر سۇ سىغىمى ئۆستەڭ ياسالدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى تەخمىنەن 15 مىليون 936 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تېجىلىپ، 280 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئارتۇق چىقىرىلىپ، 440 مىڭ يۈەن كۆپ كىرىم قىلىندى، 20 مىڭ مو بۇغدايىنى كۆپ سۇغارغىلى بولىدىغان بولدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ۋىلايەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**(2) كىچىك ئوقلۇق تۇربىنانى سۈزۈك سۇ بىلەن سىلىقلاش قۇرۇلمىسىنى لايىھەلەش ۋە ياساش** سايباغ يېزىسىدىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى يورۇشلەشتۈرۈلمىگەچكە، لاي - لاتقا ئاققۇزۇۋېتىش مۇئەسسەسى بولمىغاچقا، تۇربىناغا لاي - لاتقا كىرىپ كېتىپ، تۇربىنانىڭ كاسېپىشى بىلەن ئوقى ئاسانلا ئۇپراپ كېتەتتى - دە، ھەر 3 — 5 ئايدا بىر قېتىم رېمونت قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىپ، زور ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلۈپ تۇراتتى. تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق تۇربىنا ئوقىنىڭ ئۈستىدىكى توسۇش تاختىسى ۋە تۇربىنا چوققىسىدىكى سۈزۈش تورى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئالدى كۆلچەك يېنىغا سۇ سۈزۈلدۈرۈش كۆلچىكىدىن 2 سى ياسالدى، ئوق بىلەن كاھىش تۇرۇبا بىلەن قاپلاندى، ئوققا قاپلانغان تۇرۇبىغا شىلانكا بىلەن بىۋاسىتە سۇ قويۇلغاندا، سۇ قايلىما تۇرۇبا بىلەن ئېقىپ، كاھىش بىلەن ئوق ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن لاي سۇ بىلەن سىلىقلاش سۈزۈك سۇ بىلەن سىلىقلاشقا ئۆزگىرىپ، سۇ تۇربىناسىنىڭ چوڭ رېمونت قىلىنىش ۋاقتى 3 ھەسسىدىن 6 ھەسسىگىچە ئۇزاردى، ئىلگىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى چىقىمى بىلەن بالانس بولىدىغان بولسا، ھازىر يىلىغا 5000 — 6000 يۈەن ئېشىنىدىغان بولدى. بۇ نەتىجە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### 6) سەھىيە ساھەسىدىكىلەر

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، تاشقى كېسەللەر ۋراچى چېن شياۋلۇڭ يەكەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى دىڭ يۈگەن بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئوڭ تاغاق بىلەن يۇقىرىقى بىلەك ئارىلىقىدا ئۆسكەن ئۆسمىنى ئېلىۋېتىپ، يىراق ئۆچ مۈچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلىدى، بۇ نەتىجە 1980 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى بارات ئاخۇننىڭ «يانپاش ئۇچەي قارنى نېكروزلىنىشتىن شۇك بولۇپ قالغان كېسەلنى داۋالاش تەسىراتىم» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 1983 - يىلى 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرى ليۇ شيۇخۇەننىڭ «كاسالپىنىيە دورىسى بىلەن يەلنى توسۇپ، جىددىي خاراكتېرلىك بەل تولغىنىشنى داۋالاش تەسىراتىم» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 1983 - يىلى ناھىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 4 §. پەن - تېخنىكا قوشۇنى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ ناھىيىدە پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان بىر قىسىم پەن - تېخنىكا خادىملىرى تەقسىمات بويىچە كەينى - كەينىدىن كەلگىلى تۇردى. 1959 - يىلى تېببىي خادىم 29غا، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى 9غا يەتتى. 1960 - يىلدىن باشلاپ پەن - تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1980 - يىلى پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاش باشلاندى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ھەرخىل پەن - تېخنىكا خادىمى 2591گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 308، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 2283، ئىنژېنېردىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا خادىمى 23.

1986 - يىلى پەن - تېخنىكا خادىمى 2459، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانلىقلار 22، 1987 - يىلى پەن - تېخنىكا خادىمى 481، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېردىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا خادىمى 31. 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانلىق تېخنىك 492، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىق تېخنىك 4. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى 10. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 576، ئوتتۇرا، ئالىي ئۇنۋانلىقى 11.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە 1985 - يىلدىكى ئىنژېنېردىن يۇقىرى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى

مەدەنىيەت: 2 — 2 - جەدۋەل

| ئىسمى | جىنسى | مىللىتى | ئۇنۋانى | خىزمەت ئورنى | ھازىرقى ۋەزىپىسى | پۈتتۈرگەن مەكتىپى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇ ۋېنچاۋ | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | ۋۇخەن سۇ - ئېلېكتر ئىنستىتۇتى |
| چېڭ گۇاڭجۇن | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | ۋۇخەن سۇ - ئېلېكتر ئىنستىتۇتى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لى گوىيۇ | ئايال | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | شەنشى سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى |
| لو جىجۇەن | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | شەرقىي جۇڭگو سۇچىلىق مەكتىپىنىڭ سىرتتىن ئوقۇش ئۇنىۋېرسىتېتى |
| مەمتىمىن ماموت | ئەر | ئۇيغۇر | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | بۆلۈمچە باشلىقى | قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى |
| سىدىق ھاموت | ئەر | ئۇيغۇر | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى | بۆلۈمچە باشلىقى | قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى |
| شاۋ زېتاڭ | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | جياڭسۇ نەنتۇڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى |
| لى ۋېنمىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | لەنجۇ غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى (ئالىي تېخنىكوم) |
| ليۇدىيەنچېن | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | مۇئاۋىن ھاكىم | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| ۋاڭ زېكاڭ | ئەر | خەنزۇ | ياردەمچى تەتقىقاتچى | ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | كادىر | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| ۋۇ جۇڭلۇ | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| نۇر روزى | ئەر | ئۇيغۇر | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| قېيۇم ھەسەن | ئەر | ئۇيغۇر | مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى | ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | شىنجاڭ ئىنستىتۇتى |
| ئەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | مەسئۇل مال دوختۇر | ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | شىنجاڭ ئىنستىتۇتى |
| چى خۇڭرۇي | ئەر | خەنزۇ | مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى | ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | لەنجۇ غەربىي شىمال چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىنستىتۇتى |
| ليۇ يۈسەن | ئەر | خەنزۇ | ئاگرونوم | ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى | بۆلۈم باشلىقى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| ھاپىز ماموت | ئەر | ئۇيغۇر | ئاگرانوم | ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | مەيدان باشلىقى | قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى |
| لى فاڭ | ئايال | جۇاڭزۇ | ئاگرانوم | ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى | كادىر | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تاڭ يۈيۈن | ئەر | خەنزۇ | ئاگرونوم | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| خۇاڭ گۇڭشاۋ | ئەر | خەنزۇ | ئاگرونوم | ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| جياڭ يۇڭجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | ياردەمچى تەتقىقاتچى | ناھىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى | مۇدىر | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى |
| جاڭ جۇڭشيۇ | ئايال | خەنزۇ | مەسئۇل ۋراچ | ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | شىخەن ئاكۇشېرلىق مەكتىپى |
| شارۋان | ئايال | ئۇيغۇر | مەسئۇل ۋراچ | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | دوختۇر | شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى |

# قوشۇمچە

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈلگىلىرى

1982 - يىلى پاختەكلە يېزىسى يۇقىرى پاختەكلە كەنتىدىكى دېھقان داۋۇت ھەسەن 4 . 3 مو شاللىقنى ھۆددىگە ئېلىپ، شالنىڭ ئېسىل سورتى — ئارا سوقچاق شال «129»نى تېرىدى، ئۇ مايسىنى يېتىشتۈرۈۋېلىپ كۆچۈرۈش، ۋاقتى ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرۇش، ئوغۇتلاش، ئوتاش، مۇۋاپىق كۆچۈرۈشكە ئوخشاش ئىلمىي تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن، شال ئوخشاپ مىسلىسىز ئۆستى، توق دان تۈتتى، نەتىجىدە جەمئىي 2550 كىلوگرامدىن ئارتۇق شال ئېلىپ، ئوتتۇرىچە ھەر مولۇق ھوسۇلىنى 750 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شالدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتا رېكورت ياراتتى، ئۇنىڭغا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىش ياش ئۈلگىسى دەپ نام بېرىلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيە پەن - تېخنىكا يىلى» پائالىيىتىدە ناھىيە بويىچە 3 ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى ۋىلايەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدا كۆرگەزمە ئەۋرىشكىسى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپات ئۈچۈن 3 گىلوبۇس، 3 يورۇش 24 تىپلىق ئۆسمۈرلەر ئېلېكترون تەجرىبە سايمىنى، بىر تەقدىرنامە بېرىلدى. 1985 - يىل 1 - ئايدا بۇلاقسۇ يېزىسى يۇقىرى لەڭگەر كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى توختى جۇمە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بويىچە يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ياشلار، ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە ناھىيىلىك 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «مېتال چاپلاش يېلىمى» ۋە «شالنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق كۆرگەزمە بۇيۇملىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسى

كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىبراھىم نىزامىدىنغا دۆلەت پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بېرىلدى.

«مەملىكەت بويىچە ئىلغار يېزا پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى» — يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى 1985 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى، توكچىلىق، تىككۈچىلىك، كالا ـ قوي بورداش، بېتون قۇرۇلمىلارنى ياساش، ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قاتارلىق 10 نەچچە كەسپىي تۈر بويىچە تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ، 10 مىڭ 580 ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى. ئۇلار ئۆز يېرىدە تەجرىبە قىلىپ، ئۆگەنگەن تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، يېزىدا 75 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى ۋە 92 كىلومېتىر يورۇتۇش توك زەنجىرى تارتىپ، يېزىغا 54 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى تېجەپ بەردى، 18 توكچى ۋىلايەت تارقاتقان لاياقەتنامىگە ئېرىشتى. 10 مو ئۆرۈكلۈكنى ياخشىلىدى، 5 مو قىسقا تال بەرپا قىلدى، يېزىدىكى 6000 مو باغدا مېۋە سورتلىرىنى ياخشىلىدى. بۇغدايىنىڭ ئېسىل سورتى تاڭشەن «6898»نى كەلتۈرۈپ، بۇغدايىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 472 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. 300 مو يەرگە سىناق تەرىقىسىدە بىدە تېرىپ كېيىنكى يىلى 1000 موغا كېڭەيتتى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 335 كىلوگرامغا يەتكۈزدى ھەم ھەقلىق پەن ـ تېخنىكا مەسلىھەتى بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇنىڭدىن ئېلىنغان ھەققە كۇرس ئۆچۈن پەن ـ تېخنىكىغا دائىر كىتاب ـ ژۇرنال ۋە گېزىتلەرگە مۇشتەرى بولۇپ بەردى. شۇڭا بۇ يېزىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى 1989 ـ يىلى «مەملىكەت بويىچە ئىلغار يېزا پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى» بولۇپ باھالاندى.

# III باب

# مەدەنىيەت ـ سەنئەت

تارىختا «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»، «نەغمە ـ ناۋا دېڭىزى» دەپ شۆھرەت قازانغان قەشقەردە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 10 نەچچە مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. تالاي سۇلالىلەردىن كېيىن ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. سۇلى نەغمىسى ۋە ئۇسسۇللىرى سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە چاڭئەندە مەشھۇر ئىدى. قەشقەردىن تارىختا ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى، ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يېڭى خۇيلىن ۋە خەلق سەنئەتچىلىرى سەلەي چاققان، تاشۋاي قاتارلىقلار چىققان. ھازىر دەۋر سۇرۇۋاتقان «12 مۇقام» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلار، «سەنەم» قاتارلىق ئۇسسۇللار سەنئەت گۈلزارىدىكى رەڭدار گۈللەردۇر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى خەلق سەنئەتچىلىرى ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئاممىنىڭ چىن مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت خىزمىتىدە يۈكسىلىش بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ

بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، سەنئەت ئۆمىكى، شىنخۇا كىتابخانىسى، كىنو قويۇش ئەترىتى قاتارلىق مەدەنىيەت كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. 1957 ـ يىلى كىنوخانا سېلىندى. 1972 ـ يىلى ناھىيىلىك فىلىم تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى. ھەم ھەرخىل مەدەنىيەت مۇئەسسەسلىرى كۆپەيتىلىپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مەدەنىيەت كارخانىسى ۋە كەسپىي ئورۇنلىرى 6گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 92گە يەتتى؛ 15 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 32 (بۇنىڭ 4ى شتاتلىق) گە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىغۇچى 8 (بۇنىڭ 4ى شتاتلىق) گە يەتتى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى مەدەنىيەت كارخانىسى ۋە كەسپىي ئورۇن 6 بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 114كە يەتتى، 17 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا قۇرۇلدى. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا 54 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى، كەنت مەدەنىيەت پونكىتى 175كە يەتتى.

## 1 § . مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى

**1) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى** مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى (ئۇ قىسقارتىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالدى). ئۇيۇشمىدا مالىيە، مائارىپ، تەشۋىقات، لايىھىلەش بۆلۈملىرى، بىر كاتىبات باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ھېيتگاھ دېگەن يېرىدە بولۇپ، ئۇيۇشما رەھبىرى ئىسمائىل قاسىم ئىدى. ئۇيۇشمىنىڭ خىراجىتى ئاساسەن مەسچىت مۇلۇكلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ۋە ئۆشرە ـ زاكاتلاردىن كېلەتتى. 1950 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلدى. 1952 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تارقىلىپ كەتتى.

**2) قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى** مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، (قىسقارتىپ قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالدى). ئۇيۇشمىدا مائارىپ، تەشۋىقات، تەكشۈرۈش، مالىيە بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسىدا بولۇپ، ئۇيۇشما رەھبىرى ئابدۇقادىر ئىدى. خىراجىتى ئاساسەن ئۆشرە ـ زاكات ۋە كىنو قويۇش كىرىمىدىن كېلەتتى. 50 ـ يىلى تارقىلىپ كەتتى.

**3) ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى** مىنگونىڭ 32 ـ يىلي (1943 ـ يىلى) قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

**4) قەشقەر ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى** مىنگو دەۋرىدە شەھەر ئىچىدە قەشقەر ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى قۇرۇلدى، بۇ يۇرتقا بىر باشلىق، بىر ئۆلكە مۇپەتتىشى، بىر 1 ـ دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىمى، بىر 2 ـ دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىمى، بىر بوغالتىر، بىر ئىش بېجىرگۈچى، بىر ھارۋىكەش، 2 مۇلازىم بولۇپ جەمئىي 11 كىشى قويۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى

### 1) مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى

1949 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋە بىر ئىش بېجىرگۈچى قويۇلۇپ، مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1984 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى (مۇشۇ قىسىمنىڭ I باب 1 - پاراگرافىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى).

### 2) ئىدارىگە قاراشلىق ئورۇنلار

**مەدەنىيەت يۇرتى** 1956 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلدى. 30 نەچچە يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قەدەممۇ قەدەم ياخشىلاندى. 1985 - يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قىرائەتخانا، مەدەنىي مەشغۇلات ئۆيى، بالىلار پائالىيەت مەيدانى ۋە كۇتۇپخانا قاتارلىقلار بار بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بىر مەخسۇس مۇئاۋىن باشلىق، 16 ئىشچى - خىزمەتچى قويۇلدى. يۇرت ئىچىدە گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت، قىرائەتخانا بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى. يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى 15كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 32گە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىغۇچى 8گە يەتتى.

1990 - يىلى بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، 12 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى 175، ئىشچى - خىزمەتچىسى 42، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىغۇچى 5. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قارمىقىدا سۈرەتخانا، كۇتۇپخانا تەسىس قىلىندى. 1982 - يىلى روزى ئۆمەر ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1989 - يىلى بۇ يۇرتنىڭ كۇتۇپخانىسى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كۇتۇپخانا بولۇپ باھالاندى. مەدەنىيەت يۇرتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بالىلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، 1990 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار مەدەنىيەت يۇرتى بولۇپ باھالاندى.

**سەنئەت ئۆمىكى** ئۇ خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدىغان ئۆمەك بولۇپ، 1956 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلدى، 21 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئارىلىقتا 2 قېتىم تارقىتىۋېتىلدى ياكى پائالىيىتى توختىتىپ قويۇلدى. 1985 - يىلى بىر ئۆمەك باشلىقى، 32 ئىشچى - خىزمەتچى، 1990 - يىلى بىر ئۆمەك باشلىقى، 28 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1990 - يىلى 70 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويۇپ، 35 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇنىڭ نومۇرلىرى ئاساسەن 12 مۇقامنى مەزمۇن قىلدى.

1985 - يىلى بۇ ئۆمەكتىن ئابدۇرېھىمجان ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەم 1987 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكتە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 2 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1989 - يىلى قەيسەر بىلەن مۆمىنجان ئورۇندىغان كۈلدۈرگە «دىكتورنى دوراش» قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا 3 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۆمەك ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990 - يىلى ئابدۇرېھىمجان ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە 3 - دەرىجىلىك ئۇسسۇل ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇنىڭدىن باشقا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ دەسلەپكى چاغلاردا ۋە 1965 - يىلى رايون، گۇڭشې سەنئەت ئۆمەك (ئەترەت) لىرى قۇرۇلدى. ئۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن تارقىتىۋېتىلدى.

**شىنخۇا كىتابخانىسى** 1965 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇرۇلدى، 1985 ـ يىلى 9 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى. 1988 ـ يىلى مەخسۇس كىتاب سېتىش دۇكىنى 65 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 214 مىڭ يۈەنلىك كىتاب سېتىپ، 8000 يۈەن پايدا ئالدى. 1989 ـ يىلى 566 مىڭ 271 پارچە كىتاب ساتتى، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 304 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 16 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىش كۈچى كىشى بېشىغا 0.8 يۈەندىن توغرا كەلدى، بۇ كىتابخانىنىڭ تىجارىتى ئاساسەن ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئاساس قىلدى. 1990 ـ يىلى 452 مىڭ 86 پارچە كىتاب ساتتى (بۇنىڭ 308 مىڭ 537 پارچىسى ئۇيغۇرچە)، سېتىش سوممىسى 340 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 22 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىش كۈچى كىشى بېشىغا 0.95 يۈەندىن توغرا كەلدى. كىتابخانىدا بىر دىرېكتور، 7 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى.

**كىنو ئاپپاراتلىرى** 1956 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەتتە 3 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى. شۇ يىلى كۆزدە كىنو قويۇش ئەترىتىدىن يەنە بىرى قۇرۇلۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 5كە يەتتى. 1972 ـ يىلى فىلىم تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىت 1980 ـ يىلى كىنو شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 18گە يەتتى، بۇنىڭدىن باشقا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 2 سى، يېزىلارنىڭ كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 3ى، مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 2 سى، خۇسۇسىي كىنو قويۇش كەسپىي ئائىلىسىدىن 2 سى پائالىيەت ئېلىپ باردى.

## 2 § . ئاممىۋى مەدەنىيەت

### 1. ئاممىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئاممىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە ھەم كەنتئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنلىرىدىن باشقا يەنە خەلق ئۇسسۇلى، مۇزىكا، دراما، تىكتاك، كوچا تىياتىرى، خور قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) ئوپال رايونلۇق ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 17 ساتارچى، راۋابچىدىن خەلق سازەندىلىرى گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ساز چېلىشنى ئۆگەتكەن. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) بۇ گۇرۇپپا سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇلار خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، كىچىك تىياتىر قاتارلىقلارنى ئورۇندىغان، ئۇلار ئىچىدە «غېرىپ ـ سەنەم»، «ئارشىن مال ئالال»، «باي بىلەن مالاي»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرى بار. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىغا ماسلىشىپ، «پارتىزان يولى» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئويناپ، ئاممىنى قوزغاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە تەربىيە بېرىش رولىنى ئوينىغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ سىياسىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى كۈندىن كۈنگە جانلاندى. 1950 ـ يىلى ئوپال، توققۇزاق، ئاۋات، سەمەن قاتارلىق رايونلاردا سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئەزالىرى 106 بولۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئازاد زامان»، «پارتىيە ئامرات دېھقانلارنى ئازاد قىلدى»، «قەد كۆتۈرگەن دېھقانلار» قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇندىدى. 1952 ـ يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى سىنىقىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، 12 رايوندا سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 252 ئارتىس قاتناشتى. بۇ ئۆمەكلەر «ئىنتىقام ئېلىش»، «يومبېچىكنىڭ

ئەسلى قىياپىتى»، «شىكايەت»، «زامانىمىز»، «دۈشمەنلەر پاش بولدى» ۋە «قىساس» قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇندىدى، ئۇلار ناخشا ـ ئۇسسۇل، بىر پەردىلىك دراما قاتارلىق شەكىللەر بىلەن پومېشچىك زومىگەرلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى، سۆكتى، ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. 1956 ـ يىلى كوپېراتسىيىلىشىش مەزگىلىدە «پارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. ناھىيە بازىرىدا مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا قۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت مەشغۇلاتىغا سورۇن ۋە ئۆگىنىشكە ئۆگىنىش بۇيۇمى ھازىرلاپ بەردى؛ سەييارە كىنو قويۇش، ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ، سەييارە كىنو قويدى ۋە ئويۇن كۆرسەتتى؛ يېزىلاردىكى سەنئەت ئۆمەك (گۇرۇپپا) لىرى كۆپىيىپ 33كە يەتتى. بىر مۇنچە خەلق سەنئەتچىلىرى ئۆزلىرى يېزىپ، ئۆزلىرى ئورۇنداپ، خېلى ياخشى نومۇرلارنى ئورۇندىدى. ئەھمەد مۇھەممەت، ئابدۇراخمان خۇدايار، خەنىسا توختى قاتارلىق پېشقەدەم ئارتىسلار ناخشا، تىياتىر ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق شەكىللەر بىلەن «كوللېكتىپلىشىش ياخشى»، «ئالۋاستىنىڭ ئاقىۋىتى»، «خۇراپاتلىققا لەنەت»، «باي بىلەن مالاي»، «ئۇجمە سايىسىدا»، «قىمارۋازلار بىلەن ئېلىشىش»، «ئارشىن مال ئالال» قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇنداپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1956 ـ ۋە 1957 ـ يىللىرىلا 360 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويىدى، بۇ ئويۇنلارنىڭ %13ى ئۆزلىرى تۈزگەن ئويۇنلار، كۆرگۈچىلەر 238 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) غا، ئويۇن قويۇش كىرىمى 27 مىڭ 80. 473 يۈەنگە يەتتى. 1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا يېزىلاردىكى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى 203 كە يېتىپ، ئارتىسلىرى 3000 دىن ئاشتى، ھەر يىلى 600 مەيدان (قېتىم) دىن 900 مەيدان (قېتىم) غىچە ئويۇن قويۇپ تۇردى. 3 يىلدا جەمئىي 806 مىڭ 312 ئادەم (قېتىم) ئويۇن كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامما ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن 169 مىڭ 977 پارچە ناخشا تېكىستى، 33 پارچە ھېكايە، 24 پارچە پوۋېست، 23 پارچە بىر پەردىلىك سەھنە ئەسىرى، 14 پارچە كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسىرى، 3 كىنو سىنارىيىسى، 73 مىڭ 566 كۇپلېت خەلق قوشىقى، 1231 چۆچەك توپلاندى. پارتىيە ۋە ماۋجۇشى كۈيلەنگەن قىسقا خەنزۇچە ناخشىلار، مەسىلەن: «شەرق قىزاردى»، «كەشتىلەنگەن ھەميان» قاتارلىقلارمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى 1960 — 1965 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. ناھىيە بويىچە كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى 1287گە، ئارتىس 4428گە، قويۇلغان ئويۇن 202 مىڭ 652 مەيدان (قېتىم) غا، كۆرگۈچىلەر 1 مىليون 361 مىڭ 471 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ناخشا تېكىستى، ھېكايە، ئوچېرك، سەھنە ئەسىرى قاتارلىقلاردىن 461 مىڭ 794 ى يېزىلدى ۋە توپلاندى. بۇ مەزگىلدە ناھىيە بىلەن ناھىيە، ناھىيە بىلەن رايون، رايون بىلەن رايون، رايون بىلەن يېزا، يېزا بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا سەييارە ئويۇن قويۇش كۆپەيدى، ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىشمۇ كۆپەيدى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن خەنىسا توختى، ئايشەم ياسىن، ھېلىم ئەبەيدۇللالار 1962 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ھەم بىللە سۈرەتكە چۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. 1965 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئاممىۋى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئېچىلدى، 5 كۈن داۋام قىلغان بۇ كۆرەككە ناھىيىدىكى 13 گۇڭشېدىن 260 ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارى قاتناشتى. ئۇلار 195 نومۇر ئورۇندىدى، ئۇلار ئىچىدە پارتىيە، ماۋجۇشى كۈيلەنگەن نومۇر 46؛ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن نومۇر 53؛ سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نومۇر 21؛ ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر مەدھىيىلەنگەن نومۇر 15. بۇنىڭدىن باشقا مورۇنلۇق تەنقىد قىلىنغان، فېئودال خۇراپاتلىق سۆكۈلگەن نومۇرلارمۇ ئورۇندالدى. بۇ نومۇرلار ئىچىدە ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئورۇندىغانلىرى %46نى ئىگىلىدى. كۆرەكتە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئوپال سەنئەت

ئۆمىكى 23 نومۇر ئورۇندىدى، بۇ نومۇرلار ئىچىدە ئۆزى يازغان نومۇر 19. ئۇلارنىڭ شەكلى خىلمۇ خىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، خور، كىچىك تىياتىر، ناخشا ـ ئۇسسۇل، تىكتاك، كوچا تىياتىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆرەكتە 60 نومۇر مۇنەۋۋەر نومۇر بولۇپ باھالاندى. ھەم قايتا ئورۇنداشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئاممىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترەتلىرى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە 170 نەچچە تەشۋىقات ئەترىتى قۇرۇلدى.

ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1978 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئوپال يېزىسى 1981 ـ يىلى مەدەنىيەت پونكىتى، سەنئەت ئۆمىكى، كىنو قويۇش ئەترىتى، تەنتەربىيە كوماندىسى، فوتو سۈرەتچىلەر گۇرۇپپىسى، كۇتۇپخانا، تېلېۋىزورخانا قۇرۇپ، يېزا مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. يېزىلىق سەنئەت ئۆمىكى 15 مىڭ يۈەن مەبلەغ چۇغلاپ، كىيىم ـ كېچەك تىكتۈرۈپ، سەھنە جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ، يېزىدا سەييارە ئويۇن قويۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1984 ـ يىلى بۇلاقسۇ يېزىسى 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ خەجلەپ، يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىي پونكىتى سالدى، بۇ پونكىتنىڭ كۆلىمى 3200 كۋادرات مېتىر. پونكىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، لايىھىلىنىشى يېڭى بولۇپ، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە. پونكىتتا كىنو قويۇش زالى، رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى، كۇتۇپخانا، مەدەنىي مەشغۇلات ئۆيى ۋە 2500 ئادەم سىغىدىغان يازلىق كىنوخانا بار. 1985 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىتابخانا، كىنوخانا، فىلىم تارقىتىش شىركىتى، رادىئو ئۇزېلى قاتارلىق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى پائالىيەت ئېلىپ باردى. ناھىيىدىكى 17 يېزا، 210 كەنت، 1572 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى ئىچىدە 15 يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزىي خىزمەت پونكىتى، 205 كەنتتە مەدەنىيەت مەشغۇلات ئۆيى، 314 ئاھالە گۇرۇپپىسىدا ۋاسكىتبول، ۋالىبول، پەي توپ قاتارلىق تەنتەربىيە مەيدانلىرى قۇرۇلدى ۋە ياسالدى، 1985 ـ يىلى ھەرخىل توپ مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆرگۈچىلەر 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ئاممىۋى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدە بىر تۈركۈم ئىلغار ئىختىساس ئىگىلىرى بارلىققا كەلدى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە قېرىنداش ناھىيە (شەھەر) لەرگە 190 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت تايانچىسى ۋە ئىلغار ئىقتىساد ئىگىسى يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىدە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلاندى، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى ناھىيە بازىرى ۋە يېزا، كەنتلەردە خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاپتونوم رايونغا ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تايانچىلىرى

مەدەنىيەت: 3 — 1 ـ جەدۋەل

| ئىسمى | تۈرى | يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ئورۇن | يەتكۈزۈپ بېرىلگۈچىنىڭ كەسپى | يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ۋاقىت |
|---|---|---|---|---|
| داۋۇت ئاۋۇت | سايىياغ | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى | مۇزىكانت | 1957 |
| يۇنۇس يۈسۈپ | ئوپال | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى | مۇزىكانت | 1952 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئابدۇكېرىم باقى | ئوپال | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | دراما ئارتىسى | 1956 |
| مەرىيەم دادىخان | ئوپال | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | دراما ئارتىسى | 1956 |
| ئابدۇقادىر ئابدۇللا | ئوپال | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | ناخشىچى | 1958 |
| تۇردى مۇسا | تاشمىلىق | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | دراما ئارتىسى | 1958 |
| ئانىقىز يۇسۇپ | بەشكېرەم | ش ئۇ ئا ر «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى | كىنو ئارتىسى | 1960 |
| تۇردى يانتاق | تاشمىلىق | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | دراما ئارتىسى | 1960 |
| ئابلىز سابىر | يەمسىن | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | مۇزىكانت | 1970 |
| يۇسۇپجان | تاشمىلىق | ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئورنى | مۇزىكانت | 1959 |
| ساۋۇت ھاجى | بەشكېرەم | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | ئۇسسۇلچى | 1965 |
| ئۇنسا توختى | يوللاقىز | قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى | ناخشىچى | 1959 |
| ھاشىم قارىم | ئاۋات | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | ئۇسسۇلچى | 1962 |
| خالىق ھاجى | ئاۋات | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | مۇزىكانت | 1962 |
| جەننەت قادىر | سايباغ | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | دراما ئارتىسى | 1965 |
| تۇرسۇن قادىر | ئوپال | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | كومپوزىتور | 1956 |
| نۇرگۈل | ئوپال | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | ناخشىچى | 1965 |
| پىلىقىز | ئوپال | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | ئۇسسۇلچى | 1958 |
| مەرىيەم يۇسۇپ | يوللاقىز | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | ئۇسسۇلچى | 1950 |
| پولۇاسخان | يەمسىن | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | دراما ئارتىسى | 1950 |
| ئابلىز | قوغان | قەشقەر سەنئەت مەكتىپى | داپچى | 1985 |
| چىمەنگۈل | تاشمىلىق | شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | ناخشىچى | 1981 |

## 2. ئاممىۋى ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) مەشرەپ مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆرپ - ئادەتنى بىرلەشتۈرگەن كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ناخشا - ئۇسسۇل ئورۇنداش شەكلى بولۇپ، توي - تۆكۈن كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۆي، خامان، باغ قاتارلىقلارنى مەشرەپ سورۇنى قىلىشقا بولىدۇ، مەشرەپكە ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار چۈشۈۋېرىدۇ، ئاز بولغاندا بىر نەچچە كىشى، كۆپ بولغاندا نەچچە ئون، ھەتتا يۈزلەپ كىشى چۈشىدۇ.

مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدا كىشىلەر دۈگىلەك سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدۇ. چوڭ مەشرەپتە رىياسەتچى ئالدى بىلەن بۇ قېتىمقى مەشرەپنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى سۆزلەيدۇ، ئاندىن سازچىلار دۇتار، تەمبۇر،

داپ قاتارلىق چالغۇلار بىلەن مۇقامنىڭ ئۇسسۇل پەدىسىگە چېلىشقا باشلايدۇ. ئاندىن بىر كىشى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ دەرھال بىرەيلەننى ئۇسسۇلغا تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئادەتتە بىر ئەر، بىر ئايالنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇسسۇلچىلار مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ قەدەم ئالىدۇ، مۇرىسىنى ئاتىدۇ. قول ۋە چاۋاك ھەرىكەتلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، ئەر ـ ئاياللار، قېرى ـ ياشلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ھالىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەرلەر سالماق، شوخ، ئاياللار كۆركەم، سىلىق ئوينايدۇ، ئارىدىن 30 مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن سازەندىلەر سەنەم ياكى تېزە پەدىسىگە چالىدۇ، بۇ چاغدا مەشرەپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ، چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار تەكلىپ بويىچە كەينى ـ كەينىدىن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. مۇزىكا ۋە قىيقاس، كۈلكە، چاۋاك ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ كەيپىيات ئىنتايىن قىزىپ كېتىدۇ. بۇ خىل خەلق ئەنئەنىۋى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئورۇنداش شەكلى ھېلىمۇ ئىنتايىن ئەۋج ئالغان.

2) بەزمە    بەزمە باغ سەيلىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزمە 2 خىل بولىدۇ، بىر خىلى باغ بەزمىسى، يەنە بىر خىلى قوغۇنلۇق بەزمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە باغ، مېۋە ـ چېۋە كۆپ، بولۇپمۇ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى قەشقەر شەھىرىگە يېقىن يېزىلاردا باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىدە بازار كۈنلىرى ئاما بىر ـ بىرىنى باغ ياكى قوغۇنلۇققا تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلغۇچى مېۋە ـ چېۋە، ئېسىل تاماقلارنى تەييارلاپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، سورۇن ئەھلى مۇڭدىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ، ناخشا ئېيتىشىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، ئويۇننىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، كۈلكە سادالار ياڭراپ، كەيپىيات قىزىپ، خۇشاللىق تەنتەنىسى ئىپادىلىنىپ، دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇنداق خەلق ئەنئەنىۋى سەيلىسى ھېلىمۇ بار.

3) سەنەم    سازەندىلەر غىجەك ۋە داپ بىلەن سەنەم مۇقەددىمىسىنى باشلىغان ھامان، رىياسەتچى سورۇن ئەھلىدىن بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ قويىدۇ، تارتىپ قويۇلغۇچى قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ مەيداننى بىر ئايلىنىپ تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلايدۇ. بىرەيلەننى ئۇسسۇلغا تارتىپ بىللە ئوينايدۇ. سەنەم ئاياغلاشقىچە ئۇسسۇل بىرى ئىككىنى تارتىش، ئىككىسى تۆتنى تارتىش بىلەن داۋاملىشىدۇ.

بۇلاردىن باشقا خەلق ئارىسىدا يەنە ھەرخىل ئەمگەك ئۇسسۇللىرى تارقالغان، ھەر يىلى ئورۇم ـ تېرىم مەۋسۇملىرىدە كىشىلەر بىر يەرگە توپلىشىپ تېرىش، ئورۇش ھەرىكەتلىرىنى دوراپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 3. تاللانغان شېئىرلار

### سالام پاختەكلە

### سەيپىدىن ئەزىزى

پاختەكلىنىڭ باتۇرلىرى ـ قەھرىمانلىرى،
قايناق چېلىش يىللىرىنىڭ پالۋانلىرى،
تۈنۈگۈن قول، بۈگۈن ئەلنىڭ خوجايىنلىرى،
چىن يۈرەكتىن سىزگە سالام بېرەي دەپ كەلدىم.

غەمخورىمىز ماۋجۇشى يازغاندى خەت،
قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارغا قىلىپ زور شەپقەت،

ئالغا ئۈندەپ بەرگەندى ئىلھام ۋە مەدەت،
شۇ مۇبارەك خەتنى كۆزگە سۈرتەي دەپ كەلدىم.

داھىمىزنىڭ غەمخورلۇقى بىباھا قىممەت،
ھەربىر سۆزى بەردى بىزگە تەڭداشسىز قۇۋۋەت،
يوقسۇللارغا بېغىشلىدى ئىشەنچ ھەم جۈرئەت،
ئەشۇ جۈرئەت مېۋىسىنى كۆرەي دەپ كەلدىم.

غالىپ تويدا ماۋجۇشىغا سۇنغانتۇق داستان،
شۇ داستاندا ئىرادىمىز قىلىنغان بايان،
ۋەدە بەرگەن قىلماق ئۈچۈن چۆلنى گۈلىستان،
گۈلىستانغا مەڭگۈ گۇۋاھ بولاي دەپ كەلدىم.

ئۆز ۋاقتىدا بىرسەپ بولۇپ، تۇرگەندۇق يەلڭ،
زومىگەرگە زەربە بىرىپ قىلغانىدۇق جەڭ،
پاختەكلىنىڭ تۇز - تىنىنى يىگەندىم مەن،
قەرزدارمەن، شۇ قەرزنى تۆلەي دەپ كەلدىم.

ئەشۇ قەرزنىڭ قىممىتىنى تۇتىيا بىلىپ،
ئالتۇندىنمۇ، ئالماستىنمۇ ئەتىۋار بىلىپ،
پارتىيىنىڭ يوليۇرۇقى روھىنى ئىلىپ،
پايتەختتىن سوۋغا قىلىپ سۇناي دەپ كەلدىم.

ئەي پاختەكلە، بوپسەن بۈگۈن راستلا گۈلىستان،
قىزىل دەريا ياقىسىدا ياپ - يېشىل بوستان،
ئېتىزلىرىڭ تەكشى سالا، يولۇڭ باراقسان،
تەرىپىڭنى مىسرالارغا تىزاي دەپ كەلدىم.

ئازاد بولدۇڭ ئورنىڭدىن دەس تۇرۇپ پاختەكلە،
قىزىل قۇياش شولىسىدا يورۇپ پاختەكلە،
تەنتەنىگە چۆمدۇڭ، گۈللەپ ئۆرلەپ پاختەكلە،
بايرىمىڭنى مەنمۇ تەبرىك ئېيتەي دەپ كەلدىم.

ئۆرلە يەنە، ئەي پاختەكلە، جەسۇر قانات ياز،
بايراپ ۋەتەن ئاسمىنىدا ئەيلىگىن پەرۋاز،
پەرۋازىڭدىن ئالەم ئارا ياڭرىسۇن ئاۋاز،
ئاۋازىڭغا، سازىڭغا جۆر بولاي دەپ كەلدىم.

1972 - يىل 10 - ئاي، قەشقەر

# قوشۇمچە

## خەلق سەنئەتچىلىرىنى تونۇشتۇرۇش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە خەلق سەنئەتچىلىرى بىر قەدەر كۆپ، بۇ يەردە ۋاپات بولغانلىرى، شەخسلەر تەرجىمىھالىغا كىرگۈزۈلگەنلىرىدىن باشقا دەۋرىمىزدە ھايات ياشاۋاتقان بىر نەچچىسىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. راۋاب مۇتەخەسسىسى داۋۇت ئاۋۇت

1939 ـ يىلى سايباغ يېزىسىنىڭ مەنگەن كەنتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىق چاغلىرىدا دادىسى ئاۋۇت راۋابقا ئەگىشىپ، يېگىسار، يەكەن، قاغىلىقلاردا ۋە مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا راۋاب ئۆگەنگەن، تىرىشچان داۋۇت بېرىلىپ ئۆگىنىپ، راۋاب چېلىشنى ناھايىتى تېزلا پىششىق ئۆگىنىۋېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە داڭلىق راۋابچىلاردىن بىرىگە ئايلانغان. 1955 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. كېيىنكى يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئۆز تالانتىنى كۆرسەتكەن. 1957 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە راۋابنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىپ، دۆلەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىقىغا تاللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن 6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار يىستىۋالىغا قاتناشقان. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. 1961 ـ يىلى زۇڭلى جۇئېنلەي، مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى بىلەن بىللە بىرما، ھىندونېزىيىلەرگە زىيارەتكە چىقىپ ئويۇن كۆرسەتكەن. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ھەم زۇڭلى جۇئېنلەي ئۆتكۈزگەن زىياپەتكە قاتناشقان. 1966 ـ يىلى رەئىس ليۇ شياۋچى شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە توگو، گانا، يۇقىرى ۋولتا، نىگېرىيە قاتارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىگە زىيارەتكە چىقىپ، ئاندىن يەنە فرانسىيە ۋە ئىرانغا زىيارەتكە بېرىپ ئويۇن كۆرسەتكەن. 1982 ـ يىلى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ قېتىملىق «يىپەك يولى» مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتناشقان. ئاندىن تۈركىيە، ماراكەشلەرگە زىيارەتكە چىقىپ ئويۇن كۆرسەتكەن. شۇ يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە 9 كىشى قاتارىدا مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت سەنئەتچىلەرگە ۋەكىل بولۇپ، ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن «يىپەك يولى» مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتناشقان ھەم كانادادا دوستانە زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن كۆرسەتكەن.

داۋۇت ئاۋۇت مەملىكەت ئىچىدىكى 29 ئۆلكە (شەھەر) ۋە رايونغا بېرىپ، چەت ئەلگە 6 قېتىم زىيارەتكە چىقىپ ئويۇن كۆرسەتكەن، ئۇ 17 دۆلەتكە بېرىپ، تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇقنى كۈچەيتىش، مۇزىكا سەنئىتىنى ئالماشتۇرۇشقا ناھايىتى چوڭ تۆھپە قوشقان. 1983 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «راۋاب مۇتەخەسسىسى» دەپ نام بېرىلدى. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ، ش ئۇ ئا ر مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

### 2. ئالتۇنخان

نەغمىچى جىنجۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئارتىسى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى ماگۇيفېن، 1943 ـ يىلى قوغان يېزىسىنىڭ قازئېرىق كەنتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن يۇرتى ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن نىڭشىياغا كۆچۈپ كەتكەن. 1952 ـ يىلى نىڭشىيا ۋۇجۇڭ

ناھىيىلىك چىنجۇ تىياتىرى ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ئىشچان ھەم تىرىشچان بولغاچقا «خۇڭجۇ ئايمىقىنى ئېلىش»، «خۇاموۇلەن» تىياتىرلىرىدا رولغا چىقىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ھەم بۇ ناھىيىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن. ئاندىن يەنە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ مەشىق قىلىپ، چىنجۇ تىياتىرىدىكى «ئايال چامباشچى»، «داۋمادەن» (چاققانلىقى چامباشچىلىقتا ئۇستا ئايالنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، «كۆك كۆڭلەك» (ئوتتۇرا ياشلىق ياكى ياش ئاياللارنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، «جىڭدەن» (ياش جۇۋان ياكى قىزنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، «خۇادەن» (تېتىك، شوخ قىزنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، قىزىقچى، ئايال ھەييار، ياش قەھرىمان قاتارلىق روللارنى ئېلىش سەنئىتىنى پىششىق ئىگىلىۋالغان. 1961 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1964 ـ يىلى پارتىيىگە ۋە خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن «بوزيەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىش» تىياتىرىدا رول ئېلىپ، يېڭى جۇڭگو ئەمگەكچى ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق تىياتىر ئۆمىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، چىنجۇ تىياتىرى ئارتىسى تۈرۈپ، «ئالتۇن لىم، مەرمەر تۈۋرۈك» دراممىسىدا رول ئېلىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن. لى بوجەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىدا 4 يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا جىن نەيچيەن بىلەن بىرلىكتە «قىزىل پۈپۈكلۈك نەيزە» تىياتىرىنى ئورۇنداپ، تىياتىر ساھەسىدىكى پېشىۋالارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. نىڭشىياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق چىنجۇ تىياتىر ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، «پارتىيە قىزى»، «خەنجەرۋازلار قوزغىلىڭى»، «ياۋخۇەنگە ھەشقالla»، «ۋېنجىنى سېغىنىش»، «چىن شياڭلىيەن» گە ئوخشاش زامانىۋى ۋە تارىخىي تىياتىرلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك رول ئالغان. 1979 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ناخشىلىرى كۆرىكىگە قاتناشقان، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ناخشىلىرى پايتەخت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نىڭشىيا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «ئانا، كۆز يېشى قىلما» ۋە «تويلۇقنىڭ ھۆكۈمى» دېگەنگە ئوخشاش تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا رول ئېلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كاندىدات ئەزاسى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، تىياتىرچىلار جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

### 3. خەنىساخان توختى

1927 ـ يىلى قوغان يېزىسىنىڭ قاساپ مەھەللىسى كەنتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ناھىيە بويىچە ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئېيتىشقا ماھىر ناخشىچى، ئۇ 3 ياش ۋاقتىدا دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، 6 ياش ۋاقتىدا قىزىل چىقىپ 2 كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، ئائىلىسىدىكى 5 جان ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ بالا ۋاقتىدىلا ناخشىغا قىزىقاتتى، ئاۋازى ياڭراق، زىل، ئېنىق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئىنتايىن ياقتۇراتتى. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى يېزا ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى نامراتلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «نامراتلار ناخشىسى»، «يېتىملار قوشىقى» ۋە «غېرىب ـ سەنەم» ناخشىلىرى قاتارلىق ناخشىلارنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئېيتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ دەسلەپكى چاغلاردا «ياشا! ئازادلىق ئارمىيە»، «ياشا! كومپارتىيە» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلارنى ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئېيتتى ھەم تېيىپچان تۆپلاپ رەتلىگەن «ئويغىنايلى»، «پومېشچىكلارنى گۇم قىلدۇق»، «كوپېراتىپ ئاتلىمىز»، «رەئىس ماۋ زېدۇڭنى كۆردۈم»، «مۇرادىمغا يەتتىم»، «سۆزۈك سۇنى ئېتىزلارغا باشلايمىز»، «قەد كۆتۈرگەن دېھقانلار خوجايىن بولدى» گە ئوخشاش ناخشىلارنى ئېيتتى.

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. كېيىنكى يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە «ياشا! كومپارتىيە» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلارنى ئېيتىپ، كۆرەككە قاتناشقان رەھبەرلەر ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. كۆرەك مەزگىلىدە ئاپتونوم

رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايونى دوختۇرخانىسىدا كۆزى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ساقايتىلدى. 1964 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە «ياشا! ماۋ جۇشى» ، «ياشا! كومپارتىيە» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلارنى ئېيتىپ بىردەك مەدھىيىلەندى. كۆرەكتىن كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ، رەئىس ليۇ شاۋچىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ھەم بىللە سۈرەتكە چۈشىشكە مۇيەسسەر بولدى، «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى» ۋە «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»غا بۇ سۈرەت بېسىلدى.

خەنىساخاننىڭ يازغان ناخشا تېكىستلىرى قىسقا، مېغىزلىق، ئاممىباب بولۇپ، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ياقتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئېيتىدىغان ماھىر ناخشىچى، ماھىر خەلق مەنئەتچىسى دەپ تەرىپلەندى.

## 3 § . كىتاب تارقىتىش ۋە كىتاب ئوقۇش

1956 ـ يىلى شىنخۇا كىتابخانىسى قۇرۇلدى. ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا 152 كۇتۇپخانا قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن كىتاب ئوقۇيدىغانلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن كىتاب تارقىتىشتا «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى تارقىتىش ئاساس قىلىندى، 10 يىل جەريانىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب ـ ژۇرناللار 541 مىڭ پارچە تارقىتىلىپ، 205 مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلىندى، يىللىق ئوتتۇرىچە سېتىلىش مىقدارى 5410 پارچىگە، سېتىش كىرىمى 20 مىڭ 560 يۈەنگە يەتتى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1978 ـ يىلدىكى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كىتاب، ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى تىك سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. بولۇپمۇ 1980 ـ يىلدىكى ئۆرلەش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولدى، 15 يېزا، 209 كەنت، 218 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدا كۇتۇپخانا قۇرۇلدى. ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 5 يىلدا تارقاتقان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب، ژۇرناللار 526 مىڭ 497 پارچىگە، سېتىش كىرىمى 505 مىڭ 237 يۈەنگە يېتىپ، كىتابخانا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 25 يىلدىن بۇيان سېتىلغان كىتاب، ژۇرناللارنىڭ يىغىندىسىغا تەڭلەشتى. مۇشۇ 5 يىل ئىچىدە، 1985 ـ يىلى بىر يىلدا تارقىتىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب، ژۇرناللار 269 مىڭ 696 پارچىگە، سېتىش كىرىمى 133 مىڭ 211.36 يۈەنگە، پايدىسى 1155.73 يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، كىتابخانا قۇرۇلغان چاغدىكى تارقىتىلىش مىقدارىنىڭ 5.5 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغا قەدەر 2 مىليون 355 مىڭ 780 پارچە كىتاب (ئۇيغۇرچىسى 1 مىليون 298 مىڭ 514 پارچە) تارقىتىلدى، ئومۇمىي سېتىش كىرىمى 1 مىليون 389 مىڭ 500 يۈەنگە، پايدىسى 69 مىڭ 650 يۈەنگە يەتتى. بۇ مەزگىلدە كىتابلارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. كۇتۇپخانىلاردا 1990 ـ يىلى ساقلانغان خەنزۇچە كىتاب 37 مىڭ پارچىگە، ئۇيغۇرچە كىتاب 21 مىڭ پارچىگە، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى 10مىڭ پارچىگە يەتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قىسمەن يىللاردا كىتاب، ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 3 — 2 ـ جەدۋەل

| يىللار | كىتاب، ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى (پارچە) | كىرىم (يۈەن) | پايدا ۋە زىيان (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1956 — 1957 | 58000 | 13000 | |

ناھىيىلىك چىنجۇ تىياتىرى ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ئىشچان ھەم تىرىشچان بولغاچقا «خۇڭجۇ ئايمىقىنى ئېلىش»، «خۇاموۇلەن» تىياتىرلىرىدا رولغا چىقىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ھەم بۇ ناھىيىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن. ئاندىن يەنە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ مەشىق قىلىپ، چىنجۇ تىياتىرىدىكى «ئايال چامباشچى»، «داۋمادەن» (چاقچىلىدىكى چامباشچىلىقتا ئۇستا ئايالنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، «كۆك كۆڭلەك» (ئوتتۇرا ياشلىق ياكى ياش ئاياللارنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، «جېڭدەن» (ياش جۇۋان ياكى قىزنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، «خۇادەن» (تېتىك، شوخ قىزنىڭ رولىنى ئالغۇچى)، قىزنىچى، ئايال ھەييار، ياش قەھرىمان قاتارلىق روللارنى ئېلىش سەنئىتىنى پىششىق ئىگىلىۋالغان. 1961 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1964 ـ يىلى پارتىيىگە ۋە خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن «بوزيەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىش» تىياتىرىدا رول ئېلىپ، يېڭى جۇڭگو ئەمگەكچى ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق تىياتىر ئۆمىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، چىنجۇ تىياتىرى ئارتىس تۈرۈپ، «ئالتۇن لىم، مەرمەر تۈۋرۈك» دراممىسىدا رول ئېلىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن. لى بوجەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىدا 4 يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا جىن نەيچيەن بىلەن بىرلىكتە «قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە» تىياتىرىنى ئورۇنداپ، تىياتىر ساھەسىدىكى پېشىۋالارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. نىڭشياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق چىنجۇ تىياتىر ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، «پارتىيە قىزى»، «خەنجەرۋازلار قوزغىلىڭى»، «ياۋغۇەنگە ھەشقاللا»، «ۋېنجىنى سېغىنىش»، «چىن شياڭليەن» گە ئوخشاش زامانىۋى ۋە تارىخىي تىياتىرلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك رول ئالغان. 1979 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ناخشىلىرى كۆرىكىگە قاتناشقان، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ناخشىلىرى پايتەخت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نىڭشيا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «ئانا، كۆز يېشى قىلما» ۋە «تويلۇقنىڭ ھۆكۈمى» دېگەنگە ئوخشاش تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا رول ئېلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن، ئۇ ھازىر نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كاندىدات ئەزاسى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، تىياتىرچىلار جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

### 3. خەنىساخان توختى

1927 ـ يىلى قوغان يېزىسىنىڭ قاساپ مەھەللىسى كەتتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ناھىيە بويىچە ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئېيتىشتا ماھىر ناخشىچى، ئۇ 3 ياش ۋاقتىدا دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، 6 ياش ۋاقتىدا قىزىل چىقىپ 2 كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، ئائىلىسىدىكى 5 جان ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ بالا ۋاقتىدىلا ناخشىغا قىزىقاتتى، ئاۋازى ياڭراق، زىل، ئېنىق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئىنتايىن ياقتۇراتتى. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى يېزا ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى نامراتلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «نامراتلار ناخشىسى»، «يېتىملار قوشىقى» ۋە «غېرىپ ـ سەنەم» ناخشىلىرى قاتارلىق ناخشىلارنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئېيتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ دەسلەپكى چاغلاردا «ياشا! ئازادلىق ئارمىيە»، «ياشا! كومپارتىيە» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلارنى ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئېيتتى ھەم تىپىچان توپلاپ رەتلىگەن «ئويغىنايلى»، «پومېشچىكلارنى گۇم قىلدۇق»، «كوپېراتىپ ئائىلىمىز»، «رەئىس ماۋ زېدۇڭنى كۆردۇم»، «مۇرادىمغا يەتتىم»، «سۆزۈك سۇنى ئېتىزلارغا باشلايمىز»، «قەد كۆتۈرگەن دېھقانلار خوجايىن بولدى» گە ئوخشاش ناخشىلارنى ئېيتتى.

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. كېيىنكى يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە «ياشا! كومپارتىيە» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلارنى ئېيتىپ، كۆرەككە قاتناشقان رەھبەرلەر ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. كۆرەك مەزگىلىدە ئاپتونوم

رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايونى دوختۇرخانىسىدا كۆزى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ساقايتىلدى. 1964 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە «ياشا! ماۋ جۇشى» ، «ياشا! كومپارتىيە» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلارنى ئېيتىپ بىردەك مەدھىيىلەندى. كۆرەكتىن كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ، رەئىس ليۇ شاۋچىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ھەم بىللە سۈرەتكە چۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولدى، «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى» ۋە «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»غا بۇ سۈرەت بېسىلدى.

خەنساخاننىڭ يازغان ناخشا تېكىستلىرى قىسقا، مەغىزلىق، ئاممىباب بولۇپ، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ياقتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئېيتىدىغان ماھىر ناخشىچى، ماھىر خەلق سەنئەتچىسى دەپ تەرىپلەندى.

## § 3. كىتاب تارقىتىش ۋە كىتاب ئوقۇش

1956 ـ يىلى شىنخۇا كىتابخانىسى قۇرۇلدى. ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا 152 كۆتۈپخانا قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن كىتاب ئوقۇيدىغانلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن كىتاب تارقىتىشتا «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى تارقىتىش ئاساس قىلىندى، 10 يىل جەرياندا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب ـ ژۇرناللار 541 مىڭ پارچە تارقىتىلىپ، 205 مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلىندى، يىللىق ئوتتۇرىچە سېتىلىش مىقدارى 5410 پارچىگە، سېتىش كىرىمى 20 مىڭ 560 يۈەنگە يەتتى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 ـ يىلدىكى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كىتاب، ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى تىك سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. بولۇپمۇ 1980 ـ يىلدىكى ئۆرلەش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولدى، 15 يېزا، 209 كەنت، 218 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدا كۆتۈپخانا قۇرۇلدى. ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 5 يىلدا تارقاتقان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب، ژۇرناللار 526 مىڭ 497 پارچىگە، سېتىش كىرىمى 505 مىڭ 237 يۈەنگە يېتىپ، كىتابخانا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 25 يىلدىن بۇيان سېتىلغان كىتاب، ژۇرناللارنىڭ يىغىندىسىغا تەڭلەشتى. مۇشۇ 5 يىل ئىچىدە، 1985 ـ يىلى بىر يىلدا تارقىتىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب، ژۇرناللار 269 مىڭ 696 پارچىگە، سېتىش كىرىمى 133 مىڭ 211.36 يۈەنگە، پايدىسى 1155.73 يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يارىتىلدى، كىتابخانا قۇرۇلغان چاغدىكى تارقىتىلىش مىقدارىنىڭ 5.5 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغا قەدەر 2 مىليون 355 مىڭ 780 پارچە كىتاب (ئۇيغۇرچىسى 1 مىليون 298 مىڭ 514 پارچە) تارقىتىلدى، ئومۇمىي سېتىش كىرىمى 1 مىليون 389 مىڭ 500 يۈەنگە، پايدىسى 69 مىڭ 650 يۈەنگە يەتتى. بۇ مەزگىلدە كىتابلارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. كۆتۈپخانىلاردا 1990 ـ يىلى ساقلانغان خەنزۇچە كىتاب 37 مىڭ پارچىگە، ئۇيغۇرچە كىتاب 21 مىڭ پارچىگە، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى 10مىڭ پارچىگە يەتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قىسمەن يىللاردا كىتاب، ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 3 — 2 . جەدۋەل

| يىللار | كىتاب، ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى (پارچە) | كىرىم (يۈەن) | پايدا ۋە زىيان (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1957 — 1956 | 58000 | 13000 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1966 — 1958 | 387000 | 116100 | |
| 1970 — 1967 | 198000 | 94000 | |
| 1973 — 1971 | 108000 | 35600 | |
| 1975 | 89000 | 26700 | |
| 1978 | 103000 | 40600 | |
| 1980 | 223000 | 59600 | |
| 1981 | 269000 | 69700 | .2240 .02 |
| 1982 | 278000 | 80600 | +4393 .45 |
| 1983 | 34601 | 105850 | .1582 .84 |
| 1984 | 365182 | 115876 | +1383 .70 |
| 1985 | 269696 | 113211 .36 | +1155 .73 |
| 1986 | 378244 | 200000 | +8524 .76 |
| 1987 | 490950 | 267000 | +7775 .48 |
| 1988 | 468229 | 229000 | +11223 |
| 1989 | 566271 | 344476 | +19673 |
| 1990 | 452086 | 348712 | +22455 |

## 4 § . كىنو فىلىم تارقىتىش ۋە كىنو قويۇش

### 1. ناھىيە بازىرىدا كىنو قويۇلۇش ئەھۋالى

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. بىر يازلىق كىنوخانا بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «60 ـ Pi» تىپلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى، 750 ۋاتلىق گېنېراتور، 3 كىنو قويغۇچى بار ئىدى. بۇ ئەترەت يىل بويى بازار، يېزىلاردا سەييارە يۈرۈپ كىنو قويدى. يىللىق كىنو قويۇش كۆنى 120 — 140قا يەتتى، خىراجەت جەھەتتە ئاران ـ ئاران ئۆزىنى قامدىدى. 1959 ـ يىلى كۆلىمى 900 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 1000 ئورۇندۇقلۇق يازلىق كىنوخانا سېلىندى. دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «چاڭجياڭ» ماركىلىق «60 —Pi» تىپلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرى سېتىۋېلىندى. 1972 ـ يىلى 1700 ئورۇندۇقلۇق يەنە بىر يازلىق كىنوخانا سېلىندى. 1976 ـ يىلى 1840 كۋادرات مېتىرلىق، 930 ئورۇندۇقلۇق قىشلىق كىنوخانا سېلىندى. شۇ يىلى كىنوخانىنىڭ ئارقىسىغا 300 كۋادرات مېتىرلىق 2 قەۋەتلىك بىنا سېلىنىپ، ئۈستى قەۋىتىگە كىنو قويۇش ئاپپاراتى جايلاشتۇرۇلدى، ئاستى مەجلىسخانا قىلىندى. غەرب تەرىپىگە 70 كۋادرات مېتىرلىق كىچىك مەجلىسخانا ۋە تەنەپپۇسخانا سېلىندى. 1978 ـ يىلى ياي لامپىلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرى، 5501 تىپلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرى سېتىۋېلىندى. 1982 ـ يىلى يازلىق كىنوخانا 3600 ئورۇندۇق قىلىپ كېڭەيتىلدى، ياي لامپىلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن يەنە بىرى، 50 كىلوۋاتلىق دىزېل گېنېراتورىدىن بىرى سېتىۋېلىندى. 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنوخانىدا خىزمەت بىناسى، مەجلىسخانا، قىشلىق، يازلىق كىنوخانا، تەنەپپۇسخانا، ياي لامپىلىق ۋە 5501 تىپلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتلىرىدىن 4ى

بار بولدى. چىراغلىرى، ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلىنىپ، شارائىتى ياخشىلاندى، ئامما رازى بولدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى كىنوخانىلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1680 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، «سۇڭخۇاجياڭ» ماركىلىق 5502 تىپلىق نېئون لامپىلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرى، 50 كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن بىرى بار بولدى.

## 2. يېزىلاردا كىنو قويۇش ئەھۋالى

1958 ـ يىلدىن بۇرۇن يېزىلاردا مۇقىم كىنو قويۇش ئەترىتى يوق ئىدى، كىشىلەر كىنو كۆرمەكچى بولسا، سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى كىنو قويغان جايغا بېرىپ كۆرەتتى، ئايرىم يېزا ـ كەنتلەردىكىلەر يىل بويى بىر قېتىممۇ كىنو كۆرەلمەيتتى. 1958 ـ يىلى سەمەن يېزىسى كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇپ، 2 كىنو قويغۇچى سەپلىدى، ئۇلار يېزىدا بىر يەردە تۇرۇپ كىنو قويۇشقا باشلىدى. 1965 ـ يىلى سەمەن، قوغان قاتارلىق 4 يېزىدا كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 12 كىنو قويغۇچى سەپلەندى. 1970 ـ يىلى كىنو قويۇش ئەترىتىدىن يەنە 8ى، 1972 ـ يىلى يەنە 2 سى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 14 يېزىنىڭ ھەممىسىدە كىنو قويۇش ئەترىتى بار بولدى. 1985 ـ يىلى كىنو قويۇش ئەترەتلىرى ناھىيە بويىچە 19غا، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 27گە، 1990 ـ يىلى كىنو قويۇش ئەترىتى 26گە، كىنو قويۇش ئاپپاراتى 26گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 32گە يەتتى.

ناھىيىنىڭ كىنو قويۇش كەسپىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۆزلۈكسىز زىيان كۆرۈلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1966 — 1976 ـ يىلغىچە بولغان 11 يىلدا كۆرۈلگەن زىيان 77 مىڭ 5.84 يۈەنگە يەتكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن زىيان تۈگىتىلىپ پايدا ئېلىش باشلاندى. 1977 — 1985 ـ يىلغىچە بولغان 9 يىلدا ئېلىنغان پايدا 160 مىڭ 562.87 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 17 مىڭ 840 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1986 — 1990 ـ يىلغا قەدەر كىنو قويۇش كىرىمى 826 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 165 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى.

1972 ـ يىلى ناھىيىلىك فىلىم تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى فىلىم تارقىتىش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر كىنوخانىلارغا ۋە كىنو قويۇش ئەترەتلىرىگە 3063 فىلىم ئارىيەت بېرىپ، 196 مىڭ 743 يۈەن كىرىم قىلدى. 1986 — 1990 ـ يىلىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 950 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، كۆرگۈچىلەر 9 مىليون 160 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردىكى كىنو قويۇلۇش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 3 — 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | كىنوخانا (كىنو قويۇش ئەترىتى) | كىنو قويۇش ئاپپاراتى | قويۇلۇش قېتىمى | كۆرگۈچىلەر (نەپەر-قېتىم) | كىرىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 1 | 1 | 320 | 41300 | 3720 |
| 1957 | 3 | 3 | 428 | 44650 | 3970 |
| 1960 | 4 | 7 | 680 | 130000 | 12500 |
| 1962 | 4 | 7 | 815 | 170900 | 16250 |
| 1965 | 6 | 9 | 960 | 391000 | 27390 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1970 | 13 | 16 | 1191 | 489600 | 28568 |
| 1975 | 15 | 18 | 1281 | 417370 | 28446 |
| 1978 | 15 | 20 | 1635 | 986000 | 61000 |
| 1980 | 15 | 20 | 3108 | 2508132 | 98928 |
| 1981 | 15 | 20 | 2434 | 2025522 | 84605 |
| 1982 | 16 | 21 | 2062 | 1648019 | 76787 |
| 1983 | 16 | 21 | 2739 | 2853631 | 86677 |
| 1984 | 20 | 25 | 2701 | 3934298 | 107774 |
| 1985 | 20 | 25 | 2518 | 1944349 | 706999 |
| 1986 | 17 | 23 | 3650 | 2000000 | 280000 |
| 1987 | 19 | 19 | 2300 | 1800000 | 150000 |
| 1988 | 25 | 25 | 2200 | 1560000 | 138000 |
| 1989 | 26 | 26 | 2000 | 1700000 | 140000 |
| 1990 | 26 | 26 | 2800 | 2100000 | 118000 |

# 5 § . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر

## 1. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

### 1) تاش، ساپال، مىس قوراللار

ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1972 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ ئوپۇلات كەنتىدىكى ئاق دالا، ئۆڭكۈرلۈك، قۇرۇق دالا ۋە دۆۋىلىك قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى.

(1) ئاق دالا خارابىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

تاش قوراللار تاش قوراللارنىڭ بىرى چېكىپ، قالغانلىرى بىلەپ ياسالغان. بەزىلىرى بىلەپ ياسالغان. ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىچە، بەزىلىرى ئاۋۋال چېكىپ، ئاندىن بىلەپ ياسالغان. تاش قوراللارنى ياساشتا ئاساسەن توم، ئۇششاق قۇمتاشلار ماتېرىيال قىلىنغان. ئاندىن قالسا سلانىس، قىزىلىق شېغىل تاش، گرانىت تاش، چاقماقتاش، كاربونلۇق جىنس، ئاندېزىتلارمۇ ماتېرىيال قىلىنغان.

تاش پىچاق 11 تاش پىچاق تېپىلدى، شەكلى 2 خىل. بىر خىلى ئېغىر، قىرى ياي شەكىلدە بولۇپ، ناھايىتى قېلىن، بىسى تۈز، نېپىزرەك، كەسمە يۈزى شىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. 2 ئۇچى ياكى رەتلىك كېسىپ ياكى قىرلىق قىلىپ چىقىرىلغان بولۇپ، يېرىم ئاي شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ساق تۇرغان بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 62 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر، قىرىنىڭ قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىر. يەنە بىر خىلىنىڭ جۇغى چوڭراق، لېكىن يېنىك، نېپىز، قىرىنىڭ قېلىنلىقى بىلەن بىسىنىڭ قېلىنلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. قىرى ياي شەكىلدە، بىسى تۈز ياكى سەل ئەگرى بولۇپ، يېرىم ئاي شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئىچىدە بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى 7.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر.

تاش ئورغاق 6 تاش ئورغاق تېپىلدى، خېلى سىلىق ياسالغان. قىرى ياي شەكىلدە، بىسى ئويۇق، قىرى قېلىن، بىسى نېپىز، كەسمە يۈزى تاۋۇز ئورۇقىغا ياكى شىنىغا ئوخشايدۇ. بىر ئۇچى توم، بىر

ئۇچى ئۇچلۇق. ئۇلاردىن بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15.3 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى 2.8 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.4 سانتىمېتىر.

ياغۇنچاق تېشى 14 ياغۇنچاق تېشى تېپىلدى، جۇغى خېلى چوڭ. بىر خىلىنىڭ 2 ئۇچى ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويى بولۇپ، ئېگەرگە ئوخشايدۇ. بىر خىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10.7 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يەنە بىر خىلىنىڭ يۈزى تەكشى بولۇپ، تۈز تاختىغا ئوخشايدۇ.

تاش توقماق 6 تاش توقماق تېپىلدى، بەزىلىرىدە چېكىلگەن ئىزلار ئېنىق. بەزىلىرىنىڭ ئىشلەيدىغان يۈزى خېلى تەكشى، بەزىلىرىنىڭ تۆت تۆشىدا ئەپلىك سېپى بار. ئۇلاردىن بىرى سوقۇچاق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15.4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.9 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 سانتىمېتىر.

بىلەي 3 بىلەي تېپىلدى، بىرخىلى رەتسىز ساقا شەكلىدە بولۇپ، بىر نەچچە يۈزى بار. ئۇلاردىن بىرىنىڭ دىئامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر. 5 بىلەي يۈزى بار. يەنە بىر خىلى ياغۇنچاق تېشىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىككى ئۇچى سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، لېكىن جۇغى ناھايىتى كىچىك.

تاش ساقا بىر تاش ساقا تېپىلدى، يۈزى يىرىكرەك، دىئامېتىرى 8.1 سانتىمېتىر.

يا ئوقىنىڭ ئۇچى يا ئوقىنىڭ ئۇچىدىن بىرى تېپىلدى، يەنجىپ ياسالغان. بىر تەرىپى تۈز، يەنە بىر تەرىپىگە قىر ۋە تىغ چىقىرىلغان. تەكشى يۈزى دارچىن يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. دەستىسىنىڭ كەسمە يۈزى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4.1 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر، تىغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.4 سانتىمېتىر.

تاش چاق 4 تاش چاق تېپىلدى، بىر خىلى توقاچقا ئوخشاش دۈگىلەك، بىرىنىڭ دىئامېتىرى 4.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.6 سانتىمېتىر، ئىككى تەرىپىگە تۆشۈك تەشمەكچى بولۇنغانۇ، تۆشۈك تېشىلىپ بولمىغان، بۇ تاش چاق پۈتمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر خىلىنىڭ يۈزى ياي شەكلىدە، تېگى تۈز. بىرىنىڭ دىئامېتىرى 2.9 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.9 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىر.

تاش ھالقا 2 تاش ھالقا تېپىلدى، بۇلارغا ئىككى تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن. چوڭراق بىرىنىڭ دىئامېتىرى 10.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.7 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر.

ساپال قوراللار ساپال قوراللاردىن بىرىلا ساق تۇرغان. ساپال ھېجىرلارنىڭ تۆۋى ساق قېلىپ، قالغان قىسمى سۇنۇپ كەتكەن. ساپال لېيىغا قوم ـ شېغىل ئارىلاشتۇرۇلغان، شېغىل ئارىلاش جىگەررەڭ ساپال 43، قوڭۇر ئارىلاش كۈلرەڭ ساپال 11، قوڭۇر ئارىلاش قىزىل ساپال 5. ئارىلاشتۇرۇلغان ماتېرىيال ئاساسەن كۋارتس ئۇۋىقى بولۇپ، كۋارتس ئۇۋاقلىرىنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى يىرىك، ھەممىسى قولدا ياسالغان بولۇپ، تاۋى يۇقىرى ئەمەس. يۈزى سىداملىرى ئاساسىي ئورنىدا تۇرىدۇ، لېكىن كۆپ قىسمىنىڭ ئېغىز قىسمىدا كىچىك تۆشۈك ياكى چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك ئىلمەك بار، تۆشۈكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىچىدىن تېشىغا، بەزىلىرى تېشىدىن ئىچىگە تېشىلگەن. بۇندىن باشقا ئاز بىر قىسمىدا سۇ دولقۇنىغا ئوخشاش نەقىشلەر، سىزىلىق نەقىشلەر بار. بەزى ساپاللارنىڭ ئىچى بۇدۇر ـ بۇدۇر، ساپال قوراللار ئىچىدە كوزا، تەشتەك، ھېجىر، كۆپ ئەڭ كۆپ، قازان، تاۋاق، تەخسە، پىيالىلەر ئۇلاردىن ئازراق. تۆۋى دۈگىلەكلىرى كۆپ، تۆۋى تۈزلىرى ياكى پۇتلۇقلىرى ناھايىتى ئاز.

مىس قوراللار خارابىلەردە مىس قوراللارنىڭ كىچىك بۆلەكلىرى ۋە سۇنۇقلىرى ئاندا ـ ساندا ئۇچرىدى. مىس قوراللار ئىچىدە بىر كىچىك مىس پىچاق بولۇپ، قىرى تۈز، بىسى ياي شەكلىدە، ئۇزۇنلۇقى 6.7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر. خىمىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاران 1.2% قەلەي بولۇپ، قالغىنى قىزىل مىس ئىكەن.

**(2) ئۆڭكۆرلۈك خارابىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى**

تاش قوراللار تاش قوراللارنىڭ ماتېرىيالى، ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە تۈرى ئاق دالا قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ يەردىن 3 تاش پىچاق تېپىلدى، بىرىنىڭ قىرى قېلىن، بىسى نېپىز، يېرىم ئاي شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇزۇنلۇقى 13.8 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى 5.5 سانتىمېتىر، قىرىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر. ياغۇنچاق تېشىدىن 5ى تېپىلدى، بىرىنىڭ ئىككىلا يۈزى ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇپراپ ئېگەرگە ئوخشاپ قالغان. ئۇزۇنلۇقى 32.1 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.3 سانتىمېتىر. 5 تاش توقماق تېپىلدى، يۇمىلاق ساپاقلىق، ئۈستى كىچىك، ئاستى چوڭ، يۈزى قوتۇر. بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 7.7 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 5.3 سانتىمېتىر، بۇندىن باشقا بىر تاش ئورغاق، بىر تاش ساقا، بىر بىلەي تېپىلدى.

ساپال قوراللار ئاق دالا خارابىسىدىن تېپىلغان ساپال قوراللارنىڭكىگە ئوخشاش. ئاساسەن كوزا، تەشتەك، پالتا، ھىجىر، تەخسە قاتارلىق ساپال قوراللار بار.

**(3) قۇرۇق دالا خارابىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى**

تاش قوراللار ئازراق بولۇپ، ئاران 5ى تېپىلدى. ئۇلار ئىچىدە بىر ئاپپالتا بولۇپ، بىلەپ ياسالغان، بەزىلىرىدە چەككەن ئىزلار بار. جۇغى چوڭ بولۇپ، ئۈستى كەڭ، ئاستى تار، بىسى خېلىلا گال. ئۇزۇنلۇقى 24.9 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 5.5 سانتىمېتىر، قىرىنىڭ كەڭلىكى 10.3 سانتىمېتىر، بىسىنىڭ كەڭلىكى 6.8 سانتىمېتىر. ئۈستى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 2 تەرەپتىن تۆشۈك تېشىلگەن، تۆشۈكنىڭ تاشقى دىئامېتىرى 8.7 سانتىمېتىر، ئىچكى دىئامېتىرى 4.5 سانتىمېتىر. تاش قوراللاردىن يەنە 3 ياغۇنچاق تېشى، بىر بىلەي تېپىلدى. ساپال قوراللار ئاق دالا قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ساپال قوراللارغا ئوخشايدۇ، لېكىن كوزىلاردىن قورسىقى تۈزلىرى كۆپ.

**(4) دۆۋىلىك خارابىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى**

تاش قوراللار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئاران بىر تاش پىچاق، بىر تاش توقماق تېپىلدى. ساپال قوراللارنىڭ لېيى، ياسىلىشى ۋە نەقىشلىنىشى ئاق دالا خارابىسىدىن تېپىلغان ساپال قوراللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ساپال قوراللاردىن ئاساسەن ھىجىر، تەشتەك، كوزا قاتارلىقلار تېپىلدى. بۇلاردىن باشقا بۇ يەردىن بىر تال سۆڭەك ئوق تېپىلدى. ئۇ بىلەپ نەپىس ياسالغان، بىسى ئىتتىك. ئوق كەڭ ۋە نېپىز، دەستىسى ۋە تىغى بار. دەستىسىنىڭ كەسمە يۈزى رومبا شەكلىدە، تىغىنىڭ كەسمە يۈزى بۇلۇڭ شەكلىدە، ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.9 سانتىمېتىر، تىغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.6 سانتىمېتىر.

يۇقىرىقى 4 خارابە ئىچىدە ئاق دالا خارابىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار كۆپرەك، قالغان 3 يەردىن تېپىلغانلىرى ئازراق. لېكىن ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ، تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ ئوخشاشلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بىر دەۋرگە مەنسۇپ. بۇ خىل مەدەنىيەت، ئۇلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن كۆزەتكەندە، مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچى، تاش قوراللارنىڭ جۇغى چوڭراق، تولىسى بىلەپ ياسالغان، چېكىپ ياسالغانلىرى ئاز. ئىككىنچى، تاش پىچاق، تاش ئورغاقلار كۆپرەك، ياسىلىشى نەپىس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆشۈك بولماسلىق، شەكلى يېرىم ئاي شەكلىگە ئوخشاش بولۇش ئۆزگىچىلىكلىرىگە ئىگە. ئۈچىنچى، ساپال قوراللار لېيىغا شېغىل ئارىلاشتۇرۇلغان، سىغىزدىن ياسالغانلىرى يوق. ھەممىسى قولدا ياسالغان بولۇپ، تاۋى يۇقىرى ئەمەس. تۈۋى يۇمىلاقلىرى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. تۆتىنچى، قوراللارنىڭ تولىسىنىڭ ئېغىزىدا كىچىك تۆشۈك ياكى چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك ئىلمەك بار، باشقا نەقىشلەر ناھايىتى ئاز. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە خارابىلەردىن تېپىلغان قىزىل مىس بۇلەكلەرگە قاراپ دەۋرىنى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا يەنى مىس، تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن

دەۋرگە مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلدى. بۇ دەۋردە قەشقەر رايونىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئاھالە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈپ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە توقۇمىچىلىقمۇ بارلىققا كەلگەن.

ئاق دالا قاتارلىق خارابىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدا ھازىرغىچە بايقالغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەئەللۇق مەدەنىيەت ئىزنالىرى بولۇپ، ئېلىمىز شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2) **پۇللار** خانئۆي قەدىمى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە پۇللارمۇ بار. «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىللىقى»دا خاتىرىلىنىشىچە، يەرلىك دېھقانلار توپا ئالغاندا كەيىۋەن، جىڭيۇ قاتارلىق يىلنامىلەر چۈشۈرۈلگەن داچەنلەرنى ۋە ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن تۆشۈكسىز پۇللارنى ھەم كىچىك زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ساپال سايمانلارنىڭ سۇنۇقلىرىنى پان ـ پات ئۇچرىتىپ تۇرغان.

3) **بۇتلار** ئوپال يېزىسىغا تەۋە ھەزرىتى موللام تېغىدىكى قەدىمىي بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن چىقتى. بۇدلار ئىچىدە ساپال براخمان بۇتى، گەج بۇت سۇنۇقلىرى........ يەنە باتىرا يوپۇرماقلىرىغا سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان نوملار بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېگىزلىكى 1.67 سانتىمېتىر كېلىدىغان مىس بۇتمۇ چىققانىكەن، 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا كىشىلەر ئېرىتىپ ئىشلىتىۋېتىپتۇ.

4) **تۆمۈر ساۋۇت** 1981 ـ يىلى تاشمىلىق يېزىسىغا تەۋە تاغدىن مىلادىيە ... ، چىڭ سۇلالىلىرىغا تەئەللۇق ھەربىي قورال ـ تۆمۈر ساۋۇت چىقتى. ھازىر قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 2. مەشھۇر خارابىلەر

1) **خانئۆي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى** خانئۆي قەدىمىي شەھىرى بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي ئوردا كەنت بولۇپ، بەشكېرەم يېزىسىنىڭ ئەسكىسار كەنتىدە. شەھەر ئىزى ھېلىمۇ بار. ھازىر بار شەھەر سېپىلى شەرقىي بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 65 مېتىر، ئېگىزلىكى بىر غۇلاچ كېلىدۇ، كۆپ قىسمىغا پۇقرا ئۆيلىرى سېلىنىپ كەتكەن. كونا خاتىرىگە قارىغاندا، بۇ يەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۆجى قورغىنى بولغانىكەن، لېكىن بۇنى ئاساسلايدىغان ماددىي دەلىل ـ ئىسپات تېخى تېپىلمىدى. ئاممىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارى نوگۇترابو ئىسلام دىنى يېڭى كىرگەندە ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خوتەنگە قېچىپ كەتكەن. خانئۆي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدۇر. ناھىيە بازىرىدىن 40 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىدىن 25 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2) **ئاق دالا قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى** ئاق دالا قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ئوپال يېزىسى ئوپۇلات كەنتىنىڭ 5 كىلومېتىر غەربىدە، ئاق دالا، ئۆڭكۈرلۈك، قورۇق دالا ۋە دۆۋىلىكتىن ئىبارەت يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ 4 خارابىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار پامىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى تاغلار بىلەن ئورالغان تاغ ئالدى بەلۋاغىدا جايلاشقان، بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، تەبىئىي مۇھىتى، جۇغراپىيىلىك قىياپىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، بۇ يەر ئاندا ـ ساندا يانتاق ۋە قومۇش بارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي تاشلىق دەشت. پامىردىن چۈشكەن قار سۈيىنىڭ يالىشى ۋە بورانىنىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن بۇ يەردە شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان جىرالار

ۋە چوڭ ـ كىچىك سېرىق توپىلىق دۆڭلەر پەيدا بولغان، بەزى جايلىرىدا يەنە شەرقتىن جەنۇبقا، غەربتىن شىمالغا سوزۇلۇپ ياتقان كىچىك ـ كىچىك قۇم دۆڭلەر ھاسىل بولغان. تاش قوراللار، ساپاللار ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تولىسى سېرىق توپىلىق دۆڭلەر ۋە قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدا يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان. خارابىلەر دائىرىسىدە پامىردىن ئېقىپ چۈشىدىغان 2 كىچىك دەريا بولۇپ، ئۇلار ئۆپۆلات كەنتىگە يېقىن كەلگەندە قوشۇلۇپ، شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. خارابىلەر بىلەن كەنت ئارىلىقىدا 80 مېتىرچە قەدىمىي سېپىل بار، رادىئوئاكتىپلىق كاربوناتلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قارىغاندا، بۇ قورۇلۇش مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سېلىنغان. خارابىلەرنىڭ شىمالىدا تاشيول بولۇپ، شەرقتە ئوپال يېزىسىغا، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ چىمگەن يېزىسىغا بارىدۇ. خارابىلەر ناھىيە بازىرىغا 44 كىلومېتىر كېلىدۇ.

3) قەدىمىي بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى   بۇ خارابە ئوپال يېزىسىغا تەۋە ھەزرىتى موللام تېغىدا بولۇپ، ھېلىمۇ ئىزى بار، چوڭراق بىنا خارابىسىدىن 5 ى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

4) غوجاقۇنداق ۋە سۇلتانباغ ئۇششاق تاش قورال خارابىلىرى   غوجاقۇنداق خارابىسى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ يار جىراسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، سۇلتانباي خارابىسى ئوپال يېزىسىدىكى سۇسەر ئېقىن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى يېقىن، مەشھۇر مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىدىن ئانچە يىراق ئەمەس. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئارخېئولوگلار بۇ 2 خارابىدىن نۇرغۇن ئۇششاق تاش قوراللارنى تېپىپ، بۇ خارابىلەرنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشتى. بۇ 2 خارابە 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ 3 ـ تۈركۈمىگە كىرگۈزۈلدى.

5) كەڭشۈەر خارابىسى   كەڭشۈەر خارابىسى ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىگە يېقىن بولۇپ، ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ يېنىدا. خارابىنىڭ دائىرىسى 20 مىڭ — 30 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، پارچە ـ پۇرات تاملار ساقلىنىپ قالغان. بۇ خارابە قەدىمىي كەنت ئولتۇراق رايونى بولۇشى مۇمكىن، بۇ قەدىمىي خارابە ئىچىدە شېغىل ئارىلاش كۈلرەڭ ساپاللار ۋە ساپال قوراللارنىڭ ئېغىز چۆرىلىرى كۆپ، دەۋرى زامانىمىزدىن 3000 يىلچە ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن.

6) يارقورغان خارابىسى   يارقورغان خارابىسى ئوپال يېزىسىدىكى قاراڭغۇ يار دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بولۇپ، مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىگە يېقىن. خارابىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى دەريا سۈيى چېقىپ كەتكەن، غەربىدە سېپىلنىڭ بىر پارچىسى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىرچە كېلىدۇ. خارابىنىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى تەخمىنەن 15 مىڭدىن — 20 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. خارابە ئىچىدە نۇرغۇن تىك، يۇمىلاق خۇمدانلار بار، خۇمدانلار زىچ، ئەمما رەتسىز، لېكىن ئىنتايىن ئۆلچەملىك بولۇپ، دىئامېتىرى بىر مېتىرچە كېلىدۇ. خۇمدانلارنىڭ ئىچىگە توپا تىنىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شېغىللىق لاي بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، تېمى كۆيۈۋېرىپ ئىنتايىن چىڭىپ كەتكەن، خۇمدانلارنىڭ ئەتراپىدا ئادەم سۆڭەكلىرى ۋە ساپال قورال پارچىلىرى تولا.

## 3. مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر

1) مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى   مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق (ھازىرقى قۇمباغ) كەنتىدە، شەرقىي مېرىدىئان 75°50′37″، شىمالىي پاراللېل 39°18′50″غا توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىغا 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ مىلادىيە 1105 ـ يىلى بىنا بولغان، قويۇق مىللىي

بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر.

## قوشۇمچە

### مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى

ما شىخجۇن، لى يۇ

مەھمۇت قەشقەرى قەدىمكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر تىلشۇناسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى. ئۇ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تيەنشېڭ 7 ـ يىلى (1029 ـ يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ قۇمباغ (ئازىق) كەنتىدە تۇغۇلغان. دادىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن، بارسخان شەھىرى (ھازىرقى ئىسسىق كۆل بويىدا) دە يەرلىك ئەمەلدار بولغان. ئانىسى بىبى رابىيەم ئەينى ۋاقىتتا مەلۇماتلىق، زېرەك ئاياللاردىن ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى كىچىكىدىن تارتىپلا ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ياشلىق دەۋرىدە قەشقەردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى — مەدرىسى ساجىيىدە ئوقۇپ، تىل، تارىخ، جۇغراپىيە، لوگىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە مول بىلىم ئالغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى يەنزىڭنىڭ 1 ـ يىلى (1068 ـ يىلى) قاراخانىيلار خانلىقى ئوردىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ، كەڭ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، باغدادتا جاھانغا مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ چىققان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1080 ـ يىلى) باغدادتىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، مەدرىس ئېچىپ، 10 نەچچە يىللىق ھاياتىنى مۇدەررىسلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى چۇڭنىڭنىڭ 4 ـ يىلى (1105 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. يەرلىك خەلق ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇ دەپنە قىلىنغان يەرنى «ھەزرىتى موللام جايى» دەپ ئاتاشقان. بۇ يەر 1984 ـ يىلى دۆلەت تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىندى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئوپال قەدىمكى يىپەك يولى گەز دەرياسى جىلغىسىدىن ھەممىدىن ئاۋۋال چۈشىدىغان بوستانلىق. ئوپال سۆزى ئويپال سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئويمان يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى تۇغۇلغان ۋە ئۇنىڭ مەقبەرىسى جايلاشقان ئازىق كەنتى تاغ ۋە دەرياغا ياندىش بولۇپ، يىلان باغرى سوزۇلغان تاغ (ھازىرقى ھەزرىتى موللام تېغى) مۇشۇ ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمالىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؛ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاق سۈيى بۇ كەنتنى سۇغىرىدۇ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى دەل شۇ تاغنىڭ باغرىدىن ئورۇن ئالغان. شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى ئۇلۇغلايدۇ. مەقبەرە ئەتراپى دەل ـ دەرەخلىك، سۇلۇق بولۇپ، ئىنتايىن گۈزەل، مەقبەرە تاغ باغرىدىن 69 پايە ئېگىز. مەقبەرە پەشتىقىغا چىقىپ قارىسىڭىز بەئەينى جەننەتتەك كۆرۈنىدۇ. مەيلى ـ ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ يەرنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «جەننەت» دەپ تەرىپلىگەنلىكىدە قىلچە مۇبالىغە يوق. قەدىمكى زاماندا غەربتىن كەلگەن سودىگەرلەر كۆك ئارت (پامىر) دىن ئۆتكىچە يەتكىچە مۇشكۇلات چېكىپ بۇ ئىللىق، ھوزۇرلۇق جايغا كەلگەندە ھاردۇق ئېلىشۋالاتتى.

بۇ بوستانلىقنىڭ تارىخى ئۇزۇن. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ۋە بۇ يەردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى خېلى تەرەققىي قىلدۇرغان، خېلى ئىلغار مەدەنىيەت ياراتقان. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ

كېيىندە شەھەر بىنا بولغان. بۇ يەردىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ يەر بۇددا دىنىنىڭ خېلىلا كاتتا مۇقەددەس جايى بولۇپ، ھەشەمەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىنغان، ئۇرغۇن نەپىس بۇددا سەنئەت بۇيۇملىرى ياسالغان. ئىسلام دىنى تارقىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە قاراخانىيلارنىڭ ئۇرغۇن ئەمەلدارى مۇشۇ يەردە ماكانلاشقان، بەزىلىرى ھەتتا ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ باغرىدا ياشىغان دەۋرى، دىنىي ئېتىقادى باشقا - باشقا كىشىلەرنىڭ قەبرىسى ناھايىتى كۆپ. بۇ يەردىن ئەزەلدىن ئىختىساسلىق كىشىلەر، ماددىي مەھسۇلاتلار كۆپ چىقىدۇ. 1985 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ يەردىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 628 زىيالىي چىققان. ئۇلار ئىچىدە ھاكىم دەرىجىلىك ۋە ھاكىمغا تەڭ دەرىجىلىك كادىر 41، ۋالىي دەرىجىلىك ۋە ۋالىيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر 7. بۇندىن باشقا شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئوپاللىقلار 222گە يېتىدىكەن. ئۇرغۇن سەيلە - ساياھەتچىلەرنىڭ چوغدەك قىزىپ كېتىدىغان چۆل - جەزىرىنى كېزىپ، نەچچە 10 چاقىرىم يولنى بېسىپ، ئالايىتەن بۇ يەرگە كېلىپ ئويناپ كېتىشىنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس.

بۇ يەردە مەھمۇت قەشقەرى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار: مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىش ئۈچۈن، ئۆزى ياسىغان ھاسا بىلەن قىرغىزلار، ئوغۇزلار، تۈركلەر، تۈركمەنلەر، ياغمىلار ۋە چىگىللارنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ تىللىرىنى تەكشۈرگەن. سىر دەرياسىنىڭ بويلىرى، ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپى ۋە ئامۇر ۋادىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، تۈركىي تىللار سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللارنىڭ سۆزلۈكلىرىنى توپلاش ۋە خاتىرىلەشتە ئەشۇ تېرەك ھاسا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان. شۇڭا بۇ ھاسا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە زېرەكلىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇ ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردىكى تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەندە 90 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان. ئۇ ھاسىسىنى يۇرتىغا سانجىپ قويۇپ، يۇرتداشلىرىغا «مەن ئالەمدىن ئۆتكەندە مېنى مۇشۇ ھاسىنىڭ يېنىغا قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنى شۇ ھاسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلغان. ھېلىقى ھاسا ئاستا - ئاستا كۆكلەپ، شاخلاپ 3 تېرەك بولۇپ يېتىلگەن. تېرەكلەرنىڭ بىرى يوغان، 2 سى كىچىك بولۇپ، يىلتىزى بىر، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە تىزىلىپ تۇرىدۇ. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھاسىنىڭ تۈۋىدە بۇلاق پەيدا بولغان. سۈزۈك تاتلىق بۇلاق سۈيى بىلەن ئېتىزلار سۇغىرىلغان. شۇندىن باشلاپ ئوپال تېخىمۇ بۈك - باراقسان باياشات جايغا ئايلانغان. كىشىلەر بۇ بۇلاقنى «چەشمە زۇلال» («سۈزۈك بۇلاق» دېگەن مەنىدە) دەپ چىرايلىق ئات قويغان. ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچسە روھ كۆتۈرەڭگۈ، زېھىن ئوچۇق بولىدىكەن، ھارغىنلىق، قايغۇ - ھەسرەت تۈگەيدىكەن. ئاۋامنىڭ ئېيتىشىچە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەۋلادلارغا ئاتا قىلغىنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىچىپ چىققىنى بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «ئەقىل بۇلىقى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئوينىغىلى، تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر بۇلاق تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بۇلاق سۈيىنى ئىچىشىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىگە ئالغاچ كېتىدۇ. بۇلاق سۈيىنى ئىچكىلى بارغانلار بۇلاق سۈيىنىڭ شاراپىتى بىلەن تېخىمۇ ئەقىللىقراق بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدىكەن.

**2) مۇرا بۇددا مۇنارى** مۇرا بۇددا مۇنارى بەشكېرەم يېزىسى تەۋەسىدىكى قۇمالتاغ تىزمىسىدىكى قۇملۇق دۆڭگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. خارابىدە خېلى ساق تۇرغان 2 مۇنار بار. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكىسى تېگى تۆت چاسا، ئۈچى يۇمىلاق، گەۋدىسى تۈۋرۈكسىمان مۇنار بولۇپ، تۆت تەرىپى ئوخشاش 12.3 مېتىر كېلىدۇ، 5 قەۋەت، ئۆرلىگەنسېرى ئىنچىكىلەپ بارىدۇ، تەگ ئېگىز ئۈچى 8.4 مېتىر كېلىدۇ، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بېلىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر كېلىدۇ، مۇنارنىڭ ئۈچى يېرىم شار شەكىلدە بولۇپ، ئۇلىدىن ئۈچىغا 12.8 مېتىر كېلىدۇ. چوققىسىدا دۈگىلەك تۆشۈك بار، مۇنارنىڭ غەربىي تەرىپىدىن كېيىنكىلەر چوڭ تۆشۈك تېشىۋەتكەن. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا قارىغاندا،

بۇ تۈشۈك 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا بار ئىكەن، مۇنارنى كولاپ بۇزۇش 20 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بولغان دېيىشكە بولىدۇ. غەربىي شىمالدىكىسى كۆمتۈرۈلگەن كورىگە ئوخشاش بولۇپ، تېگى يوغان، ئۈچى كىچىك، تېگىنىڭ بويى 25 مېتىر، كەڭلىكى 23.6 مېتىر، ئۈچى تۈز بولۇپ، بويى 14.20 مېتىر، كەڭلىكى 12.25 مېتىر، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 7 مېتىر. مۇنارنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە ئىككى يېنىدا بۇت تاكچىلىرىنىڭ ئىزى بار. ئەينى ۋاقىتتا بۇد بولۇشى مۇمكىن. مۇنار ئالدىدىكى ئىمارەت خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەۋەت كۆيۈك توپا بار، بۇنىڭدىن بۇدخانىدىكى باشقا ئىمارەتلەرنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئېنىق. مۇنارلارنىڭ ئىككىلىسىلا كاكىل لايدىن قۇيۇلغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان.

بۇتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بىر قۇم دۆڭ بار، قۇم دۆڭ ئۈستىدە بىر گۈرۈپپا ئىمارەت خارابىسى بار، خارابە بىلەن مۇنارنى بىر جىرا ئايرىپ تۇرىدۇ، بۇ راھىبلارنىڭ ئۆيى بولسا كېرەك. قۇم دۆڭ ئاستىدىكى قۇملۇق يەردە بىر قەدىمىي كارىز بولۇپ، ئۇ بۇتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن تاغ باغرى بىلەن بۇتخانىنى ئايلىنىپ بىر كىلومېتىرچە سوزۇلىدۇ، يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، بۇ كارىز ئەينى ۋاقىتتا راھىبلارنى ياكى تېرىقچىلىقنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. دۆڭنىڭ تۆۋەندىكى بۇتخانىدا بۇتخانىنىڭ باغ، ئورمان، ئېتىز قاتارلىق مۈلۈكلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھازىر قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

خارابىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مۇرا بۇددا مۇنارى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قارىخانىيلار خانلىقىدىن مۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، غازات ئاچقان چاغدا ۋەيران بولغان بۇتخانىنىڭ ئىزناسى. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئارخېئولوگلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىدە گەج بۇتلارنىڭ سۇنۇقلىرى تېپىلغان، بۇتلار ئۇستىلىق بىلەن جانلىق ئاراشلانغان بولۇپ، مارالبېشىدىكى توققۇز ساراي خارابىسىدىن چىققان بۇتلارنىڭ ئاراشلىنىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇلار تارىخ تەتقىقاتىدا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ھازىر بۇ يەر ۋىلايەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىندى.

**3) ئۈچ بۇرخان ئۆڭكۈرى** ئۈچ بۇرخان ئۆڭكۈرى خانۇي يېزىسىنىڭ 15 كىلومېتىر شىمالىدىكى قۇمالتاغنىڭ شەرقىدىكى يارنىڭ 3 تىن 2 قىسمىغا تەڭ كېلىدىغان يېرىدە. ئۇ يەردە ئىشكىتەك 3 ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۇلارغا 3 پەرىشتە بۇتى قويۇلغان. بۇ بۇتلار تەرىقەتچى پەرىشتىلەرنىڭ بولماستىن ساكيامۇنىنىڭ بۇتلىرى. ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىسى چوڭراق، ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئالدى چوڭ، ئارقىسى تار، ھەممىسىدە ئالدى ۋە ئارقى ھوجرىلار بار، ھوجرا تاملىرىغا 70 نەچچە بۇتنىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئوتتۇرىسىدىكىنىڭ ئارقى ھوجرىسىدا بېشى يوق بەختسىز تاش بۇتتىن بىرى بار. ئۆڭكۈرلەردە ساپال، كىگىز پارچىلىرى بار، ئۆڭكۈرلەرنىڭ تورىسىغا نېلۇپەر، گۈللى سىزىلغان بولۇپ، رەڭلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ بوياق رەسىم سىزىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. تېشىلگەن ئىزلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تاشلار چىقىپ قالغان. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ قېزىلغان ۋاقتى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ قەشقەرنىڭ قەدىمكى بۇددا تارىخىدىكى نامايەندە ۋە مەدەنىي مىراس.

**4) مىڭيول تاش ئابىدىسى** مىڭيول (ھازىرقى مۇش يېزىسىنىڭ مىڭيول كەنتى) تاش ئابىدىسى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ 3ـ يىلى (1877 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى ئورنىتىلغان. ھازىرقى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا، ئۇزۇنلۇقى 133 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 77 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ كۆلرەك تاش ئابىدە — مىڭيول تاش ئابىدىسىگە مۇھىم تارىخىي پاكىت خاتىرىلەنگەن.

قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپ بەگ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 4 ـ يىلى (1865 ـ يىلى) ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ قوللىشى بىلەن تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەرنى بېسىۋالغان، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارنى

ئىشغال قىلىۋالغان. تۇڭجى 6 - يىلى ( 1867 - يىلى ) غا كەلگەندە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ياقۇپ بەگ ئاندىن قەشقەردە خانلىق قۇرۇپ، ئۆزىگە «بەدۆلەت»، «ئاتالىق غازى» (كاتتا دۆلەتمەن خان) دەپ نام بەرگەن. تۇڭجى 9 - يىلى (1870 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىپ، شىمالغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان. گۇاڭشۇ 1 - يىلى (1875 - يىلى) غا كەلگەندە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جېنشى (ھازىرقى بارىكۆل)، قۇمۇل، ئىلى قاتارلىق رايونلاردىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. باي، گۈزەل شىنجاڭ زۇلمەت ئىچىدە قالغان، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار يەرلىك مىللىي مۇناپىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ، شىنجاڭنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گۇاڭشۇ 2 - يىلى (1876 - يىلى) 4 - ئايدا خان مۇپەتتىشى زوزۇڭتاڭنى دۇبەن (باش ۋالىي) لىككە تەيىنلەپ، ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلغان. ئۇ ليۇ جىنتاڭنى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى قىلىپ، زور قوشۇن بىلەن ياقۇپ بەگكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان. گۇاڭشۇنىڭ 3 - يىلى (1877 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چىڭ قوشۇنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان، 15 - كۈنى مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى مىڭيول ئۇرۇشىدا تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. ياقۇپ بەگنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى، «يۇ شياۋخۇ، ما يۈەن، جىن شياڭيىن قاتارلىق مۇناپىق كاتتىباشلار» نى تۇتۇۋالغان، توپ - زەمبىرەك، قورال - ياراغلارنى ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق جەڭ ئېتىنى غەنىيمەت ئالغان. چىڭ قوشۇنى شۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش، تۆھپىكار سانغۇنلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى جەڭ مەيدانىغا «كېيىنكىلەر بىلىپ قالسۇن» دەپ مۇشۇ تاش ئابىدىنى تۇرغۇزۇپ قويغان. مىڭيول تاش ئابىدىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەنە شۇ.

5) **تۇرلار** بەشكېرەم يېزىسى تەۋەسىدە تۇردىن 2 سى بار، ئۇلار خانئۆي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ۋە مورا بۇددا مۇنارىدىن ئانچە يىراق ئەمەس. ئۇلار «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئىزلاردۇر.

# IV باب

# ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزىيە

## §1 . گېزىت

1958 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شاپىگىرافتا بېسىلىدىغان ئورگان گېزىتى — «قىزىلبايراق» نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت 4 فورمات 2 بەتلىك، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا چىقىرىلىدىغان قەرەلسىز كىچىك گېزىت بولۇپ، ئادەتتە ھەپتىدە 2 سان چىقىرىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. خەنزۇچىسى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارغىچە تارقىتىلدى، ھەر ساننىڭ تىراژى 100 بولدى، ئۇيغۇرچىسى ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەر، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىگىچە تارقىتىلدى، ھەر ساننىڭ تىراژى 352 بولدى. قايەردە ئورگان بولسا

شۇ يەردە گېزىت كۆرگىلى بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. بۇ گېزىتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي خىزمىتىگە ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈش، يېزا خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە سىياسىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئىنكاس قىلىش، ھەر ساھە، ھەر كەسىپنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەقدىرلەش، يېزا مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ گېزىت يېڭى چىقىرىلغاندا ئىككىلا ئادەم ئىشلىدى، 1959 - يىل 3 - ئايدا رادىئو ئۇزېلىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، گېزىتتە ئىشلەيدىغان كادىرلار تەدرىجىي كۆپىيىپ 6گە يەتتى. 1960 - يىلى ئەتىيازدا مىق مەتبەدە بېسىشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1961 - يىل 3 - ئايدا نەشردىن توختىتىلدى. شۇنىڭغىچە بۇ گېزىتنىڭ خەنزۇچىسى 168 سان، 16 مىڭ 800 نۇسخا، ئۇيغۇرچىسى 144 سان، 57 مىڭ 600 نۇسخا چىقىرىلدى.

## § 2 . خەۋەرچىلىك

50 - يىللارنىڭ بېشىدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە بىر خەۋەرچى قويۇلۇپ، خەۋەرچىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنىدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ خەۋەر قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپىلار ناھىيىنىڭ خەۋەرچىلىك خىزمىتىگە كونكرېت تەشكىللاتچىلىق ۋە رەھبەرلىك قىلدى. 1960 - يىلدىن كېيىن تەشۋىقات بۆلۈمى بىر رەھبىرىي كادىرنى خەۋەرچىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئۇ «ئاممىنى قوزغاپ، گېزىت چىقىرىش، رادىئو باشقۇرۇش» تەلىپى بويىچە بازار، يېزىلاردا ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى ئويۇشتۇردى. باشتا ئۇيغۇر، خەنزۇ ئىختىيارىي مۇخبىر 10 دىن ئاشتى، 1966 - يىلدىن كېيىن 40 نەچچىگە يەتتى. 1980 - يىلى 49غا يەتتى. 1985 - يىلى 200 دىن، 1990 - يىلى 220 دىن ئاشتى.

خەۋەر - ماقالىلەرنىڭ سانى ۋە ئىشلىتىلىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بولۇپمۇ 1982 — 1985 - يىللىرى يېزىپ ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر يىلدا 2000 — 2700 پارچە ئەتراپىدا بولۇپ، ئىشلىتىلگەنلىرى 360 — 620 پارچىگە يېتىپ، ئىشلىتىلىش نىسبىتى %22.54 بولدى. بۇ ناھىيە ۋىلايەتتە بىر نەچچە قېتىم تەقدىرلەندى. خەۋەرچىلىك خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇردى. 1982 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %39ى خەۋەر - ماقالە يازدى. ئۇلار يازغان 98 پارچە خەۋەر - ماقالە ۋىلايەت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلدى. بۇ ناھىيە بويىچە ئىشلىتىلگەن 321 پارچە خەۋەر - ماقالىنىڭ %30ىنى، ئىشلىتىلگەن خەۋەر - ماقالىلىرى شۇ يىلى ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي خەۋەر - ماقالىنىڭ %40ىنى ئىگىلىدى. شۇڭا بۇ ئورۇن 1983 - يىلى خەۋەرچىلىكتە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1985 - يىلىمۇ ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چيۇ لىيۇ ھەم رەھبەر ھەم ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ، كۆپ قېتىم ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ باھالاندى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خېدىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغاندىن كېيىنمۇ پارتىيە گېزىتىگە خەۋەر - ماقالە يېزىشنى توختاتمىدى، 1983 - يىلدىن 1984 - يىل 9 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان خەۋەر - ماقالىلىرىنىڭ 87 پارچىسى ئىشلىتىلدى. 1982 - يىلى پاختىكىلە يېزىسىنىڭ يۇقارقى پاختىكىلە كەنتىدە تارتقان ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىشتا مەملىكەت بويىچە ياش ئۈلگە داۋۇت ھەسەننىڭ سۈرىتى «جۇڭگو دېھقانلار رەسىملىك ژۇرنىلى»غا بېرىلدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» ۋە رادىئو ئىستانسىسىغا ئەۋەتىپ تۇرغان خەۋەر - ماقالىلىرى يىلىغا

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 پارچىغا يېقىن ئىشلىتىلىپ تۇردى. ئۇ 1983 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» تەرىپىدىن تەكلىپلىك مۇخبىرلىققا تەكلىپ قىلىندى، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئۇدا 3 يىل مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ باھالاندى. 1990 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە ئىختىيارىي مۇخبىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»گە ئەۋەتكەن خەۋەر - ماقالىلەر بىر قەدەر كۆپ بولدى، «قەشقەر گېزىتى»لا 1990 - يىلى بۇ ناھىيە ئىختىيارىي مۇخبىرلىرى يازغان خەۋەر - ماقالىلەردىن 168 پارچىسىنى ئىشلەتتى.

## 3 §. رادىئو، تېلېۋىزىيە

### 1. ئاپپاراتلار

1) رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بۇ ئىدارە 1956 - يىلى قۇرۇلغان ناھىيىلىك رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى ئاساسىدا قۇرۇلۇپ، 3 كادىر قويۇلدى. ئۇلار ھەر كۈنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ يازما خەۋەرلىرىنى يېزىۋېلىپ، شاپىگرافتا قەرەلسىز گېزىت قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارغا تارقىتىپ بەردى. 1957 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىدى، ئۇ چاغدا 5 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1958 - يىلى خەنزۇچە ئاڭلىتىش كۆپەيتىلگەندىن كېيىن، ئىشچى - خىزمەتچىسى 12گە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 1960 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 29 بولدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان 107 كىلوگېرتسلىق، 52 مېتىرلىق تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، 10 - ئايدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى ياخشىلاندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىسى 27 بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئالىي تېخنىكوم، 2 سى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. 1990 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، بىر باش مۇھەررىر قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 30 بولۇپ، ئۇلاردىن 5ى ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

2) رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىسى 1958 - يىلى قوغان، سەمەن گۇڭشېلىرىدا رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى. 1959 - يىلى ئاۋات گۇڭشېسىدا مەركىزىي رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىستانسا بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىغا رادىئو پروگراممىلىرىنى ئاڭلىتىشقا مەسئۇل بولدى. 1961 - يىلى ئاۋات مەركىزىي رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1970 - يىلى ئوغۇساق، سايباغ، بۇلاقسۇ، ئوپال گۇڭشېلىرىدا رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1971 - يىلى بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىدا رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1974 - يىلغا كەلگەندە ناھىيىدىكى 14 گۇڭشېنىڭ ھەممىسىدە رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ بولدى. گۇڭشېلاردىن چوڭ ئەترەتلەرگە، چوڭ ئەترەتلەردىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە تارتىلغان رادىئو سىمىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىردىن ئاشتى، رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىلىرىنىڭ خىزمەتچىسى 15كە، رادىئو كانىيى ئورناتقان ئائىلە ناھىيىدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %80گە يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيىدىكى رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى 17گە، رادىئو كانىيى ئورناتقان ئائىلە ناھىيىدىكى دېھقان

ئاشىلىنىڭ 90%ىگە يەتتى.

## 2. ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر، سىم ـ تانابلار

1) ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتىغا بىر رادىئو قوبۇللىغۇچ بېرىلدى، ئۇ خەۋەرلەرنى ئېلىپ يېزىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى. 1957 ـ يىلى رادىئو ئۆزېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1500 ۋاتلىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچتىن 3ى، رادىئو قوبۇللىغۇچتىن 2 سى، كونترول ئۈستىلىدىن بىرى بېرىلدى، شەھەر ئىچىگە يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيىدىن 7 سى ئورنىتىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇلاقسۇ، سايباغ گۇڭشېلىرىنىڭ ھەممە چوڭ ئەترەتلىرىگە رادىئو كانىيى ئورنىتىلدى. 1958 ـ يىلى پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، يېزىلاردا تېلېفون سىمىدىن پايدىلىنىپ، ئەتىگەندە، چۈشتە ۋە كەچتە ئاڭلىتىش بېرىپ تۇردى، ئاڭلىتىش ۋاقتى كۈنىگە 3 سائەت بولدى. 1965 ـ يىلى ناھىيە بازىرىغا ۋە ئوغۇساق گۇڭشېسىنىڭ 8 ـ، 9 ـ چوڭ ئەترەتلىرىگە، سايباغ گۇڭشېسىنىڭ 2 ـ، 14 ـ چوڭ ئەترەتلىرىگە رادىئو سىمى تارتىلدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىدىكى گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىگە رادىئو سىمى تارتىلىپ، كۈچەيتىش ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇپ، نورمال ئاڭلىتىشقا باشلىدى. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو تارقاتقۇچ ئورنىتىلىپ، 10 ـ ئايدا رەسمىي ئاڭلىتىشقا كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن رادىئو ئاڭلىتىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. رادىئو تارقاتقۇچنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى 50 ۋات بولدى. ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەردىن 3 ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، 4 قوبۇللىغۇچ، 2 سىگنال قوبۇل قىلغۇچ، بىر «212» تىپلىق يۇقىرى چاستوتىلىق سىگنال ھاسىل قىلغۇچ، بىر « I — BT10» تىپلىق تەسۋىر يايغۇچ، بىر 50 ۋاتلىق چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان تارقاتقۇچ، بىر «5 — SBT» تىپلىق رادىئو دولقۇنى كۆرسەتكۈچ، بىر تېلېۋىزىيە تەسۋىر سىگنالى ھاسىل قىلغۇچ، 22 دىيۇملىق رەڭلىك تېلېۋىزور، بىر سىنئالغۇ، بىر سىنقويغۇ، 2 باشقۇرۇش ئۈستىلى بار بولدى. 1985 ـ يىلى رادىئونىڭ قۇۋۋىتى 200 ۋاتقا، رادىئو كانىيى 18 مىڭ 700 گە يەتتى. 1990 ـ يىلى رادىئونىڭ قۇۋۋىتى 500 ۋات، رادىئو كانىيى 1320 بولدى.

2) سىم ـ تانابلار رادىئو ئۆزېلى يېڭى قۇرۇلغاندا رادىئو سىگناللىرى ئاساسەن تېلېفون سىمى ئارقىلىق تارقىتىلاتتى. 1965 ـ يىلى 10 كىلومېتىر رادىئو سىمى تارتىلدى. 1970 ـ، 1971 ـ يىللىرى يەنە 20 كىلومېتىر رادىئو سىمى تارتىلدى. 1980 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە رادىئو پۈتۈنلەي سىملىق بولدى.

3) چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئاڭلىتىش ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلى 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان 50 ۋاتلىق رادىئو تارقاتقۇچ قۇراشتۇردى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، سىگنالنىڭ غەيرىي ئاۋازلىق نىسبىتى، چاستوتىسىنىڭ ياڭراقلىقى، ئېنىقسىزلىك قاتارلىق تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى تېخنىكا تەلىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇنلاشقان.

چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو پروگراممىلىرى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى پروگراممىلار 1984 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، خەنزۇ تىلىدىكى پروگراممىلار 1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئاڭلىتىشقا باشلىدى، پايدىلىنىلغان چاستوتا 107 كىلوگېرتسلىق بولدى. ئاڭلىتىش ھەر كۈنى 6 سائەت داۋام قىلدى، يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە رادىئو ئېنىق ئاڭلىنىدىغان بولدى.

1986 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلىدىن خۇاڭ لىلى دىكتورلارنى سىيلىشتۇرۇپ باھالاشتا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە خەنزۇ تىلى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلىنىڭ «نامىغا لايىق باغۋەن» (ئۇيغۇرچە)، «خەنزۇ موماي تۇغقۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ بەردى» (خەنزۇچە) ناملىق رادىئو پروگراممىلىرى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك بالىلار پروگراممىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 3. رادىئو تەشۋىقاتى

رادىئو ئۆزبەلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1961 ـ يىلغا قەدەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە، چۈشتە ۋە كەچتە ئاساسەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرى ئۇلاپ ئاڭلىتىلدى، ئۆزى ئىشلىگەن پروگراممىلار ھەپتىدە قەرەلسىز 1 — 2 قېتىمدىن ئاڭلىتىپ تۇرۇلدى، بۇ ئاڭلىتىشلار ناھىيە خەۋەرلىرى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ يوليورۇقلىرى، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1966 — 1976 ـ يىلغا قەدەر داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلدە ئۆزى ئىشلىگەن پروگراممىلارنى ئاڭلىتىش توختاپ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىلا ئاڭلىتىلدى. 1980 ـ يىلى ئۆزى ئىشلىگەن پروگراممىلارنى ئاڭلىتىش ئەسلىگە كەلدى، بۇ پروگراممىلار ناھىيە خەۋەرلىرى، سەنئەت ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئېلان قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، كۈندە 2 قېتىم ئاڭلىتىپ تۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى ئۆزى ئىشلەپ ئاڭلاتقان پروگرامما 302 گە يەتتى، بۇنىڭ 45 ى خەنزۇچە. 1982 ـ يىلى ئۆزى ئىشلەپ ئاڭلاتقان پروگرامما 2422 گە يەتتى، بۇنىڭ 624 ى خەنزۇچە. 1983 ـ يىلى ئۆزى ئىشلەپ ئاڭلاتقان پروگرامما 1469 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە پروگرامما 527. 1984 ـ يىلى ئۆزى ئىشلەپ ئاڭلاتقان پروگرامما 1622 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە پروگرامما 528، ئۇيغۇرچە پروگرامما 1094. 1985 ـ يىلى مەخسۇس مۇخبىردىن 2 سى سەپلەندى، بىر يىلدا ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىدا 1504 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئاڭلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە ماقالە 506 دىن، ئۇيغۇرچە ماقالە 1100 دىن ئاشتى. 1990 ـ يىلى 1642 پارچە خەۋەر ـ ماقالە ئاڭلىتىلدى، بۇنىڭ 292 پارچىسى خەنزۇچە، 1350 پارچىسى ئۇيغۇرچە.

رادىئو پروگراممىلىرى چاستوتىسى تېزگىنلىنىدىغان رادىئو پروگراممىلىرى ۋە سىملىق رادىئو پروگراممىلىرى دەپ 2 گە ئايرىلدى. سىملىق رادىئو پروگراممىلىرى ھەر كۈنى خەنزۇ تىلىدا 6 سائەت، ئۇيغۇر تىلىدا 6 سائەت ئاڭلىتىپ تۇرۇلدى، چاستوتىسى تېزگىنلىنىدىغان رادىئو پروگراممىلىرى ھەر كۈنى ئۇيغۇر تىلىدا 6 سائەت ئاڭلىتىپ تۇرۇلدى.

## 4. رادىئو خىراجىتى

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1967 — 1990 ـ يىلغىچە رادىئو خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 4 — 1 ـ جەدۋەل　　　　　　　　بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | بېرىلگەن خىراجەت | بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت بەرگىنى | يەرلىك سالغىنى | ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | يىللار | بېرىلگەن خىراجەت | بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت بەرگىنى | يەرلىك سالغىنى | ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1967 | 1.5 | | | | 1979 | 8 | | | |
| 1968 | 1.8 | | | | 1980 | 5.8 | | | |
| 1969 | 8 | 3 | 5 | | 1981 | 5 | | | |
| 1970 | 9 | 1.75 | 7.25 | | 1982 | 7.1 | | | |
| 1971 | 10 | 3 | 7 | | 1983 | 7.4 | 3 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 7.5 | 6.6 | 14.1 | 1984 | | 4.7 | | 4.7 | 1972 |
| | 6.7 | 8.1 | 14.8 | 1985 | 6 | | | 13.6 | 1973 |
| | | | 3.7 | 1986 | 6 | | | 8.6 | 1974 |
| | | | 3.5 | 1987 | 6 | | | 5.6 | 1975 |
| | | | 4.3 | 1988 | | | | 13.4 | 1976 |
| 5.4 | | | 7.3 | 1989 | | | | 9.1 | 1977 |
| | | | 9.5 | 1990 | | | | 7 | 1978 |

### 5. تېلېۋىزىيە

1981 ـ يىلى قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پۈتتى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 5 ـ، 9 ـ قانالLاردا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. كۆرسىتىش ھەركۈنى 4 سائەت چامىسىدا بولدى. كۈندۈزدىمۇ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. 1983 ـ يىلدىن بۇيان تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى، 1985 ـ يىلى تېلېۋىزور ناھىيە بويىچە 2000 دىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە رەڭلىك تېلېۋىزور 610. 1990 ـ يىلى 16 مىڭ 605 كە يەتتى.

# V باب

# ئارخىپچىلىق

چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئارخىپ باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى، كونا ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆججەت ئارخىپلىرى جەمئىيەتتە چېچىلىپ يۈرسە ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كىمنىڭ كارى بولمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئارخىپچىلىق خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، 1956 ـ يىلى مەخسۇس ئارخىپ كادىرى قويۇلدى. ئۇلار ئىلگىرىدىن ساقلىنىپ چېچىلىپ ياتقان ھۆججەتلەرنى رەتلەشكە كىرىشتى. 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئارخىپچىلىق خىزمىتى سىستېمىلىق قانات يايدۇرۇلدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك ئارخىپخانا 4392 پارچە ھۆججەت ئارخىپ ساقلاپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئىشلارغا مۇلازىمەت قىلدى. 1990 ـ يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا ساقلىغان ھۆججەت ئارخىپ 17 تۈركۈم، 3978 جىلدقا، سۈرەت ئارخىپ 172گە يەتتى. ئارخىپخانىدا ساقلانغان ماتېرىيال 423خىل، 2359 تىكىمگە يەتتى.

## §1. ئارخىپ ئاپپاراتى

1959 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 2 ئارخىپ كادىرى قويۇلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپ ئىشخانىسىدا، يەنە بىرى ناھىيىلىك

خەلق ھۆكۈمىتى ئارخىپ ئىشخانىسىدا قوشۇمچە ئىشلىدى، بۇ ئارخىپخانا ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات بۆلۈمى (ئىشخانىسى) گە قارىدى.

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئارخىپ خىزمىتى يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلاتىغا سالغان تەستىقى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپچىلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1982 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم ئارخىپخانا بىلەن بىر ئورۇندا ئىشلىدى. ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1984 - يىلى 2 كەسپىي كادىر ئىشلىدى. 1985 - يىلى ئارخىپ بۆلۈمى ۋە ئارخىپخانىدا 7 كىشى ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ 2 سى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا، 2 سى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ [1986] 25 - نومۇرلۇق، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ [1986] 70 - نومۇرلۇق، ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ [1986] 160 - نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشى بىلەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى (ھۆججەت 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تارقىتىلدى). ئىلگىرىكى ئارخىپ بۆلۈمى ئارخىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيىلىك ئارخىپخانا ئارخىپ ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى. ئۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىدى، 1990 - يىلى ئارخىپ ئىدارىسى بىلەن ئارخىپخانىدا 7 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ 2 سى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، 2 سى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن.

## § 2 . ئارخىپچىلىق كەسپى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ دەسلەپكى چاغلاردا پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىجتىمائىي ئىسلاھات بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، نۇرغۇن كادىر ئۇزاق مۇددەت يېزىلاردا ئىشلىگەچكە، ئورگانلارنىڭ ھۆججەت ئارخىپ ماتېرىياللىرى ئۇزاققىچە رەتلەنمەي قالغانىدى. 1956 - يىل 7 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپچىلىق خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم بىر كادىرنى سەپلەپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ھۆججەت ئارخىپلارنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئارخىپچىلار تەربىيىلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى ئارخىپ بۆلۈمى بىر ئادەم ئاجرىتىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 1950 — 1955 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھۆججەتلەرنى يىغىپ رەتلەپ، 167 جىلد ئارخىپ قىلىپ چىقتى.

1958 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتى ئىشخانىلىرىغا مەخسۇس ئارخىپچى قويۇلدى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، بانكا، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 13 ئورگان، ئورۇندا، 9 خەلق گۇڭشېسى، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئارخىپ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس (قوشۇمچە) ئارخىپچى قويۇلدى. 79 چوڭ ئەترەت، 200 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 4 ئوتتۇرا مەكتەپ، 77 باشلانغۇچ مەكتەپتە ئارخىپ ئىشكاپى (ساندۇقى) قوشۇمچە باشقۇرغۇچى قويۇلدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 310 ئارخىپ ئىشكاپى (ساندۇقى) قويۇلدى. مەخسۇس (قوشۇمچە) ئارخىپچىدىن 321ى سەپلەندى ھەم ئارخىپچىلىق خىزمىتى ئاخبارات تورى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ئارخىپچىلىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپلارنى ئېنىقلاش، رەتلەش ھەيئىتى قۇردى، بۇ ھەيئەت ئاممىنى قوزغاپ، زەربىدار كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 3 ئايدىن ئارتۇق جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق نەچچە يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان 48 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارقاق ھۆججەتنى ئېنىقلاپ باھالاپ، 450 جىلد ئارخىپ قىلىپ تۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي قانۇن، سىياسەت، دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق، ئۆگىنىش قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى يېزىپ چىقتى، 400 پارچىدىن ئارتۇق ھۆججەتنى توپلاشتۇردى. ئىزلەپ تېپىش قورال ماتېرىيالىدىن 10 نەچچە خىلنى ئىشلەپ چىقتى. 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە تۇرغۇزۇلغان ئارخىپ 27 مىڭ 161 جىلدقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ 18 مىڭ 516 (بۇ سىياسىي قانۇن، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كۆڭشې، چوڭ ئەترەت، مەكتەپلەرنىڭ 8645. ھەرخىل تارىخىي ماتېرىياللار، جەدۋەللەر، مەخسۇس تېمىلار، تەجرىبە تونۇشتۇرۇش، سۈرەت، ئاساسلىق سان ستاتىستىكىسى، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، تارىخىي دەلىللەردىن 16 مىڭ 850نى يېزىپ چىقتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 1956 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئارخىپلىرىدىن 920 جىلد، ھەرخىل ماتېرىيالدىن 1021 پارچىنى قوبۇل قىلدى.

1960 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئارخىپخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت قائىدىسى (لايىھىسى) تۈزۈپ چىقىلىپ، ئارخىپچىلىق خىزمىتى مۇنتىزىملىشىش، تۈزۈملىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندۇرۇلدى. 1971 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ 5 تۈركۈم ماتېرىيالى رەتلەش، باھالاش ئارقىلىق 1572 جىلد ئارخىپ قىلىپ چىقىلدى.

1974 ـ يىلدىن بۇيان ئۆرۈش تەييارلىقى ئارخىپچىلىقنى چىڭ تۇتتۇلۇپ، ئارخىپلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيان چېچىلىپ ياتقان ھۆججەتلەر ئېنىقلاندى ۋە رەتلەندى. تۇنجى قارار كۆڭشې ئارخىپچىلىرى كۇرسى ئېچىلدى ھەم كۆرسەتكىلارنى سايباغ كۆڭشېسىدا پراكتىكا قىلدۇرۇش ئارقىلىق توپلىنىپ قالغان ھۆججەتلەر رەتلىنىپ، 98 جىلد ئارخىپ قىلىپ چىقىلدى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بۇلاقسۇ كۆڭشېسىدا كۆڭشې ئارخىپچىلىرىنىڭ ئارخىپلارنى رەتلەش، باھالاش نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا بۇلاقسۇ، ئوپال كۆڭشېلىرى ئارخىپلارنى رەتلەش، باھالاشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ئوغۇساق كۆڭشېسى تەقدىرلەندى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئارخىپخانا قوبۇل قىلغان ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ھۆججەت ئارخىپى 15 تۈركۈم (1950 — 1957 ـ يىللاردىكى ئارخىپى 4009) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغىنى 1276، ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدىغىنى 1451، قىسقا مۇددەت ساقلىنىدىغىنى 1282.

1982 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 39 ئارخىپ ئىشخانىسى سىستېمىلىق تەرتىپكە سېلىندى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئاشلىق ئىدارىسى، باج ئىدارىسىنىڭ ئارخىپ ئىشخانىلىرى ئىلغار بولۇپ، ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمى ۋىلايەت بويىچە «ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش»تا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، ئارخىپ بۆلۈمى كادىرى مەرىمنىسا ۋىلايەت بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئارخىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ خۇالىن ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. ئوغۇساق كۆڭشېسىنىڭ كاتىپى ۋە قوشۇمچە ئارخىپچىسى ئىسمائىل ئىبراھىم 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئارخىپ خىزمىتىنى تىرىشىپ جاپاغا چىداپ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، يىگىرمە جوڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان چېچىلىپ تۇرغان ئارخىپ، ھۆججەتلەرنى رەتلەپ، 675 جىلد ئارخىپ قىلىپ چىقتى ھەم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 121 خاتىرىسىنى يىغىپ رەتلەپ «ئاساسىي سانلار توپلىمى»، «كۈندىلىك خىزمەتتە پايدىلىنىدىغان جەدۋەللەر»، «ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ستاتىستىكىسى» قاتارلىق 600 نەچچە پارچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى يېزىپ چىقتى، ئۇ كۆپ قېتىم كۆڭشې، ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئارخىپچى بولۇپ باھالاندى. ئارخىپ خىزمىتىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئارخىپ بۆلۈمى بىلەن ئارخىپخانا ماسلىشىپ 14 خەلق كۆڭشېسىنىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 12 كۆڭشېغا لاياقەتنامە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلغار

كوللېكتىپتىن 3 نى، ئىلغار شەخستىن 3 نى باھالاپ چىقتى. ئارخىپ خىزمىتىدە ئۆدۈللۈق رەتلەش، ئۆدۈللۈق پايدىلىنىش، رەتلەش ئارقىلىق پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پايدىلىنىش ئارقىلىق رەتلەشكە تۈرتكە بولۇش پرىنسىپى باشتىن - ئاياغ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پايدىلىنىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1984 - يىلى ماتېرىيال كۆرگۈچى 62 ئادەم (قېتىم) گە، كۆرۈلگەن ماتېرىيال 224 تىكىمگە، ئارخىپ كۆرگۈچى 128 ئادەم (قېتىم) گە، كۆرۈلگەن ئارخىپ 740قا، پايدىلىنىلغان ئارخىپ 2243كە يەتكەن. 1985 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئارخىپ 4392گە، ماتېرىيال 7096گە يەتتى، تەزكىرە تۈزۈش، تارىخ يېزىش ئۈچۈن تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرگۈچىلەر 30 نەچچە ئادەم (قېتىم) گە، كۆرۈلگەن ماتېرىيال 39 تىكىمگە، ئارخىپ كۆرگۈچى 96 ئادەم (قېتىم) گە، كۆرۈلگەن ئارخىپ 453 جىلدقا، پايدىلىنىلغان ئارخىپ 520 بەتكە يەتتى.

1986 - يىلى ناھىيە بويىچە بوغالتىرلىق ئارخىپى رەتلىنىپ، بوغالتىرلىق ھېسابات تۈرلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق ئۆزگەرتىلدى. ئورۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا ھېسابات تۈرلىرىنى ئېنىقلاش 1955 - يىلدىن باشلاندى، رەتلەشتە 9986 تىكىم (جىلد) بوغالتىرلىق دوكومېنتى، 2124 پارچە ھېسابات دەپتىرى، 2982 تىكىم (جىلد) جەدۋەل، 520 پارچە باشقا ماتېرىيال رەتلەندى. ھۆججەت ئارخىپ خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ناھىيىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ 1978 — 1985 - يىلغىچە بولغان 69 جىلد ئارخىپ ماتېرىيالى رەتلەندى.

1988 - يىلى «ئارخىپچىلىق قانۇنى» ئۆگىنىلىپ، تەشۋىق قىلىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئارخىپلارغا نومۇر قويۇش ۋە ئارخىپلارنى ئىلمىي باشقۇرۇش خىزمەتلىرى ئىشلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىدىغان ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدىغان، (1950 — 1978 - يىللىرىدىكى) 1714 جىلد ئارخىپىغا نومۇر قويۇلۇپ بولدى. نومۇر قويۇلۇپ بولغان ئارخىپلار باشقۇرۇش جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىنىپ يېڭىۋاشتىن تىزىلدى ۋە ئاچقۇچى ئۆزگەرتىلدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە كۆرۈشكە بېرىلگەن ماتېرىيال 970 جىلد، پايدىلىنىلغان ماتېرىيال 251 پارچە، كۆرگۈچى 220 ئادەم (قېتىم) بولدى. تەزكىرە تۈزۈش، تارىخ يېزىشقا 283 جىلد ماتېرىيال بېرىلدى.

**1980 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئارخىپخانىدىكى ئارخىپ-لاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى**

مەدەنىيەت: 5 — 1 - جەدۋەل

| يىللار | پايدىلانغان ئادەم (قېتىم) | ئېلىپ ئوقۇلغان جىلد سانى | پايدىلىنىلغان ۋاراق (بەت) | يىللار | پايدىلانغان ئادەم (قېتىم) | ئېلىپ ئوقۇلغان جىلد سانى | پايدىلىنىلغان ۋاراق (بەت) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 91 | 175 | 123 | 1986 | 77 | 382 | 89 |
| 1981 | 54 | 103 | 139 | 1987 | 58 | 242 | 90 |
| 1982 | 61 | 129 | 173 | 1988 | 61 | 262 | 36 |
| 1983 | 145 | 423 | 444 | 1989 | 13 | 105 | 34 |
| 1984 | 128 | 740 | 2243 | 1990 | 11 | 39 | 2 |
| 1985 | 157 | 852 | 1026 | | | | |

## 3 § . ئارخىپچىلار قوشۇنى

ئارخىپ بۆلۈمى يىلەن ئارخىپخانا 1950 - يىلى 6 كاتىپ، ئارخىپ كادىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق

ئارخىپچىلىق كۇرسىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئارخىپچىلىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى؛ ئىدارىلەرنىڭ كاتىپلىرىدىن 11نى ۋىلايەتلىك قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا ئەۋەتىپ ئوقۇتتى. ناھىيىلىك ئارخىپچىلىقتا يېتەكچىلىك قىلىش تارمىقى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە گۇڭشېلارنىڭ كاتىپلىرى كۇرسىدىن 5 قارار ئېچىپ، 113 ئارخىپ كادىرى يېتىشتۈردى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە مەخسۇس (قوشۇمچە) ئارخىپ كادىرى 114كە يەتتى، ئۇلارنىڭ 14ى ئالىي تېخنىكومنى، 94ى ئوتتۇرا تېخنىكومنى، بىرى ئارخىپ كەسپى ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. 1990 - يىلى 7 يېزىدا ئارخىپ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس كادىر مەسئۇل قىلىندى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 7 ئورۇن ئۆلچەمگە يېتىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. باشقۇرۇشقا مەخسۇس كادىر قويۇلدى، ناھىيە بويىچە قوشۇمچە ئارخىپچى 80گە يەتتى.

## 4 § . ئارخىپ خىراجىتى

ئارخىپچىلىقنىڭ قەدەممۇ قەدەم راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ ئارخىپچىلىققا بېرىدىغان خىراجىتى كۆپىيىپ باردى. 1981 — 1985 - يىلغا قەدەر 57 مىڭ يۈەن بەردى، بۇنىڭ 30 مىڭ يۈەنى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاتاپ بېرىلدى. 1987 - يىلى 10 مىڭ يۈەن، 1988 - يىلى 4000 يۈەن كەسپىي خىراجەت بېرىلدى، 1990 - يىلى مالىيىدىن 22 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1990 - يىلى ئارخىپخانىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى 2 ئامبار، 2 ئىشخانا، بىر ماتېرىيال بۆلۈمى، بىر قىرائەتخانا، بىر سۈرەت يۇيۇش بۆلۈمى، بىر دېجورنى بۆلۈمى بولۇپ جەمئىي 205 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 40 ئارخىپ ئىشكاپى، بىر فوتو ئاپپارات، بىر سۈرەت چوڭايتىش ئاپپاراتى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلدى، ئۈسكۈنىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تولۇقلاندى.

# VI باب

# سەھىيە

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى قالاق، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى ناچار ئىدى، نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئامال يوق ئىدى، خىلمۇ خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ تۇراتتى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) سەمەن يېزىسىنىڭ راۋاپچى كەنتىدە چوما تارقىلىپ، بىر كۈندىلا 30 نەپەرچە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دە قىزىل بىر ئايدىن ئارتۇق تارقىلىپ، ئېغىر بولغان چاغلاردا كۈنىگە 60 نەپەرچە بالا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا كېزىك، چېچەك قاتارلىق كېسەللەر ھەر يىلى دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار، مۇشۇنداق كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ناھىيىدە بىر نەچچىلا دوختۇرخانا، دورىخانا ۋە ئامبۇلاتورىيە بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، ئادەتتىكى كېسەللەرنىلا داۋالىيالايتتى، كېسەل بولۇپ قالغانلارنىڭ ئۆزنۆملۈك داۋالىنىشى ناھايىتى تەس ئىدى. شۇڭا بىر قىسىم داخان، باخشى قاتارلىقلار خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، ئايەت ئوقۇپ، پېرخونلۇق قىلىپ، ئاممىنىڭ پۇل - پۈچەكىنى ئالداپ

ئېلىۋېلىپ، ئەخمەق ئېتىپ قاقتى - سوقتى قىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى پەيدىنپەي قۇرۇلدى، كېسەل كۆرۈلمەستە مۇداپىئەلىنىش، كېسەل كۆرۈلگەندە بالدۇر داۋالاش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىشى زور كۈچ بىلەن ئىشلىنىپ، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر يىلدىن - يىلغا ئازايتىلدى، چېچەك، چوما كېسەللىكلىرى چورت تۈگىتىلدى، خەلقنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ناھىيىدىكى ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى 19غا، كېسەل كارىۋىتى 631گە، سەھىيە - تېببىي خادىم 459غا يەتتى.

1988 - يىلى ناھىيە بويىچە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى 25كە، كەنت ساقلىق ساقلاش بۆلۈمى 205كە، يەككە دوختۇر 22گە، كېسەل كارىۋىتى 632گە، سەھىيە تېببىي خادىم 522گە يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق تارماق 3، ناھىيىدىكى ئىدارىلەرنىڭ داۋالاش ئاپپاراتى 6، يېزا شىپاخانىسى 17 بولۇپ، ساقلىق ساقلاش - داۋالاش ئاپپاراتى جەمئىي 26گە يەتتى. يېزا - كەنت ساقلىق ساقلاش بۆلۈمى 228گە، كېسەل كارىۋىتى 685كە، ساقلىق ساقلاش خادىمى 523كە يەتتى.

## 1 § . داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى

**1) شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - دوختۇرخانا** بۇ دوختۇرخانا مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى كېرەمباي ھاجىنىڭ شەخسىي بېغى (ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى) دا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا 30 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى، مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) كېسەل كارىۋىتى 100گە كۆپەيتىلدى، ئىچكى كېسەللىكلەر، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە 5 ئەزا كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرى بار ئىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) تېببىي خادىمى 27 ئىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) دوختۇرخانىغا ما باۋشەن باشلىق بولدى، 76 خادىم ۋە خىزمەتچى ئىشلىدى.

**2) شىنجاڭ ئۆلكىلىك قەشقەر دورىخانىسى** مىنگونىڭ 29 — 30 - يىل (1940 — 1941 - يىل) لىرى ئارىلىقىدا قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) خادىمى ۋە خىزمەتچىسى 43، دىرېكتورى ما باۋشەن ئىدى.

**3) نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسى** مىنگونىڭ 29 — 30 - يىل (1940 — 1941 - يىل) لىرى ئارىلىقىدا قۇرۇلغان، ئۇزۇن ئۆتمەي تاقالغان.

**4) باشقا داۋالاش ئاپپاراتلىرى** شەھەر ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەر كونسۇلخانىسى داۋالاش ئورنى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى داۋالاش ئورنى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا داۋازا ئەلچىخانا كوچىسىدا يۈسۈپھاجى قەشقىرىنىڭ مىللىي شىپاخانىسى، ئۆستەڭ بويى كوچىسىدا ھاپىزخان مەخسۇمنىڭ شىپاخانىسى، ئوپال يېزىسىدا مەتخاننىڭ شىپاخانىسى، بۆلاقسۇ يېزىسىدا توختى نەزەرنىڭ شىپاخانىسى، سايباغ يېزىسىدا مامۇتخان خوجىنىڭ شىپاخانىسى بار ئىدى. بۇ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ تولىسى

بىر كىشى باشقۇراتتى، ئۇسكۇنىلىرى ئاددىي بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئادەتتىكى دورىلىرى بىلەنلا داۋالايتتى.

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ساقلىق ساقلاش - داۋالاش ئاپپاراتلىرى

**1) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى (بۆلۈمى)** 1952 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرەتتى. كەسپىي سەھىيە كادىرىدىن 3ى قويۇلدى. 1954 - يىلى سەھىيە بۆلۈمى ئايرىلىپ چىقتى. 1961 - يىلى يەنە مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى. 1964 - يىلى يەنە ئايرىلىپ چىقتى. 1969 - يىل 5 - ئايدا بۇ بۆلۈمنىڭ نامى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1971 - يىلى سەھىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى سەھىيە ئىدارىسى سەھىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى سەھىيە ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى 11 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1990 - يىلى 11 كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى.

**2) ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى** 1979 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىلىك پارتكوم ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى سەھىيە بۆلۈمى قوشۇمچە ئىشلەيتتى. 1979 - يىلى دائىمىي ئاپپارات قۇرۇلۇپ، ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بىر مەخسۇس كادىر قويۇلدى، سەھىيە ئىدارىسى (بۆلۈمى)نىڭ باشلىقى رەھبەرلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، سەھىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرەتتى. 1982 - يىلى ئىشخانىسى ئايرىم بولدى. 1985 - يىلدىن كېيىن مەخسۇس مۇدىر قويۇلدى.

## 3. ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى

1952 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلدى، ئەسلى ئورنى قەشقەر چاسا باشقۇرۇش رايونىدا بولۇپ، 10 ئېغىز ئۆيى، 6 تېببىي خادىمى بار ئىدى. 1954 - يىل 8 - ئايدا توققۇزاق (ھازىرقى توققۇزاق بازىرى) مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كۆچتى. 1958 - يىلى كېسەلخانا ۋە ئامبۇلاتورىيە تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى، بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قاتارلىق 22 كلىنىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى ۋە تارمىقى تەسىس قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 121 گە، كېسەل كارىۋىتى 100 گە يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 152، كېسەل كارىۋىتى 100 بولدى.

## 4. ناھىيىلىك ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى

1956 - يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچىدە قۇرۇلدى، 3 مەخسۇس خادىم قويۇلدى. 1959 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1974 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 4 مەخسۇس

خادىم قويۇلدى. 1985 ـ يىلى بىر پونكىت باشلىقى، بىر مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، 35 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ 29 ى سەھىيە تېخنىكى ئىدى، 1990 ـ يىلى 24 ئىشچى ـ خىزمەتچى، 10 تېخنىك ئىشلىدى.

## 5. ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ داۋالاش بۆلۈملىرى

1959 ـ يىلى پاختا زاۋۇتى بىلەن 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە داۋالاش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى داۋالاش بۆلۈمى 5كە يەتتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە 1 — 2 گىچە تىببىي خادىم قويۇلدى. 1990 ـ يىلى ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ داۋالاش بۆلۈمى 6گە يەتتى، ھەربىر بۆلۈمگە مەخسۇس تىببىي خادىم قويۇلدى.

## 6. رايونلۇق، يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىلىرى

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى 17گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 310غا يەتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 236. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى رايونلۇق، يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 6 — 1 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر / نامى | قۇرۇلۇش ئەھۋالى: قۇرۇلغان ۋاقتى | قۇرۇلۇش ئەھۋالى: تىببىي خادىم | قۇرۇلۇش ئەھۋالى: كېسەلخانا سېلىنغان ۋاقتى | قۇرۇلۇش ئەھۋالى: كېسەل كارىۋىتى | 1985 ـ يىلدىكى ئەھۋالى: ئىشچى ـ خىزمەتچى | 1985 ـ يىلدىكى ئەھۋالى: بۇنىڭ ئىچىدە: تېخنىك خادىم | 1985 ـ يىلدىكى ئەھۋالى: كېسەل كارىۋىتى | 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى: ئىشچى ـ خىزمەتچى | 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى: بۇنىڭ ئىچىدە: تېخنىك خادىم | 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى: كېسەل كارىۋىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سەمەن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1955.6 | 4 | 1959 | 30 | 31 | 19 | 45 | 20 | 17 | 40 |
| توققۇزاق داۋالاش پونكىتى | 1953 | 6 | — | — | — | — | — | — | — | — |
| لەڭگەر يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1957 | 6 | 1983 | 40 | 17 | 11 | 30 | 20 | 35 | 35 |
| مۇش يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1961 | 3 | 1978 | 20 | 14 | 9 | 28 | 13 | 28 | 28 |
| بەشكېرەم يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1958.2 | 3 | 1962 | 22 | 30 | 21 | 47 | 30 | 40 | 40 |
| قوغان يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1964 | 6 | 1965 | 10 | 30 | 24 | 60 | 30 | 60 | 60 |
| ئاۋات يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1954 | 6 | 1959 | 16 | 15 | 12 | 32 | 18 | 50 | 50 |
| بېگىئۆستەڭ يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1956 | 4 | 1967 | 20 | 30 | 24 | 50 | 25 | 50 | 50 |
| پاختەكلە يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1974 | 5 | 1975 | 20 | 16 | 12 | 30 | 23 | 30 | 30 |
| ئوغۇساق يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1961 | 3 | 1977 | 20 | 12 | 9 | 30 | 14 | 9 | 28 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سايباغ يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1957 | 6 | 1978 | 16 | 14 | 10 | 40 | 18 | 13 | 40 |
| يۇلاقسۇ يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1956 | 7 | 1965 | 30 | 20 | 17 | 40 | 19 | 15 | 40 |
| تاشمىلىق يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1956 | 6 | 1974 | 22 | 15 | 12 | 40 | 15 | 11 | 30 |
| ئوپال يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1956 | 6 | 1956 | 12 | 19 | 15 | 36 | 19 | 15 | 36 |
| زەمىن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1959 | 3 | 1985 | 16 | 18 | 14 | 16 | 18 | 13 | 40 |
| ئاقتاش يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1984 | 5 | 1984 | 14 | 8 | 5 | 14 | 7 | 3 | 15 |
| خاڭدى يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1984 | 7 | 1984 | 13 | 10 | 7 | 13 | 14 | 11 | 13 |
| تېرىم يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى | 1984 | 5 | 1984 | 5 | 6 | 5 | 5 | 7 | 4 | 10 |

ئىزاھات: توققۇزاق داۋالاش پونكىتى 1954 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## § 2 . داۋالاش كەسپى

### 1. ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالىشى

1952 ـ يىلى ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دە خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلدى. 1954 ـ يىلى توققۇزاققا كۆچتى. 1959 ـ يىلى كېسەلخانا ۋە ئامبۇلاتورىيە، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، داۋالاش شارائىتى تەدرىجىي ياخشىلاندى. 1985 ـ يىلى يەر كۆلىمى 40 نەچچە مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5368 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈنىۋېرسال دوختۇرخانا بىنا قىلىندى. ئۇنىڭدا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى، باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئوكۇل قويۇش بۆلۈمى، تېڭىش بۆلۈمى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، رادىئو ئاكتىپلىق نۇر بىلەن داۋالاش بۆلۈمى، جۇڭگو تېبابىتى، غەرب تېبابىتى دورىخانىسى، تۇغۇت بۆلۈمى، كۆز بۆلۈمى، ئۇيغۇر تېبابىتى بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. 1989 ـ يىلى 1 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4520 كۋادرات مېتىرلىق كېسەلخانا بىناسى ۋە دورا بىناسى سېلىندى. ئۇنىڭدا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى، باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئامبۇلاتورىيە، رادىئو ئاكتىپلىق نۇر بىلەن داۋالاش بۆلۈمى، لابوراتورىيە، جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى، ئارقا سەپ بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى.

1958 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بىر جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرى جۇڭگو تېبابىتى بويىچە داۋالاشنى باشلىدى. 1960 ـ يىلى بىر مەھەل ئىشتىن توختاپ قالدى. 1970 ـ يىلى قىيىن كېسەللىكلەرنى جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش باشلاندى. 1982 ـ يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، 2 ئۇيغۇر تېۋىپ قويۇلدى. داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى 40 تىن ئاشتى. 1990 ـ يىلى خىلى ئىلغار چوڭ ئۈسكۈنە 10غا يەتتى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى داۋالاش ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى

مەدەنىيەت: 6 — 2 ـ جەدۋەل

| ماشىنا ـ ئۈسكۈنە نامى | تىپى | سانى | قىممىتى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| «B» ئوپېراتسىيە سايمانلىرى بولىقى | | 1 | 767 |
| ئورتاللىق دوۋساق تەكشۈرۈش ئەينىكى | YD — 24 | 1 | 1080 |
| كۆلەڭگۈسىز لامپا | | 1 | 900 |
| ئېلېكتر كاردىئوگرامما | | 1 | 2700 |
| B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى | | 1 | 2322 |
| دېزىنفېكسىيە قازىنى | | 1 | 918 |
| تۇراقلاشتۇرغۇچ | | 1 | 473 |
| ناركوز ئاپپاراتى | | 1 | 237 |
| توققۇز كۆزلۈك كۆلەڭگۈسىز لامپا | | 1 | 829 |
| تۆت كۆزلۈك كۆلەڭگۈسىز لامپا | | 1 | 379 |
| سايمان ئىشكاپى | | 2 | 800 |
| تۇغۇت كارىۋىتى | | 1 | 948 |
| PH ـ مېتىر | PZL — 25 | 1 | 355 |
| ئوپتىكىلىق شكالالىق ئانالىز تارازىسى | TG — 32813 | 1 | 527 |
| فوتوپلاشتۇرغۇچى ئاپپارات | | 1 | 592 |
| مۇچە ئۆزگەرتكۈچ كومپيۇتېر قىلىنغان مىكروسكوپ | | 2 | 700 |
| چىش داۋالاش ئاپپاراتى | YTX — 10 | 1 | 1474 |
| دولقۇن سىزىقىنى خاتىرىلىگۈچ | | 1 | 1600 |
| پروپېكسىيە ئاپپاراتى | | 1 | 2200 |
| ئوپېراتسىيە كارىۋىتى | | 1 | 319 |
| قىسقا دولقۇنلۇق داۋالاش ئاپپاراتى | | 1 | 550 |
| لازېر نۇرلۇق داۋالاش ئاپپاراتى | | 1 | 2500 |
| مىكرو دولقۇنلۇق داۋالاش ئاپپاراتى | | 1 | 2310 |
| ماگنىتلىق داۋالاش ئاپپاراتى | | 1 | 291 |
| ئاۋاز چاستوتىلىق ئېلېكترونلۇق داۋالاش ئاپپاراتى | | 1 | 379 |
| توڭلاتقۇ | | 2 | 2140 |
| ئۆستۈرۈش ساندۇقى | | 2 | 2500 |
| سېنتىرفۇگ | | 2 | 2500 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئانالىز تارازىسى | | 1 | 527 |
| «581» فوتو ئېلېكتر رەڭ ئۆلچىگۈچ | | 2 | 530 |
| كىر ئالغۇ | | 1 | 5726 |
| قۇرۇتقۇ | | 1 | 5464 |
| قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى | | 2 | 52200 |
| رېنتگېن ئاپپاراتى | K — 200 | 1 | 20000 |
| «ئازادە» ماركىلىق 5 توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلى | | 1 | 30000 |
| «B» تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى | L — 300 | 1 | 65000 |
| چولڭ تىپتىكى سوزۇقلۇق ئىشلەش بىرلەشمە ئۈسكۈنىسى | | 1 | 122000 |
| رېنتگېن نۇرى بىلەن تەكشۈرۈش ئاپپاراتى | KE — 200 | 1 | 30000 |
| بىئو ـ خىمىيىلىك ئانالىزاتور | SF — 1A | 1 | 22600 |

ئاپپاراتلار، خادىملارنىڭ كۆپىيىشىگە، ئۈسكۈنە شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، داۋالاش تېخنىكىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1985 ـ يىلى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى قان تومۇر كېسەللىكلىرى، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىدىن باشقا مېڭە پەردە ياللۇغى، دىئابېت كېسىلىنىمۇ داۋالىيالايدىغان بولدى. ئاياللار كېسەللىكلەر بۆلۈمى قورساقنى كېسىپ بالىنى ئېلىش، بالىياتقۇ سىرتىدىكى ھامىلىنى ئېلىۋېتىش، بالىياتقۇنى پۈتۈنلەي كېسىپ ئېلىۋېتىش، بالىياتقۇ ئۆسمىسىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىلىرىنى قىلالايدىغان، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئاشقازان ئوپېراتسىيىسىدىن يۇقىرى قورساق ئوپېراتسىيىلىرىنى قىلالايدىغان بولدى. 1990 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا بوغماق ئۆچەينىڭ ئوڭ يېرىمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، ئاشقازان، تال، بۆرەك، بالىياتقۇ قاتارلىقلارنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسىنى قىلالايدىغان بولدى.

## 1980 — 1990 ـ يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە كېسەللەرنىڭ كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 6 — 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | كېسەل كۆر- سەتكەن- لەر | كېسەلخانىدا ياتقانلار | | | داۋالانغانلار | | | | | | ساقى- يىش نىسبىتى % | ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يىل- لار بېش- دا يار- لار | يىل ئىچىدە كىر- گەنلەر | باشقا بۆ- لۈم- لەر- دىن كىر- گەن- لەر | جەمئىي | ساقاي- غانلار | ياخشى- لانغانلار | ساقاي- مىغانلار | ئۆ- لۈپ كەت- كەن- لەر | باشقى- لار | | |
| 1980 | 22522 | 24 | 1873 | 23 | 1827 | 1613 | 175 | 16 | 23 | 23 | 88 | 1.26 |
| 1981 | 25078 | 47 | 2214 | 16 | 2198 | 1829 | 253 | 87 | 29 | 20 | 83 | 1.30 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 31241 | 61 | 2264 | 3 | 1986 | 1672 | 182 | 94 | 38 | 265 | 84.19 | 1.91 |
| 1983 | 34185 | 74 | 2623 | — | 2416 | 2116 | 166 | 101 | 33 | 211 | 87.58 | 1.37 |
| 1984 | 40768 | 70 | 2397 | 11 | 2229 | 1920 | 208 | 68 | 33 | 195 | 86.14 | 1.36 |
| 1985 | 27618 | 43 | 2944 | — | 2920 | 2482 | 325 | 83 | 30 | 334 | 85.12 | 1.16 |
| 1986 | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — |
| 1987 | 16063 | 72 | 1600 | 6 | 1603 | 1012 | 311 | 54 | 22 | 204 | 72.34 | 1.57 |
| 1988 | 35222 | 72 | 3130 | — | 3143 | 1940 | 671 | 115 | 52 | 365 | 69.83 | 1.87 |
| 1989 | 27411 | 54 | 3385 | 3 | 3383 | 2011 | 837 | 163 | 33 | 339 | 66.03 | 1.08 |
| 1990 | 29816 | 67 | 3008 | 6 | 3048 | 1716 | 884 | 152 | 32 | 264 | 61.64 | 1.15 |
| جەمئىي | 289884 | 574 | 25438 | 68 | 24753 | 18311 | 4012 | 933 | 325 | 3266 | 78.39 | 1.403 |

ئىزاھات: 1986 - يىللىق سانلار يوق، 1987 - يىللىق سانلاردىن ئالدىنقى يېرىم يىللىقلا بار.

## 2. رايون، يېزا ساقلىق ساقلاش - داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ داۋالىشى

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا رايون، يېزىلاردا شەخسلەر ئاچقان 3لا داۋالاش ئورنى بولۇپ، ئاممىنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈشى تەس ئىدى. 1958 - يىلى توققۇزاق رايونلۇق داۋالاش پونكىتى ۋە باشقا رايونلاردا شىپاخانا (ساقلىق ساقلاش ئورنى) ـقۇرۇلۇپ، داۋالاش شارائىتى ياخشىلاندى، ئاممىنىڭ ئۆز يۇرتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈشى ئاسانلاشتى. 80 - يىللارغا كەلگەندە ناھىيىدىكى يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىلىرىنىڭ مۇئەسسەلىرى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، خادىملىرى تولۇقلىنىپ، ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدىغان بولدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ساقلىق ساقلاش - داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەرەققىياتى

مەدەنىيەت: 6 — 4 . جەدۋەل

| يىللار | جەمئىي | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | سەھىيە - ئانا بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى | ئىدارە داۋالاش بۆلۈملىرى | يېزىلىق (رايونلۇق) دوختۇرخانىلار | كەنت (چوڭ ئەترەت) ساقلىق ساقلاش ئورۇنلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 1 | 1 | | | | |
| 1955 | 1 | 1 | | | | |
| 1960 | 11 | 1 | | 1 | 9 | |
| 1965 | 15 | 1 | | 1 | 13 | |
| 1970 | 14 | 1 | | | 13 | |
| 1975 | 142 | 1 | 1 | | 10 | 130 |
| 1978 | 143 | 1 | 1 | | 10 | 131 |
| 1980 | 145 | 1 | 1 | 3 | 10 | 130 |
| 1985 | 156 | 1 | 1 | 5 | 17 | 132 |
| 1986 | 222 | 1 | 1 | 6 | 17 | 197 |
| 1987 | 229 | 1 | 1 | 6 | 17 | 205 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 229 | 1 | 1 | 6 | 17 | 205 |
| 1989 | 254 | 1 | 1 | 6 | 17 | 237 |
| 1990 | 245 | 1 | 1 | 6 | 17 | 228 |

## 3 . دورا ئىشلەش

1972 - يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا دورا ئىشلەش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بىر دورىگەر قويۇلدى، ئۇ كۈنىگە 500 مىللىلىتىرلىقتىن 50 بوتۇلكا پار سۈيى ئىشلەپچىقاردى، گلۇكوزا سۇيۇقلۇقى، فىزىئولوگىيىلىك تۇز ئېرىتمىسى، رىۋانول، پروكائىن، مېركوروخروم، سۆسۈن گېنتىئان ئېرىتمىسى، كىر چىقارغۇچ قاتارلىقلارنى تەڭشەپ بەردى ھەم ئەش توقۇلما سۇيۇقلۇقى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. دورىگەرلەر 1979 - يىلى 3كە يەتتى، 1985 - يىلى 5كە يەتتى، كۈنىگە 500 مىللىلىتىرلىقتىن 250 بوتۇلكا سۇيۇقلۇق ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. 1983 - يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى دورا زاۋۇتى سېلىنىپ، يۆتەل زەپە قىيامى، روبان قىيامى، بەھى قىيامىغا ئوخشاش 17 خىل دورىنى ئىشلىدى، ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 600 يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى ئىشلەنگەن دورا سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ قىممىتى 20 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1989 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 37 مىڭ 82 يۈەنگە يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دورا ئىشلەش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 602 كۋادرات مېتىرلىق دورا بىناسى (2 قەۋەتلىك) سېلىندى، دورا سۇيۇقلۇقى ئىشلەيدىغان چوڭ تىپتىكى چاتما لىنىيە قۇرۇلمىسى سېتىۋېلىندى، بۇ قۇرۇلما 5%GS، 10%GS، 09%GS (گلۇكوزا، ناترىي خلور) قا ئوخشاش ئوكۇل سۇيۇقلۇقلىرىنى ئىشلىيەلەيدۇ.

## 4 . پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

سەھىيە سىستېمىسىنىڭ «ئوڭ تاغاق بىلەن يۇقىرىقى بىلەك ئارىلىقىدا ئۆسكەن ئۆسمىنى ئېلىۋېتىپ، يىراق ئۇچ مۆچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلاش»، «يانباش ئۇچەي قارنى نېكروزلىنىشتىن شوك بولۇپ قالغان كېسەلنى داۋالاش تەسىراتى»، «كاسالپىنىيە دورىسى بىلەن يەلنى توسۇپ، جىددىي خاراكتېرلىك بەل چىش بولۇشنى داۋالاش تەسىراتى» قاتارلىق پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1989 - يىلى «ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال قان تومۇرنى تەكشۈرۈشتىن 100 مىسال» ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1990 - يىلى «قوۋۇزغا سۇنۇقنى رېنتگېن نۇرى بىلەن تەكشۈرۈشتىن 523 مىسال» ۋە «يېتەكلەشنى ئاساس قىلىش فاكچېنىنى قوللىنىپ، دوختۇرخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىلەر ۋىلايەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

# 3 § . داۋالاش تۈزۈمى

## 1 . ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش

1955 - يىلى ناھىيە ۋە رايونلاردا ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كومىتېتى

قۇرۇلدى، ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ دائىرىسى، داۋالىنىش ئورۇنلىرى بەلگىلەندى، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىشنى باشقۇرۇش چارىسىغا ئاساسەن كېسەل داۋالاتقۇچىلار ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولدى. 1983 - يىلدىن ئىلگىرى قانچىلىك تالون كۆرسەتسە شۇنچىلىك ئاتچوت قىلىنىدى؛ 1983 - يىلدىن كېيىن داۋالىنىش، دورا خىراجىتىنى مۆددىگە بېرىش، دۆلەت مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1990 - يىلى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالانغانلار 6000غا، مالىيەدىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشقا ئاجرىتىلغان پۇل 502 مىڭ 140 يۈەنگە يەتتى.

**1980 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش ئەھۋالى**

مەدەنىيەت: 6 — 5 - جەدۋەل

| يىللار | ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالانغانلار | ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش چىقىمى (يۈەن) | يىللار | ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالانغانلار | ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش چىقىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 4200 | 79873 | 1986 | | 25565 |
| 1981 | 4400 | 84994 | 1987 | | 294413 |
| 1982 | 4600 | 93582 | 1988 | | 295959 |
| 1983 | 4780 | 198013 | 1989 | | 419358 |
| 1984 | 5100 | 20785 | 1990 | | 502140 |
| 1985 | 5700 | 244000 | | | |

## 2. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش

1959 - يىلى تاشمىلىق، بۇلاقسۇ گۇڭشېلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى سىناق قىلىندى. 1974 - يىلغا كەلگەندە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلار 40 مىڭ 606غا يەتتى. 1975 - يىلى ئوپال، سايباغ، يېڭىئۆستەڭ، سەمەن قاتارلىق گۇڭشېلاردا كەينى - كەينىدىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلغان گۇڭشې 6گە يەتتى، 1979 - يىلى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلار 130 مىڭ 773كە يەتتى. 1980 - يىلى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتىلدى، كېيىنكى يىلى 10 گۇڭشېدا 156 مىڭ 925 ئادەم ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى. 1982 — 1984 - يىلغا قەدەر ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلغان گۇڭشې 12 گە، قاتناشقانلار 216 مىڭ 555كە يەتتى. 1985 - يىلى بەشكېرەم، ئاۋات يېزىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان 15 يېزىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ بولدى. ناھىيە بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلار 220 مىڭ 765كە يېتىپ، يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %38.76نى ئىگىلىدى. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش مەبلىغى ئاساسەن يېزا، كەنتلەرنىڭ جامائەت جۇغلانمىسى ۋە دېھقانلارنىڭ جۇغلىشىدىن كەلدى. جۇغلانغان پۇل ھەر يىلى ھەر كىشىگە 2 — 2.5 يۈەندىن توغرا كەلدى، يېتىشمىگەن قىسمى ئۈچۈن دۆلەت مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بەردى.

### 3. ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە قارىتا ئەمگەك سۇغۇرتىسى ھېسابىغا داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بەزى كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، پەرزەنتلىرى ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتىنىڭ يېرىمىدىن بەھرىمەن بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانا 53كە، بۇ خىراجەتتىن بەھرىمەن بولغان ئىشچى - خىزمەتچى 1711گە، داۋالاش چىقىمى 65 مىڭ 164 يۈەنگە يەتتى. ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش مەبلىغىنى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزى غەملىدى.

## § 4 . تازىلىق، ساقلىق ساقلاش

### 1. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

50 - يىللارنىڭ بېشىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «ھەرىكەتكە كېلىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، كېسەللىكلەرنى ئازايتىپ، ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەيلى» دېگەن چاقىرىقى بويىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئەھدىنامىلىرى تۈزۈلۈپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاش يولغا قويۇلۇپ، تازىلىق قىياپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1958 - يىلى «ناھىيىلىك زىيانداشلارنى، كېسەللىكلەرنى يوقىتىش رەھبەرلىك بەنزىسى» قۇرۇلدى، بۇ بەنزىگە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، ھاكىم قوماندان بولدى، شەھەر، يېزىلاردا «4 زىيانداش»نى يوقىتىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تازىلىق خىزمىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1960 - يىلى ئەتىيازدىلا پاسكىنا ئازگاللاردىن 10 نەچچە مىڭ تىندۇرۇۋېتىلدى. 13 مىڭ 382 چاشقان، 27 كىلوگرام چىۋىن لىچىنكىسى، 2.6 كىلوگرام پاشا لىچىنكىسى يوقىتىلدى. 1979 - يىلى «ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى» قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئاستىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بۇ كومىتېت سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ مۇھىت، يېمەكلىك تازىلىقىنى ئۇيۇشتۇرۇش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پائال ئىشلىدى. بۇ كومىتېتقا 1985 - يىلى مەخسۇس مۇدىر قويۇلدى.

### 2. سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش

1956 - يىلىنىڭ بېشىدا يۇقۇمدىن ساقلىنىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، بۇ گۇرۇپپا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قارىدى. 1959 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1974 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپتوموبىلى، گېنېراتور، قۇرۇتۇش ساندۇقى، مىكروسكوپ، يۇقىرى بېسىملىق مىكروبسىزلاندۇرۇش ئەسۋابى، توڭلاتقۇ، سېنتىرىفۇگا (چۆكتۈرۈش ماشىنىسى) قاتارلىق لابوراتورىيە ئۈسكۈنىلىرى ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ماشىنا -

سايمانلىرى تەدرىجىي سەپلەپ بېرىلدى. 1980 - يىلى پونكىتتا يۇقۇمدىن ساقلىنىش، يەرلىك كېسەللىكلەر، تازىلىق، تەكشۈرۈش، ئانا - بالىلار، مەمۇرىي ئىشلار قاتارلىق 6 گۇرۇپپا (بۆلۈم) تەسىس قىلىنىپ، ناھىينىڭ سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش، قوماندانلىق قىلىش مەركىزى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 1983 - يىلدىن بۇيان يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 3727 كىشىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلۈپ، مۇشۇ ساھەگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرى ۋاقتىدا يۆتكىۋېتىلدى؛ مەكتەپلەردە تازىلىق ساۋاتلىرى تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. ئومۇمىي خەلققە چېچەك ۋاكسىنىسى، بوغۇم - كۆكيۆتەل - قاتما بىرلەشمە ۋاكسىنىسى، كالمېت - گېرۇن ۋاكسىنىسى، كېزىك، قىزىل ۋاكسىنىلىرى ئەملەش ۋە بالىلارغا موپوسىل كومۇلچى ئىچكۈزۈش پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىپ، چېچەك ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى، تولغاق، جىگەر ياللۇغى، قىزىل، باش تېمىرەتكىسى كېسەللىكلىرى كىچىك دائىرىدە كۆرۈلۈپ قالغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئۇنۇملۈك تىزگىنلەندى ۋە داۋالاپ تۈگىتىلدى.

**1977 — 1990 - يىلغىچە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدە بالىلارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش ۋە كارتوچكا تۇرغۇزۇلۇش ئەھۋالى**

مەدەنىيەت: 6 — 6 - جەدۋەل

| يىللار | بالا سانى | كالمېت - گېرۇن ۋاكسىنىسى | | موپوسىل كۆمۈلچى | | بوغۇم - كۆكيۆتەل - قاتما بىرلەشمە ۋاكسىنىسى | | قىزىل ۋاكسىنىسى | | كارتوچكا تۇرغۇزۇش | | تۆت خىل ۋاكسىنىنىڭ قاپلاش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەملەنگەنلەر | ئەملىنىش نىسبىتى (%) | ئەملەنگەنلەر | ئەملىنىش نىسبىتى (%) | ئەملەنگەنلەر | ئەملىنىش نىسبىتى (%) | ئەملەنگەنلەر | ئەملىنىش نىسبىتى (%) | ئەملەنگەنلەر | ئەملىنىش نىسبىتى (%) | |
| 1977 | 6008 | 5512 | 91.74 | 5517 | 91.82 | 5496 | 91.47 | 5513 | 91.76 | 5512 | 91.74 | 58.23 |
| 1978 | 6515 | 6093 | 93.52 | 6087 | 93.43 | 6031 | 92.57 | 6079 | 93.30 | 6093 | 93.52 | 61.24 |
| 1979 | 6815 | 6441 | 94.51 | 6439 | 94.48 | 6417 | 94.15 | 6431 | 94.36 | 6440 | 94.51 | 64.70 |
| 1980 | 6914 | 6623 | 95.79 | 6619 | 95.73 | 6593 | 95.35 | 6646 | 96.12 | 6620 | 95.78 | 61.99 |
| 1981 | 6710 | 6491 | 96.73 | 6487 | 96.67 | 6413 | 95.57 | 6516 | 97.10 | 6490 | 96.72 | 83.46 |
| 1982 | 8065 | 7796 | 96.66 | 7793 | 96.62 | 7741 | 95.98 | 7758 | 96.19 | 6795 | 96.65 | 74.71 |
| 1983 | 7546 | 7399 | 98.05 | 7391 | 97.94 | 7326 | 97.08 | 7441 | 98.60 | 7398 | 98.04 | 79.46 |
| 1984 | 8159 | 7887 | 96.66 | 7880 | 96.58 | 7841 | 96.10 | 7911 | 96.96 | 7875 | 96.66 | 83.51 |
| 1985 | 8632 | 8546 | 99.03 | 8549 | 99.03 | 8497 | 98.43 | 8517 | 98.66 | 8541 | 99.02 | 86.13 |
| 1986 | 9320 | 9117 | 97.82 | 9113 | 97.77 | 9096 | 97.59 | 9211 | 98.83 | 9113 | 97.81 | 86.17 |
| 1987 | 10841 | 10673 | 98.45 | 10643 | 98.17 | 10591 | 97.69 | 10617 | 97.93 | 10671 | 98.40 | 87.41 |
| 1988 | 9393 | 9307 | 99.02 | 8483 | 90.31 | 7885 | 83.84 | 12941 | 99.14 | 9380 | 99.80 | 93.79 |
| 1989 | 12223 | 12100 | 98.99 | 11910 | 99.76 | 7395 | 97.23 | 9650 | 83.73 | 12210 | 99.80 | 90.79 |
| 1990 | 12872 | 12689 | 98.57 | 11585 | 85.99 | 11197 | 83.60 | 12639 | 98.59 | 12853 | 99.90 | 91.57 |

## 1) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش

1956 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بورختاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ)، لەڭگەر، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق رايونلاردا

ھەرخىل دەرىجىدە قىزىل تارقالدى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە ئاۋات رايونلۇق ساقلىق ساقلاش ئورنى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋاقتىدا داۋالاپ، يامراپ كېتىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى.

1959 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارمىقى ئۇيۇشتۇرغان 10 نەپەر يۇقۇمدىن ساقلىنىش كادىرى مۇشۇ ناھىيىنىڭ 9 گۇڭشېسى، بىر مەيدانىدا تارقالغان تولغاق، قىزىل قاتارلىق كېسەللەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ۋە داۋالاپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1959 - يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈش ۋە داۋالىنىش ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات**

مەدەنىيەت: 6 — 7 - جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر

| كېسەللىكلەر / گۇڭشېلار | بەزگەك | قىزىل | باشقا كېسەللىكلەر | چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملەنگەنلەر |
|---|---|---|---|---|
| زەمىن | 6 | 42 | 1475 | 4005 |
| بورختاي | 7 | — | 508 | 1181 |
| تاشمىلىق | 20 | — | 127 | 2414 |
| ئوپال | 13 | — | 975 | 2083 |
| توققۇزاق | — | — | 382 | 2128 |
| لەڭگەر | — | — | 382 | 1845 |
| بەشكېرەم | 1 | 12 | 150 | 2347 |
| ئاۋات | 3 | 78 | 685 | 2478 |
| يېڭىئۆستەڭ | 12 | 60 | 412 | 3312 |
| «سۇتتىسى ھەمراھە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى | — | 7 | 250 | 150 |
| جەمئىي | 62 | 199 | 5346 | 21943 |

1962 - يىل 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇلاقسۇدا قاراكېزىك ۋە كالا تاسما مەددە كېسىلى تارقالدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئورنىدىن خۇاڭ جۇڭئەن قاتارلىق 3 كىشى بۇلاقسۇغا كېلىپ قاراكېزىك بولغان 58 كىشىنى ۋە كالاتاسما مەددە كېسىلىگە گىرىپتار 63 كىشىنى داۋالىدى، قارا كېزىك بولۇپ قالغانلاردىن 7سى ئۆلۈپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى.

1962 - يىلى يېزىلاردا كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەل بولۇپ قېلىش ۋە ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ناھىيىلىك داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئورنى پائال تەدبىر قوللىنىپ، تېزلا تىزگىنلىۋالدى ۋە ساقايتىۋالدى. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگە قەدەر، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئورنىنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان خىزمەت گۇرۇپپىسى سايباغ رايونىدىكى توققۇزاق گۇڭشېسىنىڭ كېسەل تارقالغان رايونىدا تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئېلىپ باردى. بۇ گۇڭشېدا 9 چوڭ ئەترەتتىكى 5500 كىشىنىڭ 164ى ھەرخىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىش نىسبىتى %98.2كە يەتتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 22 كىشىنىڭ ئىششىق كېسىلى، 35 كىشىنىڭ قوتۇر كېسىلى، 20 كىشىنىڭ ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئورۇقلاپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى، بۇ 77 كىشى كېسەلگە

گىرىپتار بولۇپ قالغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 47%نى ئىگىلىدى. 10 كۈن داۋالىغاندىن كېيىن ھەممىسى ساقىيىپ كەتتى.

1964 - يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ، زەمىن، ئوغۇساق رايونلىرىغا تەۋە 10 گۇڭشې، 28 چوڭ ئەترەت، 45 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئۈچەي يۇقۇملۇق كېسىلى كۆرۈلدى، كېسەل تارقالغان 56 نۇقتىدا 61 كىشى مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، ئۇلاردىن 16 سى ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلۈش نىسبىتى 26%نى ئىگىلىدى. بەشكېرەم رايونىدا 46 كېسەلدىن 10ى ئۆلۈپ كەتتى؛ يېڭىئۆستەڭ رايونىدا 13 كېسەلدىن 5 ى ئۆلۈپ كەتتى؛ زەمىن رايونىدا بىر كىشى مۇشۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۆلۈپ كەتتى؛ ئوغۇساق رايونىدا بىر كىشى مۇشۇنداق كېسەل بىلەن يۇقۇملاندى. مۇشۇنداق كېسەل بولۇپ قالغان 61 كىشىنىڭ 50ى دېھقان، بۇنىڭ ئىچىدە ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار كۆپرەك، ياشانغانلار، باللار ئۇلاردىن كېيىن تۇرىدۇ. تۇنجى كېسەل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بايقالدى، ئاخىرقى كېسەل 9- ئاينىڭ 20 - كۈنى كۆرۈلدى. كېسەل كۆرۈلگەن مەزگىلدە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت 75 تېببىي خادىم، ناھىيە 73 تېببىي خادىم ئاجراتتى، ناھىيىدە ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق باش شتابى، رايون، گۇڭشېلاردا 48 قوماندانلىق شتابى، 267 رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، 65 مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئالدىنى ئېلىش جەريانىدا 160 مىڭ 955 كىشىگە 140 نەچچە مىڭ مىللىلىتىر ۋاكسىنا ئوكۇل قىلىندى، ئوكۇل سېلىنغانلار ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 95% نى ئىگىلىدى.

1986 - يىل 9 - ئايدا قوغان يېزىسىدا سېرىقلىق چۈشۈش خاراكتېرىدىكى ئۆتكۈر جىگەر ياللۇغى تارقىلىپ، مەكىت، يەكەن، قەشقەر، قەشقەر يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلارغا يامرىدى، 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر مۇشۇنداق كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان 3433 كىشى مەلۇم قىلىندى، 10 كىشى ئۆلۈپ كەتتى. 17 ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئەترىتى، 131 سەھىيە خادىمىنىڭ جىددىي ئالدىنى ئېلىشى ۋە داۋالىشى ئارقىلىق ئۇلاردىن 742 سى ساقايدى. شۇ يىلى بۇ يېزىدا يەنە يۇقۇملۇق مېڭە ياللۇغى كېسىلى تارقالدى. شۇ يىلى بەشكېرەم يېزىسىدا كالا ئازار كېسىلى كۆرۈلۈش نىسبىتى خېلى يۇقىرى بولدى، شۇڭا 6 كەنت، 581 ئائىلىدىكى 116 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر دائىرىگە بروم ۋە سىيانوگېنلىق، جۇخارگۇل مېيىلىق دورىلار چېچىلىپ كۆمۈتا يوقىتىلدى. 1986 - يىل 9 - ئايدا ناھىيە يېزىلارغا تۇبېركۇليوزدىن ساقلىنىش كادىرى سەپلەپ بەردى، ناھىيىدە تۇبېركۇليوزدىن ساقلىنىش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. سەھىيە مىنىستىرلىكى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگە قەدەر قەشقەر ۋىلايىتىدە «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تۇبېركۇليوز كېسىلىدىن ساقلىنىش - داۋالاش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئۆتكۈزدى، يىغىنغا مەملىكەتتىكى 29 ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون)دىن كەلگەن سەھىيە نازارەتلىرى، تۇبېركۇليوز تەتقىقات (ساقلىنىش) ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى ھەم ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ بۆلۈمىدىن كەلگەن تۇبېركۇليوزدىن ساقلىنىش مۇتەخەسسىسلىرى، پروفېسسورلار، تېخنىكلار ۋە ۋەكىللەر بولۇپ 170 نەچچە كىشى قاتناشتى، يىغىندىن كېيىن ئۇلار تۇبېركۇليوزدىن ساقلىنىش خىزمەت نۇقتىسى قىلىنغان بەشكېرەم يېزىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

1988 - يىل 7 - ئايدا خولېرا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان تۇنجى كېسەل بايقالدى، خولېرا كېسىلى ناھايىتى تېزلا ناھىيىدىكى 15 يېزا، بازارغا يامراپ، ناھىيە بويىچە 353 كىشى مۇشۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ، 8ى ئۆلۈپ كەتتى. ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارمىقىنىڭ جىددىي مۇداپىئە كۆرۈشى ۋە داۋالىشى ئارقىسىدا، كېسەلنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى تېز تىزگىنلىۋېلىندى.

1990 - يىلى ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى، خانقى، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، يېڭىئۆستەڭ يېزىلىرىدىكى 29 كەنت، 2 بازاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىدا جەمئىي 76.2 كىلومېتىر سۇ

تۇرغۇزۇپ، 32 مىڭ 236 ئادەمنىڭ ۋە 577 مىڭ 100 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىندى.

## 2) يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش

ناھىيىدە پوقاق، كالا ئازار، تاز، قوتۇر، ماخاۋ، بىرۇتسېللا تاياقچە باكتېرىيىسى، فتوردىن زەھەرلىنىش قاتارلىق يەرلىك كېسەللىكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارمىقى ئۇنۇۋېرسال ساقلىنىش، داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1985 ـ يىلى تاز، قوتۇر ئاندا ـ ساندا كۆرۈلگەندىن تاشقىرى كالا ئازار، پوقاق كېسەللىكلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، ماخاۋ ئاساسىي جەھەتتىن يوقالدى. 1990 ـ يىلى يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارمىقىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ يۇرغۇنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى.

**قەشقەر كوناشەھەرناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردا ئاساسلىق يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈش ئەھۋالى**

مەدەنىيەت: 6 — 8 ـ جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | كالا ئازار كېسىلى | پوقاق | تاز | قوتۇر كېسىلى | ماخاۋ كېسىلى | جىنسىي كېسەل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | — | — | — | 2958 | — | — |
| 1981 | 4 | — | 5452 | 2070 | — | — |
| 1982 | 3 | 948 | 8310 | 1759 | — | — |
| 1983 | 7 | 164 | 7038 | 1541 | 3 | 13 |
| 1984 | 21 | — | 18563 | 1691 | — | — |
| 1985 | 10 | 160 | 1845 | 1019 | — | 1 |

# 3. ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش

1956 ـ يىلدىن باشلاپ ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلىغۇچىلار تەربىيىلەندى ۋە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش باشلاندى. 1980 ـ يىلى ئەمگەك سىجىللىقىنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە، ئوزۇقلۇقنىڭ يېتىشمەسلىكىگە ئەگىشىپ، بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش، سۈيدۈك ئاقمىسى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان ئاياللار كۆپىيىپ كەتتى؛ ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تارمىقى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ۋە داۋالاپ، ئەمگەك مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىپ، ئوزۇقلۇقنى كۆپەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاياللار، بالىلار كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1984 ـ يىلى 57 مىڭ 703 ئايال تەكشۈرۈلدى، بۇ تەكشۈرۈلۈشكە تېگىشلىك ئاياللارنىڭ 95.03%نى ئىگىلىدى. بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 167 ئايال، سۈيدۈك ئاقمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 5 ئايال، راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 36 بالا، كەم قانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 3 بالا تەكشۈرۈپ داۋالاندى. ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيە، يېزا، كەنت ۋە كەنت ئائىلە گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تورى شەكىللەندى. 1985 ـ يىلى ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 235كە يەتتى، ئۇلارنىڭ 17سى مەخسۇس

ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلىغۇچى. 1990 ـ يىلى بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش، سۈيدۈك ئاقمىسى قاتارلىق ئاياللار كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئازايدى، شۇ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىدىن 8نى داۋالاپ، 7 سىنى ساقايتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1980 — 1989 ـ يىللىرىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 6 — 9 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | تۇغدۇرۇلغان ئومۇمىي بوۋاق | يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغىنى | يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلۇش نىسبىتى % | ھامىلدارلارنىڭ ئۆلگىنى | يىللار | تۇغدۇرۇلغان ئومۇمىي بوۋاق | يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغىنى | يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلۇش نىسبىتى % | ھامىلدارلارنىڭ ئۆلگىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 4612 | 3740 | 81.09 | 2 | 1985 | 5475 | 4765 | 87.03 | 21 |
| 1981 | 4258 | 4015 | 94.29 | 3 | 1986 | 9024 | 8313 | 92.12 | 24 |
| 1982 | 1564 | 1222 | 78.13 | — | 1987 | 8457 | 7336 | 86.74 | 48 |
| 1983 | 5326 | 4550 | 85.42 | 9 | 1988 | 7634 | 6934 | 90.83 | 7 |
| 1984 | 7115 | 6089 | 85.57 | 23 | 1989 | 7169 | 6842 | 95.44 | 6 |

## § 5 . سەھىيە قوشۇنى

1953 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 8 بولۇپ، 5ى سەھىيە تېخنىكى ئىدى. 1954 ـ يىلى 15 كۈنلۈك يېزا دوختۇرلىرى كۇرسى ئېچىلىپ، 320 يېزا دوختۇرى يېتىشتۈرۈلدى. 1958 ـ يىلى 520 يېزا تۇغۇت ئانىسى تەربىيىلەندى. شۇ يىلى ناھىيە ۋە گۇڭشېلاردىكى دۆلەت سەھىيە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 38 بولۇپ، 32 سى سەھىيە تېخنىكا خادىمى. 1959 ـ يىلى يېرىم يىللىق يېزا دوختۇرلىرى كۇرسى ئېچىلىپ، 620 كىشى تەربىيىلەندى. 1976 ـ يىلى 2 قارار يالاڭ ئاياغ دوختۇرلار كۇرسى ئېچىلىپ 620 كىشى تەربىيىلەندى، ئۇلارنىڭ 10ى رادىئو ئاكتىپلىق نۇر بىلەن داۋالاش دوختۇرى. 1980 ـ يىلى قەشقەر تىببىي مەكتىپى 3 يىللىق سېستىرا كۇرسى ئېچىپ، 14 سېستىرا تەربىيىلەپ بەردى. 1981 ـ يىلى 2 يىللىق ئۇيغۇر تېبابەت كۇرسىدا 14 تېۋىپ تەربىيىلەندى. 1983 — 1985 ـ يىلغا قەدەر 45 سەھىيە تېخنىكا خادىمى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونغا ۋە ئىچكىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سەھىيە سىستېمىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 467گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 415 (سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 325)، ئاز سانلىق مىللەت سەھىيە تېخنىكا خادىمى 306 بولۇپ، ئومۇمىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىنىڭ %1 .94نى ئىگىلىدى؛ ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلىرى 41 بولۇپ، %62 .12نى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلىرى 209 بولۇپ، %3 .64نى ئىگىلىدى. سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە غەرب تېبابىتى فېلدشېرى 75، جۇڭگو تېبابىتى فېلدشېرى 8، ياردەمچى سېستىرا 72، تۇغۇت ئانىسى 12، فارماتسېپ 8، لابورانت 9. 1990 ـ يىلى سەھىيە خادىمى 523، سەھىيە تېخنىكى 395، بۇنىڭ ئىچىدە غەرب تېبابەت ۋراچى 93، جۇڭيى ۋراچى 3، سېستىرا 55، پراۋىزور 6، مەسئۇل لابورانت 4، فېلدشېر 46، ياردەمچى سېستىرا 96، تۇغۇت ئانىسى 3، مەسئۇل دورىگەر 8.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1953 — 1990 - يىللىرىچە سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەھۋالى

مەدەنىيەت: 6 — 10 - جەدۋەل

| سەھىيە خادىملىرى ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | مەمۇرىي خادىم: لاۋازىم | مەمۇرىي خادىم: مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى | مەمۇرىي خادىم: جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سەھىيە تېخنىكا خادىمى: باشقا تۆۋەن دەرىجىلىك سەھىيە خادىملىرى | ئاياللار ساقلىقنى ساقلىغۇچى | ئۆگەنچى لابورانت | دورىگەر | ئۆگەنچى سېستىرا | باشقا تېخنىكلار | لابورانت | فارماتسېپ | تۇغۇت ئانىسى | ياردەمچى سېستىرا | فېلدشېر | باشقا مەسئۇل تېخنىكلار | مەسئۇل لابورانت | پراۋىزور | سېستىرا | جۇڭيى ۋراچى | غەرب تېبابىتى ۋراچى | جەمئىي | ئومۇمىي خادىم | كېسەل كارىۋىتى | سەھىيە ئاپپاراتلىرى | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| — | 1 | 2 | 3 | — | — | — | — | 2 | — | — | 1 | 1 | — | 1 | — | — | — | — | — | — | 5 | 8 | — | 1 | 1953 |
| — | 1 | 3 | 4 | 3 | 4 | — | 3 | 6 | — | — | 1 | 2 | — | 3 | — | — | — | — | — | — | 22 | 26 | — | 15 | 1957 |
| — | — | 10 | 10 | — | — | 1 | 14 | 34 | — | 1 | 4 | 4 | 5 | 10 | — | — | — | — | — | — | 73 | 83 | 104 | 11 | 1960 |
| — | 4 | 15 | 19 | 16 | — | — | — | 9 | 1 | — | 1 | 6 | 15 | 23 | — | — | — | — | — | 1 | 72 | 81 | 126 | 15 | 1962 |
| — | 4 | 14 | 18 | 17 | 2 | 1 | 1 | 2 | — | 1 | 3 | 11 | 15 | 33 | — | — | — | — | — | 4 | 90 | 108 | 98 | 15 | 1965 |
| — | 6 | 18 | 24 | 9 | — | — | — | — | 25 | — | — | — | 30 | 36 | — | — | — | — | — | 4 | 104 | 128 | 196 | 14 | 1970 |
| 142 | 18 | 23 | 46 | 26 | — | 1 | 4 | — | 6 | 3 | 6 | 12 | 43 | 48 | — | — | — | — | — | 14 | 163 | 209 | 411 | 12 | 1975 |
| — | 14 | 35 | 49 | 22 | — | 8 | 3 | 1 | 4 | 2 | 4 | 9 | 53 | 61 | — | — | 1 | — | — | 13 | 181 | 230 | 451 | 12 | 1978 |
| 179 | 26 | 33 | 59 | 29 | — | 11 | 2 | 5 | 10 | 1 | 5 | 9 | 58 | 57 | 1 | — | 1 | — | — | 23 | 212 | 271 | 480 | 15 | 1980 |
| 190 | 33 | 31 | 64 | 42 | — | 10 | 3 | 22 | — | 2 | 6 | 7 | 41 | 60 | 2 | 1 | — | 7 | — | 18 | 221 | 285 | 480 | 12 | 1981 |
| 285 | 45 | 40 | 85 | 52 | — | 11 | 4 | 13 | 15 | 2 | 9 | 11 | 68 | 89 | 4 | 1 | — | 5 | — | 28 | 312 | 397 | 598 | 16 | 1982 |
| 295 | 45 | 38 | 83 | 34 | — | 8 | 10 | 11 | 17 | 8 | 9 | 14 | 64 | 88 | 3 | 1 | — | 5 | — | 33 | 325 | 415 | 618 | 16 | 1983 |
| 306 | 45 | 37 | 82 | 20 | — | 9 | 3 | 54 | 24 | 9 | 9 | 12 | 72 | 76 | 3 | 1 | — | 5 | — | 32 | 336 | 418 | 631 | 16 | 1984 |
| 314 | 65 | 68 | 133 | 14 | — | 7 | 7 | 57 | 7 | 10 | 10 | 16 | 75 | 101 | 1 | — | — | 7 | — | 23 | 325 | 467 | 687 | 19 | 1985 |
| 456 | 74 | 42 | 116 | 7 | — | 9 | 2 | 65 | 21 | 9 | 13 | 21 | 84 | 108 | 1 | — | — | 6 | 29 | — | 375 | 491 | 632 | 26 | 1986 |
| 474 | 66 | 41 | 107 | 9 | — | 8 | 5 | 93 | 12 | 11 | 15 | 21 | 97 | 99 | — | 1 | — | 9 | — | 28 | 408 | 515 | 632 | 25 | 1987 |
| 471 | 65 | 40 | 105 | 10 | — | 2 | 3 | 66 | 11 | 6 | 8 | 13 | 61 | 42 | 9 | 9 | 7 | 60 | 1 | 101 | 417 | 522 | 632 | 25 | 1988 |
| 480 | 62 | 63 | 125 | 10 | — | 3 | 4 | 49 | 6 | 10 | 7 | 3 | 85 | 55 | 3 | 6 | 9 | 54 | 3 | 102 | 409 | 534 | 695 | 25 | 1989 |
| 466 | 52 | 76 | 128 | 11 | — | 2 | 1 | 39 | 3 | 13 | 8 | 3 | 96 | 46 | 3 | 4 | 6 | 55 | 3 | 93 | 395 | 523 | 685 | 26 | 1990 |

## 6 § . سەھىيە خىراجىتى

سەھىيە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئاجرىتىپ بېرىدىغان پۇل كۆپىيىپ باردى. 1981 — 1985 ـ يىلىغا قەدەر جەمئىي 3 مىليون 540 مىڭ يۈەن سەھىيە خىراجىتى بەردى، بۇ يىلىغا 708 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى، 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكىنىڭ ئەچچە 10 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. 1986 — 1990 ـ يىلىغا قەدەر جەمئىي 8 مىليون 645 مىڭ يۈەن سەھىيە خىراجىتى بەردى، بۇ يىلىغا 1 مىليون 729 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى. خىراجەت سېلىنمىسى كۆپەيگەنلىكتىن ناھىيىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تېخىمۇ تېز راۋاجلاندى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1981 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان سەھىيە كەسپى خىراجىتى

مەدەنىيەت: 6 — 11 ـ جەدۋەل  بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ | يېزا ـ گۇڭشې شىپاخانىلىرىنىڭ | يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا ـ بالىلار ساغلىقىنى ساقلاشنىڭ | پىلانلىق تۇغۇتنىڭ | ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ | ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ | باشقىلارنىڭ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 40 | 11 | 15 | 5 | 0.3 | 0.3 | — | 0.6 |
| 1982 | 51 | 11 | 20 | 6.7 | 0.5 | 0.3 | 3.8 | 0.1 |
| 1983 | 80 | 16 | 28 | 8 | 1.5 | 0.3 | 5.6 | 2.4 |
| 1984 | 83 | 20 | 30 | 8.6 | 1.5 | 0.3 | — | 4 |
| 1985 | 100 | 18 | 35 | 7.7 | 2 | 1.5 | — | 12 |
| 1986 | 169.5 | 32.4 | 60.7 | 9.4 | | — | — | — |
| 1987 | 175.5 | 65.7 | 51.1 | 23.7 | | — | — | — |
| 1988 | 166.3 | 54 | 70.1 | 10.6 | | — | — | — |
| 1989 | 166.2 | 39.6 | 64.9 | 15.6 | | — | — | — |
| 1990 | 186.8 | 44 | 72.3 | 15.4 | | — | — | — |
| جەمئىي | 1218.3 | 311.7 | 447.1 | 110.7 | 5.8 | 2.7 | 9.4 | 19.1 |

# VII باب

# تەنتەربىيە

مىنگو دەۋرىدە يېزىلاردىكى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۆپىنچە ئىستىخىيىلىك ھالدا

ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەنتەربىيە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرىنى كۆپەيتىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك گىمناستىكا، شاھمات، توپ، يېنىك ئاتلېتىكا ۋە خەلق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

## § 1 . تەنتەربىيە ئاپپاراتلىرى ۋە مۇئەسسەسەلىرى

### 1. تەنتەربىيە ئاپپاراتلىرى

1) ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى    مىنگو دەۋرىدە مەخسۇس تەنتەربىيە ئاپپاراتى يوق ئىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 2 - رايوندىكى ناھىيىلىك ئاۋات مەكتىپىدە يازلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە، ۋاقىتلىق رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە 1046 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، ئۇلار ئىچىدە ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى 35، باشقىلار 1081؛ ئەر تەنھەرىكەتچى 716، ئايال تەنھەرىكەتچى 365.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، تەنتەربىيە خىزمىتىنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتى قوشۇمچە باشقۇردى. 1973 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بىر كەسپىي مۇئاۋىن مۇدىر، بىر تىرېنېر، 2 خىزمەتچى قويۇلدى. 1974 - يىلى چىراغلىق توپ مەيدانى ياسالدى. 1979 - يىلى بىر چىراغلىق توپ مەيدانى، بىر ۋالېبول مەيدانى ۋە بىر تىكتاك توپ مەيدانى ياسالدى. 1985 - يىلى 1260 كۋادرات مېتىرلىق غالتەكلىك كانكى مەيدانى ياسالدى ھەم ناھىيە بازىرىدا تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى كۆپەيتىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەنتەربىيە كومىتېتىدا بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 5 تىرېنېر، 3 باشقا خىزمەتچى ئىشلىدى. 1990 - يىلى بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 9 تىرېنېر، 4 باشقا خىزمەتچى بولۇپ، جەمئىي 14 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى.

1986 - يىلى تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ناھىيىلىك تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، 1990 - يىلغا قەدەر 50 نەچچە قېتىم پائالىيەت ئېلىپ باردى.

2) تەنتەربىيە مەكتىپى    1980 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۆسمۈر - بالىلار ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا بولدى. ئۆسمۈر - بالا تەنھەرىكەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ئۈچۈن، بۇ مەكتەپ ئۆز پائالىيىتىنى يىل بويى توختاتمىدى. 1985 - يىلى بۇ مەكتەپتە يەنە يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، تىكتاك توپ، ئاياللار ۋاسكېتبولى، جۇڭگوچە چېلىشىش، خەلقئاراچە چېلىشىش تۈرلىرى بويىچە 8 سىنىپ ئېچىلدى، 5 مەخسۇس تىرېنېر، 2 قوشۇمچە تىرېنېر سەپلەپ بېرىلدى، 115 كۇرسانت ئوقۇدى. 1985 - يىلى بۇ مەكتەپ ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى بولۇپ باھالاندى.

1986 - يىلى مەكتەپنىڭ سىنىپى 5 بولۇپ، يېنىك ئاتلېتىكا، چېلىشىش، پۇتبول ئەرلەر B گۇرۇپپىسى، ئوغۇللار گۇرۇپپىسى، قىزلار گۇرۇپپىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈندى، تىرېنېرى 5، ئوقۇغۇچىسى 105 بولدى. 1988 - يىلى سىنىپى 5 بولۇپ، يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، چېلىش، قارىغا ئېتىش تۈرلىرى تەسىس قىلىندى، تىرېنېرى 6، ئوقۇغۇچىسى 95 بولدى. 1990 - يىلى سىنىپى 6 بولۇپ، ۋېلسىپىت، يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، ۋاسكېتبول، چېلىشىش، قارىغا ئېتىش قاتارلىق 6 تۈرگە بۆلۈندى، 6 كىشى مەخسۇس تىرېنېرلىق، بىر كىشى قوشۇمچە تىرېنېرلىق قىلدى، 105 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى.

1987 ـ يىلى ۋە 1988 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ مۇسابىقىلىرىدە، بۇ مەكتەپ كوماندىسى يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 قېتىم 3 ـ لىككە ئېرىشتى ھەم مەدەنىي تەنتەربىيە كوماندىسى بولۇپ باھالاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ ياش قۇرامى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىسىدە 2 تۈرنىڭ رېكورتىنى، ۋىلايەتنىڭ ياش قۇرامى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىسىدە 8 تۈرنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، 14 كىشى 1 ـ، 12 كىشى 2 ـ، 16 كىشى 3 ـ بولدى. 11 تەنھەرىكەتچى قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋەكىل بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئۆتكۈزگەن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2 تۈردە 2 ـ بولدى، 2 تۈردە 3 ـ بولدى.

## 2. تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى

1983 ـ يىلدىن بۇيان ناھىيىدە يېڭىدىن 92 تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى، ئۇلار ئىچىدە تەنتەربىيە كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ 3، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ 7، مەمۇرىي، كەسپىي ئىدارىلەرنىڭ 7، يېزا ـ بازار سىستېمىسىنىڭ 19، مەدەنىيەت ـ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ 54، باشقا سىستېمىلارنىڭ 2. ناھىيە بويىچە 2 شاھماتخانا، بىر كىچىك تەنتەربىيە مەيدانى، بىر پۇتبول مەيدانى، 65 ۋاسكىتبول مەيدانى، 20 ۋالىبول مەيدانى، بىر تىكتاك توپخانا، بىر غالتەكلىك كاتكى مەيدانى، بىر قارىغا ئېتىش مەيدانى ياسالدى ۋە سېلىندى. 1990 ـ يىلى ناھىيىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە تەنتەربىيە مەيدانلىرى بار بولدى.

## § 2 . ئاممىۋى تەنتەربىيە

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى، سايمانلىرى ئاز ئىدى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كىچىك تېپتىكى توپ ۋە يۈگۈرۈشنى ئاساس قىلاتتى. كېيىن شەھەر ـ بازارلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، زاۋۇت ـ كانلاردا رادىئو گىمناستىكىسى، توپ، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئومۇملاشتۇرۇلدى. يېزىلاردا مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ۋە ئويۇنلىرى ئويۇشتۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ تەن ساپاسى كۈچەيتىلدى، بازار، يېزىلاردا مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى. 1986 ـ يىلدىن بۇيان مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىن تەدرىجىي يېزىلارغا تەرەققىي قىلدى، كەنتلەر ئارا چېلىشىش، بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇردى. روزى ھېيت، قۇربان ھېيتقا ئوخشاش مىللىي ئەنئەنىۋى بايرام كۈنلىرى دېھقانلار بايراملىق ياسانغان ھالدا مۇسابىقە مەيدانلىرىغا بېرىپ مۇسابىقىلەرنى كۆردى.

## 1. مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە

خەلق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرىگە كىرىدىغان چېلىشىش، بەيگە، ئوغلاق تارتىش قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرى بازار، يېزا ئۇيغۇر خەلقىدە ئۇزاق تارىختا ئىگە بولۇپ، ئامما ياخشى كۆرىدۇ، بۇ تۈرلەر ھازىر تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە رەسمىي مۇسابىقە تۈرى قىلىندى.

1) چېلىشىش مىللىيچە چېلىشىش ئامما ئارىسىدا بەك ئەۋج ئالغان بولۇپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئاممىسى بايرام ياكى بازار كۈنلىرى چېلىشىش مۇسابىقىسى

ئۆتكۈزۈپ تۇردى، جايلارنىڭ چېلىشچىلىرى بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلىدۇ، پېشقەدەم چېلىشچى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ چېلىشىشقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ چېلىشچىلىرىدىن، تەن ئېغىرلىقى تەڭ كېلىدىغانلار چېلىشىشقا چۈشۈشكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن بىلىگە پوتا باغلاپ چېلىشىشقا چۈشىدۇ، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى يىقىتقاندا چېلىشىش ئاياغلىشىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەردە چېلىشچىلار كۆپ قېتىم خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

2) بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش بۇ مۇسابىقىلەر ئادەتتە دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى پەيتى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆپىنچە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى (كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى)، ئەترەت (كەنت ئاھالە كومىتېتى)، گۇڭشې (يېزا) بىرلىك بولۇپ، كوماندا تەشكىللەپ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرىدۇ. بەيگىدە ئارىلىق بەلگىلىنىدۇ، ئاخىرقى نۇقتىغا ئەڭ بالدۇر يەتكۈچى ئۇتىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان كوماندىلار ئوخشاش ساندا ئات چىقىرىدۇ. رېفېرى ئالدىنئالا ئۆلتۈرۈلگەن ئوغلاقنى بىر كوماندىغا تاشلاپ بېرىدۇ، قالغان كوماندىلار توسۇپ تالىشىدۇ، بىر كوماندا تارتىۋالغان ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن جايغا ياكى بەلگە يېنىغا ئاپىرىپ تاشلىۋالسا شۇ كوماندا ئۇتقان بولىدۇ. ئوغلاقمۇ مۇكاپات سۈپىتىدە شۇ كوماندىغا بېرىلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن بۇيان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە جانلاندى، مۇسابىقىلەر ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىيچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 8 گۇڭشېدىن 73 چېلىشچى چۈشۈپ، 137 قېتىم چېلىشتى، كۆرگۈچىلەر 4000 ئادەم (قېتىم)دىن ئاشتى. شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تەنتەربىيە كومىتېتى مىللىي - دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە دېھقانلارنىڭ قىشلىق بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە يېقىن ئەتراپتىكى 6 گۇڭشې، 12 ئەترەتنىڭ 100 دىن ئارتۇق چەۋەندازى قاتناشتى. شۇ كۈنى 3 كوماندا ئۇتتى. مۇسابىقىنى 10 مىڭغا يېقىن كىشى كۆردى. 1985 - يىلى يېزىلار بىرلىك قىلىنغان ھالدا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىگە 8 كوماندا، 357 چېلىشچى قاتناشتى، جەمئىي 4 مەيدان (قېتىم) مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلدى، بۇ مۇسابىقىلەرنى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۆردى. تاشمىلىق يېزىسىنىڭ چېلىشچىسى جۇماخۇن ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ئالتۇن مېدال ئالدى ھەم شىنجاڭ چېلىشچىلار كوماندىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، مىللىي - دىنىي ئىشلار ئىدارىسى دېھقانلار بەيگە، ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 10 كوماندا، 120 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 5000 دىن ئاشتى.

## 2. ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دېھقانلار تەنتەربىيىسى

ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دېھقانلار تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن رادىئو گىمناستىكىسى، گىمناستىكا، يېنىك ئاتلېتىكا، توپ، شاھمات، ئارغامچا تارتىش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىر قەدەر جانلىق.

توپ ئومۇملاشقان تۈر بولۇپ، ھەرخىل توپ كوماندىلىرىدىن 45ى بار. شەھەر، بازارلاردىكى ئىدارىلەر، ئورۇنلار، زاۋۇت، كانلار، مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تېننىس توپ، پۇتبول كوماندىلىرى بولۇپ، پات - پات مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ تۇردى، ئۇلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىمۇ خېلى يۇقىرى.

1984 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى بىرلىكتە 6 قېتىم ۋاسكېتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى — «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى، تىكتاك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 540 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 23 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. 1985 - يىلى شاھمات، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، چېلىشىش، پۇتبول، مەشئەل كۆتۈرۈپ شەھەرنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈش، ئاياللار، بالىلار كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، ئارغامچا تارتىش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق 10 نەچچە تۈر بويىچە 130 نەچچە قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 2243 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 65 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. دېھقانلار توپ كوماندىلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى، سەۋىيىسى تەدرىجىي ئۆستى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 11 يېزا توپ تۈرلىرىنى ئاساس قىلىپ 18 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 4000 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 90 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ئاممىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلاندى. 1985 - يىلى يېزا، كەنت ۋە كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ %95 ىدىن كۆپرەكىدە تەنتەربىيە مەيدانلىرى ياسالدى.

رادىئو گىمناستىكىسى ئويناش ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇت - كانلاردا تۈزۈمگە ئايلانغان بولۇپ، ھەر كۈنى 2 قېتىم ئوينىلىدۇ. ھەر يىلى ھېيت، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى رادىئو گىمناستىكىسى ۋە بالىلار گىمناستىكىسى مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ.

1983 — 1984 - يىلى 2 قارار «خېشياڭجۇاڭ» يەل گۈمپىسى كۇرسى ئېچىلىپ، 21 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1984 - يىلى «باھار بايرىمىلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش»، «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى»، «مەشئەل كۆتۈرۈپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 213 كىشى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 3200 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. 1985 - يىلى قىشتا ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارىلەر، مەكتەپلەر ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلارنىڭ شەھەر ئايلىنىپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 21 كىشى قاتناشتى ھەم 1 -، 2 -، 3 - بولغانلار مۇكاپاتلاندى.

1986 - يىلى تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، ياشانغان كادىرلار بۆلۈمى، مىللىي ئىشلار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ماسلىشىشى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك مۇسابىقىلىرى 8 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقە ۋاسكېتبول، ۋالېبول، شاھمات، ئارغامچا تارتىش، رادىئو گىمناستىكىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مۇسابىقىلەرگە 2000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 50 مىڭدىن ئاشتى. 1987 - يىلى ئوغۇساق، سايباغ، زەمىن، پاختەكلە قاتارلىق يېزىلاردا دېھقان چېلىشچىلارنى تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان چېلىشىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان 90 چېلىشچى تاللاپ چىقىلدى. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، تەنتەربىيە كومىتېتى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ماسلىشىپ، يېزىلاردا دېھقان تەنھەرىكەتچىلىرىنى تاللاش يۈزىسىدىن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى، 1989- يىلى «ئىتتىپاقلىق - دوستلۇق» ئارغامچا تارتىش مۇسابىقىسى، «باج لوڭقىسى» ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى، «پۇل ئامانەت لوڭقىسى» شاھمات مۇسابىقىسى قاتارلىق 8 مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 1500 ئادەم قاتناشتى. 1990 - يىلى ۋاسكېتبول، ۋالېبول، ئارغامچا تارتىش، چېلىشىش، شاھمات مۇسابىقىلىرى 35 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 2270 ئادەم قاتناشتى.

## 3. مەكتەپ تەنتەربىيىسى

1958 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە مەكتەپلەردە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى قەدەممۇ قەدەم تولۇقلىنىپ، ئاددىي تەنتەربىيە مەيدانلىرى ياسىلىپ، تەنتەربىيە دەرسى رەسمىي دەرس قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1968 - يىلى تەنتەربىيە دەرسىنىڭ ئورنىنى ھەربىي مەشىق ئالدى. 1969 - يىلدىن كېيىن تەنتەربىيە دەرسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978 - يىلى مەكتەپ تەنتەربىيە پائالىيىتىدە جانلىق، تېتىك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شەھەر ئىچىدىكى ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپلەردە 2 گىمناستىكا (گىمناستىكا، رادىئو گىمناستىكىسى)، 2 پائالىيەت (ئەتىگەنلىك پائالىيەت، دەرستىن سىرتقى پائالىيەت) ئومۇميۈزلۈك قانات يايدى، مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ۋاسكېتبول، ۋالېبول، پۇتبول، يېنىك ئاتلېتىكا، تېكتاك توپ كوماندىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوقۇغۇچىلار پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 80 كوماندا، 1200 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. شۇ يىلى 3625 كىشى بەدەن چېنىقتۇرۇشتا ئۆلچەمگە يەتتى، ئۇلار ئىچىدە شەھەر ۋە يېزىلاردىكى 3 ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆلچەمگە يەتكەنلەرنىڭ نىسبىتى %40تىن يۇقىرى، بەزى سىنىپلارنىڭ %60تىن يۇقىرى بولدى، 1987 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ مۇسابىقىگە 5 باشلانغۇچ مەكتەپ، 2 ئوتتۇرا مەكتەپتىن 120 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 1988 - يىلى ناھىيىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنتەربىيە كوماندىسى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، ۋاسكېتبول، چېلىشىش، ۋالېبول قاتارلىق كوماندىلار 45كە يەتتى، تەنتەربىيە كومىتېتى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ مۇسابىقىگە 12 ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە 8 باشلانغۇچ مەكتەپتىن 478 كىشى قاتناشتى. شۇنىڭدەك «ئۈچۈم بولغان بۈركۈت باللىرى يېنىك ئاتلېتىكا خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسى»، ناھىيە بويىچە 17 يېزا باشلانغۇچ مەكتىپى كوماندىسى قاتناشقان «بىخ لوڭقىسى» باللار پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 1990 - يىلى بەدەن چېنىقتۇرۇشتا ئۆلچەمگە يەتكەنلەر 8756گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئىچىدىكى 3 ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %70تىن ئاشتى.

**1990 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ ياخشى نەتىجىلەر**

مەدەنىيەت: 7 — 1 - جەدۋەل

| گۇرۇپپىلار / تۈرلەر | ئوغۇللار «A» گۇرۇپپىسى | ئوغۇللار «B» گۇرۇپپىسى | قىزلار «B» گۇرۇپپىسى |
|---|---|---|---|
| 60 مېتىر | 7"1 | 8"34 | 9"43 |
| 100 مېتىر | 13"36 | 13"37 | 16"53 |
| 200 مېتىر | 28"3 | 28"8 | 36"5 |
| 400 مېتىر | 1'02"31 | 1'06"1 | 1'27"3 |
| 800 مېتىر | 2'21" | 2'47" | 3'22"5 |
| 1500 مېتىر | 5'3"1 | 5'56"4 | — |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 3000 مېتىر | 12′27″3 | — | — |
| يىراققا سەكرەش | 5.3 مېتىر | 4.5 مېتىر | 3.35 مېتىر |
| ئېگىزگە سەكرەش | 1.51 مېتىر | 1.25 مېتىر | 1.10 مېتىر |
| ئۈرۈلدىن يىراققا سەكرەش | 2.87 مېتىر | 2.66 مېتىر | 2 مېتىر |
| چويۇن توپ | 13.32 مېتىر | 12.1 مېتىر | 7.10 مېتىر |
| قورغان توپ | — | — | 43 مېتىر |
| دىسكا ئېتىش | 36 مېتىر | 26.30 مېتىر | — |
| نەيزە ئېتىش | 36.10 مېتىر | 35.75 مېتىر | — |

## § 3 . ئىشتىن سىرتقى چېنىقىش

1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئىشتىن سىرتقى چېنىقىش مۇسابىقىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكتىن، چېنىقىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولمىغانىدى. 1980 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشتىن سىرتقى چېنىقىش تەدرىجىي ھالدا توغرا ئىزغا چۈشتى. «مايسا» ئاللاش، «ماھىر» يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەنھەرىكەتچىلەر كىچىكىدىن تارتىپلا سىستېمىلىق، ئەتراپلىق چېنىقتۇرۇلىدىغان بولدى. 9 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق چېنىقىش نەتىجىسى يىلدىن ـ يىلغا ئۆستى. 1982 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 11 ـ لىكتىن 9 ـ لىككە، 1983 ـ يىلى 7 ـ لىككە، 1984 ـ يىلى 5 ـ لىككە، 1985 ـ يىلى 2 ـ لىككە ئۆستى. شۇ يىلى ناھىيە ئىشتىن سىرتقى چېنىقىشتا ۋىلايەت بويىچە ئىلغار قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ۋىلايەت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ مۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى: 1983 ـ يىلى بالىلار پۇتبول كوماندىسى ۋىلايەت بويىچە 2 ـ بولدى، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكىتبول، ئۆسمۈرلەر پۇتبول، تىكتاك توپ كوماندىلىرى كوللېكتىپ 3 ـ بولدى. 1984 ـ يىلى ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول كوماندىسى ئاپتونوم رايونغا ۋەكىل بولۇپ، شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يازلىق لاگېر پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، مەملىكەتلىك يازلىق لاگېر تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «مۇنەۋۋەر كىچىك پۇتبولچىلار كوماندىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ھەم خىسلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1985 ـ يىلدىن بۇيان ئىشتىن سىرت چېنىقىشتا بەشنى بېكىتىش (ئور، ئادەم، ياش قۇرام، ۋاقىت، سايماننى بېكىتىش)، بىر ھۆددىگە بېرىش (بىر ھۆددىگە بېرىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك)، بىر مۇكاپاتلاش ـ جازالاش (تىرېنېر، تەنھەرىكەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش) تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ۋەزىپە ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تىرېنېرلار، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، چېنىقىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئەر ياش چېلىشچىلار كوماندىسى ۋىلايەت بويىچە 2 تۈردە 1 ـ لىككە ئېرىشتى؛ ئۆسمۈرلەر چېلىش كوماندىسى 2 تۈردە 2 ـ لىككە ئېرىشتى؛ قىزلار پۇتبول كوماندىسى ۋىلايەت بويىچە چېمپىيون بولدى؛ قىزلار ۋاسكىتبول كوماندىسى 3 ـ بولدى ھەم مەدەنىي كوماندا بولۇپ باھالاندى؛ ئوغۇل بالىلار پۇتبول كوماندىسى 4 ـ، ئوغۇل ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى 5 ـ بولدى. چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىدە 1 ـ لىكتىن 22 سى، 2 ـ لىكتىن 17سى، 3 ـ لىكتىن 10ى قولغا كەلتۈرۈلدى. 16 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىگە

قاتنىشىپ 3 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى، بىر 5 ـ لىككە، ئىككى 6 ـ لىككە ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىگە 3 چېلىشچى، 2 يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتكە 22 نەپەر لاياقەتلىك تەنتەربىيىچى يەتكۈزۈپ بەردى.

1986 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى «ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى جۈگگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى»، پۇتبول مۇسابىقىسىدە 3 ـ، «ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى»دا كوللېكتىپ 3 ـ، «ۋىلايەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك غالتەكلىك كانكى مۇسابىقىسى»دە كوللېكتىپ 3 ـ بولدى. 1988 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە ناھىيىنىڭ ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى 14 تۈردە 1 ـ بولدى، بالىلارنىڭ ئومۇمىي ماھارىتىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، چېلىشچى جۇماخۇن جۇڭگوچە چېلىشىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ، مەملىكەت بويىچە 3 ـ بولدى. 1989 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگە قەدەر، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە خونجېراپ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان «يىپەك يولى لوڭقىسى» موتسىكلىت كۈچ ئۆلاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ 900 كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىلىق مۇسابىقىگە 12 موتسىكلىت، 22 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە 4 بىرىنچىلىك قولغا كەلتۈرۈلدى، مۇھەممەت ئېلى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ تاشيولدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش مۇسابىقىسىنىڭ 120 كىلومېتىرلىق تۈرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جۇماخۇن 70 كىلوگراملىقلارنىڭ مىللىيچە چېلىشىشىدا چېمپىيون بولدى؛ مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئەركىن زەيدىن 52 كىلوگراملىقلارنىڭ ئەركىن چېلىشىشىدا 2 ـ بولدى، 9 ـ ئايدا جۇڭگو شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇپ، 52 كىلوگراملىقلارنىڭ چېلىشىشىدا 1 ـ بولدى. 1990 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تاللاش مۇسابىقىسىدە قەشقەر كوناشەھەر كوماندىسى 8 بىرىنچىلىككە، 1 ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قۇربان مۇسا 73 كىلوگراملىق ئەرلەرنىڭ ئەركىن چېلىشىشىدا 2 ـ بولدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئىشتىن سىرت تەربىيىلىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر

مەدەنىيەت: 7 — 2 ـ جەدۋەل

| ئىسمى | جىنسى | تۈرى | مۇھىم نەتىجىلىرى |
|---|---|---|---|
| خانزۆھرە | ئايال | ۋېلسىپىت | 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ بولدى، مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى |
| ھاكىمجان | ئەر | ۋېلسىپىت | 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ بولدى، مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى |
| جۇماخۇن | ئەر | چېلىشىش | 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ بولدى، شىنجاڭ چېلىش كوماندىسىغا تاللاندى؛ 1988 ـ يىلى جۇڭگوچە چېلىشىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ، مەملىكەت بويىچە 3 ـ بولدى؛ 1989 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 70 كىلوگراملىقلارنىڭ مىللىيچە چېلىشىشىدا 1 ـ بولدى |
| ئەركىن | ئەر | چېلىشىش | 1985 ـ يىلى 52 كىلوگراملىقلارنىڭ خەلقئاراچە چېلىشىشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ بولدى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇھەممەت ئېلى | ئەر | چېلىشىش | 1985 - يىلى 65 كىلوگراملىقلارنىڭ خەلقئاراچە چېلىشىشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - بولدى |
| ئابلەت | ئەر | چېلىشىش | 1985 - يىلى 46 كىلوگراملىقلارنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - بولدى |
| لۇ فېڭشيا | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا | 1983 - يىلى ئۆسمۈرلەر «ئا» گۇرۇپپىسىنىڭ دىسكا ئېتىشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - بولدى |
| ۋاڭ ماۋشېڭ | ئەر | يېنىك ئاتلېتىكا | 1985 - يىلى ئۆسمۈرلەر «ب» گۇرۇپپىسى ئېتىش تۈرلىرى گۇرۇپپىسىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - بولدى |
| ئەركىن زەيدىن | ئەر | چېلىشىش | 1989 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، 52 كىلوگراملىقلارنىڭ ئەركىن چېلىشىشىدا 2 - بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇپ، 52 كىلوگراملىقلارنىڭ چېلىشىشىدا 1 - بولدى |
| مۇھەممەت ئېلى | ئەر | ۋېلىسىپىت | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تاشيول ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسىنىڭ 120 كىلومېتىرلىق تۈرىدە 3 - بولدى |
| قۇربان مۇسا | ئەر | چېلىشىش | 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، 73 كىلوگراملىق ئەرلەر ئەركىن چېلىشىشىدا 2 - بولدى |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن ئېشتىن سىرت تەربىيىلەپ يېرىلگەن تەنھەرىكەتچىلەر

مەدەنىيەت: 7 — 3 - جەدۋەل

| ئىسمى | جىنسى | تۈرى | مۇھىم نەتىجىسى | ئۆزىتىپ يېرىلگەن ئورۇن | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| لۇجيەنتۇ | ئەر | ۋاسكېتبول | | شىنجاڭ كوماندىسى | 1975 |
| نىيازخان | ئايال | ۋالىبول | | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1978 |
| مۇنەۋۋەر | ئايال | ۋالىبول | | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1978 |
| مەريەم | ئايال | ۋالىبول | | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1978 |
| شياڭ ياڭ | ئايال | ۋالىبول | | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1981 |
| جاڭ خەي | ئەر | تېكتاڭ توپ | 1982 - يىلى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 6 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1982 |
| گۈلنىسا | ئايال | ۋالىبول | 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ۋالىبول مۇسابىقىسىغا قاتناشقان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1982 |
| بۇچىگۈل | ئايال | ۋالىبول | | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1983 |
| نۇرۇنگۈل | ئايال | ۋالىبول | | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1983 |
| لۇ فېڭشيا | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا | 1983 - يىلى ئۆسمۈرلەر «ئا» گۇرۇپپىسىنىڭ دىسكا ئېتىشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1983 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ جىلاڭ | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا | 1984 - يىلى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 100، 200 مېتىرلىق يۈگۈرۈشىدە ۋىلايەت بويىچە 2 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1984 |
| ۋاڭ دۇڭشياۋ | ئەر | يېنىك ئاتلېتىكا | 1984 - يىلى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 100 مېتىرلىق يۈگۈرۈشىدە ۋىلايەت بويىچە 2 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1984 |
| كېرىم | ئەر | چېلىشىش | 1985 - يىلى ياشلار گۇرۇپپىسىدا 52 كىلوگراملىقلارنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىشىدا ۋىلايەت بويىچە 2 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1985 |
| ئەزىز قارى | ئەر | چېلىشىش | 1985 - يىلى 60 كىلوگراملىقلارنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىشىدا ۋىلايەت بويىچە 1 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1985 |
| تۇرغۇنجان | ئەر | يېنىك ئاتلېتىكا | 1985 - يىلى ئۆسمۈرلەر «ب» گۇرۇپپىسىنىڭ توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈشىدە ۋىلايەت بويىچە 1 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1985 |
| ۋاڭ ماۋشياڭ | ئەر | يېنىك ئاتلېتىكا | 1985 - يىلى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئېتىش تۈرلىرى مۇسابىقىسىدە ۋىلايەت بويىچە 1 - بولغان | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1985 |

## 4 § . تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

### 1. تەنھەرىكەت يىغىنلىرى

1973 - يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە چوڭ تەنھەرىكەت يىغىنى 12 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارغا 3120 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 62 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى.

1973 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىگە 15 ئورۇن، 150 چېلىشچى قاتناشتى. 1975 - يىلى «زىيالىي ياشلار» نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە ئوغۇل زىيالىي ياشلار ۋاسكېتبول كوماندىسى، قىز زىيالىي ياشلار ۋاسكېتبول كوماندىسى بولۇپ 11 كوماندا، 160 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 1974 — 1975 - يىلى ناھىيە بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىغە 408 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 1981 - يىلى 2 - قېتىملىق دېھقانلار جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىگە 86 چېلىشچى قاتناشتى. 1981 — 1982 - يىلى 2 قېتىم تاشيول ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 248 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار «بىخ لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىگە 80 كوماندا، 1200 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. شۇ يىلى كۈزدە ناھىيە بويىچە ئوغلاق تارتىشىش، بەيگە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 120 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 5000 كىشىدىن ئاشتى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر يىنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، «ئۈچۈم بولغان بۇركۇت بالىسى يىنىك ئاتلېتىكا خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسى» تۈنجى نۆۋەتلىك دېھقان ـ چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، «ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۈتۈۋېلىش» تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى 6 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە تۈرلىرى 40 تىن ئاشتى، قاتناشقۇچىلار 1800 گە، كۆرگۈچىلەر 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

## 2. باشقا مۇسابىقىلەر

1985 ـ يىلى قىشتىن 1983 ـ يىلى ئەتىيازغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوبال گۇڭشېسىدا 3 قېتىم دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقىلەرگە 720 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، مۇسابىقە چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش، ۋاسكىتبول، تىكتاك توپ ۋە ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، كۆرگۈچىلەر ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭغا يەتتى.

1983 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ سىستېمىسى تۈنجى نۆۋەتلىك مائارىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى يىنىك ئاتلېتىكا دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقە ئېگىزگە سەكرەش، چويۈن توپ ئېتىش، دىسكا ئېتىش، نەيزە ئېتىش، يۈگۈرۈش قاتارلىق 15 تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مۇسابىقىگە شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ 100گە يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچىسى قاتناشتى.

بۇندىن باشقا يەنە 1973 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 1974 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە «زىيالىي ياشلار» ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 1979 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە باللار ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 1980 ـ يىلى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى ۋالىبول رايون مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇ مەزگىلدە دۆلەت يىنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى، گەنسۇ ۋاسكىتبول كوماندىسى، ئاپتونوم رايون ۋاسكىتبول كوماندىسى ھەم قېرىنداش ناھىيە (شەھەر) كوماندىلىرى ناھىيىدە ئويۇن كۆرسەتتى ۋە تېخنىكا ئۆگەتتى.

1987 ـ يىلى يېزا، كەنتلەردە كۆپ تۈر ياكى يەككە تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلدى. ۋاسكىتبول، ۋالىبول، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش، يەيگە قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەر 82 قېتىمغا يەتتى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 1014 كوماندا، 16 مىڭ 21 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. ناھىيە بازىرىدا ۋالىبول، ۋاسكىبتول، شاھمات، چېلىشىش، بېلىق تۇتۇش، شەھەرنى ئايلىنىپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، رادىئو گىمناستىكىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 2097 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 1950 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1988 — 1990 ـ يىلغا قەدەر ئامما ياخشى كۆرىدىغان ۋاسكىتبول، ۋېلسىپىت، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش، شاھمات قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ھەر يىلى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئاياللار گۇرۇپپىسىنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتلىرى**

مەدەنىيەت: 7 — 4 ـ جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1982 | 1983 | 1985 |
|---|---|---|---|
| 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 15"1 | 14"0 | 14"1 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 33" | 31"5 | 29"5 |
| 400 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 1'15" | 1'10" | 1'05" |
| 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 2'50" | 2'45" | 2'38" |
| ئېگىزگ سەكرەش | 1.1 مېتىر | 1.25 مېتىر | 1.30 مېتىر |
| يىراققا سەكرەش | 3.5 مېتىر | 3.9 مېتىر | 4.1 مېتىر |
| 4 كىلوگراملىق چويۈن توپ ئېتىش | 8.5 مېتىر | 8.6 مېتىر | 8.79 مېتىر |
| بىر كىلوگراملىق دېسكا ئېتىش | 24.3 مېتىر | 26.51 مېتىر | 28.32 مېتىر |
| 0.6 كىلوگراملىق نەيزە ئېتىش | 16.3 مېتىر | 20.2 مېتىر | 26.52 مېتىر |
| 400 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش | 5'15" | 5'05" | 4'58" |
| 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 6'18" | 5'56" | 5'49" |
| 100 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش | 1'28" | 1'21" | 1'09" |
| 100 مېتىرغا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش | 20'1" | 19"8 | 18'5 |
| 5 تۈردە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش | ~ | ~ | 1456 نومۇر |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتلىرى

مەدەنىيەت: 7 — 5 ـ جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1982 | 1983 | 1985 . |
|---|---|---|---|
| 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 12" | 11"8 | 11"8 |
| 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 26"1 | 24"1 | 24"1 |
| 400 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 58"5 | 57"4 | 54"9 |
| 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 2'25" | 2'20" | 2'16"9 |
| 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 4'55" | 4'48" | 4'41" |
| 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈش | ~ | 11'52" | 11'26" |
| 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 20'15" | 20'10" | 19'45" |
| ئېگىزگە سەكرەش | 1.45 مېتىر | 1.45 مېتىر | 1.55 مېتىر |
| يىراققا سەكرەش | 5.1 مېتىر | 5.5 مېتىر | 5.87 مېتىر |
| 3 ئاتلاپ يىراققا سەكرەش | 10.2 مېتىر | 11.2 مېتىر | 12.14 مېتىر |
| 7.25 كىلوگراملىق چويۈن توپ ئېتىش | 9.42 مېتىر | 9.42 مېتىر | 9.61 مېتىر |
| 2 كىلوگراملىق دېسكا ئېتىش | ~ | 23.5 مېتىر | 25 مېتىر |
| 0.7 كىلوگراملىق نەيزە ئېتىش | 45 مېتىر | 46 مېتىر | 46 مېتىر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 400 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش | 4'59 | 4'50" | 4'13" |
| 100 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش | 49"2 | 48"32 | 48"8 |
| 5 تۈردە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش | ~ | ~ | 1631 نومۇر |

# § 5 . رېپىرلىق، خىراجەت

## 1. رېپىرلىق

تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بىر تۈركۈم تەنتەربىيە رېپىرلىرى بارلىققا كەلدى. 80 ـ يىللاردا بىر تۈركۈم دۆلەت دەرىجىلىك رېپىر يېتىشتۈرۈلدى. 1981 ـ يىلى يۈشىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ۋاسكېتبول رېپىرى بولۇپ باھالاندى، 1982 ـ يىلى شاۋ زېتاڭ 2 ـ دەرىجىلىك ۋاسكېتبول رېپىرى، تەۋەككۇل 3 ـ دەرىجىلىك ۋالېبول رېپىرى، تۇرغۇن 3 ـ دەرىجىلىك چېلىشىش رېپىرى بولۇپ باھالاندى. 1983 ـ يىلى ياڭ شۈۋۋ، ياڭ جيەنشىڭ، رەن يافۇلار 2 ـ دەرىجىلىك ۋاسكېتبول رېپىرى بولۇپ، ۋېي گاڭ، جۇ خۇڭلياڭ، خوجىيەنىسىلەر ئايرىم ـ ئايرىم 2 ـ دەرىجىلىك يېنىك ئاتلېتىكا، 2 ـ دەرىجىلىك تېكتاك توپ، 2 ـ دەرىجىلىك چېلىشىش رېپىرى بولۇپ باھالاندى. 1984 ـ يىلى ئەسقەر جۇماخۇن، دولقۇنلار 3 ـ دەرىجىلىك پۇتبول رېپىرى بولۇپ باھالاندى.

## 2. خىراجەت

1972 ـ يىلدىن ئىلگىرى تەنتەربىيىگە مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىلمىغانىدى. 1975 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت خىراجەت بېرىدىغان بولدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر دۆلەت 350 مىڭ يۈەن تەنتەربىيە خىراجىتى، 100 مىڭ يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى بەردى، بۇ مەزگىلدە خىراجەت ئەڭ كۆپ بېرىلگەن يىل 1985 ـ يىلى بولۇپ، تەنتەربىيە كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 59 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن بەردى. بېرىلگەن خىراجەت ھەر يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 32 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى.

# ئىجتىمائىيەت

# ئىجتىمائىيەت

## I باب

## نوپۇس

### 1 § . نوپۇس سانى ۋە جايلىشىشى

#### 1. نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلدى، شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) ناھىيىدىكى ئائىلە 38 مىڭ 31، نوپۇس 173 مىڭ 818، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى) ئائىلە 6138، نوپۇس 22 مىڭ 487؛ يېزىلاردىكى ئائىلە 3189، نوپۇس 151 مىڭ 331 ئىدى. مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) دىكى ئائىلە 37 مىڭ 793، نوپۇس 173 مىڭ 922. مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى) دىكى نوپۇس 252 مىڭ 528. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) دىكى نوپۇس 254 مىڭ 409. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) نوپۇس ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، ناھىيىدىكى ئائىلە 5884، نوپۇس 238 مىڭ 652 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 123 مىڭ 55، ئايال 115 مىڭ 597. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) دىكى ئائىلە 60 مىڭ 367، نوپۇس 258 مىڭ 135، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 132 مىڭ 880، ئايال 125 مىڭ 255، ئەسكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلەر 48 مىڭ 275. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلىدىن مىنگونىڭ 37 ـ يىلىغىچە (1911 — 1948 ـ يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا، ئۆلۈغچات، ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇستۈن ئاتۇشنىڭ 7 كەنتى، قۇشچى، چوڭبافىش، يوۋاش قاتارلىق بويرۇت قەبىلىلىرى ئايرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي نوپۇس سانى شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلىدىكىدىن 22 مىڭ 336 ئائىلە، 84 مىڭ 317 نوپۇس، يەنى %48.5 كۆپەيدى، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى %12.76كە يەتتى.

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى بۇنىڭ سىرتىدا) 41 مىڭ 90 ئائىلە بار بولدى، نوپۇس 160 مىڭ 837 گە يەتتى. 1952 ـ يىل 9 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرى قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىپ تەسىس قىلىنغاندا، بازار ئىچىدىكى 4 رايون، 57 مەھەللە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى 13 يېزىدىن بولۇپ 21 مىڭ 497 ئائىلە، 83 مىڭ 257 نوپۇس قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇسنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ باردى، 30 نەچچە يىلدىن بېرى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ‰11 تىن ‰27كىچە بولغان سەۋىيىدە تۇردى، خەنزۇلار ئارىسىدا 1980 ـ يىلدىن باشلاپ پىلانلىق

تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.34‰تىن 7.42‰كە، ئۆلۈش نىسبىتى 1.21‰تىن 0.65‰كە چۈشتى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.83‰تىن 4.72‰كە چۈشتى. 1988 ـ يىلى نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 25.57‰، ئۆلۈش نىسبىتى 12.88‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.99‰ بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە نوپۇس 4 قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 1953 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە ئائىلىنىڭ 43 مىڭ 257، نوپۇسنىڭ 169 مىڭ 656 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، دېمەك 1949 ـ يىلدىكىدىن 8819 ئادەم كۆپەيگەن، 4 يىلدا 5.48% كۆپەيگەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 13.4‰ بولغان. 1964 ـ يىلدىكى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە ئائىلىنىڭ 62 مىڭ 189غا، نوپۇسنىڭ 221 مىڭ 242 گە يەتكەنلىكى ئېنىقلاندى، دېمەك نوپۇس تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن چاغدىكىدىن 51 مىڭ 586 ئادەم، يەنى 30.4% كۆپەيگەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 27.63‰ بولغان. بۇ جەرياندا، 1954 ـ ۋە 1955 ـ يىللىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي رايونلارنى تەڭشەشتە، قوشۇلغىنى ئايرىپ كېتىلگىنىدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، نوپۇسمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپەيدى. 1982 ـ يىلى 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەندە ناھىيە بويىچە ئائىلە 65 مىڭ 506، نوپۇس 273 مىڭ 883 بولۇپ، 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەن چاغدىكىدىن 52 مىڭ 641 ئادەم، يەنى 23.79% كۆپەيدى، يىلىغا ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 11.93‰ بولدى. 1990 ـ يىلدىكى 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە ئائىلە 71 مىڭ 304، نوپۇس 337 مىڭ 278 بولۇپ، 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەن چاغدىكىدىن 57 مىڭ 127 ئادەم، يەنى 20.85% كۆپەيدى، يىلىغا ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 24.02‰ بولدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە نوپۇسنىڭ ئېقىپ يۈرۈش مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولدى، نوپۇسقا دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، 1958 ـ ۋە 1959 ـ يىللىرى «سول» چىل خاتالىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «كەڭ كۆلەملىك پولات تاۋلاش ھەرىكىتى» داۋامىدا، «تەشكىللىنى ھەربىيلەشتۈرۈش، ھەرىكەتنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش» تەشەببۇس قىلىندى. بۇ مەزگىلدە ئەمگەك كۈچلىرى سىرتقا ئېقىپ كەتتى؛ نەتىجىدە ناھىيە بويىچە 1957 ـ يىلدىكىدىن 4643 ئادەم كېمىيىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، 1963 ـ يىلى نوپۇس يەنە بىر قېتىم سىرتقا ئېقىپ كەتتى. كېيىنكى يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 776 ئادەم ئازلاپ كەتكەن. 1967 ـ يىلدىكى نوپۇسقا دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا ناھىيە بويىچە 1835 ئادەم كۆچۈپ كەلگەن، 2822 ئادەم كۆچۈپ كەتكەن. 1981 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ناھىيە بويىچە 1496 ئائىلىدىكى 3195 نوپۇس سىرتقا كۆچۈپ كەتكەن، 906 ئائىلىدىكى 2160 نوپۇس سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، كۆچۈپ كەلگەن نوپۇس كۆچۈپ كەتكەنلەردىن كۆپ بولدى. پەقەت 1989 ـ يىلىلا، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن 315ى كۆچۈپ كەلدى، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئولتۇراقلاشقان نوپۇس 770، كۆچۈپ كەتكەن نوپۇس 467.

## 2. نوپۇسنىڭ جايلىشىشى

1) نوپۇسنىڭ زىچلىقى    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ناھىيە بويىچە ھەر كۋادرات

كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 39 ئادەم توغرا كېلەتتى. 1985 - يىلى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 68 ئادەم توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇش، زەمىن، سايباغ، ئوپال، تاشمىلىق، خانقدى، لەڭگەر، بەشكېرەم يېزىسى قاتارلىق يېرىم تاغلىق رايونلاردا ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 44 ئادەم توغرا كەلدى؛ تېرىم، بۆلاقسۇ، ئوغۇساق، پاختەكلە، سەمەن، قوغان، ئاۋات يېزىسى قاتارلىق يەلپۈگۈچسىمان تىنمىغا جايلاشقان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 188 ئادەم توغرا كەلدى؛ يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش يېزىسى قاتارلىق تىنما تۈزلەڭلىك رايونلاردا ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 82 ئادەم توغرا كەلدى. 1990 - يىلى ناھىيىنىڭ كۆلىمى 4146 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 81.35 ئادەم توغرا كەلدى. ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا، دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان يېزا - بازارلاردا نوپۇسنىڭ زىچلىقى چوڭراق بولدى. ئاۋات يېزىسى، ئوغۇساق يېزىسى، بەشكېرەم يېزىسىدا نوپۇسنىڭ زىچلىقى ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 136.8 ئادەم توغرا كەلدى.

**2) بازار، يېزا ۋە كەنتلەر بويىچە ئايرىغاندا** چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) بازار نوپۇسى 22 مىڭ 487 بولۇپ، ناھىيىدىكى نوپۇسنىڭ %12.93نى تەشكىل قىلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) بازار نوپۇسى 36 مىڭ 534 بولۇپ، ناھىيىدىكى نوپۇسنىڭ %14.22نى تەشكىل قىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ نوپۇسى 8415 بولۇپ، ناھىيىدىكى نوپۇسنىڭ %2.91نى تەشكىل قىلدى. 1990 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ نوپۇسى 11 مىڭ 720 بولۇپ، ناھىيىدىكى نوپۇسنىڭ %2.81نى تەشكىل قىلدى.

**3) نوپۇسنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا** 1985 - يىلى تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان نوپۇس 18 مىڭ 23 بولۇپ، ناھىيىدىكى نوپۇسنىڭ %6.24نى تەشكىل قىلدى؛ يېزا نوپۇسى 271 مىڭ 27 بولۇپ، %93.76نى تەشكىل قىلدى؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى %92.53نى، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى %7.47نى تەشكىل قىلدى، 1989 - يىلى تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان نوپۇس 11 مىڭ 300 بولۇپ، ناھىيىدىكى نوپۇسنىڭ %3.69نى تەشكىل قىلدى؛ يېزىدىكىلەر 295 مىڭ 704 بولۇپ، %96.5نى تەشكىل قىلدى؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 283 مىڭ 548 بولۇپ، %92.52نى تەشكىل قىلدى؛ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 22 مىڭ 894 بولۇپ، %7.47نى تەشكىل قىلدى.

### مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى نوپۇسنىڭ جايلىشىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى

ئىجتىمائىيەت: 1 — 1 - جەدۋەل   بىرلىكى: نەپەر

| رايونلار | ئائىلە سانى | نوپۇس سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەر | ئايال | جىنس نىسبىتى | ئەمگەكچىلىككە يارايدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى | نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى — تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى: تۇغۇلغىنى | تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰ | ئۆلگىنى | ئۆلۈش نىسبىتى ‰ | كۆپەيگىنى | كۆپىيىش نىسبىتى ‰ | مېخانىك ئۆزگىرىش ئەھۋالى: كۆچۈپ كىرگىنى | كۆچۈپ چىققىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 460411 | 25684 | 132151 | 124693 | 106 | 62258 | 2549 | 9.94 | 1494 | 5.82 | 1055 | 4.11 | 506 | 452 |
| گېڭگۈل بازىرى | 3030 | 10786 | 5284 | 5502 | 96 | 2504 | 73 | | 73 | | — | | 62 | 86 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەربىيە بازىرى | 2649 | 7682 | 3784 | 3898 | | 2052 | 32 | | 21 | | 11 | | 7 | 43 |
| مەدەنىيەت بازىرى | 2302 | 9248 | 4449 | 4799 | | 1982 | 43 | | 29 | | 14 | | 46 | 7 |
| شىنشىن بازىرى | 2115 | 8918 | 4252 | 4666 | | 1909 | 57 | | 24 | | 33 | | 4 | 5 |
| سەمەن يېزىسى | 7887 | 38982 | 20170 | 18812 | | 8337 | 252 | | 214 | | 38 | | 30 | 16 |
| قوغان يېزىسى | 7068 | 30797 | 15710 | 15087 | | 8737 | 139 | | 135 | | 4 | | 12 | 7 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 8084 | 35279 | 18071 | 17208 | | 7481 | 316 | | 202 | | 114 | | 85 | 155 |
| ئاۋات يېزىسى | 5770 | 26064 | 13387 | 12677 | | 6355 | 229 | | 131 | | 98 | | 6 | 8 |
| توققۇزاق يېزىسى | 9685 | 39973 | 21000 | 18973 | | 10571 | 653 | | 183 | | 470 | | 185 | 69 |
| ئوپال يېزىسى | 3226 | 15157 | 7790 | 7367 | | 3225 | 121 | | 50 | | 61 | | 4 | — |
| بورختاي يېزىسى | 5373 | 20964 | 11522 | 9442 | | 5775 | 99 | | 69 | | 30 | | 25 | 6 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 3222 | 12994 | 6732 | 6262 | | 3330 | 535 | | 353 | | 182 | | 40 | 50 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1981 ـ يىلدىكى نوپۇسىنىڭ جايلىشىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى

ئىجتىمائىيەت: 1 — 2 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| رايونلار | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى | | | | | |
| | | | ئەر | ئايال | جىنس نىسبىتى | تۇغۇلغىنى | تۇغۇلۇش نىسبىتى‰ | ئۆلگىنى | ئۆلۈش نىسبىتى‰ | كۆپەيگىنى | كۆپىيىش نىسبىتى‰ |
| جەمئىي | 40696 | 173058 | 89524 | 83534 | 107 | 7014 | 40.5 | 2685 | 15.5 | 4332 | 2.5 |
| توققۇزاق بازىرى | 1494 | 7186 | 3882 | 3304 | 117 | 190 | | 49 | | 141 | |
| سەمەن گۇڭشېسى | 4356 | 20287 | 10591 | 9696 | 109 | 783 | | 334 | | 449 | |
| پاختەكلە گۇڭشېسى | 2372 | 10111 | 5150 | 4961 | 104 | 310 | | 153 | | 157 | |
| لەڭگەر گۇڭشېسى | 2736 | 11650 | 6052 | 5598 | 108 | 537 | | 282 | | 255 | |
| مۇش گۇڭشېسى | 1860 | 8324 | 4273 | 4051 | 106 | 401 | | 126 | | 275 | |
| ئوغۇساق گۇڭشېسى | 2671 | 10884 | 5552 | 5332 | 104 | 450 | | 215 | | 235 | |
| زەمىن گۇڭشېسى | 3814 | 15050 | 7750 | 7300 | 106 | 649 | | 331 | | 318 | |
| سايباغ گۇڭشېسى | 5292 | 20747 | 10653 | 10094 | 106 | 892 | | 346 | | 546 | |
| بۇلاقسۇ گۇڭشېسى | 5747 | 24177 | 12458 | 11719 | 106 | 984 | | 275 | | 709 | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوپال گۇڭشېسى | 5198 | 22384 | 11532 | 10852 | 106 | 961 | | 298 | | 663 | |
| ئاشمىلىق گۇڭشېسى | 4810 | 20619 | 10749 | 9870 | 109 | 797 | | 263 | | 534 | |
| يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق فېرمىسى | 62 | 272 | 150 | 122 | 123 | 15 | | 2 | | 13 | |
| ناھىيىلىك يىلقىچىلىق فېرمىسى | 10 | 23 | 12 | 11 | 109 | 1 | | | | 1 | |
| ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى | 31 | 110 | 58 | 52 | 112 | 6 | | | | 6 | |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەسىللىك چارۋا فېرمىسى | 207 | 988 | 512 | 476 | 108 | 27 | | 7 | | 20 | |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك 1- دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى | 36 | 244 | 148 | 96 | 154 | 11 | | 1 | | 10 | |

**ئىزاھات:** مەزكۇر جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئىچىگە ئېينى چاغدا قەشقەر شەھىرى باشقۇرىدىغان شەرق تەرەپتىكى 4 گۇڭشې بىلەن بىر ئورمانچىلىق مەيدانى كىرگۈزۈلمىدى.

## § 2 . نوپۇس قۇرۇلمىسى

### 1. مىللەت قۇرۇلمىسى

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 4 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئۇيغۇر 237 مىڭ 744 بولۇپ، ناھىيىدە بار بولغان 242 مىڭ 63 ئادەمنىڭ %98.22 نى؛ قىرغىز 1996 بولۇپ، %0.82 نى؛ ئۆزبېك 1575 بولۇپ، %0.65 نى؛ خەنزۇ 636 بولۇپ، %0.26 نى؛ خۇيزۇ 85، تاتار 14، قازاق 6، شىبە 4، تاجىك 2، رۇس بىر بولۇپ، %0.05 نى تەشكىل قىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي رايونلارنىڭ تەڭشىلىشى تۈپەيلىدىن نوپۇس سانىمۇ ئۆزگەردى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئۇيغۇر 286 مىڭ 575 بولۇپ، ناھىيىدە بار بولغان 289 مىڭ 50 ئادەمنىڭ %99.14 نى؛ خەنزۇ 1749 بولۇپ، %0.6 نى؛ قىرغىز 590 بولۇپ، %0.22 نى؛ ئۆزبېك 55، خۇيزۇ 52، تاجىك 12، موڭغۇل ۋە قازاق 4، جۇاڭزۇ، تۇجىيازۇ ۋە باشقا مىللەتلەر 9 بولۇپ، %0.04 نى تەشكىل قىلدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە مىللەت 12 گە، نوپۇسى 337 مىڭ 278 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر 334 مىڭ 156 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %99 نى، خەنزۇ 2343 بولۇپ، %0.7 نى، باشقا مىللەتلەر %0.23 نى تەشكىل قىلدى.

### 2. جىنس ئايرىمىسى ۋە ياش قۇرۇلمىسى

1) جىنس ئايرىمىسى   مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 12 - ئايدا ناھىيە بويىچە 256 مىڭ 344 نوپۇس بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 132 مىڭ 151، ئايال 124 مىڭ 693، جىنس نىسبىتى

(ئاياللار = 100) 106 بولدى. 1981 - يىلى 11 گۇڭشې (يېزا - بازار)، 5 مەيدان (فېرما) ۋە پونكىت تەكشۈرۈلگەندە، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 173 مىڭ 58 بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 89 مىڭ 524، ئايال 83 مىڭ 534، جىنس نىسبىتى 107 بولدى. 16 ئورۇندا، قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىلەن يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ جىنس نىسبىتى 123:154 بولغاندىن تاشقىرى، قالغان ئورۇنلاردىكى نوپۇسنىڭ جىنس نىسبىتى ئادەتتە 104 تىن 109غىچە بولدى. 1990 - يىلى 18 يېزا - بازار، 5 مەيدان (فېرما) ۋە پونكىتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 337 مىڭ 278 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 173 مىڭ 916، ئايال 163 مىڭ 362، جىنس نىسبىتى 106.5 بولدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 - يىلى نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن چاغدىكى ئائىلە، نوپۇس سانى ۋە جىنس نىسبىتى

ئىجتىمائىيەت: 1 — 3 - جەدۋەل

| رايونلار | ئادرېس نومۇرى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس سانى | | | ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگىنى% | | جىنس نىسبىتى ئايالالار=100 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | |
| A | B | | | | | | | |
| جەمئىي | — | 71304 | 337278 | 173916 | 163362 | 51.6 | 48.4 | 106.5 |
| توقتوزاق بازىرى | 400 | 2276 | 9480 | 4836 | 4644 | 51 | 49 | 104.1 |
| ئوپال يېزىسى | 500 | 5867 | 27402 | 14112 | 13290 | 51.5 | 48.5 | 106.2 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 501 | 4394 | 21173 | 11087 | 10086 | 52.3 | 47.7 | 109.7 |
| تېرىم يېزىسى | 502 | 845 | 3802 | 1976 | 1826 | 51.9 | 48.4 | 108 |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 503 | 6196 | 29204 | 14979 | 14225 | 51.3 | 48.7 | 105.5 |
| سايباغ يېزىسى | 504 | 5798 | 26709 | 13562 | 13147 | 50.7 | 49.3 | 102.9 |
| زەمىن يېزىسى | 505 | 4214 | 18683 | 9666 | 9017 | 51.7 | 48.3 | 107.1 |
| ئوغۇساق يېزىسى | 506 | 2832 | 13053 | 6723 | 6330 | 51.5 | 48.5 | 106.2 |
| پاختەكلە يېزىسى | 507 | 3493 | 15694 | 8053 | 7641 | 50.9 | 49.1 | 103.7 |
| سەمەن يېزىسى | 508 | 2613 | 13366 | 6954 | 6412 | 52 | 48 | 108.4 |
| خانئۆي يېزىسى | 509 | 1739 | 8552 | 4452 | 4100 | 52 | 48 | 108.4 |
| لەڭگەر يېزىسى | 510 | 2872 | 13919 | 7134 | 6785 | 51.3 | 48.7 | 105.2 |
| مۇش يېزىسى | 511 | 2234 | 10610 | 5477 | 5133 | 51.6 | 48.4 | 106.7 |
| قوغان يېزىسى | 512 | 6013 | 29429 | 15202 | 14227 | 51.7 | 48.3 | 106.9 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 513 | 6794 | 34387 | 17837 | 16550 | 51.9 | 48.1 | 107.8 |
| ئاۋات يېزىسى | 514 | 5013 | 24074 | 12383 | 11691 | 51.4 | 48.6 | 105.8 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 515 | 6063 | 28108 | 14500 | 13608 | 51.6 | 48.4 | 106.6 |
| ئاققاش يېزىسى | 516 | 1645 | 7745 | 3996 | 3749 | 51.6 | 48.4 | 106.6 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بېغىشبرىق چارۋى- چىلىق فېرمىسى | 950 | 49 | 241 | 133 | 108 | 55.2 | 44.8 | 123.2 |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى | 951 | 241 | 1115 | 579 | 536 | 51.9 | 48.1 | 108 |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك نەسىللىك قوي فېرمىسى | 952 | 72 | 364 | 189 | 175 | 51.9 | 48.1 | 108 |
| ناھىيىلىك يىلقىچىلىق فېرمىسى | 953 | 6 | 20 | 9 | 11 | 55 | 45 | 81.8 |
| ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى | 954 | 35 | 148 | 77 | 71 | 52 | 48 | 108.5 |

2) ياش قۇرۇلمىسى مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 12 ـ ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 245 مىڭ 368 نوپۇس بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 124 مىڭ 661، 15 ياشتىن تۆۋەنلەر 47 مىڭ 523 بولۇپ، ئومۇمىي ئەرلەرنىڭ %12.38نىي؛ 15 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغانلار 14 مىڭ 451 بولۇپ، %59.11نى؛ 25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغانلار 18 مىڭ 21 بولۇپ، %46.14نى؛ 35 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلار 16 مىڭ 508 بولۇپ، %24.13نى؛ 45 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغانلار 15 مىڭ 731 بولۇپ، %62.12نى؛ 55 ياشتىن يۇقىرىلار 12 مىڭ 427 بولۇپ، %97.9نى تەشكىل قىلغان. 1990 ـ يىلى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 337 مىڭ 278 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 174 مىڭ 40، 15 ياشتىن تۆۋەنلەر 131 مىڭ 820 بولۇپ، ئومۇمىي ئەرلەرنىڭ %73.25نىي؛ 15 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغانلار 66 مىڭ 815 بولۇپ، %38.38نى؛ 25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغانلار 42 مىڭ 190 بولۇپ، %24.24نى؛ 35 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلار 35 مىڭ 803 بولۇپ، %57.20نى؛ 45 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغانلار 25 مىڭ 921 بولۇپ، %89.14نى؛ 55 ياشتىن يۇقىرىلار 34 مىڭ 587 بولۇپ، %19.87 نى تەشكىل قىلدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ۋە 1982 ـ يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

ئىجتىمائىيەت: 1 — 4 ـ جەدۋەل

| ياش قۇرۇلمىسى | 1946 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە | | | | 1982 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | نوپۇس سانى | | | ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگىنى (%) | نوپۇس سانى | | | ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگىنى (%) |
| | ئەر | ئايال | جەمئىي | | ئەر | ئايال | جەمئىي | |
| 0 ~ 5 ياشتىكىلەر | 18907 | 19066 | 37973 | 15.91 | 14448 | 14068 | 28516 | 16.39 |
| 6 ~ 10 ياشتىكىلەر | 19265 | 16783 | 36048 | 15.1 | 12095 | 11721 | 23816 | 16.69 |
| 11 ~ 17 ياشتىكىلەر | 12420 | 10100 | 22520 | 9.44 | 13977 | 12083 | 26060 | 14.98 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 18 ~ 24 ياشتىكىلەر | 13205 | 17412 | 30617 | 12.84 | 10458 | 11565 | 22023 | 12.66 |
| 25 ~ 34 ياشتىكىلەر | 19504 | 22641 | 42145 | 17.66 | 12363 | 12004 | 24367 | 14 |
| 35 ~ 45 ياشتىكىلەر | 17262 | 16173 | 33435 | 14.01 | 10426 | 10011 | 20437 | 11.75 |
| 46 ~ 55 ياشتىكىلەر | 5665 | 3878 | 9543 | 4 | 6159 | 5585 | 11744 | 6.75 |
| 55 ياشتىن يۇقىرىلار | 16827 | 9544 | 26371 | 11.05 | 9626 | 7402 | 17028 | 13.83 |
| ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى | 123055 | 115597 | 238652 | 100 | 89552 | 84439 | 173991 | 100 |

**ئىزاھات:** 1982 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇس سانى ئىچىدە شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىدىن قوشۇلغان شەرق تەرىپىكى 4 كۆۋرۈكى بىلەن بىر مەيداندىكى نوپۇسمۇ بار.

يۇقىرىقى 2 قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، 1946 ـ يىلى 18 ياشتىن تۆۋەنلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %40.45نى، 55 ياشتىن يۇقىرىلار %11.05نى تەشكىل قىلغان. 1982 ـ يىلى 18 ياشتىن تۆۋەنلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %45.06نى تەشكىل قىلىپ، 1946 ـ يىلدىكىدىن %4.61 ئاشقان، 55 ياشتىن يۇقىرىلار %9.78نى تەشكىل قىلىپ، 1946 ـ يىلدىكىدىن %1.27 ئازايغان.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكى نوپۇسنىڭ جىنس ئايرىمىسى ۋە ياش قۇرۇلمىسى

ئىجتىمائىيەت: 1 — 5 ـ جەدۋەل

| ياش قۇرۇلمىسى | نوپۇس سانى | | | ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەنى (%) | | | ئوخشاش ياشتىكىلەر ئىچىدە ئىگىلىگىنى (%) | | | جىنس نىسبىتى ئاياللار=100 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەر | ئايال | جەمئىي | ئەر | ئايال | جەمئىي | ئەر | ئايال | |
| جەمئىي | 337278 | 173916 | 163362 | 100 | 51.6 | 48.4 | 100 | 51.6 | 48.4 | 106.63 |
| 4 ~ 0 | 52719 | 26477 | 26242 | 15.63 | 7.85 | 7.78 | 100 | 50.22 | 49.73 | 100.9 |
| 9 ~ 5 | 44221 | 22381 | 21840 | 13.11 | 6.64 | 6.14 | 100 | 50.61 | 49.39 | 102.48 |
| 14 ~ 10 | 34880 | 18630 | 16250 | 10.34 | 5.52 | 4.32 | 100 | 53.41 | 46.59 | 114.65 |
| 19 ~ 15 | 34470 | 19048 | 15422 | 10.22 | 5.65 | 4.57 | 100 | 55.26 | 44.74 | 123.51 |
| 24 ~ 20 | 32345 | 15429 | 16916 | 9.59 | 4.57 | 5.02 | 100 | 47.7 | 52.3 | 91.21 |
| 29 ~ 25 | 23099 | 11416 | 11683 | 6.35 | 3.38 | 3.46 | 100 | 49.42 | 50.58 | 97.71 |
| 34 ~ 30 | 19091 | 9531 | 9560 | 5.66 | 2.83 | 2.83 | 100 | 49.92 | 50.03 | 99.7 |
| 39 ~ 35 | 18145 | 9204 | 8941 | 5.38 | 2.73 | 2.65 | 100 | 50.72 | 49.28 | 102.94 |
| 44 ~ 40 | 17658 | 9195 | 8463 | 5.24 | 2.73 | 2.51 | 100 | 52.07 | 47.939 | 108.65 |
| 49 ~ 45 | 13759 | 7195 | 6564 | 4.08 | 2.13 | 1.95 | 100 | 52.29 | 47.71 | 109.61 |
| 54 ~ 50 | 12162 | 6055 | 6107 | 3.61 | 1.6 | 1.81 | 100 | 49.79 | 50.21 | 99.15 |
| 59 ~ 55 | 8712 | 4655 | 4057 | 2.58 | 1.38 | 1.2 | 100 | 53.48 | 46.52 | 114.95 |
| 64 ~ 60 | 9467 | 5053 | 4414 | 2.81 | 1.5 | 1.31 | 100 | 53.37 | 46.63 | 114.43 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 134.6 | 42.62 | 57.38 | 100 | 0.72 | 0.97 | 1.7 | 2439 | 3283 | 5722 | 69 ~ 65 |
| 129.65 | 43.54 | 56.46 | 100 | 0.67 | 0.87 | 0.54 | 2273 | 2947 | 5220 | 74 ~ 70 |
| 133.67 | 35.25 | 64.75 | 100 | 0.25 | 0.45 | 0.7 | 833 | 1530 | 2363 | 79 ~ 75 |
| 153.44 | 39.46 | 60.54 | 100 | 0.22 | 0.34 | 0.57 | 756 | 1160 | 1916 | 84 ~ 80 |
| 189.92 | 39.49 | 65.51 | 100 | 0.07 | 0.14 | 0.21 | 248 | 471 | 719 | 89 ~ 85 |
| 147.01 | 34.84 | 65.16 | 100 | 0.05 | 0.09 | 0.14 | 154 | 288 | 442 | 94 ~ 90 |
| 143.36 | 41 | 58.99 | 100 | 0.02 | 0.02 | 0.04 | 57 | 82 | 139 | 99 ~ 95 |
| | | | | | | | | | 19 | 100 ياشتىن يۇقۇرىلار |

خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ساندىبا فورمۇلىسى (يەنى شۇتىسىلىك نوپۇسشۇناس ساندىبانىڭ نوپۇسنىڭ تەرەققىياتىنى تىپقا ئايرىش ئۆلچىمى) بويىچە، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە 1982 - يىلى 0 ~ 14 ياش گۇرۇپپىسىدىكى نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %39.22نى تەشكىل قىلىپ، تۇراقلىق تىپىدىن %12.72 يۇقىرى، ئالغا ئىلگىرىلەش تىپىدىن %0.78 تۆۋەن بولدى؛ 50 ياشتىن يۇقىرى ياش گۇرۇپپىسىدىكى نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %14.42نى تەشكىل قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش تىپىدىن %4.42 يۇقىرى، تۇراقلىق تىپىدىن %8.58 تۆۋەن بولدى، 15 ~ 49 ياش گۇرۇپپىسىدىكى نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %46.42نى تەشكىل قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش تىپىدىن %3.58 ئاز بولدى.

## 3 . مەلۇمات قۇرۇلمىسى

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 238 مىڭ 652 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلار 222 مىڭ 706 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %93.32نى؛ ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەنلەر 15 مىڭ 951 بولۇپ، %6.68نى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 209 بولۇپ، %0.09نى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 936 بولۇپ، %0.4نى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 11 مىڭ 259 بولۇپ، %4.72نى؛ خۇسۇسىي مەكتەپ ياكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار 3542 بولۇپ، نوپۇسنىڭ %1.48نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتىش نىسبىتى ناھىيە بازىرىدا %6.7، يېزىلاردا %6.65 بولدى. 1982 - يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 173 مىڭ 991 (ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر شەھىرىگە قوشۇۋېتىلگەن قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات ۋە يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار 98 مىڭ 806 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %57.09نى تەشكىل قىلىپ، 1946 - يىلدىكىدىن %36.23 ئازايدى؛ ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەنلەر 74 مىڭ 252 بولۇپ، %42.91نى تەشكىل قىلىپ، 1946 - يىلدىكىدىن %36.23 كۆپەيدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر 260 بولۇپ، %0.15نى؛ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 20 بولۇپ، %0.01نى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 5535 بولۇپ، %3.2نى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 16 مىڭ 722 بولۇپ، %9.66نى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 51 مىڭ 712 بولۇپ، %29.88نى تەشكىل قىلدى. ھەر 1000 ئادەمگە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 1.17، تولۇق

ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 32، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 63.96، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 81.298دىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدا ھەر 1000 ئادەمگە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 66.20، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 96.0، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 37.190، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 62.245، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 89.256دىن توغرا كەلدى. 1990 ـ يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 337 مىڭ 278 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلىقلار 129 مىڭ 50 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %26.38نى تەشكىل قىلىپ، 1946 ـ يىلدىكىدىن %09.56 كېمەيدى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەنلەر 93 مىڭ 656 بولۇپ، %77.27نى تەشكىل قىلىپ، 1946 ـ يىلدىكىدىن %41.49 كۆپەيدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر 1070 بولۇپ، %31.0نى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 3825 بولۇپ، %13.1نى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 9925 بولۇپ، %94.2نى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 34 مىڭ 147 بولۇپ، %12.10نى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 159 مىڭ 321 بولۇپ، %23.47نى تەشكىل قىلدى. شۇ مەزگىلدە، ناھىيە بازىرىدا ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر ھەر 6 ئادەمگە بىردىن توغرا كەلدى، ھەر 2 ئادەم ئىچىدە بىردىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىق ئادەم بار.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى ھەرخىل مەلۇماتلىق نوپۇسنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

ئىجتىمائىيەت: 1 — 6 ـ جەدۋەل

| ئورۇنلار | جەمئىي | ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسى | ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرسى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | ساۋاتسىزلار ياكى چالا ساۋاتلار: كىچىك جەمئىي | ساۋاتسىزلار ياكى چالا ساۋاتلار: 12 ياشتىن يۇقىرىلار | 0 ~ 5 ياشتىكىلەر | 15 ياش ياكى 15 ياشتىن يۇقىرى ساۋاتسىزلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 337278 | 463 | 607 | 3825 | 9925 | 34147 | 159321 | 65911 | 54752 | 63079 | 54461 |
| توققۇززاق بازىرى | 9480 | 224 | 266 | 1094 | 1659 | 1925 | 1922 | 748 | 566 | 1642 | 511 |
| ئوپال يېزىسى | 27402 | 14 | 34 | 301 | 933 | 3262 | 14046 | 3366 | 3366 | 5446 | 3366 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 21173 | 1 | 8 | 92 | 286 | 1364 | 10568 | 4493 | 3738 | 4361 | 3662 |
| تېرىم يېزىسى | 3802 | 4 | 1 | 29 | 53 | 274 | 1938 | 747 | 747 | 756 | 709 |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 29204 | 7 | 21 | 191 | 483 | 2234 | 14413 | 5877 | 4991 | 5978 | 4842 |
| سايباغ يېزىسى | 26709 | 6 | 19 | 189 | 573 | 1889 | 13190 | 5249 | 5249 | 5594 | 5095 |
| زەمىن يېزىسى | 18683 | 16 | 15 | 105 | 375 | 1381 | 7990 | 5052 | 5270 | 3749 | 3874 |
| ئوغۇساق يېزىسى | 13053 | 9 | 8 | 78 | 240 | 1106 | 5680 | 3371 | 2890 | 2561 | 2834 |
| ياقتەكلە يېزىسى | 15694 | 24 | 36 | 230 | 874 | 2245 | 6884 | 3127 | 2378 | 2274 | 2331 |
| سەمەن يېزىسى | 13366 | 17 | 27 | 100 | 388 | 1716 | 6547 | 2270 | 2234 | 2301 | 2042 |
| خاڭدى يېزىسى | 8552 | 22 | 9 | 104 | 316 | 1363 | 3877 | 1237 | 1032 | 1624 | 1027 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لەڭگەر يېزىسى | 13919 | 7 | 16 | 96 | 283 | 1819 | 6159 | 2762 | 2342 | 2777 | 2039 |
| مۇش يېزىسى | 10610 | 7 | 10 | 98 | 145 | 1216 | 4512 | 2372 | 2021 | 2250 | 2000 |
| قوغان يېزىسى | 29429 | 44 | 47 | 296 | 1098 | 4308 | 13454 | 5431 | 4712 | 4751 | 4379 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 34387 | 19 | 50 | 348 | 1009 | 2898 | 17449 | 6278 | 4817 | 6336 | 4554 |
| ئاۋات يېزىسى | 24074 | 12 | 19 | 217 | 477 | 1680 | 13593 | 4097 | 343 | 3979 | 3403 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 28108 | 23 | 15 | 205 | 531 | 2495 | 13422 | 6514 | 5728 | 4903 | 5630 |
| ئاقتاش يېزىسى | 7745 | 2 | 4 | 39 | 115 | 673 | 3029 | 2392 | 1893 | 1491 | 1842 |
| يېڭىشەھەر چارۋىچىلىق فېرمىسى | 241 | | | 3 | 2 | 35 | 99 | 80 | 57 | 22 | 54 |
| قەشقەر نەسىللىك چارۋا فېرمىسى | 1115 | 4 | 1 | 6 | 75 | 210 | 326 | 290 | 257 | 203 | 209 |
| قەشقەر نەسىللىك قوي فېرمىسى | 364 | 1 | 1 | 1 | 2 | 18 | 166 | 115 | 89 | 60 | 26 |
| ناھىيىلىك بېلىقچىلىق فېرمىسى | 20 | | | 2 | 2 | 6 | 5 | 3 | 3 | 2 | 3 |
| ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 148 | | | 1 | 6 | 30 | 52 | 40 | 29 | 19 | 29 |

## 4. كەسىپ قۇرۇلمىسى

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 147 مىڭ 177 نوپۇس ئىشقا ئورۇنلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %38.86نى، سانائەت ـ قاتناش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %42.9نى، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %42.2نى، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى %91.0نى، ئەركىن كەسىپ قىلىدىغانلار %76.0نى، باشقا كەسىپتىكىلەر %11.0 نى تەشكىل قىلغان. 1982 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇسنىڭ 92 مىڭ 131 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %92.91نى، سانائەت ـ قاتناش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %65.2نى، سودا ۋە مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %13.1نى، دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئىشلەيدىغانلار %48.1نى، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار %44.0نى، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار %92.1نى، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار %22.0نى، باشقا ساھەدىكىلەر %24.0نى تەشكىل قىلدى.

1990 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە ئىشلەۋاتقان نوپۇسنىڭ 175 مىڭ 550 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %14.89نى، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %88.0نى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغانلار %79.3نى، بىناكارلىق ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار %07.1نى، قاتناش ـ ترانسپورت ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار %21.0نى، سودا ۋە مۇلازىمەت ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار %37.1نى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار %36.2نى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئىشلەيدىغانلار

13.1٪نى تەشكىل قىلىدى.

## 3 § . نىكاھ، ئائىلە

### 1. نىكاھلىنىش ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلارنىڭ تەسىرى بىلەن، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولسا بولاتتى، تۇل ئايال قايتا نىكاھلانسا كەمسىتىلەتتى؛ قىز - يىگىتلەرنىڭ نىكاھلىنىشى پۈتۈنلەي ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىرادىسى، ئەلچىلەرنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئاتا - ئانىلارنىڭ چات كىرىۋېلىشى، مەجبۇرلاش، ئەرلەرنى ئەزىز كۆرۈپ، ئاياللارنى خارلاش، بالدۇر نىكاھلىنىشقا ئوخشاش فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئەركىن نىكاھلىنىش، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولۇشتەك نىكاھ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1983 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشېسىنىڭ 11 چوڭ ئەترىتى تەكشۈرۈلدى، تەپسىلاتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلدى:

بەشكېرەم يېزىسىنىڭ 1983 - يىلدىكى نىكاھ ئەھۋالى

ئىجتىمائىيەت: 1 — 7 - جەدۋەل

| | تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى | نىكاھلىنىش قېتىم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاتا - ئانىسى نىكاھقا چات كىرىۋالغىنى — قېتىم سانى | ئاتا - ئانىسى نىكاھقا چات كىرىۋالغىنى — ئىگىلىگىنى (%) | باشقىلار تونۇشتۇرغىنى — قېتىم سانى | باشقىلار تونۇشتۇرغىنى — ئىگىلىگىنى (%) | ئەركىن مۇھەببەتلەشكەنلەر — قېتىم سانى | ئەركىن مۇھەببەتلەشكەنلەر — ئىگىلىگىنى (%) | ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى | 50 ياشتىن يۇقىرى ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالى: تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى | نىكاھلىنىش قېتىم سانى | ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى | ئەر - ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەر | 128 | 267 | 129 | 48.31 | 49 | 18.35 | 89 | 33.91 | 2.09 | 39 | 90 | 2.03 | |
| ئايال | 124 | 213 | 126 | 59.15 | 27 | 12.68 | 60 | 28.17 | 1.72 | '22 | 47 | 2.14 | 2.25 |
| جەمئىي | 252 | 480 | 255 | | 76 | | | | | 61 | 137 | | |

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 227 ئادەمنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 115 بولۇپ، جەمئىي يېشى 2369 ياش، ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى 2.06 قېتىم؛ ئاياللار 112 بولۇپ، جەمئىي يېشى 1950 ياش، ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى 1.4 قېتىم. 1990 - يىلى قوغان يېزىسىدا 200 ئادەمنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 100 بولۇپ، نىكاھلىنىش قېتىم سانى 145 قېتىم، ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى 1.45 قېتىم؛ ئاياللار 100 بولۇپ، نىكاھلىنىش قېتىم سانى 150 قېتىم، ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى 1.5 قېتىم. 1983 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى ئازىيىپ، ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىچە

نىكاھلىنىش قېتىم سانى كۆپەيدى.

## 2. ئائىلە كۆلىمى ۋە تىپى

تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان چولڭ ئەترەت تۇرۇشلۇق كەنتتىكى ئائىلە سانى 103، نوپۇس 549، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 279، ئايال 270، ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن نوپۇس 5.33. (ناھىيە بويىچە ستاتىستىكا قىلغاندا ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.25 تىن نوپۇس توغرا كەلدى).

ئائىلە تىپى: تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاساسەن تۆۋەندىكى 4 خىل تىپنى ئايرىپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي ئائىلە 68 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 66.01%ىنى؛ بىرلەشمە ئائىلە 28 بولۇپ، 27.18%نى؛ كېڭەيمە ئائىلە بىر بولۇپ، 0.97%نى؛ جۈرىسىدىن ئايرىلغان ئائىلە 5 بولۇپ، 4.85%نى تەشكىل قىلدى، باشقا تىپتىكى ئائىلە يوق.

1988 - يىلى زەمىن يېزىسىنىڭ زەمىن كەنتى، تاشمىلىق يېزىسىنىڭ 1 - كەنتىدىن بولۇپ، 217 ئائىلىدىكى 472 نىكاھلانغان ئەر - ئايال ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھتىن ئاجراشقان، قايتا نىكاھلانغانلار 262 بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 55.51%ىنى تەشكىل قىلدى. ياش گۇرۇپپىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلار ۋە قايتا نىكاھلانغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە قېتىم سانىمۇ كۆپەيگەن. مەسىلەن: 29 ياشتىن تۆۋەن ياش گۇرۇپپىسىدىكىلەر 3.95 قېتىمدىن نىكاھلانغان؛ 30 ~ 49 ياش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى 4.32 قېتىم بولغان؛ 50 ياشتىن يۇقىرى ياش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە نىكاھلىنىش قېتىم سانى 4.59 قېتىم بولغان.

نىكاھلىنىش، ئاجرىشىش، قايتا نىكاھلىنىش قېتىم سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىسىز بولدى، ئىككىنچىدىن، ئائىلىگە تۇراقسىزلىق ئامىللىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئائىلە ئەزالىرى، خۇسۇسەن نىكاھتىن ئاجراشقان، قايتا نىكاھلانغان ئەر - خوتۇنلار زېھنىي كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى تەسكە چۈشتى. نەتىجىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ياخشىلىنالماي كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بويتاقلار ئائىلىسى 19، بويتاقلار ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان مۇكەممەل بولمىغان ئائىلە 19، ئاتا 60 ياشتىن، ئانا 55 ياشتىن يۇقىرى بولغان ئائىلە 10، جەمئىي 48 ئائىلە بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 217 ئائىلىنىڭ 22.12%ىنى تەشكىل قىلدى، بۇ ئائىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قىيىنچىلىقى ناھايىتى ئېغىر، بۇھال ئۇلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋە قايتا نىكاھلىنىش قېتىم سانىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

# § 4. پىلانلىق تۇغۇت

## 1. ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى

1979 - يىلى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، سەھىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت ئىشلىدى، بۇ خىزمەتكە بىر كادىر قوشۇمچە مەسئۇل قىلىندى. 1981 - يىلى بىر مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1983 - يىلى مەخسۇس كادىر 2گە كۆپەيتىلدى. 1985 - يىلى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 2. كەسپىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى

1979 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇلار ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلدى ھەمدە مەزكۇر ناھىيىنىڭ «1979 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»سى تۈزۈپ چىقىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، بىر رەھبەرنى بىر خىزمەتكە مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. يالغۇز پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈش، بەدەن گۈزەللىكى ۋە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش قاتارلىق خىزمەتلەر كۈچەيتىلدى؛ بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلغان ئەر ـ خوتۇنلارغا ئۆزۈقلىنىش ياردەم پۇلى بېرىش ۋە پەرزەنتلىرىنى يەسلىگە بېرىش، تۇرالغۇ ئۆي تەقسىم قىلىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى؛ كېچىكىپ توي قىلغان ۋە كېچىكىپ پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ تۇغۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتى ئۇزارتىپ بېرىلدى؛ ئۆمرىدە بىرلا پەرزەنتلىك بولۇپ كىنىشكا ئالغان ئەر ـ خوتۇنلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە ماددىي مۇكاپات بېرىلدى. ناھىيە بويىچە بىرلا پەرزەنتلىك بولغان 80 جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا 100 يۈەندىن مۇكاپات بېرىلدى، ھەر يىلى 60 يۈەندىن سالامەتلىكنى ساقلاش مۇكاپاتى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويمىغان 10 جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا جەرىمانە قويۇلدى، 1981 ـ يىلى 2 پەرزەنتلىك بولغان 3 جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە 3 پەرزەنتلىك بولغان 3 جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا قارىتا ئىككى تەرەپنىڭ ئايلىق مائاشىدىن 10% تۇتۇپ قېلىشتەك ئىقتىسادىي جازا قوللىنىلدى ۋە ئۇلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىندى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە، نۇقتىلىق ھالدا، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش ئاساس قىلىنىپ، ئاز ھەم سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىپ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش پائال كۈچەيتىلدى. ئاممىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، 1984 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى 796 ئايال ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە باشقا چارىلارنى قوللانغاندىن كېيىن، كۆپ پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى تۆۋەنلىدى.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 12 پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىسى سەپلەندى، تۇغۇت چەكلەش ۋاسىتىلىرى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت چەكلەش ئومۇميۈزلۈك تەشەببۇس قىلىنىپ، تۇغۇش تىزگىنلەندى. 1979 — 1985 ـ يىلغىچە 66 ئادەم تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى.

ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ۋە تۇغۇلۇش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ناھىيە 1982 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە 1 ـ بولۇپ باھالاندى، 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى، 1982 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

1990 ـ يىلى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ بېكىتتى. پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىيالمىغان ئورۇنلارغا قەتئىي تۈردە «بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش» يولغا قويۇلدى. يېزا، بازارلاردا شۇجى گۇرۇپپا باشلىقى، يېزا باشلىقى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كونكرېت تۇتتى:

1) تەشۋىق ـ تەربىيە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 4 قارار كۇرس ئېچىپ،

تەشۋىقات، دورا ـ ئۈسكۈنە، مالىيە، ستاتىستىكا خىزمەتچىلىرىنى مەخسۇس تەربىيىلىدى. كۆرسىتا 50 ئادەم قاتناشتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 80%كە يەتتى. يېزىلاردىكى پىلانلىق تۇغۇت پونكىتلىرى كۇرس ئېچىپ، كەنتلەردىكى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىلىرى، ئاياللار گۇرۇپپىلىرىدىكى دورا تارقىتىپ بەرگۈچىلەردىن بولۇپ 1816 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 600 پارچە تەشۋىقات لوزۇنكىسى، 900 پارچە تەشۋىقات ئورگىنالى بېسىلدى، ناھىيە بويىچە 48 تەشۋىقات تاختىسى چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىدىغان تەشۋىقات تاختىسى 15. بۇندىن باشقا، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاممىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىش ئاكتىپلىقى ۋە نوپۇس ئۈستىدە قايغۇرۇش ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

2) مۇلازىمەت قىلىش چىڭ تۇتۇلۇپ، ناھىيە، يېزا، كەنتلەر بويىچە 3 دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى قۇرۇلدى بۇ جەمئىيەتلەر سالامەتلىك ـ ساياق، يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيە، يېزا ۋە كەنتلەردە مەسلىھەت بېرىش، زىيارەت قىلىپ مۇلازىمەت قىلىش تورى ئورنىتىلىپ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت خىزمىتى كەنتلەر ۋە ئائىلىلەرگىچە ئىشلەندى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 3 بوۋاق تۇغۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان ئىچىدە تۇغۇلغىنى 7469، پىلان سىرتىدا تۇغۇلغىنى 2534، تۇغۇلۇش نىسبىتى 31.36%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 20.76% بولدى. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 74.67%، ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇغۇتقا چەك قويۇش چارىسى قوللانغانلار 3829 بولۇپ، نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 5.92%نى تەشكىل قىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 ـ يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى

ئىجتىمائىيەت: 1 — 8 ـ جەدۋەل

| ئورۇنلار | ئومۇمىي نوپۇس | تۇغۇلۇش نىسبىتى (%) | تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى (%) | تۇغۇلغان بوۋاق سانى: ئومۇمىي سانى | تۇغۇلغان بوۋاق سانى: پىلان ئىچىدىكىسى | تۇغۇلغان بوۋاق سانى: پىلان سىرتىدىكىسى | پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى (%) | نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار | ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇغۇتقا چەك قويۇش چارىسى قوللانغان ئادەم سانى | تۇغۇتقا چەك قويۇش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 336746 | 2.97 | 20.76 | 10003 | 7469 | 2534 | 74.67 | 64716 | 3829 | 5.92 |
| ئوپال يېزىسى | 27402 | 2.92 | 21.75 | 799 | 677 | 122 | 84.73 | 4385 | 218 | 4.97 |
| تاشمىلىق يېزىسى | 21173 | 3.54 | 29.55 | 749 | 547 | 202 | 73.03 | 3456 | 122 | 3.53 |
| تېرىم يېزىسى | 3802 | 2.47 | 10.92 | 94 | 81 | 13 | 86.17 | 829 | 5 | 0.6 |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 29204 | 4.2 | 36.39 | 1226 | 828 | 398 | 67.54 | 6740 | 95 | 1.41 |
| سايباغ يېزىسى | 26709 | 3.22 | 17.29 | 861 | 572 | 289 | 66.43 | 5113 | 82 | 1.6 |
| زەمىن يېزىسى | 18683 | 3.29 | 26.84 | 615 | 451 | 164 | 72.85 | 3660 | 79 | 2.16 |
| ئوغۇساق يېزىسى | 13053 | 3.03 | 13.64 | 395 | 251 | 144 | 61.01 | 2801 | 121 | 4.32 |
| باختەكلە يېزىسى | 15694 | 2.6 | 24.11 | 408 | 280 | 128 | 73.53 | 2470 | 158 | 6.4 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سەمەن يېزىسى | 13366 | 2.34 | 14.78 | 313 | 242 | 71 | 80.51 | 1819 | 319 | 17.53 |
| خاڭدى يېزىسى | 8552 | 3.72 | 11.04 | 280 | 240 | 40 | 85.71 | 1495 | 205 | 13.71 |
| لەڭگەر يېزىسى | 13919 | 3.42 | 25.21 | 476 | 383 | 93 | 86.13 | 2521 | 122 | 4.84 |
| مۇش يېزىسى | 10610 | 3.91 | 32.57 | 415 | 390 | 25 | 93.98 | 1983 | 28 | 1.41 |
| قوغان يېزىسى | 29429 | 2.1 | 12.64 | 619 | 528 | 91 | 83.68 | 6046 | 902 | 14.92 |
| بەشكېرەم يېزىسى | 34387 | 2.43 | 14.58 | 837 | 563 | 274 | 67.26 | 8242 | 449 | 5.45 |
| ئاۋات يېزىسى | 34074 | 2.41 | 23.85 | 820 | 530 | 290 | 64.63 | 3923 | 72 | 1.84 |
| يېڭىئۆستەڭ يېزى-سى | 28108 | 1.85 | 5.62 | 520 | 459 | 61 | 88.27 | 4621 | 132 | 2.86 |
| ئاقتاش يېزىسى | 7745 | 3.67 | 31.02 | 284 | 193 | 91 | 67.96 | 2415 | 20 | 0.8 |
| توقۇززاق بازىرى | 9480 | 3.08 | 26.26 | 292 | 237 | 55 | 81.16 | 2197 | 49 | 2.23 |

**ئىزاھات:** بۇ جەدۋەلگە 3 مەيدان (فېرما) نىڭ ستاتىستىكىلىق سانى كىرگۈزۈلمىدى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە 1990 ـ يىلدىكى ئاياللار ۋە تۇغۇلغان بوۋاق**

ئىجتىمائىيەت: 1 — 9 ـ جەدۋەل

| يېشى | ئاياللار | تۇغۇلغان بوۋاق | يېشى | ئاياللار | تۇغۇلغان بوۋاق | يېشى | ئاياللار | تۇغۇلغان بوۋاق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 15 | 2366 | — | 27 | 2222 | 334 | 39 | 1561 | 174 |
| 16 | 2688 | 25 | 28 | 2190 | 348 | 40 | 1722 | 190 |
| 17 | 2637 | 75 | 29 | 2003 | 305 | 41 | 1571 | 146 |
| 18 | 2320 | 164 | 30 | 2442 | 396 | 42 | 1707 | 147 |
| 19 | 2001 | 256 | 31 | 2035 | 326 | 43 | 1683 | 107 |
| 20 | 2371 | 375 | 32 | 2093 | 285 | 44 | 1774 | 128 |
| 21 | 1931 | 327 | 33 | 1971 | 268 | 45 | 1568 | 85 |
| 22 | 2003 | 416 | 34 | 1937 | 262 | 46 | 1455 | 31 |
| 23 | 2037 | 376 | 35 | 1566 | 257 | 47 | 1454 | 25 |
| 24 | 2261 | 384 | 36 | 1756 | 236 | 48 | 1540 | 24 |
| 25 | 2233 | 449 | 37 | 1723 | 214 | 49 | 1436 | 16 |
| 26 | 2102 | 325 | 38 | 1732 | 192 | | | |

# II باب

# مىللەت

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولۇپ، ئاز ساندا قىرغىز، قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان. چەك سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ

9 - يىلى (1883 - يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندا، تاغلىق رايونلاردا قىرغىز قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، يېزا ۋە ناھىيە بازىرىدا ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان، باشقا مىللەتلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەندە، ناھىيە بويىچە 58 مىڭ 843 ئائىلە، 238 مىڭ 653 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 234 مىڭ 642 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %98.32نى؛ قىرغىز 1787 بولۇپ، %0.75نى؛ ئۆزبېك 1501 بولۇپ، %0.63نى؛ خەنزۇ 621 بولۇپ، %0.26نى تەشكىل قىلغان. خۇيزۇ 76، شىبە 9، قازاق 6، تاتار 6، تاجىك 3، رۇس بىر.

1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 160 مىڭ 837 ئىدى. 1960 - يىلى 171 مىڭ 476 گە يېتىپ، %6.67 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 170 مىڭ 109 بولۇپ، %99.2نى؛ خەنزۇ 519 بولۇپ، %0.3نى؛ قىرغىز 684 بولۇپ، %0.4نى؛ ئۆزبېك 95 بولۇپ، %0.05نى؛ باشقا مىللەتلەر 69 بولۇپ، %0.04نى تەشكىل قىلدى. 1970 - يىلى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 244 مىڭ 566گە يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىن %42.62 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 241 مىڭ 839 بولۇپ، %98.88نى؛ خەنزۇ 1896 بولۇپ، %0.76نى؛ قىرغىز 621 بولۇپ، %0.25نى؛ ئۆزبېك 98 بولۇپ، %0.04نى؛ باشقا مىللەتلەر 112 بولۇپ، %0.046نى تەشكىل قىلدى. 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدە مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەندە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 273 مىڭ 883 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي نوپۇس 277 مىڭ 941 گە يېتىپ، 1970 - يىلدىكىدىن %14.17 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 275 مىڭ 313 بولۇپ، %99.05نى؛ خەنزۇ 2086 بولۇپ، %0.75نى؛ قىرغىز 442 بولۇپ، %0.16نى؛ ئۆزبېك 21 بولۇپ، %0.0076نى؛ باشقا مىللەتلەر 79 بولۇپ، %0.028نى تەشكىل قىلدى. 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدە، مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەندە، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 337 مىڭ 279 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 337 مىڭ 278، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 334 مىڭ 156 بولۇپ، %99.07نى؛ خەنزۇ 2343 بولۇپ، %0.7نى؛ قىرغىز 597 بولۇپ، %0.18نى؛ ئۆزبېك 59 بولۇپ، %0.019نى؛ باشقا مىللەتلەر 123 بولۇپ، %0.37نى تەشكىل قىلدى. ناھىيە بويىچە 229 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 1575 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى بار، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 312 مىڭ 53، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 18 مىڭ 557 (دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە كۆچەتخانىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا).

## §1 . مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى

### 1. ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭگودىكى تارىخى ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرگە بېرىپ تاقىلىدۇ، بۇ مىللەت ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىپ ياشىغان «تۇرالار» ئىدى، كېيىن «تۆلۈسلەر»، «قاڭقىللار» . . . . . . دەپمۇ ئاتالغان. 7 - ئەسىرگە كەلگەندە، «تۆلۈسلەر» قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى «ئۇيغۇر»، «بارغۇت»، «تۇڭرا» ۋە «بايئېرقۇ» قەبىلىلىرى تۈركلەرنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى بولۇپ تەشكىللەندى، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىسىنىڭ تيەنباۋ 3 - يىلى (744 - يىلى) ئورخۇن دەرياسىنى مەركەز قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. جېنيۈەن 4 - يىلى (788 - يىلى) ئۇيغۇر قاغانى تۇنباغا

تاڭ سۇلالىسىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەنزۇچە نامى « 回纥 نى 回鹘 » غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇندىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز غەربكە كېڭەيتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5 ـ يىلى (840 ـ يىلى) ئۇيغۇر خانلىقى ئۇرۇش ۋە ۋابا كېسەللىكى تارقىلىپ كېتىش تۈپەيلىدىن 3 تارماققا بۆلۈنۈپ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلەرگە كۆچتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ، ئىلگىرى غەربىي يۇرتتا ياشاپ كېلىۋاتقان قەبىلىلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى يايلاقلاردا كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ۋە شۇ جايدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇشى بىلەن، هازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى تەدرىجىي شەكىللەندى.

ئۇزۇندىن بېرى، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشۇپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى)، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خوجىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى چەتئەلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىدە كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا پائال ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا ياردەملەشتى. تۇڭجى 4 ـ يىلى (1865 ـ يىلى) قوقەن خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋېلىپ، قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى خەلقنى رەھىمسىز ئەزدى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، ئۇيغۇر خەلقى قوزغىلىپ باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتتى. گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندا، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئاشلىق ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ، كۆۋرۈك سېلىپ يول باشلاپ، قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىناق بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى نامايان قىلدى.

ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى، ئاساسەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، سودا ـ سېتىققا ئوخشاش كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

## 2. خەنزۇلار

تارىختا خەنزۇلار خېلى بالدۇرلا بۇ ناھىيە تەۋەسىگە ئاياغ باستى. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپلا، خەنزۇلار بۇ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇپ چېگرىنى قوغدىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بەن چاۋ سۇلى (قەشقەر) نى بازا قىلىپ، هۇنلارغا زەربە بېرىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇندىن ئېتىبارەن، بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قوشۇن، بوزيەر ئاچقۇچى ۋە سودىگەر خەنزۇلار بۇ جايغا ماكانلىشىپ، بۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە چېگرا رايوننى ئورتاق ئاچتى، گۈللەندۈردى ۋە قوغدىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا قۇلىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۇلى تەۋەسىدە سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قوشۇن، بوزيەر ئىگىلىگۈچى، بوزيەر ئاچقۇچى ۋە سودىگەر خەنزۇلارنىڭ سانى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن خېلى كۆپ ئېشىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە

كەلتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەردە خىتاي شەھىرى قۇرۇلدى. ۋېي يۈەن يازغان «زەپەرنامە»نىڭ 4 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چيەنلۇڭ خان شىنجاڭنى دەسلەپكى قەدەمدە تىنچىتقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار مەھەللىسىنىڭ يېنىدا سېپىل سالدۇرۇپ، خەندەك كولىتىپ، بۇ جاينى «خىتاي شەھىرى» دەپ ئاتىغان، بۇ جايدا پەقەت ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر تۇرىدىغان ئۆي ۋە ئامبار قاتارلىق نەرسىلەرلا بار بولۇپ، سودىگەر ۋە بازارلار بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىكەن». داۋگۇاڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى) قەشقەر شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر جەنۇبىدا يېڭىشەھەر سېلىنىدى، بۇ شەھەرمۇ «خىتاي شەھىرى» دەپ ئاتالدى. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) قەشقەر گېلاۋخۇي ئۇيۇشمىسىدىكى بيەن يۈگۈي، ۋېي دېشىلار ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، قەشقەر دوتيىي يۈەن خۇڭيۇ بىلەن ھەربىي مەسلىھەتچى ياڭ دېڭچېڭنى ئۆلتۈردى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ بىڭدۇ شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) خەنزۇلارنىڭ دائىم ئولتۇرۇشلۇق نوپۇسى 631، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 364، ئاياللار 267 ئىدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان: پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغانلار 275، ئەسكەر ۋە ساقچىلار 180، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر 95، سودا ساھەسىدىكىلەر 70.

## 3. قىرغىزلار

قىرغىز مىللىتى تارىختا «خاكاس»، «قىرغىز»، «بۇيرۇت» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان، 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى بۇ مىللەتنىڭ نامىنى «قىرغىز» دەپ يېزىشنى قارار قىلدى.

قىرغىزلار ۋەتىنىمىزدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار 7 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىن باشلاپلا، خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن كۆپ ئالاقە قىلىپ كەلدى، تاڭ سۇلالىسى، ئەرەبلەر، تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلار بىلەن دائىم سودا - سېتىق قىلىشىپ كەلدى. ئۇلار يېنسەي يېزىقى قوللانغان، ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى يىلنامە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇمباق، غوڭقا، بىلى، پەنلىگىغا ئوخشاش چالغۇ ئەسۋابلىرى بار. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى خاكاس مەدەنىيىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە، شىمالىي تەرەپتىكى يايلاقلاردا ياشاپ كەلگەن قىرغىزلار يەنىلا كۆچمە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «بۇيرۇتلار» دەپ ئاتالدى، تەڭرىتاغنى پاسىل قىلغان ئاساستا، «شەرقىي بۇيرۇتلار» ۋە «غەربىي بۇيرۇتلار» دەپ ئاتالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، قىرغىز خەلقى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى پاتال قوللاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭ فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) شېڭ شىسەي چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھانە قىلىپ، ئورغۇن يايلاقلارنى تاقىۋەتتى، بۇ قىرغىز چارۋىچىلارغا غايەت زور ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 8 - ئايدا ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى قىرغىزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قىرغىز خەلقى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت تەشكىللەپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايلاردا قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىۋەتتى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)، قىرغىزلارنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسى 427، بۇنىڭ ئىچىدە

ئەرلەر 182، ئاياللار 245 ئىدى.

## 4. ئۆزبېكلەر

ئۆزبېكلەر ۋەتىنىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجان، قوقەن قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ، ئىلگىرى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللانغان، ئادەتتە ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئورتاق قوللىنىدۇ. كۆپىنچىسى مائارىپ، سودا ياكى پارتىيە، هۆكۈمەت خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئاز ساندىكىلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مىنگونىڭ 35 ـ يىل (1946 ـ يىلى) ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1501 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 771، ئايال 730؛ ناھىيە بازىرىدىكى نوپۇسى 1318 بولۇپ، %87.31نى، بازار ئەتراپىدىكىلىرى 123 بولۇپ، %8.19نى، يېزىلاردىكىسى 60 بولۇپ، %4نى تەشكىل قىلىدۇ.

## 5. باشقا مىللەتلەر

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ناھىيە تەۋەسىدىكى خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 76 ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پارتىيە، هۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپلەردە ئىشلەيدۇ ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇندىن باشقا شىبە، قازاق، تاتار، تاجىك قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10غا يەتمەيدۇ، كۆپىنچىسى خىزمەت ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن يۆتكىلىپ كەلگەن.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1949 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان نوپۇس ۋە مىللەت تەركىبى**

ئىجتىمائىيەت: 2 — 1 ـ جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | ئومۇمىي نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۇيغۇر | خەنزۇ | خۇيزۇ | قازاق | قىرغىز | موڭغۇل | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | باشقا مىللەتلەر |
| 1949 | 160837 | | | | | | | | | | | |
| 1955 | 173191 | | | | | | | | | | | |
| 1958 | 173151 | 172153 | 266 | 13 | 1 | 552 | | 36 | 132 | | 1 | 37 |
| 1960 | 171476 | 170109 | 519 | 19 | 5 | 684 | | 45 | 95 | | | |
| 1962 | 174394 | 171714 | 1613 | 41 | 4 | 897 | | 6 | 11 | 107 | | 1 |
| 1965 | 226146 | 223698 | 1541 | 90 | 5 | 718 | | 3 | 83 | | 1 | 7 |
| 1970 | 244566 | 241839 | 1896 | 87 | 13 | 621 | | 2 | 98 | | | 10 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 157069 | 154012 | 2307 | 58 | 2 | 631 | | 6 | 45 | | 2 | 6 |
| 1980 | 167630 | 164648 | 2346 | 39 | 5 | 550 | 2 | 3 | 30 | 1 | | 6 |
| 1982 | 277941 | 275313 | 2086 | 68 | 4 | 442 | 4 | 3 | 21 | | | |
| 1985 | 289050 | 286575 | 1749 | 52 | | 590 | 4 | 12 | 55 | | | 13 |
| 1986 | 295394 | 292330 | 2346 | 62 | 4 | 537 | 4 | 15 | 85 | | | 11 |
| 1987 | 300205 | 297727 | 1862 | 53 | 4 | 651 | 9 | 13 | 53 | | | 9 |
| 1988 | 306442 | 303556 | 2072 | 65 | 4 | 663 | 8 | 17 | 48 | | | 9 |
| 1989 | 316526 | 313622 | 2126 | 64 | 4 | 627 | 8 | 17 | 49 | | | 9 |
| 1990 | 337278 | 334156 | 2343 | 64 | 12 | 597 | 8 | 9 | 59 | | | 30 |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1982 - يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكى مىللەت تەركىبى ۋە جايلىشىش ئەھۋالى

ئىجتىمائىيەت: 2 — 2 - جەدۋەل                    بىرلىكى: نەپەر

| مىللەت ئايرىمىسى / جايلىشىشى | 1982 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكى نوپۇس سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قىرغىز | خۇيزۇ | ئۆزبېك | قازاق | جۇاڭزۇ | تاجىك | موڭغۇل | تۇجىازۇ | زاڭزۇ | مىيائوزۇ | جۇڭگو تەۋەلىكىگە كىرگەن چەت ئەللىكلەر |
| جەمئىي | 273883 | 271299 | 1933 | 524 | 62 | 41 | 10 | 5 | 3 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| توققۇزاق بازىرى | 7186 | 5556 | 1561 | 14 | 30 | 1 | 10 | 2 | — | 1 | 1 | — | — | — |
| سەمەن گۇڭشېسى | 18077 | - 18042 | 24 | — | 5 | 3 | — | 3 | — | — | — | — | — | — |
| پاختەكلە گۇڭشېسى | 10111 | 10080 | 10 | — | — | 20 | — | — | — | — | — | — | — | 1 |
| لەڭگەر گۇڭشېسى | 11021 | 11000 | 17 | — | 4 | — | — | — | — | — | — | — | — | — |
| مۇش گۇڭشېسى | 8324 | 8225 | — | 96 | — | 3 | — | — | — | — | — | — | — | — |
| ئوغۇساق گۇڭشېسى | 10884 | 10871 | 13 | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — |
| زەمىن گۇڭشېسى | 15050 | 15023 | 12 | 12 | 2 | — | — | — | 1 | — | — | — | — | — |
| سايباغ گۇڭشېسى | 20742 | 20724 | 15 | — | — | 3 | — | — | — | — | — | — | — | — |
| بۇلاقسۇ گۇڭشېسى | 24177 | 23901 | 6 | 267 | 1 | 2 | — | — | — | — | — | — | — | — |
| ئوپال گۇڭشېسى | 22386 | 22238 | 37 | 107 | — | 4 | — | — | — | — | — | — | — | — |
| تاشمىلىق گۇڭشېسى | 20619 | 20584 | 8 | 25 | — | — | — | — | 2 | — | — | — | — | — |
| قوغان گۇڭشېسى | 24723 | 24700 | 23 | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — |
| بەشكېرەم گۇڭشېسى | 28702 | 28568 | 121 | — | 11 | — | — | — | — | — | — | 1 | 1 | — |
| ئاۋات گۇڭشېسى | 20775 | 20756 | 10 | — | 9 | — | — | — | — | — | — | — | — | — |
| بېشكۆستەڭ گۇڭشېسى | 30701 | 30668 | 32 | — | — | 1 | — | — | — | — | — | — | — | — |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېڭىشەھەر چارۋىچە-لىق فېرمىسى | 272 | 254 | 11 | 7 | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — |
| ناھىيىلىك يىلقە-چىلىق فېرمىسى | 23 | 4 | 18 | — | — | — | — | — | — | 1 | — | — | — | — |
| ناھىيىلىك ئۇرۇق-چىلىق مەيدانى | 110 | 95 | 15 | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكى مىللەت تەركىبى ۋە جايلىشىش ئەھۋالى

ئىجتىمائىيەت: 2 — 3 - جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| رايونلار | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | خۇيزۇ | قازاق | قىرغىز | تاجىك | ئۆزبېك | موڭغۇل | جۇاڭزۇ | باشقا مىللەت-لەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 337278 | 330166 | 6417 | 76 | 13 | 458 | 3 | 68 | 9 | 65 | |
| توققۇزاق بازىرى | 9480 | 7202 | 2222 | 15 | 6 | 11 | | | 7 | 17 | |
| ئوپال يېزىسى | 27402 | 27254 | 20 | | | 114 | | 14 | | | |
| تاشمىلىق يېزىسى | 21173 | 21017 | 18 | | | 135 | 3 | | | | |
| تېرىم يېزىسى | 3802 | 3795 | 4 | | | 3 | | | | | |
| بۇلاقسۇ يېزىسى | 29204 | 29034 | 23 | | | 145 | | 1 | | 1 | |
| سايباغ يېزىسى | 26709 | 26620 | 88 | | | | | 1 | | | |
| زىمىن يېزىسى | 18683 | 18635 | 40 | 4 | | 4 | | | | | |
| ئوغۇساق يېزىسى | 13053 | 12866 | 181 | | | | | | | 6 | |
| پاختەكلە يېزىسى | 15694 | 13189 | 2436 | 33 | 7 | | | 26 | 2 | 1 | |
| سەمەن يېزىسى | 13366 | 13285 | 79 | 2 | | | | | | | |
| خانقى يېزىسى | 8552 | 8459 | 84 | | | | | 9 | | | |
| لەڭگەر يېزىسى | 13919 | 13764 | 155 | | | | | | | | |
| مۇش يېزىسى | 10610 | 10491 | 56 | 1 | | 46 | | 16 | | | |
| قوغان يېزىسى | 29429 | 20302 | 127 | | | | | | | | |
| بەشكېرەم يېزىسى | 34387 | 34222 | 146 | 19 | | | | | | | |
| ئاۋات يېزىسى | 24074 | 24060 | 10 | 3 | | | | 1 | | | |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 28108 | 28068 | 20 | | | | | | | 20 | |
| ئاققاش يېزىسى | 7745 | 7740 | 5 | | | | | | | | |
| يېڭىشەھەر چارۋىچىلىق فېرمىسى | 241 | 235 | 6 | | | | | | | | |
| قەشقەر نەسىللىك چارۋا فېرمىسى | 1115 | 449 | 644 | 2 | | | | | | 20 | |
| قەشقەر نەسىللىك قوي فېرمىسى | 364 | 364 | | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك يېلىقچىلىق فېرمىسى | 20 | 12 | 8 | | | | | | | | |
| ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 148 | 103 | 45 | | | | | | | | |

# 2 §. مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر

## 1. ئۇيغۇرلار

### 1) كىيىنىش، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي ۋە قاتناش قوراللىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى 4 قىرلىق گۈللۈك دوپپا كىيىدۇ، دوپپىنىڭ تۈرى كۆپ ھەم چىرايلىق. ئەرلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تىزغا كەلگۈدەك چاپان، ئىچىگە قىسقا يەڭلىك كانىۋاي كۆڭلەك كىيىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۈستىگە جىلىتكە كىيىدۇ، جىلىتكىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ، ھالقا، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، مارجان قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ، قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى چېچىنى ئۆشاق ئۆرۈۋالىدۇ. ھازىر ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ئادەتتە كىيىدىغان كىيىملەر: ئاياللار ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۈستىگە كاستيۇم كىيىدۇ، ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىدۇ.

ئۇيغۇرلار يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە بۇغداي ئۇنى، قوناق ئۇنى ۋە گۈرۈچ تاماقلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، ئادەتتە سۈت چاي ۋە ئاق ئۇن بىلەن يېقىلغان چوڭ - كىچىك نانلارنى ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ناننىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، كاكچا، توقاچ، ياغلىق نان، گىردە، زاغرا قاتارلىق 10 نەچچە خىل بولىدۇ. تاماق ۋە قورۇمىلارنىڭ تۈرى تېخىمۇ مول، پولۇ، گۆشلۈك ئۈماچ، شويلا، لەغمەن، سۇيۇقئاش، سومەن، پىتىر مانتا، سامسا، پۆرە، ئۇخۇم پوشكىلى، يۇتازا، چۆچۈرە، بەنشىر، كاۋاپ، تونۇر كاۋىپى، ئۈماچ قاتارلىق 50 نەچچە خىلغا بارىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، بىجىق، گىلاس، چىلان، جىگدە، گۈلە قاتارلىق ھەرخىل مېۋە - چېۋە ۋە قاقلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى، ئۇلارنىڭ ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۆي شەكلى چاسا شەكىللىك بولۇپ، ھويلىسى بار، ئادەتتە كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولىدۇ. دەرۋازىسى قىبلە تەرەپكە قاراپ ئېچىلىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسى تۈز بولۇپ، تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. بىر قەدەر ئىچكىرى كېلىدىغان دەھلىز قويۇلىدۇ. ھويلا - ئاراملىرىغا گۈل، ئۈزۈم، مېۋىلىك دەرەخ، ئۈجمە قاتارلىقلار تىكىلىدۇ. ئۆي ئىچىگە كاڭ ياسىلىدۇ، تامغا گىلەم تارتىلىدۇ، تەكچە ياسىلىدۇ ھەمدە ھەرخىل ئۇرنەكلەر چۈشۈرۈلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلار كۆپىنچە ئېشەكنى قاتناش قورالى قىلاتتى، ئاتقا مىنىدىغان ۋە ھارۋىغا ئولتۇرىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. كۆتەك ھارۋا، خادىك، 4 چاقلىق يۈزلىك ھارۋىلار بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا، رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىسى ئومۇملىشىشقا باشلىدى. 60 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا بىلەن ئاپتوموبىل ئاساسەن كۆتەك ھارۋا بىلەن 4 چاقلىق يۈزلىك ھارۋىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. 1990 - يىلى ناھىيىدىكى 17 يېزىنىڭ 10 ىغا ئاپتوبۇس قاتنىدى. يۇنىڭ بىلەن بازار - يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش قولايلاشتى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار كالا گۆشى، قوي گۆشى، تۆگە گۆشى، ئات گۆشى، توخۇ گۆشى، ئۆردەك گۆشى، بېلىق گۆشى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىدۇ، چوشقا، ئىت، ئېشەك گۆشى، گۆشخور هايۋانلار، يىرتقۇچ هايۋانلار، شۇنىڭدەك بارلىق هايۋانلارنىڭ قېنى، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ قالغان ۋە هارام بولۇپ قالغان هايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ناهايىتى ئەدەپلىك كېلىدۇ، يولدا چوڭلارغا ياكى دوست - بۇرادەرلىرىگە ئۇچراپ قالسا، ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ سەل ئېگىشىپ تۇرۇپ سالام - سائەت قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۆيىگە كەلگەن مېهماننى قىزغىن كۈتىدۇ.

2 ) توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا، نىكاھ قانۇنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئاتا - ئانىلار چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش ئىشلىرى خېلى ئازايدى. قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى تەدرىجىي ئومۇملاشتى. توي قىلىش جەريانى، ئادەتتە مۇھەببەت باغلاش ياكى تونۇشتۇرۇش، چاي ئىچكۈزۈشتىن ئىبارەت 3 باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ. توي مۇراسىمى مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ، توي بولغان كۈنى يىگىت ۋە قىز تەرەپ ئۆز ئۆيلىرىدە مېهمان كۈتىدۇ. قىز كۆچۈرگەندە، يىگىت يىگىت قولدىشى ۋە قۇرداشلىرىنىڭ هەمراهلىقىدا ناغرا - سۇناي سادالىرى ئىچىدە قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ، قىز كۆچۈرۈش مۇراسىمىدا دۇئا - تەكبىر قىلىنىدۇ. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دوست - بۇرادەرلەر ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. نىكاھ ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. قىز قىز قولدىشى ۋە يېقىن دوستلىرىنىڭ هەمراهلىقىدا كۆچۈرۈلىدۇ، ئاتا - ئانىسى قىز كۆچۈرۈشكە قاتناشمايدۇ. نىكاھلىنىشتا توي خېتى ئالغاندىن تاشقىرى، ئاخۇن چاقىرتىلىپ نىكاھ ئوقۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا دەپنە قىلىشتا مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئادىتى بار. ئادەتتە ئەتىگەندە ۋاپات بولغان بولسا چۈشتىن كېيىن، كەچقۇرۇن ۋاپات بولغان بولسا ئەتىسى ئەتىگەندە يەرلىككە قويۇلىدۇ، مېيىت بىر كۈندىن ئارتۇق ساقلانمايدۇ. مېيىتنى كېپەنلەشتىن ئىلگىرى سۇغا ئېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن كېپەنلىنىپ جىنازىغا سېلىنىدۇ - دە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى تەرىپىدىن مەسچىتكە ئېلىپ بېرىلىپ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقىلىدۇ. تاش گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدۇ، تاش گۆردىن ئىچ گۆر قېزىلىپ مېيىت شۇ ئىچ گۆرگە قويىلىدۇ، ئىچ گۆرنىڭ ئېغىزى كېسەك بىلەن ئېتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تاش گۆر توپا بىلەن تىندۇرۇلىدۇ، يەر ئۈستىگە بېلىق سىرتى قىلىپ توپا دۆۋىلىنىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇش ۋاقتىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يىغلىشىغا بولمايدۇ، ئاياللارنىڭ قەبرىستانلىققا بېرىشىغا بولمايدۇ، مەرھۇمنىڭ ئايالى جىنازا كۆتۈرۈپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمايدۇ. مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە، ئەرلەر ئادەتتە بېلىگە ئاق باغلايدۇ، ئاياللار بېشىغا ئاق رومال سېلىپ، مەرھۇمغا تەزىيە بىلدۈرىدۇ. مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىنقى 4 قېتىملىق 7 كۈننىڭ هەربىر 7 كۈنىدە مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. 40 كۈن بولغاندا ۋە بىر يىل تولغاندا نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ، هەربىر هېيت - ئايەمدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىدۇ.

3 ) ئەنئەنىۋى هېيت - ئايەملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق هېيت - ئايەملىرى قۇربان هېيت ۋە روزا هېيتتىن ئىبارەت. هېيتنىڭ ئالدىدا هەممە كىشى ئائىلە تازىلىقى قىلىدۇ، ساڭزا سالىدۇ ۋە هېيتلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرىدۇ. قۇربان هېيتتا شارائىتى بارلار قوي ياكى كالا سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ. هېيت مەزگىلىدە ئۇلار ئۆز ئارا هېيتلىشىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلەر بىرى - بىرىنى يوقلىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار پەرزەنت يۈزى كۆرگەندە، ئاخۇن چاقىرىپ ئىسىم قويغۇزىدۇ. ئوغۇل بالا 6 — 7 ياشقا كىرگەندە

خەتنە قىلىنىدۇ، قىزلارنىڭ قۇلىقى تەشكوزۇلىدۇ.

## 2. خەنزۇلار

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپ ئەمەس، ئۇلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە بىرى - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ جايدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇرمۇش ئادىتى شەكىللەنگەن.

### 1) كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي ۋە قاتناش قوراللىرى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە، ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇ ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى نامرات بولۇپ، كىيىم - كېچەكلىرى ئاددىي - ساددا ئىدى، كۆپىنچىسى پاختا رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى؛ تاۋار - دۇردۇندىن كىيىم كىيىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەرلەر كۆپىنچە ئۇدۇل پەشلىك چاپان، ئىمچە كىيەتتى، كېيىن جۇڭشەن فورمىسى كىيىدىغان بولدى، ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى يوغان پەشلىك چاپان كىيەتتى، كېيىنچە چىپاۋ (ئىككى يېنىدا چېكى بار ئۇزۇن كۆڭلەك) كىيىدىغان بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كىيىم كىيىشمۇ ئۆزگەردى. 50 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە جۇڭشەن فورمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار فورمىسى كىيىلدى، رەڭ جەھەتتە قارا ياكى كۆلرەڭ ئاساس قىلىندى. 80 - يىللاردىن باشلاپ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاسونلىرى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلاندى. ئەرەنچە كىيىم - كېچەكلەر جۇڭشەن فورمىسى، كاستيۇم - بۇرۇلكا، تەنتەربىيە كىيىملىرى، بىر يۈرۈش كاۋبوي كىيىمى، ياشلار كىيىمى، شاماللىق، ھەرخىل كۆڭلەكلەر ۋە ئۇزۇن - قىسقا پەلتولاردىن ئىبارەت بولدى؛ ئايالچە كىيىملەر كاستيۇم - بۇرۇلكا، كاناي ئىشتانلىق بىر يۈرۈش كىيىم، ئازادە كۆڭلەك، ئۇزۇن كۆڭلەك، پىلاتا - يوپكا، قىسقا يوپكا، ئۇزۇن - قىسقا چىپاۋ، ھەرخىل يۇڭدىن توقۇلغان سىرتقى كەمزۇل، ئۇزۇن - قىسقا پەلتو، سۇنئىي تېرىدىن تىكىلگەن سىرتقى كەمزۇل، چاڭغا كۆڭلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. كىيىملىك رەخت جەھەتتە خىمىيىۋى تالالىق رەخت، يۇڭ رەختلەر ئاساس قىلىنىدۇ، رەختنىڭ تۈرى كۆپ، رەڭگى خىلمۇخىل بولىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ تائامىدا بۇغداي ئۇنى تامىقى ۋە گۈرۈچ تامىقى ئاساس، قارا ئاشلىقتىن ئېتىلگەن تائاملار قوشۇمچە قىلىنىدۇ. تائام ۋە قورۇمىلاردىن: لەغمەن، كەسمە ئاش، سۇدالىق سوزما ئاش، ئۈزۈپ تاشلىغان سۇيۇقئاش، ئۈگرە، سومەن، سۇيۇقئاش، شورپىلىق سەي لەغمىنى، گۈرۈچ ئاش، مورنان، مور قاتلىما، تاۋا نېنى، جوۋاۋا، مانتا، ئارىلاشما سەيلىك شورپا، ئۇماچ قاتارلىقلار بار. خەنزۇلار كالا، قوي، چوشقا، توخۇ، ئۆردەك، بېلىق گۆشلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قورۇغان سەي ۋە كىراخمال - سۇ قۇيۇپ قورۇغان سەيلەرنى يەيدۇ، تەمى چۈچۈمەل، ئاچچىق ۋە تۇزلۇق بولۇشنى ئاساس قىلىدۇ. ھېيت - بايراملاردا جەم بولۇپ زىياپەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى: بازاردىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدۇ، يېزىلاردىكى خەنزۇ ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن ئىبارەت. ئادەتتە ئۆيلىرى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنىدۇ، ئۆيگە دېرىزە قويۇلىدۇ، ئۆينىڭ تاملىرى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلىپ، ھاك بىلەن ئاقارتىلىدۇ. بەزىلەر ياتاق ئۆيىگە كاڭ سالىدۇ، قىش پەسلىدە كاڭغا ئوت قالاپ ئىسسىنىدۇ. 70 - يىللاردىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆيلەرگە ئېگىز - پەس ئىشكاپ، ئۆرە ئىشكاپ، پاكار ئىشكاپ، سافا قاتارلىق ئۆي جاھازلىرى قويۇلىدىغان بولدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، نۇرغۇن ئائىلىلەر تېلېۋىزور، رادىئو، ۋېلسىپىت، موتسىكلىت قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى.

خەنزۇلارنىڭ قاتناش ۋاستىسى: ئىلگىرى كۆپىنچىسى پىيادە يول يۈرەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، ۋېلىسىپىت، رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ۋە ئات ھارۋىلىرىنى قاتناش ۋاستىسى قىلىدىغان بولدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كۆپىنچىسى ئاممىۋى ئاپتوبۇس ۋە ۋېلىسىپىتنى قاتناش ۋاستىسى قىلىدىغان بولدى، ئاز ساندىكىلىرى ئاپتوموبىل، تراكتور، موتسىكلىتلارنى قاتناش ۋاستىسى قىلدى.

**2) توي - تۆكۈن ۋە دەپنە ئىشلىرى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قىز - يىگىتلەر ئۇمۇمىيۈزلۈك ھالدا بىر قەدەر بالدۇر توي قىلاتتى، ئادەتتە يىگىتلەر 18 ياشتا، قىزلار 16 ياشتا توي قىلاتتى. توي ئىشى ئەلچىلەرنىڭ كېلىشتۈرۈشى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىگە بولۇشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقاتتى. تونۇشتۇرۇش، چاي ئىچكۈزۈش، توي قىلىشتىن ئىبارەت 3 تەرتىپ بولاتتى. تويدا يىگىت ۋە قىز تەرەپ توي زىياپىتى تەييارلاپ مېھمان كۈتىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇم ۋە دوست - بۇرادەرلىرى توينى قۇتلۇقلىغىلى كېلىدۇ. كەچ كىرگەندە ياشلار «ھوجرا تاماشىسى»غا كېلىپ، بولۇشىغا تاماشا قىلىپ، توينىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى، ئىككىيلەننىڭ ئۆمۈر بويى ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى تىلەيدۇ. تويىنىڭ 3 - كۈنى توي بولغان يىگىت خوتۇنىنى ئېلىپ قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، بۇ «سالامغا بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇزۇن كېسىلگەن چۆپ ئېتىپ قىزى بىلەن كۈيوغلىنى كۈتىدۇ، يىگىت بىلەن قىز تاماقتىن كېيىن قونۇپ قالماي، شۇ كۈنى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «نىكاھ قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەگىشىپ، قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىش كەيپىياتى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىپ باردى، توي قىلىش يېشى ئۇمۇمىيۈزلۈك كېچىكىپ، 23 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا تويلىشىدىغان بولدى. توي ۋاقتى كۆپىنچە ھېيت - بايراملارغا توغرىلىنىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزىلەر سەيلە - ساياھەت قىلىپ توي قىلىدۇ، بەزىلىرى مېھمان چاقىرىپ توي قىلىدۇ، بەزىلىرى مېھمان چاقىرماي پەقەت بىر نەچچە ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىنى چاقىرىپ توينى تەبرىكلىشىدۇ. كېيىنكى ھەرخىل توي قىلىش شەكىللىرى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، خەنزۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم - يېتىم بولسا، ئالدى بىلەن ئوغلى ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزەتتى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى پەتىگە كېلەتتى. ئۆلارنىڭ مېيىت ئۇزىتىش ئادىتى مۇنداق: مېيىت ئۆيىگە ئۇششاق ھورنان ۋە مېۋە - چېۋە، ھاراق، سەيلەر قويۇپ قويۇلىدۇ ياكى 2 مىسرالىق تەزىيەنامە سوۋغا قىلىنىدۇ، ھەتتا قەغەزدىن بوۋاق، كالا، ئات، قويغا ئوخشاش ھەمدەپنە نەرسىلىرى ياسىلىدۇ، مەرھۇمنىڭ خوتۇن - باللىرى قارىلىق تۇتىدۇ. ئادەتتە ئۆلۈم بولغاننىڭ 3 - كۈنى دەپنە قىلىنىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازاردىكىلەر ئارىسىدا ماتەم مۇراسىمى ئېچىش، گۈلچەمبىرەك ۋە 2 مىسرالىق تەزىيەنامە تەقدىم قىلىش ئۇسۇللىرى كونا مۇراسىملارنىڭ ئورنىنى دەسسىدى.

**3) ئەنئەنىۋى ھېيت - بايراملار** دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغان، يەنشياۋ بايرىمى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، چوكانتال مەۋسۇمى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاگزۇگزا چاغىنى 7. ئاينىڭ 7 - كۈنى، تاۋۇز چاغىنى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى (ئوچاق پىرىغا ئاتاپ ئىسرىق سېلىش)، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى (هارپا) بار. بۇنىڭ ئىچىدە چاغان ۋە يەنشياۋ بايرىمى ئەڭ داغدۇغىلىق بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇراپىي تۈس ئالغان بەزى ھېيت - بايراملار كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى، ھازىر قېلىپ قالغان ئاساسلىق بايراملار چاغان، چوكانتال مەۋسۇمى، ئاگزۇگزا چاغىنى، تاۋۇز چاغىنىدىن ئىبارەت.

## 3. قىرغىزلار

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىرغىزلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىشتىن

ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتكەن بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىلىرى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق قىلىدۇ. قىرغىزلارنىڭ ئىچىملىكى كالا سۈتى، قوي سۈتى، ئات سۈتى، قېتىق، سۈت چاي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، يېمەكلىكلىرى كالا، قوي، ئات گۆشلىرى، شۇنىڭدەك ئاق ئۇن ۋە گۈرۈچ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، سېرىق ماي ۋە قېتىققا ئوخشاش سۈت مەھسۇلاتلىرى بار.

قىرغىزلار ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلەرگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەرلىرى كىگىز قالپاق كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۈچىسىغا كانىۋاي ئىشلەنگەن ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ، قىش كۈنلىرى قارا، كۆك چاپان كىيىدۇ، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتان، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدۇ. ئاياللىرى ئۇدۇل پەشلىك كەمزۇل كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كۈمۈش تۈگمە تاقايدۇ، چاچا تۇتقان ۋە پېشى پۈكۈلگەن كۆڭلەك كىيىدىغانلارمۇ بار، ئۈستىگە قارا چىلتىكە ياكى چاپان كىيىدۇ. قىزلار قىزىل رەڭلىك كىيىم ۋە كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قىزىل دۇخاۋا دوپپا ياكى توق قىزىل كەمچەت تۇماق كىيىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئاق رومال سالىدۇ. مەيلى چوڭ ئاياللار ياكى قىزلار بولسۇن، ھەممىسى گۈل چېكىلگەن ئۇزۇن قونجلۇق ئۆتۈك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. توي قىلمىغان قىزلار چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن چېچىنى 2 ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈيدۇ. قىز - ئاياللار بىلەيزۈك، ھالقا، مارجان، ئۈزۈك قاتارلىق زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ، بۇ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۈمۈشتىن سوقۇلىدۇ، بەزىلىرى گۈل چېكىلگەن يۇمىلاق كۈمۈش مېدالىيونمۇ تاقايدۇ.

قىرغىزلار مېھماندوست ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق مىللەت، مېھمان كەلسە ئۆيىدىكى ئەڭ ياخشى يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، بولۇپمۇ قوي سويۇپ مېھمان قىلىش ئارقىلىق ئىززەت - ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ. كۆچكەندە قوشنا - قولۇملار مېھماندارچىلىق قىلىشىپ خوشلىشىدۇ ۋە قارشى ئېلىشىدۇ.

قىرغىزلار دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە ئاياللار قارا كىيىم كىيىدۇ، قارا رومال سالىدۇ، ماتەم ناخشىسى ئېيتىپ مەرھۇمغا بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. دەپنە قىلغاندا مېيىتنىڭ بېشى شىمال تەرەپكە، پۇتى جەنۇب تەرەپكە، يۈزى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ، مەرھۇمنىڭ ئوغۇللىرى، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ماتەم مۇراسىمغا قاتناشقۇچىلار قەبرىگە توپا تاشلاپ مېيىتنى كۆمۈپ قويىدۇ. ئۆلۈمدىن كېيىن 3 كۈن، 7 كۈن، 40 كۈن بولغاندا، شۇنداقلا ھەر يىلى يىل توشقاندا مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدا تۇرغان ئۆيى (كىگىز ئۆي) يېنىدا ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادارلىرى چاقىرىلىپ نەزىر ئۆتكۈزۈلۈپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدۇ.

قىرغىزلار 12 مۈچەلنى يىلنامە قىلىدۇ. ھەر بىر يېڭى ئاي چىققاندا بىر ئاي ھېسابلىنىدۇ، 12 ئاي بىر يىل بولىدۇ. ھەر يىلى ئۈنجى قېتىملىق يېڭى ئاي چىققاندا «نورۇز» بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ كۈنى ئۆي - ئۆيلەردە بۇغداي، ئارپا، گۆش قاتارلىق 7 خىلدىن ئارتۇق يېمەكلىك بىلەن «كۆجە» سېلىنىپ، مول ھوسۇل ئېلىش ئارزۇ - ئىستىكى ئىزھار قىلىنىدۇ. بۇندىن باشقا، يەنە قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۆھىم ھېيت - بايرام ۋە ئايدىڭ كېچىلەردە ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## § 3 . تىل

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۇيغۇرلار ناھىيىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %98 چامىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇزۇندىن بېرى، يېزىلاردىكى تىل ئالاقىسىدە ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە،

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدىن (خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى بۇنىڭ سىرتىدا) بۇ ناھىيىگە ئادەم كېلىپ خىزمەت قىلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار بولسىمۇ، يىراق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ يەرلىك تىل شېۋىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇزۇن يىللىق ئورتاق تۇرمۇش كۆچۈرۈش ۋە خىزمەت ئالاقىسى جەريانىدا، ناھىيە تەۋەسىدە تەبىئىي ھالدا خەنزۇچە ئورتاق تىلغا ئوخشىمايدىغان خەنزۇ تىل شېۋىسى شەكىللەندى. ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ كۈنسايىن قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلاردىكى خادىملار ئىچىدە، 60 - يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ %5ى خەنزۇچە سۆزلىيەلەيتتى، %10ى خەنزۇچىنى چۈشىنەلەيتتى، خەنزۇلارنىڭ %30ى ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيتتى، %50ى ئۇيغۇرچىنى چۈشىنەلەيتتى. 70 - يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ %20ى خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغان، %40ى خەنزۇچىنى چۈشىنىدىغان بولدى. 90 - يىللارغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ %30ى خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغان، %60ى خەنزۇچىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. خەنزۇلارنىڭ ئالمىشىشى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، كۆپىنچە ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇ جايدا خىزمەت قىلغان، مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر ئۇيغۇرچە سۆزلىشەلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشتىن ئىبارەت 2 خىلغا ئايرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سوزۇق تاۋۇش 8، ئۈزۈك تاۋۇش 24.

## قوشۇمچە

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

ئات ئالساڭ ئاي كېچەش،
خوتۇن ئالساڭ يىل.

ئادەمنىڭ قىممىتى سۆز بىلەن،
ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.

ئادەم زىننىتى — كىيىم،
دەرەخ زىننىتى يوپۇرماق.

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە.

ئاق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى ئاق ئەمەس.

ئادەم قىچارسا بارمايدۇ،
ئاش قىچارسا قالمايدۇ.

ئالدىرىغان قىز ئەر تاللىماپتۇ.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،
چىقماقنىڭ چۈشمىكى.

ئانارنى چۆلگە تىك،
ئەنجۈرنى كۆلگە.

ئات ئىچكۈچىگە كۆنمىسەڭ،
قان ئىچكۈچى كېلەر.

باشقا كەلگەندە باتۇر.

باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان — دوست.

باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.

بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم،
بولمىسا ئارىدا سۇن تاۋۇقىم.

بارچە گۇناھ ئۆزەمدە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

بازاردا مىڭ كىشى،
كۆڭۈلدە بىر كىشى.

باققالنىڭ ئالدى ياخشى،
قاسساپنىڭ كەينى.

بالا يىغلىمىسا،
ئانا ئەمچەك سالماس.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،
چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن.

بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى.

بۇغداي تېرىساڭ كۆزگە تېرى،

ئارپا تېرىساڭ بوزغا (تېرى).

ئاقتوناقنىڭ سايىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.

بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن،
تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان.

بېشىڭنى كىم سىلىلا، ماشايىقنىڭ شۇ،
يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىقنىڭ شۇ.

كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغار.

بېشى يوغان بەگ بولار.
پۇتى يوغان قول (بولار).

ئېغىزدىن بالا تۇغۇلماس،
باشقا ھەممىسى تۇغۇلار.

ئاچچىق يۇتماق — تاغ يۇتماق.

بىر قوساقتىن ئاغامچا ـ توقۇناقتىن باشقىسى چۈشىدۇ.

بىر گۆرگە سۇ كىرسە،
مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك.

بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى.

پادا باققاندا دوست ئىدۇق،
ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

پادىشاھ ئادىل بولسا،
پۇقرا مايىل بولىدۇ.

پۇت يۈگرۈكى ئاشقا،
ئېغىز يۈگرۈكى باشقا.

پۇل بار چاغدا مىڭى دوست،
پۇل تۈگىگەندە قېنى دوست.

پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا.

پۇل تاپقىچە ئەقىل تاپ.

پىيازنىڭ پوستى تولا،
ئەخمەقنىڭ دوستى (تولا).

تازنىڭ كۆزى چاچتا،
قىزنىڭ كۆزى قاشتا.

تاما تاما كۆل بولار.

بىر بىكار ئۇننى بىكار قىپتۇ.

توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ،
ئۆچكە جاڭگال.

توق كېكىرەر،
ئاچ ئۇسۇرار.

تۆمۈرنى قىزىقتا كەس،
ياغاچنى ئۇزۇن.

تۇك - تۇك ئېتەر تۆمۈرچى،
پۇلنى ئۇسار كۆنچى.

تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزلەپتۇ.

ئاچكۆز بۆرىنىڭ كۆتى تۆشۈك.

ئات تاپقىچە ئېشەك مىن.

ئادەم يەرنى ئالدىمىسا،
يەر ئادەمنى ئالدىماس.

ئادەم يەرنى باقسا،
يەر ئادەمنى باقىدۇ.

ئادەمنىڭ تېشىغا قارىما،
ئىچىگە قارا.

ئاشنى باداڭدىن سورا،
ئىشنى كاداڭدىن.

ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر،
ئادەم مېھنەتتە (بىلىنەر).

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە،
سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

خەبەردارلىق بولمىسا؛
زىبالىغىڭ نە كېرەك.

ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر.

سەۋەب قىلسا، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.

سوراقچىدىن تۆگىچى يامان.

سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ،
ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ.

سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە،
گەپنى قىل سىغار يەرگە.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

ئۇرۇقنىڭنى يېگىچە، ئۇيۇڭنى يە.

قورساق ئاغرىقلىق بولمىسا،
ئاۋۇز يېيىشتىن قورقما.

قول ئىچىگە ئېگىلىدۇ.

قۇيرۇقنى كۆتۈرگەن كالا،
چىچماي قالمايدۇ.

كۆپ تۆكۈرسە كۆل بولار.

كۆپ ئويلا، ئاز سۆزلە.

كۆزنى يۇمغان پوقنى يەر.

كۈندىن قالدىڭ — ئايدىن قالدىڭ،
ئايدىن قالدىڭ — يىلدىن قالدىڭ.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق،
ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس.

ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆزنى باشنى.

ياخشى كۆرگىنىنى سۆزلەر،
ئەسكى يېگىنىنى.

يامان گەپ — سوۋۇتقۇ،
ياخشى گەپ — ئىسسىتقۇ.

كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە،
ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتان بول.

قىزىم، ساڭا ئېيتاي؛
كېلىنىم، سەن ئاڭلا.

ئادەم كۆپ ئىش ئاز.

سەۋر قىلساڭ،
غورىدىن ھالۋا پۈتەر.

ئۆتكەن ئۆمۈر،
ئاققان سۇ.

دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن كەلگەندە بىلىنەر.

كۆزدە كۈن سانا،
يازدا سائەت سانا.

بۇغداي تېرىشقا باغلىق،
يىغىم پەرۋىشكە.

ئەملىككە تېرىساڭ يىغىسەن،
بىنەمگە تېرىساڭ چاچىسەن.

كۆچەتنى ئىچىققا تىك،
بۇغداينى ئەملىككە تېرى.

يېرىڭ تۈز بولمىسا،
ئەملىك تەكشى بولماس.

تومۇزدا كۆپ يامغۇر ياغسا،
بۇغداي تېرىماق ياخشى بولىدۇ.

ئاچنىڭ قەدرىنى توق بىلمەس.

تۇلپارنىڭ قەدرىنى پىيادە ماڭغان بىلەر.

ياشلىقىڭدا مېۋە قىلساڭ،
قېرىغاندا مېغىزىنى چاقىسەن.

كۆڭلى ـ كۆكسۈڭ كەڭ بولسا،
بىر تال ئۈزۈم قىرىق ئادەمگە يېتىدۇ.

يۈز دوست ئازلىق قىلار،
بىر دۈشمەن ئارتۇق بولار.

يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
بەختىنى ئەل ئارىسىدىن.

# قوشۇمچە

## ئىما - ئىشارە سۆزلەر

ياخشىغا كۆرۈم يوق،
يامانغا ئۆلۈم.
باشقىلارنىڭ دېپىنى چالماق.
توققۇز تازىم قىلماق.
قۇمغا سۇ سىڭگەندەك،
تاشقا مۆھۈر باسقاندەك.
كەينىگە سىيمەك.
چۈشۈپ قالغان كەشنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەسلىك.
بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىقماق.
ئىقلىمدا بىر.
قورسىقى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالماق.
يۈزىگە چۈمبەل يېپىۋالغاندەك.
باشقىلارنىڭ ئوتى ئىسسىق بىلىنمەك.
يالماپ يېمەك.
يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.
يامانغا يان تاياق بولماق.
بىر پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر تەلەپ قىلماق.
يىنى قورۇپ كەتمەك.
لايدىن ئەتكەن چوكىدەك.
ئۆلۈك كالىغا پىچاق سالغاندەك.
ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەك.
ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىمەك.
تۆگە قوغۇنلۇققا كىرگەندەك.
سۇغا چىلاشقان داپتەك.
تامىقىنى يەپ تاۋىقىنى چاققاندەك.
كۆزىگە ياغ توشۇپ قالماق.
ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ.
ياپتا گەپ.
يارىسىغا تۇز سەپكەندەك.
ئۇخلاپ ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا ئۇرماق.
چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىمەك.
يازدا يېپىنچاڭنى ئېلىپ يۈر، قىشتا ئوزۇقۇڭنى.

سامان قورساق.
ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز.
سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتمەك.
ياغاچتەك غادىيىپ تۇرماق.
ياغاچ قولاق.
ياغ چاينىغان.
باشقىلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلماق.

# III باب

# خەلق تۇرمۇشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، دېھقان، چارۋىچىلار ۋە دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، روشەن ئۆزگىرىشلەر بولدى.

## § 1 . كىرىم

### 1. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە قارىتا تەمىنات تۈزۈمى بىلەن مائاش تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم يولغا قويۇلدى، 1954 - يىلى پۈتۈنلەي مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1956 - يىلى مائاش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5% تىن 11.3% كىچە ئۆستۈرۈلدى. 1958 - يىلدىن باشلاپ تۇرمۇش ياردەم پۇلى 32% تىن 20% كە چۈشۈرۈلدى (ئىشچىلارنىڭ چۈشۈرۈلمىدى). 1960 - يىلى 15% لىك رايون قوشۇمچە ياردىمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مائاشنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى كىچىكلىتىلدى، 17 - دەرىجىدىن يۇقىرى مائاش ئالىدىغان پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ مائاشى ئازايتىلدى. 1963 - يىلدىكى مائاش تەڭشەش نىسبىتى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 55% ىنى تەشكىل قىلدى، ئايلىق مائاش 6.5% ئۆستۈرۈلدى. 1964 - يىلى 18% كادىرنىڭ مائاشى تەڭشىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كادىرغا 6.82 يۈەندىن مائاش قوشۇلدى. 1973 - يىلى يەنە 40% ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ۋە مائاشى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمگە 14.2 يۈەندىن مائاش قوشۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 36 يىلدا، 6 قېتىم مائاش تەڭشەلدى، 1985 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 1417.56 يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن 8.64%، 1973 - يىلدىكىدىن 34.85%، 1949 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، يېڭى جۇڭگو

قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئائىلىق مائاش 32.33 يۈەن بولغان، 1985 - يىلى كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئائىلىق مائاش 105.73 يۈەنگە يېتىپ، 2.27 ھەسسە ئاشقان. 1990 - يىلى كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 2419.4 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 1150.64 يۈەن، يەنى 90.7% ئاشتى.

## 2. دېھقانلارنىڭ كىرىمى

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 10 يىلدىن بۇياقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى» دېگەن ماقالىدە خاتىرىلىنىشىچە، 1956 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئادەتتىكىچە بولغان بورختاي رايونىدا 5434 ئائىلىلىك ئەزا بولۇپ، 5228 ئائىلىنىڭ كىرىمى ئاشقان؛ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان سەمەن رايونىنىڭ «نۇرلۇق» كوپىراتىپىنى 1955 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارنىڭ كىرىمى 69.79%، يېڭى تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ 103.89%، ئىلگىرىكى تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ 58.91%، يېڭى يۇقىرى ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ 89.4%، ئىلگىرىكى يۇقىرى ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ 81.4% كۆپەيگەن؛ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىر قەدەر ناچار بولغان توققۇزاق رايونىنىڭ 4 - يېزىسىدىكى 5 - كوپىراتىپتا 27 ئائىلىلىك ئەزا بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، 9 ئائىلىلىك ئوتتۇرا دېھقان، 11 ئائىلىلىك كەمبەغەل دېھقان، 7 ئائىلىلىك ياللانما دېھقان بولغان، 1958 - يىلغا كەلگەندە، 10 ئائىلىلىك ئوتتۇرا دېھقان، 16 تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان، بىر ئائىلىلىك كەمبەغەل دېھقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكىگە قارىغاندا 1.17 ھەسسە ئاشقان، ئەسلىدىكى كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارنىڭ 96.3%ى ئوتتۇرا دېھقان ياكى يۇقىرى ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن. 1959 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىن ئېرىشكەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 49.4 يۈەن بولۇپ، 1957 - يىلدىكىدىن 23.59% ئاشقان. 3 يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى ئازىيىپ كېتىپ، ئەمگەك ئاكتىپلىقى تەدرىجىي پەسىيىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، 1962 - يىلغا كەلگەندە، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 36.38 يۈەنگە چۈشۈپ قېلىپ، 1959 - يىلدىكىدىن 26.36% ئازىيىپ كەتكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە تەقسىم قىلىنىدىغان ساپ كىرىمى ئۇدا 40 يۈەن ئۆپچۆرىسىدىلا بولۇپ كەلگەن. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ئۆسۈپ، ئىقتىسادىي كىرىمى ئۇدا ئاشتى، 1985 - يىلغا كەلگەندە، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 172.3 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 2.73 ھەسسە، 1957 - يىلدىكىدىن 3.31 ھەسسە ئاشتى. 1990 - يىلى يېزىلاردا ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 440.62 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە ئاشتى.

## 2 §. سېتىۋېلىش كۈچى ۋە خەلق پۇل ئامانىتى

1955 - يىلى ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن سېتىۋېلىش كۈچى 12.3 يۈەن، 1957 - يىلدىكىسى 21.7 يۈەن بولغانىدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش قىممىتى 1958 - يىلى

9 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 54.6 يۈەندىن؛ 1985 ـ يىلى 33 مىليون 307 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 115.2 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1958 ـ يىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە ئاشتى. 1987 ـ يىلى 37 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 172.4 يۈەندىن؛ 1989 ـ يىلى 39 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 126.6 يۈەندىن توغرا كەلدى.

بازار ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى 1955 ـ يىلى 1 مىليون 424 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.28 يۈەندىن؛ 1960 ـ يىلى 30 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.98 يۈەندىن؛ 1970 ـ يىلى 3 مىليون 24 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.37 يۈەندىن؛ 1980 ـ يىلى 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29.27 يۈەندىن توغرا كەلدى؛ 1985 ـ يىلى خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇق سوممىسى 20 مىليون 865 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71.56 يۈەندىن توغرا كەلدى، بۇ، 1980 ـ يىلدىكى كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ساندىن 2.45 ھەسسە كۆپ. 1986 ـ يىلى يېزىلاردىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 226 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى بازار ـ يېزا خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇق سوممىسى 18 مىليون 53 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە خەلق پۇل ئامانىتى 61.11 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1988 ـ يىلى 355 يۈەنگە، 1989 ـ يىلى 361.2 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ـ يېزىلاردىكى خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇق سوممىسى 109 مىليون 929 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە خەلق پۇل ئامانىتى 120.48 يۈەنگە يەتتى. 1990 ـ يىلى يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 440.62 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ـ يېزىلاردىكى خەلق پۇل ئامانىتى 57 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە خەلق پۇل ئامانىتى 173.28 يۈەنگە يەتتى.

## § 3. كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي، قاتناش ۋاستىلىرى

### 1. كىيىم ـ كېچەك

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆپىنچىسىدە يەر يوق ئىدى ياكى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پومېشچىك ۋە جازانىخورلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن، تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات، كىيىمى پۈتۈن ئەمەس ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. كىشىلەر يېتەرلىك كىيىم ـ كېچەككە ئىنتىلىشتىن پاسونى ۋە رەڭ ـ تۈرلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆتتى.

توققۇزاق رايونىنىڭ 4 ـ يېزىسىدىكى 5 ـ كوپىراتىپنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، كوپىراتىپ بويىچە 27 ئائىلىلىك ئەزا بولۇپ، ئۇلاردا 1949 ـ يىلى 424 قۇر كىيىم ـ كېچەك بولغان، 1958 ـ يىلى 636 قۇرغا يېتىپ، 50% ئاشقان؛ 1949 ـ يىلى 121 كىشىلىك يوتقان ـ كۆرپە بولغان، 1958 ـ يىلى 198 كىشىلىككە يېتىپ، 63.6% ئاشقان. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزىلاردىكى ئاما ئاساسەن ماتا، تاغارلىق ماتادىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى، ئاز ساندىكىلەر تېرىكە، سارجىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى؛

ئاز ساندىكى بازارلىقلار چىبەرقۇت، سارجا، سوكنودىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى، كۆپ ساندىكىلىرى ئاددىي رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى. 60 ـ يىللاردا كۆپىنچە ئادەملەر ئاددىي رەخت، كاجى ۋە تېرىكىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى، يېزا كادىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىغان بولدى. 70 ـ يىللاردا ئادەتتىكى ئامما گاباردىيون، داكروندىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىغان بولدى، شارائىتى بارلار دۇخاۋا، دىكا، يۇڭ رەخت، سوكنو، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە گىرىپ ـ جارجاتتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىغان بولدى. بىراق بۇ رەختلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتكە سېتىپ بېرىلەتتى. توي قىلغانلار يارىملىق بولغان يۇڭ رەخت، تاۋار ـ دۇردۇن، زەرباب، گىرىپ ـ جارجاتلارنى سېتىۋالسا ھەشەمەتچىلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ھەرخىل يۇڭ رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەتسىز تەمىنلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تېرىلېن، كاپرون، دىلون ـ پاختا ئارىلاشما رەخت، زەرباب، بۆرتمە گۈللۈك زەرباب، ئوتتۇرا ـ ئۇزۇن تالالىق رەخت قاتارلىقلارمۇ بازارغا چىقتى. ناھىيىلىك يېزا ئىقتىسادىي پونكىتى سەمەن يېزىسىنىڭ بىر كەنتىدە 6 ئائىلىلىك دېھقاننى زىيارەت قىلغان، 1958 ـ يىلى بۇ 6 ئائىلىدە 29 نوپۇس بولۇپ، ئۇلارنىڭ 57 قۇر كىيىم ـ كېچىكى بولغان، 1985 ـ يىلى نوپۇس 52گە، كىيىم ـ كېچىكى 435 قۇرغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ رەخت ۋە تاۋار ـ دۇردۇنغا ئوخشاش ئالىي دەرىجىلىك رەختتىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەكلىرى 425 قۇر بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.17 قۇردىن توغرا كەلگەن.

1989 ـ يىلى پاختەكلە يېزىسىدىكى 56 ئائىلىلىك دېھقان تەكشۈرۈلگەن، بۇ ئائىلىلەردە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 233 ئادەمگە بىردىن رەڭلىك تېلېۋىزور، 24 رەڭسىز تېلېۋىزور توغرا كەلگەن، تېلېۋىزورى بار ئائىلە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %64.44نى تەشكىل قىلغان؛ 15 رادىئو قوبۇللىغۇچ، 24 رادىئولۇق ئۈن ئالغۇ بار بولۇپ، رادىئو قوبۇللىغۇچى ۋە رادىئولۇق ئۈن ئالغۇسى بار دېھقانلار ئائىلىسى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %69.64نى تەشكىل قىلغان؛ مېخانىكىلىق ۋە ئېلېكترونلۇق سائەت 57 بولۇپ، سائىتى بارلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %24.46نى تەشكىل قىلغان؛ كىيىم تىكىش ماشىنىسى 28 بولۇپ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى بار ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %50نى تەشكىل قىلغان؛ چوڭ ئۆرە ئىشكاپ 44 بولۇپ، مۇنداق ئىشكاپى بار ئائىلىلەر ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %64.43نى تەشكىل قىلغان؛ 82 پارچە گىلەم بار بولۇپ، كەنت بويىچە ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.6 پارچىدىن توغرا كەلگەن؛ ھەرخىل يۇقىرى سۈپەتلىك كىيىم ـ كېچەك 817 قۇر بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.5 قۇردىن توغرا كەلگەن.

## 2. يېمەك ـ ئىچمەك

ئازادلىقنىڭ ئالدىدا، كۆپ ساندىكى كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلار ئاچ ـ توق ئۆتەتتى، ھۆل ـ يېغىن جايىدا بولسىمۇ يەنىلا نامراتلىقتا كۈن ئۆتكۈزەتتى، تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتكە يولۇققاندا ئامالسىزلىقتىن جازانىخورلاردىن قەرز ئالاتتى ياكى قەھەتچىلىكتىن قېچىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلاندى. توققۇزتاق رايونىنىڭ 6 ـ يېزا 3 ـ كوپېراتىپ 4 ـ ئەترىتى تەكشۈرۈلۈپ، 41 ئائىلىلىك دېھقان بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 27 ئائىلىنىڭ پىكىر قىلىشىچە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھەربىر ئادەمنىڭ يىلىغا ئوتتۇرىچە ئىستېمال قىلىدىغان ئاشلىقى 129.5 كىلوگرامدىن ئاز بولغان، گۆش ۋە كۆكتات ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلىنغان، ئاز ساندىكى كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلار، ھەريىلى ئەتىياز كەلگەندە بىر ۋاقلىقى توق بولسا، كېلەر ۋاقلىقى ئاچ قېلىش ئەھۋاللىرى ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرغان؛ 1958 ـ يىلى

گۆشنىڭ ئىستېمال قىلىنىش مىقدارى 1949 ـ يىلدىكىدىن 2 ھەسسە ئۈپچۈرىسىدە ئاشقان. دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1984 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى يېزا ئىگىلىك تارىخي ماتېرىياللىرى»دا خاتىرىلىنىشىچە، ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپتىن ئېرىشكەن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى مۇنداق بولغان: 1958 ـ يىلى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 146.3 كىلوگرامدىن، 1968 ـ يىلى 154 كىلوگرامدىن، 1978 ـ يىلى 160 كىلوگرامدىن، 1984 ـ يىلى 249.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن، 1984 ـ يىلى 1978 ـ يىلدىكىدىن %5.2، 1958 ـ يىلدىكىدىن %70.6، 1949 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشقان. 1984 ـ يىلى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.3 كىلوگرامدىن گۆش، 1.6 كىلوگرامدىن ياغ، 39 كىلوگرامدىن كۆكتات، 13.5 كىلوگرامدىن مېۋە ـ چېۋە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولغان، بۇلار 1949 ـ يىلدىكىدىن ھەرخىل دەرىجىدە ئاشقان. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 101 مىڭ 150 توننا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 342.42 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. 1988 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 104 مىڭ 292 توننا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 340.33 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 346.6 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى، بۇ 1984 ـ يىلدىكىدىن 97.1 كىلوگرام ئاشتى. 169 مىڭ دەن پاختا ئېلىندى، بۇ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50.11 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

## 3 . تۇرالغۇ ئۆي

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بازار ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى قىيىن ئىدى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدىكى 1 .، 2 .، ۋە 3 ـ قارارلىق ئۇنىۋېرسال مەلۇمات جەدۋىلىدە ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 3 قارارلىق يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان يېزا ـ كەنتلەردىكى نوپۇس 160 مىڭ 739 بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.86 ئېغىز تۇرالغۇ ئۆي توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە يومبېشچىكلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئۆيى 2.2 ئېغىز، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ 0.76 ئېغىز، ياللانما دېھقانلارنىڭ پەقەت 0.43 ئېغىزلا بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۈپەت پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان. يومبېشچىكلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ لىم، جەگە، ۋاسا ۋە تۈۋرۈكلىرى تولۇق بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچى ـ سىرتى گەجلەنگەن، ياغاچلارغا ئۈرنەكلەر ئويۇلغان، پىشايۋان ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسالغان، كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك تاملىق بولۇپ، لىم سېلىنىپ، ئۈگزىسىگە لاي سېلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنى پىلانلاپ قۇرۇش ئارقىلىق، ھەر قايسى كەنتلەردە يېڭى مەھەللىلەر سېلىنىپ، دېھقانلارغا ئۆيلۈك يەر ۋە باغ يېرى كېسىپ بېرىلدى. 1958 ـ يىلغا كەلگەندە، %80 دېھقان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، شارائىتى بىر قەدەر ياخشىراق بولغان پاختەكلە يېزىسىدا، 1983 ـ يىل 12 ـ ئايدا %90 دېھقان ئالدىدا گۈللۈكى، كەينىدە بېغى بار يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كىردى. سەمەن يېزىسىدا 6 ئائىلىلىك دېھقان ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن، 52 نوپۇسى بار بۇ 6 ئائىلىنىڭ ئۆيى 54 ئېغىز بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.02 ئېغىزدىن ئۆي توغرا كەلگەن.

ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 294 ئائىلىلىك دېھقان يېڭى ئۆي سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىش ـ

ياغاچ قۇرۇلمىلىقى %60نى تەشكىل قىلىدۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، پاختەكلە ۋە قوغان يېزىلىرىدىكى بىر قانچە ئائىلىلىك دېھقان مۇھىم قاتناش يولىنىڭ بويىغا 2 ئەۋەتلىك ئۆي سالغان، ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ، ئاستىنقى قەۋىتىنى ماگىزىن، ئاشخانا، رېمونتخانا قىلىپ ئېچىپ، 2 ـ ۋە 3 ـ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

## 4. قاتناش ۋاستىلىرى

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە 3 چاقلىق ۋېلسىپىتتىن 1552 سى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 نەچچە ئادەمگە بىردىن توغرا كەلدى، 2 دەستىلىك ھارۋىدىن 2 سى، خادىكتىن 4ى، مەپىدىن 384ى بار ئىدى. يېزىلاردىكى باي ـ مۆتىۋەرلەر مەپە ۋە ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرغاندىن تاشقىرى، ئادەتتىكى ئامما بازارغا بارماقچى بولسا، شارائىتى بارلىرى ئېشەككە مىنەتتى، شارائىتى يوقلىرى پىيادە يول يۈرەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ قاتناش شارائىتى ياخشىلىنىپ، رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا، ئاپتوموبىل، ئېشەك ھارۋىسى ۋە تراكتور قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. ناھىيە بويىچە 1966 ـ يىلدىكى ئاپتوموبىل 2، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تراكتور 7، رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا 724، ئېشەك ھارۋىسى 2763. بازار ـ يېزا خەلقىگە بازارغا بېرىپ ئىش بېجىرىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلاشتا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا كۆپ قولايلىق بولدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 231گە، تراكتور 832گە، رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا 1446گە، رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىسى 46 مىڭ 702 گە يەتتى؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 281.9 ئائىلىگە بىردىن ئاپتوموبىل، ھەر 80 ئائىلىگە بىردىن تراكتور، 46 ئائىلىگە بىردىن رېزىنكە چاقلىق چوڭ چارۋا، 1.4 ئائىلىگە بىردىن ئېشەك ھارۋىسى، 1.2 ئائىلىگە بىردىن ئېشەك توغرا كەلدى. %80تىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىدە قاتناش ۋاستىسى بار بولدى. بولۇپمۇ 1980 ـ يىلدىن كېيىن، قەشقەردىن ناھىيە بازىرىغىچە، ناھىيە بازىرىدىن ھەر قايسى يېزىلارغىچە، ئاماسەن ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەر ۋېلسىپىت، موتسىكلىت ۋە ئات مىنىدىغان بولدى، كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈش شارائىتى كونا جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ياخشىلاندى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 1005كە، موتسىكلىت 1409غا، ھەرخىل چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تراكتور 1593كە يەتتى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1989 ـ يىلى پاختەكلە يېزىسى يۇقارقى پاختەكلە كەنتى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ پاۋانلا مەھەللىسى كەنتىدىكى 46 ئائىلىدە 61 ۋېلسىپىت بار بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %82.14نى تەشكىل قىلغان، 13 تراكتور، 3 موتسىكلىت بار بولغان. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 17 يېزا ئىچىدە مۇش، يېڭىئۆستەڭ ۋە ئاققاش يېزىلىرىدىن باشقا، قالغان يېزىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يوللىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، 10 يېزىغا ئاپتوبۇس قاتناپ، قاتناش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

## 4 § . سالتاڭ ـ ساياق، يېتىم ـ يېسىرلەرنى بېقىش ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، سالتاڭ ـ ساياق، يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قوشنا ـ قولۇملارغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتسىز قالغانىدى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ۋىلايەتتە ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش ساناتورىيىسى قۇرۇلدى، مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ساناتورىيىدە 241 ئادەم بېقىلدى، مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ساناتورىيىدە بېقىلغان نامراتلار 252 گە يەتتى. بىراق ياردەم بېرىش دائىرىسى ناھايىتى كىچىك

بولۇپ، كۆپ ساندىكى سالتاڭ - ساياق، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا كاپالەتسىز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى سالتاڭ - ساياق ۋە يېتىم - يېسىرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى دارىلئېتام، ئىجتىمائىي ياردەم ساناتورىيىسى قۇرۇپ، ئىگە - چاقىسىز يېتىم بالىلارنى دارىلئېتامغا ئېلىپ كېلىپ باقتى، يېزىلاردىكى ياشىنىپ قالغان ۋە تېنى ئاجىز سالتاڭ - ساياقلارمۇ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەرىپىدىن ياردەمگە ئېرىشتى. خۇسۇسەن يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ياشانغانلار ساناتورىيىسى (بەخت ساناتورىيىسى) دىن 29ى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە 622 ئائىلىدىكى 924 تايانچىسىز قالغان ياشانغان ۋە تېنى ئاجىز سالتاڭ - ساياقلار پىلانلىق ھالدا ساناتورىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار ئادەتتىكى ئەزالاردىن سەل يۇقىرىراق بولغان تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەھرىمان بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ ئۆي، كېسەل كۆرسىتىش ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى جەھەتلەردىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ناھىيە بويىچە 1990 - يىلىنىڭ بېشىدىكى يېزىلاردىكى جەمئىي ياشانغانلار ساناتورىيىسى 11، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 241، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئادەم 291، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 155، ئاياللار 136. 63 ئائىلىدىكى 75 ئادەم مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىلدى، 178 ئائىلىدىكى 216 ئادەم تارقاق بېقىلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، ئوپال يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى شىنجاڭ بويىچە «10 ياخشى ياشانغانلار ساناتورىيىسى»نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېزىلاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك دارىلئېتامدا بېقىلغان يېتىم بالا 52، بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل بالا 40، قىز بالا 12. ئۇلار تىككۈچىلىك، ياغاچچىلىق، سىرچىلىق، ئاشپەزلىك، ساتىراشلىق ھۈنەرلىرىنى ئۆگەندى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايلىق تاماق ئۆلچىمى 30 يۈەن، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 22.5 كىلوگرامدىن بولدى. بۇندىن باشقا، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئاممىسى ئۇلارغا پۇل ۋە نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

# IV باب

# دىن

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە تارىختىن بۇيان كۆپ خىل دىنلار تارقالغان، ئىپتىدائىي دىنلاردىن باشقا، يەنە ئاتەشپەرەسلىك، مانى دىنى، نېستورى دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر بار.

## § 1 . ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى

### 1. ئاتەشپەرەسلىك

بۇ دىن ئەسلىدە «زورو ئاستېر دىنى» دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئاتەشپەرەسلىك»، «ئوتقا چوقۇنۇش» دەپ

ئاتالغان، بۇ دىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردە زورو ئاستىر تەرىپىدىن پېرسىيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بەرپا قىلىنغان.

جەنۇبىي سۇلالە، شىمالىي سۇلالە دەۋرىدە بۇ دىن ساسانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان. «كونا تاڭنامە»دە «سۇلى دۆلىتىدە ئاتەشپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلىنىدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ، سۇلى دۆلىتىنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئاتەشپەرەسلىك ئەڭ بالدۇر تارقالغان رايون ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. مانى دىنى

بۇ دىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردە ئىرانلىق مانى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان. تەخمىنەن 6 — 7 - ئەسىرلەردە تارقىلىپ كىردى. مىلادى 13 - ئەسىردىن كېيىن زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

## 3. نېستورى دىنى

نېستورى دىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا كىرگەن خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى تەرىپىدىن تارقىتىلغان. سۇڭ لىزۇڭ دەۋرىدە (1225 — 1264 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا) نېستورى دىنىنىڭ باش روھانىسى تۇرۇشلۇق جاي 25 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 19 - رايون قەشقەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) ئىدى، بۇ رايون ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «قەشقەرنىڭ شەرقىدىن تارتىپ بېيجىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا نېستورى خرىستىئان دىنىنىڭ خاتىرىلىرى بولمىغان بىرەر جاينىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن». فاڭ خاۋ يازغان «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقىلىشىش تارىخى»دا نېستورى دىنىنىڭ چېركاۋلىرى تۇرۇشلۇق جايلار خاتىرىلەنگەندە، 1 - بولۇپ «قەشقەر» تىلغا ئېلىنغان. تەخمىنەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن بۇ دىن چەكلىمىگە ئۇچراپ، تەدرىجىي ھالدا زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

## 4. بۇددا دىنى

بۇ دىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا توخرىلاردىن تارقىلىپ كىردى. «كېيىنكى خەننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، «خەن دىيۈەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (114 — 120 - يىلغىچە)، سۇلى پادىشاھى ئەنگونىڭ تاغىسى چېن پەن گۇناھ سادىر قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن توخرىلارغا مۇرتەت بولغان. ئۇ توخرىلار پادىشاھىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولغان. ئەنگو ئۆلگەندىن كېيىن، توخرىلار ئۇنى ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن سۇلىغا ئېلىپ كەلگەن، دۆلەت پۇقرالىرى چېن پەننى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن». چېن پەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، سۇلىدا بۇددا دىنىنى تەرغىپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇددا دىنى تەدرىجىي تارقالدى. سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن، قوچۇ غەربىي يۇرتتىكى 4 چوڭ بۇددا دىنى مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى.

مىلادى 685 - يىلى ۋۇ زېتيەننىڭ ئەمرىگە بىنائەن، دايۈن بۇتخانىسىنىڭ ياسىلىشى سۇلىدا بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى شەكىللەندۈردى. 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبلەر شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇلىدا بۇددا دىنى تەدرىجىي ھالدا زاۋاللىققا يۈز تۇتتى، 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىدى.

بۇددا دىنى قەشقەر كوناشەھەر تارىخىدا 100 يىلچە تارقالغان، ئۇنىڭغا ئائىت نۇرغۇن ئاسارەتىقىلەر بار. ئاتاقلىقلىرى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ قومالتاغ دېگەن يېرىدىكى مورا بۇتخانىسىنىڭ خارابىسى، 5 . ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە سېلىنغان ئوپال بۇتخانىسى خارابىسى ۋە ئۈچ بۇرخان غارىدىن ئىبارەت.

## 5 . خرىستىئان دىنى

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ مۇناسىۋەت تەزكىرىسى قىسمىدا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خرىستىئان دىنى ئەڭ بالدۇر تارقالغان رايون ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 30 - يىلى (1904 - يىلى) قەشقەردە سېلىنغان شۋېتسىيە خرىستىئان دىنى چېركاۋى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يارباغ قوۋۇقىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ چېركاۋدا 3 ئەر دىن تارقاتقۇچى، 4 ئايال دىن تارقاتقۇچى، 20 نەچچە مۇخلىس بار ئىدى. شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار خرىستىئان دىنى «ئىچكى جايلار ئۇيۇشمىسى» دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە تەۋە ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى شۋېتسىيە - جۇڭگو ئىچكى جايلاردا دىن تارقىتىش ئۆمىكى دەپ ئاتىۋالغانىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئاتالمىش «توپىلاڭ قوزغاشنى قەستلەش دېلوسى» تۈپەيلىدىن، چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىگە تاشلىنىپ، چېركاۋ ۋە ئۇنىڭدىكى مۈلۈكلەر ئۆلكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خرىستىئان دىنى يوقالدى.

## 2 § . ئىسلام دىنى

## 1. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا تونجى بولۇپ ئېتىقاد قىلغان سۇلالە. مىلادى 960 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنى باھانە قىلىپ، ئۆز مۇرتلىرىنى «غازات» قىلىشقا چاقىرىپ، ئۇدۇندىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا ئاز كەم 100 يىل ئۇرۇش قىلدى. مىلادى 1001 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنپىڭ 4 - يىلى) ئۇدۇن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تەدرىجىي شىمال ۋە شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلدى. قىتانلار ۋە موڭغۇللار زامانىدا دىنىي جەھەتتىن قوشۇۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئىسلام دىنى كۈچلىرى يەنە تەرەققىي قىلدى.

16 - ئەسىردىكى يەركەنت خانلىقى مەزگىلىدە، ماۋرائۇننەھردىكى ئىسلام دىنى نەقشىبەندىيە مەزھىپى قەشقەرگە تارقىلىپ كىردى، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال دىنىي مەزھەپ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى، كېيىن قاراتاغلىقلار ۋە ئاق تاغلىقلاردىن ئىبارەت 2 سىياسىي مەزھەپكە ئايلاندى. ھاكىمىيەت بىلەن دىن تەدرىجىي ھالدا ئايرىغىلى بولماس بولۇپ قالدى، خەلق ئارىسىدىكى دەۋا ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئۆلۈم - يېتىم، نىكاھ ئىشلىرىنى مەھكىمە شەرئى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. بۇنداق ئەھۋال بەزىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلدى. ئەينى چاغدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە دىنىي ھۆكۈمرانلىق قاتتىق بولۇپ، ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت 2 مەزھەپنىڭ كۈرىشى كەسكىن بولدى.

1775 - يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى،

شۇنىڭدەك ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى قاتارلىقلاردا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى مەركەز قىلىنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلاردا ئىسلام دىنى شوئارى كۆتۈرۈپ چىقىلدى. ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، دىندىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بەگلىك تۈزۈمى ساقلاپ قېلىندى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تۈرغۇن كاتتىباشلىرى بەگلىكنى ئۈستىگە ئالدى. مىنگو دەۋرىگە قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، گەرچە ھۆكۈمەت بۇرۇنلا قۇرۇلغان بولسىمۇ، مەھكىمە شەرئى يەنىلا ساقلاپ قېلىندى، ئادەتتىكى دەۋا ئىشلىرىنى يەنىلا قازى سوراپ بىر تەرەپ قىلدى.

## 2. ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى

1) سۈننىي مەزھىپى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ. «سۈننىي» دېگەن سۆز «سۈننەت» سۆزىدىن ئېلىنغان. سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئۆزىنى «ئەنئەنىچىلەر» («ساپ ئىسلام»غا قايتىش تەرەپدارلىرى) دەپ ئاتايدۇ.

2) ئىشان مەزھىپى ئىشان مەزھىپى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سوپى مىستىكىزىم مەزھىپىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھىر رايونىدىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە تارقىلىپ كىرگەن.

ئىشان مەزھىپىنىڭ ئىشانلىقى نەسەپ ۋارىسلىقىدا بولىدۇ، دادىسىدىن بالىسىغا قالىدۇ. ئىشان مەزھىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق دەرىجە تۈزۈمى بولىدۇ، ئادەتتە ئىشان، خەلپە، سوپى، ھاپىز، بۇۋى، مۇرىت قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

ئىشان مەزھىپىنىڭ دىن تارقىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك 4 تارماققا بۆلۈنىدۇ:

خۇفىيە، بۇ ۋەزىپىنى ئېتىقادى ئەڭ ئىخلاسمەن، دىن ئىچىدە خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە كىشى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، سۈكۈت بىلەن ئىچىدە ئوقۇيدۇ، شۇڭا ئۇلار «تۆۋەن ئاۋازلىقلار مەزھىپى» دېيىلىدۇ.

ئەردىيە، قولىدا تەسۋە سىرىپ ئىچىدە ئوقۇيدۇ، خۇفىيەدىن سەل ئاجىزراق بولىدۇ.

چەستىيە، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ ئاممىنى جەلپ قىلىپ ئىشانلار ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ.

جەھرىيە، بۇنىڭغا خەلپە رەھبەرلىك قىلىدۇ، مۇرىتلىرى بىر يەرگە جەم بولىدۇ. ئۇلار ئىگىلىپ تۇرۇپ «ھۇ ئاللا» دەپ زىكرى سالىدۇ، بۇلار «يۇقىرى ئاۋازلىقلار مەزھىپى» دېيىلىدۇ.

## 3. دىنىي ئىقتىساد

ۋەخپە يەر قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئىسلام دىنى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى شۇنداقلا بۇ ئاپپاراتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىقتىسادىي تۈۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

1) ۋەخپە يەرنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇسادىرە قىلىنغان، زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىنغان، يىغىۋېلىنغان، ئىئانە قىلىنغان، شۇنداقلا دېھقانلار ھۆكۈمەتنىڭ بېجىدىن قېچىش ئۈچۈن دىنىي ئاپپاراتلارغا ھەدىيە قىلغانغا ئوخشاش 5 خىل يەردىن تەركىب تاپقان.

**2) ۋەخپە يەرنىڭ تۈرلىرى** مەسچىت، مازار، دىنىي مەكتەپ، ئىشان، كۆلچەك، توسما، كۆۋرۈك، مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى، چىراغ، قازان، ھەزرەت، ئۆشرە - زاكات، ئەۋلادلىرى 10 دىن ئېرىتىپ ھەدىيە قىلىنىدىغان يەر، مەڭگۈلۈك ھوقۇقلۇق بولىدىغان، ئەۋلادلار كۆلچىكى، ئەجدادلاردىن قالغان، ئوغرىلاپ سېتىۋېتىلگەن، شۇنداقلا دېھقانلار ئاچقان ۋەخپە يەر بولۇپ، 18 خىل بولىدۇ.

**3) ۋەخپە يەرنىڭ سانى ۋە جايلىشىشى** 1952 - يىل 7 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە ھەرخىل ۋەخپە يەر 62 مىڭ 341.5 مو بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ناھىيە بويىچە 788 مىڭ 956.6 مو تېرىلغۇ يەرنىڭ 8%نى ئىگىلىگەن. ھەرخىل ۋەخپە يەرلەرنى پۈتتۈنلەي دىنىي ئاپپاراتلار ئىدارە قىلىدۇ، كونكرېت ئىگىلىنىش ئەھۋالى: ئىتتىپاق ئىگىلىگەن يەر 31 مىڭ 544.52 مو بولۇپ، 50.4%نى؛ مەسچىتلەرنىڭ ئىلكىدىكى 21 مىڭ 506.52 مو بولۇپ، 34.4%نى؛ مازارلارغا قاراشلىق يەر 1796 مو بولۇپ، 2.7%نى؛ مەدرىسلەرنىڭ ئىلكىدىكى يەر 1270.8 مو بولۇپ، 11.6%نى؛ ئىشانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان يەر 223.66 مو بولۇپ، 0.9%نى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىتتىپاق ئىلكىدىكى 31 مىڭ 544.52 مو يەردىن باشقا، قالغان 30 مىڭ 796.98 مو كېلىدىغان ھەرخىل ۋەخپە يەر ئىچىدە، ناھىيە بازىرىدىكى خانىقا مەسچىت، مەدرىسە، ئىشانلار ئىبادەتخانىسى ئىگىلىگەن ۋەخپە يەر 12 مىڭ 124.57 مو (39%)؛ يېزىلاردىكى مەسچىتلەر ۋە مازارلارغا قاراشلىق ۋەخپە يەر 18 مىڭ 672.41 مو (61%). كونكرېت جايلىشىشى تۆۋەندىكىچە:

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى مەسچىت، مازار قاتارلىقلارنىڭ ئىلكىدىكى يەرنىڭ جايلىشىشى**

ئىجتىمائىيەت: 4 — 1 - جەدۋەل

| رايون نامى | مەسچىت | مازار | دىنىي مەكتەپ | مەدرىسە | ئىشانلارنىڭ ئىبادەت سورۇنلىرى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سەمەن رايونى | 331.5 | | 45.88 | 43 | 17 | 407.3 |
| قوغان رايونى | 6353.21 | 30.1 | 3.8 | 94.12 | 3 | 6484.23 |
| بەشكېرەم رايونى | 2445.5 | 40 | | | 156.1 | 2741.6 |
| ئاۋات رايونى | 1588.96 | | | 86.8 | 2 | 1677.76 |
| توققۇزاق رايونى | 3653.34 | 112 | 206 | 173.82 | 19 | 4164.46 |
| بورختاي رايونى | 1919.2 | | 45.6 | 456.7 | 27.66 | 2421.5 |
| ئوپال رايونى | 121.15 | 9.3 | | 5.3 | | 163.41 |
| تاشمىلىق رايونى | 530.5 | 62.95 | | 19 | | 612.45 |
| جەمئىي | 17043.36 | 254.35 | 271.2 | 878.74 | 224.76 | 18672.41 |

**4) ۋەخپە يەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى خاراكتېرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك 5 خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ:**

(1) ئىگىلىك ھوقۇقى ئىتتىپاق (شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى) تا بولغان ۋەخپە يەر - ناھىيىدىكى ۋەخپە يېرىنىڭ 50%نى تەشكىل قىلىدۇ.

(2) ئىگىلىك ھوقۇقى دىنىي ئاپپاراتلار (ھەرخىل مەسچىت، مەدرىسە، مازار، خانىقا قاتارلىق دىنىي

ئاپپاراتلار) دا بولغان ۋەخپە يەر ناھىيىدىكى ۋەخپە يەرنىڭ %46نى تەشكىل قىلىدۇ.

(3) ئىگىلىك ھوقۇقى جامائەتكە مەنسۇپ بولغان (يەنى شەخسلەر جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان) ۋەخپە يەرلەر يول ياساش، كۆلچەك ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى، ساراي قاتارلىقلارنىڭ خىراجەت قىلىشى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ناھىيىدىكى ۋەخپە يەرنىڭ %2نى تەشكىل قىلىدۇ.

(4) ئىگىلىك ھوقۇقى شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان (ئاساسلىقى، ئەۋلادلار ۋە ئەجدادلار ئىلكىدە بولغان 2 خىل) ۋەخپە يەر ناھىيىدىكى ۋەخپە يەرنىڭ %1نى تەشكىل قىلىدۇ.

(5) ئىگىلىك ھوقۇقى ئاساسەن شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان (بۇ خىل يەر ھوقۇقى ئەسلىدە دىنىي ئاپپاراتلارغا مەنسۇپ بولۇپ، كېيىنچە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەر ھوقۇقى ئاساسەن شەخسلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كەتكەن، بىراق دىنىي ئاپپاراتلار بىلەن مۇقىم مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن) ۋەخپە يەرلەر ناھىيىدىكى ۋەخپە يەرلەرنىڭ %1نى تەشكىل قىلىدۇ.

1952 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، سەمەن رايونىنىڭ 4 - يېزىسىدىكى ۋەخپە يەرنىڭ يەر ھوقۇقىنى ئىگىلەش ئەھۋالى بىر قەدەر تىپىك ئىكەن، جەمئىي ۋەخپە يەر 663 مو بولۇپ، يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %14نى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاقنىڭ ئىلكىدىكىسى 321.54 مو بولۇپ، %6.48نى؛ دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ ئىلكىدىكىسى 327.16 مو بولۇپ، %4.49نى؛ جامائەتكە تەئەللۇق بولغىنى 1.6 مو بولۇپ، %15.0نى؛ شەخسلەرگە تەئەللۇق بولغىنى 7.7 مو بولۇپ، %1.1نى؛ ئاساسەن خۇسۇسىلارغا تەئەللۇق بولغىنى 5 مو بولۇپ، %75.0نى تەشكىل قىلغان.

## 5) ۋەخپە يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى

ۋەخپە يەرلەردىن ئىتتىپاقنىڭ ئىلكىدىكىسى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىراجىتى قىلىنغان، شەخسلەرنىڭ ئىلكىدىكىسى ئۆزلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغاندىن تاشقىرى، قالغان ۋەخپە يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنىي تەرەققىي قىلدۇرۇش خىراجىتى قىلىنىپ، ئاساسلىقى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، كەسپىي دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش، مەسچىت، مەدرىسەلەرنى رېمونت قىلىش، شۇنداقلا مەسچىت قورۇسىدىكى پارچە - پۇرات خىراجەتلەرگە ئىشلىتىلگەن. بىراق ئەمەلىيەتتە خېلى كۆپ قىسىم كىرىم ئاساسلىق مۇتىۋەللىلەرنىڭ شەخسىي چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن.

1952 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتە، بازاردىكى 4 - رايوندا دىنىي ئاپپاراتلار مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار ئىگىلىگەن ۋەخپە يەر ھەممىدىن كۆپ بولغان، ئەينى چاغدىكى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بازىرىدىكى ھەرخىل دىنىي سورۇنلارنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى**

ئىجتىمائىيەت: 4 — 2 - جەدۋەل

| تۈرلەر | ئازادلىقتىن ئىلگىرى | | | | ئازادلىقتىن كېيىن | | | | ئىجارە ھەققى كېمەيتىلگەندىن كېيىن | | | | (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مەسچىت | ئىشانلار ئىبادەت سورۇنى | مەدرىسە | جەمئىي | مەسچىت | ئىشانلار ئىبادەت سورۇنى | مەدرىسە | جەمئىي | مەسچىت | ئىشانلار ئىبادەت سورۇنى | مەدرىسە | جەمئىي | |
| ھەرخىل دىنىي سورۇنلارنىڭ سانى | 132 | 10 | 12 | 154 | 132 | 10 | 12 | 154 | 132 | 10 | 12 | 154 | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 44.44 | 3659 | 256 | | 3403 | 15337 | 5470 | | 9867 | 38303 | 21026 | 53 | 17224 | يەر | كىرىم |
| 40.9 | 3367 | 150 | | 3217 | 4430 | 166 | | 4264 | 5022 | 166 | 75 | 4781 | دۇكان ئالدى ئىجارىسى | |
| 11.24 | 925 | | | 925 | 989 | 100 | | 889 | 925 | | | 925 | ئۆي ئىجارىسى | |
| 0.85 | 70 | | | 70 | 170 | 100 | | 70 | 280 | 150 | | 130 | تۈگمەن ئىجارىسى | |
| 0.38 | 130 | | | 130 | 355 | 225 | | 130 | 600 | 360 | | 240 | دۇكان ئىجارىسى | |
| 0.98 | 81 | 47 | | 34 | 142 | 79 | | 63 | 1009 | 104 | 130 | 775 | ھاجەتخانا ئىجارىسى | |
| 100 | 8232 | 453 | | 7779 | 21423 | 6140 | | 15283 | 454415 | 21806 | 258 | 24075 | جەمئىي | |
| | 100 | 5.5 | | 94.5 | 100 | 28.66 | | 71.34 | 100 | 47.99 | 0.75 | 51.44 | (%) | |
| 15.14 | 1246 | | | 1246 | 3064 | | | 3064 | 4652 | | | 4652 | خىتىپ | چىقىم |
| 35.25 | 2924 | | | 2924 | 5904 | | | 5904 | 87395 | | | 87395 | ئىمام | |
| 22.23 | 1871 | | | 1871 | 2802 | | | 2802 | 3879 | | | 3879 | مەزىن | |
| 6.34 | 555 | 119 | | 436 | 1370 | 250 | | 1120 | 3597 | 2328 | | 1269 | مۇتىۋەللى | |
| 2.5 | 206 | 56 | | 150 | 1022 | 700 | | 322 | 3105 | 2689 | 70 | 346 | چاكار | |
| 3.92 | 327 | | | 327 | 1676 | 540 | | 1136 | 3357 | 1326 | | 2031 | سۇپۇرخان | |
| 2.81 | 231 | 231 | | | 4143 | 4143 | | | 13670 | 13670 | | | مۇددەررىس | |
| 2.65 | 218 | | | 218 | 63 | | | 63 | 1176 | 340 | | 836 | بورا | |
| 7.25 | 598 | 20 | | 578 | 684 | | | 684 | 1400 | 396 | 50 | 954 | چىراغ يېغى | |
| 0.69 | 56 | 27 | | 29 | 100 | | | 100 | 1128 | 817 | | 311 | رېمونت | |
| | | | | | 507 | 507 | | | 240 | 240 | | | غەللە - پاراق | |
| | | | | | | | | | 138 | | 138 | | نەزىر | |
| | | | | | 88 | | | 88 | | | | | باشقىلار | |
| | 8232 | 453 | | 7779 | 21423 | 6140 | | 15283 | 123737 | 21806 | 258 | 101673 | جەمئىي | |
| | 100 | 5.5 | | 94.5 | 100 | 28.66 | | 71.34 | 100 | 47.99 | 0.75 | 51.4 | (%) | |

ئىزاھات: ① كىرىم بىرەر ئاشلىق تارازىسى بىرلىكدە ھېسابلاندى.
② سىرتتىن كىرىدىغان باشقا كىرىملەر ۋە ئاخۇنلارنىڭ شەخسىي كىرىمى ستاتىستىكا قىلىنمىدى.

ستاتىستىكىلىق جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بازار 4 - رايوندىكى دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ ھەرخىل ۋەخپە يەرلىرىنىڭ كىرىمى ۋە چىقىمى ئىچىدە، دىنىي ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن خىراجەت ئومۇمىي كىرىمنىڭ 10% چامىسىنى ئىگىلىگەن، ئاساسلىق مۇتىۋەللىلەرنىڭ شەخسىي چۈنتىكىگە چۈشكىنى 80%نى ئىگىلىگەن، ئادەتتىكى چاكارلارغا ئىشلىتىلگىنى پەقەت 10%نىلا ئىگىلىگەن.

6) ۋەخپە يەر تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە، دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بەزى پومېشچىكلار ۋە دىنىي ئاپپاراتلار ئىگىلىۋالغان ۋەخپە يەرلەر 3 قېتىمدا يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، مۇسادىرە قىلىنىپ تەقسىملەنگەن ۋەخپە يەر 12 مىڭ 926 مو بولۇپ، ناھىيىدىكى ۋەخپە يەرنىڭ %16.26نى تەشكىل قىلدى.

يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، دېھقانلار ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇل بولۇشى بىلەن، مەسچىتلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، بىر مودىن 5 موغىچە يەر مەسچىتلەرنىڭ خىراجەت قىلىشىغا قالدۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 9759 مو ۋەخپە يەر قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغان 3965.5 مو ۋەخپە يەر يىغىۋېلىنىپ يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىلدى. كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە، مەسچىتلەرگە قالدۇرۇلغان ئاز مىقداردىكى يەرلەرمۇ كوللېكتىپنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاز كەم 1000 يىل داۋام قىلغان ۋەخپە يەر تۈزۈمى ئاياغلاشتى.

دىنىي ئىقتىساد جەھەتتە، مۇسۇلمانلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ 10 دىن بىرىنى «ئۆشرە ئاشلىق» قىلىپ، مال - چارۋا ۋە باشقا كىرىملەرنىڭ 40 تىن بىر قىسمىنى «زاكات» قىلىپ تاپشۇراتتى. يۇقىرىقى 2 تۈرلۈك باجمۇ دىنىي ئىقتىسادنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇلار خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىكار قىلىندى.

## 4. دىنىي مائارىپ

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ناھىيە ۋە يېزىلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى، مەكتەپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاساسەن دىنىي مائارىپ يولغا قويۇلغانىدى؛ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ دىنىي مائارىپ يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگىلىدى.

1) باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەر 1933- يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ 150، تالىپى تەخمىنەن 10 مىڭ، مۇددەررىس ۋە خەلپەتلىرى 160 بولغان. 1949 - يىلدىكى مەكتەپ 142، تالىپى 7000 دىن ئارتۇق، مۇددەررىس ۋە خەلپەتلىرى 151 بولغان. بۇ باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەر يېزىلارغا جايلاشقانىدى، يېزىلاردىكى كۆلىمى چوڭراق بولغان مەسچىت 74 بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دىنىي مەكتەپ ئېچىلىپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بىلەن خاتىپىمۇ تالىپلارغا ساۋاق بېرەتتى.

2) مەدرىسە مەدرىسلەر پۈتۈنلەي ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1949 - يىلدىكى مەلۇماتتا 45 مەدرىسە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشان مەزھىپىنىڭ مەدرىسىسى 12 (كونا مەدرىسە 5) بولغان. داڭلىقلىرىدىن خانلىق مەدرىسە، مەدرىيە بەدرىسىسى مەدرىسەئى ساجىيە بار. مەدرىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خادىملار تۆۋەندىكى 4 خىل خادىملاردىن تەركىب تاپقان:

ئىمام — مەدرىسە ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، نامازغا باشلامچىلىق قىلىدۇ.

مۇددەررىس — دىنىي دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى، بىلىمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

مۇتەۋەللى — مەدرىسىنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئىقتىساد ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

مەزىن — پارچە ـ پۇرات ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

كۆلىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ خادىملارنىڭ سانىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەدرىسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەسچىتتە بولىدۇ، مەدرىسىدە تالىپلار ناماز ئوقۇغاندىن سىرت، يېقىن ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارمۇ ناماز ئوقۇيدۇ.

## 5. مەھكىمە شەرئى

مەھكىمە شەرئى قازى ھاجى، مۇپتى، ئەئلەم، قازى، قازى رەئىس، قازى مۇددەررىس، قازى مۇتىۋەللىدىن ئىبارەت 7 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ئادەم سانى ئوخشاش بولمايدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە 14 ئورۇندا مەھكىمە شەرئى بار ئىدى. ناھىيە بازىرىدا بىر بازاردا بىردىن مەھكىمە شەرئى، يېزىلاردا بىر يېزىدا بىردىن مەھكىمە شەرئى بار ئىدى. ئادەملىرى كۆپ بولغانلىرىدا 7 ئادەم، ئاز بولغانلىرىدا 3 — 5 ئادەم بار ئىدى. باشقۇرۇش دائىرىسى رايونلارغا ئايرىلغان بولۇپ، ئۆز ئارا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشمايتتى. مىنگو دەۋرىگە قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، مەھكىمە شەرئى جىنايى دېلولارنى قوبۇل قىلماي، كۆپىنچە نىكاھ، مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، مال ـ مۈلۈك ماجىرالىرىنى ئاساس قىلغان ھەق ـ تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەھكىمە شەرئى تارقىتىۋېتىلدى.

## 6. مەسچىت

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بار، بۇ ناملارنىڭ كېلىش مەنبەسى تۈۋەندىكىدەك 3 خىل.

1) كەنتنىڭ نامى، مەھەللە نامى قاتارلىق يەر نامى بىلەن ئاتالغان.

2) تارىخىي رىۋايەتلەردىكى خاراببىلىكلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

3) مەسچىت سالغۇچىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى مەسچىتلەرنى خاراكتېرى بويىچە تۈۋەندىكى 6 خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ھېيت نامىزى مەسچىتى، بۇ ھېيت نامىزى ئوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، كۆلىمى چوڭ، تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، كۆپىنچىسى شەھەر ئىچىگە سېلىنغان.

2) خانىقا مەسچىتى («جامە مەسچىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، جۈمە نامىزى ئوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3) مازار مەسچىتى، مازارلىقتىكى مەسچىت.

4) مۇساپىرلار مەسچىتى، مەخسۇس يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئاتاپ يول بويىغا سېلىنغان مەسچىت.

5) جامائەت مەسچىتى، ئاددىي، جامائەت مەسچىتىنى كۆرسىتىدۇ.

6) شەخسەن مەسچىت، شەخسلەر سالغان، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتنى كۆرسىتىدۇ.

مەسچىتتە خاتىپ، ئىمام، مەزىن، مۇددەررىس، مۇتىۋەللى، سۇرىكەشلەر بولىدۇ.

ناھىيە بويىچە 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەسچىت 1429، ھەرخىل دىنىي خادىم 1472. ناھىيە بويىچە

1990 - يىلدىكى مەسچىت 1596، دىنىي خادىم 1596، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق مەسچىتلەردىن مۇسۇما مەسچىتى، ھەزرىتى موللام مەسچىتى بار.

**مۇسۇما مەسچىتى** بۇ مەسچىت لوغۇساق يېزىسىنىڭ تۈۋەنكى مۇسۇما كەنتىدە. بۇ مەسچىتنى ئىشان مەزھەپىدىكى سوپى خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى تاھىرخان خوجا 1909 - يىلى (ھىجرىيە 1327 - يىلى) مۇسۇما يېزىسىدىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 1000 يامبۇ (ھەربىر يامبۇنىڭ ئېغىرلىقى 50 سەر) ئىئانە قىلىش ئارقىلىق سالدۇرغان. بۇ مەسچىت قەشقەردىكى داڭلىق خانىقالارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958 - يىلى چېقىۋېتىلدى. 1980 - يىلى شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى مەبلەغ يىغىپ قايتا سالدى.

**ھەزرىتى موللام مەسچىتى** بۇ مەسچىت ئوپال يېزىسىدىكى ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ باغرىدا. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى مۇشۇ يەردە بولغاچقا، ئۇزۇندىن بۇيان مۇسۇلمانلار بۇ جاينى «ھەزرەت» قەبرىسى دەپ ئاتاپ كەلدى. شۇڭا بۇ جاي پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق، مۇسۇلمانلار ئاممىسى دائىم بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ. ھازىر ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كېلىپ سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان جاي بولۇپ قالدى.

## 7. دىن ئىشلىرىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قىسقىچە ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتى ۋە بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈردى ۋە ئىتتىپاقلاشتۇردى. 1950 - يىلى ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا نىزامىددىن قازى، ساۋۇت داموللا، ئەمەت قازى، مامۇت موللا، يۇنۇس قازى، ھېسامىددىن ھاجى، ئابدۇل قازى، تۇرسۇن سۇلايمان مەخسۇمدىن ئىبارەت دىنىي ساھەدىكى 8 ۋەكىل تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، ئۇلار باشقۇچىلار بويىچە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە يەر ئىسلاھاتى سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. رايون ۋە يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەر يىغىنلىرىغا شۇ جايدىكى ئىناۋەتلىك دىنىي زاتلار قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە كۆپ قېتىم دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىندى. ئومۇمەن ئائىلە تەركىبى پومېشچىك قىلىپ ئايرىلغان دىنىي زاتلار كەسپىي دىنىي خادىم قىلىپ بېكىتىلدى. مۇناسىۋەتلىك دىنىي سەرمىجانلارغا تېگىش قىلىنمىدى، خۇسۇسىي مەسچىتلەر ساقلاپ قېلىندى. دىنغا ئالاقىدار مەسىلىلەر قەتئىي ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن ھەل قىلىندى. كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

1958 - يىلدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى كۈچلۈك ئىجرا بولمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «تۆت كونا»نى بۇزۇش ۋاقتىدا، بەزى مەسچىتلەر چېقىۋېتىلدى، بەزى دىنىي زاتلار زەربىگە ئۇچرىدى.

1978 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، 52 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتقا ۋە دىنغا ئىشەنگۈچى ئاممىغا دائىر ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاپ، 16 مىڭ 906 يۈەن پۇلنى قايتۇرغۇزدى، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا

كاپالەتلىك قىلدى.

1978 - يىلدىن كېيىن، 18 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى، نىزامىدىن قازى، مامۇت قازى، مەمەت ھاجى مەۋۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ ئابدۇراخمان مەخسۇم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە كومىتېت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى؛ ياقۇپ داموللا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. 1983 - يىلى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار 44 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتقا قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 16 مىڭ 734 يۈەن ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 1986 - يىلدىكى مەسچىت 1429، دىنىي زات 3142، بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىشى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا (تۇردى نىياز)، بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا، 16 كىشى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. يېزا، بازارلاردا دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن قانۇنغا خىلاپ ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر زور دەرىجىدە ئازايتىلدى. 1989 - يىلغا كەلگەندە، خەلقئارا چوڭ مۇھىت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، دىنىي كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى. يېزىلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە باقماي، ھەشەمەتلىك مەسچىت سېلىش ئەھۋاللىرى كۆۋدىلىك بولدى.

ناھىيىلىك پارتكوم دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ھەققىي تۈردە ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلار يول قويغان دائىرىدە ھەرىكەت قىلىش ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى چىقىرىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە مەسچىت 1596گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن سېلىنغىنى 2، كېڭەيتىپ سېلىنغىنى بىر، چېقىۋېتىلگىنى بىر، دىنىي زات 1596گە يەتتى.

# V باب

# سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، ئاددىي - ساددىلىقى، ئاقكۆڭۈللۈكى، قىزغىن - مېھماندوستلۇقى بىلەن نام چىقارغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاما قىمار ئويناش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، ئەپيۇن ۋە نەشە چېكىشكە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرلۇك دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىمار ئويناش ۋە ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش ئىشلىرى ناھايىتى تېزلا يوقالدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بالدۇر توي قىلىۋېلىش ئىشلىرى ئازايدى، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش كونا ئادىتى قەتئىي چەكلەندى. ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتىدىغان بولدى. ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، تىرىشىپ ئىشلەش، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ئارقىلىق

بېرىش، تېپىۋالغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىق، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشتەك ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇندىن كېيىن، مەنتى قىلىنغىنىغا كۆپ يىل بولغان قىمارۋازلىق، خوراز سوقۇشتۇرۇش، ئېپپەت - نومۇسنى سېتىشقا ئوخشاش يامان ھادىسىلەر قايتىدىن باش كۆتۈردى، ياخشى، ئايال پېرىخون، رەم بېقىشقا ئوخشاش خۇراپىي قىلمىشلار، خۇراپىي پائالىيەتلەر قايتىدىن تىرىلدى، ھەتتا ئايرىم كەسپىي دىنىي خادىملار دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ، قانۇنسىز پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قالايمىقانچىلىق ئوڭشالغاندىن كېيىن، ناچار ئىجتىمائىي كەيپىيات ئوڭشالدى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنى ئىلگىرى سۈردى. پارتىيە ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ توغرىلاش ئاساسىدا، ئىجتىمائىي كەيپىيات يەنىمۇ ياخشىلاندى. 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلغان، 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن بەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى قوش ئىلغارلارنى باھالاش قانات يايدۇرۇلغاندىن بېرى، ئىجتىمائىي كەيپىيات يەنىمۇ ياخشىلاندى.

## § 1 . قەھرىمان - نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدىن ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاڭ سىدېنىڭ خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان بولۇشتەك ئالىيجاناپ پەزىلىتى ۋە بېتيۈننىڭ خىزمەتتە چەكسىز مەسئۇل بولۇش، تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىش، يولداشلارغا ۋە خەلققە چەكسىز قىزغىن بولۇش، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش روھىدىن چوڭقۇر ئۆگىنىش قانات يايدۇرۇلدى. ليۇ خۇلەن، دۇڭ سۈنرۇي، خۇاڭ جىگۇاڭلارنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان بولۇشتىن قورقماي، قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىش، دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكمەسلىكتەك ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن ئۆگىنىلدى.

1963 - يىل 3 - ئايدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن چاقىرىقنى چىقارغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدىكى كادىرلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى يولداش لېي فېڭنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى ئېنىق بىلىشتەك سىنىپىي مەيدانى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشتەك ئىنقىلابىي روھى، ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇشتەك كوممۇنىستىك خىسلىتى، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشتەك پرولېتارىياتلىق ئىرادىسىدىن ...... ۋاڭ جيېنىڭ جاپادىنمۇ قورقماسلىق، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىقتەك ئىنقىلابىي روھىدىن ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. بۇنىڭ بىلەن بازار - يېزىلاردىكى ياشلار ياشانغانلار، ئېتىپ ئاجىزلار ۋە مېيىپلارنىڭ سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدىغان بولدى؛ پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ھەمكارلىشىپ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئوڭشاپ بېرىدىغان، قالدۇرۇق يەرلىرىنى تېرىپ بېرىدىغان، كۆچەت قويۇپ بېرىدىغان بولدى؛ ئوقۇغۇچىلار كوچىلارغا چىقىپ قار تازىلايدىغان، تازىلىق قىلىدىغان ۋە

ئەخلەتلەرنى تازىلايدىغان بولدى؛ ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يېقىندىكى گوڭشې - ئەترەتلەرگە لۇڭتۇت ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى . . . بۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. 1981 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سەمەن ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى 81 ئوقۇغۇچى 4812 ياخشى ئىش قىلغان، ھەربىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 59 ياخشى ئىش قىلغان.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە قەھرىمان ۋە نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى «روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن لېي فېڭ ۋە لەي نىڭدىن ئۆگىنىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ‹تۆتكە ئىگە يېڭى ئادەملەر›نى تەربىيىلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش»تىن ئىبارەت بولدى. ناھىيە رەھبەرلىرى ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلدى. ئۆگىنىش داۋامىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىدىن تولۇق پايدىلىنىلدى. 227 قېتىم قاتلاممۇ قاتلام سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر ھەرىكەتكە كېلىپ 65 تۈرلۈك ياخشى ئىش قىلدى، مۇلازىمەت قىلغانلار 196 مىڭ 753 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. بۇ مەزگىلدە، نەچچە 10 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن ھايات لېي فېڭلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: بەشكېرەم يېزىسى 13 - كەنتىنىڭ سانىتارى مىجىت ئەركىن يىل بويى كەنت ئاھالىلىرىگە خالىسانە دورا ئاپىرىپ بەردى ھەم ئوكۇل سېلىپ قويدى؛ تاشمىلىق يېزىسى 12 - كەنتىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنجاڭى تۇرسۇن قادىر 8 خەلق ئەسكىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئاڭلىق ھالدا لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ كەلدى، ئۇلار 1983 - يىلدىن بۇيان كەنتتىكى 13 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربان، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە قېرى - چۈرىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ، يىل بويى ئىللىقلىق يەتكۈزدى، دوختۇرغا كۆرسىتىپ دورا ئېلىپ بەردى، ئائىلە ئىشلىرىغا ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بەردى، كىشىلەر ئۇلارنى لېي فېڭدىن ئۆگەنگۈچى «توققۇز بۇرادەر» دېيىشتى.

## § 2 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى تۈپتىن بىكار قىلىپ، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. 1956 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەندىن كېيىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈپ مەنپەئەتتە بىردەك بولۇش ئاساسىدىكى مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت بولۇپ شەكىللەندى. 1966 - يىلدىن باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئاجىزلىشىپ قالدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك پارتكوم خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرىدىن ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى، «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلدىن باشلاپ يەنە بىر قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ تونۇشى ئېنىق، ھەرىكىتى ئاڭلىق بولدى، ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئومۇمىيلىق دەپ تونۇپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي

سىياسىتى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردى. 1982 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلنىڭ 5 - ئېيى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى قىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇنلار تەقدىرلەندى: ئوغۇساق گۆشخىسى، شىنخۇا كىتابخانىسى، ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى 57 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئىلغار كوللېكتىپ، 7 ئىلغار شەخس قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە چاقىرىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى ئورۇنلاردىن يولداش جۇ ئېنلەينىڭ چىڭداۋ مىللەتلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مەسىلەن: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلىملىرى بويىچە مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، جۈپ بولۇپ تىكتاك توپ ئويناش دوستلۇق مۇسابىقىسى. يىل ئاخىرىسىدا، ناھىيىلىك پارتكوم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى 12 ئىلغار ئورۇن، 124 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى — ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى. بىراق شىنجاڭدا تىنچسىزلىق ئامىللىرى يەنىلا مەۋجۇت بولدى، بۇ، ئاساسلىقى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەردىن كەلدى. ناھىيىلىك پارتكوم تىنچ شارائىتتا خەتەرلىك ئامىللارنى كۆزلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇردى ۋە تۈزۈمگە ئايلاندۇردى. ھەر قايسى ئورۇنلار بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى» ئىمزالاندى. ئاممىنىڭ قاتنىشىشى كەڭ كۆلەملىك بولدى، قىزغىنلىقى يۇقىرى بولدى. 1988 - يىلغا كەلگەندە ناھىيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 622 نەمۇنىلىك ئورۇن بەرپا قىلىندى، بۇ ئورۇنلار ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئورۇننىڭ %90.9 نى تەشكىل قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، بۇ ناھىيىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتتىكى نەمۇنە ناھىيە» دېگەن نام بېرىلدى. 1990 - يىلى باش شۇجى جياڭ زېمىن قەشقەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، «ھەر قايسى مىللەتلەر قېرىنداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇن ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بۇنىڭغا ئۇشمۇتۇشتىن ئاۋاز قوشۇپ ھەرىكەتلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. مەسىلەن: ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەزمۇن قىلغان گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى؛ تەشۋىقات بۆلۈمى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە قاراتاختا گېزىتى مۇسابىقىسى، مىللىي سىياسەت بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ناخشا - ئۇسسۇل، گىمناستىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ناھىيىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

## § 3 . «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي

كەيپىيات يارىتىش يۈزىسىدىن، 1981 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ھەر يىلنىڭ 3 - ئېيى «مەدەنىي بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى ئېيى» قىلىپ بېكىتىلدى. ھەر قايسى ئىدارە، ئورۇنلار ۋە يېزا (بازار) لار، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرى مەۋقەسىنى چوڭ ئىشلارغا قويۇپ، ئىشنى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، مەدەنىي - ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى كەيپىيات يارىتىش»، ۋەتەننى كۆكەرتىش، يۇرتنى ۋە ئۆز ئورنىنى گۈزەللەشتۈرۈش، شۇنىڭدەك فايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئىنتىزامچان بولۇشتىن ئىبارەت «تۆتكە ئىگە بولۇش» تەربىيىسى بىلەن، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە قاتناش تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، مۇلازىمەت ساھەسىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىدارە، مەكتەپ، ماگىزىن ۋە زاۋۇتلار «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» توغرىسىدىكى لوزۇنكىلارنى ئاستى، كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش، مەدەنىي تىجارەت قىلىشقا ئوخشاش سۆزلەر يېزىلغان تاختىلارنى ئاستى، يېزا ۋە كەنتلەردە مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئاممىغا پايدىلىق بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمىنى بىر تۇتاش بېكىتىپ، تەكشۈرۈش - باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 2357 قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچى تەربىيىلەندى، 2000 نۇسخىدىن ئارتۇق قانۇنچىلىق تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى، 903 كىشىدىن تەركىب تاپقان 274 ياردەم ۋە تەربىيە بېرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يولدىن ئازغان ياكى يۈرۈش - تۇرۇشى دۇرۇس بولمىغان ياش - ئۆسمۈردىن 2185نگە ياردەم ۋە تەربىيە بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن يۈرۈش - تۇرۇشى دۇرۇس بولمىغان 1701 كىشى توغرا يولغا باشلاندى. پاختەكلە يېزىسىدا ئەسەت ئېلى ئىسىملىك ياش دائىم قىمار ئويناپ، توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي كەلگەندى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن ھوشۇر ياردەم ۋە تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرىكى ئىشلىرىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئۆزگىرىپ، كەنتنىڭ نەمۇنىلىك ئامانلىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالدى، ئۇ 1983 - يىلى ج خ تارماقلىرىنىڭ 7 دېلونى پاش قىلىشىغا ياردەملىشىپ، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. ئوغۇساق يېزىسىدىكى ئالماس ھوشۇر ئىسىملىك دېھقان 30 يىل قىمار ئويىنىغان بولۇپ، بۇ يامان ئادىتىدىن قول ئۈزەلمىگەچكە، بارلىق مال مۈلكى پەقەت بىرىم ئېغىزلىق ئۆيىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. ئاما: بۇ ئادەم ئەمدى تۈگەشتى، دەپ ئويلىغانىدى، ج خ خاس ۋەكىلى ئوبۇل قاسىم ئۇنىڭغا ياردەم ۋە تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىشتىن قولىنى ئۈزۈپ، ئاكتىپ ئىشلەپ، 1984 - يىلى يېڭى ئۆي سالدى، 1985 - يىلى بۇ ئائىلە 1300 يۈەن ئامانەت پۇلى، 5 قوي، بىر سۈت كالىسىغا ۋە رادىئو قوبۇللىغۇچ ۋە ۋېلىسىپىتكە ئوخشاش بىساتلارغا ئىگە بولدى.

5 يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئارقىلىق، 1990 - يىلى قانۇننى ئۆگىنىش - ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى %94.3 — %95.4كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85 — %95كە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى ۋە تەلىپىگە يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 858 «بەشتە ياخشى ئائىلە»، 10 مىڭ 129 جۈپ ئۈلگىلىك ئەر - خوتۇن، 9174 ياخشى قېيىنانا، 9712 ياخشى كېلىن، 3187 جۈپ ياخشى ئىپى يەڭگە باھالاپ چىقىلدى؛ 406 ئىلغار كوللېكتىپ، 6331 ئىلغار شەخس باھالاندى. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، توغرا كەيپىيات ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشىلاندى، ئائىلىلەر ئىناق ئۆتىدىغان بولدى، 1984 - يىلى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى 1983 - يىلدىكى 2289 دىن 449غا چۈشتى. 1985 - يىلنىڭ 1 - پەسلىدە

1984 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن يەنە 40.5% تۆۋەنلىدى. پەقەت ئالدىنقى يېرىم يىلدىلا يېزىلاردىكى ئاممىا 4346 يۈەن قىممىتىدىكى 21 تۈرلۈك پۇل - پۇچەك ۋە نەرسە - كېرەكنى تېپىۋېلىپ ئۆز ئىگىسى ئارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بازاردىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسەن يوقىتىلدى، پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇش ھادىسىلىرى كۆپ ياخشىلاندى.

1986 — 1990 - يىلغىچە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، مەدەنىي بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش ئىيى» پائالىيىتى داۋاملىق كۈچەيتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىپ، بۇ پائالىيەتكە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىندىغان، ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ۋە تەكشۈرىدىغان ئاپپارات بولۇپ قالدى. ناھىيىنىڭ تازىلىق ئەھۋالى، مۇھىت قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، جەمئىيەت تەرتىپى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. پەقەت 1990 - يىلىلا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە 1005 مو يەر كۆكەرتىلدى، 65 تۈرلۈك ياخشى ئىش قىلىندى، 196 مىڭ 753 ئادەم (قېتىم) مۇلازىمەت قىلىندى.

## § 4 . مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1983 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە «ئالتىنى تونۇش، ئالتىنى تۈزەش، ئالتىگە ئۆزگەرتىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، كونىلىقنى تۈزەپ يېڭىغا ئۆزگەرتىش؛ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، نادانلىقنى تۈزەپ، پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشقا ئۆزگەرتىش؛ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ناچارلىقنى تۈزەپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىشقا ئۆزگەرتىش؛ مۇھىت تازىلىقىنى چىڭ تۇتۇپ، پاسكىنىچىلىقنى تۈزەپ، پاكىزلىققا ئۆزگەرتىش؛ جەمئىيەت تەرتىپىنى چىڭ تۇتۇپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، تىنچ بولۇشقا ئۆزگەرتىش؛ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقنى تۈزەپ، بېيىشقا ئۆزگەرتىش. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 307 مەدەنىي ئورۇن بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىي كەنت 144، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن 96، مەكتەپ 67، شۇ يىلى 50 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 850 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 63 ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى، 1268 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى؛ ئىنتىزام ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ئىلغار بولغان 58 مىڭ ئائىلە باھالاندى. 1987 - يىلى ناھىيە بويىچە مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋاملىق كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە 243 ئورۇنغا رەسمىي «مەدەنىي ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن 14، مەكتەپ 11، مەدەنىي كەنت 36، پونكىت، ئورۇن، كوپېراتىپ 32، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى 69، ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى 81؛ 1989 - يىلى «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش، ئىككى ئېغىر ئەپكەشنى بىر مۈرىدە كۆتۈرۈش، ئىككى خىل نەتىجىگە تەڭ ئېرىشىش» ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىندى. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، «يۇمشاق ۋەزىپە»نى «قاتتىق ۋەزىپە»گە ئايلاندۇرىدىغان نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاندى ھەمدە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى نومۇر قويۇپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش بەلگىلىمىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. يىل ئاخىرىدا، خەلق دوختۇرخانىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوپال يېزىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## 1. يېزا نىزامى ۋە ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى

1985 - يىلى «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» مەزمۇن، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش نىشان قىلىنغان يېزا نىزامى ۋە ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. بۇ جەرياندا مۇنەۋۋەرلەرنى باھالاپ، ياخشىلارنى تاللاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ پائالىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى، ياخشى كادىر، ياخشى ئەزا، ياخشى ئوقۇتقۇچى، ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى قېيناتا، ياخشى كېلىنلەرنى باھالاشتىن ئىبارەت بولدى.

## 2. پارتىيە ئەزالىرى نامرات ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، ئىتتىپاق ئەزالىرى نامرات ئائىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، خەلق ئەسكەرلىرى نامرات ئائىلىلەرگە يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى كومپارتىيە ئەزاسى 5748، بۇنىڭ ئىچىدە 4680 پارتىيە ئەزاسى 6615 نامرات ئائىلە بىلەن ئالاقىلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇلار نامرات ئائىلىلەرگە ئىدىيە جەھەتتىن ئىلھام ۋە تەربىيە بەردى، تۇرمۇش جەھەتتىن ئېتىبار بەردى، ئىشلەپچىقىرىشتا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، يىل ئاخىرىدا 2340 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەر پارتىيە ئەزالىرى ئالاقە ئورناتقان ئائىلىلەرنىڭ %32نى تەشكىل قىلدى.

ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى ئىتتىپاق ئەزاسى 8171، بۇنىڭ ئىچىدە 3783 ئىتتىپاق ئەزاسى 4375 نامرات ئائىلە بىلەن كۆڭۈل بۆلۈش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇلار ياشلارنى يېتەكلەپ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، سالتاڭ - ساياق قېرى - چۆرىلەرگە سۇ توشۇپ بېرىش، ئوتۇن يېرىپ بېرىش، تۇرمۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ بەردى؛ نۇقتىلىق ھالدا نامرات ئائىلىلەرنى قەم - ئەندىشىدىن خالىي قىلدى، ئاممىغا گېزىت ئوقۇپ بەردى، ئومۇمىي ساۋات بىلىملىرىنى ئۆگەتتى، پەن تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 23 مىڭ خەلق ئەسكىرى بار ئىدى، ئۇلاردىن 5121ى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى، 5466 نامرات ئائىلە بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يار - يۆلەك بولۇش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇلار نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىختىيارىي بىرلىشىپ، نامرات ئائىلىلەرنى نۇقتا قىلىپ تېرىش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش ياكى تۇرمۇشىدىن ئارتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغىچە ھۆددىگە ئېلىپ، قەرەللىك ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى.

## 3. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى

1982 - يىلدىن باشلاپ 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 17 يېزىدا 13 مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، 1494 تېلېۋىزور سېتىۋېلىندى، 793 تېلېۋىزور قويۇش ئۆيى سېلىندى؛ 209 كەنت، 218 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدا قىرائەتخانا قۇرۇلۇپ، 138 مىڭ كىتاب سېلىندى؛ 205 كەنت، 314 كەنت ئاھالىلەر

گۈرۈپپىسىدا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت ئۆيى قۇرۇلۇپ، تاختا بىلىيارت، شاھمات ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى قويۇلدى؛ 190 كەنت، 205 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدا ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پەي توپقا ئوخشاش تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنلىرى بەرپا قىلىنىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە 12 يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزى (پونكىتى) سېلىندى. شۇ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاپتونوم رايون بويىچە بالىلار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قونجىراپ ئېغىزى «يىپەك يولى لوڭقىسى»نى تالىشىش موتسىكلىت راللى مۇسابىقىسىنى تەشكىللىدى، مۇسابىقىغا 12 موتسىكلىت، 22 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، بېرىپ - كېلىش مۇساپىسى 900 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن تورلۇك مۇسابىقىلەردە 4 تۈر بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى.

## §5 . كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، توي مۇراسىمىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا ئۆرپ - ئادەت كۆز قاراشلىرى بۇزۇپ تاشلىنىپ، كونا ئۆرپ - ئادەتلەر ئۆزگەرتىلىپ، كوللېكتىپ توي قىلىدىغان، توي مۇراسىمىنى ئاددىي ئۆتكۈزىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن، بۇ ھال ئاممىنىڭ ئىنتايىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بۇ ياخشى ئەنئەنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆزگەرگىلى كۆپ يىللار بولغان ناچار ئادەتلەر قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، سۆلەتۋازلىق قىلىش، ھەشەمەتچىلىكتە بەسلىشىش كەيپىياتلىرى يەنە ئەۋج ئالدى، نۇرغۇن كىشىلەر ئوغۇل ئۆيلەش، قىز ياتلىق قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئاددىي - ساددا ياشاش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1981 - يىلى ناھىيە بويىچە نۇرغۇن پارتىيە - ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئاددىي - ساددا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا تەقدىرلىنىشكە مۇيەسسەر بولدى. تاشمىلىق يېزىسىنىڭ قاشتوۋۇزى كەنتىدىكى خەلق ئەسكىرى روزى ھۆسۈيۈن توي قىلماقچى بولغاندا، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تويلۇق ئۈچۈن 400 يۈەن پۇل، 8 قۇر كىيىم - كېچەك سالغانىدى، روزى ھۆسۈيۈن لايىقى بىلەن بىللە چوڭلارنى قايىل قىلىپ، پەقەت 150 يۈەن پۇل خەجلەپلا تويىنى قىلىۋالدى، تېجەپ قالغان پۇلىغا 2 قوي سېتىۋېلىپ، تىرىكچىلىك قىلىشقا ئىشلەتتى. 1984 - يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە يېزا بويىچە 134 جۈپ ياش خەلق ئەسكىرى ئاددىي - ساددا توي قىلىپ، توي مۇراسىمىنى كوللېكتىپ ئۆتكۈزدى، كۆپ بولغانلىرى نەچچە يۈز يۈەن، ئاز بولغانلىرى 30 — 40 يۈەن پۇل خەجلەپلا تويىنى قىلىۋالدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك پارتكوم كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە تۇتۇپ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنى چوڭ ئۆتكۈزۈش، بەسلىشىش، ئىسراپچىلىق قىلىش ھادىسىلىرىگە قارشى تۇردى. نۇرغۇن يېزا ۋە كەنتلەردە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى، ئەخلاق باھالاش ھەيئىتىگە ئوخشاش ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەربىيىسى ئىجادكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. ئويپال يېزىسىنىڭ كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ ئاددىي - ساددا توي قىلىش تەجرىبىسى ناھىيە بويىچە كېڭەيتىلدى.

[illegible]

# شەخسلەر

# شەخسلەر

## I باب

## شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى

### مەھمۇت قەشقەرى

مەھمۇت قەشقەرى (1008 — 1105) مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى. تولۇق ئىسمى «مەھمۇت ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەت قەشقەرى». ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئوپال — مەن تۇغۇلغان جاي، بۇ قەشقەردىكى بىر يۇرت (ھازىرقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق كەنتى)» دەيدۇ. ئۇ يەنە بىر ئەسىردە «ئاتام خاقانىيە ئېلىدىن ئەمىر نەسرىدىننىڭ ئوغلىنىڭ ئەۋلادىدۇر» دەيدۇ. «ئاتا - بوۋىلىرىمىز تۈركلەر سامانىلاردىن ھاكىمىيەت تارتىۋالغاندىن كېيىنكى تۈرك بەگلىرىنىڭ ئەۋلادىدۇر».

ئۇ قەشقەردىكى چاغدا ئوقۇشنى تاماملاپ يېزىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھەر قايسى جايلارنى، ئامۇ ۋە سىر دەرياسى ئەتراپلىرىنى ئارىلاپ چىققان. قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتلىرى، تارىخىي تەرەققىياتى، قەبىلىۋى ئەھۋالى ۋە تىللىرىدىكى پەرقلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا «مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغان، ئەڭ زېرەك قەبىلىلىرىنىڭمۇ، جەڭگە ماھىر ۋە باتۇر قەبىلىلىرىنىڭمۇ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى بىر - بىرلەپ كېزىپ چىقتىم». «نۇرغۇن ۋاقىت چىقىرىپ تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ شەھەر، سەھرا، يايلاقلىرىنى كېزىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلۈكلىرىنى توپلىدىم، ھەرخىل سۆزلۈكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ تىللىرىنى بىلىۋېلىش يۈزىسىدىنلا ئەمەس، بۇ تىللار ئارىسىدىكى ئىنچىكە باغلىنىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش يۈزىسىدىن ئىش كۆردۈم» دەيدۇ. «دىۋان» دا كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر، مەسەل، قوشاق قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل، تارىخ، دىن، ھەربىي ئىشلار، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى مول

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن: كىتابتا قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ناملىرى، ئولتۇراقلاشقان جايلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق جەھەتلىرىگە ئائىت ئەھۋاللار؛ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قىز - ئاياللىرى، باللىرى ۋە تۇل بوۋاي - مومايلارنىڭ جەمئىيەتتە ئالاھىدە قەدىرلىنىدىغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

مەھمۇت قەشقەرى كېيىن ئىراقنىڭ باغدات شەھىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، سالجۇقىيلار سۇلتانى مەلىك شاھنىڭ خانىشى تۈركەن خاتۇن (قاراخانىيلار مەلىكىسى) نىڭ يېنىغا قېچىپ بارغان. ئۇ ھىجرىيە 465 - يىلى (مىلادىيە 1072 - يىلى) 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ، 4 قېتىم قايتا - قايتا ئوقۇش، تەھرىرلەش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ھىجرىيە 466 - يىلى (مىلادىيە 1073 - يىلى) ئەرەب تىلىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ تاماملىغان. كىتاب جەمئىي 3 توم، 638 بەت، 14 بۆلۈم، 8 چوڭ بابتىن تۈزۈلگەن، 7500 دىن ئارتۇق سۆز، 400 نەچچە ئەپسانە - رىۋايەت، 250 تىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى سۈپىتىدە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. كىتاب نېمىس، تۈرك، ئۆزبېك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان، فرانسۇز، رۇس، ياپون . . . تىللىرىدىكى تولۇقسىز تەرجىمە نۇسخىلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى مەخسۇس ئەسەرلەر نەشر قىلىنغان.

مەھمۇت قەشقەرى 1080 - يىلى يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كەلگەن. 1105 - يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغان. جەسىدى ئوپال يېزىسىدىكى ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ باغرىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسى دەپ قارىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قايتا رېمونت قىلدى. 1985 - يىلى قايتا ياساش ۋە كېڭەيتىپ ياساشقا مەخسۇس پۇل ئاجراتتى. بۇ قەبرە ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ھەمدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ زىيارەتگاھىدۇر.

## تاشۋاي

تاشۋاي (1864 — 1898) مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئېيلاكۇ (ھازىرقى ئوغۇساق يېزىسى) كەنتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا راۋابقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇ سەرسانلىق ھاياتىدا خەلق مۇزىكىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، «قادىر مەۋلان»، «مۇناجات»، «ئاشناجان» قاتارلىق كلاسسىك مۇزىكىلارنى پىششىق ئىگىلىۋالغان. «يارىم كېلىدۇ»، «ئەجەم» قاتارلىق خەلق ئاھاڭلىرىنى ئىجادىي بېيىتىپ ۋە رەتلەپ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىش ۋە ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

تاشۋاي تۇرمۇشنىڭ دىشۋارچىلىقى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ راۋاپ چېلىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. كېيىن يۇرتىنى سېغىنىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى قىزغىن سۆيگەچكە، ھەرخىل سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ دېھقانلارغا راۋاب چېلىپ بەرگەن. ئەمگەكچى خەلقنى كۆيلەيدىغان، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى پاش قىلىدىغان «كاۋابى سەھرا»، «گۈندىپاي I ، II»، «تاشۋاي» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان، بۇ مۇزىكىلار خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى. تاشۋاي چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 24 - يىلى (1898 - يىلى) 34 يېشىدا قەشقەردە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

# سەلەي چاققان

سەلەي چاققان (1816 — 1905) خەلق قىزىقچىسى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزا چاقادى كەنتىدىن. نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادىسى كونا سەنئەتكار بولۇپ، ئۇستا سازەندە ئىدى. سەلەي دادىسىنىڭ تەسىرىدە كىچىكىدىنلا چۆچەك، لەتىپە، قوشاقلارنى ئاڭلاشقا ۋە ئېيتىشقا ھېرىسمەن ئىدى. كەنتىدە ھەر قېتىم توي - تۆكۈن ياكى مەشرەپ بولغاندا دائىم دادىسى بىلەن بىللە بۇ سورۇنلارغا قاتنىشىپ كۆڭۈل قويۇپ خام ماتېرىيال توپلىغان. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ نۇرغۇن لەتىپە، قىزىقارلىق ئىشلار، قوشاق، ماقال- تەمسىللەرنى ئىگىلىۋالغان.

سەلەي چاققان ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئەمەلدارلاردىن قورقمايدىغان كىشى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىققا قاتتىق نارازى ئىدى. ئۇ دائىم يۇمۇرلۇق لەتىپىلىرى ئارقىلىق، قاراڭغۇ جەمئىيەتتىكى قاقتى - سوقتىلىق قىلمىشلارنى، باي - پومېشچىكلارنىڭ جازانىخورلۇقلىرىنى دادىل پاش قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئوپالدىكى يۇرتداشلىرى ئۇنى سەلەي چاققان دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

سەلەي چاققان 89 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوپال ۋە ئوپالغا قوشنا بولاقسۇ، تاشمىلىقلاردا ئۆتكەن. ياشلىقىدا قەشقەر، يەكەن، كۇچا، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بارغان، يۇرت كېزىپ تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدا يەتكىچە ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن لەتىپە، ھېكايىلىرى ئۇنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا توقۇلغان. بۇ لەتىپىلەر ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك بولۇپ، خەلقنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ۋە ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

1982 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدى.

# ئەنجانباي

ئەنجانباي (1906 — 1946) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدىن. كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 31 - يىلى (1905 - يىلى) روسىيىنىڭ ئەنجان دېگەن يېرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلار ئەنجانغا بارغاننىڭ 2 - يىلى 4 - ئايدا ئەنجانباي تۇغۇلغان. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) ئاتا - ئانىسى بىلەن ئوپالغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئات مىنىش، ئوۋئوۋلاش، قارىغا ئېتىش، يۈگرەش ۋە ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئوقۇۋاتقان ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدە، تۈرلۈك ئىلغار پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 9 - ئايدا تاشقورغان قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ لېيەنجاڭ بولغان. ئۇ باتۇر ۋە ئۇرۇشتا ماھىر كىشى بولۇپ، چوڭ - كىچىك 19 قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تۆھپە قوشقان. ئەنجانباي مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 9 - ئايدا بىر قېتىملىق جەڭدە بەختكە قارشى 40 يېشىدا قۇربان بولغان.

## مەمەت ئېمەت

مەمەت ئېمەت (1912 — 1955) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونى 11 - يېزا 4 - كەنتى (ھازىرقى پاختەكلە يېزا پاختەكلە كەنتى) دىن.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇ باشقىلارغا يالالنما بولۇپ كۈن كەچۈرگەن. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا 2.4 مو يەر تەگكەن. 1953 - يىلى ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئۆزى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا سايلانغان. ئىش باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش - مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، شۇ يىلى شالنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 280 كىلوگرامغا يەتكۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە كۆپچىلىككە رەھبەرلىك قىلىپ، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغان، بۇ ئارقىلىق ھەمكارلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، ھەمكارلىشىش ھەرىكىتىدە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىغان. 1953 - يىلى ئۇ ناھىيە تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ باھالىنىپ، ئۆلكىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشقان.

مەمەت ئېمەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، باشلانغۇچ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1955 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 43 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## يۇسۇپقارى ھاجى

يۇسۇپقارى ھاجى (1908 — 1957) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزا سايباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا مەدرىسىدە ئوقۇپ قارى بولغان. 18 يېشىدا دادىسىغا ئەگىشىپ تىجارەت قىلىشنى ئۆگەنگەن. 25 ياشتىن كېيىن ئۆز ئالدىغا تىجارەت، چارۋىچىلىق، مال توشۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تىرىشچان، تىجارەتكە ماھىر بولغاچقا، ئوتتۇرا ياش مەزگىللىرىگە كەلگەندە 3 دۇكان ئاچقان، 150 تۆگىسى بىلەن قەشقەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوش، ئېركەشتام قاتارلىق جايلىرى ئارىلىقىدا دائىم مال توشۇپ، قەشقەردىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

يۇسۇپقارى ھاجى كەڭ قورساق، قىزغىن، ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر يىلى يۇرتىدىكى نامرات دېھقانلارغا 1000 توپ بۆز رەخت، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىگە بىرقۇر كىيىم ئېھسان قىلىشتىن سىرت يەنە قەرزلىرىنى تۆلەپ بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

يۇسۇپقارى ھاجى مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان كىشى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق نارازى ئىدى. شۇڭا ئۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىغانىدى. ئۇ، 1949 - يىل 12 - ئايدا قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، كېيىنكى يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، باشلامچىلىق بىلەن 6000 كىلوگرامدىن ئارتۇق پاراق تاپشۇرغان ھەمدە ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دېھقانلارنىڭ پاراق ئاشلىق توشۇشىغا ياردەم بەرگەن. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە 100 سەر كۈمۈش، 1 مىليون

يېڭى كونا خەلق يېزىلى ئىشانە قىلغان. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ ئارتۇق يەرلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قايتۇرغان،ھەمدە يەر ئىسلاھاتى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەت، قانۇن ـ پەرمانلىرىنى قىزغىن تەشۋىق قىلغان. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك بىرلىك سەپ ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقى ۋە خەلق ۋەكىللىكىگە سايلانغان. 1957 ـ يىلى كېسەل بىلەن قەشقەردە ۋاپات بولغان.

## ئەمەت بايغوجا

ئەمەت بايغوجا (1907 — 1962) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزا يىچا كەنتىدىن. كومپارتىيە ئەزاسى. نامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 9 يېشىدا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئاچىسىغا ئەگىشىپ بايلارنىڭ مېلىنى باققان. 15 يېشىدىن باشلاپ يىللىقچى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن قەددىنى رۇسلىغان ئەمەت بايغوجا كومپارتىيىنى قىزغىن سۆيۈپ، دېھقانلار جەمئىيىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. ئۇ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىپ ناھىيە بويىچە ئەڭ بالدۇر پارتىيىگە كىرگەن ئۇيغۇر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ئادىل بېجىرىپ بېرەتتى. يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى يەر تەقسىماتىدا ئۇ ياخشى يەرلەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى.

1952 ـ يىلى قىشتا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇشقا چاقىردى. ئۇ 8 ئائىلىلىك دېھقانغا باشلامچىلىق قىلىپ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خانتۆي، خاڭدىلارغا بېرىپ چىرىندا يىغىپ، ياتاق چېپىپ، كەڭ كۆلەمدە ئوغۇت تويلاپ بۇغدايىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 108 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە گۇرۇپپىدىكى ئاياللارنى سۈپۈرگە بوغۇش، دوپپا تىكىش قاتارلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ھوسۇلى ئېشىپ، كىرىمى كۆپەيدى. ئۇ بۇ ئىشلىرى بىلەن رايون بويىچە باشلامچىلىق رول ئويناپ، كەڭ ئامىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 1954 ـ يىلى ئۇ ھەمكارلىق گۇرۇپپا نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئۆلكىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشتى. «يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۇرۇش» تىن كېيىن باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىنىڭ باشلىقى، خەلق گوڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، بەشكېرەم رايونلۇق دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

## قۇربان ھوشۇر

قۇربان ھوشۇر (1908 — 1976) ئۇيغۇر، تاشمىلىق يېزىسىنىڭ چېكى كەنتىدىن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلغان، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا شور تۇز ۋە ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ساتقان. ئۇ ئادىل، سەمىمىي كىشى بولۇپ، ھەر دائىم قولۇم ـ قوشنىلارغا ياردەم بېرىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى قىزغىن تەشۋىق قىلىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1951 ـ يىلى ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى

قورۇپ، شۇ يىلىلا ئاشلىق ھوسۇلىنى ئاشۇردى. 1952 ـ يىلى ئۆلكە بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلاندى. 1952 — 1955 ـ يىللىرىچە ھەر يىلى دۆلەتكە 5000 كىلوگرامدىن 7500 كىلوگرامغىچە ئاشلىق سېتىپ بەردى. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇ رايونلۇق مەھكىمىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولدى. 1954 — 1964 ـ يىللىرىچە ئۇ ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئەمگەككە قاتنىشىپ، ئىلغار تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگەندى ۋە كېڭەيتتى، يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئومۇملاشتۇردى، بۇ ئارقىلىق ئۇ كوممۇنىنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى 750 كىلوگرامغا، بۇغدايىنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى 321 كىلوگرامغا يەتكۈزۈشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرىنى تەشكىللەپ 30 نەچچە مو بوز يەر ئاچتى ھەمدە پۈتكۈل كەنتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ 3000 مودىن ئارتۇق بوز يەر ئاچتى. ئۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن قىسىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بىر قىسىم كادىرلارنىڭ بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋالغانلىقىنى يۇقىرىغا ئەينەن ئىنكاس قىلدى. 1965 ـ يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغان مەزگىلدە ئۇنىڭ تەركىبى خاتا ھالدا «پومېشچىك» (ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا دېھقان) دەپ ئايرىلىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە سېلىنندى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرېھىم قۇربانمۇ ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئەمگەك بىلەن چېنىقىشقا چۈشۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ كۆپ قېتىم كۈرەشكە تارتىلدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچىنى يوقاتمىدى، باللىرىغا «پارتىيىنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدىغانلىقىغا، قىزىل قەلبىمنى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭلار» دەپ تەربىيە بەردى. قۇربان ھوشۇر 1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا تاشمىلىقتىكى ئۆيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. 1978 ـ يىل 2 ـ ئايدا ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى تاشمىلىق يېزىسىدا 2000 نەچچە يۈز كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، قۇربان ھوشۇرنىڭ ئۈستىدىكى ناھەق دېلونى ئاقلاپ ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## سۇ لاۋچۇەن

سۇ لاۋچۇەن (1908 — 1978) خەنزۇ، سەنشىنىڭ جىنچېڭ ناھىيىسىدىن. كېلىپ چىقىشى دېھقان، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. ئۇ ئادىل، يۇرتداشلىرىغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا جىنچېڭ ناھىيىلىك كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېڭ شىن بىلەن سۆيۈلياڭلار ئۇنى مەخپىي ھالدا پارتىيىگە تونۇشتۇرغان. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) ئۇ ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ ياپونلار بىلەن قورچاقلار سالغان يەر قوشۇمچە بېجىنى تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرغاچقا، تۈرمىگە سولانغان. كېيىن ئۇ تەشكىلنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ئاممىنى ئاشلىق تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا تەشكىللىگەچكە يەنە تۈرمىگە تاشلانغان. بىر ئايدىن كېيىن بۇ جاي ئازاد قىلىنغان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، شىمېن كەنتىگە باشلىق بولغان. 1947 ـ يىلى باشلامچىلىق بىلەن ئارمىيىگە قاتنىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۈن 4 ـ شى 12 ـ تۇەندە ئىلگىرى ـ ئاخىر 2 ـ يىڭ 5 ـ لىيەن 3 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى، 5 ـ لىيەننىڭ مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى، تۇەن سىياسىي باشقارمىسى

ئاممىۋى ھەرىكەت بۆلۈمچىسىنىڭ كادىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. يۈنچېڭ شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەچكە مۇكاپاتلىنىپ، ئالاھىدە نەمۇنىچى بولۇپ باھالانغان. 1950 - يىلى ئارمىيە بىلەن شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، خىزمىتىنى يەرلىككە ئالماشتۇرغان. يوپۇرغا ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيىلىك پارتكوم ئەزاسى، گەز دەريا باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. سۇچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مەزگىلدە، سۇچىلىق ئىش ئورنىدا يېتىپ - قوپۇپ، ئامما بىلەن بىرلىكتە ئۆستەڭنى رېمونت قىلىش، سۇ تەقسىملەش، سۇ باشقۇرۇش، سۇ ئىشلىتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلار ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە بۇ ھەقتىكى ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. بۇ تەجرىبىلەر «قەشقەر گېزىتى»دە ئۇلاپ تونۇشتۇرۇلغان. 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا خىزمەت نەمۇنىچىسى دەپ نام بەرگەن.

1959 - يىلى سۇ لاۋچۈەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا يۆتكەلدى. ئۇ مىللىي كادىرلار ۋە ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ خىزمەتتە جاپادىن قورقماي، سۇچىلىق تېخنىكى لى ۋېنمىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە سۇ مەنبەسى ئىزدەپ، سۇ ئامبىرى ياساپ، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ سۇچىلىق مەسىلىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. 1961 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن دەم ئېلىشقا چىقتى. 1978 - يىل 6 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

## تۇردى تۇرەخمەت

تۇردى تۇرەخمەت (1932 — 1981) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ سىبدە كەنتىدىن. دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 1950 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1951 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رېۋىزىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىك خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1957 - يىلى خىزمىتى ئاپتونوم رايونغا يۆتكىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىلىرىدا ئىشلىگەن، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىدە مۇدىر، باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن نازىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تۇردى تۇرەخمەت يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىدا ئۇزاق مۇددەت خىزمەت ئىشلىگەچكە، يېزىلارنى ۋە دېھقانچىلىقنى قىزغىن سۆيەتتى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە سىياسەتلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئۇ نۇقتىدا تۇرۇپ «گۇرۇپپا قۇرۇش» ۋە «كوپېراتىپ قۇرۇش»قا قاتناشقان. دادىللىق بىلەن ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلغان. خىزمىتى ئاپتونوم رايونغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، يولداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كادىرلارنى ئاسراپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كادىرلار ئاممىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 60 - يىللاردا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى تەركىبىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە كېلىپ يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقان ھەمدە ئاقتاش خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان.

تۇردى تۇرەخمەت 1981 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە 49 يېشىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

## قاسىم رېھىم

قاسىم رېھىم (1905 — 1982) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزا قۇمباغ كەنتىدە دىندار ئائىلىدە تۇغۇلغان. مىنگونىڭ 3 - يىلىدىن مىنگونىڭ 22 - يىلى (1914 ~ 1933) غىچە مۇشۇ يېزىدىكى مەدرىستە ئوقۇپ، مۇددەرىس بولغان. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇسايىپقا ياردەملىشىپ تۇنجى تۈركۈمدىكى يېڭىچە مەكتەپنى ئاچقان. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937 - يىلى) غا كەلگەندە ئوپال يېزىسىدا يېڭىچە مەكتەپتىن 7 سى قۇرۇلۇپ، 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. شۇ يىلى ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن ئوپال ۋە ھۆلجىگدە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە 1500 كىشىلىك زال سېلىنغان. سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت تورمۇشى جانلانغان. ئۇ مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) «قىزىل چايخانا»نى قۇرۇپ، بۇ يەرگە 16 كىشىلىك ساز ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەربىيىلىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار مەشىق قىلىپ ئورۇندىغان «غېرىپ - سەنەم»، «رابىيە - سەيدىن» قاتارلىقلار ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ پۈتكۈل قەشقەرنى لەرزىگە كەلتۈرگەن. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ئۇ ئوپال يېزىلىق ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قاسىم رېھىم مائارىپ خىزمىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، كېسەلچان بولۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلمىغان. ئۇ تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، ساقلاش، رەتلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئالاقىدار تەتقىقات تېمىلىرى ۋە تارىخ - تەزكىرە ئورۇنلىرىنى ماتېرىيال بىلەن قىزغىن تەمىنلىگەن. 1981 - يىلى «قەشقەر كوناشەھەر ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا «ئازىق كەنتى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان.

## مامۇت قازى

مامۇت قازى (1898 — 1984) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دىندار. مامۇت قازى كىچىكىدىنلا دىنىي تەربىيە كۆرگەن. مىنگونىڭ 18- يىلى (1929 - يىلى) قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى تاماملىغان. يېزىسىغا قايتقاندىن كېيىن ئۆز كەنتىدىكى مەسچىتتە خاتىپ، ئىمام قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. باۋجاڭ، جياجاڭلارنىڭ خىيانەتچىلىك، چىرىكلىكىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى، ئاممىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا ياردەملىشىش ئۈچۈن خەلق نامىدا سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن، مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) زومىگەر، پومېشچىكلارنىڭ قىستىشى بىلەن يېڭىسار قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) يېزىسىغا قايتىپ قازى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى پائال تەشۋىق قىلغان. مۇسۇلمانلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، ۋەتىنىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، خەنزۇ ئامما بىلەن ئۈم - ئىناق ئۆتۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. ئۇ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىن سىرت يەنە، چامى يېتىدىغان ئەمگەكلەرگە قاتنىشىپ تۇرغان. كوپېراتسىيىلىشىش ۋاقتىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، 1000 جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىقنى كوللېكتىپقا تەقدىم قىلىپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

1951 - يىلى ئۇ ناھىيە خەلق ۋەكىللىكىگە سايلانغان. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

## مۇھەممەت ھاجى

مۇھەممەت ھاجى (1906 ~ 1986) ئۇيغۇر، پاختەكلە يېزىسىنىڭ قاقۇللا كەنتىدىن، دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) قەشقەردىكى مەدرىسىنى تاماملىغان. كېيىن قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغان. مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) ھىندىستاندىكى مۇزەپپەر مەدرىسىسىگە بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە ئوقۇغاچ، بىر مەسچىتتە ئىماملىق قىلغان. بۇ كىرىم بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش خىراجىتىنى ھەل قىلغان. كېيىنكى يىلى مەدرىسەئى ئىمادىلئۇلۇم (ئىمادىلئۇلۇم مەدرىسى)غا بېرىپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەن ھەمدە تارىخ، فىزىكا، تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن مەككىگە ھەجگە بارغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ئافغانىستاندا مۇددەرىسلىك قىلغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغان، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ «مۇقەددەسلىك كېرەكمۇ بۈگۈن» ناملىق كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ھەمدە «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق كىتابىنى يېزىشقا كىرىشكەن. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «ئىشپىيون» قىلىپ قويۇلغاندىمۇ كىتاب يېزىشنى توختاتمىغان. نۇرغۇن يىل تىرىشىش ئارقىلىق كىتابىنى پۈتكۈزگەن. كىتاب جەمئىي 800 بەت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى؛ ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، يىمىرىلىشى، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. 1978 - يىلى ئېچىلغان ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مالىمانچىلىق تۈگىتىلىپ، مۇھەممەت ھاجىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇندىن كېيىن ئۇ ئەرەبچە جۇغراپىيە ئوقۇشلۇقىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى باشلاپ، تەرجىمىنى قولدىن چىقىرىپ بولالماي، 1986 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

## ئوبۇلقاسىم مامۇت

ئوبۇلقاسىم مامۇت (1927 — 1988) ئۇيغۇر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزا قارا باش كەنتىدىن. نامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئوپال باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. 1950 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1953 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ھاياتىدا ئوپال رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ياردەمچى كادىرى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ھاكىم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1987 - يىلى پېنسىيىگە چىققان.

ئوبۇلقاسىم مامۇت ئۇزۇن مۇددەت يېزا خىزمىتى ۋە سۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ،

خىزمەتتە ئاكتىپ، تىرىشچان، غەيرەتلىك كادىر ئىدى. ئۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشقان. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇ ئوپال رايونىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىدى. ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم بولغاندىن كېيىن، يىل بويى سۇچىلىق سېپىدە كۆرەش قىلىپ، جاپادىن، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سۇچىلىق شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۇزاق مەزگىل چۆل - جەزىرىلەردە، ئىش ئورۇنلىرىدا جېنىنى پىدا قىلىپ يۈرۈپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئوبۇلقاسىم مامۇت كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، پارتىيىگە بەكمۇ سادىق ئىدى. كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىچقويۇن - تاشقويۇن ئۆتەتتى. ئاممىنىڭ ئارىسىدىكى ئابرويى خېلى يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئۇزاق مەزگىل ھېرىپ - چارچاپ ئىشلىگەچكە، قان تومۇر ياللۇغى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇزاق داۋالانغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولماي، 1988 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 61 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## چيۇ جىيۇ

چيۇ جىيۇ (1922 — 1995) خەنزۇ، 1922 - يىل 4 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنچىن ناھىيىسىنىڭ داتەن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى مۇشۇ كەنتتە خۇسۇسىي مەكتەپتە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1942- يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرىدىكى چىگيۇن ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بىر يىلدىن كېيىن ئائىلىسى تەمىناتنى كۆتۈرەلمىگەچكە، مەكتەپتىن چېكىنگەن. 1946 - يىلى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گومىنداڭ خېشى گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي سوت باشقارمىسىغا شاۋۋېي دەرىجىلىك كاتىپ بولۇپ كىرگەن. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. 1953 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1960 — 1966 - يىلغىچە ئۇ يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زەربىگە ئۇچراپ سازايى قىلىنغان، تەنقىد ۋە كۆرەش قىلىنغان. 1979 - يىلى سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ دائىم ۋېلسىپىت مىنىپ ياكى پىيادە مېڭىپ يېزىلارغا بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم 100 مىڭ خەتلىك خاتىرە يېزىپ 1 - قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، مول تەجرىبە توپلىدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت كۆپلىگەن مەخسۇس تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يازدى. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ، يەكۈنلەپ، تەجرىبىلەرنى ئۆزلۈكسىز ئومۇملاشتۇرۇپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنى مۇشۇ ناھىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى.

1982 - يىلى ئۇ پېنسىيىگە چىقىپ، يۇرتىغا قايتىپ ئولتۇراقلىشىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ناھىيە تەزكىرىسىنى يېزىش خىزمىتىگە قاتناشتى ھەم باش مۇھەررىر بولدى. ئۇ ناھىيە تەزكىرىسىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرگە بېرىپ ئارخىپ كۆرۈپ ماتېرىيال توپلىدى، كارتا يازدى، شاھىتلارنى زىيارەت قىلدى. ئالاقىدار ئورۇنلارغا بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇ ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ 1 - قىسىمدىن 3 - قىسىمغىچە ۋە «ئومۇمىي بايان» (ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلغىچە) نىڭ 200 مىڭ خەتلىك دەسلەپكى ئورگىنالىنى ئۆزى يېزىپ چىقتى.

يولداش چيۇ جىيۇ ھەر يەردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئورگاننىڭ مەشغۇلات ۋاقتى، قائىدە - تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلدى، سىياسىي نەزەرىيە ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلدى، مىللىي كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئىشلىدى. ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، نەمۇنىلىك باشلامچىلىق رول ئوينىدى. 1958 - يىلى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات ئالدى. 1974 - يىلى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 1977 - يىلى لۇشيەن تەربىيىسىگە قاتنىشىپ ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 1980 — 1990 - يىلغىچە 8 يىل مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 1987 - يىلى ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار تەزكىرىچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

ئۇزۇن يىل ئىشلەپ ھېرىپ - چارچىغان چيۇ جىيۇ كېيىنكى يىللاردا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، كارىۋاتتا كۆتۈنۈپ ياتقان چاغلىرىدىمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئېسىدىن چىقارمىدى. 1991 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 69 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## لو رۇڭخۋا

لو رۇڭخۋا (1915 — 1995) ئەر، خەنزۇ، 1915 - يىلى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ياڭچۈ ناھىيە بەيجيا كوپىراتىپىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 5 يېشىدا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ ئىبادەتخانا تەرىپىدىن بېقىۋېلىنىپ راھىپ بولغان.

1931 - يىلى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان، 1937 - يىلى پارتىزانلار ئەترىتىگە باشلىق بولغان. 1951 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە كېلىپ ئارمىيە ۋەكىلى بولغان. 1956 — 1965 - يىلغىچە تاشمىلىق رايونىغا مۇئاۋىن شۇجى، بورختاي رايونىغا شۇجى بولغان.

لو رۇڭخۋا يېزىدا خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىدا يۇقىرى تاپشۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېزا كادىرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇزۇن يىل قالاق ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشىنى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بەرگەن. شۇ يىلى بۇ يېزا غەللە - پاراق يىغىش ۋەزىپىسىنى 324% ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ ئىلغار يېزا بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى 1500 جىڭ ئوغۇت توپلاپ، 3 مو يەرنى تەجرىبە ئېتىزى سۈپىتىدە تېرىپ تەجرىبىلەرنى كېڭەيتكەن. ئۇ خىزمەتتە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇراتتى، تۆۋەنگە خىزمەت تەقسىم قىلغاندا ئالدى بىلەن ئەترەتلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇپ ئاندىن ئەڭ ياخشى لايىھىنى تېپىپ چىقاتتى. ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالمايتتى. ئۇ تەقسىم قىلغان خىزمەت ۋەزىپىسى كونكرېت ھەم ئېنىق بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ناھايىتى ئۇيغۇن كېلەتتى. پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلاتتى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە پومېشچىكلارغا بىر نەرسە قالدۇرۇش مەسىلىسىدە كۆپچىلىك قالدۇرماسلىق كېرەك، دەپ تۇرۇۋالغاندا، ئۇ قالدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ئاممىنى قايىل قىلغان. ئۇ 1965 - يىلدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە ناھەق تەنقىد قىلىنىپ، بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان، ھەتتا پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىمۇ تىزىملانمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاشلىق ئىدارىسىگە خىزمەتكە يۆتكىۋېتىلدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ئىشقا ئىنچىك توغرا مۇئامىلە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ھەق - ناھەقنى چوقۇم ئېنىق ئايرىيدىغانلىقىغا ئىشەندى. 1972 - يىلدىن باشلاپ ئۇ ئاشلىق ئىدارىسى ئائىلە تاۋابىئاتلار قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ

بىر نەچچە يىل تىرىشىپ، دادىل باشقۇرۇش ئارقىسىدا، قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتى دۆلەتكە زور تۆھپە قوشۇپ، بىر نەچچە قېتىم ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. رەھبەرلىك ئۇنى يېزىغا تەقسىم قىلىپ، يۆتكەش - توشۇش خىزمىتىگە سالغاندا، خىيلى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، شەرت قويماي، بۇيرۇقنى قىلىپ، تەرەپمۇ تەرەپ چېپىپ يۈرۈپ ئىجتىھات بىلەن ئىشلىدى.

1981 - يىلى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جازانى بىكار قىلىپ، پارتىيە ئىستاژىنى ئۇلاپ ھېسابلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى. شۇ يىلى تەشكىل ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشىنى تەستىقلىدى. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل توپلاپ ئالاقىدار تارماقلار ۋە رەھبەرلەرگە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ ۋاقتىدا ھەل قىلدى. بولۇپمۇ پېشقەدەم كادىرلارغا ياردەملىشىپ ئۆي سېلىشقا پائال تەشكىللاتچىلىق قىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلەپ، قۇرۇلۇشنى تولۇق پۈتتۈردى. ئۇ 1995 - يىل 2 - ئايدا 80 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# قوشۇمچە

## ۋاڭ گېنخۇ

ۋاڭ گېنخۇ ئەر، خەنزۇ، 1921 - يىلى سۈيۈەن ئۆلكىسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى) نىڭ فېڭجېن ناھىيىسى 3 - رايون جۇماكۇ كەنتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدە پومېشچىكلارنىڭ مېلىنى باققان. 1942 - يىلى شۇ كەنتتە پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ ئالاقىچى بولغان. 1942 - يىلى مۇشۇ ناھىيىنىڭ ۋالىي مەھكىمىسىدە ئالاقىچى بولغان. 1943 - يىلى يەنئەن ياڭجيالىڭ مەركىزىي ئورگىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغان، 1946 - يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر بەندە مۇھاپىزەتچى بولغان.

1948 — 1955 - يىلغىچە مەركىزىي كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بېيجىڭ سۈت فېرمىسىدا كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1955 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سودا شىركىتى كادىرلار بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1956 — 1981 - يىلغىچە ئوپال رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تاشمىلىق گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

يېزىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە ئۇ خىزمەتلەرنى يۈرەكلىك باشقۇردى، 1957 -يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، پىلىچىلىكتىن مول ھوسۇل ئالغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى. ئىشلەپچىقىرىشقا تېخىمۇ ياخشى رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، بوش ۋاقىتلىرىدا ئوغۇت توپلاپ، بىر پارچە كۆممىقوناق ئېتىزى تېرىپ، تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇردى. 1966 - يىلى ئەتىيازدا ئۇ زەمىن گۇڭشېسىنىڭ 2 - چوڭ ئەترىتىدە نۇقتىدا تۇرغاندا، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشتا ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىۋاتقانلىقىغا چوڭ چارۋىنىڭ يوقلۇقى ئاساسىي سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزى كۆپ يىلدىن بۇيان تېجەپ يىغقان 2680 يۈەن پۇلىغا 3 ئات سېتىۋېلىپ، بۇ چوڭ ئەترەتكە ھەقسىز تەقدىم قىلغان.

بۇنىڭدىن ئاما قاتتىق تەسىرلەنگەن.

ئۇ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ياخشىلارنى ئىشقا قويۇپ، سىياسىي - ئىدىيىدە ياخشى، خىزمەتتە قابىلىيەتلىكلەرنى ئۆستۈرۈپ ئىشلەتتى. ناھىيىگە ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بىر تۈركۈم كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ژاڭ گېنخۇ 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ بېيجىڭغا قايتىپ بېرىپ ماكانلاشتى.

# II باب

# شەخسلەر جەدۋىلى

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن 1958 — 1990 - يىلغىچە دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپلار

شەخسلەر: 2 — 1 - جەدۋەل

| ئورۇن نامى | قاچان، قايسى يىغىن ياكى قايسى تارماق تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان | شەرەپلىك نامى |
|---|---|---|
| تاشمىلىق يېزىلىق خەلق ئەسكەرلىرى بېگى | 1958 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى ئاكتىپلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| بەشكېرەم يېزىلىق خەلق ئەسكەرلىرى بېگى | 1958 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى ئاكتىپلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 1984 - يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، تەنتەربىيىدە «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تېجەشلىك ئوچاق ئىسلاھاتى ئىشخانىسى | 1986 - يىلى مەملىكەتلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى يىغىنى | ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| سەمەن يېزىسى | 1987 - يىلى مەملىكەتلىك ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئەدلىيە كېلىشتۈرۈش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | 1988 - يىل 8 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 1988 - يىل 10 - ئايدا مەملىكەتلىك تەپتىش سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك كۇتۇپخانا | 1989 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى | مەدەنىي كۇتۇپخانا |
| ناھىيىلىك ئومۇمىي خىش زاۋۇتى | 1989 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھكىمىسى يىغىنى | ئەلا كارخانا |
| ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 1990 - يىلى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئىلغارلار يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 1990 - يىلى مەملىكەتلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن 1958 — 1990 ـ يىلغىچە دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار شەخسلەر

شەخسلەر: 2 — 2 ـ جەدۋەل

| ئىسىم ـ فامىلىسى | يۇرتى | جىنسى | مىللىتى | ئورۇنلۇق ئورنى ۋە ۋەزىپىسى | قاچان، قايسى ئارماق مۇكاپاتلىغان | شەرەپلىك نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇغان سىدىق | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | زەمىن يېزىسىنىڭ كادىرى | 1958 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| تاڭ يۈنتاۋ | خۇنەن | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى | 1958 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| شيا ۋېنجى | شاڭخەي | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ كادىرى | 1958 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار يىغىنى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| بۇخان قۇربان | ئاقتۇ | ئايال | قىرغىز | تاشمىلىق يېزىسىنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىسى | 1978 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى | ئۆلكىلىك خەلق ئوقۇتقۇچىسى |
| ئابدۇغېنى دۆلەت | قەشقەر يېڭىشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ھەسەل ھەرىسى فېرمىسىنىڭ ئىشچىسى | 1979 ـ يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| ئايگۈل مەمەت | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | قىرغىز | مۇش يېزىسىنىڭ كادىرى | 1981 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئابلىمىت قاسىم | قەشقەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1981 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| داۋۇت ھەسەن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | پاختەكلە يېزىسىدا دېھقان | 1982 ـ يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى | پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش، پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىشتىكى ياش ئۈلگە |
| ئامىنە مەمەت | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى | 1983 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ئايگۈل رەھىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | قوغان يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى | 1983 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | «8ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ئايگۈل مۇرات | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | مۇش يېزا 8 ـ ئەترەتتە دېھقان | 1983 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | «8ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ھەمىدىخان بارات | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | پاختەكلە يېزا 1 ـ چوڭ ئەترەت ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى | 1983 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | «8ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ليۇ دېنجېن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | 1984 ـ يىلى مەملىكەتلىك يېزا پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| شېكەرخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | بەشكېرەم يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى | 1983 ـ يىلى گوۋۇيۈەن مائارىپ مىنىستىرلىكى نام بەرگەن | ئىلغار خىزمەتچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىبراھىم ئىزامىدىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك يېزا تىجارەت پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1983 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | پەن - تېخنىكا ئىلغارى |
| مەكىنەخان ئەيسا | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | بەشكېرەم بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1985 - يىلى گوۋۇيۈەن مائارىپ مىنىستىرلىكى | ئىلغار سىنىپ مۇدىرى |
| تۇرسۇن ھوشۇر | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى | 1985 - يىلى مەملىكەتلىك پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئەلى باقى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى | 1986 - يىل 9 - ئايدا دۆلەت مائارىپ كومىتېتى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| تۇرسۇن ھەسەن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | سەيدىن يېزىسىنىڭ مۇرەسسەچىسى | 1987 - يىلى مەملىكەتلىك ئەدلىيە مىنىستىرلىكى مۇرەسسەچىلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| قۇربان | مارالبېشى | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1988 - يىل 12 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى چارۋىچىلىق، سىلوسلانغان يەم - خەشەك بويىچە مۇكاپاتلاش | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئەلاجان | ئاتۇش | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | 1988 - يىل 12 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى چارۋىچىلىق، سىلوسلانغان يەم - خەشەك بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| قۇدرەت قادىر | يەكەن | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ كادىرى | 1988 - يىل 12 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى چارۋىچىلىق، سىلوسلانغان يەم - خەشەك بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| مەمەتتۇرسۇن ھوشۇر | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ كادىرى | 1988 - يىل 12 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى چارۋىچىلىق، سىلوسلانغان يەم - خەشەك بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يولداش قادىر ئابدۇكېرىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | سايباغ يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ كادىرى | 1988 - يىل 12 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى، چارۋىچىلىق، سىلوسلانغان يەم - خەشەك بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| مەمەت | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989 - يىل 9 - ئايدا دۆلەت مائارىپ كومىتېتى كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| روزى مەمەت | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى | 1989 - يىل 9 - ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى، كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| مىجىت ياسىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | بەشكېرەم يېزا بازار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى | 1989 - يىل 9 - ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى، كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| تۇردى ئېلى ئوبۇل | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | سايباغ يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989 - يىل 9 - ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| رازاق سوپۇرگە | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى | 1990 - يىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ياسىن يولۋاس | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | 1990 - يىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| سابىر ياقۇپ | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | 1990 - يىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ئابدۇكېرىم ئېلى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسى ئەرزىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | 1990 - يىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇختار ماموت | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى | 1990 - يىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن 1982 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپلار

شەخسلەر: 2 — 3 - جەدۋەل

| ئورۇن نامى | قاچان، قايسى تارماق تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان | شەرەپلىك نامى |
|---|---|---|
| ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى | 1982 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | 1982 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نام بەرگەن | خەلق ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | 1983 - يىل 3 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بويىچە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1983 - يىلى مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتى كۆچەت تىكىپ، ئوت - چۆپ تېرىپ كۆكەرتكۈچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق ئامبىرى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى |
| ناھىيىلىك يېزا تىجارەت پونكىتى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى يېزا تىجارەت باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك باج ئىدارىسى 2 - بۆلۈمچىسى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باج سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بەرگەن | خەلق ئەسكەرلىرى بەشىنچىدە، ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| ناھىيىلىك سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى | 1987 ـ يىلى تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى | 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى | 1987 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەپتىش سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لار ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك ئوغۇساق خىش زاۋۇتى | 1988 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، ئۆلچەم ئىدارىسى بەرگەن | ئەلا كارخانا |
| ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى | 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ياش ـ ئۆسمۈرلەر خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتى يىغىنى | كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى |
| ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى تەقدىرلەش يىغىنى | كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى يىغىنى | كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن 1952 — 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار شەخسلەر

شەخسلەر: 2 — 4 ـ جەدۋەل

| ئىسىم ـ فامىلىسى | يۇرتى | جىنسى | مىللىتى | ئۇرۇشلۇق ئورنى ۋە ۋەزىپىسى | قاچان، قايسى تارماق تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان | شەرەپلىك نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇربان ھوشۇر | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | تاشمىلىق رايونىدا دېھقان | 1952 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| سۇلاۋچۇەن | سەنشى | ئەر | خەنزۇ | يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى | 1953 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئەمەت بايغوجا | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | بەشكېرەم يېزىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 1954 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇھەممەت ئە- مەت | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | پاختىكىلا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 1954 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئىسمائىل ئىبراھىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئوپال بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى | 1955 - يىلى ئۆلكىلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| زەيتۇنخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | | 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىز- مىتى يىغىنى | ساۋات چىقىرىش نەمۇنىچىسى |
| بەختىخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ئاۋات يېزىسى | 1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ- مىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| نۇسرەتخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | زەمىن يېزىسى | 1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىر- لەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنى | تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇ- رۇش نەمۇنىچىسى |
| كېرىم سوپى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ستاتىستىك- چىسى | 1959 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا سىستېمىسى بويىچە «قوش ئىلغارلار»نى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جېڭ ۋېنرۇڭ | تيەنجىن | ئەر | خەنزۇ | پوچتا - تېلېگراف ئىدا- رىسى ئىنژېنېرى | 1960 - يىلى پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئابدۇكېرىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | پوچتا - تېلېگراف ئىدا- رىسى خىزمەتچىسى | 1960 - يىلى پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئابدۇكېبۇر ئىبراھىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ زاپخوزى | 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىز- مىتى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئوسمان ئاخۇن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | زەمىن يېزىلىق باشلان- غۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇ- چىسى | 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىز- مىتى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| سىھرىنىسا قاۋۇل | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ئاققاش يېزىسىدا ئوقۇت- قۇچى | 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىز- مىتى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| توختىخان بارات | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | بەشكېرەم يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئو- قۇتقۇچىسى | 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىز- مىتى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابلاھاجى | قەشقەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى | 1961 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمەتچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئوغۇت توپلاش نەمۇنىچىسى |
| مۇسىنخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | زەسىن يېزىسى | 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەھرىمانلار يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان | ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى |
| كاتىمەتخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | يېڭىئۆستەڭ يېزىسى كادىرى | 1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| توختىخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | بۇلاقسۇ يېزىسىدا ۋاكالىتەن كىتاب ساتقۇچى | 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مائارىپ - مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| سەلىمخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | يېڭىئۆستەڭ يېزىسى كادىرى | 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئەخمەت ئەيسا | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك تاشيول ئۇچاستكىسى كادىرى | 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى قاتناش خىزمىتى يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان | ئىلغار خىزمەتچى |
| تالىپ ھېكىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | كانسۇ كان رايونى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى | 1966 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى | «بەشتە ياخشى» ئىشچى - خىزمەتچى |
| قەمبەرخان ئەمىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ئوپال يېزىسى كادىرى | 1970 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| بۇخەيرخان ھوشۇر | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | سايباغ يېزىسى | 1972 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | ئۆگىنىش ئۈلگىسى |
| ئابدۇقادىر | قەشقەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| ئابلا رېھىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپىراتىپى پاختا ئۇنۇم قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەتلىك سېتىۋېلىش پونكىتى ئىقتىساد يىغىنى | ئىلغار شەخس |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەمەت بارات | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | پاختەكلە يېزىسى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنى | نەمۇنىچى مۇرەسسەچى |
| رىن يافۇ | گۇاڭشى | ئەر | تۇجيا | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋاسكېتبول ترېنېرى | 1984 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى تەنتەربىيە ساھەسىدىكى «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئامىنە بارات | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | پاختەكلە يېزىسى 1 - چوڭ ئەترەت ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنى | ئاياللار خىزمىتى ئىسلاھاتچىسى |
| ئۆمەر روزى | ئاقتۇ | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق جىنايى ئىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| جاڭ چى | شەنشى | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاچقان پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىدارە، بانكا باشلىقلىرى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| يۇسۇپجان | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىدە مال سېتىۋالغۇچى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| يۇنۇس زۇنۇن | پەيزاۋات | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ئاشيول ئۇچاستكىسى ئىشچىسى | 1985 - يىلى قاتناش نازارىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپلىرى يىغىنى | ئاكتىپ |
| مەمتىمىن ماموت | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى | 1985 - يىلى سۇچىلىق نازارىتى سۇ باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئابدۇراخمان ئۆمەر | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئوغۇساق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1985 - يىلى سۇچىلىق نازارىتى پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش بويىچە «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| ما گۈيلەن | لياۋنىڭ | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| پاتىمە تۇردى | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ئوپال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەلى باقى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ئايگۇل نۇر | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | سايباغ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| تاجىگۇل قۇربان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | بەشكېرەم يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر يېتەكچى |
| مېھرىنىسا توختى | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ئوبال يېزىسى كادىرى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئايشەم نۇر | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | سايباغ يېزىلىق خانا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| توختىخان ئىزامىدىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | سايباغ يېزىسى | 1983 -، 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنى | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| ھەمراخان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى | ساۋات چىقىرىش نەمۇنىچىسى |
| تۇرسۇنخان ئەمەت | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | لەڭگەر يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1983 -، 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى | ئايال ئىسلاھاتچى، ساۋات چىقىرىش نەمۇنىچىسى |
| لى گويۇ | سىچۈەن | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى | مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىم، تېخنىك |
| يالقۇن | پەكىن | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك باھا ئىدارىسى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باھا ئىدارىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| رېھىم ھاجى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | يۇلاقسۇ يېزىلىق باج پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باج خىزمىتى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| ئابلىمىت سادىق | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئاۋات باج پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باج خىزمىتى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جېلىل سىدىق | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك يېزا تىجارەت پونكىتىنىڭ تېخنىكى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| مەرەمجەنخان ئېزىز | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى باللار قىرائەتخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى | مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى |
| ئېزىز تۇردى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | مالىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى | مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى |
| قۇربان يۈسۈپ | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىلغارلىرى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئاشلىق باشقۇرۇش ئىلغارى |
| ۋاڭ زېكاڭ | قۇجيەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى | 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى | مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى |
| باي مۇللاڭ | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | 1986 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا كېرەكسىز پولات - تۆمۈر يىغىۋېلىش يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئىلغار خىزمەتچى |
| نۇخان سېخى | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | سەمەن يېزىسى كادىرى | 1975 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئىسمايىل ئىبراھىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئوغۇساق يېزىسىدا كاتىپ | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ خىزمىتى يىغىنىدا بېرىلگەن | ئىلغار شەخس |
| ناسىر ھاجى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى چوڭلار مائارىپى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر چوڭلار مائارىپى كادىرى |
| تۇرسۇنخان ئوسمان | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | يېڭى ئۆستەڭ يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| تۇرسۇنخان مۆيدىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ئوپال يېزىسىدا دېھقان | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئۈلگىلىك خەلق ئەسكىرى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىمىر ساقى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | يۇلاقسۇ يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئىلغار شەخس |
| روزى كېرىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئوپال يېزا 7 - چوڭ ئەترەتنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | «بەشتەياخشى» ئائىلە |
| توختىخان ھېسامىدىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | سايباغ يېزىسىدا دېھقان | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| تۇرسۇنگۈل مۇيدىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | تېرىمدا خەلق ئوقۇتقۇچىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| ھەمراخان ئەمىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | يېڭىئۆستەڭ يېزا 5 - چوڭ ئەترەت ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى |
| روزى ئۆمەر | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئىلغار خىزمەتچى |
| تۇۋزگۈل ئابلا | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | مۇش يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كىتاب ساتقۇچىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئىلغار خىزمەتچى |
| فاڭ رۇي | گۇاڭدۇڭ | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ماكىنىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| تۇراق داۋۇت | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئاۋات سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| ئۆمەر روزى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى | 1983 - 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار شەخس |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇرسا بەختى | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئىلمىي مۇدىرى | 1983 -، 1986 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنى | ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى |
| ئىبراھىم نىزامىدىن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك يېزا تېخنىكا پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| تاڭ يۈيۈەن | خوتەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| لى يۈمىن | گۇاڭشى | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك يېزا تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| يۈ ژېنجاۋ | خۇبېي | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| ئابدۇرېھىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەدەنىيىتى | مەدەنىيەتلىك ئىلغار شەخس |
| نۇسرەت ئىبراھىم | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى | 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ساۋۇت ئۆمەر | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| چيۇ جىيۇ | گەنسۇ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ باش مۇھەررىرى | 1987 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئايگۈل رېھىم | قەشقەر | ئايال | ئۇيغۇر | قوغان يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار خىزمىتى يىغىنى، 1987 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا سەھىيە خىزمىتى يىغىنى | «بەشتە ياخشى» ئائىلە، ئىلغار شەخس |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇھەممەت ئەلى | قەشقەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى | 1987 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى | مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى |
| ئامىنە ئەيسا | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1989 - يىل 8- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| خالىق | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى يېزا پوچتا كادىرى | 1988 - يىلى پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى بويىچە تىجارەت ھۆددىگەرلىكى يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| تۇر ياقۇپ | مارالبېشى | ئەر | ئۇيغۇر | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىجتىمائىي قوتقۇزۇش كادىرى | 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق گاس، گاچا، مېيىپلار يىغىنى | مېيىپلارنىڭ مۇنەۋۋەر دوستى |
| كەنجى قۇربان | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى | 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سوتچىلار يىغىنى | مۇنەۋۋەر سوتچى |
| ئەخەت ئەيسا | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك تاشيول ئۆچاستكىسىنىڭ ئىشچىسى | 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر ئۇيۇشما ئەزاسى |
| ھېكىم ئابباس | پەيزاۋات | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى | 1988 - يىل 9- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | مۇنەۋۋەر باغۋەن |
| تۇردى ئىسمائىل | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ئىشچى - دېھقان، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار مائارىپى يىغىنى | مۇنەۋۋەر مائارىپ كادىرى |
| باۋ مىڭ | شاڭخەي | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى | 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر كارخانا ئىدېيىۋى - سىياسىي خىزمەتچىسى |
| سى ۋېنخەن | سىچۇەن | ئەر | خەنزۇ | ئوغۇزساق خىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى | 1986 -، 1988 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار شەخس، دېھقان كارخانىچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇختى زۇنۇن | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | يۇلاقسۇ پارتكومىنىڭ ئەزاسى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى |
| ۋېي يەنشۇ | سەنشى | ئەر | خەنزۇ | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئابدۇكېرىم ھاجى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتەپ «قوش ئىلغار»لار يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| چېڭ باۋيەن | خۇنەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| يۇنۇس ئىسھاق | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| نۇرگۇل سەيپۇللا | قەشقەر كوناشەھەر | ئايال | ئۇيغۇر | يۇلاقسۇ يېزىلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| لى يى | خېنەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك باھا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باھا سىستېمىسى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| ھۈسەيىن مۇھەممەت | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | قوغان يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| چېن شىدې | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى | 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| خۇدا بەردى | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | 1990 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى | 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| دىلمۇرات | قەشقەر كوناشەھەر | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | 1990 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى | 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |

## 1950 — 1990 - يىلغىچە باشقا جايلاردا ئىشلىگەن ناھىيە -تۇن دەرىجىلىك ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى قەشقەر كوناشەھەرلىك كادىرلار

شەخسلەر: 2 — 5 - جەدۋەل

| ئىسىم - فامىلىسى | ئەسلى يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى | ئۇنۋانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قاسىم قارىھاجى | يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى | 1920 | 1950 | قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | |
| مامۇت ياقۇپ | مۇش يېزىسى | 1913 | 1949 | بىگتۇزىن 133 - تۇەن | مۇئاۋىن باشلىق | |
| سىدىق مۇسايېۋ | ئوپال يېزىسى | 1914 | 1946 | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش | | |
| تۇرسۇن ئاتاۋۇللا | ئوپال يېزىسى | 1918 | 1946 | ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | ئالىي دەرىجىلىك چارۋامال دوختۇرى |
| مەمەتوف قۇربان | يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى | 1920 | 1947 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى | مۇئاۋىن شىجاڭ | |
| مەتىمىن تۇردىيېۋ | قوغان يېزىسى | 1920 | 1948 | قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | |
| تاش غوپۇر | ساپباغ يېزىسى | 1922 | 1945 | شىنجاڭ كان ئىشلىرى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | |
| ئابدۇللا ھېلىم | ئوپال يېزىسى | 1922 | 1951 | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى | مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى | |
| تۇرغانوف ئوسمان | زەمىن يېزىسى | 1922 | 1944 | شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيە باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | |
| يولۋاسخان | زەمىن يېزىسى | 1922 | 1949 | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | | 2 - دەرىجىلىك ئارتىس |
| ئىمىن تۆمۈر | سەمەن يېزىسى | 1923 | 1950 | قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | |
| سابىتوف ياسىن | بەشكېرەم يېزىسى | 1923 | 1945 | قەشقەر ۋىلايەتلىك قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتى | ئەترەت باشلىقى | |
| ئابدۇرېھىم قادىر | قوغان يېزىسى | 1923 | 1950 | يەكەن ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | |
| تۇردى ساماق | بولاقسۇ يېزىسى | 1923 | 1944 | ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆمەر ھېزىم | پاخ. تەكلە يېزىسى | 1923 | 1952 | قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەتقىقات ئورنى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| مامۇتوپ قۇربان | قوغان يېزىسى | 1924 | 1944 | مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | ئەزاسى | |
| سۇلتان مامۇت قاسىم | بۇلاقسۇ يېزىسى | 1924 | 1945 | قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى | مۇئاۋىن قوماندان | |
| بەكرى ساۋۇت | ئوپال يېزىسى | 1924 | 1949 | ئەدلىيە نازارىتى ئادۇۋكاتلار باشقارمىسى | | 2 ـ دەرىجىلىك ئادۇۋكات |
| ھېكىمشاھ ئېلى | بەشكېرەم يېزىسى | 1925 | 1944 | ئاپتونوم رايونلۇق شىكەر ـ ھاراق ـ تاماكا شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | |
| تۇردۇش | سايباغ يېزىسى | 1926 | 1947 | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى | مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىر | ئالىي تەرجىمان |
| ئوبۇلقاسىم سابىتوپ | ئوپال يېزىسى | 1926 | 1947 | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن باش كاتىپ | |
| ئىمىن رېھىم | قوغان يېزىسى | 1926 | 1950 | شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىدارىسى 115 ـ زاۋۇت | زاۋۇت باشلىقى | |
| رەھمىتۇللا جارى | زەمىن يېزىسى | 1926 | 1943 | ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى | تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان |
| ئاۋۇت زايىت | مۇش يېزىسى | 1926 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كادىرلار ئىنستىتۇتى | | كاندىدات ئالىي تەرجىمان |
| ياسىن سىدىق | قوغان يېزىسى | 1926 | 1950 | «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى | مۇدىر | |
| ھېسامىدىن ئۆمەر | مۇش يېزىسى | 1926 | 1950 | قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى | بۆلۈم باشلىقى | |
| ئىبراھىم نىياز | بەشكېرەم يېزىسى | 1926 | 1953 | قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى | | دوتسېنت |
| ياقۇپجان بارات | سەمەن يېزىسى | 1926 | 1946 | پوسكام ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | باشلىق | |
| ئەمەت ئىمىن | سايباغ يېزىسى | 1926 | 1948 | قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن | لېكتور | |
| ئەمەت زۇنۇن سىدىق | ئوپال يېزىسى | 1926 | 1949 | قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى | باشلىق | كاندىدات تەتقىقاتچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مەمتىمىن يۈسۈپ | قوغان يېزىسى | 1927 | 1946 | شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى | دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس | تەتقىقاتچى |
| ئوبۇل ھەسەن | ئاۋات يېزىسى | 1927 | 1949 | قەشقەر ۋىلايەتلىك باغ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | |
| مەمەت تۇرسۇن | قوغان يېزىسى | 1927 | 1950 | قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | مۇدىر | |
| ئابلىز پالتايېف | ئوغۇزساق يېزىسى | 1927 | 1944 | مەكىت ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | باشلىق | |
| مەمەت ئىبراھىم | يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 1927 | 1949 | يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | باشلىق | |
| ئابلا زاكىر | ئوپال يېزىسى | 1927 | 1948 | قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى | | دوتسېنت |
| ئابلەت مۇھەممەت | ئوپال يېزىسى | 1928 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى ئىشخانىسى | مۇدىر | |
| ئابدۇۋاھىت ئەمەتوق | قوغان يېزىسى | 1928 | 1944 | شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىدارىسى گېئولوگىيە شىركىتى | دىرېكتور | ئالىي ئىنژېنېر |
| روزى ئوسمان | سەمەن يېزىسى | 1928 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى | مۇئاۋىن شۇجى | كاندىدات تەتقىقاتچى |
| ئابدۇغوپۇر سىدىق | ئوپال يېزىسى | 1928 | 1950 | قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە | ۋالىي | |
| تۇردى مۇسا | تاشمىلىق يېزىسى | 1928 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى | مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى | |
| مەمەت سىدىق | ئوپال يېزىسى | 1928 | 1944 | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | |
| مەمتىمىن كەنجى | ئوپال يېزىسى | 1929 | 1949 | ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى | |
| ھەسەن زۇنۇن | لەنگەر يېزىسى | 1929 | 1949 | ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى | پارتكوم شۇجىسى | |
| داۋۇت پازىل | تاشمىلىق يېزىسى | 1929 | 1950 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى | مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى | |
| يۇنۇس ھەسەن | بەشكېرەم يېزىسى | 1929 | 1945 | ئاپتونوم رايونلۇق يولۇچى توشۇش شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىمىن مەمەت | ئاشمىلىق يېزىسى | 1929 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق تۇرلۇك ماللار توپ سېتىش شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | ئىقتىسادچى |
| ئاتاۋۇللا جامالىدىن ھاجى | كوغۇساق يېزىسى | 1929 | 1952 | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | |
| مىجىت سوپى | قوغان يېزىسى | 1929 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى | تىل - سىياسەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى | |
| ئابدۇقادىر چولاق | سەمەن يېزىسى | 1929 | 1951 | قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش | پارتگورۇپپا شۇجىسى | |
| مەمەت ئۆمەر | ئوپال يېزىسى | 1929 | 1950 | قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | |
| تۇردى ھاجى | ئاۋات يېزىسى | 1929 | 1950 | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | |
| ئابدۇكېرىم باۋۇدۇن | ئاۋات يېزىسى | 1929 | 1953 | قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى | تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى | |
| ئەمەت مەنسۇر | لەڭگەر يېزىسى | 1930 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈشتىگى ئىرزىيەت باشقارمىسى | تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى | |
| موشۇر ھاشىم | قوغان يېزىسى | 1930 | 1955 | قاراماي نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئارقا سەپ باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | |
| قۇربان روزى | قوغان يېزىسى | 1930 | 1950 | ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ترانسپورت باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | |
| شەرىپە پالتا | ئوپال يېزىسى | 1930 | 1949 | جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئاياللار بىرلەشمىسى | مۇئاۋىن رەئىس | |
| تۆمۈر قاسىم | باغتەكلە يېزىسى | 1930 | 1951 | قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | |
| ئابدۇكېرىم قارىھاجى | ئاۋات يېزىسى | 1930 | 1951 | قەشقەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | |
| تۇردى تۇرمەمەت | بەشكېرەم يېزىسى | 1931 | 1950 | دېھقانچىلىق نازارىتى | مۇئاۋىن نازىر | |
| روزى ئىبىا | قوغان يېزىسى | 1933 | 1946 | ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | ئىقتىسادچى |
| مەمتىمىن ئەمەت | قوغان يېزىسى | 1931 | 1949 | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ئىنتىزام - تەكشۈرۈش كومىتېتى | مۇئاۋىن شۇجى | ئىقتىسادچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇرېشىت مۇسا | قوغان يېزىسى | 1931 | 1952 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىيەنشىن كېمىم - كېچەك زاۋۇتى | مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى | باش ئىنژېنېر |
| ئابدۇرېھىم قۇربان | تاشمىلىق يېزىسى | 1931 | 1950 | ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى | ھەيئەت ئەزا | |
| قاسىم ئەيسا | ئاۋات يېزىسى | 1931 | 1951 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دىن ئىشلىرى باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | |
| بارات ياقۇپ | بەشكېرەم يېزىسى | 1931 | 1952 | قەشقەر ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | |
| ئەھمەت سادىر | تاشمىلىق يېزىسى | 1931 | 1948 | مارالبېشى ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | |
| بارات يۈسۈپ | سەمەن يېزىسى | 1931 | 1950 | قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ | مۇدىر | |
| ئىسمائىل روزى | تاشمىلىق يېزىسى | 1932 | 1954 | ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى | پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى | |
| ئابلەت قادىر | قوغان يېزىسى | 1932 | 1952 | ئاپتونوم رايونلۇق قەشقەر ترانسپورت شىركىتى | پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى | |
| ئوبۇلقاسىم سىدىق | گۇپال يېزىسى | 1932 | 1950 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئاخبارات تەتقىقات ئورنى | مەخسۇس ۋەزىپىدىكى شۇجى | |
| ئۆمەر توختى | قوغان يېزىسى | 1932 | 1951 | قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا باشقارمىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | شۇجى | |
| ئىسمائىل مەخسۇت | لەڭگەر يېزىسى | 1933 | 1950 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | |
| ئىمىن ئىگەمبەردى | پېگئۇستەڭ يېزىسى | 1933 | 1950 | شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىدارىسى مەمۇرىي باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | |
| ئابدۇقادىر تۇردى | قوغان يېزىسى | 1933 | 1955 | شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | |
| روزى قاسىم | پاختەكلە يېزىسى | 1933 | 1952 | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | باشلىق | |
| ئىمىن دايىم | سايباغ يېزىسى | 1933 | 1955 | ئىلى ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى | پارتكوم شۇجىسى | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مەمەت قادىر | بەشكېرەم يېزىسى | 1933 | 1950 | قەشقەر ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | |
| ئابدۇراخمان قادىر | قوغان يېزىسى | 1933 | 1954 | قەشقەر ۋىلايەتلىك توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | |
| ئابلىز قاسىم | تاشمىلىق يېزىسى | 1934 | 1950 | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| مىرزا ئابدۇللا ئىمىن | قوغان يېزىسى | 1934 | 1954 | شىنجاڭ تەمىنات - سودا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى پارتكومى | شۇجى | لېكتور |
| ئىبراھىم يۈنۈس | ئوپال يېزىسى | 1934 | 1951 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق باشقۇرۇش باش پونكىتى | پونكىت باشلىقى | ئالىي ئاگرونوم |
| غوپۇر ھۈسەيىن | قوغان يېزىسى | 1934 | 1954 | قەشقەر مالىيە مەكتىپى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | ئالىي لېكتور |
| ئابدۇقادىر ئابدۇللا | ئوپال يېزىسى | 1934 | 1951 | شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1 - دەرىجىلىك ناخشىچى |
| ھۈسەيىن مەمەتئېلى | بېگىئۆستەڭ يېزىسى | 1934 | 1951 | قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى تۈرمە تەپتىشلىكى بۆلۈمى | تەپتىش | |
| ئابدۇرېشىت ئوسمان | قوغان يېزىسى | 1935 | 1951 | جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى | مۇئاۋىن نازىر | |
| داۋۇت مۇھەممەت | ئوپال يېزىسى | 1935 | 1955 | ئاپتونوم رايونلۇق ئوتلاق باش پارتىيە ياچېيكىسى | شۇجى | |
| سەمەت مەمەتئېلى | زەمىن يېزىسى | 1935 | 1952 | «شىنجاڭ ئۇسسۇرلىرى» گېزىتى | باش مۇھەررىر | مۇدىر مۇھەررىر |
| تىلىۋالدى ھامۇت | قوغان يېزىسى | 1935 | 1953 | قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | رەئىس | |
| ساۋۇر تىلىۋالدى | بۇلاقسۇ يېزىسى | 1935 | 1951 | قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | |
| كېرەم ئىسمائىل | ئوپال يېزىسى | 1935 | 1955 | قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى | | دوتسېنت |
| تۇرسۇن تۇردى | بېگىئۆستەڭ يېزىسى | 1936 | 1950 | دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى | مۇئاۋىن نازىر | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابلەت ئۆمەر | قوغان يېزىسى | 1936 | 1958 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | | پروفېسسور |
| مەنسۇر مامۇت | ئوپال يېزىسى | 1936 | 1955 | ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 2 - باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | |
| زۇنۇن ھەسەن | سەمەن يېزىسى | 1936 | 1956 | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش سىياسىي باشقارما پارتكوم ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | |
| ئوسمان باست | ئاۋات يېزىسى | 1936 | 1954 | ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | |
| ھوشۇر ئابدۇللا | ئاۋات يېزىسى | 1936 | 1955 | ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى مەشىق 3 - چوڭ ئەترىتى | مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى | |
| مەمەت ھەسەن | قوغان يېزىسى | 1937 | 1957 | ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | |
| تۇردى ئالىاس | قوغان يېزىسى | 1937 | 1963 | شىنجاڭ سىياسىي قانۇن كادىرلار ئىنستىتۇتى | | دوتسېنت |
| مەمتىمىن سابىر | قوغان يېزىسى | 1937 | 1952 | سەھىيە نازارىتى | مۇئاۋىن نازىر | مەسئۇل ۋراچ |
| ئىبراھىم داۋۇت | بەشكېرەم يېزىسى | 1937 | 1957 | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق باشقارمىسى | باشقار باشلىقى | |
| ھوشۇر ھاجى داۋۇت | بەشكېرەم يېزىسى | 1937 | 1956 | ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «مائارىپ ژۇرنىلى» تەھرىراتى | | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر |
| ئوبۇل قاسىم | يېڭىمۇستەڭ يېزىسى | 1937 | 1953 | قەشقەر تاشيول باش ئۇچاستىكىسى | پارتكوم شۇجىسى | ئىنژېنېر |
| مەمەتئېلى زىكرىيا | ئوپال يېزىسى | 1937 | 1955 | قەشقەر شەھەرلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى | مۇدىر | ئالىي ئوقۇتقۇچى |
| ئابدۇكېرەم يۈسۈپ | مۇش يېزىسى | 1937 | 1954 | مارالبېشى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى | مۇئاۋىن ھاكىم | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاخۇن ھاجى | بەشكېرەم يېزىسى | 1937 | 1964 | قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | | ئالىي لېكتور |
| مامۇت نۇر | يۇلاقسۇ يېزىسى | 1938 | 1955 | ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى | دىرېكتور | |
| زۇنۇن ھاجى | قوغان يېزىسى | 1938 | 1959 | ئاپتونوم رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| ئابلىز سىدىق | سايباغ يېزىسى | 1938 | 1956 | مالىيە نازارىتى | باشقارما باشلىقى | |
| تۇرسۇن قادىر | زەمىن يېزىسى | 1938 | 1956 | شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى | | 2 - دەرىجىلىك مۇزىكانت |
| قادىر توختى | لەڭگەر يېزىسى | 1938 | 1956 | جەنۇبىي شىنجاڭ قۇرۇلۇش شىركىتى | شۇجى | |
| ھوشۇر ھاجى | بەشكېرەم يېزىسى | 1938 | 1956 | قەشقەر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | |
| ئايىمنىسا ئۆمەر | خاڭدى يېزىسى | 1938 | 1958 | قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى | | لېكتور |
| تەۋەككۈل ئوسمان | قوغان يېزىسى | 1938 | 1963 | قەشقەر سۇچىلىق، سۇ - ئېلېكتر مەكتىپى | | لېكتور |
| كېرەم ئەھمەت | ئوپال يېزىسى | 1938 | 1957 | يۇگۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | مۇئاۋىن ھاكىم | |
| ئابدۇللا ھۆسىيىن | ئوپال يېزىسى | 1939 | 1956 | ئۈرۈمچى تاموژنىسى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| ئابىت ئەھمەت | ئوپال يېزىسى | 1939 | 1957 | ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى | پارتكوم شۇجىسى | |
| ئىمىن سېيىت | ئوپال يېزىسى | 1939 | 1956 | ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى | مۇئاۋىن قوماندان | |
| ئابلىز مۇسايېف | ئوپال يېزىسى | 1939 | 1964 | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | دوتسېنت |
| سىدىق مەخسۇت | لەڭگەر يېزىسى | 1939 | 1968 | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا تەتقىقات باشقارمىسى | باشلىق | |
| مەمەت ھېكىم | قوغان يېزىسى | 1939 | 1954 | شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارىمىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى | مۇئاۋىن باشلىق | دوتسېنت |
| ھامۇت ئەخمەت | قوغان يېزىسى | 1939 | 1955 | ئۈرۈمچى شەھىرى دۆكشەن رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | مۇدىر | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ھېيت ھسامىدىن | قوغان يېزىسى | 1939 | 1956 | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش سىياسىي باشقارمىسى | باشلىق | |
| ھېيت ئابدۇللا | يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى | 1939 | 1957 | «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى مەمۇرىي تەپتىش باشقارمىسى | باشلىق | |
| مەمەت روزى | بەشكېرەم يېزىسى | 1939 | 1958 | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى | بۆلۈم باشلىقى | لېكتور |
| نەزەر مەمەت | سايباغ يېزىسى | 1939 | 1964 | ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا پەن تەتقىقات ئورنى | باشلىق | |
| زۇنۇن تۇردى | سايباغ يېزىسى | 1939 | 1955 | قارىماي نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئارقاسەپ باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| تېمىت تۇردى | بۇلاقسۇ يېزىسى | 1939 | 1957 | قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| ئىبراھىم ئەمەت | ئوپال يېزىسى | 1939 | 1957 | شىنجاڭ 1- بىناكارلىق قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | |
| ئابلىمىت نىياز | ئوپال يېزىسى | 1939 | 1955 | قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى | | لېكتور |
| شېرىپ ھوشۇر | ئاۋات يېزىسى | 1939 | 1959 | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | كوللېگىيە باشلىقى | |
| سادىر قادىر | ئاۋات يېزىسى | 1940 | 1965 | ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | دوتسېنت |
| تۇرسۇن روزى | سەمەن يېزىسى | 1940 | 1960 | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | |
| ئەلشەت سابىت | قوغان يېزىسى | 1940 | 1964 | شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى | باشلىق | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر |
| ئابلىمىت تۇردى | لەڭگەر يېزىسى | 1940 | 1955 | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پىشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| ئابدۇشۇكۇر بەكرى | قوغان يېزىسى | 1940 | 1957 | ئاپتونوم رايونلۇق باغ ئىدارىسى 2- باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| ئابلىمىت مۇسايېف | ئوپال يېزىسى | 1940 | 1963 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | |
| ئەخمەت تۇردى | ئوپال يېزىسى | 1940 | 1964 | شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| داۋۇت ئاۋۇت | ساپباغ يېزىسى | 1940 | 1955 | شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى | | 1 ـ دەرىجىلىك مۇزىكانت |
| تۇردى مەمەت | ئاۋات يېزىسى | 1940 | 1961 | شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى | مۇئاۋىن باشلىق | |
| تۇرسۇن قادىر | ئاۋات يېزىسى | 1940 | 1959 | قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | پارتكوم شۇجىسى | ئالىي لېكتور |
| ئابلىمىت ئىسمائىل | ئوبال يېزىسى | 1940 | 1964 | قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | | دوتسېنت |
| قاسىم مەمەت | بەشكېرەم يېزىسى | 1940 | 1958 | قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى | | ئالىي ئوقۇتقۇچى |
| مەتىمىن چوڭھاجى | ئاۋات يېزىسى | 1940 | 1955 | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى | مۇدىر | ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى |
| نىجات شېرىپ | قوغان يېزىسى | 1940 | 1955 | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئېلېكتىرلەشكەن توقۇتۇش يۇرتى | باشلىق | ئالىي ئوقۇتقۇچى |
| كېرىمجان مەمەت | قوغان يېزىسى | 1940 | 1965 | قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | | لېكتور |
| ئابدۇكېرىم راخمان | قورغان يېزىسى | 1941 | 1964 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | مۇدىر | دوتسېنت |
| تۇرسۇن قۇربان | ئاۋات يېزىسى | 1941 | 1964 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | | دوتسېنت |
| ئانىقىز يۈسۈپ | بەشكېرەم يېزىسى | 1941 | 1955 | تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى | | 2 ـ دەرىجىلىك ئارتىس |
| مەتىمىن ھەلىمىدىن | قوغان يېزىسى | 1941 | 1957 | قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە | مۇئاۋىن ۋالىي | |
| ئابدۇقادىر ئەمەت | ئوبال يېزىسى | 1941 | 1968 | قەشقەر ۋىلايەتلىك سوغۇرتا شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | ئىقتىسادچى |
| ئابلا ماموت | يېڭىئۆستەڭ يېزىسى | 1941 | 1965 | كورلا شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | باشلىق | |
| ئابدۇرېھىم ھاموت | قوغان يېزىسى | 1942 | 1964 | ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | مۇئاۋىن شۇجى | |
| مىجىت مۇسا | قوغان يېزىسى | 1942 | 1962 | ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەشۋىقات باشقارمىسى | باشلىق | كاندىدات ئالىي تەرجىمان |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇغوپۇر ئابابەكرى | يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى | 1942 | 1962 | ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر سانائىتى ئىدارىسى كادىرلار قوغداش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشلىق | ئىقتىسادچى |
| ئابدۇكېرىم ئىسلام | يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى | 1942 | 1963 | ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر سانائىتى ئىدارىسى ئىشچىلار ئويۇشمىسى | مۇئاۋىن رەئىس | ئىقتىسادچى |
| قۇربان ئىسمائىل | باغ تەكلە يېزىسى | 1942 | 1961 | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى | مۇئاۋىن مۇدىر | لېكتور |
| سانىيەم مەخسۇت | يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى | 1942 | 1964 | قەشقەر شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | شۇجى | |
| مىجىت مەمەت | ئوقۇساق يېزىسى | 1942 | 1964 | قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى | مۇئاۋىن باشلىق | ئالىي ئاگرونوم |
| ئابدۇكېرىم مامۇت | بەشكېرەم يېزىسى | 1943 | 1965 | ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى | مۇئاۋىن مۇدىر | |
| ئابدۇكېرىم باقى | ئوبال يېزىسى | 1943 | 1964 | ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى | مۇئاۋىن باشلىق | 2 . دەرىجىلىك ئارتىس |
| مەمەت يۈسۈپ | يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى | 1943 | 1964 | شىنجاڭ سىياسىي قانۇن كادىرلار ئىنستىتۇتى | | دوتسېنت |
| خالىدەم ئابدۇللا | ئوبال يېزىسى | 1943 | 1966 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 . ئوتتۇرا مەكتەپ | | لېكتور |
| ئابدۇراخمان ياسىن | سايباغ يېزىسى | 1943 | 1961 | ئاپتونوم رايونلۇق يول، كۆۋرۈك باش شىركىتى كادىرلار قوغداش باشقارمىسى | باشلىق | |
| سۇلتان ئوسمان | سايباغ يېزىسى | 1943 | 1967 | قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش باشقارمىسى | باشلىق | |
| ياقۇپ ھاجىم | لەڭگەر يېزىسى | 1943 | 1960 | قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بۆلۈمى | باشلىق | |

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە 1981 — 1995 . يىلغىچە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار

شەخسلەر: 2 — 6 . جەدۋەل

| ئىسىم . فامىلىسى | ئىشلىگەن ئورنى، ۋەزىپىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | خىزمەتكە كىرگەن ۋاقتى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى | دەم ئېلىشقا چىققان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خې جيەنگو | ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ لىنتاۋ | 9.1924 | 7.1949 | 6.1960 | 4.1984 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىي بوجيەن | ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1.1931 | 7.1949 | 12.1979 | 4.1984 |
| ۋاڭ جيەنگو | ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى باۋجى | 1931 | 1949 | 1978 | 1991 |
| گۇاڭ چىڭيالڭ | ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | تيەنجىن | 2.1928 | 8.1941 | 3.1981 | 1992 |
| ۋېي يەنشۇ | ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشى | 10.1934 | 7.1949 | 3.1983 | 4.1995 |
| زو لۇڭمۇ | ناھىيىلىك بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خونەن داۋشيەن | 9.1928 | 8.1949 | | 11.1982 |
| شۈ جيەنساڭ | ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ دىڭشى | 9.1934 | 7.1949 | 12.1957 | 4.1984 |
| لو شيۇچيەن | يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | خونەن لىلىڭ | 1.1932 | 9.1949 | 10.1984 | 6.1985 |
| خۇ چىڭجيې | خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەرجىمانى | ئەر | خەنزۇ | قەشقەر كوناشەھەر | 2.1928 | 9.1949 | | 10.1991 |
| فۇ شۇۋېن | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى فېڭشيالڭ | 5.1926 | 9.1949 | 12.1979 | 1.1984 |
| ۋاڭ خۇيجېن | ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1931 | 7.1949 | 1954 | 1990 |
| ئابدۇرېشىت مەمەت | تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كادىرى | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1929 | 1945 | | 1984 |
| ياسىن ئىمىن | يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىنىڭ كادىرى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | 1915 | 1946 | | |
| جۇ جىشى | بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 11.1925 | 5.1946 | 1948 | 1983 |
| ئىسمائىل مەۋلىك | سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى | ئەر | ئۇيغۇر | خوتەن | 10.1927 | 9.1949 | | 4.1983 |
| چېڭ جۇڭيالڭ | سودا شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | سىچۈەن | 1926 | 7.1949 | | 4.1987 |
| مەمەت مامۇت | ئاۋات يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىنىڭ باشلىقى | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1920 | 10.1944 | 8.1956 | |
| ۋاڭ جېنخۇەن | ناھىيىلىك ئۆلچەم پونكىتىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى يۈنچېڭ | 9.1921 | 12.1947 | 7.1948 | 4.1983 |
| ۋاڭ جۈن | يەن - تېخنىكا كومىتېتى | ئەر | خەنزۇ | نىڭشيا | 1922 | 9.1949 | | 1981 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇ شىنفاڭ | بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي بوې | 1.1920 | 2.1940 | 1941 | 3.1981 |
| ۋاڭ يىڭرۇي | تېببىي دورا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1917 | 9.1947 | 1.1946 | 2.1981 |
| لو رۇڭخۇا | ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1915 | 1937 | 1949 | 2.1981 |
| فۇ باۋيى | سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1928 | 7.1945 | 2.1949 | 10.1985 |
| سەي يۇتيەن | چاي - چارۋا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 6.1926 | 7.1945 | 1947 | 10.1985 |
| لى گوخۇا | ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 10.1928 | 8.1949 | 8.1955 | 6.1986 |
| فەن رۇنشى | ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى شىئەن | 3.1936 | 3.1949 | 11.1978 | 9.1987 |
| سەي جىڭۋى | يېمەك - ئىچمەك - مۇلازىمەت شىركىتى | ئەر | خەنزۇ | سىچۈەن پىڭۋۇ | 6.1921 | 5.1934 | | 10.1992 |
| جاڭ يۈەندې | سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئەنجاڭ | 7.1930 | 10.1948 | 4.1949 | 8.1983 |
| ۋاڭ ژىپىڭ | پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ لىنتاۋ | 3.1933 | 7.1949 | 10.1981 | 6.1994 |
| ئابدۇۋاقى ناسىر | مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ كادىرى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر | 6.1920 | 3.1948 | | 12.1983 |
| جاۋ ۋەنلۇن | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ لىنتاۋ | 6.1929 | 7.1949 | 1953 | 5.1991 |
| ليۇ سىڭشياڭ | يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1924 | | | |
| ليۇشىڭتاڭ | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى يەنچۈەن | 3.1930 | 3.1949 | 2.1980 | 4.1984 |
| جاڭ جىيۇڭ | ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى سەنيۈەن | 3.1930 | 3.1949 | 2.1980 | 4.1984 |
| ۋاڭ گېنخۇ | ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى داتۇڭ | 1.1921 | 1.1941 | 3.1946 | 3.1981 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خې كۈن | خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 5.1923 | 3.1941 | 6.1949 | 7.1984 |
| ياڭ كۈەنلياڭ | مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋۇتەي | 6.1926 | 2.1945 | 2.1945 | 4.1985 |
| لۇ جېنۋەن | سودا شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى فېنياڭ | 2.1928 | 5.1945 | 11.1949 | 2.1984 |
| ياڭ جۇڭچياڭ | ناشقى سودا ئىدارىسىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | خۇبېي شياۋگەن | 2.1929 | 10.1945 | 4.1946 | 4.1984 |
| لى شيەن | خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ جىڭيۈەن | 11.1926 | 9.1946 | 9.1953 | 5.1987 |
| ليۇ ۋېنلى | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى باۋجياڭ | 12.1930 | 1.1947 | 6.1948 | 7.1984 |
| چياۋ لەنيۇ | ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭيىن | 7.1927 | 12.1947 | 1943 | 4.1983 |
| فېي جۇڭچيۇ | ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي شىڭتەي | 6.1921 | 4.1947 | 3.1949 | 4.1983 |
| ۋاڭ شىنزېي | تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | ئەر | خەنزۇ | خېنەن پۇياڭ | 7.1921 | 4.1947 | 11.1948 | 10.1983 |
| ۋاڭ خۇڭجۈن | ناھىيىلىك سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 12.1923 | 4.1947 | 7.1948 | 4.1983 |
| سۇ شۇۋۇ | ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى پىڭياۋ | 3.1919 | 5.1946 | 9.1948 | 4.1983 |
| ۋاڭ خۇالىن | ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي خېفېي | 4.1933. | 9.1947 | 8.1981 | 2.1990 |
| فەن شياڭشياڭ | ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي جياۋخې | 9.1923 | 9.1947 | 3.1945 | 2.1983 |
| زىكرۇللا | تېببىي دورا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى | ئەر | ئۇيغۇر | غۇلجا | 4.1930. | 6.1947 | 6.1966 | 9.1987 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يەن شىگەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك ياغاچ ماتېرىيالى پونكىتىنىڭ باشلىقى | خېنەن مىڭچىن | 11.1928 | 12.1947 | 11.1948 | 11.1986 |
| ئەمەت ئىسمائىل | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى | قەشقەر كوناشەھەر | 1920 | 1944 | 8.1956 | 9.1983 |
| ليۇ يۇمىڭ | ئەر | خەنزۇ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | خېبېي شېنشيەن | 5.1933 | 3.1948 | 10.1949 | 6.1994 |
| جاۋ پېيۋاڭ | ئەر | خەنزۇ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ ساقلىغۇچىسى | خېنەن بوئەي | 1.1925 | 3.1948 | | 8.1982 |
| چېن دېمىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى | خېنەن لوياڭ | 7.1930 | 6.1948 | | 5.1991 |
| يۈ شېڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | گەنسۇ لەنجۇ | 11.1931 | 8.1948 | | 12.1986 |
| چيۇ يۇڭجاڭ | ئەر | خەنزۇ | يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | خېنەن لۇشى | 11.1919 | 9.1948 | 2.1949 | 7.1984 |
| جۇ جىنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە بۆلۈمچە باشلىقى | سىچۈەن يۇڭچۈەن | 4.1926 | 10.1948 | 4.1950 | 4.1984 |
| پالتىيوف | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ كادىرى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 6.1927 | 10.1948 | | 4.1986 |
| فۇ باۋشىڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ باشلىقى | تيەنجىن | 12.1924 | 12.1948 | 1.1956 | 8.1983 |
| ليۇ يۇياۋ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | گەنسۇ لىنتاۋ | 1.1931 | 7.1949 | 1953 | 6.1991 |
| ليۇ يالىڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك يەسلىنىڭ باشلىقى | شەنشى شيەنياڭ | 10.1934 | 4.1949 | | 4.1986 |
| فاڭ كېجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ كادىرى | خېنەن تاڭخې | 1930 | 5.1949 | 1956 | 10.1986 |
| ليۇ خەنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | خۇنەن چاڭدې | 1.1922 | 6.1949 | 7.1993 | 4.1983 |
| جاڭ يىڭچاڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دورىگەرى (پراۋىزور) | شەنشى شىئەن | 6.1931 | 6.1949 | 11.1960 | 5.1985 |
| ۋېي جىنجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى | گەنسۇ گەنگۇ | 4.1920 | 7.1949 | 5.1949 | 7.1983 |

# قوشۇمچە

# قوشۇمچە

## بىرىنچى، ھۆججەت ـ ماتېرىياللار

### 1. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى ①

(1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)

سۆيۈملۈك دېھقان دوستلار:

بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىنىڭلارنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلدىم! (ئالقىش)

كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. خەلقىمىز قانداق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان؟ خەلقىمىز ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئاساسىي تەركىبى ۋە كۆپ سانلىقى دېھقانلار. دېمەك، بىز — كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى — خەلق ئۈچۈن، ئاساسەن دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز.

كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ. دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە نېمە؟ ئاساسلىق مەسىلە — يەر، بۇ — دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە. ھازىر جايلاردىكى يېزىلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولۇۋاتىدۇ: بىر تەرەپتىن، ئاز ساندىكى پومېشچىكلار كەڭ كۆلەمدىكى يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلار ئەكسىچە يەرسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا نامرات دېھقانلار قورساق ئۈچۈن پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ، شارائىتى يوقلار پومېشچىكنىڭ يۇقىرى ئىجارە ئاساسىدىكى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ. دېمەك، دېھقانلار تۇرمۇشتا قاتتىق رىيازەت چېكىۋاتىدۇ. ھازىر بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالدى.

---

① ۋاڭ ئېنماۋ شۇ چاغدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ئىدى. ئۇ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا ۋەكىللەرنىڭ يىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئىجارە، ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە سۆز بولدى.

بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ توپ چارىسى — يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش. دەرۋەقە، كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى جەزمەن دېھقانلارنىڭ ئىرادىسى ۋە تەلىپى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىنى بىكار قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ توپ ئۇسۇلى بولغان يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويىدۇ.

ھازىر پۈتۈن جۇڭگونىڭ كونا ئازاد رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى تولۇق تاماملاندى. بىراق بېرىم كونا ئازاد رايونلار بىلەن يېڭى ئازاد رايونلاردا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى تېخى تاماملانمىدى ياكى باشلانمىدى. شىنجاڭ يېڭى ئازاد رايونغا كىرىدۇ. شۇڭا شىنجاڭ ئۆلكىسى تەۋەسىدە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى تېخى ئېلىپ بېرىلمىدى.

بىزنىڭ شىنجاڭدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى تېخى يولغا قويۇلمىدى. سىلەر يەر ئىسلاھاتى قاچان يولغا قويۇلىدۇ؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇ يىل يولغا قويۇلامدۇ - يوق؟ ياكى، كېلەر يىلى يولغا قويۇلامدۇ؟ زادى قايسى يىلى يولغا قويۇلىدۇ؟ بۇ بىزنىڭ شىنجاڭدا يەر ئىسلاھاتى تەييارلىق خىزمىتىنىڭ قانداق ئىشلىنىشىگە باغلىق.

بىزنىڭ يەر تەقسىم قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى خېلى ئۇزاق ۋاقىت تەييارلىق كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. يەنى يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشقا، دېھقانلار جەمئىيىتىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىشقا ھەم دېھقانلار جەمئىيىتى خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ھاكىمىيەتنى ئوبدان ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ھەقىقىي خەلق ھاكىمىيىتى قىلىپ چىقىشقا، خەلق ئارىسىدا كومپارتىيە ۋە ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىپ، خەلق ئىچىدە تايانچ، ئاما ئىچىدە يادرو بەرپا قىلىشقا، يەرلىك كادىرلارنى ئوبدان يېتىشتۈرۈپ، يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا ئىسلاھات بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان ھەم ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان ياخشى كادىرلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا كومپارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى بويىچە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ تەلىپىنى توپ ئاساسىدىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يەر ئىسلاھاتىنىڭ مۇشۇنداق نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن زادى قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ بىر يىلدا ئىشلەپ بولغىلى بولارمۇ؟ ئېھتىمال بولماس، 2 يىلدا ئىشلەپ بولغىلى بولار. بىز تەييارلىق خىزمەتلىرىنى 2 يىلدا ئىشلەپ بولۇپ، ياندۇرقى يىلى يەر ئىسلاھاتىنى باشلاش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. دېمەك، بۇ يىل ۋە كېلەر يىل ئوبدان تەييارلىق كۆرۈۋالساق، 1952 - يىلى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تولۇق شارائىت ھازىرلىيالايمىز.

يەر تەقسىم قىلىش، يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشقا يەنە 2 يىل بار. بۇ 2 يىلدا كومپارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلار ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ كومپارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ 2 يىلدا ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىپ، دېھقانلارنى مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە قەشقەردە ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىندا «ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش» توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى. بۇ قارار ئۆز نۆۋىتىدە كومپارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھازىر يولغا قويىدىغان سىياسىتىدىن ئىبارەت. بىز بۇ قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا يېقىنقى قارار بويىچە يەر تەكشەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن نامرات دېھقانلار تۆۋەن ئىجارە، تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن يەرگە ئىگە بوپتۇ. ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يەر مەسىلىسى ھەل بوپتۇ. يەنە باشقا جەھەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر بار ئىكەن. يەر تەكشەشنى ئالساق، بۇ خىزمەتمۇ تېخى تولۇق ئىشلىنىپ بولماپتۇ.

دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىنى قايەردە ھەل قىلىدۇ؟ دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا ھەل

قىلىدۇ. ئۆتمۈشتە دېھقانلارنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. سىلەرنىڭ مەسىلىلىرىڭلارنى ھەل قىلىدىغان جاي يوق ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە. كومپارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، نېمە مەسىلە، نېمە پىكىر، نېمە تەلەپىڭلار بولسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ ھەل قىلساڭلار بولىدۇ.

سىلەر ئۆتمۈشتە پۇلى بار، كۈچى بار پومېشچىك، مۇشتۇمزورلارنىڭ خىلمۇ خىل زۇلۇم ـ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قاتتىق ئۇچرىغان جاپاكەش دېھقانلار. سىلەر پومېشچىكنىڭ يېرىنى تېرىغاندا، بىر تال ئاشلىقنى ئاز بەرسەڭلار بولمايتتى. بايدىن پۇل قەرز ئالساڭلار، بىر فۇڭ ئۆسۈمنى كەم بەرسەڭلار بولمايتتى. سىلەر پومېشچىكنىڭ يېرىنى ئىجارە ئېلىپ، باينىڭ پۇلىنى ئۆتنە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قۇلى بولۇپ قالاتتىڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئەزسە، گەپ قىلالمايتتىڭلار، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلسا، ئەرز قىلالمايتتىڭلار، ئۇرسا قول، تىللىسا تىل ياندۇرالمايتتىڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسا، ياشاشقا جۈرئەت قىلالمايتتىڭلار، ياشايسەن دېسە، ئۆلۈشكە پېتىنالمايتتىڭلار، يات دېسە ياتاتتىڭلار، قوپ دېسە قوپاتتىڭلار. ھەممىدە شۇلارنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايتتىڭلار. سىلەر پومېشچىكلارنىڭ يۇقىرى ئىجارە، يۇقىرى ئۆسۈم ئاساسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ تۇراتتىڭلار. يەنە سىياسىي زۇلۇمغىمۇ ئۇچراپ تۇراتتىڭلار. مال ـ مۈلۈكتىنمۇ، ئەركىنلىكتىنمۇ مەھرۇم ئىدىڭلار. سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار ئەنە شۇنداق ئىدى. بىراق، ئۆتمۈشتە سىلەرگە خەيرىخاھلىق قىلىدىغان، دەردىڭلارغا دەرمان بولىدىغان ئادەم بارمىدى؟ گومىنداڭ دەرمان بولامتى؟ گومىنداڭ دەرمان بولماقتا يوق، يەرلىك زومىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سىلەرنى بىرلىكتە تالان ـ تاراج قىلاتتى ۋە ئېزەتتى. ھالبۇكى، ئەمدى زامان پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. كومپارتىيە گومىنداڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلىرىدىكى خادىملار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باۋجاڭ، جياجاڭلىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار سىلەر تەرەپتە تۇرىدۇ. سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى قوغدايدۇ. سىلەر نېمە گېپىڭلار بولسا دېۋېرىڭلار، بىز قارشى ئالىمىز. (ئالقىش)

يۇرتداشلار، ئەمدى سىلەر ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇپ ئۆز مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار، تۇرمۇشۇڭلارنى ئۈزلۈكسىز كۈرەش داۋامىدىلا ياخشىلىيالايسىلەر ۋە يۇقىرى كۆتۈرەلەيسىلەر. سىلەر بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىشىڭلار كېرەك.

ئويلاپ كۆرۈڭلار، بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، پومېشچىكلار سىنىپى شۇ قەدەر باي، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنچە راھەت، يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلار سىنىپى شۇ قەدەر نامرات، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنچە جاپالىق؟ پومېشچىكلار سىنىپى «پومېشچىكلارنىڭ باي، تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولۇشى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان، كەمبەغەللەرنىڭ نامرات، تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق بولۇشىمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان. بۇلار پېشانىگە شۇنداق پۈتۈلگەن، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولماس» دەيدۇ. بۇ زادى خۇدانىڭ ئىرادىسىمۇ؟ بىزنىڭچە بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس.

خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس ئىكەن، ئۇنداق بولسا پومېشچىكلارنىڭ شۇنداق باي، دېھقانلارنىڭ شۇنداق نامرات بولۇشىنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقارغان؟ بۇنى پومېشچىكلار سىنىپى كەلتۈرۈپ چىقارغان. پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار سىنىپىغا يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا بۇ ھەقىقەت، بۇ ھەقىقەتنى دېھقانلار سىنىپىلا ھەقىقىي چۈشىنەلەيدۇ، بۈگۈن دېھقانلار سىنىپىمىز بۇ ھەقىقەتنى سۆزلىشى كېرەك. مۇشۇ ئارقىلىق ھەممىنى خۇدا بەلگىلەيدۇ دېگەن سەپسەتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك.

دېھقانلار سىنىپىمىز نېمە ئۈچۈن نامرات؟ بۇ ئۇلارنىڭ ھورۇن ـ بىكار تەلەتلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەيدىغان گەپمۇ بار ئىكەن. بۇ گەپمۇ توغرا ئەمەس. دېھقانلىرىمىز تۆت پەسىل توختىماي ئەمگەك قىلىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىراق، 360 كۈن جاپا چېكىپمۇ تويغۇدەك بىر نېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بىراق ئاشۇ ھەقىقىي ئاقىنانچى ـ ھورۇن پومېشچىكلار بولسا، ئىشلىمەي تۇرۇپ چىشلەيدۇ، پاراغەت تۇرمۇش

كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پاراغىتى نەدىن كەلگەن؟ يەنىلا دېھقانلىرىمىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن كەلگەن ئەمەسمۇ. بۇنىسى سىلەرگە ناھايىتى ئېنىق. بۇنى سۆزلىسەڭلار بولىدۇ.

يەنە، ۋەكىل يولداشلار، يېزىلارنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېقىڭلار. يومبىچىكلارنىڭ ئېپادىسى قانداق بولدى؟ باي دېھقانلارنىڭ ئېپادىسى قانداق بولدى؟ ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئېپادىسى قانداق بولدى؟ كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئېپادىسى قانداق بولدى؟ ياللانما دېھقانلارنىڭ ئېپادىسى قانداق بولدى؟ ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېقىڭلار. ھازىر يېزىلىرىمىزدا كىملەر ئىشلەپچىقىرىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، كىملەر پاسسىپلىق قىلىۋاتىدۇ، ۋەكىللەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

ھازىر يېزىلاردا پەقەت بىر تەڭشەش ئىشلا ئىشلەندى، بۇنىڭدىن باشقا تېخى ھەل قىلىنمىغان قانداق مەسىلىلەر بار. بولۇپمۇ سۇچىلىق مەسىلىسى ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇلى مەسىلىسى قانداق بولدى. بۇلارنى يىغىندا ئوبدان ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوبدان مۇزاكىرە قىلىڭلار.

قىسقىسى، دېھقانلارغا پايدىلىق بولغانلىكى، دېھقانلارنىڭ ئازادلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوبدان مۇزاكىرە قىلىش ۋە ھەل قىلىش لازىمكى، بۇ قېتىمقى دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان يىغىن بولۇپ قالسۇن.

ئاخىرىدا، يىغىنغا غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

# 2. يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى

(1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)

دېھقانلار ۋەكىللىرى يولداشلار:

بىزنىڭ دېھقانلار قۇرۇلتىيىمىز 4 كۈن جىددىي ئېچىلدى. بۈگۈن ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەسلىدە سۆزلەيدىغان جىق گېپىم بار ئىدى، كەچ كىرىپ قېلىۋاتقاچقا، قىسقارتىپ سۆزلىمەكچىمەن.

## بىرىنچى، يەر ئىجارىسى مەسىلىسى

قەشقەر ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا «ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش» توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى؛ بۇ قاراردا ئىجارىنى كېمەيتىش كېرەك دەپ بەلگىلەندى، بارلىق دېھقانلىرىمىز ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ قارارنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.

ۋەكىل يولداشلار يىغىندا نۇرغۇن پىكىرلەرنى بەردى، بۇ پىكىرلەردىن بۇ يەردە يەر ئىجارىسىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئانچە ياخشى بولمىغان بىر جىڭلىق يەردىن 5 — 6

جىڭ ئاشلىق ئالغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن 4 جىڭ ئىجارە تاپشۇرۇلىدىكەن، بىر جىڭلىق ياخشىراق يەردىن 10 جىڭ ئاشلىق ئالغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن 6 — 7 جىڭ ئىجارە تاپشۇرۇلىدىكەن. ياخشى يەر بولسۇن، ناچار يەر بولسۇن، تاپشۇرۇلغان ئىجارە ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ %60ىنى، %70ىنى ھەتتا %80ىنى ئىگىلەيدىكەن، كەڭ جاپاكەش دېھقانلارنىڭ پومېشچىككە ئىجارە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى يەيدىغانغا بىر نېمە قالمايدىكەن.

دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان بۇنداق يۇقىرى ئىجارىنى كېمەيتىش كېرەكمۇ - يوق؟ پۈتۈنلەي كېمەيتىش كېرەك.

كېمەيتىش كېرەكلىكى بەلگىلەندى، بىراق، قانچىلىك كېمەيتىش كېرەك؟ قەشقەر ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارىدا، ئىجارىنى «%25» كېمەيتىش بەلگىلەندى. بۇ، ئىلگىرى 10 جىڭ ئىجارە تاپشۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىككى يېرىم جىڭى كېمەيتىلىپ، يەتتە يېرىم جىڭ تاپشۇرۇلىدۇ، دېگەن گەپ، ئىجارىنى «%25» كېمەيتىش ئومۇمەن ئىچكىرىنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلەتتى، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغىمۇ ئومۇمەن باب كېلىدۇ. بىراق، شىنجاڭدا فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە بەك ئېغىر، يەر ئىجارىسى بەك يۇقىرى بولغاچقا، دېھقانلار ھوسۇلنىڭ %60، %70ىنى ھەتتا %80ىنى پومېشچىكقا تاپشۇرغان، شۇڭا ئۇلار ئىجارىنى «%25» كېمەيتىشنى ئاز كۆرۈۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىجارىنى %25تىن %30 كىچە كېمەيتىشكە بولىدۇ. كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى ئىجارە ھەققى ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە ئۈچتىن بىرگە چۈشۈرۈش كېرەك، ئۈچتىن بىرگە تەڭ بولمىسا، كۆپەيتمەسلىك كېرەك، بۇنىڭغا يول قويۇلىدۇ.

بىزنىڭ شىنجاڭ يېڭى ئازاد رايون، خەلق ھۆكۈمىتى يېڭى ئازاد رايوندا يەر تەقسىم قىلىش سىياسىتىنى ئەمەس، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق كىشىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە بېرىشىگە يول قويۇلىدۇ، پومېشچىكلارنىڭمۇ يېرىنى ئىجارە بېرىشىگە يول قويۇلىدۇ. بىراق ئىجارىگە بېرىلگەن يەردىن ئېلىنغان ئىجارىنى كېمەيتىش كېرەك، پومېشچىكلار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىسىلا، يېرىنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ، دېھقانلارمۇ پومېشچىككە ئىجارە تاپشۇرۇشى كېرەك، پومېشچىكلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتمەسلىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ، دېھقانلارنىڭ ئىجارە تاپشۇرماسلىقىمۇ توغرا بولمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ يىللىقچى ئىشلىتىشى توغرىسىدا سۆزلىگەچ ئۆتىمەن. پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ يىللىقچى ئىشلىتىشىگە خەلق ھۆكۈمىتى يول قويامدۇ - يوق؟ جاۋابىمىز شۇكى، يول قويىدۇ. «خەلق ھۆكۈمىتى يىللىقچى ئىشلىتىشكە يول قويمايدۇ» دېگەن گەپ توغرا ئەمەس، خەلق ھۆكۈمىتى يىللىقچى ئىشلىتىشكە يول قويىدۇ. يىللىقچىنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش كېرەكمۇ - يوق؟ دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. ئەگەر يىللىقچىنىڭ ئىش ھەققى بەك تۆۋەن بولسا، مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش كېرەك. بىراق، بەك كۆپ ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ، بەك كۆپ ئۆستۈرۈلسە، پومېشچىك، باي دېھقانلار تېگىشلىك نەپ ئالالمايدۇ - دە، يىللىقچى ئىشلەتمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن يىللىقچىلار ئىشسىز قالىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

قىسقىسى، يىللىقچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمىدە ياللىغۇچىغىمۇ، ياللانغۇچىغىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك. بۇ، يىللىقچىغىمۇ پايدىلىق بولسۇن، پومېشچىككىمۇ پايدىلىق بولسۇن، پومېشچىكمۇ خالايدىغان بولسۇن، يىللىقچىمۇ خالايدىغان بولسۇن، يىللىقچىلارنىڭ ئىش ھەققى مەسىلىسى ئىختىيار قىلىش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىنسۇن، دېگەنلىك.

بىر ۋەكىل يولداش ھازىر پومېشچىكلارنىڭ يىللىقچىلارنى ئىشتىن بوشاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن يىللىقچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدە 2 خىل سەۋەب بار، (1).

يومبىچىك، باي دېھقانلار شۇنداق قىلىش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان. (2) ئېھتىمال، يومبىچىك، باي دېھقانلار خەلق ھۆكۈمىتى يىللىقچى ياللاشقا رۇخسەت قىلمايدۇ دەپ چۈشىنىپ قالغان ياكى يىللىقچىنىڭ ئىش ھەققى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ئۆزىمىزگە نەپ تەگمەيدۇ دەپ قورققان. ھازىر يومبىچىك، باي دېھقانلارغا شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەككى، خەلق ھۆكۈمىتى يىللىقچى ياللاشقا يول قويىدۇ. شۇنداقلا يىللىقچىلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلىدۇكى، ئەھۋالغا قارىماي چەكسىز ئۆستۈرۈلىدىغان ئىش بولمايدۇ، يەنە ئۇلارغا شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ قويۇش كېرەككى، يىللىقچىلارنى ئىشتىن بوشىتىش يولى بىلەن خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، تەركىبىنى ئۆزگەرتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۆتمۈشتە يومبىچىك، باي دېھقان بولغانىكەن، ھازىر يىللىقچىلىرىنى ئىشتىن بوشىتىۋەتسىمۇ يەنىلا يومبىچىك، باي دېھقان بولۇۋېرىدۇ.

## ئىككىنچى، جازانىخورلۇق مەسىلىسى

ئوپال رايونىنىڭ ۋەكىلى تاشمۇھەممەت ئۆز رايونىدىكى جازانىخورلۇق ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەردە بىر تاغار ئاشلىق ئۆتنە ئالسا، 2 تاغار ئاشلىق قايتۇرۇلىدىكەن، بىر كويچەن پۇل ئۆتنە ئالسا، 2 كويچەن قايتۇرۇلىدىكەن، بۇنداق جازانىنى بىكار قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟ پۈتۈنلەي بىكار قىلىش كېرەك. بىكار قىلىنغاندىن كېيىن قانداق سىياسەت قوللىنىش كېرەك؟ تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرزنى يولغا قويۇش، ئەڭ يۇقىرى ئايلىق ئۆسۈمنى 2 پۇڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، يەنى بىر يۈەن قەرز ئالسا، يىل ئاخىرىدا دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قوشۇپ 1.24 يۈەن قايتۇرۇش كېرەك.

ئىلگىرىكى جازانە مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ئىلگىرى يومبىچىك جازانىخورنىڭ نەرسىسىنى ئۆتنە ئالغانلار، مەيلى پۇل ئۆتنە ئالغان بولسۇن، مەيلى ئاشلىق ئۆتنە ئالغان بولسۇن، ياكى باشقا نەرسە ئۆتنە ئالغان بولسۇن، قايتۇرغان ئۆسۈمى دىرىنىڭ 1 ھەسسىسىگە تەڭ بولغان بولسا، ئۆسۈم بېرىشنى توختىتىپ، دىرىنى قايتۇرسا بولىدۇ. يەنى ئۆز ۋاقتىدا 100 يۈەن قەرز ئالغان بولۇپ، كېيىن تۆلىگەن ئۆسۈم قەرز ئېلىنغان پۇلنىڭ بىر ھەسسىسىگە يەنى 100 يۈەنگە تەڭ بولۇپ بولغان بولسا، پەقەت دىرىلا قايتۇرۇلۇپ، ئۆسۈم تۆلىمەسلىك كېرەك.

ئەگەر دېھقانلىرىمىز جازانىخوردىن پۇل قەرز ئالغان بولۇپ، تۆلىگەن ئۆسۈم ئەسلىدىكى قەرز پۇلنىڭ 2 ھەسسىسىگە تەڭ بولغان بولسا، ئەمدى دىرىنىمۇ، ئۆسۈمىنىمۇ تۆلىمەسلىكى كېرەك. بۇ، ئۆز ۋاقتىدا 100 يۈەن قەرز ئېلىنغان بولۇپ، كېيىن تۆلەنگەن ئۆسۈم 200 يۈەنگە يەتكەن بولسا، بۇ ھېساب شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلگەن بولىدۇ، يەنە تۆلەيدىغان ئىش بولمايدۇ، دېگەنلىك.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى جازانىخورلۇق ئاساسىدىكى ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتى يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى ئېلىم - بېرىم مەسىلىسى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پرىنسىپى بويىچە قىلىنىدۇ.

خەلق ھۆكۈمىتى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىشكە يول قويىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ. مەيلى دېھقانلار بىر - بىرىدىن قەرز ئالغان بولسۇن، باي دېھقاندىن قەرز ئالغان بولسۇن، يومبىچىكتىن قەرز ئالغان بولسۇن، سودىگەردىن قەرز ئالغان بولسۇن، ياكى باشقا ئادەمدىن قەرز ئالغان بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇشى كېرەك، دىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 2 پۇڭدىن ئاشماسلىق دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئۆسۈمىنىمۇ بېرىشى كېرەك.

بەزى كىشىلەر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جازانىخورلۇقنى بىكار قىلىش سىياسىتىنى چۈشەنمەي، جازانىخورلۇقنى بىكار قىلىشنى قەرز بېرىشكە يول قويماسلىق دەپ قارىدى. بىلىشىمىز كېرەككى،

جازانىخورلۇقنى بىكار قىلىش قەرز بېرىشنى بىكار قىلغانلىق ئەمەس. پومېشچىكلار، باي دېھقانلار ياكى ھەرقانداق پۇلدارلار تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا يول قويۇلۇپلا قالماي، بەلكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ ۋە مۇكاپات بېرىلىدۇ. جازانىخورلۇق بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، قەرز بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋالنى تۈگىتىش ۋە تۈزىتىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى كىشىلەر يەنە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جازانىخورلۇقنى بىكار قىلىش سىياسىتىنى چۈشەنمەي، پومېشچىك، باي دېھقاندىن ئالغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنىمۇ، دېرىنىمۇ قايتۇرمىسا بولىدىكەن، دەپ قارايدىكەن، بۇنداق ئەھۋالنىمۇ تۈگىتىش ۋە تۈزىتىش كېرەك.

بىز مۇشۇنداق قىلساقلا، يېزىلاردىكى ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتى جازانىخورلۇقنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئەگەر بىز بۇنداق قىلالمىساق، يېزىلاردىكى ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتى توختاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئېلىم - بېرىم توختاپ قالسا، دېھقانلارنىڭ بەزى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، دېھقانلار قىيىنچىلىقتا قالغاندا پۇل قەرز ئالالمىسا بولمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى دېگەچ ئۆتەي. بىر ۋەكىل يولداش مۇنداق بىر كىچىك ئىشنى ئېيتىپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ رايونىدا بەزى پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق قەھەتچىلىكتە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەتىيازدا كۈنىگە 2 جىڭ ئاشلىق ھېسابىدا ئالدىن ئىش ھەققى بېرىپ تۇرغان، بۇ كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدىكى كۈندىلىك ئىش ھەققى بولغان 8 جىڭ ئاشلىققا توغرا كېلىدىكەن، ئىش ھەققىنى ئالدىن بېرىپ تۇرۇش جازانىخورلۇقى ئاساسىدىكى بۇنداق ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئۇنى بىكار قىلىش كېرەك. ئەگەر كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدىكى كۈنلۈك ئىش ھەققى 8 جىڭ ئاشلىق بولسا، ئۇ ھالدا ھازىر دېھقانلارغا ئالدىن بېرىپ تۇرۇلىدىغان ئىش ھەققى ئەڭ ئاز بولغاندا 6 جىڭ ئاشلىق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولسا توغرا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، سۇچىلىق مەسىلىسى

بىز ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، يەر تەڭشەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن نامرات دېھقاننى تۆۋەن ئىجارە تۆلەش شەرتى بىلەن يەرگە ئىگە قىلدۇق، بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەمدىكى مەركىزىي مەسىلە — سۇ مەسىلىسى، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىدا مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

دەرۋەقە، دېھقانلارنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ توپ چارىسى سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىپ، سۇنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت، بىراق بۇ ئىشنى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر قىلالايدىغىنىمىز، ھازىر بار سۇنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش ۋە تەقسىم قىلىش يولى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ھازىرقى سۇ مەنبەسى ئاساسىدا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سۈيى يېتىشەمدۇ - يوق؟ بىزنىڭچە يېتىشىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سۈيى يېتىشىدۇ دەيمىز؟ بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان سۈيى ھازىرقى يەر شارائىتىدىن ئالغاندا يېتىشىپلا قالماي، بەلكى ئېشىپ قالىدۇ. بۇ يىل تېرىلغۇ يەر ئازراق كۆپەيگەن بولسىمۇ، بۇلتۇر قىشتا قار جىق ياغدى، شۇڭا بۇ يىلقى سۇ كۆپىيىدۇ. ھازىر سۇ يېتىشمەيدۇ دەپ ئەنسىرەش ھاجەتسىز، سۇ كۆپ كېلىپ كېتىپ سۇ ئاپىتى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىدىن ئەنسىرەش كېرەك، شۇڭا سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىز بۇ يەردە سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە سۇ يېتىشمەسلىكتىن ئەنسىرەش خاھىشىنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

ناھىيىمىزدە سۇ ئومۇمەن ئالغاندا يېتىشىدۇ، بىراق نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى سۇ يېتىشمەيدىغان ئەھۋال تۇغۇلۇپ كەلدى؟ تەكشۈرۈپ كۆرگەندە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك 2 سەۋەب بار ئىكەن: بىر تەرەپتىن، پومبىشچىك، زومىگەرلەر نۇرغۇن سۇنى ئىگىلىۋالغان، يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ دېھقانلار سۇغا ئىگە بولالمىغان. بىر ۋەكىلنىڭ ئېيتىشىچە، ئاۋات رايونىنىڭ بىر كەنتىدە پومبىشچىك ھاشىم نۇرغۇن سۇنى ئىگىلىۋالغان، كەنتتىكى 700 ئائىلىلىك دېھقان سۇدىن قىسىلىپ قالغان، ھاشىم بولسا نۇرغۇن سۇنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن. ئىككىنچىدىن، ئىلگىرى سۇچىلىق تۈزۈمى نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن، سۇ تالىشىدىغان، سۇ ئوغرىلايدىغان ئەھۋاللار ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرغان. سۇ تالىشىش، سۇ ئوغرىلاش تۈپەيلىدىن توغانلار ھەمىشە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ تۇرغان. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەنمۇ نۇرغۇن سۇ ئىسراپ بولۇپ كەتكەن. مەسىلەن، يەكەن رايونىنىڭ مەكىت ناھىيىسىدىكىلەر ھەر يىلى قاغىلىق بىلەن سۇ تالاشقان. سۇ تالىشىش نەتىجىسىدە قانچە - قانچىلىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، نۇرغۇن سۇ بىكارغا كەتكەن، بۇمۇ بىزدە سۇ يېتىشمەسلىكتىكى بىر سەۋەپ.

پومبىشچىك، زومىگەرلەرنىڭ سۇنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش ۋە ئىنزگىنلىۋېلىش قىلمىشلىرىنى ھەقىقىي بىكار قىلغاندىلا، كەڭ دېھقانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ھەربىر ئادەم سۇغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سۇغىرىش ئىشلىرىدا كەڭ دېھقانلار ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ئېتىبار بەرسە، ھەممەيلەن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سۇ تالىشىدىغان، سۇ ئوغرىلايدىغان، سۇ ئىسراپ قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالسا، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئاسراپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىپ، بىر تامچە سۇنىمۇ زايە قىلماي، سۇنى ھەقىقىي تۇردە تولۇق ئىشلەتسە، ھازىرقى سۇ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ.

سۇنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش ۋە تەقسىملەش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەربىر ناھىيە، ھەربىر رايون، ھەربىر يېزا سۇچىلىق كومىتېتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى دېھقانلارنىڭ سۇغا بولغان تەلىپىنى ھەل قىلىدىغان ۋە قاندۇرىدىغان ئورگانغا ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

قوغان يېزىسى، ئاۋات يېزىسى، بەشكېرەم يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ماجىراسىغا كەلسەك، بۇنى مۇشۇ 3 ئۆستەڭ سۇچىلىق كومىتېتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىرلىكتە مەجلىس ئېچىپ مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىشى كېرەك. پرىنسىپ جەھەتتە بەشكېرەمنىڭ سۈيى جىق، قوغان بىلەن ئاۋاتقا، بولۇپمۇ سۈيى پەۋقۇلئاددە قىس بولغان يېزىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك، سۇچىلىق مەسىلىسى ھەل بولمىغان باشقا رايونلاردىمۇ سۇچىلىق كومىتېتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ ئايرىم - ئايرىم ھەل قىلىش كېرەك، مېنىڭچە، ھەممەيلەن سۇغىرىشقا يېتەرلىك سۇغا ئىگە بولسا بولىدۇ. سۇ تالاشماسلىق، سۇنى تارتىۋالماسلىق كېرەك. سۈيى جىقلار سۈيى قىسلارغا ئېتىبار بەرسۇن، سۈيى جىق كەنتلەر سۈيى قىس كەنتلەرگە ئېتىبار بەرسۇن. دېھقانلار بىر ئائىلە، قايسى كەنت، قايسى يېزا، قايسى رايون، قايسى ناھىيىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە دېھقان ئىناق ھەمدەم بولۇشى، سېنىڭ - مېنىڭ دېمەي، يەر سۇغىرىدىغان سۇ مەسىلىسىنى بىرلىكتە ھەل قىلىشى كېرەك.

## تۆتىنچى، باۋ - جيا مەسىلىسى

قەشقەر ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلىپ، كونا باۋ - جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ئاساسىدىكى ھاكىمىيەتنى قۇرۇش قارار قىلىندى. ھازىر جايلاردا كۆپ ساندىكى كونا يېزا باشلىقلىرى، باۋجاڭ، جياجاڭلار

يەڭگۈشلەندى، بىراق ئايرىم كونا يېزا باشلىقلىرى، باۋجاڭلار تېخى يەڭگۈشلەنمىدى. مەسىلەن، بەشكېرەم 7 ـ باۋنىڭ باۋجاڭى دېھقانلارغا: «سىلەر باۋ ـ جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلماقچى ئەمەسمىدىڭلار؟ قاراڭلار، مەن ئەسلىدە باۋجاڭ ئىدىم، ئەمدى يېزا باشلىقى بولدۇمغۇ» دېگەن. قايەردە مۇشۇنداق ئۆتمۈشتىكى يېزا باشلىقى، باۋجاڭ بولسا شۇنى دەرھال يەڭگۈشلىۋېتىش كېرەك. (ئالقىش).

يەنە تەكرارلايمەنكى، قايەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى كونا يېزا باشلىقى، باۋجاڭلار بىكار قىلىنمىغان. يەڭگۈشلىۋېتىلمىگەن بولسا، دەرھال بىردەك يەڭگۈشلىنىپ بىكار قىلىنسۇن. (ئالقىش)

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى يېزا باشلىقلىرى، باۋجاڭلاردىن خەلقنى ئەزمىگىنى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلمىغىنى يوق دېيەرلىك. ۋەكىللىرىمىز بۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن پاكىتلارنى كۆرسەتتى، ئالايلۇق، ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دېھقانلارغا بىر تاغار ئاشلىق سېلىق سالسا، ئۇلار 10 تاغار ئاشلىق سېلىق سالغان، ھۆكۈمەت 100 كويچەن پۇل سېلىق سالسا، ئۇلار مىڭ كويچەن سېلىق سالغان. دېھقانلار مۇشۇنداق زوراۋانلىق دەستىدىن قاتتىق ئازاپ ـ كۈلپەت تارتقان. بۇنداق خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ ھېساب ئېلىش كېرەك. (ئالقىش)

ئاۋات يېزىسىدىكى دېھقانلار ئىلگىرىكى يېزا باشلىقى ئابدۇرېھىمدىن 1040 تەڭگە، 4500 جىڭ بۇغداي، 80 جىڭ قوناق، 42 قوي ھېساب ئالغان، مۇشۇنداق ھېساب ئېلىپ ناھايىتى ياخشى قىلغان. باشقا رايونلىرىمىزمۇ خىيانەتچى يېزا باشلىقلىرى، باۋجاڭلاردىن ھېساب ئالسا بولىدۇ. (ئالقىش)

بۇ خىيانەتچى ئۇنسۇرلار خىيانەت قىلغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇشى، ئۇلارنى خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن خەلققە تاپشۇرۇشى كېرەك، خىيانەتچى ئۇنسۇرلار تېگىشلىك جازاغا تارتىلىشى كېرەك. خىيانەتچى ئۇنسۇرلار تېگىشلىك جازاغا تارتىلمىسا، خەلقنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ. (ئالقىش)

ئۆتمۈشتىكى يېزا باشلىقى، باۋجاڭ بولغان ئەبلەخلەر ئەمدى ئاشكارا خىيانەت قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ھەم ئۇلارغا ئۇنداق پۇرسەتمۇ يوق. بىراق ئۇلار ئاستىرتتىن خەلقنى داۋاملىق ئوغرىلىقچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتىدۇ، بۇلارنى دەرھال پاش قىلىش ۋە مەنئى قىلىش كېرەك. (ئالقىش)

مەسىلەن، بەشكېرەمنىڭ ۋەكىلى يولداش مەھەممەتجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ 7 ـ يېزىسىدا 20 يىل يېزا باشلىقى بولغان مەمەتچولاق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، 2 دېھقانغا مىراپ قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 جىڭدىن ئاشلىق ئېلىۋالغان، نەتىجىدە ئۇلار مىراپ بولالمىغان، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ 10 جىڭدىن ئاشلىقىنى يەپ كەتكەن. داۋاملىق خىيانەت قىلىۋاتقان مۇشۇنداق قاپ يۈرەك ئادەملەرنى قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىش كېرەك. (ئالقىش)

بۇ يەردە يەنە شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ جايلاردىكى شۆبە ساقچىخانىلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، زۇلۇم سالىدىغان ئورگانلىرى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزگەرتىلدى، بەزىلىرى تېخى ئۆزگەرتىلمىدى، ئۇلار يەنىلا خەلقنى ئېزىۋاتىدۇ ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق شۆبە ساقچىخانىلارنى دەرھال تولۇق ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش كېرەك.

ئۆتمۈشتىكى ساقچىخانىلار نامدا تەرتىپ ساقلاش، ئوغرىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە مەسئۇل بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەزى ساقچىخانىلارنىڭ ئۆزى ئوغرى ئۇۋىسى ئىدى. مەسىلەن، توققۇزاق ساقچىخانىسىدىكى سىدىق ئوغرىلارنىڭ كاتتىبېشى ئىكەن، بۇنداق ئادەملەرنىمۇ ئىنقىلاپ چىقىپ جازاغا تارتىش كېرەك. (ئالقىش)

سىلەرگە بىر خەۋەرنى ئۇقتۇرۇپ قوياي، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بازىرىدا ئىلگىرى ئوغرى جىق ئىدى، ھازىر 159 ئوغرى تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، 13 ـ شىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، 13 ـ شى ئۇلارنى تەشكىللەپ كۆمۈر قېزىشقا سېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئەمگەك داۋامىدا ئۆزگەرتىلىپ ئوغرىلىقتىن قول ئۈزىدىغان بولىدۇ.

(ئالقىش)

مېنىڭچە، باشقا رايون، يېزىلاردىمۇ لۇكچەك، ئوغرىلارنى ئىنقىلاب خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغا ئوخشاش يىغىۋېلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا ئاپىرىپ ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىش كېرەك. ئۇلارنى ئۇرمۇش داۋامىدا ئۆزگەرتىپ، ئوغرىلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئەمگەك قىلىپ ياشايدىغان قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا يېزىلىرىمىزدا ياخشى تەرتىپ تۇرغۇزالايمىز. (ئالقىش)

## بەشىنچى، پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارغا تەھدىت سېلىش مەسىلىسى

يەر ئىجارىسى مەسىلىسى، قەرز مەسىلىسى، سۇ مەسىلىسى، باغ ـ جىيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى دېھقانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولدى، دېھقانلار بۇنىڭدىن خۇشال بولدى، بۇنى ئالقىشلىدى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى پومېشچىكلار ئۈچۈن پايدىسىز بولدى، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولمىدى، بۇنى ئالقىشلىمىدى. شۇڭا پومېشچىكلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى، ئۆسۈمنى كېمەيتىش مەسىلىسى، سۇ مەسىلىسى، باغ ـ جىيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ، دېھقانلار سىنىپى ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

دېھقانلار سىنىپى پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن فېئودال كۈچلەرگە قارشى قىلچە ئىككىلەنمەي قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. دېھقانلىرىمىزغا مەدەت بېرىدىغان ۋە يۆلەك بولىدىغان قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بار، كىمكى دېھقانلارنى ئەزمەكچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماقچى، بوزەك قىلماقچى بولىدىكەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز ئۇلارغا قارشى تۇرىدۇ، ئۇلارنى يوقىتىدۇ. (ئالقىش)

ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ياردەم بەرگەن گومىنداڭ ـ جياڭ جيېشىنىڭ 8 مىليون كىشىلىك ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنى يوقىتالىغان قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى فېئودال كۈچلەرنى يوقىتىشقىمۇ جەزمەن قادىر، بۇنىڭدا شەك يوق. (ئالقىش)

ئاخىرىدا، ۋەكىل يولداشلارنىڭ قايتقاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلىشىڭلارنى، ھەممىڭلارنىڭ نەمۇنىچىلەردىن بولۇپ قېلىشىڭلارنى، ھەربىر كەنت، ھەربىر يېزا، ھەربىر رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى پاتال يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، بۇ يىل مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. (ئالقىش)

## 3. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارى

(1950 ـ يىل 5 ـ ئاي)

### بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارار

(1) قەشقەر ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش

توغرىسىدىكى قارارنى قەتئىي ئىجرا قىلىش. ئىشلەپچىقىرىشقا كومپيۇتېرلاشتۇرۇش سەپەرۋەر قىلىش، ھەممە ئادەم ئەمگەككە قاتنىشىش، ئىختىيار قىلىش ـ ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى ئاستىدا لايىقلاشتۇرۇش ئەمگەككە قاتنىشىش، ئىختىيار قىلىش ـ ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى ئاستىدا لايىقلاشتۇرۇش كۆرۈپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش. ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىسى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى مۇكاپاتلاش.

(2) ئۆز ئەمگىكى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، زىرائەت ئۆستۈرۈش ئۆسۈلىنى ياخشىلاپ، ھوسۇلنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، غەللە ـ پاراق ئالغاندا، ھالال ئەمگەك بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھوسۇل ئاشۇرۇلغان يەرلەرنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتمەسلىك.

(3) ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايدىغان بىكار تەلەت لۈكچەكلەرگە قارشى تۇرۇش. لۈكچەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇپ، ئەمگەك داۋامىدا ئۆزگەرتىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇپ تىنىملىق تىرىكلىشىشىغا پەيدىنپەي ياردەم بېرىش، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارنى ئازايتىش ۋە يوقىتىش.

(4) يەرلەرنى ئاق تاشلىۋېتىشكە رۇخسەت قىلماسلىق، ئاق تاشلىۋېتىلگەن يەرلەرگە خەلق ھۆكۈمىتى چارە كۆرىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ تېرىشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تېرىغان زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

(5) ياللىنغۇچىنىمۇ، ياللانغۇچىنىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرتى ئاستىدا، يىللىقچى، كۈنلۈكچى ياللاپ ئىشلىتىشكە يول قويۇش.

(6) تۆۋەن ئۆسۈملۈك (ئايلىق ئۆسۈم 2 فوڭ) قەرز بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدا يەتكۈزۈش.

(7) ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئائىلىنى گۈللەندۈرۈش، ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇش، يەرنى كەم تېرىسا ھوسۇلىغا ئىگە بولۇش، ئائىلە بايلىقى بىلەن دۆلەت بايلىقىنى كۆپەيتىشنى تەشەببۇس قىلىش.

(8) تېرىلغۇ كالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بۇزۇشقا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى مەنئى قىلىش، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش.

## ئىككىنچى، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى قارار

(1) پومپىچىك، زومىگەرلەرنىڭ سۇ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مىراپلارنى بىكار قىلىش، سۇ ھوقۇقىنى خەلق ھۆكۈمىتىگە بېرىش.

(2) ئىتتىپاقلىشىش ـ ئۆز ئارا ياردەم بېرىش روھى ئاستىدا، ھەر قايسى رايون، يېزا، كەنتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بەلگىلەنگەن ئېھتىياجغا قاراپ، دېموكراتىك مەسلىھەتلىشىش يولى بىلەن سۇنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ۋە سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىش.

(3) ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش، سۇغىرىشنى راۋانلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش، ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق كومىتېتلىرى دائىم كۆزدىن كەچۈرۈپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. پومپىچىك، زومىگەرلەرنىڭ سۇ ئوغرىلاش ، سۇ سېتىشتەك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. توگمىنى بارلار خەلقنىڭ سۇغىرىش ئىشىغا دەخلى قىلغان بولسا، سۇغىرىش ئىشلىرىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش مەۋسۇمىدا تۈگمەننى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشى كېرەك، بىراق تۈگمەننى بۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

(4) سۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىر تامچە سۇنىمۇ ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش.

(5) سۇ ماجىراسىنى يۇقىرى ئېقىندىكىلەر تۆۋەن ئېقىندىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش، سۇيى جىقلار سۇيى ئىسلارغا ئېتىبار بېرىش، بايلار كەمبەغەللەرگە ئېتىبار بېرىش، ئارمىيە ئاممىغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىش.

## 4 . رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى دېھقانلارغا يازغان جاۋاب خېتى ①

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقان يولداشلار:

سىلەرنىڭ بۇ يىل 3 - ئايدا يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن ۋاقىتتا ماڭا ئەۋەتكەن خېتىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، سىلەر پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بوپسىلەر، سىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، مول ھوسۇل ئېلىش شوئارى ئاستىدا، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ ئېلىپ بېرىپ، ئۆزەڭلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىڭلارنى ياخشىلىشىڭلارنى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزەڭلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىڭلارنى قەدەممۇ قەدەم ئۆستۈرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماۋ زېدۇڭ

1952 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

## قوشۇمچە

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلارنىڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يوللىغان سالام خېتى

### ماۋ جۇشىغا خەت

سالام ساڭا، ماۋ جۇشى،
پاختەكلە دېگەن يەردىن.
زامانىڭدا كۈچ تاپقان،
ئازاد دېھقان خەقلەردىن.

بىزنى دەردتىن قۇتقۇزۇپ،
ئازادلىقنى سەن بەردىڭ.
سەن بولمىساڭ بۇ كۈننى،
تاپالايتتۇق بىز نەدىن؟...

---

① 1952 - يىلى ئەتىيازدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پاختەكلە يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى سىنىقى غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندا، پۈتۈن يېزىدىكى دېھقانلار 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا قاتناشقان دېھقانلار ماۋ جۇشىغا يازغان داستان شەكلىدىكى سالام خەتنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماۋ جۇشى ئۆزى ئىمزا قويۇپ جاۋاب خەت ئەۋەتتى.

بۈگۈن سېنىڭ دەۋرىڭدە،
بىزنىمىزدا توي بولدى.
بىزلەر كۈلدۇق، دۈشمەنلەر —
بىتچىت بولدى، خوي بولدى.

بۇ ئازادلىق زاماندىن،
ھوزۇر ئالدى يۈرەكلەر.
تىرىكتاپنى بېقىشتىن،
ئازاد بولدى بىلەكلەر.

ئازاد قولدا يازدۇق بىز،
ساڭا ئاتاپ بۇ خەتنى.
دەردىمىز ھەم بەختىمىز،
پۈتۈلگەن شۇ ھۆججەتنى؛

* * *

ئۇزاق ئاتام زاماندىن،
تەڭلىك يوقتى بۇ يۇرتتا.
تىرىكتاپلار دەستىدىن،
كۆيگەن ئىدۇق بىز ئوتتا.

نۇرغۇن ھۆكۈمەت ئۆتتى،
بىزلەرگە قىلىپ زورلۇق.
شۇنچە كەڭرى دۇنيادىن،
بىزلەر كۆرمىدۇق خوشلۇق.

پاختەكلىدە ئىشلەيتتۇق،
زەيكەشلىكتە، شاللىقتا،
ھالاۋەت كۆرمەستىن،
كۈن ئۆتتى سامانلىقتا.

جاپاسىنى بىز تارتتۇق،
پاختەكلىدە ئاش تېرىپ.
غوجام ئۈستى خامانىنى،
بىزلەر قالدۇق باش تېرىپ.

ئىشلەپ ھېرىپ كەچ كۈزدە،
قايتتۇق ئۆيگە قاپ قۇرۇق.
قىش ـ زىمىستان باشلانسا،

زار يىغلايتتۇق ئاھ ئۇرۇپ.

بىر ياقتىن سوغۇق دەردى،
بىر ياقتىن قورساق دەردى.
باغرىمىزنى قان قىلدى
بىر ياقتىن تاياق دەردى.

بالىلىرىمىز چىدالماي،
تىترەپ قاقشاپ نان دەيتتى.
كېسەل بولۇپ سارغىيىپ،
ۋاي جان دەيتتى، جان دەيتتى.

بەگ، دوغا كېلىپ بىزنى،
دۈشكەلەيتتى، سەتلەيتتى.
تېز بەرمىسەك سېلىقنى،
"مالىڭ، يامۇلدا يات!" — دەيتتى.
"ھېچ بىر نېمەڭ بولمىسا،
بالىلىرىڭنى سات" — دەيتتى.
يىغلاپ، قاقشاپ يېلىنساق،
"پېشانەڭگە پۈتۈلگەن —
جازايىڭنى تارت— " دەيتتى.
غىدىڭ ـ پىدىڭ دەپ قويساق،
چېرىكلەرگە ھۆكۈمەت:
"مىلتىق بىلەن ئات " —دەيتتى.
زارلاپ ئەسكى زاماندىن،
تالاي يوقسۇل تەمتىرەپ،
خۇدا دەيتتى، داد دەيتتى.
تالاي يوقسۇل غەزەپتە
ھەسرەت يۇتۇپ ئىچىگە،
"ئامان بولساق...
خەپ!..." — دەيتتى.

بۇ كۆلپەتنىمۇ ئاز دەپ،
تىنماي تۆتتى ھاشارغا.
چۆللەردە جەسەت قالدى،
بالا كېلىپ باشلارغا.

تازا ماتا كۆرمىگەن،

بىزنىڭ پېقىر ئۆستىمىز.
تىرىكتاپقا قۇل بولغان
بىزنىڭ يەتىمىش پۇشتىمىز.

ھەيۋە بىلەن قورقۇتقان
زومىگەر شۇم ئالۋاستى.
نارىسىدە قىزلارنى
قىلاتتى ئاياغ - ئاستى.

كېچە - كۈندۈز تىنىم يوق،
يا ھوسۇلدا ئۈنۈم يوق.
بىر ناننى پۈتۈن يېسەك،
زالىم ئالدىدا كۈن يوق.

قاقشاش بىلەن ئۆتكۈزدۇق
كېچە بىلەن كۈندۈزنى.
بىز بېقىپ سۆڭەك بولدۇق
يەتتە باش يەلمۇڭگۈزنى.

ئاش - ناندىنمۇ ئايرىلدۇق،
ماكاندىنمۇ ئايرىلدۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن
تېنەپ - تەمتىرەپ قالدۇق.

ئالاي جانلار گۇناھسىز
تېنىدىن جۇدا بولغان.
مۇتتەھەملەر ئالدىدا
ياشاشمۇ گۇناھ بولغان.

تۈگىمەيدۇ ئېيتقانغا
تارتىپ ئۆتكەن كۈلپەتلەر.
ئاز قالغان ئىدى بىزنى
يەپ بولغىلى بۇ دەردلەر

ئاشۇ ئېغىر ئازابتىن،
شۇملۇق قارا دوزاختىن.
ئازاد قىلدىڭ، ماۋ زېدۇڭ،
يادلاپ بىزنى ئۇزاقتىن.

سەن باش بولغان گۇڭچەندالڭ
بىزگە بەخت، ئاتا قىلدى،
سانسىز كەمبەغەللەرنى
زۇلۇمدىن ئادا قىلدى.

كومىنداڭنىڭ ھۆكمىنى
يوق قىلدى، بىكار قىلدى.
بارچە كەمبەغەللەرگە
"ئويغان!" دەپ جاكار قىلدى.

قارا زىندان بۇزۇلدى،
زەنجىر، كىشەن ئۈزۈلدى.
ئەسكىلىكنىڭ ئورنىغا
يېڭى زامان تۈزۈلدى.

بەختىمىزنىڭ يۇلتۇزى —
گۇڭچەنداڭنى دوست بىلدۇك،
زالىملارنىڭ ئۈستىدىن
ئاخىر تاپتۇق ئۈستۈنلۈك.

كادىرلار چىقىپ كەلدى
ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ.
زالىملار تىپىرلاشتى
قېچىشقا تۆشۈك ئىزدەپ.

كادىرلارنىڭ ئالدىدا
دەردىمىزنى تۆكتۇق بىز.
ئازادلىقنىڭ يولىدا
جېنىمىزنى تىكتۇق بىز.

بىز ئۈملىشىپ، دۈشمەنگە
راسا بەردۇق دەككىنى.
بېسقتۇردۇق كۆرەشتە
زومىگەردىن ئىككىنى.

ئېلىنۋالدى دەردمەنلەر
ئۇ شۇملاردىن ئۆچىنى.

بۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىز،
بىر بوشاتتى ئىچىنى.

ئىجارىمۇ كېمەيدى،
جازانىمۇ يوقالدى.
شۇندىن كېيىن پاختەكلە
ئازاد يېزا ئاتالدى.

* * *

ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىغا،
يەنە كەلدى كادىرلار.
بەختىمىزگە باشلىدى،
ئىسلاھاتنى بالدۇرلا.

تەۋرەپ تاشتى يېزىمىز،
زەپ قىزىق كۆرەش بولدى.
پومېشچىك دېگەنلەرنىڭ،
تىللىرى كېكەش بولدى.

ھەممە ھوقۇق بېرىلدى،
كەمبەغەل ھەم باتراققا.
ئوتتۇرا① بىلەن دوست بولۇپ،
ئۇيۇشتۇردۇق ئەتراپقا.

بايلارغا گەپ قىلمىدۇق،
پومېشچىك يېدى سوققا.
ئورۇن قالمىدى ئەمدى،
قان ئىچكۈر تىرىكتاپقا.

چىقىپ كەتتى كۆرەشتە،
پومېشچىكنىڭ رەسۋاسى،
تەگدى دەللىگەن يەرگە،
كەمبەغەلنىڭ پەشۋاسى.

كۆرەش بىلەن يۇكتۇردۇق
پومېشچىكنىڭ تىزىنى.

① ئوتتورا - "ئوتتۇرا دېھقان" دېگەن سۆز بولۇپ، دېھقانلارنىڭ سىنىپىي تەركىبلىرىدىن بىرى.

تازا ئالدۇق يامىنىنىڭ،
خامىرىدىن بېزىنى.

ھېسابلاشتۇق بىر باشتىن،
ھەققىمىزنى ئۇندۇردۇق.
مەن - مەن دېگەن غوجامنى،
ھۆكمىمىزگە كۆندۇردۇق.

ئادالەتلىك يول بىلەن،
يەر، سايماننى بۆلۈشتۇق.
ھەممە نەرسە تېگىسىگە،
ياندى دەپ خوش بولۇشتۇق.

شۇنداق قىلىپ ھەيدىدۇق،
قېرى ھەم ئېغىر دەردنى.
قورۇۋالدۇق ئۆزىمىز،
ھەق - ئادىل ھۆكۈمەتنى.

يەر كۆردۇق، ماكان كۆردۇق،
ھەم يېڭى چاپان كۆردۇق.
بىزلەرگە قورال بەرگەن،
زەپ ئادىل زامان كۆردۇق.

بىز سېغىنغان ھۆر زامان،
يالغان ئەمەس، راست كەلدى.
خۇشلۇق سىغماي قىنلارغا،
كۆزىمىزگە ياش كەلدى.

يېزىمىزدا توي قىلدۇق،
تەبرىكلەپ ئۇتتۇقلارنى.
ياغدۇردى بۇ تويىمىز،
زوق ئۈستىگە زوقلارنى.

بۇ ئۇتتۇقنى بىزگە بەرگەن،
سەن ئۆزۈڭ سەن داھىمىز.
خىسلىتىڭدىن نۇرغا تولدى،
ئەمدى بىزنىڭ بېغىمىز.

خۇشلىقىمىز توگىمەس،

ئېيتساق مىڭدىن بىرىنى،
قوندۇرمايمىز بەختىمىزگە،
ئەسكىلىكنىڭ كىرىنى.

بىلىمىز بىز بۇ ئازادلىق
دەۋرىمىزنىڭ قەدرىنى.
ئەمدى زادى تارتمايمىز،
يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى.

ئەمدى بىزنىڭ ئۆمرىمىز،
ھېچ مەنىسىز ئۆتمەيدۇ.
ئىشتا تۆككەن تەرىمىز
زادى بوشقا كەتمەيدۇ.

قايناق زوقلار قوينىدا
بىزنىڭ ھەربىر ۋاقتىمىز.
ئەنە، پارلاپ تۇرۇپتۇ،
ئەتە كۈنكى بەختىمىز.

ئەمدى ئۆتكۈر سۆزىمىز،
جاراڭلايدۇ سازىمىز.
ئەي سۆيۈملۈك داھىمىز،
سەندىن تاغدەك رازى بىز!

سەن ياراتقان بۇ زامان
ھۆر زامانە كەڭتاشا.
داھىمىز ماۋ جۇشىمىز
بول ئامان، مىڭ ـ مىڭ ياشا!...

1952 ـ يىل 23 ـ مارت

# 5. ماۋ جۇشىنىڭ سەمەن رايونىنىڭ «يېزا - كەنت كادىرلىرى كوپېراتىپ قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دېگەن ماقالىغا يازغان تەھرىر ئىلاۋىسى①

تەھرىر ئىلاۋىسى:

«يېزا - كەنت كادىرلىرى كوپېراتىپ قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دېگەن ماقالا شىنجاڭ «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتىنىڭ 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان. بۇنىڭغا يېزىلغان تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇ — بىر ياخشى ماقالە. بۇماقالىنى ئوقۇسا، كىشى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىش ئاكتىپلىقىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار يېرىم سوتسىيالىستىك كوپېراتسىيىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك كادىرلارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىققان. بەزىلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. بىز موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، مياۋزۇ، جۇاڭزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ بىر مۇنچە كوپېراتىپ قۇرغانلىقىنى ياكى بىر قانچە مىللەت خەلقى بىرلىشىپ قۇرغان كوپېراتىپلارنى ھەمدە نەتىجىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى كۆردۇق، مانا بۇلار — ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ خاتا قاراشلىرىغا بېرىلگەن رەددىيە.

## قوشۇمچە

### يېزا - كەنت كادىرلىرى كوپېراتىپ قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە

### قىيىنچىلىق ئالدىدا

1955 - يىلى ئەتىيازدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى سەمەن رايونلۇق كومىتېتى 1955 - يىلى قىش ۋە 1956 - يىلى ئەتىيازدا 30 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇش پىلانىنى تۈزدى ۋە تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. يازلىق يىغىمدىن كېيىنكى ئالدىن تەقسىمات ۋاقتىدا، رايونلۇق كومىتېتنىڭ دۇچ كەلگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىق ئالدىدا بۇ پىلانىنى ئورۇنداش ئىشەنچىدە تەۋرىنىش بولدى. يازلىق يىغىمدىكى ئالدىن تەقسىماتتىن كېيىن، ئامىمىنىڭ كوپېراتىپقا كىرىش كەيپىياتى ئىنتايىن يۇقىرى بولدى، نۇرغۇن ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كونا كوپېراتىپلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە كونا كوپېراتىپلارنىڭ ئەزالىرىنى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ۋە تەقسىمات ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ

---

① 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتىگە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونىدا كوپېراتىپتا تۇرۇۋاتقان كادىر يې خەن يازغان «يېزا، كەنت كادىرلىرى كوپېراتىپ قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دېگەن ماقالە بېسىلدى. ماۋ جۇشى بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن تەھرىر ئىلاۋىسى يازدى، بۇ ئىلاۋە «جۇڭگو يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك دولقۇن» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

قىلدى. نۇرغۇن گۇرۇپپا ئەزالىرى ۋە يەككە دېھقانلار كونا كوپېراتىپلارغا كوپېراتىپقا كىرىش ئىلتىماسى تاپشۇردى. كوپېراتىپقا ئۆزگىرىش تەييارلىقىدا تۇرۇۋاتقان بەزى دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى رايونغا بېرىپ، كۆزلۈك بوغداي تېرىلغۇسىدىن ئىلگىرى كوپېراتىپنى قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. رايونلۇق كومىتېت تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كوپېراتىپلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاممىۋى شارائىتى تولۇق ھازىرلىنىپتۇ دەپ قاراپ، ئىشەنچىنى كۈچەيتتى، بىراق دادىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يەنىلا بەل باغلىيالمىدى، چۈنكى رايوندىكى بىر نەچچە رەھبىرىي كادىر بۇ چاغدا بىر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە، يەنى كوپېراتىپلارنىڭ رەھبەرلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق زور بىر تۈركۈم كوپېراتىپلارنى قۇرۇشقا جەزمەن كادىرلار رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك ئىدى، قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى يەنە كادىرلارغا تايىنىپ مۇستەھكەملەش كېرەك ئىدى. بىراق رايوننىڭ شتاتىدا ئاران 16 كادىر بار ئىدى. بۇنىڭدىن مەخسۇس مەمۇرىي خىزمەت ئىشلەيدىغان بىر نەچچە كادىرنى ۋە رايوندا تۇرۇپ ئومۇمىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغان 2 رەھبىرىي كادىرنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەقىقىي يېزىغا بېرىپ كونكرېت خىزمەت ئىشلەيدىغان كادىر 10 دىن ئاشمايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرلىرىنىڭ بىر قىسمى يازلىق يىغىمدىن كېيىن قايتىپ كېتىدىغان بولۇپ، 26 كونا كوپېراتىپ يازلىق يىغىمدىكى ئالدىن تەقسىماتتىن كېيىن، يىللىق تەقسىماتقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى، يەنە كونا كوپېراتىپلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. رايونلۇق كومىتېت ھەر قانچە ئامال قىلىپمۇ، كوپېراتىپ قۇرۇشقا ئادەم چىقىرالمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار يۇقىرىدىن كادىر تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى (يۇقىرى كادىر بەرسە، كوپېراتىپنى كۆپرەك قۇرۇش، كادىر بەرمىسە ئازراق قۇرۇش، كادىر بولمىسا كوپېراتىپنى قۇرغان بىلەنمۇ مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە قۇرمىغان تۈزۈك، دېگەن يەرگە كەلدى) . بىراق، يۇقىرىدىن تېزلا، كادىر كۆپەيتىشكە بولمايدۇ، دەپ جاۋاب كەلدى. شۇنداق قىلىپ رايونلۇق كومىتېتتىكى يولداشلار، بىردىنبىر چارە — كوپېراتىپنى ئازراق قۇرۇش، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق دېگەن يەرگە كېلىپ، پىلاننى قىسقارتماقچى، كۆزلۈك يىغىمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 12 كوپېراتىپ قۇرماقچى بولدى ھەمدە ھازىرقى كادىر شارائىتىدا مۇشۇ سان ئورۇندالسىمۇ ئاز بولمايدۇ دەپ قارىدى. بىراق، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كوپېراتىپقا كىرىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى بارغانسېرى ئۆرلىدى، رەھبەرلىكنىڭ كوپېراتىپنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىمۇ رايونغا توختىماي چۈشۈپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن رايونلۇق كومىتېتتىكى يولداشلار بۇ مەسىلىنى قايتىدىن ئويلىشىشقا مەجبۇر بولدى. رايون 30 كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا ئەتىيازدىن تارتىپلا كىرىشكەن تۇرسا، بۇنى ئۆزگەرتىشكە نېمە ئاساس بولسۇن؟ رايونلۇق پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم ئۇزاقتىن بېرى يېتىشتۈرۈپ، ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان ئوقتىلىق رايوننىڭ كوپېراتىپلىشتۇرۇش قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قويۇشقا نېمە ئاساسى بولسۇن؟ زادى كوپېراتىپنى دادىل كۆپەيتىپ قۇرۇپ، ئاممىنىڭ كوپېراتىپقا كىرىش تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياكى كادىر ئاز دەپ پىلاننى قەتئىي قىسقارتىش كېرەكمۇ؟ ئەگەر دادىل كۆپەيتىشكە توغرا كەلسە، رەھبەرلىك مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ رايونلۇق كومىتېتتىكى يولداشلار مۇشۇنداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنىدى.

## تۆۋەنگە نەزەر تاشلاش

يۇقىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى قەتئىي بولدى؛ رايونلۇق پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم سەمەن رايونىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، سانىنى قىسقارتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، كوپېراتىپنى دادىل كۆپەيتىش كېرەك، قىيىنچىلىقنى رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدى ھەمدە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ سىياسەت سەۋىيىسى بىلەن خىزمەت ئىقتىدارىنى

يېتەرلىك مۆلچەرلەش كېرەك، دەپ ئالاھىدە كۆرسەتتى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، رايوندىكىلەر ماۋ جۇشىنىڭ رايونلۇق پارتكوم يەتكۈزگەن «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى. شۇنىڭ بىلەن رايونلۇق كومىتېتتىكى يولداشلار نەزىرىنى يېزا - كەنت كادىرلىرىغا قارىتىپ، كوپېراتىپ قۇرۇشتا يېزا، كەنت كادىرلىرىغا تايىنىپ رەھبەرلىك قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار چوڭقۇر ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغانلىقىنى بايقىدى. رايوندىكى كەڭ يېزا - كەنت كادىرلىرى ئۆتكەندىكى كۆپ قېتىملىق ھەرىكەت داۋامىدا ئۇزاق مۇددەتلىك چېنىقىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى ئومۇمەن بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى. 9 يېزىنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ، يېزا بويىچە 100 دىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ رايوندا ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى بالدۇرراق قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، ھەممە يېزىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى بار ئىدى، يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقانىدى. رايوندا ئۇيۇشتۇرۇلغان (4، 10) تۈزۈمىدىكى ئۆگىنىش ۋە يېزا پارتىيە ياچېيكىلىرى ئۇيۇشتۇرغان پارتىيە دەرسى ئۆگىنىشى يېزا - كەنت كادىرلىرىنى دائىملىق تەربىيىگە ئىگە قىلغانىدى. ئۇلار كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ كونكرېت سىياسەتلىرىگە ۋە خىزمەت ئۇسۇلىغا بىر قەدەر پىشىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئادەتتە كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە ئۆز ئالدىغا رەھبەرلىك قىلالايتتى. 26 كونا كوپېراتىپتىكى ئاساسلىق تايانچىلار كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن پىششىق ئىدى. ئۇلارنى كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ رەھبىرىي كۈچى قىلىشقا بولاتتى، قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان يېڭى كوپېراتىپلارغا كەلسەك، ئاما كوپېراتىپ قۇرۇش ئۈستىدە ئۇزاقتىن غۇلغۇلا قىلىپ كېلىۋاتقان، رايون، يېزا رەھبەرلىكى كادىرلارنى ئۇزاقتىن تەربىيىلەپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ شارائىتى ئىلگىرى كوپېراتىپ قۇرغان ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا ئومۇمىيۈزلۈك پىشىپ يېتىلگەنىدى. يېزا - كەنت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئەھۋالنى پىششىق بىلەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئاممىا بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىشى، ئاممىنى قوزغىشى ۋە كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى سىرتتىن كەلگەن كادىرلارغا قارىغاندا ئاسانغا چۈشەتتى. شۇڭا، مۇشۇ كۈچ توغرا ئىشقا سېلىنسىلا، كوپېراتىپ قۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىنى تامامەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولاتتى. بۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقان رايونلۇق كومىتېتتىكى يولداشلارنىڭ ئىشەنچى زور دەرىجىدە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دادىللىق بىلەن 1955 - يىلى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىن 36نى قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىدى ھەمدە كۈزلۈك يىغىم بىلەن قىشلىق تېرىم ئالدىدا 22 كوپېراتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى. يېزىمۇ يېزا تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇ سانىنى كۆپەيتىپ 25 قىلىپ بېكىتتى. يېزا - كەنت كادىرلىرى كوپېراتىپ قۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلدى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە يېرىم ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى. كوپېراتىپ قۇرۇش داۋامىدا، يېزا - كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، بىر كوپېراتىپ كۆپەيتىپ قۇرۇلدى؛ شۆبە قىلىپ قۇرۇلغان 3 كوپېراتىپنى قوشقاندا، رايون بويىچە 29 كوپېراتىپ كۆپەيدى، كوپېراتىپقا يېڭىدىن كىرگەن دېھقان ئائىلىسى 700 نەچچىدىن ئاشتى، بۇ قېتىمقى كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە يېزا كادىرلىرىدىن 26 سى، كەنت كادىرلىرىدىن 29ى، كوپېراتىپ كادىرلىرىدىن 28ى قاتناشتى. بۇ قېتىم يېڭىدىن قۇرۇلغان كوپېراتىپلار ئومۇمەن تەلەپكە ئۇيغۇن بولدى. ئاساسىي ئالاھىدىلىك شۇكى، ئاممىنى قوزغاش ۋە كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تېز، ۋاقىت قىسقا، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى بولدى. كەنتلەردە كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشتىكى بوشاڭلىق ئەھۋالى تېزلا تۈگەپ، جىددىي ئەمگەك قىلىدىغان يېڭى كەيپىيات دەرھال بارلىققا كەلدى. %80 كوپېراتىپ 1955 - يىلى قىشتا بۇغداي يېرىنىڭ ھەرموسىغا 35 تاغاردىن ئوغۇت چېچىپ، شۇ يەردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ سەۋىيىسىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ گەرچە

ئاساسەن ئۇزاق تەييارلىقنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىنمۇ ئايرىلمايدۇ. كوپېراتىپ قۇرۇش داۋامىدا بەزى مەسىلىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن ھەل قىلىنمىغان. كوپېراتىپنىڭ نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلمىغان بولسىمۇ، بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تامامەن تولۇقلاپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇ پاكىت پۈتۈن رايوندىكى يولداشلارنىڭ يېزا ـ كەنت كادىرلىرىغا ئىشەنمەسلىك ئىدىيىسىگە بېرىلگەن كۈچلۈك تەنقىد بولدى، پۈتكۈل خىزمەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى رايون رەھبەرلىرى ئۈچۈن جانلىق تەربىيە بولدى.

## قانداق دادىل ئىش كۆرۈلدى

يېزا ـ كەنت كادىرلىرى مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇندىيالىدىكى، ئۇلار رايون رەھبەرلىكىنىڭ تەربىيىسى ۋە ياردىمىدە، ئىلگىرىكى كوپېراتىپ قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، توغرا رەھبەرلىك پوزىتسىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، توغرا رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئىگىلىدى. سەمەن رايونى يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمەتنى ئاكتىپ ۋە توغرا ئېلىپ بېرىشىغا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

1. ئۆتكەندىكى خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنى كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. رايونلۇق كومىتېت كوپېراتىپ قۇرۇشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال ھەر قايسى يېزىلارغا بېرىپ كوپېراتىپ قۇرۇش نۇقتىلىرىنى ۋە تايانچىلارنى تەكشۈرگەندە، كوپېراتىپ قۇرۇش نۇقتىلىرىنى قانداق قىلىپ ئوبدان تاللاپ چىقىش، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش، تايانچىلارنى قانداق تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە تەپسىلىي مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە يېزا كادىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، خىزمەتنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ۋە ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە يېزا كادىرلىرىنىڭ كوپېراتىپ قۇرۇشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى قانداق ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

2. كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئېنىق تاپشۇردى. رايونلۇق كومىتېت كوپېراتىپ قۇرۇشتىن ئىلگىرى، كونا كوپېراتىپلارنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئاممىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، يېزا كادىرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈرلۈك كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئاددىي، چۈشىنىشلىك پىكىر تەييارلاپ، ئۇنى ھەر قايسى يېزىلارغا بېسىپ تارقاتتى ھەمدە يېزىلاردىكى ئاساسلىق كادىرلارنى رايونغا يىغىپ ماددىمۇ ماددا ئۆگىنىشكە ۋە مۇزاكىرىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن كادىرلار بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى سىنىپىي لۇشيەنىنى ۋە كوپېراتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدىكى ئىختىيار قىلىش ـ ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قانداق قىلىپ بۇ سىياسەت، پرىنسىپلاردىن پايدىلىنىپ كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇلار يېزا ـ كەنتلەرگە قايتقاندىن كېيىن رەھبەرلىك يەنە ئۇلار يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ۋە سىياسەتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى ئېغىشلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىشكە دىققەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇشۇ يېزىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان كوپېراتىپ نىزامنامىسى — «نۇر» كوپېراتىپىنىڭ نىزامنامىسىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن يېزىلارغا تارقىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت داۋامىدا سىياسەتنى ئاڭلىق ئىگىلەپ مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

3. پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشىگە ياردەم بەردى. بۇ قېتىم كوپېراتىپ قۇرۇشتا، پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى رەھبەرلىك قىلىش، ھەربىر يېزا كادىرى، پارتىيە ئەزاسى بىر كەنت،

بىر كوپېراتىپنى ئۆز ئالدىغا ئۆتتۈش ئۇسۇلىغا تايىنىلسا، بەزى مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلاپ، تولۇق تونۇپ يېتەلمەسلىك مەۋجۇدىن خىزمەتتە يېتەرسىزلىك ۋە ئېغىش يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا رايونلۇق كومىتېت 1955 - يىلى كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى باشلاش بىلەنلا كوللېكتىپ رەھبەرلىك مەسىلىسىنى تەكىتلىدى، كوپېراتىپ قۇرۇش نۇقتىسىنى ۋە تايانچلارنى پارتىيە ياچېيكىسى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشنى بەلگىلىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنىمۇ پارتىيە ياچېيكىسى قەرەللىك مۇزاكىرە قىلىپ تۇردى ھەمدە ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. ئالدى بىلەن، پارتىيە ياچېيكىسى يىغىنىدا خىزمەتنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى، كەنتلەرنىڭ پىلانى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، يېزا كادىرلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەندى. كوپېراتىپ قۇرۇش داۋامىدا، ھەر قايسى كوپېراتىپلارنىڭ ئائىلە سانى، تەركىبى، ھەربىر كونكرېت مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى، كوپېراتىپنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى بىلەن رېۋىزىيە ھەيئىتى نامزاتلىرىنىڭ ئىسمىلىكى توغرىسىدا ھەر قايسى كەنتلەرنىڭ مەسئۇللىرى پىكىر قويۇپ، پارتىيە ياچېيكا ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇندى، ئاندىن كوپېراتىپ ئەزالىرى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى. خىزمەت داۋامىدا تۇغۇلغان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن پارتىيە ياچېيكىسىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرۇلدى.

4. سەييارە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ، كەمچىلىكلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى، ئاجىز ھالقىلارغا كونكرېت ياردەم بەردى. كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، رايونلۇق كومىتېتنىڭ كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل 3 ئەزاسى ھەر كۈنى يېزىلارغا بېرىپ كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتىنى سەييارە تەكشۈرۈپ تۇردى، رايونلۇق كومىتېت ئەزاسى ھەربىر يېزىنى 2 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇردى، ئۇلار مەسىلىلەرنى بايقىغان ۋە ھەل قىلغاندىن كېيىن، رايونلۇق كومىتېت ئەزالىرى باش قوشۇپ ئەھۋال ئالماشتۇرۇپ تۇردى. ئاندىن كېيىن ئۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنى بۆلۈنۈپ يەتكۈزدى ۋە ئىجراسىنى تەكشۈردى. بەزىدە بەزى يېزىلاردا مەسىلىنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى بايقىسا، ئۆزلىرى بىۋاسىتە ياردەملىشىپ پارتىيە ياچېيكىسى يىغىنى ياكى يېزا كادىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا ئىدىيىنى ئۆستۈرۈش، سىياسەتنى ۋە رەھبەرلىكنىڭ پىكرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. شۇنداق قىلىپ، يېزا كادىرلىرىنىڭ قىيىنچىلىقنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە سىياسەتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا چوڭراق ئېغىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالدى. بۇ قېتىم كوپېراتىپ قۇرۇش مەزگىلىدە خىزمەت جىددىي، دائىرە كەڭ، رەھبىرىي كادىرلار كەم ئىدى، ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشىگە بولمايتتى. شۇڭا بىر تۇتاش مۇھاكىمە قىلىش، سەييارە تەكشۈرۈش كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن رايونلۇق كومىتېت يولغا قويغان مۇھىم رەھبەرلىك ئۇسۇلى بولدى.

5. يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ كوپېراتىپ قۇرۇش داۋامىدا سادىر قىلغان خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلدى. ھەمكارلىشىش - كوپېراتىپلىشىش راسا تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە يېزا - كەنت كادىرلىرىدا تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ئاساسىي خاتالىق — چوڭ ۋە كۆپ بولۇشنى قوغلىشىپ، سۈپەتكە سەل قاراش. ئايرىم كادىرلاردا بۇيرۇقچىلىق قىلىش، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلىشقا ئوخشاش سىياسەتكە خىلاپ ئەھۋاللار كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئەھۋالنى ئاساسەن ۋاقتىدا تېز تەربىيە بېرىپ تۈزىتىش كېرەك ئىدى، بىراق كادىرلارنى كەلسە - كەلمەس ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى سۇندۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. بۇ قېتىم كوپېراتىپ قۇرۇش داۋامىدا، يېزا - كەنت كادىرلىرى ئىچىدە بىر مۇنچە يولداشلار پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى تولۇق چۈشىنىپ

كېتەلمىدى. كوپىراتىپنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى بىر تەرەپلىمە تەلەپ قىلىپ، ئېڭى يۇقىرى بولمىغان كىشىلەرنى كوپىراتىپقا قوبۇل قىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. بەزىلەر يەنە باي ئائىلىلەرنى زورىغا قولغا كەلتۈرىدىغان، كەمبەغەل ئائىلىلەرنىڭ كوپىراتىپقا كىرىشىنى چەتكە قاقىدىغان كەيپىياتتا بولدى. رايونلۇق كومىتېت رەھبەرلىكى بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ھەمىشە سەۋرچانلىق بىلەن قائىدە سۆزلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇ كادىرلارغا پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئېنىق تونۇتتى. مەسىلەن: مەلۇم بىر كەنتتە ئۈچرەتتە تۇرۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدۇرۇشتەك ئېغىر بۇيرۇقچىلىق ئەھۋالى كۆرۈلدى، پارتىيە ياچېيكىسى بۇ ئەھۋالنى تۈزىتىش ۋاقتىدا، كەنت كادىرلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىمەي، ئۇلارغا سىياسەتنى ئايرىم چۈشەندۈرۈپ، مەسىلىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تۈزەتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ ھەم خاتالىقنى تۈزەتتى، ھەم يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداپ قالدى. بىزنىڭچە، بۇنداق رەھبەرلىك ئۇسۇلى ناھايىتى ياخشى.

# ئىككىنچى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1991 — 1998 - يىلغىچە ئاساسىي ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى

## 1991 - يىل

### 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1991 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 288 مىليون 877 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 275 مىليون 95 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45.8% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۈۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 450 مىليون 383 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 436 مىليون 285 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 32.4% ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 260 مىليون 344 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 251 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 35.8% ئاشتى. مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 8 مىليون 177 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 37 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 305 مىليون 827 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 297 مىليون 9000 يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.8% ئاشتى. تېرىلغۇ يەر 656 مىڭ 300 مو بولدى. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 126 مىڭ 864 توننىغا يېتىپ، 8.5% ئاشتى؛ پاختا 14 مىڭ 25 توننىغا يېتىپ، 73.21% ئاشتى؛ ياغلىق دان 4441 توننىغا يېتىپ، 2.66% ئاشتى. 19 مىڭ 521 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 2 مىليون 940 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 2339 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 33 مىڭ 372 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 518 مىڭ 600 تۇياق بولدى؛ 488 توننا چۈپۈر، قوي يۇڭى، 670 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 3 توننا

تۆگە يۇڭى، 85 مىڭ 300 پارچە قوي ـ ئۆچكە تېرىسى، 4100 پارچە كالا تېرىسى ئېلىنىدى. 72 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 24 مىڭ 419 توننا (ناتۇرال مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا) خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى؛ يېزىلاردا 11 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 45 مىڭ 501.26 كىلوۋات بولدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 408 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. ناھىيە ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 43 مىليون 554 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون 560 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 86 مىليون 950 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 41.4% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 56 سانائەت كارخانىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 11، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 45. بىر يىلدا 6 مىليون 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 10 مىڭ 121.9 توننا پاختا پىششىقلاندى، 355.2 توننا يىپ ئېگىرىلدى، 4420.3 توننا ئۇن، 1247 توننا سۇ يېغى تارتىلدى، 36 مىليون 870 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇلدى، 2050 دانە چويۇن مەش قۇيۇلدى، 902.3 توننا پىششىقلىما تۇز ئىشلەندى، 57.2 توننا ھەرخىل شىرشىم خورما ـ قاق، كونسېرۋا ئىشلەندى، قىسقا تالالىق پاختىدىن 742.9 توننا يىغىۋېلىندى. ئوغۇساق خىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 100 ـ نومۇرلۇق «كۆچلۈك» ماركىلىق خىش ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە 11 ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، گېنېراتور گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 5500 كىلوۋاتقا يەتتى، 35 مىڭ ئائىلىلىك دېھقان توك ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 13 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. باشقا ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلاردىن «رەڭلىك مېتال بىلەن قوغۇشۇن تاۋلاش تېخنىكىسى»، «يەرلىك ئۇسۇلدا سىنك تاۋلاش»، «خرۇستال كۆزەينەك تېخنىكىسى»، «پۇركومە گۆھەر، دېھقانچىلىق دورىسى»، «بوپۇرماق گۆھىرى، دېھقانچىلىق دورىسى» قاتارلىق 5 يېڭى تېخنىكا تۈرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭغا 1 مىليون 200 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. مۇشۇ يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى مىقدارى 1 مىليون 220 مىڭ ئادەم (قېتىم)، يۈك مىقدارى 3600 توننا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 180 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر بولدى. ناھىيە بويىچە 18 يېزا (بازار) نىڭ 15 ىنىڭ يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، مۇشۇ يىلى 49 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. يېڭىدىن بىر تاشيول كۆۋرۈكى سېلىنىدى، ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 699 مىڭ 600 يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن كوپېراتىپ سودىسىدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 58 مىليون 960 مىڭ يۈەن (دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 170 مىڭ يۈەن)، تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 124 مىليون 330 مىڭ يۈەن، ساپ سېتىلىش سوممىسى 58 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولدى. بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش سوممىسى 70 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولدى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى سوممىسى 9 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلى بەشكېرەم يېزىسى پاكىستانغا 150 توننا ئۈزۈم ئېكسپورت قىلدى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 576.09 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 8919 بولۇپ، يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 22 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلدا شەھەر ـ بازارلار گىش كۆتۈپ تۇرغانلاردىن 294 نى ئورۇنلاشتۇردى؛ يېزىلاردا 477 نامرات ئائىلە، 2004 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يىل ئاخىرىدا يېزا ـ بازارلاردىكى پۇقرالار ئامانەت پۇل قالدۇقى 66 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە قىبرىلار ساناتورىيىسىدىن 11 ى بولۇپ، 64 قىبرى بېقىلدى؛ يېتىملار مەكتىپى بىر بولۇپ 60 يېتىم بالا بېقىپ تەربىيىلەندى. مۇشۇ يىلدا ھەرخىل مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە ئومۇمىي سۇغۇرتىلاش

سوممىسى 254 مىليون 403 مىڭ يۈەن بولدى، 4 كارخانا كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 57 مىڭ 542 ئائىلە ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 3559 كىشى كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتىغا، 469 كىشى ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. بىر يىلدا ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتى ئىچكى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا دائىر تۆلەم دېلوسىدىن 359 نى بىر تەرەپ قىلىپ، 184 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 5000 يۈەن تۆلەم چىقىم قىلدى.

## 2. ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى پەن ـ تېخنىكا خادىمى 570، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 11. ناھىيە بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن ـتېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش يېزىسىدىن بىرى، ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىدىن 50ى، ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىدىن 3587سى بار؛ يېزىلىق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدىن 8ى، «زىرائەت دوختۇرخانىسى»دىن 5ى، يېزا دەرىجىلىك دېھقان تېخنىكلارنى تەربىيىلەش مەكتىپىدىن 4ى قۇرۇلدى. تۈرلۈك ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەتتىن 12 سى بولۇپ، 5997 ئەزاسى بار. بىر يىلدا ئەمەلىي تېخنىكا كۆرسىدىن 277 قارار ئېچىلىپ، 29 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، «يوپۇرماق كۆمىرى» دورىسى 60 مىڭ مو (قېتىم) غا كېڭەيتىلدى، ئۇنىڭ 9 مىليون 786 مىڭ 900 يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەرگەنلىكى ھېسابلاپ چىقىلدى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 188 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 187)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 47 مىڭ 607 (مىللىي ئوقۇغۇچى 47 مىڭ 353)، ئوقۇتقۇچى 1792 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 1769)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 23)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 8470 (مىللىي ئوقۇغۇچى 8313)، ئوقۇتقۇچى 780 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 750)، پارتىيە مەكتىپى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ ھەربىرىدىن بىرى بولۇپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 34، ئوقۇغۇچىسى 90. مۇشۇ يىلدا دېھقانلار ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 202 سى ئېچىلدى، 8772 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ، 6451 ئادەم ساۋاتلىق بولدى. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 4700 كۋادرات مېتىر دەرسخانا رېمونت قىلىنىدى، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە 12 يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى، 5 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك، يېزىلىق دوختۇرخانا (شىپاخانا) 20، زاۋۇت ـ كانلاردىكى داۋالاش ئورنى 6؛ دوختۇر 419، يېزا ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 252. كېسەل كارىۋىتى 756. مۇشۇ يىلى 2 مىليون 78 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كۆلىمى 4365 كۋادرات مېتىرلىق كېسەلخانا بىناسى بىلەن 994 كۋادرات مېتىرلىق يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇشى تولۇق پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن 24 قېتىم، 1566 مەيدان (قېتىم) ئۆتكۈزۈلدى، 97 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، كۆرۈرمەنلەر 250 مىڭدىن ئاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بىر تۈردە 1 ـ، 2 تۈردە 2 ـ، 2 تۈردە 3 ـ بولدى.

☆ 2 ـ ئايدا سايباغ يېزىسىدىن بۇلاقسۇ يېزىسى ۋە تاشمىلىق يېزىسىغا بارىدىغان تاشيولنىڭ 101 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ـ بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكى پۈتتى، 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

☆ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۆلىمى 6200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مۇنتىزىملاشقان خەلق ئەسكىرى مەشىق بازىسى پۈتتى.

☆ 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گېنېراتور گورۇپپا سىغىمى 1600 × 2 كىلوۋاتلىق قاپقا سۇ ئېلېكتىر

ئىستانسىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى، 2 - نومۇرلۇق گېنېراتور گورۇپپىسى (1600 كىلوۋات) ئىشقا كىرىشتى.

# 1992 - يىل

## 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1992 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 300 مىليون 825 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 315 مىليون 105 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.54% ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 263 مىليون 601 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 281 مىليون 276 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 11.7% ئاشتى. مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 9 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 36 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 321 مىليون 326 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 343 مىليون 460 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.64% ئاشتى. تېرىلغۇ يەر 644 مىڭ 700 مو، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 133 مىڭ 397 توننا، پاختا 15 مىڭ 812 توننا، ياغلىق دان 5344 توننا، مېۋە 38 مىڭ 629 توننا بولدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 551 مىڭ 300 تۇياق بولدى، 566 توننا قوي يۇڭى، چۈيۈر، 80 مىڭ 900 پارچە قوي - ئۆچكە تېرىسى، 566 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 2 توننا تۆگە يۇڭى، 4866 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. 21 مىڭ 990 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1305 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، پارچە - پۇرات يەرگە 2 مىليون 310 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 79 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 31 مىڭ 561 توننا (ناتۇرال مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا) خىمىيىۋى ئوغۇت، 1056 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 41.44 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. يېزىلاردا 5 مىليون 507 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 619 كىلوۋات بولدى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 883 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 43 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 104 مىليون 930 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 118 مىليون 390 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36.16% ئاشتى. سانائەت كارخانىسى 50، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 12، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 38. بىر يىلدا 12 مىليون 766 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 14 مىڭ 45 توننا ساپ پاختا پىششىقلاندى، 3. 455 توننا پاختا يىپ ئېگىرىلدى. 5. 3279 توننا ئۇن، 1577 توننا سۇ يېغى تارتىلدى، 45 مىليون 870 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇلدى. 2470 دانە چويۈن مەش قۇيۇلدى، 6. 898 توننا يودلۇق تۇز، 4. 123 توننا ھەرخىل مېۋە كونسېرۋاسى، 5. 176 توننا جىغان ئىچىملىكى ئىشلەندى. 6. 507 توننا قىسقا تىۋىت ئايرىۋېلىندى. قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىردىنبىر كاۋاك خىش قۇيۇش زاۋۇتى — ئوغۇساق كاۋاك خىش زاۋۇتى شۇ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، بىر قېتىملىق سىناقتىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بىر يىلدا تاشيولدىكى يولۇچى توشۇش مىقدارى 2 مىليون ئادەم (قېتىم)، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 524 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، يۈك توشۇش مىقدارى 23 مىڭ 500 توننا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 587 مىڭ توننا - كىلومېتىر بولدى. ناھىيە بويىچە 18 يېزا (بازار) دىن 17 سىدە ئاسفالتلىق تاشيول ياسالدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 173 كىلومېتىر. شۇ يىلى يېڭىدىن 50 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى؛ ئۇزۇنلۇقى

20 مېتىر كېلىدىغان بىر تاشيول كۆۋرۈكى سېلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 806 مىڭ 500 يۈەن بولدى.

بىر يىلدا تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 219 مىليون 660 مىڭ يۈەن، ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 134 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ساپ سېتىلىش سوممىسى 68 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 64 مىليون 170 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولدى. بازار سودىسىدا يۈتۈشۈش سوممىسى 81 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسى 13 مىليون 92 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9633، مائاش ئومۇمىي سوممىسى 29 مىليون 506 مىڭ يۈەن بولدى. يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 643 يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلى 76 ئائىلە، 307 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار - يېزا ئاھالىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 77 مىليون 939 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قېرىلار ساناتورىيىسى 11 بولۇپ، 94 كىشى بېقىلدى؛ يېتىملار مەكتىپى بىر بولۇپ، 40 يېتىم بالا يىغىپ بېقىلدى. تۈرلۈك مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ئومۇمىي سوممىسى 27 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولدى، 34 كارخانا كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 5948 كىشى كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتىغا، 4943 كىشى ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتى بىر يىلدا ئىچكى مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا دائىر تۆلەم دېلوسىدىن 401نى بىر تەرەپ قىلىپ، 400 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى، 3000 يۈەن جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلىمى تۆلىدى.

## 2. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 570، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 10، «ئۈچ خىل يول بىلەن ئاجرىتىۋېلىش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللىنىپ جىغان مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى تەتقىقات» ۋىلايەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن -تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 189 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 188)، ئوقۇغۇچىسى 49 مىڭ 894 (مىللىي ئوقۇغۇچى 49 مىڭ 587)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 23)، ئوقۇغۇچىسى 8900 (مىللىي ئوقۇغۇچى 8723). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2622 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 2560). پارتىيە مەكتىپى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بولۇپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 23، ئوقۇغۇچىسى 100. دېھقانلار ساۋات چىقىرىش كۇرسىدىن 616سى ئېچىلدى، كۇرسقا 18 مىڭ 107 كىشى قاتنىشىپ، 12 مىڭ 732 كىشى ساۋاتلىق بولدى. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 12 يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزى، 15 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانا (شىپاخانا) 20، زاۋۇت - كانلاردىكى داۋالاش ئورنى 7، تېببىي خادىم 470، يېزىلاردىكى ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 252، كېسەل كارىۋىتى 623. بىر يىلدا تۈرلۈك تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە مۇسابىقىسىدىن 11 مەيدان (قېتىم) ئۆتكۈزۈلدى، 554 كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى A گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ 100 مېتىر، 200 مېتىرغا يۈگۈرۈشىدە 1 - بولدى ھەمدە مۇشۇ 2 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزدى، 4 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال ئالدى.

# 1993 - يىل

## 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1993 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 300 مىليون 750 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 261 مىليون 860 مىڭ يۈەن) بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %16.9 ئۆسۈپ كەتتى. مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 12 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 46 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 363 مىليون 610 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 332 مىليون 870 مىڭ يۈەن) بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.08 ئۆسۈپ كەتتى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 644 مىڭ 500 مو، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى (ئاق يەر ۋە ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى) 589 مىڭ 950 مو، ئومۇمىي ھوسۇل 139 مىڭ 637 توننا بولدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 199 مىڭ 950 مو، ئومۇمىي ھوسۇل 12 مىڭ 777 توننا بولدى؛ 40 مىڭ 761 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 580 مىڭ 600 تۇياق بولدى. بىر يىلدا 478 توننا قوي يۇڭى، 256 مىڭ 500 پارچە قوي تېرىسى، 1512 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 3 توننا تۆگە يۇڭى، 10 مىڭ پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. 31 مىڭ 770 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 645 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، پارچە - پۇرات يەرگە 180 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 64 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 29 مىڭ 272 توننا (ناتۇرال مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا) خىمىيىۋى ئوغۇت، 821 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 34.09 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ناھىيە بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 376 مىليون 903 مىڭ 100 يۈەن بولدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي كىرىمى 46 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 165 مىليون 40 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 141 مىليون 420 مىڭ يۈەن) بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %19.45 ئاشتى. سانائەت كارخانىسى 49، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 12، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 37. بىر يىلدا 12 مىليون 775 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 17 مىڭ 84 توننا پاختا پىششىقلاندى، 379.8 توننا پاختا يىپ ئېگىرىلدى، 4182.5 توننا ئۇن، 3222.5 توننا سۇ يېغى تارتىلدى، 82 مىليون 793 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇلدى. 852.6 توننا يودلۇق تۇز، 157 توننا ھەرخىل مېۋە - چېۋە، شىرشىم خورما قاق، كونسېرۋا، 182 توننا جىغان ئىچىملىكى ئىشلەندى، 769.9 توننا قىسقا تالالىق پاختا ئايرىۋېلىندى. بىر يىلدا تاشيولدا يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 68 مىڭ ئادەم (قېتىم)، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 840 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، يۈك توشۇش مىقدارى 633 توننا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 650 مىڭ توننا - كىلومېتىر بولدى. 7 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 25 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تاشيول كۆۋرۈكى سېلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 977 مىڭ يۈەن بولدى.

بىر يىلدا تاۋارلارنىڭ سىرتقا سېتىلىش سوممىسى 147 مىليون 520 مىڭ يۈەن، ساپ سېتىلىش سوممىسى 74 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 62 مىليون 600 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 19 مىليون يۈەن بولدى. بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش سوممىسى 84 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى.

ئېكسپورت سودىسى سوممىسى 9 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 405، يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 41 مىليون 539 مىڭ يۈەن. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ساپ كىرىم 663 يۈەن بولدى. شۇ يىلى 215 ئائىلە، 902 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار - يېزا ئاھالىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 93 مىليون 466 مىڭ يۈەن بولدى. قېرىلار ساناتورىيىسى 12 بولۇپ، 67 قېرى بېقىلدى، يېتىم باللار مەكتىپى بىر بولۇپ، 61 يېتىم بالا بېقىلدى. تۈرلۈك مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ئومۇمىي سوممىسى 406 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولدى. 28 كارخانا كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 2707 كىشى كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتىغا، 957 كىشى ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتى ئىچكى مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا دائىر تۆلەم دېلوسىدىن 689نى بىر تەرەپ قىلىپ، 770 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 30 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى.

## 2. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 517، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 21. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن -تېخنىكا بويىچە ئۈلگە يېزا بىر، پەن - تېخنىكا بويىچە كۆرسىتىلگەن ئۈلگە 50، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە ئائىلە 4576. يېزىلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتى 15، دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەيدىغان يېزا دەرىجىلىك مەكتەپ 16؛ پەن - تېخنىكا كۇرسىدىن 1079 قارار ئېچىلىپ، 79 مىڭ 951 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ئىلمىي جەمئىيەت 5، ئەزاسى 300؛ يېزا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى 17، ئەزاسى 1554. باشلانغۇچ مەكتەپ 191 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 189)، ئوقۇغۇچىسى 52 مىڭ 109 (مىللىي ئوقۇغۇچى 51 مىڭ 834)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2000 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 1975)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 24)، ئوقۇغۇچىسى 9874 (مىللىي ئوقۇغۇچى 9764)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 865 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 843). پارتىيە مەكتىپى بىر، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 20؛ يېزا، كەنت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى كۇرسىدىن 5 قارار ئېچىلىپ، 500 كىشى تەربىيىلەندى، ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىلىپ، 140 كىشى تەربىيىلەندى. دېھقانلارنىڭ ساۋات چىقىرىش كۇرسىدىن 268 ى ئېچىلدى، 6157 كىشى ساۋاتلىق بولدى. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانا (شىپاخانا) 20، زاۋۇت، كان، ئىدارە ئورۇنلىرىنىڭ داۋالاش ئورنى 8؛ تېببىي خادىم 576، يېزا ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 254؛ كېسەل كارىۋىتى 603. بىر يىلدا ھەرخىل تەنھەرىكەت يىغىنى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن 13 مەيدان (قېتىم) ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنىڭغا 821 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، كۆرۈرمەنلەر 82 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق بوكس مۇسابىقىسىدا، ناھىيىمىزنىڭ ماھىرلىرى 60 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 -، 63.5 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولۇپ، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 13 مىڭ 288ى مەملىكەتلىك تەنتەربىيە ئۆلچىمىگە يېتىش بويىچە چېنىقىشقا قاتناشتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 70% بولدى.

☆ 12 - ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە 6 بال يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەش 18 يېزا (بازار)غا تەسىر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 يېزا، 5833 ئائىلە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. 2 ئادەم ئۆلدى، 23 ئادەم يارىلاندى (ئېغىر يارىلانغىنى 6)، 290 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 9363 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 18 مىڭ 282 ئېغىز ئۆي

خەتەرلىك بولۇپ قالدى، 130 مىڭ 457 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

# 1994 - يىل

## 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1994 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 494 مىليون 220 مىڭ يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.65% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) ئاشتى. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 143 مىڭ 271 توننا، ياغلىق دان 4765 توننا، پاختا 15 مىڭ 17 توننا بولدى. 20 مىڭ 835 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 300 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 36 مىڭ 122 توننا مېۋە ئېلىندى. 34 مىڭ 571 توننا (ناتورال مىقدار بويىچە ھېسابلىغاندا) خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. 7213 توننا گۆش، 4118 توننا سۈت، 558 توننا قوي يۇڭى، 3 توننا تۆگە يۇڭى، 3400 پارچە كالا تېرىسى، 77 مىڭ 495 پارچە قوي تېرىسى، 1388 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 55 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 186.6 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 10 قۇدۇق قېزىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 5610 مو كېڭەيتىلدى. 3000 مو قاشالانغان ئوتلاق، 30 كىلومېتىر چارۋا يولى، 2 قوتان كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 60 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.47% ئاشتى، بىر يىلدا 14 مىليون 18 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 3600 توننا ئېپتىدائىي تۇز، 951.4 توننا يودلۇق تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، 15 مىڭ 649 توننا ساپ پاختا پىششىقلاندى، 1054.5 توننا پاختا يىپ ئېگىرىلدى، 680.4 توننا قىسقا تۈۋىت ئايرىۋېلىندى، 112 مىليون 167 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇلدى، 3541.9 توننا ئۇن، 2891.3 توننا سۇ يېغى تارتىلدى، 82.7 توننا شىرشەم خورما قاق، 228 توننا ئىچىملىك ئىشلەندى. يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەردىن 4 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى (كىچىك 3 - دەرىجىلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 35 مىڭ ۋولتلۇق توك يوللاش - بېسىم ئۆزگەرتىش لىنىيىسى بار، ئۇلارغا 9 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەردىن سورتلۇق پاختا زاۋۇتى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ گاز ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ يىپ ئېگىرىش سېخى بار، بۇلارغا 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 21 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 48 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، يۈك ئوبوروت مىقدارى 44 مىليون 383 مىڭ 200 توننا - كىلومېتىر ئورۇندالدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى، يىل ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون 639 توچكىغا يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 50 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 93 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولدى.

## 2. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 612،

بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 23. «321، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگە يېزا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش» قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 193 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 191)، ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 106 (مىللىي ئوقۇغۇچى 54 مىڭ 807)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1822 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 1789)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 24)، ئوقۇغۇچىسى 9003 (مىللىي ئوقۇغۇچى 8907)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 876 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 807). باللار باغچىسى 2 (مىللىي باللار باغچىسى بىر)، باغچىدىكى بالا 210 (مىللىي بالا 110)، تەربىيىچى 13 (مىللىي تەربىيىچى 7). رادىئونىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 80%، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 60% بولدى. داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 20، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 486 (مىللىي خادىم 419)، كېسەل كارىۋىتى 603. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدە، ناھىيىمىز كوماندىسى ئەركىن چېلىشىش ۋە قەدىمچە چېلىشىشتا كوللېكتىپ 3 - بولدى؛ ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن بوكس مۇسابىقىسىدە، ئۇرمۇھەممەت ئىسمائىل 71 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 - بولدى، تۇراخۇن 5 .63 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى ئادىل جۇماخۇن 64 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 -، 68 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولدى؛ مەھەممەت ئىمىن ئات بەيگىسىدە 3 - بولدى. بىر يىلدا يېزا - بازارلاردا 7 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1689 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 9341 كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى.

## 3. خەلق تۇرمۇشى

1994 - يىلى بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 50 .2259 يۈەن، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 94 .747 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 100 (توختام تۈزۈمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 1677) بولۇپ، يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 53 مىليون 879 مىڭ يۈەن بولدى. بازارلاردا 68 كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۈرلۈك مال - مۈلۈك سۇغۇرتىلاش ئومۇمىي سوممىسى 303 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولدى. بازار - يېزىلاردا 7220 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، يېتىم - يېسىر، قېرى - چۈرى، مېيىپ ۋە باللار بولۇپ 252 كىشى كوللېكتىپ تەرىپىدىن بېقىلدى. قېرىلار ساناتورىيىسى 13 بولۇپ، 92 قېرى بېقىلدى، يېتىملار مەكتىپى بىر بولۇپ، 55 ئوقۇغۇچى ھۈنەر ئۆگەندى. 1994 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر تەۋرىگەن رايونىدا ئومۇمىي كۆلىمى 110 مىڭ 574 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 5457 ئېغىزلىق خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق يېڭى ئۆي سېلىندى؛ 27 مەكتەپ، 18 ئېغىز كەنت كومىتېتى ئىشخانىسى، 2 مەدەنىيەت مەركىزى، 2 شىپاخانا، 4 قېرىلار ساناتورىيىسى قايتىدىن سېلىپ چىقىلدى، دۆلەت 13 مىليون 831 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

1994 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17‰ .24، ئۆلۈش نىسبىتى 02‰ .12، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15‰ .12 بولدى.

☆ 7 - ئاينىڭ 9- كۈنى قىزىل دەرياسىنىڭ ئېقىم مىقدارى 480 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى، كەلكۈن ئاپىتى 3 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان سالدى.

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1994 - يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى

قوشۇمچە: 2 — 1 - جەدۋەل

| تۈرلەر | جەمئىي | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى % |
|---|---|---|
| مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 30602 | 16.86 |
| سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 48135.22 | 1.49 |
| ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (توننا) | 143271 | 2.6 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 61 | 5.06 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5260 | 27.36 |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 52000 | |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 8.6 | |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 3946 | |
| بازار - يېزىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 13331 | 42.63 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1103 | —11.12 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6041 | 28.89 |
| دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى (يۈەن) | 747.94 | 12.81 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى (يۈەن) | 4619 | 26.83 |

ئىزاھات: مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە 433 مىليون 110 مىڭ يۈەن، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە 712 مىليون 300 مىڭ يۈەن.

# 1995 - يىل

## 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1995 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 574 مىليون 151 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.2% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) ئاشتى. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 154 مىڭ 495 توننا، ياغلىق دان 4075 توننا، پاختا 15 مىڭ 500 توننا بولدى. 27 مىڭ 300 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 500 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 37 مىڭ 312 توننا مېۋە ئېلىندى. 68 مىڭ 705 توننا (ناتۇرال مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا) خىمىيىۋى ئوغۇت، 1007 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 61.55 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. 7179 توننا گۆش، 3363 توننا سۈت، 547 توننا قوي يۇڭى، 3 توننا تۆگە يۇڭى، 3430 پارچە كالا تېرىسى، 86 مىڭ 815 پارچە قوي تېرىسى، 1888 توننا تۇخۇم، 23 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى، 120 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي

قۇرۇلۇشىغا 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 80.9 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 2 قۇدۇق قېزىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 4245 مو كېڭەيتىلدى. 4500 مو قاشالانغان ئوتلاق، 100 كىلومېتىر چارۋا يولى، 3 قوتان كۆپەيتىلدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 82 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولدى.

مائارىپ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 264 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.53% ئاشتى. بىر يىلدا 16 مىليون 14 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى. 3200 توننا ئېپىدائىي تۇز، 1095.6 توننا يودلۇق تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، 16 مىڭ 134 توننا ساپ پاختا پىششىقلاندى، 1486.3 توننا پاختا يىپ ئېگىرىلدى، 1006.4 توننا قىستا تۆۋەت ئايرىۋېلىندى، 73 مىليون دانە خىش پىشۇرۇلدى، 3704 توننا ئۇن، 2963.8 توننا سۇ يېغى تارتىلدى، 794 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 68.9 توننا شىرشىم خورماقاق، 138.8 توننا ئىچىملىك ئىشلەندى. گېنېراتورگورۇپپا سىغىمى 2000 × 2 كىلوۋات كېلىدىغان يېڭى ئوغۇساق ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 39 مىليون 417 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزى غەملىگىنى 8 مىليون 650 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 31 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 828 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، يۈك ئوبوروت مىقدارى 29 مىليون 473 مىڭ 100 توننا - كىلومېتىر ئورۇندالدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليون 758 مىڭ 900 يۈەن ئورۇندالدى، كەسپىي كىرىم 1 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا 1213 تۈركۈم پروگراممىلىق تېلېفون بار بولدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 71 مىليون 740 مىڭ يۈەن، بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش سوممىسى 54 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولدى.

## 2. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 785 (ئالىي ئۇنۋانلىقلار 30). باشلانغۇچ مەكتەپ 193 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 191)، ئوقۇغۇچىسى 57 مىڭ 887 (مىللىي ئوقۇغۇچى 57 مىڭ 519)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1915 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 1884)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 24)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 695 (مىللىي ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 612)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 841 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 817)، بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي بالىلار باغچىسى بىر). قەشقەر كوناشەھەرناھىيىسى دۇنيا بانكىسى «نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ تەرەققىيات تۈرى»گە قەرز پۇل بېرىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولدى، پىلاندىكى تۈرلەر ئىمارەت، ئەسۋاب، كىتاب، ئۈستەل - ئورۇندۇق ۋە باشقىلار بولۇپ، 5 يىلغا بۆلۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ، ئومۇمىي تەننەرخى 30 مىليون 473 مىڭ يۈەن بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 14 مىليون 268 مىڭ يۈەننى دۇنيا بانكىسى قەرز بېرىدىغان بولدى، ئاپتونوم رايون ئىچكى يۈرۈشلەشمە مەبلەغدىن 16 مىليون 205 مىڭ يۈەننى غەملەشنى بەلگىلىدى. 1995 - يىلى ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 849 مىڭ 500 يۈەن ئورۇندالدى، دۇنيا بانكىسى 924 مىڭ 300 يۈەن قەرز بەردى. رادىئونىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 80%، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 60% بولدى. داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى 20، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 497 (مىللىي خادىم 445)، كېسەل كارىۋىتى 603. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، بوكستا 3 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 3 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال ئالدى. بىر يىلدا 12 قېتىم يېزا - بازار تەنھەرىكەت

مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 2567 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 36 مىڭ كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## 3. خەلق تۇرمۇشى

1995 - يىلى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 861.84 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 200، يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 70 مىليون 529 مىڭ يۈەن. بازارلاردا يېڭىدىن 133 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۈرلۈك مال- مۈلۈك سۇغۇرتا ئومۇمىي سوممىسى 270 مىليون يۈەن بولدى. بازار - يېزىلاردا 2015 ئائىلە، 8425 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، 190 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. كوللېكتىپ بېقىلغان يېتىم - يېسىر، قېرى - چۆرى، مېيىپ ۋە بالا 252 گە يەتتى. قېرىلار ساناتورىيىسى 13 بولۇپ، 92 قېرى بېقىلدى، يېتىملار مەكتىپى بىر بولۇپ، 55 ئوقۇغۇچى ھۈنەر ئۆگەندى، بىر يىلدا ناھىيە بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاشقا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 11 قۇدۇق قېزىلدى، 65 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، يېڭىدىن 4 سۇ مۇنارى ياسالدى، شۇنىڭ بىلەن 8000 ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1995 - يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى**

قوشۇمچە: 2 — 2 - جەدۋەل

| تۈرلەر | جەمئىي | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى % |
|---|---|---|
| مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 31570 | 3.16 |
| سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 50205.28 | 4.3 |
| ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (توننا) | 154495 | 7.83 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 65 | 6.56 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6112 | 16.2 |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 55838 | 7.38 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 113 | |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 4986 | 26.36 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1492 | 35.27 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6376 | 5.55 |

**ئىزاھات:** مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە 541 مىليون 890 مىڭ يۈەن.

# 1996 - يىل

## 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1996 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 687 مىليون 520 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 322 مىليون 485 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.5% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 157 مىڭ 196 توننا، ياغلىق دان 4075 توننا، پاختا 10 مىڭ 500 توننا بولدى. 23 مىڭ 715 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 7546 توننا گۆش، 3260 توننا سۈت، 551 توننا قوي يۇڭى، 3010 پارچە كالا تېرىسى، 2400 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 90 مىڭ 351 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 57 مىليون 737 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 213.5 كىلومېتىر يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 11.79 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش پۇختا توسمىسى ياسالدى، 9 قۇدۇق قېزىلدى، 1744 يۇرۇشلەشمە ئىنشائات ياسالدى. 44 مىڭ 600 مو بوزيەر ئېچىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 25 مىڭ 600 مو كېڭەيتىلدى، 48 مىڭ 300 مو يۇقىرى ئۆلچەملىك سالا ئېتىزى، 10 مىڭ 500 مو قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلىندى. يېڭىدىن 54 كىلومېتىر ئاسفالت يول ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 79 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 250 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 38 مىليون 890 مىڭ يۈەن) بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 15 مىليون 220 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 545 توننا پاختا يىپ ئېگىرىلدى، 1073.5 توننا پاختا چىقىرىلدى. 6. 1243 توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. ماشىنا بىلەن 81 مىليون 656 مىڭ دانە خىش قۇيۇلدى، 2600 توننا ئۇن، 2613.2 توننا سۇ يېغى تارتىلدى، 117 توننا ھەرخىل شىرنىلىك ئوزۇقلۇق تەييارلاندى. يولۇچى توشۇش مىقدارى 68 مىڭ 853 ئادەم، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 465 مىڭ 700 ئادەم - كىلومېتىر، يۈك توشۇش مىقدارى 34 مىڭ 290 توننا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 31 مىليون 391 مىڭ 500 توننا - كىلومېتىر بولدى؛ پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليون 522 مىڭ 400 يۈەن بولدى، يىل ئاخىرىدا 2279 توچكا پروگراممىلىق تېلېفون بار بولدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 667 مىڭ 900 يۈەن، بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش سوممىسى 18 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسى 3 مىليون 861 مىڭ 200 يۈەن، ساياھەتچىلىك كىرىمى 50 مىڭ يۈەن بولدى.

## 2. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 716 (ئالىي ئۇنۋانلىقلار 34). باشلانغۇچ مەكتەپ 193 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 192)، ئوقۇغۇچىسى 61 مىڭ 238 (مىللىي ئوقۇغۇچى 60 مىڭ 788)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 24)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 459 (مىللىي ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 309). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3998 (مىللىي ئوقۇتقۇچى

3956)، بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى %75، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى %75 بولدى. داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى 20، كەسىپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 529 (مىللىي خادىم 470)، كېسەل كارىۋىتى 603. بىر يىلدا يېزا ـ بازار دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەتەربكەت مۇسابىقىلىرىگە 117 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 12 مىڭ 238 كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## 3. خەلق تۇرمۇشى

1996 ـ يىلى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 730 يۈەن، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 5775 يۈەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5775 يۈەن بولدى. بىر يىلدا شەھەر ـ بازارلارنىڭ سۇغۇرتا كەسپىدە 1 مىليون 307 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى. شۇ يىلى مۇھىت بولغىنىشنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش تۈرىگە 1 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، باغۋارانلاشتۇرۇلغان، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 760.95 مو بولدى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1996 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى

قوشۇمچە: 2 — 3 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | جەمئىي | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى % |
|---|---|---|
| مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29495 | —7 |
| سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 75177.04 | —9.8 |
| ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (توننا) | 157196 | 1.75 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 68.46 | 5.32 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6638 | 8.61 |
| دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 68203 | 21.43 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 4.48 | |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 5102 | 2.33 |
| شەھەر ـ بازارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 18414 | 6.88 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1872 | 25.47 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6802 | 6.68 |

ئىزاھات: سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 361 مىليون 375 مىڭ 100 يۈەن.

# 1997 - يىل

## 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1997 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 618 مىليون 170 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 322 مىليون 485 مىڭ 100 يۈەن) ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.8% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 164 مىڭ 556 توننا، پاختا 14 مىڭ 315 توننا، ياغلىق دان 3256 توننا بولدى؛ 21 مىڭ 435 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7% بولدى. 10 مىڭ 194 توننا گۆش، 3088 توننا سۈت، 8 توننا چۈپۈر، 17 مىڭ 500 پارچە كالا تېرىسى، 355 مىڭ 600 پارچە قوي تېرىسى، 8900 پارچە ئۆچكە تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 213 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، ماشىنا بىلەن 40 قۇدۇق قېزىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 63 مىڭ 500 مو كېڭەيتىلدى. 68 مىڭ مو ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 79 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 68 مىليون 50 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 40 مىليون 516 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 4% ئاشتى. بىر يىلدا 2018.5 كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 692 توننا پاختا يىپ ئېگىرىلدى، 1430 توننا پاختا چىقىرىلدى. 5700 توننا ئۇن، 3600 توننا سۇ يېغى تارتىلدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 165 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر، يۈك ئوبوروت مىقدارى 37 مىليون 747 مىڭ توننا - كىلومېتىر ئورۇندالدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 3 مىليون 820 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى، يىل ئاخىرىدا 3002 توچكا پروگراممىلىق تېلېفون بار بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 566 مىڭ 200 يۈەن، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 39 مىليون 735 مىڭ يۈەن، ساياھەتچىلىك ئومۇمىي كىرىمى 70 مىڭ يۈەن بولدى.

## 2. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 895. ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 83 (مىللىي ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 949)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 194، ئوقۇغۇچىسى 65 مىڭ 681 (مىللىي ئوقۇغۇچى 65 مىڭ 85)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 3428، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 443 (مىللىيلار 430)، ئالىي دەرىجىلىكلەر 15 (مىللىيلار 13). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 926 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 80%، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 75% بولدى. داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى 18، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 572 (مىللىي خادىم 514)، كېسەل كارىۋىتى 613. 14 مىڭ 696 كىشى «مەملىكەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## 3. خەلق تۇرمۇشى

شەھەر ئاھالىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 5184 يۈەن، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 890.71 يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5784 يۈەن بولدى. سۇغۇرتا كەسپى بىر يىلدا 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى. ناھىيىنىڭ 33 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 3 يىل ئىلىپ بېرىلغان كىسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تاماملاندى، پىلان بويىچە 35 سۇ بىلەن تەمىنلەش رايونى قۇرۇلۇپ، 1163 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاساسىي تورۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 14 يېزا، 153 كەنت، 223 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

☆ 5 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ناھىيە 4 — 5 بال شامالنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى؛ 5 - ئاينىڭ 7 — 10 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 18 يېزا (بازار) ئۇدا 72 سائەت 6 — 7 بال بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ناھىيە بويىچە 154 مىڭ 500 مو يەردىكى كېۋەز مايسىسى زىيانغا ئۇچرىدى، باش چىقارغان قىسمەن بۇغدايلار يېتىپ كەتتى ياكى باشاقنى بوران ئۇزۇۋەتتى. 607 چارۋا توڭلاپ ئۆلدى ياكى يوقاپ كەتتى. 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك تارمىقى 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئاقفاش يېزىسىدىكى «جۇڭگو بانكىسى باشلانغۇچ مەكتىپى» ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، يەر كۆلىمى 21 مو، ئىمارەت كۆلىمى 782.7 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1997 - يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى

قوشۇمچە: 2 — 4 - جەدۋەل

| تۈرلەر | جەمئىي | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى% |
|---|---|---|
| مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 57769 | 7.91 |
| سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 68622 | —9.98 |
| ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (توننا) | 164556 | 4.6 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 71.88 | 4.9 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6884 | 3.7 |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 71084 | 4.22 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 5191 | 1.74 |
| شەھەر - يېزىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 12060 | —5 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1747 | —7.2 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 8033 | 1.5 |

ئىزاھات: سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 363 مىليون 1100 يۈەن.

# 1998 - يىل

## 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىيات

1998 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 721 مىليون 380 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 365 مىليون 780 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.4% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 171 مىڭ 958 توننا، ياغلىق دان 1465 توننا، پاختا 14 مىڭ 39 توننا بولدى، 18 مىڭ 900 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 10 مىڭ 123 توننا گۆش، 192 توننا كالا - ئۆچكە سۈتى، 9 توننا قوي يۇڭى، 18 مىڭ 700 پارچە كالا تېرىسى، 14 مىڭ 167 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 338 مىڭ 967 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 86 مىليون 194 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 209.4 كىلومېتىر يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان 500 كىلومېتىر پۇختا توسما ياسالدى، 110 قۇدۇق قېزىلدى، 2476 يۇرۇشلەشمە ئىنشائات ياسالدى. 30 مىڭ 990 مو بوزيەر ئېچىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 27 مىڭ 210 مو كېڭەيتىلدى، 34 مىڭ 275 مو يۇقىرى ئۆلچەملىك سالا ئېتىزى، 6549 مو قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 50 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 720 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 46 مىليون 670 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.19% ئاشتى. بىر يىلدا 20 مىليون 185 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، ماشىنا بىلەن 76 مىليون 418 مىڭ دانە خىش قۇيۇلدى، 692 توننا پاختا يىپ ئېگىرىلدى، 13 مىڭ 899 توننا پاختا چىقىرىلدى، 1086 توننا تۇز ئىشلەندى، 4765 توننا ئۇن، 2328 توننا سۇ يېغى تارتىلدى، 90 توننا ھەرخىل شىرشىم خورماقاق تەييارلاندى. بىر يىلدا يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 391 مىڭ 32.659 ئادەم - كىلومېتىر، يۈك ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون 700 مىڭ توننا - كىلومېتىر ئورۇندالدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليون 990 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى، يىل ئاخىرىدا 9980 توچكا پروگراممىلىق تېلېفون بار بولدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 122 مىليون 730 مىڭ يۈەن، بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش سوممىسى 62 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ساياھەتچىلىك كىرىمى 65 مىڭ يۈەن بولدى.

## 2. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 775 (ئالىي ئۇنۋانلىقلار 40). باشلانغۇچ مەكتەپ 176 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 174)، ئوقۇغۇچىسى 61 مىڭ 223 (مىللىي ئوقۇغۇچى 60 مىڭ 709)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 23 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 22)، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ (مىللىي ئوقۇغۇچى 18 مىڭ 840). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2535 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 2473). بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 563 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ ئاھالىنى

قاپلاش نىسبىتى 75% بولدى. داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى 19، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 480 (سىللىي خادىم 340)، كېسەل كارىۋىتى 553. بىر يىلدا يېزا ـ بازار دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 2000 كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## 3. خەلق تۇرمۇشى

1998 ـ يىلى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 918.6 يۈەن، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 6012 يۈەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8272.9 يۈەن بولدى. بىر يىلدا بازار ـ يېزىلاردا سۇغۇرتا كەسپى 4 مىليون 440 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى، باغۋارانلاشتۇرۇلغان، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 18 مىڭ 900 موغا يەتتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1998 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى

قوشۇمچە: 2 — 5 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | جەمئىي | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى % |
|---|---|---|
| سىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 59521 | 10.9 |
| سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 79410 | 3.7 |
| ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (توننا) | 146500 | 1 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 67.72 | 3.6 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5363 | |
| دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 6.9 | —2.8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 6015 | 15.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1761 | 1 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 8123 | 1 |

ئىزاھات: سىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 329 مىليون 320 مىڭ يۈەن، سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 412 مىليون 450 مىڭ يۈەن.

# ئۈچىنچى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1990 — 1999 ـ يىللىرىدىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت 4 چوڭ بەنزىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

## ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى

### 1. 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت (1989. 3 — 11.1992)

**شۇجى:** ياۋ يىجيەن

**مۇئاۋىن شۇجىلار:** روزى ئابدۇللا، يۈۋېنچاۋ

**دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى:** ياۋ يىجيەن، روزى ئابدۇللا، يۈ ۋېنچاۋ، ئابدۇكېرىم سەلەي، ليۇ ديەنچېن، مەھەممەت ئابدۇللا، كۇاڭ فۇشى، جۇ جيەنگو

### 2. 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت (1992. 11 — 3.1997)

**شۇجى:** ياۋيىجيەن

**مۇئاۋىن شۇجىلار:** ليۇ ديەنچېن، ئىمام ئابلىز، ئەركىن تۇراخۇن (1992 — 1994 ـ يىللىقچە ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرغان)

**دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى:** ياۋ يىجيەن، ليۇ ديەنچېن، ئىمام ئابلىز، ئەركىن تۇراخۇن، ئابدۇكېرىم سەلەي، جاڭ مىڭگۇاڭ، مەھەممەت ئابدۇللا، ياڭ گۇاڭيى، قاسىم ئابدۇكېرىم، ما شېڭجۇن، جۇ جيەنگو (1996 ـ يىلى يۆتكىلىپ كەتتى)، چېن گاۋچاۋ (1995 ـ يىل 8 ـ ئايدا تەيىنلەندى)، لىي تيەنفېڭ (1996 ـ يىلى تەيىنلەندى)، ھەسەن تۇراق (1995 ـ يىلى تەيىنلەندى، ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرغان)

### 3. 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت (1997. 3 —)

**شۇجى:** لۇ جىنجياڭ

**مۇئاۋىن شۇجىلار:** ياڭ گۇاڭيى، ئابدۇقەييۇم مەھەممەت، چېڭ لىن

**دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى:** لۇ جىنجياڭ، ياڭ گۇاڭيى، ئابدۇقەييۇم مەھەممەت، دۇەن لىن، پەرھات سەيدى، ۋاڭ چۈنفۇ، مۇساجان ئۆمەر، چېن گاۋچاۋ، ئىسمايىل ئابدۇسېلىم، قاسىم ئابدۇكېرىم، پاشا ئىسمايىل،

لىي تيەنفەن، ياڭ گۋاڭيى (1997 - يىل 12 - ئايدا يۆتكىلىپ كەتتى)، ئىسمايىل ئابدۇسېلىم (1998 - يىل 1 - ئايدا مۇئاۋىن ھاكىم بولغان)، لى دېمىڭ (1998 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجىسى بولدى)، ۋاڭ لۇشىڭ (1998 - يىل 3 - ئايدا تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى)، مو چۇنباۋ (1997 - يىل 10 - ئايدىن 1998 - يىل 1 - ئايغىچە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى)

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

## 1. 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

(4.1993 — 8. 1990)

مۇدىر: ھەسەن ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاۋ شىنيىڭ، ھەسەنجان ساقى، لى يۈسىن، ئېلى باقى

پارتگورۇپپا شۇجىسى: ھەسەن ساۋۇت

## 2. 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

(1. 1998 — 4 .1993)

مۇدىر: ھەسەن ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ئېلى باقى، خاۋ شىڭشۈن (1996 - يىل 7 - ئايدا كېسەل بىلەن قازا تاپتى)، مەھەممەت قۇربان، چېن دالۇڭ

پارتگورۇپپا شۇجىسى: ھەسەن ساۋۇت

## 3. 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

(— 1.1998)

مۇدىر: قۇربان سۇلايمان

مۇئاۋىن مۇدىرلار: سى مىڭشىڭ، مەھەممەت قۇربان، ياڭ يىفېي، مەھەممەت توختى، مەتتىمىن قاسىم

پارتگورۇپپا شۇجىسى: قۇربان سۇلايمان

# ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

## 1. 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلى (4.1993 — 8.1990)

ھاكىم: ئابدۇكېرىم سەلەي

مۇئاۋىن ھاكىملار: لىۋ دېيەنچېن، شياۋ مىڭداۋ، ئېزىز تەۋەككۈل، قۇربان سۇلايمان، بەي شياۋ، ۋاڭ چۈەنشىڭ

پارتكوْرۇپپا شۇجىسى: ئابدۇكېرىم سەلەي

## 2. 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلى (1993.4 — 1998.1)

ھاكىم: ئابدۇكېرىم سەلەي

مۇئاۋىن ھاكىملار: جاڭ مىڭگۇاڭ، ئېزىز تەۋەككۇل، قۇربان سۇلايمان، دۇەن لىن، چېن لىسەي، خۇاڭ لۇڭفېي، لى جىڭتيەن

پارتكوْرۇپپا شۇجىسى: ئابدۇكېرىم سەلەي

## 3. 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلى (1998.1 —)

ھاكىم: پەرھات سەيدى

مۇئاۋىن ھاكىملار: ۋاڭ چۈنفۇ، ئىسمايىل ئابدۇسېلىم، مو چۈنباۋ، سۇن كېجۇن، مەتتېمىن ئۆمەر.

پارتكوْرۇپپا شۇجىسى: پەرھات سەيدى

# سىياسىي كېڭەش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى

## 1. سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى (1990.8 — 1993.4)

رەئىس: مامۇت ئىسمايىل

مۇئاۋىن رەئىسلەر: قاسىم ئابدۇللا، جياڭ يۈگجۇڭ، كېرىم قاسىم، ياڭ جىڭگەن، ساۋۇت ئۆمەر، تۇردى نىياز ھاجى

پارتكوْرۇپپا شۇجىسى: مامۇت ئىسمايىل

## 2. سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى (1993.4 — 1998.1)

رەئىس: ئەركىن ئىمىن

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ھەسەنجان ساقى، ياڭ جىڭگەن، داۋۇت ئەمەت، چېن شياۋلۇڭ، ئابدۇكېرىم قارى ھاجى

پارتكوْرۇپپا شۇجىسى: ئەركىن ئىمىن

## 3. سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى (1998.1 —)

رەئىس: مەھەممەت ئابدۇللا

مۇئاۋىن رەئىسلەر: روزى ئابدۇللا، ياڭ جىڭگەن، مىجىت ئەمەت، جاڭ چاڭشېڭ، زۇنۇن قارى ھاجى

پارتكوْرۇپپا شۇجىسى: ئەركىن ئىمىن

# تۆتىنچى، خاتىرىلەر

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى ھەققىدە

قەشقەر — دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىدىكى مۇھىم شەھەر، ئۇ ئەينى زاماندا مەشھۇر جەنۇبىي، شىمالىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم جاي بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، سودا، مەدەنىيەت، دىن مەركىزى بولغان، ھازىرغا قەدەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە.

قەشقەر قەدىمكى زاماندا «سۇلى دۆلىتى» دەپ ئاتىلاتتى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە شياۋۇ زاماندا باشلانغان، ئەسلىدە 36 دۆلەت بار ئىدى، كېيىن بۆلۈنۈپ 50 نەچچە بولدى»، «سۇلى دۆلىتىنىڭ خان ئوردىسى سۇللاغ شەھىرىدە ئىدى، بۇ يەردىن باشقا ئۇششاق شەھەرلەرگە، غەربىي توخرىلار، فەرغانە، كانجۇت ئېلىگە بارىدىغان يول بار ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «بەنچاۋ تەزكىرىسى»، «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»، «تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. تاشقى ئەللەر تەزكىرىسى» دىمۇ «سۇلى» دەپ ئاتالغان. «قەشقەر» دېگەن سۆز خەنزۇچە كىلاسسىك كىتابلار ئىچىدە دەسلەپتە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇ (قۇبلاي) ھەققىدە قىسسە»دە كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇنىڭدا: «جىيۈەن 11 - يىلى 4 - ئايدا كاشغەر ( 合失哈尔 ) نى ئەل قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى» دېيىلگەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «كاشغەر» ( 哈失哈尔 ) دەپ يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە رەسمىي ھۆججەتلەردە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ «قەشقەر» ( 喀什噶尔 ) دەپ يېزىلىدىغان بولغان، يەنە «سۇلى» دېگەن نامىمۇ ساقلاپ قېلىنغان. مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «مەن ئوپالدا تۇغۇلغان، مېنىڭ يۇرتۇم قەشقەرنىڭ بىر يېزىسى بولىدۇ» دەپ يازغان. يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «قەشقەر» دېگەن نام 11 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

«قەشقەر» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە كۆپ خىل ئىزاھ بېرىلىپ كەلدى.

1. «دەسلەپتە بىنا قىلىنغان زېمىن» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 7 - جىلد، تارىخىي ئۆزگىرىش دېگەن بۆلىكىدە: « 喀什 » دېگەن ‹دەسلەپتە›، دېگەنلىكتۇر، 噶尔 دېگەن ‹بىنا قىلىنغان›، دېگەنلىكتۇر، دېمەك، خەنزۇچە ‹دەسلەپتە بىنا قىلىنغان زېمىن›، دېگەنلىكتۇر» دېيىلىدۇ. بۇنداق ئىزاھلاش چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ دەسلەپكى تىنچىتىلىشى ھەققىدە خاتىرە»، «شىنجاڭدىكى يۇرتلار تەزكىرىسىگە دائىر 29 خىل ئورىگىنال»، «قەشقەر پېشىۋار» قاتارلىق ئەسەرلەردە مۇشۇنداق ئىزاھلىنىدۇ. بۇ بۇددا دىنى ئېتىقادىدىن ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا دەسلەپتە ئۆتكەنلىكىگە قاراپ شۇنداق ئىزاھلانغان بولسا كېرەك.

2. «رەڭدار خىش قەسىر» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. «غەربىي يۇرتنا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»دا «قەشقەر» دېگەن سۆز «رەڭدار خىش قەسىر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «ھەزرىتى زو زوڭتاڭ غەربىي شىمالدا» دېگەن كىتابتا شۇ كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «قەشقەر خەنزۇچە سۇلى دۆلىتى دېيىلىدۇ، ئۇيغۇرچە ‹ 喀什 › دېگەن ‹رەڭدار› دېگەن بولىدۇ، ‹ 噶尔 › دېگەن ‹خىش قەسىر› دېگەن بولىدۇ، بۇ يەردىكى بايلارنىڭ تولىسى

ىش ئىمارەتلەردە ئولتۇرىدۇ» دېيىلگەن. بۇ گەپ كېيىنكى كۆزلەردە خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، يېقىنقى زاماندىكى بەزى شەخسلەرنىڭ شىنجاڭ ساياھەتتىدىن يازغان خاتىرىلىرىدىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن «قەشقەر گېزىتى»، «جەنۇبىي شىنجاڭ يەر تەۋرەش ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارغىمۇ مۇشۇنىڭغا دائىر ماقالىلار بېسىلدى.

3. «كاج خەق شەھىرى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. «شىنجاڭنىڭ ھەرتىلىك تەزكىرىسى» 90 - جىلد، ھۈنەر - مەدەنىيەت تەزكىرىسىدە يۇقىرىقى 2 خىل ئىزاھلاشقا رەددىيە بېرىلىپ، مۇنداق دېيىلىدۇ: «قەشقەر دېگەن كاشغارنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى، ئۇ دەسلەپتە بىنا قىلىنغان زېمىن دەپ خاتا ئىزاھلانغان، كونا تەرجىمىسىدە قەشقەر «رەڭدار خىش قەسىر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ×× (ئەسلى سۆزدە يەرلىك ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلغان، ئۇ سۆزنىڭ كەمسىتىش مەنىسى بولغاچقا قىسقارتىلدى) كاج خەق شەھىرى دېگەن بولىدۇ، كونا تەرجىمىسى ئىشەنچلىك ئەمەس.» دېيىلگەن. بۇ گەپ خەلق ئارىسىدىمۇ تارقالغان، رىۋايەت قىلىنىشىچە، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسلام دىنى باشتا قەشقەرگە كىرگەندە، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك خەلق ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، نۇرغۇن كۈرەشلەر ئارقىسىدا ھەتتا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئۆلۈپ بېرىلگەن «غازات» ئارقىسىدا، ئىسلام دىنى قەشقەردە يوت تىرەپ تۇرۇشقا باشلىغان، شۇڭا بۇ يەر «قەشقەر» دەپ ئاتالغان، بۇ «كاج خەق زېمىنى» دېگەن مەنىدە.

4. «قاشتېشى شەھىرى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. «شىنجاڭنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش تەزكىرىسى» 4 - جىلد، خانىبىرىق بۆلىكىدە: «مەنىمەپدارلارنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمھالىدىن قارىغاندا، كاشغاردا ئېگىز تاغلار بار، ئۇنىڭدىن 2 خىل قاشتېشى چىقىدۇ، سۇلىرى ئاجايىپ سۈپسۈزۈك كېلىدۇ، تاغدىن چىققان تاشلارنى كۆيدۈرسە بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قاشتېشى ئويۇۋېلىنىدۇ، بۇنىڭغا جىق كۈچ كېتىدۇ، بۇ يەر ياركەنتكە توغرا كېلىدۇ، ئومۇملاشتۇرۇپ كاشغار دېيىلىدۇ، بۇگۈنكى كۈندە تاشنى كۆيدۈرۈپ قاشتېشى ئېلىنمايدۇ، ئىلگىرى شۇنداق ئېلىنغان» دېيىلگەن. يەنە: «يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا يېزىلغان قەشقەر بۇرۇن كاشغەر دېيىلەتتى، مەنمەپدارلارنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمھالىدىكى كاشغار ئۇنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدۇر» دېيىلگەن. («شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، تەشكىلىي تۈزۈلۈش تەزكىرىسى (4) دىمۇ شۇنداق خاتىرىلەنگەن). دېمەك، بەزىلەر «كاشغار» قاشتېشى دېگەن بولىدۇ، قاشتېشى قەشقەر شەھىرىدىن چىقىدۇ، «قەشقەر» «كاشغار» نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى، شۇڭا «قەشقەر» «قاشتېشى شەھىرى» دېگەن بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

5. «كاھىش شەھىرى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. «ئىسلام دىنى قەشقەردە» دېگەن كىتابنىڭ 2 - بېتىدە: «قەشقەر دېگەن نامنى بەزىلەر ‹قاشتېشى شەھىرى› دېگەن مەنىدە دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ‹كاھىش شەھىرى› دېگەن مەنىدە دەيدۇ، يەرلىك قىسمەن ئۇيغۇرلار كېيىنكى مەنىنى تېخىمۇ توغرىراق دەپ قارايدۇ، چۈنكى كاھىش بۇيۇملىرى بولۇپمۇ رەڭدار، سۈپسۈزۈك كاھىش بۇيۇملىرى قەدىمكى يىپەك يولىدا غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە ئاپىرىپ سېتىلاتتى، سودىسى ئاۋات ئىدى. يەرلىك ئاھالىمۇ ئۇنى سېپتا ھۈنەر - سەنئەت بېزەكلىرى ئورنىدا بەكمۇ ياقتۇراتتى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن ‹پىشىق كاھىش› لار بىلەن مەسچىتلەرنى ۋە مازارلاردىكى ئېگىز گۈمبەزلەرنى زىننەتلەپ داڭ چىقارغانىدى.

## گېپەك گۈك راباتى ۋە گېپەك گۈك بۇلىقى

ئەسلىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرى، ھازىرقى قەشقەر شەھىرى تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا بىر رابات، رابات ئۈستىدە بىر راۋاق بار ئىدى. راۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قوڭغۇراق ئېسىلغانىدى. راباتنىڭ

يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7 — 8 مېتىر بولۇپ، راۋاقتا تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالسا، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى، رابات تۆۋىدە بىر بۇلاق بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى «بۇلاقبېشى» دەپ ئاتايتتى. ئەسلىدە بۇ يەردە 9 بۇلاق بولغاچقا، «توققۇز بۇلاق» دەپمۇ ئاتىلاتتى. سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى. مەنزىرىسى كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى، ئازادلىقتىن ئىلگىرى قەشقەرگە كەلگەنلەرنىڭ تولىسى بۇ يەرنى سەيلە قىلاتتى. كىشىلەر گېلى گۆلى راباتى بىلەن گېلى گۆلى بۇلىقى دېگەن ئەنە شۇ دېيىتتى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلىدىكى «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بازىرى خەرىتىسى»دىمۇ گېلى گۆلى راباتى بىلەن گېلى گۆلى راۋىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ يەر ھەزرىتى گېلى گۆلى رايونى دەپ ئاتىلىپ، شەھەر تەۋەسىدىكى 4 رايوننىڭ بىرى قىلىندى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شەرقىي خەن سۇلالىسى زامانىدىكى ئەمىرلەشكەر گېلى گۆلى مۇشۇ شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان مەزگىلدە، دۈشمەنلەر سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. لەشكەرلەر ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي ئات تېزىكىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچىپتۇ. گېلى گۆلى تۈن بويى بۇلاقتا تاۋاپ قىپتۇ، بۇلاقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپتۇ، سەركەردە ـ لەشكەرلەر قانغۇدەك سۇ ئىچىپتۇ. كېيىنكىلەر دانىشمەنلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ يەرگە رابات ياساپ، راۋاق سېپتۇ. بۇلار ئاسار ئەتىقە تەرىقىسىدە تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كەپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ رىۋايەت پۈتۈنلەي ئويقۇشماسلىق. شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1982 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلغان «غەربىي يۇرت تارىخى توغرىسىدا» (ليۇ ۋېيىۋ تۈزگەن) دېگەن كىتابقا «سۇلىدىن چىققاي بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ» دېگەن ماقالە بېسىلدى. ئۇنىڭدا: «سۇلىدىن چىققاي بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ» دېگەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ۋاڭ ۋېينىڭ بىر مىسرا شېئىرى، دېيىلىدۇ. ئەينى زاماندا تار مەنىدىكى غەربىي يۇرتتا سۇلى شەھىرىدىن ئۈچى بولغان، بىرى، يۈمېنگۇەندىن چىققاندىن كېيىن بېسىپ ئۆتۈلىدىغان يولدىكى سۇلى دەرياسى بويىدىكى سۇلى شەھىرى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسى تەۋەسىدە)؛ يەنە بىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان سۇلى دۆلىتىدىكى سۇلى شەھىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى)؛ يەنە بىرى، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باقاۋۇل چېرىكچى گېلى گۆلى ساقلىغان سۇلى شەھىرى. ئالدىنقى 2 سۇلى شەھىرى دەريانىڭ نامى بىلەن، بىرى دۆلەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كىشىلەرگە بىر قەدەر تونۇش بولغىنى ۋاڭ ۋېينىڭ شېئىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تارىخىي دىيەنگۇەدىكى سۇلى ئىدى. گېلى گۆلى مۇداپىئە قىلغان سۇلى شەھىرى ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئورنىنى بىلىدىغانلار كەمدىنكەم ئىدى، بىراق بۇ ھەمىشە تاڭ شېئىرلىرىنى ئىزاھلىغۇچىلار تەرىپىدىن قالايمىقانلاشتۇرۇلۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى دۆلىتىگە تەۋە سۇلى شەھىرى دەپ ئىزاھلاندى. يەنە كېلىپ يالغان ئەرسە يالغان سۆز بىلەن تارقىلىپ، بۈگۈنگىچە ئويقۇشماسلىق تۇغدۇرۇپ كەلدى، تېخىمۇ يامىنى كېيىنكىلەر گېلى گۆڭنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، تاشنى تاياققا تېڭىپ، ئەسلىدىكى سۇلى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دىكى بىر قەدىمىي بۇلاقنى گېلى گۆلى سۇلىنى ساقلىغاندا كولىغان «گېلى گۆلى قۇدۇقى» دەۋالدى. شۇڭا 1978 ـ يىلى خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «تاڭ شېئىرلىرىغا ئىزاھات»تا، ۋاڭ ۋېينىڭ «پېشقەدەم سەركەردىنىڭ سەپىرى» دېگەن شېئىرىدىكى «سۇلىدىن چىققاي بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ» دېگەن مىسرادىكى «سۇلى» قەشقەر رايونىدىكى سۇلىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىزاھلاندى. يەنە 1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «سۆز دېڭىزى»نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنىڭ «تارىخ ـ جۇغراپىيە قىسمى»دىمۇ گېلى گۆلى ساقلىغان سۇلى شەھىرى ئالتۇنبالىق (جىمسار) نى كۆرسىتىدۇ دەپ خاتا ئىزاھلاندى.

«كېيىنكى خەننامە»نىڭ 49 ـ جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ: «يۇڭپىڭنىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى) قىشتا، چەۋەندازلار كاپىبېگى ليۇ جاڭ قاڭقىلىغا ھۇجۇم قىلغاندا، گېلى گۆڭنى ئەمىرلەشكەرلىككە تەكلىپ قىلدى. قاڭقىلنى ئالغاندىن كېيىن، گېلى گۆلى باقاۋۇل چېرىكچى بولدى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ

ئالتۇنبالىقتا تۇردى. كېيىنكى يىلى 3 - ئايدا شىمال تەڭرىقۇتى، پادىشاھ ئىزولۇماۋ 20 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ قاتقىلغا ھۇجۇم قىلدى، گېڭ گۇڭ 300 سەركەردە - لەشكەرنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار يولدا مۇن چەۋەندازلىرىغا ئۇچرىشىپ قېلىپ تولۇق قىرىپ تاشلاندى. مۇنلار كېيىنكى پادىشاھ ئەن دېنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇنبالىققا ھۇجۇم قىلدى. گېڭ گۇڭ قەلئەدىن پايدىلىنىپ قاتتىق ئېلىشتى ۋە زەھەرلىك دورا ئىشلەتتى. . . مۇنلار قورقۇپ كېتىپ، خەن لەشكەرلىرى بەك يامان ئىكەن، قورقۇنچلۇق ئىكەن دېيىشتى ۋە ئالتۇنبالىقتىن تىكىۋەتتى. گېڭ گۇڭ سۇلى قەلئەسىنىڭ يېنىدا سۇ بارلىقىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ پوختىلىقىنى بىلىپ، 5 - ئايدا لەشكەرلىرىنى باشلاپ شۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇردى.»

يۇقىرىقى خاتىرىدىن مەلۇمكى، بىرىنچى، گېڭ گۇڭ ساقلىغان سۇلى شەھىرى سۇلى دۆلىتىدە بولماستىن، كېيىنكى قاتقىلدا؛ ئىككىنچى، گېڭ گۇڭ باشتا ئالتۇنبالىقنى، كېيىن سۇلى شەھىرىنى ساقلىغان، ئالتۇنبالىق بىلەن سۇلى بىر شەھەر ئەمەس، ئىككى شەھەر؛ ئۈچىنچى، گېڭ گۇڭ ساقلىغان سۇلى شەھىرى بىلەن كېيىنكى قاتقىل پادىشاھى تۇرغان قاغان بۇت شەھىرىمۇ بىر جاي ئەمەس، چۈنكى كېيىنكى پادىشاھ ئەن دې قاغان بۇت شەھىرىنى ساقلىغاندا، ئالتۇنبالىق ئالدى بىلەن مۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان.

ئۇنداقتا، سۇلى شەھىرى زادى قەيەردە؟ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە، قوچۇدىكى يارغول ناھىيىسى ھەققىدە لى شيەن مۇنداق ئىزاھ بېرىدۇ: ناھىيىنىڭ 80 چاقىرىم شىمالىدا بۇلاق ساراي بار، شىمالدا جىلغىغا 30 چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بوغدا تېغىدىن ئۆتۈپ 60 چاقىرىم ماڭغاندا، تاشئاستانە ئارقىلىق بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە بارغىلى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يارغول ناھىيە ئامبال مەھكىمىسى ھازىرقى تۇرپان بەشيۇلتۇز يېزىسىنىڭ يارغول شەھەر خارابىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قاتقىلنىڭ ئالدىنقى خان مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى، ئالتۇنبالىق بولسا كېيىنكى قاتقىل دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. لى شيەننىڭ ئىزاھلىشىچە، ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى 370 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر تاغ يولى بولۇپ، ئىككىسىنى بوغدا تېغى ئايرىپ تۇرىدۇ، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي بولغان ئالتۇنبالىق شەھىرىگە يېقىن «تاشئاستانە» گۈچۈڭ ناھىيىسى بەنجەگۇ يېزىسىنىڭ ما گۇلياڭ كەنتىگە توغرا كېلىدۇ، يەرلىك نامى تاشقەلئە (تاشقەلئە خارابىسى) دېيىلىدۇ. ئۇ كىچىك تاغ بېلىگە سېلىنغان بولۇپ، بىر تەرىپى تاغقا، بىر تەرىپى سۇغا قارايدۇ؛ قەلئە تۈۋىدىن شىنخۇ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەرنىڭ «تاشئاستانە» دېگىنى ئەنە شۇ «تاشقەلئە»نى كۆرسىتىدۇ، تاشقەلئە خارابىسى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە گېڭ گۇڭ ساقلىغان سۇلى شەھىرىنىڭ ئۆزى.

(ياڭ تيەنرېن)

## مېۋە - چېۋە ماكانى — بەشكېرەم

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان يېقىن يار - بۇرادەرلىرىنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ، قومالتاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر باغ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇغراخان ھاياجىنىنى باسالماي: «پاھ، بېھىشكېرەم ئىكەن» (يەل - يېمىشكە تولغان جەننەت دېگەن مەنىدە) دەپ ماختاپتۇ. «بېھىشكېرەم» كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاۋۇش ئۆزگىرىشى بىلەن «بەشكېرەم» (ئادىمىزات دۇنياسىدىكى جەننەت دېگەن مەنىدە) دېيىلىدىغان بولغان.

بەشكېرەم قومالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە جايلاشقان. تۇپراق قاتلىمى قېلىن، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددا تەركىبى 0.6% — 1% ئەتراپىدا بولۇپ، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى ۋە سۇ شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولسىمۇ، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2900 سائەتتىن ئاشىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە

ئاشىدۇ، يىللىق 4500تىن ℃ بىغىلما تېمپېراتۇرا ℃ 10 دىن يۇقىرى بولىدۇ، ℃ 12 تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا تېمپېراتۇرا پەرقى ℃ 32، كۈنلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى ℃ 9 . 15 بولىدۇ، بۇ ھال مېۋىلەردىكى شېكەر ماددىسىنىڭ توپلىنىشى ۋە سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق؛ قىش پەسلىدە يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمى مۇقىم، داۋاملىشىدىغان ۋاقىت ئۇزاق بولىدۇ. شۇڭا مېۋىلىك دەرەخلەر ئاسان توڭلاپ قالمايدۇ. بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ باغۋەنچىلىك تارىخى ئۇزۇن. دېھقانلارنىڭ ھەممىسى باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. ھەممىلا ئائىلىنىڭ مېۋىلىك بېغى بار، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېپىلغۇسىز گۈزەل شارائىتقا ئىگە، بۇ يەرگە بارغانلىكى كىشى بۇنى بىلىپ يېتەلەيدۇ.

باھاردا، قۇشلار چارقىلاپ سايراپ، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، مەنزىرە گۈزەل تۈس ئېلىپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. ھالرەڭ ئۆرۈك چېچەكلىرى، قىزغۇچ شاپتۇل چېچەكلىرى، قىـــزىل ئالما چېچەكلىرى، ئاپئاق نەشپۈت چېچەكلىرى، سېرىق چىلان چېچەكلىرى ... ئۆزۈنى - توغرىسى 10 چاقىرىم كېلىدىغان بۇ زېمىننى گۈلدار لىباس بىلەن بېزەيدۇ.

يازدا، شاپتۇللار قىزىرىپ، ئۆرۈكلەر سارغىيىپ، قوچقاچلار ۋىچىرلىشىدۇ، ھەرىلەر پەرۋاز قىلىدۇ، يوپۇرماقتىن تولا غۇچچىدە مېۋىلەپ كەتكەن شاخلار ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. مېھماندوست باغۋەنلەر كەلگەن مېھمانلارنى ئەڭ ئېسىل مېۋىلىرى بىلەن مېھمان قىلىدۇ. ھەممە ئائىلىنىڭ ئۈگزىلىرى تاتلىقلىقىدىن تىلنى يېرىپ تۇرىدىغان خورما - قاقلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

كۈزدە، مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ، ئەتراپقا خۇشپۇراق ھىد چاچىدۇ. بۇ — باغۋەنلەرنىڭ ئالتۇن پەسلى، ئەنجۈرلەر بازارغا سېلىنىدۇ، ئانارلار ئۈزۈلۈپ يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ، سىرتقا ئۇچۇن يىراقلارغا توشۇلىدۇ. بۇ يەردىن تۈكلۈك شاپتۇل، ئەششاپتۇل، قارا ئۆرۈك، پىستە، بادام، ئەينۇلا قاتارلىق 30 خىلغا يېقىن مېۋە چىقىدۇ. بۇ مېۋىلەر كېچە - كۈندۈز توختىماي ئۈزۈلۈپ بازارغا توشۇلۇپ تۇرىدۇ. تەكلەردە سوقىچاق، يۇمىلاق، قارامتۇل، قىزىل، ئۇرۇقلۇق، ئۇرۇقسىز ئۈزۈملەر ساپاق - ساپاق ساڭگىلىشىپ تۇرىدۇ، ئۈزۈم سورتلىرىنىڭ ھەر قاندىقى تېپىلىدۇ. ئوخشىمىغاندىن يېرىلىپ كەتكەن ئانارلارنىڭ قىپقىزىل دانلىرى گويا ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرىدۇ. ساغۇچ رەڭ ئالغان ئەنجۈرلەرنىڭ سۈپسۈزۈك شىرنىسى تىلنى يارىدۇ.

ھەر يىلى مۇشۇ ئالتۇن پەسلىدە، گۈزەل جەننەت — بەشكېرەم شەھەر ئاھالىلىرىنى، ئورگان كادىرلىرىنى، پىششىقلاش زاۋۇتلىرىنى ۋە كەسپكە پىششىق باققاللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، شائىرلار، سۈرەتكە ئالغۇچىلار بۇ يەرنى ئۈزۈلمەي زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

قىشتا، ئەلگە داڭلىق ئانار، ئەنجۈر قېقى، ئەنجۈر مۇرابباسى، شاپتۇل قېقى، ئۆرۈك قېقى، قارا ئۆرۈك قېقى، سوقىچاق چىلان، يۇمىلاق چىلان، چوڭ چىلان، ئالما مۇرابباسى، گىلاس مۇرابباسى، بېيە مۇرابباسى، ياڭاق، مېغىز، شىرشىم خورما قاق ۋە خىلمۇ خىل كونسېرۋالار قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە باشقا ئىچكى - تاشقى بازارلارغا ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇرىدۇ.

بۇ جايدا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى مېۋىلىك باغ كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %15 ىنى ئىگىلەيتتى. ئازادلىقتىن كېيىن يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، 1985 - يىلى مېۋىلىك باغ كۆلىمى 10 مىڭ 641 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %53 .20نى ئىگىلىدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە باغ كۆلىمى 36 . 0 موغا، ئوتتۇرىچە قۇرۇق، ھۆل مېۋە 264 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بويىچە مېۋىلىك باغ كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مېۋە سورتلىرى ۋە ھوسۇلى ئەڭ كۆپ يېزا بولۇپ قالدى. 1985 - يىلى پىششىقلانغان قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋە 860 توننىغا يەتتى.

(ما شېڭجۇن)

# يېزىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» 1982 - يىل 8 - ئايدا تۈزگۈچى خادىملار تاللىنىپ، تۈزۈلۈشكە باشلىندى، 1998 - يىل 9 - ئايدا تەكشۈرۈشكە سۇنۇلىدىغان ئورگىنالى يېزىپ تاماملاندى، بۇنىڭغا 16 يىل ۋاقىت كەتتى. تەزكىرىنىڭ تېكىستى 8 قىسىمغا ئايرىلدى، بېشى غەربىي خەت سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلىنىپ، ئاخىرى 1990 - يىلدا توختىدى، جەمئىي 900 مىڭ خەت.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان رەسمىي تەزكىرىسى يوق ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى نەقلىي باياندىن قارىغاندا، ئىلگىرى ناھىيىنىڭ «يەرلىك تەزكىرىسى» بولغانىكەن، بىراق ئۇنى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، بېيجىڭ، شىئەن ۋە لەنجۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەپ تاپالمىدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىدا «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ قوليازمىسى بار ئىكەن، بىراق ئۇ چولتا بولغانىنىڭ ئۈستىگە، يېزىلغان ۋاقتى يوق ئىكەن، يازغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىمۇ يوق ئىكەن. 1960 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشنى قارار قىلغان، بىراق ئىش باشلانغاندىن كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن توختاپ قالغان.

بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ماتېرىيال توپلاش، يېزىشتىن تارتىپ تەكشۈرۈشكە سۇنۇلىدىغان ئورگىنال پۈتتۈرۈلگەنگە قەدەر بولغان پۈتكۈل جەريانى ئومۇمەن 2 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

1 - باسقۇچ: 1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم «ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ ‹پىشقەدەم كادىرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى يېزىش توغرىسىدىكى دوكلاتى› نى تەستىقلاپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىشخانا 3 پىشقەدەم كادىرنى تېزىس يېزىش، ماتېرىيال يىغىشقا بەلگىلىدى. 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى ئارقىلىق، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئاستىدا ئىشخانا، تەھرىر بۆلۈم تەسىس قىلىندى. 1986 - يىل 3 - ئايدا تەزكىرە يېزىشقا تۇتۇش قىلىنىپ، 1987 - يىل 8- ئايدا 1985 - يىلى ئاخىرقى چەك قىلىنغان «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ 1 - تەكشۈرۈشكە سۇنۇلىدىغان ئورگىنالى پۈتتۈرۈلدى. بۇ ئورگىنال 10 قىسىم، 64 باب، 220 پاراگرافتىن تەشكىل تېپىپ، 600 مىڭ خەتلىك بولدى. ئورگىنال 1 - تەكشۈرۈشتە بېرىلگەن پىكىرلەر ئاساسىدا تۈزىتىلگەندىن كېيىن، 9- ئاينىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2 - تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلدى. 1989 - يىل 10- ئايدا 2 - تەكشۈرۈش تاماملاندى، تۈزىتىلگەندىن كېيىن 1990 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلدى. 1991 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ئەزاسى دېي ۋېنتەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى جاڭ جىنيۇەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى جاڭ چۈەنلەر تەزكىرە ئورگىنالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەھرىرلەپ چىقتى. قىسمەن سانلارنى توغرىلاش، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تولۇقلاش، ئاخىرقى يىل چېكىنى 1990 - يىلغا ئۇزارتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1991 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ياۋ يىجيەن تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ تەزكىرىنى تولۇقلاپ تۈزۈشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن 3 كىشىنى ئاجرىتىشنى تەستىقلىدى، ئاجرىتىلغان 3 كىشى 2 ئايدىن كېيىن كەينى - كەينىدىن قايتىپ كەتتى. ئادەم يېتىشمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مالىيە قىيىنچىلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن تەزكىرە تۈزۈش

خىزمىتى توختاپ قالدى. بۇ باسقۇچتىكى تەھرىرلەر: چيۇ جىيۇ، ۋاڭ چېڭفۇ، خې كۈن، ياڭ تيەنرېن، پەن رۇنسى؛ باش مۇھەررىر: چيۇ جىيۇ؛ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ۋاڭ چېڭفۇ، توختى ئىمىن.

2 ـ باسقۇچ: 1997 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لۇ جىنجياڭ ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «1998 ـ يىلى 8 چوڭ ئىشنى ئورۇنداش لازىم ... 2 ـ چوڭ ئىش، ناھىيە تەزكىرىسى، تەشكىلات تارىخى، پارتىيە تارىخىنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنداش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 1998 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىن 5 كىشى ئاجرىتىلىپ، يېزىش بەنزىسى تەشكىل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ماتېرىيال يىغىش، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىندى. 1998 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى بىرلىكتە «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى تەزكىرە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بولدى. 1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى، ئارخىپ ئىدارىسى، ئارخىپخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئارخىپ ـ تارىخ ـ تەزكىرە يۈرتى قۇرۇلدى ۋە ئۇ تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزىدىغان بولدى. 1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 1990 ـ يىلنى ئاخىرقى چەك قىلغان «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى پۈتتى. تەھرىرلەر ۋاڭ فېي، ليۇ شېڭيۈڭ، فېڭ شى، لى يى، جياڭ شۇاڭخۇا، يەن يۈنلۇڭلاردىن تەركىب تاپتى، لى يى باش مۇھەررىر بولدى. بۇ چاغدا قەشقەر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەچكە، تەزكىرە ئورگىنالى كومپيۇتېرى بار 6 ئورۇنغا ئېلىپ بېرىلىپ، توك بار چاغلاردا ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ تىزىپ چىقىلدى. 3 ئاي تىرىشىش ئارقىسىدا، تەكشۈرۈشكە سۇنۇلىدىغان نۇسخا 1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تولۇق تىزىپ چىقىرىلىپ، ناھىيىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ كۆرۈشىگە سۇنۇلدى.

تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنى توپلاش جەريانىدا، ئاۋۋال يېقىندىكىنى، كېيىن يىراقتىكىنى، ئاۋۋال ناھىيە ئىچىدىكىنى، كېيىن ناھىيە سىرتىدىكىنى توپلاش پرىنسىپى ۋە ناھىيە ئىچىدىكى بىلەن ناھىيە سىرتىدىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرۈلدى. ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، ئاپتونوم رايون، بېيجىڭ، نەنجىڭ، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق ئورۇنلاردىن جەمئىي 52 خىل، 2618 نۇسخا، 11 مىليون 220 مىڭ خەتلىك ماتېرىيال توپلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 5716 بەت ماتېرىيال ئېلىندى، ئارخىپ ۋە تارىخىي كىتابلاردىن 2300 كارتا ماتېرىيال كۆچۈرۈۋېلىندى، بۇ تەخمىنەن 5 مىليون 258 مىڭ خەت كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 14 پارچە خەرىتە يىغىلدى ۋە سىزىلدى، 1000 پارچىغا يېقىن فوتو سۈرەت يىغىلدى ۋە تارتىلدى، 130 نەچچە شاھىت (قېتىم) زىيارەت قىلىندى. ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا، زىيارەت قىلىش، ئارخىپ كۆرۈش، تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇش، ئىدارە ـ ئورۇنلاردا سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئادەم بەلگىلەپ يازدۇرۇش، ماقالە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار قوللىنىلغاندىن باشقا، يەنە پەن ـ تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى پەن ـ تېخنىكىغا دائىر ماتېرىيال ياكى بابلارنى يېزىشقا تەكلىپ قىلىندى، يىغىلغان ماتېرىيال ئۆدۈللۈق رەتلىنىپ، ۋاقتىدا ئارخىپقا سېلىپ تۈزۈلدى.

يېزىش جەريانىدا، ئاۋۋال كوپىيە يېزىش، ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇش، ئاخىرىدا رەسمىي يېزىپ چىقىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. دەسلەپكى ئورگىنال پۈتكەندىن كېيىن، تەزكىرە كومىتېتى سىستېمىلار بويىچە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ماقالە يازغۇچىلار ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى يىغىپ،

ئورگىنالنى باھالاتتى، تۈزگۈچىلەر چۈشكەن پىكىرگە ئاساسەن، ئۇنى قىسمەن قىسقارتىپ، بابمۇباب تولۇقلاپ، خاتا جايلىرىنى تۈزەتتى. مۇرەككەپ جايلىرىنى ئاددىيلاشتۇردى، قۇرۇتما، تۈزۈلۈش، نۇقتىنەزەر، پاكىت جەھەتلەردىن ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن تەپسىلىي تۈزىتىپ چىقتى.

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» 1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خادىملار تەشكىللىنىپ، ماتېرىيال توپلاشقا تۇتۇش قىلىنغاندىن باشلاپ، 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تەكشۈرۈشكە سۇنۇلغانغا قەدەر ئۇزاق مۇساپە بېسىپ ئۆتتۈلدى. تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار بۇ يولدا كۆرمىگەن مۇشەققەتلەرنى چەكتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئىلگىرىكى باش مۇھەررىر چيۇ جىيۇ تەزكىرە تۈزۈش يولىدا قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن، 1991 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى، تەھرىر ياڭ تيەنرېن 1986 - يىل 3 - ئايدا بالا - قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى، تەھرىر پەن رۇنسى يۈرەك كېسىلى بىلەن 1997 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭدا قازا قىلدى. «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نەشردىن چىقىشى قازا قىلغان تەھرىرلەرنىڭ روھىغا تەسەللىي بولغۇسى، ھايات تۇرۇۋاتقان تەھرىرلەرگە خۇشاللىق بەخش ئەتكۈسى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى 340 مىڭ خەلققە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بولۇپ قالغۇسى.

ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئىشى بىرىنچىدىن بىلىممىز كەمچىل، ئىككىنچىدىن تەجرىبىمىز، ئۈچىنچىدىن ماتېرىيال يېتەرسىز، تۆتىنچىدىن ئاساسلانغۇدەك كونا تەزكىرە يوق بولغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلدى. بىز بۇ جەرياندا پەقەت «تىمسىقلاپ يۈرۈپ دەريادىن ئۆتۈش» يولىنىلا تۇتتۇق، بىر تەرەپتىن يېزىپ، بىر تەرەپتىن ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتىغا ئىلتىجا قىلدۇق. بىز ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشتىن ئاخىر يېتەكچى قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇردۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «ئىككى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش»، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلدۇق. ئاۋۋال «تەزكىرە تۈزۈش لايىھىسى»نى تەييارلاپ، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزدۇق. ئاندىن تەزكىرىنى يېڭى ماتېرىيال، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئۇسۇلدىن ئىبارەت «ئۈچ يېڭى روھى»غا ئەمەل قىلىپ ھەم ناھىيىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ، ئۇنى كۆز قاراش توغرا بولۇش، ماتېرىيال ھەقىقىي بولۇش، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇش، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل بولۇش، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولۇش، تىلى ئىخچام بولۇش ئۆلچىمىگە يەتكۈزدۇق ۋە ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي بىردەك بولدۇق.

تەزكىرە تۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى 3 قېتىم ناھىيىمىزگە كېلىپ خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى؛ ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىرى يې يۈيۈ بىلەن مۆيىت ئابدۇللا خىزمىتىمىزگە ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى، ھەمىشە ناھىيىمىزگە كېلىپ خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى. مۇدىر يې يۈيۈ بىلەن تەھرىر لياڭ مىڭ تەزكىرىنى بالدۇر چىقىرىش، ئوبدان چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى چىقىرىپ، ئورگىنالنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بەردى؛ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لۇ جىنجياڭ، ھاكىم پەرھات سەيدى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قۇربان سۇلايمان، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى مەھەممەت ئابدۇللا، مۇئاۋىن شۇجى دۇەن لىن، مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ چۈنفۇ، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى چيۇ گاۋچاۋ قاتارلىق رەھبەرلەر 1998 - يىل 3 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە 4 قېتىم ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت يىغىنى ئېچىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات ئېلىپ، ئەھۋال ئىگىلىدى. تەزكىرىنى بالدۇرراق چىقىرىش ئۈچۈن، رەھبەرلەر ئادەم لازىم بولسا ئادەم، ماشىنا لازىم

بولسا ماشىنا، پۇل لازىم بولسا پۇل ھەل قىلىپ بېرىپ ھەمدە چىۋ گاۋچاۋنى «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش، نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىگە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىشقا بەلگىلەپ، تەزكىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن قولاي شارائىت يارىتىپ بەردى. تەزكىرە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللانغاندىن كېيىن، كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رېن مىڭجى، ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرە خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇخاۋفا پۈتۈن كىتابنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە قىممىتى بار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسئۇل مۇھەررىر جاڭ چۈەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پۈتۈن كىتابنى ئەستايىدىل تەھرىرلەپ پىششىقلاپ چىقتى ھەمدە چوڭ ئىشلارنىڭ قەدىمكى زامان قىسمى ۋە تەشكىلىي تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش، ھاكىمىيەت، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق قىسىملارنىڭ مەزمۇنىغا 50 مىڭ خەتلىك تولۇقلىما بەردى. شۇنداقلا كىتابنىڭ كوررېكتورلۇقىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، ۋاقتىدا، لاياقەتلىك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما شېڭجۈن ناھىيىمىزگە 3 قېتىم كېلىپ، تەزكىرىگە بېرىلىدىغان فوتو سۈرەتلەر ئۈستىدە يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە ئۆزى ناھىيىمىزدە ئىشلىگەن مەزگىلدە تارقاتقان قىممەتلىك سۈرەتتىن 37 پارچىنى ھەقسىز تەقدىم قىلدى. تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، يەر - جاي ناملىرى ئىشخانىسى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەلەپ بويىچە ماتېرىيال ۋە فوتو سۈرەتلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەردى. تەزكىرە ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدىلا ئوڭۇشلۇق تۈزۈپ نەشردىن چىقىرىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئەڭ ئالىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

بىر ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئاسان ئەمەس، سەۋىيىمىز چەكلىك، ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، تەزكىرىدە چۈشۈپ قالغان، خاتا بولۇپ قالغان جايلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىد - تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۈزگۈچىدىن

1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش - بېكىتىش ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى ئەزالىرى

### 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېكىتىلگەن ئەزالار

مۇدىر: مامۇت ئىسمايىل (ھاكىم)

1 - مۇئاۋىن مۇدىر: ۋاڭ خېدىڭ (مۇئاۋىن شۇجى)

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ئابدۇغوپۇر ئۆمەر (خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ئىسلام كېرىم (سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى)، لى سۈگېن (خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى)

ئەزالار: جاۋ شىنيىڭ، شياۋ مىڭداۋ، خاۋ چاڭشۈن، چيۇ جىيۇ، پەن رۇنسى، جياڭ يۇڭجۇڭ، مەھەممەت ئىمىن، مەھەممەت مۇرات، ئىبراھىم قاسىم، مامۇت قادىر، مامۇت ئەمەت، ھىدات ھەسەن، مەرەمنىسا

### 1987 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئەزالار

مۇدىر: ئابدۇكېرىم سەلەي

مۇئاۋىن مۇدىرلار: يۇ ۋېنچاۋ، شياۋ مىڭداۋ، قاسىم ئابدۇللا، مامۇت ئىسمايىل، جۇ جيەنگو

ئەزالار: جاۋ شىنيىڭ، داۋۇت ئىبراھىم، شاۋاز سادىق، ئوبۇل ھاشىم، گۇڭ چېڭشياڭ، جاڭ جۇڭشيۇ، ئەمەت توختى، مۇ سۇنۇبي، جۇ جيەنشىن، چيۇ جىيۇ، ۋاڭ چېڭفۇ، لى شىڭشېڭ، جۇ يۇجېن

قارىمىقىدىكى ئىشخانا:

مۇئاۋىن مۇدىرلار: توختى ئىمىن، ۋاڭ چېڭفۇ

تەھرىر بۆلۈم:

باش مۇھەررىر: چيۇ جىيۇ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: توختى ئىمىن، ۋاڭ چېڭفۇ

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ۋاڭ چېڭفۇ، ۋاڭ زېڭشۈەن، چيۇ جىيۇ، خې كۈن، ياڭ تيەنرېن، پەن رۈنسى

فوتو سۈرەتچىلەر: ما شېڭجۈن، يەن يۈنلۇڭ، لى شىڭشياڭ

ماتېرىيالچى: سۈن شىنرۇڭ

## 1998 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئەزالار

مۇدىر: لۇ جىنجياڭ (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)

1 ـ مۇئاۋىن مۇدىر: پەرھات سەيدى (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم)

مۇئاۋىن مۇدىرلار: قۇربان سۇلايمان (خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) مەھەممەت ئابدۇللا (سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى)
دۈەن لىن (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)
ۋاڭ چۈنفۇ (ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ھاكىم)
چيۇ گاۋچاۋ (ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى)

ئەزالار: لبي تيەنفەن (ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى)
ۋاڭ لۇشيڭ (ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى)
جۇ خۇڭلياڭ (ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)
تۇرسۇن ئابدۇراخمان (بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
ليۇ جىۋېي (ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
جاۋ مىڭمىڭ (پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
ئەركىن قاسىم (ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)
قادىرجان ھەسەن (ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)
يۈسۈپ ئىسمايىل (ئارخىپخانا باشلىقى)
يەن يۈنلۇڭ (تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئارخىپ - تارىخ - تەزكىرە يۇرتى

باشلىق: لى يى
مۇئاۋىن باشلىق: يۈسۈپ ئىسمايىل

## «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى خادىملار

باش مۇھەررىر: چيۇ جىيۇ، لى يى
باش تۈزگۈچى: لى يى
تەھرىرلەر: ۋاڭ فېي، ۋاڭ چېڭفىۇ، فېڭ شى، ليۇ شېڭيۇڭ، خې كۇن، لى يى، چيۇ جىيۇ، ياڭ تيەنرېن، جياڭ شۇاڭخۇا، پەن رۇنسى، يەن يۇنلۇڭ (فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە تىزىلدى)

فوتو سۈرەتچىلەر: ما شېڭجۇن، جياڭ شۇاڭخۇا، لى شىڭشېڭ
خىزمەت خادىملىرى: ليۇ چيۇڭ، شى چۇنمېي

## «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى بېكىتكۈچى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇنلار

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى
(خەنزۇچىسىنى رېن مىڭجى، سۇ خاۋفا تەكشۈردى)

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1999 ـ يىل 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى. مەزكۇر تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 2000 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق ئىش.

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لۇ جىنجياڭ ۋە ھاكىم پەرھات سەئىدىلەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە تارماقلارمۇ، ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، چارە ـ ئامال قىلىپ، تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى ھەل قىلىپ بەردى. بىز خەنزۇچە كىتاب نەشردىن چىقىشى بىلەنلا تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر ـ تەرجىمە باشقارمىسىغا ھاۋالە قىلدۇق. تەھرىر ـ تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرۇپ ئېلى مەزكۇر تەزكىرە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە پۈتكۈل تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئەخمەت روزى ئۈستىگە ئالدى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر سابىر ئەلى تەرجىمىنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى زەيدىنجان مامۇت بەزى يەر ناملىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. بىز «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەتكار بولغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، تەرجىمە ـ نەشر خىزمىتى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇھەررىرلەرگە، تەرجىمانلارغا ۋە بۇ خىزمەتكە قاتناشقان باشقا يولداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش جەريانىدا، مەزكۇر تەرجىمىنىڭ خەنزۇچىسىدا دىققەتسىزلىكتىن كېتىپ قالغان بەزى خاتالىقلار تۈزىتىۋېلىندى.

تەھرىر ـ تەرجىمە ئىشىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت روزى

تەھرىر - تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابلىز گورخۇن، ئابلىمىت ياقۇپ، ئەخمەت روزى، ئەخمەت ئىمىنھاجى جۇبەيرى، بېلىقىز مۇھەممەت، پولات ھىمىت، جەمىلە ئابلا، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، كېرىم يۇسۇپ، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، مەردان ئەخمەت، مەتىمىن ھاشىم

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى: سابىر ئەلى

كوررېكتورلار: ئەخمەت روزى، جەمىلە ئابلا، مەرھابا شاۋۇدۇن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت

# 《疏附县志》维文尔文版编译人员

**主　　编：** 阿不都肉甫·艾力

**责任编辑：** 艾合买提·肉孜

**编译人员：** （姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都热依木·亚库甫、阿不力孜·鄂尔浑、阿不力米提·亚库甫、艾合买提·肉孜、艾合买提·依明阿吉·菊拜日、贝丽克孜·穆罕默德、甫拉提·依米提、加米拉·阿不拉、吾甫尔·吾守尔·尼亚孜、霍加阿合买提·尤努斯、克力木·玉苏甫、努尔穆罕默德·多来提、玛尔丹·艾合买提、买买提明·阿西木

**验　　收：** 沙比尔·艾力

**校　　对：** 艾合买提·肉孜、加米拉·阿不拉、玛尔哈巴·夏吾东

**封面设计：** 穆拉丁·阿比提

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى**

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتىدە تىزىلدى
ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 58　　قىستۇرما ۋارىقى: 10
2000 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 800
ISBN7 — 228 — 05878 — X/K.846
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 150.00 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60 دوللار